**سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى**

**1 ـ قىسىم**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن،

بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۈل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بىرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىق، گۇناھ، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ــ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

## مۇقەددىمە

ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشىمدىن بۇرۇن ھەدىس توغرىسىدا توختىلىمەن، ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىس ئىلمى، كىتابلىرىدىن سۆز تاللاپ يېزىپ، قانداق ھەدىسنىڭ سەھىھ ،ھەسەن،زەئىپ ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن. ھەدىس ئىلمى تەتقىقات توغرىسىدا تۈزۈلگەن كىتابلار:

1. «يادىلىغۇچى بىلەن راۋىيسى ئارىسىنى ئايرىغۇچى مۇھەددىس»، بۇ كىتابنى قازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن رامھورموز يازغان، ۋاپاتى 360 ـ يىلى ھىجرىيە.

2. «ھەدىس ئىلىملىرىنى تونۇش»، بۇ كىتابنى ئەبۇ نۇئەيىم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسبىھانى يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 43 ـ يىلى.

3. «ھەدىس ئىلىملىرىدىن مەرىپەت» بۇ كىتابنى مۇھەممەد ھاكىم نىسابورى يازغان، ۋاپاتى 405 - يىلى، ھىجرىيە.

4. «راۋىيەت ئىلمىدىكى كۇپايەت» بۇ كىتابنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىيبولبەغداد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 463 ـ يىلى.

5. «ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىينىڭ ئەخلاقى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار توپلىمى» بۇ كىتاپنىمۇ خەتىيبۇلبەغداد يازغان.

6. «راۋايىەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇتقان نۇر» دىگەن كىتابنى قازى ئىياز يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 544 ـ يىلى.

7. «ھەدىس ئىلىملىرى دىگەن كىتابنى» ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان شەھرەزورى يازغان. ۋاپاتى، 643 ـ يىلى

8. «تەقرىيب» ناملىق كىتابنى يەھيا ئىبنى شەرپى نىنەۋۋى يازغان، ۋاپاتى 676 ـ يىلى، ھىجرىيە.

9. «بۇ كىتابقا تەدرىيب» ناملىق شەرھىنى جالالۇددىن ئابدۇرەھمان سۇيۇتى يازغان. بۇ مۇھەددىس، مۇپەسسىرنىڭ ۋاپاتى، 911 ـ يىلى، ھىجرىيە.دەل مۇشۇكىشى بۇكىتاپنىڭ ئەسلى ئاپتۇرىدۇر.

10. ئەسەر ئىلمىدىكى گۆھەرلەر تىزىقى، بۇ كىتابنى زەينوددىن ئابدۇرەھىيم يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 806 ـ يىلى.

11. «پەتھۇلمۇغىيس»نى ئىمام ساخاۋى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 902 ـ يىلى.

12. «ئەسەر ئىلمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاللانمىسى» دىگەن كىتابنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان، بۇخارىنىڭ شارھى، ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى.

13. «بەيقونىييە نەزمىنى» ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 1080 ـ يىلى.

14. «ھەدىس سۆزلەش قائىدىلىرى» دىگەن كىتابنى مۇھەممەد جامالۇددىن قاسىمى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 1332 ـ يىلى.

15. ئۇندىن باشقا ھازىرقى ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان، مەسىلەن: ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا يازغان، ۋاپاتى، مىلادى 2001 ـ يىلى

يەنە ھەدىس ئاتالغۇللىرى ناملىق مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان بارلىق ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى توپلانغان كىتابنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەھان يازغان، كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بولالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پۇرسەت ۋە ماتېرىياللار تولۇق بولغان، كومپيۇتېر دەۋرىدە، كومپيۇتېر دىسكىسى، پىلاستىنكىسى ۋە تور بەتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئىككى ـ ئۈچ ئۆمۈردىمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز، ئالاھقا چەكسىز شۈكرى. مەن ھازىر ئەنە شۇنداق كىتابلاردىن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى «قۇرئان»، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە ئىجائ، «قۇرئان» بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنى ئاللاھ مەڭگۈ قوغدايدۇ، بىر ھەرپىنىڭ ئۆزگىرىشتىنىمۇ ساقلايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

«قۇرئان» ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن ۋاقتتىن باشلاپ كاتىپلار تەرىپىدىن پۈتۈلۈپ، بىزلەرگىچە مۇتىۋاتىر يەنى ئەڭ ئىشەنچىلىك، شەك، گۇمان مۇمكىن بولمىغان ئاساسدا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئۇنىڭدا قىلچە شەك، گۇمان يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز بىرەر ئەقىدە، ئىبادەت، ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ئامال بار، قۇرئاندىن دەلىل تېپىپ كەلتۈرۈڭ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەتتا، بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەدىن باشقا ئەقىدە مەزھەپتىكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغانلارمۇ قۇرئانغا ھەق، راست، سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قۇرئاننىڭ بىر ھەرپىگە تانسا، ئۇ شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

ھەدىسكە كەلسەك، ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى، ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ياكى ساھابىلارنى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە كۆرۈپ، توسماي، جىم تۇرۇشى ھەدىس دېيىلىدۇ. مانا بۇ 23 يىل جەريانىدىكى ھەدىسلەرتۇغرىسىدا،سەھىھۇلبۇخارىغا شەرھى يازغان ئىبنى ھەجەر ئەسقالاني رەھىمەھۇﷲ (ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى) نىڭ دېيىشىچە؛ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلارنىڭ ھەتتا، چوڭ كىبار، تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدىمۇ يېزىلمىغان، چۈنكى، ئۇلار يېزىشقا مۇھتاج بولمىغان، ئۇنتۇپمۇ قالمايتتى، يادا بىلەتتى، يەنە بىر سەۋەب بولسا، قۇرئانغا ئېلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەدىسنى يېزىشىدىن توسقان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدا بار.

يېزىشقا رۇخسەت قىلىنغان دەلىل بولسا، قۇرئاندا كۆپ، ھەدىس، قۇرئاننىڭ بىردىنبىر تەپسىرى، بايانى ھېسابلىنىدۇ. ئىلىم، ئەلۋەتتە خاتىرلىنىپ ئۆگىتىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزى دەۋەت قىلغاندا، ئايەت ۋە بىز ھەدىس دەپ ساناۋاتقان مۇبارەك سۆزلىرىنى يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ ئەۋەتكەن، ئۇنتۇپ قېلىشىدىن قورققان ئەئرابىغا،ھەدىسنى يېزىپ بېرىشكە بۇيرىغان ھەدىس مۇتتەپەق بۇخارى،مۇسلىم تۇپلىغان.

تۇنجى بولۇپ ھەدىسنى يازغانلار، رەبىئ ئىبنى سەبىيھ، سەيىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبەت، ئىمام مالىك، مەدىنىدە. ئابدۇلمەلىك، ئىبنى ئابدۇلئەزىيز، جۇرەيج مەككىدە، ئەۋزائى شامدا، سوپيان سەۋرى كۆپىدە، ھەمماد ئىبنى سەلمەت، ئىبنى دىينار بەسرەدە، ھەشىيم ۋاسىتىدە، مەئمەر يەمەندە، ئىبنى مۇبارەك خاراساندا، جەرىير ئىبنى ئالبدۇلھەمىد رىيدا، ئۇلاردىن باشقىلارمۇ بار.

مانا بۇلار تۇنجى بولۇپ مۇبارەك ھەدىسلەرنى يېزىپ چىققانلار، كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىققانلار، تېخى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزىنىمۇ ئارىلاش يېزىپ، مەسىلىلەرنى ئەسەر بىلەن ھەل قىلغان، ئىمام مالىك، ھىجرىيە93

ــ يىلى تۇغۇلغان. بىز بۇ يىلدىن ھەدىسنى يازغان يىللارنى بىلىۋالالايمىز. يەنى ھىجرىيە 100 ـ يىللىرىدىن باشلانغان، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەدىسنى يېزىشقا پەرمان چىقارغان دىيىلىدۇ. كېيىنچە يۇقىرقى مۇھەددىسلەرگە ئەگىشىپ، ئابدۇللا ئىبنى مۇسا، نۇئەيىم ئىبنى ھامىد، خوزائىلار، مۇسنەد ئىسىملىك ھەدىس كىتابىنى يازدۇ. ئارقىدىن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھىمەھۇﷲ 27000 ھەدىس بار مۇسنەد دىگەن كىتابىنى يازدۇ. كېيىن ھىجرىيە 194 ــ يىلى تۇغۇلغان مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، راست ــ يالغاننى ئايرىپ، زەئىپنى شاللاپ نەچچە يۈزمىڭ ھەدىسلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ كىتابى سەھىھ بۇخارىنى يېزىپ چىقىدۇ.

سەھىھ مۇسلىم بىلەن ئىككى كىتاب ئەڭ سەھىھ ھىسابلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن قالسا، ئەڭ ئىشەنچىلىك كىتاب ھىسابلىنىدۇ. (ھازىر ئالىملار تېخىمۇ تەكشۈرۈپ جامىئۇسسەھىھ دىگەن كىتابنى تويلاپ ھەممىدىن ئۈستۈن دەرىجىگە تىزدى مەسىلەن؛شەيخ ئالبانىينىڭ يەتتەقسىملىق سەھىيە ھەدىسلارتۇپلىمى، 8200سەھىھ ھەدىس تويلانغان كىتابى بار. ) كېيىن ئالدى ــ كەينى بولۇپ، ھىجرىيە 200 ــ يىلدىن 300 ــ ھەتتا 400 ــ يىلغىچە ھەدىسلەر تويلىنىپ تۇردى، سۈيىقەستمۇ ئارىلىشىپ تۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار ھەدىس تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەخسۇس بىر پەن ئولومۇلھەدىس، ئۇسۇلۇلھەدىس ياكى مۇستەلھۇلھەدىس، (ھەدىسلەر ئاتالغۇسى) دىگەن پەننى تۈزۈپ، ھەدىسنى قاتتىق تەكشۈردى، تەتقىق قىلىپ، زەئىپ، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقتى، بۇ پەنگە يەنىلا شافئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاساس سالدى، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلمۇ بار. ھەتتا بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن يېزىلغان ھاكىم مۇستەدرەكىنىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىمام زەھەبى رەھ 1/4نى زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىپ، 100 يالغان ھەدىس بار دەپ ئىلان قىلدى. ئىمام زەھەبى، ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ تالىپى، ئىبنى كەسىر، ئىبنى جەۋزىيەلەرنىڭ ساۋاقدىشى، مۇئتەبەر ئىشەنچىلىك مۇھەددىس ئالىمدۇر.

## سەھىھ ھەدىس توغرىسىدا

ئەڭ ئىشەنچىلىك سەھىھ، توغرا بولغىنى، ھەقىقى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دىگەن، قىلىقى بىلەن قىلغان، ئىشەنچىلىك ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر. يەنى بىزگە ؛ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىشەنچىلىك ھالدا يېتىپ كەلگەن ھەدىس. كۆپ جايلاردىكى كۆپ كىشىلەر ئوخشاش سۆزلىگەن، ئوخشاش خاتىرلىگەن، ئۇلارنىڭ يالغانغا ئىتتىپاققا كېلىشىلىشى، ئالدىن دىيىشىۋېلىشى زادى مۇمكىن بولمىغان ھەدىستۇر. خۇددى پۈتۈن دۇنيادا بىردەك، ئوخشاش بىرىلگەن خەۋەردەك.

مۇتىۋاتىر ھەدىسكە بىر مىسال:

« رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان» ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللا بۇ خەۋەر بۇ ئەسەر، بۇ ھەدىس 70 ساھابىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش، بىردەك سۆزلەنگەن دىدى. مۇتىۋاتىر ھەدىس، قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بولۇپ، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، بۇنداق ھەدىسلەر سۈيۈتىنىڭ قۇتۇپۇلئەزھار، ئىمام كەتتانىنىڭ نەزمۇلمۇتەناسىر مىن ھەدىسى مۇتىۋاتىر دىگەن كىتابلاردا تويلانغان.(بۇكىتاپنىڭ تەرجىمىسىمۇ نەشىر

قىلىنىپ بولدى) ئاندىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئەمما، ئۈچتىن كۆپ كىشىلەر بىردەك ئوخشاش سۆزلەيدۇ.

لېكىن، بۇ مەشھۇر ھەدىستىن، ئىككىلا كىشى ئىككى ئىسناد، ئىككى راۋىيدىن سۆزلەنگەن ئەزىز ھەدىستىن، راۋىسى باشتىن ـ ئاخىرى بىرلا بولغان غەرىيپ ھەدىسلەردىن، سەھىھ ھەم ھەسەن، ھەم زەئىپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ.

مەلۇم يالغان سۆز، كەڭ تارقاپ كەتسە، تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرسە، مەشھۇر بولىۋېرىدۇ، خۇددى مەشھۇر شەخسلەردە، پەيغەمبەر، ساھابە، تابىئىن، ئەۋلىيالار، شۇنداقلا كاپىر، دىنسىز زالىملارمۇ بولغاندەك، شەيتانمۇ ھەممە كىشىگە مەشھۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشھۇر، ئەزىز ، غەرىيپ ھەدىسلەرنىڭ سەھىسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، مەشھۇر ھەدىسلەرگە ساخاۋىينىڭ مەقاسىد دىگەن كىتابى، شەيبانىنىڭ تەمىييز دىگەن كىتابلىرى بار.

ھەقىقى سەھىھ ھەدىس، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دىگەن ياكى ئۆزى قىلغان، راست، توغرا، سەھىھ ھەدىس دىگەن، ئىسنادى تۇتاشقان بولۇش، يەنى ھەدىسنى يازغان بۇخارى، مۇسلىمدەك كاتىپدىن باشلاپ ئۇنىڭ شەيىخ ى، ئاندىن شەيىخنىڭ ئۇستازى ئاندىن ئەتبائ، ئاندىن تابىئىن، ئاندىن ساھابە، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن، مۇنداق قىلغان دىگەن ھەدىس، كاتىپدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن يول، ئىسناد تۇتاشقان بولۇش لازىم، ئەگەر ئىسناددىن ساھابە ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇرسەل زەئىپ بولىدۇ. تابىئىن ياكى كېيىنكى راۋى ئۈزۈلۈپ قالسا، مۇنقەتىئ، مۇئزەل زەئىپ دىيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىس ئىشەنچىلىك ئىتېماتلىق كىشىلەرگە زىت، خىلاپ رىۋايەت قىلىنسا، بۇ ھەدىسنى شاز زەئىپ دەيمىز. ھەدىسنىڭ سەھىلىكى توغرىسىدا ئىللەت، ئەيىب بولماسلىقى، سۆز قىلىنماسلىقى لازىم، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، مۇسۇلمان ، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بۇلىشى، پاسىق، پاجىر ئەمەس، ئادىل، تەقۋا بولۇشى شەرىت، مۇكەممەل، كامىل، پۇختا يادىلاش قابىلىيىتى بولۇش، ئېلىشىپ قالماسلىق لازىم. ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن، بەش شەرىت لازىم.

1. كاتىبدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئىسناد يولى تۇتاشقان بولۇش.
2. راۋىيلار ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئادىل بولۇش.
3. پۇختا، مۇكەممەل يادىلاش.
4. ئىللەت، تەنە تېپىلماسلىق.
5. ئىشەنچىلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ بولماسلىق، مۇشۇ بەش شەرىتنىڭ بىرەرسى تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ھەدىس، سەھىھ بولمايدۇ.

مەسىلەن: كاتىب، مۇھەددىس ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈپ، ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ دەيدۇكى: بىزگە مالىك ئىبنى شىھابىددىن خەۋەر قىلدى، ئۇ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ھەدىس سەھىھ، چۈنكى، كاتىب بۇخارى رەھمەھۇللادىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن، تۇتاشقان، يول ئۈزۈلۈك ئەمەس، راۋىيلىرى ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچىلىك، بۇخارى رەھمەھۇللا مۇكەممەل، پۇختا يادىلايدۇ، سەھىھ، ئىشەنچىلىك ھەدىسكە ياكى كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىش، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجمائىغا، ئىتتىپاققا كېلىشى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئۇ شەرىئەت، ئىسلام قانۇن ــ پىرىنسىپ، مەنبەلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ، ئەقىيدە، ئەھكام، ھالال ــ ھارام مەسىلىلىرىدە ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىنىدۇ.

ئالىملار، بۇ ھەدىس سەھىھ دىگەن بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرقى شەرتلىرى مۇكەممەل، توشقان بولىدۇ، سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھېچبىر ئىللەت يوق.

ئەگەر بۇ ھەدىس، سەھىھ ئەمەس دىسە، يۇقىرقى بەش شەرت توشمىغان بولىدۇ. بارلىق ھەدىس ئىماملىرى، فىقھى ئىماملىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەڭ ئىشەنچىلىك، سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى ۋە قوبۇل قىلىپ، ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات قىلىپ، ئەمەل قىلدى.

بۇخارى رەھمەھۇللانىڭ، مەن بۇ كىتابىمغا سەھىھ بولغانلىرىنى كىرگۈزدۈم، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدۇم دىگەن سۆزى؛

مۇسلىم رەھمەھۇللانىڭ، مەن كىتابىمغا مىنىڭ نەزىلىمدە سەھىھ بولغىنىنى ئەمەس، بارلىق كىشىلەر سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلگىنىنى يازدىم دىگەن سۆزىگە، شۇنداقلا، بۇخارى رەھمھۇللا، مەن قالدۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر نۇرغۇن، مەن سەھىھ ھەدىستىن 100000نى سەھىھ بولمىغاندىن 200000نى يادا ئالدىم دىگەن، سۆزىگە قارىغاندا، سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ئىككى كىتاب بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن، يەنە باردۇر.

بۇخارىدا تەكرا ر بىلەن 7275 ھەدىس بولۇپ، تەكرارنى ئېلىپ تاشلىغاندا، 4000 ھەدىس قالىدۇ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئىسنادى يۆلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەكرارسىز 2602 ــ ھەدىس دىگەن، يەنى بۇخارىدا تەكرارسىز 2602سەھىھ ھەدىسلەر بار دىگەن.

مۇسلىمدا تەكرار بىلەن 12000 تەكرارسىز 4000 ھەدىس باردۇر، بۇخارى، مۇسلىمدىن قېلىپ قالغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇنۇ كىتابلاردا باردۇر.

ئىبنى خوزەيمە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ئەھمەد، مالىك مۇئەتتا، مۇسنەد شافىئى، مۇسنەد ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا قاتارلىقلار.....

ئەمما، بۇ كىتابلارنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

مەسىلەن: ھاكىم مۇستەدرەكنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللا تەكشۈرۈپ، ھەربىر ھەدىسكە ئۆزىگە لايىق، باھا ھۆكۈملەرنى بەرگەن، 1/4نى زەئىپ دەپ 100 يالغان ھەدىس بار دىگەن.

ھاكىم مۇستەدرەككە قارىغاندا، ئىبنى ھەببانىنىڭ سەل قارىشى كەمرەك، بۇ سەھىيرەك، ئاندىن يۇقىرقى ئىبنى خوزەيمە، بۇ كىشى قاتتىق تەكشۈرگەچكە، شەرتنى چىڭ، قاتتىق قويغاچقا، سەھىيرەك ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ سەھىھ، ئىسناد؛ سەھىھ سەھىيدىن كەلگىنى، مەسىلەن: مالىكدىن ناپىئدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن ھەدىس، چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساھابە، ناپىئ ئۇنىڭ خادىمى ئىمام مالىكنىڭ شەيخىدۇر، ئاندىن قالسا، ھەمماددىن، سەلمەددىن، سابىتدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سۆزلەنگەن، تۆت كىشى سۆزلىنىدۇ، ئاندىن سۇھەيلدىن، ئەبۇ سالىھدىن دادىسىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سۆزلەنگەن ھەدىس، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسناد، راۋىيلىرى كۆپ بولسىمۇ شەرتكە توشقانلىرىدۇر.

ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، بۇخارى رەھمەھۇللا بىلەن مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ئۈنچە _ مارجانلارنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ، 1906دۇر.

ئاندىن قالسا، بۇخارىينىڭ، ئاندىن مۇسلىمنىڭ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن سەھىھ كىتابلار، ھازىر ئالىملار شەيخ ئىماملار، سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ، «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دىگەن، نام بىلەن بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. مانا ھازىر بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى تەرجىمە قىلىندى. ئومۇمى سانى 8200دىن ئاشىدۇ.

سەھىھ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسى، ھەسەن، بۇ خىل ھەدىسنى ئىمام خەتتابى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ، كېلىش ئورنى ئېنىق بولغان، راۋىيسى، ئەرلىرى، مەشھۇر بولغان، كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرى قوبۇل قىلغان، بارلىق فىقھى ئالىملىرى ئىستېمال قىلىپ، دەلىل قىلغان، ھەدىسلەر ھەسەن بولىدۇ،

تىرمىزى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئىسنادى تۇتاش ھالدا سۆزلەنگەن، راۋىيلىرى ئارىسىدا يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن كىشى بولمىغان، ئىشەنچىلىك، ئادىل، تەقۋالارغا خىلاپ، زىت بولمىغان، باشقا يوللاردىنمۇ شۇنداق خاتىرلەنگەن ھەدىس ھەسەندۇر.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: ئىسناد يولى تۇتاش، ئادىل، تەقۋا، يادىلاش قابىلىيىتى كامىل، راۋىيلار سۆزلىگەن، ئىللەت يوق، خىلاپلىق، زىتلىق بولمىغان. يەنى يۇقىرقى بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەدىسلەر سەھىھ لىزاتى بولىدۇ. ئەگەر يادىلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس ھەسەنۇللىزاتى دىيىلىدۇ.

ھەسەن ھەدىسنى تونۇشتۇرۇشدا، ئىبنى ھەجەرنىڭ سۆزى تاللاندى، يەنى يادىلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان، قالغان شەرتلەر سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغان ھەدىستۇر.

ھەسەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، ئەمەل ۋە ھۆججەت، دەلىل _ ئىسپات قىلىنىدۇ، بارلىق فىھقشۇناس ئالىملار بۇ خىل ھەدىسنى دەلىل، ھۆججەت قىلدى.

«جەننەتنىڭ ئىشك ئاچقۇچى قىلىچ سايىسى ئاستىدا »دىگەن ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دىگەن. تۆت راۋىيسى ئىشەنچىلىك، كامىل، ھاپىز دىگەن، جەئپەر ئىبنى سۇلەيمان دىگەن كىشىنىڭ ھەدىسى، ھەسەن دەرىجىلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ مەرتىبىسىدىن ھەسەنگە چۈشكەن. ئەگەر تىرمىزى رەھمەھۇللا، بىر ھەدىسنى ھەسەن ھەم سەھىھى دىگەن بولسا، بۇ خىل ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئىبنى ھەجەرنىڭ جاۋابى، بۇ جاۋابقا ئىمام سۇيۇتى رازى بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ ئىككى ئىسنادى بولۇپ، بىرسى سەھىھ بولسا، يەنە بىرسى ھەسەن دەرىجىلىك، ئەگەر بىرلا ئىسنادى بولسا، بەزى قەۋىمنىڭ نەزلىدە سەھىھ بولسا، يەنە بىر قەۋىمنىڭ نەزلىدە ھەسەن بولىدۇ دىگەن.

بەغۋىي مەسابىھنىڭ ھەدىسلىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق دىگەن، بۇخارى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى سەھىھ دىگەن. نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەسەن دەۋەتكەن، بۇ بارلىق مۇھەددىس، ئىماملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، خاتا ئاتالغۇ بولغان، چۈنكى، بۇ تۆت كىتابدا سەھىھ ھەم ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا ئاز _ تولا يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى سىلاھ بىلەن ئىمام نەۋەۋى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دىگەن: مەسابىھ دىگەن كىتابنى ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى لازىم. ھەدىس ئاتالغۇلىرى دىگەن پەندىن خەۋىرى بولۇشى لازىم

دىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ باش تەرىپىگە شەيخ، مۇھەددىس، دىھلىۋىنىڭ ھەدىس ئىلىملىرى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن، بىزنىڭ تۆرۈك، جاھىل، مولللىرىمىز بۇ ئىلىمدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ قويۇپ، نەخ ھەدىسنىلا ئوقۇتۇىدۇ، ئوقوغۇچىلار زەئىپ ھەدىس، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىيالماي گاڭگىرايدۇ، ھەدىسكەنغۇ دەپلام ئېتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ئازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پەنگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللا، مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ، مىشكاتىنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى ئايرىپ بەرگەن، مەن ئۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغان، نەشر قىلىنىدىغۇ دەيمەن.

ھەتتا، مەخسۇس مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ يالغان ھەدىسلىرى نامىلىق كىتابلار بار، بۇ خىل يالغان ھەدىسلەرنى بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يېزىپ بولغان، 20دىن ئاشىدىغۇ دەيمەن. مىشكاتتا زەئىپ، مۇنكەر، يالغان بولۇپ، 830 ھەدىسنى زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا تەرجىمە قىلىپ بولغان ئىدۇق، مانا ئەمدى، خاتىرجەم ئوقۇڭلار، لېكىن، شۇ كىتابنى ھەمراھ قىلىش شەرتتۇر.

ھەسەن ھەدىسلەر توپلىمىغا مەخسۇس كىتاب تۈزۈلمىگەن، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن، تىرمىزىيدا بۇ خىل ھەدىس كۆپتۇر، تىرمىزى رەھمەھۇللا ئالاھىدە ھەسەن دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنىلاردا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر كۆپتۇر.

ھەسەن ھەدىس يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك يەنە بىر يولدىن خاتىرلىنىپ، باشقا ھەدىسنىڭ ياردىمىدە سەھىھۇلغەيرى دىگەن نامغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، ھەسەن ھەدىسدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مۇرسەل، مۇئەللەق دىگەن زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى ئىسنادى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، زەئىپلىك سەۋەب، ئىللەتلىرى يوقاپ، ھەسەنۇللىغەيرى دىگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەمما، يەنىلا مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل ۋە ھۆججەت قىلىنىدۇ.

ئەمدى بىز ناسىخ، مەنسۇخ ھەدىسلەرنى سۆزلەپ ئاندىن شەيخ، مۇھەددىس، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللانىڭ، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمىز.

ناسىخ، مەنسۇخ دىگىنىمىز: ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ مەلۇم ھىكمەتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلدىن قالغىنى مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە، ھۆكۈم، ناسىخ دىيىلىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقا كەلگەن، مەخسۇس قۇرئان كەرىمنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى ئۈچۈن كىتابلار يېزىلغان. بۇ كىتابلار تەپسىر، ھەدىس پىلاستىنكىلىرى ۋە شۇ كىتابلاردا مەۋجۇددۇر.

ھەدىسنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1 . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسلەن: مىئراج ھەدىسىدە50 ۋاخ ناماز، بەش ۋاخ نامازغا چۈشۈرۈلگەن، قۇربانلىقنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يىيىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، بىر قىسىم قاچا، كوزىلاردا ئىچىملىك، سۇ ئىچىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن توسۇپ، كېيىن ئەرلەرگە رۇخسەت قىلغان، قىبلىنى مەككىگە چۆرىش قاتارلىقلار.

2. ساھابىلار سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى قېتىم ئوت تەگكەن كاۋابدەك نەرسىنى يىسە، تاھارەت ئالاتتى، كېيىن، تەرىك ئەتتى، يەنى كېيىن تاھارەت ئالمىغان دىگەندەك، بۇ خىل ئەھۋاللاردا بىز كېيىنكى ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز.

3. تارىخ بىلەن تونۇلىدۇ، كېيىنكىسى كۆچكە ئىگە، مەسىلەن: شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە قان ئالغان، قان ئالدۇرغان كىشى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنىدۇ دىگەن.

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدا ئىھرام باغلاغلىق ھالدا قان ئالدۇرغان، شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەككىنى ئىشغال قىلغان ۋاخ بولۇپ، ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسى، ھەججەتۇل ۋىدادا كېيىن دىيىلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مەنسۇخ بولىدۇ، خۇددى ئات گۆشنى يىيىشدىن توسقان دىگەن ھەدىسنى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ مۇتتەپەقۇن ھەدىسى بىلەن يەنى يىيىشكە رۇخسەت قىلغان ھەدىسى بىلەن ئەبۇ داۋۇد مەنسۇخ دىگەندەك.

4. ئىجمائ بىلەنمۇ مەنسۇخ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈڭلار دىگەن، ھەدىس ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ ھېچبىر ھاكىم بۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلىمىغان، نەۋەۋى رەھمەھۇللا بۇ مەنسۇخ دىگەن، ئىجمائ، ناسىخ، مەنسۇخ بولمايدۇ. لېكىن، ناسىخقا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ناسىخ  مەنسۇخنى ئايرىپ بىرىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا ھەدىس ئاتالغۇسى دىگەن كىتابىدا مۇنداق دىگەن:

مۇتىۋاتىر ھەدىس، يالغانچىلىققا ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمىغان، دىيىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان، جامائەت ھىسسى ئىسناد بىلەن يەنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم بىلەن سۆزلىگەن ھەدىستۇر.

ھەدىس قۇددۇس، ھەدىس ئىلاھى، رەببانى دىگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ مۇنداق دىدى دىگەن ھەدىستۇر.

بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەرتىبىسى قۇرئان كەرىمدىن تۆۋەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى لەۋزەن، مەئنەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بولسا، مەنىسى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىدۇ، لەۋزىنى بولسا، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس قۇددۇس لەۋزى بىلەن تىلاۋەت قىلى نىپ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ، نامازدا قىرائەت قىلىنمايدۇ. قۇرئاندەك مۇتىۋاتىر ھالدا خاتىرلەنمەي، بەلكى،ئۇنىڭدىن مۇتىۋاتىر، سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، ھەدىسنىڭ لەۋزى، مەنىسى كۆپ جامائەتتىن مۇتىۋاتىر ھالدا، سۆزلەنسە، بۇ لەۋزەن ۋە مەئنەن مۇتىۋاتىر بولىدۇ، ئەگەر مەنىسى بىر لەۋزى ھەرخىل بولسا، مۇتىۋار مەئنىۋى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتۈككە مەسھ قىلىش، ھەدىسى، ماڭا يالغاننى توقۇغان، ئادەم دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دىگەن، ھەدىسلەر مۇتىۋاتىر  60دىن 70گىچە كىشى سۆزلىگەن، دۇئادا قول كۆتۈرۈش بولسا، مۇتىۋاتىر، مەئنەن بولىدۇ، مەنىسى بىر خىل لەۋزى ھەرخىلدۇر.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرىپ ھەدىسلەرنى يۇقىرقىغا ئوخشاش تونۇشتۇرغان، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن دىگەن ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، ئەلقەمەتدىن، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم تەيمىدىن، يەھيا

قاتارلىقلار سۆزلىگەن بولۇپ، باشتىن ـــ ئاخىر بىرلا راۋىيى سۆزلىگەن بولغاچقا، غەرىپ، لېكىن، ئۆزى سەھىھ دىگەن، مانا بۇ غەرىيىپ، سەھىھ.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرىپ ھەدىسلەردىن سەھىھ، زەئىپ، ھەسەن، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، بۇنى بىز سۆزلەپ بولدۇق.

سەھىھ لىزاتى، سەھىھ لىغەيىر

ھەسەن لىزاتى، ھەسەن لىغەيىر دىگەن ھەدىسلەرنى يۇقىرقىغا ئوخشاش بايان قىلغان، زەئىپ ھەدىسنى بولسا، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى توشمىغان ھەدىس دىگەن.

ئوقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبولبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، دەيلىمى پىردەۋىس، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى جارۇد قاتارلىق كىتابلارنى زەئىپ دىگەن.

1. مۇتىۋاتىر ھەدىس، خۇددى قۇرئان بىزگە مۇتىۋاتىر، قەتئى ئىشەنچلىك ھالدا يىتىپ كەلگەندەك 300 دىن 400 گىچە ھەدىس بىزگە مۇتىۋاتىر ھالدا يىتىپ كەلگەن.

ھەرقايسى جايدا، ھەرقايسى ئالىملار ھەرقايسى كىتابلارغا ئوندىن كۆپ ساھابىلاردىن، كۆپ تابىئىنلاردىن ئوخشاش خاتىرلەپ لەبزەن ۋە مەئنەن ياكى لەبزى بىر خىل بولمىسىمۇ مەنىسى بىر خىل ھالدا خاتىرلىگەن. ئۇلارنىڭ يالغان سۆز، ئىش ـــ ھەرىكەتكە، ئىتتىپاقتا كېلىشىۋېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق مۇتىۋاتىر ئىشەنچلىك ھەدىس، قەتئىي شەكسىز ئىلىمنى پايدا بىرىدۇ. بۇ ھەدىسكە تانسا، كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆتەككە مەسىھ قىلىشدەك ياكى جەننەت ـــ دوۋزاخ ھازىرمۇ مەۋجۇد، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ دىگەندەك ئىشەنچلىك خەۋەرگە، ئەقىدە مەسىلىلىرىگە تانغان بولىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى توپلاپ مەخسۇس كىتاب يازغان ئالىملاردىن جالالۇددىن سۇيۇتى، كىتاب ئىسمى (قۇتپۇلئەزھار) مۇھەممەد ئىبنى جەئبەر، كىتاب ئىسمى (نەزمۇلمۇتەناسىر مىنەلھەدىس مۇتىۋاتىر)

2. مۇتىۋاتىردىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس ئۈچ ياكى كۆپ كىشىدىن خاتىرلىنىدۇ. مۇتىۋاتىرغا يەتمىگەن ئەمما، راۋى سانى ئۈچدىن كۆپ، بۇ ھەدىسمۇ يەنىلا سەھىھ، زەئىپ دەپ ئايرىلىدۇ.

3. ئەزىز ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىسى ئىككى، بىر ـــ بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇمۇ يەنىلا تەتقىق قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ. سەھىھ يا ھەسەن بولسا، ئەمەل قىلىنىدۇ.

4. غەرىيىپ ھەدىس، بۇ خىل ھەدىسنىڭ راۋىيسى باشتىن ـــ ئاخىرى بىرلا، خۇددى نىيەت ھەدىسدە، ئەمەللەر نىيەت بىلەن دىگەن ھەدىستەك، ئەمما، بۇ ھەدىس سەھىھ ئەمەل قىلىنىدۇ.

5. سەھىھ ھەدىس، خۇددى بۇخارى، مۇسلىمدەك بۇ خىل ھەدىس ئادىل، ئىشەنچلىك، تەقۋا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى، يادىلاش قابىلىيىتى ياخشى، ئالىم «راۋى» توپلاپ يازغان ھەدىستۇر. ئايەت ياكى سەھىھ ھەدىسكە مۇخالىپ ئەمەس.

ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس، قوللاشقا ئېرىشىپ، يوللىرى كۆپىيىپ، سەھىھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھۇللىغەيىر دەپ ئاتىلىدۇ. سەھىيھ ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ.

6. ھەسەن، بۇ ھەدىس خۇددى سەھىھ ھەدىستەك شەرتلەر بىلەن خاتىرلىنىدۇ، پەرقى يادىلاش قابىلىيىتى سەل يەڭگىل، ئەمەلىيەتتە ئىسنادى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاش، راۋىيسى ئادىل، ئىشەنچلىك كىشى بولىدۇ. شۇڭا، سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنىدۇ.

مۇئەللەق، مۇرسەل دەپ ئاتىلىدىغان زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى كۆپىيىپ، قوللىنىپ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر قوللاپ ساھابى، تابىئىنلار سۆزلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ، بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەدىس، ھەسەنۇللىغەيىر دېيىلىدۇ. بۇنداق ھەدىسكىمۇ ھەسەن ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتنى «ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى» دېگەن پەننى ئوبدان ئىگىلەپ، تارىخنى ياخشى بىلىپ، كۆپلەپ كىتاب ــ ماتېرىيال كۆرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ساھابى، تابىئىنلار تارىخنى بىلمىسە، زامان، ماكان، سەۋەپ، تارىخنى بىلمىسە، مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بىز مۇھەددىس ئالىملىرىمىزغا تايىنىمىز. ئەگەر ئىككى ھەدىس بىر ــ بىرگە زىت، مۇخالىپ، تاقىشىپ قالسا، مۇنداق ھەل قىلىمىز؟،

يا (ناسىخ) يەنى كۈچكە ئىگە (مەنسۇخ) يەنى ئەمەلدىن قالغان دېگەن مەسىلە بىلەن ھەل قىلىمىز. بۇنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى دەپ بېرىشى بىلەن ياكى ساھابىلارنىڭ ئايرىپ بېرىشى بىلەن ياكى تارىخ ئىلمى بىلەن بالدۇر كېيىن قىلىش بىلەن ياكى ئالىملار، مۇھەددىسلەر بىرلىككە كېلىپ، ئىجمائ قىلىش بىلەن ئايرىپ ھەل قىلىمىز. كۈچكە ئىگە ناسىخ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز، ياكى زىت، تاقاشقان ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىلىقىنى ياراشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەل قىلىمىز. مەسىلەن: كېسەل يۇقۇش يوق دېگەن ھەدىسنى «ئام» دەپ تۇرۇپ، جوزام، تېرە كېسىلى، قىچىشقاق ۋە ۋابا ۋە باشقا كېسەل يۇقىدىغان ھەدىسلەرنى «خاس» يەنى ئامدىن خاسنى چىقىرىش، ،ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەرەب جاھىلىيەت ئۆرپ ــ ئادىتىگە قارىشى شۇنداق دېگەن، يەنى ئۇلار، كېسەل ئۆزىلا يۇقىدۇ دەپ قارايتتى، بىز كېسەل ئاللاھنىڭ قازاسى، قەدەر بىلەن يۇقىدۇ، ئۆزىلا يۇقىۋالمايدۇ دەپ قارايمىز.

مانا مۇشۇنداق، بۇ خىل زىددىيەتنى ئالىملار ئالتە خىل چارە ــ ئامال بىلەن بىرلەشتۈرگەن، ھەدىسلەر ئارىسىنى 60 خىلدىن ئارتۇق بىرلەشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش چارىلىرى بار بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئاۋۋال «قۇرئان» ئاندىن مۇتەۋاتىر، ئاندىن سەھىھ، ئاندىن ھەسەن، ئاندىن يوللىرى كۆپ، ئىشەنچلىك قىلىنغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، ئىسنادىنى، مەتنىسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەل قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇسۇل قائىدىسى بويىچە ياراشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر، ئالىم ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئەسلىتىلىدۇ، ئىشەنچسىز قارىغان بولسا، دەلىل ــ ئىسپات بىلەن سەھىھ ئىشەنچلىك قىلىنىدۇ. مەنسۇخقا ئەمەل قىلغان بولسا، ناسىخنى ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر، زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ قالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ھەدىس ئالدىغا قويۇلىدۇ. خاتا چۈشىنىۋالغان بولسا، توغرىسىنى، ھەقنى بايان قىلىنىدۇ. يالغان ھەدىس، ئەپسانە، رىۋايەتكە ئېسىلىۋالغان بولسا، ئايەت، سەھىھ ئەسەر، ھەدىسنى ئالدىغا قويۇپ رەت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت، ئىختىلاپ پۈتۈنلەي ھەل قىلىنىپ كېتىدۇ. خۇددى، قۇرئاندا ئىختىلاپ، زىددىيەت بولمىغاندەك، سەھىھ ھەدىسلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر.ئىختىلاپ ، ئىجتىھادىي چۈشەنچىدە باردۇر.بىز ئەمدى زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

## زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا

«مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دېگەن كىتابدا تەپسىلى سۆزلى  مىگەن، ئالدى بىلەن يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا، ئاندىن زەئىپ، ئاندىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆزلەيدى.

بۇ ئۈچ مۇقەددىمىنى بىرلەشتۈرسە، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابى، ھەدىس ئاتالغۇلىرى تولۇق سۆزلىنىپ بولىدۇ. شەيخ ئىمام ھافىز شام مۇپتىسى تەقىييۇددىن ئەبۇ ئۆمەر ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان ،ئىبنى سىلاھ، دىگەن مەشھۇر نامى بار (ۋاپاتى ھ 324 ــ يىل، مىلادىيە 935 ــ يىل) بۇمۇھەددىس ئالىمنىڭ «مۇقەددىمەت ئىبنى سىلاھ» ناملىق ئۇسۇلھەدىس كىتابىدا زەئىپ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دىيىلگەن.

ھەرقانداق ھەدىستە، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ياكى ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى، سۈپەتلىرى تېپىلمىسا، ئۇ زەئىپ ھەدىس بولىدۇ. ئەبۇ ھاتەم ئىبنى ھەببان رەھمەھۇللا، زەئىپ ھەدىسلەرنى 49 قىسىم قىلىپ تەقسىم قىلغان، ئۇلارنىڭ جۇملىسىدىن مۇئەللەق، يەنى باش تەرەپىدىن نۇرغۇن راۋى ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ سۆزلىگەن ھەدىس. مۇئزەل، مۇنقەتىئ يەنى تۇتاشقان ئىسنادى بىر ئىككى يەردىن ئۈزۈلۈك بولغان ھەدىس، مۇرسەل ھەدىس يەنى تابىئىن، ساھابىنى قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ سۆزلىگەن ھەدىس، مۇزتەرىيب، مۇئەللەل، شاز، مەقلۇب قاتارلىقلار زەئىپ ھەدىسنىڭ ئاتالغۇلىرىدۇر. ئەڭ خەتەرلىكى، سۆزلەش ھارام بولىدىغان ھالال بولمايدىغان ھەدىس يالغان ھەدىستۇر دىگەن.

ئىبنى سىلاھ، كىتابىنىڭ 3 ـ ، 9 ـ 14، 18 ـ 22 ـ تۈر، نەۋئىلىرىدە يۇقارقى زەئىپ ھەدىسلەرنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇرغان، بىزمۇ بۇلارنى كىيىن سۆزلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابدىن سۆزلىمىدۇق، چۈنكى، بىز يازماقچى بولغان كىتاپمۇ مۇشۇ كىتابدىن ئېلىنغان. مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا «ھەدىس ئاتالغۇلىرى» ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسىم 5 ــ مەزمۇنىدا زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا مۇنداق دىگەن؛ زەئىپ ھەدىس دىگەن سەھىھ ۋە ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرىدىن خالىي بولغان يەنى شۇ ھەدىسلەرنىڭ شەرتىگە توشمىغان ھەدىستۇر. زەئىپ ھەدىسلەر ئۇقەيلىينىڭ، ئىبنى ئەدىينىڭ، خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ، ئىبنى ئەساكىرنىڭ، دەيلەمىنىڭ، ئىبنى جارۇد ۋە ھاكىم مۇستەدەركلەرنىڭ كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپتۇر. ھەتتا، بەزىلىرىدە يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

زەئىپ ھەدىس، ئىلىم ۋە زىننى، گۇماننى پايدا بەرمەيدۇ، ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. سوزلەش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت، زەئىپ دەپ قويۇپ، سۆزلىسە بولىدۇ، بەزىلەر تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن زەئىپ ھەدىسنى تىلغا ئېلىپ، كىتابلىرىغا يېزىپ سىلىپ، سەل قارىغان. لېكىن، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، مەسىلەن: ئۇلار قاتتىق زەئىپ بولمىسا، پەزىلەت ئەمەللىرىدە قورقۇتۇپ، قىزىقتۇرۇپ ۋەز ــ نەسىھەتتە سۆزلىسە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن دەپ ئېتىقاد قىلمىسا بولىدۇ دىگەن.

توغرا، زەئىپ ھەدىسلەرنى قەتئىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن، بىزمۇ شۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ئەگەر ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن بولسا،بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلساق، ئۇنداقتا ھەدىس زەئىپ، ئاجىز بولماستىن، سەھىھ بولاتتى دىگەن.

ئۇنداقتا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن بۇنداق زەئىپ ھەدىسلەرنى، سۆزلەپ، كىتابلاردا يېزىپ،دەلىل ئىسپات قىلىپ نېمە قىلارمىز؟!

بىزگە قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىك، شۇلار كۇپايە، شۇنىڭ ئۈچۈن زەئىپ ھەدىسلەردىن ھەزەر قىلسۇن دەپ بۇ ئەسەرنى يېزىپ ۋاتىمەن. مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرىئەت پاكۇلتىتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان ئىبنى سىلاھنىڭ يۇقارقى كىتابىدىن ۋە نەۋەۋىينىڭ تەقرىيب ناملىق ئەسرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس، ناھايىتى پايدىلىق تۈزۈلگەن شۇنداق ئاسان، رۇشەن، ئوچۇق يېزىلغان. «مۇستەلھۇلھەدىس» يەنى ھەدىسلەر ئاتالغۇسى نامىلىق ئۇسۇلۇلھەدىس، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدا زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا مۇنداق دىيىلگەن:

بۇ سۆزلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بارلىق ھەدىس تەتقىقاتقىدىكى، مۇشۇ پەندىكى كىتابلارنىڭ سۆزلىرىگە، بولۇپمۇ زەئىپ ھەدىس توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە كۇپايە، ھەممىسىگە مۇشۇ سۆزلا تېتىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مۇشۇ كىتابدىن تاللاپ يازدىم. زەئىپ ھەدىس دىگەن ئادەتتە، ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسنىڭمۇ سۈپەتلىرى، شەرتلىرى بولمىغان ھەدىستۇر، بەيقۇنى رەھمەھۇللا ئۆزىنىڭ نەزمىسىدە « **زەئىپ دىگەن ھەسەن مەرتىبىسىدىن تۆۋەندۇر، ئۇنىڭ تەقسىماتلىرى بەك كۆپتۇر.**» دىگەن، شۇنداق، زەئىپ ھەدىسنىڭ ئاجىزلىقى نەچچە خىل بولغاچقا، بۇ بىر نەچچە خىل بولىدۇ.

مەسىلەن: قاتتىق زەئىپ، ۋاھى، مۇنكەر، ھەتتا يالغان ھەدىسمۇ باردۇر. ھەدىسنىڭ زەئىپلىكى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1 ـ ھەدىس تەتقىق قىلىش قائىدە ـ قانۇنلىرى بويىچە ھەدىسنىڭ تۇتاشقان يوللىرى، ئىسنادى، مەتنىسى، مەنىلىرى تەتقىق قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ، زەئىپلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

2 ـ تارىخ جەھەتتىن، تەكشۈرۈلۈپ، راۋىيسىنىڭ پاسىق، پاجىر، ھەتتا كاززاپ، يالغانچى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يەنى راۋىيسىنى سۆزلىگۈچىنى تەكشۈرۈلىدۇ.

3 ـ قۇرئان ئايىتىگە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت، مۇخالىپ بولسا، زەئىپ، ھەتتا، يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

4 ـ ساھابىلار، تابىئىنلار، شۇ زەئىپ ھەدىسنىڭ ئەكسى بويىچە يول تۇتىدۇ. ئەگەر، ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

5 ـ ھەدىسنىڭ مەنىسى، لەۋزى، بالاغەت، پاساھەت، سۆز تەرتىپى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلىدۇ. مەلۇم مەزھەپ، ئېقىم مەسىلىلىرى سۆزلەنسە، تەرەپپازلىق، مىللەتۋازلىق، نەسەببازلىق تېپىلسا، زەئىپ ياكى يالغان، مۇنكەر، باتىل دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

6 ـ ھەدىسلەرنىڭ تۇتاشقان يوللىرى، ئىسنادى، ئۈزۈلك بولۇش ياكى بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇش، ياكى ئېلىۋېتىش، ياكى بۇرمىلاپ تەپسىر ۋە تەئۋىيل قىلىنىپ كەتكەن بولسا، ياكى ھەدىسكە باشقا سۆز ئارىلاشسا، زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر بار بولۇپ، قەدىمقى ئالىملار، مۇھەددىس ئالىملار، تەتقىقاتچى شەيخلەر ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن، كېيىنكىلەر شۇلارغا تايىنىپ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم قىلىدۇ. مەشھۇر مۇھەددىسلەر، ھەدىسكە ۋە راۋى، كاتىپلارغا ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن، ئەلبانى رەھمەھۇللاغا ئوخشاش مۇھەددىس ئالىملار دەل شۇلارغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۆزىمۇھەم تەكشۈرىدۇ.

ئىنسان بالىسى خاتالىشىدۇ، ئەگەر بۇرۇنقى مۇھەددىس ئالىملار خاتالاشقان بولسا، كېيىنكىلەر ئۇنى بايقاپ تۈزەتسە بۇ دۇرۇس، ئەلبانى، ئۇسەيمىين، ئىبنى بازلار، ئۇلاردىن بۇرۇنقى شەيخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى كەسىر، زەھەبى، ئىبنى جەۋزى، ئىبنى قەييۇملار بار، ئۇلاردىن بۇرۇن مەشھۇر توققۇز مۇھەددىس، يەنى بۇخارى،

مۇسلىملار، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللانىڭ ساۋاقدىشى، يەھيا ئىبنى مەئىين قاتارلىقلار بار. بۇنداق ھۆكۈم قىلىش، ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە مەۋجۇدتۇر، بۇ ئىلىم ـ پەنمۇ توختىماستىن دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلبىڭىزدىكى بىر مۇھىم سوئالغا ئاشۇ يەتتە خىل جاۋابنى بەردۇق. سوئال بولسا، نېمە ئۈچۈن بالدۇرقىلاردىن ئاشۇ كاتتا مۇھەددىسلەردىن كېيىنكىلەر ئالىم بولۇپ كەتتى؟جاۋابى يۇقىرداسۆزلەندى.

ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر، مىشكاتنى، مەسابىھنى يازغان ئالىملار، ئايرىيالمىغان بۇ ھۆكۈملەرنى نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئالىملار بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردىكى ئالىملار ئايرىپ ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن دىگەن سوئاللارغا ئاشۇ يۇقىرقى جاۋاب بېرىلدى.

**زەئىپ ھەدىسنىڭ مىسالى:**

تىرمىزي رەھمەھۇللا، ھەكىيمۇلئەسرەمدىن ئەبى تەمىيمەتدىن، ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق دىگەنلىكىنى خاتىرلىگەن:

كىم ھەيزىدار ئايالغا چېقىلسا، ياكى ئايالنىڭ ئارقا مەقئىتىگە چېقىلسا ياكى كاھىننىڭ يېنىغا بارسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن قۇرئانغا كاپىر بولغان بولىدۇ دىگەن بۇ ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلەپ بولۇپ، بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد يەنى، بۇخارى رەھمەھۇللا زەئىپ دىگەن. بۇ ھەدىس ئىسناد جەھەتتىن زەئىپ، دىدى. چۈنكى، ھەدىسنىڭ ئىسنادىدا، راۋىيلار ئارىسىدا ھەكىيمۇلئەسرەم بار بولۇپ، ھەدىس ئالىملىرى بۇ كىشىنى زەئىپ دىگەن. ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىسنى لىين زەئىپ دىگەن.

مانا مۇشۇنداق زەئىپ ھەدىسلەر مۇنكەر ھەدىسلەر، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر ياكى يالغانلىرى ئارىلىشىپ قالغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەلبانى رەھمەھۇللا 9000 ھەدىسنى توپلاپ، زەئىپ، مۇنكەر، باتىل، ئەسلى يوق، ھەتتا يالغان دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئايرىپ بەرگەن.

**زەئىپ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشنىڭ ھۆكمى**

ئالىملار ۋەز ـ نەسىھەتتە قىزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرۇشلاردا سۆزلىنىدۇ، لېكىن، زەئىپ دەپ قويۇپ سۆزلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى ياكى دىگەن دەپ سۆزلەنمەيدۇ. ئەقىيدە، ئەھكام، ھالال ـ ھاراملارغا بۇنىڭدىن ھۆكۈم ئېلىنمايدۇ دىدى. لېكىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر زەئىپنىڭ تۈرىنى ئايرىپ، شەرىت قويۇپ، مۇرسەل، مۇئزەل، مۇنقەتئە قاتارلىقلارنى سۆزلەۋەرگەن كىتابلارغا يېزىۋەرگەن. ئەمەلىيەتتە، زەئىپ ھەدىسلەرگە ئۈچ شەرىت بىلەن پەزىلەتلىك ئەمەللەردە ئەمەل قىلىنىدۇ دىگەن. ئۇلار؛

1 ـ قاتتىق زەئىپ بولماسلىق

2 ـ ئەمەل قىلغاندا بۇ ھەدىس سابىت دەپ ئېتىقاد قىلىنمايدۇ، بەلكى، ئېھتىيات قىلىنىدۇ.

3 ـ ئەمەل قىلىنغان باشقا ھەدىسنىڭ ئاستىغا كىرىشى شەرىت دىگەندەك، لېكىن، ئۇسەيمىين، ئەلبانى رەھمەھۇللالار؛ ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ. قەتئىي ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز دىگەن.

بۇ توغرىسدا ئىبنى ھەببان مەخسۇس زۇئەپائ يەنى زەئىپ ھەدىسلەر دىگەن كىتابنى، زەھەبى رەھمەھۇللا مىيزاننى، ئەبۇ داۋۇت مەراسىلنى، بەيھەقى رەھمەھۇللا، ئىلەل دىگەن كىتابنى يازغان. ھازىر ئەلبانى رەھمەھۇللا بىر يۇقىردا دىگەن زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمىنى يازغان. ئومۇمى سانى 9000دىن ئاشىدۇ.

## زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ تۈرى

1 ـ مۇئەللەق، يەنى ئۈستۈن تەرەپدىكى راۋى سۆزلىنىپ، ئاستىدىكى باش تەرەپ يوق قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېسىپ قويۇلغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان. مۇھەددىس سۆزلىمەكچى بولغان شەيخلىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئىسناد، راۋىيلارنى تىلغا ئالماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا ھەدىسنىڭ ئۆزىنى سۆزلەپ كېتىدۇ. ياكى ساھابى، تابىئىندەك بىر ئىككى راۋىينى تىلغا ئېلىپ قويىدۇ. مانا بۇ مۇئەللەق ھەدىس بولۇپ، ئىسنادىنى، راۋىيلارنى تەكشۈرگىلى بولمىغاچقا، ھەدىس زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بۇنداق مۇئەللەق ھەدىس رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ھەدىستە ئىسنادى تۇتاش بولىدىغان، يوللىرى ئېنىق بولىدىغان، راۋىيلارنى تەكشۈرگىلى بولىدىغان شەرتلەر يوقاپ كەتكەن، بىز ئۇ كىشىلەرنىڭ ھالىنى، ئەھۋالىنى ئۇقمايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا ھەدىس سۆزلىگىلى قويسا، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ.

ئىسناد تۇتاشقان يول، راۋىيلار ئەھۋالى ھەدىسنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، بۇخارى، مۇسلىمدىكى مۇئەللەق ھەدىسلەر رەت قىلىنمايدۇ. بۇلاردىكى بۇنداق ھەدىسكە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق ھەدىسنى دېدى، مۇنداق تىلغا ئالدى دىگەن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ بولىدۇ دىيىلدى. تىلغا ئېلىندى، ھېكايە قىلىندى، رىۋايەت قىلىندى دىگەن ھەدىس يەنىلا زەئىپ ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسە كالام شۇكى، بۇخارى، مۇسلىمدىن باشقا كىتابلاردىكى مۇئەللەق ھەدىس زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ.

ئەمما، مەيلى بۇرۇن، مەيلى ھازىر سەھىھ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى، راۋىيلىرىنى قىسقارتىشنى مەخسەت قىلىپ، يوق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دىيىش دۇرۇس، بۇ مەشھۇر قائىدە، ئۇنى سىز، بىزمۇ دەپ سالىمىز. لېكىن، بۇ مەلۇمدۇر.

2 ـ مۇرسەل ھەدىس، بۇنداق ھەدىس مەلۇم راۋىينى يەنى ساھابىنى ئۈزۈپ قويۇپ، ئالاقىدار قىلمىغاچقا، مۇرسەل دەپ ئاتالغان. تابىئىندىن يۇقىرى راۋىي يەنى ساھا بە ئۈزۈلۈپ قالغان، تابىئىن، ساھابىنى ئۈزۈپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپلا سۆزلەپ كەتكەن، ساھابە بىلەن كۆرۈشكەن، كۆرۈشمىگەنلىكى نامەلۇم، ئۇ يوشۇرۇن كىشى ساھابىمۇ ياكى تابىئىنمۇ بۇمۇ ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن:

ھەسەن بەسرى، سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللالار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ سۆزلەيدۇ. خۇددى ئەبۇ داۋۇتنىكى مۇرسەل ھەدىسلەرگە ئوخشاش. ئەبۇ داۋۇدنىڭ ئاخىرقى مەراسىل ناملىق كىتابى پۈتۈنلەي مۇرسەل ھەدىس سۆزلەنگەن كىتابتۇر.

مۇرسەل ھەدىسمۇ زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ. مەيلى ئەقىيدە، مەيلى ھالال — ھارام، ئەھكام مەسىلىرىدە بولسۇن، مەيلى باشقا مەسىلىلەردە بولسۇن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەدىسمۇ تۇتاش بولۇشتەك شەرتنى يوق قىلىپ قويغان، راۋىيسى راسلا ساھابىمۇ ياكى كىم؟ قانداق كىشى، بۇ ئېنىق ئەمەس. يوشۇرۇن كىشى زەئىپ بولسا،

ھەدىسى زەئىپ بولىدۇ، مۇئەللەق، مۇرسەل، مۇئزەل ھەدىسلەر يوللىرى كۆپىيىپ، ئىسنادى كۈچىيىپ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر قوللاپ، ساھابە، تابىئىنلار ئەمەل قىلىش بىلەن ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا، ئەمەل قىلىنىدۇ، سەھىھ ھەدىسنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. ھۆججەت، دەلىل ـــ ئىسپات قىلىنمايدۇ، مانا بۇ ھۆكۈم جۇمھۇر مۇھەددىسلەرنىڭ، ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ، فىقھشۇنالارنىڭ ھۆكمىدۇر. ئەمما، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، مالىك ئەھمەد رەھمەھۇللا قاتارلىق ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى، ئەگەر ھەدىسنى مۇرسەل ھالدا سۆزلىگۈچى، تابىئىن، ئالىم ئىشەنچلىك بولسا، يەنىلا ئىشەنچلىك كىشىدىن مۇرسەل ھالدا سۆزلىگەن بولسا، بۇ چاغدا قوبۇل قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنىدۇ دېگەن.

چۈنكى، ئىشەنچلىك، تەقۋا، ئادىل تابىئىن چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەن سۆزىنى دەيدۇ، دېمىگەن سۆزىنى دېمەيدۇ. ئالدىراپلا، ساھابىنى يوشۇرۇن قىلىپ، زامانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ سالىدۇ. ئەگەر بۇ ھەدىسنى سۆزلىگۈچى تابىئىن چوڭ كىبار، تابىئىن بولسا، ئىشەنچلىك بولسا، ئادىل، ئىشەنچلىك، راۋىيلارغا خىلاپ زىت بولمىسا، ھەدىسنىڭ بۇندىن باشقىمۇ يولى بولسا، باشقىلارمۇ سۆزلىگەن بولسا، ساھابىلارنىڭ سۆزىگە، قىلىقىغا ئۇيغۇن بولسا، ئەكسەر، كۆپىنچە مۇجتەھىد ئالىملار شۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، مانا مۇشۇنداق يۇقىرىقى شەرتلەر تولۇق بولسا، ئاندىن مۇرسەل ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ. ھۆججەت، دەلىل ـــ ئىسپات قىلىنىدۇ دېگەن. ئەگەر بىرەر ساھابە، كىچىك بولغانلىقىدىن ياكى مەجلىسدە يوق بولغانلىقىدىن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرمىگەن چاغدا دېيىلگەن ھەدىسنى سۆزلىسە ياكى كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ياكى مۇنداق قىلغان دەپ مۇرسەل ھالدا ھەدىس سۆزلىسە، يەنى بۇ ساھابىنىڭ مۇرسەل ھەدىسى بولسا، جۇمھۇر، مۇھەددىس ئالىملار بۇ خىل ھەدىس سەھىھ بولىدۇ، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ دېگەن.

مۇرسەل ھەدىسلەر توپلانغان كىتابلار، ئەبۇ داۋۇدنىڭ مەراسىيل دېگەن كىتابى، ئىبنى ئەبى ھاتەمنىڭ مەراسىل دېگەن كىتابى، ئىلائىينىڭ ئەھكامۇلمەراسىل دېگەن كىتابى بار. شارائىتىڭىز يار بەرسە، ئۆزىڭىز كۆرۈڭ، ئۇنداق بولمىسا سوراپ بىلىڭ. چۈنكى، بۇ ئىسلام دىنى ئىسلام شەرىئەت مەنبەسى، سۈننەت، ھەدىسنىڭ ئىشىدۇر.

3 ـ مۇئزەل ھەدىس بۇ خىل ھەدىس، ھەدىسنىڭ ئىسنادى يەنى تۇتاشقان يولدىن، راۋىيلاردىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى چۈشۈپ قالغان. راۋىيلار، كاتىپلار يەنىلا سۆزلەۋەرگەن ھەدىستۇر. بۇ خىل ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرەك دېگەن كىتابىدا ئىمام مالىك مۇئەتتا دېگەن كىتابىدا يېزىپ چۈشەندۈرگەن.

ئىمام مالىكدىن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دەپلا سۆزلەيدۇ. لېكىن، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىلىقىدىكى كىشىلەر يوق قىلىنغان، ئۇلار كىملەر؟ بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ھەدىس زەئىپ بولىدۇ. مۇرسەل ھەدىسدىنمۇ ئۇسال ئەھۋالدا قالىدۇ، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىسنىڭ يوشۇرۇن يوق قىلىنغان، راۋىيسى، كىشىلىرى بەك كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىسمۇ زەئىپ بولۇپ، رەت قىلىنىدۇ، دەلىل ـــ ئىسپات، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. بەزىلەر بۇ ھەدىسنى باش تەرەپدىن بىر، ئاخىردىن بىر راۋىيسى چۈشۈپ قالغان ھەدىستۇر. دەل شۇ راۋى، مۇھەددىسنىڭ ئەھۋالى بىزگە نامەلۇم بولغاچقا، ھەدىس زەئىپ بولىدۇ دېگەن.

ئەگەر بۇنداق ھەدىسنى سەھىھ دېسەك، ئەمەل قىلساق، ئۇ چاغدا، ئىسلام دىنىغا سۇيىقەست كۆپلەت كىرىدۇ، يالغان ھەدىسلەرنى مۇشۇ خىل ۋاستە بىلەن كىرگۈزۈۋېتىدۇ، ھەزەر قىلىڭ، ئىمام سۇيۇتى رەھمەھۇللا، مۇئزەل، مۇنقەتئ مۇرسەل ھەدىسلەر كۆپ چىقىدىغان كىتابلار، سەئىد ئىبنى مەنسۇرنىڭ سۈنەن ناملىق كىتابى، ئىبنى ئەبىددۇنيانىڭ تۈزگەن كىتابلىرى دىگەن. ئىقتىدارىڭىز، قابىلىيىتىڭىز بولسا، ئۆزىڭىز تەكشۈرۈڭ، ئۇنداق بولمىسا تەكشۈرگەنلەرگە شەكسىز ئىشىنىڭ، ئۇلارمۇ ئاللاھ دەيدۇ.

4 ـ مۇنقەتئ ھەدىس، شەيخ، مۇھەددىس، كاتىپىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقدىن ئۈزۈلۈك مەۋجۇد بولغان، ئىسنادى تۇتاشقان، يوللىرى ئۈزۈلۈك ھەدىستۇر. مەيلى ئۈزۈلۈپ قېلىش باشتا بولسۇن ياكى ئوتتۇرىدا بولسۇن، ياكى ئاخىرىدا بولسۇن بەرى بىر. بۇ يۇقىرىقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبنى ھەجەر باشتىن ياكى ئوتتۇرىدىن ياكى ئاخىردىن ئۈزۈلۈك بولسا، مۇنقەتئ بولىدۇ دىگەن. مەسىلەن: ئەگەر سىلەرگە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشلىق قىلىنسا، ئۇ كۈچلۈك، ئىشەنچلىك دىگەن ھەدىسنىڭ راۋىيسى، ھەدىس سۆزلىگۈچىلەر ئارىسىدىن شەرىيك ئىسىملىك راۋى چۈشۈپ قالغان. گەرچە بۇ ھەدىسنى ھاكىم ئەھمەد بەزار، تەبرانى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن بولسىمۇ، ئەنە شۇ ئۈزۈكلۈك مەۋجۇد بولغاچقا، ھەدىس ئالىملىرى ئىتتىپاققا كېلىپ، بۇ ھەدىس ۋە مۇشۇنداق ھەدىس زەئىپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يوشۇرۇن، يوق قىلىنغان راۋىيسىنىڭ ئەھۋالى بىزگە ئېنىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس ھۆججەت قىلىنمايدۇ دىگەن.

5 ـ مۇدەللەس ھەدىس، يەنى ھەدىسنىڭ ئىسنادىدىكى ياكى ھەدىسنى سۆزلىگەن شەيخنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان ھەدىستۇر. ئىچكى ئەھۋالى ناچار، تاشقى كۆرۈنۈشى ياخشى بولىدۇ. مەلۇم شەيخدىن ھەدىسنى ئاڭلىغان بولسا، كېيىن بۇ ھەدىس سۆزلىگۈچى، ھەدىسنى باشقا شەيخكە تۇتاشتۇرۇپ سۆزلىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەدىس ئاڭلىغان شەيخنى مەلۇم سەۋەبلەردىن سۆزلىمەيدۇ. ياكى، ئەيىبىنى يوشۇرىدۇ ياكى داڭلىق، مەشھۇر، ئادىل، ئىشەنچلىك شەيخدىن سۆزلىۋېتىدۇ. ياكى بىر نەچچە شەيخدىن ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئارىلىقدىن زەئىپ، مەسىلە كۆرۈلگەن شەيخنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچلىك، ئىتماتلىق شەيخنى ئېلىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئەشەددى، يامان ئىشتۇر. ئىشەنچلىك بولغان، ھەدىسلىرى سەھىھ بولغان، شەيخ، ئۇستازلارنى زەئىپ قىلىۋېتىدۇ، قاتتىق ئالداش، خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ مەشھۇرراقى، بەقىييە ئىبنى ۋەلىيد، ۋەلىيد ئىبنى مۇسلىم قاتارلىقلار.

بۇنداق ھەدىسنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇنى سۆزلەشمۇ مەكرۇھ، قاتتىق زەئىپ، شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇدەللەس ھەدىس، يالغاننىڭ قېرىندىشى يالغانغا ئوخشاش دىگەن. مەخسەد، بۇ ھەدىسمۇ ھۆججەت، دەلىل — ئىسپات قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. ھەدىسنى بۇنداق قىلىۋېتىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق، شەيخ، ئۇستازى زەئىپ، ئىشەنچلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن يوشۇرىدۇ، ياكى، شەيخدىن تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىلەرمۇ بۇ ھەدىسنى بىلگەچكە، يۇقىرى مەرتىۋىلىك شەيخدىن سۆزلىۋېتىدۇ — دە، ئىشەنچلىك بولىدۇ. ياكى، شەيخنىڭ يېشى كىچىك بولۇپ قالىدۇ، ياكى ھەدىسنى كۆپ سۆزلىۋېتىپ، تولا تىلغا ئېلىشنى ياقتۇرماي، ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى ئالىيلاشتۇرۇش، يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشنى مەخسەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مانا مۇشۇنداق تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا بۇنداق مۇھەددىس ۋە ھەدىسلىرى رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغداد، بورھانوددىن، ئىبنى ھەجەرلەر كىتاب يازغان.

6 ـ مۇرسەل، خەپى، مەخپى هالدا ئىسنادىنى ئۈزۈۋېتىش، ئۇچقاشقان ياكى بىر زاماندا ياشىغان كىشىدىن هەدىس سۆزلىشىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىشىدىن زادى هەدىس ئاڭلىمىغان. مەسىلەن: ئىبنى ماجە رەهمەهۇللا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن، ئۇقبەتدىن مۇنداق بىر هەدىسنى خاتىرلىگەن. ئاللاه، پوستا تۇرغۇچى، مۇهاپىزەتچىگە رەهىم قىلىدۇ دىگەن هەدىس. ئەمەلىيەتتە ئۆمەر ئۇقبەتكە ئۇچقاشمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان. لېكىن، باشقىلار شۇنداق هەدىسنى سۆزلىشەتكەن، مانا مۇشۇنداق هەدىسلەرنى شەيخ، ئۇستازلار تارىخنى تەكشۈرۈپ، ئىلگىركىلەرنىڭ سۆزنى ئېلىپ، هەدىسنىڭ مەنىسىنى، لەۋزىنى تەتقىق قىلىپ تاپىدۇ، بىز ئۇلارغا ئىشىنىمىز، بۇ خىل هەدىسمۇ زەئىپ بولۇپ، هۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدىمۇ خەتىيبۇلبەغداد رەهمەهۇللا تەپسىل ناملىق كىتاب يازغان، بىلسىڭىز كۆرۈڭ، بىلمىسىڭىز سوراڭ، ئۇلارغا ئىشىنىڭ.

7 ـ هەدىسنى سۆزلىگۈچى، راۋىيسى توغرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرمۇ هەدىسنى زەئىپ، هەتتا باتىل، يالغان قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر، راۋىي، كاتىپ يالغانچى ياكى يالغانچى دەپ تۆهمەت قىلىنغان، ئەيىبلەنگەن بولسا، پاسىق، بىئەتچى، نادان، جاهىل بولسا، ياكى غەلەت سۆزلەيدىغان بولسا، ياكى ياخشى يادىلىمىسا، غەپلەتتە قالسا، ئىتماتلىق، ئىشەنچلىك كىشىلەرگە خىلاپ سۆزلىسە،ئېلىشىپ قالسا هەدىسكە هەرخىل هۆكۈملەر بېرىلىدۇ، ئەڭ خەتەرلىك گۇناهى كەبىيرە بولىدىغان قاتتىق هەزەر قىلىدىغان، قورقۇنۇشلۇق بولغىنى، يالغان هەدىستۇر. ئاللاهقا، رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە بۆهتان قىلىپ، تۆهمەت چاپلاپ، يالغاننى توقۇشىدىن چوڭ گۇناه يوق. رەسۇلۇللاه سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇتىۋاتىر، سەهىه هەدىستە بۇنداق كىشى دوۋزاختا بولىدۇ دىگەن. بۇنداق هەدىسنى سۆزلەش، يېزىش، هالال ئەمەس. پەقەت، ماۋۇ يالغان، هەزەر قىلىڭلار! دېسە بولىدۇ، رەت قىلىش لازىم. ئەمدى سۈكۈت قىلمايلى!!.

يالغان هەدىسنى توقۇغۇچىلار ئاللاهقا يېقىنچىلىق ئىزدەپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ ياكى قورقۇتۇپ، زاهىدلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يامان ئىشدىن توسۇش، ياخشىغا بۇيرۇش ئۈچۈن ياكى بىرەر مەزهەپ، گورۇه، پارتىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭكىنى راست، توغرا قىلىش ئۈچۈن ياكى ئىسلام دىنىغا سۈيىقەست قىلىش ئۈچۈن، هاكىم، ۋالىي، خەلىپىلەرگە يېقىن بولۇش ئۈچۈن، مال ـــ دۇنيا پار ئېلىش ئۈچۈن، يۈز ـــ ئابرۇي، بىلەرمەنلىك قىلىپ توقۇيدۇ. تارىخ، قىسسە سۆزلەپ جان بېقىش، كەسىپ قىلىشى ئۈچۈن هەدىسنى پۇلغا سېتىش ئۈچۈن ياكى هاكىمىيەتتىن قورقۇپ، خاتا، ئازغۇن پەتىۋاغا دەلىللەپ توقۇيدۇ، ياكى ئۆزى بىلمەي توقۇيدۇ ياكى بىلمەي هەدىس ئەمەس سۆزنى هەدىس دەپ سۆزلەيدۇ. نۇرغۇن سەۋەبلەر بار، بىز بۇنى «يالغان هەدىسلەر توپلىمى ۋە بىدئەتلەر» دىگەن كىتابدا تولۇق يازغان، كۆرۈڭ.

8 ـ مەترۇك هەدىس، راۋىيسى، سۆزلىگۈچىسى يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن هەدىستۇر. ئاددى سۆزلىرىدىمۇ يالغانچىلىق قىلىپ قالىدۇ، بۇ خىل هەدىس يالغان هەدىسكە يېقىن كېلىدۇ، تاشقالىدۇ، ئوخشاپ قالغىلى. ئەڭ خەتەرلىك، يامانراقى يالغان، ئاندىن قالسا، مەترۇك، ئاندىن مۇنكەر هەدىس، ئاندىن قالسا، مۇئەللەل، مۇدەررەج، مەقلۇب، مۇزتەرىيب قاتارلىقلار. مانا بۇ ئىبنى هەجەر ئەسقالانىينىڭ مەرتىۋىگە تىزىشىدۇر. دىمەك، مەترۇك هەدىس يالغانغا يېقىن، يالغاننىڭ ئوخشىشىدۇر.

9 ـ مۇنكەر ھەدىس، بۇنداق ھەدىس بولسا، پاسىق، پاھىش، غەلەت سۆزلەيدىغان، غەپلەتتى كۆپ كىشىنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ قاتتىق زەئىپ ھەدىس بولۇپ، ئەمەل قىلىنمايدۇ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت قىلىنمايدۇ. بۇ ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى سۆزىدۇر.

10 ـ مۇئەللەل ھەدىس، ھەدىستە ياكى راۋىيسىدا تەنە ئىللەت تېپىلىپ قالغان ھەدىستۇر. راۋىيسىدا ۋەھىمە، گۇمان بولغان ھەدىس، گۇڭگا، مەخپى بولۇش، گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشلار، ئىللەتكە بارىدۇ. راۋىيسىنى كاززاپ، پاسىق، بىدئەتچى، غاپىل، ياخشى يادىلىمىغان دىگەنلەرمۇ، ئىللەت، بۇ مۇنكەرنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرىدىغان قاتتىق زەئىپ ھەدىستۇر، ھۆججەت ۋە ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىبنى مەيدەنى رەھمەھۇللا، ئىبنى ئەبى ھاتەم، ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا، تىرمىزى رەھمەھۇللا، دارىقۇتنىيلا مەخسۇس ئىلەل دىگەن ئىسىم بىلەن كىتاب يازغان ۋە شۇنداق ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئەلبانىيدەك ئالىملار شۇ كىتابلارنى كۆرگەچكە ھەدىسكە باھا، ھۆكۈم بىرەلەيدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇپ، ئىشىنىڭ.

11 ـ ئىشەنچلىك، ئادىل كىشىلەرگە خىلاپلىق قىلىش، زىت، مۇخالىپ ھالدا ھەدىس سۆزلەش، ئەگەر خىلاپلىق قىلىش، ئىسناد يوللىرىنىڭ سىياقنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولسا، ياكى ساھابىلار سۆزىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، بۇ مۇدەررەج دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر، بىرەر راۋىينى زىيادە قىلىۋېتىش بىلەن خىلاپلىق قىلسا، بۇ ئىسنادىنىڭ تۇتۇشىشىدىكى زىيادىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر، ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋى بىلەن يەنە بىر راۋىينى ئالماشتۇرۇۋەتسە ياكى ھەدىسنىڭ مەتنىسىدە زىددىيەت مەۋجۇد بولسا، بىرەرسىنى كۈچلەندۈرگىلى مۇمكىن بولمىسا، بۇ مۇزتەرىب دەپ ئاتىلىدۇ. سىياقنى قويۇپ، لەۋزىنى ئۆزگەرتسە، مۇسەھھەپ دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلارنى بىر ــ بىرلەپ تونۇشتۇرىمىز.

مۇدەررەج ھەدىس، بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئىسناد، سىياقى ئۆزگەرتىلگەن ياكى ھەدىس مەتنىسگە ھەدىس بولمىغان سۆز كىرگۈزۈۋېتىلگەن ھەدىستۇر. ھەدىس سۆزلىگۈچى سۆز قىلىۋېتىپ، ئۆز ئىچىدىن بىرەر جۈملە سۆزنى دەپ سالسا، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى ھەدىسمىكى دەپ گۇمان قىلىپ يازغان. مەسىلەن: سابىت ئىبنى مۇسا، شەرىيك ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ، ئۇ كىشى ماڭا ئەئمەش ئەبۇ سوفيياندىن، جابىردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن دەپ جىم تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن سابىتقا قاراپ، كىم كېچىسى كۆپ ناماز ئوقۇسا، كۈندۈزى يۈزى نۇرلۇنۇپ كېتىدۇ دەپ سۆزنى داۋام قىلىپتۇ. ئەسلى مەخسىدى سابىتنى ماختاپ قويۇش ئىدى. چۈنكى، سابىت تەقۋا، زاھىد ئىدى، لېكىن، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن ھەدىس ئەمەس ئىدى. ھەدىسنى ئۇ تېخى دىمىگەن، سابىت خاتا گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ يۇقىرقى يۈزى نۇرلۇنىدۇ دىگەن سۆزىنى ھەدىس ئورنىدا سۆزلىگەن. مانا بۇ مۇدەررەج ھەدىس بولۇپ، زەئىپ ھەدىسنىڭ باش تەرىپىگە ياكى ئوتتۇرىغا ياكى ئاخىرىغا ھەدىستىن بولمىغان سۆزنى قىستۇرسا، ئايرىلىقنى ئايرىۋەتمىسە، بۇمۇ مۇدەررەج ھەدىس بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن دەپ ئاندىن تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار، چالا قالغان تاپانلارغا ئوتتىن ۋاي، مانا بۇ ئاخىرقى سۆز بولسا ھەدىس ئىدى. لېكىن، تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار دىگىنى ئۆزىنىڭ سۆزى بولۇپ، ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىلار، ئۇمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلغان. يەنە بىر مىسال: ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى

توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىدا تەھەننۇس دىگەن سۆزنى تەئەببۇد دەپ تەپسىرلەپ قويۇپ ماڭىدۇ. بۇ زوھەيرىنىڭ سۆزىدۇر.

بۇ خىل ھادىسىنىڭ سەۋەبى، شەرئى ھۆكۈمنىڭ بايان قىلىنىشى، ھۆكۈم چىقىرىلىشى، ھەدىسنىڭ ناتونۇش، يات لۇغەت مەنىسىنى ئىزاھلاپ بېرىش، تەپسىر قىلىپ بېرىش ياكى سۆزنى قىستۇرۇپ سېلىشتۇر. بۇ خىل ھادىسىنى ئالىملار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باشقا خاتىرلەرگە قاراپ ياكى تەكشۈرگۈچىلەر سۆزىگە تايىنىپ ياكى راۋىينىڭ ئىقرارىغا تايىنىپ ياكى ئۇ سۆزنىڭ ھەرگىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ تاپالايدۇ. دەلىل ـــ ئىسپاتسىز ھۆكۈم چىقارمايدۇ.

بارلىق مۇھەددىسلەر، فىقھشۇناس ئالىملار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىگە، يەنى ھەدىسكە، شەخسى سۆزنى قوشۇپ سۆزلەشنى ھارام، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس دەپ ئىجمائىقا كەلدى. ئەمما، يۇقىرقى زۇھەيرىنىڭ ھەدىسنىڭ يات سۆزلىكىنى تەپسىر قىلىپ بېرىشلىرى مۇستەسنادۇر. ئۇنى چۈشەندۈرۈۋېتىپ، ھەدىسنى داۋام قىلسا، دۇرۇس. بۇ خىل ھەدىس توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغداد بىلەن ئىبنى ھەجەر كىتاب يازغان. كىتاب ئىسمى مۇدەررەج ھەدىسلەرنى ئايرىشتۇر.

مەقلۇب ھەدىس، ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاشقان ئىسناد يوللىرىدا ياكى ھەدىس مەتنىلىرىدە ئالماشتۇرۇش يۈز بەرسە، مەقلۇب دىيىلىدۇ. مەسىلە:

كەئبە ئىبنى مۇررەت دىگەن راۋىينى مۇررەت ئىبنى كەئبە دەپ ئالماشتۇرغاندەك، ياكى، سالىمدىن دىگەننى نافىئدىن دىگەندەك، سەدىقىنى شۇنداق مەخپى قىلىدۇكى، ئوڭ قولى چىقىم قىلغان، خىراجەت قىلغان نەرسىنى سول قولى بىلمەيدۇ دىگەننى سول قولى خىراجەت قىلغان نەپىقىنى ئوڭ قولى بىلمەيدۇ دەپ يۆتكىۋەتكەندەك. بۇ خىل ھەدىسنىڭ سەۋەبى، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش، ھەيران قالدۇرۇش، سىناپ كۆرۈش، خاتالىشىش، مەخسەتسىز غەلەت سۆزلىۋېتىشلەردۇر. بۇ قىلمىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھەدىسنى ئۆزگەرتكەنلىك بولىدۇ، ھەدىس توقۇغۇچى كاززاپلارنىڭ ئىشىدۇر. بۇ خىل مەقلۇب ھەدىس، زەئىپ، قاتتىق زەئىپ بولۇپ، رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل قىلىنمايدۇ، بۇ توغرىسىدا خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ كىتابى بار.

ئىسناد يولىدىكى زىيادىلىق، ئۇ بولسىمۇ بىرەر راۋى قوشۇلۇپ قالىدۇ. ئادىل، ئىشەنچلىك، تەقۋا، كاتىپ راۋىيلار تىلغا ئالمىغان راۋىيلارنى تىلغا ئېلىپ سۆزلىسە، مانا بۇ خىلاپلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى مۇنقەتئ، ئۈزۈلك، زەئىپ بولۇپ رەت قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىلىقمۇ يەنىلا خەتىيبۇلبەغداد دىگەن ئالىم، ئىسناد يولىدىكى زىيادىلىقنى ئايرىش دىگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.

مۇزتەرىيپ ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس كۈچ ـــ قۇۋۋىتى باراۋەر بولغان خىلمۇ ـــ خىل يوللاردىن خاتىرلەنگەن ھەدىستۇر، بىر ـــ بىرىگە زىت، مۇخالىپتۇر. ئىككى ھەدىس ئارىسىنى ياكى ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئارىسىنى قەتئىي بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ياراشتۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇزتەرىپ بولمايدۇ، كۈچلۈكرەككە ئەمەل قىلىنىدۇ. بىرلا ھەدىسنى بەزىسى مەرپۇئ ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۆلەپ سۆزلىسە، بەزىسى مۇرسەل ھالدا سۆزلەيدۇ، بەزىسى ئەبۇ بەكرىدىن دىسە، بەزىسى ئائىشەگە بەزىسى سەئىدگە دىسە، بەزىسى باشقىسىغا دەيدۇ. ياكى، ھەدىسنىڭ مەتنىسىنى بىرسى زاكاتتىن باشقىمۇ مالدا ھەق بار دېسە، يەنە بىرسى زاكاتتىن باشقا مالدا ھەق يوق دەپ خىلاپ، زىت سۆزلىۋېتىدۇ. تىرمىزى

ھەق بار دىگەننى خاتىرلىسە، ئىبنى ماجە ھەق يوق دىگەننى خاتىرلىگەن.(ئايەتتە، مالد،زاكاتتىن باشقا ھەق بار.ئۇبولسا ئىھسان، ھەدي،ياردەم.) مانا بۇ ھەدىس، مۇزتەرىيب بولۇپ، زەئىپ، رەت قىلىنىدۇ، ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر، مۇزتەرىيب بايانىدا دىگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەگەر ھەدىسنىڭ ئىسنادىدىكى راۋى ئىسمىنى باشقا تەلەپپۇز قىلىپ، ئۆزگەرتسە، مەسلەن: مۇزاھىمنى مۇراجىم دەپ ياكى ھەدىسنىڭ مەتنىسىدىكى لەۋزىنى ئۆزگەرتسە، ئىھتەجەرنى ئىھتەجەمەگە ئۆزگەرتسە، مەنىسى قاتتىق ئۆزگىرىدۇ. ياكى، سىتتەن دىگەن سۆزنى شەيئەن دىسە، ياكى، مەنىسىنى خاتا چۈشەنسە، مەسلەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنزەت دىگەن ھاسىغا قاراپ تۇرۇپ يەنى ئالدىغا سوتىر قىلىپ قويۇپ ناماز ئوقۇغان ھەدىسنى ئەنزەت دىگەن قەبىلىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ، بىزگە ناماز ئوقۇغان دەپ چۈشىنىۋالغاندەك، مانا بۇ خاتالىقلار زور قالايمىقانچىلىقنى، خاتالىقلارنى، ھەتتا راۋىيلارنىڭ ئادىللىقىغا دەخلى ــ تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ توغرىسىدا دارتقۇتنى تەسھىيب ناملىق كىتاب يازغان، خەتتابىيمۇ يازغان.

**ھەدىس شاز**، يەنى جۇمھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز قېلىپ، ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ھالدا ھەدىسنى سۆزلەش يەنى شۇ ھەدىس، ھەدىس شاز بولىدۇ. ھەدىسى مەقبۇل بولىدىغان كىشى مەسلەن: ئىبنى ماجە ئۆزىدىن ئەۋلاراق كىشىگە مەسلەن: بۇخارى، مۇسلىمغا خىلاپ، زىت ھەدىس سۆزلىۋىتىدۇ، بۇ شاز دىيىلىدۇ. بۇنداق خىلاپلىق، ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا، ئىسنادىدا يۈز بېرىدۇ ۋە شۇنداقلا ھەدىسنىڭ مەتنىسى، مەنىسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىغا خىلاپ، زىت ھالدا خاتىرلىگەن، سۆزلەنگەن، ھەرقانداق ھەدىس شاز، زەئىپ بولۇپ، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، ئەمەلمۇ قىلىنمايدۇ. خۇددى بىدئەتچى پاسىقلارنىڭ ھەدىسلىرى رەت قىلىنىپ، قوبۇل قىلىنمىغاندەك، جۇمھۇر ئالىملار بىدئەتچىنىڭ ھەدىسى رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ دىگەن. خۇددى ھازىرقى بىدئەتچىلەرنىڭ سۆزلىرى، ھۆكۈملىرى، قىلىقلىرى رەت قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى، ئۇلار قاتاردا يوق، مىيزانىدىمۇ يوق، قەلبىمىزدىغۇ ئەسلى يوق.

مەخسەتكە كەلسەك: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللانىڭ ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش قائىدە، قانۇن كۆرسەتمىلەر بار، بەلكى، ئۇنىڭدا بۇ كىتابىدىكىدىن قاتتىقراق ھۆكۈملەر مەۋجۇد، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زەئىپ ھەدىسنى قەتئىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىمىگەن، بىزمۇ دىگەن دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. ئەگەر زەئىپ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن دەپ ئېتىقات قىلالىساق، ئۇ چاغدا، ھەدىس زەئىپ بولماستىن سەھىھ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زەئىپ ھەدىسلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىڭلار، يۇقىردا دىيىلگەندەك، ئۇنىڭغابىرىلگەن ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىڭلار، يەنى زەئىپ ھەدىس توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرگە، ئۇ بولسىمۇ، رەت قىلىنىش، ھۆججەت قىلىنماسلىق، ئەمەل قىلىنماسلىق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىدى دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق، ئەقىدە ئەھكام، ھالال ــ ھارام مەسىلىلىرىگە يېقىن ئەكەلمەسلىك، قاتتىق زەئىپ بولمىسا، پەزىلەتلىك نەپلە ئەمەللەردە ئەمەل قىلسا بولا دىگەندەك، لېكىن، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا بۇ سەل قارىغانلىق دىگەن. مەن بۇ بىدئەتكە، خۇراپاتقا ئىشىك ئاچقانلىق، سۈيقەستكە يول قويغانلىق دەيمەن. بەزىلەر زەئىپ ھەدىس، كۆز قاراشىدىن ئىجتىھاددىن ياخشى

دەيدۇ. بەلكىم، ئۇلارنىڭ مەخسىدى مۇرسەل، مۇئەللەق بولغان زەئىپ ھەدىسلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل ھەدىسلەر كۈچلۈنۈپ، ھەسەن دەرىجىسگە كۆتۈرۈلىدۇ ــدە، ئەمەل قىلىنىدۇ، ھۆججەت بولالايدۇ.

ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا، كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇنداق دىگەن:

مەرپۇئ ھەدىس دىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزى، قىلىقى، جىم تۇرۇپ ئىقرار قىلىشى بىلەن مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر. مۇنداق دىگەن، مۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلىشاق، جىسىم تۇرغان ياكى بىز شۇ زاماندا مۇنداق قىلاتتۇق. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەن، بىلىپ توسمىغان دىگەندەك ھەدىسلەر. ساھابىلارنىڭ بۇ ئىش سۈننەت دىيىشى، ياكى بىز مۇنداق بۇيرۇلغان، بۇنىڭدىن چەكلەنگەن دىگەن سۆزى ياكى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەرپۇئ قىلىپ ئۆزى سۆزلەپ كېتىشى، ھۆكمەن مەرپۇئ دىيىلىدۇ.

ساھابىلارنىڭ ئۆزى ئۆز كۆز قارىشىدىن سۆزلىگەن، قىلغان ئىشى، تەپسىرلىرى ھەدىس مەۋقۇپ دېيىلىدۇ، بىر قىسىم تەپسىرلەر مەرپۇئلۇق ھۆكمىدە بولىدۇ.

تابىئىنلارنىڭ سۆزى، قىلىقى ھەدىس مەقتۇئ دىيىلىدۇ.

ساھابى دىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇسۇلمان ھالدا تاپقان، بىرلەشكەن، كۆرۈشكەن، مۆئمىن ھالدا كۆرۈپ ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر.

نەججاشىيدەك كۆرمەي تۇرۇپ، ئىمان كەلتۈرسە، ساھابە بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەمراھ بولالمىغان، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا دىگەن سۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دىگەن سۆزلەر ھەدىس بولىدۇ. مۇرتەد بولۇپ، ئىماندىن قايتىۋالغان كىشىلەر ساھابە ھېسابلانمايدۇ، ساھابىلەر تەخمىنەن 114000 دىن ئاشىدۇ، ھەممىسى ئادىل، ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكىنى بولسا، ئامىر ئىبنى ۋاسىلەت لەيسى بولۇپ، مەككىدە ھىجرىيە 110 ــ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، مەدىنىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابى مەھمۇد ئىبنى رەبىيئۇلئەنسارى، ھىجرىيە 99 ــ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شامدا ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 86 ــ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئابدۇللا ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيە 96 ــ يىلى ھىمسىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارى بەسرەدە ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 93 ــ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئەبۇ ھەنىيفە 13 ياشتا ئىدى. بەزىلەر ئەبۇ ھەنىيفە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن، تابىئىن دىيىشىدۇ، ئىمام مالىك رەھمەھۇللا بولسا،ئۇچاغدا بىر ياشتا ئىدى، چۈنكى ئۇ، ھىجرىيە 94 ــ يىلى تۇغۇلغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپارەز ھىجرىيە 87 ــ يىلى كۇپىدە ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە.

ئابدۇللا ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 89 ــ يىلى مىسىردا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاخىرقى ساھابە.

خۇلاسە كالام شۇكى، 110 ـ يىلدىن باشلاپ ساھابى قالمىغان، شۇ يىلى ئاخىرلاشقان، كىم ئۇندىن كيىن ساھابىلىق داۋاسى قىلسا، ياكى مەن ساھابىدىن ئاڭلىغان دېسە، ئۇ كاززاپ، يالغانچى ھېسابلىنىدۇ،خۇددى روتنى كاززاپەك، بۇنىڭغا سەھىي ھەدىس دەلىلدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن، 100 يىل توشقاندا، يەر يۈزىدە ھايات تۇرغان كىشىدىن بىرسىمۇ قالمايدۇ دىگەن. مۇسلىم خاتىرلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن، خىزىر ئەلەيھىسسالام ھايات دىگەنلەرگە قاتتىق رەددىيە بىرىلگەن، ۋە ئۇ توغرۇلۇق ھەدىسلەر يالغان دىگەن،

راۋىي ساھابىنى تىلغا ئالمىسا، ھەدىس ئىسنادى، يولى ئۈزۈلك، زەئىپ بولىدۇ.

ئەڭ كۆپ ھەدىس سۆزلىگەن ساھابىلەر.

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .5374

2. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .2630

3. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .2286

4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەدىسى .2210

5. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .1660

6. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .1540

7. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1170.

ھەدىسى ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىش، ھەمزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى خەلىپە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى ھەر ئىككى سەۋەب بۇلۇش ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى يىل كىيىنلا، شۇنداقلا مەشغۇللىقى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلىرى ناھايىتى ئازدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇچراشمىغان، كۆرۈشمىگەن كىشى مۇخزەرىم دىيىلىدۇ. ساھابە بىلەن تابىئىن ئارىسىدا تۇرىدۇ، بەلكى، چوڭ تابىئىنلار قاتارىدۇ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سانى40دىن ئاشىدۇ، ھەدىسلىرى مۇرسەل قاتارىسدا ھىسابلىنىدۇ.

تابىئىن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ھالدا، ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئەتبائ دىيىلىدۇ. تابىئىنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سانى ئېنىق ئەمەس، بۇلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللا، ئۇرۇۋەت ، ئەلقەمەت ، ئىبنى قەيسلار چوڭ، ھەسەن بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سيىرىين، مۇجاھىد ئىكرىمەت، قەتادە، شۇئبى، زۇھەيرى، ئەتائ، ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سالىم ئىبنى ئابدۇللائىبنى ئۆمەرلەر ئوتتۇرانجى تابىئىنلاردۇر. ئىبراھىم نەخئى يەنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شەيخى، ئەبۇ زەناد يەھيا ئىبنى سەئىدلەر كىچىك تابىئىنلار. ئەنە شۇلار سەلەپ سالىھلاردۇر. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر ئەقىدىسىدە ئىشەنچلىك ئادىل تەقۋادار كىشلەر، ۋەھى زامانىسغا يېقىن كىشلەردۇر. ئۇلارتائىپەتۇمەنسۇر دەپمۇئاتىلىدۇ. ھەدىسنى تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، نەسەپ، لەقەم، سۈپەت، ئىسىم، كىنايە، ۋەتەن، جاي، قەبىلىسىنى بىلىشدىن سىرت، مۇنداق تارىخلارنى بىلىشىڭىز شەرىت، ئاددى بىر مىسال:

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم63 يېشىدا ھىجرىيە 11 _ يىلى رەبىئولئەۋۋەلنىڭ 12 _ كۈنى دۈشەنبە، چاشكا ۋاختى بىلەن ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئوڭۇمدا، ئەمەلىيەتتە كۆردۈم دەپ ساھابىلىق داۋاسى قىلغان كىشى كازراپ، يالغانچى بولىدۇ.

2. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، 63 يېشدا، ھىجرىيە 13 ـ يىلى ۋاپات بولغان.
3. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 23 ـ يىلى ھەج ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.
4. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 35 ـ يىلى 82 ، يەنە بىر خاتىرىدە 90 يېشىدا شېھىد قىلىنغان.
5. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 40 ـ يىلى 63 يېشىدا رامىزان ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولغان.

ھەكىيم ئىبنى ھىزام، ھەسسان ئىبنى سابىتلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، 60 يىل جاھالىيەتتە، 60 يىل ئىسلامدا ياشاپ، 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئىككى ساھابە، ھىجرىيە 54 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 80 ـ 150 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 93ـ 179 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 150ـ 204 ۋاپات بولغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا، ھىجرىيە 164 ـ 241 ۋاپات بولغان.

بۇ تۆت ئىمامنىڭ تارىخىي تەپسىلاتى تۆت فىقھى كىتابلاردا بار.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى 194 ـ 256 ـ ھىجرىيە.

مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىيسابورى رەھمەھۇللا، 204 ـ 261 ـ ھىجرىيە.

ئەبۇ داۋۇد سەجىستانى رەھمەھۇللا 202 ـ 275 ـ ھىجرىيە.

ئەبۇ ئەيسا تىرمىزى رەھمەھۇللا 209 ـ 279 ـ ھىجرىيە.

ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب نەسەئى رەھمەھۇللا 2124 ـ 303 ـ ھىجرىيە.

ئىبنى ماجە قوزۋىينى رەھمەھۇللا 207 ـ 275 ـ ھىجرىيە

دارمىي رەھمەھۇللا 181 ـ 255 ـ ھىجرىيە، 75 ياش، سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان. بۇلار مۇھەددىسلەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان تارىخى، تەپسىلاتى تارىخ كىتابلىرىدا ھەدىس كىتابلىرىدا فىقھى كىتابلىردا مەۋجۇددۇر.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، ھەدىس كىتابلىرى توغرىسىدا مۇنداق دىگەن:

1. سەھىھۇلبۇخارى بۇ كىتابنى مۇھەددىس 16 يىل جەريانىدا ئىزدىنىپ كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، 600000 ھەدىستىن تاللاپ، ھەربىر سەھىھ ھەدىسنى، غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ يازغان، پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنى يازغاندۇر. كىتابى پۈتكەندە، ئۇنى ئىمام ئەھمەدكە، يەھيا ئىبنى مەئىين، ئەلى ئىبنى مەيدەنى ۋە باشقىلارغا سۇنغان، ئۇلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ دەپ ماختاپ، سەھىھ ئىكەنلىكىگە شاھىد، گۇۋاھچى بولغان. بارلىق ئالىملار، قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان، بۇ ئەھۋال ھەربىر زاماندا يۈز بەرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بىلەن زەھەبىي رەھمەھۇللا ۋە باشقىلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئېسىل، كاتتا، ئەۋزەل كىتابى دىگەن.

ئومۇمى ھەدىسى 7397 ، تەكرارنى ئېلىۋەتكەندە 2602 ھەدىس باردۇر. بۇ ھاپىز ئىبنى ھەجەرنىڭ تەھرىرلىشىدۇر. باشقىلار 4000 دىگەن. بەلكى ساھابىلار، تابىئىنلار سۆزلىرىمۇ باردۇر.

2. سەھىھۇلمۇسلىم ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان، ئىمام نەۋەۋى مەدھىيلەپ، ماختاپ سۆز يازغان، ۋە شەرھى يازغان، تەكرار بىلەن 7275 ، تەكرارسىز 4000 ھەدىس بار.

سەھىھ مۇسلىمنى  بارلىق ئالىملار سەھىھ دەپ ئىتتىپاقلا كەلگەن. بۇخارىدىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ياكى يېقىن تۇرىدۇ.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا : بۇخارى رەھمەھۇللا، سەھىيلىكتە ئۈستۈن بولسا، مۇسلىم سانائىتىنىڭ، تەسسىنپىنىڭ گۈزەل، ياخشىلىقىدا ئۈستۈن دېگەن ھەدىسلىرى ئوخشاشلا سەھىدۇر.

3. نەسەئى ئالدى بىلەن سۇنەنۇلكۇبرا دېگەن كىتابنى يېزىپ، سەھىھ ھەدىسنى شۇنداقلا، ئىللىتى بار ھەدىسلەرنى توپلىغان، كېيىن، بۇ كىتابنى قىسقارتىپ، مۇجتەبا، تاللانغان ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان، ئۆز نەزىرىدە سەھىھ دەپ قارىغان ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۇخارى، مۇسلىمدىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. زەئىپ ھەدىسلىرى ئىنتايىن ئازدۇر، قاتتىق تەكشۈرۈپ قاتتىق شەرت قويغاچقا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى، ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزى ھەدىسلىرىنى يازغان، نۇرغۇن كىشىلەردىن نەسەئى ھەزەر قىلغان. نەسەئىيدا تەكرار بىلەن قوشۇپ،5758 ھەدىس بار، بەزىلەر 5662 دېگەن. تەكرارسىز 2525 ھەدىس باردۇر. خۇلاسىسى 120، قىسقارتىلغىنى 2358 ھەدىستۇر.

4. ئەبۇ داۋۇد، 4800 ھەدىسنى 500000 ھەدىسدىن تاللىغان، مەخسۇس فىقھى ھۆكۈم ھەدىسلىرى باردۇر، سەھىھ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى يازغان، كۆپىنچىسى مەشھۇردۇر. ئىمام سۇيۇتى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ سالىھ دېگەن سۆزى ھۆججەت، دەلىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئېتىبار، ئىبرەت ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇ زەئىپ ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ سۆز قىلمىغان ھەدىسلەر ھەسەن،  دېگەن.

ئىبنى مۇندىھ دېگەن ئالىم، ئەبۇ داۋۇد بىرەر بابقا سەھىھ ھەدىسنى تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان، چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدا زەئىپ ھەدىس كۆز قاراشىدىن ياخشى ئىكەن دېگەن.

ئەبۇ داۋۇدتا پۈتۈنلەي فىقھى ھەدىسلىرى بولغاچقا، فىقھى ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە مەشھۇردۇر، ئۇ كىتابنى يېزىپ بولۇپ، ئىمام ئەھمەدكە سۇنىدۇ، ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللا، ياخشى دەپ باھا بېرىدۇ، كاتتا سانايدۇ، ئىبنى قەييۇممۇ مەدھىيلەيدۇ، بۇ كىتابتا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر باردۇر.

5. تىرمىزى بۇ مۇھەددىس كىتابىغا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان بولۇپ، ھەربىر ھەدىسنىڭ ئورنىنى ھۆكمىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ قويغان، كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىلەل ئىسىملىك مەزمۇن قويۇپ، نۇرغۇن پايدىلارنى يازغان، بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىنغاندۇر. ھىجاز، ئىراق، خاراسان ئەھلى بۇ كىتابنى ياخشى ساناپ مەدھىيلىگەن. ئىبنى رەجەب بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇنداق دېگەن، تىرمىزى كىتابىدا سەھىھ، ھەسەن، غەرىپ، مۇنكەر ھەدىسلەرنى يازغان. تىرمىزىدا 3891 ھەدىس بار، ئەھمەد شاكىر 3956 دېگەن. تەكرارسىز 3367 ھەدىس، خۇلاسىسى 90، قىسقارتىلغىنى 2549 ھەدىس.

6. ئىبنى ماجە، ئومۇمى ھەدىسى 4332، ئابدۇلباقى 4341 دېگەن. ئەئزەمى 4397 دېگەن، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا 4341 دېگەننى يازغان، تەكرارسىز 3978 ھەدىس بار. خۇلاسىسى 198، قىسقارتمىسى 3858 ھەدىس. بۇ كىتاب ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئالتىنجىسى، لېكىن، ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە تەنھا، يالغۇزلا خاتىرلىگەن، ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ، ھەتتا، مۇنكەر ئىكەنلىكى مەشھۇردۇر. ئەلبانى رەھمەھۇللا ئۇنىڭ948 ھەدىسنى زەئىپ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق

قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغان. ئىبنى ماجە 1339 ھەدىستە يالغۇز قالغان، تەنھا ئۆزىلا خاتىرلىگەن، دەل مۇشۇلاردا زەئىپ، مۇنكەر ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇ مەشھۇردۇر.

7. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللانىڭ مۇسنەد ناملىق ھەدىس كىتابى تەكرار بىلەن 40000 تەكرارسىز، 30000 ھەدىس بولۇپ، ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلىۋەتكەن. كومپيۇتېر پىلاستىنكىسىدا 27100 ھەدىس بار، تەكرارسىز 9339 ھەدىس بار دېيىلىدۇ، قىسقارتىلمىسى 7275 ھەدىس. مۇھەددىس بۇ ھەدىسلەرنى 75000 ھەدىسدىن تاللاپ يازغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، دىن، دۇنيالىقتا زور پايدىلىقتۇر، ھەربىر مەسىلىگە مەخسۇس ھەدىس يازغاندۇر.

ئالىملار بۇ كىتاب ئۈستىدە مۇنداق قارىدى.

1. بۇ كىتابدىكى بارلىق ھەدىسلەر ھۆججەت بولالايدۇ.

2. ئۇنداق ئەمەس، بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر بار ، بولۇپمۇ ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلغىنى كۆپىنچىسى زەئىپ، يالغان، ئىبنى جەۋزى 29 ھەدىسنى يالغان دىدى، ئىراقى ئۇنىڭ ئۈستىگە يانا توققۇز ھەدىسنى قوشۇپ، 38 يالغان ھەدىس بار دېيىلدى.

3. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىس بار بولسىمۇ، يالغان ھەدىس يوق دېدى. بۇ خىل كۆزقاراشقا ئىسلام پىشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، ئىمام زەھەبى، ئىبنى ھەجەر، ئىمام سۇيۇتىلار يۈرۈپ كەتتى، ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دىگەن، بۇ مۇسنەد كىتاب، ئەبۇ داۋۇددىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد ھەدىس خاتىرلىگەن، نۇرغۇن كىشىلەردىن ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللا يۈز ئۆرىگەن، قويغان شەرتلىرى، تەلەپلىرى قاتتىقتۇر، زەئىپ، ھەتتا يالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ زىيادە ئارتۇق قوشۇپ قويغىنىدا باردۇر، بۇنى ئىلمىسىز كىشىلەر ئەھمەدنىڭ ھەدىسى دەپ گۇمان قىلىپ قالغان دىگەن. بۇ كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلىغاندا، بۇ كىتابدا سەھىھ ھەدىسلەر بار، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار، لېكىن، بۇ زەئىپ ھەدىسلەر ھۆججەت بولالمايدۇ دېيىلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەسەن مەرتىۋىسگە كۆتۈرۈلىدۇ، خۇددى، ئىمام سۇيۇتى دىگەندەك، يالغانلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ زىيادىلىرىدە باردۇر.

بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر بىلەن ئىمام سۇيۇتى ئادۇكاتەك ئاقلاپ، يالغان دېيىلگەن، ھەدىسلىرىگە بىرمۇ بىر باھا بېرىپ، چۈشەنچە بەرگەن. بۇ كىتابنى يەتتە قىسىملىق قىلىپ، بابلاشتۇرۇپ، مۇندەرىجىلىك قىلىپ تۈزگەن، شەرھى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرەھمان، كىتاب ئىسمى، پەتھۇررەببانىدۇر.

8. دارمى سەھىھ كىتابلار قاتارىسىدا توققۇز كىتاب پروگراممىسىدا بار، ئومۇمى ھەدىسى 3367، تەكرارسىز 1668 ھەدىس باردۇر. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر بار بولۇپ، ئەمەل قىلىنىدۇ، زەئىپلىرى تەكشۈرۈلىدۇ، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا سەھىھ ھەدىسلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. مالىك مۇئەتتا، ئومۇمىي ھەدىسى 1891 ــ ھەدىس، بەزىلەر 1594 دىگەن، بىز ئەمدى، ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابلارغا بەرگەن باھاسىنى يازمىز. بۇ سۆزلەر جامىئۇسسەغىير ناملىق ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دىگەن، «ۋاپاتتى ھىجرىيە 911 ــ يىلى»

بۇخارى، مۇسلىم زادى سەھىھ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى، ئەبۇ ئەۋانە، ئىبنى سەكەن، مالىك مۇئەتتا، بۇلاردا سەھىھى ھەدىسلەر بار، لېكىن، ھاكىم مۇستەدرەككە سۆز قىلىندى، توغرا، بىز بۇ سۆزنى يۇقىردا يېزىپ بولدۇق،توتدەن بىرى زەئىپ ، 100 يالغان ھەدىس بار دېيىلگەن.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ زىيادىلىرى، ئابدۇرەززاقنىڭ كىتابى ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى ئەۋسەت، دارىقۇتنى، بەيەھقى قاتارلىق بۇ كىتابلاردا سەھىھ ھەدىسمۇ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ باردۇر، ئەھمەدنىڭ ئوغلىدىن باشقا ئۆزى چىقارغان ھەدىسلىرى مەقبۇل، قوبۇل قىلىندى، ھۆججەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى زەئىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دىگەن.

ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى جارۇد، دەيلىمى پىردەۋىس، ھاكىم تارىيخى، بىز يۇقىردا دىگەن ئەبۇ ئەيسا تىرمىزىدىن باشقا ھەكىيم تىرمىزىلار زەئىپتۇر دىگەن، مانا بۇ ئىمام سۇيۇتىنىڭ باھاسى.

## يالغان ھەدىس توغرىسىدا

### 1. يالغان ھەدىسنىڭ پەيدا بولۇشى

ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇشۇ ئىسلام دىنىغا قەدەر بارلىق دىنلار ئۆزگىرىپ يالغان سۆز، تۆھمەت، ئەپسانە، رىۋايەت، ھىكايىلەرگە توشۇپ كەتتى، يەھۇدىيلار، ناسارالار، دىن دۈشمەنلىرى مۇشۇ ئىسلام دىنىغىمۇ سۇيقەست قىلىشۋاتىدۇ، ئويدۇرما، يالغان، ئىسرائىلىيە ھىكايىلىرىنى قوشۇپ قويماقتا، ئاللاھ، بۇ توغرىسىدا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، تەۋرات، ئىنجىلنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزگەرتكەنلىكىنى، قوللىرى بىلەن يېزىپ بۇنى، ئاللاھ دىدى دەپ بۆھتان چاپلىغانلىقىنى سۆزلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر يەھۇدى بىللە بولسا، چوقۇم شۇ يەھۇدى، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ دىگەن. (ئىبنى كەسىر تەپسىرىدىن) ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇيقەستى بىر مۇسۇلمانغا شۇنداق بولسا، ئىسلام دىنىغا،ۋەبارلىق مۇسۇلمانلارغا قانداقتۇ ھە!

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىسلەردە مەندىن كېيىن ئوتتۇز كىشى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدۇ، تېخى تۆتى ئايال كىشى دىگەن. بۇ خىل ھادىسە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا يۈز بېرىپ، مۇسەيلىمە كاززاپ چىققان، ئەلۋەتتە،بۇ، يالغان ھەدىس، چوقۇم چىقىدۇ دىگەن بولىدۇ ــد ە،. يەنە كىمكى ماڭا مەن دىمىگەن سۆزنى بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىگەن، دەپ يالغان سۆزلىسە، دوۋزاخقا كىرىدۇ دىگەن. بۇ ھەدىس مۇتەپەقۇن ئەلەي، مۇتىۋاتىردۇر، يەنە كىمكى، ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسا، يەنىلا يالغان ھەدىسنى سۆزلىسە، ئۇمۇ توقۇپ چىققۇچىغا ئوخشاش، كاززاپ ھېسابلىنىدۇ، ئىككى كاززاپنىڭ بىرسى شۇ دىگەن، بۇ ھەدىس، ئەھمەد رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ «مۇسەد»تە بار. يەنە (نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار) دىگەن ھەدىس، سەھىھ، فىقھى ئالىملار، يالغان ھەدىسنى ئاڭلاپ تۇرۇپ رەددىيە بەرمىسە، جىم ئولتۇرسا، ئۇمۇ كاززاپ سانىلىدۇ. چۈنكى، شۇ كىشى سەۋەبلىك كىشىلەر شۇ ھەدىسنى ياكى يالغان پەتىۋانى راستكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ دىگەن.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولدى، ھەتتا، كىتابلىرىمۇ ئاشكارىلاندى، بىز يۇقىرىدا دىگەندەك بۇ قىلمىشنىڭ جىنايىتى ئېغىر، قەدىمقى ئىسلام خەلپىللىرى يالغان ھەدىس توقۇپ چىققۇچىنىڭ كاللىسنى ئالغان، ئۇنداق بولمىسا، بۇ دىن، بۇ چاغقىچە يوقىلاتتى، يالغان ھەدىس تۇقۇش قەتئى ھارام ئىشتۇر، دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدىغان ئىشتۇر، بولمىسا بىز بۇنچە ئاۋارە بولۇپ، خىزمەت ئىشلىمىگەن بولاتتۇق.

يالغان ھەدىس، ئىستىلاھدا «مەۋزۇئ» دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن بىر سۆزنى دېدى دېسە، ياكى قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدى دېسە، ئۇ يالغان ھەدىس توقۇغۇچى بولۇپ، جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىدا ئېغىر جىنايەت، قاتتىق ھارام ئىش، بۇنداق ھەدىسنى دېيىشمۇ، سۆزلەپ يۈرۈشمۇ دۇرۇس ئەمەس، پەقەت بىرگە ئۇخشاش ماۋۇ يالغان دەپ قويۇپ، ئاگاھلاندۇرۇرسا، يالغان دېگەن سۆزنى دېيىش، ئاشكارىلاش بىلەن ھەزەر قىلدۇرسا، خاتالىقدىن توسسا دۇرۇس، بولمىسا دەپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

ھازىر بىز نۇرغۇن بىدئەت، يالغان ھەدىسلەرنى دەپ قويساق، ئەمەل قىلىپ كېتىدىغان ئەخمەق كىشىلەر، نادان، جاھىل موللىلار مەۋجۇد، قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

يالغان ھەدىسلەر شۇ ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققۇچىنىڭ ئىقرارى بىلەن تونۇلىدۇ ياكى تارىخ ئارقىلىق تېپىۋالغىلى بولىدۇ، راۋى، تارىخنى، يىلنى، ماكانىنى سۆزلەيدۇ، ئەمەلىيەت ئۇنداق چىقماي قالىدۇ ــ دە، بىز شۇئان يالغاننى بايقايمىز. تارىخ مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ. ياكى راۋى ھەدىس سۆزلىگۈچى، مەزھەپ تەرەپبازى، باشقا يات ئەقىدە، پارتىيە، گورۇھ، مىللەت تەرەپبازى بولىدۇ ــدە، يالغان چىقىدۇ. ئالىملار ھەرخىل تەتقىق قىلىپ، ئايەتكە سەھىھ ھەدىسكە زىت مۇخالىپ بۇنداق يالغان سۆزلەرنى ئاسانلا بىلىۋالىدۇ، شۇڭا، مۇشۇنداق كىتابلار توپلاندى. (مۆئمىننىڭ قەلبى، پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ)ھېس بىلەن تونۇلىدۇ.

يالغان ھەدىس ئىسلام دىنىغا زور زىيان سالىدۇ، دىن ئاپىتى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ، ۋە رەسۇلۇللاھقا تۆھمەت، بۆھتان قىلىشدىنمۇ ئېغىر جىنايەت يوق، مۇسۇلمانلار ئالدىنىدۇ، خاتا ھۆكۈم،خاتا پەتىۋا بېرىلىپ، ھالال ــ ھارام،ھارام ـ ھالال قىلىنىدۇ، ئىختىلاپ، زىندىيەت، توقۇنۇشلار چىقىپ، ئاپەت يامرايدۇ، بۇنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس، ھەزەر قىلىڭ.

## 2.يالغان ھەدىسنىڭ مەيدانغا چىقىش سەۋەبلىرى

1. بەزىلەر، كىشىلەرنى ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش، ھارامدىن توسۇش، زاھىدلاشتۇرۇش، (سوپىزىم قاتارلىق سەۋەبلەردىن،) ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ يالغاندىن ھەدىس توقۇيدۇ، ياكى مۇبالىغە قىلىپ، راستنى يالغانغا ئايلاندۇرىدۇ، ياكى بىرەر ئېغىز سۆز قوشۇپ قويۇپ، بۇرمىلايدۇ، ساۋاب كۆتۈپ قىلدىم دەپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا، خۇددى، بەيزاۋىنىڭ ھەربىر سۈرە ئاخىردىكى يالغان ھەدىيسدەك، بۇ ھەدىسنى توقۇغۇچى، ئىقرار قىلىپ، مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ، فىقھىغا دۆم چۈشكىنىنى كۆرۈپ، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇسۇن دەپ توقۇپ چىققان دېگەن. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مەيسەرەت ئىبنى ئابدۇ رەببىھ بولۇپ، ئىبنى ھەببان «زۇئەپائ» دېگەن كىتابىدا سۆزلىگەن.

2. بەزىلەر مەزھەپ، پارتىيە، گورۇھ، سىياسەت سەۋەبىدىن يالغان ھەدىس توقۇپ چىققان، خۇددى، شىيئەلەر، ئەلى ئىنساننىڭ ياخشىسى دېگەندەك،باشقىلار ئەبۇ ھەنىيفە ئۈممەتىمنىڭ چىرىغى دېگەندەك.(بۇئىككى ھەدىس يالغان)

3. بەزىلەر، بولۇپمۇ دىنسىزلار، ئىسلام دىنىغا سۇيقەست قىلىپ، يالغاندىن ھەدىس توقۇپ چىققان، ھەتتا، تەپسىرگىمۇ قەس قىلغان، لۇغەتمۇ شۇ. خۇددى (مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ) دېگەن سەھىھ ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا لېكىن ئاللاھ خالىسا، دېگەندەك سۆزنى قىستۇرغاندەك، ئەقىدە، ئىبادەتتە نۇرغۇن بىدئەتنى پەيدا قىلىپ،

ئىسلام دىنىغا زور زىيان (ئاپەت) سالىدۇ. بۇلار، ھەردائىم مەۋجۇد، يەھۇدى، ناساراالار ۋە دىنسىزلارغا قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ھەرخىل پىتنە ــ پاساد بىلەن ئىددىيىنى، ئەقىدىنى بۇزۇش، شەيتانلاشتۇرۇش ھەرىكىتىگە دىققەت!.

4. يەنە بەزىلەر پادىشاھ، خەلىپىگە ئۇستاز، ئالىملارغا يېقىن بولۇشنى كۆزلەپ، ھەدىس توقۇيدۇ، كەپتەر ۋەقەسىدەك.

5. بەزىلەر بولۇپمۇ تارىخچىلار، قىسسىچىلەر، ھېكايە توقۇپ پۇل ــ مال تېپىپ، كەسىپ قىلىدىغانلار، يالغاندىن توقۇپ چىقىدۇ.

6. بەزىلەر شۆھرەت، يۈز ــ ئابرۇينى دەپ ياكى مەنمەنلىك بىلەن بىلىمدارلىق قىلىپ توقۇيدۇ، يەنە بەزىلەر نادانلىقدىن ھەدىسكە باشقا سۆزنى قىستۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەدىس دەپ سۆزلەپ يازغۇزىدۇ، ياكى يېزىۋالىدۇ. بەزىلەر، ھاكىمىيەت دىنسىز بولۇپ، ئۇلاردىن قورقۇپ، يالغان ــ ياۋىداق ھەدىس، ئەپسانە، ھېكايىلەرنى توقۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئازغىنە مائاشقا سېتىلىپ، جان باقار كوچىغا كىرىۋېلىپ، يالغاننى توقۇيدۇ، بەزىلەر جىنغا ئىشىنىپ يالغاننى توقۇيدۇ، بولۇپمۇ سوپىزىمدا يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئەپسانىلەر سامانىدەك كۆپ، ھەزەر قىلىڭ.

بەزى ئالىملار بىلىپ ــ بىلمەي سەۋەنلىكدىن تەپسىر كىتابلىرىغىمۇ يالغان ھەدىس، يالغان ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىللىرىنى كىرگۈزۈپ سالغان، مەسىلەن: سۈئىلەبىي، ۋاھىدى، زەمەخشەرى كەشىشاپىدا، بەيزاۋى، شەۋكانىلاردەك، ئالىملار ئۇنى ھازىر ئېنىقلاپ، رۇسلاپ، توغرىلاپ بولدى.

ئەڭ خەتەرلىكى: دىنسىزلاردىنمۇ بەكىرەك زىيان سېلىۋاتقان كىشى مۇنبەر ئۇستىدىكىلەر، دىنسىزنىڭ سۆزىنى كىشىلەر ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىسىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، نادان، تۈرلۈك مولللار مۇنبەر تۆپىدە، خۇتبىللىرىدە يالغان ھەدىسنى، ئەپسانە، ھېكايە، ئىسرائىلىيە توقۇلمىسنى ئوقۇسا، كىشىلەر قوبۇل قىلىپ كەتتى، ئۇنى توسقان ھەقىقەتچىلەر ھەرخىل بۆھتان، تۆھمەتكە قالدى. ئالللاھ ئەدىۋىنى بىرەر، يا ھىدايەت قىلار، ئامىن!!!

ئالللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

**3.يالغان ھەدىسلەر مەۋجۇد بولغان كىتابلار؛** بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك، مەسابىيھىدىمۇ زەئىپ ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ مەۋجۇد ئىكەن، ئۇنىدىن باشقا، دوررەتۇنناسىھىين، تەنبىھۇلغافلىيىن، دەقائىقۇلئەخبار، رابغوزى يازان قىسسەسۇل ئەنبىيائ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بىر قىسىم تەپسىر، جۇملىدىن كەلبىينىڭ تەپسىرى، سوپىزىملار تەپسىرى، كەششاپ ۋە باشقىلار.

ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائ دىگەن كىتابىدا زەئىپ ھەدىسلەر، ھەتتا ئەسلى يوق ھەدىسلەر مەۋجۇد، ئىبنى جەۋزى بۇ كىتابقا قارشى بىر كىتاب يازغان، يۇقىرىدا دىيىلگەن خوزائىيىنىڭ يالغان ھەدىسلىرى ئەربەئۇن ۋەدئانىيىيەت يەنى 40 ھەدىس ئىكەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەسىيەتلىرى نامىلىق ھەدىسلەر پۈتۈنلەي يالغان.

بۇ كىتابىدا نۇرغۇن سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇز ئەلىيغىلا ۋەسىيەت قىلغانمىش، بۇ يالغان، ئىمام سۇيۇتى «لالەئي» دىگەن كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ، زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەر بار كىتابدىن بىرسى ئىبنى ئەبى ددونيانىڭ كىتابى، (ھازىرمۇ بازارلاردا نۇرغۇن كىتابلار بار، سىھىر توغرىسىدا، سىرلار توغرىسىدا، خەزىنىنەتۇلئەسرار، چۈش تەبىرلىرىدەك) زەئىپ ھەدىسلەر مەۋجۇد دەپ قارالغان كىتابلاردىن ئۇقەيلى يالغۇز قالغان ھەدىسلەر، ئىبنى ئەدىينىڭ خەتىيبۇلبەغدادىنىڭ، ئىبنى ئەساكىرنىڭ تارىخى، دەيلەمىينىڭ، مۇسنەدۇلپىردەۋس دىگەن كىتابى، ھاكىم مۇستەدرەك بۇنىڭ 1/4 زەئىپ 100 يالغان ھەدىس بار، بۇ زەھەبىينىڭ سۆزى.، ئىبنى

جارۇدنىڭ كىتابى زەئىپ، بۇ دەلىل _ ئىسپاتلار، ئۇسەيمىيننىڭ مۇستەلىھۇلھەدىسدىن ئېلىندى. ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا ئەلەي: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ھەدىسلىرى.

رەجەبنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى، خىزىرنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا كەلگەن دىگىنى پۈتۈنلەي يالغان دىگەن (ئۆزىنىڭ كىتابىدىن) ئۇ ئاندىن يالغان ھەدىسلەرگە مىسال قىلىپ، بىر نەچچە ھەدىسلەرنى كەلتۈرىدۇ، مەسىلەن: ئەرەبلەرنى ئۈچ ئىشدىن ياخشى كۆرسەڭلار بولىدۇ. بىرىنچى، مەن ئەرەب، ئىككىنچى، قۇرئان ئەرەب تىلىدا، ئۈچىنچى، جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەب تىلى دىگەن ھەدىس، يالغان. ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەت دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھېلىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل دىگەن ھەدىسمۇ يالغان. ھوببولۋەتەن مىنەلئىمان يەنى ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش، ئىمان جۈملىسىدىن دىگەن ھەدىس يالغان. مانا شۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈپ، بۇلارنى يالغان دىگىنى،ئەللامە، ھەرىمەيىننىڭ ئۇستازى، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن ئىدى. دەلىل ئىسپاتى تولۇق، ئۇنىڭ ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتى كىتابىدىن يەنە مۇنداق سۆزلەر ئېلىندى، كىشلەرنى ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەشھۇر ئىماملىرىمىزدىن ئابدۇرەھمان ئىبنى جەۋزى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ (ۋاپاتى ھىجرىيە 597) «مەۋزۇئاتولكۇبرا» يەنى يالغان ھەدىسنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى ناملىق كىتابى.

ئىمام شەۋكانىنىڭ (ۋاپاتى 1250 _ يىلى ھىجرىيە

(يالغان ھەدىسلەردىكى يەنى توپلامنىڭ پايدىسى ناملىق)

ئىبنى ئىراقىينىڭ (ۋاپاتى 963 _ يىلى ھىجرىيە)

(يالغان ھەدىسدىن پاك شەرىئەتنى تازىلاش دىگەن ئەسرى قاتارلىق كىتابلاردا يالغان ھەدىسلەر توپلانغان دىگەن. ئۇسەيمىيننىڭ (ۋاپاتى 2001 _ يىلى مىلادىيە) دىيىشچە، يالغان ھەدىسنى توقۇغۇچىلارنىڭ مەشھۇرى، خەلىپە ئەبۇ جەئپەر مەنسۇر دارغا ئاسقان مۇھەممەد ئىبنى سەئىد دىگەن كىشى بو لىدۇ. بۇ كىشى مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، لېكىن ئاللاھ خالىسا كېلىدۇ دىگەن ھەدىسنى توقىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان. ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسھاق ئىبنى نەجىيھولمولتى، مەئمون ئىبنى ئەھمەد ھەرۋى، مۇھەممەد ئىبنى سائىبە كەلبىي، موغەيرەت ئىبنى سەئىد كوپىي، موقاتىل ئىبنى سۇلايمان، ۋاقىدى، ئىبنى ئەبى يەھيا قاتارلىقلار كاززاپ، ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەبلئەۋجائ دىگەن كىشنى (ئاباس خەلىپىلىكىدىكى بىر خەلىپە كاللىسنى ئالغان) ئۇسەيمىيىن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش خىل سەۋەبنى سۆزلەيدۇ. مىساللىرى كىتابىدا تەپسىلى يېزىلغان. ئىخۋانۇسسەپا دىگەن كىتابتىمۇ يالغان ھەدىسلەر بار ئىكەن. ئەبى نەستور رۇمىينىڭ، بەشەرنىڭ، نۇئەيم ئىبنى سالىمنىڭ، خەرراشنىڭ، ئەنەسدىن قىلغان ھەدىسلىرى، دىينارنىڭ ھەدىسلىرى، ئەبى ھەدبەتنىڭ مۇسنەدى، ئەنە سۇلبەسرنىڭ، سەمئانۇلمەھىدىينىڭ ھەدىسلىرى پۈتۈنلەي يالغاندۇر.

ئىمام سوغانى رەھمەھۇللا شۇنداق دىگەنكى: ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھنىڭ نامىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر خاتىرلەنگەن، ئەمەلىيەتتە بۇلار مۇقىم ئىسپاتلانمىغان.

«خۇتبەتۇلۋەدائ ئەن ئەبى دەردائ» يەنى (ساھابە ئەبى دەردائىنىڭ خوشلىشىش خۇتبىسى، نۇتۇقى) دىگەن كىتابمۇ يالغاندۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كاززاپلارنى ئۇسەيمىنىييندىن باشقا ئىبنى جەۋزىيمۇ بۇرۇنلا كىتابىدا ئۇلار كاززاپلار دىگەن.ئىمام، مۇھەددىس نەسەئى مۇنداق دىگەن: مەشھۇر يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلار تۆت بولۇپ:

1 ـ ئىبنى ئەبى يەھيا مەدىنىدە، 2 ـ ۋاقىدىي باغداتتا، 3 ـ مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان خاراساندا، 4 ـ مۇھەممەد ئىبنى سەئىيد (دارغا ئېسىلغان كىشى شۇ) شامدا.

دەيلىمىي مۇنداق دېگەن:

ئەبۇلپەزلنىڭ ئورۇس دېگەن كىتابى، بەكمۇ ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولمايدۇ، ھەدىسلىرى مۇنكەر دېگەن.

ئىمام زەھەبىي مۇنداق دېگەن:

ھەدىسلىرى ھۆججەت قىلىنمايدىغان، ئەمەلمۇ قىلىنمايدىغان نۇرغۇن كاززاپلار بار، ھەزەر قىلىڭلار.

ئەمدى بىز مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئازراق چۈشەنچە بىرىۋېتىپ ، ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز.

ئەسكەرتىش؛سەھىھ مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، ئۇزۇن ئىسنادلار تەرىك ئىتىلىپ،ئەڭ ئاخىرقى كىشى ساھابىلا تىلغا ئېلىنىدى.تەكرار ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرغىلا تەرجىمىسى قوشۇپ بىرىلگەن بىرىلدى.

## 1 ــــ باب وجوب الرواية عن الثقات وترك الكذابين، والتحذير من الكذب على رسول اللّهِ صلى الله عليه وسلم

**ئەڭ ئىشەنچلىك ئىئتىماتلىق كىشىلەردىن ھەدىس سۆزلەشنىڭ ۋاجىبلىقى، يالغانچى كاززاپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرىنى تەرىك ئېتىشنىڭ ۋاجىبلىقى، رەسۇلۇللاھ قا يالغان سۆزلەشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش توغرىسىدا**

وَاعْلَمْ، ــ وَفّقَكَ الله تَعَالَى ــ، أَنّ الْوَاجِبَ عَلَى كُلّ أَحَدٍ عَرَفَ التّمْيِيزَ بَيْنَ صَحِيحِ الرّوَايَاتِ وَسَقِيمِهَا. وَثِقَاتِ النّاقِلِينَ لَهَا، مِنَ الْمُتّهَمِينَ. أَنْ لاَ يَرْوِيَ مِنْهَا إِلاّ مَا عَرَفَ صِحّةَ مَخَارِجِهِ. وَالسّتَارَةَ فِي نَاقِلِيهِ. وَأَنْ يَتّقِيَ مِنْهَا مَا كَانَ مِنْهَا عَنْ أَهْلِ التّهَمِ وَالْمُعَانِدِينَ. مِنْ أَهْلِ الْبِدَعِ.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ۋە بىزلەرگە تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپىقىيەتلىك قىلىپ بەرسۇن، (ئىككى ئالەم بەخت ــسائادەت ئاتا قىلسۇن ئامىن!)شۇنى بىلىشىڭلار كىرەككى؛ ھەدىس رىۋايەتلىرىنىڭ سەھىھلىرى بىلەن زەئىپ ـ كېسەللىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنى بىلىش، ھەدىس نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەنلىرىدىن ئىشەنچلىكلىرىنى بىلىش ھەر بىر (مۇھەددىس)كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. ھەدىس رىۋايەتلىرىدىن(راۋىيلىرىدىن) پەقەت چىقىش ئورنى(ھەدىسنىڭ كېلىش مەنبەسى)سەھىھ بولغانلىرىنى، نەقىل قىلغۇچىللىرىنىڭ ھەرخىل ئەيىب ـ نوقسانلاردىن خالى بولۇپ ساقلانغانلىرىنى، (ئەڭ ئىشەنچلىكلىرىنى)رىۋايەت قىلىش لازىم. ھەدىس رىۋايەتلىرىنىڭ(راۋىيلىرىنىڭ) يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەنلىرىدىن،ھەقتىن بۇيۇن تاۋلىق قىلىدىغان دىنسىزلاردىن، بىدئەت ئەھلىدىن سۆزلەنگەنلىرىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىش لازىم.

وَالدّلِيلُ عَلَى أَنّ الّذِي قُلْنَا مِنْ هَذَا هُوَ اللاّزِمُ دُونَ مَا خَالَفَهُ قَوْلُ الله جَلّ ذِكْرُهُ: {يَا أَيّهَا الّذِينَ آمَنُوا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيّنُوا أَنْ تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ}. وَقَالَ جَلّ ثَنَاؤُهُ: {مِمّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشّهَدَاءِ}. وَقَالَ عَزّ وَجَلّ: {وَأَشْهِدُوا ذَوَيْ عَدْلٍ مِنْكُمْ}. فَدَلّ بِمَا ذَكَرْنَا مِنْ هَذِهِ الآيِ ــ أَنّ خَبَرَ الْفَاسِقِ سَاقِطٌ غَيْرُ مَقْبُولٍ، وَأَنّ شَهَادَةَ غَيْرِ الْعَدْلِ مَرْدُودَةٌ. وَالْخَبَرُ، وَإِنْ فَارَقَ مَعْنَاهُ مَعْنَى الشّهَادَةِ فِي بَعْضِ الْوُجُوهِ، فَقَدْ يَجْتَمِعَانِ فِي أَعْظَمِ مَعَانِيهِمَا. إِذْ كَانَ خَبَرُ الْفَاسِقِ غَيْرَ مَقْبُولٍ عِنْدَ أَهْلِ الْعِلْمِ. كَمَا

أنّ شَهادَتَهُ مَرْدُودَةٌ عِنْدَ جَمِيعِهِمْ. وَدَلّتِ السّنّةُ عَلَى نَفْيِ رِوَايَةِ الْمُنْكَرِ مِنَ الأَخْبَارِ، كَنَحْوِ دَلاَلَةِ الْقُرْآنِ عَلَى نَفْيِ خَبَرِ الْفَاسِقِ. وَهُوَ الأَثَرُ الْمَشْهُورُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ حَدّثَ عَنّي بِحَدِيثٍ يُرَى أَنّهُ كَذِبٌ فَهُوَ أَحَدُ الْكَاذِبِينَ».

1 ـ حدثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ أَيْضاً. حدثنا وَكِيعٌ، عَنْ شُعْبَةَ وَ سُفْيَانَ، عَنْ حَبِيبٍ، عَنْ مَيْمُونِ بْنِ أَبِي شَبِيبٍ، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَلِكَ.

سۆزىمىزنىڭ دەلىلى؛« ئى مۆئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.»(سۈرە ھۇجىرات 6 ـ )

«....... سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە ۋە دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ........» (سۈرە بەقەر282 ـ )

«ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى اللهدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ . »سۈرە تالاق 2 ـ ئايەت) يۇقىرقى ئايەتلەردىن؛ پاسىق كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرى قوبۇل قىلىنماستىن رەت قىلىنىدۇ، ئادىل ئەمەس كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ رەت قىلىنىدۇ، گەرچە خەۋەرنىڭ مەنىسى گۇۋاھلىقنىڭ مەنىسىدىن بەزى ـ بىر يوللاردا پەرىقلەنسىمۇ، بۇئىككىسى ئەڭ چوڭ مەنىلىرىدە بىرلىشەلەيدۇ،مەسىلەن؛ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەزلىدە پاسىق كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرى قوبۇل قىلىنماستىن رەت قىلىنىدۇ، خۇددى بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەزلىدە پاسىق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى رەت قىلىنغاندەك.(مانا بۇ ئىككىسىنىڭ چوڭ مەنىدە بىرلىشىشى). خۇددى قۇرئان كەرىم پاسىق كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى رەت قىلىشقا دالالەت قىلغاندەك، سۈننەت ھەدىسمۇ مۇنكەر خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلماسلىققا دالالەت قىلىدۇ:« سۈمرەت،مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەندىن بىر ھەدىسنى سۆزلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا سۆزلەۋەرسە، ئۇ ئىككى كاززابنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى يالغان ھەدىسنى توقۇپ چىققۇچى بىر كاززاپ بولسا، ئۇنى سۆزلىگۈچىمۇ يەنە بىر كاززاپ بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاقىۋىتى دوۋزاخ بولىدۇ، چۈنكى، مۇتىۋاتىر

ھەدىستە يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچى دوۋزاخقا كىرىدۇ دېيىلگەن. ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان، رەددىيە بەرمىگەن كىشىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى شۇ سەۋەبلىك يالغان ھەدىس راست گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ، باشقىلار ئىشىنىپ قالىدۇ، يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچىنىڭ، يالغان ھەدىسنى سۆزلىگۈچى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس، ئىقتىدا قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىدئەتچىدىن ئېغىرراق جىنايەتچى بولىدۇ. بىدئەتچىنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز دۇرۇس ئەمەس). يۇقىرقى ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە ، سەھىھ.

## 2 ـــــ باب تغليظ الكذب على رسول اللّهِ صلى الله عليه وسلم

### رەسۇلۇللاھ قا يالغان سۆزلەشنىڭ گۇناھى كەبىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا

2 ـــــ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا غُنْدَرٌ، عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ الْمثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ أَنّهُ سَمِعَ عَلِيّا ــ رَضِي اللّهُ عنه ــ يَخْطُبُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَكْذِبُوا عَلَيّ فَإِنّهُ مَنْ يَكْذِبْ عَلَيّ يَلِجِ النّارَ».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (مەن دېمىگەن نەرسىنى مېنى دېدى دەپ)ماڭا يالغان سۆزلىمەڭلار، ماڭا يالغاننى توقۇپ سۆزلىگەن كىشى، **چۇقۇم دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.**

3 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ، ـ يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ ـ، عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّهُ قَالَ: إِنّهُ لَيَمْنَعُنِي أَنْ أُحَدّثَكُمْ حَدِيثا كَثِيرا ــ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ تَعَمّدَ عَلَيّ كَذِبا فَلْيَتَبَوّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النّارِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سىلەرگە ئىنتايىن كۆپ ھەدىس سۆزلەپ بېرىشىمنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى توسۇپ قويىدۇ: كىم مەن دېمىگەن سۆزنى مېنى دېدى دەپ، ماڭا قەستەن يالغاننى توقۇپ چىقسا، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن. ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

4 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ أَبِي حَصِينٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ كَذَبَ عَلَيّ مُتَعَمّدا فَلْيَتَبَوّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النّارِ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا، مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، (يەنى يالغان ھەدىس سۆزلىسە) ئۇ ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ دېيىلگەن). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى سائىد، ئەبۇ مەسئۇد، بەزار، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى قانىئ، ھاكىم مەدخەلدە، ئۇقەيلى، ئىبنى جەۋزى، دارمى قاتارلىق 22 كىتاب، ئەنەس، زۇبەيىر، ئەبۇ ھۇرەيرە،

ئەلى، جابىر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى، ئىبنى مەسئۇد، خالىد ئىبنى ئەرخەت، زەيىد ئىبنى ئەرقەم، سەلەمەت، ئۇقبەت، مۇئاۋىيە، سائىب، سەلمان، خالىد خۇزائى، سۇھەيىب، تارىق، تەلھە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئۇتبەت، ئەرىس، ئەممار، ئىمران، ئەمرۇ ئىبنى ھەرىس، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ مۇسا، بەررائى، مۇئاز، نەبىيتە، ئەبۇ مەيمۇنە، ئەبۇرەمسە، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ راپىئ، ئۇممە ئەيمەن، سەلمان پارىسى، ئەبۇ ئۇمامە، راپىئئىبنى خەدىچە، يەزىيد، ئائىشە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيىد، ھۇزەيفە ئىبنى يەماني، ئوسمان، سەئىد ئىبنى زەيىد، ئۇسامە، بۇرەيدە، سەپىينە، ئەبۇ قەتادە، جۇندۇئ، سەئىد ئىبنى مىدھاس، ئابدۇللاھ ئىبنى زەغبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەففان، غەزۋان، ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ زەر، غاپىقى قاتارلىق 68 ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر. ئەڭ ئىشەنچىلىك ھەدىسدۇر. مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.

**5 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ عُبَيْدٍ. حَدّثَنَا عَلِيَ بْنِ رَبِيعَةَ قَالَ: أَتَيْتُ الْمَسْجِدَ. وَالْمُغِيرَةُ أَمِيرُ الْكُوفَةِ. قَالَ، فَقَالَ الْمُغِيرَةُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ كَذِبا عَلَيّ لَيْسَ كَكَذِبٍ عَلَىَ أَحَدٍ. فَمَنْ كَذَبَ عَلَيّ مُتَعَمّدا فَلْيَتَبَوّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النّارِ».**

كۇپىنىڭ ئەمىرى مۇغەيرەت، سەئىد ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ماڭا يالغان سۆزلەش، باشقا بىرەر كىشىگە يالغان سۆزلەشكە ئوخشاشمايدۇ، كىم مەن دىمىگەننى، مىنى دېدى دەپ ماڭا قەستەن يالغان سۆزلىسە، ئۇ ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، يەنى، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ، بەيھەقى، ئەبۇ يەئلامۇ توپلىغان، سەھىھ.بۇ مەنىدىكى ھەدىس بارلىق كىتابلاردا بار بولۇپ، مۇتىۋاتىردۇر.

**6 ـ** بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن ھەدىسنى كۆپ سۆزلەشدىن ھەزەر قىلىڭلار، مەن توغرىرىدا سۆز قىلماقچى بولغان كىشى ھەق، ھەقىقەتنى، راستنى دىسۇن، كىم ماڭا مەن دىمىگەننى دېدى دەپ تۆھمەت قىلى پ، يالغان سۆزلىسە، ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 3 ــــ باب النهي عن الحديث بكل ما سمع

### ئاڭلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن چەكلەش توغرىسىدا

**7 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ حَفْصِ بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَفَى بِالْمَرْءِ كَذِبا أَنْ يُحَدّثَ بِكُلّ مَا سَمِعَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك كۇپايىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭغا گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىكتۇر،كۇپايىدۇر.ئەبۇ داۋۇد،ھاكىم سەھەھ.

**8** ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**9 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ سُلَيْمَانَ التَّيْمِيِّ، عَنْ أَبِي عُثْمَانَ النَّهْدِيِّ قَالَ: قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ ـ رَضِيَ اللّهُ تَعَالَى عَنْهُ ـ: بِحَسْبِ الْمَرْءِ مِنَ الْكَذِبِ أَنْ يُحَدّثَ بِكُلّ مَا سَمِعَ.**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭ يالغانچى كىشى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك كۇپايىدۇر،دېگەن.

**10 ـ وحدّثني أَبُو الطَّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ قَالَ: أَخْبَرَنَا عَنِ ابْنِ وَهْبٍ، قَالَ: قَالَ لِي مَالِكٌ: إِعْلَمْ أَنَّهُ لَيْسَ يَسْلَمُ رَجُلٌ حَدّثَ بِكُلِّ مَا سَمِعَ. وَلاَ يَكُونُ إِمَاماً أَبَداً، وَهُوَ يُحَدّثُ بِكُلّ مَا سَمِعَ.**

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛شۇنى بىلىڭلاركى؛ ئاڭلىغانلىكى نەرسىسىنى سۆزلەپ يۈرگەن كىشى كامىل مۇسۇلمان بۇلالمايدۇ، (ئەيىب ـ نوقسانىدىنمۇ خالى بولمايدۇ)ئۇكىشى شۇ ھالىتىدە مەڭگۇ ئىمام بۇلالمايدۇ،دېگەن.

**11 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى قَالَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ قَالَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ أَبِي الأَحْوَصِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: بِحَسْبِ الْمَرْءِ مِنَ الْكَذِبِ أَنْ يُحَدّثَ بِكُلّ مَا سَمِعَ.**

ئابدۇ**الله** رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭ يالغانچى كىشى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك كۇپايىدۇر،دېگەن.

**12 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ مَهْدِيٍّ يَقُولُ: لاَ يَكُونُ الرّجُلُ إِمَاماً يُقْتَدَى بِهِ حَتّى يُمْسِكَ عَنْ بَعْضِ مَا سَمِعَ.**

ئابدۇررەھمان ئىبنى مەھدىي رەھ ؛ كىشى ئاڭلىغانلىكى نەرسىسىنىڭ بەزىسىنى(يەنى زەئىپ ـ يالغانلىرىنى) سۆزلەپ يۈرۈشتىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇتىۋالمىغىچە، ئىقتىدا قىلىنىدىغان ئىمام بۇلالمايدۇ،دېگەن.

**13 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، أَخْبَرَنَا عُمَرُ بْنُ عَلِيِّ بْنِ مُقَدّمٍ، عَنْ سُفْيَانَ بْنِ حُسَيْنٍ قَالَ: سَأَلَنِي إِيَاسُ بْنُ مُعَاوِيَةَ فَقَالَ: إِنّي أَرَاكَ قَدْ كَلِفْتَ بِعِلْمِ الْقُرْآنِ فَاقْرَأْ عَلَيّ سُورَةً، وَفَسّرْ حَتّى أَنْظُرَ فِيمَا عَلِمْتَ. قَالَ: فَفَعَلْتُ، فَقَالَ لِي: احْفَظْ عَلَيّ مَا أَقُولُ لَكَ، إِيّاكَ وَالشّنَاعَةَ فِي الْحَدِيثِ. فَإِنّهُ قَلّمَا حَمَلَهَا أَحَدٌ إِلاّ ذَلّ فِي نَفْسِهِ وَكُذّبَ فِي حَدِيثِهِ.**

سۇپيان ئىبنى ھۇسەين رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە مەندىن سوئال سوراپ؛ مەن سىنىڭ قۇرئان ئىلمىنى چىڭ تۇتۇپ يېتەرلىك ئالغانلىقىڭنى كۆردۈم، ماڭا بىر سۈرە ئۇقۇپ ئۇنى تەپسىر قىلىپ بەرگىن، مەن سەن بىلگەن ئىلىملەرگە قاراپ باقاي دېدى، مەن شۇنداق قىلدىم، ئاندىن ئۇماڭا؛ مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسلەرنى ياخشى يادلىغىن، قەبىھ ـ سەت سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى ئۇنداق كىشى ئۆزىنى خارلىغان بۇلىدۇ، ھاقارەتلىك بۇلۇپ قالىدۇ، سۆزلىرى ئىنكار قىلىنىدۇ،دېدى.

**14 ـ وحَدثني أَبُو الطّاهِرِ، وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي يُونسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بن عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قالَ: مَا أَنْتَ بِمُحَدّثٍ قَوْما حَدِيثا لاَ تَبْلُغُهُ عُقُولُهُمْ، إلاّ كَانَ لِبَعْضِهِمْ فِتْنَةً.**

ئابدۇ**الله** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى يەتمەيدىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەرمە، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە پىتنە ـ پاسادلار(يەنى ئېزىپ كېتىش) يۈز بېرىدۇ،دېگەن.

## 4 ـــــ باب النهي عن الرواية عن الضعفاء والاحتياط في تحمّلها

**زەئىپ راۋىيلاردىن رىۋايەت قىلىشتىن چەكلەش، زەئىپ ھەدىسلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا**

**15 ـ وحَدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ. قالَ حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ أَبِي أَيّوبَ. قالَ: حَدّثَنِي أَبُو هَانِىءٍ، عَنْ أَبِي عُثْمَانَ مُسْلِمِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ: «سَيَكُونُ فِي آخِرِ أُمّتِي أُنَاسٌ يُحَدّثُونَكُمْ مَا لَمْ تَسْمَعُوا أَنْتُمْ وَلاَ آبَاؤُكُمْ، فَإِيّاكُمْ وَإِيّاهُمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كەلگۈسىدە ئۇممىتىمنىڭ ئاخىرىدا مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىپ، سىلەرگە : سىلەرمۇ، ئاتا ــ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى، ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، (چۈنكى، ئۇلار يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچى، بىدئەتچى كاززاپلاردۇر) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**16 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حَرْمَلَةَ بْنِ عِمْرَانَ التّجِيبِيّ. قالَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهَبٍ. قالَ: حَدّثَنِي أَبُو شُرَيْحٍ [1] أَنّهُ سَمِعَ شَرَاحِيلَ بْنَ يَزِيدَ، يَقُولُ: أَخْبَرَنِي مُسْلِمُ بْنُ يَسَارٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَكُونُ فِي آخِرِ الزّمَانِ دَجّالُونَ كَذّابُونَ، يَأْتُونَكُمْ مِنَ الأَحَادِيثِ بِمَا لَمْ تَسْمَعُوا أَنْتُمْ وَلاَ آبَاؤُكُمْ، فَإِيّاكُمْ وَإِيّاهُمْ، لاَ يُضِلّونَكُمْ وَلاَ يَفْتِنُونَكُمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاخىر زاماندا نۇرغۇن كاززاپ، دەججاللار مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار سىلەرگە: سىلەرمۇ، ئاتا ــ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى، ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، سىلەر ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، باتىلنى ھەق قىلىپ كۆرسۈتۈپ پىتنە ــ پاسادقا تاشلىمىسۇن، (ھەزەر قىلساڭلار، ئۇنداق قىلالمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم.

**17 ـ وحَدّثني أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنِ الْمُسَيّبِ بْنِ رَافِعٍ، عَنْ عَامِرِ بْنِ عَبَدَةَ قالَ: قالَ عَبْدُ اللّهِ: إنّ الشّيْطَانَ لَيَتَمَثّلُ فِي صُورَةِ الرّجُلِ. فَيأْتِي الْقَوْمَ فَيُحَدّثُهُمْ بِالْحَدِيثِ مِنَ الْكَذِبِ. فَيتَفَرّقُونَ. فَيَقُولُ الرّجُلُ مِنْهُمْ: سَمِعْتُ رَجُلاً أَعْرِفُ وَجْهَهُ، وَلاَ أَدْرِي مَا اسْمُهُ، يُحَدّثُ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن: شەيتان ئىنساننىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ئۇلارغا يالغان سۆزدىن بىرنى قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار تارقاپ ، ئۇلاردىن بىركىشى؛ مەن بىركىشىنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇنى كۆرسەم، چىرايىنى تونۇيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن دەيدۇ.

**18 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قالَ: إنّ فِي الْبَحْرِ شَيَاطِينَ مَسْجُونَةً أَوْثَقَهَا سُلَيْمَانُ. يُوشِكُ أَنْ تَخْرُجَ فَتَقْرَأَ عَلَى النّاسِ قُرْآنا.**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ   مۇنداق دىگەن:ھەققەتەن دېڭىزدا كويزا ـ كىشەنلەر بىلەن قاماقلىق نۇرغۇن جىن ـ شەيتانلار باردۇر، ئۇلارنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام باغلاپ قويغاندۇر، كۆنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار چىقىپ، كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىشى مۇمكىن.(يەنى قۇرئاندىن ئەمەس نەرسىنى بۇ قۇرئان دەپ ئوقۇپ بېرىشى مۇمكىن).

19 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ، وَ سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ جَمِيعا، عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ سَعِيدٌ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ عَنْ هِشَامِ بْنِ حُجَيْرٍ، عَنْ طَاوُسٍ قَالَ: جَاءِ هَذَا إِلَى ابْنِ عَبّاسٍ (يَعْنِي بُشَيْرَ بْنَ كَعْبٍ) فَجَعَلَ يُحَدّثُهُ. فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَبّاسٍ: عُدْ لِحَدِيثِ كَذَا وَكَذَا. فَعَادَ لَهُ. ثُمّ حَدّثَهُ. فَقَالَ لَهُ: عُدْ لِحَدِيثِ كَذَا وَكَذَا. فَعَادَ لَهُ. فَقَالَ لَهُ. مَا أَدْرِي، أَعَرَفْتَ حَدِيثِي كُلّهُ وَأَنْكَرْتَ هَذَا؟ أَمْ أَنْكَرْتَ حَدِيثِي كُلّهُ وَعَرَفْتَ هَذَا؟ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَبّاسٍ: إِنّا كُنّا نُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذْ لَمْ يَكُنْ يُكْذَبُ عَلَيْهِ. فَلَمّا رَكِبَ النّاسُ الصّعْبَ وَالذّلُولَ، تَرَكْنَا الْحَدِيثَ عَنْهُ.

تائۇس  رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ بۇشەير ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭغا ھەدىس سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ پالانى ،پالانى ھەدىسنى قايتا ئوقۇغىنا دېدى، ئۇ قايتا ئوقۇپ بەردى، ئاندىن يەنە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ پالانى ،پالانى ھەدىسنى قايتا ئوقۇغىنا دېدى، ئۇ قايتا ئوقۇپ بەردى، ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ مەن بۇ ھەدىسنى بىلمەيمەن دېدى. بۇشەير؛ سەن مېنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىمنى ئېتراپ قىلىپ، پەقەت مۇشۇ ھەدىسىمنىلا ئىنكار قىلامسەن؟ ياكى سەن مېنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىمنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت مۇشۇ ھەدىسىمنىلا ئېتراپ قىلامسەن؟دېدى، ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛بىز پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنلا ھەدىس سۆزلەيتتۇق، چۈنكى ئۇ چاغلاردا  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغان سۆزلەنمەيتتى، ئاندىن كېيىن كىشىلەر مەدھىلىنىدىغان ۋە خارلىنىدىغان ياخشى ـ يامان يوللارغا مېڭىپ، مۇتەپەررىق بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس سۆزلەشنى تەرىك ئەتتۇق،دېدى.

20 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْد الرّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: إِنّمَا كُنّا نَحْفَظُ الْحَدِيثَ، وَالْحَدِيثُ يُحْفَظُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَمّا إِذْ رَكِبْتُمْ كُلّ صَعْبٍ وَذَلُولٍ، فَهَيْهَاتَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەققەتەن بىز ھەدىس يادا ئالاتتۇق، ھەدىسلەر پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنلا يادا ئېلىناتتى، ئەمما سىلەر مەدھىلىنىدىغان ۋە خارلىنىدىغان ياخشى ـ يامان يوللارغا مېڭىپ، مۇتەپەررىق بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنلا ھەدىس يادا ئېلىنىش بەكلا يىراقلاپ كەتتى،دېدى.

21 ـ وحدّثني  أَبُو أَيّوبَ سُلَيْمَانُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ الْغَيْلاَنِيّ: حَدّثَنَا أَبُو عَامِرٍ، يَعْنِي الْعَقَدِيّ. حَدّثَنَا رَبَاحٌ، عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ: جَاءَ  بُشَيْرٌ الْعَدَوِيّ إِلَى  ابْنِ عَبّاسٍ فَجَعَلَ يُحَدّثُ وَيَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَجَعَلَ ابْنُ عَبّاسٍ لاَ يَأْذَنُ لِحَدِيثِهِ وَلاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِ، فَقَالَ: يَا ابْنَ عَبّاسٍ! مَا لِي لاَ أَرَاكَ تَسْمَعُ لِحَدِيثِي؟ أُحَدّثُكَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَلاَ تَسْمَعُ. فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: إِنّا كُنّا مَرّةً إِذَا سَمِعْنَا رَجُلاً يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ــ ابْتَدَرَتْهُ أَبْصَارُنَا، وَأَصْغَيْنَا إِلَيْهِ بِآذَانِنَا، فَلَمّا رَكِبَ النّاسُ الصّعْبَ، وَالذّلُولَ، لَمْ نَأْخُذْ مِنَ النّاسِ إِلاّ مَا نَعْرِفُ.

مۇجاھىد رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ بۇشەير ، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەدىس سۆزلەپ بېرىشكە باشلاپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛.....دېدى. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ھەتتا قاراپمۇ قويمىدى، ئاندىن ئۇ؛ ئى ئىبنى ئاببباس! مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دەپ، رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋاتسام، سەن مېنىڭ ھەدىسلىرىمگە قۇلاق سالمايۋاتىسەنغۇ؟دېدى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىز بىر چاغلاردا بىرەر كىشىنىڭ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالساق، دەرھال كۆزلىرىمىز شۇ تەرەپكە ئالدىرايتتى، ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىپ قۇلاق سالاتتۇق، ئەمما كىشىلەر مەدھىلىنىدىغان ۋە خارلىنىدىغان ياخشى-يامان يوللارغا مېڭىپ، مۇتەپەررىق بۇلۇپ بۇلۇنۇپ كەتكەندە،بىز پەقەت ئۆزىمىز تۇنىيدىغان(قىسقىچە تەرجىمھالىنى ئوبدان بىلىدىغان)ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشلەرنىڭ ھەدىسلىرىنىلا ئالىدىغان بولدۇق دېدى.

22 ـ حدّثنا داوُدُ بْنُ عَمْرٍو الضّبّيّ: حَدّثَنَا نَافِعُ بْنُ عُمَرَ، عَنِ ابْنِ أبي مُلَيْكَةَ قالَ: كَتَبْتُ إلَى  ابْنِ عَبّاسٍ أسْأَلُهُ أنْ يَكْتُبَ لِي كِتَابا وَيُخْفِي عَنّي. فقالَ: وَلَدٌ نَاصِحٌ، أنَا أخْتَارُ لَهُ الأمُورَ اخْتِيَارا وَأخْفِي عَنْهُ. قالَ فدَعَا بقضَاءِ عَلِيّ. فجَعَلَ يَكْتُبُ مِنْهُ أشْيَاءَ. ويَمُرّ بِهِ الشّيْءُ، فيَقُولُ: وَاللهِ مَا قضَى بِهَذَا عَلِيّ. إلاّ أنْ يَكونَ ضَلّ.

ئىبنى ئەبۇمۇلەيكەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ماڭا لەيزى قىسقا، مەنىسى مول، ئۆزى ئىخچام ئەمما يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بىر كىتاپ يېزىپ بېرىشىنى سوراپ خەت يازدىم، ئۇ؛ ئىبنى ئەبۇمۇلەيكەت نەسىھەت قۇبۇل قىلىدىغان ھەم نەسىھەت قىلىدىغان ياخشى بالا ، مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ئىختىيار قىلدىم، مەن ئۇنىڭ تەلىپى بۇيىچە كۆپ سۆزلەپ كەتمەي، بەكلا ئاز ئەمما يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەت قىلىپ خەت يازىمەن دەپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قازىيلىق قىلغان ۋاقتىدىكى ھۆكۈملىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن نەرسە يېزىشقا باشلاپتۇ، ئاندىن ئۇ بىر نەرسىنى يېزىشقا تەمشىلىپ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنداق ھۆكۈم قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ بۇنداق ھۆكۈم قىلىپ قالسا، چوڭ ئازغان بۇلىدۇ دەپتۇ.

23 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ هِشَامِ بْنِ حُجَيْرٍ، عَنْ طَاوُسٍ قالَ: أتِيَ ابْنُ عَبّاسٍ بِكِتَابٍ فِيهِ قضَاءُ عَلِيّ ـ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ ـ فمَحَاهُ إلاّ قدْرَ. وَأشَارَ سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ بذِرَاعِهِ.

تائۇس   رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر كىتاپ كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قازىيلىق قىلغان ۋاقتىدىكى ھۆكۈملىرى بار ئىدى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئىشەنچىسىز دەپ قاراپ، ئۇنى بىر گەز مىقدارىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان بارلىق خەتلەرنى ئۆچۈرىۋەتتى.

24 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ عَلِيّ الْحُلْوَانِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَم: حَدّثَنَا ابْنُ إِدْرِيسَ، عَنِ الأَعْمَش، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: لَمّا أَحْدَثُوا تِلْكَ الأَشْيَاءَ بَعْدَ عَلِيّ ـ رضي اللّهِ عنه ـ قَالَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ عَلِيّ: قَاتَلَهُمُ اللهُ، أَيّ عِلْمٍ أَفْسَدُوا.

ئەبۇئىسھاق رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەشۇنۇرغۇن نەرسىلەرنى(يەنى يالغان ھەدىسلەرنى)سۆزلەپ كەتكەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىركىشى؛ ﷲ تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار نۇرغۇن ئىلىملەرنى پاسادلاشتۇرۇپ بۇزىۋەتتى دېدى.(يەنى ھەق بىلەن باتىلنى ئارلاشتۇرۇپ، يالغان ھەدىس توقۇپ چىقىپ، نۇرغۇن سەھىھ ئىلىملەرگە سەلبى تەسىر كۆرسەتتى)

25 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ خَشْرَم: أَخْبَرَنَا أَبُو بَكْرٍ ـ يَعْنِي ـ ابْنَ عَيّاشٍ قَالَ: سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ يَقُولُ: لَمْ يَكُنْ يَصْدُقُ عَلَى عَلِيّ ـ رضي اللّهِ عَنْهُ ـ فِي الْحَدِيثِ عَنْهُ، إِلاّ مِنْ أَصْحَابِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ.

ئىبنى ئەياش مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇغىيرەدىن؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەردىن پەقەت ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن سۆزلەنگەنلىرىگىلا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

## 5 ـــــ باب بيان أن الإسنادَ من الدين، وأن الرواية لا تكون إلا عن الثقات، وأن جرح الرواة بما هو فيهم جائز، بل واجب. وأنه ليس من الغيبة المحرّمة، بل من الذبّ عن الشريعة المكرّمة

**ھەدىسلەرنى يازغان كاتىبلار بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىسناد يولى دىننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ھەدىس رىۋايەت قىلىش پەقەت ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشىلەردىنلا بولىدۇ، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنى تەكشۈرۈپ،تەتقىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى بايان قىلىش، (شۇئارقىلىق ھەدىسلەرنى سەھىھ، ھەسەن، زەئىپلەرگە ئايرىش)دۇرۇستۇر، بۇئىش دۇرۇس بولۇپلا قالماستىن بەلكى ۋاجىپتۇر، بۇخىل تەكشۈرۈش شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان غەيبەت بولماستىن بەلكىنەسىھەت، ئۇلۇغ شەرىئەتنى قوغداپ مۇداپىئە قىلغانلىقتۇر،دېگەن توغرىسىدا**

26 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ أَيّوبَ وَهِشَامٍ، عَنْ مُحَمّدٍ. وَحَدّثَنَا فُضَيْلٌ. عَنْ هِشَامٍ. قَالَ وَحَدّثَنَا مَخْلَدُ بْنُ حُسَيْنٍ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ قَالَ: إِنّ هَذَا الْعِلْمَ دِينٌ. فَانْظُرُوا عَمّنْ تَأْخُذُونَ دِينَكُمْ.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن رەھ مۇنداق دېگەن؛ ھەققەتەن بۇ ئىلىم دېگەن دىن دىمەكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر دىنىڭلارنى كىمدىن ئالغانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار.(يەنى تەۋھىد ـ ئەقىيدە،ھەدىس ـ تەپسىر،پىقھى ئىلىملىرىنى تەقۋادار،ئەڭ ئىشەنچىلىك دىندار كىشىلەردىن ئېلىڭلار)

27 ـ حدّثنا أَبُو جَعْفَرٍ مُحَمّدُ بْنُ الصّبّاحِ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ زَكَرِيّاءَ، عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ: لم يَكُونُوا يَسْأَلُونَ عَنِ الإِسْنَادِ. فَلَمّا وَقَعَتِ الْفِتْنَةُ، قَالُوا: سَمّوا لَنَا رِجَالَكُمْ. فَيُنْظَرُ إِلَى أَهْلِ السّنّةِ فَيُؤْخَذُ حَدِيثُهُمْ، وَيُنْظَرُ إِلَى أَهْلِ الْبِدَعِ فَلاَ يُؤْخَذُ حَدِيثُهُمْ.

مۇھەممەد ئىبنى سىرىن رەھ مۇنداق دېگەن؛ئۇلار دەسلەپتە ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى(يەنى كىم ـ كىملەردىن كەلگەن مەنبە يوللىرى توغرىسىدىن) سورمايتتى، پىتنە ـ پاسادلار يۈزبەرگەن چاغدا، ئاندىن كېيىن ئۇلار؛ بىزگە

بۇھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنى ئەيتىپ بىرىڭلار،(كىم ـ كىملەردىن كەلگەنلىكىنى،شەيخ،راۋىيلىرىڭلارنى دەپ بىرىڭلار) دەيدىغان بولدى، سۈننەت ئەھلىگە قارىلىپ،(ئەھلى ـ سۈننى ۋە لجامائەلەرنىڭ)ھەدىسلىرى قوبۇل قىلىنىپ ئېلىندى، بىدئەت ئەھلىگە قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرى قوبۇل قىلىنماي تەرىك ئېتىلدى.

28 ـ حدّثنا إسْحاقُ بْنُ إبراهيمَ الحنْظلِيّ: أخْبَرَنَا عِيسىَ، وَهُوَ ابْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا الأوْزَاعِيّ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ مُوسىَ [1] قالَ، لَقِيتُ طَاوُسا فقُلْتُ: حَدّثنِي فُلاَنٌ كَيْتَ وكَيْتَ. قالَ: إنْ كَانَ صَاحِبُكَ مَلِيّا فخذْ عَنْهُ.

سۇلەيمان ئىبنى مۇسا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تائۇسقا ئۇچراپ قېلىپ؛ ماڭا پالانى مۇنداق ـ مۇنداق ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەردى دىسەم، ئۇماڭا؛ ئەگەر ئەشۇ قېرىندىشىڭ ھەدىسلەرنى پۇختا يادا ئالىدىغان ئىشەنچىلىك كىشى بولسا، ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئالغىن.(ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭدىن ھەدىس ئالمىغىن)دېدى.

29 ـ بۇ ئەسەر يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

30 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيّ الْجهْضَمِيّ: حَدّثَنَا الأصْمَعِيّ، عَنِ ابْنِ أبِي الزّنَادِ، عَنْ أبيهِ قالَ: أدْرَكْتُ بالْمَدِينَةِ مِائَةَ كُلّهُمْ مَأمُونٌ. مَا يُؤْخَذُ عَنْهُمُ الحَدِيثُ. يُقالُ: لَيْسَ مِنْ أهْلِهِ.

ئەبۇزەناد رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەدىنىندە 100 كىشىنى تاپتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچىلىك ئىدى، لېكىن ئۇلاردىن ھەدىس قوبۇل قىلىنىپ ئېلىنمايتتى، ئۇلارنى ھەدىس ئەھلىدىن ئەمەس دېيىلەتتى.

31 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ أبِي عُمرَ الْمكّيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثنِي أبُو بَكْرِ بنُ خَلاّدٍ الْبَاهِلِيّ. وَاللّفْظُ لَهُ. قالَ: سَمِعْتُ سُفْيَانَ بْنَ عُيَيْنَةَ، عَنْ مِسْعَرٍ. قالَ: سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ إبْرَاهِيمَ يَقُولُ: لاَ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلاّ الثّقاتُ.

سەئىد ئىبنى ئىبراھىيم رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەقەت ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشلەرلا ھەدىس سۆزلىيەلەيدۇ(ئۇلاردىن باشقىلار ھەدىس سۆزلىيەلمەيدۇ)

32 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ. ـ مِنْ أهْلِ مرْوَ ـ. قالَ: سَمِعْتُ عَبْدَانَ بْنَ عُثْمَانَ يَقُولُ: سَمِعْتَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ الْمُبَارَكِ: يَقُولُ: الإسْنَادُ مِنَ الدّين، ولَوْلاَ الإسْنَادُ لَقالَ مَنْ شَاءَ مَا شَاءَ.

ئابدۇللە ئىبنى مۇبارەك رەھمەھۇللە مۇنداق دەيدۇ؛ ھەدىسلەرنى يازغان كاتىبلار بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىسناد يولى دىنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەگەر ھەدىسنىڭ ئىسناد يولى بولمىغان بولسا، خالىغان كىشلەر ئۆزلىرى خالىغان نەرسلەرنى دەپ كىتەتتى.

وَقالَ مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثنِي الْعَبّاسُ بْنُ أبِي رزْمةَ قالَ: سَمِعْتُ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقومِ الْقَوائِمُ. يَعْنِي الإسْنَادَ .
وقالَ مُحمّدٌ: سَمِعْتُ أبَا إسْحَقَ إبْرَاهِيمَ بْنَ عِيسَى الطّالَقَانِيّ [1] قالَ: قُلْتُ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ الْمُبَارَكِ، يَا أبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ! الْحدِيثُ الّذِي جَاءَ: «إنّ مِنَ الْبِرّ بَعْدَ الْبِرّ، أنْ تُصَلّيَ لأبَوَيْكَ مَعَ صَلاَتِكَ، وتَصُومَ لَهُمَا مَعَ صَوْمِكَ» قالَ فقالَ عَبْدُ اللّهِ: يَا أبَا إسْحَقَ عَمّنْ هَذَا؟ قالَ قُلْتُ لَهُ: هَذَا مِنْ حَدِيثِ شِهَابِ بْنِ خِرَاشٍ. فقالَ: ثِقةٌ. عَمّنْ؟ قالَ قُلْتُ: عَنِ الْحجّاجِ بْنِ دِينَارٍ. قالَ: ثِقةٌ. عَمّنْ؟ قالَ قُلْتُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: يَا أبَا إسْحَقَ! إنّ بَيْنَ الْحَجّاجِ بْنِ دِينَارٍ، وَبَيْنَ النّبِي صلى الله عليه وسلم مَفَاوِزَ، تَنْقطِعُ فِيهَا أعْنَاقُ الْمَطِيّ، ولَكِنْ لَيْسَ فِي الصّدَقةِ اخْتِلاَفٌ. وَقالَ مُحمّدٌ: سَمِعْتُ عَلِيّ بْنَ شَقِيقٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَبْدِ اللّهِ بْنَ الْمُبَارَكِ يَقُولُ عَلَى رُؤُوسِ النّاسِ: دَعُوا حَدِيثَ عَمْرِو بْنِ ثَابِتٍ فَإنّهُ كَانَ يَسُبّ السّلَفَ.

ئابدۇﷲ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دېگەن: بىز بىلەن ھەدىس قەۋملىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسناد يولىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم تۈۋرۈكلەر باردۇر.ئىبراھىيم مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئابدۇﷲ ئىبنى مۇبارەككە؛ ئى ئەبۇئابدۇررەھمان! «ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن نامىزىڭغاقوشۇپ ناماز ئوقۇپ قويۇشۇڭ، روزاڭغا قوشۇپ روزا تۇتۇپ قويۇشۇڭ، ياخشىلىق قىلغاندىن كېيىن يەنە ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ»دىگەن ھەدىس قانداق ھەدىس؟دىسەم، ئۇماڭا؛ ئى ئەبائىسھاق! بۇ ھەدىس كىمدىن سۆزلىنىپتۇ؟دېدى، مەن؛ بۇ شىھابنىڭ ھەدىسى دىسەم، ئۇ؛ شىھاب ئىشەنچىلىك كىشى، ئۇ كىمدىن سۆزلەپتۇ؟دېدى، مەن؛ ئۇ ھەججاج ئىبنى دىيناردىن سۆزلەپتۇ دىسەم، ئۇ؛ ئۇمۇ ئىشەنچىلىك كىشىدۇر، ئاندىن ئۇ كىمدىن سۆزلەپتۇ؟دېدى، مەن؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن دەپ سۆزلەپتۇ دىسەم، ئۇ؛ ؛ ئى ئەبائىسھاق! ھەججاج ئىبنى دىينار بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارلىقىدا شۇنداق كەڭ بىپايان چۆل زىمىن باركى، بۇ چۆل باياۋاننى ئۈزۈپ ئۆتكىچە تۆگىلەرنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ كىتىدۇ(يەنى ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ ھەدىسنى قانداقمۇ دەلىل ـ ئىسپات قىلغىلى بولسۇن؟)لېكىن سەدىقىنىڭ ساۋابى مېيىتكە يېتىپ بارىدۇ دىگەندە ئىختىلاپ يوقتۇر دېدى. ئابدۇﷲ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇﷲ يەنە كىشىلەر كۆپ يىغىلغان بىر مەيداندامۇنداق دېگەن؛ ئەمرۇئىبنى سابىتنىڭ ھەدىسلىرىنى تەرىك ئېتىڭلار، چۈنكى ئۇ سەلەپ سالىھلەرنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ.

قاسىم رەھ ؛ ئىلىمسىز سۆز قىلىشىم، ئىشەنچىسىز كىشىدىن ھەدىس ئېلىشىم ئەڭ قەبىھ ئىشتۇر دېگەن.

ئالىملار؛ھەدىس ھەققىدە ئىشىنچىسىز كىشىنى، باشقىلار سورغاندىمۇ بۇئىشەنچىسىز كىشىدۇر دەۋەرگىن دېدى.

ئالىملار ؛ شەھرەن دېگەن راۋيىنى ئىشەنچىسىز دەپ قارىدى.

ئىبنى مۇبارەك بىلەن شۆئبەت ؛ ئەبباد ئىبنى كەسىردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار دېدى.

قەستەن يالغان سۆز قىلىمىسىمۇ، تىلىدا يالغان سۆز جارى بولۇپ تۇرىدىغان كىشىدىنمۇ ھەزەر قىلىش لازىم.

ئىبراھىيم؛ مۇغەيرەئىبنى سەئىيد بىلەن ئەبائابدۇررەھيمدىن ھەزەر قىلىڭلار،چۈنكى ئۇلار كاززابتۇر دېدى.

ئەباجەئپەر دىگەن كىشى نۇرغۇن ھەق سۆزلەرنى قىلىپ، بۇنى رەسۇلۇﷲ دىگەن دەپ سۆزلۇۋىتىدىكەن.

ئەمرۇئىبنى ئۇبەيدە يالغان ھەدىس سۆزلەيدىكەن..........................

33 ـ حدّثني عَمْرُو بْنُ عَلِيّ أَبُو حَفْصٍ. قالَ: سَمِعْتُ مُعَاذَ بْنُ مُعَاذٍ يَقُولُ: قُلْتُ لِعَوْفِ بْنِ أَبِي جَمِيلَةَ: إنّ عَمْرو بْنَ عُبَيْدٍ حَدّثَنَا عَنِ الْحَسَنِ[1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ حَمَلَ عَلَيْنَا السّلاَحَ فَلَيْسَ مِنّا» قالَ: كَذَبَ، وَاللّهِ! عُمْرو. وَلَكِنّهُ أَرَادَ أَنْ يَحُوزَهَا إِلَى قَوْلِهِ الْخَبِيثِ.

مۇئازئىبنى مۇئاز رەھىمەھۇللاھ  مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەۋۇف ئىبنى جەمىيلەگە؛ ھەققەتەن ئەمرۇئىبنى ئۇبەيدە بىزگە ھەسەن بەسەرىيدىن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ«كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس»دېگەن ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى دېسەم، ئۇماڭا؛ اللہ بىلەن قەسەمكى، ئەمرۇ يالغان سۆزلەپتۇ، لېكىن ئۇ بۇھەدىسنى (ۋە مۇشۇ ئىسنادنى)نىجىس سۆزىگە قوشۇۋىلىشنى ئىرادە قىلىپتۇ دېدى.

**34 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوارِيرِيّ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ قالَ: كَانَ رَجُلٌ قَدْ لَزِمَ أَيّوبَ وَسَمِعَ مِنهُ. فَفَقَدَهُ أَيّوبُ. فَقالُوا: يَا أَبَا بَكْرٍ إِنّهُ قَدْ لَزِمَ عَمْرَو بْنَ عُبَيْدٍ. قالَ حَمّادٌ: فَبَيْنَا أَنَا يَوْما مَعَ أَيّوبَ وَقَدْ بَكّرْنَا إِلَى السّوق. فَاسْتَقْبَلَهُ الرّجُلُ. فَسَلّمَ عَلَيْهِ أَيّوبُ وَسَأَلَهُ. ثُمّ قالَ لَهُ أَيّوبُ: بَلَغَنِي أَنّكَ لَزِمْتَ ذَاكَ الرّجُلَ. قالَ حَمّادٌ: سَمّاهُ، يَعْنِي عَمْرا؟ قالَ: نَعَمْ. يَا أَبَا بَكْرٍ إِنّهُ يَجِيئُنَا بَاشْيَاءَ غَرَائِبَ. قالَ: يَقُولُ لَهُ أَيّوبُ: إِنّمَا نَفِرّ أَوْ نَفْرَق مِنْ تِلْكَ الْغَرَائِبِ.**

ھەممادئىبنى زەيد رەھىمەھۇللاھ  مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى ئىلىم ئېلىشتا دائىم ئەييۇب  رەھ نى لازىم تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس ئاڭلايتتى، بىر كۈنى ئەييۇب ئۇكىشىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئۇنى سوراۋشتە قىلىۋىدى، ئۇلار؛ ئى بەكرىنىڭ دادىسى! ئۇكىشى ئەمرۇئىبنى ئۇبەيدەگە ھەمراھ بولۇدىكەن دېدى، بىر كۈنى مەن ئەييۇب بىلەن بىللە ئەتىگەندە بازارغا ماڭغان ئىدىم، ئۇنىڭغا ھېلىقى كىشى ئۇچراشتى، ئەييۇب ئۇنىڭغا سالام قىلىپ ئەھۋال سوردى، ئاندىن ئۇكىشىگە؛ ماڭا سىنىڭ ئەمرۇ دېگەن كىشىگە ھەمراھ بولۇپ،ئۇنىڭدىن ئىلىم ئېلىشىڭ يېتىپ قالدى، بۇراستمۇ؟دېدى، ئۇكىشى؛ ئى بەكرىنىڭ دادىسى! ھەئە راست، ئۇبىزگە ئاجايىب ـ غارايىب نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ دېدى، ئەييۇب ئۇنىڭغا؛ بىز دەل ئەشۇ ئاجايىب ـ غارايىبلاردىن‌قورقىمىز ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ قاچىمىزدېدى.

**35 ـ وحدّثني  حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا ابْنُ زَيْدٍ، ـ يَعْنِي حَمّادا قالَ قِيلَ  لأَيّوبَ: إِنّ عَمْرَو بْنَ عُبَيْدٍ، رَوَى عَنِ  الْحَسَنِ قالَ: لاَ يُجْلَدُ السّكْرَانُ مِنَ النّبِيذِ. فَقالَ: كَذَبَ. أَنَا سَمِعْتُ الْحَسَنَ يَقُولُ: يُجْلَدُ السّكْرَانُ مِنَ النّبِيذِ.**

ھەممادئىبنى زەيد رەھىمەھۇللاھ  مۇنداق دەيدۇ؛ئەييۇب  رەھ قا؛ ئەمرۇئىبنى ئۇبەيدە بىزگە ھەسەن بەسەرىينىڭ؛ خورما،ئۈزۈم چىلانغان ئىچىملىكتە مەست بولغان كىشى قامچىلانمايدۇ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى دېيىلسە، ئەييۇب؛ ئەمرۇ يالغان سۆزلەپتۇ، مەن ھەسەن بەسەرىينىڭ خورما،ئۈزۈم چىلانغان ئىچىملىكتە مەست بولغان كىشىمۇ قامچىلىنىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.

**36 ـ وحدثني  حَجّاجٌ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ قالَ: سَمِعْتُ سَلاّمَ بْنَ أَبِي مُطِيعِ يَقُولُ: بَلَغَ أَيّوبَ أَنّي آتِي عَمْرا. فَأَقْبَلَ عَلَيّ يَوْما، فَقالَ: أَرَأَيْتَ رَجُلاً لاَ تَأْمَنُهُ عَلَى دِينِهِ، كَيْفَ تَأْمَنُهُ عَلَى الْحَدِيثِ؟.**

سالام ئىبنى ئەبۇمۇتىيئ رەھىمەھۇللاھ  مۇنداق دەيدۇ؛ مېنىڭ ئەمرۇنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىم ئەييۇبقا يېتىپتۇ، ئۇبىركۈنى قېشىمغا كېلىپ؛ قېنى دەپ باققىنە؟ سەن دىنىغا ئىشەنچە قىلالمايدىغان كىشىنىڭ ھەدىسلىرىغا قانداق ئىشەنچە قىلالايسەن؟ ئۇنىڭ دىنىغا ئىشەنچە قىلالمايسەنۇ، ھەدىسىغا قانداق ئىشەنچە قىلىسەن؟دېدى.

**37 ـ وحدّثني  سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحُمَيْدِيّ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ قالَ: سَمِعْتُ  أَبَا مُوسَى يَقُول: حَدّثَنَا  عَمْرُو بْنُ عُبَيْدٍ قَبْلَ أَنْ يُحْدِثَ.**

ئەبۇمۇسا رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ: ئەمرۇئىبنى ئۇبەيدە پەيدا قىلغان بىدئەتلىرىدىن،يالغانلىرىدىن بۇرۇن بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بىرەتتى، ياكى ئۇ ئۆزىگە ھەدىس سۆزلىنىشتىن بۇرۇن بىزگە ھەدىس سۆزلەيتتى.

**38 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبي قَالَ: كَتَبْتُ إِلَى شُعْبَةَ أَسْأَلُهُ عَنْ أَبي شَيْبَةَ قَاضِي وَاسِطٍ. فَكَتَبَ إِلَيّ: لاَ تَكْتُبْ عَنْه شَيْئَا. وَمَزّقْ كِتَابِي.**

ئۇبەيدىللاھنىڭ دادىسى رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ: مەن شۆئبەتكە: ۋاستىنىڭ قازىسى ئەبۇشەيبە توغرىسىدىن سوراپ خەت يازسام، ئۇماڭا: سەن ئۇنىڭدىن ھىچ نەرسە يازمىغىن دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ، ۋە ئۇ مىنىڭ خىتىمنى يىرتىۋىتىپتۇ ياكى ئۇنىڭدىن يازغان نەرسلەرنى يىرتىۋەت دەپتۇ.

**39 ـ وحدّثنا الْحُلْوَانِيّ قَالَ: سَمِعْتُ عَفّانَ قَالَ: حَدّثْتُ حَمّادَ بْنَ سَلَمَةَ، عَنْ صَالِحِ الْمُرّيّ بحَدِيثٍ عَنْ ثَابتٍ. فَقَالَ: كَذَبَ. وَحَدّثْتُ هُماما عَنْ صَالِحِ الْمُرّيّ بِحَدِيثٍ، فَقَالَ: كَذَبَ.**

ئەپپان رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەممادقا: سالىھىلمۇررىينىڭ سابىتتىن سۆزلىگەن بىر ھەدىسىنى سۆزلىسەم، ئۇماڭا: ئۇ كاززاپتۇر دىدى، ئاندىن مەن يەنە ھۇمامغا سالىھىلمۇررىينىڭ بىر ھەدىسىنى سۆزلىسەم، ئۇمۇماڭا: ئۇ كاززاپتۇر دىدى.

**40 ـ وحدّثنا مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنَ: حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ قَالَ: قَالَ لِي شُعْبَةُ: ايْتِ جَرِيرَ بْنَ حَازِمٍ. فَقُلْ لَهُ: لاَ يَحِلّ لَكَ أَنْ تَرْوِيَ عَنِ الْحَسَنِ بْنِ عُمَارَةَ. فَإِنّهُ يَكْذِبُ. قَالَ أَبُو دَاوُدَ: قُلْتُ لِشُعْبَةَ: وَكَيْفَ ذَاكَ؟ فَقَالَ: حَدّثَنَا عَنِ الْحَكَمِ بِأَشْيَاءَ لَمْ أَجِدْ لَهَا أَصْلاً. قَالَ قُلْتُ لَهُ: بِأَيّ شَيْءٍ؟ قَالَ قُلْتُ لِلْحَكَمِ: أَصَلّى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى قَتْلَى أُحُدٍ؟ فَقَالَ: لَمْ يُصَلّ عَلَيْهِمْ. فَقَالَ الْحَسَنُ بْنُ عُمَارَةَ، عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ مِقْسَمٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ [1] إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّى عَلَيْهِمْ وَدَفَنْهُمْ. قُلْتُ لِلْحَكَمِ: مَا تَقُولُ فِي أَوْلاَدِ الزّنَا؟ قَالَ: يُصَلّى عَلَيْهِمْ. قُلْتُ: مِنْ حَدِيثِ مَنْ يُرْوَى؟ قَالَ: يُرْوَى عَنِ الْحَسَنِ الْبَصْرِيّ. فَقَالَ الْحَسَنُ بْنُ عُمَارَةَ: حَدّثَنَاالْحَكَمُ عَنْ يَحْيَى بْنِ الْجَزّارِ، عَنْ عَلِيَ.**

ئەبۇداۋۇد رەھىمەھۇﷲ مۇنداق دەيدۇ؛شۆئبە رەھ ماڭا: سەن جەرىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: سىنىڭ ھەسەن ئىبنى ئۇمارەدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشىڭ ھالال ئەمەس، چۈنكى ئۇ يالغان سۆزلەيدۇ دېگىن دىدى، مەن شۆئبىگە؛نىمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمەن؟دىسەم، ئۇماڭا: ھەسەن ئىبنى ئۇمارە ماڭا ھەكەمدىن نۇرغۇن نەرسلەرنى ھەدىس قىلىپ سۆزلەپ بەردى، لېكىن مەن ئۇھەدىسلەرنىڭ ئەسلىنى تاپالمىدىم دىدى، مەن ئۇنىڭغا: قايسى نەرسىنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇنىڭ ئەسلىنى تاپالمىدىڭ؟دىسەم، ئۇ: مەن ھەكەمنىڭ ئۆزىدىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەرگە جىنازا نامىزى ئۇقۇغانمۇ؟دەپ سورسام، ئۇ: ياق ئۇقمىغان دىدى، ئاندىن ھەسەن ئىبنى ئۇمارە؛ھەكەمدىن،مىقسەمدىن، ئىبنى ئابباستىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلەرگە جىنازا نامىزى ئۇقۇپ دەپنە قىلغان دىدى، مەن ھەكەمنىڭ ئۆزىدىن؛زىنادىن بولغان باللارغا نىمە دەيسەن؟ئۇلارغىمۇ ناماز چۈشۈرلەمدۇ؟دەپ سورسام، ئۇ: ھەئە ناماز چۈشۈرلىدۇ

دېدى، مەن؛ بۇ ھەدىس كىمدىن رىۋايەت قىلىنغان؟دىسەم، ئۇ؛ ھەسەن بەسرىدىن دېدى، ھەسەن ئىبنى ئۇماره بولسا بۇھەدىسنى ھەكەمدىن، يەھيادىن، ئەلىيدىن؛دەپ يالغان سۆزلىدى دېدى.

**41 ـ وحدّثنا الْحَسَنُ الْحُلْوَانِيّ قالَ: سَمِعْتُ يَزِيدَ بْنَ هَرُونَ، وَذَكَرَ زِيَادَ بْنَ مَيْمُونٍ، فَقَالَ: حَلَفْتُ أَلاّ أَرْوِي عَنْهُ شَيْئا. وَلاَ عَنْ خَالِدِ بْنِ مَحْدُوجٍ. وَقَالَ: لَقِيتُ زِيَادَ بْنِ مَيْمُونٍ. فَسَأَلْتُهُ عَنْ حَدِيثٍ فَحَدّثَنِي بِهِ عَنْ بَكْرٍ الْمُزَنِيّ. ثُمّ عُدْتُ إِلَيْهِ فَحَدّثَنِي بِهِ عَنْ مُوَرّقٍ. ثُمّ عُدْتِ إِلَيْهِ فَحَدّثَنِي بِهِ عَنِ الْحَسَنِ. وَكَان يَنْسُبُهُمَا إِلَى الْكَذِبِ.**
**قالَ الْحُلْوَانِيّ: سَمِعْتُ عَبْدَ الصّمَدِ، وَذَكَرْتُ عِنْدَهُ زِيَادَ بْنَ مَيْمُونٍ، فَنَسَبَهُ إِلَى الْكَذِبِ.**

ھەسەنۇلھۇلۋانى رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ يەزىدئىبنى ھارۇن، زەييادنى تىلغا ئېلىپ؛مەن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە رىۋايەت قىلماسلىققا قەسەم قىلدىم، شۇنداقلا خالىد ئىبنى مەھدۇجدىنمۇ بىرەر نەرسە رىۋايەت قىلمايمەن دېدى. كىيىن مەن زەييادقا ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ھەدىس توغرىسىدىن سورسام، ئۇماڭا ئۇھەدىسنى بەكرىدىن سۆزلەپ بەردى، ئاندىن يەنە قايتا سورسام، مۇۋەررەقتىن سۆزلەپ بەردى، ئاندىن يەنە قايتا سورسام، شۇھەدىسنىڭ ئۆزىنى ھەسەندىن سۆزلەپ بەردى (يەنى ئىسنادىنى يۆتكەۋەردى)ھەر ئىككىلىسىنى (يەنى زەيياد بىلەن ھەسەن ئىبنى ئۇمارەنى) يالغانچى دەيتتى.مەن ئابدۇسسەمەتنىڭ ئالدىدا زەييادنى تىلغا ئالسام، ئۇ ئۇنى يالغانچىغا نىسبەت بەردى.

**42 ـ وحدّثنا مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنَ قالَ قُلْتُ لأَبِي دَاوُدَ الطّيَالِسِيّ: قَدْ أَكْثَرْتَ عَنْ عَبّادِ بْنِ مَنْصُورٍ. فَمَا لَكَ لَمْ تَسْمَعْ مِنْهُ حَدِيْثَ الْعَطّارَةِ الّذِي رَوَى لَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ؟ قالَ لِيَ: اسْكُتْ. فَأَنَا لَقِيتُ زِيَادَ بْنَ مَيْمُونٍ، وَ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ مَهْدِيَ فَسَأَلْنَاهُ فَقُلْنَا لَهُ: هَذِهِ الأَحَادِيثُ الّتِي تَرْوِيهَا عَنْ أَنَسٍ؟ فَقَالَ أَرَأَيْتُمَا رَجُلاً يُذْنِبُ فَيَتُوبُ أَلَيْسَ يَتُوبُ اللّهُ عَلَيْهِ؟ قالَ قُلْنَا: نَعَمْ. قَالَ: مَا سَمِعْتُ مِنْ أَنَسٍ، مِنْ ذَا قَلِيلاً، وَلاَ كَثِيرا. إِنْ كَانَ لاَ يَعْلَمُ النّاسُ فَأَنْتُمَا لاَ تَعْلَمَانِ أَنّي لَمْ أَلْقَ أَنَسا.**
**قَالَ أَبُو دَاوُدَ: فَبَلَغَنَا، بَعْدُ، أَنّهُ يَرْوِي. فَأَتَيْنَاهُ أَنَا وَعَبْدُ الرّحْمَنِ فَقَالَ: أَتُوبُ. ثُمّ كَانَ، بَعْدُ، يُحَدّثُ. فَتَرَكْنَاهُ .. الى 59................**
**................................................................................**

مەھمۇدئىبنى غەيلان رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇداۋۇدقا؛ سەن ئەببادئىبنى مەنسۇردىن بەك كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدىكەنسەن، سەن ئۇنىڭدىن بىزگە نەزرۇئىبنى شۇمەيل رىۋايەت قىلىپ بەرگەن ئەتتار نىڭ ھەدىسنى ئاڭلىمىغانمۇ؟دىسەم، ئۇماڭا؛ جىم تۇرغىن، مەن زەيياد بىلەن ئابدۇررەھمانغا ئۇچۇرشۇپ قېلىپ بىز ئۇنىڭدىن؛ سەن ئەنەستىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسلەر قانداق ھەدىس؟دەپ سورساق، ئۇ؛ قېنى دەپ بېقىڭلار، بىركىشى گۇناھ قىلىپ، ئاندىن تۆۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلمامدۇ؟دېدى، بىز؛ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ دىسەك، ئۇ؛ مەن ئەنەستىن ئازمۇ ۋە كۆپمۇ ھەدىس ئاڭلاپ باقمىدىم، كىشىلەرغۇ بىلمىسۇن، سىلەرمۇ ئەمدى مىنىڭ ئەنەسكە ئۇچراشمىغانلىقىمنى بىلمەمسىلەر؟دېدى.كىيىن ئۇنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىق خەۋىرى بىزگە يىتىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بارساق، ئۇبىزگە؛ مەن تۆۋبە قىلدىم دېدى، ئاندىن ئۇ ھەدىس سۆزلىدى، لېكىن بىز ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى تەرىك ئەتتۇق دېدى.ئاخىرغىچە.يەنى 59قىچە................

قَالَ مسلِمٌ: وَأَشْبَاهُ مَا ذَكَرْنَا مِنْ كَلاَمِ أَهْلِ الْعِلْمِ فِي مُتّهَمِي رُوَاةِ الْحَدِيثِ وَإِخْبَارِهِمْ عَنْ مَعَايِبِهِمْ كَثِيرٌ. يَطُولُ الْكِتَابُ بِذِكْرِهِ، عَلَى اسْتِقْصَائِهِ. وَفِيمَا ذَكَرْنَا كِفَايَةٌ. لِمَنْ تَفَهّمَ وَعَقَلَ مَذْهَبَ الْقَوْمِ. فِيمَا قَالُوا مِنْ ذَلِكَ وَبَيّنُوا.

وَإِنّمَا أَلْزَمُوا أَنْفُسَهُمُ الْكَشْفَ عَنْ مَعَايِبِ رُوَاةِ الْحَدِيثِ. وَنَاقِلِي الأَخْبَارِ. وَأَفْتَوْا بِذَلِكَ حِينَ سُئِلُوا، لِمَا فِيهِ مِنْ عَظِيمِ الْخَطَرِ. إِذِ الأَخْبَارُ فِي أَمرِ الدّينِ إِنّمَا تَأْتِي بِتَحْلِيلٍ، أَوْ تَحْرِيمٍ، أَوْ أَمْرٍ، أَوْ نَهْيٍ، أَوْ تَرْغِيبٍ، أَوْ تَرْهِيبٍ. فَإِذَا كَانَ الرّاوِي لَهَا لَيْسَ بِمَعْدِنٍ لِلصّدْقِ وَالأَمَانَةِ. ثُمّ اقدَمَ عَلَى الرّوَايَةِ عَنْهُ مَنْ قَدْ عَرَفَهُ وَلَمْ يُبَيّنْ مَا فِيهِ لِغَيْرِهِ، مِمّنْ جَهِلَ مَعْرِفَتَهُ، كَانَ آثِمَا بِفِعْلِهِ ذَلِكَ. غَاشّا لِعَوَامّ الْمُسْلِمِينَ. إِذْ لاَ يُؤْمَنُ عَلَى بَعْضِ مَنْ سَمِعَ تِلْكَ الأَخْبَارَ أَنْ يَسْتَعمِلَهَا، أَوْ يَسْتَعْمِلَ بَعْضَهَا. وَلَعَلّهَا أَوْ أَكْثَرَهَا أَكَاذِيبُ. لاَ أَصْلَ لَهَا. مَعَ أَنّ الأَخْبَارَ الصِحّاحَ مِنْ رِوَايَةِ الثّقَاتِ. وَأَهْلِ الْقَنَاعَةِ أَكْثَرُ مِنْ أَنْ يُضطَرّ إِلَى نَقْلِ مَنْ لَيْسَ بِثِقَةٍ. وَلا مُقْنِعٍ.

وَلاَ أَحْسِبُ كَثِيرا مِمّنْ يُعَرّجُ مِنَ النّاسِ عَلَى مَا وَصَفْنَا مِنْ هَذِهِ الأَحَادِيثِ الضّعَافِ وَالأَسَانِيدِ الْمَجْهُولَةِ، وَيَعْتَدّ بِرِوَايَتِهَا بَعْدَ مَعْرِفَتِهِ بِمَا فِيهَا، مِنَ التّوَهّنِ وَالضّعْفِ ـــ إِلاّ أَنّ الّذِي يَحْمِلُهُ عَلَى رِوَايَتِهَا، وَالاِعْتِدَادِ بِهَا، إِرَادَةُ التّكَثّرِ بِذَلِكَ عِنْدَ الْعَوَامّ، وَلأَنْ يُقَالَ: مَا أَكْثَرَ مَا جَمَعَ فُلاَنٌ مِنْ الْحَدِيثِ، وَأَلّفَ مِنَ الْعَدَدِ. وَمَنْ ذَهَبَ فِي الْعِلْمِ هَذَا الْمَذْهَبَ، وَسَلَكَ هَذَا الطّرِيقَ، فَلا نَصِيبَ لَهُ فِيهِ. وَكَانَ بِأَنْ يُسَمّى جَاهِلاً، أَوْلَى مِنْ أَنْ يُنْسَبَ إِلَى عِلْمٍ. وَقَدْ تَكَلّمَ بَعْضُ مُنْتَحِلِي الْحَدِيثِ مِنْ أَهْلِ عَصْرِنَا فِي تَصْحِيحِ الأَسَانِيدِ وَتَسْقِيمِهَا بِقَوْلٍ، لَوْ ضَرَبْنَا عَنْ حِكَايَتِهِ وَذِكْرِ فَسَادِهِ صَفْحا ـــ لَكَانَ رَأْيا مَتِينا، وَمَذْهَبا صَحِيحا. إِذِ الإِعْرَاضُ عَنِ الْقَوْلِ الْمُطّرَحِ، أَحْرَى لإِمَاتَتِهِ وَإِخْمَالِ ذِكْرِ قَائِلِهِ، وَأَجْدَرُ أَنْ لاَ يَكُونَ ذَلِكَ تَنْبِيها لِلْجُهّالِ عَلَيْهِ. غَيْرَ أَنّا لَمّا تَخَوّفْنَا مِنْ شُرُورِ الْعَوَاقِبِ وَاغْتِرَارِ الْجَهَلَةِ بِمُحْدَثَاتِ الأُمُورِ، وَإِسْرَاعِهِمْ إِلَى اعْتِقَادِ خَطَإِ الْمُخْطِئِينَ، وَالأَقْوَالِ السّاقِطَةِ عِنْدَ الْعُلَمَاءِ، رَأَيْنَا الْكَشْفَ عَنْ فَسَادِ قَوْلِهِ، وَرَدّ مَقَالَتِهِ بِقَدْرِ مَا يَلِيقُ بِهَا مِنَ الرّدّ أَجْدَى عَلَى الأَنَامِ، وَأَحْمَدَ لِلْعَاقِبَةِ إِنْ شَاءَ اللّهُ.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ؛بىز يۇقىردا دەپ ئۆتكەن ئىلىم ئەھلىللىرىنىڭ؛ ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ ئەيىبلەنگەنلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ، ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى خەۋەر قىلغانلىرىنىڭ ئوخشاشلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر، ئۇنى تولۇق تىلغا ئالغاندا كىتاپ بەكلا ئۇزراپ كىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۇقىردا دېگەنلىرىمىز شۇقەۋملەرنىڭ مەزھەبلىرىنى ئۇلار بايان قىلىپ دىگەن نەرسىللىرىدە ئەقىل قىلىپ چۈشەنگەن كىشىگە يېتەرلىك كۇپايىدۇر، ئىلىم ئەھلىللىرى ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ، خەۋەر نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى تولۇق ئېچىپ بىرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيتى دەپ قارىدى، ئۇلاردىن سوئال سورالغاندا شۇنىڭ بىلەن پەتىۋا بەردى،(يەنى ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نوقسان ، ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاش غەيۋەت بولماستىن بەلكى ۋاجىپتۇر دېدى)چۈنكى قاتتىق زەئىپ، مۇنكەر، يالغان ھەدىسلەرنى سۆزلۈشتىشتە چوڭ خەتەر باردۇر، بۇنىڭ خەتەرلىك تەرپى شۇكى؛ دىن ئىشىدىن خەۋەر قىلىش ھالال ياكى هارامنى، ئەمىر بۇيرۇق ياكى نەھى چەكلەشنى، قىززىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەدىس راۋىيسى سەمىمى سادىق بولمىسا، راسچىللىقىنىڭ، ئامانەتنىڭ ئەھلى بولمىسا، (ئىشەنچلىك تەقۋادار بولمىسا)ئاندىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدىغان كىشى ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىنى(راسچىل ئەمەسلىكىنى)بىلمەيدىغان باشقا كىشىلەرگە دەپ بەرمەستىنلا ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ كەتسە، بۇنداق كىشى شۇقىلىقى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ، مۇسۇلمان ئاممىسىغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئەشۇئىشەنچىسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان كىشىگە ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى ياكى بەزىسىنى ئىستىمال قىلىشتا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ياكى خەۋەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يالغان بولىشى ياكى ئەسلى يوق

بۇلىشى مۇمكىن، سەھىھ خەۋەرلەرنى كىشىنى قانائەتلەندۇرىدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىش، كىشىنى قانائەتلەندۇرەلمەيدىغان ئىشەنچسىز كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىشقا نىسبەتەن بەكمۇ زۆرۈردۇر.بىزيۇقىردا سۆيەتلەپ ئۆتكەن زەئىپ ھەدىسلەرنى، نامەلۇم ئىسنادلارنى ئۇنىڭ زەئىپلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە كۆپ سۆزلەۋېرىدىغان كىشىلەر، ھەدىسنى رىۋايەت قىلىۋېلىشنى، قاتارغا ئۆتىۋېلىشنى، مۇھەددىس مەرتىبىسىگە يېتىۋېلىشنى، ئاۋام خەلقنىڭ نەزلىدە كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلالايدىكەن، پالانى نىمەدىگەن كۆپ ھەدىس توپلىغان ھە!!ئۇ نۇرغۇن ھەدىس كىتاپلىرىنى تۈزدى جۇمۇ!! دەپ كىتىشلىرىنى،(يۈز-ئابرۇي، ئىناۋەت، مەنسەپ-مەرتىۋە، مال-دۇنيانى ) مەقسەت قىلغانلاردۇر.(**الله** بىزلەرنى شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن ئامىن) بۇنداق مەزھەپتە يول تۇتۇپ ماڭغان كىشىنىڭ ياخشىلىقتىن،ئىلىمدىن قىلچىلىك نىسىۋىسى يوقتۇر، ئۇنى ئالىم دىگەندىن كۆرە جاھىل دىگەن مىڭ ئەۋلادۇر،زامانىمىزنىڭ ھەدىس ئالىملىرى ھەدىس ئىسنادىنىڭ سەھىھ ۋە زەئىپلىرى ھەققىدە كۆپ سۆزلىگەن بولۇپ، بىز ئۇنى تىلغا ئالمىدۇق.....بۇ توغرىسىدىكى ئىلىم يۇقىردا ئۆتتى.

## 6 ـــــ باب صحة الاحتجاج بالحديث المعنعن إذا أمكن لقاء المعنعنين ولم يكن فيهم مدلس.

وَزَعَمَ الْقَائِلُ الّذِي افْتَتَحنا الْكَلاَمَ عَلَى الْحِكَايَةِ عَنْ قوْلِهِ، وَالإِخْبَارِ عَنْ سُوءِ رَوِيّتِهِ، (فكره) أنّ كُلّ إِسْنَادٍ لِحَدِيثٍ فِيهِ فُلاَنٌ عَنْ فُلاَنٍ، وَقَدْ أحَاطَ الْعِلْمُ بِأنّهُمَا قَدْ كَانَا فِي عَصْرٍ وَاحِدٍ، وَجَائِزٌ أنْ يَكُونَ الْحَدِيثُ الّذِي رَوَى الرّاوِيُ عَمّنْ رَوَى عَنْهُ قَدْ سَمِعَهُ مِنْهُ وَشَافَهَهُ بِهِ. غَيْرَ أنّهُ لاَ نَعْلَمُ لَهُ مِنْهُ سَمَاعَا وَلَم نَجِدْ فِي شَيْءٍ مِنَ الرّوَايَاتِ أنّهُمَا الْتَقِيَا قطّ، أوْ تَشَافَهَا بِحَدِيثٍ أن الْحُجّةَ لاَ تَقُومُ عِنْدَهُ بِكُلّ خَبَرٍ جَاءَ هَذَا الْمَجِيء، حَتّى يَكُونَ عِنْدَهُ الْعِلْمُ بِأنّهُمَا قَدِ اجْتَمعَا مِنْ دِهْرِهِمَا مَرّةً فَصَاعِدا. أوْ تَشَافَهَا بِالْحَدِيثِ بَيْنَهُمَا. أوْ يَرِدَ خَبَرٌ فِيهِ بَيَانُ اجْتِمَاعِهِمَا، وَتَلاَقِيهِمَا، مَرّةً مِنْ دَهْرِهِمَا. فَمَا فَوْقَها. فَإنْ لَمْ يَكُنْ عِنْدَهُ عِلْمُ ذٰلِكَ، وَلَمْ تَأْتِ رِوَايَةٌ صَحِيحَةٌ تُخْبِرُ أنّ هَذَا الرّاوِيَ عَنْ صَاحِبِهِ قَدْ لَقِيَهُ مَرّةً، وَسَمِعَ مِنْهُ شَيْئا ـــ لَمْ يَكُنْ فِي نَقْلِهِ الْخَبَرَ عَمّنْ رَوَى عَنْهُ ذٰلِك، وَالأمْرُ كَمَا وَصَفْنَا، حُجّةٌ. وَكَانَ الْخَبَرُ عِنْدَهُ مَوْقُوفا. حَتّى يَرِد عَلَيْهِ سَمَاعُهُ مِنْهُ لِشَيْءٍ مِنَ الْحَدِيثِ، قَلّ أوْ كَثُرَ فِي رِوَايَةٍ مِثْلِ مَا وَرَدَ.

وَهَذَا الْقَوْلُ، ـ يَرْحَمُكَ اللّهُ ـ، فِي الطّعْنِ فِي الأَسَانِيدِ، قَوْلٌ مُخْتَرَعٌ. مُسْتَحْدَثٌ غَيْرُ مَسْبُوقٍ صَاحِبُهُ إِلَيْهِ. وَلاَ مُسَاعِدَ لَهُ مِنْ أهْلِ الْعِلْمِ عَلَيْهِ. وَذٰلِكَ أنّ الْقَوْلَ الشّائِعَ الْمُتّفَقَ عَلَيْهِ بَيْنَ أهْلِ الْعِلْمِ بِالأخْبَارِ وَالرّوَايَاتِ قَدِيما وَحَدِيثا، أن كُلّ رَجُلٍ ثِقَةٍ رَوَى عَنْ مِثْلِهِ حَدِيثا، وَجَائِزٌ مُمْكِنٌ لَهُ لِقَاؤُهُ، وَالسّمَاعُ مِنْهُ، لِكَوْنِهِمَا جَمِيعا كَانَا فِي عَصْرٍ وَاحِدٍ، وَإِنْ لَمْ يَأْتِ فِي خَبَرٍ قطّ أنّهُمَا اجْتَمَعَا، وَلاَ تَشَافَهَا بِكَلاَمٍ، فَالرّوَايَةُ ثَابِتَةٌ. وَالْحُجّةُ بِهَا لاَزِمَةٌ. إلاّ أنْ يَكُونَ هُنَاكَ دَلاَلَةٌ بَيّنَةٌ، أنّ هَذَا الرّاوِيَ لَمْ يَلْقَ مَنْ رَوَى عَنْهُ، أوْ لَمْ يَسْمَعْ مِنْهُ شَيْئًا. فَأمّا وَالأمْرُ مُبْهَمٌ عَلَى الإِمْكَانِ الّذِي فَسّرْنَا، فَالرّوَايَةُ عَلَى السّمَاعِ أبَدا، حَتّى تَكُونَ الدّلاَلَةُ الّتِي بَيّنّا.

فَيُقَالُ لِمُخْتَرِعِ هَذَا الْقَوْلِ الّذِي وَصَفْنَا مَقَالَتَهُ، أَوْ لِلذّابّ عَنْهُ: قَدْ أعْطَيْتَ فِي جُمْلَةِ قَوْلِكَ أنّ خَبَرَ الْوَاحِدِ الثّقَةِ، عن الواحدِ الثّقةِ حُجّةٌ يَلْزَمُ بِهِ الْعَمَلُ. ثُمّ أدْخَلْتَ فِيهِ الشّرْطَ بَعْدُ، فَقُلْتَ: حَتّى نَعْلَمَ أنّهُمَا قَدْ كَانَا الْتَقِيَا مَرّةً فَصَاعِدًا، أوْ سَمِعَ مِنْهُ شَيْئًا. فَهَلْ تَجِدُ هَذَا الشّرْطَ الّذِي اشْتَرَطْتَهُ عَنْ أحَدٍ يَلْزَمُ قَوْلُهُ؟ وَإِلاّ فَهَلُمّ دَلِيلاً عَلَى مَا زَعَمْتَ.

فَإِنِ ادّعَى قَوْلَ أحَدٍ مِنْ عُلَمَاءِ السّلَفِ بِمَا زَعَمَ مِنْ إدْخَالِ الشّرِيطَةِ فِي تَثْبِيتِ الْخَبَرِ، طُولِبَ بِهِ. وَلَنْ يَجِدَ هُوَ وَلاَ غَيْرُهُ إِلَى إِيْجَادِهِ سَبِيلاً. وَإِنْ هُوَ ادّعَى فِيمَا زَعَمَ دَلِيلاً يَحْتَجّ بِهِ، قِيلَ لَهُ: وَمَا ذَاكَ الدليلُ؟ فَإِنْ قَالَ: قُلْتُهُ لأنّي وَجَدْتُ رُوَاةَ الأخْبَارِ قَدِيما وَحَدِيثا يَرْوِي أحَدُهُمْ عَنِ الآخَرِ الْحَدِيثَ وَلَمّا يُعَايِنْهُ، وَلا سَمِعَ مِنْهُ شَيْئًا قطّ، فَلَمّا رَأَيْتُهُمُ اسْتَجَازُوا رِوَايَةَ الْحَدِيثِ بَيْنَهُمْ هَكَذَا عَلَى الإِرْسَالِ مِنْ غَيْرِ سَمَاعٍ، وَالْمُرْسَلُ مِنَ الرّوَايَاتِ فِي أصْلِ قَوْلِنَا وَقَوْلِ أهْلِ الْعِلْمِ بِالأخْبَارِ لَيْسَ بِحُجّةٍ ـــ احْتَجتُ، لِمَا وَصَفْتُ مِنَ الْعِلّةِ، إلَى الْبَحْثِ عَنْ سَمَاعِ رَاوِي كُلّ خَبَرٍ عَنْ رَاوِيهِ. فَإِذَا أنَا هَجَمْتُ عَلَى سَمَاعِهِ مِنْهُ لأدْنَى شَيْءٍ، ثَبَتَ عَنْهُ عِنْدِي بِذٰلِكَ جَمِيعُ مَا يَرْوِي عَنْهُ بَعْدُ. فَإِنْ عَزَبَ عَنّي مَعرفَةُ ذٰلِكَ، أوْقَفْتُ الْخَبَرَ وَلَمْ يَكُنْ عِنْدِي مَوْضِعَ حُجّةٍ لإِمْكَانِ الإِرْسَالِ فِيهِ.

فَيُقَالُ لَهُ: فَإِنْ كَانَتِ الْعِلّةُ فِي تَضْعِيفِكَ الْخَبَرَ وَتَرْكِكَ الاِحْتِجَاجَ بِهِ إِمْكَانَ الأرْسالِ فِيهِ، لَزِمَكَ أنْ لاَ تُثْبِتَ إِسْنَادا مُعَنْعَنا حَتّى تَرَى فِيهِ السّمَاعَ مِنْ أوّلِهِ إِلَى آخِرِهِ؟

وَذَلِكَ أَنّ الْحَدِيثَ الْوَارِدَ عَلَيْنَا بِإِسْنَادِ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَائِشَةَ، فَبِيَقِينٍ نَعْلَمُ أَنّ هِشَاما قَدْ سَمِعَ مِنْ أَبِيهِ، وَأَنّ أَبَاهُ قَدْ سَمِعَ مِنْ عَائِشَةَ. كَمَا نَعْلَمُ أَنّ عَائِشَةَ قَدْ سَمِعَتْ مِنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

وَقَدْ يَجُوزُ، إِذَا لَمْ يَقُلْ هِشَامٌ، فِي رِوَايَةٍ يَرْوِيهَا عَنْ أَبِيهِ: سَمِعْتُ أَوْ أَخْبَرَنِي، أَنْ يَكُونَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَبِيهِ فِي تِلْكَ الرّوَايَةِ إِنْسَانٌ آخَرُ، أَخْبَرَهُ بِهَا عَنْ أَبِيهِ، وَلَمْ يَسْمَعْهَا هُوَ مِنْ أَبِيهِ، لَمّا أَحَبّ أَنْ يَرْوِيهَا مُرْسَلاً. وَلاَ يُسْنِدَهَا إِلَى مَنْ سَمِعَهَا مِنْهُ.

وَكَمَا يُمْكِنُ ذَلِكَ فِي هِشَامٍ عَنْ أَبِيهِ، فَهُوَ أَيْضا مُمْكِنٌ فِي أَبِيهِ عَنْ عَائِشَةَ.

وَكَذَلِكَ كُلّ إِسْنَادٍ لِحَدِيثٍ، لَيْسَ فِيهِ ذِكْرُ سَمَاعِ بَعْضِهِمْ مِنْ بَعْضٍ.

وَإِنْ كَانَ قَدْ عُرِفَ فِي الْجُمْلَةِ أَنّ كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمْ قَدْ سَمِعَ مِنْ صَاحِبِهِ سَمَاعا كَثِيرا، فَجَائِزٌ لِكُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمْ أَنْ يَنْزِلَ فِي بَعْضِ الرّوَايَةِ فَيَسْمَعَ مِنْ غَيْرِهِ عَنْهُ بَعْضَ أَحَادِيثِهِ، ثُمّ يُرْسِلَهُ عَنْهُ أَحْيَانا، وَلاَ يُسَمّي مَنْ سَمِعَ مِنْهُ. وَيَنْشَطُ أَحْيَانا فَيُسَمّي الرّجُلَ الّذِي حَمَلَ عَنْهُ الْحَدِيثَ وَيَتْرُكُ الإِرْسَالَ.

وَمَا قُلْنَا مِنْ هَذَا مَوْجُودٌ فِي الْحَدِيثِ مُسْتَفِيضٌ، مِنْ فِعْلِ ثِقَاتِ الْمُحَدّثِينَ، وَأَئِمّةِ أَهْلِ الْعِلْمِ.

وَسَنَذْكُرُ مِنْ رِوَايَاتِهِمْ عَلَى الْجِهَةِ الّتِي ذَكَرْنَا عَدَدا يُسْتَدَلّ بِهَا عَلَى أَكْثَرَ مِنْهَا إِنْ شَاءَ اللّهُ تَعَالَى.

فَمِنْ ذَلِكَ، أَنّ أَيّوبَ السّخْتِيَانِيّ وَابْنَ الْمُبَارَكِ وَوَكِيعا وَابْنَ نُمَيْرٍ وَجَمَاعَةً غَيْرَهُمْ رَوَوْا عَنْ هِشَامِ ابْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ ـ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا ـ قَالَتْ: كُنْتُ أُطَيّبُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِحِلّهِ وَلِحُرْمِهِ بِأَطْيَبِ مَا أَجِدُ.

فَرَوَى هَذِهِ الرّوَايَةَ بِعَيْنِهَا اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ وَدَاوُدُ الْعَطّارُ وَحُمَيْدُ بْنُ الأَسْوَدِ وَوُهَيْبُ بْنُ خَالِدٍ وَأَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي عُثْمَانُ بْنُ عُرْوَةَ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

وَرَوَى هِشَامٌ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذَا اعْتَكَفَ يُدْنِي إِلَيّ رَأْسَهُ فَأُرَجّلُهُ وَأَنَا حَائِضٌ.

فَرَوَاهَا بِعَيْنِهَا مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عُرْوَةَ عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

وَرَوَى الزّهْرِيّ وَ صَالِحُ ابْنُ أَبِي حَسّانَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ عَائِشَةَ كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُقَبّلُ وَهُوَ صَائِمٌ.

وَأَسْنَدَ أَبُو عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ. وَهُوَ مِمّنْ أَدْرَكَ الْجَاهِلِيّةَ وَكَانَ فِي زَمَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلاً. وَ أَبُو مَعْمَرٍ عَبْدُ اللّهِ بْنُ سَخْبَرَةَ. كُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، خَبَرَيْنِ.

وَأَسْنَدَ عُبَيْدُ بْنُ عُمَيْرٍ عَنْ أُمّ سَلَمَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم حَدِيثا. وَعُبَيْدُ بْنُ عُمَيْرٍ وُلِدَ فِي زَمَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

وَأَسْنَدَ قَيْسُ بْنُ أَبِي حَازِمٍ، وَقَدْ أَدْرَكَ زَمَنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، ثَلاَثَةَ أَخْبَارٍ. وَأَسْنَدَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي لَيْلَى، وَقَدْ حَفِظَ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ، وَصَحِبَ عَلِيّا، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثا. وَأَسْنَدَ رِبْعِيّ بْنُ حِرَاشٍ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثَيْنِ. وَعَنْ أَبِي بَكْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثا. وَقَدْ سَمِعَ رِبْعِيّ مِنْ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ، وَرَوَى عَنْهُ.

وَأَسْنَدَ نَافِعُ بْنُ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ، عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْخُزَاعِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثا.

وَأَسْنَدَ النّعْمَانُ بْنُ عَيّاشٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، ثَلاَثَةَ أَحَادِيثَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

وَأَسْنَدَ عَطَاءُ بْنُ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ تَمِيمٍ الدّارِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثا.

وَأَسْنَدَ سُلَيْمَانُ بْنُ يَسَارٍ عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَدِيثا.

وَأَسْنَدَ حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِمْيَرِيّ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَحَادِيثَ. فَكُلّ هَؤُلاَءِ التّابِعِينَ الّذِينَ نَصَبْنَا رِوَايَتَهُمْ عَنِ الصّحَابَةِ الّذِينَ سَمّيْنَاهُمْ، لَمْ يُحْفَظْ عَنْهُمْ سَمَاعٌ عَلِمْنَاهُ مِنْهُمْ فِي رِوَايَةٍ بِعَيْنِهَا وَلاَ أَنّهُمْ لَقُوهُمْ فِي نَفْسِ خَبَرٍ بِعَيْنِهِ.

وَهِيَ أَسَانِيدُ عِنْدَ ذَوِي الْمَعْرِفَةِ بِالأَخْبَارِ وَالرّوَايَاتِ مِنْ صِحَاحِ الأَسَانِيدِ. لاَ نَعْلَمُهُمْ وَهَنُوا مِنْهَا شَيْئا قَطّ. وَلاَ الْتَمَسُوا فِيهَا سَمَاعَ بَعْضِهِمْ مِنْ بَعْضٍ. إِذِ السّمَاعُ لِكُلّ وَاحِدٍ مِنْهُمْ مُمْكِنٌ مِنْ صَاحِبِهِ غَيْرُ مُسْتَنْكَرٍ. لِكَوْنِهِمْ جَمِيعا كَانُوا فِي الْعَصْرِ الّذِي اتّفَقُوا فِيهِ.

وَكَانَ هَذَا الْقَوْلُ الّذِي أَحْدَثَهُ الْقَائِلُ الّذِي حَكَيْنَاهُ فِي تَوْهِينِ الْحَدِيثِ، بِالْعِلّةِ الّتِي وَصَفَ ـــ أَقَلّ مِنْ أَنْ يُعَرّجَ عَلَيْهِ وَيُثَارَ ذِكْرُهُ. إِذْ كَانَ قَوْلاً مُحْدَثا وَكَلاَما خَلْفا لَمْ يَقُلْهُ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ سَلَفَ، وَيَسْتَنْكِرُهُ مَنْ بَعْدَهُمْ خَلَفَ، فَلاَ حَاجَةَ بِنَا فِي رَدّهِ بِأَكْثَرَ مِمّا شَرَحْنَا، إِذْ كَانَ قَدْرُ الْمَقَالَةِ وَقَائِلِهَا الْقَدْرَ الّذِي وَصَفْنَاهُ. وَاللّهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى دَفْعِ مَا خَالَفَ مَذْهَبَ الْعُلَمَاءِ، وَعَلَيْهِ التّكْلاَنُ.

**ئالتىنجى باب؛** ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىي، ھەدىسلەرنى «مەن پالانىدىن ئاڭلىدىم، ياكى ماڭا پالانى مۇنداق خەۋەر قىلدى» دېمەستىن بەلكى، «پالانىدىن، پالانىدىن، يەنە پالانىدىن» دەپ سۆزلىگەن مۇئەنئەن ھەدىسلەرنى ھۆججەت قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىسى بولۇپ، ئىمام مۇسلىم؛ بۇنداق ھەدىسلەر ئۈچۈن ئەشۇ پالانى بىلەن پالانىدىن ئىبارەت ئىككى راۋىينىڭ بىر بىرىگە ئۇچۇرىشىشىنى، بىرسى يەنە بىرسىدىن چوقۇم ھەدىس ئاڭلىغان

بۇلىشنى شەرت قويۇش ھاجەتسىز، چۈنكى بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقاپ كەتكەن قائىدە شۇكى؛ بىرەر ئىشەنچىلىك كىشى ئۆزىگە ئوخشاش ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشىدىن پالانىدىن ؛پالانىدىن دەپ مۇئەنئەن ھەدىس سۆزلىسە، ئۇلار بىر زاماندا ياشىغاچقا، بىربىرىگە ئۇچرىشۇپ، بىر بىرىدىن ھەدىس ئاڭلىشى مۇمكىن بولىدۇ، بۇلارنى شەرت قويۇش ھاجىتىسىز، ئۇلار شۇنداق ئىشەنچىلىك بولغاچقا، چوقۇم ئاڭلىغانىنى ،كۆرگەننى ، ياكى بىرەرسى خەۋەر قىلغاننى سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى يەنەبىرىگە ئۇچۇرشۇپ، بىرسى يەنەبىرسىدىن ھەدىس ئاڭلىغانلىقىغا ھېچ بىر دەلىل ـ ئىسپات بولمىسمۇ، بۇخىل ھەدىس يەنىلا دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت بۇلالايدۇ، سەھىھ دەپ قارىلىدۇ، بۇنى دەلىل، ھۆججەت بۇلالمايدۇ دېگۈچىلەر بۇسۆزلىرىگە، قويغان شەرتلىرىگە دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرسۇن، سەلەپ سالىھلەردىن ئۇنداق دەلىل قەتئى يوقتۇر، بىزنىڭ دەلىلمىز شۇكى؛ ھىشامدىن،ئۇنىڭ دادىسىدىن، ئائىشەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دەپ ھەدىس رىۋايەت قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىدىن چوقۇم ھەدىس ئاڭلىغان، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مۇنداق ئاڭلىدىم، ماڭا پالانى مۇنداق خەۋەر قىلدى دىگەن راۋىيلارمۇ، پالانىدىن، پالانىدىن دەپ، مۇئەنئەن ھەدىس سۆزلىۋىتىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللار بەك كۆپ بۇلۇپ، ئەنە شۇلارنىڭ ھەدىسلىرى ئەلۋەتتە سەھىھ بولىدۇ دە!! مەسىلەن؛ ئەييۇب، ئىبنى مۇبارەك، ۋەكىئ، ۋەباشقا نۇرغۇن جامائەلەر ھىشامدىن، دادىسىدىن، ئائىشەدىن دەپ «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ئىھرام باغلىغاندا، ۋە ئىھرامدىن چىققاندا مەن تاپالايدىغان ئەتىر ـ خۇش پۇراقلار بىلەن ئەتىر چېچىپ قويياتتىم»دىگەن ھەدىسنى سۆزلىدى، يەنەبىردە«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇزا تۇتۇقلۇق تۇرۇپمۇ، ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى»دىيىلگەن، بۇلاردىن باشقا خاتىرلەردە بولسا، ئاڭلىغان، خەۋەر قىلغانلىرى باردۇر، يەنە ئەتائىدىن، تەمىمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن....

يەنە سۇلەيماندىن، راپىئدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن.......

ھۇمەيدىدىن، ئەبۇھۇرەيرىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن.......مۇئەنئەن ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ سۆزلەنگەندۇر، بۇنداق ھەدىسلەر بەك كۆپ بۇلۇپ، ئەشۇ پالانى بىلەن پالانىلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى راۋىيلەر بەك ئىشەنچىلىك بولغاچقا، شۇھەدىسنىڭ باشقا خاتىرلەردە ئاڭلاش،كۆرۈش، ياكى خەۋەر قىلىش ئىسنادى بولغاچقا، بۇنداق ھەدىسلەرمۇ سەھىھ دەپ قارىلىپ، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت قىلىنىدۇ دىيدى.

لېكىن ئىمام بۇخارى ۋە ئۇنىڭ شەيخى ئەلى ئىبنى مەيدەنى قاتارلىق مۇشۇ پەننىڭ ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك؛ بۇسۆزنى مۇتلەق دېيىشنى رەت قىلدى، ئۇلار؛ توغرا، ئەشۇ پالانىلار ئەگەر ئىشەنچلىك بولسا، ئۇلار بىر بىرىگە بىرەر قېتىممۇ بولسا ئۇچراشقان بولسا، بىرزاماندا ياشاپ، بىر بىرىگە ئۇچۇرشۇپ ھەدىس ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بولسا، ئاندىن كېيىن يەنە تېخى ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ بولۇش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئاندىن ئۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ قاراپ، دەلىل ـ ئىسپات ھۆججەت قىلىمىز، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇچۇرشۇپ، بىرسى يەنەبىرسىدىن ھەدىس ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ياكى شەيخىنىڭ ئەيىب ـ نوقسانلىرىنى يۇشۇرسا، ياكى سەھىھ بۇلۇش شەرتلىرىگە توشماي قېلىپ، زەئىپلىك ئىللەتلىرى تېپىلىپ قالسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى قانداقمۇ سەھىھ دەپ قاراپ، دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت قىلالايمىز؟؟!!دېدى.(توغرا، ھەرئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەلىل ـئىسپاتلىرى بۇلىدۇ، سەۋەپ مەقسەتلىرى بۇلىدۇ، ئاساسى مەقسەت؛ بىز يۇقىرىدا ئەيتىپ ئۆتكەندەك، ھەدىس، سەھىھ بۇلۇش، ياكى ھەسەن بۇلۇش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن بولسا، ھەدىس سەھىھ دەپ قارلىپ ئەمەل قىلىنىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەدىس زەئىپ بۇلىدۇ، ھەتتا بەزىسى مۇنكەر ياكى يالغانمۇ بۇلىدۇ، بۇلارنى بىز يۇقىردا بايان قىلىپ بولغان، سىلەر ئەڭ ياخشىسى يۇقىرقى ھەدىس توغرىسىدىكى ئىلىملەرنى ئۇقۇپ بۇلۇپ، دوكتۇر ئۇستازلاردىن سوراڭلار، تالىپلەر، ئۇسۇل ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتاپلىرىنى دەرىسلىك قىلىپ ئۇقۇڭلار.

## 2 ــــ كتــــاب الإيمــان        ئىماننىڭ كىتابى

### 7 ــــ باب بيان الإِيمان والإِسلام والإِحسان ووجوب الإِيمان بإِثبات قدَر الله سبحانه وتعالى. وبَيان الدليل على التّبرّي ممن لا يؤمن بالقدر، وإغلاظ القول في حقه

**ئىمان،ئىسلام،ئىھساننىڭ بايانى، الله تائالانىڭ تەقدىرىگەئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشلەردىن بىزار بۇلۇشنىڭ دەلىلى، ۋە شۇنداق كىشىلەر ھەققىدە دېيىلگەن قاتتىق ئېغىر سۆزلەرتوغرىسىدا؛**

قالَ أَبُو الْحُسَيْنِ مُسْلِمُ بْنُ الْحَجّاج الْقُشَيْرِيّ ـ رَحِمَهُ الله ـ: بِعَوْنِ الله نَبْتَدِىءُ، وَإيّاهُ نَسْتَكْفِي، وَمَا تَوْفِيقُنَا إلاّ بالله جَلّ جَلاَلُهُ.

ئىمام مۇسلىم رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ بىز بۇ ھەدىس كىتابىنى **الله** نىڭ ياردىمى بىلەن باشلايمىز، **الله** بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز، بىزنىڭ تەۋپىقىمىز، مۇۋەپپىقىيىتىمىز پەقەت **الله** تائالانىڭ ياردىمى بىلەنلا بۇلىدۇ.

59 ـ حدّثني أبو خَيْثمة زُهَيرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ كَهمَسٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ يَعْمَرَ ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. وَهَذَا حَدِيثُهُ: حَدّثنَا أبِي. حَدّثنَا كَهمَسٌ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ يَعْمَرَ قَالَ: كَانَ أوّلَ مَنْ قَالَ بِالْقدرِ بِالْبَصْرَةِ مَعْبَدٌ الْجُهَنِيّ. فَانْطَلَقْتُ أنَا وَحُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِمْيَرِيّ حَاجّيْنَ أوْ مُعْتَمِرَيْنِ فَقُلْنَا: لَوْ لَقِينَا أحَدا مِنْ أصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَسَألْنَاهُ عَمّا يَقُولُ هَؤُلاَءِ فِي الْقَدَرِ. فَوُفّقَ لَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ دَاخِلاً الْمَسْجِدَ، فَاكْتَنَفْتُهُ أنَا وَصَاحِبِي. أحَدُنَا عَنْ يَمِينِهِ وَالآخَرُ عَنْ شِمَالِهِ. فَظَنَنْتُ أنّ صَاحِبِي سَيَكِلُ الْكَلاَمَ إلَيّ. فَقُلْتُ: يَا أبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ! إنّهُ قد ظَهَرَ قِبَلَنَا نَاسٌ يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ وَيَتَقَفّرُونَ الْعِلْمَ. ـ وَذَكَرَ مِنْ شَأْنِهِمْ ـ. وَأنّهُمْ يَزْعُمُونَ أنْ لاَ قَدَرَ. وأنّ الأمْرَ أنُفٌ. قَالَ: فَإذَا لَقِيتَ أولَئِكَ فَأخْبِرْهُمْ أنّي بَرِيءٌ مِنْهُمْ، وَأنّهُمْ بُرَآءُ مِنّي، وَالّذِي يَحْلِفُ بِهِ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ! لَوْ أنّ لأحَدِهِمْ مِثْلَ أحُدٍ ذَهَبا فَأنْفَقَهُ، مَا قَبِلَ الله مِنْهُ حَتّى يُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ. ثُمّ قَالَ: حَدّثَنِي أبِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ، قَالَ: بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ يَوْمٍ، إذْ طَلَعَ عَلَيْنَا رَجُلٌ شَدِيدُ بَيَاضِ الثّيَابِ، شَدِيدُ سَوَادِ الشّعَرِ، لاَ يُرَى عَلَيْهِ أثَرُ السّفَرِ، وَلاَ يَعْرِفُهُ مِنّا أحَدٌ، حَتّى جَلَسَ إلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَأسْنَدَ رُكْبَتَيْهِ إلَى رُكْبَتَيْهِ، وَوَضَعَ كَفّيْهِ عَلَى فَخِذَيْهِ، وَقَالَ: يَا مُحَمّدُ! أخْبِرْنِي عَنِ الإِسْلاَمِ؟. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الإِسْلاَمُ أنْ تَشْهَدَ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ الله وَأنّ مُحَمّدا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَتُقِيمَ الصّلاَةَ، وَتُؤْتِيَ الزّكَاةَ، وَتَصُومَ رَمَضَانَ، وَتَحُجّ الْبَيْتَ، إنِ اسْتَطَعْتَ إلَيْهِ سَبِيلاً» قَالَ: صَدَقتَ. قَالَ فَعَجِبْنَا لَهُ، يَسْألُهُ وَيُصَدّقُهُ. قَالَ: فَأخْبِرْنِي عَنِ الإِيمَانِ!. قَالَ: «أنْ تُؤْمِنَ بِالله، وَمَلاَئِكَتِهِ، وَكُتُبِهِ، وَرُسُلِهِ، وَالْيَوْمِ الآخِرِ، وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرّهِ» قَالَ: صَدَقتَ. قَالَ: فَأخْبِرْنِي عَنِ الإِحْسَانِ؟. قَالَ: «أنْ تَعْبُدَ الله كَأنّكَ تَرَاهُ. فَإنْ لَمْ تَكُنْ تَرَاهُ، فَإنّهُ يَرَاكَ». قَالَ: فَأخْبِرْنِي عَنِ السّاعَةِ؟. قَالَ: «مَا الْمَسْؤُولُ عَنْهَا بِأعْلَمَ مِنَ السّائِلِ» قَالَ: فَأخْبِرْنِي عَنْ أمَارَتِهَا. قَالَ: «أنْ تَلِدَ الأمَةُ رَبّتَهَا. وَأنْ تَرَى الْحُفَاةَ الْعُرَاةَ، الْعَالَةَ، رِعاءَ الشّاءِ، يَتَطَاوَلُونَ فِي الْبُنْيَانِ». قَالَ ثُمّ انْطَلَقَ. فَلَبِثْتُ مَلِيّا. ثُمّ قَالَ لِي: «يَا عُمَرُ! أتَدْرِي مَنِ السّائِلُ؟» قُلْتُ: الله وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قَالَ: «فَإنّهُ جِبْرِيلُ. أتَاكُمْ يُعَلّمُكُمْ دِينَكُمْ».

ماڭا ئەبۇخەيسەمەت زۇھەيرى مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭغا ۋەكىيئ، كەھمەستىن، ئابدۇللاھ تىن، يەھيادىن سۆزلەپ بىرىپتۇ؛....بىزگە ئۇبەيدىللاھى ئىبنى مۇئاز مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭغا دادىسى، دادىسىغا كەھمەس، ئىبنى بۇرەيدەدىن، يەھيادىن مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بىرىپتۇ؛ يەھيا مۇنداق دەيدۇ؛ بەسرادا تۇنجى بولۇپ تەقدىر توغرىسىدا خاتا،بىدئەت سۆز قىلغان كىشى مەئبەدۇلجۇھەنىي ئىدى، مەن ھۇمەيدە ئىبنى ئابدۇررەھمان بىلەن بىللە پەرز ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە ھەج قىلغان ھالدا ماڭدىم، بىز ئىچىمىزدە؛ ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىدىن بىرەر كىشىگە ئۇچۇرشۇپ قالساق، ئەشۇ كىشلەرنىڭ تەقدىر توغرىسىدىكى سۆزلىرى توغرىسىدا سوراپ باقىمىز دېيىشتۇق، بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرگەن ھالدا مۇۋاپىق كىلىپ قالدى، مەن ھەمراھىم بىلەن بىللە بىرىمىز ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنەبىرىمىز ئۇنىڭ سول تەرىپىگەئۇتۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇق، مەن ھەمراھىمنىڭ سۆز قىلىشنى ماڭا تاپشۇرغانلىقىنى گۇمان قىلىپ؛ ئى ئەبا ئابدۇررەھمان! بىز تەرەپتە بىر تۈركۈم كىشلەر ئاشكارا بولدى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئىلمنى ۋايىغا يەتكىچە تەلەپ قىلىپ، چوڭقۇر ئىلىم ئالىدۇ، ..........لېكىن ئۇلار؛ تەقدىر دىگەن نەرسە مەۋجۇد ئەمەس، ئىشلار ئۆزلىكىدىن يېڭىلىنىپ بولۇۋىرىدۇ، ھېچ بىر ئىشقا تەقدىر ياكى الله نىڭ ئىلمى ئىلگىرىلىگەن ئەمەس دەپ داۋا قىلىدۇ دىسەم، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ ئەگەر سەن ئۇلارغا ئۇچۇرشۇپ قالساڭ، مىنىڭ ئۇلاردىن بىزار ئىكەنلىكىمنى، ئۇلارنىڭ مەندىن بىزار ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ دەپ قويغىن، الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنى بار بولۇپ، ئۇ ئەشۇ ئالتۇنلىرىنى الله يولىدا نەپىقە قىلسىمۇ،تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە الله ئۇنىڭدىن بارلىق نەپىقىللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ماڭا دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن:بىر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئالدىدا ئىدۇق،تۇيۇقسىز بىزگە چىچى قوپقارا، ئۇپئاق كىيىملىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ـ ئۇنىڭ ئۇستىدە سەپەرنىڭ ئەسرى كۆرۈلمەيتتى،ئۇنى بىزدىن ھېچ بىر كىشى تونۇمايتتى ـ ئۇكىشى كىلىپ ئىككى تىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئىككى تىزىغا يۆلەپ،ئىككى قولىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى.ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن ئىسلام دىگەن نىمە؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئىسلام دىگەن (يەنى مۇسۇلمانچىلىق دىگەن، ) ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بىرىشىڭ، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇر دىدى.ئاندىن ئۇ:راس دىدىڭ توغرا ئەيتتىڭ دىدى. ــبىز ئۇنىڭ ئۆزى سوئال سوراپ يانا ئۆزى تەستىقلاپ راست دىدىڭ دىيىشىدىن ھەيران قالدۇق.ئۇيانا؛ ماڭا ئىمان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن ئىمان دىگەن نىمە؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىمان دىگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى ــ يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر دىدى.ئۇكىشى : راست دىدىڭ دەپ ماڭا ئىھسان توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئىھسان دىگەن ئاللاھتائالاغا، سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، (ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرلىگەن چاغدا قانداق ئىبادەت قىلساڭ، ھازىرمۇ سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك شۇنداق ئىبادەت قىل، مانا بۇ ئىھسان، )دىدى.ئۇكىشى ماڭا قىيامەت توغرىسىدا خەۋەربەرگىن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : قىيامەت توغرىسىدا سۇئال سورالغۇچى مەن، قىيامەت توغرىسىدا سۇئال سورىغۇچى سەن (جىبرىئىل)دىن ئالىمراق ئەمەسمەن، مەن ساڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ، دەپ بېرەي، دېدەك، چۆرە قىز ئۆز خوجايىنىنى تۇغقاندا، (يەنى دېدەكنىڭ بالىسى باش خوجايىن بولىدۇ، ئەنە شۇ قىيامەت ئالامتى)، يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ كىشىلەر (ئىنسانلارغا باش رەئىس بولىدۇ،بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامتى،) چارۋا ــ مال باقىدىغان، قوي پادىچىللىرى بىناكارلىق قۇرلۇشىنى بىر ــ بىردىن ئىگىز سېلىش بىلەن بەسلىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر،دىدى. ئاندىن ئۇكىشى كەتتى.مەن بىر ئاز تۇرغاندىن كىيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:ئى ئۆمەر ! سوئال سورغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟دىدى.مەن ؛**الله** ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەقىقەتەن ئۇ جىبرىئىل بۇلىدۇ،ئۇسلەرگە دىنىڭلارنى ئۇگىتىپ قويۇش ئۇچۇن كەلگەن دىدى. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇھەدىس ئەقىيدىنىڭ ئاساسى.

### 60 – 61 – 62 – بۇ ئۇچ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**63 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، جَمِيعا عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ، قال زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي حَيّانَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ بْنِ عَمْرِو بْنِ جَرِيرِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْما بَارِزا لِلنّاسِ. فَأَتَاهُ رَجُلٌ. فقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا الإِيمَانُ؟ قَالَ: «أَنْ تُؤْمِنَ بِالله وَمَلاَئِكَتِهِ وَكِتَابِهِ وَلِقَائِهِ وَرُسُلِهِ وَتُؤْمِنَ بِالْبَعْثِ الآخِرِ» قَالَ يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا الإِسْلاَمُ؟ قَالَ: «الإِسْلاَمُ أَنْ تَعْبُدَ الله لاَ تُشْرِكَ بِهِ شَيْئا، وَتُقِيمَ الصّلاَةَ الْمَكْتُوبَةَ، وَتُؤَدّيَ الزّكَاةَ الْمَفْرُوضَةَ، وَتَصُومَ رَمَضَانَ». قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا الإِحْسَانُ؟ قَالَ: «أَنْ تَعْبُدَ الله كَأَنّكَ تَرَاهُ. فَإِنّكَ إِنْ لاَ تَرَاهُ فَإِنّهُ يَرَاكَ». قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَتَى السّاعَةُ؟ قَالَ: «مَا الْمَسْؤُولُ عَنْهَا بِأَعْلَمَ مِنَ السّائِلِ. وَلَكِنْ سَأُحَدّثُكَ عَنْ أَشْرَاطِهَا: إِذَا وَلَدَتِ الأَمَةُ رَبّهَا فَذَاكَ مِنْ أَشْرَاطِهَا. وَإِذَا كَانَتِ الْعُرَاةُ الْحُفَاةُ رُؤسَ النّاسِ فَذَاكَ مِنْ أَشْرَاطِهَا. وَإِذَا تَطَاوَلَ رِعَاءُ الْبَهْمِ فِي الْبُنْيَانِ فَذَاكَ مِنْ أَشْرَاطِهَا، فِي خَمْسٍ لاَ يَعْلَمُهُنّ إِلاّ الله» ثُمّ تَلاَ صلى الله عليه وسلم: {إِنّ الله عِنْدَهُ عِلْمُ السّاعَةِ وَيُنَزّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَاذَا تَكْسِبُ غَدا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيّ أَرْضٍ تَمُوتُ. إِنّ الله عَلِيمٌ خَبِيرٌ} (لقمان آية: 34).**
**قَالَ ثُمّ أَدْبَرَ الرّجُلُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «رُدّوا عَلَيّ الرّجُلَ» فَأَخَذُوا لِيَرُدّوهُ فَلَمْ يَرَوْا شَيْئا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَذَا جِبْرِيلُ. جَاءَ لِيُعَلّمَ النّاسَ دِينَهُمْ».**

بۇھەدىس ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خاتىرلەنگەن بولۇپ يۇقىرقىغائوخشاش ، بۇنىڭدا يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ

گاس ـ گاچا كىشلەر زېمىننىڭ پادىشاسى بولىدۇ، قوي پادىچىللىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بىر ــ بىردىن ئېگىز

سېلىش بىلەن بەسلىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇردەپ ؛بەش غەيىب بولۇپ، ئاللاھدىن باشقا

ھېچ بىر كىشى ئۇنى بىلەلمەيدۇ، « قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەققەتەن **الله**نىڭ

دەرگاھىدىدۇر. **الله** يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ،

بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) **الله**

بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان

ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، **الله**

ھەققەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق

خەۋەرداردۇر.» 31 ــ سۈرە لوقمان، 34 ــ ئايەت)نى ئوقۇدى.كېيىن ئۇكىشىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار دىسە، ئۇلار

ئۇكىشىنى تاپالمايدۇ، ئاندىن؛ ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ،ئۇسىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن دىدى.

**64 ـ65 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

## *8 ــــ باب بيان الصلوات التي هي أحد أركان الإسلام*

## ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈك ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان بەش نامازنىڭ بايانى

**66 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ جَمِيلِ بْنِ طَرِيفِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الثّقفِيّ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ (فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ)، عَنْ أَبِي سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَمِعَ طَلْحَةَ بْنَ عُبَيْدِ اللّهِ يَقُولُ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ أَهْلِ نَجْدٍ، ثَائِرُ الرّأْسِ، نَسْمَعُ دَوِيّ صَوْتِهِ وَلاَ نَفْقَهُ مَا يَقُولُ. حَتّى دَنَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَإِذَا هُوَ يَسْأَلُ عَنِ الإِسْلاَمِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَمْسُ صَلَوَاتٍ فِي الْيَوْمِ وَاللّيْلَةِ» فَقَالَ: هَلْ عَلَيّ غَيْرُهن؟ قَالَ: «لاَ. إِلاّ أَنْ تَطّوّعَ. وَصِيَامُ شَهْرِ رَمَضَانَ» فَقَالَ: هَلْ عَلَيّ غَيْرُهُ؟ فَقَالَ: «لاَ. إِلاّ أَنْ تَطّوّعَ» وَذَكَرَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الزّكَاةَ. فَقَالَ: هَلْ عَلَيّ غَيْرُهَا؟ قَالَ: «لاَ. إِلاّ أَنْ تَطّوّعَ. قَالَ: فَأَدْبَرَ الرّجُلُ وَهُوَ يَقُولُ: وَاللّهِ لاَ أَزِيدُ عَلَى هَذَا وَلاَ أَنْقُصُ مِنْهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَفْلَحَ إِنْ صَدَقَ».**

تەلھەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:نەجىد ئەھلىدىن چاچلىرى چۇۋۇق بىر كىشى كەلدى ، ئۇنىڭ گوڭشىغان

ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، لېكىن بىز ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتۇق.ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ناگاھان ئىسلام توغرىسىدا سوراۋاتىدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۇنىڭغا:بىركېچە كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇشتۇر، دىدى.ئۇ:مېنىڭ ئۈستىمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ناماز

بارمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:ياق ، يوق لېكىن نەپلە ناماز ئوقىساڭ بولىدۇدەپ

ئاندىن رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشتۇر دىدى. ئۇ:مېنىڭ ئۈستىمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ روزا بارمۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:ياق ، يوق لېكىن نەپلە رۇزا تۇتساڭ بولىدۇ،دەپ زاكاتنى تىلغا ئالدى. ئۇ:مېنىڭ ئۈستۈمگە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نەپىقە،سەدىقە بارمۇ؟دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: يوق لېكىن نەپلە سەدىقەقىلساڭ بولىدۇدېدى.ئۇكىشى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭ ئۈستىگە زىيادىمۇ قىلمايمەن،ئۇنىڭدىنمۇ كامىلتۇۋەتمەيمەن دېگىنىچە كەينىگە ئۆرلىپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەگەر بۇكىشى سەمىيمى راستچىل بولسىلا نىجات تاپتى دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**67 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.بۇنىڭدا جەننەتكە كىرىدۇ دېيىلگەن.**

## *9 ـــــ باب السؤال عن أركان الإسلام*

## **ئىسلام دىنىنىڭ تۆۋرۈك ئەركانلىرىدىن سوئال سوراش توغرىسىدا**

**68 ـ حدّثني عَمْرُو بْنُ مُحمّدُ بْن بُكَيْرِ النّاقِدِ: حَدّثنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ أبُو النّضْرِ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: نُهِينَا أَنْ نَسْأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ شَيْءٍ. فَكَانَ يُعْجِبُنَا أَنْ يَجِيءَ الرّجُلُ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ، الْعَاقِلُ، فَيَسْأَلَهُ وَنَحْنُ نَسْمَعُ. فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ، فَقَالَ: يَا مُحَمّدُ! أَتَانَا رَسُولُكَ فَزَعَمَ لَنَا أَنّكَ تَزْعُمُ أَنّ الله أَرْسَلَكَ؟ قَالَ: «صَدَقَ». قَالَ: فَمَنْ خَلَقَ السّمَاءَ؟ قَالَ: «الله» قَالَ: فَمَنْ خَلَقَ الأَرض؟ قَالَ: «الله» قَالَ: فَمَنْ نَصَبَ هَذِهِ الْجِبَالَ، وَجَعَلَ فِيهَا مَا جَعَلَ؟ قَالَ: «الله». قَالَ: فَبِالّذِي خَلَقَ السّمَاءَ وَخَلَقَ الأَرْضَ وَنَصَبَ هَذِهِ الْجِبَالَ، آلله أَرْسَلَكَ؟ قَالَ: «نَعَمْ»، قَالَ: وَزَعَمَ رَسُولُكَ أَنّ عَلَيْنَا خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي يَوْمِنَا وَلَيْلَتِنَا، قَالَ: «صَدَقَ». قَالَ: فَبِالّذِي أَرْسَلَكَ. آلله أَمَرَكَ بِهَذَا؟ قَالَ: «نَعَمْ». قَالَ: وَزَعَمَ رَسُولُكَ أَنّ عَلَيْنَا زَكَاةً فِي أَمْوَالِنَا. قَالَ «صَدَقَ» قَالَ: فَبِالّذِي أَرْسَلَكَ. آللّهُ أَمَرَكَ بِهَذَا؟ قَالَ «نَعَمْ» قَالَ: وَزَعَمَ رَسُولُكَ أَنّ عَلَيْنَا صَوْمَ شَهْرِ رَمَضَانَ فِي سَنَتِنَا. قَالَ: «صَدَقَ». قَالَ: فَبِالّذِي أَرْسَلَكَ، الله أَمَرَكَ بِهَذَا؟ قَالَ: «نَعَمْ». قَالَ: وَزَعَمَ رَسُولُكَ أَنّ عَلَيْنَا حَجّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً. قَالَ: «صَدَقَ». قَالَ، ثُمّ وَلّى. قَالَ: وَالّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقّ! لاَ أَزِيدُ عَلَيْهِنّ وَلاَ أَنْقُصُ مِنْهُنّ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لَئِنْ صَدَقَ لَيَدْخُلَنّ الْجَنّةَ».**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەزى بىر نەرسىلەر توغرىسىدا سوئال سوراشتىن چەكلەنگەن ئىدۇق، بىزنى مۇنداق بىر ئىش خۇرسەن قىلاتتى، يىزا ئەھلىدىن ئەقىللىق كىشىلەر كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوئال سورايتتى، بىز ئۇنى ئاڭلايتتۇق، يىزا ئەھلىدىن بىر كىشى كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ قېشىمىزغا سەن ئەۋەتكەن ئەلچى كېلىپ، **الله** تائالانىڭ سېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى داۋا قىلغانلىقىڭنى ئەيتتى، بۇ راستمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ راست دەپتۇ دېدى، ھېلىقى كىشى؛ ئاسماننى كىم ياراتتى؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛**الله** ياراتتى دېدى، ھېلىقى كىشى؛ زىمىننى كىم ياراتتى؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛**الله** ياراتتى دېدى، ھېلىقى كىشى؛ بۇتاغلارنى كىم مۇشۇنداق ئېگىز تىكلەپ ياراتتى؟ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كىم قىلدى؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛**الله** ياراتتى،**الله** قىلدى دېدى،ئۇكىشى؛ ئاسمان ـ زىمىننى ياراتقان، بۇ تاغلارنى مۇشۇنداق ئېگىز قىلىپ ياراتقان **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا سېنى راست پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شۇنداق دېدى، ئۇ؛ سەن ئەۋەتكەن كىشى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بىركېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئەيتتىغۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ راست دەپتۇ دېدى، ھېلىقى كىشى؛سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا سېنى مۇشنىڭغا راست بۇيرىدىمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شۇنداق دېدى، ئۇ؛ سەن ئەۋەتكەن كىشى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ماللىرىمىزنىڭ زاكىتىنى ئايرىشىمىزنىڭ پەرزلىكىنى ئەيتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ راست دەپتۇ دېدى، ھېلىقى كىشى؛سېنى

پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا سىنى مۇشۇنىڭغا راست بۇيرىدىمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شۇنداق دېدى، ئۇ؛ سەن ئەۋەتكەن كىشى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بىر يىلدا بىر ئاي روزا تۇتىشىمىزنىڭ پەرزلىكىنى ئەيتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ راست دەپتۇ دېدى، ھېلىقى كىشى؛سىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا سىنى مۇشۇنىڭغا بۇيرىدىمۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ھەئە شۇنداق دېدى، ئۇ؛ سەن ئەۋەتكەن كىشى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يول جەھەتتىن قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ھەج قىلىشىنىڭ پەرزلىكىنى ئەيتتى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ راست دەپتۇ دېدى، ئاندىن ھېلىقى كىشى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قايتقاچ؛ سىنى ھەقلىق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى،مەن بۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلمايمەن، ھەم بۇلاردىن ھېچ نەرسىنى كاملاتمايمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ئەگەر بۇكىشى راست ئەيتسە، سەممى سادىق بولالىسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېدى.

**69 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

## *10 ــــــ باب بيان الإيمان الذي يدخل به الجنة وأن من تمسك بما أمر به دخل الجنة*

## جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىماننىڭ بايانى، كىم بۇيرىلغان نەرسىگە مەھكەم ئېسىلىپ(چەكلەنگەن ئىشلاردىن يانسا)ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن توغرىسىدا

**70 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا عَمْرُو بْنُ عُثْمَانَ. حَدّثنَا مُوسىَ بْنُ طَلْحَةَ قالَ: حَدّثنِي أَبُو أيّوبَ، أنّ أعْرَابيا عَرَضَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ فِي سَفَرٍ، فَأَخَذَ بِخِطَامِ نَاقتِهِ أوْ بِزِمَامِهَا، ثُمّ قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أوْ يَا مُحمّدُ أخْبِرْنِي بِمَا يُقرّبُنِي مِنَ الْجَنّةِ وَمَا يُبَاعِدُنِي مِنَ النّارِ. قالَ فَكَفّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، ثُمّ نَظَرَ فِي أَصحَابِهِ، ثُمّ قالَ: «لَقَدْ وُفّقَ أوْ لَقَدْ هُدِيَ» قالَ: «كَيْفَ قُلْتَ؟» قالَ فأعَادَ. فَقالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «تَعْبُدُ الله لاَ تُشْرِكُ بِهِ شَيْئا، وَتُقِيمُ الصّلاَةَ، وَتُؤْتِي الزّكَاةَ، وَتَصِلُ الرّحِمَ، دَعِ النّاقةَ».**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەپەردىكى چاغدا، بىر ئەئرابى كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ، تۆگىسىنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مىنى دووزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى خەۋەر قىلسىلا،دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توختاپ، ئاندىن ساھابىللىرىغا قاراپ؛ھەققەتەن بۇكىشى ھىدايەت تېپىپتۇ، بۇنىڭغا تەۋپىق ئاتا قىلىنىپتۇ دەپ، ئاندىن ئۇكىشىگە؛سەن نىمە دېدىڭ؟دېدى، ئۇكىشى سۆزىنى قايتىلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل،نامازنى ئوقۇغىن،زاكاتنى بەرگىن،(رامىزاندا روزا تۇتقىن)تۇققانلىرىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن،تۆگىنى قويىۋەتكىن دىدى.

**71 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**72 ـ حدّثنا يَحيَى بْنُ يَحيَى التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا أبُو الأحْوَصِ. ح وَحَدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أبُو الأحْوَصِ، عَنْ أبي إسْحَقَ، عَنْ مُوسىَ بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أبي أيّوبَ قالَ: جَاءَ رَجُلٌ إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: دُلّنِي عَلَى عَمَلٍ أعْمَلُهُ يُدْنِينِي مِنَ الْجَنّةِ وَيُبَاعِدُنِي مِنَ النّارِ. قالَ «تَعْبُدُ اللّهِ لاَ تُشْرِكُ بِهِ شَيْئا، وَتُقِيمُ الصّلاَةَ، وَتُؤْتِي الزّكَاةَ، وَتَصِلُ ذَا رَحِمِكَ» فَلَمّا أدْبَرَ، قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إنْ تَمَسّكَ بِمَا أُمِرَ بِهِ دَخَلَ الْجَنّةَ». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ أبي شَيْبَةَ «إنْ تَمَسّكَ بِهِ».**

ئەبۇئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى، ئەگەر مەن قىلسام مەن جەننەتكە كىرەلەيدىغان،مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن،(رامىزاندا روزا تۇتقىن)تۇققانلىرىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن دېدى.ئۇكىشى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قايتقاندا رەسۇلۇللاھ؛ئەگەر بۇكىشى بۇيرۇلغان نەرسىلەرگە مەھكەم ئېسىلالىسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېدى.

**73 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ: حَدّثَنَا عَفّانُ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ أَعْرَابِيّا جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دُلّنِي عَلَى عَمَلٍ إِذَا عَمِلْتُهُ دَخَلْتُ الْجَنّةَ. قَالَ «تَعْبُدُ اللّهَ لاَ تُشْرِكُ بِهِ شَيْئا، وَتُقِيمُ الصّلاَةَ الْمَكْتُوبَةَ. وَتُؤَدّي الزّكَاةَ الْمَفْرُوضَةَ. وَتَصُومُ رَمَضَانَ» قَالَ: وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لاَ أَزِيدُ عَلَى هَذَا شَيْئا أَبدا، وَلاَ أَنْقُصُ مِنْهُ. فَلَمّا وَلّى، قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «مَنْ سَرّهُ أَنْ يَنْظُرَ إِلَى رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الْجَنّةِ، فَلْيَنْظُرْ إِلَى هَذَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى، ئەگەر مەن قىلسام مەن جەننەتكە كىرەلەيدىغان (مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان) بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن، رامىزاندا روزا تۇتقىن دېدى.ئۇكىشى: الله بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭ ئۈستىگە زىيادىمۇ قىلمايمەن،ئۇنىڭدىنمۇ كامىلتىۋەتمەيمەن دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛كىمنى ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشىگە قارشى خۇرسەن قىلسا (يەنى جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشىگە قارشنى ياخشى كورسە)مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن دېدى.مۇتتىپەقۇن ئەلەيھى،بۇخارى،مۇسلىم

**74 ـ حدّثنَا أَبُو بَكْرِ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. وَاللّفْظُ لأَبِي كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَش، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم النّعْمَانُ بْنُ قَوْقَلٍ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ! اللّهِ أَرَأَيْتَ إِذَا صَلّيْتُ الْمَكْتُوبَةَ، وَحَرّمْتُ الْحَرَامَ، وَأَحْلَلْتُ الْحَلاَلَ، أَأَدْخُلُ الْجَنّةَ؟ فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «نَعَمْ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ نوئمان كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا؟ مەن پەرز نامازلارنى ئوقۇسام، ھالال نەرسىلەرنى ھالال دەپ بىلسەم، ھارام نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتقات قىلسام، (ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلمىساممۇ)، مەن جەننەتكە كىرەلەمدىم؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە كىرەلەيسەن دېدى. مۇسلىم .

**75 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

76 ـ وحدّثني  سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا مَعْقِلٌ (وَهُوَ ابْنُ عُبَيْدِ اللّهِ) عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَجُلاً سَأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقالَ: أَرَأَيْتَ إِذَا صَلّيْتُ الصّلَوَاتِ الْمَكْتُوبَاتِ، وَصُمْتُ رَمَضَانَ، وَأَحْلَلْتُ الْحَلاَلَ وَحَرّمْتُ الْحَرَامَ، وَلَمْ أَزِدْ عَلَى ذَلِكَ شَيْئَا، أَأَدْخُلُ الْجَنّةَ؟ قالَ: «نَعَمْ» قالَ: وَاللّهِ لاَ أَزِيدُ عَلَى ذَلِكَ شَيْئَا.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قېنى دەپ باقسىلا؟ مەن پەرز نامازلارنى ئۇقۇسام، رامىزاندا رۇزا تۇتسام، ھالال نەرسىلەرنى ھالال دەپ بىلسەم، ھارام نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتقات قىلسام، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلمىسامىمۇ، مەن جەننەتكە كىرەلەمدىم؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە كىرەلەيسەن دىدى. ئۇكىشى؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ ئىشلارنىڭ ئۇستىگە ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلمايمەن دىدى.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نوقتىللىرى؛**

1 ـ ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پەرز ناماز،رۇزلارنى، ۋە باشقا پەرزلەرنى قىلىپ، ھارامدىن يانسىلا، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلمىسىلا، ئۇكىشى جەننەتكە كىرىدۇ.

2 ـ جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا كىرگۈزىدىغان رەھمەت ئەمەللەرنى سوراش.

3 ـ نامازدەك پەرزلەرنى قىلمىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

## 11 ـــــ *باب بيان أركان الإسلام ودعائمه العظام*

## ئىسلام دىنىنىڭ ئەركانلىرى ۋە ئەڭ چوڭ تۈۋرۈكلىرى توغرىسىدا

77 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ (يَعْنِي سُلَيْمَانَ بْنَ حَيّانَ الأَحْمَرَ) عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَيْدَةَ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «بُنِيَ الإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسَةٍ. عَلَى أَنْ يُوَحّدَ اللّهُ، وَإِقَامِ الصّلاَةِ، وَإِيتَاءِ الزّكَاةِ، وَصِيَامِ رَمَضَانَ، وَالْحَجّ» فقالَ رَجُلٌ: الْحَجّ، وَصِيَامِ رَمَضَانَ؟ قالَ لاَ. صِيَامِ رَمَضَانَ وَالْحَجّ. هَكَذَا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۇستىگە قۇرۇلدى: 1 ـ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، (بۇئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى). 2 ـ ناماز ئوقۇش، 3 ـ زاكات بېرىش. 4 ـ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش  5 ـ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش. بىركىشى؛ ھەج قىلىش ۋە رۇزا تۇتۇشمۇ؟دىۋىدى، ئۇ؛ ياق، رۇزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىشتۇر، مەن رەسۇلۇللاھتىن ئەنە شۇنداق ئاڭلىغان دىدى.

78 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

79 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا عَاصِمٌ (وَهُوَ ابْنُ مُحمّدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ)، عَنْ أَبِيهِ قالَ: قالَ: عَبْدُ اللّهِ: قالَ: رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بُنِيَ الإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسٍ. شَهَادَةِ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، وَأَنّ مُحَمّدا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ. وَإِقَامِ الصّلاَةِ. وَإِيتَاءِ الزّكَاةِ. وَحَجّ الْبَيْتِ. وَصَوْمِ رَمَضَانَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۇستىگە قۇرۇلدى: 1 ـ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، (بۇئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى). 2 ـ ناماز ئوقۇش، 3 ـ زاكات بېرىش. 4 ـ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، 5 ـ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش . ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ، (ئىسنىڭلاردا بولسۇن، ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىدە ، ئىسلام دىنى ئايرىم ، بەش نەرسە، ئايرىم بولۇپ، شۇ بەش نەرسە ئۈستىدە ئىسلام دىنى بولىدۇ، ئۇ بەش نەرسە ئاساسى ئۇلىدۇر، بەش نەرسە دىگەنلىك، ئىسلام دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئۇلىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەكلىپلەر باردۇر.بۇھەدىسنىڭ مۇھىم نوقتىللىرى يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**80 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

## 12 ـــــ باب الأمر بالإيمان بالله تعالى ورسوله صلى الله عليه وسلم وشرائع الدين والدعاء إليه والسؤال عنه وحفظه وتبليغه من لم يبلغه

**ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە، دىنىنىڭ شەرىئەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇش، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش، دىنىنىڭ شەرىئەتلىرى ھەققىدىن سوئال سوراش، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ،باشقىلارغا يەتكۈزۈش توغرىسىدا**

**81 ـ بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.**

**82 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ مُحمّدُ بْنُ الْمُثنَى، وَ مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ. وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقارِبَةٌ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا غُنْدَرٌ، عَنْ شُعْبَةَ، وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبي جَمْرَةَ قالَ: كُنْتُ أُتَرْجِمُ بَيْنَ يَدَيِ ابْنِ عَبّاسٍ، وَبَيْنَ النّاس. فَأَتَتْهُ امْرَأَةٌ تَسْأَلُهُ عَنْ نَبِيذِ الْجَرّ، فَقالَ: إنّ وَفْدَ عَبْدِ الْقَيْسِ أَتَوْا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ الْوَفْدُ؟ أَوْ مَنِ الْقَوْمُ؟» قالُوا: رَبِيعَةُ. قالَ: «مَرْحَبا بِالْقَوْمِ. أَوْ بِالْوَفْدِ. غَيْرَ خَزَايَا وَلاَ النّدَامَى». قالَ: فَقالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! إنّا نَأْتِيكَ مِنْ شُقّةٍ بَعِيدَةٍ، وَإنّ بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ هَذَا الْحَيّ مِنْ كُفّارِ مُضَرَ، وإنّا لا نَسْتَطيع أن نأتيك إلا في شهر الحرام. فَمُرْنَا بِأَمْرٍ فَصْلٍ نُخْبِرُ بِهِ مَنْ وَرَاءَنَا، نَدْخُلُ بِهِ الْجَنّةَ. قالَ: فَأَمَرَهُمْ بِأَرْبَعٍ، وَنَهَاهُمْ عَنْ أَرْبَعٍ. قالَ: أمرهم بالإيمان بالله وَحْدَهُ. وَقالَ: «هَلْ تَدْرُونَ مَا الإِيمَانُ بِاللهِ؟ قالُوا: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قالَ: «شَهَادَةُ أَنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللهُ وَأَنّ مُحَمّدا رَسُولُ اللّهِ، وَإِقَامُ الصّلاَةِ، وَإِيتَاءُ الزّكَاةِ، وَصَوْمُ رَمَضَانَ، وَأَنْ تُؤَدّوا خُمُسا من المغنم» وَنَهَاهُمْ عَنْ الدّبّاءِ وَالْحَنْتَمِ وَالْمُزَفّتِ. قالَ شُعْبَةُ: وَرُبّمَا قالَ: النّقِيرِ. قالَ شُعْبَةُ: وَرُبّمَا قالَ: الْمُقَيّرِ. وَقالَ «احْفَظُوهُ وَأَخْبِرُوا بِهِ مِنْ وَرَائِكُمْ». وَقالَ أَبُو بَكْرٍ فِي رِوَايَتِهِ «مَنْ وَرَاءَكُمْ» وَلَيْسَ فِي رِوَايَتِهِ الْمُقَيّرِ.**

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇ قەيس ئەلچىلىرى كەلگەندە:بۇقەۋملەر ياكى ئەلچىلەر كىم بۇلىدۇ؟ئۇلار:بىز رەبىيئە قەبىلىسى دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەرھابا خۇش كەپسىلەر ، خارلانمايسىلەر،زىيان تارتمايسىلەر،پۇشايمان قىلمايسىلەر دىدى.ئۇلار؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!بىز پەقەت سىلىگە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدىلا كىلىشكە قادىر بۇلالايمىز (چۈنكى)سىلى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇزەر قەبىيلىسىنىڭ كۇپپارلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ قەبىيلە باردۇر.بىزنى ئۇچۇق رۇشەن بىر ئىشقا بۇيرىسىلا ، بىز ئۇنى ئارقىمىزدىكى كىشىلەرگە خەۋەر قىلايلى،شۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتكە كىرەيلى دەپ، ئىچىملىك توغرىسىدا سوراشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەن سىلەرنى تۆت ئىشقا بۇيرۇپ، تۆت ئىشدىن توسىمەن، سىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىمان كەلتۈرۈشكلارغا بۇيرۇيمەن، بىر ئالاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ دىدى.ئۇلار؛ الله ۋەرەسۇلى ئەئلەم دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەقىقەتەن بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ بەشتەن بىرنى تاپشۇرۇشتۇر. مەن سىلەرنى قاپاقتا ياسالغان قاچىدىن، دەرەخ كۆتىكىدىن ياسالغان تۇلۇمدىن، لاي بىلەن يۇگىدىن قاندىن ياسالغان قاچىدىن، رومكىلاردىن توسىمەن، سىلەر بۇنى ئوبدان يادلاپ ساقلاپ، ئارقاڭلاردا قالغان كىشلەرگە خەۋەر قىلىڭلار دىدى. بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى قاتارلىقلار خاتىرلىگەن سەھىھ ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىستە، تۆتكە بۇيرۇيمەن دەپ، بەشنى بۇيرۇغان مەسىلىگە ئالىملار مۇنداق دىگەن، تۆتنى ۋەدە بويىچە بۇيرۇغان، بەشىنچىسىنى قوشۇپ قويغان. چۈنكى، ئۇلار ئورۇش ۋاختىدائىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزەر قەبىلىسىنىڭ كاپىرلىرى بىلەن يېقىن ياشايتتى، ھەج تېخى پەرز بولمىغاچقا تىلغا ئالمىغان. يۇقىرقى ئىچىملىك، تۇلۇن، قاچا ـــ تاۋاقلارنىڭ چەكلىنىشى مەنسۇخ قىلىنغان ،يەنى ئەمەلدىن قالغان ،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سىلەرنى تۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىچىملىك چىلاشىدىن توسقان، ئەمدى ھەرقانداق نەرسە بولسا چىلاپ ئىچىڭلار، ئەمما، مەس قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار دىگەن، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، جۇمھۇر ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرقى قاچامەسىلىسى مەنسۇخ ، ئەمەلدىن قالغان دىدى.

83 –84 ـ 85 ـ بۇ ھەدىسلەرمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.لېكىن ئازراقتىن پەرقى باردۇر، بۇھەدىسنىڭ ئاخىرىدا:« ئى ئەشەج! ھەققەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت ئىش بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ مېھرىبانلىق، تەمكىنلىك بىلەن ئېغىر ــ بېسىقلىق يەنى ئالدىراڭغۇ ئەمەس.»دىگەن سۆز ۋە ئاغزى بۇغلىنىدىغان تىرە تۇلۇمدا ئىچىملىك ئىسەڭلار بولىدۇ، مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئىچىپ مەست بولۇپ قىلىپ، بىرىڭلار تاغىسىنىڭ بالىسىنى يەنى ئۆز قېرىندىشىنى قىلىچ بىلەن چېپىۋتىدۇ دىگەن ئىللەتلەر باردۇر.

## 13 ـــــ باب الدعاء إلى الشهادتين وشرائع الإسلام

## شاھادەت كەلىمىللىرىگە چاقىرىش ۋە ئىسلام دىرىنىڭ شەرئەتلىرى

87 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، جَمِيعا عَنْ وَكِيعٍ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ زَكَرِيّاءَ بْنِ إِسْحَقَ. قَالَ: حَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ صَيْفِيَ عَنْ أَبِي مَعْبَدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ. قَالَ ـ أَبُو بَكْرٍ: رُبّمَا قَالَ وَكِيعٌ ـ: عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ[1] أَنّ مُعَاذا قَالَ: بَعَثَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «إِنّكَ تَأْتِي قَوْما مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ. فَادْعُهُمْ إِلَى شَهَادَةِ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ. وَأَنّي رَسُولُ اللّهِ فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذَلِكَ. فَأَعْلِمْهُمْ أَنّ اللّهَ افْتَرَضَ عَلَيْهِمْ خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي كُلّ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذَلِكَ فَأَعْلِمْهُمْ أَنّ اللّهَ افْتَرَضَ عَلَيْهِمْ صَدَقَةً تُؤْخَذُ مِنْ أَغْنِيَائِهِمْ فَتُرَدّ فِي فُقَرَائِهِمْ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذَلِكَ، فَإِيّاكَ وَكَرَائِمَ أَمْوَالِهِمْ. وَاتّقِ دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ[1] فَإِنّهُ لَيْسَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ اللّهِ حِجَابٌ».

ئىبنى ئابباس ،مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم م نى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سەن ئەھلى كىتابلار غا يەنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بارىسەن، ئۇلارغا بارغاندا، ئۇلارنى

ھەققەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ھەققەتەن ئاللاھنىڭ بىر كېچە ــ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىپ، نامازنى ئوقۇسا ئۇلارغا ھەققەتەن ئاللاھتائالانىڭ زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا شۇ ئىشلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئىسىللىرىنى، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، مەزلۇمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، ھەققەتەن ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب، پەردە يوقتۇر، (يەنى تېز ئىجاۋەت بولۇپ، سەن ھالاك بولىسەن) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**88 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**89 ـ حدّثنا أُمَيّةُ بْنُ بِسْطَامَ الْعَيْشِيّ: حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْع: حَدّثنَا رَوْحٌ (وَهُوَ ابْنُ الْقَاسِمِ)، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ، عَنْ يَحْيَىَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ صَيْفِيَ، عَنْ أَبِي مَعْبَدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمّا بَعَثَ مُعَاذاً إِلَى الْيَمَنِ قَالَ: «إِنّكَ تَقْدَمُ عَلَى قَوْمٍ أَهْلِ كِتَابٍ. فَلْيَكُنْ أَوّلَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ عِبَادَةُ الله عَزّ وَجَلّ. فَإِذَا عَرَفُوا الله، فَأَخْبِرْهُمْ أَنّ الله فَرَضَ عَلَيْهِمْ خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي يَوْمِهِمْ وَلَيْلَتِهِمْ. فَإِذَا فَعَلُوا، فَأَخْبِرْهُمْ أَنّ الله قَدْ فَرَضَ عَلَيْهِمْ زَكَاةً تُؤْخَذُ مِنْ أَغْنِيَائِهِمْ فَتُرَدّ عَلَى فُقَرَائِهِمْ. فَإِذَا أَطَاعُوا بِهَا، فَخُذْ مِنْهُمْ، وَتَوَقّ كَرَائِمَ أَمْوَالِهِمْ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن سەن ( يەنى ئى مۇئاز)، ئەھلى كىتاب بولغان قەۋملەرگە بارسەن، ئۇلارنى چاقىرىپ، دەۋەت قىلغان نەرسەڭنىڭ تۇنجىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولسۇن، ئىبادەتۇللاھ بولسۇن، ئۇلار ئاللاھنى تونىغاندا، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ــ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئۇلار ئۇنى قىلىپ بەش نامازنى ئوقۇسا، ھەققەتەن، ئاللاھتائالا ئۇلارغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ئىتائەت قىلسا، زاكات ماللىرىنى ئۇلاردىن سەن ئال، لېكىن، كىشلەرنىڭ ماللىرىنىڭ ئىسىللىرىنى، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، قاتتىق ساقلان، بەيھەقىمۇ.

## *14 ـــــ باب الأمر بقتال الناس حتى يقولوا لا إله إلا الله محمد رسول الله.*

**ويقيموا الصلاة ويؤتوا الزكاة، ويؤمنوا بجميع ما جاء به النبي صلى الله عليه وسلم، وأن من فعل ذلك عصم نفسه وماله إلا بحقها، ووكلت سريرته إلى الله تعالى. وقتال من منع الزكاة أو غيرها من حقوق الإسلام، واهتمام الإمام بشعائر الإسلام**

كىشلەرتاكى «ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا، زاكات بەرگەنگە، رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش، كىم شۇنداق قىلسا، جېنىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئىسلام ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا،ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى **الله** قا تاپشۇرۇلىدۇ، ناماز ئوقۇمىغان، زاكات بەرمىگەن، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئىسلام ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەن توغرىسىدا، ۋە ئىمامنىڭ ئىسلام شەرىئەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىشى توغرىسىدا؛

**90 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثُ بْنُ سَعْدٍ، عَنْ عقَيلٍ، عَنِ الزّهْرِيّ. قالَ: أَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: لَمّا تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَاسْتُخْلِفَ أَبُو بَكْرٍ بَعْدَهُ، وَكَفَرَ مَنْ كَفَرَ مِنَ الْعَرَبِ، قالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ لأَبِي بَكْرٍ: كَيْفَ تُقَاتِلُ النّاسَ، وَقَدْ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ حَتّى يَقُولُوا: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. فَمَنْ قالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله فَقَدْ عَصَمَ مِنّي مَالَهُ وَنَفْسَهُ إِلاّ بِحَقّهِ، وَحِسَابُهُ عَلَى الله؟» فَقالَ أَبُو بَكْرٍ: وَالله لأُقَاتِلَنّ مَنْ فَرّقَ بَيْنَ الصّلاَةِ وَالزّكَاةِ، فَإِنّ الزّكَاةَ حَقّ الْمَالِ، وَالله لَوْ مَنَعُونِي عِقَالاً كَانُوا يُؤَدّونَهُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَقَاتَلْتُهُمْ عَلَى مَنْعِهِ. فَقالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: فَوَالله مَا هُوَ إِلاّ أَنْ رَأَيْتُ الله عَزّ وَجَلّ قَدْ شَرَحَ صَدْرَ أَبِي بَكْرٍ لِلْقِتَالِ. فَعَرفتُ أَنّهُ الْحَقّ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلاندى، ئەرەپلەردىن كاپىر بولۇشقا تېگىشلىك كىشلەر مۇرتەد بولۇپ كاپىر بولۇپ كەتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى ئەبۇبەكرى! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛« مەن تاكى كىشلەر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، (ھەقىقەتەن مەن يەنى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، مەندىن قانلىرىنى يەنى جانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، ئىسلام ھەققى نى (يەنى جازالار، خۇن تۆلەشلەرنى، ئوغۇرلۇقتا قولنىنىڭ كېسىلىشىنى) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاللاھقىدۇر، (يەنى مەن تاشقى مۇئامىلىنى بىلسەممۇ ئىچكى سىرىنى ئاللاھى بىلىدۇ) دىگەن تۇرسا، سەن ئەمدى كىشلەر بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىسەن؟ دىدى.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن زاكات بىلەن نامازنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋەتكەن كىشى بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇمىغان ياكى زاكات بەرمىگەن كىشى بىلەن) ئۇرۇش قىلىمەن، (يەنى ئۇنى ئۆلتۈرىمەن) زاكات مالنىڭ ھەققى، **الله** بىلەن قەسەمكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئادا قىلىپ بىرىپ كەلگەن بىردانە ساغلىق ئوغلاق چاغلىق زاكاتنى، ماڭا ئادا قىلىپ بەرمىسە، ئەلۋەتتە مەن شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن، دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** تائالا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنىڭ قەلبىنى ھەق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا كەڭ ئېچىپتۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەق، توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم دېدى. بۇخارى مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**91 ـ وحدّثنا أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسى قَالَ: أَحْمَدُ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ [1] أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ حَتّى يَقُولُوا: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ. فَمَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، عَصَمَ مِنّي مَالَهُ وَنَفْسَهُ إِلاّ بِحَقّهِ. وَحِسَابُهُ عَلَى اللّهِ».**

بۇ ھەدىسنىمۇ مۇسلىم، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەقەت بۇ ھەدىستە، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسىلا، مېلىنى، جېنىنى ساقلاپ قېلىپ، ھېسابى ئاللاھقا بولغان. ئىسلام قانۇنى ئىچىدە جىنايەت سادىر قىلسا، يەنىلا جازالىنىدۇ، ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئۈچ خىل ئىشلار بېكىتىلدى، ئىسلام كەلتۈرۈپ، مۇسلمان بولسا، ياكى جىزىيە، قان بېجى تاپشۇرسا، ئۆلتۈرمەسلىك ياكى يۇقىردا دېگەندەك، ئىسلام يۇرتىغا كۆچۈپ، بويسۇنۇپ تۇرۇش، ئەگەر بۇ شەرتلەرگە ئۇنىمسا، ئاندىن ئۇرۇشۇش، ئۆلتۈرۈش لازىم كېلىدۇ، پادىشاھلىقنى بىر ئاللاھقىلا خاس قىلىش لازىم.

**92 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ)، عَنْ الْعَلاَءِ. ح وَحَدّثَنَا أُمَيّةُ بْنُ بِسْطَامَ، وَاللّفْظُ لَهُ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ ابْنِ يَعْقُوبَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ حَتّى يَشْهَدُوا أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. وَيُؤْمِنُوا بِي وَبِمَا جِئْتُ بِهِ. فَإِذَا فَعَلُوا ذَلِكَ عَصَمُوا مِنّي دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ إِلاّ بِحَقّهَا. وَحِسَابُهُمْ عَلَى الله».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ماڭا ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگەيەنى قۇرئان ھەدىسكە شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئاخىرى يۇقىرىغا ئوخشاش مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**93 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ:. حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ، وَعَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ» بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو بَكْرِ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِيَ) قَالاَ جَمِيعاً: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ حَتّى يَقُولُوا: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. فَإِذَا قَالُوا: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله عَصَمُوا مِنّي دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ إِلاّ بِحَقّهَا. وَحِسَابُهُمْ عَلَى الله». ثُمّ قَرَأَ: {إِنّمَا أَنْتَ مُذَكّرٌ. لَسْتَ عَلَيْهِمْ بِمُسَيْطِرٍ}. (88الغاشية الآيتان: 12 22).**

ئەبۇ ھۈرە، يرەجابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛مەن تاكى كىشىلەر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مەن يەنى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، مەندىن قانلىرىنى يەنى جانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، ئىسلام ھەققى (يەنى جازالازى، خۇن تۆلەشلەرنى، ئوغۇرلۇقتا قولىنىڭ

كېسىلىشىنى) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاللاھقىدۇر، (يەنى مەن تاشقى مۇئامىلىنى بىلسەممۇ ئىچكى سىرىنى ئاللاھى بىلىدۇ)ئاندىن سۈرە غاشىيەنىڭ 21 ـ 22 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى. بەيھەقى، تۆت كىتاب، يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەرمۇ توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر دىگەن.

**94 ـ حدّثنا أبُو غسّانَ الْمِسْمَعِيّ، الْمَلِكِ بْنُ عَبْدِ الْوَاحِدِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمِلِكِ بْنُ الصبّاحِ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ وَاقِدِ بْنِ مُحمّدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنُ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النّاسَ حَتّى يَشْهَدُوا أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، وَأَنّ مُحَمّدا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَيُقِيمُوا الصّلاَةَ وَيُؤْتُوا الزّكَاةَ. فَإِذَا فَعَلُوا عَصَمُوا مِنّي دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ إِلاّ بِحَقّهَا. وَحِسَابُهُمْ عَلَى اللّهِ»..**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن تاكى كىشلەر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار شۇنداق قىلسا، مەندىن قانلىرىنى، مال ـــ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، (ئۇنداق قىلمىسا ساقلاپ قالالمايدۇ) ئىسلام ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ( يەنى ھەد، جازالار. ) ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقىدۇر، بەيھەقى،مۇسلىم ئىبنى ئۆمەردىن، نەسەئى ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئىبنى ماجە، ھاكىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان، سەھىھ.لىكىن مۇسلىم ئىسلام ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنانى دىمىگەن.

**95 ـ وحدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ قَالاَ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ (يَعْنِيَانِ الْفَزَارِيّ). عَنْ أَبِي مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، وَكَفَرَ بِمَا يُعْبَدُ مِنْ دُونِ اللّهِ، حَرُمَ مَالُهُ وَدَمُهُ. وَحِسَابُهُ عَلَى اللّهِ».**

ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان بارلىق باتىل نەرسىلەرگە كاپىر بولسا، يەنى تانسا، ئۇنىڭ جېنى، قېنى، مېلى ھارام، يەنى چەكلىنىدۇ، ھېسابى ئاللاھقىدۇر، (يەنى ئىچكى دۇنياسى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**96 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

### *15 ـــــ باب الدليل على صحة إسلام من حضره الموت، ما لم يشرع في النزع*

**وهو الغرغرة ونسخ جواز الاستغفار للمشركين. والدليل على أن من مات على الشرك فهو في أصحاب الجحيم. ولا ينقذه من ذلك شيء من الوسائل**

**جان ھالقۇمغا كىلىپ قالمىسلا، ئۆلۈم ھازىر بولغان كىشىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولىشىنىڭ دۇرۇسلىقى، مۇشرىكلەرگە مەغپىرەت سوراشنىڭ دۇرۇسلىقىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى، شىرىك ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىنىڭ دەۋزەخ ئەھلىدىن بولىشى، ئۇنداق كىشىنى ھېچ بىر ۋەسىلىنىڭ دەۋزەختىن قۇتقۇزالماسلىقى توغرىسىدا؛**

**97 ـ وحدّثني  حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: لَمّا حَضَرَتْ أَبَا طَالِبٍ الْوَفَاةُ. جَاءَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَوَجَدَ عِنْدَهُ أَبَا جَهْلٍ، وَعَبْدَ اللّهِ ابْنَ أَبِي أُمَيّةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا عَمّ! قُلْ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. كَلِمَةً أَشْهَدُ لَكَ بِهَا عِنْدَ الله» فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ وَعَبْدُ اللّهِ ابْنُ أَبِي أُمَيّةَ: يَا أَبَا طَالِبٍ! أَتَرْغَبُ عَنْ مِلّةِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ؟ فَلَمْ يَزَلْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَعْرِضُهَا عَلَيْهِ، وَيُعِيدُ لَهُ تِلْكَ الْمَقَالَةَ، حَتّى قَالَ أَبُو طَالِبٍ آخِرَ مَا كَلّمَهُمْ: هُوَ عَلَى مِلّةِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ. وَأَبَى أَنْ يَقُولَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَما وَالله! لأَسْتَغْفِرَنّ لَكَ مَا لَمْ أُنْهَ عَنْكَ» فَأَنْزَلَ الله عَزّ وَجَلّ: {مَا كَانَ لِلنّبِيّ وَالّذِينَ آمَنُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوا أُولِي قُرْبَى مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيّنَ لَهُمْ أَنّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ} (التوبة الآية:  113). وَأَنْزَلَ الله تَعَالَى فِي أَبِي طَالِبٍ، فَقَالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: {إِنّكَ لاَ تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنّ الله يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ}. (القصَص آية:  56).**

سەئىدئىبنى مۇسەييىبنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇتالىپ ۋاپات بولۇش ئالدىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇجەھىلنى، ئىبنى ئەبۇئۇمەييەلەرنى ئۇچراتتى، رەسۇلۇللاھ ؛«ئى تاغا! **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىگەن بىر ئېغىز كەلىمىنى دەڭ، مەن شۇ كەلىمە بىلەن **الله** نىڭ دەرگاھىدا گۇۋاھلىق بىرەي» دىسە، ئەبۇجەھىل بىلەن ئىبنى ئەبۇئۇمەييە؛ئى ئەبۇتالىپ!سەن ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈمسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا شۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەشۇ سۆزنى قايتىلاۋەردى، ئەبۇتالىپ ئاخىرىدا؛ ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ مىللىتىدە بۇلىدىغانلىقىنى دەپ، «لائىلاھە ئىللە**الله**»دىيىشكە ئۇنىمىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن چەكلەنمىسەملا، سەن ئۈچۈن مەغپىرەت سورايمەن دېدى، ئاندىن **الله** تائالا«  پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دەۋزەخ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس»دېگەن ئايەتنى ئەبۇتالىپ توغرىسىدا نازىل قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛«      شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن **الله** ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، **الله** ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.    » سۈرە قەسەس 56 ـ ئايەتنى ئۇقۇدى.

**98 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**99 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ۋە تۆۋەنگە ئوخشاشتۇر.**

**100 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ كَيْسَانَ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِعَمّهِ «قُلْ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، أَشْهَدُ لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ» قَالَ: لَوْلاَ أَنْ تُعَيّرَنِي قُرَيْشٌ. يَقُولُونَ: إِنّمَا حَمَلَهُ، عَلَى ذَلِكَ، الْجَزَعُ، لأَقْرَرْتُ بِهَا عَيْنَكَ. فَأَنْزَلَ اللّهُ: {إِنّكَ لاَ تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنّ الله يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ}. (القصَص آية:  56).**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسىغا:« ئى تاغا!  «لائىلاھە ئىللە**الله**»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىگەن بىر ئېغىز كەلىمىنى دەڭ، مەن شۇ كەلىمە بىلەن **الله** نىڭ دەرگاھىدا گۇۋاھلىق بىرەي» دىسە، تاغىسى ئەبۇتالىپ؛ ئەگەر قۇرەيشلەر؛ ئەبۇتالىپنى شۇنداق دىيىشكە

جەزە ـ پەزەلىرى مەجبۇرلاپتۇ دەپ، مىنى ئەيىبلىمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە مەن شۇ كەلىمىنى دېيىش بىلەن سىنى خاتىرجەم قىلاتتىم دەپ، «لائىلاھە ئىللەللاھ»دېيىشكە ئۇنىمىدى،ئاندىن **الله** تائالا:« شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن **الله** ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، **الله** ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. » سۈرە قەسەس 56 ـ ئايەتنى نازىل قىلدى.ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يېڭگىلرەكى ئەبۇتالىپتۇر، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياق كەيدۈرلىدۇ، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ.بۇخارى.

## 16 ـــــ باب الدليل على أن من مات على التوحيد دخل الجنة قطعا

### كىم تەۋھىد ئۈستىدە ئۆلسە، ئۇكىشى قەتئى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن توغرىسىدا؛

101 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، كِلاَهُمَا عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ. قَالَ: أَبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا ابْنُ عُلَيّةَ عَنْ خَالِدٍ. قَالَ: حَدّثنِي الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ، عَنْ حُمْرَانَ، عَنْ عُثْمَانَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ مَاتَ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنّهُ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله دَخَلَ الْجَنّةَ». حدّثنا مُحمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. حَدّثنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ. حَدّثنَا خَالِدٌ الْحذّاءُ، عَنِ الْوَلِيدِ أَبِي بِشْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ حُمْرَانَ يَقُولُ: سَمِعْتُ عُثْمَانَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ مِثْلَهُ سَوَاءً.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ،( لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ) ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەدمۇ.

102 ـ بۇ ھەدىسمۇ تۆۋەنگە ئوخشاشتۇر.

103 ـ حدّثنا سَهْلُ بْنُ عُثْمَانَ وَ أَبُو كُرَيبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاءِ، جَمِيعا عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قَالَ أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَوْ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ (شَكّ الأَعْمَشُ) قَالَ: لَمّا كَانَ غَزْوَةُ تَبُوكَ، أَصَابَ النّاسَ مَجَاعَةٌ. قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! لَوْ أَذِنْتَ لَنَا فَنَحَرْنَا نَوَاضِحَنَا، فَأَكَلْنَا وَادّهَنّا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «افْعَلُوا» قَالَ فَجَاءَ عُمَرُ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنْ فَعَلْتَ قَلّ الظّهْرُ. وَلَكِنِ ادْعُهُمْ بِفَضْلِ أَزْوَادِهِمْ. ثُمّ ادْعُ الله لَهُمْ عَلَيْهَا بِالْبَرَكَةِ. لَعَلّ الله أَنْ يَجْعَلَ فِي ذَلِكَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «نَعَمْ» قَالَ فَدَعَا بِنِطَعٍ فَبَسَطَهُ. ثُمّ دَعَا بِفَضْلِ أَزْوَادِهِمْ. قَالَ فَجَعَلَ الرّجُلُ يَجِيءُ بِكَفّ ذُرَةٍ. قَالَ وَيَجِيءُ الآخَرُ بِكَفّ تَمْرٍ. قَالَ وَيَجِيءُ الآخَرُ بِكِسْرَةٍ. حَتّى اجْتَمَعَ عَلَى النّطَعِ مِنْ ذَلِكَ شَيْءٌ يَسِيرٌ. قَالَ فَدَعَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَيْهِ بِالْبَرَكَةِ. ثُمّ قَالَ: «خُذُوا فِي أَوْعِيَتِكُمْ» قَالَ: فَأَخَذُوا فِي أَوْعِيَتِهِمْ. حَتّى مَا تَرَكُوا فِي الْعَسْكَرِ وِعَاءً إِلاّ مَلأُوهُ، قَالَ: فَأَكَلُوا حَتّى شَبِعُوا، وَفَضَلَتْ فَضْلَةٌ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، وَأَنّي رَسُولُ اللّهِ، لاَ يَلْقَى الله بِهِمَا عَبْدٌ، غَيْرَ شَاكٍ، فَيُحْجَبَ عَنِ الْجَنّةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،تەببۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنى كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتتى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ كىتىپ، ئۇلار تۆگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە رۇخسەت سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ رۇخسەت قىلدى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! تۆگە بەكلا ئاز قالدى،كىشلەرنى چاقىرسلا، ئۇلار ئۇزۇقلىرىنىڭ ئاشقانلىرىنى ئەكەلسۇن، ئاندىن سىلى ئۇنىڭغا بەركەت تىلەپ **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى،

رەسۇلۇللاھ ﷺ: بۇلىدۇ شۇنداق قىلاي دەپ، سۇپۇر ـ دوسقان كەلتۈرۈپ سېلىپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇقلىرىنىڭ قېلىپ قالغانلىرىنى كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى، بەزى كىشى بىر چاڭگال قوناق ئېلىپ كەلسە، بەزىسى بىر چاڭگال خورما ئېلىپ كىلەتتى، يەنەبەزىسى سۇنۇق ـ پۇچۇقناننى ئېلىپ كەلدى، ھەتتا بەزىلەر شۇمۇپ، ئۇستىگە سۇ ئوتلايدىغان خورما ئۇرىقىنىمۇ ئېلىپ كەلدى، شۇنداق قىلىپ دوسقان ئۇستىگە ئازراق نەرسە دۆۋلەشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ؛ خۇجۇن ـ تۇلۇنلىرىڭلارغا ئېلىڭلار دېدى، ئۇلار بوخچا ـ تۇلۇنلىرىغا لىق ـ لىق ئالدى، ئەسكەرلەر ئىچىدە بىرمۇ خۇجۇن ـ بوخچا قويماي ھەممىسىنى تاماقىقا لىق توللىدى، ئۇلار تويغىچە يېدى، يەنە تېخى ئېشىپمۇ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، اللە تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن اللە نىڭ ئەلچىسى، ھەرقانداق بىر بەندە شەك قىلمىغان ھالدا اللە تائالاغا مۇشۇ ئىككى گۇۋاھلىق كەلىمىسى بىلەن ئۇچراشسا، ئۇ بەندە جەننەتتىن پەردىلىنىپ قالمايدۇ ،يەنى ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،دېدى.

**104 ـ حدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ: حَدّثنَا الْوَلِيدُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنِ ابْنِ جَابِرٍ. قَالَ: حَدّثنِي عُمَيْرُ بْنُ هَانِىءٍ. قَالَ: حَدّثنِي جُنَادَةُ ابْنُ أَبِي أُمَيّةَ. حَدّثنَا عُبَادَةُ بْنُ الصّامِتِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَالَ: أَشْهَدُ أَنّ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وَأَنّ مُحَمّدا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، وَأَنّ عِيسَى عَبْدُ اللّهِ وَابْنُ أَمَتِهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِنْهُ، وَأَنّ الْجَنّةَ حَقّ، وَأَنّ النّارَ حَقّ، أَدْخَلَهُ الله مِنْ أَيّ أَبْوَابِ الْجَنّةِ الثّمَانِيَةِ شَاءَ».**

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە: «ھەقىقەتەن يەككە ــ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئەيسامۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھ مەريەمگە تاشلىغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى، ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان روھدۇر، ھەقىقەتەن جەننەت ھەق، دوۋزاخ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىش ھەق» دىسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ قايسىدىن خالىسا، قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا، ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. (يەنى، جەننەتتىكى دەرىجىسى، ئەمەللىرى بىلەن بولىدى). ئەھمەد، بەيھەقىمۇ.

**105 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**106 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ عَجْلاَنَ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنُ حَبّانَ، عَنِ ابْنِ مُحَيْرِيزٍ، عَنِ الصّنَابِحِيّ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ أَنّهُ قَالَ: دَخَلْتُ عَلَيْهِ وَهُوَ فِي الْمَوْتِ، فَبَكَيْتُ. فَقَالَ: مَهْلاً. لِمَ تَبْكِي؟ فَوَالله لَئِنِ اسْتُشْهِدْتُ لأَشْهَدَنّ لَكَ. وَلَئِنْ شُفّعْتُ لأَشْفَعَنّ لَكَ. وَلَئِنْ اسْتَطَعْتُ لأَنْفَعَنّكَ. ثُمّ قَالَ: وَالله مَا مِنْ حَدِيثٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَكُمْ فِيهِ خَيْرٌ إِلاّ حَدّثْتُكُمُوهُ. إِلاّ حَدِيثا وَاحِدا. وَسَوْفَ أُحَدّثُكُمُوهُ الْيَوْمَ، وَقَدْ أُحِيطَ بِنَفْسِي. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ شَهِدَ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، وَأَنّ مُحَمّدا رَسُولُ اللّهِ. حَرّمَ الله عَلَيْهِ النّارَ».**

ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە،

ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ناماز ئوقۇمسا، تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچسە ئۆلتۈرۈش، جازانە، ئۆسۈم قىلسا، ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولۇش، سۇخەنچى جەننەتكە كىرەلمەسلىك قاتارلىق نۇرغۇن بۈيرۇق ۋە چەكلىمىلەر ئۆتتى، مەخسەت، بۇ دىگەن دىنسىزلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش، بىر دىندىن ئىسلام دىنىغا بىر ئەقىيدىدىن ئىسلام ئەقىيدىسىگە، بىر قانۇندىن ئىسلام قانۇنىغا يۆتكىلىشتۇر، سەيىيد قۇتۇپ، بۇ بىر قۇرۇق سۆز بولماستىن، ئىككى لەۋ دەپ قويىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، بۇ بىر مەنھەج، پىروگراما، يول ۋە ئەمەلدۇر دىگەن. ھاياتلىق پىروگرامىسى يول بەلگىسى، ئىسلام شۇئارى، بايرىقى، بۇ دىگەنلىك شۇ بايراق ئاستىدا ھەققى مۆئمىن مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن بولىدۇ. ياكى ئالىملار بۇ ھەدىس، مەككىدىكى چاغدا ھېچ نەرسە پەرىز قىلىنىشىدىن بۇرۇن پەرىز قىلىنماستا دىيىلگەن دىگەن. ئاندىن كىيىن، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جەڭگە چىققانلاردىن مۇناپىقلار چىقتى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا، دىنسىزلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھەرىكەت قىلىپ، تىلىدا ئىمان ئېيتىپ، دىلىدا ئىنكار قىلىپ، مۇناپىق بولدى، سۈرە تۆۋبە، سۈرە مۇنافىقۇن چۈشتى، دىمەك، بۇ بىر شۇئار، بايراقتۇر. شۇ بايراق ئاستىدا ھەققى مۆئمىن بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، شۇ ئىماننى ساقلاپ كېتەلىسە، ھاياتنىڭ ئاخىرىدا شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئۆلەلىسە، مانا مۇشۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ شاھادەت كەلىمىسى ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر، ئاللاھ ئالىم. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز، بۇ ھەدىس بىلەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ دىگەن ھەدىسنى شەرھىيلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ.

1. ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، ئۆلۈش ئالدىدىكى شاھادەت كەلىمىسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

2. بۇ ھەدىس ھېچبىر پەرىزئەمەل پەرز قىلىنىشدىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدا دىيىلگەن.

3. بۇ بىر دىندىن دىنىغا، ئەقىيدىدىن ئەقىيدىگە، قانۇن ـ تۈزۈم، پىرىنسىپدىن يەنە بىر قانۇنغا چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

4. بۇ شاھادەت كەلىمىسى، سەيىيد قۇتۇپ دىگەندەك ئىككى لەۋ بىلەن سۆرۈپ قويىدىغان قۇرۇق سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، ھاياتلىق يول بەلگىسى، ھاياتلىق پروگرامىسى، بۇ بىر ئەمەلدۇر.

5. بۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمدۇر، شۇنداق دىمەي ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەم جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ.

6. شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئەمەل قىلغىچە ئارىلىقدا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**107 ـ بۇ ھەدىسمۇ تۇۋەنگە ئوخشاشتۇر.**

108 ـ حدّثنا أبُو بَكْر ابْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثنا أبُو الأحْوَص سَلاَمُ بْنُ سُلَيْمٍ، عَنْ أبي إسْحَقَ، عَنْ عَمرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ: كُنْتُ رِدْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. عَلَى حِمَارٍ يُقَالُ لَهُ عُفَيْرٌ. قَالَ: فَقَالَ: يَا مُعَاذُ! أتَدْرِي مَا حَقّ اللّهِ عَلَى الْعِبَادِ وما حقّ العبادِ عَلَى اللهِ؟ قَالَ قُلْتُ: الله وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قَالَ: «فَإنّ حَقّ اللّهِ عَلَى الْعِبَادِ أنْ يَعْبُدُوا اللّهَ ولاَ يُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا. وَحَقّ الْعِبَادِ عَلَى اللّهِ عَزّ وَجَلّ أنْ لاَ يُعَذّبَ مَنْ لاَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا» قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أفَلا أبَشّرُ النّاسَ؟ قَالَ: «لاَ تُبَشّرْهُمْ. فَيَتّكِلُوا».

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:مەن ئۇپەير دېيىلىدىغان ئېشەكنىڭ ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا منىگىشكىلىك ئىدىم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟ بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھدىن ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمە بىلەمسەن؟ مەن:الله ۋەرەسۇلى ئەئلەم دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى بولسا، ئاللاھنىڭ، ئۆزىگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازابلىماسلىقدۇر،دېدى.مەن؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن بۇ خۇش بىشارەت بىلەن كىشىلەرگە بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بىشارەت ئېلىۋالسۇن دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛بىشارەت بەرمە،ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار، شۇ بىشرەتكىلا يۆلىنىۋالىدۇ، ئەمەل قىلغىلى قويغىن دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارىي، مۇسلىم، ترمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 109 ـ110 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

111 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ الْحَنَفِيّ: حَدّثنا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. قَالَ حَدّثني أبُو كَثِيرٍ قَالَ: حَدّثني أبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: كُنّا قُعُودا حَوْلَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مَعَنَا أبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ، فِي نَفَرٍ. فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ بَيْنِ أظْهُرِنَا. فَأبْطَأ عَلَيْنَا. وَخَشِينَا أنْ يُقْتَطَعَ دُونَنَا. وَفَزِعْنَا فقُمْنَا. فَكُنْتُ أوّلَ مَنْ فَزِعَ. فَخَرَجْتُ أبْتَغِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّى أتَيْتُ حَائِطا لِلأنْصَارِ لِبَنِي النّجّارِ. فَدُرْتُ بِهِ هَلْ أجِدُ لَهُ بَابا. فَلَمْ أجِدْ.فإذَا رَبِيعٌ يَدْخُلُ فِي جَوْفِ حَائِطٍ مِنْ بِئْرٍ خَارِجَةٍ (وَالرّبِيعُ الْجَدْوَلُ) فاحْتَفَزْتُ كَمَا يَحْتَفِزُ الثّعْلَبُ. فَدَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقَالَ «أبُو هُرَيْرَةَ؟» فقُلْتُ: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ. قَالَ: «مَا شَأنُكَ؟» قُلْتُ: كُنْتَ بَيْنَ أظْهُرِنَا. فقُمْتَ فَأبْطأتَ عَلَيْنَا. فَخَشِينَا أنْ تُقْتطَعَ دُونَنَا. فَفَزِعْنَا. فَكُنْتُ أوّلَ مَنْ فَزِعَ. فَأتَيْتُ هَذَا الْحَائِطَ. فاحْتَفَزْتُ كَمَا يَحْتَفِزُ الثّعْلَبُ. وَهَؤُلاءِ النّاسُ وَرَائِي فقَالَ: «يَا أبَا هُرَيْرَةَ»(وَأعْطَانِي نَعْلَيْهِ) قَالَ «اذْهَبْ بِنَعْلَيّ هَاتَيْنِ. فَمَنْ لَقِيتَ مِنْ وَرَاءِ هَذَا الْحَائِطِ يَشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ. مُسْتَيْقِنا بِهَا قَلْبُهُ. فَبَشّرْهُ بِالْجَنّةِ» فَكَانَ أوّلَ مَنْ لَقِيتُ عُمَرُ. فقَالَ: مَا هَاتَانِ النّعْلاَنِ يَا أبَا هُرَيْرَةَ؟!فقُلْتُ: هَاتَيْنِ نَعْلاَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بَعَثَنِي بِهِمَا. مَنْ لَقِيتُ يَشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ مُسْتَيْقِنا بِهَا قَلْبُهُ، بَشّرْتُهُ بِالْجَنّةِ. فَضَرَبَ عُمَرُ بِيدِهِ بَيْنَ ثَدْيَيّ. فَخَرَرْتُ لاِسْتِي. فقَالَ: ارْجِعْ يَا أبَا هُرَيْرَةَ. فَرَجَعْتُ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأجْهَشْتُ بُكَاءً. وَرَكِبَنِي عُمَرُ فَإذَا هُوَ عَلَى أثَرِي. فقَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَالَكَ يَا أبَا هُرَيْرَةَ؟» قُلْتُ: لَقِيتُ عُمَرَ فَأخْبَرْتُهُ بِالّذِي بَعَثْتَنِي بِهِ. فَضَرَبَ بَيْنَ ثَدْيَيّ ضَرْبَةً. خَرَرْتُ لاِسْتِي. قَالَ: ارْجِعْ. فقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا عُمَرُ! مَا حَمَلَكَ على ما فعَلْتَ؟» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِأبِي أنْتَ وَأمّي. أبَعَثْتَ أبَا هُرَيْرَةَ بِنَعْلَيْكَ، مَنْ لَقِيَ يَشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ مُسْتَيْقِنا بِهَا قَلْبُهُ، بَشّرَهُ بِالْجَنّةِ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قَالَ: فَلاَ تَفْعَلْ. فَإنّي أخْشَى أنْ يَتّكِلَ النّاسُ

**عَلَيْهَا. فَخَلِّهِمْ يَعْمَلُونَ. قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم: «فَخَلِّهِمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىز ئەبۇ بەكرى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق بىرنەچچە نەپەر كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدۇق،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىتى ئۈچۈن ئارىمىزدىن تۇرۇپ كىتىپ، بىزگە كىچىكىپ قالدى. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر مۇسىبەت يىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، چۈچۈپ،ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. ئەنسىرەپ قورقىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولدۇم،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ چىقىپ ، ئەنسارلاردىن بولغان بەنى نەججارنىڭ باغ ـ بوستانلىقىغا كىلىپ،بىرەر ئىشىكنى تاپارمەنمىكىن دەپ باغنى ئايلاندىم،لىكىن ئىشىك تاپالمىدىم،ناگاھان باغنىڭ تېشىدىكى قۇدۇقتىن باغ ئىچىگە سۇ كىرىدىغان كىچىك بىر ئېرىق تۇرىدۇ،مەن تۈلكە تۇگۇلگەندەك تۇگۇلۇپ ، ئۆمىلەپ شۇ ئېرىقتىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەبۇ ھۇرەيرىمۇ؟دىدى.مەن ھەئە يارەسۇلەﷲ!دىسەم،بۇيەردە نىمە ئىش قىلىسەن، نىمە ئىشىڭ بار؟دىدى.مەن؛سىلى ئارىمىزدا ئىدىلە،كىيىن ئارىمىزدىن تۇرۇپ كىتىپ، بىزگە كىچىكىپ قالدىلا، بىز سىلىگە بىرەر مۇسىبەت يىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، چۈچۈپ،ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. ئەنسىرەپ قورقىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولدۇم ، ئاندىن سىلىنى ئىزدەپ مۇشۇ باغقا كىلىپ، تۈلكە تۇگۇلگەندەك تۇگۇلۇپ ، ئۆمىلەپ يانلىرىغا كىردىم،ئاۋۇ كىشىلەر ئارقامدا قالدى دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئىككى ئايىقىنى بىرىپ؛ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە!سەن بۇ ئىككى ئايىقىمنى ئاپىرىپ، دەلىل ئىسپات قىلىپ،ساڭا مۇشۇ باغنىڭ ئارقىسىدا بىرەر كىشى ئۇچۇرشۇپ،چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،لائىلاھە ئىللەﷲ ، **ﷲ** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە،ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن دىدى.كىشىلەردىن مەن ئۇچراشقان كىشىنىڭ تۇنجىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبولدى،ئۇماڭا؛ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە!بۇئىككىسى نىمە ئاياقتۇر؟دىدى.مەن؛بۇئىككىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىقى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى مۇشۇ ئايىقى بىلەن ئەۋەتتى، چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،«لائىلاھە ئىللەﷲ» **ﷲ** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئۇچراشسام، ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بىرىمەن دىسەم،ئۇ مىنىڭ كۆكسىمگە بىرنى ئۇرىۋىدى،مەن ئارقامچە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتۇم،ئۇماڭا؛ئى ئەبۇھۇرەيرە!ئارقاڭغا قايت!!دىدى.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قايتىپ كەلدىم، رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كىتىپ، رەسۇلۇللاھنى چۆچتۇپ، قورقۇتىۋەتتىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئەگىشىپ ئارقامدىنلا كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!ساڭا نىمە بولدى؟دىدى.مەن ؛ مەن تۇنجى بۇلۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ ، سىلى مىنى ئەۋەتكەن ئىشلارنى خەۋەر قىلسام،ئۇ مىنىڭ كۆكسىمگە بىرنى ئۇرىۋىدى،مەن ئارقامچە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتۇم،ئۇماڭا؛ئى ئەبۇھۇرەيرە!ئارقاڭغا قايت!!دىدى.دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى ئۆمەر!نىمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ،شۇنداق قىلىشىڭغا نىمە سەبەب بولدى؟دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن،سىلى راستىنلا ئەبۇ ھۇرەيرىنى ئىككى ئاياقلىرى بىلەن ئەۋەتىپ،ئەگەرسەن چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ،«لائىلاھە ئىللەﷲ» **ﷲ** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئۇچراشساڭ، ئۇكىشىگە جەننەت بىلەن خۇش

بشارەت بەرگىن دەپ ئەۋەتتىلما؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە شۇنداق دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئۇنداق قىلمىسلا چۈنكى مەن كىشلەرنىڭ شۇ شاھادەت كەلىمىسىگىلا يۆلىنىۋىلىپ،ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن ، ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قويسىلا دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بولۇپتۇ ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قويۇڭلار دىدى.مۇسلىم

**112 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ: أَخْبَرَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ: قَالَ: حَدّثَنِي أَبِي، عَنْ قَتَادَةَ قَالَ: حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ نَبِيّ اللّهَ صلى الله عليه وسلم، وَمُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ رَدِيفُهُ عَلَى الرّحْلِ، قَالَ «يَا مُعَاذُ» قَالَ: لَبّيْكَ رَسُولَ اللّهِ وَسَعْدَيْكَ. قَالَ: «يا مُعَاذُ»، قَالَ: لَبّيْكَ رَسُولَ اللّهِ وسَعْدَيْكَ. قَالَ: «يا مُعَاذُ» قَالَ: لَبّيْكَ رَسُولَ اللّهِ وسَعْديْكَ قَالَ: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، وَأَنّ مُحَمّدا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، إِلاّ حَرّمَهُ الله عَلَى النّارِ» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَفَلاَ أُخْبِرُ بِهَا النّاسَ فَيَسْتَبْشِرُوا؟ قَالَ: «إِذا يَتّكِلُوا» فَأَخْبَرَ بِهَا مُعَاذٌ عِنْدَ مَوْتِهِ، تَأَثّما.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە كىتىۋەتىپ ئارقىسغا مىنگىشگىلىك مۇئازغامۇنداق دىگەن: ئى مۇئاز! مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛لەببەي يا رەسۇلە **الله** ! مانامەن خىزمەتلىرىگە تەيياردەپ ئۈچ قېتىم دىيىشكەندىن كيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەر قانداق بىر كىشى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ، بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن بۇ خۇش بىشارەت بىلەن كىشلەرگە بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بىشارەت ئىلىۋالسۇن دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار، شۇ بىشارەتكىلا يۆلىنىۋالىدۇ، ئەمەل قىلغىلى قويغىن دىگەن. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛بۇنى يوشۇرسام گۇناھكار بولۇپ قالىمەن دەپ،ۋاپاتىنىڭ ئالدىدىلا خەۋەر قىلغان ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى ۋە بۇخارىي، مۇسلىم.

**113 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ الْمُغِيرَةِ) قَالَ: حَدّثَنَا ثَابِتٌ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: حَدّثَنِي مَحْمُودُ بْنُ الرّبِيعِ، عَنْ عِتْبَانَ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ. فَلَقِيتُ عِتْبَانَ. فَقُلْتُ: حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكَ. قَالَ: أَصَابَنِي فِي بَصَرِي بَعْضُ الشّيْءِ. فَبَعَثْتُ إِلى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّي أُحِبّ أَنْ تَأْتِيَنِي فَتُصَلّيَ فِي مَنْزِلِي فَأَتّخِذَهُ مُصَلّى. قَالَ: فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَمَنْ شَاءَ الله مِنْ أَصْحَابِهِ. فَدَخَلَ وَهُوَ يُصَلّي فِي مَنْزِلِي. وَأَصْحَابُهُ يَتَحَدّثُونَ بَيْنَهُمْ. ثُمّ أَسْنَدُوا عُظْمَ ذَلِكَ وَكُبْرَهُ إِلَى مَالِكِ بْنِ دُخْشُمٍ. قَالُوا: وَدّوا أَنه دَعَا عَلَيْهِ فهلك. وَوَدّوا أَنّهُ أَصَابَهُ شَرّ. فَقَضَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الصّلاَةَ. وَقَالَ: «أَلَيْسَ يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَأَنّي رَسُولُ اللّهِ؟» قَالُوا: إِنّهُ يَقُولُ ذَلِكَ. وَمَا هُوَ فِي قَلْبِهِ. قَالَ: «لاَ يَشْهَدُ أَحَدٌ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَأَنّي رَسُولُ اللّهِ فَيَدْخُلَ النّارَ، أَوْ تَطْعَمَهُ». قَالَ أَنَسٌ: فَأَعْجَبَنِي هَذَا الْحَدِيثُ. فَقُلْتُ لاِبْنِي: اكْتُبْهُ. فَكَتَبَهُ.**

ئىبنى مالىك رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەدىنىگە كىلىپ، ئىتبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ؛ ماڭا سەندىن بىر ھەدىس يەتتىغۇ؟دىسەم، ئۇ؛ كۆزۈمگە بىر نەرسە تىگىپ كىتىپ كۆرمەس بولۇپ قالدى، ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ سىلىنىڭ مىنىڭ ئۆيۈمگە كىلىپ ناماز ئۇقۇپ بىرىشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇ جاينى نامازگاھ قىلىۋالسام دەپ كىشى ئەۋەتتىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ، **الله** تائالا كىلىشىنى خالىغان ساھابىللىرى بىلەن بىللە كىلىپ، ئۆيۈمگە كىرىپ ناماز ئۇقۇپ بەردى، بۇ چاغدا ساھابىللىرى ئۆز ئارا (مۇناپىقلەر توغرىسىدا)سۆزلىشىپ، ئاندىن كيىن ئۇلار قىلىشقان سۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭىنى، مۇناپىقلەرنىڭ قەبىھ ئىشلىرىنى

مالىك ئىبنى دۇخشۇمغا نىسبەت بىرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇكىشىگە قارشى دۇئا قىلىشىنى، ئاندىن ئۇنىڭ ھالاك بولىشىنى، ئۇنىڭغا بىرەر ياماللىقنىڭ يېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ؛ سىلەر گېپىنى قىلىشقان ئۇكىشى «**اللہ** تىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مىنىڭ **اللہ** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە» گۇۋاھلىق بەرمەمدۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ئۇ بۇسۆزنى تىلىدا دەيدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە يوق دېدى، رەسۇلۇللاھ؛كىم «**اللہ** تىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مىنىڭ **اللہ** نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە» گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشى دوْزەخكە كىرمەيدۇ، ياكى ئۇنى دوْزەخ ئوتى كۆيدۇرمەيدۇ،دېگەن، دېدى، ئەنەس مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى بۇھەدىس بەكلا خۇرسەن قىلىۋەتتى، مەن ئوغلۇمغا؛ سەن بۇھەدىسنى يېزىۋالغىن دىدىم، ئۇ يېزىۋالدى.

**114 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

## *17ـــــ باب الدليل على أن من رضي بالله ربا وبالإسلام دينا وبمحمد صلى الله عليه وسلم رسولاً، فهو مؤمن وإن ارتكب المعاصي الكبائر*

**115 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ يَحْيَى ابْنِ أبي عُمَرَ الْمَكّيّ، وَ بشْرُ بْنُ الْحكَم. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيز (وَهُوَ ابْنُ مُحمّدٍ) الدّرَاوَرْدِيّ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ، عَنِ الْعَبّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ أَنّهُ سَمعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «ذَاقَ طَعْمَ الإِيمَانِ، مَنْ رَضِيَ باللهِ رَبّا، وَبالإِسْلاَمَ دِينا، وَبِمُحَمّدٍ رَسُولاً».**

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالاغا رەب جەھەتتىن رازى بولغان ، ئىسلام دىنىغا دىن جەھەتتىن رازى بولغان، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولغان كىشى ئىماننىڭ تەمىنى ھەقىقى تېتىغان بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا «مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ــ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئاللاھقا رەب تەرەپتىن رازى بولدۇم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولدۇم» دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## *18 ـــــ باب بيان عدد شعب الإيمان وأفضلها وأدناها، وفضيلة الحياء، وكونه من الإيمان*

**ئىمان شاخچىللىرىنىڭ سانى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكى، ھايانىڭ پەزىيلىتى توغرىسىدا؛**

**116 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ وَ عبد بنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: حَدّثنَا أَبُو عَامِرٍ الْعَقدِيّ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بلاَلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «الأيمَانُ بِضْعٌ وَسَبْعُونَ شُعْبَةً. وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الأيمَانِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**117 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الإِيمَانُ بِضْعٌ وَسَبْعُونَ، أَوْ بِضْعٌ وَسِتّونَ شُعْبَةً، فَأَفْضَلُهَا قَوْلُ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللهُ، وَأَدْنَاهَا إِمَاطَةُ الأَذَى عَنِ الطّرِيقِ، وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإِيمَانِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن 70 نەچچە ياكى 60 نەچچە شاخچىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دېگەن شۇئار سۆزىدۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يوقۇتۇشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر،بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 60 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مەن بۇ جايدا ھەممىمىزنىڭ كامىل مۆئمىنلەردىن بولۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھى، ئىزاھاتلىرىدىن ئاشۇ 70 نەچچە شاخچىلارنى يېزىشنى لايىق كۆردۈم، ئىلىنغان ئورۇن، بۇخارى شەرھىسى پەتھۇلبارى، مشكات شەرھىسى مرقات، **ئىماننىڭ 70 نەچچە شاخچىلىرى؛**

1. ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىسىم ــ سۈپەتلىرىگە ئوخشىشى يوق زات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.
2. پەرىشتىلىرىگە. 3. كىتابلىرىغا، 4. ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە، 5. تەقدىرىگە ئىشىنىش.
6. ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش.
7. قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە، ھېساب، مىزان، سىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ــ دوۋزاخقا ئىشىنىش.
8. ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش.
9. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.
10. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.
11. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش.
12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلۇغلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش.
13. ئىخلاس قىلىش، رىياخور، مۇناپىق بولماسلىق.
14. تۆۋبە قىلىش. 15. ئاللاھدىن قورقۇش. 16. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش. 17. شۈكرى قىلىش. 18. ۋاپا قىلىش. 19. سەۋرى قىلىش. 20. رازى بولۇش. 21. تەۋەككۇل قىلىش، 22. رەھىم ــ شەپقەت قىلىش.
23. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، شەيخلەرگە ھۆرمەت قىلىش.
24. كىبىر قىلماسلىق، تەئەججۇپلەنمەسلىك.

25. ھىقدە، ھەسەد قىلماسلىق.
26. غەزەپ قىلماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق.
27. تەۋھىد كەلىمىسىنى، شاھادەتنى تىلىدا ئىقرار قىلىش.
28. قۇرئان تىلاۋىتى، 29. ئىلىم ئېلىش.
30. ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئۆگىتىش.
31. دۇئا قىلىش، 32. زىكىر ـــ تەسبىھ، ئىستىغفار.
33. لەغۋە، قۇرۇق سۆز ـــ ھەرىكەتتىن يىراق بولۇش.
34. ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش.
35. ئەۋرەتنى يېپىش، 36. پەرز ۋە نەپلە ناماز، 37 ـــ زاكات.
38. قۇل ئازاد قىلىش، 39. سېخىيلىق قىلىش، تائام بېرىش.
40. مېھماننى ھۆرمەتلەپ كۈتۈش، 41. پەرىز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش.
42. ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش.
43. تاۋاب قىلىش، 44. رامىزاندا ئېتىكاپ قىلىش.
45. قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تۈنەش.
46. دىنسىزلار زېمىنىدىن، ئىمانى، دىنى بىلەن كۆچۈش، پىتنىدىن قېچىش.
47. ۋەدىگە نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەمگە ۋاپا قىلىش، كاپارەت بېرىش.
48. نىكاھ بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش.
49. ئەھلى باللىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش.
50. ئاتا ـــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ۋارقىرىماسلىق.
51. ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيلەش.
52. سىلە ـــ رەھىيم قىلىش، تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.
53. ئىسلامي باشلىق، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش، خادىم، قۇللارغا مېھرىبان بولۇش.
54. خەلىپە، ئەمىيرلىكنى بەرپا قىلىشى، ئادىل بولۇش.
55. خەلىپە جامائىتىگە، مەسجىد جامائىتىگە ئەگىشىش، ئايرىلىۋالماسلىق.
56. خەلىپىلەرگە، ئەمىير، باشچىلارغا ئىتائەت قىلىش.
57. كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈش.
58. ياخشىلىققا ياردەم بېرىش.
59. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش.
60. ھەد، جازالارنى تۇرغۇزۇش.
61. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، تەييارلىق قىلىش.
62. ئامانەتنى ئادا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق.
63. قەرزنى ۋاپا قىلىپ قايتۇرۇش.

64. خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش.
65. مۇئامىلىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش، ئەخلاقتا گۈزەل بولۇش.
66. پۇل ــ مالنى ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تېپىش.
67. ماللارنى ئىسراپ قىلماي، جايىدا خەژلەش.
68. سالام قايتۇرۇش، 69. چۈشكۈرۈككە جاۋاپ قايتۇرۇش، تەشەككۈر بىلدۈرۈش.
70. كەك قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش.
71. ئاللاھ يولىغا ،ئىسلام جىھاد يولىغا دەۋەت قىلىش.
72. لەھۋەلەغۋىدىن، ئەزىيەتتىن، ئازاربىرىشتىن يىراق بولۇش، ھارامدىن يىراق بولۇش.
73. مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىۋېتىش.

يۇقىرسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! تۆۋىنى يولدىن ئەزىيتنى يوقۇتۇش، ئوتتۇر دەرىجىسى ھايا قىلىش بولغان 70 نەچچە ئىمان شاخچىسى ئەنە شۇلاردۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم. يۇقىرقى شاخچامەسىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىلدۇر، دەلىللەر يۇقىردا ئۆتتى، يەنە كېلىدۇ، ئەي ئىنسانلار، ئەي مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مانا مۇشۇ شاخچىلارنى مۇكەممەل قىلىپ، كامىل ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇپ، جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، دىدارىنى كۆرۈشنى قولغا كەلتۈرەيلى! ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!.

**118 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلاً يَعِظُ أَخَاهُ فِي الْحَيَاءِ، فَقَالَ: «الْحَيَاءُ مِنَ الإِيمَانِ».**
**119 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الأَسْنَادِ وَقَالَ: مَرّ بِرَجُلٍ مِنَ الأَنْصَارِ يَعِظُ أَخَاهُ.**

سالىمنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىغا ھايا قىلىش توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ؛ (ئۇنى قويۇۋەت)ھايا قىلىش دىگەن ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر دېدى.

**120 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى، وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا السّوّارِ يُحَدّثُ، أَنّهُ سَمِعَ عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «الْحَيَاءُ لاَ يَأْتِي إِلاّ بِخَيْرٍ» فَقَالَ بُشَيْرُ بْنُ كَعْبٍ: إِنّهُ مَكْتُوبٌ فِي الْحِكْمَةِ: أَنّ مِنْهُ وَقَاراً وَمِنْهُ سَكِينَةً. فَقَالَ عِمْرَانُ: أُحَدّثُكَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَتُحَدّثُنِي عَنْ صُحُفِكَ؟.**

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايا قىلىش پەقەت ياخشىلىقنىلا ئېلىپ كېلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقتىنلا كېلىدۇ، (يەنى ھايا قىلىش، ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقتىن ھاسىل بولىدۇ)ئاندىن بۇشەير؛ ھىكمەتلىك كىتاپلاردىمۇ« ھايا قىلىشتىن ئۇلۇغلۇق، چوڭ سۈپەتلىك، دىلى خاتىرجەملىك ، تىنچلىق كېلىدۇ»دەپ يېزىلغاندۇر دېدى، ئىمران؛ مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ھەدىس سۆزلەۋاتسام، سەن ماڭا ھىكمەتلىك دەپتىرىڭدىن سۆزلەۋاتامسەن تېخى دەپ،(قاتتىق غەزەپ قىلىپ كەتتى) بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھايا دىگەن بارچە ياخشىلىقتۇر، ياكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ھايادۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**121 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

## 19 ــ جامع أوصاف الإسلام

**122 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ إسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ، جَمِيعا عَنْ جَرِيرٍ. ح وَحَدّثَنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ، كُلّهُمْ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ سُفْيَانَ بْنِ عَبْدِ الله الثّقَفِيّ قالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ قُلْ لِي فِي الإسْلاَمِ قوْلاً، لاَ أسْأَلُ عَنْهُ أحدا بَعْدَكَ (وَفِي حَدِيثِ أبِي أُسَامَةَ غَيْرَكَ) قالَ: «قُلْ آمَنْتُ بالله فَاسْتَقِمْ».**

سوپيان ئىبنى ئابدۇللاھ سۇقەپىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ:مەن ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم !ماڭا ئىسلام دىنىدا (ھەممىگە كۇپايە بولغىدەك )بىرسۆزنى ئەيتىپ بەرسلە،مەن بۇندىن كيىن ئۇسۆز توغرۇلۇق سىلىدىن باشقا ھېچ بىر كىشىدىن سورماي دىسەم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دىگىن، ئاندىن مۇستەھكەم، چىڭ تۇر، ئىماندا چىڭ تۇرغىن، ئىستىقامەت قىل دىدى، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 20 ـــ باب بيان تفاضل الإسلام، وأي أموره أفضل

### ئىسلام دىني ئىشلىرىنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟دىگەن توغرىسىدا؛

**123 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ: أخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أبِي حَبِيبٍ، عَنْ أبِي الْخَيْرِ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عَمْرٍو أنّ رَجُلاً سَأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أيّ الإسْلاَمِ خَيْرٌ؟ قالَ: «تُطْعِمُ الطّعَامَ. وَتَقْرَأُ السّلاَمَ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئىسلامنىڭ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟دەپ سورغاندا رەسۇلۇللاھ: كىشىلەرگە تاماق بېرىشىڭ، سەن تۇنۇغان ۋە تۇنىمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭدۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**124 ـ وحدّثنا أبُو الطّاهِرِ بْنِ عَمْرِو بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عمرو بْنِ سَرْحِ الْمَصْرِيّ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ أبِي حَبِيبٍ، عَنْ أبِي الْخَيْرِ أنّهُ سَمِعَ عَبْدَ الله بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ يَقُولُ: إنّ رَجُلاً سَأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أيّ الْمُسْلِمِينَ خَيْرٌ؟ قالَ: «مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ».**

**125 ـ حدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: جَمِيعا عَنْ أبِي عَاصِمٍ: قالَ عَبْدٌ: أنْبَأنَا بُو عَاصِمٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ أنّهُ سَمِعَ أبَا الزّبَيْرِ يَقُولُ: سَمِعْتُ جَابِرا يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ».**

**126 ـ وحدّثني سَعِيدُ بْنُ يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الأمَوِيّ: قالَ: حَدّثَنِي أبِي: حَدّثَنَا أبُو بُرْدَةَ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أبِي بُرْدَةَ بْنِ أبِي مُوْسَى عَنْ أبِي بُرْدَةَ، عَنْ أبِي مُوسَى، قالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أيّ الْمُسْلِمِينَ أفْضَلُ؟ قالَ: «مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ».**

**127 ـ وَحَدّثَنِيهِ إبْرَاهِيمَ بْنُ سَعِيدٍ الْجَوْهَرِيّ: حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ قالَ: حَدّثَنِي بُرَيْدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بِهَذَا الأسْنَادِ قالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أيّ الْمُسْلِمِينَ أفْضَلُ؟ فَذَكَرَ مِثْلَهُ.**

ئىبنى ئەمرۇ،جابىر،ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشىراقى؟دەپ سورغاندا،ئەبۇمۇسانىڭكىدە؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان دېگەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن(يەنى تىلى بىلەن قولىنىڭ ئەزىيىتىدىن) سالامەت قالغان كىشىدۇر. (مۇھاجىر، ھىجرەت قىلغۇچى دېگەن، ئاللاھ چەكلىگەن، توسقان نەرسىدىن يانغان، تەرىك ئەتكەن كىشىدۇر). بۇخارى، مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى دېگەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىنىڭ، قولىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر، (مۇسۇلمانلار، زىيىنىدىن سالامەت قالمىغان كىشى مۇسۇلمان ئەمەس)، مۆئمىن دېگەن، مۆئمىنلەر قانلىرىغا، ماللىرىغا، جانلىرىغا، ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولغان، ئىشەنگەن كىشىدۇر.(يەنى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر). ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 21 ــــ باب بيان خصال من اتصف بهنّ وجد حلاوة الإيمان

## ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپقىلى بولىدىغان خىسلەتلەر توغرىسىدا؛

128 ـ حدّثنا إسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ، و مُحمّدُ بْنُ يَحْيَى بْن أبي عُمَرَ، و مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ، جَمِيعا عَنِ الثّقفِيِّ. قال ابْنُ أبي عُمَرَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ، عَنْ أيّوبَ، عَنْ أبي قِلابَةَ، عَنْ أنَسٍ عَنْ النّبيِّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «ثلاثٌ مَنْ كُنّ فِيهِ وَجَدَ بِهِنّ حَلاَوَةَ الإيمَانِ، مَنْ كَانَ اللهُ وَرَسُولُهُ أحَبّ إلَيْهِ مِمّا سِوَاهُمَا، وَأنْ يُحِبّ الْمَرْءَ لاَ يُحِبّهُ إلاّ للهِ، وَأنْ يَكْرَهَ أنْ يَعُودَ فِي الْكُفْرِ بَعْدَ أنْ أنْقَذَهُ اللهُ مِنْهُ، كَمَا يَكْرَهُ أنْ يُقْذَفَ فِي النّارِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدە ئۈچ خىسلەت ئىش بولىدىكەن،ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى، لەززىتىنى تېتىيدۇ. بىرىنچى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك، دوستراق بولۇشى. ئىككىنچى، ئۇ ، مۇسۇلمان دوستىنى ، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتۇشى. ئۈچىنچى، ئاللاھتائالا ئۇنى كۇپرىلىقىدىن قۇتقازغاندىن كېيىن، خۇددى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشنى ياقتۇرمىغاندەك ئۇ كۇپرىلىققا قايتىشنى قەتئىي ياقتۇرماسلىقىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

129 ـ130 ـ بۇ ھەدىسنى يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## 22 ـــــ باب وجوب محبة رسول الله صلى الله عليه وسلم أكثر من الأهل والولد والوالد والناس أجمعين.

## وإطلاق عدم الإيمان على من لم يحبه هذه المحبة

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەھلى ـ بالىلىرىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن، ھەتتا بارلىق كىشىلەردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى، رەسۇلۇللاھنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرمىگەن كىشىدە ئىماننىڭ يوقلىقى

131 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّة. ح وَحَدّثنا شَيْبَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثنا عَبْدِ الْوَارِثِ، كِلاهُمَا عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ، عَنْ أنسِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يُؤْمِنُ عَبْدٌ ـ وفي حَدِيثِ عَبْدِ الوَارِثِ ـ الرّجُلُ حَتّى أكُونَ أحبّ إلَيْهِ مِنْ أهْلِهِ وَمَالِهِ وَالنّاس أجْمَعِينَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىركىشى، مەن ئۇنىڭغا ئەھلى ـ بالىلىرىدىن، (ئاتا ــ ئانىسىدىن،)مال ـ دۇنيالىرىدىن، ھەتتا بارلىق كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك، دوستراق بولمىغىچە ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ.

132 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ، قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ: حَدّثنا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحدّثُ عَنْ أنَس بْنِ مَالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ يُوءمِنُ أحَدُكُمْ حَتّى أكُونَ أحَبّ إلَيْهِ مِنْ وَلَدِهِ وَوَالِدِهِ وَالنّاسِ أجْمَعِينَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، مەن ئۇنىڭغا بالىلىرىدىن، ئاتا ــ ئانىسىدىن، بارلىق كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك، دوستراق بولمىغىچە ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ.

ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارىي،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 23 ـــــ باب الدليل على أن من خصال الإيمان أن يحب لأخيه المسلم ما يحب لنفسه من الخير

### ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ياخشىلىقنى،مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش،ئىماننىڭ خىسلىتى

133 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ: حَدّثنا شُعْبَةُ. قالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أنَس بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللّهِ عَنْهُ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يُؤْمِنُ أحَدُكُمْ حَتّى يُحِبّ لأخِيهِ (أوْ قالَ لِجَارِهِ) مَا يُحِبّ لِنَفْسِهِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياكى خوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

134 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ حُسَيْنِ الْمُعَلّمِ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ ، عن النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لاَ يُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتّى يُحِبّ لِجَارِهِ (أوْ قالَ لأخِيهِ) مَا يُحِبّ لِنَفْسِهِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، بەندە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى خوشنىسىغىمۇ ياكى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ.ھازىر بۇنداق كىشىلەر بولمىسا، كامىل مۆئمىن يوق دېگەن بولىدۇ.

## 24 ـــــ باب بيان تحريم إيذاء الجار

### خوشنىسىغا ئازار بېرىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا؛

**135 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ و قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ، جَمِيعا عَنْ إِسْمَاعِيلُ بْنِ جَعْفَرٍ، قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلَ قَالَ: أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ مَنْ لاَ يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوشنىسىنى ھالاكەتلىك يامانلىقلىرىدىن ئەمىن قىلمايدىغان، خوشنىلىرى ئەمىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەبۇ شۇرەيھ ،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خوشنىلىرى، ئۇنىڭ يامانلىق ھالاكەتلىرىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولمىغان كىشى، خوشنىلىرىنى ئۇزھالاكىتىدىن خاتىرجەم قىلمىغان كىشى مۆئمىن ئەمەس، ھەرگىز مۆئمىن ئەمەس، ئۇ ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 25 ـــــ باب الحثّ على إكرام الجار والضيف ولزوم الصمت إلا عن الخير، وكون ذلك كله من الإيمان

### خوشنىللىرىنى، مېھمانلىرىنى ھۆرمەتلەشكە، ياخشىلىقتىن باشقا سۆزنى قىلماستىن سۈكۈتتە تۇرۇشقا تەرغىب قىلىش، ئەنەشۇ ئىشلارنىڭ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا؛

**136 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَنْبَأَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ. عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرا أَوْ لِيَصْمُتْ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ جَارَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ».**

ئەبۇ شۇرەيھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە جىم تۇرسۇن. كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىپ ئازار بەرمىسۇن،كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە مۆئمىن بولاي دېسە، مېھمىنىنى ياخشى كۈتۈپ ھۆرمەتلىسۇن، كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، سەھىھ.

**137 ـ138 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**139 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ، جَمِيعا عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ، قَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَمْرٍو أَنّهُ سَمِعَ نَافِعَ بْنَ جُبَيْرٍ يُخْبِرُ عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْخُزَاعِيّ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُحْسِنْ إِلَى جَارِهِ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرا أَوْ لِيَسْكُتْ».**

ئەبۇ شۇرەيھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە،

مۆئمىن بولاي دېسە، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە جىم تۇرسۇن. (كەم سۆز كىشى نىجات تاپىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**26 ــــ** *باب بيان كون النهي عن المنكر من الإيمان، وأن الإيمان يزيد وينقص، وأن الأمر بالمعروف، والنهي عن المنكر واجبان*

## مۇنكەر يامان ئىشتىن توسۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان ياخشىلىق بىلەن زىيادە بولۇپ، يامانلىق بىلەن كەملەيدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىبتۇر دېگەن توغرىسىدا؛

**140** ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ كِلاَهُمَا عَنْ قَيْسِ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طارِقِ بْنِ شِهَابٍ. وَهَذَا حَدِيثُ أبِي بَكْرٍ قَالَ: أوّلُ مَنْ بَدَأَ بالْخُطْبَةِ، يَوْمَ الْعِيدِ قبْلَ الصلاَةِ: مَرْوانُ. فقامَ إلَيْهِ رَجُلٌ. فقَالَ: الصّلاَةُ قَبْلَ الْخُطبَةِ؟. فقَالَ: قَدْ تُرِكَ مَا هُنَالِكَ. فقَالَ أبُو سَعِيدٍ: أمّا هَذَا فقَدْ قضى مَا عَلَيْهِ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ رَأى مِنْكُمْ مُنْكَرا فلْيُغَيّرْهُ بيَدِهِ. فَإنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ. فَإنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبقَلْبهِ. وَذلِكَ أَضْعَفُ الإيمَانِ».

بەكرىنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ؛ ھېيت كۈنى نامازدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇش بىلەن باشلىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەرۋان ئىدى، بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ھېيت نامىزى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇلىشى كېرەك دېدى، مەرۋان؛ ئۇ ئىش بۇجايدا تەرىك ئېتىلدى دېدى، ئاندىن ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەمما ماۋۇ ئېتراز بىلدۈرگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: سىلەردىن بىر كىشى مۇنكەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزەتسۇن، ئەگەر قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئايرىسۇن، ئەنە ئاشۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر. (ئۇنىڭ ئارقىسىدا قىچىنىڭ دېنىچىلىك ئىمان يوق). ئەھمەد، مۇسلىم،تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. (قولى بىلەن تۈزەتىدىغانلار ھاكىمىيەت، ئىسلام ساقچىللىرىدۇر، تىلى بىلەن تۈزىتىدىغانلار، ئالىم، ئۆلىمالاردۇر، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئايرىيدىغانلار ئاۋام خەلقتۇر، ياكى بۇلار بىرلا شەخستە تېپىلىشى مۇمكىن.)

**141** بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**142** ـ حدّثني عَمْرُو النّاقِدُ، وَ أبُو بَكْرِ بْنُ النّضر، وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، وَاللّفْظُ لِعَبْدٍ. قَالُوا: حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. قَالَ: حَدّثني أبي، عَنْ صَالِحِ بْنِ كَيْسَانَ، عَنِ الْحَارِثِ، عَنْ جَعْفرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَكَمِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْمِسْوَرِ، عَنْ أبِي رَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ مَسْعُودٍ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا مِنْ نَبيَ بَعَثَهُ الله فِي أمّةٍ قبْلِي، إلاّ كَانَ لَهُ مِنْ أمّتِهِ حَوارِيّونَ وَأَصْحَابٌ يَأْخُذُونَ بسُنّتِهِ وَيَقْتَدُونَ بأمْرِهِ. ثُمّ إنّهَا تَخْلُفُ مِنْ بَعْدِهِمِ خُلُوفٌ، يَقُولُونَ مَا لاَ يَفْعَلُونَ، وَيَفْعَلُونَ مَا لاَ يُؤْمَرُونَ. فَمَنْ جَاهَدَهُمْ بيَدِهِ فَهُوَ مُؤْمِنٌ، وَمَنْ جَاهَدَهُمْ بِلِسَانِهِ فَهُوَ مُؤْمِنٌ، وَمَنْ جَاهَدَهُمْ بقَلْبهِ فَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَلَيْسَ وَرَاءَ ذَلِكَ مِنَ الإيمَانِ حَبّةُ خَرْدَلٍ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن بۇرۇن ئۈممىتى ئىچىگە ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن ھاۋارىيۇن يېقىن ياردەمچىلىرى، ئەسھابلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى تۇتىدۇ، بۇيرۇقىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر تۈركۈم ئىز باسارلار خەلىپە بولۇپ، ئۆزلىرى قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ،( يەنى دىندىن چىقىپ كېتىدۇ،) كىم ئۇلار بىلەن قولى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. كىم ئۇلارغا قارشى تىلى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن، كىم ئۇلارغا قارشى دىلى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇمۇ مۆئمىن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر تال قىچىنىڭ دېنى چاغلىق ئىمان يوقتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، ئىسلام دىنىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار، تابىئىنلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىش، شۇلار ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىش، دىننى شۇلاردەك چۈشىنىش، دەلىلنى شۇلاردەك ئېلىش، بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش، دىننى ئۆزگەرتكەن، مۇرتەدگە قارشى جىهاد، ئۇرۇش قىلىش، ھەتتا قەلبىدىمۇ بولسا قارشى تۇرۇش چىقىدۇ.

**143 - بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.**

## *27 ـــــ باب تفاضل أهل الإيمان فيه، ورجحان أهل اليمن فيه*

## ئىمان ئەھلىنىڭ ئىماندا ئەۋزەللىرى، يەمەن ئەھلىنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلىكى توغرىسىدا؛

**144 - حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا ابْنُ إِدْرِيسَ. كُلّهُمْ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ، وَاللّفْظُ لَهُ. حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ قَالَ: سَمِعْتُ قَيْساً يَرْوِي عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ. قَالَ: أَشَارَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ إِلَى الْيَمَنِ، فَقَالَ: «أَلاَ إِنّ الأَيْمَانَ هَهُنَا. وَإِنّ الْقَسْوَةَ وَغِلَظَ الْقُلُوبِ فِي الْفَدّادِينَ عِنْدَ أُصُولِ أَذْنَابِ الإِبِلِ. حَيْثُ يَطْلُعُ قَرْنَا الشّيْطَانِ. فِي رَبِيعَةَ وَمُضَرَ».**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقدېگەن: ئىمان يەمەندە بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن قەلبىنىڭ قېتىپ كېتىشى، قوپاللىقى، كالا ــ تۆگىلەرنىڭ قۇيرىقىدا ئاۋاز قىلىپ، ۋارقىرايدىغانلاردا بولىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان جايدا، مۇزەر، رەبىئە قەبىلىلىرىدە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى مۇ توپلىغان،سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد،ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بارلىق پىتنە ــ پاسادلار مۇشۇ تەرەپتىن يەنى كۈن چىقىش تەرەپتىن كېلىدۇ، قوپاللىق، ئەخلاقسىزلىق، دىلى قاتتىقلىق، نادانلىق، تۆگە ـ كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىدىغان، تۆگە يۇڭى ئەھلىدە، موزەر بىلەن رەبىيئە قەبىلىسىدە بولىدۇ، (تۆگە، كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىش، دېھقانچىلىقدىن يەر

تېرىشدىن كىنايە). بۇخارى،مۇسلىم. ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈردى ;تۆگىنىڭ ئارقىسىدا

ۋارقىرايدىغانلار دېھقانلار، پادىچىلار، زىرائەتچىلىكتا، چارۋا ــ ماللارنى ھەيدەشتە ۋارقىرايدۇ، بىزىلاردا دېھقانچىلىق

قىلىدۇ، يايلاق، جاڭگاللاردا پادا باقىدۇ، بۇلار قوپال، ھەدىسدىن ئىلمىسىز قېلىپ، قەلبى قېتىپ، قاسماق بولۇپ

كېتىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى دېگەن سۆزگە كەلسەك، توغرىسىنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بىلىدۇ، ھەدىس

زاھىرى بويىچە قالىدۇ شۇنداقتىمۇ ئەللامەئۇسەيمىين مۇنداق دېگەن: بۇ شەيتانغا، خۇددى بىر پادىشاھ شەرىقنى،

غەرىپنى ئېلىپ، ئېگىلەپ، زۇلقەرنەيىن ئىككى مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ دېيىلگەندەك، شەرىق ، غەرىپ ھەممە جايدا

ۋەسۋەسە قىلىپ، ئىگىلىگەچكە شۇنداق دېيىلگەن.

**145 ـ 146 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.**

**147 بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.**

**148 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ أَبِي الزِّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «رَأْسُ الْكُفْرِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ. وَالْفَخْرُ وَالْخُيَلاَءُ فِي أَهْلِ الْخَيْلِ وَالأبلِ، الْفَدّادِينَ، أَهْلِ الْوَبَرِ. وَالسّكِينَةُ فِي أَهْلِ الْغَنَمِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۇ فىرىنىڭ بېشى

مەشرىق، كۆپ چىقىش تەرەپتىدۇر، پەخىر قىلىش، كىبىر، تەكەببۇرلۇق، ئات ــ تۆگە ئەھلىدە، تۆگە يۇڭىنىڭ

ئەھلى بولغان كالا ــ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىۋاپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار دا بولىدۇ، (ئۇلار دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دىنىدىن خەۋەرسىز، قەلبى قېتىپ كېتىدۇ) خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك

قوي ئەھلىدە بولىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، مالىك بىلەن بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**149 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ، قالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ. قالَ: أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «الإِيمَانُ يَمَانٍ. وَالْكُفْرُ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالسّكِينَةُ فِي أَهْلِ الْغَنَمِ. وَالْفَخْرُ وَالرّيَاءُ فِي الْفَدّادِينَ أَهْلِ الْخَيْلِ وَالْوَبَرِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان يەمەندە بولىدۇ،

كۇپۇرلىق بولسا، مەشرىق، كۆپ چىقىش تەرەپتە بولىدۇ، خاتىرجەملىك، تېنچلىق قوي ئەھلىدە، پەخىرلىنىش، رىيا

قىلىش، كىبىر بولسا، ئات، تۆگە ئەھلى بولغان ئاۋاز قىلىپ ۋارقىرىغۇچىلاردا بولىدۇ، (يەنى مال ــ دۇنيا بىلەن

پەخىرلەنگۈچى، چارۋا بېقىش، دېھقانچىلىق بىلەن دىلى قېتىپ كەتكەنلەردە بولىدۇ ، مەسىيھ دەججال ئۇھۇد

تېغىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە چۆرۈپ قويىدۇ، ئۇ شۇ جايغا بېرىپ، شۇ

جايدا ھالاك بولىدۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ )مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

150 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحمَن أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: الْفَخْرُ وَالْخُيَلاَءُ فِي الْفَدّادِينَ، أَهْلِ الْوَبَرِ. وَالسّكِينَةُ فِي أَهْلِ الْغَنَمِ.
151 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحمَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ. أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الأَسْنَادِ مِثْلَهُ. وَزَادَ «الإِيمَانُ يَمَانٍ، وَالْحِكْمَةُ يَمَانِيَةٌ».

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەخىرلىنىش، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، تۆگە ئەھلى بولغان ئاۋاز قىلىپ ۋارقىرىغۇچىلاردا بولىدۇ، خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك، كەمتەرلىك، چوڭ سۈپەتلىك قوي ئەھلىدە بولىدۇ، ئىمان يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە. ئەھمەد، مۇ.

152 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ: أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ، عَنْ شُعَيْبٍ، عَنِ الزّهْرِيّ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «جَاءَ أَهْلُ الْيَمَنِ. هُمْ أَرَقّ أَفْئِدَةً وَأَضْعَفُ قُلُوباً. الإِيمَانُ يَمَانٍ وَالْحِكْمَةُ يَمَانِيَةٌ. السّكِينَةُ فِي أَهْلِ الْغَنَمِ. وَالْفَخْرُ وَالْخُيَلاَءُ فِي الْفَدّادِينَ أَهْلِ الْوَبَرِ. قِبَلَ مَطْلِعِ الشّمْسِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەمەن ئەھلى يۈرەكلىرى يۇمشاق،ئاجىز، قەلبى مۇلايىم ھالدا كېلىدۇ. ئىمان يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە . خاتىرجەملىك، كاتتا ئۇلۇغلۇق قوي ئەھلىدە بۇلىدۇ . پەخىرلىنىش، مۇتەكەببىرلىك، كۈن چىقىش تەرەپتىكى تۆگە يۇڭىنىڭ ئەھلى بولغان كالا ـــ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىراپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغانلاردا بولىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى.

153 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَتَاكُمْ أَهْلُ الْيَمَنِ. هُمْ أَلْيَنُ قُلُوباً، وَأَرَقّ أَفْئِدَةً: الإِيمَانُ يَمَانٍ. وَالْحِكْمَةُ يَمَانِيَةٌ. رأسُ الْكُفْرِ، قِبَلَ الْمَشْرِقِ».«وَالْفَخْرُ وَالْخُيَلاَءُ فِي أَصْحَابِ الأَبِلِ. وَالسّكِينَةُ وَالْوَقَارُ فِي أَصْحَابِ الشّاءِ»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يەمەن ئەھلى يۈرەكلىرى يۇمشاق، قەلبى مۇلايىم ھالدا كېلىدۇ. ئىمان يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە . كۇفرىنىڭ بېشى مەشرىق، كۈن چىقىش تەرەپتىدۇر، پەخىرلىنىش، مۇتەكەببىرلىك، تۆگە ئەھلىدە . خاتىرجەملىك، كاتتا ئۇلۇغلۇق قوي ئەھلىدە بۇلىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

## 154 ـ155 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

156 ـ وحدّثنا إِسْحَقَ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدِ اللّهِ بْنُ الْحَارِثِ الْمَخْزُومِيّ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنُ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «غِلَظُ الْقُلُوبِ، وَالْجَفَاءُ فِي الْمَشْرِقِ. وَالإِيْمَانُ فِي أَهْلِ الْحِجَازِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىنىڭ قوپال، قاتتىقلىقى، مەشرىق يەنى كۈن چىقىش تەرەپنىڭ ئەھلىدە بولىدۇ، ئىمان، خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك، ھىجاز ئەھلىدە بولىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە يەمەن ئەھلىدە بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 28 ــــ باب بيان أنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون وأن محبة المؤمنين من الإيمان وأن إفشاء السلام سبب لحصولها

157 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَدْخُلُونَ الْجَنّةَ حَتّى تُؤْمِنُوا. وَلاَ تُؤْمِنُوا حَتّى تَحَابّوا. أَوَلاَ أَدُلّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ؟ «أَفْشُوا السّلاَمَ بَيْنَكُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققى مۆئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا بىر — بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، ئەگەر قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوست بولۇپ قالىدىغان بىر ئىشنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومومىيۈزلۈك كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە. بۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلقارالىق سالاملىشىشىدۇر، دوستلىشىپ ھەمكارلىشىشىدۇر.بۇ ھەدىسقا ئىمام مۇسلىم مۇنداق باب قويغان؛جەننەتكە قەپەت مۆئمىنلەرلا كىرىدۇ، مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، سالام قىلىش ئىماننى ھاسىل قىلىشنىڭ سەۋەبىدۇر.

158 بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## 29 ـــــ باب بيان أن الدين النصيحة

## ھەققەتەن دىن دىگەن؛ نەسھەت قىلىشتۇر،دېگەن توغرىسىدا؛

159 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبّادٍ الْمَكّيّ: حَدّثنا سُفْيَانُ. قال: قُلْتُ لِـ سُهَيْلٍ: إنّ عمْرا حَدّثنا عَنِ الْقعْقاع، عَنْ أبيكَ. قالَ: وَرَجَوْتُ أنْ يُسقِطَ عَنّي رَجلاً. قالَ فقالَ: سَمِعْتُهُ مِنَ الّذِي سَمِعَهُ مِنْهُ أبي. كَانَ صَدِيقا لَهُ بالشّام. ثُم حَدّثنا سُفْيَان، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ عَطاءِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ تَمِيمٍ الدّارِيّ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الدّينُ النّصِيحَةُ» قُلْنَا: لِمَنْ؟ قالَ: «للهِ وَلِكِتَابِهِ وَلِرَسُولِهِ وَلأَئِمّةِ الْمُسْلِمِينَ وَعَامّتِهِمْ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن دىن دىگەن ؛ نەسھەت قىلىشتۇر،بىز؛كىم ئۈچۈن دىسەك، رەسۇلۇللاھ؛ ئاللاھ ئۈچۈن ، ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى، باشلىقلىرى ئۈچۈن ۋە ئومومىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسھەت قىلىشتۇر،دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەمىۇدداردىن، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تويلىغان، سەھەھ. بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا مۇنداق دىگەن: ئاللاھ ئۈچۈن نەسھەت قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، ئىخلاس قىلىش توغرىسىدا بولىدۇ، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، رەبلىكى، ئىسىم — سۈپىتى، ئەقىدە، تەۋھىد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولىدۇ، كىتابى ئۈچۈن بولىدىغان نەسھەت بولسا، قۇرئاننى قوغداش، خاتا تەئۋىيلىدىن بۇرمىلاشلاردىن قوغداش، ئۇنى ئۆگىنىپ، ئىسلام نۇرىنى ساقلاپ قوغداشتۇر، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش توغرىسىدا ، بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىش ، چەكلىگەن نەھلىرىدىن يېنىش توغرىسىدا ، قۇرئاننى قانۇن قىلىش، ئۇنىڭ ئەھكامى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا نەسھەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدىغان نەسھەت ؛ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈش سۆزلىرىنى تەستىقلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش، خەۋەرلىرىگە ئىشىنىش، راستچىل، سەممىي دىيىش، بۇيرۇغىنى قىلىپ توسقۇنىدىن يېنىش، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرىدىن بولۇپ، شەرىئىتىنى قوغداش ، ئۇنىڭ سۈننىتىنى، ھەدىسلىرىنى قۇرئانغا تەپسىرى، بايان، ئىزاھات دەپ بىلىش،

ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن ياردەم بېرىشتۇر . ئۆلىما، ئىماملار ئۈچۈن بولغان نەسىھەت ؛ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلگە قىلىش، ئۇلارغا ھەق ئۈچۈن ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش، ئاسراش، ئىلمىنى تارقىتىشقا ياردەملىشىش، ئىجمائ، قىياسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەخلاقتا ياخشى بولۇش، سوئال، مۇنازىرىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن قىلىش، دەۋەتنى قوللاش، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ . ئەمىر، خەلىپە، باشلىقلار ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەت بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمام، باشلىق، خەلىپە بولۇشىغا رازى بولۇپ، ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياخشىلىقلىرىغا ياردەم بېرىش، كەڭ تارقىتىش بۇيرۇغىنى توسقىنى ئىسلام شەرىئىتىگە قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ بىلەن بولسا، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يېپىش، ئەپۇ قىلىش، ئۇلارغا قارشى قۇرال كۆتۈرۈپ چىقماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بول غان نەسىھەت ؛ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، سالام، سەدىقە، نەپىقە، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ؛

1. نەسىھەتنىڭ مۇھىملىقى

2. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى ئىلىم بېرىشى.

3. ساھابىلارنىڭ ئىلىمغا ھېرىسمەن بولۇشى.

4. ئالدى بىلەن ئاللاھ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئان كىتاب، ئىمام دىگەندەك تەرتىپ بىلەن مۇھىملىرىنى بۇرۇن سۆزلەش چىقىپ تۇرىدۇ.

5. نەسىھەتنىڭ ۋاجىپلىقى.

6. ئىسلام جەمئىيىتى ئۈچۈن چوقۇم بىر خەلىپە، ئىمام بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

7. شۇنداقلا مەسجىد ئىمام بولۇش لازىم.

مانا بۇ ھەدىس شەرھىسى، ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى، ھەدىستىن ھۆكۈم، پايدا چىقىرىشتا،ھەربىر ھەدىسنى ئەنە شۇنداق تەتقىق قىلىپ ئوقۇڭلار.

### 160 –161 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**162 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ، حَدّثَنَا عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو أُسَامَةَ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنْ قَيْسٍ، عَنْ جَرِيرٍ قَالَ: بَايَعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى إِقَامِ الصّلاَةِ وَإِيتَاءِ الزّكَاةِ وَعَلَىَ النّصْحِ لِكُلّ مُسْلِمٍ».**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ناماز ئۇقۇشقا، زاكات بېرىشكە، ھەر بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلدىم. بۇخارى،مۇسلىم.

### 163 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

**164 ـ حدّثنا سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ وَ يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ، قالاَ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ عَنْ سَيّارٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَرِيرٍ قَالَ: بَايَعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى السّمْعِ وَالطّاعَةِ. فَلَقّنَنِي «فِيمَا اسْتَطَعْتَ» وَالنّصْحِ لِكُلّ مُسْلِمٍ. قَالَ: يَعْقُوبُ فِي رِوَايَتِهِ: قَالَ: حَدّثَنَا سَيّارٌ.**

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە؛ ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا، ھەر بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلدىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا؛قادىر بولالىغان ئىشلىرىڭدا دەپ ئۆگۈتۈپ تۇردى.

## 30 ـــــ باب بيان نقصان الإيمان بالمعاصي ونفيه عن المتلبس بالمعصية، على إرادة نفي كماله

## ئىماننىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتنى قىلىش بىلەن كېمىيىشى، گۇناھ ـ مەئسىيەتنى قىلغان كىشىدە ئىمان يوق دېيىشنىڭ؛كامىل ئىمان يوق دېگەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا؛

165 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عِمْرَانَ التّجِيبِيّ: أَنْبَأَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحمَنِ وَ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيّبِ يَقُولاَنِ: قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَزْنِي الزّانِي حِينَ يَزْنِي وَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَلاَ يَسْرِقُ السّارِقُ حِينَ يَسْرِقُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَلاَ يَشْرَبُ الْخَمْرَ حِينَ يَشْرَبُهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ».
قَالَ ابْنُ شِهَاب: فَأَخْبَرَنِي عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ أَبَا بَكْرٍ كَانَ يُحَدّثهُمْ هَؤُلاَءِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ثُمّ يَقُولُ: وَكَانَ أَبُو هُرَيْرَةَ يُلْحِقُ معهن: «وَلاَ يَنْتَهِبُ نُهْبَةَ ذَاتَ شَرَفٍ، يَرْفَعُ النّاسُ إِلَيْهِ فِيهَا أَبْصَارَهُمْ، حِينَ يَنْتَهِبُهَا، وَهُوَ مُؤْمِنٌ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى، زىنا قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىن ھالەتتە ھاراقنى ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، بۇلاڭچىمۇ، كىشىلەر قاراۋاتسا، ئوچۇق ــئاشكارا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ. (يەنى بۇلار بۇ ئىشلارنى مۆئمىنلىكىدىن چىقىپ كېتىپ قىلىدۇ، مۆئمىن كىشى ھەرگىز ئۇ ئىشلارنى قىلمايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە. ئەھمەد بىلەن مۇسلىم؛ بىرىڭلار مۆئمىن ھالىتىدە تۇرۇپ خىيانەت قىلمايدۇ، ھەزەر قىلىڭلار، قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار دېگەننى زىيادە توپلىغان.

166 –167 -168 – 169 -- بۇ ھەدىسلەرمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

170 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا ابْنُ أَبِي عُدِيّ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ ذَكْوَانَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَزْنِي الزّانِي حِينَ يَزْنِي وَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَلاَ يَسْرِقُ حِينَ يَسْرِقُ وَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَلاَ يَشْرَبُ الْخَمْرَ حِينَ يَشْرَبُهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ. وَالتّوْبَةُ مَعْرُوضَةٌ بَعْدُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى كىشى، زىنا قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ، ئاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا تەۋبە تەكلىنىپ تۇرىدۇ. (يەنى يۇقىرقى ئىشلارنى قىلغان كىشى كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ، مۆئمىن ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇلار تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ). مۇسلىم ۋە كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

171 ـ بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## 31 ـــــ باب بيان خصال المنافق

## مۇناپىقنىڭ خىسلەتلىرى توغرىسىدا؛

172 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ حَدّثنَا أَبِي: حَدّثنَا الأَعْمَشُ. ح وَحَدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا سُفْيَانُ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُرّةَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عَمْرٍو قَالَ: قَالَ رَسُولُ

**اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَرْبَعٌ مَنْ كُنّ فِيهِ كَانَ مُنَافِقا خَالِصا. وَمَنْ كَانَتْ فِيهِ خَلّةٌ مِنْهُنّ كَانَتْ فِيهِ خَلّةٌ مِنْ نِفَاقٍ. حَتّى يَدَعَهَا: إِذَا حَدّثَ كَذَبَ. وَإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ. وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ. وَإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ» غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ سُفْيَانَ «وَإِنْ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْهُنّ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنَ النّفَاقِ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: تۆت خىسلەت ئىش تېپىلغان كىشى خالىس مۇناپىق بولىدۇ، ئەگەر بۇ خىسلەتلەردىن بىرسى تېپىلسا، تەرىك ئەتمىگىچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقدىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ، ئۇلار بولسا، بىرىنچى، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئىككىنچى، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئۈچىنچى، ئەھدە، توختام تۈزسە، بۇزنۋېتىدۇ، تۆتىنچى، داۋالاشسا، پاجىر بولىدۇ، يەنى ھارام ئىشنى قىلىپ ئاسىي بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخاري،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، مۇھىم بىر ئەسكەرتىشنى سۆزلەپ قوياي، ئۇ بولسىمۇ مۇناپىق دىيىش ئۈچۈن چوقۇم قۇرئان، سەھىھ ھەدىسدىن ئېلىنغان ھۆكۈم بولۇشى كېرەك، ئۇ كىشى مۇ شۇ شەرتكە چۈشسە، ھەتتا 10 دىن 15 كىچە سۈپەتلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ سۈرە مۇناپىقدا ۋە سۈرە بەقەرنىڭ باش تەرىپىدىكى 13 ئايەت، ئەنە شۇ سۈپەتلەرگە ۋە سۈرە تۆۋبىگە ، مۇشۇنداق ھەدىسلەرگە چۈشسە، ئاندىن مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ، ئەقىدىدە قەلبىدە چاتاق شەك بولسا،ھېچ بىر توسقۇنلۇق بولمىسا.

**173 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ أَيّوبَ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، ـ وَاللّفْظُ لِيَحْيَىَ ـ قالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو سُهَيْلٍ نَافِعُ بْنُ مَالِكِ بْنِ أَبِي عَامِرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدّثَ كَذَبَ. وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ. وَإِذَا ائْتُمِنَ خَانَ». 174 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ: أَخْبَرَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَعْقُوبَ، ـ مَوْلَى الْحُرَقَةِ ـ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مِنْ عَلاَمَاتِ الْمُنَافِقِ ثَلاَثَةٌ: إِذَا حَدّثَ كَذَبَ. وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ. وَإِذَا ائْتُمِنَ خَانَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ، نەسەئى، تىرمىزى، بەيھەقىيدىمۇ بار.

**175 ـ حدّثنا عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعمّيّ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ مُحمّدُ بْنِ قَيْسٍ أَبُو زُكَيْرٍ. قَالَ: سَمِعْتُ الْعَلاَءَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ يُحَدّثُ بِهَذَا الأَسْنَادِ، وَقَالَ: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ. وَإِنْ صَامَ وَصَلّى وَزَعَمَ أَنّهُ مُسْلِمٌ».**
**176 ـ وحدّثني أَبُو نَصْرٍ التّمّارُ وَ عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ حَمّادٍ، قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ دَاوُدَ بْنُ أَبِي هِنْدٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِ يَحْيَىَ بْنُ مُحمّدٍ، عَنْ الْعَلاَءِ. ذَكَرَ فِيهِ «وَإِنّ صَامَ وَصَلّى وَزَعَمَ أَنّهُ مُسْلِمٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: گەرچە ئۇناماز ئۇقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ، مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ . ھۇزەيپەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق

دەيدۇ؛ھەقىقەتەن مۇناپىقلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مەۋجۇد ئىدى.ئەمما بۈگۈنكى كۈندە،ھەقىقەتەن ئىماندىن كېيىن كۇپۇرلۇقلا مەۋجۇدتۇر.بۇخارى.

## 32 ـــــ باب بيان حال إيمان من قال لأخيه المسلم: يا كافر

## مۇسۇلمان قېرىندىشىغا:«ئى كاپىر!»دېگەن كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا؛

**177 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ، وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ، قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «إذَا كَفّرَ الرّجُلُ أخَاهُ فَقَدْ بَاءَ بِهَا أحَدُهُمَا».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىنى كاپىر دەپ چاقىرسا، (ياكى ئۇنى ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە)،ئۇكۇپۇرلۇق بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسى قايتىدۇ، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، (يەنى كاپىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولمىسا)، بۇ سۆزلەر دېگۈچىگە قايتىدۇ، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىق دەپ ياكى كاپىر دەپ بۆھتان چاپلىسا، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزمۇ دېگۈچىگە قايتىدۇ، ئۆزى كاپىر، پاسىق بولىدۇ. (ياكى بۇ جىنايەت ئۇنى ئاخىرىدا شۇنداق قىلىشىتىدۇ)، بۇخارى،مۇسلىم.

**178 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ: وَ يَحْيَى بْنُ أيّوبَ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ، جَمِيعا عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ أنّهُ سَمِعَ ابْنَ عُمَرَ، يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أيّمَا امْرِىءٍ قَالَ لأخِيهِ: يَا كَافِرُ. فَقَدْ بَاءَ بِهَا أحَدُهُمَا. إنْ كَانَ كَمَا قَالَ. وَإلاّ رَجَعَتْ عَلَيْهِ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئىنسان قېرىندىشىغا «ئى كاپىر» دېسە، شەك ـــ شۈبھىسىز بۇ كۇپرىلىق بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ قېرىندىشى راستىنلا كاپىر بولسا، ئۇ قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۆزنى دېگۈچى كاپىر بولۇپ قايتىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىمام نەۋەۋى سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە بۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن:

1. كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بىلەن قايتىدۇ.
2. مۆئمىننى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلسا، كاپىر بولىدۇ.
3. شۇ سۆزنى دېيىشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولۇپ قايتىدۇ.
4. بۇ سۆز ئاخىرىدا ئۇنى كاپىرلىققا يېقىن ئاپىرىپ كاپىر قىلىشىتىدۇ.
5. توغرىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ. بۇ ھەدىس، ئۆز ئەينى زاھىرىدا قالىدۇ.
6. بۇ قېرىنداشلىق نېئمىتىگە كۇپرىلىق بولىدۇ.

## 33 ـــــ باب بيان حال إيمان من رغب عن أبيه وهو يعلم

### بىلىپ تۇرۇپ دادىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا؛

**179 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا حُسَيْنٌ الْمُعَلّمُ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ يَحْيَىَ بْنِ يَعْمَرَ أنّ أبَا الأسْوَدِ حَدّثَهُ عَنْ أبِي ذَرٍ، أنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «أيّمَا رَجُلٍ ادّعَى لِغَيْرِ أبِيهِ وَهُوَ يَعْلَمُهُ، إلاّ كَفَرَ. وَمَنِ ادّعَى مَا لَيْسَ لَهُ فَلَيْسَ مِنّا. وَلْيَتَبَوّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النّارِ. وَمَنْ دَعَا رَجُلاً بِالْكُفْرِ، أوْ قَالَ: عَدُوّ الله، وَلَيْسَ كَذٰلِكَ. إلاّ حَارَ عَلَيْهِ».**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلىپ تۇرۇپ دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلغان كىشى، كاپىر بولىدۇ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆزئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، كىم بىر كىشىنى كاپىر دەپ چاقىرسا، ياكى ئۇنى ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، يەنى كاپىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، بۇ سۆزلەر دېگۈچىگە قايتىدۇ، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىق دەپ ياكى كاپىر دەپ بۆھتان چاپلىسا، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزمۇ دېگۈچىگە قايتىدۇ، ئۆزى كاپىر، پاسىق بولىدۇ. (ياكى بۇ جىنايەت ئۇنى ئاخىرىدا شۇنداق قىلىۋېتىدۇ)، بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھنىڭ 5431 ـ ھەدىسىدۇر.

**180 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ، قَالَ: أخْبَرَنِي عَمْرٌو، عَنْ جَعْفَرِ ابْنِ رَبِيعَةَ، عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَرْغَبُوا عَنْ آبَائِكُمْ. فَمَنْ رَغِبَ عَنْ أبِيهِ فَهُوَ كُفْرٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داداڭلاردىن يۈز ئۆرىمەڭلار، كىم دادىسىدىن، ئەجدادىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ، (يەنى كۇپرى نىئمەت بولىدۇ). بەيھەقى.

**181 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثَنَا هُشَيْمُ بْنُ بَشِيرٍ: أخْبَرَنَا خَالِدٌ عَنْ أبِي عُثْمَانَ قَالَ: لَمّا ادّعِيَ زِيَادٌ. لَقِيتُ أبَا بَكْرَةَ فَقُلْتُ لَهُ: مَا هَذَا الّذِي صَنَعْتُمْ؟ إنّي سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ أبِي وَقّاصٍ يَقُولُ: سَمِعَ أُذُنَايَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقُولُ «مَنْ ادّعَى أبًا فِي الأسلاَمِ غَيْرَ أبِيهِ، يَعْلَمُ أنّهُ غَيْرُ أبِيهِ، فَالْجَنّةُ عَلَيْهِ حَرَامٌ» فَقَالَ أبُو بَكْرَةَ: وَأنَا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

**182 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ زَكَرِيّاءَ بْنِ أبِي زَائِدَةَ وَ أبُو مُعَاوِيَةَ، عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ أبِي عُثْمَانَ، عَنْ سَعْدٍ وَأبِي بَكْرَةَ كِلاَهُمَا يَقُولُ: سَمِعَتْهُ أُذُنَايَ. وَوَعَاهُ قَلْبِي. مُحَمّدًا صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنِ ادّعَى إلَى غَيْرِ أبِيهِ، وَهُوَ يَعْلَمُ أنّهُ غَيْرُ أبِيهِ، فَالْجَنّةُ عَلَيْهِ حَرَامٌ».**

سەئىد، ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، (مىراس مېلىنى دەپ) بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا، جەننەت،ئۇ كىشىگە ھارامدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

## 34 ــــــ باب بيان قول النبيّ صلى الله عليه وسلم: «سباب المسلم فسوق وقتاله كفر»

**183 ـ184 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ بَكّارِ بْنِ الرّيّان، وَ عَوْنُ بْنُ سَلاّمٍ، قالاَ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ طَلْحَةَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ كُلّهُمْ عَنْ زُبَيْدٍ، عَنْ أَبي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سِبَابُ الْمُسْلِمِ فُسُوقٌ. وَقِتَالُهُ كُفْرٌ» قَالَ زُبَيْدٌ: فَقُلْتُ لأَبي وَائِلٍ: أَنْتَ سِمِعْتَهُ مِنْ عَبْدِ الله يَرْوِيهِ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: نَعَمْ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ شُعْبَةَ قَوْلُ زُبَيْدٍ لأَبِي وَائِلٍ.**

ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل، ئەمرۇ ئىبنى نۇئمان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنى تىللاپ، ئەيىبلەش پاسىقلىق، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بولسا، كاپىرلىق بولىدۇ، بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى تىللاش، ئەيىبلەش پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر، مۇسۇلماننىڭ مال ــ مۈلكى، خۇددى قېنى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولىدۇ، ياكى كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بولىدۇ، ياكى بۇ ئىش ئاخىرىدا كاپىرلىققا ئاپىرىدۇ، ياكى بۇ قېرىنداشلىق نىئمىتىگە، كۇپرىلىق بولىدۇ، ياكى بۇ چوڭ كۇپرىدىن تۆۋەن كۇپ ۋرلۇق بولىدۇ، خۇددى كىچىك شېرىك بولغاندەك، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مۇسلىم شەرھىسىدىن.

## 35 ــــــ باب بيان معنى قول النبي صلى الله عليه وسلم: «لا ترجعوابعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض»

**185 ـ186 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى، وَ ابْنُ بَشّارٍ، جَمِيعا، عَنْ مُحمّدِ بْنِ جَعْفَرٍ، عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. وَاللّفْظُ لَهُ. حَدّثنَا أَبِي حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَلِيّ بْنِ مُدْرِك، سَمِعَ أَبَا زُرْعَةَ يُحَدّثُ عَنْ جَدّهِ جَرِيرٍ قَالَ: قَالَ لِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ: «اسْتَنْصِتِ النّاسَ» ثُمّ قَالَ: «لاَ تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفّارا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ».**

جەرىير، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بۇكرەت، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا كىشىلەرنى سۆز قىلدۇرماي تىنىچلاندۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى تۆت كىتاب توپلىغان.

**187 ـ188 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ الْبَاهِلِيّ، قَالاَ: حَدّثنَا مُحمّد بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ وَاقِدِ بْنِ مُحمّدُ بْنِ زَيْدٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَاهُ يُحَدّثُ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عُمَرَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ: «وَيْحَكَمْ (أَوْ قَالَ: وَيْلَكُمْ) لاَ تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفّارا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ۋايدۇر، سىلەر ھەرگىز مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش بىلەن كۇففارلىققا قايتىپ كەتمەڭلار، كاپىر بولماڭلار. بەيھەقى.

## 36 ـــــ باب إطلاق اسم الكفر على الطعن في النسب والنياحة

189 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنا أَبِي وَ مُحمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ كُلّهُمْ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اثْنَتَانِ فِي النّاسِ هُمَا بِهِمْ كُفْرٌ: الطّعْنُ فِي النّسَبِ وَالنّيَاحَةُ عَلَى الْمَيّتِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىكى ئىككى ئىش كۇپۇرلۇقتۇر، بىرى نەسەپلەردە تەنە قىلىش، يەنە بىرسى بولسا، مىيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلاشتۇر، مۇسلىم، ئەھمەد. ئالىملار؛ بۇ ئىشنى كۇپۇر دېيىش، كاپىرلار قىلىقى، ياكى ھالال سانىسا ياكى كۇپۇر نىئمەتتۇر دېگەن.

## 37 ـــــ باب تسمية العبد الآبق كافرا

190 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثنا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ مَنْصُورِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَرِيرٍ أَنّهُ سَمِعَهُ يَقُولُ: «أَيّمَا عَبْدٍ أَبَقَ مِنْ مَوَالِيهِ فَقَدْ كَفَرَ: حَتّى يَرْجِعَ إِلَيْهِمْ».
قَالَ مَنْصُورٌ: قَدْ وَاللّهِ رُوِيَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَلَكِنّي أَكْرَهُ أَنْ يُرْوَى عَنّي هَهُنَا بِالْبَصْرَةِ.

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا، تاكى ئۇلارغا قايتىپ كەلمىگىچە ئۇكاپىر ھېسابلىنىدۇ، يەنى نىئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىش.

191 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ، عَنْ دَاوُدَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَرِيرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّمَا عَبْدٍ أَبَقَ فَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ الذّمّةُ».

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل، خوجايىنىدىن قاچسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا، ئۇنىڭدىن ئەھدى كېپىللىك بىكار بولىدۇ، قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا، تاكى ئۇلارغا قايتىپ كەلمىگىچە ئۇكاپىر ھېسابلىنىدۇ، يەنى نىئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. مۇسلىم.

192 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مُغِيرَةَ، عَنِ الشّعْبِيّ قَالَ: كَانَ جَرِيرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِذَا أَبَقَ الْعَبْدُ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلاَةٌ».

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل، خوجايىنىدىن قاچسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، مۇسلىم

## 38 ـــــ باب بيان كفر من قال مطرنا بالنوء

### يامغۇرنىمىز پالانى ـ پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دېگەن كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى

193 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ صَالِحِ بْنِ كَيْسَانَ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ قَالَ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الصّبْحِ بِالْحُدَيْبِيَةِ فِي إِثْرِ السّمَاءِ كَانَتْ مِنَ اللّيْلِ. فَلَمّا انْصَرَفَ أَقْبَلَ عَلَى النّاسِ فَقَالَ: «هَلْ تَدْرُونَ مَاذَا قَالَ رَبّكُمْ؟» قَالُوا: اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قَالَ: «قَالَ: أَصْبَحَ مِنْ عِبَادِي مُؤْمِنٌ بِي وَكَافِرٌ. فَأَمّا مَنْ قَالَ: مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللهِ وَرَحْمَتِهِ، فَذَلِكَ مُؤْمِنٌ بِي كَافِرٌ بِالْكَوْكَبِ. وَأَمّا مَنْ قَالَ: مُطِرْنَا بِنَوْءِ كَذَا وَكَذَا، فَذَلِكَ كَافِرٌ بِي مُؤْمِنٌ بِالْكَوْكَبِ».

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھۇدەيبىييەدە كېچىسى ياغقان يامغۇرنىڭ ئارقىسىدىنلا بامدات نامىزىنى ئۇقۇپ بېرىپ، نامازدىن پارىغ بولغاندا كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىدى: سىلەر بۇگۇن كېچە رەببىڭلارنىڭ نېمە دىگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دىيىشتى، رەسۇلۇللاھ؛ ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى؛ بۇگۇن مېنىڭ بەندىلىرىمدىن ماڭا ئىمان كەلتۇرگەن مۆئمىن ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى تۇرلۇك كىشى تاڭ ئاتقۇزدى، ئەمما بىر كىشى يامغۇرمىز ئاللاھنىڭ پەزلى ـــ رەھمىتى بىلەن ياغدى دېسە، ئەنە شۇ كىشى ماڭا ئىمان كەلتۇرگەن مۆئمىن بولۇپ يۇلتۇزلارنى ئىنكار قىلغان كىشى بولىدۇ. ئەمما بىر كىشى يامغۇرىمىز پالانى ـــ پالانى، مۇنداق ـــ مۇنداق يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دېسە، ئۇ كىشى ماڭا كاپىر بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئىشەنگەن، يۇلتۇزلارغا مۆئمىن بولىدۇ، (بۇ مۇشرىكتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بۇخارى،مۇسلىم.

194 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى، وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ، وَ مُحمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ قالَ الْمُرَادِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ وَقالَ الآخرَانِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنُ عُتْبَةَ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَلَمْ تَرَوْا إِلَى مَا قالَ رَبّكُمْ؟ قالَ: مَا أَنْعَمْتُ عَلَى عِبَادِي مِنْ نِعْمَةٍ إِلاّ أَصْبَحَ فَرِيقٌ مِنْهُمْ بِهَا كَافِرِينَ. يَقُولُونَ: الْكَوَاكِبُ وَبِالْكَوَاكِبِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رەببىڭلارنىڭ نىمە دىگەنلىكىگە قارىمامسىلەر؟ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمگە بىرەر نىئمەت بەرسەملا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، بىر بۆلىكى، بۇ نىئمەت پالانى يۇلتۇزلار، پالانى پىلانىتلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى دىيىش بىلەن كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى.

195 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ ح وَحَدّثَنِي عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ أَبَا يُونُسَ مَوْلَى أَبِي هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا أَنْزَلَ الله مِنَ السّمَاءِ مِنْ بَرَكَةٍ إِلاّ أَصْبَحَ فَرِيقٌ مِنَ النّاسِ بِهَا كَافِرِينَ. يُنْزِلُ الله الْغَيْثَ. فَيَقُولُونَ: الْكَوْكَبُ كَذَا وَكَذَا»، وَفِي حَدِيثِ الْمُرَادِيّ: «بِكَوْكَبِ كَذَا وَكَذَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا ئاسماندىن بەرىكەت يامغۇر چۈشۈرسە، كىشىلەرنىڭ بىر پىرقىسى شۇنىڭ سەۋەبىدىن كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يامغۇرنى ئاللاھ چۈشۈرسە، ئۇلار پالانى، پوكۇنى يۇلتۇز سەۋەبىدىن چۈشتى دەيدۇ،ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

196 ـ وحدّثني عَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْعَظِيمِ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا النّضْرُ بْنُ مُحمّد. حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ (وَهُوَ ابْنُ عَمّارٍ) حَدّثَنَا أَبُو زُمَيْلٍ قالَ: حَدّثَنِي ابْنُ عَبّاسٍ قالَ: مُطِرَ النّاسُ عَلَى عَهْدِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَصْبَحَ مِنَ النّاسِ شَاكِرٌ وَمِنْهُمْ كَافِرٌ. قالُوا: هَذِهِ رَحْمَةُ الله. وَقالَ بَعْضُهُمْ: لَقَدْ صَدَقَ نَوْءُ كَذَا وَكَذَا» قالَ: فَنَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {فَلاَ أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النّجُومِ}، حَتّى بَلَغَ: {وَتَجْعَلُونَ رِزْقَكُمْ أَنّكُمْ تُكَذّبُونَ} (الواقعة آية: 75 - 82).

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كىشىلەرگە يامغۇر ياغقاندا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مۇشۇ يامغۇر سەۋەبلىك كىشىلەردىن رەببىگە شۈكۈر قىلغۇچى ۋە نېئمەتكە كاپىر بولغۇچىلەر تاڭ ئاتقۇزىدۇ، شۈكۈر قىلغۇچىلەر؛ بۇ يامغۇر **الله** نىڭ رەھمىتى دېسە، يەنەبەزىلەر؛ بۇيامغۇرنى پالانى، پالانى يۇلتۇز ياغدۇردى، بۇنىڭ يېغىشى ئەشۇ يۇلتۇزنىڭ پالانى جايغا بېرىشى بىلەن ئۈيغۇن چىقتى دەيدۇ، ئاندىن:«يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەمكى.....سىلەر رىزقىڭلارنى (نىسۋەڭلارنى، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىدا) قۇرئاننى ئىنكار قىلىش قىلىۋالدىڭلار....»دېگەن ئايەتلەر نازىل قىلىندى.

## 39 ـــــ باب الدليل على أن حب الأنصار وعلي رضي الله عنهم من الإيمان وعلاماته، وبغضهم من علامات النفاق

**197 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ، عَنْ شُعْبَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ جَبْرٍ قالَ: سَمِعْتُ أَنَسا قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «آيَةُ الْمُنَافِقِ: بُغْضُ الأَنْصَارِ. وَآيَةُ الْمُؤْمِنِ: حُبّ الأَنْصَارِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئەنسارلارنى ئۆچ كۆرۈش، مۆئمىنلىكنىڭ ئالامىتى، ئەنسارلارنى ياخشى كۆرۈش، نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى .

**198 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ) حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَنَسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ: «حُبّ الأَنْصَارِ آيَةُ الإِيمَانِ. وَبُغْضُهُمْ آيَةُ النّفَاقِ».**

ئەنەس رەزىيەللاۋە ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتى، ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتۇش، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر،بۇخارى مۇسلىم

**199 ـ وَحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قالَ: حَدّثنِي مُعَاذُ بْنُ مُعَاذٍ ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ قالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ، فِي الأَنْصَارِ: «لاَ يُحِبّهُمْ إِلاّ مُؤْمِنٌ وَلاَ يُبْغِضُهُمْ إِلاّ مُنَافِقٌ. مَنْ أَحَبّهُمْ أَحَبّهُ الله. وَمَنْ أَبْغَضَهُمْ أَبْغَضَهُ الله». قالَ شُعْبَةُ: قُلْتُ لِعَدِيَ. سَمِعْتَهُ مِنَ الْبَرَاءِ؟ قالَ: إِيّايَ حَدّثَ.**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى پەقەت مۆئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلارلا دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئاللاھمۇ ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتىدۇ.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى.

**201-200 ـ وحدّثنا عُثْمَانُ بْنُ مُحَمّدُ بْنِ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يُبْغِضُ الأَنْصَارَ رَجُلٌ يُؤْمِنُ بِالله وَالْيَوْمِ الآخِرِ».**

ئىبنى ئاbbas،ئەبۇھۇرەيرە،ئەبۇسەئىد،جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشى ئەنسارىلارغا غەزەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەيدۇ،ئۇلارنى دۈشمەن تۇتمايدۇ.

**202 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ، عَنْ زِرَ قَالَ: قَالَ عَلِيّ: وَالّذِي فَلَقَ الْحَبّةَ وَبَرَأَ النّسَمَةَ إِنّهُ لَعَهْدُ النبي الأمي صلى الله عليه وسلم إِلَيّ: «أَنْ لاَ يُحِبّنِي إِلاّ مُؤْمِنٌ، وَلاَ يُبْغِضَنِي إِلاّ مُنَافِقٌ».**

زەر رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دانلارنى يېرىپ ىخلىتىدىغان، جانلارنى ياراتقان زات الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق ئەھدى قىلغان؛ منى پەقەت مۆئمىن كىشى ياخشى كۆرۈپ، مۇناپىق كىشى ئۆچ كۆرىدۇ.مۇسلىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سېنى پەقەت مۆئمىن كىشىلا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتىدۇ، سىنى پەقەت مۇناپىقلا ئۆچ كۆرۈپ، ساڭا غەزەپ قىلىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 40ـــــ باب بيان نقصان الإيمان بنقص الطاعات وبيان إطلاق لفظ الكفر على غير الكفر بالله ككفر النعمة والحقوق

## گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ سەۋەبىدىن ياكى تائەت ـ ئىبادەتنىڭ كەملىكىدىن ئىماننىڭ كەمىيىشى، الله قا كاپىر بولمىسمۇ، نىئمەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان كىشىگە كاپىر لەبزىنى قوللىنىش توغرىسىدا؛

**203 ـ204 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ الْمِصْرِيّ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «يَا مَعْشَرَ النّسَاءِ تَصَدّقْنَ وَأَكْثِرْنَ الإِسْتِغْفَارَ. فَإِنّي رَأَيْتُكُنّ أَكْثَرَ أَهْلِ النّارِ» فَقَالَتِ امْرَأَةٌ مِنْهُنّ، جَزْلَةٌ: وَمَا لَنَا يَا رَسُولَ اللّهِ أَكْثَرَ أَهْلِ النّارِ. قَالَ: «تُكْثِرْنَ اللّعْنَ. وَتَكْفُرْنَ الْعَشِيرَ، وَمَا رَأَيْتُ مِنْ نَاقِصَاتِ عَقْلٍ وَدِينٍ أَغْلَبَ لِذِي لُبّ مِنْكُنّ» قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَمَا نُقْصَانُ الْعَقْلِ وَالدّينِ؟ قَالَ: «أَمّا نُقْصَانُ الْعَقْلِ فَشَهَادَةُ امْرَأَتَيْنِ تَعْدِلُ شَهَادَةَ رَجُلٍ. فَهَذَا نُقْصَانُ الْعَقْلِ، وَتَمْكُثُ اللّيَالِيَ مَا تُصَلّي، وَتُفْطِرُ فِي رَمَضَانَ، فَهَذَا نُقْصَانُ الدّينِ».**
**وَحَدّثَنِيهِ أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ بَكْرِ بْنِ مُضَرَ، عَنِ ابْنِ الْهَادِ، بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت ياكى رۇزاھېيت نامىزىدا نامازگاھقاچىقىپ ئاياللار ئۈستىدىن ئۆتۈپ قېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: ئى ئاياللار جامائىتى! سەدىقە ــ ئېھسان قىلىڭلار، گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت سوراپ، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئاياللارنىڭ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم دىدى.ئۇلاردىن ئەقىللىقراق بىر ئايال؛ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!نىمە سەبەبتىن شۇنداق بولىدۇ؟دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ چۈنكى، سىلەر كۆپ لەنەت قىلىسىلەر، ئەرلەرنىڭ ياخشىلىقىغا كۇپرىلىق قىلىسىلەر، مەن سىلەردىنمۇ ئەقلى، دىنى كامىراق، چېچەن، ئەقىللىق ئەرلەرگىمۇ پىتنىسى بىلەن غالىپ كېلىدىغان ـ كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم،دېدى.ئۇ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئەقلىمىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ كاملىقى نىمە سەۋەبتىن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ، بۇ ئەقلىڭلارنىڭ كاملىقى، ھەيز كۆرگەن

كۈنلەردە ناماز ئوقۇمايدۇ، رامىزاندىمۇ روزا تۇتمايدۇ، (كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ، )بۇ دىنىنىڭ كاملىقى دېدى.بۇخارىي، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 41 ـــــ باب بيان إطلاق اسم الكفر على من ترك الصلاة

### نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىگە «كاپىر» دېگەن ئىسىمنى مۇتلەق قوللۇنۇش توغرىسىدا؛

205 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ قالاَ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبِي صَالِحٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إذَا قَرَأَ ابْنُ آدَمَ السّجْدَةَ فَسَجَدَ، اعْتَزَلَ الشّيْطَانُ يَبْكِي. يَقُولُ: يَا وَيْلَهُ. (وَفِي رِوَايَةِ أبِي كُرَيْبٍ يَا وَيْلِي). أُمِرَ ابْنُ آدَمَ بِالسّجُودِ فَسَجَدَ فَلَهُ الْجَنّةُ. وَأُمِرْتُ بِالسّجُودِ فَأَبَيْتُ فَلِيَ النّارُ».
206 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا وكِيعٌ، حَدّثنَا الأعْمَشُ، بِهَذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: «فَعَصَيْتُ فَلِيَ النّارُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىغلىغان ھالەتتە ئايرىلىپ مۇنداق دەپ كېتىدۇ ؛ ئىست! ۋايجان ـ ۋايەي! ئاھ! ـ پاھ! ماڭاۋاي!،ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلدى ــ دە، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلدى، مەن سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلماي ئاسىي بولدۇم ـ دە ، ماڭا دەۋزەخ بېرىلدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

207 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ عُثْمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ، كِلاَهُمَا عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ يَحْيَى: أخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي سُفْيَانَ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرا يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّ بَيْنَ الرّجُلِ وَبَيْنَ الشّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكَ الصّلاَةِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى بىلەن مۇشرىك، كاپىر بولۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، نامازنى تەرك ئېتىپ ئوقۇماسلىقتۇر مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

208 ـ حدّثنا أبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ: حَدّثنَا الضّحّاكُ بْنُ مَخْلَدٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، قَالَ: أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ، أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «بَيْنَ الرّجُلِ وَبَيْنَ الشّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكُ الصّلاَةِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى بىلەن مۇشرىك، كاپىر بولۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، نامازنى تەرك ئېتىش، ناماز ئوقۇماسلىق، (يەنى ناماز ئوقۇمىسا، شەكسىز كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ، بۇ ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىدا بار، ئىجمائنى ئىنكار قىلسا، تېخىمۇ كاپىر بولىدۇ، نامازغا ئىنكار قىلسا، تانسا، كاپىر بولىدۇ، تەرك ئېتىپ، ئوقۇمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۇپىرلىق بىلەن ئىماننىڭ ئارىلىقىدىكى پەرىق، نامازنى تەرك ئېتىش، (ناماز بولمىسا، كاپىر، ناماز بولسا، مۆئمىن بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا كاپىر بولىدۇ دېدى، كاپىر بولىدۇ، بۇ

سەھەھ، سەن ئالىممۇ؟ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ سەن ئالىممۇ، ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ؟ ھەدىسنى سەن بەك چۈشىنەمسەن؟ ئۇلارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ دىگىنى ھىساب بولىدۇ، دەلىلنى ساھسابىلاردەك چۈشەنگىن، بۇ توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار بار كۆرگىن، نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرىك ئەتسە، ئۆلتۈرۈلىدۇ، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ئۇلار ناماز ئوقۇغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىمەن دىگەن، ئۇلار ناماز ئوقۇسا، قىنىنى، جىنىنى ساقلاپ قالىدۇ، يەنى ئوقۇمىسا، ساقلاپ قالالمايدۇ دىگەن، ناماز ئوقۇغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەندىم، يەنى ناماز ئوقۇمىسا، ئۆلتۈرىمەن دىگەن، بۇ توغرىسىدا سۈرە تۆۋىدە باردۇر.

## 42 ــــ باب بيان كون الإيمان بالله تعالى أفضل الأعمال

## ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

209 ـ وحدّثنا مَنْصُورُ بْنُ أَبِي مُزَاحِمٍ: حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمَ بْنُ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنِي مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ زِيَادٍ: أَخْبَرَنَا إِبْرَاهِيمُ (يَعْنِي ابْنَ سَعْدٍ) عَنْ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَيّ الأَعمَالِ أَفْضَلُ؟ قَالَ: «إِيمَانٌ بِاللّه» قَالَ: ثُمّ مَاذَا؟ قَالَ: «الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ الله» قَالَ: ثُمّ مَاذَا؟ قَالَ: «حَجّ مَبْرُورٌ». وَفِي رِوَايَةِ مُحمّد بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ: «إِيمَانٌ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ». وَحَدّثَنِيهِ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَعَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ.

مائىز، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئەمەلنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەبزەل؟دەپ سورالغاندا، مۇنداق دىگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، تەنھا بىر ئاللاھقا ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش، «يەنى ئىشىنىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشدۇر» ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاندىن كىيىنكى بولسا، مەقبۇل بولغان ھەج، (ئاندىن كىيىنكى باشقا ئەمەللەر خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىلىقىدەك شۇنداق چوڭ، ئەۋزەل، پەزىلەتلىك قىلىنىدۇ، زىيادە، ئارتۇق بىرىلىدۇ)،دىدى.بۇخارى،مۇسلىم، تەبرانى.

210 ـ211 ـ حدّثني أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ. ح وَحَدّثَنَا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ (وَاللّفْظُ لَهُ): حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي مُرَاوِحٍ اللّيْثِيّ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ!، أَيّ الأَعْمَالِ أَفْضَلُ؟ قَالَ: «الإِيمَانُ بِالله وَالْجِهَادُ فِي سَبِيلِهِ» قَالَ قُلْتُ: أَيّ الرّقَابِ أَفْضَلُ؟ قَالَ: «أَنْفَسُهَا عِنْدَ أَهْلِهَا، وَأَعْلاَهَا ثَمَنا» قَالَ قُلْتُ: فَإِنْ لَمْ أَفْعَلْ؟ قَالَ: «تُعِينُ صَانِعا أَوْ تَصْنَعُ لأَخْرَقَ» قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَأَيْتَ إِنْ ضَعُفْتُ عَنْ بَعْضِ الْعَمَلِ؟ قَالَ: «تَكُفّ شَرّكَ عَنِ النّاسِ، فَإِنّهَا صَدَقَةٌ مِنْكَ عَلَى نَفْسِكَ».

ئەبۇ زەر، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل ؟دەپ سورسام، مۇنداق دى دى؛ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، يەككە يىگانە بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، «يەنى ئىشىنىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشدۇر» ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش تۇر،دىدى، مەن قانداق قۇلنى ئازات قىلىش ئەڭ ئەبزەل؟ دىسەم، ئازاد

قىلىدىغان قولنىڭ ئەۋزەلرەكى، پۇلى، باھاسى قىممەت يۇقىرى بولغىنى، شۇنداقلا ئەھلىنىڭ نەزىلدە ھۆرمەتلىك، ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك بولغىنىدۇر،دىدى. مەن: ئەگەر ئۇنى قىلالمىسامچۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ: بىرەر ئىش قىلغۇچى سانئ كەسپدارغا ياكى كەسپى يوق ئەخمەق نادان كىشىگە ياردەم بەرگىن، دىدى. مەن: ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىسامچۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ: كىشىلەردىن يامانلىقڭنى يىغىپ توسقىن، كىشىلەرگە يامانلىق قىلما، چۈنكى، شۇنىڭ ئۆزىلا سەن تەرەپتىن ئۆزۈڭگە قىلىنغان سەدىقە،دىدى.  ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھازىرتۇرمىدىكى مۆئمىننى قۇتقۇزۇڭ.

212 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهَرٍ، عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنِ الْوَلِيدِ ابْنِ الْعَيْزَارِ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِيَاسٍ أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَيّ الْعَمَلِ أَفْضَلُ؟ قَالَ: «الصّلاَةُ لِوَقْتِهَا» قَالَ قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ: «بِرّ الْوَالِدَيْنِ» قَالَ قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ: «الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ الله» فَمَا تَرَكْتُ أَسْتَزِيدُهُ إِلاّ إِرْعَاءً عَلَيْهِ.
213 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ أَبِي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ الْفَزَارِيّ. حَدّثَنَا أَبُو يَعْفُورٍ، عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ الْعَيْزَارِ، عَنْ أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ أَيّ الأَعْمَالِ أَقْرَبُ إِلَى الْجَنّةِ؟ قَالَ: «الصّلاَةُ عَلَى مَوَاقِيتِهَا» قُلْتُ: وَمَاذَا يَا نَبِيّ اللّهِ؟ قَالَ: «بِرّ الْوَالِدَيْنِ» قُلْتُ: وَمَاذَا يَا نَبِيّ اللّهِ؟ قَالَ: «الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللّهِ».
214 ـ215 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ الْعَيْزَارِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ قَالَ: حَدّثَنِي صَاحِبُ هَذِهِ الدّارِ (وَأَشَارَ إِلَى دَارِ عَبْدِ اللّهِ) قَالَ : سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَيّ الأَعْمَالِ أَحَبّ إِلَى اللّهِ؟ قَالَ: «الصّلاَةُ عَلَى وَقْتِهَا» قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ «ثُمّ بِرّ الْوَالِدَيْنِ» قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ «ثُمّ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللّهِ» قَالَ: حَدّثَنِي بِهِنّ، وَلَوِ اسْتَزَدْتُهُ لَزَادَنِي.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  مۇنداق دۈيدۇ؛  مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئەمەللەرنىڭ قايسىسى الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك؟يەنەبىردە ئەڭ ئەۋزەل؟ يەنەبىردە جەننەتكەئەڭ يېقىنلاشتۇرىدۇ؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا   ئەڭ دوستراق  سۆيۈملۈكرەكى ئۆز ۋاختىدىكى ناماز،دىدى. ئاندىن قايسى؟دىسەم، ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، دىدى. ئاندىن ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر،دىدى.ماڭا شۇلارنى سۆزلەپ بەردى،ئەگەر يانىمۇ زىيادە سورسام،يانا دەپ بىرەتتى.لېكىن مەن رەسۇلۇللاھقا كۈيۈنۈپ، ئەدەپكە رۇئايە قىلىپ، شۇنىڭدا توختاتتىم.ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى

216 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ  الْحَسَنِ بْنِ عُبَيْدُ اللّهِ، عَنِ  أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أَفْضَلُ الأَعْمَالِ (أَوْ الْعَمَلِ) الصّلاَةُ لِوَقْتِهَا، وَبِرّ الْوَالِدَيْنِ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ   مۇنداق دۈيدۇ؛   رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  ؛ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، ئۆز ۋاختىدا ئوقۇلغان  ناماز، ۋە ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتۇر،دىدى.

## 43 ــــ باب كون الشرك أقبح الذنوب وبيان أعظمها بعده

## ئاللاھقا شرىك كەلتۈرۈش گۇناھلارنىڭ ئەڭ قەبىھرەكى ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر؛

217 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ. وَقَالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ شُرَحْبِيلَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَيّ الذّنْبِ أَعْظَمُ عِنْدَ الله؟ قَالَ: «أَنْ

تَجْعَلَ للهِ نِدًا وَهُوَ خَلَقَكَ» قَالَ قُلْتُ لَهُ: إِنَّ ذَلِكَ لَعَظِيمٌ. قَالَ قُلْتُ: ثُمَّ أَيٌّ؟ قَالَ: «ثُمَّ أَنْ تَقْتُلَ وَلَدَكَ مَخَافَةَ أَنْ يَطْعَمَ مَعَكَ» قَالَ قُلْتُ: ثُمَّ أَيٌّ؟ قَالَ: «ثُمَّ أَنْ تُزَانِيَ حَلِيلَةَ جَارِكَ».

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** نىڭ نەزىلدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭدۇر؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ **الله** قا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر ۋەھالەنكى **الله** سېنى ياراتقاندۇر دېدى.مەن؛شېرىك كەلتۈرۈش زادى چوڭ گۇناھتۇر، ئاندىن قالسا قايسىسى چوڭ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىرگە تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىڭدۇر دېدى.مەن؛ئاندىن قايسى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ خوشنائڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭدۇر، دېدى.

218 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، جَمِيعا عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ شُرَحْبِيلَ قَالَ قَالَ عَبْدُ اللّهِ: قَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيّ الذّنْبِ أَكْبَرُ عِنْدَ اللهِ؟ قَالَ: «أَنْ تَدْعُوَ للهِ نِدّا وَهُوَ خَلَقَكَ» قَالَ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ: «أَنْ تَقْتُلَ وَلَدَكَ مَخَافَةَ أَنْ يَطْعَمَ مَعَكَ» قَالَ: ثُمّ أَيّ؟ قَالَ: «أَنْ تُزَانِيَ حَلِيلَةَ جَارِكَ» فَأَنْزَلَ اللهُ عَزّ وَجَلّ تَصْدِيقَهَا: {وَالّذِينَ لاَ يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهاً آخَرَ وَلاَ يَقْتُلُونَ النّفْسَ الّتِي حَرّمَ اللهُ إِلاّ بِالْحَقّ وَلاَ يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَاماً} (الفرقان، آية: 68).

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!**الله** نىڭ نەزىلدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭدۇر؟ دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ **الله** قا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر ۋەھالەنكى **الله** سېنى ياراتقاندۇر دېدى.ئۇكىشى؛ ئاندىن قالسا قايسىسى چوڭ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىرگە تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىڭدۇر دېدى.ئۇكىشى؛ئاندىن قايسى؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ خوشنائڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭدۇر، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلاپ **الله** تەئالا،مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى؛« ئۇلار **الله**غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، **الله** هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ». سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەت. بۇخارىي،مۇسلىم.

## 44 ـــــ باب الكبائر وأكبرها

## گۇناھى كەبىرىلەر توغرىسىدا؛

219 ـ حدّثني عَمْرُو بْنُ مُحَمّدُ بْنُ بُكَيْرِ بْنِ مُحَمّدٍ النّاقِدُ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ، عَنْ سَعِيدٍ الْجُرَيْرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقال : «أَلاَ أُنَبّئُكُمْ بِأَكْبَرِ الْكَبَائِرِ؟ (ثَلاَثاً): الإِشْرَاكُ بِاللهِ. وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ. وَشَهَادَةُ الزّورِ، (أَوْ قَوْلُ الزّورِ)» وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُتّكِئا فَجَلَسَ. فَمَا زَالَ يُكَرّرُهَا حَتّى قُلْنَا: لَيْتَهُ سَكَتَ!

ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ــ ئانىلارغا ۋارقىراپ بويۇن قېقىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر، رەسۇلۇللاھ يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋغلۇق ئىدى، ئاندىن راۋ رۇس ئولتۇرۇپ تۇرۇپ بۇسۆزنى تەكرارلاۋەردى، بىز كاشكى جىم تۇرامدىكى،ھېلى جىم توخامدىكى دەپ قالدۇق. (ئاللاھ بىزنى بۇ ئىشلاردىن ساقلىسۇن، ئامىن!) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

220 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ) حَدّثَنَا شُعْبَةُ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَنَسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي الْكَبَائِرِ قَالَ: «الشّرْكُ بِاللهِ. وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ. وَقَتْلُ النّفْسِ. وَقَوْلُ الزّورِ».

221 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ بْنِ عَبْدِ الْحمِيدِ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ: قَالَ: حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ: ذَكَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْكَبَائِرَ (أَوْ سُئِلَ عَنِ الْكَبَائِرِ) فَقَالَ: «الشّرْكُ بِاللهِ. وَقَتْلُ النّفْسِ. وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ» وَقَالَ: «أَلاَ أُنَبّئُكُمْ بِأَكْبَرِ الْكَبَائِرِ؟» قَالَ: «قَوْلُ الزّورِ (أَوْ قَالَ شَهَادَةُ الزّورِ)» قَالَ شُعْبَةُ: ظَنّي أَنّهُ شَهَادَةُ الزّورِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئادەم ئۆلتۈرۈش ، ئاتا ــ ئانىغا ۋارقىراپ گەردەن قېقىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلاردۇر، بۇخارى،مۇسلىم.

222 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قَالَ: حَدّثَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ، عَنْ ثَوْرِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أَبِي الْغَيْثِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «اجْتَنِبُوا السّبْعَ الْمُوبِقَاتِ» قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ وَمَا هُنّ؟ قَالَ: «الشّرْكُ بِاللهِ. وَالسّحْرُ، وَقَتْلُ النّفْسِ الّتِي حَرّمَ الله إِلاّ بِالْحَقّ، وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ، وَأَكْلُ الرّبَا، وَالتّوَلّي يَوْمَ الزّحْفِ، وَقَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْغَافِلاَتِ الْمُؤْمِنَاتِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە ھالاك قىلغۇچىدىن يىراق بولۇڭلار، ئۇلار؛ئۇلار قايسىلار؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بىرىنچىسى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشدىن يىراق بولۇڭلار، ئىككىنچىسى، سېھرىگەرلىك، ئۈچىنچىسى، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق، ھەقلىق بىلەن بولسا مەيلى. تۆتىنچىسى، جازانە، ئۆسۈم يېيىش، بەشىنچى، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئالتىنچىسى، جەڭ كۈنى كاپىردىن قېچىش، يەتتىنچى، ھېچ ئىشدىن خەۋىرى يوق، مۆئمىن، ئىپپەتلىك، ئىرى بار ئايالغا بۆھتان چاپلاش دېدى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقلار توپلىغان. سەھىھ.

223 ـ224 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مِنَ الْكَبَائِرِ شَتْمُ الرّجُلِ وَالِدَيْهِ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَهَلْ يَشْتِمُ الرّجُلُ وَالِدَيْهِ؟ قَالَ: «نَعَمْ. يَسُبّ أَبَا الرّجُلِ، فَيَسُبّ أَبَاهُ. وَيَسُبّ أُمّهُ، فَيَسُبّ أُمّهُ».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىشى گۇناھى ــ كەبىرىدۇر،ئۇلار؛ ئى **الله** نى ئەلچىسى! كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ تىللامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ بولسا، مۇنداق يۈز بېرىدۇ: كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دادىسىنى يا ئانىسىنى تىللاپ

ئەيىبلەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى بۇنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 45 ـــــ باب تحريم الكبر وبيانه

## تەكەببۇرلۇقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا؛

225 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحمّدُ بْنُ بَشّار وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ، جَمِيعا عَنْ يَحْيَىَ بْنِ حَمّادٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنِي يَحْيَىَ بْنُ حَمّادٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبَانَ بْنِ تَغْلِبَ، عَنْ فُضَيْلٍ الْفُقَيْمِيّ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ النّخَعِيّ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ مَسْعُودٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرّةٍ مِنْ كِبْرٍ» قَالَ رَجُلٌ: إِنّ الرّجُلَ يُحِبّ أَنْ يَكُونَ ثَوْبُهُ حَسَناً، وَنَعْلُهُ حَسَنَةً. قَالَ: «إِنّ الله جَمِيلٌ يُحِبّ الْجَمَالَ. الْكِبْرُ: بَطَرُ الْحَقّ وَغَمْطُ النّاسِ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىدە زەررە مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، بىر كىشى: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كىيىم ـــ كېچەكلىرى، ئاياغلىرى گۈزەل، ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرىشىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ كىبىر قىلغانلىق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىبىر قىلىش دىگەن: ھەقنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتكە باش ئەگمەي، قايىل بولماسلىق، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى ئۇلاردىن چوڭ تۇتۇشتۇر دىگەن. دېسكىدىكى مۇسلىم 131 ـــ ھەدىس، تىرمىزى 1322 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 3600 ـــ ھەدىس، سەھىھ.

226 ـ حدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ وَ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ، كِلاَهُمَا عَنْ عَلِيَ بْنِ مُسْهِرٍ. قَالَ مِنْجَابٌ: أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ الله قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَدْخُلُ النّارَ أَحَدٌ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبّةِ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ. وَلاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ أَحَدٌ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبّةِ خَرْدَلٍ مِنْ كِبْرِيَاءَ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دېنى چاغلىق ئىمانى بار كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دىنى مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن ھەدىسلەر كۆپ ئۆتتى، كىبىر بولسا، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتۇر. شەيتانمۇ كىبىر سەۋەبلىك كاپىر بولدى.

227 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ: حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبَانَ بْنِ تَغْلِبَ، عَنْ فُضَيْلٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرّةٍ مِنْ كِبْرٍ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەلبىدە زەررە مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

## 46 ــــــ باب من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة وإن مات مشركا دخل النار

**228 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي وَكِيعٌ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ (قالَ وَكِيعٌ: قال رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم) يَقُولُ «مَنْ مَاتَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئا دَخَلَ النّارَ» وَقُلْتُ أَنَا: وَمَنْ مَاتَ لاَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئَا دَخَلَ الْجَنّةَ.**

جابىر،ۋەكىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ.مەن دەيمەنكى؛ كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

**229 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ فَقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا الْمُوجِبَتَانِ؟ فَقَالَ: «مَنْ مَاتَ لاَ يُشْرِكُ بِاللّه شَيْئا دَخَلَ الجنّةَ. وَمَنْ مَاتَ يُشْرِكُ بِاللّه شَيْئا دَخَلَ النّارَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ۋاجىپ قىلىدىغان ئىككى نەرسەبار . بىركىشى ئۇ ئىككى ۋاجىپ قىلغۇچى نىمە ؟دەپ سوردى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. كىم ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،دىدى.ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.مانا بۇ مىيزان. ھەق، باتىلنىڭ ئۆلچىمىدۇر، ئىمان ۋە كۇفىر، ياخشى ۋەيامانىدۇر.

**230 ـ231 ـ وحدّثني أَبُو أَيّوبَ الْغَيْلاَنِيّ: سُلَيْمَانُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ، وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ، قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عَمْرٍو. حَدّثَنَا قُرّةُ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ: حَدّثَنَا جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ لَقِيَ الله لاَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئا دَخَلَ الْجَنّةَ، وَمَنْ لَقِيَهُ يُشْرِكُ بِهِ دَخَلَ النّارَ». قالَ أَبُو أَيّوبَ: قَالَ: أَبُو الزّبَيْرِ: عَنْ جَابِرٍ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلۈپ ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى ئۇ مۆئمىن). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**232 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ وَاصِلٍ الأَحْدَبِ، عَنِ الْمَعْرُورِ بْنِ سُوَيْدٍ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا ذَرَ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ قالَ: «أَتَانِي جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَبَشّرَنِي أَنّهُ مَنْ مَاتَ مِنْ أُمّتِكَ لاَ يُشْرِكُ بِالله شَيْئا دَخَلَ الْجَنّةَ. قُلْتُ: وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ؟ قالَ: وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ».**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق بىشارەت بەردى، ھەققەتەن ئۈممىتىڭدىن كىم ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا: گەرچە زىنا قىلىپ، ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ، شۇنداقمۇ؟ دىدىم، ئۇ گەرچە زىنا قىلىپ ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ،

شۇنداق دېدى، بەيھەقىدىمۇ بار. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن كىم ئاللاھقا بىرەر نەسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، يەنى مۆئمىن ھالدا ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مەن: ئەگەر ئۇ زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ، جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دېدىم، ئۇ، ھەئە، ئەگەر ئۇ زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېدى، بۇخارى توپلىغان، سە ھىھ، كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان، مۆئمىن ھالدا (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) دەپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ، شاپائەت بىلەن ياكى گۇناھى تۈگەپ جەننەتكە كىرىدۇ.

233 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَحْمَدُ بْنُ خِرَاشٍ، قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ، حَدّثَنَا أَبِي، قَالَ: حَدّثَنِي حُسَيْنٌ الْمُعَلّمُ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ أَنّ يَحْيَى بْنَ يَعْمَرَ حَدّثَهُ أَنّ أَبَا الأَسْوَدِ الدّيلِيّ حَدّثَهُ أَنّ أَبَا ذَرَ حَدّثَهُ قَالَ: أَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ نَائِمٌ. عَلَيْهِ ثَوْبٌ أَبْيَضُ. ثُمّ أَتَيْتُهُ فَإِذَا هُوَ نَائِمٌ. ثُمّ أَتَيْتُهُ وَقَدِ اسْتَيْقَظَ. فَجَلَسْتُ إِلَيْهِ. فَقَالَ: «مَا مِنْ عَبْدٍ قَالَ: لاَ إِلَهِ إِلاّ الله ثُمّ مَاتَ عَلَى ذَلِكَ إِلاّ دَخَلَ الْجَنّةَ» قُلْتُ: وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ؟ قَالَ: «وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ» قُلْتُ: وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ؟ قَالَ: «وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ»، ثَلاثاً، ثُمّ قَالَ فِي الرّابِعَةِ: «عَلَى رَغْمِ أَنْفِ أَبِي ذَرَ» قَالَ، فَخَرَجَ أَبُو ذَرَ، وَهُوَ يَقُولُ: وَإِنْ رَغِمَ أَنْفُ أَبِي ذَرَ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاۋاتقان ئىكەن ، ئۇستىدە ئاق كىيىم بار ئىكەن . ئاندىن مەن كىينراق كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندە چىن قەلبىدىن «لا ئىلاھە ئىللەللاھ »ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شۇ ئىمان، (ئىسلام شۇئارى) ئۈستىدە ئۆلسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،مەن؛گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ سالغان، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ سالغان، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ شۇنداق جەننەتكە كىرىدۇ،دېدى.بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دىيىشىپ ئاندىن كېيىن گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(گەرچە ئەبۇزەر خالىمىسىمۇ) دىگەن ئىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇھەدىسنى سۆزلىگەندە؛ گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(گەرچە ئەبۇزەر خالىمىسىمۇ)دەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى بۇخارىي، مۇسلىم،

## 47 ـــــ باب تحريم قتل الكافر بعد قوله: لا إله إلا الله

### كاپىر ـ دىنسىزكىشى«لائىلاھەئىللەالله»دېگەندىن كيين ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا؛

234 ـ235 ـ 236 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ رُمْحٍ (وَاللّفْظُ مُتَقَارِبٌ) أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَدِيّ بْنِ الْخِيَارِ، عَنِ الْمِقْدَادِ بْنِ الأَسْوَدِ أَنّهُ أَخْبَرَهُ أَنّهُ قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَأَيْتَ إِنْ لَقِيتُ رَجُلاً مِنَ الْكُفّارِ. فَقَاتَلَنِي. فَضَرَبَ إِحْدَى يَدَيّ بِالسّيْفِ فَقَطَعَهَا. ثُمّ لاَذَ مِنّي بِشَجَرَةٍ، فَقَالَ: أَسْلَمْتُ للّه. أَفَأَقْتُلُهُ يَا رَسُولَ اللّهِ بَعْدَ أَنْ قَالَهَا؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَقْتُلْهُ» قَالَ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهُ قَدْ قَطَعَ يَدِي. ثُمّ قَالَ ذَلِكَ بَعْدَ أَنْ قَطَعَهَا. أَفَأَقْتُلُهُ؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَقْتُلْهُ. فَإِنْ قَتَلْتَهُ فَإِنّهُ بِمَنْزِلَتِكَ قَبْلَ أَنْ تَقْتُلَهُ. وَإِنّكَ بِمَنْزِلَتِهِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ كَلِمَتَهُ الّتِي قَالَ».

مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، ئەگەر مەن كاپىرلاردىن بىركىشىگە ئۇچراپ ، بىز ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ، ئۇ قىلىچ بىلەن بىر قولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىسا، ئاندىن مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ مەندىن دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ پاناھ تىلەپ؛ مەن **الله** رازىلىقىدا مۇسۇلمان بولدۇم«لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىسە، مەن ئۇنى شۇ شاھادەت سۆزىنى دىگەندىن كىيىنمۇ ئۆلتۈرسەم بولامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ياق، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قىلىچ بىلەن بىر قولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىغان تۇرسا،دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە؛ياق، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگىن،ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇ سىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈڭدىن بۇرۇنقى ئورنىڭغا ئۆتۈپ بولىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئۇ دىگەن شۇ سۆزىدىن بۇرۇنقى ئورنىغا ئۆتۈپ بولىسەن، دېدى(يەنى سەن دەۋزەخكە كىرىپ، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ،دېدى)بۇخارى،مۇسلىم.

**237 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ، كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَش، عَنِ أَبِي ظَبْيَانَ، عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ وَهَذَا حَدِيثُ ا بْنِ أَبِي شَيْبَةَ. قَالَ: بَعَثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي سَرِيّةٍ. فَصَبّحْنَا الْحُرُقَاتِ مِنْ جُهَيْنَةَ. فَأَدْرَكْتُ رَجُلاً. فَقَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. فَطَعَنْتُهُ فَوَقَعَ فِي نَفْسِي مِنْ ذَلِكَ. فَذَكَرْتُهُ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَقَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَقَتَلْتَهُ؟» قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّمَا قَالَهَا خَوْفاً مِنَ السّلاَحِ. قَالَ: «أَفَلاَ شَقَقْتَ عَنْ قَلْبِهِ حَتّى تَعْلَمَ: أَقَالَها أم لا»، فَمَا زَالَ يُكَرّرُهَا عَلَيّ حَتّى تَمَنّيْتُ أَنّي أَسْلَمْتُ يَوْمَئِذٍ، قَالَ، فَقَالَ سَعْدٌ: أَنَا وَالله لاَ أَقْتُلُ مُسْلِما حَتّى يَقْتُلَهُ ذُو الْبُطَيْنِ يَعْنِي أُسَامَةَ. قَالَ: قَالَ رَجُلٌ: أَلَمْ يَقُلِ الله: {وَقَاتِلُوهُمْ حَتّى لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدّينُ كُلّهُ لله} (الأنفال الآية: 39) فَقَالَ سَعْدٌ: قَدْ قَاتَلْنَا لاَ تَكُونَ فِتْنَةٌ. وَأَنْتَ وَأَصْحَابُكَ تُرِيدُونَ أَنْ تُقَاتِلُوا حَتّى تَكُونَ فِتْنَةٌ.**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۇھەينەت قەبىلىسىدىن بىرقىسىم كىشىلەرگە ئەۋەتتى، بىز ئۇلارغا ئەتىگەندە ھۇجۇم قىلدۇق، مەن ئۇلاردىن بىركىشىنىڭ قېشىغا كىلىپ، ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇشقا باشلىدىم، ئۇ: «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دىسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم، ئاندىن كيىن قەلبىمگە بىر نەرسە چۈشۈپ (يەنى شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ) كىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ سەن ئۇنى «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئەيتسىمۇ، يەنە ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ دېدى، مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قۇرالدىن قورقۇپ پاناھ تىلەپ شۇنداق دېدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ، تەكشۈرۈپ باقمىدىڭ؟ شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ئۇشاھادەت كەلىمىسىنى قورقۇپ دېدىمۇ؟ياكى راست دېدىمۇ؟بىلەتتىڭ ئەمەسمۇ؟دەپ كايىدى. رەسۇلۇللاھ بۇسۆزنى ماڭا تەكرارلاۋەردى، تاكى مەن شۇكۈنى شۇئىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولماي، بەلكى

شۇئىشتىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم(چۈنكى ئىسلام ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى گۇناھلارنى يۇيىدۇ) سەئىد؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن مۇسۇلمان بولغان كىشىنى ئۆلتۈرمەيتتىم، ئۇسامە (جىھاد قىزغىنلىقى بىلەن ئالدىراپ )ئۆلتۈرىۋەتتى، دېدى،ئاندىن بىر كىشى؛ **الله** تائالا:«پىتنە ـ پاساد بولمىغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار...» دېمىگەنمۇ؟دېدى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىز پىتنە ـ پاساد بولمىغانغا قەدەر، دىن **الله** قا خالىس بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدۇق، سىلەر ئەمدى پىتنە ـ پاساد بولغانغا قەدەر، دىن **الله** نىڭ غەيرىگە خاس بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتامسىلەر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**238 ـ حدّثنا يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ: أَخْبَرَنَا حُصَيْنٌ: حَدّثَنَا أَبُو ظَبْيَانَ قالَ: سَمِعْتُ أُسَامَةَ بْنَ زَيْدِ بْنِ حَارِثَةَ يُحَدّثُ، قالَ: بَعَثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلى الْحُرَقَةِ مِنْ جُهَيْنَةَ. فَصَبّحْنَا الْقَوْمَ. فَهَزَمْنَاهُمْ. وَلَحِقْتُ أَنَا وَرَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ رَجُلاً مِنْهُم. فَلَمّا غَشِينَاهُ قالَ: لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ. فَكَفّ عَنْهُ الأَنْصَارِيّ. وَطَعَنْتُهُ بِرُمْحِي حَتّى قَتَلْتَهُ. قالَ فَلَمّا قَدِمْنَا. بَلَغَ ذَلِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ لِي «يَا أُسَامَةُ أَقَتَلْتَهُ بَعْدَ مَا قال لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ؟» قالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّمَا كَانَ مُتعوّذا. قالَ، فَقَالَ «أَقَتَلْتَهُ بَعْدَ مَا قَالَ لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ؟» قالَ فَمَا زَالَ يُكَرّرُهَا عَلَيّ حَتّى تَمَنّيْتُ أَنّي لَمْ أَكُنْ أَسْلَمْتُ قَبْلَ ذَلِكَ الْيَوْمِ.**

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى جۇھەينەت قەبىلىسىدىن بىرقىسىم كىشىلەرگە ئەۋەتتى، بىز ئۇلارغا ئەتىگەندە ھۇجۇم قىلىپ،ئۇلارنى يەڭدۇق، مەن ئەنسارلاردىن بىر كىشى بىلەن بىللە ئۇلاردىن بىركىشىنى قوغلاپ بېرىپ، بىز ئۇنى قورشىۋالغاندا،ئۇ:«لائىلاھە ئىللەالله» **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېدى، ئەنسارى ئۇنىڭدىن قولىنى تارتتى، مەن ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتىم، ئاندىن كېيىن بىز قايتىپ كەلگەندە بۇئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛ ئى ئۇسامە!سەن ئۇنى «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئەيتسىمۇ، يەنە ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ دېدى، مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇ قۇرالدىن قورقۇپ پاناھ تىلەپ شۇنداق دېدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛(ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ، تەكشۈرۈپ باقمىدىڭ؟ شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ئۇشاھادەت كەلىمىسىنى قورقۇپ دېدىمۇ؟ياكى راست دېدىمۇ؟بىلەتتىڭ ئەمەسمۇ؟ )دەپ،يەنە ئى ئۇسامە!سەن ئۇنى «لائىلاھە ئىللەالله»**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئەيتسىمۇ، يەنە ئۆلتۈردۈڭمۇ؟دەپ بۇسۆزنى ماڭا تەكرارلاۋەردى، تاكى مەن شۇكۈنىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولماي، بەلكى شۇئىشتىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇشۇمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

**239 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ الْحَسَنُ بْنِ خِرَاشٍ: حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ عَاصِمٍ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ قالَ: سَمِعْتُ أَبِي يُحَدّثُ أَنّ خَالِدا الأَثْبَجَ، ابْنَ أَخِي صَفْوَانَ بْنِ مُحْرِزٍ، حديث بن صفوان بن محرز حَدّثَ أَنّ جُنْدَبَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الْبَجَلِيّ بَعَثَ إِلَى عَسْعَسِ بْنِ سَلاَمَةَ، زَمَنَ فِتْنَةِ ابْنِ الزّبَيْرِ، فَقَالَ: اجْمَعْ لِي نَفَرا مِنْ إِخوانك حَتّى أُحَدّثَهُمْ. فَبَعَثَ رَسُولاً إِلَيْهِمْ. فَلَمّا اجْتَمَعُوا جَاءَ جُنْدَبٌ وَعَلَيْهِ بُرْنُسٌ أَصْفَرُ. فَقَالَ: تَحَدّثُوا بِمَا كُنْتُم تَحَدّثُونَ بِهِ. حَتّى دَارَ الْحَدِيثُ. فَلَمّا دَارَ الْحَدِيثُ إِلَيْهِ حَسَرَ الْبُرْنُسَ عَنْ رَأْسِهِ. فَقَالَ: إِنّي أَتَيْتُكُمْ وَلاَ أُرِيْدُ أَنْ أخبركم عَنْ نَبِيّكُمْ. إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ بَعْثا مِنَ الْمُسْلِمِينَ إِلَى قَوْمٍ مِنَ الْمُشْرِكِينَ. وَإِنّهُمُ الْتَقَوْا فَكَانَ رَجُلٌ مِنَ**

الْمُشْرِكِينَ إِذَا شَاءَ أَنْ يَقْصِدَ إِلَى رَجُلٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ قَصَدَ لَهُ فَقَتَلَهُ. وَإِنّ رَجُلاً مِنَ الْمُسْلِمِينَ قَصَدَ غَفْلَتَهُ. قَالَ: وَكُنّا نُحَدّثُ أَنّهُ أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ. فَلَمّا رَفَعَ عَلَيْهِ السّيْفَ قَالَ: لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ، فَقَتَلَهُ. فَجَاءَ الْبَشِيرُ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَسَأَلَهُ فَأَخْبَرَهُ. حَتّى أَخْبَرَهُ خَبَرَ الرّجُلِ كَيْفَ صَنَعَ. فَدَعَاهُ. فَسَأَلَهُ. فَقَالَ «لِمَ قَتَلْتَهُ؟» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَوْجَعَ فِي الْمُسْلِمِينَ. وَقَتَلَ فُلاَنًا وَفُلاَنًا. وَسَمّى لَهُ نَفَرًا. وَإِنّي حَمَلْتُ عَلَيْهِ. فَلَمّا رَأَى السّيْفَ قَالَ: لاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ. قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَقَتَلْتَهُ؟» قَالَ: نَعَمْ قَالَ «فَكَيْفَ تَصْنَعُ بِلاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ إِذَا جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! اسْتَغْفِرْ لِي. قَالَ: «وَكَيْفَ تَصْنَعُ بِلاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ إِذَا جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟» قَالَ: فَجَعَلَ لاَ يَزِيدُهُ عَلَى أَنْ يَقُولَ: «كَيْفَ تَصْنَعُ بِلاَ إِلَـهَ إِلاّ اللّهُ إِذَا جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟».

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى زۇبەير ئۆلتۈرۈلگەن پىتنىنىڭ زامانىدا ئەسئەسكە؛قېرىنداشلىرىڭنى يىغقىن، مەن سىلەرگە ھەدىس سۆزلەپ بېرەي دېدى، ئاندىن ئۇ قېرىنداشلىرىغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا جۇندۇپ بېشىغا سېرىق بۆكە(باش كىيىمى)كەيگەن ھالدا كېلىپ؛ قېنى سىلەر ھەدىس سۆزلەڭلار دېدى، سۆزلەش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئۇبېشىدىن بۆكىسىنى ئېچىۋىتىپ؛ مەن سىلەرگە پەيغەمبىرىڭلاردىن بىرەر نەرسىنى مۇنداق دېدى دەپ خەۋەر قىلىپ بەرمەكچى ئەمەس، بەلكى ۋەز-نەسىھەت قىلماقچى ياكى(لا زىيادە بۇلۇپ)خەۋەر قىلىپ بەرمەكچى، رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلەرگە مۇسۇلمانلاردىن ئەسكەر ئەۋەتتى، ئۇلار بىر بىرىگە ئۇچراشتى، مۇشرىكلەردىن بىرەر كىشى، بىرەر مۇسۇلمان كىشىنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى قەستلەپلا ئۆلتۈرىۋېرەتتى، مۇسۇلمان كىشى بولسا، دىنسىزنىڭ غەپلەتتە بىخەۋەر قېلىشىنى مەقسەت قىلاتتى، بىز (بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىگىسىنىڭ)ئۇسامە ئىكەنلىكىنى سۆزلەشتۇق، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كاپىرغا قىلىچ كۆتۈرسە،ئۇ؛ «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ»دېدى، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگەن ئۇكىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،ئاندىن خەۋەرچى كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى سوردى، ئۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئىشىنىمۇ خەۋەر قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامەنى چاقىرتىپ:ئۇنى نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟دېدى، ئۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇكىشى مۇسۇلمانلارنى كۆپ جاراھەتلەندۈردى، پالانى،پالانىلەرنى ئۆلتۈردى دەپ- بىر نەچچە كىشىنى ساناپ بەردى- ، ۋە مەن ئۇنىڭغا قىلىچنى كۆتۈرسەم، ئۇ قىلىچنى كۆرۈپ؛«لا ئىلاھە ئىللەللاھ »دېۋالدى،دېدى. رەسۇلۇللاھ ؛سەن ئۇنى شۇنداق دېسىمۇ، يەنە ئۆلتۈرىۋەردىڭمۇ؟دېدى،ئۇ؛ھەئە دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛« ئى ئۇسامە! بۇ«لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دېگەن كەلىمە قىيامەت كۈنى كەلگەن چاغدا، سەن بۇ كەلىمە بىلەن قانداق قىلارسەن، زادى قانداقمۇ قىلارسەن؟ دېدى، ئۇسامە؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!مەن ئۈچۈن الله تىن مەغپىرەت سورىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ باشقا بىرەر سۆزنى زىيادە قىلماستىن يەنە؛« ئى ئۇسامە! بۇ«لا ئىلاھە ئىللەللاھ » دېگەن كەلىمە قىيامەت كۈنى كەلگەن چاغدا، سەن بۇ كەلىمە بىلەن قانداق قىلارسەن، زادى قانداقمۇ قىلارسەن؟دەپ،بۇسۆزنى بىر نەچچە قېتىم تەكرار دېدى.

## 48 ـــــ باب قول النبيّ صلى الله عليه وسلم: «من حمل علينا السلاح فليس منا»

**240 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقطّانُ). ح وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، كُلّهُمْ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَاللّفْظُ لَهُ. قالَ: قرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: مَنْ حمَلَ عَلَيْنَا السّلاَحَ فَلَيْسَ مِنّا».**

ئەبۇ ھۈرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (كىم بىزنى ئالداپ بىزگە ساختىپەزلىك قىلسا، ئۇمۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس).بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**241 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ قالاَ: حَدّثنَا مُصْعَبٌ (وَهُو ابْنُ الْمِقْدَامِ) حَدّثنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ، عَنْ إِيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ أَبِيهِ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ سَلّ عَلَيْنَا السّيْفَ فَلَيْسَ مِنّا».**

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغارسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس،(يەنى ئۇمۇسۇلمان ئەمەس).ئەھمەد،مۇسلىم.

**242 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأَشْعَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، قالُوا: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ، عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَى عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ حَمَلَ عَلَيْنَا السّلاَحَ فَلَيْسَ مِنّا».**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس.

## 49 ـــــ باب قول النبيّ صلى الله عليه وسلم: «من غشّنا فليس منا»

**243 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدُ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ). ح وحَدّثنَا أَبُو الأَحْوَصِ مُحمّدُ بْنُ حَيّانَ: حَدّثنَا ابْنُ أَبِي حَازِمٍ، كِلاَهُمَا عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ حَمَلَ عَلَيْنَا السّلاَحَ فَلَيْسَ مِنّا، وَمَنْ غَشّنَا فَلَيْسَ مِنّا».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىم بىزنى ئالداپ بىزگە ساختىپەزلىك قىلسا، ئۇمۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس.بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**244 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعا عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ. قالَ: أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ عَنْ أَبِيْهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّ عَلَى صُبْرَةِ طَعَامٍ، فَأَدْخَلَ يَدَهُ فِيهَا، فَنَالَتْ أَصَابِعُهُ بَلَلاً. فَقَالَ: «مَا هَذَا يَا صَاحِبَ الطّعَامِ؟» قالَ: أَصَابَتْهُ السّمَاءُ يَا رَسُولَ اللّهِ! قالَ: «أَفَلاَ جَعَلْتَهُ فَوْقَ الطّعَامِ كَيْ يَرَاهُ النّاسُ، مَنْ غَشّ فَلَيْسَ مِنّي».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قولىنى ئۇنىڭغا سىلىپ باقسا، بارماقلىرىغا ھۆللۈك تېگىدۇ، بۇ كىشىنىڭ ھۆل ئاشلىقنى ئاستىغا، قۇرۇقلىرىنى ئۈستىگە قىلىپ ساتقىنىنى كۆرۈپ؛ ئى تائام، ئاشلىق ئىگىسى! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟دىدى، ئۇكىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! يامغۇر يېغىپ،يامغۇر ئۆتۈپ كىتىپتۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ ؛ ئۇنداق بولسا،نېمە ئۈچۈن ئۇ

ھۆللىرىنى كىشلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن (ئاپتاپتا قۇرۇشى ئۈچۈن) تائامنىڭ ئۈستىگە قىلىپ قويىمدۇق؟، كىم كىشلەرنى ئالدىسا، ساختىپەزلىك قىلسا، نەمدەپ نەرسە ساتسا، ئۇ مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دىدى. (يەنى بۇ قىلمىشى ھارام بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 50 ـــــ باب تحريم ضرب الخدود وشق الجيوب والدعاء بدعوى الجاهلية

**يۈز ـ مەڭزىللىرگەئۇرۇشنىڭ، ياقىللىرىنى يىرتىشنىڭ،جاھالىيەت دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا؛**

245 ـ 246 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحيَى: أَخْبَرَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنا أبِي. جَمِيعا عَنِ الأعْمَش، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُرّةَ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ مِنّا مَنْ ضَرَبَ الْخُدُودَ، أوْ شَقّ الْجُيُوبَ. أوْ دَعَا بِدَعْوَى الْجَاهِلِيّةِ». هَذَا حَدِيثُ يَحْيَى. وَأمّا ابْنُ نُمَيْرٍ وَأبُو بَكْرٍ فَقالاَ «وَشَقّ وَدَعَا» بِغَيْرِ أَلِفٍ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسىبەت يەتكەندە يۈز مەڭزىلىرىگە كاچات ئۇرغان، تاتىلاپ ياردار قىلغان، كىيىملىرىنى، ياقىلىرىنى يىرتقان، جاھالىيەت دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلغان يەنى جاھالىيەت ئۇرپــ ئادىتىنى قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، نەسەئى 1843 ــ ھەدىس، مۇسلىم 149 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2723 ــ ھەدىس سەھىھ. ئۇنى قىلمىغان، بۇنى قىلغان ئادەم، سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرگەن كىشى مەندىن ئەمەس، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دىگەننىڭ مەنىسى مۇنداق، ئىمام نەۋەۋى: سۈننەتتىن قەستەن يۈز ئۆرىسە، ئېتقاد قىلمىسا، تەكەببۇرلۇق قىلسا، باشقىلارنىڭ يولىنى، دىنىنى تۇتىۋالسا، مەندىن ئەمەس يەنى ئۇمۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەۋەب بىلەن، ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوق، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادقا ئۆزىنى ئاتاپ، توي قىلىشدىن چەكلىنىپ قالسا، ئۇلار بۇ ئەيىب دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى، ئۇ ئەۋزەلدۇر دىگەن. ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى بۇخارىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دىگەن: يۈز ئۆرۈش، باشقا نەرسىگە ئۆتۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ، مەقسەت مېنىڭ يولۇمنى تۇتماي، باشقا يولغا كىرىۋالسا، مەندىن باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتسا، مەندىن ئەمەس دىگەن بولدى، مەسىلەن: راھىب بولۇۋالسا. ئەمما، شەرىئەت قانۇنى بىلەن، رۇخسەت بىلەن، سەۋەب، ئۆزرە بىلەن زاھىد بولسا بولىدۇ، راھىبلىق يوق. لېكىن، زاھىدلىق بار، مەندىن ئەمەس، بىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس دىگەنلىك: ئەگەر شۇ ئىشنى قىلىشتا، ياكى قىلماسلىقتا سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈشتە تەئۋىل بىلەن بولسا، سەۋەب، ئۆزرە بىلەن بولسا، خاتالىشىپ بولسا، ئىختىيارى بىلەن قىلماي قالسا، ھورۇنلۇق بولسا، بۇنىڭ مەنىسى، بىزنىڭ يولۇمىزدا ئەمەس، شۇ ئىشنى قىلغانلار قاتارىدا ئەمەس، ياكى شۇ چەكلەنگەن ئىشنى قىلمايدىغان كىشلەرنىڭ يولىدا ئەمەس، شۇلارنىڭ خىلى ئەمەس،ئەخلاقىدائەمەس دىگەن بولىدۇ، بۇ ئۇ چاغدا تاپا ــ تەنە، مەكرۇھ ياكى ئاسىيلىق، گۇناھ بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، كاپىر قىلىۋەتمەيدۇ، سەن مۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولمايدۇ، چۈنكى، بىرەر ھارام ئىشنى، گۇناھنى، مەكرۇھنى قىلىپ سېلىش ياكى بىرەر سۈننەتنى تەرىك ئېتىش بىلەنلا كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، بولۇپمۇ سۈننەتنى تەرىك ئەتسە كاپىر بولمايدۇ. ئەمما، ئۇ سۈننەتنى مەسخىرە قىلىپ، كىبىر قىلىپ، يۈز ئۆرۈپ باشقا مىللەت، باشقا دىنىنىڭ يولىغا كىرىپ سۈننەتكە ئېتقاد قىلمىسا، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېتقاد قىلماي، پۈتۈنلەي يۈز ئۆرىسە، سەۋەب، ئۆزرە بولمىسا، غەيرى ئېتىقادقا

ئۆتۈپ كەتسە، مانا بۇ كىشى ئىسلام مىللىتىدىن ئەمەس، مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىتقادى كۇپرىنىڭ تۈرىدۇر، مەخسەت: بۇ بىزدىن ئەمەس دىگەن سۆز، بىر خىل ئەمەس، بەزىسى مۇسۇلمان ئەمەس دىگەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىدىن، مىللىتىدىن چىقىرىۋىتىدۇ، خۇددى شېرىك ئىشلارنى قىلسا، بىزدىن ئەمەس دىگەندەك. بەزىسى ئەقىدە، ئېتىقادقا دىيىلسە بۇمۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋىتىدۇ، چۈنكى، ئۇ شېرىكتۇر، بەزىسى هارام، گۇناهي كەبىيرە بولىدۇ. خۇددى ، مىيىتكە قوشاق قوشۇپ ئاۋازلىق يىغلاپ، كىيىمنى يىرتىپ، يۈزنى تاتىلاپ، جاراهەت قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس دىگەندەك. بۇ هارام، گۇناھ دىگەن بولىدۇ. لېكىن، كاپىر دىگەن بولمايدۇ. بەزىسى تاپا _ تەنە، تەهدىد سۆزى بولىدۇ، ئەمەلگە قىزىقتۇرىدۇ، مەسلەن: قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دىگەندەك، بۇ قىزىقتۇرۇش ياكى تەهدىد يا مۇبالىغە بولىدۇ، يا ئاچچىقلاپ، كايىش، توسۇش، چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ، بەزىسى پەرىز ۋاجىپ، سۈننەتكە دالالەت قىلسا، بەزىسى هارام، مەكرۇهنى كۆرسىتىدۇ، هەربىرىنىڭ دەرىجىسى، مەرتىبىسى بار، شۇ بۇيرۇلغان يا چەكلەنگەن ئىشقا قارىسا، ئايرىم _ ئايرىم هۆكۈم قىلىنىدۇ، كىشلەر ئوخشاش ئەمەس، ئەمەللىرى، نىيەتلىرى ئوخشاش ئەمەس، هۆكۈممۇ ئوخشاش ئەمەس، بۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ، تولۇق بىلىپ، هۆكۈم قىلىش لازىم، ياخشىسى هۆكۈمنى هاكىم چىقارسۇن، قانۇنشۇناسلار چىقارسۇن، بىز پەقەت ئىبرەت ئالايلى، دەلىل كەلتۈرۈپ چۈشىنەيلى، دىگەننى بۇيرىغاننى قىلىپ، توسقاندىن يانايلى! توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.( ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىزنىڭ غەيرىمىزنىڭ سۈننىتىگە يەنى بىزدىن باشقا دىندىكى كىشلەرنىڭ يوللىرىغا كىرىپ، سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (چۈنكى، ئۇ ئېغىرراقى، كاپىر، مۇشرىك بولسا، يەڭگىلرەكى، بىدئەتچى، پاسىق بولىدۇ). دەيلىمى، فىردەۋس توپلىغان، هەسەن.)

**247 ـ حدّثنا الْحكَمُ بْنُ مُوسىَ الْقنْطرِيّ. حدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حمْزَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْن يَزِيدَ بْن جَابرِ: أَنّ الْقاسِمِ بْنَ مُخَيمِرَةَ حدّثهُ قالَ: حدّثنِي أبُو بُرْدَةَ بْنُ أبِي مُوسىَ. قالَ: وَجِعَ أبُو مُوسىَ وجَعا فغُشِيَ عَلَيْهِ. وَرَأْسُهُ فِي حجْرِ امْرَأةٍ مِنْ أَهْلِهِ. فصَاحتِ امْرَأةٌ مِنْ أهلِهِ فلَمْ يَسْتَطِعْ أنْ يَرُدّ عَلَيْهَا شَيْئا. فلَمّا أفاقَ قالَ: أنَا بَرِيءٌ مِمّا بَرِىءَ مِنْهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فإنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَرِىءَ مِنَ الصّالِقةِ وَالْحَالِقةِ وَالشّاقةِ.**

ئەبۇ بۇردەت مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ قاتتىق كېسەل بۇلۇپ قېلىپ، هۇشىدىن كەتتى، ئۇنىڭ بېشى ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى ئاۋازلىق يىغلاپ ، ۋارقىراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئايالىغا رەددىيە بىرىشكە قۇدرىتى يەتمىدى، ئاندىن ئۇ هۇشىغا كىلىپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزار بولغان نەرسىدىن مەنمۇ بىزارمەن، رەسۇلۇللاھ مۇسىبەت يەتكەندە چېچىنى چۈشۈرگەن، هۆكۈرەپ ئاۋازلىق يىغلىغان، كىيىملىرىنى يىرتقان (ئۆزىنى ئۇرغانلار)دىن بىزاردۇر دېدى.

**248 ـ249 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ، قالاَ: أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ عَوْنٍ: أَخْبَرَنَا أَبُو عُمَيْسٍ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا صَخْرَةَ يَذْكُرُ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ وَأَبِي بُرْدَةَ بْنِ أَبِي مُوسَى، قالاَ أُغْمِيَ عَلَى أَبِي مُوسىَ وَأَقْبَلَتِ امْرَأَتُهُ أُمّ عَبْدِ اللّهِ تَصِيحُ بِرَنّةٍ قالاَ: ثُمّ أَفَاقَ. قالَ: أَلَمْ تَعْلَمِي (وكَانَ يُحدّثُهَا) أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أَنَا بَرِيءٌ مِمّنْ حلَقَ وَسلَقَ وَخرَقَ».**

ئەبۇ بۇردەت مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ هۇشىدىن كەتكەندە، ئۇنىڭ ئايالى ئاۋازلىق يىغلاپ ، ۋارقىراشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇ هۇشىغا كىلىپ:سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق

دىگەرلىكىنى بىلمەمسەن؟ : مەن مۇسىبەت يەتكەندە ، چىچىنى چۇشۇرگەن، ھۆكۈر ەپ ئاۋازلىق يىغلىغان، كىيىملىرىنى يىرتقان (ئۆزىنى ئۇرغانلار)دىن بىزاردۇرمەن. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

## 51 ـــــ باب بيان غلظ تحريم النميمة

## گەپ تۇشۇپ سۇخەنچىلىك قىلىشنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا؛

250 ـ وحدّثني شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ محمّد بْن أسْمَاءَ الضّبَعِيّ قالاَ: حَدّثنَا مَهْدِيّ (وَهُوَ ابْنُ مَيْمُونٍ)، حَدّثنَا وَاصِلٌ الأَحْدَبُ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ حُذَيْفَة أَنّهُ بَلَغَهُ أَنّ رَجُلاً يَنِمّ الْحَدِيثَ. فقَالَ حُذَيْفَةُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَدْخُلُ الْجَنّة نَمّامٌ».

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىركىشىنىڭ گەپ ـ سۆزلەرنى توشىغۇچى سۇخەنچى ئىكەنلىكى يەتكەندە ئۇ مۇنداق دېدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇياقتىن ـ بۇياققا كىشلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى توشىغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،كىيىنكى ئۈچ كىتاب.

252 ـ251 ـ حَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ، عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. واللّفْظُ لَهُ. أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ هَمّامِ بْنِ الْحَارِثِ قَالَ: كُنّا جُلُوسا مَعَ حُذَيْفَةَ فِي الْمَسْجِدِ. فَجَاءَ رَجُلٌ حَتّى جَلَسَ إلَيْنَا. فَقِيْلَ لِحُذَيْفَةَ: إنّ هَذَا يَرْفَعُ إلَى السّلْطَانِ أشْيَاءَ. فقَالَ حُذَيْفَةُ، إرَادَةَ أَنْ يُسْمِعَهُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَدْخُلَ الْجَنّة قتّاتٌ».

ھەممام مۇنداق دەيدۇ؛ بىز مەسجىدتە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇبىلەن بىللە ئولتۇرساق، بىر كىشى كىرىپ بىزنىڭ يېنىمىزدىراق ئولتۇردى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛بۇكىشى كىشلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى سۇلتانغاكۆتۈرۈپ بارىدۇ دىيىلدى،ئاندىن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئۇكىشىگە ئاڭلىتىشنى مەقسەت قىلىپ مۇنداق دېدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇياقتىن ـ بۇياققا كىشلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى توشىغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم،كىيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 52 ـــــ باب بيان غلظ تحريم إسبال الإِزار والمن بالعطية وتنفيق السلعة بالحلف. وبيان الثلاثة الذين لا يكلمهم الله يوم القيامة ولا ينظر إليهم ولا يزكيهم ولهم عذاب أليم

## (كىبرى قىلىپ)ئىشتاننى ھۇشۇقتىن ئۇزۇن كىيىشنىڭ،بەرگەن نەرسىسگە مىننەت قىلىشنىڭ، قەسەم قىلىپ تىجارەت قىلىشنىڭ قاتتىق ھاراملىقى، ۋە قىيامەت كۈنى الله تائالا سۆز قىلمايدىغان، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدىغان، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدىغان ئۈچ كىشى توغرىسىدا؛

253 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالُوا: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ عَلِيّ بْنِ مُدْرِكٍ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ خَرَشَةَ بْنِ الْحرّ، عَنْ أَبِي ذَرَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «ثلاَثَةٌ لاَ يُكَلّمُهُمُ الله يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَلاَ يَنْظُرُ إلَيْهِمْ، وَلاَ يُزَكّيهِمْ، وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ» قَالَ فقَرَأَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثلاَثَ مِرَارٍ. قَالَ أَبُو ذَرَ: خَابُوا وَخَسِرُوا، مَنْ هُمْ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «الْمُسْبِلُ إزَارَهُ وَالْمَنّانُ وَالْمُنَفّقُ سِلْعَتَهُ بالحلف الكاذب».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دى گەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بولىدۇ دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار قوشلاپ قاتتىق زىيان تارتتى،ئۇلار كىم ـ كىملەر؟دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار بولسا، بىرىنچى: ئىشتىنىنى ھوشۇقىدىن ئۆزۈن كىيىگۈچى، ئىككىنچى؛بەرگىنىگە مىننەت قىلغۇچى كىشى، ئۈچىنچى ؛ يالغان قەسەم قىلىپ مال ساتقۇچى، يالغان قەسەم بىلەن سودىسىنى راۋاجلاندۇرغۇچى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

**254 ـ255 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ خَلاَّدٍ الْبَاهِلِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ (وَهُوَ الْقَطّانُ) حَدّثَنَا سُفْيَانُ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ الأَعْمَشُ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ مُسْهِرٍ، عَنْ خَرَشَةَ بْنِ الْحُرّ، عَنْ أَبِي ذَرَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «ثَلاَثَةٌ لاَ يُكَلِمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ: الْمَنّان الّذِي لاَ يُعْطِي شَيْئَا إِلاّ مَنّة. وَالْمُنَفّقُ سِلْعَتَهُ بِالْحَلْفِ الْفَاجِرِ، وَالْمُسبِلُ إِزَارَهُ».**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دى گەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بولىدۇ، بىرىنچى: مىننەت قىلغۇچى كىشى بۇلۇپ بەرگەنلا نەرسىسگە مىننەت قىلىدۇ ، ئىككىنچى، يالغان قەسەم قىلىپ مال ساتقۇچى، يالغان قەسەم بىلەن سودىسىنى راۋاجلاندۇرغۇچى، ئۈچىنچى، ئىشتىنىنى ھوشۇقىدىن ئۆزۈن كىيىگۈچى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

**256 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ثَلاَثَةٌ لاَ يُكَلّمُهُمُ الله يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكّيهِمْ (قَالَ أَبُو مُعَاوِيَةَ: وَلاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ) وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ: شَيْخٌ زَانٍ وَمَلِكٌ كَذّابٌ. وَعَائِلٌ مُسْتَكْبِرٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب باردۇر، 1 ـ قېرى شەيىخ زىناخور، 2 ـ يالغانچى كاززاپ پادىشاھ، 3 ـ مۇتەكەببىر كىبىرىسى بار پېقىردۇر، مۇسلىم بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**257 ـ258 ـ 259 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ـ وَهَذَا حَدِيثُ أَبِي بَكْرٍ ـ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ثَلاَثٌ لاَ يُكَلّمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ وَلاَ يُزَكّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ: رَجُلٌ عَلَى فَضْلِ مَاءٍ بِالْفَلاَةِ يَمْنَعُهُ مِن ابْنِ السّبِيلِ. وَرَجُلٌ بَايَعَ رَجُلاً بِسِلْعَةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ فَحَلَفَ لَهُ بِالله لأَخَذَهَا بِكَذَا وَكَذَا فَصَدّقَهُ، وَهُوَ عَلَى غَيْرِ ذَلِكَ. وَرَجُلٌ بَايَعَ إِمَاما لاَ يُبَايِعُهُ إِلاّ لِدُنْيَا، فَإِنْ أَعْطَاهُ مِنْهَا وَفَى، وَإِنْ لَمْ يُعْطِهِ مِنْهَا لَمْ يَفِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بار. 1. چۆل ــ باياۋاندا مۇساپىردىن سۇيىنىڭ ئاشقىنىنى بەرمەي، چەكلەيدىغان كىشى.

2. ئەسىردىن كېيىن بىر كىشىگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، بۇنى مەن مانچىلىك پۇلغا ئالغان، پالانى يۇەنگە ئالغان دەپ مېلىنى قىممەت ساتقان كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى بۇنىڭ قەسەمگە ئىشىنىپ، مالنى قىممەت ئالدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغان قەسەم قىلغاندۇر، (ئەسىردىن كېيىن دېگەن سۆزنى قوشۇپ كەلتۈرۈش، بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، ئالىملار بۇ نامازدىن كېيىن بولۇپمۇ جامائەت بار جايدا تاھارەت بىلەن يالغان قەسەم قىلىش، گۇناھى كەبىرە دېدى) 3. ئىمام، خەلىپىگە پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا بەيئەت قىلغان كىشى بولۇپ، ئەگەر مال ــ دۇنيا بەرسە ۋاپا قىلىدۇ، بەرمىسە، ۋاپا قىلمايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرقى ئىشلار گۇناھى كەبىرە ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھارامدۇر، چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىندى، ئى تىجارەتچىلەر! قەسەم قىلىشدىن ھەزەر قىلىڭلار.

## 53 ـ باب بيان غلظ تحريم قتل الإنسان نفسه وإن من قتل نفسه بشيء عذب به في النار وأنه لا يدخل الجنة إلا نفس مسلمة

**كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ قاتتىق ھاراملىقى، كىم ئۆزىنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرىۋالسا، ئۇنىڭ دەۋزەخ ئىچىدە شۇنەرسە بىلەن ئازاپلىنىشى،جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىرىدۇ، دېگەن توغرىسىدا؛**

260 ـ261 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأشَجّ، قالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبِي صَالِحِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِحَدِيدَةٍ فَحَدِيدَتُهُ فِي يَدِهِ يَتَوَجّأُ بِهَا فِي بَطْنِهِ فِي نَارِ جَهَنّمَ خَالِدا فِيهَا أَبَدا. وَمَنْ شَرِبَ سَمّا فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ يَتَحَسّاهُ فِي نَارِ جَهَنّمَ خَالِدا مُخَلّدا فِيهَا أَبَدا. وَمَنْ تَرَدّى مِنْ جَبَلٍ فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ يَتَرَدّى فِي نَارِ جَهَنّمَ خَالِدا مُخَلّدا فِيهَا أَبَدا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرىۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئىچىدە مەڭگۈ ــ مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا، جەھەننەم ئوتى ئىچىدە شۇ تۆمۈر بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدۇ، قورسىقىنى يېرىپ، جاراھەتلەندۈرۈپ ئازابلىنىدۇ. كىم زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالسا، بۇمۇ جەھەننەمدە ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ قالغان ھالدا، ئوت ئىچىدە شۇ زەھەرنى دائىم ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىم تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا، ئۆزىنى يۇقىرىدىن پەسكە تاشلاپ ئوت ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

262 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَى: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ سَلاّمِ بْنِ أَبِي سَلاّمٍ الدّمَشْقِيّ، عَنْ يَحْيَىَ بْنِ أَبِي كَثِيرِ أَنّ أَبَا قِلاَبَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ ثَابت بْنَ الضّحّاكِ أَخْبَرَهُ أَنّهُ بَايَعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَحْتَ الشّجَرَةِ. وأَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ بِمِلّةٍ غَيْرِ الإِسْلاَمِ كَاذِبا فَهُوَ كَمَا قَالَ. وَمَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِشَيْءٍ عُذّبَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَلَيْسَ عَلَى رَجُلٍ نَذْرٌ فِي مَا لاَ يَمْلِكُهُ».
263 ـ حدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسمَعِيّ: حَدّثَنَا مُعَاذٌ (وَهُوَ ابْنُ هِشَامٍ) قَالَ: حَدّثَنِي أَبِي عَنْ يَحْيَىَ بْنِ أَبِي كَثِيرِ، قَالَ: حَدّثَنِي أَبُو قِلاَبَةَ، عَنْ ثَابِتِ بْنِ الضّحّاكِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَيْسَ عَلَى رَجُلٍ نَذْرٌ فِيمَا لاَ يَمْلِكُ. وَلَعْنُ الْمُؤْمِنِ كَقَتْلِهِ. وَمَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِشَيْءٍ فِي الدّنْيَا عُذّبَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَمَنِ ادّعَى دَعْوَى كَاذِبَةً لِيَتَكَثّرَ بِهَا لَمْ يَزِدْهُ اللّهُ إِلاّ قِلّةً. وَمَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ فَاجِرَةٍ».
264 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ، وَ عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ. كُلّهُمْ عَنْ عَبْدِ الصّمَدِ بْنِ عَبْدِ الْوَارِثِ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ ثَابِتِ بْنِ الضّحّاكِ الأَنْصَارِيّ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ، عَنِ الثّوْرِيّ،

عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ ثَابِتِ بْنِ الضَّحّاكِ قَالَ: قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ حَلَفَ بِمِلّةٍ سِوَى الإِسْلاَمِ كَاذِبا مُتَعَمّدا فَهُوَ كَمَا قَالَ. وَمَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِشَيْءٍ عَذّبَهُ الله بِهِ فِي نَارِ جَهَنّمَ». هَذَا حَدِيثُ سُفْيَانَ. وَأَمّا شُعْبَةُ فَحَدِيثُهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ حَلَفَ بِمِلّةٍ سِوَى الإِسْلاَمِ كَاذِبا فَهُوَ كَمَا قَالَ: وَمَنْ ذَبَحَ نَفْسَهُ بِشَيْءٍ ذُبِحَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ـ ئۇ دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغان كىشىدىن ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۇ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ۋەدە نەزرى يوق، مۆئمىنگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر، كىم ئۆزىنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىسى بىلەن ئازابلىنىدۇ، كىم ئۆزىنى بىرەر نەرسە بىلەن بوغۇزلىۋالسا، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسى بىلەن بوغۇزلىنىپ ئازاپلىنىدۇ، كىم ئىسلام مىللىتىدىن باشقا مىللەت بىلەن يالغاندىن قەستەن قەسەم قىلسا، ئىسلامدىن باشقا دىنىنىڭ قەسىمى بىلەن قەسەم قىلسا، ياكى چاخچاق قىلىپ، يالغاندىن شۇنداق قىلسا، ئۇ ئۆزى دېگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى شۇ مىللەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ،) كىم مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن مەجبۇرى قەسەم قىلىپ يالغان داۋا قىلسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ نەرسىسىنى تېخىمۇ كەملىتىۋېتىدۇ، كىم مۆئمىنگە كۇپىرلىقنى بوھتان قىلسا، كاپىر دېسە، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تۆت كىتاپ توپلىغان، سەھىھ.

265 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ، وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، جَمِيعا عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ: قَالَ: ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: شَهِدْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حُنَيْنا. فَقَالَ لِرَجُلٍ مِمّنْ يُدْعَى بِالإِسْلاَمِ «هَذَا مِنْ أَهْلِ النّارِ» فَلَمّا حَضَرْنَا الْقِتَالَ قَاتَلَ الرّجُلُ قِتَالاً شَدِيدا فَأَصَابَتْهُ جِرَاحَةٌ. فَقِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! الرّجُلُ الّذِي قُلْتَ لَهُ آنِفا: «إِنّهُ مِنْ أَهْلِ النّارِ» فَإِنّهُ قَاتَلَ الْيَوْمَ قِتَالاً شَدِيدا. وَقَدْ مَاتَ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إِلَى النّارِ» فَكَادَ بَعْضُ الْمُسْلِمِينَ أَنْ يَرْتَابَ. فَبَيْنَمَا هُمْ عَلَى ذَلِكَ إِذْ قِيلَ: إِنّهُ لَمْ يَمُتْ. وَلَكِنّ بِهِ جِرَاحا شَدِيدا، فَلَمّا كَانَ مِنَ اللّيْلِ لَمْ يَصْبِرْ عَلَى الْجِرَاحِ فَقَتَلَ نَفْسَهُ. فَأُخْبِرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِذَلِكَ فَقَالَ: «الله أَكْبَرُ أَشْهَدُ أَنّي عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ» ثُمّ أَمَرَ بِلاَلاً فَنَادَى فِي النّاسِ «إِنّهُ لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ إِلاّ نَفْسٌ مُسْلِمَةٌ. وَإِنّ الله يُؤَيّدُ هَذَا الدّينَ بِالرّجُلِ الْفَاجِرِ». 266 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ، حَي مِنَ الْعَرَبِ عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْتَقَى هُوَ وَالْمُشْرِكُونَ فَاقْتَتَلُوا. فَلَمّا مَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى عَسْكَرِهِ، وَمَالَ الآخَرُونَ إِلَى عَسْكَرِهِمْ، وَفِي أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ لاَ يَدَعُ لَهُمْ شَاذّةً إِلاّ اتّبَعَهَا يَضْرِبُهَا بِسَيْفِهِ. فَقَالُوا: مَا أَجْزَأَ مِنّا الْيَوْمَ أَحَدٌ كَمَا أَجْزَأَ فُلاَنٌ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمَا إِنّهُ مِنْ أَهْلِ النّارِ» فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: أَنَا صَاحِبُهُ أَبَدا. قَالَ فَخَرَجَ مَعَهُ. كُلّمَا وَقَفَ وَقَفَ مَعَهُ. وَإِذَا أَسْرَعَ أَسْرَعَ مَعَهُ. قَالَ فَجُرِحَ الرّجُلُ جُرْحا شَدِيدا. فَاسْتَعْجَلَ الْمَوْتَ فَوَضَعَ نَصْلَ سَيْفِهِ بِالأَرْضِ، وَذُبَابَهُ بَيْنَ ثَدْيَيْهِ. ثُمّ تَحَامَلَ عَلَى سَيْفِهِ فَقَتَلَ نَفْسَهُ. فَخَرَجَ الرّجُلُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنّكَ رَسُولُ اللّهِ. قَالَ: «وَمَا ذَاكَ؟» قَالَ: الرّجُلُ الّذِي ذَكَرْتَ آنِفا أَنّهُ مِنْ أَهْلِ النّارِ. فَأَعْظَمَ النّاسُ ذَلِكَ. فَقُلْتُ: أَنَا لَكُمْ بِهِ. فَخَرَجْتُ فِي طَلَبِهِ حَتّى جُرِحَ جُرْحا شَدِيدا. فَاسْتَعْجَلَ الْمَوْتَ. فَوَضَعَ نَصْلَ سَيْفِهِ بِالأَرْضِ وَذُبَابَهُ بَيْنَ ثَدْيَيْهِ. ثُمّ تَحَامَلَ عَلَيْهِ فَقَتَلَ نَفْسَهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عِنْدَ ذَلِكَ «إِنّ الرّجُلَ لَيَعْمَلُ عَمَلَ أَهْلِ الْجَنّةِ فِيمَا يَبْدُو لِلنّاسِ، وَهُوَ مِنْ أَهْلِ النّارِ. وَإِنّ الرّجُلَ لَيَعْمَلُ عَمَلَ أَهْلِ النّارِ فِيمَا يَبْدُو لِلنّاسِ وَهُوَ مِنْ أَهْلِ الْجَنّةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشتۇق، رەسۇلۇللاھ: ئىسلام داۋاسى قىلىدىغان، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر كىشىنى«بۇكىشى دوۋزەخ ئەھلىدۇر»دېدى، جەڭ باشلانغاندا ئۇكىشى قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، كۆپ جاراھەتلەندى، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى باياتىن؛«بۇكىشى دوۋزەخ ئەھلىدۇر»دېگەن ئۇكىشى **الله** يولىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ، كۆپ جاراھەتلەنىدىغۇ،

دېدى، (بۇكىشى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كۆزەتكەن ئىدى)رەسۇلۇللاھ يەنە؛«ئۇ جەزمەن دەۋزەخ ئەھلىدۇر»دېدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى بۇسۆزنى ئاڭلاپ، شەكلەنگىلى تاس ـ تاس قالدى، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ھېلىقى كىشى جاراھىتىنىڭ قاتتىق ئەلەملىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئوق خالتىسىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى (يەنەبىردە؛قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىۋالدى دېيىلگەن،يەنى ئوق بىلەن ئۆلمەي ئاندىن قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىۋالغان) ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئالدىراپ كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تائالا سىلىنىڭ سۆزلىرىنى راستقا چىقاردى، پالانى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:**الله** ئەكبەر!مەن ئۆزۈمنىڭ **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئى بىلال! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە مۇنداق ئېلان قىلغىن، جەننەتكە پەقەت مۆئمىنلا كىرىدۇ، مۆئمىندىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى پاسىق، پاجىر كىشىلەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، پاسىقلار بىلەنمۇ ئىسلامغا ياردەم بېرىدۇ.          ھەقىقەتەن كىشى ، كىشىلەرگە كۆرۈنىشىدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتە ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىندۇر، ھەقىقەتەن كىشى، كىشىلەرگە كۆرۈنىشىدە دوۋزاخ ئەمەللىرىنى قىلىۋاتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر، بۇخارى رەھمەھۇللا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا   «ھەقىقەتەن ئەمەللەر ئەڭ ئاخىرقىكى بىلەن بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى ھېساب» دېگەننى زىيادە قىلغان، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**267 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا الزّبَيْرِيّ (وَهُوَ مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ) حَدّثَنَا شَيْبَانُ قَالَ: سَمِعْتُ الْحَسَنَ يَقُولُ: «إِنّ الرّجُلَ كَانَ فِيمَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ خَرَجَتْ بِهِ قَرْحَةٌ. فَلَمّا آذَتْهُ انْتَزَعَ سَهْمَا مِنْ كِنَانَتِهِ. فَنَكَأَهَا فَلَمْ يَرْقَإِ الدّمُ حَتّى مَاتَ. قَالَ رَبّكُمْ: قَدْ حَرّمْتُ عَلَيْهِ الْجَنّةَ». ثُمّ مَدّ يَدَهُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَقَالَ: إِي وَاللهِ! لَقَدْ حَدّثَنِي بِهَذَا الْحَدِيثِ جُنْدَبٌ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي هَذَا الْمَسْجِدِ.**
**268 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٌ. حَدّثَنَا أَبِي قَالَ: سَمِعْتُ الْحَسَنَ يَقُولُ: حَدّثَنَا جُنْدَبُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الْبَجَلِيّ فِي هَذَا الْمَسْجِدِ. فَمَا نَسِينَا. وَمَا نَخْشَى أَنْ يَكُونَ جُنْدَبٌ كَذَبَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَرَجَ بِرَجُلٍ فِيمَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ خُرَاجٌ» فَذَكَرَ نَحْوَهُ.**

ھەسەن بەسەرىيدىن، جۇندۇبلىبىجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ، جاراھەت ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەندە، ئۇ ئوق خالتىسىدىن بىر تال ئوقيانى ئېلىپ، ئۇ جاراھەتكە سانجىۋېتىدۇ، ئاندىن قەتئىي قان توختىماي، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: بەندەم ماڭا نەپسى بىلەن ئالدىراپ قالدى، ماڭا ئالدىراپ، ئۆزىنى ئۆلتۈردى، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم،مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان،

سەھەھ. ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھارام قىلىنغان، ئۇنداق كىشى ھارام ئىشنى قىلىپلا جان ئۈزىدۇ ــ دە، دوۋزاختا بولىدۇ، شۇ قاتىللىق قۇرالى بىلەن ئازابلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىن ئىبارەت بىر كىشىنى ئۆلتۈردى.

## 54 ـــــ باب غلظ تحريم الغلول وأنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون

**ئولجا ـ غەنيمەتكە خيانەت قىلىشنىڭ قاتتىق ھاراملىقى،جەننەتكە پەقەت مۆئمىنلەرلا كىرىدۇ،دېگەن توغرىسىدا؛**

269 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا هَاشِمُ بْنُ الْقاسِمِ. حَدّثنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. قالَ: حَدّثنِي سِمَاكٌ الْحَنَفِيّ، أَبُو زُمَيْلٍ. قالَ: حَدّثنِي عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبّاسٍ. قالَ: حَدّثنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ قالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ خَيْبَرَ أَقبَلَ نَفرٌ مِنْ صَحَابَةِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فقالُوا: فُلاَنٌ شَهيدٌ. فُلاَنٌ شَهيدٌ. حَتّى مَرّوا عَلَى رَجُلٍ فقالُوا: فُلاَنٌ شَهيدٌ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَلاّ. إنّي رَأَيْتُهُ فِي النّارِ. فِي بُرْدَةٍ غَلّهَا. أَوْ عَبَاءَةٍ» ثُمّ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يا ابْنَ الْخَطّابِ! اذْهَبْ فنَادِ فِي النّاسِ أنّهُ لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ إلاّ الْمُؤْمِنُونَ» قالَ فخَرَجْتُ فنَادَيْتُ: «ألاَ إنّهُ لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ إلاّ الْمُؤْمِنُونَ».

ئىبنى ئابباس ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، خەيبەر كۈنى بىر نەچچە نەپەر ساھابەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارئالدىنى قىلىپ كېلىپ؛ پالانى شېھىد بولدى، پالانى شېھىد بولدى دېيىشىپ، بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ؛بۇ كىشىمۇ شېھىد بولدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنى ئۇخيانەت قىلغان بىر دانە تون ياكى جۇۋا سەۋەبلىك دوۋزەختە كۆردۈم دەپ،ئاندىن ئى ئىبنى خەتتاپ! سەن بېرىپ كىشىلەرگە مۇنداق نىدا قىلىپ توۋلىغىن؛« جەننەتكە پەقەت شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرلار كىرىدۇ!!!».مەن بېرىپ، ئۈچ قېتىم شۇنداق توۋلىدۇم. ئەھمەد، مۇسلىم

270 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ قالَ: أَخْبَرَنِي ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أنَسٍ، عَنْ ثوْرِ بْنِ زَيْدٍ الدّوْلِيّ، عَنْ سَالِمٍ أَبِي الْغَيْث، مَوْلَى ابْنِ مُطِيعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. ح وَحَدّثنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. وهَذَا حَدِيثُهُ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيز (يَعْنِي ابْنَ مُحمّدٍ) عَنْ ثوْرٍ، عَنْ أَبِي الْغَيْثِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: خَرَجْنَا مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم إلى خَيْبَرَ. فَفَتَحَ اللهُ عَلَيْنَا. فَلَمْ نَغْنَمْ ذَهَبا وَلاَ وَرِقا. غَنِمْنَا الْمَتَاعَ وَالطّعَامَ وَالثّيَابَ. ثُمّ انْطَلَقْنَا إلَى الْوَادِي. وَمَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَبْدٌ لَهُ، وَهَبَهُ لَهُ رَجُلٌ مِنْ جُذَامٍ. يُدْعَى رِفَاعَةَ بْنَ زَيْدٍ مِنْ بَنِي الضّبَيْبِ. فلَمّا نَزَلْنَا الْوَادِيَ قَامَ عَبْدُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَحُلّ رَحْلَهُ فرُمِيَ بِسَهْمٍ. فكَانَ فِيهِ حَتْفُهُ. فقُلْنَا: هَنِيئا لَهُ الشّهَادَةُ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَلاّ. وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ! إنّ الشّمْلَةَ لَتَلْتَهِبُ عَلَيْهِ نَارا. أَخَذَهَا مِنَ الْغَنَائِمِ يَوْمَ خَيْبَرَ. لَمْ تُصِبْهَا الْمَقَاسِمُ» قالَ ففَزِعَ النّاسُ. فجَاءَ رَجُلٌ بِشِرَاكٍ أَوْ شِرَاكَيْنِ. فقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَصَبْتُ يَوْمَ خَيْبَرَ. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «شِرَاكٌ مِنْ نَارٍ أَوْ شِرَاكَانِ مِنْ نَارٍ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،بىز خەيبەر ئۇرۇشىغا چىقتۇق، **الله** بىزگە غەلبە ئاتا قىلدى، بىز ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەمەس بەلكى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك،ماتالەرنى غەنىيمەت ئالدۇق،ئاندىن بىز ۋادىيدە كىتتۇۋاتاتتۇق، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىدئەم ياكى رۇپائە دېيىلىدىغان بىر قۇلنى ھەدىي قىلغان ئىدى، بىر چاغدا ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنى يۇتىلەپ كىتىۋاتاتتى، (ياكى يۈك ـ تاقلارنى يىشىشكە تۇرغاندا)تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ناتونۇش ئوق تىگىپ،ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى، كىشىلەر؛ ئۇنىڭغاشېھىدلىق، (جەننەت) ئەجەپ ئاسان بولدى، دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۇ خەيبەر كۈنى ئالغان تون، رىدا، تەقسىمات يەتمىگەن غەنىيمەتتىن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوت بولۇپ لاۋۇلداۋاتىدۇ.(چۈنكى،ئۇ خىيانەت ئىدى) دېدى.ئاندىن كىشىلەر بۇسۆزنى ئاڭلاپ،غەنىيمەتتىن ئالغان بىر تال،ئىككى تال ئاياق شوينىسىنىمۇ بىز بۇنى خەيبەر كۈنى ئالغان دەپ ئەكىلىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ بىر ـ ئىككى تال ئاياق شوينىسى بولسىمۇ دەۋزەخ ئوتىدىندۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى.

## 55 ـــــ باب الدليل على أن قاتل نفسه لا يكفر

## ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغۇچى كىشى كاپىر بولمايدۇ، دېگەننىڭ دەلىلى؛

271 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. جَمِيعا عَنْ سُلَيْمَانَ. قال: أبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ حَجّاجِ الصّوّافِ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ : أَنّ الطّفَيْلَ بْنَ عَمْرٍو الدّوْسِيّ أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَلْ لَكَ فِي حِصْنٍ حَصِينٍ وَمَنْعَةٍ؟ (قَالَ حِصْنٌ كَانَ لِدَوْسٍ فِي الْجَاهِلِيّةِ) فَأَبَى ذَلِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. لِلّذِي ذَخَرَ الله لِلأَنْصَارِ. فَلَمّا هَاجَرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْمَدِينَةِ. هَاجَرَ إِلَيْهِ الطّفَيْلُ بْنُ عَمْرٍو. وَهَاجَرَ مَعَهُ رَجُلٌ مِنْ قَوْمِهِ. فَاجْتَوَوا الْمَدِينَةَ. فَمَرِضَ، فَجَزِعَ، فَأَخَذَ مَشَاقِصَ لَهُ، فَقَطَعَ بِهَا بَرَاجِمَهُ، فَشَخَبَتْ يَدَاهُ حَتّى مَاتَ. فَرَآهُ الطّفَيْلُ بْنُ عَمْرٍو فِي مَنَامِهِ. فَرَآهُ وَهَيْئَتُهُ حَسَنَةٌ. وَرَآهُ مُغَطّيا يَدَيْهِ. فَقَالَ لَهُ: مَا صَنَعَ بِكَ رَبّكَ؟ فَقَالَ: غَفَرَ لِي بِهِجْرَتِي إِلَى نَبِيّه صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: مَا لِي أَرَاكَ مُغَطّيا يَدَيْكَ؟ قَالَ قِيلَ لِي: لَنْ نُصْلِحَ مِنْكَ مَا أَفْسَدْتَ. فَقَصّهَا الطّفَيْلُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ وَلِيَدَيْهِ فَاغْفِرْ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھىجرەت قىلدى، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىركىشى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ، ئاندىن ئۇ كېسەل بولۇپ قىلىپ، كېسىلىگە چىدىيالماي، جەزە ـ پەزە قىلىپ، پىچىقنى ئېلىپ، پىچاق بىلەن قول بارماقلىرىنىڭ مەفسەل،بوغۇملىرىنى كېسىۋەتتى، ئاندىن ئىككى قولىدىن توختىماي قان ئېقىپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنى تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشىدە، ئۇنىڭ ھەيئىتى، تەق ـ تۇرقى ياخشى،گۈزەل، لېكىن قولىنى يېپىۋالغان ھالەتتە كۆرۈپ ئۇنىڭغا؛ ساڭا رەببىڭ قانداق قىلدى؟دېسە، ئۇ؛ ماڭا رەببىم، ئۆز پەيغەمبىرى تەرىپىگە ھىجرەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدى دېيتۇ، سەن نىمە ئۈچۈن قولۇڭنى يېپىۋالدىڭ؟دېسە، ئۇ؛ ماڭا؛ سەن ئۆزۈڭ بۇزىۋەتكەن نەرسىنى ساڭا ئوڭشاپ بەرمەيمىز دېيىلدى دېيتۇ، تۇپەيل ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چۈشىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى الله! ئۇنىڭ ئىككى قولىغا مەغپىرەت قىلسىلا دېدى.

## 56 ـــــ باب في الريح التي تكون قرب القيامة تقبض من في قلبه شيء من الإيمان

## قىيامەتنىڭ ئالدىدىكى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار كىشىنىڭ قويماي جېنىنى ئالىدىغان شامال توغرىسىدا؛

**272 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضبّيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحمّد، وَ أبُو عَلْقَمَةَ الْفَرْوِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا صَفْوَانُ بْنُ سُلَيْمٍ، عَنْ عُبَيْدُ اللّهِ بْنِ سَلْمَانَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ الله يَبْعَثُ رِيحا مِنَ الْيَمَنِ، ألْيَنَ مِنَ الْحَرِيرِ، فَلاَ تَدَعُ أحَدا فِي قَلْبِهِ (قالَ أبُو عَلْقَمَةَ: مِثْقالُ حَبّةٍ. وَقالَ عَبْدُ الْعَزِيزِ: مِثْقالُ ذَرّةٍ) مِنْ إيمَانٍ إلاّ قَبَضَتْهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ، يەمەن تەرەپتىن يىپەك رەختتىنمۇ سىلىق، مۇلايىم، يۇمشاق بىر خىل شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال قەلبىدە كىچىك بىر تال دانچىلىك،زەررىچىلىك ئىمارى بار كىشىنىڭ قويماي جېنىنى ئالىدۇ، ھاكىممۇتوپلىغان.

## 57 ــــ باب الحث على المبادرة بالأعمال قبل تظاهر الفتن

### پىتنە ـ پاسادلار ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراشقا تەرغىپ قىلىش توغرىسىدا؛

**273 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعا عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قالَ ابْنُ أيّوبَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ. قالَ: أخْبَرَنِي الْعَلاَءُ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «بَادِرُوا بِالأعْمَالِ فِتَنا كَقِطَعِ اللّيْلِ الْمُظْلِمِ. يُصْبِحُ الرّجُلُ فِيهَا مُؤْمِنا وَيُمْسِي كَافِرا. أوْ يُمْسِي مُؤْمِنا وَيُصْبِحُ كَافِرا. يَبِيعُ دِينَهُ بِعَرَضٍ مِنَ الدّنْيَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىسىدەك قەبىھ پىتنە ــ پاسادنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، ئۇ چاغلاردا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلىپ، كاپىر بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى دىنىنى، ئىمانىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇچەك نەرسىلىرىگە سېتىۋېتىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 58 ــــ باب مخافة المؤمن أن يحبط عمله

### مۆئمىن كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بىكار قىلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ تۇرىشى توغرىسىدا؛

**274 ـ275 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَى: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّهُ قالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ، {يَا أيّهَا الّذِينَ آمَنُوا لاَ تَرْفَعُوا أصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النّبِيّ} (الحجرات آية: 2) إلَى آخِرِ الآيَةِ. جَلَسَ ثَابِتُ بْنُ قَيْسٍ فِي بَيْتِهِ وَقالَ: أنَا مِنْ أهْلِ النّارِ. وَاحْتَبَسَ ثَابِتُ بْنُ قَيْسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَسَألَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَعْدَ بْنَ مُعَاذٍ فَقالَ: «يَا أبَا عَمْرٍو مَا شَأْنُ ثَابِتٍ؟ أشْتَكَى؟» قالَ سَعْدٌ: إنّهُ لَجَارِي. وَمَا عَلِمْتُ لَهُ بِشَكْوَى. قالَ فَأتَاهُ سَعْدٌ فَذَكَرَ لَهُ قَوْلَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقالَ ثَابِتٌ: أُنْزِلَتْ هَذِهِ الآيَةُ وَلَقَدْ عَلِمْتُمْ أنّي مِنْ أرْفَعِكُمْ صَوْتا عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأنَا مِنْ أهْلِ النّارِ، فَذَكَرَ ذَلِكَ سَعْدٌ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَلْ هُوَ مِنْ أهْلِ الْجَنّةِ».**
**وَحَدّثَنِيهِ أحْمَدُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ صَخْرٍ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا حَبّانُ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيْرَةِ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ قالَ: لَمّا نَزَلَتْ {لاَ تَرْفَعُوا أصْوَاتَكُم فَوْقَ صَوْتِ النّبِيّ} (الحجرات الآية: 2) وَلَمْ يَذْكُرْ سَعْدَ بْنَ مُعَاذٍ فِي الْحَدِيثِ.**
**276 ـ وحدّثنا هُرَيْمُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى الأسَدِيّ: حَدّثَنَا الْمُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ. قالَ: سَمِعْتُ أبي يَذْكُرُ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أنَسٍ قالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ. وَلَمْ يَذْكُرْ سَعْدَ بْنَ مُعَاذٍ. وَزَادَ: فَكُنّا نَرَاهُ يَمْشِي بَيْنَ أظْهُرِنَا رَجُلٌ مِنْ أهْلِ الْجَنّةِ..**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن، سابىت ئىبنى شىماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلارنىڭ خەتىيبى ئىدى،«ئى مۆئمىنلەر!ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار....»دىگەن ئايەت نازىل قىلىنغاندا، ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرىۋېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە كۆرۈنمىدى، رەسۇلۇللاھ سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛

سابىتقا نىمە بولۇپتۇ؟ ئۇئاغرىپ قاپتىمۇ؟دەپ سوردى، ئاندىن سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سابىت ئىبنى شىماس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى دېدى، ئاندىن سابىت؛ بۇئايەت نازىل قىلىندى، سىلەر مىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۈستىگە ئاۋازىمنى يۇقىرى قىلىپ سالىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، مەن دەۋزەخ ئەھلىدىن ئىكەنمەن دېدى، سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ دەۋزەخ ئەھلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر دېدى.بىز ئۇنى ئارىمىزدا ھايات مېڭىپ يۈرگەن جەننەت ئەھلىدىن بولغان كىشى دەپ قارايتتۇق.

## 59 ـــــ باب هل يؤاخذ بأعمال الجاهلية؟

## كىشى جاھالىيەتتىكى يامان ئەمەللىرىگىمۇ ئازاپلىنامدۇ؟دېگەن توغرىسىدا؛

**277 ـ حدّثنا عُثمَانُ بْنُ أبي شَيْبَة: حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورِ، عَنْ أبي وَائِلِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: قالَ أنَاسٌ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ! أنُؤَاخَذُ بِمَا عَمِلْنَا فِي الْجَاهِلِيّةِ؟ قالَ: «أمّا مَنْ أحْسَنَ مِنْكُمْ فِي الإِسْلاَمِ فَلاَ يُؤَاخَذُ بِهَا. وَمَنْ أسَاءَ أُخِذَ بِعَمَلِهِ فِي الْجَاهِلِيّةِ وَالإِسْلاَمِ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز جاھالىيەتتە قىلغان يامان ئەمەللىرىمىزگىمۇ ئازاپلىنامدۇق؟دەپ سورغاندا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن كىم ئىسلامدا ياخشى بولسا، ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇ جاھالىيەتتىكى ئىشلىرىغا ئازابلانمايدۇ، كىم ئىسلامدا يامان بولۇپ قالسا، ئۇ جاھالىيەتتىكى ۋە ئىسلامدىكى باشتىن ـــ ئاخىرى ھەممەئەمەللىرىگە تۇتۇلۇپ ئازابلىنىدۇ.مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**278 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أبي وَوَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. ـ وَاللّفْظُ لَهُ ـ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبي وَائِلِ، عَنْ عَبْدِ الله قالَ: قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ أنُؤَاخَذُ بِمَا عَمِلْنَا فِي الْجَاهِلِيّةِ؟ قالَ: «مَنْ أحْسَنَ فِي الإِسْلاَمِ لَمْ يُؤَاخَذْ بِمَا عَمِلَ فِي الْجَاهِلِيّةِ. وَمَنْ أسَاءَ فِي الإِسْلاَمِ أُخِذَ بِالأوّلِ وَالآخِرِ».**
**279 ـ حدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، عَنِ الأعْمَشِ بِهَذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز جاھالىيەتتە قىلغان يامان ئەمەللىرىمىزگىمۇ ئازاپلىنامدۇق؟دەپ سورساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئىسلامدا ياخشى بولسا، ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇ جاھالىيەتتىكى ئىشلىرىغا ئازابلانمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئىسلامدا يامان بولۇپ قالسا، باشتىن ـــ ئاخىرى ھەممىسىگە تۇتۇلۇپ ئازابلىنىدۇ.

## 60 ـــــ باب كون الإسلام يهدم ما قبله وكذا الهجرة والحج

**ئىسلامنىڭ،مۇسۇلمان بۇلۇشنىڭ، ھىجرەتنىڭ، ھەج قىلىشنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلارنى يىكار قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىۋېتىشى توغرىسىدا؛**

280 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى الْعَنَزِيّ وَ أَبُو مَعْنٍ الرّقَاشِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. كُلُهّمْ عَنْ أَبِي عَاصِمٍ. وَاللّفْظُ لاِبْنِه الْمُثَنّى. حَدّثَنَا الضّحّاكُ (يَعْنِي أَبَا عَاصِمٍ) قَالَ: أَخْبَرَنَا حَيْوَةُ بْنُ شُرَيْحٍ. قَالَ: حَدّثَنِي يَزِيدُ بْنُ أَبِي حَبِيب، عَنِ ابْنِ شُمَاسَةَ الْمَهْرِيّ قَالَ: حَضَرْنَا عَمْرَو بْنَ الْعَاصِ ـ وهُوَ فِي سِيَاقَةِ الْمَوْتِ ـ فَبَكَى طَوِيلاً وَحوّلَ وَجْهَهُ إِلَى الْجِدَار. فَجَعَلَ ابْنُهُ يَقُولُ: يَا أَبَتَاهُ! أَمَا بَشّرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِكَذَا؟ أَمَا بَشّرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِكَذَا؟ قَالَ فَأَقْبَلَ بِوَجْهِهِ فَقَالَ: إِنّ أَفْضَلَ مَا نُعِدّهُ شَهَادَةُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَأَنّ مُحَمّدا رَسُولُ اللّهِ. إِنّي قَدْ كُنْتُ عَلَى أَطْبَاقٍ ثَلاَثٍ. لَقَدْ رَأَيْتُنِي وَمَا أَحَدٌ أَشَدّ بُغْضا لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنّي. وَلاَ أَحَبّ إِلَيّ أَنْ أَكُونَ قَدِ اسْتَمْكَنْتُ مِنْهُ فَقَتَلْتُهُ. فَلَوْ مُتّ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ لَكُنْتُ مِنْ أَهْلِ النّار. فَلَمّا جَعَلَ الله الإِسْلاَمَ فِي قَلْبِي أَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقُلْتُ: ابْسُطْ يَمِينَكَ فَلأُبَايِعْكَ. فَبَسَطَ يَمِينَهُ. قَالَ فَقَبَضْتُ يَدِي. قَالَ: «مَا لَكَ يَا عَمْرُو؟» قَالَ قُلْتُ: أَرَدْتُ أَنْ أَشْتَرِطَ. قَالَ: «تَشْتَرِطُ بِمَاذَا؟» قُلْتُ: أَنْ يُغْفَرَ لِي. قَالَ: «أَمَا عَلِمْتَ أَنّ الإِسْلاَمَ يَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهُ؟ وَأَنّ الْهِجْرَةَ تَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهَا؟ وَأَنّ الْحَجّ يَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهُ»؟ وَمَا كَانَ أَحَدٌ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَلاَ أَجَلّ فِي عَيْنِي مِنْهُ. وَمَا كُنْتُ أُطِيقُ أَنْ أَملأَ عَيْنَيّ مِنْهُ إِجْلاَلاً لَهُ. وَلَوْ سُئِلْتُ أَنْ أَصِفَهُ مَا أَطَقْتُ، لأَنّي لَمْ أَكُنْ أَمْلأُ عَيْنَيّ مِنْهُ. وَلَوْ مُتّ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ لَرَجَوْتُ أَنْ أَكُونَ مِنْ أَهْلِ الْجَنّةِ. ثُمّ وَلِينَا أَشياء مَا أَدْرِي مَا حَالِي فِيهَا، فَإِذَا أَنَا مُتّ، فَلاَ تَصْحَبْنِي نَائِحَةٌ وَلاَ نَارٌ فَإِذَا دَفَنْتُمُونِي فَشُنّوا عَلَيّ التّرَابَ شَنّا. ثُمّ أَقِيمُوا حَوْلَ قَبْرِي قَدْرَ مَا تُنْحَرُ جَزُورٌ وَيُقْسَمُ لَحْمُهَا حَتّى أَسْتَأْنِسَ بِكُمْ، وَأَنْظُرَ مَاذَا أُرَاجِعُ بِهِ رُسُلَ رَبّي.

ئىبنى شۇماسەت مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدۇق،ئۇ بەك ئۇزۇن يىغلاپ كىتىپ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋالدى، ئوغلى ئۇنىڭغا؛ ئى دادا! رەسۇلۇللاھ سىلىگە مۇنداق،مۇنداق بىشارەتلەرنى بەرمىگەنمۇ؟دېدى،ئۇ بىزگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ؛ بىزنىڭ ئەڭ ئەۋزەل دەپ ھىساپلايدىغان نەرسىمىز«**الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** نىڭ ئەلچىسى»دەپ گۇۋاھلىق بىرىش ئىدى، مەن ئۈچ خىل ھالەتنى باشتىن كەچۈردۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قاراپ باقسام، رەسۇلۇللاھنى مەندەك ئۆچ كۆرىدىغان ھېچ بىر كىشى يوق ئىدى، مەن بۇرۇن بىرەر ئىمكانىيەتكە ئېرىشىۋالساملا، رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرىۋېتىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم،ئەگەر مەن شۇ ھالەت ئۈستىدە ئۆلگەن بولسام، ئەلۋەتتە دوزەخ ئەھلىدىن بۇلاتتىم،**الله** تائالا ئىسلامنى، مۇسۇلمان بۇلۇشنى قەلبىمگە پەيدا قىلغاندا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىلىپ، سىلىگە بەيئەت قىلىشىم ئۈچۈن قوللىرىنى ئاچسىلا دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئاچقاندا قولۇمنى تارتىۋالدىم . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئى ئەمرۇ!ساڭا نىمە بولدى؟ دىدى.مەن؛ بىرشەرتىم بار دىسەم ، نىمىنى شەرىت قىلىسەن؟دىدى مەن؛مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى دىدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەمما سەن ھەققەتەن ئىسلام دىنىنىڭ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ئىشلارنى بىكار قىلىۋېتىشىنى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋە ھەققەتەن ھىجرەتنىڭ، ھەج قىلىشنىڭ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى

بارلىق ئىشلارنى، گۇناھلارنى بىكار قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى بىلمەمسەن؟دېدى. ئاندىن ماڭا رەسۇلۇللاھتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرەر كىشى قالمىدى، ھېچ بىر كىشى كۆزۈمگە رەسۇلۇللاھتىنمۇ ئۇلۇغراق كۆرۈنمىدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى كۆزۈمگە تولدۇرۇشقا تاقەت قىلالمايتتىم، (يەنى كۆزۈم ئۇلۇغلىقىنى كۆرۈپ قانمايتتى، قارىغانسېرىم تېخىمۇ ئۇلۇغ كۆرۈنەتتى)، مەندىن رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ بېرىش سورىلىپ قالسا، سۈپەتلەپ بېرىشكە ھەرگىز تاقەت قىلالمايمەن، ئەگەر مەن ئەشۇ ھالىتىم ئۈستىدە ئۆلگەن بولسام ھە!!شۇھالەت ئۈستىدە ئۆلۈپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، ئاندىن بىز نۇرغۇن ئىشلارغا ئىگە قىلىندۇق، بۇچاغدىكى ھالىمنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن، مانا مەن ھازىر ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى ئېلىپ ماڭغىچە، ئاۋازلىق يىغلىغۇچى ئايال كىشىنى، ئوتنى ماڭا ھەمراھ قىلماڭلار، مېنى دەپنە قىلغاندا توپىنى ئاز ـ ئازدىن ئاستا تاشلاڭلار، ئاندىن قەبرەمنىڭ ئەتراپىدا بىر تۆگە ئۆلتۈرۈلۈپ، گۆشى تەقسىم قىلىنغان مىقداردا تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ مەغپىرەت سورىشىڭلار بىلەن قەلبىمنى تەسكىن تاپقۇزۇپ، رەببىمنىڭ ئەلچىسى بىلەن قانداق مۇراجىئەت قىلىشىمەن ئۇنى بىلىۋالاي،دېدى. مۇسلىم.

281 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ، وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِيْنَارٍ (وَاللّفْظُ لِإِبْرَاهِيمَ. قالاَ: حَدّثنَا حَجّاجٌ (وَهُوَ ابْنُ مُحمّدٍ) عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قالَ: أَخْبَرَنِي يَعْلَى بْنُ مُسْلِمٍ أَنّهُ سَمِعَ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ يُحَدّثُ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، أَنّ نَاسا مِنْ أَهْلِ الشّرْكِ قَتَلُوا فَأَكْثَرُوا. وَزَنَوْا فَأَكْثَرُوا. ثُمّ أَتَوْا مُحَمّدا صلى الله عليه وسلم. فَقالُوا: إِنّ الّذِي تَقُولُ وَتَدْعُو لَحَسَنٌ. وَلَوْ تُخْبِرُنَا أَنّ لِمَا عَمِلْنَا كَفّارَةً فَنَزَلَ: {وَالّذِينَ لاَ يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَها آخَرَ وَلاَ يَقْتُلُونَ النّفْسَ الّتِي حَرّمَ اللهُ إِلاّ بِالْحَقّ وَلاَ يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَاما} (الفرقان آية: 68) وَنَزَلَ: {يَا عِبَادِيَ الّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لاَ تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ} (الزمر آية: 53).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، شىرىك ئەھلىدىن نۇرغۇن كىشىلەركۆپ قېتىم قاتىللىق قىلىپ، كۆپ قېتىم زىنا قىلىپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ سەن دېگەن نەرسە، سەن بىزنى چاقىرغان نەرسە ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن، سەن بىزگە بىزنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمىزغا كاپپارەت بولغىدەك بىرەر نەرسە بىلەن خەۋەر بەرگەن بولساڭ دېگەندە، :« ئۇلار اللهغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ.» « (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»دېگەن ئايەتلەر نازىل قىلىندى. سۈرە زۇمەرنىڭ 53 ـ ئايىتى.

## 61 ــــ باب بيان حكم عمل الكافر إذا أسلم بعده

### مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ،جاھالىيەتتىكى ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا؛

282 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قال: أخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابن شِهَابٍ قال: أخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أنّ حَكِيمَ بْنَ حِزامٍ أخْبَرَهُ أنّهُ قالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أرَأيْتَ أمُورا كُنْتُ أتَحَنّثُ بِهَا فِي الْجَاهِلِيّةِ، هَلْ لِي فِيهَا مِنْ شَيْءٍ؟ فَقالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أسْلَمْتَ عَلَى مَا أسْلَفْتَ مِنْ خَيْرٍ». وَالتّحَنّثُ التّعَبّدُ.
283 ـ284 ـ285 ـ وحدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ الْحُلْوَانِيّ: حَدّثَنَا. وَقالَ عَبْدٌ: حَدّثَنِي يَعْقُوبُ وَهُوَ ابْنُ إبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ) حَدّثَنَا أبِي، عَنْ صَالِحٍ، عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قالَ: أخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ، أنَ حكِيمَ بْنَ حِزَامٍ أخْبَرَهُ، أنّهُ قالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أيْ رَسُولَ اللّهِ أرَأيْتَ أمُورا كُنْتُ أتَحَنّثُ بِهَا فِي الْجَاهِلِيّةِ. مِنْ صَدَقَةٍ أوْ عَتَاقَةٍ أوْ صِلَةِ رَحِمٍ. أفِيهَا أجْرٌ؟ فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أسْلَمْتَ عَلَى مَا أسْلَفْتَ مِنْ خَيْرٍ».

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ قا:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن بۇرۇن جاھالىيەت ۋاختىمدا سەدىقە قىلاتتىم، قۇل ئازاد قىلاتتىم، سىلە ـ رەھىم قىلاتتىم، قىلغان شۇياخشى ئىشلىرىمغا ئەجىر ساۋاب بۇلامدۇ؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەن بۇرۇن قىلغان ياخشىلىق، سىلە ــ رەھىملىرىڭنىڭ سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بولدۇڭ، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى .ئۇ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئەشۇ جاھالىيەت ۋاختىمدا قىلغان ياخشى ئىشلارنى ئىسلام ئىچىدىمۇ قىلدىم، ھەم قىلمەن دىدى.

## 62 ــــ باب صدق الإيمان وإخلاصه

### ئىماندا سەممىي ـ سادىق، راستچىل بۇلۇپ ئىخلاس قىلىش توغرىسىدا؛

286 ـ287 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيسَ وَ أبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ. عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: لَمّا نَزَلَتْ: {الّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ} (الأنعام آية: 82) شَقّ ذَلِكَ عَلَى أصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَالُوا: أيّنَا لاَ يَظْلِمُ نَفْسَهُ؟ فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ هُوَ كَمَا تَظُنّونَ. إنّمَا هُوَ كَمَا قالَ لُقْمَانُ لإبْنِهِ: {يَا بُنَيّ لاَ تُشْرِكْ بِالله إنّ الشّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ} (لقمان آية: 13).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىيمانىغا زۇلۇمنى (يەنى شىرىكنى)ئارلاشتۇرمىغالار ئەمىن خاتىرجەم بۇلىدۇ»دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ساھابىلارغا قاتتىق ئېغىر كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قايسى بىرىمىز ئۆزىگە زۇلۇم قىلماي قالىدۇ؟دىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ زۇلۇم شىرىكتۇر، سىلەر لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟:«ئى ئوغلۇم! **الله** قا ھىچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى شىرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر»دىگەن.بۇخارى،مۇسلىم،مانابۇ ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىشدۇر.

## 63 ـــــ باب بيان أنه سبحانه وتعالى لم يكلف إِلا ما يطاق

## الله تائالانىڭ پەقەت تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارغىلا تەكلىپ قىلىشى توغرىسىدا؛

288 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ مِنْهَالٍ الضّرِيرُ، وَ أُميّةُ بْنُ بِسْطَامَ الْعَيْشِيّ، (وَاللّفْظُ لأُميّةَ) قالاَ حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثنَا رَوْحٌ (وَهُوَ ابْنُ الْقَاسِمِ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: {لله مَا فِي السّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ الله فَيَغْفِرُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيُعَذّبُ مَنْ يَشَاءُ وَالله عَلَى كُلّ شَيْءٍ قَدِيرٌ} (البقرة آية: 284) قالَ فَاشْتَدّ ذَلِك عَلَى أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَتَوْا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثُمّ بَرَكُوا عَلَى الرّكَبِ. فَقَالُوا: أَيْ رَسُولَ اللّهِ! كُلّفْنَا مِنَ الأَعْمَالِ مَا نُطِيقُ. الصّلاَةُ وَالصّيَامُ وَالْجِهَادُ وَالصّدَقَةُ. وَقَدْ أُنْزِلَتْ عَلَيْكَ هذِهِ الآيَةُ. وَلاَ نُطِيقُهَا. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَتُرِيدُونَ أَنْ تَقُولُوا كَمَا قالَ أَهْلُ الْكِتَابَيْنِ مِنْ قَبْلِكُمْ: سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا؟ بَلْ قُولُوا: سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» قَالُوا: سَمِعْنَا وَأَطعْنَا غُفْرَانَك رَبّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ. فَلَمّا اقْتَرَأَهَا الْقَوْمُ ذَلّتْ بِهَا أَلْسِنَتُهُمْ. فَأَنْزَلَ الله فِي إِثْرِهَا: {آمَنَ الرّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلّ آمَنَ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرّقُ بَيْنَ أَحدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ} (البقرة آية: 285) فَلَمّا فَعَلُوا ذَلِكَ نَسَخَهَا الله تَعَالَى، فَأَنْزَلَ الله عَزّ وَجَلّ: {لاَ يُكَلّفُ الله نَفْسا إِلاّ وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا} (قَالَ: نَعَمْ) {رَبّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا} (قَالَ: نَعَمْ) {رَبّنَا وَلاَ تُحَمّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ} (قَالَ: نَعَمْ) {وَاعْفُ عَنّا وَاغْفِرْ لَنا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلاَنَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ} (قَالَ: نَعَمْ) (البقرة آية: 286).

289 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ. (قَالَ: إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ: الآخَرَانِ حَدّثَنَا) وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ آدَمَ بْنِ سُلَيْمَانَ، مَوْلَى خَالِدٍ قَالَ: سَمِعْتُ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ يُحَدّثُ عَنْ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ هذِهِ الآيَةُ: {وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ الله} (البقرة آية: 284) قَالَ، دَخَلَ قُلُوبَهُمْ مِنْهَا شَيْءٌ لَمْ يَدْخُلْ قُلُوبَهُمْ مِنْ شَيْءٍ، فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «قُولُوا: سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَسَلّمْنَا» قَالَ، فَأَلْقَى الله الإِيمَانَ فِي قُلُوبِهِمْ، فَأَنْزَلَ الله تَعَالَى: {لاَ يُكَلّفُ الله نَفْسا إِلاّ وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا} (قَالَ: قَدْ فَعَلْتُ) {رَبّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا} (قَالَ: قَدْ فَعَلْتُ) {وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلاَنَا} (قَالَ: قَدْ فَعَلْتُ) (البقرة آية: 286).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە:« ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارە قىلىڭلار مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. الله خالىغان كىشىگە مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ئايەتتىكى دىللاردىكى نەرسىدىنمۇ ھساپ ئېلىش ساھابىلارغا قاتتىق ئېغىر كەلدى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە بۇرۇن كىرمىگەن نەرسىلەر كىردى، ئاندىن ئۇلار كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز ناماز،رۇزا، جىھاد، سەدىقە ـ زاكاتتىن ئىبارەت ئۆزىمىز تاقەت قىلالايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلىنغان ئىدۇق، مانا ئەمدى سىلىگە بۇ دىلدىنمۇ ھساپ ئېلىش ئايىتى نازىل قىلىنىپتۇ، بىز بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سىلەر سىلەردىن بۇرۇنقى ئەھلى كىتاپلار«بىز ئاڭلىدۇق، ئەمرىڭگە ئاسىي بولدۇق»دېگەندەك دېمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟بەلكى سىلەر؛ ئاڭلىدۇق، ئىتائەت قىلدۇق،بويسۇندۇق، ئى رەببىمىز!بىز سىلىدىن بىزنى مەغپىرەت قىلىشلىرىنى سورايمىز، ئاقىبەت قايتىدىغان جاي سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدۇر»دەڭلار دېدى، ئۇلار شۇنداق دېدى، ئۇلار بۇنى ئوقۇپ بېقىۋىدى، تىللىرى شۇنداق ئاسان كەلدى، ئاسانلا ئوقيالىدى، ئاندىن الله تائالا شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا« پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللهغا ۋە اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى

ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ئاندىن ئۇلار شۇنداق قىلىشىدى، الله تائالا شۇنىڭغا ئوخشاش نۇسخا ئالغاندەكلا:« الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ»دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. رەسۇلۇللاھ؛ھەئە،شۇنداق،مەن شۇنداق قىلدىم دەپ تۇردى.

## 64 ـــــ باب تجاوز الله عن حديث النفس والخواطر بالقلب إذا لم تستقر

## الله تائالانىڭ، دىلدىكى خۇتۇرلارنى ئۇئەمللەشمىسلا ئۆتۈۋۈتىشى توغرىسىدا؛

290 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ مُحمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ (وَاللّفْظُ لِسَعِيدٍ) قالُوا: حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ بْنِ أَوْفَى، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ تَجاوَزَ لِامّتِي مَا حَدّثتْ بِهِ أَنْفُسَهَا مَا لَمْ يَتَكَلّمُوا أَوْ يَعْمَلُوا بِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئالláھ ئۈممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىلىدىكى خۇتۇرلىرى پەيدا قىلغان، ئىچىدە سۆزلىگەن نەرسىلەرنى ئېغىزىدا سۆزلىۋەتمىسلا ياكى ئەمەل قىلىۋەتمىسلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتىۋەتتى، (سۆزلىسە ئەمەلىيەت قىلسىدۇ، لېكىن، بۇ خوتۇر ھەممەتكە قەلبىنىڭ پائالىيىتى، قەلبىنىڭ قىلىقىغا كىرمەيدۇ، مەسىلەن: كىبىر قىلىش، ھەسەد قىلىش، ئاداۋەت، رىيا قىلىشلار، مەنمەنلىك، تەئەججۇپلىنىشلەر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ) بەيھەقى، تەبرانى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

291 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قالاَ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. ح وَحدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، وَ عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ. ح وَحدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنَا ابْنُ أَبي عَدِيَ. كُلُهّمْ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي عَرُوبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ تَجاوَزَ لِامّتِي عَمّا حَدّثتْ بِهِ أَنْفُسَهَا مَا لَمْ تَعْمَلْ أَوْ تَكَلّمْ بِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھ ، ئۈممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋەسۋەسە قىلغان نەرسىلەرنى ئەمەل قىلىۋەتمىسلا، ئاغزىدا سۆزلىۋەتمىسلا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتىۋەتتى، (ئەمەل قىلسا، سۆزلىسە يېزىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلار مەجبۇرلانغان ئىشلارنىمۇ ئۆتىۋەتتى )، مۇسلىم،ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى خوتۇر ۋەسۋەسە قىلغان ئىشلارنى ئەمەل قىلىپ، سالىم بىرلەم ياكى سۆزلەپ سالمىسىلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتتۈۋەتتى، بۇخارى، ئەھمەد، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ. ئەبۇ زەر، ئىبنى ئابباس ، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمدىن ئۇلار خاتالاشقان ئىشلارنى ، ئۇنۇتقان ئىشلارنى، مەجبۇرلانغان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆتتۈۋەتتى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ، خاتالاشقان ئىشىدا ئەپۇ قىلىش ، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىسلەردە كۆپ، مۇجتەھىد خاتالاشسا، بىر ئەجىر ئالىدۇ، مەجبۇرلانغان ئىشمۇ دىلىدا ئىماننى يوشۇرۇپ، تىلىدا باشقاسۆزنى سۆزلەپ قويۇش ئايىتىدە باردۇر.

## 65 ـــــ باب إذا همّ العبد بحسنة كتبت وإذا همّ بسيئة لم تكتب

**بەندە بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇ يېزىلىدۇ، ئەگەر يامانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇنى قىلمىغىچە يېزىلمايدۇ،دېگەن توغرىسىدا؛**

292 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، وَ إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ (وَاللّفظُ لأبي بَكْرٍ) (قالَ إسْحَقَ: أخْبَرَنا سُفْيَانُ. وَقالَ الآخَرَان: حَدّثنا) ابْنُ عُيَيْنَة عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَة قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «قالَ الله عَزّ وَجَلّ: إذا هَمّ عَبْدِي بِسَيّئَةٍ فلا تَكْتُبُوهَا عَلَيْهِ، فإنْ عَمِلَهَا فاكْتُبُوهَا سَيّئَة، وَإذا هَمّ بِحَسَنَةٍ فلَمْ يَعْمَلْهَا فاكْتُبُوهَا حَسَنَة. فإنْ عَمِلَهَا فاكْتُبُوهَا عَشْرا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا كاتىپ پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: بەندەم بىر يامانلىقنى مەخسەت قىلىپ، پىلانلاپ، ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا يامانلىقنى يازماڭلار،(يەنە بىر خاتىرىدە بىر ياخشىلىق يازىدۇ) ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا،ئۇنىڭغا بىر يامانلىق قىلدى دەپ،بىر گۇناھ يېزىڭلار،ئۇ بىر ياخشىلىقنى مەخسەت، نىيەت قىلسا، لېكىن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلالمىسا،ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىڭلار، ئەگەرمەخسەت قىلىپ، ئەمەل قىلالىسا، ئۇنى بەندەم ئۈچۈن 10 ياخشىلىق يېزىڭلار.

293 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْر قالُوا: حَدّثنا إسْمَاعِيلُ، وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ، عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَة ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «قالَ الله عَزّ وَجَلّ: إذا هَمّ عَبْدِي بِحَسَنَةٍ وَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبْتُهَا لَهُ حَسَنَة، فإنْ عَمِلَهَا كَتَبْتُهَا عَشْرَ حَسَنَاتٍ إلى سَبْعِمائَةِ ضِعْفٍ وَإذا هَمّ بِسَيّئَةٍ وَلَمْ يَعْمَلْهَا لَمْ أكْتُبْهَا عَلَيْهِ. فإنْ عَمِلَهَا كَتَبْتُهَا سَيّئَة وَاحِدَة».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم بىر ياخشىلىقنى مەخسەت، نىيەت قىلسا، لېكىن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلالمىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىمەن، ئەگەرمەخسەت قىلىپ، ئەمەل قىلالىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن10 ياخشىلىقدىن 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ يازىمەن، ئۇ بىر يامانلىقنى مەخسەت قىلىپ، پىلانلاپ، ئۇنى قىلمىسا، مەن ئۇنىڭغا

ئۇنى يازمايمەن، (يەنە بىر خاتىرىدە بىر ياخشىلىق يازىدۇ) ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، مەن ئۇنى بىر يامانلىق يازىمەن،مۇسلىم، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**294 ـ وَقَالَ رَسُولُ اللہ صلى الله عليه وسلم: «قَالَتِ الْمَلاَئِكَةُ: رَبِّ! ذَاكَ عَبْدُكَ يُرِيدُ أَنْ يَعْمَلَ سَيِّئَةً (وَهُوَ أَبْصَرُ بِهِ) فَقَالَ: ارْقُبُوهُ. فَإِنْ عَمِلَهَا فَاكْتُبُوهَا لَهُ بِمِثْلِهَا. وَإِنْ تَرَكَهَا فَاكْتُبُوهَا لَهُ حَسَنَةً. إِنَّمَا تَرَكَهَا مِنْ جَرَّايَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز، ئاشۇ پالانى بەندىلىرى بىر يامانلىقنى قىلىشنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ،مۇنداق دەيدۇ، ئۇنى كۈزۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يامانلىقنى بىر يامانلىق قىلدى دەپ يېزىڭلار، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلماي، تەرىك ئەتسە، ئۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىڭلار، چۈنكى، ھەقىقەتەن ئۇ يامانلىقنى مېنىڭ جەھىتىمدىن، مەندىن قورقۇپ تەرىك ئەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقىغاچ، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم.

**وَقَالَ رَسُولُ اللہ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَحْسَنَ أَحَدُكُمْ إِسْلاَمَهُ فَكُلّ حَسَنَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ. وَكُلّ سَيِّئَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِمِثْلِهَا حَتَّى يَلْقَى اللہ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ئىسلامنى، دىننى ياخشى قىلسا، يەنى ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ياخشى ئەمىلىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك 10دىن 700ھەسسىگىچە ئەجىر يېزىلىدۇ، ئۇ قىلغان ھەربىر يامان ئەمەل بولسا، بىرلا يېزىلىدۇ. يەنى بىرگە بىر يېزىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارىي،مۇسلىم.

**295 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ، حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ، عَنْ هِشَامٍ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ هَمّ بِحَسَنَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كُتِبَتْ لَهُ حَسَنَةً. وَمَنْ هِمّ بِحَسَنَةٍ فَعَمِلَهَا كُتِبَتْ لَهُ عَشْرًا إِلَى سَبْعِمائَةِ ضِعْفٍ. وَمَنْ هَمّ بِسَيِّئَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا، لَمْ تُكْتَبْ. وَإِنْ عَمِلَهَا، كُتِبَتْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر ياخشىلىقنى قەلبىدە پىلانلاپ نىيەت ۋە مەخسەت قىلسا، تېخى ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئەمەل قىلسا، ئاللاھ، ئۇنىڭ نىيىتى، ئىخلاسىغا قارىتا،ئۆزدەرگاھىدا 10دىن 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىق يازىدۇ،(ئىخلاسىغاقارىتا تېخىمۇ چەندان زىيادە قىلىپ، ھەسسىلەپ بېرىدۇ )، ئەگەر بىر يامانلىقنى مەخسەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭ بۇ پىلانى يامانلىق دەپ يېزىلمايدۇ، ( ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ)، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئۇ يامانلىقنى قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى بىر يامانلىق يازىدۇ.

**296 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حدّثنا عَبْدُ الْوَارِثِ، عَنِ الْجَعْدِ أَبِي عُثْمَانَ. حدّثنا أَبُو رَجَاءٍ الْعُطَارِدِيّ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ـ فِيمَا يَرْوِي عَنْ رَبّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى ـ، قَالَ: «إِنّ اللہ كَتَبَ الْحَسَنَاتِ وَالسّيِّئَاتِ. ثُمّ بَيّنَ ذٰلِكَ، فَمَنْ هَمّ**

بِحَسَنَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً وَإِنْ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا كَتَبَهَا اللهُ عَزَّ وَجَلَّ عِنْدَهُ عَشْرَ حَسَنَاتٍ إِلَى سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ إِلَى أَضْعَافٍ كَثِيرَةٍ. وَإِنْ هَمَّ بِسَيِّئَةٍ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كَامِلَةً... وَإِنْ هَمَّ بِهَا فَعَمِلَهَا، كَتَبَهَا اللهُ سَيِّئَةً وَاحِدَةً».

297 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: حَدّثنا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ، عَنِ الْجَعْدِ أَبِي عُثْمَانَ فِي هَذَا الإِسْنَادِ بِمَعْنَى حَدِيثِ عَبْدِ الْوَارِثِ. وَزَادَ: «وَمَحَاهَا اللهُ. وَلاَ يَهْلِكُ عَلَى اللهِ إِلاَّ هَالِكٌ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىلىقلارنى ۋە يامانلىقلارنى يېزىپ، پۈتۈپ بولدى، ئاندىن بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: كىم بىر ياخشىلىقنى قەلبىدە پىلانلاپ نىيەت ۋە مەخسەت قىلسا، تېخى ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزىلدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئەمەل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ نىيىتى، ئىخلاسى ياخشى بولسا، ئۆزدەرگاھىدا 10دىن 700 ھەسسىگىچە ياخشىلىق يازىدۇ،ئىخلاسىغاقارتا تېخىمۇ چەندان زىيادە قىلىپ، ھەسسىلەپ بېرىدۇ، ئەگەر بىر يامانلىقنى مەخسەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەزىلدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەخسەت قىلىپ، ئۇ يامانلىقنى قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى بىر يامانلىق يازىدۇ، **الله** خالىسا ئۇنىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، مانا ئەمدى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلى ئالدىدا پەقەت ھالاك بولغۇچىلار لا ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ . بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھھە. كىشىلەر ئىچىدە، بىرلەر خانىسى يەنى يامانلىقلىرى، 10لەر، 100لەر، 1000لەر خانىسىنى يەنى نەچچە چەندان ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر، ھەتتا، قىچىنىڭ دېنىچىلىك ياخشىلىق يوق كىشىلەرمۇ باردۇر، ئۇلار دوۋزاخقا لايىقتۇر.

## 66 ــــــ باب بيان الوسوسة في الإيمان وما يقوله من وجدها

## ئىمان توغرىسىدىكى ۋەسۋەسە ۋە شۇنى تاپقان كىشىنىڭ دەيدىغان سۆزى توغرىسىدا؛

298 ـ 299 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا جَرِيرٌ، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: جَاءَ نَاسٌ مِنْ أَصْحَابِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فَسَأَلُوهُ: إِنّا نَجِدُ فِي أَنْفُسِنَا مَا يَتَعَاظَمُ أَحَدُنَا أَنْ يَتَكَلّمَ بِهِ. قَالَ: «وَقَدْ وَجَدْتُمُوهُ؟» قَالُوا: نَعَمْ. قَالَ: «ذَاكَ صَرِيحُ الإِيمَانِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ساھابىللىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ ، ھەققەتەن بىز نەپسىمىزدە، ئىچىمىزدە، ئۆز كۆڭلىمىزدە بىرىمىز سۆزلۇشتىشنى چوڭ سانايدىغان ، ئېغىر گۇناھ ھىساپلايدىغان بىر ئىشنى(يەنى **الله** توغرىسىدا بەزى بىر خۇتۇرنى)ھىس قىلدۇق دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛شۇنداق ھىس قىلدىڭلارمۇ؟دىسە ، ئۇلار ھەئە شۇنداق تاپتۇق دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئاشۇ بولسا،ئىماننىڭ رۇشەن ئۇچۇقلىقى دىدى.(يەنى شۇ ۋەسۋەسىنى ، خۇتۇرنى چوڭ ساناش،**الله** دىن قورقۇش،**الله** نى ئۇلۇغ بىلىش ، ئوخشىشى يوق دەپ بىلىش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر.)مۇسلىم.

300 ـ حدّثنا يُوسُفُ بْنُ يَعْقُوبَ الصّفّارُ: حَدّثنِي عَلِيّ بْنُ عَثّامٍ، عَنْ سُعَيْرِ بْنِ الْخمسِ، عَنْ مُغِيرَةَ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: سُئِلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْوَسْوَسَةِ. قَالَ: «تِلْكَ مَحْضُ الإِيمَانِ».

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەسۋەسە توغرىسىدا سورالغاندا، ئەشۇ ئىماننىڭ خالىس ساپلىقىدىندۇر،دېدى.

301 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ (وَاللّفْظُ لِهَرُونَ) قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَزَالُ النّاسُ يَتَسَاءَلُونَ حَتّى يُقَالَ: هَذَا، خَلَقَ الله الْخَلْقَ، فَمَنْ خَلَقَ اللّهَ؟ فَمَنْ وَجَدَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئاً فَلْيَقُلْ: آمَنْتُ بِاللّهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر سۇئال سوراۋېرىدۇ، ھەتتا، بۇ مەخلۇقلارنىغۇ ئاللاھ يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دېيىلىدۇ، كىم شۇنداق ۋەسۋەسە سۇئالنى تاپسا، دەرھال مەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن.

بۇخاري،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزەلىدۇر، ئاللاھ ئەزەلدە بار ئىدى، ئاللاھ پەيدا بولغان ئەمەس، ھادىسە ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئىنتىھاسىمۇ يوق، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھ مەخلۇق ئەمەس، بەلكى، ياراتقۇچى خالقتۇر، ئاللاھ باقى، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇددۇتۇر، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئەقىللەر،الله نى چەك ــ چېگرا دائىرىگە ئالالمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر، ئۇ قادىردۇر.ئەقىدە ئۇقۇڭ.

302 ـ وحدّثنا مَحْمُودُ بْنُ غَيْلاَنُ: حَدّثَنَا أَبُو النّضْرِ: حَدّثَنَا أَبُو سَعِيدٍ الْمُؤَدّبُ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ بِهَذَا الأَسْنَادِ. أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَأْتِي الشّيْطَانُ أَحَدَكُمْ فَيَقُولُ: مَنْ خَلَقَ السّمَاءَ؟ مَنْ خَلَقَ الأَرْضَ؟ فَيَقُولُ: الله» ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِهِ. وَزَادَ «وَرُسُلِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە،ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارغا كېلىپ ئاسماننى كىم ياراتتى، زېمىننى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭ الله نى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، كىم شۇنداق ۋەسۋەسە سۇئالنى تاپسا، دەرھال مەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن.

303 ـ304 ـ حدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، جَمِيعاً عَنْ يَعْقُوبَ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَخِي ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَمّهِ قَالَ: أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ، أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَأْتِي الشّيْطَانُ أَحَدَكُمْ فَيَقُولُ: مَنْ خَلَقَ كَذَا وَكَذَا؟ حَتّى يَقُولَ لَهُ: مَنْ خَلَقَ رَبّكَ؟ فَإِذَا بَلَغَ ذَلِكَ فَلْيَسْتَعِذْ بِالله وَلْيَنْتَهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارغا كېلىپ ئانى كىم ياراتتى، مانى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى دەيدۇ، شەيتان ۋەسۋەسىسى شۇ يەرگە يەتكەندە بىرىڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، دەرھال توختىۋالسۇن.

بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزەلى، خالق ياراتقۇچىدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر.

305 ـ حدّثنِي عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ قَالَ: حَدّثَنِي أَبِي، عَنْ جَدّي، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَزَالُ النّاسُ يَسْأَلُونَكُمْ عَنِ الْعِلْمِ، حَتّى يَقُولُوا: هَذَا اللّهُ، خَلَقَنَا. فَمَنْ خَلَقَ اللّهَ؟».

قالَ، وَهُوَ آخِذٌ بِيَدِ رَجُلٍ فقالَ: صَدَقَ الله وَرَسُولُهُ. قَدْ سَأَلَنِي اثْنَانِ وَهَذَا الثَّالِثُ. أَوْ قَالَ: سَأَلَنِي وَاحِدٌ وَهَذَا الثَّانِي.
وَحَدَّثَنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، وَيَعْقُوبُ الدَّوْرَقِيّ قَالاَ: حَدّثنا إِسْمَاعِيلُ، وَهُوَ ابْنُ عُلَيّة، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحَمّدٍ قَالَ: قَالَ أبو هُرَيْرَةَ «لاَ يَزَالُ النّاسُ، بِمِثْلِ حَدِيثِ عَبْدِ الْوَارِثِ، غَيْرَ أَنّهُ لَمْ يَذْكُرِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي الإِسْنَادِ. وَلَكِنْ قَدْ قَالَ فِي آخِرِ الْحَدِيثِ: صَدَقَ الله وَرَسُولُهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دېيدۇ: كىشىلەر سىلەردىن ئىلىم توغرىسىدا سوئال سوراۋېرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار؛ بۇ ئاللاھقۇ بىزنى ۋە بارچە مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەپ سورايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىركىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ؛ الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى راست دېپتىكەن، مەندىن ئىككى كىشى شۇنداق سوردى، بۇكىشى ئۈچۈنجىسى بولدى، ياكى بىرسى شۇنداق سوردى، بۇكىشى ئىككىنجىسى بولدى دېدى.

306 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ الرّومِيِ: حَدّثنا النّضْرُ بْنُ مُحَمّدٍ: حَدّثنا عِكْرِمَةُ، وَهُوَ ابْنُ عَمّارٍ. حَدّثنا يَحْيَى. حَدّثنا أَبُو سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَزَالُونَ يَسْأَلُونَكَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ، حَتّى يَقُولُوا: هَذَا اللّهُ. فَمَنْ خَلَقَ اللّهَ؟» قَالَ: فَبَيْنَا أَنَا فِي الْمَسْجِدِ إِذْ جَاءَنِي نَاسٌ مِنَ الأَعْرَابِ. فَقَالُوا: يَا أَبَا هُرَيْرَةَ! هَذَا اللّهُ. فَمَنْ خَلَقَ اللّهَ؟ قَالَ: فَأَخَذَ حَصىً بِكَفّهِ فَرَمَاهُمْ. ثُمّ قَالَ: قُومُوا قُومُوا. صَدَقَ خَلِيلِي.
307 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثنا كَثِيرُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثنا جَعْفَرُ بْنُ بُرْقَانَ: حَدّثنا يَزِيدُ بْنُ الأَصَمّ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لِيَسْأَلَنّكُمُ النّاسُ عَنْ كُلّ شَيْءٍ، حَتّى يَقُولُوا: اللّهُ خَلَقَ كُلّ شَيْءٍ. فَمَنْ خَلَقَهُ؟».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭامۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېيدۇ: ئى ئەبۇھۇرەيرە!كىشىلەر سەندىن ئىلىم توغرىسىدا سوئال سوراۋېرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلار؛ بۇ ئاللاھقۇ بىزنى ۋە بارچە مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەپ سورايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بىرچاغدا مەن مەسجىدتە ئىدىم، تۇيۇقسىزلا ئەئرابى كىشىلەر كىلىپ؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە! بۇ ئاللاھقۇ بىزنى ۋە بارچە مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەپ سوردى، مەن بىر چاڭگال تاشنى ئېلىپ ئۇلارغا ئېتىپ؛ قوپۇپ كىتىڭلار، يېنىمدىن چىقىپ كىتىڭلار!دوستۇم رەسۇلۇللاھ ماڭا راست دېپتىكەن دېدىم.

308 -309 ـ ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَامِرِ بْنِ زُرَارَةَ الْحَضْرَمِيّ: حَدّثنا مُحمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ، عَنْ مُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَالَ الله عَزّ وَجَلّ: إِنّ أُمّتَكَ لاَ يَزَالُونَ يَقُولُونَ: مَا كَذَا؟ مَا كَذَا؟ حَتّى يَقُولُوا: هَذَا اللّهُ خَلَقَ الْخَلْقَ. فَمَنْ خَلَقَ اللّهَ؟».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دېيدۇ: ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈممىتىڭ دائىم ماۋۇ نەرسە شۇنداق ئىكەن، ئاۋۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن، مانى ئاللاھ يارىتىپتۇ، بۇ ئاللاھ بارلىق خەلقنى، مەخلۇقلارنى يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دېيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم.

## 67 ــــ باب وعيد من اقتطع حق مسلم بيمين فاجرة بالنار

**مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يالغان قەسەم بىلەن يۇتىۋالغان كىشىگە دەۋزەخ بىلەن ئازاپ ۋەدىسى بېرىش توغرىسىدا؛**

310 ـ 311 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. جَمِيعا عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثنا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ قَالَ: أَخْبَرَنَا الْعَلاَءُ، وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ مَوْلَى الْحُرَقَةِ عَنْ مَعْبَدِ بْنِ كَعْبٍ السّلَمِيّ، عَنْ أَخِيهِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَعْبٍ،

عَنْ أبِي أُمَامَةَ  أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَن اقْتَطَعَ حَقّ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ بِيَمِينِهِ، فَقَدْ أوْجَبَ الله لَهُ النّارَ، وَحَرّمَ عَلَيْهِ الْجَنّةَ» فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ: وَإنْ كَانَ شَيْئاً يَسِيرا، يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «وَإنْ قَضِيبا مِنْ أرَاكٍ».

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم قىلىپ ئېلىۋالسا، ھەققەتەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ۋاجىپ قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.بىركىشى؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كىچىككىنە ئاز نەرسە بولسىمۇ شۇنداقمۇ؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ؛ گەرچە ئۇ نەرسە ئەراك ياغىچىنىڭ بىر تال تايىقى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ،دېدى. (چۈنكى ھارام دېگەن ئاز بولسىمۇ ھامىنى ھارام  دە!!) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

312 ـ313 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا وَكِيعٌ. ح وحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ، حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ ووَكِيعٌ. ح وَحَدّثنا إسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ) أخْبَرَنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا الأعْمَشُ عَنْ  أبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ يَقْتَطِعُ بِهَا مَالَ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ، هُوَ فِيهَا فَاجِرٌ، لَقِيَ اللّهَ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ» قَالَ: فَدَخَلَ الأشْعَثُ بْنُ قَيْسٍ فَقَالَ: مَا يُحَدّثُكُمْ أبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ؟ قَالُوا: كَذَا وَكَذَا. قَالَ: صَدَقَ أبُو عَبْدِ الرّحمَنِ. فِيّ نَزَلَتْ. كَانَ بَيْنِي وَبَيْنَ رَجُلٍ أرْضٌ بِالْيَمَنِ. فَخَاصَمْتُهُ إلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «هَلْ لَكَ بَيّنَةٌ؟» فَقُلْتُ: لاَ. قَالَ: «فَيَمِينُهُ» قُلْتُ: إذَنْ يَحْلِفَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عِنْدَ ذٰلِكَ: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ، يَقْتَطِعُ بِهَا مَالَ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ، هُوَ فِيهَا فَاجِرٌ، لَقِيَ اللّهَ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ» فَنَزَلَتْ: {إنّ الّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ الله وَأيْمَانِهِمْ ثَمَنا قَلِيلاً} (العمران الآية: 77) إلَى آخِرِ الآيَةِ.

ئەشئەس ئىبنى قەيس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەجبۇرى يالغان قەسەم قىلىپ، زۇلۇم بىلەن شۇ قەسەم ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ قەسەمدە پاجىر، كاززاپ بولسا،قىيامەت كۈنى  ئۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچۇرىشىدۇ. ئاندىن ئەشئەس ئىبنى قەيس كىرىپ؛ ئەبۇئەبدۇررەھمان يەنى ئىبنى مەسئۇد سىلەرگە نېمىنى سۆزلەپ بەردى؟دېدى، ئۇلار؛ مۇنداق ،مۇنداق ھەدىس بايان قىلىپ بەردى دېسە، ئۇ؛ ئۇ راست دەپتۇ، تۆۋەندىكى ئايەت مەن توغرۇلۇق نازىل قىلىنغان، مەن بىلەن بىركىشىنىڭ ئارىسىدا يەمەندىكى بىر زېمىن بار ئىدى، مەن بۇئىش توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ بارسام، دەلىل ـ ئىسپاتىڭ،ئىككى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دېدى، مەن ياق دېسەم، ئۇنداق بولسا، بۇكىشىنىڭ ساڭا قەسەم قىلىپ بېرىشىلا قالدى دېدى، مەن؛ ئۇنداقتا بۇ دېگەن قەسەم قىلىۋېرىدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ شۇچاغدا ئەشۇ ھەدىسنى دېگەن، ئاندىن شۇنى تەستىقلاپ الله تائالا :« ھەققەتەن الله نىڭ ئەھدىسىنى ، ئۆزلىرىنىڭ قەسەملىرىنى پۇچەك پۇلغا سېتىۋېتىدىغانلار........»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

314 ـ وحدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ الْمَكّيّ: حَدّثنَا سُفْيَانُ، عَنْ جَامِعِ بْنِ أبِي رَاشِدٍ، وَ عَبْدِ الْمَلِكِ ابْنِ أعْيَنَ سَمِعَا  شَقِيقَ بْنَ سَلَمَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ  ابْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ حَلَفَ عَلَى مَالِ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ بِغَيْرِ حَقّهِ، لَقِيَ الله وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ» قَالَ عَبْدُ اللّهِ: ثُمّ قَرَأ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مِصْدَاقَهُ مِنْ كِتَابِ الله، {إنّ الّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ الله وَأيْمَانِهِمْ ثَمَنا قَلِيلاً} (العمران الآية: 77) إلَى آخِرِ الآيَةِ.

ئەشئەس ئىبنى قىيس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەجبۇرى يالغان قەسەم قىلىپ، زۇلۇم بىلەن شۇ قەسەم ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال_ مۈلكىنى ئىېلىۋالسا، ئۇ قەسەمدە پاجىر، كاززاپ بولسا،قىيامەت كۈنى ئۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. ئاندىن شۇنى تەستىقلاپ **الله** تائالا :« ھەقىقەتەن **الله** نىڭ ئەھدىسىنى ، ئۆزلىرىنىڭ قەسەملىرىنى پۇچەك پۇلغا سېتىۋەتىدىغانلار........»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنەبىردە مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇدى.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**315 ـ وحدّثني قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ هَنّادُ بْنُ السّرِيّ، وَ أَبُو عَاصِمٍ الْحَنَفِيّ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَص، عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ حَضْرَ مَوْتَ وَرَجُلٌ مِنْ كِنْدَةَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ الْحَضْرَمِيّ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنّ هَذَا قَدْ غَلَبَنِي عَلَى أَرْضٍ لِي كَانَتْ لأَبِي. فَقَالَ الْكِنْدِيّ: هِيَ أَرْضِي فِي يَدِي أَزْرَعُهَا لَيْسَ لَهُ فِيهَا حَقّ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِلْحَضْرَمِيّ: «أَلَكَ بَيّنَةٌ؟» قَالَ: لاَ. قَالَ: «فَلَكَ يَمِينُهُ» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنّ الرّجُلَ فَاجِرٌ لاَ يُبَالِي عَلَى مَا حَلَفَ عَلَيْهِ. وَلَيْسَ يَتَوَرّعُ مِنْ شَيْءٍ. فَقَالَ: «لَيْسَ لَكَ مِنْهُ إِلاّ ذَلِكَ» فَانْطَلَقَ لِيَحْلِفَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لَمّا أَدْبَرَ: «أَمَا لَئِنْ حَلَفَ عَلَى مَالِهِ لِيَأْكُلَهُ ظُلْما، لَيَلْقَيَنّ الله وَهُوَ عَنْهُ مُعْرِضٌ».**

ئەلقەمەتىنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەزرى مەۋتتىن بىركىشى، كىندەت قەبىلىسىدىن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كېلىپ،ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشى ماڭا غالىپ كېلىپ، مېنىڭ زېمىنىمنى ئېلىۋالدى دېدى، كىندىيلىك كىشى؛ ئۇ مېنىڭ زېمىنىم، ئۇ ھازىرمۇ مېنىڭ قولۇمدا، ئۇزېمىندا بۇنىڭ ھېچ قانداق ھەققى يوق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىمىيلىك كىشىگە؛ سىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دېدى، (چۈنكى داۋاگەر ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈرىشى لازىم)»ئۇ: ياق،يوق دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، بۇ كىندىيلىك كىشى ساڭا قەسەم قىلىپ بېرىدۇ(چۈنكى جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ)دېدى، ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشى پاسىق،پاجىردۇر، بۇ قەسەم قىلغان نەرسىسگە پەرۋا قىلمايدۇ، بۇ ھېچ قانداق نەرسىدىن ھەزەر قىلمايدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ساڭا پەقەت شۇلا،يەنى بۇنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشىلا باردۇر،دېدى. كىندىيلىك كىشى قەسەم قىلىشقا باشلىدى، ئۇ قەسەم قىلىشقا رەسمى يۈزلەنگەندە، ياكى قەسەم قىلىپ بولۇپ قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئەگەر ئۇ كىندىيلىك كىشى زۇلۇم قىلىپ، ھەزرىمىيلىك كىشىنىڭ مېلىنى يېۋالماقچى بولۇپ قەسەم قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىۋالغان ھالەتتە **الله** قا ئۇچرىشىدۇ دېدى.

**316 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعا عَنْ أَبِي الْوَلِيدِ. قَالَ: زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ، حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلٍ، عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ: كُنْتُ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَتَاهُ رَجُلاَنِ يَخْتَصِمَانِ فِي أَرْضٍ. فَقَالَ أَحَدُهُمَا: إِنّ هَذَا انْتَزَى عَلَى أَرْضِي، يَا رَسُولَ اللّهِ، فِي الْجَاهِلِيّةِ. (وَهُوَ امْرُءُ الْقَيْسِ بْنُ عَابِسٍ الْكِنْدِيّ. وَخَصْمُهُ رَبِيعَةُ بْنُ عِبْدَانَ). قَالَ: «بَيّنَتُكَ» قَالَ: لَيْسَ لِي بَيّنَةٌ. قَالَ: «يَمِينُهُ» قَالَ: إِذَنْ يَذْهَبُ بِهَا. قَالَ: «لَيْسَ لَكَ إِلاّ ذَاكَ»**

**قالَ، فَلَمّا قامَ لِيَحْلِفَ، قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنِ اقْتَطَعَ أَرْضا ظالِما، لَقِيَ اللّهَ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ» قالَ إِسْحَقُ فِي رِوَايَتِهِ: رَبِيعَةُ بْنُ عَيْدَانَ.**

ئەلقەمەتنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەزرى مەۋتتىن بىركىشى، كىندەت قەبىلىسىدىن بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر پارچە زېمىن توغرىسىدا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كېلىپ،ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بۇ كىشى ماڭا غالىپ كېلىپ، مېنىڭ زېمىنىمنى ئېلىۋالدى دېدى، (كىندىيلىك كىشى؛ ئۇ مېنىڭ زېمىنىم، ئۇ ھازىرمۇ مېنىڭ قولۇمدا، ئۇزېمىندا بۇنىڭ ھېچ قانداق ھەققى يوق دېدى)، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىمىيلىك كىشىگە؛ سىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات،ھۆججەت ياكى گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟دېدى، (چۈنكى داۋاگەر ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈرىشى لازىم)»ئۇ: ياق،يوق دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، بۇ كىندىيلىك كىشى ساڭا قەسەم قىلىپ بېرىدۇ(چۈنكى جاۋاپكار قەسەم قىلىدۇ)دېدى، ھەزرىمىيلىك كىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! (بۇ كىشى پاسىق،پاجىردۇر، بۇ قەسەم قىلغان نەرسىسىگە پەرۋا قىلمايدۇ، بۇ ھېچ قانداق نەرسىدىن ھەزەر قىلمايدۇ)بۇمېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ساڭا پەقەت شۇلا،يەنى بۇنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشىلا باردۇر،دېدى. كىندىيلىك كىشى قەسەم قىلىشقا باشلىدى، ئۇ قەسەم قىلىشقا رەسمى يۈزلىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:كىم زۇلۇم قىلىپ، بىرەر كىشىنىڭ مېلىنى يېۋالماقچى بولۇپ قەسەم قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالغان،ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپ قىلغان ھالەتتە **الله** قا ئۇچۇرشىدۇ دېدى.

## *68 ـ باب الدليل على أن من قصد أخذ مال غيره بغير حق كان القاصد مهدر الدم في حقه وإن قتل كان في النار وأن من قُتل دون ماله فهو شهيد*

**باشقىلارنىڭ مېلىنى ھەقسىز ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغۇچىنىڭ قېنى بىكاردۇر، ئۇ ئۆلتۈرۈلسە، دەۋزەخكە كىرىدۇ، ئۆز مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، دىگەن توغرىسىدا؛**

**317 ـ حدّثني أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ: حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ مَخْلَدٍ) حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَرَأَيْتَ إِنْ جَاءَ رَجُلٌ يُرِيدُ أَخْذَ مَالِي؟ قالَ: «فَلاَ تُعْطِهِ مَالَكَ» قالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ قَاتَلَنِي؟ قالَ: «قَاتِلْهُ» قالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ قَتَلَنِي؟ قالَ: «فَأَنْتَ شَهِيدٌ» قالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ قَتَلْتُهُ؟ قالَ: «هُوَ فِي النّارِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر كىشى كېلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى دەپ باقسىلا، بىركىشى كېلىپ مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلسا، قانداق قىلىمەن؟دېدى.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ئۇنىڭغامېلىڭنى بەرمىگىن،دېدى. ئۇكىشى؛ ئەگەر ئۇ مەن بىلەن مالنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىسچۇ؟دېدى،

رەسۇلۇللاھ: سەنمۇ مېلىڭنى قوغداپ ئۇرۇش قىلغىن دېدى، ئۇكىشى؛ ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: سەن مېلىڭنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسەڭ، شېھىد بولىسەن دېدى، ئۇ: ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇ بولاڭچى دەۋزەختە بولىدۇ دېدى.

318 ـ حدّثني الْحسَنُ بْنُ عَلِيّ الْحُلْوَانِيّ، وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ، وَ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ، وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ (قَالَ إِسْحَقَ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حدّثنَا) عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي سُلَيْمَانُ الأَحْوَلُ، أَنّ ثَابِتًا مَوْلَى عُمَرَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَخْبَرَهُ أَنّهُ لَمّا كَانَ بَيْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو وَبَيْنَ عَنْبَسَةَ ابْنِ أَبِي سُفْيَانَ مَا كَانَ. تَيَسّرُوا لِلْقِتَالِ. فَرَكِبَ خَالِدُ بْنُ الْعَاصِ إِلَى عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو، فَوَعَظَهُ خَالِدٌ. فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو: أَمَا عَلِمْتَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ قُتِلَ دُونَ مَالِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ».
وَحَدّثنِيهِ مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ بَكْرٍ. ح وَحَدّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ: حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ.كِلاَهُمَا عَنْ ابْنِ جُرَيْجٍ، بِهَذَا الأَسْنَادِ مِثْلَهُ

ئىبنى ئەمرۇ، سەئىد، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم قېنىنى، جېنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم دىنىنى، ئىمانىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىد، كىم ئەھلىنى، باللىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زۇلۇمغا ئۇچراپ، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. (شەرتى، مۆئمىن بولۇش). نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى ، سەھىھ.

## 69 ــــ باب استحقاق الوالي، الغاش لرعيته، النار

### ئۆز پادىشلىقىغا خىيانەت قىلغان ئالدامچى ئەمىرنىڭ دەۋزەخكە لايىق بولىشى توغرىسىدا؛

319 ـ. حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَشْهَبِ، عَنِ الْحَسَنِ قَالَ: عَادَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ زِيَادٍ مَعْقِلَ بْنَ يَسَارٍ الْمُزَنِيّ فِي مَرَضِهِ الّذِي مَاتَ فِيهِ. قَالَ مَعْقِلٌ: إِنّي مُحَدّثُكَ حَدِيثًا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لَوْ عَلِمْتُ أَنّ لِي حَيَاةً مَا حَدّثْتُكَ. إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَسْتَرْعِيهِ اللّهُ رَعِيّةً، يَمُوتُ يَوْمَ يَمُوتُ وَهُوَ غَاشّ لِرَعِيّتِهِ، إِلاّ حَرّمَ اللهُ عَلَيْهِ الْجَنّةَ».

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئاللاھتائالا پادىچى، باش قىلسا،ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشلىقىغائىگە قىلىنىپ سىنالسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆلارغا خىيانەت قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، ئالدامچى ھالدا ئۆلسە، (ئۆلگەن كۈنىمۇ تۆۋبىسىز ھالەتتە ئۆلسە)، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.

320 ـ 321 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ، عَنْ يُونُسَ، عَنِ الْحَسَنِ قَالَ: دَخَلَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ زِيَادٍ عَلَى مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ وَهُوَ وَجِعٌ. فَسَأَلَهُ فَقَالَ: إِنّي مُحَدّثُكَ حَدِيثًا لَمْ أَكُنْ حَدّثْتُكَهُ. إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ يَسْتَرْعِي اللّهُ عَبْدًا رَعِيّةً، يَمُوتُ حِينَ يَمُوتُ وَهُوَ غَاشّ لَهَا، إِلاّ حَرّمَ اللّهُ عَلَيْهِ الْجَنّةَ» قَالَ: أَلاّ كُنْتَ حَدّثْتَنِي هَذَا قَبْلَ الْيَوْمِ؟ قَالَ: مَا حَدّثْتُكَ، أَوْ لَمْ أَكُنْ لِاُحَدِثَكَ.

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئىبنى زەييياد ئۇنى يوقلاپ كىرگەندە، مەن ساقا بۇرۇن سۆزلەپ بەرمىگەن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بىرەي دەپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆلەپ بەرگەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئاللاھتائالا پادىچى، باش قىلسا،ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پادىلىقىغائىگە قىلىنىپ سىنالسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇلارغا خىيانەت قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان ئالدامچى ھالدا ئۆلسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى.

322 ـ وحدّثنا أَبُو غسّانَ الْمِسْمَعِيّ، وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا، وَقالَ الآخرَانِ: حَدّثنَا) مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ قالَ: حَدّثنِي أَبِي عَنْ قتَادَةَ، عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ أَنّ عُبَيْدَ اللّهِ بْنَ زِيَادٍ عَادَ مَعْقِلَ بْنَ يَسَارٍ فِي مَرَضِهِ. فقالَ لَهُ مَعْقِلٌ: إِنّي مُحَدّثُكَ بِحَدِيثٍ لَوْلاَ أَنّي فِي الْمَوْتِ لَمْ أُحَدّثْكَ بِهِ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنْ أَمِيرٍ يَلِي أَمْرَ الْمُسْلِمِينَ، ثُمّ لاَ يَجْهَدُ لَهُمْ وَيَنْصَحُ إِلاّ لَمْ يَدْخُلْ مَعَهُمُ الْجَنّةَ».

ئىبنى زەيياد مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇ؛مەن ساڭا بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بىرەي، ئەگەر مەن ئۆلۈم ئالدىدا بولمىغان بولسام، ساڭا بۇھەدىسنى سۆزلەپ بەرمەيتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئاللاھتائالا پادىچى، باش قىلسا،مۇسۇلمانلارغا ئەمىر بولغان ئۇكىشى ئۇنى (باشقىلارغا،بۇلۇپمۇ قول ئاستىدىكىلەرگە )نەسىھەت قىلىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلمىسا،ياخشى باشقۇرۇپ ساقلىمىسا، تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، بۇنداق پادىچى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريىيالمايدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ،دىدى.

## 70 ـــ 71 ـــ باب رفع الأَمانة والإِيمان من بعض القلوب وعرض الفتن على القلوب

**قەلبلەرنىڭ بەزىسىدىن ئامانەت ۋە ئىماننىڭ كۆتۈرۈلۈپ كىتىشى، دىللارغا پىتنە ـ پاسادلەرنىڭ تەڭلىنىشى توغرىسىدا؛**

323 ـ 324 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، وَ وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قالَ: حَدّثنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَدِيثَيْنِ قدْ رَأَيْتُ أَحَدَهُمَا، وَأَنَا أَنْتَظِرُ الآخرَ. حَدّثنَا «أَنّ الأَمَانَةَ نَزَلَتْ فِي جَذْرِ قُلُوبِ الرّجَالِ. ثُمّ نَزَلَ الْقُرْآنُ. فَعَلِمُوا مِنَ الْقُرْآنِ وَعَلِمُوا مِنَ السّنّةِ». ثُمّ حَدّثنَا عَنْ رَفْعِ الأَمَانَةِ قالَ: «يَنَامُ الرّجُلُ النّوْمَةَ فتُقْبَضُ الأَمَانَةُ مِنْ قلْبِهِ. فَيَظَلّ أَثرُهَا مِثْلَ الْوَكْتِ، ثُمّ يَنَامُ النّوْمَةَ فتُقْبَضُ الأَمَانَةُ مِنْ قلْبِهِ. فيَظَلّ أَثرُهَا مِثْلَ الْمَجْلِ. كَجَمْرٍ دَحْرَجْتَهُ عَلَى رِجْلِكَ) فَنَفِطَ فتَرَاهُ مُنْتَبِرا وَلَيْسَ فِيهِ شَيْءٌ (ثُمّ أَخَذَ حَصىً فَدَحْرَجَهُ عَلَى رِجْلِهِ) فَيُصْبِحُ النّاسُ يَتَبَايَعُونَ. لاَ يَكَادُ أَحَدٌ يُؤَدّي الأَمَانَةَ حَتّى يُقالَ: إِنّ فِي بَنِي فُلاَنٍ رَجُلاً أَمِينا. حَتّى يُقالَ لِلرّجُلِ: مَا أَجْلَدَهُ مَا أَظْرَفَهُ مَا أَعْقلَهُ وَمَا فِي قلْبِهِ مِثْقالُ حَبّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ». وَلَقدْ أَتَى عَلَيّ زَمَانٌ وَمَا أُبَالِي أَيّكُمْ بَايَعْتُ. لَئِنْ كَانَ مُسْلِما لَيَرُدّنّهُ عَلَيّ دِينُهُ. وَلَئِنْ كَانَ نَصْرَانِيّا أَوْ يَهُودِيّا لَيَرُدّنّهُ عَلَيّ سَاعِيهِ. وَأَمّا الْيَوْمَ فمَا كُنْتُ لأُبَايِعَ مِنْكُمْ إِلاّ فُلاَنا وَفُلاَنا.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئىككى ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن، مەن ئۇنىڭ بىرىنىڭ يۈز بەرگىنىنى كۆردۈم، يەنە بىرىنىڭ يۈز بىرىشىنى كۈتىۋاتىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن ئامانەت كىشىلەرنىڭ قەلبى يىلتىزلىرىغا قۇرئاندىن بۇرۇنلا نازىل قىلىنىپ، ئورنۇتۇلغان ، ئاندىن قۇرئان نازىل بولۇپ، كىشىلەر قۇرئاننى، سۈننەتنى بىلىپ ياخشى ئۆزلەشتۈردى، كىيىنكى كۈندە كىشى ئۇخلاپ قالىدۇ ـــ دە، قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كىتىپ، پەقەت

چىكىتچىلىك، ئانچىكى ئىزى قالىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلايدۇ ــ دە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى قاپىرىپ قالغان قاپارتمىنىڭ ئاق ئىزىدەك كىچىككىنە ئىز قالىدۇ، بۇ خۇددى پۇتۇڭ بىلەن بىر چوغنى د ۇملىتىۋەتسەڭ، ئاندىن قاراپ باقساڭ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمىغاندەكلا بىر ئىشتۇر، (يەنى ئامانەت شۇنچىلىك قالىدۇ، يوق دېيەرلىك) ئاندىن كىشىلەر سودا ــ سېتىق قىلىشسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئامانەتنى ئادا قىلغۇدەك بىرەر ئىشەنچىلىك ئادەم تېپىلمايدۇ، ھەتتا پالانى جەمەتتە بىر ئىشەنچىلىك ئادەم بار ئىكەن دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا ، ئۇنىمىدىگەن ياخشى، ھەم كۈچلۈك، نېمىدىكەن ئېسىل ، نېمىدىگەن دانا دەپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە قىچا ئۇرۇغۇچىلىك ئىمان يوقتۇر، باشقا خاتىرىدە ھۇزەيفە ئېيتىدۇ، مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق بىر زامانلار ئۆتكەندۇر، ئۇ چاغلاردا قايسى بىرىڭلار بىلەن سودا ــ سېتىق قىلسام، پەرۋا قىلمايتتىم، ئەگەر مەن مۇئامىلە قىلىشقا ن كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىيانىتى ھە ۋقىمنى قايتۇرغۇزاتتى، ئەگەر ئۇ خىرىستىئان، ناسارا، يەھۇدىي بولسا، مېنىڭ ھەققىمنى ئۇلارنىڭ كاتىباشلىرى قايتۇرغۇزاتتى، ئەمما، بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەقەت پالانى ۋە پالانى بىلەنلا سودا مۇئامىلىسى قىلىشىمەن. دېيىلگەن، بۇخارى 6016 ــ ھەدىس، مۇسلىم 206 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2105 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4043 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22171 ــ ھەدىس، سەھىھ.

325 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حدّثَنَا أبُو خَالِدٍ، يَعْنِي سُلَيْمَانَ بْنَ حيانَ، عَنْ سَعدِ بْنِ طَارِقٍ، عَنْ رِبْعِيّ، عَنْ حُذَيْفَةَ قالَ: كُنّا عِنْدَ عُمَرَ. فقالَ: أيّكُمْ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَذْكُرُ الْفِتَنَ؟ فقالَ قَوْمٌ: نَحْنُ سَمِعْنَاهُ. فقالَ: لَعَلّكُمْ تَعْنُونَ فِتْنَةَ الرّجُلِ فِي أهْلِهِ وَجَارِهِ؟ قالُوا: أجَلْ. قالَ: تِلْكَ تُكَفّرُهَا الصّلاَةُ وَالصّيَامُ وَالصّدَقَةُ. وَلَكِنْ أيّكُمْ سَمِعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَذْكُرُ الْفِتَنَ الّتِي تَمُوجُ مَوْجَ الْبَحْرِ؟ قالَ حُذَيْفَةُ: فَأسْكَتَ الْقَوْمُ. فَقُلْتُ: أنَا. قالَ: أنْتَ، للهِ أبُوكَ!

قالَ حُذَيْفَةُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «تُعْرَضُ الْفِتَنُ عَلَى الْقُلُوبِ كَالْحَصِيرِ عُودا عُودا. فَأيّ قَلْبٍ أشْرِبَهَا نُكِتَ فِيهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ. وَأيّ قَلْبٍ أنْكَرَهَا نُكِتَ فِيهِ نُكْتَةٌ بَيْضَاءُ. حَتّى تَصِيرَ عَلَى قَلْبَيْنِ، عَلَى أبْيَضَ مِثْلِ الصّفَا. فَلاَ تَضُرّهُ فِتْنَةٌ مَا دَامَتِ السّمَاوَاتُ وَالأرْضُ. وَالآخَرُ أسْوَدُ مُرْبَادا كَالْكُوزِ مُجَخّيا لاَ يَعْرِفُ مَعْرُوفا وَلاَ يُنْكِرُ مُنْكَرا. إلاّ مَا أُشْرِبَ مِنْ هَوَاهُ».

قالَ حُذَيْفَةُ: وَحَدّثْتُهُ، أنّ بَيْنَكَ وَبَيْنَهَا بَابا مُغْلَقا يُوشِكُ أنْ يُكْسَرَ. قالَ عُمَرُ: أكَسْرا لاَ أبَا لَكَ! فَلَوْ أنّهُ فُتِحَ لَعَلّهُ كَانَ يُعَادُ. قُلْتُ: لاَ، بَلْ يُكْسَرُ. وَحَدّثْتُهُ، أنّ ذَلِكَ الْبَابَ رَجُلٌ يُقْتَلُ أوْ يَمُوتُ. حَدِيثا لَيْسَ بِالأغَالِيطِ.

قالَ أبُو خَالِدٍ: فَقُلْتُ لِسَعْدٍ: يَا أبَا مَالِكٍ مَا أسْوَدُ مُرْبَادّا؟ قالَ: شِدّةُ الْبَيَاضِ فِي سَوَادٍ. قالَ، قُلْتُ: فَمَا الْكُوزُ مُجَخّيا؟ قالَ: مَنْكُوسا.

326 ـ327 ـ وحدّثني ابْنُ أبِي عُمَرَ: حدّثَنَا مَرْوَانُ الْفَزَارِيّ. حدّثَنَا أبُو مَالِكٍ الأشْجَعِيّ، عَنْ رِبْعِيّ قالَ: لَمّا قَدِمَ حُذَيْفَةُ مِنْ عِنْدِ عُمَرَ، جَلَسَ فَحَدّثَنَا. فقالَ: إنّ أمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أمْسِ لَمّا جَلَسْتُ إلَيْهِ سَألَ أصْحَابَهُ: أيّكُمْ يَحْفَظُ قَوْلَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْفِتَنِ؟ وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ أبِي خَالِدٍ. وَلَمْ يَذْكُرْ تَفْسِيرَ أبِي مَالِكٍ لِقَوْلِهِ: «مُرْبَادّا مُجَخّيا».

وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى، وَ عَمْرُو بْنُ عَلِيَ، وَ عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعَمّيّ. قالُوا: حدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ أبِي عَدِيَ، عَنْ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ، عَنْ نُعَيْمِ بْنِ أبِي هِنْدٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ: أنّ عُمَرَ قالَ: مَنْ يُحَدّثُنَا، أوْ قالَ: أيّكُمْ يُحَدّثُنَا (وَفِيهِمْ حُذَيْفَةُ) مَا قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْفِتْنَةِ؟ قالَ: حُذَيْفَةُ: أنَا. وَسَاقَ الْحَدِيثَ كَنَحْوِ حَدِيثِ أبِي مَالِكٍ، عَنْ رِبْعِيَ. وَقالَ فِي الْحَدِيثِ: قالَ حُذَيْفَةُ: حَدّثْتُهُ حَدِيثا لَيْسَ بِالأغَالِيطِ. وَقالَ: يَعْنِي أنّهُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ئۇ بىزگە: قايسىڭلار رەسۇلۇللاھنىڭ پىتنە توغرىسىدىكى ھەدىسنى يادا ئالغان؟دېدى، مەن؛ مانا مەن، رەسۇلۇللاھ دېگەندەكلا يادا ئالغان دىسەم، ئۇ؛ھەققەتەن بۇنىڭغا سەن جۈرئەتلىك، قېنى دىگىنە قانداق بۇلدۇ؟دېدى، مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىشىنىڭ سىناق پىتنىسى ئەھلىدە، مېلىدا، ئۆزنەپسىدە،باللىرىدا،خوشنىللىرىدا بولىدۇ، ئۇنى روزا، ناماز، سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقدىن توسۇشلار كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇدىگەن،دىسەم،ئۇ: مەن بۇنى مەقسەت قىلمىدىم، مەن دېڭىز دولقۇنلىغاندەك دولقۇنلاپ كىتىدىغان پىتنىنى مەقسەت قىلدىم، دېدى، مەن؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى

ئاڭلىغان ئىدىم: پىتنە ــ پاسادلار قەلبكە خۇددى بورا بىر تالدىن بىر تالدىن توقۇلغاندەك بىردىن ــ بىردىن تەڭلىنىدۇ، قايسى قەلبكە پىتنە ــ پاساد ئ ۇچۇرۇلۇپ كىرگۈزۈلسە، ئۇ قەلبكە بىر دانە قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ، (كۆپ كىرگۈزۈلسە كۆپ ئۇرۇلىدۇ) قايسى قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، رەت قىلسا، بۇ قەلبكە ئاق چېكىت ئۇرۇلىدۇ، ھەتتا، بۇ قەلب، تۆپتۈز، ئۇستىدە نەرسە تۇرماس ئاق تاشتەك ئاقىرىدۇ، بۇ قەلبكە ئاسمان ــ زېمىن داۋام قىلىپ ھەممىشە تۇرسىلا مەڭگۈ بىرەر پىتنە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، پىتنە ــ پاسادزەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنە بىر قەلب بولسا، چار، قارا، ئالا چىپار بولۇپ قېلىپ، ئۇ خۇددى دۈم قىلىنغان، يىقىن قىلىنغان كوزىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قارىلىقىدىن، تەتۈرلىكىدىن، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونىمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت ئۇ ھاۋايى ــ ھەۋەسلەردىن ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنى لا قوبۇل قىلىپ تونۇيدۇ، ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلنىنىڭ ئۇ پىتنە ـ پاساد بىلەن نىمە ئىشلىرى؟ سوئال سوراشقا نىمە ھاجەتلىرى؟ سىلى بىلەن ئۇ پىتنىنىڭ ئارلىقىدا قۇلۇپلانغان ئىشكى باردۇر، دىسەم، ئۇ؛ ئىشك سۇندۇرۇلۇپ چېقىلامدۇ؟ياكى ئېچىلامدۇ؟دېدى، مەن؛ ئېچىلمايدۇ، بەلكى چېقىلىدۇ دىسەم، ئۇ؛ ئۇنداق بولسا، بۇپىتنىنىڭ ئىشكى مەڭگۈ تاقالمىغىدەك دېدى، بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىكنىڭ كىملىكىنى بىلەمتى؟دىسەك، ئۇ؛ ھەئە ، خۇددى ئەتە ئەتىگەننىڭ ئالدى بۈگۈن كەچ ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بىلەتتى، مەن ئۇنىڭغا غەلىتىلىك بولمىغان، چۈشۈنۈكسىز بولمىغان ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن تۇرسام دېدى، بىزھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىشىكنىڭ كىملىكىنى سوراشتىن ئەيمىنىپ،قورقۇپ، مەسرۇقتا؛سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن دىدۇق، ئۇ سورسا، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئىشكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇدۇر دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.(يەنى بۇكىشى ۋاپات بولسا، پىتنە ـ پاسادلار ئاشكارا بۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى) مۇسلىم 207 ــ ھەدىس، بۇخارى 6567 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2184 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3945 ـ ھەدىس، بەيھەقى،ئەھمەد 22322 ــ، سەھھە.

## 72 ــــــ باب بيان أن الإسلام بدأ غريبا وسيعود غريبا، وإنه يأرز بين المسجدين

## ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان، پات يېقىندا ئۇ يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، دىن ئاخىرى ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەدىنە بىلەن مەككە ئارىسىغا)قايتىدۇدىگەن توغرىسىدا؛

328 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبّادٍ وَ ابْنُ أبِي عُمَرَ، جَمِيعا، عَنْ مَرْوَانَ الْفَزَارِيّ. قَالَ ابْنُ عَبّادٍ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ عَنْ يَزِيدَ، يَعْنِي ابْنَ كَيْسَانَ، عَنْ أبي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَدَأَ الإِسْلاَمُ غَرِيبا وَسَيَعُودُ كَمَا بَدَأَ غَرِيبا. فَطُوبَى لِلْغُرَبَاءِ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئىسلام دىنى غ ىرىپ باشلانغان، ئۇ يانا پات يۇرسەتتە غەرىپ باشلانغاندەك، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەنە ئىبنى ماجە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، تەبرانى، سەلمان ، سەھلى ، ئىبنى ئاbbاسدىن توپلىغان بولۇپ، سەھھە. ئالىملار مۇنداق دېدى، ئىسلام تۇنجى قېتىم ئاشكارا بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقى، ئاجىزلىقى بىلەن غېرىپ كىشىگە ئوخشاش ئىدى، كېيىن كۈچ تاپتى، ئاندىن يەنە ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلار ئا ز قالىدۇ ، ئىسلام ئاجىزلىشىدۇ،

مۇسبەت ئىسلام دىنىغا يېتىدۇ، شۇ چاغدا جەننەت ئاشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار دىنسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىدۇ، ئىمانىنى ساقلايدۇ، بەزىلەر بولۇپمۇ تەنتاۋى ؛ باشتىكىدەك غېرىپ بولسا، غېرىپلارغا خۇشمۇبارەك بولسا، ئىسلام يەنە قايتىدىن گۈللىنىدۇ، باشقا كۈچلۈنۈپ، گۈللەنگەنىدەك قايتا گۈللىنىدۇ، كىشلەردىن باشتىكىدەك كىشلەر يەنى سەلەف، سالىھلاردەك كىشلەر چىقىدىكەن دې گەن.يانا بەزىلەر؛ئىسلام ھەققەتلىرى كىشلەرگە يات تۇيۇلىدۇ دىدى.الله ئالىم.

329 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ، وَ الفَضْلُ بْنُ سَهْلٍ الأعْرَجُ قالاَ: حَدّثَنا شَبَابَةُ بْنُ سَوّارٍ: حَدّثَنا عَاصِمٌ، وَهُوَ ابْنُ مُحمّدٍ الْعُمَرِيّ، عَنْ أبِيهِ، عَن ابْنِ عُمَرَ ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّ الإِسْلاَمَ بَدَأ غرِيباً وَسَيَعُودُ غرِيباً كَمَا بَدَأَ. وَهُوَ يَأْرِزُ بَيْنَ الْمَسْجِدَيْنِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيّةُ فِي جُحْرِهَا».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان، ئۇ يانا پات يېقىندا خۇددى غەرىپ باشلانغاندەك، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، (شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك ). ئىسلام ئاخىردا، خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (يەنى مەدىنە بىلەن مەككە ئارىسىغا)قايتىدۇ.

330 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ، وَ أبُو أسَامَةَ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ. ح وَحَدّثَنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنا أبِي، حَدّثَنا عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ حَفْصِ بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّ الإِيمَانَ لَيَأْرِزُ إلَى الْمَدِينَةِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيّةُ إلَى جُحْرِهَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن ئىمان ئاخىردا، خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك مەدىنىگە قايتىدۇ، (ئىمان ئەھلى شۇ جايغا توپلىنىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 73 ـــــ باب ذهاب الإيمان آخر الزمان

## زامان ئاخىردا ئىماننىڭ يۇقاپ كىتىشى توغرىسىدا؛

331 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنا عَفّانُ: حَدّثَنا حَمّادٌ: أخْبَرَنَا ثابِتٌ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَسُولَ للّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى لاَ يُقالَ فِي الأَرْضِ: اللّهُ، اللّهُ».
حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الرزّاق. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ ثابِتٍ، عَنْ أنَسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ عَلَى أحَدٍ يَقُولُ: اللّهُ، اللّهُ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەر يۈزىدە (يەر شارىدا) ئاللاھ! ئاللاھ! دىيىلمەيدىغان بولمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، چىن دىلىدىن ئاللاھ! ئاللاھ! دىيىلمىگەنىدە ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ. (چۈنكى، قىيامەت كىشلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇلار خۇددى

ئىشەكتەكتۇر). يەنەبىرخاتىردە؛ چىن دىلىدىن ئاللاھ! ئاللاھ!دەيدىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولمايدۇ،دېيىلگەن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### 74 ـــــ باب جواز الاستسرار بالإيمان للخائف

### دىنسىزلارنىڭ پىتنىسىدىن ئەنسىرىگەن كىشىنىڭ ئىمانىنى يوشۇرۇشىنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا؛

332 ـ حدّثنا أبو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ، وَ أبو كُرَيْبٍ (وَاللّفظُ لأبي كُرَيْبٍ) قالُوا: حدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأعْمَش، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقالَ: «أحْصُوا لِي كَمْ يَلْفِظُ الإِسْلاَمَ» قالَ: فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم! أتَخَافُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ مَا بَيْنَ السّتّمِائَةِ إلى السّبْعِمائَةٍ؟ قالَ: «إنّكُمْ لاَ تَدْرُونَ. لَعَلّكُمْ أنْ تُبْتَلَوْا» قالَ، فَابْتُلِينَا. حَتّى جَعَلَ الرّجُلُ مِنّا لاَ نُصَلّي إلاّ سِرّا.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ بىزگە؛ سىلەر ماڭا قانچە كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، قانچىلىك كىشىنىڭ ئىسلام شاھادىتىنى تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى ساناپ ھېساپلاپ بېرىڭلار دېدى، بىز؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر 600دىن 700گىچە تۇرساق، سىلى يەنە بىزگە ئەنسىرەۋاتاملا؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ؛سىلەر بىلمەيسىلەر، سىلەر پات يېقىندا سىناق بالالىرى بىلەن سىنىلىشىڭلار مۇمكىن دېدى، بىز راستىنلا سىنالدۇق، ھەتتا بىزنىڭ جۈملىمىزدىن بولغان كىشىلەر نامازنىمۇ مەخپىي ئوقۇشقا باشلىدۇق.

### 75 ـــــ باب تألف قلب من يخاف على إيمانه لضعفه والنهي عن القطع بالإيمان من غير دليل قاطع

### ئىمانىدىن ئەنسىرەلگەن كىشىنىڭ قەلبىنى ھەققە مايىل قىلىش،قەتئىي دەلىلسىز بىرەر كىشىنى مۆئمىن دەپ ھۆكۈم قىلىۋېتىشتىن چەكلەش توغرىسىدا؛

333 ـ حدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ أبِيهِ قالَ: قَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَسْما. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أعْطِ فُلانا فَإنّهُ مُؤْمِنٌ. فقالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «أوْ مُسْلِمٌ» أقُولُهَا ثَلاثا. وَيُرَدّدُهَا عَلَيّ ثَلاثا «أوْ مُسْلِمٌ» ثُمّ قالَ: «إنّي لأُعْطِي الرّجُلَ وَغَيْرُهُ أحَبّ إلَيّ مِنْهُ. مَخَافَةَ أنْ يَكُبّهُ اللّهُ فِي النّارِ».

334 ـ335 ـ 336 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ: حَدّثنَا ابْنُ أخِي ابْنَ شِهَابٍ، عَنْ عَمّهِ قالَ: أخْبَرَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدِ بْنِ أبي وَقّاصٍ عَنْ أبِيهِ سَعْدٍ ، أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أعْطَى رَهْطا. وَسَعْدٌ جَالِسٌ فِيهِمْ. قالَ سَعْدٌ: فَتَرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْهُمْ مَنْ لَمْ يُعْطِهِ. وَهُوَ أعْجَبُهُمْ إلَيّ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا لَكَ عَنْ فُلانٍ؟ فَوَاللّهِ إنّي لأرَاهُ مُؤْمِنا. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أوْ مُسْلِما»، قالَ، فَسَكَتّ قَلِيلاً. ثُمّ غَلَبَنِي مَا أعْلَمُ مِنْهُ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا لَكَ عَنْ فُلاَنٍ، فَوَاللّهِ إنّي لأرَاهُ مُؤْمِنا. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أوْ مُسْلِما» قالَ، فَسَكَتّ قَلِيلاً. ثُمّ غَلَبَنِي مَا عَلِمْتُ مِنْهُ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا لَكَ عَنْ فُلاَنٍ، فَوَاللّهِ إنّي لأرَاهُ مُؤْمِنا. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أوْ مُسْلِما. إنّي لأُعْطِي الرّجُلَ وَغَيْرُهُ أحَبّ إلَيّ مِنْهُ. خَشْيَةَ أنْ يُكَبّ فِي النّارِ عَلَى وَجْهِهِ».

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىسىم كىشىلەرگە نەرسە بېرىپ، ئۇلاردىن مەلۇم بىر كىشىگە بەرمىدى، مەن شۇ جايدا ئولتۇرۇۋاتقان ئىدىم، ھېلىقى نەرسە بېرىلمىگەن كىشى مېنى ھەممىدىن

بەك ھەيران قالدۇراتتى(يەنى ئۇ مۆئمىن ئىدى) مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە نىمە بولدى؟ پالانىغا بەرمىدىلىغۇ؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى مۆئمىن دەپ قارايمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياكى مۇسۇلماندۇ دېدى، مەن يۇقىرقى سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم يۇقىرقىدەك جاۋاپ بېرىپ؛ ئى سەئدى! مەن بەزى كىشىلەرگە نەرسە بېرىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ ئۇ كىشىگە نەرسە بېرىشىم، ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولغان، (يەنى مەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بېرىمەن، بولمىسا ئۇ دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدۇ) دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.زۇھەيرى:ئىسلام دىگەن شاھادەت سۆزى، ئىمان دىگەن ياخشى ئەمەلدۇر دېدى. شەيخ ئۇسەيمىين: ئىسلام بىلەن ئىمان بىللە كەلسە، ئىمان ئەۋزەلدۇر، بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم كەلسە، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدى.

## 76 ـــــ باب زيادة طمأنينة القلب بتظاهر الأدلة

**دەلىللەرنىڭ ئاشكارا بۇلىشى بىلەن، قەلبنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ زىيادە قىلىنىشى توغرىسىدا؛**

**337 ـ338 ـ 339 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَن، وَ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «نَحْنُ أَحَقّ بِالشّكّ مِنْ إِبْرَاهِيمَ صلى الله عليه وسلم إِذْ قَالَ: (رَبّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَىَ؟ قَالَ: أَوَلَمْ تُؤْمِنْ؟ قَالَ: بَلَىَ. وَلَكِنْ لِيَطْمَئِنّ قَلْبِي»). قَالَ: «وَيَرْحَمُ اللّهُ لُوطاً، لَقَدْ كَانَ يَأْوِي إِلَىَ رُكْنٍ شَدِيدٍ، وَلَوْ لَبِثْتُ فِي السّجْنِ طُولَ لَبْثِ يُوسُفَ لأَجَبْتُ الدّاعِيَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز شەككە يەنى قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا ئىبراھىيمدىنمۇ بەكىراق لايىقراقمىز، ئۆز ۋاختىدا ئۇ: «ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق قايسى ھالەتتە تىرىلدۇرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن تېخى ئىمان كەلتۈرۈپ مۆئمىن بولمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئۇنداق ئەمەس، مەن مۆئمىن، شەكسىز ئىشەنگۈچى، لېكىن، قەلبىم ئارام تاپسۇن، خاتىرجەم بولسۇن ئۈچۈن سورىدۇم دېدى». ئاللاھ لۇتقا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتكە يەنى قوشۇنغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، لېكىن، ئۇ كاشكى مېنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم دەپ سالدى» سۈرە ھود 80 ــ ئايەت. ئەگەر مەن تۈرمە ئىچىدە يۇسۇف

تۇرغانىدەك ئۈزۈن تۇرغان بولسام، ئەلۋەتتە چاقىرىپ كەلگەن كىشىگە جاۋاب بېرىپ تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، مەن يۈسۈفنىڭ سەبىرسىدىن ھەيران قالدىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر

## 77 ــ باب وجوب الإيمان برسالة نبيّنا محمد صلى الله عليه وسلم إلى جميع الناس ونسخ الملل بملة

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىگە ۋە ئىبراھىم مىللىتى،ئىسلام دىنى بىلەن بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى وغرىسىدا؛**

340 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أبي سَعِيدٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا مِنَ الأنْبِيَاءِ مِنْ نَبيَ إلاّ قدْ أُعْطِيَ مِنَ الآيَاتِ مَا مِثْلُهُ آمَنَ عَلَيْهِ الْبَشَرُ، وَإِنّمَا كَانَ الّذِي أُوتِيتُ وَحْيا أوْحَى الله إلَيّ، فَأَرْجُو أنْ أكُونَ أكْثَرَهُمْ تَابِعا يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەر ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرگىدەك مىسلىسىز مۆجىزە ئالامەت بېرىلدى،ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرگەبىرىلگەنىدەك مۆجىزە ـ ئالامەت بىرىلدى. ھەقىقەتەن ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ئالامەت بولسا، ئاللاھتائالا ماڭا ۋەھيي قىلغان ۋەھيي قۇرئاندۇر، مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، (چۈنكى، قۇرئان مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدىغان مۆجىزە، ئالامەتتۇر، راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەممىدىن كۆپتۇر). بۇخارى، مۇسلىم،ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

341 ـ حدّثني يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قالَ: وَأخْبَرَنِي عمْرٌو، أنّ أبَا يُونُسَ حَدّثَهُ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لاَ يَسْمَعُ بي أحَدٌ مِنْ هَذِهِ الأُمّةِ يَهُودِيّ وَلاَ نَصْرَانِيّ، ثُمّ يَمُوتُ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِالّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ، إلاّ كَانَ مِنْ أصْحَابِ النّارِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مۇھەممەد نىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئۇممەتتىن بىرەر كىشى ۋە ھەم يەھۇدىي، ناسارالاردىن بولغان بىرەرسى مەن ئەۋەتىلگەن نەرسىگە (يەنى مېنىڭ ئەلچىلىكىمگە ۋە قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلۈپتۇ دېگەننى ماڭا ئاڭلاتسا، ئىمانسىز ئۆلسە، ئۇ شەكسىز دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. مۇسلىم 218 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7856 .

342 ـ343 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ صَالِحِ بْنِ صَالِحٍ الْهَمَدَانِيّ، عَنِ الشّعْبِيّ، قالَ: رَأَيْتُ رَجُلاً مِنْ أهْلِ خُرَاسَانَ سَأَلَ الشّعْبِيّ فقالَ: يَا أبَا عَمْرٍو إنّ مَنْ قِبَلَنَا مِنْ أهْلِ خُرَاسَانَ يَقُولُونَ، فِي الرّجُلِ، إذَا أعْتَقَ أمَتَهُ ثُمّ تَزَوّجَهَا: فَهُوَ كَالرّاكِبِ بَدَنَتَهُ. فَقَالَ الشّعْبِيّ: حَدّثَنِي أبُو بُرْدَةَ بْنُ أبي مُوسَى، عَنْ أبِيهِ، أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «ثَلاَثَةٌ يُؤْتَوْنَ أجْرَهُمْ مَرّتَيْنِ: رَجُلٌ مِنْ أهْلِ الكتاب آمَنَ بِنَبِيّهِ وَأدْرَكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَآمَنَ بِهِ وَاتّبَعَهُ وَصَدّقَهُ، فَلَهُ أجْرَانِ، وَعَبْدٌ مَمْلُوكٌ أدّى حَقّ الله تَعَالَى وَحَقّ سَيّدِهِ، فَلَهُ أجْرَانِ، وَرَجُلٌ كَانَتْ لَهُ أمَةٌ فَغَذَاهَا فَأَحْسَنَ غِذَاءَهَا. ثُمّ أدّبَهَا فَأحْسَنَ أدَبَهَا. ثُمّ أعْتَقَهَا وَتَزَوّجَهَا، فَلَهُ أجْرَانِ»، ثُمّ قالَ الشّعْبِيّ لِلْخُرَاسَانِيّ: خُذْ هَذَا الْحَدِيثَ بِغَيْرِ شَيْءٍ. فَقَدْ كَانَ الرّجُلُ يَرْحَلُ فِيمَا دُونَ هَذَا إلَى الْمَدِينَةِ.

خاراسانلىق بىر كىشى شۆئبىدىن؛ بىز تەرەپتىكىلەر؛ ئۆز دىدەك چۆرىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن نىكاھىغا ئالغان كىشى خۇددى كالا ـ تۇگىسىگە مىنگۈچىگە ئوخشايدۇ،دېيىشىدۇدەپ سورىغاندا، شۆئبى ماڭا ئەبۇبۇردەت ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇنداق بىرھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە ئەجىر، ساۋاب ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ. بىرىنچى، يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت، ئەھلى كىتابلاردىن ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تېپىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گىمۇ ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەن، شەكسىز تەستىقلىغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار. ئىككىنچى، خوجايى رىنىڭ ھەققىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەققىنى ياخشى ئادا قىلغان، قولغا ئىككى ئەجىر بار. ئۈچىنچى، ئۆزى مۇناسىۋەت قىلىدىغان دىدەك چۆرىسىگە ياخشى غىزا بېرىپ، ياخشى ئەدەپ ــ ئەخلاق ئۆگىتىپ، ياخشى تەلىم بېرىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، ئاندىن ئازاد قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، توي قىلغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار، (يەنى ئىككى كىشىلىك ئەجىر، مۇكاپات بېرىلىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 78 ـــــ باب نزول عيسى ابن مريم حاكما بشريعة نبينا محمد صلى الله عليه وسلم

**ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرئىتى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ چۈشىشى توغرىسىدا؛**

344 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيُوشِكَنّ أَنْ يَنْزِلَ فِيكُمُ ابْنُ مَرْيَمَ صلى الله عليه وسلم حَكَمَا مُقْسِطا. فَيَكْسِرُ الصّلِيبَ، وَيَقْتُلُ الْخِنْزِيرَ، وَيَضَعُ الْجِزْيَةَ، وَيَفِيضُ الْمَالُ حَتّى لاَ يَقْبَلَهُ أَحَدٌ».
345 ـ وحدّثناه عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ حمّادٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ ابْنُ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثَنِيهِ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: حَدّثَنِي يُونُسُ. ح وَحَدّثَنَا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ، عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ. كُلّهُمْ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الأَسْنَادِ وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ عُيَيْنَةَ «إِمَاما مُقْسِطا وَحكَما عَدْلاً». وَفِي رِوَايَةِ يُونُسَ: «حكَما عَادِلاً» وَلَمْ يَذْكُرْ «إِمَاما مُقْسِطا». وَفِي حَدِيثِ صَالِحٍ «حكَما مُقْسِطا». كَمَا قَالَ اللّيْثُ، وَفِي حَدِيثِهِ، مِنَ الزّيَادَةِ «وَحتّى تَكُونَ السّجْدَةُ الْوَاحِدَةُ خَيْرا مِنَ الدّنْيَا وَمَا فِيهَا».
ثُمّ يَقُولُ أَبُو هُرَيْرَةَ: اقْرَؤُوا إِنْ شِئْتُمْ: {وَإِنْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلاّ لَيُؤْمِنَنّ بِهِ قَبْلَ مَوْتِهِ} (النساء آية: 159) الآيَةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پات يېقىندا ئاراڭلارغا مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ ئادىل ئىمام، ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ چۈشۈپ كىرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ. توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، جىزيە، جان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، (يەنى ئۇ چاغدا كىشى يا مۇسۇلمان بولىدۇ، ياكى ئۆلتۈرلىدۇ خالاس.) مال ـ دۇنيا شۇنداق

كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ئۇنى ھېچ كىشى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا بىرلا سەجدە قىلىشىلىش، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ.ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئەگەر خالىساڭلار،«ھەرقانداق بىر ئەھلى كىتاپ بۇلىدىكەن، ئەيسانىڭ ئۆلۈشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ»دېگەن ئايەتنى ئۇقۇڭلار دېدى.بۇخارى،مۇسلىم ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە

**346 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ مِينَاءِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَاللهِ لَيَنْزِلَنّ ابْنُ مَرْيَمَ حَكَمَا عَادِلاً، فَلْيَكْسِرَنّ الصّلِيبَ، وَلَيَقْتُلَنّ الْخِنْزِيرَ، وَلَيَضَعَنّ الْجِزْيَةَ، وَلَتُتْرَكَنّ الْقِلاَصُ فَلاَ يُسْعَى عَلَيْهَا. وَلَتَذْهَبَنّ الشّحْنَاءُ وَالتّبَاغُضُ وَالتّحَاسُدُ. وَلَيَدْعُوَنّ (وَلَيُدْعَوُنّ) إِلَى الْمَالِ فَلاَ يَقْبَلُهُ أَحَدٌ».**
**347 ـ348 ـ349 ـ حدّثني حَرَمْلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي نَافِعٌ، مَوْلَىَ أَبِي قَتَادَةَ الأَنْصَارِيّ، أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَيْفَ أَنْتُمْ إِذَا نَزَلَ ابْنُ مَرْيَمَ فِيكُمْ، وَإِمَامُكُمْ مِنْكُمْ؟».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئەيسا چوقۇم ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشىدۇ، كىرىست بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلار، ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان قان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ، مال ــ دۇنيانىڭ بەرىكىتىنىڭ كۆپلىكىدىن، تۆگەبوتلاقلىرى تەرك ئېتىلىپ، تاشلىنىپ قالىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭدا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ھەم ئۇنى مىنمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئۆچ ــ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ھىقدە ـ ھەسەد يوقايدۇ، ئەلۋەتتە ئەيسا مال ــ دۇنيانى ئېلىۋېلىڭلار دەپ چاقىرسا، ھېچ بىر كىشى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم 221 ــ ھەدىس، سەھىھ.يەنەبىرخاتىردە؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام، ئاراڭلارغا چۈشكەندە، ئىماملار يەنىلا سىلەردىن بولغاندا قانداق بولۇپ كېتەرسىلەر؟. مەريەم ئوغلى ئەيسا، ئاراڭلارغا چۈشۈپ، سىلەرنى ئۆزىگە ئىمام قىلغاندا، ھالىڭلار قانداق بولار ھە؟!. بەيھەقى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**350 ـ حدّثنا الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعِ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ قَالُوا: حَدّثَنَا حَجّاجٌ (وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدٍ) عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرِ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمّتِي يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَقّ ظَاهِرِينَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ. قَالَ: فَيَنْزِلُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ صلى الله عليه وسلم فَيَقُولُ أَمِيرُهُمْ: تَعَالَ فَصَلّ لَنَا. فَيَقُولُ: لاَ. إِنّ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ أُمَرَاءُ. تَكْرِمَةَ اللهِ هَذِهِ الأُمّةَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمىرى،

خەلىپىسى بۇياققا كەل! بىرگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەققەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد.

## 79 ـــــ باب بيان الزمن الذي لا يقبل فيه الإيمان

### ئىمان قۇبۇل قىلىنمايدىغان زامان توغرىسىدا؛

351 ـ 352 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوب، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ قالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ)، عَنِ الْعَلاَءِ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ)، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا. فَإِذَا طَلَعَتْ مِنْ مَغْرِبِهَا آمَنَ النّاسُ كُلّهُمْ أَجْمَعُونَ، {فَيَوْمَئِذٍ لاَ يَنْفَعُ نَفْسا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرا} (الأنعام الآية: 158).

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق دەپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغ بولسا، ھېچبىر كىشىگە، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئالامەتنى كۆرۈپ ئېيتقان ئىمانى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پايدا ـــ مەنپەئەت قىلمايدىغان چاغدۇر. (شۇ زاماندىن كېيىن تۇغۇلغانلارغا ئىمانى پايدا قىلىشى مۇمكىن).

353 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْحَقَ بْنُ يُوسُفَ الأَزْرَقَ، جَمِيعا عَنْ فُضَيْلِ بْنِ غَزْوَانَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ثَلاَثٌ إِذَا خَرَجْنَ، لاَ يَنْفَعُ نَفْسا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرا: طُلُوعُ الشّمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا، وَالدّجّالُ، وَدَابّةُ الأَرْضِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە چىقسا، «ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىمانىدا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىلەرگە ئىمانى ياخشىلىقلىرى پايدا ـــ مەنپەئەت قىلمايدۇ»، (چۈنكى، بۇ ئۈچ نەرسە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى).

1. كۈننىڭ كىرگەن جايدىن چىقىشى. 2. دەججالنىڭ چىقىشى.

3. زېمىننىڭ سۆزلەيدىغان ھايۋىنى چىقسا، ھېچ كىشىگە ئىمان پايدا ـــ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى.

354 ـ 355 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ جَمِيعا عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ قالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ: حَدّثَنَا يُونُسُ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ يَزِيدَ التّيْمِيّ (سَمِعَهُ فِيمَا أَعْلَمُ) عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي ذَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ، يَوْما: «أَتَدْرُونَ أَيْنَ تَذْهَبُ هَذِهِ الشّمْسُ؟» قالُوا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قالَ: «إِنّهَا هَذِهِ تَجْرِي حَتّى تَنْتَهِيَ إِلَى مُسْتَقَرّهَا تَحْتَ الْعَرْشِ، فَتَخِرّ سَاجِدَةً. فَلاَ تَزَالُ كَذَلِكَ حَتّى يُقَالَ لَهَا: ارْتَفِعِي، ارْجِعِي مِنْ حَيْثُ جِئْتِ، فَتَرْجِعُ. فَتُصْبِحُ طَالِعَةً مِنْ مَطْلِعِهَا، ثُمّ تَجْرِي حَتّى تَنْتَهِيَ إِلَى مُسْتَقَرّهَا تَحْتَ الْعَرْشِ، فَتَخِرّ سَاجِدَةً. وَلاَ تَزَالُ كَذَلِكَ حَتّى يُقَالَ لَهَا: ارْتَفِعِي، ارْجِعِي مِنْ حَيْثُ جِئْتِ، فَتَرْجِعُ. فَتُصْبِحُ طَالِعَةً مِنْ مَطْلِعِهَا. ثُمّ تَجْرِي لاَ يَسْتَنْكِرُ النّاسُ مِنْهَا شَيْئا حَتّى تَنْتَهِيَ إِلَى مُسْتَقَرّهَا ذَاكَ، تَحْتَ الْعَرْشِ. فَيُقَالُ لَهَا: ارْتَفِعِي، أَصْبِحِي طَالِعَةً مِنْ مَغْرِبِكِ. فَتُصْبِحُ طَالِعَةً مِنْ مَغْرِبِهَا». فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَتَدْرُونَ مَتَى ذَاكُمْ؟ ذَلِكَ حِينَ {لاَ يَنْفَعُ نَفْسا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرا} (الأنعام آية: 158).

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن كىرگەن چاغدا مۇنداق دېگەن: بۇ قۇياشنىڭ قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ بىز **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دېسەك، ھەققەتەن بۇ ئەرشى تەھتىدىكى قارارگاھقا بارغانغا قەدەر ماڭىدۇ، ئاندىن ئۇ بېرىپ سەجدە قىلىپ يىقىلىدۇ، ئۇ سەجدىدە بېشىڭنى كۆتۈر! كەلگەن يېرىڭگە قايتقىن! دېيىلگەنگە قەدەر تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ قايتىپ يەنە چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، يەنە مېڭىپ، يەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئىزنى سورسا ئىزنى بېرىلمەي ئۇنىڭغا يەنە شۇ سۆز قىلىنىدۇ، ئۇ يەنە قايتىپ چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئىنكار قىلمايدۇ، يەنى بۇ خىل ئىشلار قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ، كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئەرشى تەھتىدە يەنە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بېشىڭنى كۆتۈر! ئەتە كىرگەن جايىڭدىن چىق دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەتىسى كىرگەن جايىدىن چىقىدۇ، بۇ ئىشنىڭ قاچان بولىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا، ھېچبىر نەپسكە بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئىمانى مەنپەئەت بەرمەيدىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ، «بۇ قىيامەت ئالامىتى»

**356 ـ وحَدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لِأبِي كُرَيْبٍ) قالاَ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ: حَدّثنَا الأعْمَش، عَنْ إبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي ذرٍ قَالَ: دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَالِسٌ. فَلَمّا غَابَتِ الشّمْسُ قَالَ: «يَا أبَا ذَرّ! هَلْ تَدْرِي أيْنَ تَذْهَبُ هَذِهِ؟» قالَ، قُلْتُ: الله وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قَالَ: «فَإنّهَا تَذْهَبُ فَتَسْتَأْذِنُ فِي السّجُودِ. فَيُؤْذَنُ لَهَا. وَكَأنّهَا قَدْ قِيلَ لَهَا: ارْجِعِي مِنْ حَيْثُ جِئْتِ، فَتَطْلُعُ مِنْ مَغْرِبِهَا». قَالَ: ثُمّ قَرَأَ فِي قِرَاءَةِ عَبْدِ الله: (وَذَلِكَ مُسْتَقَرّ لَهَا).**

**357 ـ حَدّثنَا أبُو سَعِيدٍ الأشَجّ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ (قَالَ إسْحَقُ: أخْبَرَنَا وَقَالَ الأشَجّ: حَدّثنَا) وَكِيعٌ: حَدّثنَا الأعْمَشُ، عَنْ إبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي ذَرٍ قَالَ: سَألْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ قَوْلِ الله تَعَالَى: {وَالشّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرّ لَهَا}؟ (يَس الآية: 38) قالَ: «مُسْتَقَرّهَا تَحْتَ الْعَرْشِ».**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن مەسجىدكە كىرسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرىدىكەن، ئاندىن كۈن كىرگەن چاغدا مۇنداق دېگەن: بۇ قۇياشنىڭ قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ بىز؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دېسەك، ھەققەتەن بۇ ئەرشى تەھتىدىكى قارارگاھقا بارغانغا قەدەر ماڭىدۇ، ئاندىن ئۇ بېرىپ سەجدە قىلىپ يىقىلىدۇ، ئۇ سەجدىدە بېشىڭنى كۆتۈر! كەلگەن يېرىڭگە قايتقىن! دېيىلگەنگە قەدەر تۇرىدۇ، (ئاندىن ئۇ قايتىپ يەنە چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، يەنە مېڭىپ، يەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئىزنى سورسا ئىزنى بېرىلمەي ئۇنىڭغا يەنە شۇ سۆز قىلىنىدۇ، ئۇ يەنە قايتىپ چىقىدىغان جايىدىن چىقىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئىنكار قىلمايدۇ، يەنى بۇ خىل ئىشلار قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ، كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ، ئاخىرىدا ئۇ ئەرشى تەھتىدە يەنە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ )، ئاندىن ئۇنىڭغا بېشىڭنى كۆتۈر! ئەتە كىرگەن جايىڭدىن چىق دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەتىسى كىرگەن جايىدىن چىقىدۇ، بۇ ئىشنىڭ قاچان بولىدىغىنىنى

بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا، ھېچبىر نەپسگە بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئىمانى مەنپەئەت بەرمەيدىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ، «بۇ قىيامەت ئالامىتى» ئەشۇ بولسا **الله** نىڭ سۈرە ياسىندىكى «كۈن ئۆزىنىڭ قارارگاھىغاقاراپ ماڭىدۇ»دىگەن سۆزىدۇر، ئۇنىڭ قارارگاھى ئەرشنىڭ ئاستىدىدۇر.بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ . بۇ سەھىھ ھەدىس مەڭگۈ مۆجىزە ئورۇندا تۇرماقتا، قۇياش زىمىنغا كىرمەستىن ماڭىدىكەن، زىمىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، كىرگەن جايدىن قانداق چىقىدۇ؟ ئالىملار قۇياش ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىر كېچە ــ كۈندۈزدە 17 مىليون 28 مىڭ كىلومېتىر ماڭىدۇ دىگەن، ئالللاھ ئالىم. بۇ توغرىسىدا سۈرە ياسىندا ئوچۇق قىلىپ قۇياش ماڭىدۇ، ئۆز پەلىكىدە سەيرە قىلىدۇ دېيىلگەن.

## 80 ــــ باب بدء الوحي إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا؛

358 –359 -360 ـ ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ أحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قالَ: أخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنْ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: حَدّثنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أخْبَرَتْهُ، أنّها قالَتْ: كَانَ أوّلُ مَا بُدِىءَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْوَحْيِ الرّؤْيَا الصّادِقَةَ فِي النّوْمِ. فكَانَ لاَ يرَى رُؤْيَا إلاّ جَاءَتْ مِثْلَ فَلَقَ الصّبْحِ. ثُمّ حُبّبَ إلَيْهِ الْخَلاَءُ، فكَانَ يَخْلُو بغَارِ حِرَاءٍ يَتَحَنّثُ فِيهِ، (وَهُوَ التّعَبّدُ) اللّيَالِيَ أُولاَتِ الْعَدَدِ قبْلَ أنْ يَرجِعَ إلَى أهْلِهِ، وَيَتَزَوّدُ لِذَلِكَ، ثُمّ يَرْجِعُ إلَى خَدِيجَةَ فيَتَزَوّدُ لِمِثْلِهَا حَتّى فجِئَهُ الْحَقّ وَهُوَ فِي غَارِ حِرَاءٍ، فَجَاءَهُ الْمَلَكُ فقَالَ: اقرَأْ. قالَ: «مَا أنَا بقَارِىءٍ» قالَ، فَأخَذَنِي فغَطّنِي حَتّى بَلَغَ مِنّي الْجَهْدَ، ثُمّ أرْسَلَنِي فقَالَ: اقرَأْ. قالَ قُلْتُ: مَا أنَا بقَارِىءٍ، قالَ فَأخَذَنِي فغَطّنِي الثّانِيَةَ حَتّى بَلَغَ مِنّي الْجَهْدَ ثُمّ أرْسَلَنِي فقَالَ: اقرَأْ. فقُلْتُ: مَا أنَا بقَارِىءٍ فَأخَذَنِي فغَطّنِي الثّالِثَةَ حَتّى بَلَغَ مِنّي الْجَهْدَ. ثُمّ أرْسَلَنِي فقَالَ: {اقرَأْ باسْمِ رَبّكَ الّذِي خَلَقَ. خَلَقَ الإنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ. اقرَأْ وَرَبّكَ الأكْرَمُ. الّذِي عَلّمَ بالْقَلَمِ. عَلّمَ الإنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ} (العلق الآيات: 1 - 5) فَرَجَعَ بهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَرْجُفُ بَوَادِرُهُ حَتّى دَخَلَ عَلَى خَدِيجَةَ فقَالَ: «زَمّلُونِي زَمّلُونِي» فَزَمّلُوهُ حَتّى ذَهَبَ عَنْهُ الرّوْعُ. ثُمّ قالَ لِخَدِيجَةَ: «أيْ خَدِيجَةُ! مَا لِي» وَأخْبَرَهَا الْخَبَرَ. قالَ: «لَقَدْ خَشِيتُ عَلَى نَفْسِي» قالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ: كَلاّ. أبْشِرْ. فوَاللّهِ لاَ يُخْزِيكَ الله أبَدا. وَاللّهِ إنّكَ لَتَصِلُ الرّحِمَ وَتَصْدُقُ الْحَدِيثَ، وَتَحْمِلُ الْكَلّ، وَتَكْسِبُ الْمَعْدُومَ، وَتَقْرِي الضّيْفَ، وَتُعِينُ عَلَى نَوَائِبِ الْحَقّ. فَانْطَلَقتْ بِهِ خَدِيجَةُ حَتّى أتَتْ بِهِ وَرَقَةَ بْنَ نَوْفَلِ بْنِ أسَدِ بْنِ عَبْدِ الْعُزّى. وَهُوَ ابْنُ عَمّ خَدِيجَةَ، أخِي أبِيهَا. وَكَانَ امْرَأً تَنَصّرَ فِي الْجَاهِلِيّةِ وَكَانَ يَكْتُبُ الْكِتَابَ الْعَرَبِيّ وَيَكْتُبُ مِنَ الإنْجِيلِ بالْعَرَبِيّةِ مَا شَاءَ الله أنْ يَكْتُبَ. وَكَانَ شَيْخا كَبِيرا قدْ عَمِيَ. فقَالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ: أيْ عَمّ اسْمَعْ مِنِ ابْنِ أخِيكَ. قالَ وَرَقَةُ بْنُ نَوْفَلٍ: يَا ابْنَ أخِي مَاذَا تَرَى؟ فَأخْبَرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَبَرَ مَا رَآهُ. فقَالَ لَهُ وَرَقَةُ: هَذَا النّامُوسُ الّذِي أُنْزِلَ عَلَى مُوسَى صلى الله عليه وسلم. يَا لَيْتَنِي فِيهَا جَذَعا. يَا لَيْتَنِي أكُونُ حَيّا حِينَ يُخْرِجُكَ قَوْمُكَ. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أوَ مُخْرِجِيّ هُمْ؟» قالَ وَرَقَةُ: نَعَمْ، لَمْ يَأتِ رَجُلٌ قطّ بِمَا جِئْتَ بِهِ إلاّ عُودِيَ، وَإنْ يُدْرِكْنِي يَوْمُكَ أنْصُرْكَ نَصْرا مُؤَزّرا».

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىدىغان ۋەھى دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى، كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھىرائ غارىدا ئۆيىگە قايتماي،قانچىلىغان كېچىلەر يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئوزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى، ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا،خەدىچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ،

ئىككىنجى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى، بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا پەرىشتە كىلىپ؛ئوقۇغىن!دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛ پەرىشتە مىنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويىۋىتىپ؛ئوقۇ دېدى، مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، مىنى ئىككىنجى قېتىم تۇتۇپ، قاتتىق سىقىپ قويىۋىتىپ؛ئوقۇ دېدى، مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن دېدىم، مىنى ئۈچۈنجى قېتىم يەنە تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويىۋەتكەندىن كىيىن:« **ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. »(سۈرە ئەلەق 1 ـ 5 ـ )دېدى،** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا قايتىپ كىلىپ،قورقۇنجىسنى بېسىش ئۈچۈن؛ مىنى يۆگەپ قويۇڭلار،يۆگەپ قويۇڭلار دېدى، ئۇنىڭ قورقۇنجىسى تۈگىگىچە ئۇلار ئۇنى يۆگەپ قويدى، ئۇ خەدىيچىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ؛ ئۆزەم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم،دېدى. خەدىيچە؛ئۇنداق ئەمەس، **الله** بىلەن قەسەمكى، **الله** سىلىنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سىلى خىش ـ ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىلا، سۆزنى سەمىيمى راست قىلىلا، ئاجىز،بىچارىلەرگە ياردەم قىلىلا، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىلا، مىھمانلارنى ياخشى كۈتىۋالىلا، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىلا، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىيچەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقەئىبنى نەۋپەلنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ؛ئى تاغامنىڭ ئوغلى!قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال، دېدى.ۋەرەقە رەسۇلۇللاھتىن؛ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! نىمە بولدۇڭ؟ نىمىنى كۆردۈڭ؟دەپ سوردى، رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئەيتىپ بەردى، ۋەرەقە ئۇنىڭغا؛ **الله** تائالا مۇسا پەيغەمبەرگەچۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇشۇدۇر، ئىست!مەن سىنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان ۋاقتىلىرىڭدا ياش يىگىت بولغان بولسامچۇ!ئىست! مەن خەلقىڭنىڭ سىنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقتىدا ھايات بولسامچۇ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ؛ ئۇلار تېخى مىنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟ دېدى، ۋەرەقە؛ ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بۇلىدۇ، سىنىڭ دىنغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام ، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم، دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ كەتتى، ۋەھى ئۈزۈلۈپ قالدى.بۇخارى،مۇسلىم.

361 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قالَ: حَدّثنِي يُونُسُ. قالَ: قالَ ابْنُ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ جَابِرِ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ (وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم) كَانَ يُحدّثُ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يُحَدّثُ عَنْ فَتْرَةِ الْوَحْيِ (قالَ فِي حَدِيثِهِ): «فَبَيْنَا أَنَا أَمْشِي سَمِعْتُ صَوتا مِنَ السمّاءِ، فَرَفَعْتُ رَأْسِي، فَإِذَا الْمَلَكُ الّذِي جَاءَنِي بِحِرَاءٍ جَالِسا عَلَى كُرْسِيَ بَيْنَ السّمَاءِ وَالأَرْضِ» قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَجُئِثْتُ مِنْهُ فَرَقا فَرَجَعْتُ، فَقُلْتُ: زَمّلُونِي زَمّلُونِي. فَدَثّرُونِي. فَأَنْزَلَ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى: {يَا أَيّهَا الْمُدّثّرُ. قُمْ فَأَنْذِرْ. وَرَبّكَ فَكَبّرْ. وَثِيَابَكَ فَطَهّرْ. وَالرّجْزَ فَاهْجُرْ} (المدثر الآيات: 1 ـ 5) وَهِيَ الأَوْثَانُ قالَ: ثُمّ تَتَابَعَ الْوَحْيُ.

362 ـ وحدّثني عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ قالَ: حَدّثنِي أَبِي عَنْ جَدّي قالَ: حَدّثنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ يَقُولُ: أَخْبَرَنِي جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «ثُمّ فَتَرَ الْوَحْيُ عَنّي فَتْرَةً. فَبَيْنَا أَنَا أَمْشِي» ثُمّ ذَكَرَ مِثْلَ حَدِيثِ يُونُسَ غَيْرَ أَنّهُ قالَ: «فَجُثِثْتُ مِنْهُ فَرَقا حَتّى هَوَيْتُ إِلَى الأَرْضِ» قالَ، وَقالَ أَبُو سَلَمَةَ: وَالرجْزُ الأَوْثَانُ. قالَ: ثُمّ حَمِيَ الْوَحْيُ، بَعْدُ، وَتَتَابَعَ.

وحدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الأَسْنَادِ نَحْوَ حَدِيثِ يُونُسَ، وقالَ: فَأَنْزَلَ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى: {يَا أَيّهَا الْمُدّثّرُ} إِلَى قَوْلِهِ: {وَالرّجْزَ فَاهْجُرْ} قَبْلَ أَنْ تُفْرَضَ الصّلاَةُ. (وَهِيَ الأَوْثَانُ) وَقالَ: «فَجُثِثْتُ مِنْهُ» كَمَا قالَ عُقَيْلٌ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى توغرىسىدا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن: ۋەھى مەندىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى، بىر چاغدا مەن كېتىۋېتىپ، ئاسمان

تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، كۆزۈمنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ قارىسام، ناگاھان ھىرائ ناملىق غاردا ماڭا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا كۇرسى، تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچتىم، قاچىمەن دەپ زېمىنغا يىقىلىپ چۈشتۈم، مەن ئەھلىم خەدىيچەنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! دېدىم، ئاندىن جىبرىئىل كېلىپ، مۇنداق دېدى؛«ئى ۋەھى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى، پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر، پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمڭنى پاك تۇت، ئازابتىن يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول، كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە»، 74 ــ سۈرە مۇدەسسىر 1 ــ ئايەتتىن 6 ــ ئايەتكىچە،ئاندىن كىيىن ۋەھى تازا قىزىق، كەينى ـ كەينىدىن كۆپ نازىل بۇلۇشقا باشلىدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

363 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ: حَدّثَنَا الأَوْزَاعِيّ قَالَ: سَمِعْتُ يَحْيَى يَقُولُ: سَأَلْتُ أَبَا سَلَمَةَ: أَيّ الْقُرْآنِ أُنْزِلَ قَبْلُ؟ قَالَ: {يَا أَيّهَا الْمُدّثّرُ}. فَقُلْتُ: أَوِ اقْرَأْ. فَقَالَ: سَأَلْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ: أَيّ الْقُرْآنِ أُنْزِلَ قَبْلُ؟ قَالَ: يَا أَيّهَا الْمُدّثّرُ. فَقُلْتُ: أَوِ اقْرَأْ؟ قَالَ جَابِرٌ: أُحَدّثُكُمْ مَا حَدّثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «جَاوَرْتُ بِحِرَاءٍ شَهْرا. فَلَمّا قَضَيْتُ جِوَارِي نَزَلْتُ فَاسْتَبْطَنْتُ بَطْنَ الْوَادِي. فَنُودِيتُ. فَنَظَرْتُ أَمَامِي وَخَلْفِي وَعَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي. فَلَمْ أَرَ أَحَدا ثُمّ نُودِيتُ، فَنَظَرْتُ فَلَمْ أَرَ أَحَدا. ثُمّ نُودِيتُ فَرَفَعْتُ رَأْسِي، فَإِذَا هُوَ عَلَى الْعَرْشِ فِي الْهَوَاءِ (يَعْنِي جِبْرِيلَ عَلَيْهِ السّلاَمُ) فَأَخَذَتْنِي رَجْفَةٌ شَدِيدَةٌ. فَأَتَيْتُ خَدِيجَةَ فَقُلْتُ: دَثّرُونِي. فَدَثّرُونِي، فَصَبّوا عَلَيّ مَاءً. فَأَنْزَلَ الله عَزّ وَجَلّ: {يَا أَيّهَا الْمُدّثّرُ. قُمْ فَأَنْذِرْ. وَرَبّكَ فَكَبّرْ. وَثِيَابَكَ فَطَهّرْ} (المدثر الآيات: 1 ـ 4).

364 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ عُمَرَ: أَخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ الْمُبَارَكِ، عَنْ يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ، وَقَالَ: «فَإِذَا هُوَ جَالِسٌ عَلَى عَرْشٍ بَيْنَ السّمَاءِ وَالأَرْضِ».

يەھيا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇ سەلەمەتتىن قۇرئاندىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت توغرىسىدا سورسام، ئۇماڭا؛ «يائەييۇھەلمۇددەسسىر»دېدى، مەن؛ ئۇلار؛ تۇنجى بۇلۇپ نازىل بولغان ئايەت« ئىقرەئ بىسمى رەببىك» دەيدىغۇ؟دېسەم، ئۇ؛ مەنمۇ بۇ توغرىسىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورغان ئىدىم، ۋە ئۇنىڭغا سەن ماڭا دىگەندەك دېسەم، ئۇماڭا؛مەن ساڭا پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىمەن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:مەن ھىرائ نامىلىق غاردا بىر ئاي ئېتىكاپ قىلدىم، مەن ئېتىكاپ ئىبادىتىمنى تۈگۈتۈپ چۈشۈۋاتسام، ماڭا نىدا قىلىندى، مەن ئوڭ تەرىپىمگە قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، سول تەرىپىمگە قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، ئارقام تەرەپكە قارايمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بىر نەرسىنى كۆردۈم ــدە، يەنى جىبرىئىل ئاسمان ــزېمىن ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ، مەن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ خەدىيچەنىڭ يېنىغا كېلىپ؛ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ئۈستۈمگە سوغوق سۇ قۇيۇڭلار دېدىم، ئاندىن جىبرىئىل كېلىپ، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى «ئى ۋەھى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى، پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر، پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمڭنى پاك تۇت، ئازابتىن يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول، كۆپ ئېلىش نىيىتىدە

بەرمە»، 74 ــ سۈرە مۇدەسسىر 1 ــ ئايەتتىن 6 ــ ئايەتكىچە، ئەشۇچاغ بولسا، ناماز پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى.بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالسى توپلىغان، سەھىھ.

## 81 ـــ باب الإِسراء برسول الله صلى الله عليه وسلم السموات وفرض الصلوات

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئاسمانلارغا سەيرە قىلدۇرۇش ۋە بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى

شۆئبى مۇنداق دەيدۇ؛ (ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىپات تېغىدا كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە توغرىسىدا سورغاندا، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ تاغلارمۇ تەڭ سادا چىقىرىپ جاۋاپ بىرىپ كەتكەنگە قەدەر قاتتىق تەكبىر ئەيتىپ كەتتى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛بىز دىگەن ھاشىم جەمەتىدىن بۇلىمىز،(يەنى بىز ئىلىم ـ مەئرىپەت ئەھلى، بىز مۇمكىن بولمايدىغان،يىراق سانىلىدىغان نەرسىدىن سورمايمىز) دېدى، ئاندىن كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا ئۆزىنى كۆرسۈتۈش بىلەن سۆز قىلىشنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارلىقىدا تەقسىم قىلدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم سۆز قىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى ئىككى قېتىم كۆردى دېدى.) مەسرۇق رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى كۆرگەنمۇ؟دىسەم، ئۇ؛ سەن شۇنداق چوڭ بىر سۆزنى قىلىۋەتتىڭكى، چاچلىرىم بۇنىڭغا تىك تۇرۇپ كەتتى دېدى، مەن؛ئالدىرىماڭ، ماڭا مۆھلەت بىرىڭ دەپ،:« شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان

بۇيۇك ئالامەتلەرنى) كۆردى. »دىگەن(سۈرە نەجمى 18 ـ )ئايەتنى ئۇقۇسام، ئۇ؛ بۇ ئايەت سىنى قەيەرگە ئاپىرىۋەتتى؟ ئۇ دىگەن جىبرىئىلدۇر، كىم ساڭا؛مۇنداق ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى سۆزلىسە، ئۇ الله قا ئەڭ چوڭ بوھتان چاپلىغان بۇلىدۇ؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى كۆردى دەپ خەۋەر بەرسە، ياكى ئۇ بۇيرۇلغان نەرسىدىن بىرەر نەرسىنى يۇشۇردى دەپ خەۋەر بەرسە، ياكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالا: « قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللهنىڭ دەرگاھىدىدۇر. الله يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نىمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نىمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر. (سۈرە لوقمان 34 ـ )ئايەتتە دىگەن بەش غەيبنى بىلىدۇ دەپ خەۋەر بەرسە، ئۇنداق كىشى ئەڭ چوڭ بوھتان چاپلىغان بۇلىدۇ، لېكىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلنى كۆرگەن ئىدى، ئۇنى پەقەت ئۆز سۈرىتىدە ئىككى قېتىملا كۆرگەن، بىر قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخنىڭ) يېنىدا كۆردى. يەنەبىرقېتىم ئەجياد دىگەن جايدا كۆردى، جىبرىئىلنىڭ 600 قانىتى بار بۇلۇپ، بىر قانىتى ئۇفۇقنى توسۇۋالاتتى دىدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا؛ماڭا ئالدىراپ كەتمەي، مۆھلەت بىرىڭ، ئۇنداق بولسا، الله تائالانىڭ:« ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. ....» دىگەن(سۈرە نەجمى 8 ـ 9 ـ 11 ـ )ئايەتلىرى قەيەردە قالىدۇ؟دىسەم، ئۇماڭا؛ ئۇ دىگەن جىبرىئىلدۇر، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەركىشىنىڭ سۈرىتىدە كىلەتتى، بۇ قېتىم ئۆز سۈرىتىدە كەلگەندۇر، جىبرىئىلنىڭ 600 قانىتى بار بۇلۇپ، بىر قانىتى ئۇفۇقنى توسۇۋالاتتى.سەن الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ يۇقىرقى سۆزلىرىگە دەلىل كەلتۈردى؛ « كۆزلەر اللهنى كۆرمەيدۇ،الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر،ھەممىدىن خەۋەرداردۇر » « الله ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن)ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» بۇ الله نى كۆرمىگىنىنىڭ دەلىلى،«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، الله ھەقىقەتەن كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ . » بۇيۇشۇرمەي تۇلۇق يەتكۈزگىنىنىڭ دەلىلى،« اللهدىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ.»بۇ غەيبنى بىلمەسلىكىنىڭ دەلىلى،ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسىنى يۇشۇرسە،ئەلۋەتتە« ئۆز ۋاقتىدا سەن الله نىئمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، اللهدىن قورققىن!» دېدىڭ، الله ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، اللهدىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ

قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، اللهنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ. » دېگەن ئايەتنى يۇشۇرەتتى،دېدى،بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى توپلىغان.

## 85 ـــ باب في قوله عليه السلام: نور أني أراه، وفي قوله: «رأيت نوراً»

**397 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ، عَنْ يَزِيدَ بْنِ إبْرَاهِيمَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَقِيقٍ، عَنْ أبي ذَرّ قالَ: سَألْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: هَلْ رَأيْتَ رَبّكَ؟ قالَ: «نُورٌ أنّى أرَاهُ»؟.**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رەببىلىرى الله نى كۆردىلىمۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ؛ئۇ زات نۇردۇر(بىرئىسمىمۇ نۇردۇر)مەن الله نى (يەنى زاتىنى)قانداق كۆرەلەيمەن دېدى.(يەنى نۇرنى كۆرگەن،الله نىڭ ھىجابى نۇردۇر،الله نىڭ نۇرنى كۆرسە، سىزنىڭچە قانداقراقتۇ ھە!) مۇسلىم توپلىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن پەرۋەردىگارىم ئەززە ۋە جەللىنى يەنى رەببىمنى كۆردۈم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ھاكىم توپلىغان بىر ھەدىستىمۇ مەن رەببىمنى كۆردۈم دىيىلگەن، بۇ تەپسىر جەلالەيندە بار. باشقا ھەدىسلەر دە كۆردۈم، ئەڭ گۈزەل كۆردۈم دىگەن، خېلى كەڭرىدۇر، ئاللاھ قادىردۇر. بۇ يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى، توغرا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆردى دېسە بۆھتان چاپلىغان بولىدۇدېدى، بىز كۆردى دىمىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى كۆردۈم دېدى، ئاندىن بىز ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئاللاھ قادىردۇر، كۆرسەتسە كۆرستەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپتۇ دېدۇق، ھەم شەكسىز ئىشەندۇق، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەدىسدىكى مەخسەت، چۈشدە ئەم ەس، ئوڭدا ئويغاق تۇرۇپ پىشانىسدىكى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرگەندۇر، دىلدا،چۈشدە كۆرگەنلىكدە ئىختىلاپ يوقتۇر، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر، ئاللاھ بىزلەرگە قىيامەت كۈنى جەننەتتە جامالىنى كۆرسەتكەي، ئامىن!

**398 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ: حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثنَا أبي. ح وحَدّثني حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثنَا هَمّامٌ. كِلاهُمَا عَنْ قَتَادَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَقِيقٍ قالَ قُلْتُ لأبي ذَرّ: لَوْ رَأيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَسَألْتُهُ. فقالَ: عَنْ أيّ شَيْءٍ كُنْتَ تَسْألُهُ؟ قالَ: كُنْتُ أسْألُهُ: هَلْ رَأيْتَ رَبّكَ؟ قالَ أبُو ذَرّ: قَدْ سَألْتُ فقالَ: «رَأيْتُ نُوراً».**

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رەببىلىرى الله نى كۆردىلىمۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ؛مەن نۇرنى كۆردۈم دېدى.

## 86 ـــ باب في قوله عليه السلام: إن الله لا ينام وفي قوله: حجابه النور لو كشفه لأحرق سبحات وجهه ما انتهى إليه بصره من خلقه

**399 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ، قالاَ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ: حَدّثنَا الأعْمَشُ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ أبي عُبَيْدَةَ، عَنْ أبي مُوسَىَ قالَ: قامَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِخَمْسِ كَلِمَاتٍ، فقالَ: «إنّ الله عَزّ وَجَلّ لاَ يَنَامُ وَلاَ يَنْبَغِي لَهُ أنْ يَنَامَ.**

يَخْفِضُ الْقِسْطَ وَيَرْفَعُهُ. يُرْفَعُ إِلَيْهِ عَمَلُ اللّيْلِ قَبْلَ عَمَلِ النّهَارِ. وَعَمَلُ النّهَارِ قَبْلَ عَمَلِ اللّيْلِ. حِجَابُهُ النّورُ. (وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ: النّارُ) لَوْ كَشَفَهُ لأَحْرَقَتْ سُبُحَاتُ وَجْهِهِ مَا انْتَهَى إِلَيْهِ بَصَرُهُ مِنْ خَلْقِهِ». وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ عَنِ الأَعْمَشِ وَلَمْ يَقُلْ حَدّثَنَا).

400 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. قَالَ: قَامَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِأَرْبَعِ كَلِمَاتٍ. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي مُعَاوِيَةَ. وَلَمْ يَذْكُرْ «مِنْ خَلْقِهِ» وَقَالَ: حِجَابُهُ النّورُ.

401 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ قَالَ: حَدّثَنِي شُعْبَةُ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ قَالَ: قَامَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِأَرْبَعٍ: «إِنّ الله لاَ يَنَامُ، وَلاَ يَنْبَغِي لَهُ أَنْ يَنَامَ. يَرْفَعُ الْقِسْطَ وَيَخْفِضُهُ. وَيُرْفَعُ إِلَيْهِ عَمَلُ النّهَارِ بِاللّيْلِ. وَعَمَلُ اللّيْلِ بِالنّهَارِ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدىن مۇنداق بەش سۆزنى دەپ تۇردى؛ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۇخلىمايدۇ، ئۇخلاشمۇ ئاللاھقا لايىق ئەمەس، ئاللاھ رىزقنى گاھ پەس، گاھ ى ئىگىز قىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كەڭرى ياكى تار قىلىپ تۇرىدۇ، (بەزى كىشىلەرگە رىزىقنى كەڭرى بېرىش بىلەن بەزىلەرگە تار قىلىپ، ئاز بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ساقلايدۇ) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېچىنىڭ ئەمەللىرى كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن، كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرى كېچىنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن ئۆرلەيدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھىجابى (يەنى مەخلۇقلارنى ئاسرايدىغان پەردىسى) يەنىلا نۇردۇر، ئەگەر ئۇ نۇر پەردىنى ئىچىپ كۆتۈرۈۋەتسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ دىدارىنىڭ نۇرى ، ئۆز مەخلۇقلىرىدىن ئاللاھنىڭ كۆزى يەتكەن، كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ بىر ئىسىم ــ سۈپىتى نۇردۇر، پەردىسى نۇردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھنىڭ جامالى، يۈز ــ كۆزى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە باردۇر، ھەرگىز ئوخششى يوق، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بار دىدى، باردۇر، بۇنى ئۆزگەرتمەيمىز، خاتا، تەئۋىل، خاتا چۈشەنچە، خاتا تەپسىر قىلمايمىز، ئەقىل بۇ مەسىلىدە ھەرگىز توغرا سىرنى بىلەلمەيدۇ، پەقەت قۇرئان، سەھىھ ھەتتا مۇتىۋاتىر ھەدىس بولۇشى لازىم، ميزان بولسا، ئوخششى يوق دېيىشتۇر، بۇ ھەدىسدىن ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاياپ، ئاسراپ، سىناپ، ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ سېغىندۇرۇش ئۈچۈن پەردىنى ئاچمايدۇ، بۇ دۇنيادا كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما، ئاخىرەتتە ئاللاھنى مۆئمىنلەر كۆرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەت، سەھىھ، مۇتىۋاتىر ھەدىس باردۇر.

## 87 ــــ *باب إثبات رؤية المؤمنين في الآخرة ربهم سبحانه وتعالى*

### مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە رەببىنى كۆرىشى توغرىسىدا؛

402 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ، وَ أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ عَبْدِ الصّمَدِ. وَاللّفْظُ لأَبِي غَسّانَ. قَالَ: حَدّثَنَا أَبُو عَبْدِ الصّمَدِ: حَدّثَنَا أَبُو عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «جَنّتَانِ مِنْ فِضّةٍ آنِيَتُهُمَا وَمَا فِيهِمَا. وَجَنّتَانِ مِنْ ذَهَبٍ آنِيَتُهُمَا وَمَا فِيهِمَا. وَمَا بَيْنَ الْقَوْمِ وَبَيْنَ أَنْ يَنْظُرُوا إِلَى رَبّهِمْ إِلاّ رِدَاءُ الْكِبْرِيَاءِ عَلَى وَجْهِهِ. فِي جَنّةِ عَدْنٍ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ھەقىقەتەن ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئالاھىدە بىردىن ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن ياسالغان چېدىر بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مىلدۇر، مۆئمىن ئۈچۈن ئۇ چېدىر نىڭ ھەر بىر بۇلۇڭلىرىدا ئەھلى ئاياللىرى بار، مۆئمىن ئۇلارنى تاۋاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، لىكىن، ئۇەھلىلەر بىر ــ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ)، ئىككى جەننەت كۈمۈشتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاچىسى، ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ كۈمۈشتۇر، ئىككى جەننەت ئالتۇندىن بولۇپ، قاچىلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ئالتۇندۇر، جەننەت ئەدىندىكى قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرۇشى ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق جامالىغا لايىق رىداسى باردۇر، كاتتىلىقىلا باردۇر، (يەنى ئۇلار ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئۇخششى يوق)مۇسلىم دىسكىسىدىكى 5070 ــ ھەدىس، بۇخارى 4501 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2452 ــ ھەدىس، ئەھمەد 18850 ــ ھەدىس، سەھىھ.

403 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنِ عُمَرَ بْنُ مَيْسَرَةَ قالَ: حَدّثنِي عَبْدُ الرّحْمَن بْنُ مَهْدِيَ: حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثابتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ أبي لَيْلَى، عَنْ صُهَيْبٍ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إذَا دَخَلَ أهْلُ الْجَنّةِ الْجَنّة، قالَ يَقُولُ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى: تُرِيدُونَ شَيْئاً أزِيدُكُمْ؟ فَيَقُولُونَ: ألَمْ تُبَيّضْ وُجُوهَنَا؟ ألَمْ تُدْخِلْنَا الْجَنّةَ وَتُنَجّنَا مِنَ النّارِ؟ قالَ: فَيَكْشِفُ الْحِجَابَ. فَمَا أُعْطُوا شَيْئاً أحَبّ إلَيْهِمْ مِنَ النّظَرِ إلَى رَبّهِمْ عَزّ وَجَلّ».
404 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ، عَنْ حَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ بِهَذَا الإسْنَادِ. وَزَادَ: ثُمّ تَلاَ هَذِهِ الآيَةَ: {لِلّذِينَ أحْسَنُوا الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ} (يونس الآية: 26).

سۇھەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا ؛ سىلەرگە يەنە بىرەر نەرسىنى زىيادە، ئارتۇق بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ؟ دوزاخدىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ؟ يەنە قانداق مۇكاپات ئۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلار الله نىڭ يۈزىگە(جامالىغا)قارايدۇ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى ئاللاھقا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ، ئاندىن:« ياخشىلىق قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇھسىنلەرگە ياخشىلىق (يەنى جەننەت)ۋە زىيادە مۇكاپات(يەنى الله نىڭ دىدارى،جامالى ) بېرىلىدۇ» دىگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.سەھىھنىڭ 521 ـ ھەدىسى.

## *88 ــــ باب معرفة طريق الرؤية*

### مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە رەببىنى قانداق رەۋىشتە كۆرىشىنى بىلىش توغرىسىدا؛

405 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ: حَدّثنَا أبِي، عَنْ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ أخْبَرَهُ: أنّ نَاساً قالُوا لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَلْ نَرَى رَبّنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ؟» قالُوا: لاَ. يَا رَسُولَ اللّهِ! قالَ: «هَلْ تُضَارّونَ فِي الشّمْسِ لَيْسَ دُونَهَا سَحَابٌ؟» قالُوا: لاَ. يَا رَسُولَ اللّهِ! قالَ: فَإنّكُمْ تَرَوْنَهُ كَذَلِكَ. يَجْمَعُ الله النّاسَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَيَقُولُ: مَنْ كَانَ يَعْبُدُ شَيْئاً فَلْيَتّبِعْهُ. فَيَتّبِعُ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ

الشَّمْسَ الشَّمْسَ. وَيَتَّبِعُ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ الْقَمَرَ الْقَمَرَ. وَيَتَّبِعُ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ الطَّوَاغِيتَ الطَّوَاغِيتَ. وَتَبْقَى هَذِهِ الأُمَّةُ فِيهَا مُنَافِقُوهَا. فَيَأْتِيهِمُ اللهُ، تَبَارَكَ وَتَعَالَى، فِي صُورَةٍ غير صورتِهِ التي يَعْرِفُونَ. فَيَقُولُ: أَنَا رَبُّكُمْ. فَيَقُولُونَ: نَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ. هَذَا مَكَانُنَا حَتَّى يَأْتِيَنَا رَبُّنَا. فَإِذَا جَاءَ رَبُّنَا عَرَفْنَاهُ. فَيَأْتِيهِمُ اللهُ تَعَالَى فِي صُورَتِهِ الَّتِي يَعْرِفُونَ. فَيَقُولُ: أَنَا رَبُّكُمْ. فَيَقُولُونَ: أَنْتَ رَبُّنَا. فَيَتَّبِعُونَهُ. وَيُضْرَبُ الصِّرَاطُ بَيْنَ ظَهْرَيْ جَهَنَّمَ. فَأَكُونُ أَنَا وَأُمَّتِي أَوَّلَ مَنْ يُجِيزُ. وَلاَ يَتَكَلَّمُ يَوْمَئِذٍ إِلاَّ الرُّسُلُ. وَدَعْوَى الرُّسُلِ يَوْمَئِذٍ: اللَّهُمَّ! سَلِّمْ، سَلِّمْ. وَفِي جَهَنَّمَ كَلاَلِيبُ مِثْلُ شَوْكِ السَّعْدَانِ. هَلْ رَأَيْتُمُ السَّعْدَانَ؟» قَالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللهِ! قَالَ: «فَإِنَّهَا مِثْلُ شَوْكِ السَّعْدَانِ. غَيْرَ أَنَّهُ لاَ يَعْلَمُ مَا قَدْرُ عِظَمِهَا إِلاَّ اللهُ. تَخْطَفُ النَّاسَ بِأَعْمَالِهِمْ. فَمِنْهُمُ الْمُومِنُ يَقِي بِعَمَلِهِ. وَمِنْهُمُ الْمُجَازَى حَتَّى يُنَجَّى. حَتَّى إِذَا فَرَغَ اللهُ مِنَ الْقَضَاءِ بَيْنَ الْعِبَادِ، وَأَرَادَ أَنْ يُخْرِجَ بِرَحْمَتِهِ مَنْ أَرَادَ مِنْ أَهْلِ النَّارِ، أَمَرَ الْمَلاَئِكَةَ أَنْ يُخْرِجُوا مِنَ النَّارِ مَنْ كَانَ لاَ يُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئاً، مِمَّنْ أَرَادَ اللهُ تَعَالَى أَنْ يَرْحَمَهُ، مِمَّنْ يَقُولُ: لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ. فَيَعْرِفُونَهُمْ فِي النَّارِ. يَعْرِفُونَهُمْ بِأَثَرِ السُّجُودِ. تَأْكُلُ النَّارُ مِنِ ابْنِ آدَمَ إِلاَّ أَثَرَ السُّجُودِ. حَرَّمَ اللهُ عَلَى النَّارِ أَنْ تَأْكُلَ أَثَرَ السُّجُودِ. فَيُخْرَجُونَ مِنَ النَّارِ وَقَدِ امْتَحَشُوا. فَيُصَبُّ عَلَيْهِمْ مَاءُ الْحَيَاةِ. فَيَنْبُتُونَ مِنْهُ كَمَا تَنْبُتُ الْحِبَّةُ فِي حَمِيلِ السَّيْلِ. ثُمَّ يَفْرُغُ اللهُ تَعَالَى مِنَ الْقَضَاءِ بَيْنَ الْعِبَادِ. وَيَبْقَى رَجُلٌ مُقْبِلٌ بِوَجْهِهِ عَلَى النَّارِ. وَهُوَ آخِرُ أَهْلِ الْجَنَّةِ دُخُولاً الْجَنَّةَ. فَيَقُولُ: أَيْ! رَبِّ اصْرِفْ وَجْهِي عَنِ النَّارِ. فَإِنَّهُ قَدْ قَشَبَنِي رِيحُهَا وَأَحْرَقَنِي ذَكَاؤُهَا. فَيَدْعُو اللهَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَدْعُوَهُ. ثُمَّ يَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: هَلْ عَسَيْتَ إِنْ فَعَلْتُ ذَلِكَ بِكَ أَنْ تَسْأَلَ غَيْرَهُ! فَيَقُولُ: لاَ أَسْأَلُكَ غَيْرَهُ. وَيُعْطِي رَبَّهُ مِنْ عُهُودٍ وَمَوَاثِيقَ مَا شَاءَ اللهُ. فَيَصْرِفُ اللهُ وَجْهَهُ عَنِ النَّارِ. فَإِذَا أَقْبَلَ عَلَى الْجَنَّةِ وَرَآهَا سَكَتَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَسْكُتَ. ثُمَّ يَقُولُ: أَيْ رَبِّ قَدِّمْنِي إِلَى بَابِ الْجَنَّةِ. فَيَقُولُ اللهُ لَهُ: أَلَيْسَ قَدْ أَعْطَيْتَ عُهُودَكَ وَمَوَاثِيقَكَ لاَ تَسْأَلُنِي غَيْرَ الَّذِي أَعْطَيْتُكَ. وَيْلَكَ يَا ابْنَ آدَمَ مَا أَغْدَرَكَ فَيَقُولُ: أَيْ رَبِّ! وَيَدْعُو اللهَ حَتَّى يَقُولَ لَهُ: فَهَلْ عَسَيْتَ إِنْ أَعْطَيْتُكَ ذَلِكَ أَنْ تَسْأَلَ غَيْرَهُ فَيَقُولُ: لاَ. وَعِزَّتِكَ فَيُعْطِي رَبَّهُ مَا شَاءَ اللهُ مِنْ عُهُودٍ وَمَوَاثِيقَ. فَيُقَدِّمُهُ إِلَى بَابِ الْجَنَّةِ. فَإِذَا قَامَ عَلَى بَابِ الْجَنَّةِ انْفَهَقَتْ لَهُ الْجَنَّةُ. فَرَأَى مَا فِيهَا مِنَ الْخَيْرِ وَالسُّرُورِ. فَيَسْكُتُ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَسْكُتَ. ثُمَّ يَقُولُ: أَيْ رَبِّ! أَدْخِلْنِي الْجَنَّةَ. فَيَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ: أَلَيْسَ قَدْ أَعْطَيْتَ عُهُودَكَ وَمَوَاثِيقَكَ أَنْ لاَ تَسْأَلَ غَيْرَ مَا أُعْطِيتَ. وَيْلَكَ يَا ابْنَ آدَمَ! مَا أَغْدَرَكَ! فَيَقُولُ: أَيْ رَبِّ! لاَ أَكُونُ أَشْقَى خَلْقِكَ. فَلاَ يَزَالُ يَدْعُو اللهَ حَتَّى يَضْحَكَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى مِنْهُ. فَإِذَا ضَحِكَ اللهُ مِنْهُ، قَالَ: ادْخُلِ الْجَنَّةَ. فَإِذَا دَخَلَهَا قَالَ اللهُ لَهُ: تَمَنَّهْ. فَيَسْأَلُ رَبَّهُ وَيَتَمَنَّى. حَتَّى إِنَّ اللهَ لَيُذَكِّرُهُ مِنْ كَذَا وَكَذَا، حَتَّى إِذَا انْقَطَعَتْ بِهِ الأَمَانِيِّ. قَالَ اللهُ تَعَالَى: ذَلِكَ لَكَ وَمِثْلُهُ مَعَهُ. قَالَ عَطَاءُ بْنُ يَزِيدَ: وَأَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ مَعَ أَبِي هُرَيْرَةَ لاَ يَرُدُّ عَلَيْهِ مِنْ حَدِيثِهِ شَيْئاً. حَتَّى إِذَا حَدَّثَ أَبُو هُرَيْرَةَ: إِنَّ اللّهَ قَالَ لِذَلِكَ الرَّجُلِ: وَمِثْلُهُ مَعَهُ. قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ مَعَهُ. يَا أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: مَا حَفِظْتُ إِلاَّ قَوْلَهُ: «ذَلِكَ لَكَ وَمِثْلُهُ مَعَهُ». قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: أَشْهَدُ أَنِّي حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَوْلَهُ: ذَلِكَ لَكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ. قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: وَذَلِكَ الرَّجُلُ آخِرُ أَهْلِ الْجَنَّةِ دُخُولاً الْجَنَّةَ. 406 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارمِيّ: أَخْبَرَنَا أَبُو الْيَمَانِ: أَخْبَرَنَا شُعَيْبٌ، عَنِ الزّهْرِيّ قَالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ، وَ عَطَاءُ بْنُ يَزِيدَ اللّيْثِيّ: أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ أَخْبَرَهُمَا أَنّ النّاسَ قَالُوا لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم! هَلْ نَرَى رَبّنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ مَعْنَى حَدِيثِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ.

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ئۇلار؛ ئى الله نىلىڭ ئەلچىسى!بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلىپ، دە ــ تالاش، جىدەل ــ ماجرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىنىپ كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشلەرنى توپلاپ، تېرىلدۇرۇپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ، قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۈممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۇرەتتىن باشقا بىر سۇرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دىسە، ئۇلار، ئاللاھقا سىغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخششى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ 22 ــ ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ــ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دىگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن

جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دېيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخۇلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئېلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـــ قوپۇپ، ياردار بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ. ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشدىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت ـــ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دىگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاخدىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەد تەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشدىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاخدىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاخدىن باشقا تەرەپكە چۆرىۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىيساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن چۆرىۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشكى ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دېسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ـــ نېئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختىنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدىگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن،

مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

407 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَدْنَى مَقْعَدِ أَحَدِكُمْ مِنَ الْجَنّةِ أَنْ يَقُولَ لَهُ: تَمَنّ. فَيَتَمَنّى وَيَتَمَنّى. فَيَقُولُ لَهُ: هَلْ تَمَنّيْتَ؟ فَيَقُولُ: نَعَمْ. فَيَقُولُ لَهُ: فَإِنّ لَكَ مَا تَمَنّيْتَ وَمِثْلَهُ مَعَهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىبىسىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، ئۇنىڭغا؛ خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇ ئارزۇسىنى قويماي سورايدۇ،يەنە سورايدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، توگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا؛ زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: سوراپ بولدىڭمۇ؟دىسە، ئۇ؛ ھەئە دەيدۇ، الله ؛ ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەد،مۇسلىم.

408 ـ وحدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ قَالَ: حَدّثَنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ: أَنّ نَاساً فِي زَمَنِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَلْ نَرَى رَبّنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «نَعَمْ». قَالَ: «هَلْ تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ الشّمْسِ بِالظّهِيرَةِ صَحْواً لَيْسَ مَعَهَا سَحَابٌ؟ وَهَلْ تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ صَحْواً لَيْسَ فِيهَا سَحَابٌ؟» قَالُوا: لاَ. يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «مَا تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلاّ كَمَا تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ أَحَدِهِمَا. إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ أَذّنَ مُؤَذّنٌ: لِيَتّبِعْ كُلّ أُمّةٍ مَا كَانَتْ تَعْبُدُ. فَلاَ يَبْقَى أَحَدٌ، كَانَ يَعْبُدُ غَيْرَ الله سُبْحَانَهُ مِنَ الأَصْنَامِ وَالأَنْصَابِ، إِلاّ يَتَسَاقَطُونَ فِي النّارِ. حَتّى إِذَا لَمْ يَبْقَ إِلاّ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللّهَ مِنْ بَرّ وَفَاجِرٍ. وَغُبّرِ أَهْلِ الْكِتَابِ. فَيُدْعَى الْيَهُودُ، فَيُقَالُ لَهُمْ: مَا كُنْتُمْ تَعْبُدُونَ؟ قَالُوا: كُنّا نَعْبُدُ عُزَيْرَ ابْنَ اللّهِ. فَيُقَالُ: كَذَبْتُمْ مَا اتّخَذَ اللّهُ مِنْ صَاحِبَةٍ وَلاَ وَلَدٍ. فَمَاذَا تَبْغُونَ؟ قَالُوا: عَطِشْنَا. يَا رَبّنَا فَاسْقِنَا. فَيُشَارُ إِلَيْهِمْ: أَلاَ تَرِدُونَ؟ فَيُحْشَرُونَ إِلَى النّارِ كَأَنّهَا سَرَابٌ يَحْطِمُ بَعْضُهَا بَعْضاً. فَيَتَسَاقَطُونَ فِي النّارِ. ثُمّ يُدْعَى النّصَارَى. فَيُقَالُ لَهُمْ: مَا كُنْتُمْ تَعْبُدُونَ؟ قَالُوا: كُنّا نَعْبُدُ الْمَسِيحَ ابْنَ اللّهِ. فَيُقَالُ لَهُمْ: كَذَبْتُمْ. مَا اتّخَذَ اللّهُ مِنْ صَاحِبَةٍ وَلاَ وَلَدٍ. فَيُقَالُ لَهُمْ: مَاذَا تَبْغُونَ؟ فَيَقُولُونَ: عَطِشْنَا. يَا رَبّنَا فَاسْقِنَا. قَالَ فَيُشَارُ إِلَيْهِمْ: أَلاَ تَرِدُونَ؟ فَيُحْشَرُونَ إِلَى جَهَنّمَ كَأَنّهَا سَرَابٌ يَحْطِمُ بَعْضُهَا بَعْضاً، فَيَتَسَاقَطُونَ فِي النّارِ. حَتّى إِذَا لَمْ يَبْقَ إِلاّ مَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللّه تَعَالَى مِنْ بَرّ وَفَاجِرٍ، أَتَاهُمْ رَبّ الْعَالَمِينَ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى فِي أَدْنَى صُورَةٍ مِنَ الّتِي رَأَوْهُ فِيهَا. قَالَ: فَمَا تَنْتَظِرُونَ؟ تَتْبَعُ كُلّ أُمّةٍ مَا كَانَتْ تَعْبُدُ. قَالُوا: يَا رَبّنَا! فَارَقْنَا النّاسَ فِي الدّنْيَا أَفْقَرَ مَا كُنّا إِلَيْهِمْ وَلَمْ نُصَاحِبْهُمْ. فَيَقُولُ: أَنَا رَبّكُمْ. فَيَقُولُونَ: نَعُوذُ بِاللّهِ مِنْكَ. لاَ نُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئاً (مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً) حَتّى إِنّ بَعْضَهُمْ لَيَكَادُ أَنْ يَنْقَلِبَ. فَيَقُولُ: هَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ آيَةٌ فَتَعْرِفُونَهُ بِهَا؟ فَيَقُولُونَ: نَعَمْ. فَيُكْشَفُ عَنْ سَاقٍ. فَلاَ يَبْقَى مَنْ كَانَ يَسْجُدُ لِلّهِ مِنْ تِلْقَاءِ نَفْسِهِ إِلاّ أَذِنَ اللّهُ لَهُ بِالسّجُودِ. وَلاَ يَبْقَى مَنْ كَانَ يَسْجُدُ اتّقَاءً وَرِيَاءً إِلاّ جَعَلَ اللّهُ ظَهْرَهُ طَبَقَةً وَاحِدَةً. كُلّمَا أَرَادَ أَنْ يَسْجُدَ خَرّ عَلَى قَفَاهُ. ثُمّ يَرْفَعُونَ رُؤُوسَهُمْ، وَقَدْ تَحَوّلَ فِي صُورَتِهِ الّتِي رَأَوْهُ فِيهَا أَوّلَ مَرّةٍ. فَقَالَ: أَنَا رَبّكُمْ. فَيَقُولُونَ: أَنْتَ رَبّنَا. ثُمّ يُضْرَبُ الْجِسْرُ عَلَى جَهَنّمَ. وَتَحِلّ الشّفَاعَةُ. وَيَقُولُونَ: اللّهُمّ سَلّمْ سَلّمْ». قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! وَمَا الْجِسْرُ؟ قَالَ: «دَحْضٌ مَزِلّةٌ. فِيهِ خَطَاطِيفُ وَكَلاَلِيبُ وَحَسَكٌ. تَكُونُ بِنَجْدٍ فِيهَا شُوَيْكَةٌ يُقَالُ لَهَا السّعْدَانُ. فَيَمُرّ الْمُؤْمِنُونَ كَطَرْفِ الْعَيْنِ وَكَالْبَرْقِ وَكَالرّيحِ وَكَالطّيْرِ وَكَأَجَاوِيدِ الْخَيْلِ وَالرّكَابِ. فَنَاجٍ مُسَلّمٌ. وَمَخْدُوشٌ مُرْسَلٌ. وَمَكْدُوسٌ فِي نَارِ جَهَنّمَ. حَتّى إِذَا خَلَصَ الْمُؤْمِنُونَ مِنَ النّارِ، فَوَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ بِأَشَدّ مُنَاشَدَةً لله فِي اسْتِقْصَاءِ الْحَقّ، مِنَ الْمُؤْمِنِينَ لله يَوْمَ الْقِيَامَةِ لإِخْوَانِهِمُ الّذِينَ فِي النّارِ يَقُولُونَ: رَبّنَا كَانُوا يَصُومُونَ مَعَنَا وَيُصَلّونَ وَيَحُجّونَ. فَيُقَالُ لَهُمْ: أَخْرِجُوا مَنْ عَرَفْتُمْ. فَتُحَرّمُ صُوَرُهُمْ عَلَى النّارِ. فَيُخْرِجُونَ خَلْقاً كَثِيراً قَدْ أَخَذَتِ النّارُ إِلَى نِصْفِ سَاقَيْهِ وَإِلَى رُكْبَتَيْهِ. ثُمّ يَقُولُونَ: رَبّنَا! مَا بَقِيَ فِيهَا أَحَدٌ مِمّنْ أَمَرْتَنَا بِهِ. فَيَقُولُ: ارْجِعُوا. فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ دِينَارٍ مِنْ خَيْرٍ فَأَخْرِجُوهُ. فَيُخْرِجُونَ خَلْقاً كَثِيراً. ثُمّ يَقُولُونَ رَبّنَا! لَمْ نَذَرْ فِيهَا أَحَداً مِمّنْ أَمَرْتَنَا. ثُمّ يَقُولُ: ارْجِعُوا. فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ نِصْفِ دِينَارٍ مِنْ خَيْرٍ فَأَخْرِجُوهُ. فَيُخْرِجُونَ خَلْقاً كَثِيراً. ثُمّ يَقُولُونَ: رَبّنَا! لَمْ نَذَرْ فِيهَا مِمّنْ أَمَرْتَنَا أَحَداً. ثُمّ يَقُولُ: ارْجِعُوا. فَمَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ ذَرّةٍ مِنْ خَيْرٍ فَأَخْرِجُوهُ. فَيُخْرِجُونَ خَلْقاً كَثِيراً. ثُمّ يَقُولُونَ: رَبّنَا لَمْ نَذَرْ فِيهَا خَيْراً».

وَكَانَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: إِنْ لَمْ تُصَدّقُونِي بِهَذَا الْحَدِيثِ فَاقْرَأُوا إِنْ شِئْتُمْ: {إِنّ اللهَ لاَ يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرّةٍ وَإِنْ تَكُ حَسَنَةً يُضَاعِفْهَا وَيُؤْتِ مِنْ لَدُنْهُ أَجْراً عَظِيماً} (النساء الآية: 4) «فَيَقُولُ الله عَزّ وَجَلّ: شَفَعَتِ الْمَلاَئِكَةُ وَشَفَعَ النّبِيّونَ وَشَفَعَ الْمُؤْمِنُونَ، وَلَمْ يَبْقَ إِلاّ

أَرْحَمُ الرّاحِمِينَ. فَيَقْبِضُ قَبْضَةً مِنَ النّارِ فَيُخْرِجُ مِنْهَا قَوْماً لَمْ يَعْمَلُوا خَيْراً قَطّ. قَدْ عَادُوا حُمَماً فَيُلْقِيهِمْ فِي نَهْرٍ فِي أَفْوَاهِ الْجَنّةِ يُقَالُ لَهُ نَهْرُ الْحَيَاةِ. فَيَخْرُجُونَ كَمَا تَخْرُجُ الْحِبّةُ فِي حَمِيلِ السّيْلِ. أَلاَ تَرَوْنَهَا تَكُونُ إِلَى الْحَجَرِ أَوْ إِلَى الشّجَرِ. مَا يَكُونُ إِلَى الشّمْسِ أُصَيْفِرُ وَأُخَيْضِرُ. وَمَا يَكُونُ مِنْهَا إِلَى الظّلّ يَكُونُ أَبْيَضَ؟» فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! كَأَنّكَ كُنْتَ تَرْعَى بِالْبَادِيَةِ. قَالَ: «فَيَخْرُجُونَ كَاللّؤْلُؤِ فِي رِقَابِهِمُ الْخَوَاتِمُ. يَعْرِفُهُمْ أَهْلُ الْجَنّةِ. هَؤُلاَءِ عُتَقَاءُ الله الّذِينَ أَدْخَلَهُمُ الله الْجَنّةَ بِغَيْرِ عَمَلٍ عَمِلُوهُ وَلاَ خَيْرٍ قَدّمُوهُ. ثُمّ يَقُولُ: ادْخُلُوا الْجَنّةَ فَمَا رَأَيْتُمُوهُ فَهُوَ لَكُمْ. فَيَقُولُونَ: رَبّنَا أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَداً مِنَ الْعَالَمِينَ. فَيَقُولُ: لَكُمْ عِنْدِي أَفْضَلُ مِنْ هَذَا. فَيَقُولُونَ: يَا رَبّنَا! أَيّ شَيْءٍ أَفْضَلُ مِنْ هَذَا؟ فَيَقُولُ: رِضَايَ. فَلاَ أَسْخَطُ عَلَيْكُمْ بَعْدَهُ أَبَداً».

قَالَ مُسْلِمٌ: قَرَأْتُ عَلَى عِيسَى بْنِ حَمّادٍ زُغْبَةَ الْمِصْرِيّ هَذَا الْحَدِيثَ فِي الشّفَاعَةِ وَقُلْتُ لَهُ: أُحَدّثُ بِهَذَا الْحَدِيثِ عَنْكَ أَنّكَ سَمِعْتَ مِنَ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ؟ فَقَالَ: نَعَمْ. قُلْتُ لِعِيسَى بْنِ حَمّادٍ: أَخْبَرَكُمُ اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ خَالِدِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي هِلاَلٍ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّهُ قَالَ: قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ أَنَرَى رَبّنَا؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «هَلْ تُضَارّونَ فِي رُؤْيَةِ الشّمْسِ إِذَا كَانَ يَوْمٌ صَحْوٌ؟» قُلْنَا: لاَ. وَسُقْتُ الْحَدِيثَ حَتّى انْقَضَى آخِرُهُ وَهُوَ نَحْوُ حَدِيثِ حَفْصِ بْنِ مَيْسَرَةَ. وَزَادَ بَعْدَ قَوْلِهِ: بِغَيْرِ عَمَلٍ عَمِلُوهُ وَلاَ قَدَمٍ قَدّمُوهُ «فَيُقَالُ لَهُمْ: لَكُمْ مَا رَأَيْتُمْ وَمِثْلُهُ مَعَهُ».

قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: بَلَغَنِي أَنّ الْجِسْرَ أَدَقّ مِنَ الشّعْرَةِ وَأَحَدّ مِنَ السّيْفِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ اللّيْثِ «فَيَقُولُونَ رَبّنَا أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَداً مِنَ الْعَالَمِينَ وَمَا بَعْدَهُ». فَأَقَرّ بِهِ عِيسَى بْنُ حَمّادٍ .

409 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ حَدّثَنَا جَعْفَرُ بْنُ عَوْنٍ حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ سَعْدٍ. حَدّثَنَا زَيْدُ بْنُ أَسْلَمَ بِإِسْنَادِهِمَا، نَحْوَ حَدِيثِ حَفْصِ بْنِ مَيْسَرَةَ إِلَى آخِرِهِ. وَقَدْ زَادَ وَنَقَصَ شَيْئاً.

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، كىشىلەر؛بىز قىيامەت كۈنى رەببىمىزنى كۆرەلەمدۇق دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر ھاۋا سۈپسۈزۈك، بۇلۇت بولمىغان چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر ھاۋا سۈزۈك بۇلۇت بولمىغان كېچىلەردە 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ ئۇلار ياق دىگەندە، سىلەر پەقەت قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈشتە، خۇددى ئاشۇ ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتە شەكتە بولغىنىڭلاردەك، شەكتە بۇلۇپ قالىسىلەر، (يەنى الله نى كۇرۇشتە شەكتەبولماڭلار. رۇشەن، قېنىپ كۆرىسىلەر،) قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا بىر مۇئەززىن، جاكارچى ھەربىر ئۇممەت ئۆزى ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان نەرسىگە ئەگەشسۇن! دەپ توۋلايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە، تاشقا، بۇتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار بىرسىمۇ قالماي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاكى ئۇلاردىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر، سالىھ ۋە پاسىقلار ۋە يەھۇدىي ــ ناسارالار قېلىپ قالغاندا يەھۇدىيلار چاقىرتىلىپ، ئۇلارغا: سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دىيىلىدۇ، ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغىنى يوق، بالا تۇغقىنى يوق، ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك دىيىلىپ، سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارساڭ دەيدۇ، ئۇلارغا ئاۋۇ سۇ بار كۆلگە سۇ ئىچكىلى بارامسىلەر؟ دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، ئۇلار دوۋزاخقا توپلىنىدۇ، ئۇ،گەرچە بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقان ئوت بولسىمۇ، ئۇلارغا چۆللۈكتىكى ساراپ سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ناسارالار چاقىرلىپ، ئۇلارنىمۇ سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار دىيىلىدۇ، ئۇلار، بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەيساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاكتۇر) ئۇلارغا سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئايالى يوق، چۈنكى ئوخششى يوق، ئۇ خالق ئاللاھدۇر، دىيىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارغان بولساڭ دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاخىرىدا دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، دوۋزاخنى سۇمىكى دەپ سەكرەيدۇ، ئاندىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ــ يامان كىشىلەر قېلىپ قالغاندا، ئۇلارغا، ئاللاھتائالا ئۇلار كۆرىدىغان سۈرەت، كۆرۈنۈشىنىڭ ئەڭ ئەدنا، تۆۋىنىدە يەنى باشقا بىر سۈرەتتە كېلىپ، (يەنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ،): سىلەر نېمىنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر؟، ھەممە ئۇممەت

ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ كەتتى، سىلەر نېمىدەپ قالدىڭلار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز ئۇ كىشىلەردىن ئۇ دۇنيادىكى چاغدىمۇ ئەڭ مۇھتاج تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولمىغان دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەپ ئىككى ــ ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنى ھېلىقى پاجىر، پاسىقلىرى ئارقىسىغا چېكىنىپ، يېنىپ كەتكىلى تاس ــ تاس قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان پاچىقى بار، ئۇ پاچىقىنى ئاچىدۇ، بۇ ئىبغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق پاچاقىنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆز نەپسى تەرەپتىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلارغا ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۇچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئېگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ. ئاندىن سەجدە قىلغان مۆئمىنلەر بېشىنى كۆتۈرسە، ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق سۈرىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى تۇنجى قېتىم كۆرەلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن رەببىڭلار دەيدۇ، ئۇلارمۇ ھەئە راس سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەيدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، شاپائەت دۇرۇس بولۇپ چۈشىدۇ، ئاندىن ھەربىر پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر؛ ئى ئاللاھتائالا، سالامەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. (چۈنكى سىرات كۆرۈۋرۈكى، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىكتۇر). ئۇلار سىرات كۆۋرۈكى دىگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىرات كۆۋرۈكى بولسا، قەدەملەر تېيىلىپ، قارار ئېلىپ تۇرالمايدىغان تېيىلغاق، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇچى ئىلمەك قاماق ـ ئىلمەكلەر بار، ئۇچى توم، كۆتىكى ئىنچىكە، ئىلىنغان نەرسە ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدىغان نەجد دىگەن جايدىكى سەئدان دىيىلىدىغان شوخا تىكەنگە ئوخشاش، شوخا تىكەنلىرى بار، قورقۇنۇشلۇق كۆۋرۈكتۇر. مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە خۇددى چاقماق نۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىسى شامالدەك. بەزىسى تېز ئۇچقان قۇشتەك. بەزىسى تېز، چاپقۇر نوچى ئاتتەك. بەزىسى كارۋان تۆگىسىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلىدىغانلار بار، يارىلىنىپ، ياردار قىلىنىپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدىغانلار بار، جەھەننەم ئوتى ئىچىگە يۈزىچە دۈم تاشلىنىپ، چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ خالاس تاپقاندا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئىچىدىكى قېرىندىشى ئۈچۈن، مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشقا تەلەپ قىلىشىدا سىلەردەك قاتتىق، چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق، سىلەر يەنى مۆئمىنلەر شۇ چاغدا مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ: ئى رەببىمىز!، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ئۇلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزسىلا، ئاندىن ئۇلارغا دوزاخدىن سىلەر تونىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىڭلار دىيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام بولۇپ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن خەلقلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئوت ئۇۋلارنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە، تىزىغىچە

كۆيدۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشى قالمىدى دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە بىر دىينار مىقدارىدا ئىمان، ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي دوۋزاخدىن چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە يېرىم دىينار مىقدارىدا ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنىمۇ دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرىغان كىشىدىن ھېچ بىرىنى قويماي چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە زەررىچىلىك مىقداردا ياخشىلىق، ئىمان بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، ئەمدى بىز دوۋزاختا قەتئىي ياخشىلىق، ئىمان دىگەن نەرسىنى قالدۇرمىدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ بولدى، ئەمدى رەھىيم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىيمى ــ شەپقەت قىلغۇچىراقى بولغان مەن قالدىم دەپ دوۋزاخدىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشى يوق قولى بىلەن چاڭگاللاپ، قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن قەۋىملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئىشىك ئېغىزلىرىدىكى نەھرۇلھايات(ھاياتلىق بۇلىقى) دىگەن ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دانلار ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قارىماسىلەر؟، تاشتىكى يا دەرەخ يېنىدىكى قۇياشقا يېقىنراق بولغىنى، سېرىق، يېشىل بولىدۇ، سايىدا ئۈنگىنى بولسا ئاق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، كىيىن گۆھەردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بويۇن، گەردەنلىرىدە مۆھۈر بېسىلغان تامغا بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى تونىيالايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىپ، جەننەتكە، ئۇلار قىلغان ئەمەلسىز ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشىلىقسىزلا كىرگۈزگەن، ئاللاھنىڭ ئازادگەردىلىرىدۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، جەننەتتە سىلەر كۆرگەن نەرسىلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە ئالەملەردىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدىلا، دەپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى). ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا، سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ نەزلىمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك مۇكاپات بار دەيدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، قايسى نەرسە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇ بولسا مېنىڭ سىلەردىن رازى بولۇشۇم بولۇپ، مەن سىلەرگە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپ قىلمايمەن دەيدۇ، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى راستىنلا جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر).بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ھەم جەننەتتە ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كاتتا مۇكاپاتتۇر.
2. ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان چوقۇنغان نەرسىسگە ئەگىشىپ، دوۋزاخقا چۈشىدۇ.
3. ھەتتا يەھۇدىي، ناسارالارمۇ دوۋزاخقا چۈشىدۇ.
4. ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوقتۇر، ئوخشىشى يوق.
5. مۆئمىنلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

6. ئۇلارغا ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخششى يوق، ئەڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.
7. رىياخور، مۇناپىقلار سەجدە قىلالمايدۇ.
8. دوۋزاخ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ.
9. ئۇ قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئۆتكۈر شوخا تىكەن، ئىلمەكلىرى باردۇر.
10. مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى چاقماق تېزلىكىدە، بەزىسى بولسا ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەتتا دوۋزاخقا تالشىنىدىغانلار بار.
11. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ.
12. ئاللاھتائالا رەھمەت ــ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن نۇرغۇن قەۋملەرنى چاڭگاللاپ چىقىرىپ قىلچە ياخشىلىقسىزلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى، رەھمەت ــ پەزلىدۇر.
13. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا لايىق ئوخششى يوق، قولى باردۇر.
14. ئۇئازادگەردىلەر نەھرۇلھاياتتا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جەسەد، تەنلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىدە مۆھۈر، تامغا بېسىلغاندۇر.
15. ئاللاھتائالا جەننەتتىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى جەننەتتىنمۇ ئەۋزەل ۋە بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ بىزگە جامالىلىرىنى، رازىلىقلىرىنى ئاتا قىلسىلا، ئامىن!

## 89 ــــ باب إثبات الشفاعة وإخراج الموحدين من النار

### الله نى بار ۋە بىر دېگەن كىشىلەرنى شاپائەت بىلەن دوۋزاختىن چىقىرىش توغرىسىدا؛

**410 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَىَ بْنِ عُمَارَةَ قَالَ: حَدّثَنِي أَبِي، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يُدْخِلُ الله أَهْلَ الْجَنّةِ الْجَنّةَ. يُدْخِلُ مَنْ يَشَاءُ بِرَحْمَتِهِ. وَيُدْخِلُ أَهْلَ النّارِ النّارَ. ثُمّ يَقُولُ: انْظُرُوا مَنْ وَجَدْتُمْ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ حَبّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجُوهُ. فَيُخْرَجُونَ مِنْهَا حُمَماً قَدِ امْتَحَشُوا. فَيُلْقَوْنَ فِي نَهْرِ الْحَيَاةِ أَوِ الْحَيَا. فَيَنْبُتُونَ فِيهِ كَمَا تَنْبُتُ الْحِبّةُ إِلَى جَانِبِ السّيْلِ. أَلَمْ تَرَوْهَا كَيْفَ تَخْرُجُ صَفْرَاءَ مُلْتَوِيَةً».**

**411 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. ح وَحَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ عَوْنٍ. أَخْبَرَنَا خَالِدٌ، كِلاَهُمَا عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَىَ بِهَذَا الأَسْنَادِ، وَقَالاَ: فَيُلْقَوْنَ فِي نَهْرٍ يُقَالَ لَهُ الْحَيَاةُ. وَلَمْ يَشُكّا. وَفِي حَدِيثِ خَالِدٍ: كَمَا تَنْبُتُ الْغُثَاءَةُ فِي جَانِبِ السّيْلِ. وَفِي حَدِيثِ وُهَيْبٍ: كَمَا تَنْبُتُ الْحِبّةُ فِي حَمِئَةٍ أَوْ حَمِيلَةِ السّيْلِ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ،خالىغان كىشىنى رەھمىتى بىلەنلا كىرگۈزىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندا، مۇنداق دەيدۇ: قەلبىدە بىر تال قىچىنىڭ دىنى چاغلىق ئىمانى بار كىشلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار، ئۇلار دوۋزاخدىن كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن،قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ھالدا چىقىدۇ، ئۇلار، نەھرۇلھايات يەنى ھاياتلىق بۇلىقى دېگەن ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەن، جەسەدلىرى خۇددى سەل ئېلىپ كەلگەن

لاينىڭ بىر تەرپىدە دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى ھالەتتە يۆگىشىپ، سېرىق ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىغا قارىمامسەن؟ ئەنە شۇنداق سېرىق ئۈنۈپ چىقىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

412 ـ وحدّثني نَصرُ بْنُ عَلِيَ الْجهْضَمِيّ. حَدّثنَا بشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ الْمُفضّلِ) عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمّا أَهْلُ النّارِ الّذِينَ هُمْ أَهْلُهَا، فَإِنّهُمْ لاَ يَمُوتُونَ فِيهَا وَلاَ يَحْيَوْنَ. وَلَكِنْ قَوْمٌ أَصَابَتْهُمُ النّارُ بِذُنُوبِهِمْ (أَوْ قَالَ بِخَطَايَاهُمْ) فَأَمَاتَهُمْ إِمَاتَةً. حَتّى إِذَا كَانُوا فَحْماً. أُذِنَ بِالشّفَاعَةِ. فَجِيءَ بِهِمْ ضَبَائِرَ ضَبَائِرَ. فَبُثّوا عَلَى أَنْهَارِ الْجَنّةِ. ثُمّ قِيلَ: يَا أَهْلَ الْجَنّةِ أَفِيضُوا عَلَيْهِمْ. فَيَنْبُتُونَ نَبَاتَ الْحِبّةِ تَكُونُ فِي حَمِيلِ السّيْلِ» فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: كَأَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ كَانَ بِالْبَادِيَةِ. 413 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا نَضْرَةَ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. إِلَى قَوْلِهِ: فِي حَمِيلِ السّيْلِ. وَلَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەمما دوۋزاخ ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلار دوۋزاخنىڭ ئەھلى بولۇپ، دوۋزاخ ئىچىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، شۇنداقلا ياخشى ياشىيالمايدۇ، ۋە لېكىن، بىر بۆلۈك كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا دوۋزاخ ئوتى يېتىپ ئۇلارنى بىر قۇر ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتۈرىدۇ، تاكى ئۇلار كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەندە، شاپائەت قىلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار توپ ــ توپ ھالەتتە جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىگە كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلىدۇ، ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇڭلار! دىيىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغان تەنلىرى خۇددى دەريا سەللىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ ئەسلىگە كېلىدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ

## 90 ـــــ *باب آخر أهل النار خروجاً*

### دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى توغرىسىدا؛

414 ـ415 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَإِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ، كِلاَهُمَا عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ عُثْمَانُ: حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبِيْدَةَ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَعْلَمُ آخِرَ أَهْلِ النّارِ خُرُوجاً مِنْهَا، وَآخِرَ أَهْلِ الْجَنّةِ دُخُولاً الْجَنّةَ. رَجُلٌ يَخْرُجُ مِنَ النّارِ حَبْواً. فَيَقُولُ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ: اذْهَبْ فَادْخُلِ الْجَنّةَ. فَيَأْتِيهَا فَيُخَيّلُ إِلَيْهِ أَنّهَا مَلأَى. فَيَرْجِعُ فَيَقُولُ: يَا رَبّ وَجَدْتُهَا مَلأَى. فَيَقُولُ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَهُ: اذْهَبْ فَادْخُلِ الْجَنّةَ. قَالَ فَيَأْتِيهَا فَيُخَيّلُ إِلَيْهِ أَنّهَا مَلأَى. فَيَرْجِعُ فَيَقُولُ: يَا رَبّ وَجَدْتُهَا مَلأَى. فَيَقُولُ الله لَهُ: اذْهَبْ فَادْخُلِ الْجَنّةَ. فَإِنّ لَكَ مِثْلَ الدّنْيَا وَعَشَرَةَ أَمْثَالِهَا. أَوْ إِنّ لَكَ عَشَرَةَ أَمْثَالِ الدّنْيَا. قَالَ فَيَقُولُ: أَتَسْخَرُ بِي (أَوْ أَتَضْحَكُ بِي) وَأَنْتَ الْمَلِكُ؟» قَالَ: لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ضَحِكَ حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ. قَالَ فَكَانَ يُقَالُ: ذَاكَ أَدْنَى أَهْلِ الْجَنّةِ مَنْزِلَةً.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان جەننەت ئەھلىنىڭ ئاخىرقى كىشىسىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇ كىشى دوۋزاخدىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ؛ بارغىن، جەننەتكە كىرگىن! دەيدۇ، ئۇ جەننەتكە كەلسە، ئۇنىڭغا جەننەت تولۇپ بولغاندەك خىيال قىلىنىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، مەن جەننەتنى لىق تولغان تاپتىم، جەننەت توشۇپ بوپتۇ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، (ئارزۇ

قىلغىن، دەيدۇ. ئۇ ئارزۇ قىلىپ، بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تۈگىگەندە،)ھەقىقەتەن سەن ئۆچۈن جەننەتتە دۇنيادەك ھەتتا دۇنيانىڭ ئون ئوخششىدەك ، ئون ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك بېرىلىدۇ دەيدۇ، ئۇ، ئى ئاللاھ، سىلى ئالەملەرنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامىلا دەيدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمەت ــ پەزلى شۇنداق كەڭرى، بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بىزلەرنى رەھمەت ــ پەزلى بىلەن جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەشۇ كىشى ئەمەلىيەتتە جەننەتتىكى مەرتىبىسىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم،ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە .

416 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسٍ، عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «آخِرُ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنّةَ رَجُلٌ. فَهُوَ يَمْشِي مَرّةً وَيَكْبُو مَرّةً. وَتَسْفَعُهُ النّارُ مَرّةً. فَإِذَا مَا جَاوَزَهَا الْتَفَتَ إِلَيْهَا. فَقَالَ: تَبَارَكَ الّذِي نَجّانِي مِنْكِ. لَقَدْ أَعْطَانِي اللّهُ شَيْئاً مَا أَعْطَاهُ أَحَداً مِنَ الأَوّلِينَ وَالاخِرِينَ. فَتُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ. فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ فَلاِءَسْتَظِلّ بِظِلّهَا وَأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا. فَيَقُولُ الله عَزّ وَجَلّ: يَا ابْنَ آدَمَ لَعَلّي إِنْ أَعْطَيْتُكَهَا سَأَلْتَنِي غَيْرَهَا. فَيَقُولُ: لاَ. يَا رَبّ وَيُعَاهِدُهُ أَنْ لاَ يَسْأَلَهُ غَيْرَهَا. وَرَبّهُ يَعْذِرُهُ. لأَنّهُ يَرَى مَا لاَ صَبْرَ لَهُ عَلَيْهِ. فَيُدْنِيهِ مِنْهَا. فَيَسْتَظِلّ بِظِلّهَا وَيَشْرَبُ مِنْ مَائِهَا. ثُمّ تُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ هِيَ أَحْسَنُ مِنَ الأُولَى. فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ لأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا وَأَسْتَظِلّ بِظِلّهَا. لاَ أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا. فَيَقُولُ: يَا ابْنَ آدَمَ أَلَمْ تُعَاهِدْنِي أَنْ لاَ تَسْأَلَنِي غَيْرَهَا؟ فَيَقُولُ: لَعَلّي إِنْ أَدْنَيْتُكَ مِنْهَا تَسْأَلُنِي غَيْرَهَا؟ فَيُعَاهِدُهُ أَنْ لاَ يَسْأَلَهُ غَيْرَهَا. وَرَبّهُ يَعْذِرُهُ. لأَنّهُ يَرَى مَا لاَ صَبْرَ لَهُ عَلَيْهِ فَيُدْنِيهِ مِنْهَا. فَيَسْتَظِلّ بِظِلّهَا وَيَشْرَبُ مِنْ مَائِهَا. ثُمّ تُرْفَعُ لَهُ شَجَرَةٌ عِنْدَ بَابِ الْجَنّةِ هِيَ أَحْسَنُ مِنَ الأُولَيَيْنِ. فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ أَدْنِنِي مِنْ هَذِهِ لأَسْتَظِلّ بِظِلّهَا وَأَشْرَبَ مِنْ مَائِهَا. لاَ أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا. فَيَقُولُ: يَا ابْنَ آدَمَ أَلَمْ تُعَاهِدْنِي أَنْ لاَ تَسْأَلَنِي غَيْرَهَا؟ قَالَ: بَلَى. يَا رَبّ هَذِهِ لاَ أَسْأَلُكَ غَيْرَهَا. وَرَبّهُ يَعْذِرُهُ لأَنّهُ يَرَى مَا لاَ صَبْرَ لَهُ عَلَيْهَا. فَيُدْنِيهِ مِنْهَا. فَإِذَا أَدْنَاهُ مِنْهَا، فَيَسْمَعُ أَصْوَاتَ أَهْلِ الْجَنّةِ، فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ أَدْخِلْنِيهَا. فَيَقُولُ: يَا ابْنَ آدَمَ مَا يَصْرِينِي مِنْكَ؟ أَيُرْضِيكَ أَنْ أُعْطِيَكَ الدّنْيَا وَمِثْلَهَا مَعَهَا؟ قَالَ: يَا رَبّ أَتَسْتَهْزِىءُ مِنّي وَأَنْتَ رَبّ الْعَالَمِينَ».

فَضَحِكَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَقَالَ: أَلاَ تَسْأَلُونّي مِمّ أَضْحَكُ؟ فَقَالُوا: مِمّ تَضْحَكُ؟ قَالَ: هَكَذَا ضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالُوا: مِمّ تَضْحَكُ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «مِنْ ضِحْكِ رَبّ الْعَالَمِينَ حِينَ قَالَ: أَتَسْتَهْزِىءُ مِنّي وَأَنْتَ رَبّ الْعَالَمِينَ؟ فَيَقُولُ: إِنّي لاَ أَسْتَهْزِىءُ مِنْكَ، وَلَكِنّي عَلَى مَا أَشَاءُ قَادِرٌ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:، جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تۈز ماڭالايدۇ، گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ، گاھ ئۇنىڭغا دوۋزاخ ئوتى يېتىپ، بەلگە سېلىپ قويىدۇ، ئۇ دوۋزاخدىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دەيدۇ، مىنى سەندىن قۇتقازغان ئاللاھنىڭ بەرىكتى بۈيۈكتۇر، ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر، ماڭا ئاللاھتائالا ئەۋۋەل ــ ئاخىر ھىچ كىشىگە بەرمىگەن نىئمەتنى ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ، ئەي رەببىم ئاللاھ، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىپ قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ. ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىنىمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ، ياق ئى رەببىم، سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام، ۋەدىلەر بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ سەۋرە قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، ئۇنى دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىداپ سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ، ئۇ بەندە : ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھتائالا، ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟، ئەگەر ساڭا بۇنى

بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم، ئەھدە بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرىسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇ، سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا بىر دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ئەۋۋەلكى ئىككىسىدىن گۈزەل، ياخشىراق ئىدى، ئۇ، ئى رەببىم، مىنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئاللاھ، تۈنجى قېتىمقى سۆزىنى دەيدۇ، ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن، ئۇ جەننەتنىڭ ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ ؛ ئى رەببىم، مىنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھتائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مىنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتاملا؟ دەيدۇ. ئاللاھ: مەن سېنى زاڭلىق قىلمىدىم، لېكىن، مەن نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر دەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۈلۈپ كىتىپ، نىمشقا كۈلگىنىمدىن سورىمامسىلەر دىسە، ئۇلار سورايدۇ، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلدى، ئۇلار؛ نىمشقا كۈلىلا؟دىگەندە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مىنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتاملا؟ دىگەندە، **الله** نىڭ كۈلۈپ كىتىشىدىن كۈلدۈم دىدى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى.سەھىھ

## 91 ـــــ باب أدنى أهل الجنة منزلة فيها

## جەننەتتىكى مەرتىبىسى ئەڭ تۆۋەن تۇرىدىغان كىشى توغرىسىدا؛

**417 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ أَبِي بُكَيْرٍ. حَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ مُحمّدٍ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ أَبِي عَيّاشٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «إِنّ أَدْنَىَ أَهْلِ الْجَنّةِ مَنْزِلَةً رَجُلٌ صَرَفَ اللّهُ وَجْهَهُ عَنِ النّارِ قِبَلَ الْجَنّةِ. وَمَثّلَ لَهُ شَجَرَةً ذَاتَ ظِلّ. فَقَالَ: أَيْ رَبّ قَدّمْنِي إِلَى هَذِهِ الشّجَرَةِ أَكُونُ فِي ظِلّهَا». وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ ابْنِ مَسْعُودٍ. وَلَمْ يَذْكُرْ «فَيَقُولُ: يَا ابْنَ آدَمَ مَا يَصْرِينِي مِنْكَ» إِلَى آخِرِ الْحَدِيثِ. وَزَادَ فِيهِ «وَيُذَكّرُهُ اللّهُ سَلْ كَذَا وَكَذَا. فَإِذَا انْقَطَعَتْ بِهِ الأَمَانِيّ قَالَ اللّهُ: هُوَ لَكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ» قَالَ: «ثُمّ يَدْخُلُ بَيْتَهُ فَتَدْخُلُ عَلَيْهِ زَوْجَتَاهُ مِنَ الْحُورِ الْعِينِ. فَتَقُولاَنِ: الْحَمْدُ للهِ الّذِي أَحْيَاكَ لَنَا وَأَحْيَانَا لَكَ. قَالَ فَيَقُولُ: مَا أُعْطِيَ أَحَدٌ مِثْلَ مَا أُعْطِيتُ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە؛ يۇقىرقىغا ئوخشاش بايان قىلىنىپ،يەنى؛ ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ.ئاندىن ئۇ جەننەتتىكى ئۆيىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا ھۆۋرىلئەيىنلەردىن بولغان جەننەتتىكى ئاياللىرىدىن ئىككىسى كىرىپ؛ سىنى بىزگە، بىزنى ساڭا ياراتقان **الله** قا شۈكۈرى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا **الله** قا خاستۇر دەيدۇ، ئۇبەندە؛ ماڭا بېرىلگەندەك بۇنداق مۇكاپات ھېچ بىر كىشىگە بېرىلمىدى دەپ قالىدۇ.دىيىلگەن، بۇ يۇقىردا ئۆتتى.

418 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأَشْعَثِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ مُطَرّفٍ وَابْنِ أَبْجَرَ، عَنِ الشّعْبِيّ، قَالَ: سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ، رِوَايَةً إِنْ شَاءَ اللّهُ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. حَدّثَنَا مُطَرّفُ بْنُ طَرِيفٍ وَعَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ سَعِيدٍ. سَمِعَا الشّعْبِيّ يُخْبِرُ عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: سَمِعْتُهُ عَلَى الْمِنْبَرِ، يَرْفَعُهُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: وَحَدّثَنِي بِشْرُ بْنُ الْحَكَمِ. وَاللّفْظُ لَهُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنَا مُطَرّفٌ وَابْنُ أَبْجَرَ. سَمِعَا الشّعْبِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ يُخْبِرُ بِهِ النّاسَ عَلَى الْمِنْبَرِ. قَالَ سُفْيَانُ: رَفَعَهُ أَحَدُهُمَا (أُرَاهُ ابْنَ أَبْجَرَ) قَالَ «سَأَلَ مُوسَى رَبّهُ: مَا أَدْنَى أَهْلِ الْجَنّةِ مَنْزِلَةً؟ قَالَ: هُوَ رَجُلٌ يَجِيءُ بَعْدَ مَا أُدْخِلَ أَهْلُ الْجَنّةِ الجَنّةَ فَيُقَالُ لَهُ: ادْخُلِ الْجَنّةَ. فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ كَيْفَ؟ وَقَدْ نَزَلَ النّاسُ مَنَازِلَهُمْ وَأَخَذُوا أَخَذَاتِهِمْ؟ فَيُقَالُ لَهُ: أَتَرْضَى أَنْ يَكُونَ لَكَ مِثْلُ مُلْكِ مَلِكٍ مِنْ مُلُوكِ الدّنْيَا؟ فَيَقُولُ: رَضِيتُ، رَبّ فَيُقُولَ: لَكَ ذَلِكَ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ وَمِثْلُهُ. فَقَالَ فِي الْخَامِسَةِ: رَضِيتُ، رَبّ فَيَقُولُ: هَذَا لَكَ وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهِ. وَلَكَ مَا اشْتَهَتْ نَفْسُكَ وَلَذّتْ عَيْنُكَ. فَيَقُولُ: رَضِيتُ، رَبّ قَالَ: رَبّ فَأَعْلاَهُمْ مَنْزِلَةً؟ قَالَ: أُولَئِكَ الّذِينَ أَرَدْتُ غَرَسْتُ كَرَامَتَهُمْ بِيَدِي. وَخَتَمْتُ عَلَيْهَا فَلَمْ تَرَ عَيْنٌ وَلَمْ تَسْمَعْ أُذُنٌ وَلَمْ يَخْطُرْ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ» قَالَ: وَمِصْدَاقُهُ فِي كِتَابِ الله عَزّ وَجَلّ: {فَلاَ تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرّةِ أَعْيُنٍ} (السجدة الآية: 17) الآية.

419 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ الأَشْجَعِيّ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ أَبْجَرَ قَالَ: سَمِعْتُ الشّعْبِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ يَقُولُ عَلَى الْمِنْبَرِ: إِنّ مُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ سَأَلَ اللّهَ عَزّ وَجَلّ عَنْ أَخَسّ أَهْلِ الْجَنّةِ مِنْهَا حَظا. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِهِ.

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىدىن مۇنداق دەپ سورىدى، ئى رەببىم، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەنزىلىدىكىسى قانداق بولىدۇ؟ئاللاھ دىدىكى: ئۇ كىشى بولسا، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىنكى كېلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرگىن دېيىلىدۇ، ئۇكىشى ئى رەببىم، مەن قانداق كىرىمەن؟ كىشىلەر مەنزىللىرىگە چۈشۈپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولۇپتۇ، ماڭا ئەمدى ھېچنەرسە يوق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا : ساڭا دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقى بېرىلسە رازى بولامسەن؟ دېيىلىدۇ، ئۇ، ئى رەببىم، رازى بولىمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ئۈچۈن شۇ بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئوخششى يەنە ئۇنىڭ ئوخششى يەنە ئوخششى يەنە ئوخىشىشى دەيدۇ، بەندە بەشىنچى قېتىم ئى رەببىم، رازى بولدۇم، رازى بولدۇم دەپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مانا بۇلار سەن ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ، سەن ئۈچۈن نەپسىڭ ئىشتىھا قىلغان كۆڭلۈڭ تارتقان كۆزۈڭ لەززەتلەنگەن نەرسە بېرىلىدۇ دەيدۇ، بەندە ئى رەببىم، بەك رازى بولدۇم! دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەنزىل مەرتىبىسىدىكىلەر چۇ؟ دېدى، ئاللاھ ئېيتتى، ئەنە شۇلار مەن ئىرادە مەخسەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ كارامەت دەرەخلىرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ قويدۇم، بۇ كارامەتلەرگە شۇنداق پېچەت ئۇردۇمكى، كۆز كۆرۈپ باقمىدى، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىدى، ھېچبىر كىشىنىڭ قەلبىگە خىيال خوتۇر، چۈشۈپ باقمىدى، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا بولىدۇ، (باشقا خاتىرىدە دائىم رەببىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېيىلگەن)بۇھەدىستىكى سۆزنىڭ تەستىقى:« ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.» دېگەن ئايەتتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى تۇپلىغان، سەھىھ.

420 ـ421 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنِ الْمَعْرُورِ بْنِ سُوَيْدٍ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَعْلَمُ آخِرَ أَهْلِ الْجَنّةِ دُخُولاً الْجَنّةَ. وَآخِرَ أَهْلِ النّارِ خُرُوجاً مِنْهَا. رَجُلٌ يُؤْتَى بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَيُقَالُ: اعْرِضُوا عَلَيْهِ صِغَارَ ذُنُوبِهِ وَارْفَعُوا عَنْهُ كِبَارَهَا. فَتُعْرَضُ عَلَيْهِ صِغَارُ ذُنُوبِهِ. فَيُقَالَ: عَمِلْتَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا، كَذَا وَكَذَا. وَعَمِلْتَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا، كَذَا وَكَذَا. فَيَقُولُ: نَعَمْ. لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يُنْكِرَ. وَهُوَ مُشْفِقٌ مِنْ كِبَارِ ذُنُوبِهِ أَنْ تُعْرَضَ عَلَيْهِ فَيُقَالُ لَهُ: فَإِنّ لَكَ بِكُلّ سَيّئَةٍ حَسَنَةً. فَيَقُولُ: رَبّ قَدْ عَمِلْتُ أَشْيَاءَ لاَ أَرَاهَا هَهُنَا». فَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ضَحِكَ حَتّى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان ، جەننەتكە كىرىش جەھەتتىن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئ اخىرى بولغان كىشىنى ئوبدان تونۇيمەن، بۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى كەلتۈر ۈلۈپ، پەرىشتىلەرگە مۇنداق دىيىلىدۇ، ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنىڭ كىچىكلىرىنى تەڭلەڭلار، ئۇنىڭدىن چوڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىۋېتىڭلار، ئاندىن ئۇ كىشىگە پالانى كۈنى پالانى ئىشنى، پوكۇنى كۈنى پوكۇنى ئىشنى قىلدىڭ، پالانى كۈنى مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ دىيىلىدۇ، ئۇ ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالماي، ھەئە شۇنداق دەيدۇ، راست مەن قىلغان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ گۇناھلىرىنىڭ چوڭ ــ چوڭلىرىنىڭ تەڭلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ؛ ھەققەتەن سەن ئۈچۈن ھەربىر يامانلىقنىڭ باراۋىرىگە بىردىن ياخشىلىق بېرىلىدۇ دىيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ؛ ئى رەببىم ئاللاھ، مەن نۇرغۇن ئىشلارنى بەزى گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، بۇ جايدا ئۇ ئىشلارنى كۆرمىدىمغۇ؟ دەپ قالىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆتۈرىۋەتكەن ئىدى، ئاللاھ خالىغان كىشىگە يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ) مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەھمد، مۇسلىم، تىرمىزى.

422 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ وَإِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ، كِلاَهُمَا عَنْ رَوْحٍ. قالَ عُبَيْدُ اللّهِ: حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ الْقَيْسِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ قالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ، أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يُسْأَلُ عَنِ الْوُرُودِ. فَقَالَ: نَجِيءُ نَحْنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَنْ كَذَا وَكَذَا انْظُرْ أَيْ ذَلِكَ فَوْقَ النّاسِ. قالَ فَتُدْعَى الأُمَمُ بِأَوْثَانِهَا وَمَا كَانَتْ تَعْبُدُ. الأَوّلُ فَالأَوّلُ. ثُمّ يَأْتِينَا رَبّنَا بَعْدَ ذَلِكَ فَيَقُولُ: مَنْ تَنْظُرُونَ؟ فَيَقُولُونَ: نَنْظُرُ رَبّنَا. فَيَقُولُ: أَنَا رَبّكُمْ. فَيَقُولُونَ: حَتّى نَنْظُرَ إِلَيْكَ. فَيَتَجَلّى لَهُمْ يَضْحَكُ. قالَ فَيَنْطَلِقُ بِهِمْ وَيَتّبِعُونَهُ. وَيُعْطَى كُلّ إِنْسَانٍ مِنْهُمْ، مُنَافِقٍ أَوْ مُؤْمِنٍ، نُوراً. ثُمّ يَتّبِعُونَهُ. وَعَلَى جِسْرِ جَهَنّمَ كَلاَلِيبُ وَحَسَكٌ. تَأْخُذُ مَنْ شَاءَ اللهُ. ثُمّ يُطْفَأُ نُورُ الْمُنَافِقِينَ. ثُمّ يَنْجُو الْمُؤْمِنُونَ. فَتَنْجُو أَوّلُ زُمْرَةٍ وَجُوهُهُمْ كَالْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ. سَبْعُونَ أَلْفاً لاَ يُحَاسَبُونَ. ثُمّ الّذِينَ يَلُونَهُمْ كَأَضْوَإِ نَجْمٍ فِي السّمَاءِ. ثُمّ كَذَلِكَ. ثُمّ تَحِلّ الشّفَاعَةُ. وَيَشْفَعُونَ حَتّى يَخْرُجَ مِنَ النّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ. وَكَانَ فِي قَلْبِهِ مِنَ الْخَيْرِ مَا يَزِنُ شَعِيرَةً. فَيُجْعَلُونَ بِفِنَاءِ الْجَنّةِ. وَيَجْعَلُ أَهْلُ الْجَنّةِ يَرُشّونَ عَلَيْهِمُ الْمَاءَ حَتّى يَنْبُتُوا نَبَاتَ الشّيْءِ فِي السّيْلِ. وَيَذْهَبُ حُرَاقُهُ. ثُمّ يُسْأَلُ حَتّى تُجْعَلَ لَهُ الدّنْيَا وَعَشَرَةُ أَمْثَالِهَا مَعَهَا.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ دەۋزەخكە بارماي قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇمۇنداق دېدى؛ بىز قىيامەت كۈنى مۇنداق،مۇنداق جايلاردىن كىلىمىز، قارا!يەنى بارلىق كىشلەردىن يۇقىرى تۇرىمىز، ئۇممەتلەر ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرى بىلەن چاقىرلىدۇ، باشتىن باشلاپ چاقىرلىدۇ، ئاندىن شۇنىڭدىن كيين رەببىمىز بىزگە كىلىپ؛ كىمگە ئىنتىزار بولۇۋاتىسلەر؟دەيدۇ، ئۇلار؛ رەببىمىزگە دەيدۇ، **الله** ؛ مانا مەن رەببىڭلار بۇلىمەن دەيدۇ، ئۇلار؛ بىز سىلىگىلا ئىنتىزار بولغان ئىدۇق دەيدۇ، **الله** ئۇلارغا كۈلگەن ھالدا تەجەللىي قىلىپ ئاشكارا بۇلىدۇ، ئاندىن ئۇلار **الله** قا ئەگىشىدۇ، ئۇلاردىن مەيلى مۇناپىق بولسۇن، مەيلى مۆئمىن بولسۇن ھەر بىر كىشىگە نۇر بىرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار شۇ نۇرغا ئەگىشىدۇ، جەھەننەمنىڭ كۆۋرىكى ئۈستىدە ئىلمەك تىكەنلەر باربۇلۇپ، ئۇ **الله** خالىغان كىشلەرنى ئېلىۋالىدۇ، ئاندىن مۇناپىقلەرنىڭ نۇرلىرى ئۆچۈرلىپ، مۆئمىنلەر نىجات تاپىدۇ، تۇنجى قېتىم نىجات تېپىپ قۇتۇلغان جامائەتلەرنىڭ يۈزى 14 كۈنلۈك تۇلۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، 70000كىشى ھساپسىزلا (جەننەتكە كىرىدۇ)ئاندىن كيين مەرتىبىدە ئۇلارغا يېقىن تۇرىدىغانلار ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك گۈزەلدۇر، ئاندىن كيين شۇنداق ئىشلار يۈز بىرىپ، شاپائەت قىلىش باشلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى

پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەر،سالىھ مۆئمىنلەر)شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى بىلەن «لائىلاھەئىللەالله»دېگەن، قەلبىدە بىرتال ئارپىنىڭ ۋەزنىچىلىك ياخشىلىقى باربولغان كىشىلەر دەۋزەختىن چىقىرلىپ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئالدىدىكى سەينا مەيدانغا توختۇتىلىدۇ، ئاندىن جەننەت ئەھلى ئۇلارغا ھاياتلىق بۇلىقىدىن سۇ چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆيۈپ كەتكەن تەنلىرى خۇددى سەلدە دان ئۈنگەندەك ئۈنىدۇ، كۆيۈكلىرى يۇقاپ كېتىدۇ، ئاندىن **الله** نىڭ رەھمەت ـ پەزلى سورىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مۇشۇ دۇنيادەك، ۋە ئۇنىڭ ئون ھەسسىدەك بېرىلىدۇ،دېدى.

423 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ عَمْرٍو سَمِعَ جَابِراً يَقُولُ: سَمِعَهُ مِنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِأُذُنِهِ يَقُولُ «إِنّ الله يُخْرِجُ نَاساً مِنَ النّارِ فَيُدْخِلُهُمُ الْجَنّةَ».

424 ـ حدّثنا أَبُو الرّبِيعِ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ قَالَ قُلْتُ لِعَمْرِو بْنِ دِينَارٍ: أَسَمِعْتَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ الله يُخْرِجُ قَوْماً مِنَ النّارِ بِالشّفَاعَةِ؟» قَالَ: نَعَمْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا نۇرغۇن كىشلەرنى شاپائەت بىلەن( ياكى چاڭگاللاپ) دوۋزاخدىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى.

425 ـ حدّثنا حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا أَبُو أَحْمَدَ الزّبَيْرِيّ. حَدّثَنَا قَيْسُ بْنُ سُلَيْمٍ الْعَنْبَرِيّ. قَالَ: حَدّثَنِي يَزِيدُ الْفَقِيرُ. حَدّثَنَا جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ قَوْماً يُخْرَجُونَ مِنَ النّارِ يَحْتَرِقُونَ فِيهَا، إِلاّ دَارَاتِ وُجُوهِهِمْ، حَتّى يَدْخُلُونَ الْجَنّةَ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخدىن چىقىدىغان قەۋملەرنىڭ ھەممە يېرى دوۋزاختا كۆيسىمۇ لېكىن، ئۇلار جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىمۇ كۆيمەيدۇ، يەنى يۈزى ساق قالىدۇ، مۇسلىم، 281 _ ھەدىس، بۇخارى 6073 _ ھەدىس، تىرمىزى، 2522 _ ھەدىس، ئەھمەد 13792 _ ھەدىس، سەھىھ.

426 ـ وحدّثنا حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا الْفَضْلُ بْنُ دُكَيْنٍ. حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ (يَعْنِي مُحَمّدَ بْنَ أَبِي أَيّوبَ) قَالَ: حَدّثَنِي يَزِيْدُ الْفَقِيرُ، قَالَ: كُنْتُ قَدْ شَغَفَنِي رَأْيٌ مِنْ رَأْيِ الْخَوَارِجِ. فَخَرَجْنَا فِي عِصَابَةٍ ذَوِي عَدَدٍ نُرِيدُ أَنْ نَحُجّ. ثُمّ نَخْرُجَ عَلَى النّاسِ. قَالَ: فَمَرَرْنَا عَلَى الْمَدِينَةِ فَإِذَا جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ يُحَدّثُ الْقَوْمَ. جَالِسٌ إِلَى سَارِيَةٍ. عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَإِذَا هُوَ قَدْ ذَكَرَ الْجَهَنّمِيّينَ. قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: يَا صَاحِبَ رَسُولِ اللّهِ مَا هَذَا الّذِي تُحَدّثُونَ؟ وَالله يَقُولُ: {إِنّكَ مَنْ تُدْخِلِ النّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ} (آل عمران الآية: 192) وَ {كُلّمَا أَرَادُوا أَنْ يَخْرُجُوا مِنْهَا أُعِيدُوا فِيهَا} (السجدة الآية: 20) فَمَا هَذَا الّذِي تَقُولُونَ؟ قَالَ: فَقَالَ: أَتَقْرَأُ الْقُرْآنَ؟ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: فَهَلْ سَمِعْتَ بِمَقَامِ مُحَمّدٍ عَلَيْهِ السّلاَمُ (يَعْنِي الّذِي يَبْعَثُهُ الله فِيهِ)؟ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: فَإِنّهُ مَقَامُ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم الْمَحْمُودُ الّذِي يُخْرِجُ الله بِهِ مَنْ يُخْرِجُ. قَالَ: ثُمّ نَعَتَ وَضْعَ الصّرَاطِ وَمَرّ النّاسِ عَلَيْهِ. قَالَ: وَأَخَافُ أَنْ لاَ أَكُونَ أَحْفَظُ ذَاكَ. قَالَ: غَيْرَ أَنّهُ قَدْ زَعَمَ أَنّ قَوْماً يَخْرُجُونَ مِنَ النّارِ بَعْدَ أَنْ يَكُونُوا فِيهَا. قَالَ: يَعْنِي فَيَخْرُجُونَ كَأَنّهُمْ عِيدَانُ السّمَاسِمِ. قَالَ: فَيَدْخُلُونَ نَهْراً مِنْ أَنْهَارِ الْجَنّةِ فَيَغْتَسِلُونَ فِيهِ. فَيَخْرُجُونَ كَأَنّهُمُ الْقَرَاطِيسُ. فَرَجَعْنَا قُلْنَا: وَيْحَكُمْ أَتُرَوْنَ الشّيْخَ يَكْذِبُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَرَجَعْنَا. فَلاَ وَالله مَا خَرَجَ مِنّا غَيْرُ رَجُلٍ وَاحِدٍ أَوْ كَمَا قَالَ أَبُو نُعَيْمٍ.

يەزىد مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى خاۋارىجلارنىڭ كۆز قارىشىنى خالايدىغانلارنىڭ كۆز قارىشى بەكلا ھەيران قالدۇراتتى، (يەنى چوڭ گۇناھ قىلغانلار دەۋزەختىن چىقماي مەڭگۈقېلىش كۆز قارىشى)بىز نۇرغۇن كىشلەر ئارىسىدا ھەجنى مەقسەت قىلىپ چىقتۇق، ئاندىن بىز كىشلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ، مەدىنىدىن ئۆتتۇق، ناگاھان جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قەۋملەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋېتىپتۇ، تۇيۇقسىز ئۇ دەۋزەختىن چىقىرلىدىغان ، جەھەننەمىيۇن دەپ ئاتىلىدىغان كىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، مەن؛ ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىسى!كىشلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىڭلار نىمەئۇ؟ **الله** تائالا قۇرئاندا:« سىلى دەۋزەخكە كىرگۈزگەن كىشنى شەكسىز خارلىغان بۇلىلا.....»«ئۇلار ھەرقېتىم دەۋزەختىن چىقىشنى ئىرادە

قىلغاندا، يەنە ئاستىغا قايتۇرۇلىدۇ...»دېگەن تۇرسا، سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟دېدىم، ئۇ؛سەن قۇرئان ئوقۇمسەن؟ دېدى، مەن؛ ھەئە دېسەم، ئۇ؛ سەن **الله** تائالانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەقامەممەھمۇداغا ئەۋەتىشىنى ئاڭلىغانمۇ؟دېدى، مەن ھەئە دېسەم، ئۇ؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىلىك ئورنىكى، **الله** تائالا ئۇنىڭ شاپائىتى بىلەن دوۋزەختىن نۇرغۇن كىشىلەرنى چىقىرىدۇدەپ، ئاندىن سىرات كۆۋرىكىنىڭ دوۋزەخ ئۈستىگە قويۇلىشىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىشىنى سۆپەتلىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يادا ئالالماسلىقىمدىن ئەنسىرىدىم، لېكىن ئۇ مۇنداق بىر سۆزنى قىلدى؛ نۇرغۇن قەۋملەر دوۋزەخكە تاشلانغاندىن كېيىن شاپائەت بىلەن دوۋزەختىن چىقىرلىدۇ، ئۇلار خۇددى كۈنجۈتنىڭ قارا ياغىچىدەك، كۆيۈپ قاراداپ كەتكەن ھالدا چىقىدۇ، ئاندىن ئۇلار جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدىن بىر ئۆستەڭگە چۈشۈپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن خۇددى قەغەزدەك ئاپئاق ھالدا چىقىدۇ، دېدى، ئاندىن بىز ھەجدىن قايتتۇق، سىلەرگە ۋايدۇر، سىلەرچە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن بۇ قېرى شەيخ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغان سۆزلەمدۇ؟(يەنى ياق،ساھابە دېگەن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ)**الله** بىلەن قەسەمكى، بىزدىن بىركىشىدىن باشقا ھېچ بىركىشى خاۋارىج بولمىدى، ھەممىز ئۇخىل كۆز قاراشتىن تۆۋبە قىلدۇق، پەقەت بىرلا كىشى خاۋارىجلارنىڭ قارىشىدا قالدى.

**427 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ الأَزْدِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ أَبِي عِمْرَانُ وَثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَخْرُجُ مِنَ النّارِ أَرْبَعَةٌ فَيُعْرَضُونَ عَلَى الله. فَيَلْتَفِتُ أَحَدُهُمْ فَيَقُولُ: أَيْ رَبّ إِذْ أَخْرَجْتَنِي مِنْهَا فَلاَ تُعِدْنِي فِيهَا. فَيُنْجِيهِ الله مِنْهَا».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەلۇم سەۋەبلەردىن دوۋزاخدىن تۆت كىشى چىقىپ، ئۇلار ئاللاھقا تەڭلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرسى ئارقىسغا قاراپ: ئى رەببىم ئاللاھ! مېنى دوۋزاخدىن چىقارغان ئىكەنسەن، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا قايتۇرمىساڭ، مەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن قۇتقۇزىدۇ. مۇسلىم 283 ـ ھەدىس، يەنى توققۇز كىتاپ پىلاستىنكىسىدىكى،ئەھمەد 12835 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**428 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنِ الْجَحْدَرِيّ، وَ مُحمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ (وَاللّفْظُ لأَبِي كَامِلٍ). قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَجْمَعُ الله النّاسَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيَهْتَمّونَ لِذَلِكَ (وَقَالَ ابْنُ عُبَيْدٍ: فَيُلْهَمُونَ لِذَلِكَ) فَيَقُولُونَ: لَوِ اسْتَشْفَعْنَا عَلَى رَبّنَا حَتّى يُرِيحَنَا مِنْ مَكَانِنَا هَذَا قَالَ: فَيَأْتُونَ آدَمَ صلى الله عليه وسلم فَيَقُولُونَ: أَنْتَ آدَمُ أَبُو الْخَلْق. خَلَقَكَ الله بِيَدِهِ وَنَفَخَ فِيكَ مِنْ رُوحِهِ. وَأَمَرَ الْمَلاَئِكَةَ فَسَجَدُوا لَكَ. اشْفَعْ لَنَا عِنْدَ رَبّكَ حَتّى يُرِيحَنَا مِنْ مَكَانِنَا هَذَا. فَيَقُولُ: لَسْتُ هُنَاكُمْ. فَيَذْكُرُ خَطِيئَتَهُ الّتِي أَصَابَ. فَيَسْتَحِي رَبّهُ مِنْهَا. وَلَكِنِ ائْتُوا نُوحاً. أَوّلَ رَسُولٍ بَعَثَهُ الله. قَالَ: فَيَأْتُونَ نُوحاً صلى الله عليه وسلم. فَيَقُولُ: لَسْتُ هُنَاكُمْ. فَيَذْكُرُ خَطِيئَتَهُ الّتِي أَصَابَ فَيَسْتَحْيِي رَبّهُ مِنْهَا. وَلَكِنِ ائْتُوا إِبْرَاهِيمَ صلى الله عليه وسلم الّذِي اتّخَذَهُ الله خَلِيلاً. فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ صلى الله عليه وسلم فَيَقُولُ: لَسْتُ هُنَاكُمْ. وَيَذْكُرُ خَطِيئَتَهُ الّتِي أَصَابَ فَيَسْتَحْيِي رَبّهُ مِنْهَا. وَلَكِنِ ائْتُوا مُوسَىَ صلى الله عليه وسلم. الّذِي كَلّمَهُ الله وَأَعْطَاهُ التّوْرَاةَ. قَالَ: فَيَأْتُونَ مُوسَىَ عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَيَقُولُ: لَسْتُ هُنَاكُمْ. وَيَذْكُرُ خَطِيئَتَهُ الّتِي أَصَابَ فَيَسْتَحْيِي رَبّهُ مِنْهَا. وَلَكِنِ ائْتُوا عِيسَى رُوحَ الله وَكَلِمَتَهُ. فَيَأْتُونَ عِيسَى رُوحَ الله وَكَلِمَتَهُ. فَيَقُولُ: لَسْتُ هُنَاكُمْ. وَلَكِنِ ائْتُوا مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم. عَبْداً غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِهِ وَمَا تَأَخّرَ». قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَيَأْتُونِي. فَأَسْتَأْذِنُ عَلَى رَبّي فَيُؤْذَنُ لِي. فَإِذَا أَنَا رَأَيْتُهُ وَقَعْتُ سَاجِداً. فَيَدَعُنِي مَا شَاءَ الله. فَيُقَالُ: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. قُلْ تُسْمَعْ. سَلْ تُعْطَهْ. اشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَرْفَعُ رَأْسِي. فَأَحْمَدُ رَبّي بِتَحْمِيدٍ يُعَلّمُنِيهِ رَبّي. ثُمّ أَشْفَعُ. فَيَحُدّ لِي حَدّاً فَأُخْرِجُ مِنَ النّارِ، وَأُدْخِلُهُمُ الْجَنّةَ. ثُمّ أَعُودُ فَأَقَعُ سَاجِداً. فَيَدَعُنِي مَا شَاءَ الله أَنْ يَدَعَنِي ثُمّ يُقَالُ: ارْفَعْ رَأْسَكَ يَا مُحَمّدُ قُلْ تُسْمَعْ. سَلْ تُعْطَهْ. اشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَرْفَعُ رَأْسِي. فَأَحْمَدُ رَبّي بِتَحْمِيدٍ يُعَلّمُنِيهِ. ثُمّ أَشْفَعُ. فَيَحُدّ لِي حَدّاً فَأُخْرِجُهُمْ مِنَ النّارِ. وَأُدْخِلُهُمُ الْجَنّةَ. (قَالَ: فَلاَ أَدْرِي فِي الثّالِثَةِ أَوْ فِي الرّابِعَةِ قَالَ) يَا رَبّ مَا بَقِيَ فِي النّارِ إِلاّ مَنْ حَبَسَهُ الْقُرْآنُ أَيْ وَجَبَ عَلَيْهِ الْخُلُودُ» (قَالَ ابْنُ عُبَيْدٍ فِي رِوَايَتِهِ: قَالَ قَتَادَةُ: أَيْ وَجَبَ عَلَيْهِ الْخُلُودُ).**

**429 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى، وَمُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ أبي عَدِيَ عَنْ سَعِيدٍ، عَنِ قتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَجْتَمِعُ الْمُؤْمِنُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَيهْتَمّونَ بِذَلِكَ (أَوْ يُلْهَمُونَ ذَلِكَ)» بِمِثْلِ حَدِيثِ أبي عَوَانَةَ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ «ثُمّ آتِيهِ الرّابعَةَ (أَوْ أعُودُ الرّابعَةَ) فَأقُولُ: يَا رَبّ مَا بَقِيَ إلاّ مَنْ حَبَسَهُ الْقُرْآنُ».**

**430 ـ حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. قَالَ: حَدّثَنِي أبي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَجْمَعُ اللّهُ الْمؤمِنِينَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُلْهَمُونَ لِذَلِكَ» بِمِثْلِ حَدِيثِهِمَا. وَذَكَرَ فِي الرّابعَةِ «فَأَقُولُ: يَا رَبّ، مَا بَقِيَ فِي النّارِ إلاّ مَنْ حَبَسَهُ الْقُرْآنُ. أيْ وَجَبَ عَلَيْهِ الْخُلُودُ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر بىر مەيداندا توختۇتۇلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن قاتتىق غەم قىلىپ؛ رەببىمىزدىن شاپائەت تەلەپ قىلساق، بىزنى بۇغەم ـ قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلىپ راھەتلەندۈرسە دەپ، ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ سىلى كىشىلەرنىڭ دادىسى بولغان، **الله** ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، جەننىتىدە تۇرغۇزغان، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن ئادەم ئاتا بولىلا، بىزگە رەببىلىرىنىڭ نەزىلىدە شاپائەت قىلغان بولسىلا، رەببىمىز بىزنى بۇغەم ـ قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلىپ راھەتلەندۈرسە دەيدۇ، ئۇ؛ مەن بۇجايدا شاپائەت قىلىشقا لايىق ئەمەس دەپ، چەكلەنگەن دەرەختىن يەپ قالغان خاتالىقىنى ئەسلەپ؛ لېكىن سىلەر، **الله** تائالا زېمىنغا تۇنجى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن نوھنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار بارسا، نوھ ئەلەيھىسسالام رەببىدىن ئىلمىسىز سوراپ سالغان سوئال خاتالىقىنى ئەسلەپ؛ مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس، لېكىن سىلەر رەھمان تائالانىڭ يېقىن دوستى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار كەلسە، بۇمۇ ھەق ئۈچۈن سۆزلەپ سالغان ئۈچ يالغان سۆزىنى ئەسلەپ؛ مەن بۇنىڭغا لايىق ئەمەس، لېكىن سىلەر **الله** تائالا تەۋرات بەرگەن، مۇناجاتىغا يېقىن قىلىپ، سۆز قىلغان بەندىسى مۇسانىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار بارسا، ئۇمۇ؛ قىبتىيلىق بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان خاتالىقىنى تىلغا ئېلىپ؛ مەن بۇجايدا شاپائەت قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن، لېكىن سىلەر **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، كەلىمىسى بولغان ئەيسا رۇھۇ**الله** نىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ،ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، ئۇ؛ سىلەر، **الله** تائالا ئىلگىرى ـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن بەندە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ، مەن رەببىمنىڭ (مەندىن باشقا ھېچ بىر كىشى كىرەلمەيدىغان)خاس جايىغا كىرىشىمگە ئىزنى سورايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنىدۇ، مەن رەببىمنى كۆرگەندە سەجدىگە يىقىلىمەن، **الله** مېنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدىدە قالدۇرىدۇ، ئاندىن ماڭا؛ ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سۆزۈڭنى دېگىن، سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، سورىغىن، سورىغىنىڭ بېرىلىدۇ دەيدۇ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، **الله** ماڭا ئۆگەتكەن ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شاپائەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا دوۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان كىشىلەر بەلگىلىنىدۇ، مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كېلىپ؛ مەن رەببىمنىڭ (مەندىن باشقا ھېچ بىر كىشى كىرەلمەيدىغان)خاس دارىغا كىرىشىمگە ئىزنى سورايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنىدۇ، مەن رەببىمنى كۆرگەندە سەجدىگە يىقىلىمەن، **الله** مېنى ئۆزى خالىغان مۇددەتكىچە سەجدىدە قالدۇرىدۇ، ئاندىن ماڭا؛ ئى مۇھەممەد! بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سۆزۈڭنى دېگىن، سۆزۈڭ ئاڭلىنىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ، سورىغىن، سورىغىنىڭ بېرىلىدۇ دەيدۇ، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، **الله** ماڭا ئۆگەتكەن ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شاپائەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىمەن، ماڭا دوۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان كىشىلەر بەلگىلىنىدۇ، مەن ئۇلارنى جەننەتكە

كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى قېتىم قايتىپ كېلىپ؛يەنە شۇنداق قىلىمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، مەن يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن، دەۋزەختە پەقەت قۇرئان كەرىم توختۇتۇپ قويغان يەنى دەۋزەختە مەڭگۈ قېلىشى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرلا قېلىپ قالىدۇ، ئاندىن«سىنى رەببىڭ مەقامەممەھمۇداغا ئەۋەتىشى مۇمكىن.....»دېگەن ئايەتنى ئۇقۇپ؛مانا بۇ شاپائەت قىلىش ئورنى، رەببىڭلار پەيغەمبىرىڭلارغا ۋەدە قىلغان مەقامەممەھمۇدا شۇدۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

431 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ مِنْهالٍ الضّرِيرُ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي عَرُوبَةَ وَهِشَامٌ صَاحِبُ الدّسْتَوَائِيّ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثَنِي أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَمُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. قَالاَ: حَدّثَنَا مُعَاذٌ، وَهُو ابْنُ هِشَامٍ، قَالَ: حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَخْرُجُ مِنَ النّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، وَكَانَ فِي قَلْبِهِ مِنَ الْخَيْرِ مَا يَزِنُ شَعِيرَةً. ثُمّ يَخْرُجُ مِنَ النّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَكَانَ فِي قَلْبِهِ مِنَ الْخَيْرِ مَا يَزِنُ بُرّةً. ثُمّ يَخْرُجُ مِنَ النّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَكَانَ فِي قَلْبِهِ مِنَ الْخَيْرِ مَا يَزِنُ ذَرّةً».

زَادَ ابْنُ مِنْهَالٍ فِي رِوَايَتِهِ: قَالَ يَزِيدُ: فَلَقِيتُ شُعْبَةَ فَحَدّثْتُهُ بِالْحَدِيثِ. فَقَالَ شُعْبَةُ: حَدّثَنَا بِهِ قَتَادَةُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِالْحَدِيثِ إِلاّ أَنّ شُعْبَةَ جَعَلَ مَكَانَ الذّرّةِ، ذُرَةً، قَالَ يَزِيدُ: صَحّفَ فِيهَا أَبُو بِسْطَامٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگەن، ۋە قەلبىدە بىر تال ئارپا چاغلىق ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە بىر تال بۇغداينىڭ ۋەزنىگە توغرا كەلگەنچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئىلەرمۇ توپلىغان، سەھىھ

432 ـ حدّثنا أَبُو الرّبِيعِ الْعَتَكِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. حَدّثَنَا مَعْبَدُ بْنُ هِلاَلٍ الْعَنَزِيّ. ح وَحَدّثَنَاهُ سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. حَدّثَنَا مَعْبَدُ بْنُ هِلاَلٍ الْعَنْزِيّ قَالَ: انْطَلَقْنَا إِلَى أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ وَتَشَفّعْنَا بِثَابِتٍ. فَانْتَهَيْنَا إِلَيْهِ وَهُوَ يُصَلّي الضّحَى. فَاسْتَأْذَنَ لَنَا ثَابِتٌ. فَدَخَلْنَا عَلَيْهِ. وَأَجْلَسَ ثَابِتاً مَعَهُ عَلَى سَرِيرِهِ. فَقَالَ لَهُ: يَا أَبَا حَمْزَةَ إِنّ إِخْوَانَكَ مِنْ أَهْلِ الْبَصْرَةِ يَسْأَلُونَكَ أَنْ تُحَدّثَهُمْ حَدِيثَ الشّفَاعَةِ. قَالَ: حَدّثَنَا مُحَمّدٌ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ مَاجَ النّاسُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ. فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ لَهُ: اشْفَعْ لِذُرّيّتِكَ. فَيَقُولُ: لَسْتُ لَهَا. وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِإِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَإِنّهُ خَلِيلُ الله. فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ. فَيَقُولُ: لَسْتُ لَهَا. وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِمُوسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَإِنّهُ كَلِيمُ الله. فَيُؤْتَى مُوسَى فَيَقُولُ: لَسْتُ لَهَا. وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِعِيسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَإِنّهُ رُوحُ الله وَكَلِمَتُهُ. فَيُؤْتَى عِيسَى. فَيَقُولُ: لَسْتُ لَهَا. وَلَكِنْ عَلَيْكُمْ بِمُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. فَأُوتَى فَأَقُولُ: أَنَا لَهَا. فَأَنْطَلِقُ فَأَسْتَأْذِنُ عَلَى رَبّي. فَيُؤْذَنُ لِي. فَأَقُومُ بَيْنَ يَدَيْهِ. فَأَحْمَدُهُ بِمَحَامِدَ لاَ أَقْدِرُ عَلَيْهِ الآنَ. يُلْهِمُنِيهِ الله. ثُمّ أَخِرّ لَهُ سَاجِداً. فَيُقَالُ لِي: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ. وَسَلْ تُعْطَهْ. وَاشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَقُولُ: رَبّ أُمّتِي. أُمّتِي. فَيُقَالُ: انْطَلِقْ. فَمَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبّةٍ مِنْ بُرّةٍ أَوْ شَعِيرَةٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجْهُ مِنْهَا. فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ. ثُمّ أَرْجِعُ إِلَى رَبّي فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ ثُمّ أَخِرّ لَهُ سَاجِداً. فَيُقَالُ لِي: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ. وَسَلْ تُعْطَهْ. وَاشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَقُولُ: أُمّتِي. أُمّتِي. فَيُقَالُ لِيَ: انْطَلِقْ. فَمَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجْهُ مِنْهَا. فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ. ثُمّ أَعُودُ إِلَى رَبّي فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ. ثُمّ أَخِرّ لَهُ سَاجِداً. فَيُقَالُ لِي: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ. وَسَلْ تُعْطَهْ. وَاشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَقُولُ: يَا رَبّ أُمّتِي. أُمّتِي. فَيُقَالُ لِيَ: انْطَلِقْ. فَمَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ أَدْنَى أَدْنَى أَدْنَى مِنْ مِثْقَالِ حَبّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ مِنْ إِيمَانٍ فَأَخْرِجْهُ مِنَ النّارِ. فَأَنْطَلِقُ فَأَفْعَلُ». هَذَا حَدِيثُ أَنَسٍ الّذِي أَنْبَأَنَا بِهِ. فَخَرَجْنَا مِنْ عِنْدِهِ. فَلَمّا كُنّا بِظَهْرِ الْجَبّانِ قُلْنَا: لَوْ مِلْنَا إِلَى الْحَسَنِ فَسَلّمْنَا عَلَيْهِ، وَهُوَ مُسْتَخْفٍ فِي دَارِ أَبِي خَلِيفَةَ. قَالَ فَدَخَلْنَا عَلَيْهِ فَسَلّمْنَا عَلَيْهِ. فَقُلْنَا: يَا أَبَا سَعِيدٍ جِئْنَا مِنْ عِنْدِ أَخِيكَ أَبِي حَمْزَةَ. فَلَمْ نَسْمَعْ مِثْلَ حَدِيثٍ حَدّثَنَاهُ فِي الشّفَاعَةِ. قَالَ: هِيهِ فَحَدّثْنَاهُ الْحَدِيثَ. فَقَالَ: هِيهِ قُلْنَا: مَا زَادَنَا. قَالَ: قَدْ حَدّثَنَا بِهِ مُنْذُ عِشْرِينَ سَنَةً وَهُوَ يَوْمَئِذٍ جَمِيعٌ وَلَقَدْ تَرَكَ شَيْئاً مَا أَدْرِي أَنَسِيَ الشّيْخُ أَوْ كَرِهَ أَنْ يُحَدّثَكُمْ فَتَتّكِلُوا. قُلْنَا لَهُ: حَدّثْنَا. فَضَحِكَ وَقَالَ: خُلِقَ الأَنْسَانُ مِنْ عَجَلٍ. مَا ذَكَرْتُ لَكُمْ هَذَا إِلاّ وَأَنَا أُرِيدُ أَنْ أُحَدّثَكُمُوهُ. «ثُمّ أَرْجِعُ إِلَى رَبّي فِي الرّابِعَةِ فَأَحْمَدُهُ بِتِلْكَ الْمَحَامِدِ. ثُمّ أَخِرّ لَهُ سَاجِداً. فَيُقَالُ لِي: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. وَقُلْ يُسْمَعْ لَكَ. وَسَلْ تُعْطَ. وَاشْفَعْ تُشَفّعْ. «فَأَقُولُ: يَا رَبّ ائْذَنْ لِي فِيمَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. قَالَ: لَيْسَ ذَاكَ لَكَ (أَوْ قَالَ لَيْسَ ذَاكَ إِلَيْكَ) وَلَكِنْ، وَعِزّتِي وَكِبْرِيَائِي وَعَظَمَتِي وَجِبْرِيَائِي لأُخْرِجَنّ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله».

قَالَ فَأَشْهَدُ عَلَى الْحَسَنِ أَنّهُ حَدّثَنَا بِهِ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ، أُرَاهُ قَالَ قَبْلَ عِشْرِينَ سَنَةً، وَهُوَ يَوْمَئِذٍ جَمِيعٌ.

433 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَمُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاتّفقا فِي سِياقِ الْحَدِيثِ، إلاّ مَا يَزِيدُ أَحَدُهُمَا مِنَ الْحَرْفِ بَعْدَ الْحرْفِ) قالاَ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثنَا أَبُو حَيّانَ عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: أُتِيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً بِلَحْمٍ. فَرُفِعَ إِلَيْهِ الذّرَاعُ وَكَانَتْ تُعْجِبُهُ فَنَهَسَ مِنْهَا نَهْسَةً فَقَالَ: «أَنَا سَيّدُ النّاسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَهَلْ تَدْرُونَ بِمَ ذَاكَ؟ يَجْمَعُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الأَوّلِينَ وَالآخِرِينَ فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ. فَيُسْمِعُهُمُ الدّاعِي وَيَنْفُذُهُمُ الْبَصَرُ. وَتَدْنُو الشّمْسُ فَيَبْلُغُ النّاسَ مِنَ الْغَمّ وَالْكَرْبِ مَا لاَ يُطِيقُونَ. وَمَا لاَ يَحْتَمِلُونَ. فَيَقُولُ بَعْضُ النّاسِ لِبَعْضٍ: أَلاَ تَرَوْنَ مَا أَنْتُمْ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَوْنَ مَا قَدْ بَلَغَكُمْ؟ أَلاَ تَنْظُرُونَ مَنْ يَشْفَعُ لَكُمْ إِلَى رَبّكُمْ؟ فَيَقُولُ بَعْضُ النّاسِ لِبَعْضٍ: ائْتُوا آدَمَ. فَيَأْتُونَ آدَمَ. فَيَقُولُونَ: يَا آدَمُ أَنْتَ أَبُو الْبَشَرِ. خَلَقَكَ الله بِيَدِهِ وَنَفَخَ فِيكَ مِنْ رُوحِهِ وَأَمَرَ الْمَلاَئِكَةَ فَسَجَدُوا لَكَ. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى إِلَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَيَقُولُ آدَمُ: إِنّ رَبّي غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ. وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ. وَإِنّهُ نَهَانِي عَنِ الشّجَرَةِ فَعَصَيْتُهُ. نَفْسِي. نَفْسِي. اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي. اذْهَبُوا إِلَى نُوحٍ. فَيَأْتُونَ نُوحاً فَيَقُولُونَ: يَا نُوحُ أَنْتَ أَوّلُ الرّسُلِ إِلَى الأَرْضِ. وَسَمّاكَ الله عَبْداً شَكُوراً. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَيَقُولُ لَهُمْ: إِنّ رَبّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ، وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ. وَإِنّهُ قَدْ كَانَتْ لِي دَعْوَةٌ دَعَوْتُ بِهَا عَلَى قَوْمِي. نَفْسِي. نَفْسِي. اذْهَبُوا إِلَى إِبْرَاهِيمَ صلى الله عليه وسلم. فَيَأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ فَيَقُولُونَ: أَنْتَ نَبِيّ اللّهِ وَخَلِيلُهُ مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى إِلَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَيَقُولُ لَهُمْ إِبْرَاهِيمُ: إِنّ رَبّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلاَ يَغْضَبُ بَعْدَهُ مِثْلَهُ. وَذَكَرَ كَذِبَاتِهِ. نَفْسِي. نَفْسِي. اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي، اذْهَبُوا إِلَى مُوسَى. فَيَأْتُونَ مُوسَى صلى الله عليه وسلم فَيَقُولُونَ: يَا مُوسَى أَنْتَ رَسُولُ اللّهِ. فَضّلَكَ الله، بِرِسَالاَتِهِ وَبِتَكْلِيمِهِ، عَلَى النّاسِ. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَيَقُولُ لَهُمْ مُوسَى صلى الله عليه وسلم: إِنّ رَبّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ. وَإِنّي قَتَلْتُ نَفْساً لَمْ أُومَرْ بِقَتْلِهَا. نَفْسِي. نَفْسِي. اذْهَبُوا إِلَى عِيسَى صلى الله عليه وسلم. فَيَأْتُونَ عِيسَى فَيَقُولُونَ: يَا عِيسَى أَنْتَ رَسُولُ اللّهِ، وَكَلّمْتَ النّاسَ فِي الْمَهْدِ، وَكَلِمَةٌ مِنْهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ، وَرُوحٌ مِنْهُ. فَاشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَيَقُولُ لَهُمْ عِيسَى صلى الله عليه وسلم: إِنّ رَبّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ لَهُ ذَنْباً. نَفْسِي. نَفْسِي. اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي. إذْهَبُوا إِلَى مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. فَيَأْتُونّي فَيَقُولُونَ: يَا مُحَمّدُ أَنْتَ رَسُولُ اللّهِ وَخَاتَمُ الأَنْبِيَاءِ. وَغَفَرَ الله لَكَ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأَخّرَ. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبّكَ. أَلاَ تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ أَلاَ تَرَى مَا قَدْ بَلَغَنَا؟ فَأَنْطَلِقُ فَآتِي تَحْتَ الْعَرْشِ فَأَقَعُ سَاجِداً لِرَبّي. ثُمّ يَفْتَحُ الله عَلَيّ وَيُلْهِمُنِي مِنْ مَحَامِدِهِ وَحُسْنِ الثّنَاءِ عَلَيْهِ شَيْئاً لَمْ يَفْتَحْهُ لأَحَدٍ قَبْلِي. ثُمّ يُقَالُ: يَا مُحَمّدُ ارْفَعْ رَأْسَكَ. سَلْ تُعْطَهْ. اشْفَعْ تُشَفّعْ. فَأَرْفَعُ رَأْسِي فَأَقُولُ: يَا رَبّ أُمّتِي. أُمّتِي. فَيُقَالُ: يَا مُحَمّدُ أَدْخِلِ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِكَ، مَنْ لاَ حِسَابَ عَلَيْهِ، مِنَ الْبَابِ الأَيْمَنِ مِنْ أَبْوَابِ الْجَنّةِ. وَهُمْ شُرَكَاءُ النّاسِ. فِيمَا سِوَى ذَلِكَ مِنَ الأَبْوَابِ. وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ إِنّ مَا بَيْنَ الْمِصْرَاعَيْنِ مِنْ مَصَارِيعِ الْجَنّةِ لَكَمَا بَيْنَ مَكّةَ وَهَجَرٍ. أَوْ كَمَا بَيْنَ مَكّةَ وَبُصْرَى».

434 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: وُضِعَتْ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَصْعَةٌ مِنْ ثَرِيدٍ وَلَحْمٍ. فَتَنَاوَلَ الذّرَاعَ. وَكَانَتْ أَحَبّ الشّاةِ إِلَيْهِ. فَنَهَسَ نَهْسَةً فَقَالَ «أَنَا سَيّدُ النّاسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» ثُمّ نَهَسَ أُخْرَى فَقَالَ: «أَنَا سَيّدُ النّاسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» فَلَمّا رَأَى أَصْحَابَهُ لاَ يَسْأَلُونَهُ قَالَ: «أَلاَ تَقُولُونَ كَيْفَهُ؟» قَالُوا: كَيْفَهْ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ «يَقُومُ النّاسُ لِرَبّ الْعَالَمِينَ» وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ أَبِي حَيّانَ عَنْ أَبِي زُرْعَةَ. وَزَادَ فِي قِصّةِ إِبْرَاهِيمَ فَقَالَ. وَذَكَرَ قَوْلَهُ فِي الْكَوْكَبِ: هَذَا: رَبّي. وَقَوْلَهُ لآلِهَتِهِمْ: بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَذَا. وَقَوْلَهُ: إِنّي سَقِيمٌ. قَالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ إِنّ مَا بَيْنَ الْمِصْرَاعَيْنِ مِنْ مَصَارِيعِ الْجَنّةِ إِلَى عِضَادَتَيِ الْبَابِ لَكَمَا بَيْنَ مَكّةَ وَهَجَرٍ أَوْ هَجَرٍ وَمَكّةَ». قَالَ: لاَ أَدْرِي أَيّ ذَلِكَ قَالَ.

ھەسەن بەسەرى، ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينىڭ ئالدى قولىنىڭ گۆشىدىن غاجاپ يەۋەتىپ مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت كۈنى ، كىشىلەر پەرۋەردىگارى ئۈچۈن تىرىلىپ قوپۇپ تۇرىدىغان كۈندە، بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن، نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا، ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كىيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قالايمىقان ئېلىشىپ كىتىدۇ، چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپى بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم ــ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دىيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ــ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى

پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، (مەخسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا ؛ ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مىنى دەرەخنى يېيىشدىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زىمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكىر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلىپ قىلساڭ، نۇھ ئەلەيھىسسالام؛ رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنىسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلاردەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زىمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىيلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامدىلا؟ ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىمامدىلا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئىچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ﷲ سىلىنى مەريەم ئانىغا تاشلىغان،سىلى ﷲ نىڭ كۈن دىگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دىمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھدىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم ــ قايغۇغا قارىمامدىلا؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ؛ ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىمامدىلا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ــ ئەلەم، غەيم ــ قايغۇ، قورقۇنجلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا، ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە

قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇ ـ سانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ، (دىمەك، شۇ ھەمدۇ ـ سانا، ئىسىم ئەزىملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇدىيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا جەننەت ئەھلى بولغان كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكدىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ، جېنىم ئىلىكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىدىن ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) مەن شۇ ھەمدۇ ـ سانالارنى ئەيتىپ، سەجدىگە يىقىلىپ، شۇ رۇخسەت سۆزىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە زەررىچىلىك، بىرتال قىچىلىك مىقداردا ئىمانى بار كىشىنى، ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە تۆۋەن يەنە تۆۋەن ئىمانى بار كىشلەرنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ ، جەننەتكە ئەكىرىمەن، مەن بۇشاپائەت ئىشىنى تۆت قېتىم قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا، **الله** تائالا ماڭا؛ «لائىلاھەئىللەاللە» **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دىگەن كىشىنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىش سىنىڭ ئىشىڭلا ئەمەس، لېكىن مەن ئىززىتىم بىلەن، ئۇلۇغلۇقۇم، كاتتىلىقىم، كىبرىيائى ئەزىمىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، «لائىلاھەئىللەاللە» **الله** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دىگەن كىشىنى دەۋزەختىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىمەن دىدى. بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى 3092 ـ، 3111 ـ، 4343 ـ ھەدىس، مۇسلىم 287 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2358 ـ ھەدىس، نەسەئى 1128 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9250 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دىگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن! «تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانملار» دىگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۈلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۈلىنىۋالماي ، بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دىگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان ، شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

**435 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ طرِيفِ بْنِ خَلِيفَةَ الْبَجَلِيّ. حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ. حَدّثَنَا أبُو مَالِكٍ الأشْجَعِيّ عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ وَأبُو مَالِكٍ عَنْ رِبْعِيٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَجْمَعُ الله تَبَارَكَ وَتَعَالَى النّاسَ. فَيَقُومُ الْمُؤْمِنُونَ حَتّى تُزْلَفَ لَهُمُ الْجَنّةُ. فَيَأْتُونَ آدَمَ فَيَقُولُونَ: يَا أبَانَا اسْتَفْتِحْ لَنَا الْجَنّةَ. فَيَقُولُ: وَهَلْ أخْرَجَكُمْ مِنَ الْجَنّةِ إلاّ خَطِيئَةُ أبِيكُمْ آدَمَ لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ. اذْهَبُوا إلَى ابْنِي إبْرَاهِيمَ خَلِيلِ الله. قَالَ فَيَقُولُ إبْرَاهِيمُ: لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ. إنّمَا كُنْتُ خَلِيلاً مِنْ وَرَاءَ وَرَاءَ. اعْمِدُوا إلَى مُوسَى صلى الله عليه وسلم الّذِي كَلّمَهُ الله تَكْلِيماً. فَيَأْتُونَ مُوسَى صلى الله عليه وسلم فَيَقُولُ: لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ. اذْهَبُوا إلَى عِيسَى كَلِمَةِ الله وَرُوحِهِ. فَيَقُولُ عِيسَى صلى الله عليه وسلم: لَسْتُ بِصَاحِبِ ذَلِكَ. فَيَأْتُونَ مُحَمّداً صلى الله عليه وسلم. فَيَقُومُ فَيُؤْذَنُ لَهُ. وَتُرْسَلُ الأمَانَةُ وَالرّحِمُ. فَتَقُومَانِ جَنَبَتَيِ الصّرَاطِ يَمِيناً وَشِمَالاً. فَيَمُرّ أوّلُكُمْ كَالْبَرْقِ» قَالَ قُلْتُ: بِأبِي أنْتَ وَأمّي أيّ شَيْءٍ كَمَرّ الْبَرْقِ؟ قَالَ: «ألَمْ تَرَوْا إلَى الْبَرْقِ كَيْفَ يَمُرّ وَيَرْجِعُ فِي طَرْفَةِ عَيْنٍ؟ ثُمّ كَمَرّ الرّيحِ. ثُمّ كَمَرّ الطّيْرِ وَشَدّ الرّجَالِ. تَجْرِي بِهِمْ أعْمَالُهُمْ. وَنَبِيّكُمْ قَائِمٌ عَلَى الصّرَاطِ يَقُولُ: رَبّ سَلّمْ سَلّمْ. حَتّى تَعْجِزَ أعْمَالُ الْعِبَادِ. حَتّى يَجِيءَ الرّجُلُ فَلاَ يَسْتَطِيعُ السّيْرَ إلاّ زَحْفاً. قَالَ وَفِي حَافَتَيِ الصّرَاطِ كَلاَلِيبُ مُعَلّقَةٌ. مَأْمُورَةٌ بِأخْذِ مَنْ أمِرَتْ بِهِ. فَمَخْدُوشٌ نَاجٍ وَمَكْدُوسٌ فِي النّارِ». وَالّذِي نَفْسُ أبِي هُرَيْرَةَ بِيَدِهِ إنّ قَعْرَ جَهَنّمَ لَسَبْعُونَ خَرِيفاً .**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا

قىيامەت كۈنى بارلىق كىشلەرنى يىغىپ توپلايدۇ، مۆئمىنلەرگە جەننەت يېقىن قىلىنغاندا، مۆئمىنلەر قوپۇپ ئادەم

ئاتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى دادىمىز! بىزگە جەننەت ئىشكىنى ئېچىپ بەرسىلە دەيدۇ، ئادەم ئۇلارغا: سىلەرنى پەقەت جەننەتتىن داداڭلار ئادەمنىڭ يەنى مېنىڭ خاتالىقىم چىقىرىۋەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەسمەن، سىلەر ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلسە، ئۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، مەن دېگەن يېقىن دوستىنىڭ ئارقىسىدىكى دوستى بولىمەن، دەرىجىدە كېيىن تۇرىمەن، ئاللاھ بىۋاستە سۆز قىلغان مۇساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مۇساغا كەلسە، ئۇمۇ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەس، سىلەر ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بولغان ئالاھ تەرەپتىن يارىتىلغان، پۈۋدەلگەن روھ بولغان ئەيساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئەيسامۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى، ئەھلى ئەمەس، سىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەت ئىشكىنى ئېچىشقا ئىزنى، ئىجازەت بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئامانەت بىلەن سىلە ــ رەھىم ئەۋەتىلىپ، ئۇ ئىككىسى سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغۇزۇلىدۇ، سىلەرنىڭ ئەۋۋىلىڭلار ئەڭ ياخشىڭلار، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكىلەر شامالدەك، ئاندىن قۇش ئۇچقاندەك، ئاندىن تېز ماڭغاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ماڭدۇرىدۇ، سىراتتىن ئۆتكۈزىدۇ، پەيغەمبىرىڭلار سىراتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ؛ ئى رەببىم! سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ، تاكى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ، ھەتتا كىشى مېڭىشقا قادىر بولالماي، ئۆمىلەپ ماڭىدۇ، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېسىقلىق ئىلمەكلەر بار بولۇپ، ئۇ تۇتۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى قاچۇرىۋەتمەي مەھكەم تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندۇر، بەزىلەر جاراھەتلىنىپ، ئەزالىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ قۇتۇلىدۇ، بەزىلەر دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ. (ئەبۇ ھۇرەيرە ؛ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، دوۋزاخنىڭ چوڭقۇرلىقى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ دېدى). مۇسلىم دىسكا 288 ــ ھەدىس، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزلەرنى دوۋزاخدىن ساقلىسىلا، ئامىن!

## 92 ــــ باب في قول النبي صلى الله عليه وسلم «أنا أول الناس يشفع في الجنة، وأنا أكثر الأنبياء تبعاً»

**436 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَإِسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. قالَ قُتَيْبَةُ: حدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الْمُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَنَا أَوّلُ النّاسِ يَشْفَعُ فِي الْجَنّةِ. وَأَنَا أَكْثَرُ الأَنْبِيَاءِ تَبَعاً».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا جەننەتكە ئاسىيلارنى ئەركىرىشتە شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇنجىسى بولىمەن، مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى بولىمەن.

437 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ هِشَامٍ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُخْتَارِ ابْنِ فُلْفُلٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَنَا أَكْثَرُ الأَنْبِيَاءِ تَبَعاً يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَأَنَا أَوّلُ مَنْ يَقْرَعُ بَابَ الْجَنّةِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى بولىمەن، (مىنىڭ ئۈممىتىم شۇنداق كۆپ بولىدۇ) جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ قاقىدىغان كىشى، مەن بولىمەن، يەنى مەن ۋە ئۈممىتىم ئالدى بىلەن جەننەتكە كىرىمىز، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بىزنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن، بۇ ھەدىس ئۇچۇقلا مۆجىزە ئىكەن، قاراڭلار! راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى كۆپ ئىكەن.

438 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ عَنْ زَائِدَةَ، عَنِ الْمُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ قَالَ: قَالَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ: قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَنَا أَوّلُ شَفِيعٍ فِي الْجَنّةِ. لَمْ يُصَدّقْ نَبِيّ مِنَ الأَنْبِيَاءِ مَا صُدّقْتُ. وَإِنّ مِنَ الأَنْبِيَاءِ نَبِيّاً مَا يُصَدّقُهُ مِنْ أُمّتِهِ إِلاّ رَجُلٌ وَاحِدٌ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا جەننەتكە ئاسىيلارنى ئەركىرىشتە تۇنجى شاپائەتچى بولىمەن، پەيغەمبەرلەردىن ھىچبىرسى مەن تەستىقلانغاندەك تەستىقلانمىدى، ھەققەتەن پەيغەمبەرلەردىن بەزى بىر پەيغەمبەر باركى ئۇنىڭغا پەقەت ئۈممىتىدىن بىرلا كىشى ئىمان كەلتۈرۈپ، تەستىقلىغان، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. دىمەك، بىر كىشى ئىمان كەلتۈرگەن پەيغەمبەرمۇ بار ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن 70000 كىشى ھىسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەربىرى بىلەن يەنە 70000 باردۇر.

439 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، قَالاَ: حَدّثَنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «آتِي بَابَ الْجَنّةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَأَسْتَفْتِحُ. فَيَقُولُ الْخَازِنُ: مَنْ أَنْتَ؟ فَأَقُولُ: مُحَمّدٌ. فَيَقُولُ: بِكَ أُمِرْتُ لاَ أَفْتَحُ لأَحَدٍ قَبْلَكَ».

ئەنەس،ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا بىرىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىمەن، باشقۇرغۇچى خازىن، كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيمەن، ئاندىن ئۇ؛ مەن سەندىن بۇرۇن ھىچبىر كىشىگە ئىشىكنى ئاچماسلىققا، پەقەت ساڭىلا ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدىم دەيدۇ. مۇسلىم،تىرمىزي، ئەھمەد خاتىرلىگەن.سەھىھ

## 93 ـــــ باب اختباء النبي صلى الله عليه وسلم دعوة الشفاعة لأمته

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئۇممىتى ئۈچۈن شاپائەت دۇئاسىنى يۇشۇرۇن ئېلىپ قويغانلىقى

440 ـ حدّثنا يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ وَهْبٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ يَدْعُوهَا. فَأُرِيدُ أَنْ أَخْتَبىءَ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ». 441 ـ 442 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَعَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. حَدّثنا ابْنُ أَخِي ابْنِ شِهَابٍ عَنْ عَمّهِ. أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ. وَأَرَدْتُ، إنْ شَاءَ الله، أَنْ أَخْتَبِىءَ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ». 443 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ عَمْرَو بْنَ أَبي سُفْيَانَ بْنِ أَسِيدِ بْنِ جَارِيَةَ الثّقَفِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ أَبا هُرَيْرَةَ قالَ لِكَعْبِ الأحْبَارِ: إنّ نَبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ يَدْعُوهَا. «فَأَنَا أُرِيدُ، إنْ شَاءَ الله، أَنْ أَخْتَبِىءَ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ».
فَقَالَ كَعْبٌ لاِءَبي هُرَيْرَةَ: أَنْتَ سَمِعْتَ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: نَعَمْ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن دۇئاسى بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۈممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، ئىجاۋەت قىلىنىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىم، ئەگەر ئاللاھ خالىسا. بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

444 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَأَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لاِءَبي كُرَيْبٍ) قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أَبي صَالِحٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ مُسْتَجَابَةٌ. فَتَعَجّلَ كُلّ نَبيَ دَعْوَتَهُ. وَإنّي اخْتَبَأْتُ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَهِيَ نَائِلَةٌ، إنْ شَاءَ الله، مَنْ مَاتَ مِنْ أُمّتِي لاَ يُشْرِكُ بالله شَيْئاً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئىجاۋەتلىك بىر دۇئاسى بار بولۇپ، ھەممە پەيغەمبەر دۇئاسىنى تېزلا قىلىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويدۇم، بۇ دۇئا، بۇ شاپائەت ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالدا ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ. ئىنشائاللاھ. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بۇخارىدىمۇ بۇنىڭغائوخشاش ھەدىس باردۇر.

445 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ (وَهُوَ ابْنُ الْقَعْقَاعِ) عَنْ أَبي زُرْعَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ مُسْتَجَابَةٌ يَدْعُو بهَا. فَيُسْتَجَابُ لَهُ فَيُؤْتَاهَا. وَإنّي اخْتَبَأْتُ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش بولۇپ، سەھىھ، ئەھمەد، بەيھەقىمۇ توپلىغان، مەخسەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى ھەق، ئىجاۋەتلىك دۇئاسى ھەق، قىيامەت ھەق، مۆئمىن مۇسۇلمانلار شاپائەتكە ئېرىشىشى ھەق، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، شاپائەتكە يۆلىنىۋالماي، شاپائەت قىلغۇدەك بولۇڭلار!

446 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنا أَبي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ مُحمّدٍ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) قالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ: رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لِكُلّ نَبيَ دَعْوَةٌ دَعَا بهَا فِي أُمّتِهِ فَاسْتُجِيبَ لَهُ. وَإنّي أُرِيدُ، إنْ شَاءَ اللّهُ، أَنْ أُوءَخّرَ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن دۇئاسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۈممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، ئۇ ئىجاۋەت قىلىنىپمۇ بولدى، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىم،ئەگەر ئاللاھ خالىسا

**447 ـ حدّثني أبو غسّانَ الْمِسْمَعِيّ، وَمُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى، وَابْنُ بَشّارٍ حَدّثَانَا. وَاللّفْظُ لاِءَبِي غَسّانَ. قَالوا: حَدّثنَا مُعَاذٌ (يَعْنُون ابْنَ هِشَامٍ) قَالَ: حَدّثنِي أبِي عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثنَا أنَسُ بْنُ مَالِكٍ أنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لِكُلّ نَبِيَ دَعْوَةٌ دَعَاهَا لاِمّتِهِ. وَإنّي اخْتَبَأْتُ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لاِمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ». 448 ـ وَحَدّثنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَابْنُ أبِي خَلَفٍ. قَالاَ: حَدّثنَا رَوْحٌ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الأَسْنَادِ. 449 ـ ح وَحَدّثنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وحدّثنيه إبْرَاهِيمُ بْنُ سَعِيدٍ الْجَوْهَرِيّ. حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ، جَمِيعاً عَنْ مسْعَرٍ، عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الأسْنَادِ. غَيْرَ أنّ فِي حَدِيثِ وَكِيعٍ قَالَ: قَالَ «أُعْطِيَ» وَفِي حَدِيثِ أبِي أُسَامَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. 450 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى. حَدّثنَا الْمُعْتَمِرُ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أنَسٍ أنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ قَتَادَةَ عَنْ أنَسٍ. 451 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ أحْمَدَ بْنِ أبِي خَلَفٍ. حَدّثنَا رَوْحٌ. حَدّثنَا ابْنُ جُرَيْجٍ قَالَ: أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «لِكُلّ نَبِيَ دَعْوَةٌ قَدْ دَعَا بِهَا فِي أُمّتِهِ. وَخَبَأْتُ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لأُمّتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئەنەس،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان دۇئا بار بولۇپ، ئۇلار دۇئالىرىنى ئۈممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، دۇئالىرى ئىجاۋەت بولۇپ، سورىغىنى بېرىلىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىمغا ئېلىپ قويدۇم، ئەھمەد، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

## 94 ـــــ باب دعاء النبيّ صلى الله عليه وسلم لأُمته وبكائه شفقة عليهم

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى ۋە ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ يىغلىشى

**452 ـ حدّثني يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى الصّدَفِيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قَالَ: أخْبَرَنِي عَمْرُو ابْنُ الْحَارِثِ أنّ بَكْرَ بْنَ سَوَادَةَ حَدّثهُ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم تَلاَ قَوْلَ الله عَزّ وَجَلّ فِي إبْرَاهِيمَ: {رَبّ إنّهُنّ أضْلَلْنَ كَثِيراً مِنَ النّاسِ فَمَنْ تَبِعَنِي فَإنّهُ مِنّي} (إبراهيم الآية: 36) الآيَةَ. وَقَالَ عِيسَى عَلَيْهِ السّلاَمُ: {إنْ تُعَذّبْهُمْ فَإنّهُمْ عِبَادُكَ وَإنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإنّكَ أنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ} (المائدة الآية: 118) فَرَفَعَ يَدَيْهِ وَقَالَ: «اللّهُمّ أُمّتِي أُمّتِي» وَبَكَى. فَقَالَ الله عَزّ وَجَلّ: يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ إلَى مُحَمّدٍ، وَرَبّكَ أعْلَمُ، فَسَلْهُ مَا يُبْكِيكَ؟ فَأتَاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ الصّلاَةُ وَالسّلاَمُ فَسَألَهُ. فَأخْبَرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمَا قَالَ. وَهُوَ أعْلَمُ. فَقَالَ الله: يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ إلَى مُحَمّدٍ فَقُلْ: إنّا سَنُرْضِيكَ فِي أُمّتِكَ وَلاَ نَسُوءُكَ.**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، **الله** تائالانىڭ ئىبراھىم توغرىسىدىكى:« پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغفىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن) .(سۈرە ئىبراھىم 36 ـ )دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ؛ ئەيسا؛ «ئى **الله** ! ئەگەر ئۇلارنى ئازاپلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر » دېگەن ئىدى دەپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ؛ ئى **الله** ! ئۈممۈتۈم،ئۈممۈتۈم دەپ يىغلاپ كەتتى، **الله** تائالا؛ ئى جىبرىئىل! سەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ باققىن،ئۇنى زادى نېمە يىغلاتتىكىن؟ ـ ئەمەلىيەتتە رەببىڭ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ ـ دېدى،

جىبرىئىل كىلىپ سوراپتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرقى سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن الله تائالا جىبرىئىلغا؛ سەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ دىگىن:بىز سىنى ئۈممىتىڭ توغرىسىدا ئۇبدان رازى قىلىمىز، ھەرگىز سىنى غەم قىلدۇرمايمىز دېدى.

## 95 ـــــ باب بيان أن من مات على الكفر فهو في النار ولا تناله شفاعة ولا تنفعه قرابة المقربين

**كۇپىر ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىنىڭ دەۋزەخكە كىرىشى، كاپىرـدىنسىزغا شاپائەتنىڭ يەتمەيدىغانلىقى، ۋە ھېچ بىر يېقىن كىشىلىرىنىڭ يېقىنلىقىمۇ مەنپەئەت قىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا؛**

453 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عفّانُ. حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّ رَجُلاً قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أيْنَ أبِي؟ قالَ: «فِي النّارِ» فلَمّا قفّى دَعَاهُ فقالَ: «إنّ أبِي وَأبَاكَ فِي النّارِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ (جاھالىيەتتە ئۆلۈپ كەتكەن)دادام قەيەردە بۇلىدۇ؟دەپ سورغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ دەۋزەختە بۇلىدۇ،دېدى، ئۇكىشى ئارقىسىغا ئۆرىلىپ قايتقاندا، ئۇنى چاقىرىپ؛ھەقىقەتەن مىنىڭ دادام ۋە سىنىڭ داداڭ دەۋزەختە بۇلىدۇ،دېدى.

## 96 ـــــ باب في قوله تعالى: وأنذر عشيرتك الأقربين

**الله تائالانىڭ«يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دىگەن سۆزى توغرىسىدا؛**

454 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ مُوسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: لَمّا أنْزِلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {وَأنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأقْرَبِينَ} (الشعراء الآية: 214) دَعَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قُرَيْشاً. فاجْتَمَعُوا. فعَمّ وَخصّ. فقالَ: «يَا بَنِي كَعْبِ بْنِ لُؤَيَ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا بَنِي مُرّةَ بْنِ كَعْبٍ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا بَنِي عَبْدِ شَمْسٍ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافٍ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا بَنِي هَاشِمٍ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطّلِبِ أنْقِذُوا أنْفُسكُمْ مِنَ النّارِ. يَا فاطِمَةُ أنْقِذِي نَفْسَكِ مِنَ النّارِ. فإنّي لاَ أمْلِكُ لَكُمْ مِنَ الله شَيْئاً. غَيْرَ أنّ لَكُمْ رَحِماً سَأبُلّهَا بِبلاَلِهَا».

455 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثنَا أبُو عَوَانَةَ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ بِهَذَا الأسْنَادِ. وَحَدِيثُ جَرِيرٍ أتَمّ وَأشْبَعُ.

456 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا وَكِيعٌ وَيُونُسُ بْنُ بُكَيْرٍ. قالاَ: حَدّثنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: لَمّا نَزَلَتْ: {وَأنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأقْرَبِينَ} (الشعراء الآية: 214) قامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الصّفَا فقالَ: «يَا فاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمّدٍ يَا صَفِيّةُ بِنْتَ عَبْدِ الْمُطّلِبِ يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطّلِبِ لاَ أمْلِكُ لَكُمْ مِنَ الله شَيْئاً. سَلُونِي مِنْ مَالِي مَا شِئْتُمْ».

457 ـ458 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قالَ: أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قالَ: أخْبَرَنِي ابْنُ الْمُسَيّبِ وَأبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدُ الرّحْمَنِ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِينَ أنْزِلَ عَلَيْهِ: {وَأنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأقْرَبِينَ} (62الشعراء الآية: 214) «يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ اشْتَرُوا أنْفُسَكُمْ مِنَ الله. لاَ أُغْنِي عَنْكُمْ مِنَ الله شَيْئاً. يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطّلِبِ لاَ أُغْنِي عَنْكُمْ مِنَ الله شَيْئاً. يَا عَبّاسُ بْنَ عَبْدِ الْمُطّلِبِ لاَ أُغْنِي عَنْكَ مِنَ الله شَيْئاً. يَا صَفِيّةُ عَمّةَ رَسُولِ اللّهِ لاَ أُغْنِي عَنْكِ مِنَ اللّهِ شَيْئاً. يَا فاطِمَةُ بِنْتَ رَسُولِ اللّهِ سَلِينِي بِمَا شِئْتِ. لاَ أُغْنِي عَنْكِ مِنَ الله شَيْئاً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشلەرنى چاقىرىپ، ئۇلار يىغىلغاندا، ئام ۋە خاس سۆز قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئى كەئبى ئىبنى لۇئەي جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى مۇررەت ئىبنى كەئبى جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇشەمسى جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى

ئابدۇماناف جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدۇلمۇتتەللىپ جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى قىزىم پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا! سەنمۇ ئۆزۈڭنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزغىن! ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، پەقەت سىلەر ئۈچۈن مەن بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار، مەن ئۇ، سىلە ـ رەھىمنى ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئۇلىيالايمەن، يەنى ياخشىلىق قىلىمەن خالاس. مۇسلىم 303 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد 8372 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھۇملاردىن، «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر» دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىسىنى يىغىپ، مۇنداق دېگەن: ئى قۇرەيشلەر جامائىتى! ئۆزۈڭلارنى ئاللاھدىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىپ دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، قىيامەت كۈنى مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى ئابدۇماناف جەمەتى، ئى ئاببباس، ئى سەفىييە! سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار، سىلەردىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى پاتىمە! سەنمۇ شۇنداق قىل، بۇ دۇنيادا مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى سورىغىن، لېكىن، قىيامەت كۈنى سەندىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى قۇتقۇزالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى. 459 ـ

460 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلِ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثنَا التّيْمِيّ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ، عَنْ قَبِيصَةَ بْنِ الْمُخَارِقِ، وَزُهَيْرِ بْنِ عَمْرٍو قَالاَ: لَمّا نَزَلَتْ: {وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأَقْرَبِينَ} (الشعراء الآية: 214) قَالَ انْطَلَقَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى رَضْمَةٍ مِنْ جَبَلٍ فَعَلاَ أَعْلاَهَا حَجَراً. ثُمّ نَادَى: «يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافَاهْ إِنّي نَذِيرٌ. إِنّمَا مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ كَمَثَلِ رَجُلٍ رَأَى الْعَدُوّ فَانْطَلَقَ يَرْبَأُ أَهْلَهُ. فَخَشِيَ أَنْ يَسْبِقُوهُ فَجَعَلَ يَهْتِفُ: يَا صَبَاحَاهْ»

461 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ، حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأَقْرَبِينَ} (الشعراء الآية: 214) وَرَهْطَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ. خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى صَعِدَ الصّفَا. فَهَتَفَ: «يَا صَبَاحَاهْ» فَقَالُوا: مَنْ هَذَا الّذِي يَهْتِفُ؟ قَالُوا: مُحَمّدٌ. فَاجْتَمَعُوا إِلَيْهِ، فَقَالَ: «يَا بَنِي فُلاَنٍ يَا بَنِي فُلاَنٍ يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافٍ يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطّلِبِ» فَاجْتَمَعُوا إِلَيْهِ فَقَالَ: «أَرَأَيْتُكُمْ لَوْ أَخْبَرْتُكُمْ أَنّ خَيْلاً تَخْرُجُ بِسَفْحِ هَذَا الْجَبَلِ أَكُنْتُمْ مُصَدّقِيّ»؟ قَالُوا: مَا جَرّبْنَا عَلَيْكَ كَذِباً. قَالَ: «فَإِنّي نَذِيرٌ لَكُمْ بَيْنَ يَدَيْ عَذَابٍ شَدِيدٍ» قَالَ فَقَالَ أَبُو لَهَبٍ: تَبّاً لَكَ أما جَمَعْتَنَا إِلاّ لِهَذَا؟ ثُمّ قَامَ: فَنَزَلَتْ هَذِهِ السّورَةُ: {تَبّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَقَدْ تَبّ} (المسد الآية: 1). كَذَا قَرَأَ الأَعْمَشُ إِلَى آخِرِ السّورَةِ.

462 ـ وحدثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَأَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الأَسْنَادِ. قَالَ: صَعِدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ يَوْمٍ الصّفَا فَقَالَ «يَا صَبَاحَاهْ» بِنَحْوِ حَدِيثِ أَبِي أُسَامَةَ وَلَمْ يَذْكُرْ نُزُولَ الآيَةِ: وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الأَقْرَبِينَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپا تېغىغا چىقىپ، پۈتۈن قەۋم ـ جامائەتلەرنى توپلاپ،قۇرەيش جەمەتىگە: ئى پىھرى جەمەتى، ئى بەنى ئەدى! ئى بەنى ئابدۇماناف! ئى ئابدۇلمۇتتەللىب جەمەتى! قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟ ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سايلىق، يايلاقلاردا

دۈشمەنلەر، ئاتلىق قوشۇنلار كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇلار؛ھەئە، بىز پەقەت سىنى راستچىل، سەممىي دەپ تەجرىبە قىلدۇق، ئىشىنىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابنىڭ يەنى دوۋزاخنىڭ ئالدىدا،شۇئازاپنىڭ سىلەرگە كېلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇ ئازابدىن ھەزەر قىلدۇرغۇچى دېدى.يەنە بىردە؛ قەبىيسەت، زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇناماف جەمەتى! ھەقىقەتەن مەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن مېنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ دۈشمەننى كۆرۈپ دەرھال ئەھلىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۆزىدىن بۇرۇن ئېلىگرلەپ بېرىۋېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇ ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دۈشمەندىن مەخپى ھالدا ئى سۇبھى ئەھلى! ئى قەۋمىم ــ جامائەتلەر، قېرىنداشلىرىم! دۈشمەن كەلدى، سىلەرگە دۈشمەن كەلدى، ھەزەر قىلىڭلار دەيدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك مەن سىلەرنى دوۋزاخدىن ئاگاھلاندۇرىمەن.ئاندىن ئەبۇلەھەب ؛ ھۇ ئۆلگۈر!ساڭا بۇگۈندىن باشلاپ ھالاكەت بولسۇن، بىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟!دېگەندە، «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن.....»دېگەن سۈرە مەسەد نازىل قىلىندى. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم بەيھەقى.

## 97 ــــ باب شفاعة النبيّ صلى الله عليه وسلم لأبي طالب والتخفيف عنه بسببه

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ تالىپقا شاپائەت قىلىشى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئازاپنىڭ يەڭگىللىشى**

**463 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ مُحمّدُ بْنُ أبي بَكْرٍ الْمُقدّمِيّ، وَ مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ الأمَوِيّ قالُوا: حَدّثنا أبُو عَوَانَةَ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ نَوْفَلٍ، عَنِ الْعَبّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ أنّهُ قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! هَلْ نَفَعْتَ أبَا طَالِبٍ بِشَيْءٍ، فَإنّهُ كَانَ يَحُوطُكَ وَيَغْضَبُ لَكَ؟ قالَ: «نَعَمْ. هُوَ فِي ضَحْضَاحٍ مِنْ نَارٍ. وَلَوْلاَ أنَا لَكَانَ فِي الدّرْكِ الأسْفَلِ مِنَ النّارِ».**

ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇتالىپ سىلىنى ھىمايە قىلىپ قوغدايتتى، سىلى ئۈچۈن غەزەپ قىلاتتى، ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ بىرەر نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزەلەملا؟دەپ سورىغاندا،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەئە، ھەقىقەتەن ئەبۇ تالىپ دوۋزاخنىڭ چوڭقۇر ئەمەس،بەلكى ئۈستىنكى يۈزىدە بولىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولاتتى، ئەھمەد 1678 ــ ھەدىس، مۇسلىم 309 ــ ھەدىس، بۇخارى 3594 ــ ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقى چىقىدۇ.

**464 ـ465 ـ حدثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ: حَدّثَنا سُفْيَانُ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ قالَ: سَمِعْتُ الْعَبّاسَ يَقُولُ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إنّ أبَا طَالِبٍ كَانَ يَحُوطُكَ وَيَنْصُرُكَ. فَهَلْ نَفَعَهُ ذَلِكَ؟ قَالَ: «نَعَمْ. وَجَدْتُهُ فِي غَمرَاتٍ مِنَ النّارِ فَأخْرَجْتُهُ إلَى ضَحْضَاحٍ».**

ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇتالىپ سىلىنى ھىمايە قىلىپ قوغدايتتى، سىلى ئۈچۈن غەزەپ قىلاتتى،سىلىگە ياردەم قىلاتتى، ئۇنىڭغا شۇ ئىشلىرى مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : ھەئە، مەن ئۇنى دەۋزەخنىڭ ئەڭ ئاستىدىن تېپىپ، دەۋزەخنىڭ ئەڭ ئۈستىنكى يۈزىگە ئېلىپ چىقمەن،دېدى .

**466 ـ وحدّثنا قُتَيبَةَ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ خَبّابٍ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذُكِرَ عِنْدَهُ عَمّهُ أَبُو طَالِبٍ. فقالَ: «لَعَلّهُ تَنْفَعُهُ شَفَاعَتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ. فَيُجْعَلُ فِي ضَحْضَاحٍ مِنْ نَارٍ، يَبْلُغُ كَعْبَيْهِ، يَغْلِي مِنْهُ دِمَاغُهُ».**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەبۇ تالىپ دىگەن تاغىسى توغرىلىق سورالغاندا، مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مىنىڭ شاپائىتىم مەنپەئەت قىلىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە قىلىنىدۇ، دوۋزاخ ئوتى ئۇنىڭ ئىككى ھوشۇقىغىچە يېتىدۇ، شۇ ئوتنىڭ قىززىقلىقىدىن ئۇنىڭ مىڭىسى، دىمىغى قاينايدۇ، (مىنىڭ شاپائىتىم بولمىغان بولسا ئۇ دوۋزاخنىڭ تېگىگە چۈشەتتى). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 98 ــــــ باب أهون أهل النار عذابا

## دەۋزەخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى توغرىسىدا؛

**467 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبي بُكَيْرٍ: حَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ مُحمّدٍ، عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبي صَالِحٍ، عَنِ النّعْمَانِ بْنُ أَبي عَيّاشٍ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّ أَدْنَى أَهْلِ النّارِ عَذَاباً، يَنْتَعِلُ بِنَعْلَيْنِ مِنْ نَارٍ، يَغْلِي دِمَاغُهُ مِنْ حَرَارَةِ نَعْلَيْهِ».**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى گە ئوتتىن ئىككى ئاياق كەيدۈرلىدۇ، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ.

**468 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَفّانُ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ: حَدّثَنَا ثَابِتٌ، عَنْ أَبي عُثْمَانَ النّهْدِيّ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَهْوَنُ أَهْلِ النّارِ عَذَاباً أَبُو طَالِبٍ. وَهُوَ مُنْتَعِلٌ بِنَعْلَيْنِ يَغْلِي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ».**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى ئەبۇتالىپتۇر، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياق كەيدۈرلىدۇ،شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ،بۇخارى.

**469 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (واللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى) قالاَ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، حَدّثَنَا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا إِسْحَقَ يَقُولُ: سَمِعْتُ النّعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ يَخْطُبُ وَهُوَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ أَهْوَنَ أَهْلِ النّارِ عَذَاباً يَوْمَ الْقِيَامَةِ، لَرَجُلٌ تُوضَعُ فِي أَخْمَصِ قَدَمَيْهِ جَمْرَتَانِ، يَغْلِي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ».**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى قەدىمىنىڭ ئاستىغا، ئىككى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى دانە چوغ قويۇلىدىغان كىشىدۇر، شۇ ئىككى چوغنىڭ قىززىقلىقىدىن خۇددى چۆگۈندە سۇ قاينىغاندەك، ياكى قازان بىلەن چۆگۈن قاينىغاندەك ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ، بۇخارى 6077 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2529 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17687 ــ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**470 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَهْوَنَ أَهْلِ النّارِ عَذَاباً مَنْ لَهُ نَعْلاَنِ وَشِرَاكَانِ مِنْ نَارٍ، يَغْلِي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ. كَمَا يَغْلِي الْمِرْجَلُ مَا يَرَى أَنّ أَحَداً أَشَدّ مِنْهُ عَذَاباً. وَإِنّهُ لأَهْوَنُهُمْ عَذَاباً».**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلراقى، ئاسانراقى، ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيگەن كىشىدۇر، ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ بوغۇچ، شوينىلىرىمۇ ئوتتىندۇر، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىززىقلىقىدىن، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ، ئۇ ئۆزىدىن ئازابى ئەڭ قاتتىقراق ھېچبىر كىشى يوق دەپ قارايدۇ، پەقەت ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق ئازابتا كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بولسا، ئۇ ئازابى ئەڭ ئاسان، ئەڭ تۆۋەن كىشىدۇر،بۇخارى،مۇسلىم

## *99 ـــــ باب الدليل على أَن من مات على الكفر لا ينفعه عمل*

## كۇپرى ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىگە ھېچ قانداق ئەمەلنىڭ مەنپەئەت قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا؛

**471 ـ حدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ، عَنْ دَاوُدَ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ  قَالَتْ، قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! ابْنُ جُدْعَانَ كَانَ فِي الْجَاهِلِيّةِ يَصِلُ الرّحِمَ، وَيُطْعِمُ الْمِسْكِينَ، فَهَلْ ذَاكَ نَافِعُهُ؟ قَالَ: «لاَ يَنْفَعُهُ. إِنّهُ لَمْ يَقُلْ يَوْماً: رَبّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدّينِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن،مەن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئىبنى جۇدئان دېگەن كىشى جاھالىيەتتىكى ۋاقتىدا سىلە ــ رەھىيم قىلاتتى، مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى، شۇ ئىشلىرى ئۇنىڭغا پايدا ــ مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەنپەئەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈن بىرەر قېتىم ئى رەببىم!، جازا كۈنى، قىيامەت كۈنى مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، مېنى كەچۈرگىن دەپ باقمىغان تۇرسا دېگەن. (يەنى ئۇ ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئاللاھقا ئىشەنمىگەن، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەن، مەغپىرەت سورىمىغان بولغاچقا، ياخشى ئىشلىرى پايدا ــ مەنپەئەت قىلمايدۇ. خۇددى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دادىسى ھاتەم دېگەن سېخىينىڭ سېخىيلىقى

مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دەپ سورىسا، مانا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن، ئۇنىڭغىمۇ مەنپەئەت قىلمىغان. چۈنكى، ئىمان دېگەن شەرتى يوق، ئىمانسىزغا ياخشىلىقى قوبۇل بولمايدۇ). مۇسلىم 315 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23480 ـ .

## 100 ــــ باب موالاة المؤمنين ومقاطعة غيرهم والبراءة منهم

### مۆئمىنلەرنىلا دوست تۇتۇش، مۆئمىن ئەمەس كىشىلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ بىزار بۇلۇش توغرىسىدا؛

472 ـ حدّثني أَحْمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ. حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ، حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنْ قَيْسٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، جِهَاراً غَيْرَ سِرّ، يَقُولُ: «أَلاَ إِنّ آلَ أَبِي فُلاَنٍ (يَعْنِي فُلاناً) لَيْسُوا لِي بِأَوْلِيَاءَ وَلِيَيَ الله وَصَالِحُ الْمُؤْمِنِينَ».

ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەخپى ئەمەس ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن پالانىنىڭ باللىرىنىڭ ئائىلىسى مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، شەك ــ شۈبھىسىز مېنىڭ دوستۇم دېگەن، ئاللاھدۇر، مۆئمىنلەرنىڭ سالىھە، ياخشىلىرىدۇر،پەقەت ئۇلار ئۇچۇن مەن بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىلا بار، مەن ئۇ، سىلە ـ رەھىمنى ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئۇلىيالايمەن، يەنى ياخشىلىق قىلىمەن خالاس. مۇسلىم دىسكا303 ــ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد 8372 ــ ھەدىس، سەھىھ.ئەھمەد، تەبرانى.

## 101 ــــ باب الدليل على دخول طوائف من المسلمين الجنة بغير حساب ولا عذاب

### مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھىساپسىز،ئازاپسىز جەننەتكە كىرىشى توغرىسىدا؛

473 ـ 474 ـ حدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ سَلاّمِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ الْجُمَحِيّ: حَدّثَنَا الرّبِيعُ. ـ يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ ـ. عَنْ مُحَمّدُ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَدْخُلُ مِنْ أُمّتِي الْجَنّةَ سَبْعُونَ أَلْفاً بِغَيْرِ حِسَابٍ» فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ! ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ: «اللّهُمّ اجْعَلْهُ مِنْهُمْ» ثُمّ قَامَ آخَرُ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! ادْعُ الله أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ: «سَبَقَكَ بِهَا عُكّاشَةُ».

475 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «يَدْخُلُ مِنْ أُمّتِي زُمْرَةٌ هُمْ سَبْعُونَ أَلْفاً. تُضِيءُ وُجُوهُهُمْ إِضَاءَةَ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ». قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: فَقَامَ عُكّاشَةُ بْنُ مِحْصَنٍ الأَسَدِيّ، يَرْفَعُ نَمِرَةً عَلَيْهِ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ادْعُ الله أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اجْعَلْهُ مِنْهُمْ» ثُمّ قَامَ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ادْعُ الله أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سَبَقَكَ بِهَا عُكّاشَةُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر توپ جامائەت جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 70000 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇر چاچىدۇ. ئاندىن ئۇككاش ــرەسۇلۇللاھ قا ئاپتاپتىن تونى سايا قىلىپ تۇتىۋاتاتتى.ـ ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله نىڭ مىنى شۇلاردىن قىلىشىغا الله قا دۇئا قىلسىلا دېدى،رەسۇلۇللاھ؛ ئى الله ! ئۇككاشنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسىلا دېدى، ئاندىن يەنەبىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله نىڭ مىنىمۇ

شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛بۇنىڭغا سەندىن ئۆككاش ئىلگىرلەپ كەتتى، سەن كىيىن قالدىڭ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

**476 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي حَيْوَةُ قالَ: حَدّثَنِي أَبُو يُونُسَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يَدْخُلُ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِي سَبْعُونَ أَلْفاً، زُمْرَةٌ وَاحِدَةٌ مِنْهُمْ، عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ئۈممىتىمدىن بىر توپ جامائەت جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 70000 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇر چاچىدۇ.

**477 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ خَلَفٍ الْبَاهِلِيّ: حَدّثنا الْمُعْتَمِرُ، عَنْ هِشَامِ بْنِ حَسّانَ، عَنْ مُحمّدٍ يَعْنِي ابْنَ سِيرِينَ، قَالَ: حَدّثَنِي عِمْرَانُ قَالَ: قَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَدْخُلُ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِي سَبْعُونَ أَلْفاً بِغَيْرِ حِسَابٍ» قَالُوا: وَمَنْ هُمْ يَا رَسُولَ اللّه؟ قَالَ: «هُمُ الّذِينَ لاَ يَكْتَوُونَ وَلاَ يَسْتَرْقُونَ. وَعَلَى رَبّهِمْ يَتَوَكّلُونَ» فَقَامَ عُكّاشَةُ فَقَالَ: ادْعُ الله أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ: «أَنْتَ مِنْهُمْ» قَالَ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا نَبِيّ اللّهِ ادْعُ الله أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. قَالَ: «سَبَقَكَ بِهَا عُكّاشَةُ».**

ئىبنى ئاببئاس، ئىمران، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ،ئۇلار؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار كىملەر؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار ئايىتى شىپا ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، ئوت بىلەن داغلاپ داۋالاتمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۈل قىلىدۇ،دېدى. ئاندىن ئۆككاش ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مىنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛سەن شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن دېدى، ئاندىن يەنەبىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مىنىمۇ شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛بۇنىڭغا سەندىن ئۆككاش ئىلگىرلەپ كەتتى، سەن كىيىن قالدىڭ دېدى.

**478 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ: حَدّثنا حَاجِبُ بْنُ عمَرَ أَبُو خُشَيْنَةَ الثّقَفِيّ: حَدّثنا الْحَكَمُ بْنُ الأَعْرَجِ عَنْ عُمْرَانَ بْنُ حُصَيْنٍ: أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَدْخُلُ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِي سَبْعُونَ أَلْفاً بِغَيْرِ حِسَابٍ» قَالُوا: مَنْ هُمْ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «هُمُ الّذِينَ لاَ يَسْتَرْقُونَ. وَلاَ يَتَطَيّرُونَ وَلاَ يَكْتَوُونَ. وَعَلَى رَبّهِمْ يَتَوَكّلُونَ».**

ئىبنى ئاببئاس، ئىمران، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ،ئۇلار؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۇلار كىملەر؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار ئايىتى شىپا ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، ئوت بىلەن داغلاپ داۋالاتمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۈل قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە 70000نىڭ ھەر مىڭى بىلەن يەنە 70000 باردۇر، بۇ سۆزنى ئەرەپلەر ناھايىتى كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان بولۇپ، مەنىسى ئىنتايىن كۆپ دىگەن بولىدىكەن، شۇ 70000غىلا خاس بولماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدىكەن.

**479 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا عَبْدُ الْعَزِيزِ، ـ يَعْنِي ابْنَ أَبِي حَازِمٍ ـ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَيَدْخُلَنّ الْجَنّةَ مِنْ أُمّتِي سَبْعُونَ أَلْفاً، أَوْ سَبْعُمِائَةِ أَلْفٍ (لاَ يَدْرِي أَبُو حَازِمٍ أَيّهُمَا قَالَ) مُتَمَاسِكُونَ. آخِذٌ بَعْضُهُمْ بَعْضاً. لاَ يَدْخُلُ أَوّلُهُمْ حَتّى يَدْخُلَ آخِرُهُمْ وُجُوهُهُمْ عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ».**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70000 ياكى 700000 كىشى بەزىسى بەزىسىنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا بىر ــ بىرىگە ئېسىلىپ بىراقلا جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى جەننەتكە كىرىپ بولمىغىچە ئەۋۋەلمۇ، باشتىكىلەرمۇ جەننەتكە كىرمەي تۇرىدۇ، يەنى بىراقلا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، سۈرىتى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر.

480 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ: أَخْبَرَنَا حُصَيْنُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ قَالَ: كُنْتُ عِنْدَ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ فَقَالَ: أَيّكُمْ رَأَى الْكَوْكَبَ الّذِي انْقَضّ الْبَارِحَةَ؟ قُلْتُ: أَنَا. ثُمّ قُلْتُ: أَمَا إِنّي لَمْ أَكُنْ فِي صَلاَةٍ. وَلَكِنّي لُدِغْتُ. قَالَ: فَمَاذَا صَنَعْتَ؟ قُلْتُ: اسْتَرْقَيْتُ. قَالَ: فَمَا حَمَلَكَ عَلَى ذَلِكَ؟ قُلْتُ: حَدِيثٌ حَدّثَنَاهُ الشّعْبِيّ. فَقَالَ: وَمَا حَدّثَكُمُ الشّعْبِيّ؟ قُلْتُ: حَدّثَنَا عَنْ بُرَيْدَةَ بْنِ حُصَيْبٍ الأَسْلَمِيّ، أَنّهُ قَالَ: لاَ رُقْيَةَ إِلاّ مِنْ عَيْنٍ أَوْ حُمَةٍ. فَقَالَ: قَدْ أَحْسَنَ مَنِ انْتَهَى إِلَى مَا سَمِعَ. وَلَكِنْ حَدّثَنَا ابْنُ عَبّاسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «عُرِضَتْ عَلَيّ الأُمَمُ. فَرَأَيْتُ النّبِيّ وَمَعَهُ الرّهَيْطُ. وَالنّبِيّ وَمَعَهُ الرّجُلُ وَالرّجُلاَنِ. وَالنّبِيّ لَيْسَ مَعَهُ أَحَدٌ. إِذْ رُفِعَ لِي سَوَادٌ عَظِيمٌ. فَظَنَنْتُ أَنّهُمْ أُمّتِي. فَقِيلَ لِي: هَذَا مُوسَى صلى الله عليه وسلم وَقَوْمُهُ. وَلَكِنِ انْظُرْ إِلَى الأُفُقِ. فَنَظَرْتُ. فَإِذَا سَوَادٌ عَظِيمٌ. فَقِيلَ لِي: انْظُرْ إِلَى الأُفُقِ الآخَرِ. فَإِذَا سَوَادٌ عَظِيمٌ. فَقِيلَ لِي: هَذِهِ أُمّتُكَ. وَمَعَهُمْ سَبْعُونَ أَلْفاً يَدْخُلُونَ الْجَنّةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ وَلاَ عَذَابٍ».
ثُمّ نَهَضَ فَدَخَلَ مَنْزِلَهُ. فَخَاضَ النّاسُ فِي أُولَئِكَ الّذِينَ يَدْخُلُونَ الْجَنّةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ وَلاَ عَذَابٍ. فَقَالَ بَعْضُهُمْ: فَلَعَلّهُمُ الّذِينَ صَحِبُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقَالَ بَعْضُهُمْ: فَلَعَلّهُمُ الّذِينَ وُلِدُوا فِي الإِسْلاَمِ وَلَمْ يُشْرِكُوا بِاللهِ. وَذَكَرُوا أَشْيَاءَ، فَخَرَجَ عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مَا الّذِي تَخُوضُونَ فِيهِ؟» فَأَخْبَرُوهُ. فَقَالَ: «هُمُ الّذِينَ لاَ يَرْقُونَ. وَلاَ يَسْتَرْقُونَ. وَلاَ يَتَطَيّرُونَ. وَعَلَى رَبّهِمْ يَتَوَكّلُونَ» فَقَامَ عُكّاشَةُ بْنُ مِحْصَنٍ. فَقَالَ: ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. فَقَالَ: «أَنْتَ مِنْهُمْ» ثُمّ قَامَ رَجُلٌ آخَرُ فَقَالَ: ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ. فَقَالَ: «سَبَقَكَ بِهَا عُكّاشَةُ».
481 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ، عَنْ حُصَيْنٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ: حَدّثَنَا عَبّاسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «عُرِضَتْ عَلَيّ الأُمَمُ» ثُمّ ذَكَرَ بَاقِي الْحَدِيثِ، نَحْوَ حَدِيثِ هُشَيْمٍ، وَلَمْ يَذْكُرْ أَوّلَ حَدِيثِهِ.

ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇ؛ئۆتكەن كېچە چۈشۈپ كەتكەن يۇلتۇزنى قايسىڭلار كۆردىڭلار؟دېدى، مەن؛ مانا مەن كۆردۈم، چۈنكى مىنى ئۇكۈنى چايان چېقىۋېلىپ، نامازغا قانشالمىغان ئىدىم دىسەم، ئۇ؛ئاندىن قانداق قىلدىڭ؟دېدى، مەن؛ ئايىتى شىپا ئۇقۇتتۇم دىسەم، ئۇ؛شۇنداق قىلىشىڭغا نىمە سەۋەب بولدى؟دېدى، مەن؛ بىزگە شەئبىنىڭ بۇرەيدەدىن سۆزلەپ بەرگەن مۇنۇ ھەدىسى سەۋەپ بولدى:«ئايىتى شىپا قىلىش پەقەت كۆز تېگىشتىن، زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھەردىن قىلىنىدۇ»دېدى دىسەم،ئۇ؛ئاڭلىغان نەرسىسگە يىتىپ، ئەمەل قىلغان كىشى بەك ياخشى قىلغان بۇلىدۇ، لېكىن ماڭائىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇرەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى : ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر تەڭلەندى، مەن بەزى پەيغەمبەرنى كىچىككىنە جامائەت بىلەن كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەرنى بولسا، بىر ئىككى كىشى بىلەنلا كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچكىشى يوق، ئۇنى يالغۇزلا كۆردۈم، (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن كىشى يوق ئىكەن) تۇيۇقسىز ماڭا ناھايىتى چوڭ جامائەت كۆلەڭگىسى كۆرۈندى، مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرسام، ماڭا ؛ بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى دېيىلدى، ئاندىن ماڭا؛ لېكىن، سەن ئاۋۇ ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، مەن قارىسام، ناھايىتى چوڭ جامائەتلەر قارىسى ئىكەن، ماڭا بۇياقدىكى ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، قارىسام ناگاھان بەكمۇ كۆپ جامائەت توپى ئىكەن، ئاندىن ماڭا مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدىغان 70000 كىشى باردۇر،دېيىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇلار ئەشۇ ھىساپسىز جەننەتكە كىرىدىغانلار توغرىسىدا مۇنازىرلىشىپ بەزىسى؛ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ھەمراھ بولغانلاردۇر دېسە، بەزىسى؛ ئۇلار ئىسلام ئىچىدە تۇغۇلۇپ، **الله** قا

ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەنلەر دېدى، يەنە بەزىسى؛ باشقا ئىشلارنى تىلغا ئالدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چىقىپ؛ نىمە ئىش توغرىسىدا مۇنازىرلىشىۋاتىسىلەر؟دېدى، ئۇلار؛ دە ـ تالاشلىرىنى خەۋەر قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛بۇ كىشىلەر ئايىتى شىپا ئوقۇمايدۇ، ھەم ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، پال سالدۇرمايدۇ، ئوتتا داغلاپمۇ داۋالاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت ھەممە ئىشلىرىدا رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ،دىدى. ئاندىن ئۇككاش ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مىنى شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئى **الله** ! ئۇككاشنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلسىلا دېدى، ئاندىن يەنەبىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** نىڭ مىنىمۇ شۇلاردىن قىلىشىغا **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ؛بۇنىڭغا سەندىن ئۇككاش ئىلگىرلەپ كەتتى، سەن كىيىن قالدىڭ دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، دىللىرى بولسا بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك پاك، ساپتۇر، مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشىنى سورىدىم، ئاندىن ئالللاھ ماڭا يۇقىرقى 70000 كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە 70000 كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىنى بەردى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ 70000 × 70000

تۆت مىليارت 900 مىليون بۇلىدۇ = 4900000000.يەنى مەقسەت شۇنداق كۆپتۇر.

## 102 ـــــ باب بيان كون هذه الأمة نصف أهل الجنة

## بۇ ئۈممەتنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا؛

**482 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ: حَدّثنَا أَبُو الأَحْوَص، عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ عَبْدِ الله قالَ: قالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَمَا تَرْضَوْنَ أَنْ تَكُونُوا رُبُعَ أَهْلِ الْجَنّةِ؟» قال فكَبّرْنَا. ثُمّ قالَ: «أَمَا تَرْضَوْنَ أَنْ تَكُونُوا ثُلُثَ أَهْلِ الْجَنّةِ؟» قالَ: فكَبّرْنَا. ثُمّ قالَ: «إِنّي لأَرْجُو أَنْ تَكُونُوا شَطْرَ أَهْلِ الْجَنّةِ. وَسَأُخْبِرُكُمْ عَنْ ذَلِكَ. مَا الْمُسْلِمُونَ فِي الْكُفّارِ إِلاّ كَشَعْرَةٍ بَيْضَاءَ فِي ثَوْرٍ أَسْوَدَ. أَوْ كَشَعْرَةٍ سَوْدَاءَ فِي ثَوْرٍ أَبْيَضَ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4ى بولۇشىڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ 1/3 بولۇشقىچۇ؟ دېدى، بىز تەكبىر ئەيتىپ كەتتۇق، ئاندىن ھەتتا جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، شۇئىش توغرىسىدا مەن سىلەرگە خەۋەر بىرەي؛ ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلارلا كىرىدۇ، مۇسۇلمانلار، مۇشرىك دىنسىزلارغا نىسبەتەن تۇم قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكچىلىك ياكى تۇم ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈكچىلىك كېلىدۇ ،دېدى.تىرمىزى،ئەھمەد،ئىبنى ماجە.

**483 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى) قالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي قُبّةٍ. نَحْواً مِنْ أَرْبَعِينَ رَجُلاً. فقَالَ: «أَتَرْضَوْنَ أَنْ تَكُونُوا رُبُعَ أَهْلِ الْجَنّةِ؟» قالَ: قُلْنَا: نَعَمْ. فقَالَ: «أَتَرْضَوْنَ أَنْ تَكُونُوا ثُلُثَ أَهْلِ الْجَنّةِ؟» فقُلْنَا: نَعَمْ. فقَالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّي لأَرْجُو أَنْ تَكُونُوا نِصفَ أَهْلِ الْجَنّةِ. وَذَاكَ أَنّ الْجَنّةَ لاَ يَدْخُلُهَا إِلاّ نَفْسٌ مُسْلِمَةٌ. وَمَا أَنْتُمْ فِي أَهْلِ الشّرْكِ إِلاّ كَالشّعْرَةِ الْبَيْضَاءِ فِي جِلْدِ الثّوْرِ الأَسْوَدِ. أَوْ كَالشّعْرَةِ السّوْدَاءِ فِي جِلْدِ الثّوْرِ الأَحْمَرِ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز قىرىققا يېقىن كىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىدىر ئىچىدە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4ى بولۇشىڭلارغا رازى بولامسىلەر؟بىز؛رازى بۇلىمىز دىسەك، 1/3 بولۇشقىچۇ؟ ھەتتا جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلار لا كىرىدۇ، سىلەر، مۇشرىك دىنسىزلارغا نىسبەتەن تۇم قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكچىلىك ياكى تۇم قىزىل كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈكچىلىك كېلىسىلەر، دېدى.تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە.

484 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أبِي: حَدّثَنَا مَالِكٌ(وَهُوَ ابْنُ مِغْوَلٍ) عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: خَطَبَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَسْنَدَ ظَهْرَهُ إِلَى قُبّةِ مِنْ أدَمٍ. فقَالَ: «ألاَ. لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ إلاّ نَفْسٌ مُسْلِمَةٌ. اللّهُمّ هَلْ بَلّغْتُ؟ اللّهُمّ اشْهَدْ أتُحِبّونَ أنّكُمْ رُبُعُ أَهْلِ الْجَنّةِ؟» فَقُلْنَا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ فقَالَ: «أتُحِبّونَ أنْ تَكُونُوا ثُلُثَ أَهْلِ الجَنّةِ؟» قالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي لأَرْجُو أنْ تَكُونُوا شَطْرَ أَهْلِ الْجَنّةِ. مَا أَنْتُمْ فِي سِوَاكُمْ مِنَ الأُمَمِ إلاّ كَالشّعْرَةِ السّوْدَاءِ فِي الثّوْرِ الأَبْيَضِ. أَوْ كَالشّعْرَةِ الْبَيْضَاءِ فِي الثّوْرِ الأَسْوَدِ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ بىرىپ، ئۇچىسىنى تىرىدىن بولغان چىدىرغا يۈلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى؛ ئاگاھ بۇلۇڭلار! جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلار لا كىرىدۇ،ئى الله!يەتكۈزدۇممۇ؟ ئى الله!گۇۋاھ بولغىن، سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4ى بولۇشىڭلار نى ياخشى كۆرەمسىلەر؟دېدى، بىز؛ھەئە ياخشى كۆرىمىز دىسەك، سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/3ى بولۇشىڭلار نى ياخشى كۆرەمسىلەر؟دېدى، بىز؛ھەئە ياخشى كۆرىمىز دىسەك، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلار نى بەكمۇ ئۈمۈت قىلىمەن، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن تۇم قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكچىلىك ياكى تۇم ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈكچىلىك كېلىىسىلەر،دېدى.

## 103 ـــــ باب قوله «يقول اللّه لآدم أخرج بعث النار من كل ألفٍ تسعمائة وتسعة وتسعين»

485 ـ حدّثنا عُثْمانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ الْعَبْسِيّ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أبِي صَالِحٍ، عَنْ أبِي سَعِيدٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقُولُ الله عَزّ وَجَلّ: يَا آدَمُ! فَيَقُولُ: لَبّيْكَ وَسَعْدَيْكَ! وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ! قالَ يَقُولُ: أَخْرِجْ بَعْثَ النّارِ. قالَ: وَمَا بَعْثُ النّارِ؟ قالَ: مِنْ كُلّ أَلْفٍ تِسْعَمِائَةٍ وَتِسْعَةً وَتِسْعِينَ. قالَ فَذَاكَ حِينَ يَشِيبُ الصّغِيرُ {وَتَضَعُ كُلّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النّاسَ سُكَارَى وَمَا هُمْ بِسُكَارَى وَلَكِنّ عَذَابَ الله شَدِيدٌ} قالَ فَاشْتَدّ ذَلِكَ عَلَيْهِمْ. قالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ أيّنَا ذَلِكَ الرّجُلُ؟ فقَالَ: «أَبْشِرُوا. فَإِنّ مِنْ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ أَلْفاً. وَمِنْكُمْ رَجُلٌ» قالَ ثُمّ قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّي لأَطْمَعُ أَنْ تَكُونُوا رُبُعَ أَهْلِ الْجَنّةِ» فَحَمِدْنَا الله وَكَبّرْنَا. ثُمّ قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّي لأَطْمَعُ أَنْ تَكُونُوا ثُلُثَ أَهْلِ الْجَنّةِ» فَحَمِدْنَا الله وَكَبّرْنَا. ثُمّ قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنّي لأَطْمَعُ أَنْ تَكُونُوا شَطْرَ أَهْلِ الْجَنّةِ. إِنّ مَثَلَكُمْ فِي الأُمَمِ كَمَثَلِ الشّعْرَةِ الْبَيْضَاءِ فِي جِلْدِ الثّوْرِ الأَسْوَدِ أَوْ كَالرّقْمَةِ فِي ذِرَاعِ الْحِمَارِ».

486 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُمَا قالاَ: «مَا أَنْتُمْ يَوْمَئِذٍ فِي النّاسِ إلاّ كَالشّعْرَةِ الْبَيْضَاءِ فِي الثّوْرِ الأَسْوَدِ أَوْ كَالشّعْرَةِ السّوْدَاءِ فِي الثّوْرِ الأَبْيَضِ» وَلَمْ يَذْكُرَا: أَوْ كَالرّقْمَةِ فِي ذِرَاعِ الْحِمَارِ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم! ئادەم؛ لەببەي يا رەببىم، مانا مەن تەييار، بارلىق ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدا دەيدۇ، ئاللاھ: دوۋزاخقا لايىق بولغان دوۋزاخ ئەھلىنى چىقارغىن دەيدۇ، ئادەم؛ ئۇلار قانچىلىك؟ دەيدۇ، ئاللاھتائالا:ھەر1000دىن 999ى دوۋزاخ ئەھلى بولىدۇ دەيدۇ، شۇ چاغدا كىچىك باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، «ھەر قانداق ھامىلدار ھامىلىنى، بالىسنى تاشلىۋېتىدۇ، كىشىلەرنى مەس كۆرىسەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەست ئەمەس، لېكىن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» ئۇلار؛ يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم!ئادەم باللىرىدىن جەننەت ئەھلى بولغان بىر كىشى قايسىمىز بولىدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇش بىشارەت بېرىڭلار،ۋە بىشارەت ئېلىڭلار جەننەتكە كىرىدىغان بىر كىشى سىلەردىن بولىدۇ، 1000لەرچە كىشى بولسا، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلاردىن بولىدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن دېسە، ئۇلار خۇشال بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرنىڭ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتەن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئۇلار تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سىلەر باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى قارا تۈككە ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى ئېشەكنىڭ پاچىقىدىكى رەقەم، ئالامەت، بەلگە، ئالغا ئوخشاشلا ئاز بولىسىلەر دېدى. (بۇ ھەدىسدىن يەئجۇج _ مەئجۇجلەر ئادەم بالىسى دېگەن چىقىدۇ). بۇخارى 6049 _ ھەدىس، مۇسلىم 327 _ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 3 ـــــ كتـــاب الطهـــارة تاھارەتنىڭ كىتابى

### 104 ـــــ باب فضل الوضوء تاھارەتنىڭ پەزىلىتى

487 ـ حدّثنا إِسْحقُ بْنُ مَنْصُورٍ: حَدّثنَا حبّانُ بْنُ هِلاَلٍ: حَدّثنَا أَبَانٌ: حَدّثنَا يَحْيَى أَنّ زَيْداً حَدّثَهُ أَنّ أَبَا سَلاّمٍ حَدّثَهُ عَنْ أَبي مَالِكٍ الأَشْعَرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الطّهُورُ شَطْرُ الإِيمَانِ. وَالْحَمْدُ لله تَمْلأُ الْمِيزَانَ وَسُبْحَانَ الله وَالْحَمْدُ لله تَمْلآنِ (أَوْ تَمْلأُ) مَا بَيْنَ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ. وَالصّلاَةُ نُورٌ. والصّدَقَةُ بُرْهَانٌ. وَالصّبْرُ ضِيَاءٌ. وَالْقُرْآنُ حُجّةٌ لَكَ أَوْ عَلَيْكَ. كُلّ النّاسِ يَغْدُو. فَبَايِعٌ نَفْسَهُ. فَمُعْتِقُهَا أَوْ مُوبِقُهَا».

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى (يەنى تاھارەت نامازنىڭ يېرىمى ياكى تاشقى پاكلىق، ئىچكى پاكلىقنىڭ يېرىمى ياكى

دەرىجىسى، مۇكاپاتى كۆپىيىپ ئىمانىنىڭ يىرىمىغا تەڭ بولىدۇ) ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى تولدۇرىدۇ، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ ئاسمان ــ زىمىن ئارىسىنى تولدۇرىدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە ــ زاكات ھۆججەتتۇر، سەبرە يورۇقلۇقتۇر، قۇرئان سىنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياكى زىيىنىڭ ئۈچۈن ھۆججەتتۇر، بارلىق ئىنسانلار ئەتىگەندە ئىش ــ ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ، ئۆزىنى بازارغا سېلىپ ساتىدۇ، يا ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى بولىدۇ، (بۇلار مۆئمىنلەردۇر) ياكى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، (بۇلار دىنسىزلاردۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى

## 105 ــــ باب وجوب الطهارة للصلاة          تاھارەتنىڭ ناماز ئۈچۈن ۋاجىب بولىشى

**488 ـ 489 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ، وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ (وَاللّفْظُ لِسَعِيدٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ: دَخَلَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ عَلَى ابْنِ عَامِرٍ يَعُودُهُ وَهُوَ مَرِيضٌ. فَقَالَ: أَلاَ تَدْعُو الله لِي، يَا ابْنَ عُمَرَ؟ قَالَ: إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَقْبَلُ الله صَلاَةً بِغَيْرِ طُهُورٍ. وَلاَ صَدَقَةً مِنْ غُلُولٍ» وَكُنْتَ عَلَى الْبَصْرَةِ.**

ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئەبۇ بۇكرەت، ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن،ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئامىرنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇ: ئى ئىبنى ئۆمەر! مەن ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلىپ قويماسمەن؟دېدى،ئاندىن ئىبنى ئۆمەر؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئاللاھتائالا نامازنى تاھارەتسىز قوبۇل قىلمايدۇ، سەدىقە ــ ئېھسانىنى خىيانەتتىن، ھارامدىن قوبۇل قىلمايدۇ. سەن بۇچاغدا بەسرادا ۋالىي ئىدىڭ دېدى. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە

**490 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ: حَدّثَنَا مَعْمَرُ بْنُ رَاشِدٍ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ أَخِي وَهْبِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تُقْبَلُ صَلاَةُ أَحَدِكُمْ، إِذَا أَحْدَثَ حَتّى يَتَوَضّأَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمىغىچە ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، (چۈنكى، ناماز تاھارەتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى

## 106 ــــ باب صفة الوضوء وكماله          *تاھارەتنىڭ سۈپىتى ۋە كامىل بۇلىشى توغرىسىدا؛*

**491 ـ492 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ، وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ عَطَاءَ بْنَ يَزِيدَ اللّيْثِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ حُمْرَانَ مَوْلَى عُثْمَانَ أَخْبَرَهُ أَنّ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ ـ رَضِيَ اللّهُ عنه ـ دَعَا بِوَضُوءٍ. فَتَوَضّأَ. فَغَسَلَ كَفّيْهِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ مَضْمَضَ وَاسْتَنْثَرَ. ثُمّ غَسَلَ وَجْهَهُ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ غَسَلَ يَدَهُ الْيُمْنَى إِلَى الْمِرْفَقِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ غَسَلَ يَدَهُ الْيُسْرَى مِثْلَ ذَلِكَ. ثُمّ مَسَحَ رَأْسَهُ. ثُمّ غَسَلَ رِجْلَهُ الْيُمْنَى إِلَى الْكَعْبَيْنِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ غَسَلَ الْيُسْرَى مِثْلَ ذَلِكَ. ثُمّ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَوَضّأَ نَحْوَ وُضُوئِي هَذَا. ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَوَضّأَ نَحْوَ وُضُوئِي هَذَا، ثُمّ قَامَ فَرَكَعَ رَكْعَتَيْنِ، لاَ يُحَدّثُ فِيهِمَا نَفْسَهُ، غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِهِ».**
**قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَكَانَ عُلَمَاؤُنَا يَقُولُونَ: هَذَا الْوُضُوءُ أَسْبَغُ مَا يَتَوَضّأُ بِهِ أَحَدٌ لِلصّلاَةِ.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇ كەلتۈرۈپ،تاھارەت ئېلىپ،ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئاغزى بۇرنىغا سۇئېلىپ، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن بېشىغا مەسىھ قىلىپ،ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مانا مۇشۇنداق مېنىڭ تاھارىتىمگە ئوخشاش كامىل تاھارەت ئالسا، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، بۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئىچىدە نەپسى بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلمىسا، سەھۋەنلىك ئۆتكۈزمىسە، (يەنى بۇ دۇنيانى خىيال قىلمىسا، ھەر خىل خۇتۇرلار چۈشمىسە،) ئۇ كىشى ئۇچۇن بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆلىمالىرىمىز؛ مانا مۇشۇنداق تاھارەت ئېلىش، كىشىنىڭ نامازغا ئالىدىغان تاھارىتىنىڭ ئەڭ كامىلراقىدۇر دىدى.

ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى ، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد.

## 107 ـــــ باب فضل الوضوء والصلاة عقبه تاھارەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنلا ناماز ئوقۇش

493 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ مُحمّدِ بْنِ أبي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ،(وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) قالَ إسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخرَانِ: حَدّثَنَا. جَرِيرٌ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ حمْرَانَ، مَوْلَى عُثْمَانَ قالَ: سَمِعْتُ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ وَهُوَ بِفِنَاءِ الْمَسْجِدِ. فَجَاءَهُ الْمُؤَذّنُ عِنْدَ الْعَصْرِ. فَدَعَا بِوَضُوءٍ فَتَوَضّأَ. ثُمّ قالَ: وَاللهِ لأُحَدّثَنّكُمْ حَدِيثاً. لَوْلاَ آيَةٌ فِي كِتَابِ اللهِ مَا حَدّثْتُكُمْ. إنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَتَوَضّأُ رَجُلٌ مُسْلِمٌ فَيُحْسِنُ الْوُضُوءَ. فَيُصَلّي صَلاَةً. إلاّ غَفَرَ اللهُ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الصّلاَةِ الّتِي تَلِيهَا».494 ـ وحدّثناه أبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أبُو كُرَيْبٍ قالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، جَمِيعاً عَنْ هِشَامٍ بِهَذَا الإسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِ أبِي أُسَامَةَ: «فَيُحْسِنُ وُضُوءَهُ ثُمّ يُصَلّي الْمَكْتُوبَةَ».

495 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أبِي، عَنْ صَالِحٍ قالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَلَكِنْ عُرْوَةُ يُحَدّثُ عَنْ حُمْرَانَ أنّهُ قالَ: فَلَمّا تَوَضّأَ عُثْمَانُ قالَ: وَاللهِ لأُحَدّثَنّكُمْ حَدِيثاً. وَاللهِ لَوْلاَ آيَةٌ فِي كِتَابِ اللهِ مَا حَدّثْتُكُمُوهُ. إنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَتَوَضّأُ رَجُلٌ فَيُحْسِنُ وُضُوءَهُ. ثُمّ يُصَلّي الصّلاَةَ. إلاّ غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الصّلاَةِ الّتِي تَلِيهَا».

قالَ عُرْوَةُ: الآيَةُ: {إنّ الّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أنْزَلْنَا مِنَ الْبَيّنَاتِ وَالْهُدَى} إلَى قَوْلِهِ: {اللاّعِنُونَ} (البقرة الآية: 159).

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنىڭ مەيدانىدا ئىدى، ئەسىر ۋاقتى بىلەن مۇئەززىن كەلدى، ئاندىن ئۇ تاھارەت سۈيى كەلتۈرۈپ تاھارەت ئېلىپ؛**الله** بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە بىر ھەدىس سۆزلەپ بىرەي، ئەگەر **الله** نىڭ كىتابىدا:«بىز نازىل قىلغان رۇشەن ئايەتلەرنى،ھىدايەت يوللىرىنى يۇشۇرغان كىشلەر.....»دىگەن ئايەت بولمىغان بولسا، مەن بۇھەدىسنى سۆزلەپ بەرمىگەن بۇلاتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرەر مۇسۇلمان كىشى تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن شۇ ناماز بىلەن ئۇ نامازغا يېقىن بولغان يەنە بىر نامازنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (يەنى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئىككى ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ)دىدى.

**496 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ وَ حجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ، كِلاَهُمَا عَنْ أبي الْوَلِيدِ قالَ عَبْدٌ: حَدّثَنِي أَبُو الْوَلِيدِ: حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ: حَدّثَنَا أَبِي عَنْ أَبِيهِ قالَ: كُنْتُ عِنْدَ عُثْمَانَ. فَدَعَا بِطَهُورٍ فقالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنِ امْرِىءٍ مُسْلِمٍ تَحْضُرُهُ صَلاَةٌ مَكْتُوبَةٌ. فَيُحْسِنُ وُضُوءَهَا وَخُشُوعَهَا وَرُكُوعَهَا. إِلاّ كَانَتْ كَفّارَةً لِمَا قَبْلَهَا مِنَ الذّنُوبِ. مَا لَمْ تُؤْتَ كَبِيرَةٌ. وَذَلِكَ الدّهْرَ كُلّهُ».**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە پەرز ناماز ھازىر بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۇ تاھارەتنى كامىل، ياخشى ئالسا، نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى خوشۇئىنى ئاللاھدىن قورقۇپ، ئەيمىنىپ ئوقۇشنى ياخشى قىلسا، بۇ ناماز ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، گۇناھى كەبىرىگە كەلمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، بۇ پەزلى رەھمەت پۈتۈن زاماندا باردۇر، يەنى مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ.

**497 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ، وَهُوَ الدّرَاوَرْدِيّ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ حَمْرَانَ مَوْلَى عُثْمَانَ قالَ: أَتَيْتُ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ بِوَضُوءٍ. فَتَوَضّأَ ثُمّ قالَ: إِنّ نَاساً يَتَحَدّثُونَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَحَادِيثَ. لاَ أَدْرِي مَا هِيَ؟ إِلاّ أَنّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَوَضّأَ مِثْلَ وُضُوئِي هَذَا. ثُمّ قالَ: «مَنْ تَوَضّأَ هَكَذَا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدّمَ مِنْ ذَنْبِهِ. وَكَانَتْ صَلاَتُهُ وَمَشْيُهُ إِلَى الْمَسْجِدِ نَافِلَةً». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ عَبْدَةَ: أَتَيْتُ عُثْمَانَ فَتَوَضّأَ.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئالغاندىن كىيىن؛كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاھارەت توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى سۆزلىشىدۇ، مەن ئۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مىنىڭ مۇشۇ تاھارىتىمگەئوخشاش تاھارەت ئېلىپ؛ئاندىن ئۆزىنىڭ تاھارىتىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم دىدى: كىم مۇشۇنداق كامىل تاھارەت ئالسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ نامىزى، مەسجىدگە مېڭىشى بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن نەپلە زىيادە مۇكاپات بولىدۇ

**498 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيد وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ وَأَبِي بَكْرٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي النّضْرِ، عَنْ أَبِي أَنَسٍ: أَنّ عُثْمَانَ تَوَضّأَ بِالْمَقَاعِدِ. فَقَالَ: أَلاَ أُرِيكُمْ وُضُوءَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثُمّ تَوَضّأَ ثَلاَثاً ثَلاَثاً.
وَزَادَ قُتَيْبَةُ فِي رِوَايَتِهِ، قالَ سُفْيَانُ: قالَ أَبُو النّضْرِ عَنْ أَبِي أَنَسٍ، قالَ: وَعِنْدَهُ رِجَالٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەر ئولتۇردىغان جايدا تاھارەت ئېلىپ، مۇنداق دىگەن ؛ مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟دەپ، ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان. ئۇجايدا نۇرغۇن ساھابىلار بار ئىدى.مۇسلىم.(خۇلاسە؛بىرقېتىم يۇيۇش پەرز. ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش سۈننەتتۇر.)

**499 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ،وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، جَمِيعاً عَنْ وَكِيعٍ. قالَ أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ جَامِعِ بْنُ شَدّادٍ، ـ أَبِي صَخْرَةَ ـ قالَ: سَمِعْتُ حُمْرَانَ بْنَ أَبَانٍ. قالَ: كُنْتُ أَضَعُ لِعُثْمَانَ طَهُورَهُ. فَمَا أَتَى عَلَيْهِ يَوْمٌ إِلاّ وَهُوَ يُفِيضُ عَلَيْهِ نُطْفَةً. وَقالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عِنْدَ انْصِرَافِنَا مِنْ صَلاَتِنَا هَذِهِ (قالَ مِسْعَرٌ: أُرَاهَا الْعَصْرَ) فَقَالَ: «مَا أَدْرِي. أُحَدّثُكُمْ بِشَيْءٍ أَوْ أَسْكُتُ؟» فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنْ كَانَ خَيْراً فَحَدّثْنَا. وَإِنْ كَانَ غَيْرَ ذَلِكَ فَاللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قالَ: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَتَطَهّرُ، فَيُتِمّ الطّهُورَ الّذِي كَتَبَ اللهُ عَلَيْهِ، فَيُصَلّي هَذِهِ الصّلَوَاتِ الْخَمْسَ، إِلاّ كَانَتْ كَفّارَاتٍ لِمَا بَيْنَهَا».**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىر نامىزىدىن قايتقىنىمىزدا مۇنداق دىگەن:بىر نەرسىنى سۆزلەپ بىرىشىمنى ياكى جىم تۇرىشىمنى ھېچ بىلەلمىدىم،بىز؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئەگەرئۇ

ياخشى نەرسە بولسا، سۆزلەپ بەرسىلە، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى ئالىم دىسەك،مۇنداق دېدى؛ ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرز قىلىپ پۈتكەن تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن مۇشۇ بەش نامازنى كامىل ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشۇ بەش نامازلار ئارىسىدىكى بارلىق گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ.

**500 ـ حدثنا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا أبِي. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. قالاَ جَمِيعاً: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ جَامِعِ بْنِ شَدّادٍ قَالَ: سَمِعْتُ حُمْرَانَ بْنَ أبَانٍ يُحَدّثُ أبَا بُرْدَةَ فِي هَذَا الْمَسْجِدِ. فِي إمَارَةِ بِشْرٍ أنّ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أتَمّ الْوُضُوءَ كَمَا أمَرَهُ اللهُ تَعَالَى. فَالصّلَوَاتُ الْمَكْتُوبَاتُ كَفّارَاتٌ لِمَا بَيْنَهُنّ». هَذَا حَدِيثُ ابْنِ مُعَاذٍ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ غُنْدَرٍ: فِي إمَارَةِ بِشْرٍ. وَلاَ ذِكْرُ الْمَكْتُوبَاتِ.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم تاھارەتنى ئاللاھ بۇيرىغاندەك كامىل ئېلىپ، ناماز ئوقۇسا، پەرز بولغان بەش ۋاخت ناماز، ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەتتۇر.

مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە

**501 ـ حدّثنا هَرُونَ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: وَأخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ بْنُ بُكَيْرٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ حُمْرَانَ مَوْلَى عُثْمَانَ قَالَ: تَوَضّأ عُثْمَانُ بْنُ عَفّانَ يَوْماً وُضُوءاً حَسَناً. ثُمّ قَالَ: رَأيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَوَضّأ فَأحْسَنَ الْوُضُوءَ. ثُمّ قَالَ: «مَنْ تَوَضّأ هَكَذَا. ثُمّ خَرَجَ إلَى الْمَسْجِدِ لاَ يَنْهَزُهُ إلاّ الصّلاَةُ. غُفِرَ لَهُ مَا خَلاَ مِنْ ذَنْبِهِ».**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كامىل تاھارەت ئالغاندىن كىيىن مۇنداق دىگەن: كىم تاھارەتنى ئەنە شۇنداق كامىل ئالسا، ئاندىن مەسجىدگە چىقسا، ئۇنى مەسجىدگە باشقا ئىش ئەمەس، پەقەت نامازلا چىقارغان بولسا، ئۇ كىشىگە بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، خاتالىقلىرى كەچۈرىلىدۇ.

**502 ـ وحدّثني أبُو الطاهِرِ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى قالاَ: أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ أنّ الْحُكَيْمَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الْقُرَشِيّ حَدّثَهُ أنّ نَافِعَ بْنَ جُبَيْرٍ وَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ أبِي سَلَمَةَ حَدّثَاهُ أنّ مُعَاذَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ حَدّثَهُمَا عَنْ حُمْرَانَ مَوْلَى عُثْمَانَ بْنِ عَفّانَ، عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفّانَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ تَوَضّأ لِلصّلاَةِ فَأسْبَغَ الْوُضُوءَ. ثُمّ مَشَى إلَى الصّلاَةِ الْمَكْتُوبَةِ. فَصَلاّهَا مَعَ النّاسِ، أوْ مَعَ الْجَمَاعَةِ، أوْ فِي الْمَسْجِدِ، غَفَرَ اللهُ لَهُ ذُنُوبَهُ».**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ناماز ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن پەرز نامازغا ماڭسا، ئۇ نامازنى كىشىلەر بىلەن بىرگە مەسجىدتەئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى.

## *108 ـــــ باب الصلوات الخمس والجمعة إلى الجمعة ورمضان إلى رمضان مكفرات لما بينهن ما اجتنبت الكبائر*

**503 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. كُلّهُمْ عَنْ إسْمَاعِيلَ. قَالَ ابْنُ أيّوبَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. أخْبَرَنِي الْعَلاَءُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَعْقُوبَ، مَوْلَى الْحُرَقَةِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ: الصّلاَةُ الْخَمْسُ. وَالْجُمُعَةُ إلَى الْجُمُعَةِ. كَفّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُنّ. مَا لَمْ تُغْشَ الْكَبَائِرُ».**

ئەنەس ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ۋاخ ناماز؛ جۈمئە يەنە بىر جۈمئەگىچە ؛ گۇناھى كەبىيرە بولغان چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولسىلا، ئارىلىق تىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، ( يەنە تېخى ئۈچ كۈن زىيادە كاپارەت بولىدۇ)

504 ـ حدّثني نَصرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ بْنُ الأَعْلَىَ: حَدّثَنَا هِشامٌ عَنْ مُحمّدٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الصّلَوَاتُ الْخَمْسُ. وَالْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعَةِ. كَفّارَاتٌ لِمَا بَيْنَهُنّ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ۋاخ ناماز ؛ جۈمئە يەنە بىر جۈمئەگىچە؛ ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ،

505 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ، و هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ أَبي صَخْرٍ أَنّ عُمَرَ بْنَ إِسْحَقَ مَوْلَى زَائِدَةَ حَدّثَهُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ «الصّلَوَاتُ الْخَمْسُ. وَالْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعَةِ. وَرَمَضَانُ إِلَى رَمَضَانَ. مُكَفّرَاتٌ مَا بَيْنَهُنّ. إِذَا اجْتَنَبَ الْكَبَائِرَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ناماز ، جۈمئە، جۈمئەگىچە، رامزان رامزانغىچە، چوڭ گۇناھلىردىن يىراق بولسىلا، ھەزەر قىلسىلا، ئارىلىقدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، (يەنى كىچىك گۇناھلارنى) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى.

## 109 ـــــ باب الذكر المستحب عقب الوضوء تاھارەتتىن كىيىنكى مۇستەھەب زىكرى

506 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ ابْنُ صَالِحٍ، عَنْ رَبِيعَةَ،يَعْنِي ابْنَ يَزِيدَ، عَنْ أَبي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو عُثْمَانَ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْر، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ: كَانَتْ عَلَيْنَا رِعَايَةُ الأبل. فَجَاءَتْ نَوْبَتِي. فَرَوّحْتُهَا بِعَشِيَ. فَأَدْرَكْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِماً يُحَدّثُ النّاسَ. فَأَدْرَكْتُ مِنْ قَوْلِهِ «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَتَوَضّأُ فَيُحْسِنُ وُضُوءَهُ. ثُمّ يَقُومُ فَيُصَلّي رَكْعَتَيْنِ. مُقْبِلٌ عَلَيْهِمَا بِقَلْبِه وَوَجْهِهِ. أَلاّ وَجَبَتْ لَهُ الْجَنّةُ»

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ، تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ بۇ نامازغا دىلى بىلەن يۈزى يەنى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلسا، بۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ.

قَالَ فَقُلْتُ: مَا أَجْوَدَ هَذِهِ فَإِذَا قَائِلٌ بَيْنَ يَدَيّ يَقُولُ: الّتِي قَبْلَهَا أَجْوَدُ. فَنَظَرْتُ فَإِذَا عُمَرُ. قَالَ: إِنّي قَدْ رَأَيْتُكَ جِئْتَ آنِفاً. قَالَ: «مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ يَتَوَضّأُ فَيُبْلِغُ (أَوْ فَيُسْبِغُ) الْوُضُوءَ ثُمّ يَقُولُ: أَشْهَدُ أَنّ لاَ إِلَهَ أَلاّ اللّهُ وَأَنّ مُحمّداً عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ، أَلاّ فُتِحَتْ لَهُ أَبْوَابُ الْجَنّةِ الثّمَانِيَةُ، يَدْخُلُ مِنْ أَيّهَا شَاءَ».507 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا زَيْدُ بْنُ الْحُبَابِ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ صَالِحٍ، عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ يَزِيدِ، عَنْ أَبي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّوَأَبي عُثْمَانَ، عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرِ بْنِ مَالِكٍ الْحَضْرَمِيّ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرِ الْجُهَنِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: فَذَكَرَ مِثْلَهُ غَيْرَ أَنّهُ قَالَ «مَنْ تَوَضّأَ فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سىلەردىن كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئى

ئاللاھ مېنى تۆۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسىلا، مېنى ھەر جەھەتتىن پاك ــ پاكىز بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دېسە، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئۆزى خالىغان ئىشىكتىن كىرىدۇ.

## 110 ــــ باب في وضوء النبي صلى الله عليه وسلم

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارىتى توغرىسىدا؛

508 ـ509 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ الصبّاح: حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَىَ بْنِ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَاصِمِ الأَنْصَارِيّ (وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ) قالَ: قِيلَ لَهُ: تَوَضّأْ لَنَا وُضُوءَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَدَعَا بِإِنَاءٍ. فَأَكْفَأَ مِنْهَا عَلَى يَدَيْهِ. فغَسَلَهُمَا ثلاثاً. ثُمّ أدْخَلَ يَدَهُ فاسْتَخْرَجَهَا. فمَضْمَضَ واسْتَنْشَقَ مِنْ كَفٍ وَاحِدَةٍ. ففعَلَ ذَلِكَ ثلاثاً. ثُمّ فَأَدْخَلَ يَدَهُ فاسْتَخْرَجَها فغسل وَجْهَهُ ثلاثاً. ثُمّ أَدْخَلَ يَدَهُ فاسْتَخْرَجَهَا فغَسَلَ يَدَيه إلى المرفقين، مَرّتَيْنِ مَرّتَيْنِ. ثُمّ أَدْخَلَ يَدَهُ فاسْتَخْرَجَهَا فمَسَحَ بِرَأْسِهِ. فَأَقْبَلَ بِيَدَيْهِ وَأَدْبَرَ. ثُمّ غَسَلَ رِجْلَيْهِ إِلَى الْكَعْبَيْنِ. ثُمّ قالَ: هَكَذَا كَانَ وُضُوءُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

510 ـ وحدثني إِسْحَقُ بْنُ مُوسَى الأَنْصَارِيّ: حَدّثَنَا مَعْنٌ: حَدّثَنَا مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَىَ بِهَذَا الأسْنَادِ، وَقَالَ: مَضْمَضَ وَاسْتَنْثَرَ ثَلاَثاً. وَلَمْ يَقُلْ: مِنْ كَفٍ وَاحِدَةٍ. وَزَادَ بَعْدَ قَوْلِهِ، فَأَقْبَلَ بِهِمَا وَأَدْبَرَ: بَدَأَ بِمُقَدّمِ رَأْسِهِ ثُمّ ذَهَبَ بِهِمَا إِلَى قَفَاهُ. ثُمّ رَدّهُمَا حَتّى رَجَعَ إِلَى الْمَكَانِ الّذِي بَدَأَ مِنْهُ. وَغَسَلَ رِجْلَيْهِ.

511 ـ حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ بِشْرٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ يَحْيَىَ بِمِثْلِ إِسْنَادِهِمْ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ. وَقَالَ فِيهِ: فَمَضْمَضَ وَاسْتَنْشَقَ وَاسْتَنْثَرَ مِنْ ثَلاَثِ غَرَفَاتٍ. وَقَالَ أَيْضاً فَمَسَحَ بِرَأْسِهِ فَأَقْبَلَ بِهِ وَأَدْبَرَ مَرّةً وَاحِدَةً.
قَالَ بَهْزٌ: أَمْلَى عَلَيّ وُهَيْبٌ هَذَا الْحَدِيثَ. وَقَالَ وُهَيْبٌ: أَمْلَى عَلَيّ عَمْرُو بْنُ يَحْيَىَ هَذَا الْحَدِيثَ مَرّتَيْنِ.

ئابدۇالله ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غا؛سەن بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئالغان تاھارىتىدەك، تاھارەت ئېلىپ بەرگىن دېيىلدى. ئۇ قاچىدا تاھارەت سۈيىنى كەلتۈرۈپ،قاچىدىن قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ،بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى چايقىدى، ئۇ شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلىپ، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ سۇ ئېلىپ، يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى. ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ، سۇ ئېلىپ،ئىككى قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ، ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ، ئاندىن قولىنى قاچىغا سېلىپ، سۇ ئېلىپ، قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا مەسھە قىلدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھۇشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيدى.ئاندىن ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالغان تاھارىتى ئەنە شۇنداق ئىدى دېدى. يەنەبىردە؛ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا مەسھە قىلدى، مەسھىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ،ئاندىن قولىنى (بېشىنىڭ ئۈستىدىن )گەردىنىگىچە ئاپىرىپ،ئاندىن ئىككى قولىنى (ئالقىنىنىڭ ئارقىسىچە)بېشىنىڭ (يان تەرىپىدىن)مەسھىنى باشلىغان ئورنىغا قايتۇردى.ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇيدى.

وفي رواية : فمضمض واستنشق واستنثر ثلاثا بثلاث غرفات من ماء

يانا بىردە،ئۈچ ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى،

وفي رواية أخرى : فمضمض واستنشق من كفة واحدة ففعل ذلك ثلاثا

ئاندىن بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى چايقىدى، ئۇ شۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم قىلدى.

وفي رواية للبخاري : فمسح رأسه فأقبل بهما وأدبر مرة واحدة ثم غسل رجليه إلى الكعبين

قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن بېشىغا بىر قېتىملا مەسھ قىلدى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى ھوشىقى بىلەن قوشۇپ يۇيدى.

وفي أخرى له : فمضمض واستنثر ثلاث مرات من غرفة واحدة

ياناىبر خاتىردە ، بىر ئالقان سۇ بىلەن ئاغزى ــبۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى،دىيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم،

512 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. ح وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَبُو الطاهِرِ. قالُوا حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ حَبّانَ بْنَ وَاسِعٍ حَدّثَهُ أَنّ أَبَاهُ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ زَيْدِ بْنِ عَاصِمٍ الْمَازِنِيّ يَذْكُرُ أَنّهُ رَأَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَوَضّأَ، فَمَضْمَضَ ثُمّ اسْتَنْثَرَ، ثُمّ غَسَلَ وَجْهَهُ ثَلاَثاً، وَيَدَهُ الْيُمْنَى ثَلاَثاً، وَالأُخْرَى ثَلاَثاً، وَمَسَحَ بِرَأْسِهِ بِمَاءٍ غَيْرِ فَضْلِ يَدِهِ، وَغَسَلَ رِجْلَيْهِ حَتّى أَنْقَاهُمَا. قَالَ أَبُو الطاهِرِ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق تاھارەت ئالاتتى؟ دېيىلدى. ئۇ تاھارەت سۈيىنى چاقىرىپ،قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئىككى قولىنى ئىككى قېتىمدىن يۇدى، ئاندىن ئاغزى ـ بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ چايقاپ،يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيدى.ئاندىن قولىنى ئىككى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ،ئاندىن ئىككى قولىنىڭ ئالدى ــ ئارقىسى بىلەن قولىدىن ئاشقان سۇدىن باشقا يېڭى سۇبىلەن بېشىغا مەسھ قىلدى، مەسھىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ،ئاندىن قولىنى (بېشىنىڭ ئۈستىدىن ) گەردىنىگىچە ئاپىرىپ،ئاندىن ئىككى قولىنى (ئالقىنىنىڭ ئارقىسىچە )بېشىنىڭ (يان تەرىپىدىن)مەسھىنى باشلىغان ئورنىغا قايتۇردى.ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇيدى.مالىك، نەسەئى،ئەبۇداۋۇد.

## 111 ـــــ باب الإيتار في الاستنثار والاستجمار ئاغزى ـ بۇرنىغا سۇنى تاق ئېلىش

513 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ، قالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا اسْتَجْمَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَجْمِرْ وِتْراً. وَإِذَا تَوَضّأَ أَحَدُكُمْ فَلْيَجْعَلْ فِي أَنْفِهِ مَاءً، ثُمّ لِيَنْتَثِرْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، يەنى ھاجەتتىن كېيىن، ئەۋرىتىنى تازىلىسا، تاق قىلسۇن، تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سۇنى تېشىغا پۈركۈپ چىقارسۇن،

514 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا تَوَضّأَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَنْشِقْ بِمَنْخِرَيْهِ مِنَ الْمَاءِ ثُمّ لِيَنْتَثِرْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سۇنى تېشىغا پۈركۈپ چىقارسۇن، ئىستىنجا قىلسا، يەنى ھاجەتتىن كېيىن، ئەۋرىتىنى تازىلىسا، تاق قىلسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلەر.

515 –516 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيِّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ تَوَضّأَ فَلْيَسْتَنْثِرْ. وَمَنِ اسْتَجْمَرَ فَلْيُوتِرْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەت ئالسا، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن،كىم ئىستىنجا قىلسا تاق قىلسۇن ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم،بەيھەقى،نەسەئى،ئىبنى ماجە

517 ـ حدّثني بِشْرُ بْنُ الْحَكَمِ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ) عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عِيسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ مَنَامِهِ فَلْيَسْتَنْثِرْ ثَلاَثَ مَرّاتٍ، فَإِنّ الشّيْطَانَ يَبِيتُ عَلَى خَيَاشِيمِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ، بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالسۇن، چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ بۇرنىدا قونىدۇ.

518 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ قَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا اسْتَجْمَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيُوتِرْ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، ئەتىر ئىشلەتسە، تاق قىلسۇن، مۇسلىم، ئەھمەد ھەدىسىنىڭ مەنىسى ئىستىنجادا تاق چالما تۇتۇش، تاق تازىلاش.

## 112 ــــ باب وجوب غسل الرجلين بكمالهما ئىككى پۇتنى كامىل يۇيۇشنىڭ ۋاجىبلىقى

519 –520 ـ 521 –522 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَبُو الطّاهِرِ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ. قَالُوا: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ ابْنُ وَهْبٍ عَنْ مَخْرَمَةَ بْنِ بُكَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ سَالِمٍ مَوْلَى شَدّادٍ قَالَ: دَخَلْتُ عَلَى عَائِشَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ تُوُفّيَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقّاصٍ. فَدَخَلَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ فَتَوَضّأَ عِنْدَهَا. فَقَالَتْ: يَا عَبْدَ الرّحْمَنِ! أَسْبِغِ الْوُضُوءَ. فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «وَيْلٌ لِلأَعْقَابِ مِنَ النّارِ».

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇكىرىپ، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىۋىدى، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا:ئى ئابدۇررەھمان!تاھارەتنى كامىل ئالغىن،چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ؛ تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر،دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.

523 ـ 524 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ هِلاَلِ بْنِ يَسَافٍ، عَنْ أَبِي يَحْيَى، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ: رَجَعْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ مَكّةَ إِلَى الْمَدِينَةِ، حَتّى إِذَا كُنّا بِمَاءٍ بِالطّرِيقِ. تَعَجّلَ قَوْمٌ عِنْدَ الْعَصْرِ. فَتَوَضّأُوا وَهُمْ عِجَالٌ. فَانْتَهَيْنَا إِلَيْهِمْ. وَأَعْقَابُهُمْ تَلُوحُ لَمْ يَمَسّهَا الْمَاءُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَيْلٌ لِلأَعْقَابِ مِنَ النّارِ، أَسْبِغُوا الْوُضُوءَ».

525 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ: جَمِيعاً عَنْ أَبِي عَوَانَةَ. قَالَ أَبُو كَامِلٍ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ يُوسُفَ بْنِ مَاهِكَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ: تَخَلّفَ عَنّا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ سَافَرْنَاهُ. فَأَدْرَكَنَا وَقَدْ حَضَرَتْ صَلاَةُ الْعَصْرِ. فَجَعَلْنَا نَمْسَحُ عَلَى أَرْجُلِنَا. فَنَادَى: «وَيْلٌ لِلأَعْقَابِ مِنَ النّارِ».

ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە مەككىدىن مەدىنىگە قايتقىچە،يول بويىدىكى سۇ بار جايدىن ئۆتۈپ قالدۇق، بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئەسىر ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەر ئالدىرىشىپ،ناھايىتى تېز تاھارەت ئېلىۋاتقان ئىكەن ، سۇ تەگمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ تاپانلىرى پارقىراپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر.تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار.

526 ـ حدّثنا عَبْدُ الرّحْمَن بْنُ سَلاّمِ الْجُمَحِي: حَدّثَنَا الرّبِيعُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنْ مُحمّدٍ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَأَى رَجُلاً لَمْ يَغْسِلْ عَقِبَيْهِ فقالَ: «وَيْلٌ لِلأَعْقَابِ مِنَ النّارِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەتتە ئىككى تاپىننى يۇمىغان كىشىنى كۆرۈپ؛ تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر،دېدى.

527 ـ حدّثنا قُتَيْبَة وَ أبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالُوا: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ رَأَى قَوْماً يَتَوَضّأُونَ مِنَ الْمِطْهَرَةِ. فقالَ: أسْبِغُوا الْوُضُوءَ. فَإِنّي سَمِعْتُ أَبَا الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم يقُولُ: «وَيْلٌ لِلْعَرَاقِيبِ مِنَ النّارِ». 528 ـ حَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَيْلٌ لِلأَعْقَابِ مِنَ النّارِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، ئۇتاھارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ؛تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار!چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر،دېگەن،دېدى.

## 113 ـــــ باب وجوب استيعاب جميع أجزاء محل الطهارة

## تاھارەت ئالغاندا يۇيىلىدىغان ئەزالارنىڭ ھەممە يېرىنى تولۇق يۇيۇشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا؛

529 ـ حدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ مُحمّدِ بْنِ أَعْيَنَ: حَدّثَنَا مَعْقِلٌ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ: أَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ أَنّ رَجُلاً تَوَضّأَ فَتَرَكَ مَوْضِعَ ظُفُرٍ عَلَى قَدَمِهِ، فَأَبْصَرَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: «ارْجِعْ فَأَحْسِنْ وُضُوءَكَ» فَرَجَعَ ثُمّ صَلّى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ ماڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ، قەدىمى ئۈستىدە تىماقنىڭ ئورنىچىلىك جاينى يۇيماي قويۇپ قويدى،ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ قېلىپ؛ سەن قايتىپ بېرىپ، تاھارىتىڭنى ياخشى كامىل ئالغىن،دېدى.ئۇكىشى قايتىپ بېرىپ، كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ناماز ئوقۇدى.

## 114 ـــــ باب خروج الخطايا مع ماء الوضوء خاتالىقلارنىڭ تاھارەت سۈيى بىلەن چىقىپ كېتىشى

530 ـ حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو الطّاهِرِ، وَاللّفْظُ لَهُ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا تَوَضّأَ الْعَبْدُ الْمُسْلِمُ (أَوِ الْمُؤْمِنُ) فَغَسَلَ وَجْهَهُ، خَرَجَ مِنْ وَجْهِهِ كُلّ خَطِيئَةٍ نَظَرَ إِلَيْهَا بِعَيْنَيْهِ مَعَ الْمَاءِ (أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ) فَإِذَا غَسَلَ يَدَيْهِ خَرَجَ مِنْ يَدَيْهِ كُلّ خَطِيئَةٍ كَانَ بَطَشَتْهَا يَدَاهُ مَعَ الْمَاءِ (أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ) فَإِذَا غَسَلَ رِجْلَيْهِ خَرَجَتْ كُلّ خَطِيئَةٍ مَشَتْهَا رِجْلاَهُ مَعَ الْمَاءِ (أَوْ مَعَ آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ) حَتّى يَخْرُجَ نَقِيّاً مِنَ الذّنُوبِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ياكى مۆئمىن بەندە تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇسا، يۈزىدىن كۆزى بىلەن قارىغان ھەرقانداق خاتالىق سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى قولىنى يۇسا، ئۇ قولى بىلەن تۇتقان ھەربىر خاتالىقلار قولىدىن ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، ئىككى پۇتىنى يۇسا، ئىككى پۇتى بىلەن ماڭغان بارلىق خاتالىقلىرى سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، تاكى ئۇ گۇناھىدىن پاكلانغانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ.

مالىك، شافىئى، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان.

531 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ مَعْمَر بْن رِبْعِيَ الْقَيْسِيّ: حَدّثنَا أَبُو هِشَامِ الْمَخزُومِيّ، عَنْ عَبْدِ الْوَاحِدِ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ). حَدّثنا عُثْمَانُ بْنُ حَكِيمٍ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ حُمْرَانَ، عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفّانَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَوَضّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ خَرَجَتْ خَطَايَاهُ مِنْ جَسَدِهِ. حَتّى تَخْرُجَ مِنْ تَحْتِ أَظْفَارِهِ».

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى ھەم كامىل ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى، جەسەدلىرىدىن ، ھەتتا ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ.

ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم.

## 115 ـــــ باب استحباب إطالة الغرة والتحجيل في الوضوء

## تاھارەت ئالغاندا قاشقىلىق نۇرىنى ئۇزارتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى توغرىسىدا؛

532 ـ حدّثني أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ بْنِ دِينَارٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالُوا: حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ. حَدّثنِي عُمَارَةُ بْنُ غَزِيّةَ الأَنْصَارِيّ عَنْ نُعَيْمِ بْنِ عَبْدِ الله الْمُجْمِرِ قَالَ: رَأَيْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَتَوَضّأُ. فَغَسَلَ وَجْهَهُ فَأَسْبَغَ الْوُضُوءَ. ثُمّ غَسَلَ يَدَهُ الْيُمْنَىَ حَتّى أَشْرَعَ فِي الْعَضُدِ. ثُمّ يَدَهُ الْيُسْرَى حَتّى أَشْرَعَ فِي الْعَضُدِ. ثُمّ مَسَحَ رَأْسَهُ. ثُمّ غَسَلَ رِجْلَهُ الْيُمْنَى حَتّى أَشْرَعَ فِي السّاقِ. ثُمّ غَسَلَ رِجْلَهُ الْيُسْرَى حَتّى أَشْرَعَ فِي السّاقِ. ثُمّ قَالَ: هَكَذَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَتَوَضّأُ. وَقَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَنْتُمُ الْغُرّ الْمُحَجّلُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. مِنْ إِسْبَاغِ الْوُضُوءِ. فَمَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ فَلْيُطِلْ غُرّتَهُ وَتَحْجِيلَهُ».

نۇئەيم مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ، تاھارەت ئالغاندا، يۈزىنى كامىل يۇيۇپ، ئىككى قولىنى قولتۇقىغىچە،ئىككى پۇتىنى پاچاقلىرىغىچە يۇغىنىنى كۆردۈم،ئاندىن ئۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم،ۋە مۇنداق دېگەن: سىلەر تاھارەتنى كامىل ئالغانلىقىڭلاردىن قىيامەت كۈنى ئەزالىرىڭلار نۇرلۇق، ئات قاشقىسىدەك نۇر بەلگە بىلەن كېلىسىلەر، (كىمكى سىلەردىن نۇرىنى ، قاشقىدەك نۇر بەلگىسنى ئۇزارتىشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن) . باشقىلار بۇ تىرناق ئىچىدىكى سۆزمۇ سەھىھ دېسە، ئەلبانى مۇشۇ ئاخىرقى سۆز زەئىپ دېگەن.

533 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ: حَدّثنِي ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي هِلاَلٍ، عَنْ نُعَيْمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ رَأَى أَبَا هُرَيْرَةَ يَتَوَضّأُ. فَغَسَلَ وَجْهَهُ وَيَدَيْهِ حَتّى كَادَ يَبْلُغُ الْمَنْكِبَيْنِ. ثُمّ غَسَلَ رِجْلَيْهِ حَتّى رَفَعَ إِلَى السّاقَيْنِ. ثُمّ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ أُمّتِي يَأْتُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ غُرّاً مُحَجّلِينَ مِنْ أَثَرِ الْوُضُوءِ. فَمَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يُطِيلَ غُرّتَهُ فَلْيَفْعَلْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم، قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئەسەر ئىزلىرىدىن، قاشقىلىق نۇرلۇق، بەلگىلىك چاقىرىلىدۇ، نۇرنى ئۇزارتىشقا قادىر بولالىغان كىشى، شۇنداق قىلسۇن، بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم،

534 ـ حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ، جَمِيعاً عَنْ مَرْوَانَ الْفَزَارِيّ. قالَ: ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ، عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ سَعْدِ بْنُ طَارِقٍ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِنّ حَوْضِي أَبْعَدُ مِنْ أَيْلَةَ مِنْ عَدَنٍ. لَهُوَ أَشَدّ بَيَاضاً مِنَ الثّلْجِ، وَأَحْلَى مِنَ الْعَسَلِ بِاللّبَنِ، وَلآنِيَتُهُ أَكْثَرُ مِنْ عَدَدِ النّجُومِ، وَإِنّي لأَصُدّ النّاسَ عَنْهُ كَمَا يَصُدّ الرّجُلُ إِبِلَ النّاسِ عَنْ حَوْضِهِ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَتَعْرِفُنَا يَوْمَئِذٍ؟ قالَ: «نَعَمْ. لَكُمْ سِيمَا لَيْسَتْ لأَحَدٍ غَيْرِكُمْ، تَرِدُونَ عَلَيّ غُرّاً مُحَجّلِينَ مِنْ أَثَرِ الْوُضُوءِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ كەڭلىكى، يەمەندىكى ئەدنى دېگەن شەھەردىن باشلاپ مىسىر بىلەن شام ئارىسىدىكى ئەيلەت دېگەن شەھەرنىڭ يىراق بولغان كەڭلىكىدىنمۇ كەڭرىدۇر، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۈيى قاردىن، سۈتتىن ئاقراق، ھەسەلدىن تاتلىقراق، ئۇنىڭ قاچىلىرى، جاملىرى، يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىنمۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن مەن بەزى كىشىلەرنى خۇددى كىشى باشقىلارنىڭ تۆگىسىنى ئۆز كۆلىدىن توسقاندەك، كەۋسەردىن توسىمەن، ساھابىلار شۇ كۈنى بىزنى تونىيالامسىز؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، ئەلۋەتتە سىلەرنى تونۇيمەن، سىلەر ئۈچۈن بارلىق ئۈممەتلەردىن ھېچ كىشىدە بولمىغان ئالاھىدە بەلگە، ئالامەت بار، سىلەر مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىگە، تاھارەتنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاتنىڭ قاشقىسىدەك نۇرلۇق، بەلگە بىلەن كېلىسىلەر،دېدى.

535 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ وَ وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَىَ (وَاللّفْظُ لِوَاصِلٍ) قالاَ حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «تَرِدُ عَلَيّ أُمّتِي الْحَوْضَ. وَأَنَا أَذُودُ النّاسَ عَنْهُ كَمَا يَذُودُ الرّجُلُ إِبِلَ الرّجلِ عَنْ إِبِلِهِ» قالُوا: يا نَبِيّ اللّهِ أَتَعْرِفُنَا؟! قالَ «نَعمْ. لَكُمْ سِيمَاً لَيستْ لأَحِدٍ غَيْرِكُمْ. تَرِدُونَ عَلَيّ غُرَا مُحَجّلِينَ مِنْ آثَارِ الْوَضُوءِ. وَلَيُصَدّنّ عَنّي طَائِفَةٌ مِنْكُمْ فَلاَ يَصِلُونَ. فَأَقُولُ: يَا رَبّ! هَؤُلاَءِ مِنْ أَصْحَابِي. فَيُجِيبُنِي مَلَكٌ فَيَقُولُ: وَهَلْ تَدْرِي مَا أَحْدَثُوا بَعْدَكَ؟».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ھەۋزى-كەۋسەر بويىدا قېشىمغا كېلىدۇ ، مەن بولسام، بەزى كىشىلەرنى خۇددى كىشى ئۆز تۆگىلىرىدىن باشقا كىشىنىڭ تۆگىسىنى توسۇپ تۇرغاندەك بۇ كۆلدىن توسۇپ تۇرىمەن، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سىلى بىزنى تونىيالامسىز؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، مەن تونىيالايمەن، سىلەر ئۈچۈن سىلەردىن باشقا ھېچ كىشىلەردە بولمىغان بەلگە ئالامەت بار، سىلەر ماڭا تاھارەتنىڭ ئەسەر ئىزلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقا نۇرلۇق ھالەتتە كېلىسىلەر، سىلەردىن بىر تائىپە كىشىلەر مەندىن توسۇلۇپ قېلىپ، مېنىڭ قېشىمغا كېلەلمەيدۇ، مەن ئى رەببىم، ئۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا بىر پەرىشتە جاۋاب بېرىپ

مۇنداق دەيدۇ ؛ ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن قانداق نەرسىلەرنى ، قانداق بىدئەتلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟ (باشقا خاتىرىدە ئۇلار سەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەن دېيىلىدۇ)

**536 ـ وحدّثنا عُثمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ [1] عَنْ سَعْدِ بْنِ طَارِقٍ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ حَوْضِي لأَبْعَدُ مِنْ أيْلَةَ مِنْ عَدَنٍ. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إنّي لأَذُودُ عَنْهُ الرّجَالَ كَمَا يَذُودُ الرّجُلُ الإِبِلَ الْغَرِيبَةَ عَنْ حَوْضِهِ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! وَتَعْرِفُنَا؟ قَالَ: «نَعَمْ. تَرِدُونَ عَلَيّ غُرّاً مُحَجّلِينَ مِنْ آثَارِ الْوُضُوءِ. لَيْسَتْ لأَحَدٍ غَيْرِكُمْ».**

بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرقىسىغا ئوخشاشتۇر، مەزمۇنى كەۋسەر شۇنداق كەڭ، قاچىلىرى كۆپ، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، بەزى كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىمەن، سىلەر نۇرلۇق كېلىسىلەر دېگەندەك.

**537 ـ538 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. جَمِيعاً عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ. أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَتَى الْمَقْبُرَةَ فَقَالَ: «السّلاَمُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ. وَإنّا، إنْ شَاءَ اللّهَ، بِكُمْ لاَحِقُونَ. وَدِدْتُ أَنّا قَدْ رَأَيْنَا إخْوَانَنَا» قَالُوا: أَوَلَسْنَا إخْوَانَكَ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «أَنْتُمْ أَصْحَابِي. وَإخْوَانُنَا الّذِينَ لَمْ يَأْتُوا بَعْدُ». فَقَالُوا: كَيْفَ تَعْرِفُ مَنْ لَمْ يَأْتِ بَعْدُ مِنْ أُمّتِكَ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ فَقَالَ: «أَرَأَيْتَ لَوْ أَنّ رَجُلاً لَهُ خَيْلٌ غُرّ مُحَجّلَةٌ. بَيْنَ ظَهْرَيْ خَيْلٍ دُهْمٍ بُهْمٍ. أَلاَ يَعْرِفُ خَيْلَهُ؟» قَالُوا: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «فَإنّهُمْ يَأْتُونَ غُرّاً مُحَجّلِينَ مِنَ الْوُضُوءِ. وَأَنَا فَرَطُهُمْ عَلَى الْحَوْضِ. أَلاَ لَيُذَادَنّ رِجَالٌ عَنْ حَوْضِي كَمَا يُذَادُ الْبَعِيرُ الضّالّ فَأُنَادِيهِمْ: أَلاَ هَلُمّ فَيُقَالَ: إنّهُمْ قَدْ بَدّلُوا بَعْدَكَ. فَأَقُولُ: سُحْقاً سُحْقاً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەبرىستانلىققا كېلىپ مۇنداق دېگەن: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىنلەر ھويلىسى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا سىلەرگە يات يېقىندا قوشۇلىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرىشىمىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدۇق، ساھابىلار؛ بىز سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەلكى سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم، ھەمراھلىرىم، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بۇندىن كېيىن كېلىدىغانلاردۇر دېدى، ئۇلار ؛ ئۇممەتلىرىدىن تېخى كەلمىگەن بۇندىن كېيىن كېلىدىغان كىشىنى قانداق تونۇيلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغ ا؛ قانداق قارايسىلەر؟ قېنى دەپ بېقىڭلار چۇ؟ ئەگەر بىر كىشىنىڭ قاشقىلىق نۇرلۇق ، يۈزىدە پۇتلىرىدا قاشقا نۇرى بار ئېتى بولسا، بۇ ئاتلار تۇم قارا بەلگىسىز، قاشقىسىز ئاتلار ئارىسىدا بولسا ، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قاشقىلىق ئېتىنى تونۇيالماسمۇ؟ ئۇلار ؛ ئەلۋەتتە تونۇيدۇ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەت ئەسەرلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقىلىق كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، تونۇيمەن!( ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىر تۈركۈم كىشىلەر كەۋسەر كۆلىمىدىن خۇددى ئېزىپ قالغان ئازغۇن، ئىگىسى يوق تۆگە ھەيدەلگەندەك ھەيدىلىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، مەن ئۇلارنى بۇياققا كېلىڭلار، بۇياققا كېلىڭلار!!! دەپ

تووْلايمەن، ئاندىن ماڭا؛ ئۇلار سەندىن كېيىن دىننى يۆتكۆەتتى دىيىلىدۇ، مەن ئاندىن ئۇنداق بولسا، ئۇلار ھالاك بولسۇن، رەھمەتتىن يىراق بولسۇن، ھالاك بولسۇن دەيمەن، مالىك، شافىئى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

## 116 ـــــ باب تبليغ الحلية حيث يبلغ الوضوء

## نۇردىن بولغان زىننەت ـ بويۇملىرىنىڭ تاھارەت سۈيى يەتكەن جايغىچەيىتىشى

539 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا خَلَفٌ (يَعْنِي ابْنَ خَلِيْفَةَ) عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ قَالَ: كُنْتُ خَلْفَ أَبِي هُرَيْرَةَ وَهُوَ يَتَوَضّأُ لِلصّلاَةِ. فَكَانَ يَمُدّ يَدَهُ حَتّى تَبْلُغَ إِبْطَهُ. فَقُلْتُ لَهُ: يَا أَبَا هُرَيْرَةَ! مَا هَذَا الْوُضُوءُ؟ فَقَالَ: يَا بَنِي فَرّوخَ! أَنْتُمْ هَهُنَا؟ لَوْ عَلِمْتُ أَنّكُمْ هَهُنَا مَا تَوَضّأْتُ هَذَا الْوُضُوءَ. سَمِعْتُ خَلِيلِي صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «تَبْلُغُ الْحِلْيَةُ مِنَ الْمُؤْمِنِ حَيْثُ يَبْلُغُ الْوَضُوءُ».

ئەبۇھازىم مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىۋاتقاندا مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىدىم، ئۇ قولىنى قولتۇقىغىچە يۇدى، مەن ئۇنىڭغا؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!بۇقانداق تاھارەت؟دىسەم، ئۇماڭا؛ ئى بەنى پۇرەۋۋەخ! سىلى مۇشۇ جايدا بارمىدىڭلار؟ ئەگەر سىلىنىڭ بۇ جايدا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلگەن بولسام، بۇنداق تاھارەت ئالمايتتىم،مەن يېقىن دوستۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم : مۆئمىننىڭ نۇردىن بولغان زىننەت ـ بويۇملىرى تاھارەت سۈيى يەتكەن جايغىچە بولىدۇ،  نەگە سۇ يەتسە ، شۇ جايغا نۇر، زىننەت يېتىدۇ.

## 117 ـــــ باب فضل إِسبا غ الوضوء على المكاره مۇشەققەتلىك چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىشنىڭ پەزىيلىتى

540 ـ541 ـ حدّثنا يَحْيَى  بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ، جَمِيعاً عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ. أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم  قَالَ: «أَلاَ أَدُلّكُمْ عَلَى مَا يَمْحُو الله بِهِ الْخَطَايَا وَيَرْفَعُ بِهِ الدّرَجَاتِ؟» قَالُوا: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «إِسْبَاغُ الْوُضُوءِ عَلَى الْمَكَارِهِ. وَكَثْرَةُ الْخُطَا إِلَى الْمَسَاجِدِ. وَانْتِظَارُ الصّلاَةِ بَعْدَ الصّلاَةِ. فَذَلِكُمُ الرّبَاطُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ  لار بۇلىدۇ ئى رەسۇلەﷲ ! دىدى.   رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  ;ئۇ  بولسىمۇ، مۇشەققەتلىك چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ بېرىش، نامازدىن كىيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا تەييار تۇرۇشتۇر، ئەنە شۇ، ئاللاھ يولىدا جىھادقا تەييارلىق قىلغاندەك ئىشتۇر (بۇ      رىبات تەييارلىق سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئاخىرىدا بار) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى

## 118 ـــــ باب السواك          مىسۋاك سىلىش توغرىسىدا؛

542 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ  سَعِيدٍ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ  عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَوْلاَ أَنْ أَشُقّ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ (وَفِي حَدِيثِ زُهَيْرٍ، عَلَى أُمّتِي) لأَمَرْتُهُمْ بِالسّوَاكِ عِنْدَ كُلّ صَلاَةٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەن ئۇممەتلىرىمگە جاپا ــ مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا، ھەربىر نامازغا مىسۋاك سېلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم.بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار

**543 ـ544 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ: حَدّثَنَا ابْنُ بِشْرٍ، عَنْ مِسْعَرٍ، عَنِ الْمِقْدَامِ بْنِ شُرَيْحٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: سَأَلْتُ عَائِشَةَ. قُلْتُ: بِأَيّ شَيْءٍ كَانَ يَبْدَأُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذَا دَخَلَ بَيْتَهُ؟ قَالَتْ: بِالسّوَاكِ.**

شۇرەيھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە كىرسە ، قايسى نەرسى بىلەن باشلايتتى؟دەپ سورسام،ئۇماكا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە كىرسلا، مىسۋاك سېلىش بىلەن باشلايتتى دىدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە

**545 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ غَيْلاَنَ (وَهُوَ ابْنُ جَرِيرٍ الْمَعوَلِيّ) عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ: دَخَلْتُ عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَطَرَفُ السّوَاكِ عَلَى لِسَانِهِ.**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، مىسۋاكنىڭ بىر تەرپى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىكەن.

**546 ـ547 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ عَنْ حُصَيْنٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا قَامَ لِيَتَهَجّدَ، يَشُوصُ فَاهُ بِالسّوَاكِ.**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئاغزىنى مىسۋاك سېلىش بىلەن تازلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە

**548 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ مَنْصُورٍ. وَ حُصَيْنٌ وَ الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ: أَنّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا قَامَ مِنَ اللّيْلِ يَشُوصُ فَاهُ بِالسّوَاكِ.**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تۇرغاندا، ئاغزىنى مىسۋاك سېلىپ تازلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە

**549 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: حَدّثَنَا أَبُو نُعَيْمٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ مُسْلِمٍ: حَدّثَنَا أَبُو الْمُتَوَكّلِ أَن ابْنَ عَبّاسٍ حَدّثَهُ أَنّهُ بَاتَ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ لَيْلَةٍ. فَقَامَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ آخِرِ اللّيْلِ. ثُمّ خَرَجَ فَنَظَرَ إِلَى السّمَاءِ. ثُمّ تَلاَ هَذِهِ الآيَةَ فِي آلِ عِمْرَانَ: {إِنّ فِي خَلْقِ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللّيْلِ وَالنّهَارِ}، حَتّى بَلَغَ، {فَقِنَا عَذَابَ النّارِ} (آل عمران الآيتان: 190 و 191) ثُمّ رَجَعَ إِلَى الْبَيْتِ فَتَسَوّكَ وَتَوَضّأَ. ثُمّ قَامَ فَصَلّى. ثُمّ اضْطَجَعَ. ثُمّ قَامَ فَخَرَجَ فَنَظَرَ إِلَى السّمَاءِ فَتَلاَ هَذِهِ الآيَةَ. ثُمّ رَجَعَ فَتَسَوّكَ فَتَوَضّأَ. ثُمّ قَامَ فَصَلّى.**

ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ يېنىدا بىر كېچە ئۇخلاپتۇ، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغۇنۇپ تۇرۇپ، مىسۋاك سېلىپ، تاھارەت ئېلىپ،سىرتتقا چىقىپ ئاسمانغا قاراپ؛« شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ......»دىگەن ئايەتنى سۈرىنىڭ ئاخىرغىچە ئوقىدى، ئاندىن تۇرۇپ، قىيام،رۇكۇ ـ سەجدىللىرىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلىپ ئىككى رەكئەت

ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازدىن قايتىپ، پۈلەپ كەتكەنگە قەدەر ئۇخلىدى، ئاندىن شۇنى ئۈچ قېتىم قىلىپ ئالتە

رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ھەر قېتىم مسۋاك سىلىپ، تاھارەت ئېلىپ، ئەنە شۇ ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۈچ

رەكئەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇيتتى، دىدى.مشكاتننىڭ 1195 ـ ھەدىسى.

## 119 ـــــ باب خصال الفطرة قەدىمقىلاردىن باشلاپ قىلىنغان سۈننەتلەر

550 ـ حدثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النَّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، جَمِيعاً، عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْفِطْرَةُ خَمْسٌ (أَوْ خَمْسٌ مِنَ الْفِطْرَةِ) الْخِتَانُ، وَالاِسْتِحْدَادُ، وَتَقْلِيمُ الأَظْفَارِ، وَنَتْفُ الإِبِطِ، وَقَصّ الشّارِبِ».
551 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «الْفِطْرَةُ خَمْسٌ: الإِخْتِتَانُ، وَالإِسْتِحْدَادُ، وَقَصّ الشّارِبِ، وَتَقْلِيمُ الأَظْفَارِ، وَنَتْفُ الإِبِطِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىمقى سۈننەتتىن

ھازىرمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدىغان بەش نەرسە باردۇر، خەتنە قىلىش، ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاش، بۇرۇتنى قىرقىپ

تۇرۇش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى.

552 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، كِلاَهُمَا عَنْ جَعْفَرٍ. قَالَ يَحْيَىَ: حَدّثَنَا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ أَنَسٌ: وُقّتَ لَنَا فِي قَصّ الشّارِبِ، وَتَقْلِيمِ الأَظْفَارِ، وَنَتْفِ الإِبِطِ، وَحَلْقِ الْعَانَةِ، أَنْ لاَ نَتْرُكَ أَكْثَرَ مِنْ أَرْبَعِينَ يَوْماً.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىزگە بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش ،

ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاشتا 40 كۈندىن ئارتۇق تەرىك ئەتمەسلىكىمىزگە ۋاقىت بېكىتىلدى(يەنى بۇتازىلىقلارنى

ۋاقتىدا قىلىشىمىز، بىرەر ئايغىچە تاشلىۋەتمەسلىكىمىز سۈننەت قىلىپ بېكىتىلدى)

553 ـ حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ). ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. جَمِيعاً عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَحْفُوا الشّوَارِبَ وَأَعْفُوا اللّحَىَ».
554 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ نَافِعٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ أَمَرَ بِإِحْفَاءِ الشّوَارِبِ وَإِعْفَاءِ اللّحْيَةِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى قىرقىپ

ئېلىپ تۇرۇپ، ساقالنى تولۇق، كامىل قويۇڭلار.

555 ـ حدّثنا سَهْلُ بْنُ عُثْمَانَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنْ عُمَرَ بْنِ مُحَمّدٍ حَدّثَنَا نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَالِفُوا الْمُشْرِكِينَ. أَحْفُوا الشّوَارِبَ وَأَوْفُوا اللّحَىَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارنىڭ

خىلاپىدا، قارشىسىدا ئىش قىلىڭلار، بۇرۇتنى قىرقىپ ئېلىپ تۇرۇپ، ساقالنى تولۇق، كامىل قويۇڭلار،

بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى.

556 ـ حدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَعْقُوبَ، ـ مَوْلَى الْحُرَقَةِ ـ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «جُزّوا الشّوَارِبَ وَأَرْخُوا اللّحَىَ. خَالِفُوا الْمَجُوسَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتلارنى ئېلىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى كامىل، ئۇزۇن قويۇڭلار، مەجۇسىيلارنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلىڭلار، (مەجۇسىيلار بۇرۇتلىرىنى يۇگەپ، ئۇزۇن قوياتتى، ساقىلى يوق ئىدى)

557 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ و زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالُوا: حَدّثنَا وكِيعٌ، عَنْ زَكَرِيّاءَ بْنِ أَبِي زَائِدَةَ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ شَيْبَةَ، عَنْ طَلْقِ بْنِ حَبِيبٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَشْرٌ مِنَ الْفِطْرَةِ: قصّ الشّارِبِ، وَإِعْفَاءُ اللّحْيَةِ، وَالسّوَاكُ، وَاسْتِنْشَاقُ الْمَاءِ، وَقصّ الأَظْفَارِ، وَغسْلُ الْبَرَاجِمِ، وَنَتْفُ الإِبطِ، وَحلْقُ الْعَانَةِ، وَانْتِقَاصُ الْمَاءِ». قالَ زَكَرِيّاءُ: قالَ مُصْعَبٌ: وَنَسِيتُ الْعَاشِرَةَ. إلاّ أنْ تَكُونَ الْمَضْمَضَةَ. زَادَ قُتَيْبَةُ: قالَ وكِيعٌ: انْتِقَاصُ الْمَاءِ يَعْنِي الإِسْتِنْجَاءَ..

558 ـ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ شَيْبَةَ فِي هَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ، غَيْرَ أَنّهُ قالَ: قالَ أَبُوهُ: وَنَسِيتُ الْعَاشِرَةَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن 10 ئىش باردۇر، (بۇلار بىرگىمۇ سۈننەتتۇر). 1 ـ بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، 2 ـ ساقالنى كامىل، تولۇق قويۇش، 3 ـ مسۋاك سىلىش، 4 ـ ئاغىزى بۇرنىغا سۇ ئېلىش، 5 ـ تىرناقلارنى ئېلىپ تۇرۇش، 6 ـ بارماقلارنىڭ بوغۇملىرىنى قاتلىشىپ تۇرۇلۇپ قالغان جايلارنى يۇيۇش، 7 ـ قولتۇق تۈكنى تازىلاش، 8 ـ ئەۋرەتنى پاك ــ پاكىز تازىلاش، 9 ـ ئىستىنجا قىلىش، 10 ـ سىنى راۋىي ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئاغىزىغا سۇ ئېلىش دېگەن، بەزىلەر باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەپ خەتنە قىلىش دېگەن . بۇ ھەدىسنى مۇسلىم تاھارەتتە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

بىر قىسىم ئالىملار؛ رەببىم بۇيرىدى دېگەن، ھەدىسنى دەلىللەپ ساقال ۋاجىپ دېگەن، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دېگەن، بۇ ھەدىسدە سۈننەت دېيىلگەن، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ؛ ساقالنى ئۆزرىسىز دائىم ئالدۇرغان كىشى پاسىق دېگەن.

## 120 ـــــ باب الإِستطابة ئىستىنجا قىلىش توغرىسىدا؛

559 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، و وَكِيعٌ، عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنَا يَحيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحمَنِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ سَلْمَانَ قالَ: قِيلَ لَهُ: قَدْ عَلّمَكُمْ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم كُلّ شَيْءٍ، حَتّى الْخِرَاءَةَ. قالَ، فَقَالَ: أَجَلْ. لَقَدْ نَهَانَا أَنْ نَسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةَ لِغَائِطٍ أَوْ بَوْلٍ، أَوَ أَنْ نَسْتَنْجِيَ بِالْيَمِينِ، أَوْ أَنْ نَسْتَنْجِيَ بِأَقَلّ مِنْ ثَلاَثَةِ أَحْجَارٍ. أَوْ أَنْ نَسْتَنْجِيَ بِرَجِيعٍ أَوْ بِعَظْمٍ.

560 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الأَعْمَشِ وَ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ سَلْمَانَ قالَ: قالَ لَنَا الْمُشْرِكُونَ: إِنّي أَرَى صَاحِبَكُمْ يُعَلّمُكُمْ. حَتّى يُعَلّمَكُمُ الْخِرَاءَةَ. فَقَالَ: أَجَلْ. إِنّهُ نَهَانَا أَنْ يَسْتَنْجِيَ أَحَدُنَا بِيَمِينِهِ. أَوْ يَسْتَقْبِلَ الْقِبْلَةَ. وَنَهَى عَنِ الرّوْثِ وَالْعِظَامِ. وَقَالَ: «لاَ يَسْتَنْجِي أَحَدُكُمْ بِدُونِ ثَلاَثَةِ أَحْجَارٍ».

قويقاندا تاھارەت ئالدىغان سۇ يوق بولۇپ قالدى، ئاندىن الله تائالا تەيەممۇم قىلىش ئايىتىنى نازىل قىلدى، ئۇلار تەيەممۇم قىلدى،بىز يولغا چىقىش ئۈچۈن تۆگىنى قوزغاپ، گىلاپكامنى مەن ئولتۇرغان تۆگىنىڭ ئاستىدىن تاپتۇق، ئۇسەيد مۇنداق دېدى؛ الله تائالا سىلگە ياخشى مۇكاپاتلەر بەرسۇن، بۇ سىلەرنىڭ بەركىتىڭلارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسقۇ، الله بىلەن قەسەمكى، سىلىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرەر ئايەت نازىل قىلىنسا، الله تائالا ئۇ ئايەتتە سىلگە چىقىش يولى، ئاسانلىق قىلىپ بەردى، مۇسۇلمانلارغا بەركەت قىلىپ بەردى.

769 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ قالَ: كُنْتُ جَالِساً مَعَ عَبْدِ اللّهِ وَأَبِي مُوسَى. فَقالَ أَبُو مُوسَى: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَن أَرَأَيْتَ لَوْ أَنّ رَجُلاً أَجْنَبَ فَلَمْ يَجِدِ الْمَاءَ شَهْراً، كَيْفَ يَصْنَعُ بِالصّلاَةِ؟ فَقالَ عَبْدُ اللّهِ: لا يَتَيَمّمُ وَإِنْ لَمْ يَجِدِ الْمَاءَ شَهْراً. فَقالَ أَبُو مُوسَى: فَكَيْفَ بِهَذِهِ الآيَةِ فِي سُورَةِ الْمَائِدَةِ: {فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمّمُوا صَعِيداً طَيّباً} (المائدة الآية: 6) فَقالَ عَبْدُ اللّهِ: لَوْ رُخّصَ لَهُمْ فِي هَذِهِ الآيَةِ، لأَوْشَكَ، إِذَا بَرَدَ عَلَيْهِمُ الْمَاءُ، أَنْ يَتَيَمّمُوا بِالصّعِيدِ. فَقالَ أَبُو مُوسَىَ لِعَبْدِ اللّهِ: أَلَمْ تَسْمَعْ قَوْلَ عَمّارٍ: بَعَثَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي حَاجَةٍ فَأَجْنَبْتُ، فَلَمْ أَجِدِ الْمَاءَ، فَتَمَرّغْتُ فِي الصّعِيدِ كَمَا تَمَرّغُ الدّابّةُ، ثُمّ أَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ. فَقالَ: «إِنّمَا كَانَ يَكْفِيكَ أَنْ تَقُولَ بِيَدَيْكَ هَكَذَا» ثُمّ ضَرَبَ بِيَدَيْهِ الأَرْضَ ضَرْبَةً وَاحِدَةً، ثُمّ مَسَحَ الشّمَالَ عَلَى الْيَمِينِ، وَظَاهِرَ كَفّيْهِ، وَوَجْهَهُ؟ فَقالَ عَبْدُ اللّهِ: أَلَمْ تَرَ عُمَرَ لَمْ يَقْنَعْ بِقَوْلِ عَمّارٍ.

770 ـ وحدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنْ شَقِيقٍ قالَ: قالَ أَبُو مُوسَىَ لِعَبْدِ اللّهِ، وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ، نَحْوَ حَدِيثِ أَبِي مُعَاوِيَةَ، غَيْرَ أَنّهُ قالَ: فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّمَا كَانَ يَكْفِيكَ أَنْ تَقُولَ هَكَذَا» وَضَرَبَ بِيَدَيْهِ إِلَى الأَرْضِ، فَنَفَضَ يَدَيْهِ فَمَسَحَ وَجْهَهُ وَكَفّيْهِ.

ئەبۇمۇسا ئىبنى ئۆمەرگە؛ ئى ئەبۇئابدۇررەھمان! قېنى دەپ باققىنە، بىركىشى جۇنۇپ بولۇپ قېلىپ بىرئايغىچە سۇ تاپالمىسا، نامازنى قانداق قىلىدۇ؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر؛گەرچە بىر ئايغىچە سۇ تاپالمىسمۇ، تەيەممۇم قىلمايدۇ دېدى، ئەبۇمۇسا؛ ئۇنداق بولسا، :«ئەگەر سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار....»دېگەن سۈرە مائىدەنىڭ 6 ـ ئايىتى قانداق ئىش؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر؛ ئەگەر ئۇلارغا بۇئايەتتە تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسا، ئۇلارغا سۇ بەكىرەك مۇزلاپ كەتسىمۇ، تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىشى مۇمكىن دېدى، ئەبۇمۇسا؛سەن ئەممارزەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟؛ رەسۇلۇللاھ مىنى بىر ھاجەتكە ئەۋەتتى، مەن جۇنۇپ بولۇپ قېلىپ، سۇ تاپالماي، تۇپىدا يۇمىلاپ ناماز ئۇقۇغان ئىدىم،كيىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم،....يەنەبىردە؛ بىركىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ،مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم،لىكىن يۇيىنىدىغان سۇ تاپالمىدىم دىدى.مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ سىنىڭ ئىسىڭدە يوقمۇ؟بىز بىرقېتىم سەپەردە بىللە بولغان ئىدۇق،سەن سۇ تاپالماي ناماز ئۇقىمىغان ئىدىڭ.مەن تۇپىدا يۇمىلاپ ناماز ئۇقۇغان ئىدىم،كيىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەققەتەن ساڭا مۇنداق قىلىشىڭ كۇپايە قىلاتتى دەپ،ئىككى ئالقىنىنى زىمىنغا

ئۇرۇپ،پۈدىۋېتىپ،ئاندىن سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى، ئالقىنىنىڭ دۈمبىسىنى، يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلىغان ئىدى.يانابىر خاتىدە،ئىككى قولىنى زېمىنغا ئۇرۇپ،پۈدىۋېتىپ،ئاندىن يۈزۈڭنى ۋە ئىككى قولۇڭنى سىلىشىڭ كۇپايە بولاتتى دېگەن بار،دېدى.ئىبنى ئۆمەر؛ ئۆمەرنىڭ ئەممارنىڭ سۆزىگە قانائەت قىلمىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟دېدى. بۇخارى،مۇسلىم. ئەمەلىيەتتە سۇ تاپالمىسا،تەيەممۇم قىلىشقا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس باردۇر.

771 –772 - حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ هَاشِمٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ الْقَطّانِ) عَنْ شُعْبَةَ. قَالَ: حَدّثَنِي الْحَكَمُ عَنْ ذَرَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ أَبْزَىَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ رَجُلاً أَتَى عُمَرَ فَقَالَ: إِنّي أَجْنَبْتُ فَلَمْ أَجِدْ مَاءِ. فَقَالَ: لاَ تُصلِّ. فَقَالَ عَمّارٌ: أَما تَذْكُرُ، يَا أَمِيرَ الْمُوءمِنِينَ إِذْ أَنَا وَأَنْتَ فِي سَرِيّةٍ فَأَجْنَبْنَا، فَلَمْ نَجِدْ مَاءً: أَمّا أَنْتَ فَلَمْ تُصَلّ، وَأَمّا أَنَا فَتَمَعّكْتُ فِي التّرَابِ وَصَلّيْتُ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «إِنّمَا كَانَ يَكْفِيكَ أَنْ تَضْرِبَ بِيَدَيْكَ الأَرْضَ، ثُمّ تَنْفُخَ، ثم تمسح بهمَا وَجْهَكَ وَكَفّيْكَ» فَقَالَ عُمَرُ: اتّقِ اللّهَ، يَا عَمّار! قَالَ: إِنْ شِئْتَ لَمْ أُحَدّثْ بِهِ. قَالَ الْحَكَمُ: وَحَدّثَنِيهِ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ أَبْزَى، عَنْ أَبِيهِ، مِثْلَ حَدِيثِ ذَرّ. قَالَ: وَحَدّثَنِي سَلَمَةُ عَنْ ذَرَ، فِي هَذَا الأَسْنَادِ الّذِي ذَكَرَ الْحَكَمُ. فَقَالَ عُمَرُ: نُوَلّيكَ مَا تَوَلّيْتَ.

ئەمماررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ،مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم،لېكىن يۇيىنىدىغان سۇ تاپالمىدىم دېدى.ئۇ؛ناماز ئۇقۇماي تۇر دېدى، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىنىڭ ئىسىڭدە يوقمۇ؟بىز بىرقېتىم سەپەردە بىللە بولغان ئىدۇق،سەن سۇ تاپالماي ناماز ئوقىمىغان ئىدىڭ.مەن توپىدا يۇمىلاپ ناماز ئوقۇغان ئىدىم،كېيىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەققەتەن ساڭا مۇنداق قىلىشىڭ كۇپايە قىلاتتى دەپ،ئىككى ئالقىنىنى زېمىنغا ئۇرۇپ،پۈدىۋېتىپ،ئاندىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلىغان ئىدى.يانابىر خاتىدە،ئىككى قولىڭنى زېمىنغا ئۇرۇپ،پۈدىۋېتىپ،ئاندىن يۈزۈڭنى ۋە ئىككى قولۇڭنى سىلىشىڭ كۇپايە بولاتتى دېگەن بار.ئۆمەر؛ ئى ئەممار! سەن الله تىن قورققىن دېگەندە، ئەممار؛ ئەگەر خالىساڭ، مەن بۇنى سۆزلەپ بەرمەي دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

773 ـ قَالَ مُسْلِمٌ: وَرَوَى اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ، عَنْ جَعْفَرِ بْنِ رَبِيعَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ هُرْمُزَ، عَنْ عُمَيْرٍ مَوْلَى ابْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ سَمِعَهُ يَقُولُ: أَقْبَلْتُ أَنَا وَعَبْدُ الرّحْمَن بْنُ يَسَارٍ، مَوْلَى مَيْمُونَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، حَتّى دَخَلْنَا عَلَى أَبِي الْجَهْمِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ الصّمّةِ الأَنْصَارِيّ. فَقَالَ أَبُو الْجَهْمِ: أَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ نَحْوِ بِئْرِ جَمَلٍ. فَلَقِيَهُ رَجُلٌ فَسَلّمَ عَلَيْهِ، فَلَمْ يَرُدّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَيْهِ حَتّى أَقْبَلَ عَلَى الْجِدَارِ فَمَسَحَ وَجْهَهُ وَيَدَيْهِ، ثُمّ رَدّ عَلَيْهِ السّلاَمَ.

ئەبۇلجوھەيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمەل قۇدۇقى تەرەپتىن ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كىشى ئۇچىراپ،سالام قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامنىڭ قېشىغا كەلمىگىچە، ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرمىدى،ئاندىن (تامغا قولىنى ئۇرۇپ)يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلاپ،(تەيەممۇم قىلغاندىن كېيىن )ئۇ كىشىگە سالام قايتۇردى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

774 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْن نُميْر: حَدّثنا أبي: حَدّثنا سُفْيَانُ عَن الضَحّاكِ بْن عُثمَانَ، عَنْ نَافِع، عَن ابْن عُمَرَ أنّ رَجُلاً مَرّ، ورَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَبُولُ، فسَلّمَ، فلَمْ يَرُدّ عَلَيْهِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك تەرەت قىلىۋاتسا، بىركىشى ئۆتۈپ قېلىپ سالام قىلىۋىدى، ئۇنىڭغا سالام قايتۇرمىدى.

## 166 ـــــ باب الدليل على أن المسلم لا ينجس مۇسۇلمان نجس ھساپلانمايدۇ،دېگەن توغرىسدا

775 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا يَحْيَىَ (يَعْني ابْنَ سَعِيدِ) قالَ حُمَيْدٌ: حَدّثنا. ح وَحَدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ. (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ، عَنْ حُمَيْدٍ الطَويل، عَنْ أبي رَافِع ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّهُ لَقِيَهُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فِي طريق مِنْ طُرُق الْمَدِينَةِ وَهُوَ جُنُبٌ، فانْسَلّ فذَهَبَ فاغْتَسَلَ، فتَفقّدَهُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، فلَمّا جَاءَهُ قالَ: «أيْنَ كُنْتَ؟ يَا أبَا هُرَيْرَةَ» قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! لَقِيتَنِي وَأنَا جُنُبٌ، فكَرِهْتُ أنْ أجَالِسَكَ حَتّى أغْتَسِلَ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سُبْحَانَ الله إنّ الْمُؤْمِنَ لاَ يَنْجَسُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھ ۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن جۇنۇپ ھالەتتە، مەدىنە يولدا ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇرشۇپ قېلىپ قۇلۇمدىن تۇتتى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئولتۇرغانغا قەدەر بىللە ماڭدىم،(مەن بىللە ئول تۇرۇشنى ياقتۇرماي، )ئاستا سۇغۇرلۇپ چىقىپ،ئۆيۈمگە كېلىپ يۇيۇنۇپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ جايدا ئولتۇرغان ئىكەن، ماڭا؛ ئى ئەبۇھۇرەيرە!قەيەرگە باردىڭ؟دېدى.مەن ؛ سىلى ماڭا ئۇچراشقاندا مەن جۇنۇپ ئىدىم،سىلى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ياقتۇرماي يۇيۇنۇپ كەلدىم، دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سۇبھانەالله!! ھەقىقەتەن مۆئمىن دېگەن نەجىس بولمايدۇ، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم ئىتتىپاقلا كەلگەن ھەدىس.

776 ـ وحدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ، عَنْ مِسْعَر، عَنْ واصِلِ، عَنْ أبي وَائِل، عَنْ حُذَيْفَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَقِيَهُ وَهُوَ جُنُبٌ، فحَادَ عَنْهُ فاغْتَسَلَ، ثُمّ جَاءَ فقالَ: كُنْتُ جُنُباً قالَ: «إنّ الْمُسْلِمَ لاَ يَنْجَسُ».

ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھ ۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن جۇنۇپ ھالەتتە، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇرشۇپ قالدى، مەن رەسۇلۇللاھ كېلىۋاتقان يولدىن باشقا ياققا بۇرۇلۇلۇپ كېتىپ، ئاندىن غۇسلى قىلىپ كېلىپ؛ سىلى ماڭا ئۇچراشقان چاغدا مەن جۇنۇپ ئىدىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛مۇسۇلمان دېگەن نەجىس بولمايدۇ، دېدى.

## 167 ـــــ باب ذكر الله تعالى في حال الجنابة وغيرها

## ھەرقانداق چاغدا، ھەتتا جۇنۇپ ھالەتتىمۇ الله نى ئەسلەپ تىلغا ئالسا بۇلۇۋرىدۇ،دېگەن توغرىسدا

777 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ إبْرَاهِيمُ بْنُ مُوسَىَ. قالاَ: حَدّثنا ابْنُ أبي زَائِدَةَ، عَنْ أبيهِ، عَنْ خَالِدِ بْن سَلَمَةَ، عَن الْبهِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَذْكُرُ الله عَلَى كُلّ أحْيَانِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ھەر قانداق چاغدا ئاللاھتائالانى ئەسلەپ تىلغا ئالاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنى ئەسلىگىننى بىز خېلى بىلدۇق، ھەتتا،

ھاجەتخانىغا بارسا ـ يانسا، ئايالى بىلەن بىللە بولسىمۇ، ھەممە ئىشىدا ئاللاھنىلا ئەسلەيتتى، ھەتتا جۇنۇپ ھالەتتىمۇ ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، لېكىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلالمايدۇ،جۇنۇپنىڭ دىلىدا **الله** نى ئەسلىشى، ئاللاھنى تىلغا ئېلىشى دۇرۇس، مەسىلەن: ئەر ــ ئايال ئىككىسى جۇنۇپ ھالەتتە بىر ــ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىپ، تويۇقسىز ئاللاھنى تىلغا ئالدۇ، ئەسلەيدۇ، بۇ دۇرۇس.

## 168 ــــ باب جواز أكل المحدث الطعام وأنه لا كراهة في ذلك، وأن الوضوء ليس على الفور

### تاھارەتسىز كىشىنىڭ «بىسمىللاھى»دەپ تاماق يېيىشى مەكروھ بولماستىن دۇرۇستۇر،دېگەن توغرىسىدا

778 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التَّمِيمِيّ و أَبُو الرَّبِيع الزَّهْرَانِيّ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا حَمَّادُ بْنُ زَيْدٍ. وَقَالَ أَبُو الرَّبِيع: حَدَّثَنَا حَمَّادٌ)، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْحُوَيْرِث، عَن ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ مِنَ الْخَلاَءِ، فَأُتِيَ بِطعَامٍ، فَذَكَرُوا لَهُ الْوُضُوءَ فَقَالَ: «أُرِيدُ أَنْ أُصَلّيَ فَأَتَوَضّأَ؟».

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەت قىلىپ بولۇپ خالادىن چىقتى، ئاندىن تاماق كەلتۈرلۈپ، ئۇلار؛ تاھارەت ئېلىۋېلىش لىرى ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەمدۇق؟دېگەندە مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن نامازغا تۇرسام، تاھارىتىم بولمىسا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم، (ھەر قېتىم ھاجەتخانىدىن چىقىپلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلمۇدۇم) نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

779 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: كُنّا عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَجَاءَ مِنَ الْغَائِطِ، وَأُتِيَ بِطعَامٍ. فَقِيلَ لَهُ: أَلاَ تَوَضّأُ؟ فَقَالَ: «لِمَ؟ أَأُصَلّي فَأَتَوَضّأُ؟».

780 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ مُسْلِمٍ الطائِفِيّ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ مَوْلَى الأَعْمَشِ آلِ السّائِبِ أَنّهُ سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ قَالَ: ذَهَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْغَائِطِ، فَلَمّا جَاءَ، قُدّمَ لَهُ طعَامٌ. فَقِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَلاَ تَوَضّأُ؟ قَالَ: «لِمَ؟ أَلِلصّلاَةِ؟».

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەت قىلىپ بولۇپ خالادىن چىقىپ كەلدى، ئاندىن تاماق كەلتۈرلۈپ، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! تاھارەت ئېلىۋالمامىلا؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:نىمە ئۈچۈن تاھارەت ئالىمەن؟ تاھارەت دېگەن نامازغا تۇرسام ئالىمەدىم؟.

781 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبّادِ بْنِ جَبَلَةَ: حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قَالَ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ حُوَيْرِثٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَضَى حَاجَتَهُ مِنَ الْخَلاَءِ. فَقُرّبَ إِلَيْهِ طعَامٌ فَأَكَلَ وَلَمْ يَمَسّ مَاءً. قَالَ: وَزَادَنِي عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْحُوَيْرِث، أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قِيلَ لَهُ: إِنّكَ لَمْ تَوَضّأْ؟ قَالَ: «مَا أَرَدْتُ صَلاَةً فَأَتَوَضّأَ» وَزَعَمَ عَمْرٌو أَنّهُ سَمِعَ مِنْ سَعِيدِ بْنِ الْحُوَيْرِث.

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەت قىلىپ بولۇپ خالادىن چىقىپ كەلدى، ئاندىن تاماق كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سۇنى ئىستىمال قىلماي يەنى تاھارەت ئالماي تاماق يېدى.

## 169 ــــــ باب ما يقول إذا أراد دخول الخلاء   خالاغا كىرگەن چاغدا نىمە دېيىش توغرىسىدا

782 –783 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ: وَقالَ يَحْيَى أيْضاً: أخْبَرنَا هُشَيْمٌ، كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْعَزِيز بْن صُهَيْبٍ، عَنْ أنَسٍ (فِي حَدِيثِ حَمّادٍ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا دَخَلَ الْخَلاَءَ، وَفِي حَدِيثِ هُشَيْمٍ: أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إذَا دَخَلَ الْكَنِيفَ) قالَ: «اللّهُمّ إنّي أعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبۇسى ۋەلخابائىس» يەنى ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب تۈپلىغان، سەھىھ.

## 170 ــــــ باب الدليل على أن نوم الجالس لا ينقض الوضوء

## ئولتۇرغان ھالدا مۈگدەپ قالسا، تاھارىتى سۇنمايدۇ،دېگەن توغرىسىدا

784 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ. ح وَحَدّثنَا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَارِثِ، كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ، عَنْ أنَسٍ قالَ: أُقِيمَتِ الصّلاَةُ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَجِيّ لِرَجُلٍ وَفِي حَدِيثِ عَبْدِ الْوَارِثِ: وَنَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُنَاجِي الرّجُلَ) فَمَا قامَ إلَى الصّلاَةِ حَتّى نَامَ الْقَوْمُ.

785 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثنَا أبِي: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ سَمِعَ أنَسَ بْنَ مَالِكٍ قالَ: أُقِيمَتِ الصّلاَةُ وَالنّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُنَاجِي رَجُلاً، فَلَمْ يَزَلْ يُنَاجِيهِ حَتّى نَامَ أصْحَابُهُ، ثُمّ جَاءَ فَصَلّى بِهِمْ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ نامازغا تەكبىر ئەيتىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشى بىلەن ئۇزۇنغىچە پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى، ھەتتا ساھابىلارنىڭ بەزىسى مۈگدەپ قالدى، ئاندىن كىلىپ ئۇلارغا ناماز ئۇقۇپ بەردى.

786 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ: حَدّثنَا خَالِدٌ (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ): حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ قالَ: سَمِعْتُ أنَساً يَقُولُ: كَانَ أصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنَامُونَ، ثُمّ يُصَلّونَ وَلاَ يَتَوَضّأُونَ. قالَ قُلْتُ: سَمِعْتَهُ مِنْ أنَسٍ؟ قالَ: إي، وَاللّهِ!.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرى، ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغانلىقتىن باش تاشلىشىپ كەتكەنگە قەدەر، خۇپتەن نامىزىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلايتتى.ئاندىن ئۇلار تاھارەت ئالمايلا ناماز ئۇقۇيتتى.ئەبۇداۋۇد،تىرمىزى

787 ـ حدّثني أحْمَدُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ صَخْرٍ الدّارمِيّ: حَدّثنَا حَبّانُ: حَدّثنَا حَمّادٌ، عَنْ ثابِتٍ، عَنْ أنَسٍ أنّهُ قالَ: أُقِيمَتْ صَلاَةُ الْعِشَاءِ. فقالَ رَجُلٌ: لِي حَاجَةٌ، فَقامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُنَاجِيهِ، حَتّى نَامَ الْقَوْمُ، (أوْ بَعْضُ الْقَوْمِ) ثُمّ صَلّوْا.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ خۇپتەن نامىزىغا تەكبىر ئەيتىلغاندا،بىركىشى مىنىڭ ھاجىتىم بار ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشى بىلەن ئۇزۇنغىچە پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى، ھەتتا ساھابىلارنىڭ بەزىسى مۈگدەپ قالدى، ئاندىن ئۇلار ناماز ئۇقۇدى.

# 5 ـــــ كتاب الصلاة    نامازنىڭ كىتابى

## 171 ـــــ باب بدء الأذان    ئەزاننىڭ باشلىنىشى

788 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ بَكْرٍ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحمّدٍ. قالَ: قالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي نَافِعٌ مَوْلَى ابْنِ عُمَرَ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عُمَرَ أنّهُ قالَ: كَانَ الْمُسْلِمُونَ حِينَ قدِمُوا الْمَدِينَةَ يَجْتَمِعُونَ، فَيَتَحَيّنُونَ الصّلَوَاتِ، ولَيْسَ يُنَادِي بِهَا أحَدٌ، فَتَكَلّمُوا يَوْماً فِي ذَلِكَ. فَقَالَ بَعْضُهُمْ: اتّخِذُوا نَاقُوساً مِثْلَ نَاقُوسِ النّصَارَى. وَقالَ بَعْضُهُمْ: قَرْناً مِثْلَ قرْنِ الْيَهُودِ. فَقالَ عُمَرُ: أوَلاَ تَبْعَثُونَ رَجُلاً يُنَادِي بِالصّلاَةِ؟ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا بِلاَلُ قُمْ. فَنَادِ بِالصّلاَةِ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەاللە ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ؛مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كەلگەندە،يىغىلىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ساقلايتتى،ئۇچاغدا نامازغا نىدا قىلىپ توۋلايدىغان كىشى يوق ئىدى،ئۇلار بىر كۈنى شۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ،بەزىسى؛ناسارالارنىڭ دۇمبىقىغا ئوخشاش داڭ چېلىڭلار دىسە،بەزىسى؛يەھۇدىيلارنىڭ مۈڭگۈزىدەك، مۈڭگۈز پۈدىسۇن دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ؛ يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ قىلىقىنى قىلماي،نامازغا نىدا قىلىپ، توۋلايدىغان كىشىدىن بىرنى ئەۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟دىدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئى بىلال! رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئورنىڭدىن تۇرۇپ، نامازغا نىدا قىلىپ توۋلىغىن دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 172 ـــــ باب الأمر بشفع الأذان وإيتار الإقامة    ئەزاننى جۈپ، تەكبىرنى تاق ئېيتىش توغرىسىدا

789 ـ عَنْ أنَسٍ، حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثَنَا حَمّاد: قالَ ابْنُ زَيْدٍ. وَحدّثَنَا يَحيَى بْنُ يَحيَى. أخْبَرَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّة، جَمِيعاً عَنْ خَالِدٍ الحذّاءِ، عَنْ أبِي قِلاَبَة، عَنْ أنَسٍ قالَ: أُمِرَ بِلاَلٌ أنْ يَشْفَعَ الأذَانَ وَيُوتِرَ الإقَامَةَ.
زَادَ يَحيَى فِي حَدِيثِهِ عَن ابْنِ عُلَيّة: فَحَدّثْتُ بِهِ أيّوبَ. فَقالَ: إلاّ الإقامَةَ

790 ـ وحدّثنا إسْحَقَ بْنُ إبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ الثّقفِيّ: حَدّثَنَا خَالِدٌ الْحَذّاءُ، عَنْ أبِي قِلاَبَة، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: ذَكَرُوا أنْ يُعْلِمُوا وَقتَ الصّلاَةِ بِشَيْءٍ يَعْرِفُونَهُ، فَذَكَرُوا أنْ يُنَوّرُوا نَاراً أوْ يَضْرِبُوا نَاقُوساً، فَأُمِرَ بِلاَلٌ أنْ يَشْفَعَ الأذَانَ وَيُوتِرَ الإقَامَةَ.

791 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا خَالِدٌ الحَذّاءُ بِهَذَا الأسْنَادِ: لَمّا كَثُرَ النّاسُ ذَكَرُوا أنْ يُعْلِمُوا، بِمِثْلِ حَدِيثِ الثّقفِيّ، غَيْرَ أنّهُ قالَ: أنْ يُورُوا نَاراً.

792 ـ وحدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَبْدُ الْوَهّابِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ. قالاَ: حَدّثَنَا أيّوبُ، عَنْ أبِي قِلاَبَة، عَنْ أنَسٍ قالَ: أُمِرَ بِلاَلٌ أنْ يَشْفَعَ الأذَانَ وَيُوتِرَ الإقَامَةَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمۇنداق دەيدۇ؛ئۇلاركىشلەرنى نامازغا چاقىرىشتا،كىشلەرگە نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈشتە، ئوت يېقىپ بەلگە بىرىشنى ، دۇمباق ـ داڭ چېلىشنى تىلغا ئالدى،يانا بەزىلەر ئوت يەھۇدىيلارنىڭ،دۇمباق ناسارالارنىڭ بەلگىسى (بىزمۇ ئۇلاردەك قىلساق ئېلىشىپ كىتىدۇ)دىيىشتى.ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەزاننى جۈپ ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلدى. ئىسمائىيل مۇنداق دەيدۇ؛مەن بۇ ھەدىسنى ئەييۇب زىيەللاھۇ ئەنهۇغا بايان قىلسام،ئۇ ماڭا؛شۇنداق، ئەزاننى جۈپ ، تەكبىرنى تاق ئېيتىشقا بۇيرۇلغان، لىكىن قەد قامەتىسسالاتۇ نى جۈپ ئېيتىدۇ،دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.(ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ، ئەشھەدۇئەننە

مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ،قەد قامەتىسسالات،قەد قامەتىسسالات،ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،لا ئىلاھە ئىلەللاھ.مانا بۇ تاق تەكبىر.

## 173 ـــــ باب صفة الأذان ئەزاننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

793 ـ حدّثني أبُو غسّانَ الْمِسْمَعِيّ مَالِكُ بْنُ عَبْدِ الْوَاحِدِ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قالَ: أَبُو غسّانَ: حَدّثَنَا مُعَاذٌ. وَقَالَ إِسْحَق: أَخْبَرَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ صَاحِبِ الدّسْتَوَائِيّ: وَحَدّثَنِي أَبِي عَنْ عَامِرٍ الأَحْوَلِ، عَنْ مَكْحُولٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُحَيْرِيزٍ، عَنْ أَبِي مَحْذُورَةَ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلّمَهُ هَذَا الأَذَانَ: «الله أَكْبَرُ اللّهُ أَكْبَرُ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ»، ثُمّ يَعُودُ فَيَقُولُ: «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ، أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ، حَيّ عَلَى الصّلاَةِ (مَرّتَيْنِ) حَيّ عَلَى الْفَلاَحِ (مَرّتَيْنِ) زَادَ إِسْحَقُ «الله أَكْبَرُ الله أَكْبَرُ. لاَ إِلَهَ إِلاّ الله».

ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەزاننى مۇنداق تولۇغىن دەپ ئۆگەتكەن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ، (**الله** بۈيۈكتۇر) ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ ،(گۇۋاھلىق بېرىمەنكى **الله** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر،) ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ،( گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەد **الله** نىڭ ئەلچىسىدۇر) ئاندىن يانا « ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»دېگەننى قايتىلاپ مۇنداق دەيسەن دېدى؛ ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەسسالات، (نامازغا كېلىڭلار!) ھەييە ئەلەلفەلاھ ، ھەييە ئەلەلفەلاھ !، ( نىجاتلىققا كېلىڭلار!) ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ،لا ئىلاھە ئىللەللاھ!!. مۇسلىم. ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق ئۆگەتكەن: ئەزان 19 كەلىمە، تەكبىر بولسا، 17 كەلىمىدۇر، نەسەئى،ئەھمەد،تىرمىزى،ئەبۇداۋۇد،دارىمى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ({ئاللاھۇ ئەكبەر»دىن تۆتى تۆت كەلىمە} ئىككى قېتىملىق شاھادەت كەلىمىلىرى «ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» تۆتتىن سەككىز كەلىمە، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ ئىككىدىن تۆت كەلىمە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللا، ئۈچ كەلىمە ، جەمئى 19 كەلىمە، مۇشۇ ئەزانغا بارلىق ئىماملار ئىتتىپاققا كەلگەن، بامداتتا ئەسسالاتۇ خەييرۇن مىنەننەۋمىدىن ئىككىنى زىيادە قىلىنىدۇ، مەنىسى، ناماز ئۇيقىدىن ياخشى دېگەن بولىدۇ، تەكبىرگە كەلسەك، مۇشۇنىڭدەك، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھەنىفە جۈپ ئېيتىشنى دېدى، ئىمام شافىئى بىلەن ھەمبەلى تاق ئېيتىشنى دېدى، تەكبىرنى تاق ئېيتىش مۇنداق:ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ،ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ،ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ،ھەييە

ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ ،قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات ،ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر لا ئىلاھە ئىللەللاھ.مانا بۇ تاق تەكبىر، بۇنداق تەكبىر ئېيتىشقىمۇ بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلاردا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، بۇئىختىيارلىق بېرىلگەن ئىشتۇر، تەكبىر ئېيتىسلا ياخشىسى شۇدۇر، ئىختىلاپ يوقتۇر.

## 174 ـــــ باب استحباب اتخاذ مؤذنين للمسجد الواحد بىر مەسجىدكە ئىككى مۇئەززىن سايلاش

794 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنا أبي: حَدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُؤَذّنَانِ: بِلاَلٌ وَابْنُ أمّ مَكْتُومٍ الأعْمَى. 795 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنا أبي: حَدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ: حَدّثنا الْقَاسِمُ، عَنْ عَائِشَةَ مِثْلَهُ.

ئىبنى ئۆمەر ،ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى، بىرى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم، (بۇئەما كىشى ئىدى).

## 175 ـــــ باب جواز أذان الأعمى إذا كان معه بصير ئەئما كىشىنىڭ مۇئەززىنلىكىنىڭ دۇرۇسلىقى

796 ـ حدّثني أبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثنا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ مَخْلَدٍ)، عَنْ مُحمّدِ بْنِ جَعْفَرٍ. حَدّثنا هِشَامٌ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ ابْنُ أمّ مَكْتُومٍ يُؤَذّنُ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ أعْمَى. 797 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ: حَدّثنا عَبْدِ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ وَ سَعِيدِ بْنِ عَبْدُ الرّحْمَنِ، عَنْ هِشَامٍ بِهذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇئەززىنلىك قىلاتتى، ۋە ھالەنكى ئۇ ئەئما ئىدى.

## 176 ـــــ باب الإمساك عن الإغارة على قوم في دار الكفر إذا سمع فيهم الأذان

### كاپىرلارنىڭ يۇرتىدا ئەزاننى ئاڭلاپ قالسا، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ تۇرۇش توغرىسىدا

798 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا يَحْيَى (يَعْنِي ابنَ سَعِيدٍ)، عَنْ حَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ. حَدّثنا ثابتٌ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُغِيرُ إذَا طَلَعَ الْفَجْرُ، وكَانَ يَسْتَمِعُ الأذَانَ. فَإنْ سَمِعَ أذَاناً أمْسَكَ، وَإلاّ أغَارَ. فَسَمِعَ رَجُلاً يَقُولُ: الله أكْبَرُ الله أكْبَرُ: فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَلَى الْفِطْرَةِ» ثُمّ قالَ: أشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ الله أشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ الله. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَرَجْتَ مِنَ النّارِ» فَنَظَرُوا فإذَا هُوَ رَاعِي مِعْزًى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇشمەنگە سۇبھى يۇرىغاندا، ھۇجۇم قىلاتتى،ئەزانغا قۇلاق سالاتتى،ئەگەرئەزاننى ئاڭلىسا،ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ تۇراتتى،ئەزاننى ئاڭلىمسا، ھۇجۇم قىلىۋېرەتتى.بىر كىشىنىڭ **الله** ئەكبەر،**الله** ئەكبەر!دېگىنىنى ئاڭلاپ؛ئۇ ئىسلام دىنى ئۈستىدە بولدى، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى **الله** دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق»دېگىنىنى ئاڭلاپ؛سەن دوۋزەختىن قۇتۇلۇپ چىقتىڭ دېدى.ئۇلار قارىسا، ناگاھان ئۆچكە بېقىۋاتقان بىر پادىچى ئەزان توۋلاۋاتقىدەك.

## 177 ـــــ باب استحباب القول مثل قول المؤذن لمن سمعه ثم يصلي على النبيّ صلى الله عليه وسلم ثم يسأل الله له الوسيلة

**مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش دەپ تۇرىشىنىڭ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قا دۇرۇت ـ سالام**

**يوللىشىنىڭ، ئاندىن كىيىن الله تىن رەسۇلۇللاھ قا ۋەسىيلە سورىشىنىڭ مۇستەھەبلىكى توغرىسىدا**

799 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا سَمِعْتُمُ النّدَاءَ فَقُولُوا مِثْلَ مَا يَقُولُ الْمُؤَذّنُ».

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ دىگەننىڭ ئوخشىشىنى سىلەرمۇ دەڭلار.

800 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، عَنْ حَيْوَةَ وَسَعِيدِ بْنِ أَبِي أَيّوبَ وَغَيْرِهِمَا، عَنْ كَعْبِ بْنِ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا سَمِعْتُمُ الْمُؤَذّنَ فَقُولُوا مِثْلَ مَا يَقُولُ، ثُمّ صَلّوا عَلَيّ، فَإِنّهُ مَنْ صَلّى عَلَيّ صَلاَةً صَلّى الله عَلَيْهِ بِهَا عَشْراً، ثُمّ سَلُوا الله لِي الْوَسِيلَةَ، فَإِنّهَا مَنْزِلَةٌ فِي الْجَنّةِ لاَ تَنْبَغِي إِلاّ لِعَبْدٍ مِنْ عِبَادِ الله، وَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَنَا هُوَ، فَمَنْ سَأَلَ لِيَ الْوَسِيلَةَ حَلّتْ له الشّفَاعَةُ».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ دىگەننىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ـ سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا 10 رەھمەت يوللايدۇ، ئاندىن مەن ئۈچۈن ئاللاھدىن ۋەسىيلە، يېقىنلىق نى سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى بىر ئورۇن، ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرلا بەندىگە لايىقتۇر، شۇ بەندە مەن بولۇپ قىلىشىمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، كىم مەن ئۈچۈن ئاشۇ ۋەسىيلىنى، يېقىنچىلىقنى سورىسا، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ، « ئۇ مەقامەممەھمۇدا بولۇشى مۈمكىن» مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ

801 ـ حدّثني إِسْحَقَ بْنُ مَنْصُورٍ: أَخْبَرَنَا أَبُو جَعْفَرٍ مُحمّدُ بْنُ جَهْضَمٍ الثّقَفِيّ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ غَزِيّةَ، عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ إِسَافٍ، عَنْ حَفْصِ بْنِ عَاصِمِ بْنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدّهِ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَالَ الْمُؤَذّنُ: اللّهُ أَكْبَرُ اللّهُ أَكْبَرُ. فَقَالَ أَحَدُكُمْ: اللّهُ أَكْبَرُ الله أَكْبَرُ. ثُمّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ. قَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. ثُمّ قَالَ: أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ. قَالَ: أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ. ثُمّ قَالَ: حَيّ عَلَى الصّلاَةِ. قَالَ: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إِلاّ بِالله. ثُمّ قَالَ: حَيّ عَلَى الْفَلاَحِ. قَالَ: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوّةَ إِلاّ بِالله. ثُمّ قَالَ: الله أَكْبَرُ الله أَكْبَرُ. قَالَ: الله أَكْبَرُ الله أَكْبَرُ. ثُمّ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله. قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاّ الله، مِنْ قَلْبِهِ دَخَلَ الْجَنّةَ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دىگەندە، بىرىڭلار مۇشۇنداق دىسە، ئۇ ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللا ھ دىگەندە، بىرىڭلارمۇ شۇنداق دىسە، ئۇ ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ! دىگەندە يەنە شۇنداق دىسە، ھەييە ئەلەسسالاھ دىگەن لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دىسە، ھەييە ئەلەلپەلاھ دىگەندە يەنە شۇنداق دىسە، ئاللاھۇ ئەكبەر

دىگەندە، شۇنداق دېسە، لائىلاھە ئىللەللاھ! دىگەندە بىرىنگلارمۇ شۇنداق دېسە، چىن دىلىدىن دېسە،ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

802 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رُمْحٍ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ، عَنِ الْحُكَيْمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قَيْسٍ الْقُرَشِيِّ ح وَحَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا لَيْثٌ، عَنْ الْحُكَيْمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ، عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «مَنْ قَالَ حِينَ يَسْمَعُ الْمُؤَذّنَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وَأَنّ مُحمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، رَضِيتُ بِالله رَبّاً وَبِمُحَمّدٍ رَسُولاً وَبِالإِسْلاَمِ دِيناً، غُفِرَ لَهُ ذَنْبُهُ». قَالَ ابْنُ رُمْحٍ فِي رِوَايَتِهِ «مَنْ قَالَ: حِينَ يَسْمَعُ الْمُؤَذّنَ: وَأَنَا أَشْهَدُ» وَلَمْ يَذْكُرْ قُتَيْبَةُ قَوْلَهُ: وَأَنَا.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ؛«مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ــ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولدۇم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولدۇم» دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۇچۇن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 178 ــــ باب فضل الأذان وهرب الشيطان عند سماعه

## ئەزاننىڭ پەزىلىتى، شەيتاننىڭ ئەزاننى ئاڭلىغاندا قېچىشى توغرىسىدا

803 ـ804 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنا عَبْدَةُ، عَنْ طَلْحَةَ بْنِ يَحْيَى، عَنْ عَمّهِ قَالَ: كُنْتُ عِنْدَ مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ. فَجَاءَهُ الْمُؤَذّنُ يَدْعُوهُ إِلَى الصّلاَةِ. فَقَالَ مُعَاوِيَةُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «الْمُؤَذّنُونَ أَطْوَلُ النّاسِ أَعْنَاقاً يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇئەززىنلەر قىيامەت كۈنى كىشلەرنىڭ ئەڭ بويىنى ئېگىز، ئۈستۈنلىرىدۇر. ( بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدۇ خىجىللىقى يوق،دەرجىسى يۇقىرىدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى، قورقۇنچىدىن، خىجىلللىقدىن ئەمىندۇر.

805 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقَ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ: الآخَرَانِ: حَدّثنا جَرِيرٌ)، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ الشّيْطَانَ إِذَا سَمِعَ النّدَاءَ بِالصّلاَةِ، ذَهَبَ حَتّى يَكُونَ مَكَانَ الرّوْحَاءِ». قَالَ سُلَيْمَانُ: فَسَأَلْتُهُ عَنِ الرّوْحَاءِ؟ فَقَالَ: هِيَ مِنَ الْمَدِينَةِ سِتّةٌ وَثَلاَثُونَ مِيلاً.
806 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەققەتەن شەيتان نامازغا توۋلانغان ئەزان نىدا سىنى ئاڭلىغاندا، شۇنداق يىراققا قاچىدۇكى، ھەتتا رەۋھا دىگەن جايغا كېتىدۇ، (رەۋھائ، مەدىنىدىن 36 مىيل يەنى 58 كىلومېتىر يىراقتا) مۇسلىم 581 ــ، ئەھمەد 14083.

807 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنا جَرِيرٌ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ الشّيْطَانَ إِذَا سَمِعَ النّدَاءَ بِالصّلاَةِ أَحَالَ لَهُ ضُرَاطٌ، حَتّى لاَ يَسْمَعَ صَوْتَهُ، فَإِذَا سَكَتَ رَجَعَ فَوَسْوَسَ، فَإِذَا سَمِعَ الإِقَامَةَ ذَهَبَ حَتّى لاَ يَسْمَعَ صَوْتَهُ، فَإِذَا سَكَتَ رَجَعَ فَوَسْوَسَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان، نامازغا تونۇلانغان نىدانى، ئەزاننى ئاڭلىغاندا، ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا قەدەر يىراققا قاچىدۇ، قاچىمەن دەپ ئوسۇرۇپ سالىدۇ، مۇئەززىن ئەزاننى تۈگىتىپ جىم تۇرغاندا، ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، تەكبىرنى ئاڭلىغاندا، يەنە تەكبىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا قەدەر قاچىدۇ، يەنە جىم بولغاندا بولسا، قايتىپ كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، مالىك، دارمىي ، ۋە مۇسلىم دىسكا 582 ـ ھەدىس، بۇخارىدىمۇ بار، تىرمىزى 363 ـ ھەدىس، نەسەئى 664 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 433 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1207 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10139 ـ ھەدىس.

**808 ـ حدّثني عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ بَيَانٍ الْوَاسِطِيّ: حَدّثنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ اللّهِ)، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِذَا أَذّنَ الْمُؤَذّنُ أَدْبَرَ الشّيْطَانُ وَلَهُ حُصَاصٌ».**

**809 ـ حدّثني أُمَيّةُ بْنُ بِسْطَامَ: حَدّثنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ) حَدّثنَا رَوْحٌ عَنْ سُهَيْلٍ قَالَ: أَرْسَلَنِي أَبِي إِلَى بَنِي حَارِثَةَ. قَالَ وَمَعِي غُلاَمٌ لَنَا (أَوْ صَاحِبٌ لَنَا) فَنَادَاهُ مُنَادٍ مِنْ حَائِطٍ بِاسْمِهِ. قَالَ وَأَشْرَفَ الّذِي مَعِي عَلَى الْحَائِطِ فَلَمْ يَرَ شَيْئاً، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لأَبِي فَقَالَ: لَوْ شَعَرْتُ أَنّكَ تَلْقَى هَذَا لَمْ أُرْسِلْكَ، وَلَكِنْ إِذَا سَمِعْتَ صَوْتاً فَنَادِ بِالصّلاَةِ، فَإِنّي سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ قَالَ: «إِنّ الشّيْطَانَ، إِذَا نُودِيَ بِالصّلاَةِ، وَلّى وَلَهُ حُصَاصٌ».**

سۇھەيل مۇنداق دەيدۇ: دادام مىنى بىر ئىش ئۈچۈن ھارىس جەمەتىگە ئەۋەتتى، مەن بىلەن بىر غۇلام(يەنى خىزمەتچىمىز) بىللە ئىدى، ئۇنى بىرسى تامنىڭ ئارقىسىدىن تولىدى، ئۇ تامدىن بويىنىنى سوزۇپ قاراپمۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، مەن بۇئىشنى دادامغا سۆزلەپ بەرسەم، دادام ماڭا؛ ئەگەر مەن سىنىڭ بۇنداق ئىشقا يولۇقىدىغانلىقىڭنى تۇيغان بولسام، سىنى ئەۋەتمىگەن بولاتتىم، لېكىن سەن بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىساڭ، نامازغا ئەزان توۋلىغىن، چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن نامازغا ئەزان توۋلىغان چاغدا، شەيتان ئوسراپ قويغان ھالدا قاتتىق قاچىدۇ.

**810 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ)، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا نُودِيَ لِلصّلاَةِ أَدْبَرَ الشّيْطَانُ لَهُ ضُرَاطٌ حَتّى لاَ يَسْمَعَ التّأْذِينَ، فَإِذَا قُضِيَ التّأْذِينُ أَقْبَلَ، حَتّى إِذَا ثُوّبَ بِالصّلاَةِ أَدْبَرَ. حَتّى إِذَا قُضِيَ التّثْوِيبُ أَقْبَلَ، حَتّى يَخْطِرَ بَيْنَ الْمَرْءِ وَنَفْسِهِ. يَقُولُ لَهُ: اذْكُرْ كَذَا، وَاذْكُرْ كَذَا، لِمَا لَمْ يَكُنْ يَذْكُرُ مِنْ قَبْلُ. حَتّى يَظَلّ الرّجُلُ مَا يَدْرِي كَمْ صَلّى».**

**811 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: حَدّثنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أَنّهُ قَالَ «حَتّى يَظَلّ الرّجُلُ إِنْ يَدْرِي كَيْفَ صَلّى».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، شەيتان ئوسۇرۇپ قويغان ھالدا، ئەزاننى ئاڭلىمىغىچە قاچىدۇ، ئەزان تۈگىگەندە، يەنە كېلىدۇ، تەكبىر ئېيتىلغاندا، يەنە قاچىدۇ، تەكبىر ئاخىرلاشقاندا يەنە كېلىپ، ئىنساننىڭ نەپسىگە، كۆڭلىگە ئۇ ئەسلەپ باقمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە دەپ خۇتىر ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن

شەيتانىڭ پەقەت نامازدىلا چىلك تۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىشى، بارلىق نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ، ئازدۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا،سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى  ئىككى سەجدە قىلىدۇ.

## 179 ـــــ باب استحباب رفع اليدين حذو المنكبين مع تكبيرة الإحرام والركوع وفي الرفع من الركوع وأنه لا يفعله إذا رفع من السجود

**نامازغا ئىھرام باغلاپ تەكبىر ئەيتقاندا، رۇكۇ قىلغاندا، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، تەكبىر بىلەن تەڭ ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتۈرۈشنىڭ مۇستەھەپلىكى،بۇنى سەجدىدە قىلماسلىق توغرىسىدا**

812 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ سَعِيدُ  بْنُ مَنْصُورٍ وَ أَبُو بَكْر بْنُ أَبِي شَيْبَةَ و عَمْرُو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، كُلّهُمْ عَنْ سفيَانَ بْنِ عُيَيْنَةَ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) قالَ:  أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا افْتَتَحَ الصّلاَةَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتّى يُحَاذِيَ مَنْكِبَيْهِ. وَقَبْلَ أَنْ يَرْكَعَ. وَإِذَا رَفَعَ مِنَ الرّكُوعِ. وَلاَ يَرْفَعُهُمَا بَيْنَ السّجْدَتَيْنِ.
813 ـ حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: حَدّثَنِي ابْنُ شِهَابٍ عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ ابْنَ عُمَرَ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا قَامَ لِلصّلاَةِ، رَفَعَ يَدَيْهِ حَتّى تَكُونَا حَذْوَ مَنْكِبَيْهِ. ثُمّ كَبّرَ، فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْكَعَ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ. وَإِذَا رَفَعَ مِنَ الرّكُوعِ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ، وَلاَ يَفْعَلُهُ حِينَ يَرْفَعُ رَأْسَهُ مِنَ السّجُودِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى تەكبىر بىلەن باشلاپ نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى  ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، رۇكۇ قىلىش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرسە، يانا شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، «سەمىئەﷲ لىمەن ھەمىدەھ رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دەيتتى، شۇ ئىشلارنى سەجدىدە قىلمايتتى.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن. سەھىھ مۇتىۋاتىر ھەدىستۇر.

814 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا حُجَيْنٌ (وَهُوَ ابْنُ الْمُثَنّى) قالَ حدّثنَا اللّيْثُ، عَنْ عُقَيْلٍ. ح وَحَدّثَنِي  مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ: حَدّثَنَا سَلَمَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ: أَخْبَرَنَا يُونُسُ. كِلاَهُمَا عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الأسْنَادِ. كَمَا قالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا قَامَ لِلصّلاَةِ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتّى تَكُونَا حَذْوَ مَنْكِبَيْهِ. ثُمّ كَبّرَ.

ئىبنى جۇرەيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆترۈپ ئاندىن تەكبىر ئەيتاتتى.

815 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ أَنّهُ رَأَى مَالِكَ بْنَ الْحُوَيْرِث، إِذَا صَلّى كَبّرَ، ثُمّ رَفَعَ يَدَيْهِ. وَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَرْكَعَ رَفَعَ يَدَيْهِ، وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ رَفَعَ يَدَيْهِ. وَحدّثَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَفْعَلُ هَكَذَا.

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس  رەزىيەللاھۇ نامازغا تۇرسا، تەكبىر ئەيتىپ ئىككى قولىنى  ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، رۇكۇ قىلىش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، ۋە رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەرسە، يانا شۇنىڭغا ئوخشاش،  ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى،ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلاتتى دېدى.

816 ـ حدّثني أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ نَصْرِ بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا كَبّرَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتّى يُحَاذِيَ بِهِمَا أُذُنَيْهِ. وَإِذَا رَكَعَ رَفَعَ يَدَيْهِ حَتّى يُحَاذِيَ بِهِمَا أُذُنَيْهِ. وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ، فَقَالَ: «سَمِعَ الله لِمَنْ حَمِدَهُ»، فَعَلَ مثْلَ ذَلِكَ.
817 ـ وحدّثنا ه  مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا  ابْنِ أَبِي عَدِيّ عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ بِهَذَا الأسْنَادِ أَنّهُ رَأَى نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقَالَ: حَتّى يُحَاذِيَ بِهِمَا فُرُوعَ أُذُنَيْهِ.

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئەيتسا، ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتىرىپ، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دېگەندە، يانا ئىككى قولىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، ياناۋىر خاتىرىدە، ئىككى قولىنى، ئىككى قۇلىقىنىڭ يىمشىقىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، دىيىلگەن. بۇخارى،مۇسلىم

## 180 ــــ باب إثبات التكبير في كل خفض ورفع في الصلاة، إلا رفعه من الركوع فيقول فيه: سمع الله لمن حمده

**نامازدا بېشىنى پەس قىلغان ھامان ياكى كۆتۈرگەن ھامان «اللە ئەكبەر»دەپ تەكبىر ئەيتىش، پەقەت رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە «سەمىئەاللە ھۇ لىمەن ھەمىدەھ»دىيىش توغرىسىدا**

818 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَن ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَن [1] أنّ أبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يُصَلّي لَهُمْ فَيُكَبّرُ كُلّمَا خَفَضَ وَرَفَعَ. فَلَمّا انْصَرَفَ قالَ: وَالله! إنّي لأشْبَهُكُمْ صَلاَةً بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، ھەرقاچان بېشىنى پەس قىلسۇن، ياكى ئۇستۇن قىلسۇن تەكبىر ئەيتتى، (يەنى بېشىنى ئىگىز ـ پەس قىلسلا، اللە ئەكبەر دەيتتى)ئاندىن نامازدىن قايتقاندا؛ اللە بىلەن قەسەمكى، مىنىڭ نامىزىم رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىغا ھەممىڭلارنىڭ نامىزىدىنمۇ بەكىرەك ئوخشايدۇ دىدى.

819 ـ820 ـ821 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي ابْنُ شِهَابٍ عَنْ أبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا قامَ إلَى الصّلاَةِ يُكَبّرُ حِينَ يَقُومُ. ثُمّ يُكَبّرُ حِينَ يَرْكَعُ. ثُمّ يَقُولُ: «سَمِعَ الله لِمَنْ حَمِدَهُ» حِينَ يُقِيمُ صُلْبَهُ مِنَ الرّكُوعِ. ثُمّ يَقُولُ وَهُوَ قَائِمٌ: «رَبّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» ثُمّ يُكَبّرُ حِينَ يَهْوِي سَاجِداً. ثُمّ يُكَبّرُ حِينَ يَرْفَعُ رَأسَهُ. ثُمّ يُكَبّرُ حِينَ يَسْجُدُ. ثُمّ يُكَبّرُ حِينَ يَرْفَعُ رَأسَهُ. ثُمّ يَفْعَلُ مِثْلَ ذَلِكَ فِي الصّلاَةِ كُلّهَا حَتّى يَقْضِيهَا. وَيُكَبّرُ حِينَ يَقُومُ مِنَ الْمَثْنَى بَعْدَ الْجُلُوسِ. ثُمّ يَقُولُ أبُو هُرَيْرَةَ: إنّي لأشْبَهُكُمْ صَلاَةً بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئورنىدىن تۇرغاندا تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئەيتاتتى، ئاندىن رۇكۇدىن ئۈچىسىنى تۈزلەپ(بېشىنى ) كۆتۈرگەندە، «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دەپ، ئۆرە تۇرغان ھالدا، «رەببەنا لەكەلھەمدۇ»دەيتتى، ئاندىن سەجدىگە يىقىلغاندا تەكبىر ئەيتىپ سەجدە قىلاتتى، ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە يانا تەكبىر ئەيتاتتى، ئارلىقتىكى ئىككى رەكئەتتە ئولتۇرۇپ (ئۈچۈنجى رەكئەتكە ) تۇرغاندا يانا تەكبىر ئەيتاتتى، بارلىق نامىزىدا، نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە شۇنداق قىلاتتى. ئاندىن ئۇ نامازدىن قايتقاندا؛ اللە بىلەن قەسەمكى، مىنىڭ نامىزىم رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىغا ھەممىڭلارنىڭ نامىزىدىنمۇ بەكىرەك ئوخشايدۇ دىدى. ئىمام بۇخارى،مۇسلىم

822 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا الأوْزَاعِيّ عَنْ يَحْيَى ابْنِ أبِي كَثِيرٍ، عَنْ أبِي سَلَمَةَ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يُكَبّرُ فِي الصّلاَةِ كُلّمَا رَفَعَ وَوَضَعَ. فَقُلْنَا: يَا أبَا هُرَيْرَةَ مَا هَذَا التّكْبِيرُ؟ قالَ: إنّهَا لَصَلاَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

823 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَن) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّهُ كَانَ يُكَبّرُ كُلّمَا خَفَضَ وَرَفَعَ. وَيُحَدّثُ، أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بىرىپ، ھەرقاچان بېشىنى پەس قىلسۇن، ياكى ئۇستۇن قىلسۇن تەكبىر ئەيتتى، بىز ئۇنىڭغا بۇ نىمە تەكبىر؟دىسەك، ئۇ؛بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىدۇر،رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلاتتى،دېدى.

824 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ. جَمِيعاً عَنْ حَمّادٍ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ غَيْلاَنَ، عَنْ مُطَرّفٍ قَالَ: صَلّيْتُ أَنَا وَعِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ خَلْفَ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ. فَكَانَ إِذَا سَجَدَ كَبّرَ. وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ كَبّرَ. وَإِذَا نَهَضَ مِنَ الرّكْعَتَيْنِ كَبّرَ. فَلَمّا انْصَرَفْنَا مِنَ الصّلاَةِ قَالَ: أَخَذَ عِمْرَانُ بِيَدِي ثُمّ قَالَ: لَقَدْ صَلّى بِنَا هَذَا صَلاَةَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. أَوْ قَالَ: قَدْ ذَكّرَنِي هَذَا صَلاَةَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم.

مۇتەررىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ ؛ مەن ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ رۇكۇ ـ سەجدە قىلغان چاغدا تەكبىر ئەيتتى، بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدىمۇ تەكبىر ئەيتتى، ئوتتۇردىكى ئىككى رەكئەتتىن ئۇچۇنجى رەكئەتكە تۇرغاندىمۇ تەكبىر ئەيتتى، بىز نامازدىن قايتقاندا ئىمران؛بۇ بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بەردى، ياكى شۇنى ئەسلەتتى،دېدى.

## 181ـــــ باب وجوب قراءة الفاتحة في كل ركعة وإنه إذا لم يحسن الفاتحة ولا أمكنه تعلمها قرأ ما تيسر له من غيرها

**ھەر بىر رەكئەت نامازدا سۈرەپاتىھەنى قىرائەت قىلىش ۋاجىب، سۈرەپاتىھەنىڭ قىرائىتىنى ياخشى قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان كىشى، قۇرئاندىن ئۆزىگە ئاسان بولغان سۈرە، ئايەتلەرنى ئوقۇسا بۇلىدۇ، دېگەن توغرىسىدا**

825 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النَاقِدُ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ مَحْمُودِ بْنُ الرّبِيعِ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ صَلاَةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ».
826 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ يُونُسَ. ح وَحَدّثَنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي مَحْمُودُ بْنُ الرّبِيعِ، عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصّامِتِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ صَلاَةَ لِمَنْ لَمْ يَقْتَرِىءْ بِأُمّ الْقُرْآنِ».
827 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي، عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ مَحْمُودَ بْنَ الرّبِيعِ، الّذِي مَجّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي وَجْهِهِ مِنْ بِئْرِهِمْ، أَخْبَرَهُ، أَنّ عُبَادَةَ بْنَ الصّامِتِ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ صَلاَةَ لِمَنْ لَمْ يَقْرَأْبِأُمّ الْقُرْآنِ».828 ـ وحدّثناه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَزَادَ فَصَاعِداً.

ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىتاب ئاچقۇچى بولغان سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق. ئۇممۇلقۇرئاننى يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى بولغان سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە ئايەتلەرنى ئوقۇمىغان كىشىگە (كامىل)ناماز يوق، (يەنى سۈرە پاتىھە سىز ناماز دۇرۇس ئەمەس).بۇخارى، مۇسلىم دىسكا 597 ــ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

829 ـ وحدّثناه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ صَلّى صَلاَةً لَمْ يَقْرَأْ فِيهَا بِأُمّ الْقُرْآنِ فَهِيَ خِدَاجٌ» ثَلاَثاً، غَيْرُ تَمَامٍ. فَقِيلَ لأَبِي هُرَيْرَةَ: إِنّا نَكُونَ وَرَاءَ الإِمَامِ. فَقَالَ: اقْرَأْ بِهَا فِي نَفْسِكَ. فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «قَالَ الله تَعَالَى: قَسَمْتُ الصّلاَةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ. وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: {الْحَمْدُ للهِ رَبّ الْعَالَمِينَ} قَالَ الله تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: {الرّحْمَنِ الرّحِيمِ}. قَالَ الله تَعَالَى: أَثْنَى عَلَيّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: {مَالِكِ يَوْمِ الدّينِ} قَالَ: مَجّدَنِي عَبْدِي (وَقَالَ مَرّةً: فَوّضَ إِلَيّ عَبْدِي) فَإِذَا قَالَ: {إِيّاكَ نَعْبُدُ وَإِيّاكَ نَسْتَعِينُ}. قَالَ: هَذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ: {اهْدِنَا الصّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ صِرَاطَ الّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضّالّينَ}. قَالَ: هَذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ». قَالَ سُفْيَانُ: حَدّثَنِي بِهِ الْعَلاَءُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَعْقُوبَ. دَخَلْتُ عَلَيْهِ وَهُوَ مَرِيضٌ فِي بَيْتِهِ. فَسَأَلْتُهُ أَنَا عَنْهُ. 830 ـ831 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا السّائِبِ، مَوْلَى هِشَامِ بْنِ زُهْرَةَ، يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

**832 ـ حدّثني أَحْمَدُ بْنُ جَعْفَرٍ الْمَعْقِرِيّ. حَدّثَنَا النّضْرُ بْنُ مُحمّدٍ. حَدّثنَا أَبُو أُوَيْسٍ. أَخْبَرَنِي الْعَلاَءُ قَالَ: سَمِعْتُ مِنْ أَبِي، وَمِنْ أَبِي السّائِبِ، وَكَانَا جَلِيسَيْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالاَ: قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ صَلّى صَلاَةً لَمْ يَقْرَأْ فِيهَا بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ فَهْيَ خِدَاجٌ» يَقُولُهَا ثَلاَثاً. بِمِثْلِ حَدِيثِهِمْ.**

ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ:ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىسەلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەمسىز؟ دېسەم، ئۇماڭا:بۇلىدۇ سۆزلەپ بىرەي دەپ مۇنداق دىدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ كىسەلى ئېغىرلاپ كەتكەندە:كىشىلەر ناماز ئۇقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، تېخى ئۇلار سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق،رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇيۇنۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى هۇشىدىن كەتتى، ئاندىن هۇشىغا كىلىپ: كىشىلەر ناماز ئۇقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى هۇشىدىن كەتتى، ئاندىن هۇشىغا كىلىپ: كىشىلەر ناماز ئۇقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ماڭا داستا سۇ قۇيۇپ بىرىڭلار دىدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داستا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى يەنەهۇشىدىن كەتتى، ئاندىن هۇشىغا كىلىپ يەنە: كىشىلەر ناماز ئۇقۇپ بولدىمۇ؟ دىدى. بىز : ياق يارەسۇلەاللە! ، ئۇلار تېخىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ دىدۇق، كىشىلەر مەسجىدتە مەھكەم ئولتۇرۇپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇپتەن نامىزىغا چىقىشىنى ساقلاۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بىرىشكە بۇيرۇپ، ئادەم ئەۋەتتى، ئەۋەتىلگەن كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ: رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىنى كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بىرىشكە بۇيرىدى،دىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەلبى بەكلا يۇمشاق كىشى ئىدى ، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:نامازنى سەن ئۇقۇپ بەرگىن دىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:شۇنىڭغا سەنلا لايىق، ھەقلىقسەن دىدى. شۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۇقۇپ بەردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىسىلىدىن سەل ساقىيىپ، ئۆزرۈۋجۇدىدا يەڭگىللىكنى هىس قىلىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ تۇرۇپ،ـ ئۇلارنىڭ بىرسى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدىـ (ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى جىجىپ، سىزىق سىزغان هالدا)پېشىن نامىزىغا مەسجىدكە چىقتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بىرىۋاتاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، ئارقىسىغا چېكىنمە سىلىكىگە ئىشارەت قىلىپ: مىنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار،دىدى.ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان هالدا ناماز ئۇقۇدى. (كىشىلەر ئۆرە تۇتۇپ ئۇقۇدى)ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئابدۇاللە ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: مەن ساڭا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىسەلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسىنى تەڭلەپ تىڭشاتمايمۇ؟ دېسەم، ئۇماڭا:قېنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دەپ باققىن دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىنى تەڭلەپ تىڭشاتتىم، ئۇ بۇھەدىستىن هېچ نەرسىنى ئىنكار قىلمىدى، پەقەت ئۇماڭا: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ساڭا، ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۆلەپ ماڭغان كىشىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىمۇ؟ دېدى، مەن: ياق، دەپ بەرمىدى دېسەم، ئۇماڭا:ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم

890 ـ حدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ قَالَ: قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: أَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ أَنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: لَقَدْ رَاجَعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي ذَلِكَ، وَمَا حَمَلَنِي عَلَى كَثْرَةِ مُرَاجَعَتِهِ إلاّ أَنّهُ لَمْ يَقَعْ فِي قَلْبِي أَنْ يُحِبّ النّاسُ بَعْدَهُ رَجُلاً قَامَ مَقَامَهُ أَبَداً، وَإلاّ أَنّي كُنْتُ أَرَى أَنّهُ لَنْ يَقُومَ مَقَامَهُ أَحَدٌ إلاّ تَشَاءَمَ النّاسُ بِهِ، فَأَرَدْتُ أَنْ يَعْدِلَ ذَلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَبِي بَكْرٍ.

891 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ، وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) (قَالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنَا. وقَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ) أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ قَالَ الزّهْرِيّ: وَأَخْبَرَنِي حَمْزَةُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمّا دَخَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْتِي، قَالَ: «مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلّ بِالنّاسِ» قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ أَبَا بَكْرٍ رَجُلٌ رَقِيقٌ. إذَا قَرَأَ الْقُرْآنَ لاَ يَمْلِكُ دَمْعَهُ. فَلَوْ أَمَرْتَ غَيْرَ أَبِي بَكْرٍ قَالَتْ: وَاللّهِ مَا بِي إلاّ كَرَاهِيَةُ أَنْ يَتَشَاءَمَ النّاسُ بِأَوّلِ مَنْ يَقُومُ فِي مَقَامِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَتْ فَرَاجَعْتُهُ مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً. فَقَالَ: «لِيُصَلّ بِالنّاسِ أَبُو بَكْرٍ. إنّكُنّ صَوَاحِبُ يُوسُفَ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرگەندە؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار دېدى.مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەلبى بەكلا يۇمشاق كىشى، ئۇ قۇرئان ئوقۇسا، يېشىغا ئىگە بولالمايدۇ، سىلى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنى بۇيرىغان بولسىلا بولۇپتىكەن دېدىم، **الله** بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ مەقسىدىم؛ رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىدا تۇنجى قېتىم تورغان كىشىنى كىشىلەر ياخشى كۆرمەي، بەلكى ئۇنىڭدىن شۇم پال ئالىدۇ، مەن شۇنى ياقتۇرماي، دادامدىن باشقا كىشىگە يۆتكىۋېتىشنى ئارزۇ قىلىپ بىر نەچچە قېتىم مۇراجىئەت قىلدىم، رەسۇلۇللاھ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار، سىلەر يۇسۇف بىلەن جېدەللەشكەن ئاياللارغا ئوخشايدىكەنسىلەر ، دېدى.

892 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، وَ وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) قَالَ: أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمّا ثَقُلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَاءَ بِلاَلٌ يُؤْذِنُهُ بِالصّلاَةِ. فَقَالَ: «مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلّ بِالنّاسِ» قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إنّ أَبَا بَكْرٍ رَجُلٌ أَسِيفٌ، وَإنّهُ مَتَى يَقُمْ مَقَامَكَ لاَ يُسْمِعِ النّاسَ، فَلَوْ أَمَرْتَ عُمَرَ فَقَالَ: «مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلّ بِالنّاسِ» قَالَتْ فَقُلْتُ لِحَفْصَةَ: قُولِي لَهُ: إنّ أَبَا بَكْرٍ رَجُلٌ أَسِيفٌ. وَإنّهُ مَتَى يَقُمْ مَقَامَكَ لاَ يُسْمِعِ النّاسَ، فَلَوْ أَمَرْتَ عُمَرَ فَقَالَتْ لَهُ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّكُنّ لأَنْتُنّ صَوَاحِبُ يُوسُفَ، مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَلّ بِالنّاسِ» قَالَتْ: فَأَمَرُوا أَبَا بَكْرٍ يُصَلّي بِالنّاسِ. قَالَتْ فَلَمّا دَخَلَ فِي الصّلاَةِ وَجَدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ نَفْسِهِ خِفّةً، فَقَامَ يُهَادَى بَيْنَ رَجُلَيْنِ، وَرِجْلاَهُ تَخُطّانِ فِي الأَرْضِ. قَالَتْ فَلَمّا دَخَلَ الْمَسْجِدَ سَمِعَ أَبُو بَكْرٍ حِسّهُ، ذَهَبَ يَتَأَخّرُ، فَأَوْمَأَ إلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قُمْ مَكَانَكَ. فَجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى جَلَسَ عَنْ يَسَارِ أَبِي بَكْرٍ. قَالَتْ فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي بِالنّاسِ جَالِساً، وَأَبُو بَكْرٍ قَائِماً، يَقْتَدِي أَبُو بَكْرٍ بِصَلاَةِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَيَقْتَدِي النّاسُ بِصَلاَةِ أَبِي بَكْرٍ.

893 ـ حدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ. ح وَحَدّثَنَا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَفِي حَدِيثِهِمَا: لَمّا مَرِضَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرَضَهُ الّذِي تُوُفّيَ فِيهِ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُسْهِرٍ، فَأُتِيَ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى أُجْلِسَ إلَى جَنْبِهِ. وَكَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي بِالنّاسِ. وَأَبُو بَكْرٍ يُسْمِعُهُمُ التّكْبِيرَ. وَفِي حَدِيثِ عِيسَى: فَجَلَسَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي وَأَبُو بَكْرٍ إلَى جَنْبِهِ وَأَبُو بَكْرٍ يُسْمِعُ النّاسَ.

894 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ هِشَامٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ) قَالَ: حَدّثَنَا أَبِي. قَالَ: حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: أَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَبَا بَكْرٍ أَنْ يُصَلّيَ بِالنّاسِ فِي مَرَضِهِ. فَكَانَ يُصَلّي بِهِمْ. قَالَ عُرْوَةُ: فَوَجَدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ نَفْسِهِ خِفّةً. فَخَرَجَ وَإذَا أَبُو بَكْرٍ يَؤُمّ النّاسَ. فَلَمّا رَآهُ أَبُو بَكْرٍ اسْتَأْخَرَ. فَأَشَارَ إلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَيْ كَمَا أَنْتَ فَجَلَسَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِذَاءَ أَبِي بَكْرٍ إلَى جَنْبِهِ، فَكَانَ أَبُو بَكْرٍ يُصَلّي بِصَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ يُصَلّونَ بِصَلاَةِ أَبِي بَكْرٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئەغىرلاپ كەتكەندە، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا چاقىرىپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار دېدى. مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەلبى بەكلا يۇمشاق كىشى، ئۇ قۇرئان ئۇقسا، يىغلىماي تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالمايدۇ، بىراق كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بېرىشكە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنى يەنى ئۆمەرنى بۇيرىغان بولسىلا بولۇپتىكەن دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار دېدى. مەن؛ھەپسىگە يۇقىرقى سۆزلەرنى دېگىلى سالسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: سىلەر يۇسۇف بىلەن جېدەللەشكەن ئاياللارغا ئوخشايدىكەنسىلەر ،ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى كىشىلەرگە ناماز ئۇقۇپ بېرىشكە بۇيرۇڭلار دېدى. شۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۇقۇپ بەردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسىلىدىن سەل ساقىيىپ، ئۆزۈۋۇجۇدىدا يەڭگىللىكنى ھېس قىلىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن يەرنى جىجىپ، سىزىق سىزغان ھالدا مەسجىدكە كىرىپ كەلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىك شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، ئارقىسىغا چېكىنمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، كېلىپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ سول تەرپىدە ئولتۇردى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە تۇرغان ھالدا ناماز ئۇقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئۇقۇدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلدى، كىشىلەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگەتەكبىرنى ئاڭلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم،يەنى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئۇقۇشەردى.

**895 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنِي. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ) (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ) وَحَدّثَنِي أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قالَ: أَخْبَرَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ، أَنّ أَبَا بَكْرٍ كَانَ يُصَلّي لَهُمْ فِي وَجَعِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تُوُفّيَ فِيهِ، حَتّى إِذَا كَانَ يَوْمُ الإِثْنَيْنِ، وَهُمْ صُفُوفٌ فِي الصّلاَةِ، كَشَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سِتْرَ الْحُجْرَةِ، فَنَظَرَ إِلَيْنَا وَهُوَ قَائِمٌ، كَأَنّ وَجْهَهُ وَرَقَةُ مُصْحَفٍ، ثُمّ تَبَسّمَ رَسُولُ اللّهِ ضَاحِكاً. قَالَ: فَبُهِتْنَا وَنَحْنُ فِي الصّلاَةِ مِنْ فَرَحٍ بِخُرُوجِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَكَصَ أَبُو بَكْرٍ عَلَى عَقِبَيْهِ لِيَصِلَ الصّفّ، وَظَنّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَارِجٌ لِلصّلاَةِ، فَأَشَارَ إِلَيْهِمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ أَنْ أَتِمّوا صَلاَتَكُمْ. قَالَ ثُمّ دَخَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَرْخَى السّتْرَ. قَالَ فَتُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ يَوْمِهِ ذَلِكَ.**

**896 ـ وَحَدّثَنِيهِ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: آخِرُ نَظْرَةٍ نَظَرْتُهَا إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. كَشَفَ السّتَارَةَ يَوْمَ الاثْنَيْنِ، بِهَذِهِ الْقِصّةِ. وَحَدِيثُ صَالِحٍ أَتَمّ وَأَشْبَعُ.**

**897 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ قَالَ: أَخْبَرَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ الاِثْنَيْنِ. بِنَحْوِ حَدِيثِهِمَا.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن كېسىلى ئەغىرلاپ كەتكەن كۈنلەردە، كىشىلەرگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئۇقۇپ بەردى، دۈشەنبە كۈنى بولغاندا، كىشىلەر نامازدىكى سەپلىرىدە ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇرە تۇرغان ھالدا ھۇجۇرنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ، بىزگە قارىدى، گوياكى يۈزى كىتاپنىڭ ۋارىقىدەك ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ كۈلگەن ھالدا تەبەسسۇم قىلدى، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ چىققانلىقىغا خۇشال بولغانلىقىمىزدىن نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا ھەيران

قالدۇق، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەسۇلۇللاھنى نامازغا چىققان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سەپكە كىرىشى ئۈچۈن ئارقىسىغا چېكىندى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ نامىزىڭلارنى كامىل ئادا قىلىۋېرىڭلار دەپ ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، ئاندىن پەردىنى تاشلاپ كىرىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ شۇ دۈشەنبەكۈنىلا ۋاپات بولۇپ كەتتى.

**898 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ قال: سَمِعْتُ أبي يُحدّثُ. قالَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ عَنْ أنَسٍ قال: لَمْ يَخرُجْ إلَيْنَا نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثلاَثاً. فأُقِيمَتِ الصّلاَةُ. فذَهَبَ أبُو بَكْرٍ يَتَقدّمُ. فقالَ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بالْحِجَابِ فرَفَعَهُ. فلَمّا وَضحَ لنَا وَجْهُ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مَا نَظرْنَا مَنْظراً قطّ كَانَ أعْجَبَ إلَيْنَا مِنْ وَجْهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم حِينَ وَضَحَ لنَا. قالَ فأوْمَأَ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بيَدِهِ إلَى أبي بَكْرٍ أنْ يَتَقدّمَ. وَأرْخَى نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْحِجَابَ، فلَمْ نَقدِرْ عَلَيْهِ حتّى مَاتَ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىزگە ئۈچ كۈن نامازغا چىقالمىدى، ئاخىرقى كۈنى نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، ئەبۇبەكرى ئالدىغا چىقتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ پەردىنى كۆتۈرگۈزۈپ بىزگە قارىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزى بىزگە ئاشكارا بولغاندا، بىز ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك ھەم سۆيۈملۈكرەك بىرەر مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ پەردىنى تاشلىۋەتتى، بىز شۇنىڭدىن كېيىنلا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھنى كۆرۈشكە قادىر بولالمىدۇق.

**899 ـ** بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## ***192 ــــ باب تقديم الجماعة من يصلي بهم إذا تأخر الإمام ولم يخافوا مفسدة بالتقديم***

**ئىمام كېچىكىپ قالغاندا، جامائەت ئەنسىرىمەستىنلا ئۆزىگە ناماز ئوقۇپ بېرىدىغان بىركىشىنى ئالدىغا چىقىرىشى**

**900 ـ901 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ يَحيَى قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أبي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَهَبَ إلَى بَنِي عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ لِيُصلِحَ بيْنَهُمْ. فحَانَتِ الصّلاَةُ. فجَاءَ الْمُؤَذّنُ إلَى أبي بَكْرٍ. فقَالَ: أتُصَلّي بالنّاسِ فأُقِيمَ؟ قالَ: نَعَمْ. قالَ فصلّى أبُو بَكْرٍ. فجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ فِي الصّلاَةِ. فتَخَلّصَ حَتّى وَقفَ فِي الصّفّ، فصَفّقَ النّاسُ، وكَانَ أبُو بَكْرٍ لاَ يَلْتَفِتُ فِي الصّلاَةِ، فلَمّا أكْثرَ النّاسُ التّصْفِيقَ الْتَفتَ فرَأى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فأشَارَ إلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنِ امْكُثْ مكَانَكَ، فرَفعَ أبُو بَكْرٍ يَدَيْهِ، فحَمِدَ الله عَزّ وَجَلّ عَلَى مَا أمَرَهُ بهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ ذلِكَ، ثُمّ اسْتأْخَرَ أبُو بَكْرٍ حَتّى اسْتَوَى فِي الصّفّ، وَتَقدّمَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فصلّى، ثُمّ انْصَرَفَ فقَالَ: «يَا أبَا بَكْرٍ مَا مَنَعَكَ أنْ تَثبُتْ إذْ أمَرْتُكَ» قالَ أبُو بَكْرٍ: مَا كَانَ لابْنِ أبي قُحَافَةَ أنْ يُصَلّيَ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَالِي أرَاكُمْ أكْثرْتُمُ التّصْفِيقَ؟ مَنْ نَابَهُ شَيْءٌ فِي صَلاَتِهِ فلْيُسبّحْ [1] فإنّهُ إذَا سبّحَ الْتُفِتَ إلَيْهِ. وَإنّمَا التّصفِيحُ لِلنّسَاءِ».**
**902 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنَ بَزِيعٍ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الأعْلَى: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ أبي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ قالَ: ذَهبَ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصلِحُ بَيْنَ بَنِي عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ، بمِثلِ حَدِيثِهِمْ. وَزَادَ: فجَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فخَرَقَ الصّفُوفَ. حتّى قامَ عِنْدَ الصّفّ الْمُقدّمِ. وَفِيهِ: أنّ أبَا بَكْرٍ رَجعَ الْقهْقرَى.**

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرۇشقا كەتكەن ئىدى، نامازنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، مۇئەززىن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ تەكبىر ئېيتسام، كىشىلەرگە سەن ناماز ئوقۇپ بېرەمسەن؟دېدى، ئۇ؛ ھەئە ئوقۇپ بېرەي دېدى، شۇنداق قىلىپ ئەبۇبەكرى ناماز ئوقۇتىۋاتاتتى، كىشىلەر نامازنىڭ ئىچىدە ئىدى، رەسۇلۇللاھ كېلىپ سەپنىڭ ئىچىدە تۇردى،

يەنەبىردە؛سەپنى يېرىپ كىرىپ ئالدىدا تۇردى، كىشلەر چاۋاك چېلىپ كەتتى، ئەبۇبەكرى ناماز ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا قارىمايتتى، كىشلەر چاۋاكنى بەك كۆپ چېلىپ كەتكەندە، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ رەسۇلۇللاھنى كۆردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئورنۇڭدا مۇقۇم تۇرىۋەرگىن دەپ ئىشارەت قىلدى، ئەبۇبەكرى شۇنىڭغا خۇرسەن بۇلۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ كەتتى، ئاندىن ئارقىسىغا چېكىنىپ سەپنىڭ ئىچىگە كىردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئالدىغا چىقىپ كىشلەرگە ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، نامازدىن قايتقاندا؛ ئى ئەبۇبەكرى!مەن سىنى مۇقۇم تۇرىۋىرىشكە بۇيرىغاندا مۇقۇم تۇرىشىڭدىن سىنى نىمە توستى؟دېدى، ئۇ؛ ئەبۇقەھاپەنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى مىنىڭ)**الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ناماز ئۇقىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن سىلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ، قوللىرىڭلاردىن ئاۋاز چىقارغىنىڭلارنى كۆردۈمغۇ؟ كىشى نامازدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يېتىپ قالسا، (يەنى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان ئىش يەتسە)، تەسبىھ ئېيتىپ، سۇبھانەللاھ! دېسۇن،ھەقىقەتەن ئۇ شۇنداق تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا قارىلىدۇ، ھاجىتى ئورۇندۇلىدۇ، چاۋاك چېلىپ، قولدىن ئاۋاز چىقىرىش بولسا، ناماز ئىچىدە ئاياللارغا دۇرۇس بولىدۇ، ئەرلەر تەسبىھ ئەيتىدۇ،دېدى.

**903 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعِ وَ حَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاق. قالَ ابْنُ رَافِعِ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجِ: حَدّثنِي ابْنُ شِهَابٍ عَنْ حَدِيثِ عَبّادِ بْنِ زِيَادٍ أَنّ عُرْوَةَ بْنَ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ أَخْبَرَهُ أَنّهُ غَزَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَبُوكَ. قالَ الْمُغِيرَةُ فَتَبَرّزَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قِبَلَ الْغَائِطِ. فَحَمَلْتُ مَعَهُ إِدَاوَةً قَبْلَ صَلاَةِ الْفَجْرِ. فَلَمّا رَجَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَيّ أَخَذْتُ أُهَرِيقُ عَلَى يَدَيْهِ مِنَ الإِدَاوَةِ، وَغَسَلَ يَدَيْهِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ، ثُمّ غَسَلَ وَجْهَهُ، ثُمّ ذَهَبَ يُخْرِجُ جُبّتَهُ عَنْ ذِرَاعَيْهِ فَضَاقَ كُمّا جُبّتِهِ، فَأَدْخَلَ يَدَيْهِ فِي الْجُبّةِ، حَتّى أَخْرَجَ ذِرَاعَيْهِ مِنْ أَسْفَلِ الْجُبّةِ، وَغَسَلَ ذِرَاعَيْهِ إِلَى الْمِرْفَقَيْنِ، ثُمّ تَوَضّأَ عَلَى خُفّيْهِ. ثُمّ أَقْبَلَ. قالَ الْمُغِيرَةُ: فَأَقْبَلْتُ مَعَهُ حَتّى نَجِدُ النّاسَ قَدْ قَدّمُوا عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ فَصَلّى لَهُمْ. فَأَدْرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِحْدَى الرّكْعَتَيْنِ. فَصَلّى مَعَ النّاسِ الرّكْعَةَ الآخِرَةَ. فَلَمّا سَلّمَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُتِمّ صَلاَتَهُ. فَأَفْزَعَ ذَلِكَ الْمُسْلِمِينَ. فَأَكْثَرُوا التّسْبِيحَ. فَلَمّا قَضَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلاَتَهُ أَقْبَلَ عَلَيْهِمْ ثُمّ قَالَ: «أَحْسَنْتُمْ» أَوْ قَالَ: «قَدْ أَصَبْتُمْ» يَغْبِطُهُمْ أَنْ صَلّوُا الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا.**

**904 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعِ وَالْحُلْوَانِيّ. قالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق عَنِ ابْنِ جُرَيْجِ. حَدّثنِي ابْنُ شِهَاب عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ مُحمّدِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ حَمْزَةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ نَحْوَ حَدِيثِ عَبّادٍ. قَالَ الْمُغِيرَةُ: فَأَرَدْتُ تَأْخِيرَ عَبْدِ الرّحْمَنِ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «دَعْهُ».**

مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ـ بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەببۇك ئۇرىشىغا قاتناشقان ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇبھىدىن بۇرۇن تەرەت قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانا تەرەپتىكى ئۇچۇقچىلىققا چىقتى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر قاچىدا سۇ ئېلىۋالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كەلگەندە،مەن قاچىدىن سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدىم،ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇيدى،ئۇستىدە يۇڭدىن ئىشلەنگەن جۇۋا بار ئىدى، ئىككى بىلىكىنى

ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى،جۇۋىنىڭ يېڭى تۇرلۇشۇپ،يوملۇشۇپ قېلىپ ، قولنى جۇۋىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ،جۇۋىنى مۇرىسىگە تاشلاپ قويۇپ،ئىككى بىلىكىنى يۇدى،چىكىسىگە ۋە سەللىسىگە مەسھ قىلدى.(ئالىملار؛سەللىگە مەسھ قىلىش باشتا بار ئىدى،كېيىن تەرىك ئېتىلگەن دېدى.)ئاندىن مەن ئىككى ئۆتۈكىنى تارتىپ قويۇشقا تەمشەلسەم،ئۇنى قويۇپ قوي!مەن ئۆتۈكۈمنى تاھارەت ئۈستىگە كەيگەن دەپ،ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھ قىلدى.ئاندىن بىز ئۇلىغىمىزغا مىنىپ، كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلسەك،ئۇلار نامازغا تۇرۇپ بولۇپتۇ، ئۇلارغا ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئىكەن ، ئۇ بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ كەلگىنىنى ھىس قىلىپ ، كەينىگە چېكىنىشكە تەمشىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇۋەرگىن، دەپ ئىشارەت قىلدى،ئۇ كىشىلەرگە نامازنى ئوقۇپ بېرىپ، سالام بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى، مەنمۇتۇردۇم، بىز ئىلگىرى ئوقۇلۇپ بولغان بىر رەكئەت نامازنى ئۆزىمىز ئوقۇدۇق.ئاندىن كىشىلەر چۇچۇپ كېتىپ؛ (رەسۇلۇللاھنى ساقلىماستىنلا ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمام بولغىنىغا ھەيران قېلىپ)سۇبھانەالله!!!دېيىشىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئۇلارغا ئالدىنى قىلىپ؛ ناھايىتى ياخشى قىلدىڭلار،بەك توغرا قىلدىڭلار دېدى،يەنى ئۇلارنى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

## 193 ـــــ باب تسبيح الرجل وتصفيق المرأة إذا نابهما شيء في الصلاة

## نامازدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يېتىپ قالسا، ئەرلەر تەسبىھ ئەيتىدۇ، ئاياللار قولىدىن ئاۋاز چىقىرىدۇ

905 ـ906 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النَّاقِدُ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ح وَحَدّثَنَا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَعِيدٍ ابْنُ الْمُسَيّبِ وَ أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهُمَا سَمِعَا أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «التّسْبِيحُ لِلرّجَالِ وَالتّصْفِيقُ لِلنّسَاءِ». زَادَ حَرْمَلَةُ فِي رِوَايَتِهِ: قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَقَدْ رَأَيْتُ رِجَالاً مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ يُسَبّحُونَ وَيُشِيرُونَ.
907 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. وَزَادَ «فِي الصّلاَةِ».

سەھلى ئىبنى سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن سىلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ، قوللىرىڭلاردىن ئاۋاز چىقارغىنىڭلارنى كۆردۈمغۇ؟) كىشى نامازدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يېتىپ قالسا، (يەنى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان ئىش يەتسە)، تەسبىھ ئېيتىپ، سۇبھانەللاھ! دېسۇن، (ھەقىقەتەن ئۇ شۇنداق تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا قارىلىدۇ، ھاجىتى ئورۇنىدۇلىدۇ)، چاۋاك چېلىپ، قولىدىن ئاۋاز چىقىرىش بولسا، ناماز ئىچىدە ئاياللارغا دۇرۇس بولىدۇ، ئەرلەر تەسبىھ ئەيتىدۇ،(يەنى

ئەرلەر تەسبىھ ئېيتىپ، مەخسەدىنى ئۇختۇرۇدۇ، ئاياللار قولىدىن ئاۋاز چىقارسۇن). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

## 194 ـــــ باب الأمر بتحسين الصلاة وإتمامها والخشوع فيها

## نامازنى ياخشى،كامىل ئۇقۇشقا، ناماز ئىچىدە الله تىن قورقۇپ،ئەيمىنىپ تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**908 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاءِ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثنَا أبُو أسَامَةَ عَنِ الْوَلِيدِ (يَعْنِي ابْنَ كَثِيرٍ) حَدّثنِي سَعِيدُ بْنُ أبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً. ثُمّ انْصَرَفَ فَقَالَ: «يَا فُلاَنُ ألاَ تُحْسِنُ صَلاَتَكَ؟ ألاَ يَنْظُرُ الْمُصَلّي إذَا صَلّى كَيْفَ يُصَلّي؟ فَإنّمَا يُصَلّي لِنَفْسِهِ. إنّي وَاللهِ لأبْصِرُ مِنْ وَرَائِي كَمَا أبْصِرُ مِنْ بَيْنَ يَدَيّ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، نامازدىن قايتقاندا مۇنداق دىگەن: ئى پالانى! نامىزىڭنى ياخشىراق ئوقۇماسەن؟ ناماز ئوقوغۇچى كىشى ناماز ئوقوغاندا ئۆزىنىڭ قانداق ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىغا قاراپ باقامدۇ؟ يەنى، قاراپ باقسۇن، ئۆزىنى تەكشۇرسۇن، چۈنكى، ئۇ ناماز ئوقۇسا، ئۆزى ئۈچۈن ئوقويدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ئالدىم تەرەپتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. مۇسلىم، نەسەئى.

**909 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكٍ بْنِ أنَسٍ، عَنْ أبِي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «هَلْ تَرَوْنَ قِبْلَتِي هَهُنَا؟ فَوَاللّهِ مَا يَخْفَى عَلَيّ رُكُوعُكُمْ وَلاَ سُجُودُكُمْ. إنّي لأرَاكُمْ وَرَاءَ ظَهْرِي».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر مىنىڭ ئالدىمنى مۇشۇ تەرەپتە دەپ قارامسىلەر؟ يەنى ئالدىم تەرەپنىلا كۆرىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا سىلەرنىڭ رۇكۇ ـ سەجدىلىرىڭلار، خۇشۇئ، ئاللاھدىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ ناماز ئوقۇشلىرىڭلار ھەرگىز مەخپى بولمايدۇ، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرالايمەن. مالىك، بەيھەقى

**910 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أقِيمُوا الرّكُوعَ وَالسّجُودَ، فَوَاللّهِ إنّي لأرَاكُمْ مِنْ بَعْدِي. (وَرُبّمَا قالَ: مِنْ بَعْدِ ظَهْرِي) إذَا رَكَعْتُمْ وَسَجَدْتُمْ».**

ئەنەس،سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رۇكۇ ــ سەجدىلەرنى رۇس، مەزمۇت ،كامىل قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى رۇكۇ ــ سەجدە قىلغان چېغىڭلاردا، ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم.

**911 ـ حدّثني أبُو غسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثنَا مُعَاذٌ (يَعْنِي ابْنَ هِشَامٍ) حَدّثنِي أبِي. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنَا ابْنُ أبِي عَدِيّ، عَنْ سَعِيدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أنَسٍ أنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أتِمّوا الرّكُوعَ وَالسّجُودَ، فَوَاللّهِ إنّي لأرَاكُمْ مِنْ بَعْدِ ظَهْرِي، إذَا مَا رَكَعْتُمْ وَإذَا مَا سَجَدْتُمْ». وَفِي حَدِيثِ سَعِيدٍ: «إذَا رَكَعْتُمْ وَإذَا سَجَدْتُمْ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ سەجدىلەرنى كامىل قىلىڭلار، جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەجدە رۇكۇ قىلغان ۋاقتىڭلاردىمۇ مەن سىلەرنى ئارقامدىن كۆرۈپ تۇرىمەن، نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى.

## 195 – باب تحريم سبق الإمام بركوع أو سجود ونحوهما

## سەجدە-رۇكۇلارنى ئىمامدىن بۇرۇن قىلىۋېلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

912 –913 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) (قَالَ ابْنُ حُجْرٍ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ) عَنِ الْمُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ يَوْمٍ، فَلَمّا قَضَى الصّلاَةَ أَقْبَلَ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ، فَقَالَ: «أَيّهَا النّاسُ! إِنّي إِمَامُكُمْ، فَلاَ تَسْبِقُونِي بِالرّكُوعِ وَلاَ بِالسّجُودِ، وَلاَ بِالْقِيَامِ وَلاَ بِالاِنْصِرَافِ. فَإِنّي أَرَاكُمْ أَمَامِي وَمِنْ خَلْفِي» ثُمّ قَالَ: «وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لَوْ رَأَيْتُمْ مَا رَأَيْتُ لَضَحِكْتُمْ قَلِيلاً وَلَبَكَيْتُمْ كَثِيراً» قَالُوا: وَمَا رَأَيْتَ يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: «رَأَيْتُ الْجَنّةَ وَالنّارَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ ، نامىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندا،مۇبارەك يۈزى بىلەن بىزگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ ئىمامىڭلار، سىلەر مەندىن رۇكۇ، سەجدىدە، ئولتۇرۇپ قوپۇشلاردا، ھەتتا نامازدىن قايتىشلاردىمۇ ئىلگىرلەپ كەتمەڭلار، مەندىن بۇرۇن قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئالدىم تەرەپتىن ۋە ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرەلەيمەن، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن كۆرگەننى كۆرگەن بولساڭلار، مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار. ئۇلار؛نېمىنى كۆردىلە؟دېگەندە، جەننەت بىلەن دوزەخنى كۆردۇم دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى.

914 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كُلّهُمْ عَنْ حَمّادٍ. قَالَ خَلَفٌ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ: حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ مُحَمّدٌ صلى الله عليه وسلم: «أَمَا يَخْشَى الّذِي يَرْفَعُ رَأْسَهُ قَبْلَ الإِمَامِ أَنْ يُحَوّلَ اللّهُ رَأْسَهُ رَأْسَ حِمَارٍ؟».

915 –916 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ يُونُسَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا يَأْمَنُ الّذِي يَرْفَعُ رَأْسَهُ فِي صَلاَتِهِ قَبْلَ الإِمَامِ، أَنْ يُحَوّلَ اللّهُ صُورَتَهُ فِي صُورَةِ حِمَارٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرگەن كىشى، ئاللاھنىڭ، ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ياكى ئۇنىڭ يۈزىنى،سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟ .ئۇ قانداقمۇ ئەمىن بولالايدۇ؟ بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئىمامدىن بۇرۇن باش كۆتۈرۈش ياكى بېشىنى قويۇش چەكلىنىدۇ.

## 196 – باب النهي عن رفع البصر إلى السماء في الصلاة نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراشتىن چەكلەش

917 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ تَمِيمِ بْنِ طَرَفَةَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيَنْتَهِيَنّ أَقْوَامٌ يَرْفَعُونَ أَبْصَارَهُمْ إِلَى السّمَاءِ فِي الصّلاَةِ. أَوْ لاَ تَرْجِعُ إِلَيْهِمْ».

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەر يا نامازدا كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈشتىن يانسۇن ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە ساق قايتمايدۇ، يەنى قۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە

**918 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ. قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ جَعْفَرَ بْنِ رَبِيعَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لِيَنْتَهِينَ أقْوَامٌ عَنْ رَفْعِهِمْ أبْصَارَهُمْ، عِنْدَ الدّعَاءِ فِي الصّلاَةِ، إلَى السّمَاءِ أوْ لَتُخْطَفَنّ أبْصَارُهُمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە قەۋملەر نامازدىكى دۇئادا، كۆزلىرىنى ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ كۆتۈرۈشتىن يانسا يانسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قۇيۇلۇپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ چەكلەش، جىنازا نامىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشلىرىنى، كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويۇش بىدئەتتۇر.

## 197 – باب الأمر بالسكون في الصلاة والنهي عن الإشارة باليد ورفعها عند السلام وإتمام الصفوف الأول والتراص فيها والأمر بالاجتماع

**ناماز ئىچىدە جىم تۇرۇشقا بۇيرۇش، قول بىلەن ئىشارەت قىلىشتىن، سالام قىلغاندا قولنى كۆتۈرۈشتىن چەكلەش، بىرىنجى سەپنى تولۇق كامىل قىلىش، سەپلەردە زىچ تۇرۇش، زىچ ئۇيۇشۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا**

**919 ـ920 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ قالاَ: حَدّثَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنِ المُسَيّبِ بْنِ رَافِعٍ، عَنْ تَمِيمِ بْنِ طَرَفَةَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقال: «مَالِي أرَاكُمْ رَافِعِي أيْدِيكُمْ كَأنّهَا أذْنَابُ خَيْلٍ شُمُسٍ؟ اسْكُنُوا فِي الصّلاَةِ» قال ثُمّ خَرَجَ عَلَيْنَا فرَآنَا حِلَقاً. فقالَ: «مَا لِي أرَاكُمْ عِزِينَ؟» قالَ: ثُمّ خَرَجَ عَلَيْنَا فقالَ: «ألاَ تَصُفّونَ كَمَا تَصُفّ الْمَلاَئِكَةُ عِنْدَ رَبّهَا؟» فقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ وكَيْفَ تَصُفّ الْمَلاَئِكَةُ عِنْدَ رَبّهَا؟ قالَ: «يُتِمّونَ الصّفُوفَ الأُوَلَ. ويَتَرَاصّونَ فِي الصّفّ».**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ مۇنداق دېگەن: ماڭا نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنىڭ خۇددى تېپىرلاپ، جىم تۇرالماس ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلارنى كۆتۈرگىنىڭلارنى كۆردۈم، نامازدا جىم تۇرۇڭلار!. ئاندىن كېيىن يەنەبىرقېتىم چىقىپ، بىزنىڭ ھالقا_ ھالقا بولۇپ، ئايرىم ــ ئايرىم ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، ماڭا نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنى مۇتەپەررىق كۆردۈمغۇ؟ بىر جايغا يىغىلىپ ئولتۇرماپسىلەرغۇ؟ دېدى. ئاندىن كېيىن يەنەبىرقېتىم چىقىپ؛ سىلەر، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا سەپ تۈزگەندەك سەپ تۈزمەمسىلەر؟ ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار قانداق سەپ تۈزىدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلار نامازدا تۇنجى سەپلەرنى تولۇق، كامىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن سەپلەردە زىچ، تۈز تۇرىدۇ، دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، نامازدىكى رۇكۇدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىككى قولنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا دېيىلمىگەن بولۇپ، بەلكى، بۇ ھەدىس، ساھابىلار نامازدىن سالام بەرگەندە، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىشارەت قىلىشقاندا دېيىلگەن، بۇنىڭ ئوخشىشى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ 4019 ـ، 5631 ــ ھەدىسلەردە ئۆتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس، نامازدا رۇكۇدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ۋە ئۈچىنچى رەكئەت نامازغا تۇرغاندا، قول كۆتۈرۈشكە قارشى دەلىل ــ ئىسپات بولالمايدۇ، شۇنداقلا قول كۆتۈرۈشكە قارشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىمۇ دەلىل بولالمايدۇ، چۈنكى، بۇ ھەدىس، خەۋەر ۋاھىد، يەنى مۇتىۋاتىر ئەمەس،

قەتئىي ئىشەنچىلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ، رەپىئەت قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر بولسا، مۇتىۋاتىر، قەتئىي ئىشەنچىلىك، (مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر توپلىمىغا قارالسۇن)بۇ ئىككى ھەدىس بىر ــ بىرىگە تەڭ باراۋەر بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە مۇتىۋاتىرغا ئەمەل قىلىنىدۇ، رەپىئەت قىلىش ھەدىسى، بەزىلەر دىگەندەك، مەنسۇخ ئەمەس، ئەمەلدىن قالمىغان، كۆچكە ئىگە، چۈنكى، بارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا مەخسۇس باب توختۇتۇپ، باشتىن ــ ئاخىرى بارلىق سەلەف، سالىھ، ساھابە، تابىئىنلار ئەمەل قىلغان، بۇ ھەممە كىتابتا ھەممە يۇرتتا مەشھۇر، قەتئىي ئىشەنچىلىك بولۇپ كەتكەن، لېكىن، بۇ ئىش سۈننەت بولۇپ، سۈننەتنى دەپ ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، پەرىز ۋاجىپلارغا دەخلى ــ تەرۈز يەتكۈزمەڭلار، شۇنداقتىمۇ تېنىچ يول بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۈننەتنى چىڭ تۇتۇڭلار. رەپىئەت قىلغان كىشى سۈننەت ھەدىسكە ئەمەل قىلغان بۇلىدۇ، بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈن رەپىئەت قىلالمىغان كىشى، ئەبزەل ئىشنى قىلغان بۇلىدۇ، چۈنكى ئۈممەتنىڭ بىرلىكى سۈننەتتىن ئەبزەلدۇر،چۈنكى بىرلىك پەرزدۇر.

921 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. قالَ: حَدّثَنَا وكِيعٌ عَنْ مِسعَرٍ. ح وَحَدّثَنَا أبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: أخْبَرَنَا ابْنُ أبِي زَائِدَةَ عَنْ مِسْعَرٍ. حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ الْقِبْطِيّةِ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: كُنّا إذَا صَلّيْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، قُلْنَا: السّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ الله ـ السّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ الله ـ. وَأشَارَ بِيَدِهِ إلَى الْجَانِبَيْنِ ـ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَلاَمَ تُومِئُونَ بِأيْدِيكُمْ كَأنّهَا أذْنَابُ خَيْلٍ شُمُسٍ؟ إنّمَا يَكْفِي أحَدَكُمْ أنْ يَضَعَ يَدَهُ عَلَى فَخِذِهِ، ثُمّ يُسَلّمُ عَلَى أخِيهِ مَنْ عَلَى يَمِينِهِ وَشِمَالِهِ».

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇساق،ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇاللە دەپ، ئىككى تەرەپكە قولىمىز بىلەن ئىشارەت قىلاتتۇق،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نىمە ئۈچۈن نامازدىن سالام بەرگەندە، جىم تۇرالمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلاردا ئىشارەت قىلىسلەر؟ ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ قولنى يوتىسىغا قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى،ۋە سول تەرىپىدىكى كىشىلەردىن ئىبارەت قېرىنداشلىرىغا سالام قىلىشى كۇپايە بولىدۇ، (قوللىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش ھاجەتسىز) مۇسلىم 652 ــ، نەسەئى 1172 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد 20053 ــ ھەدىس، سەھىھ.

922 ـ وحدّثنا الْقاسِمِ بْنُ زَكَرِيّاءَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَى، عَنْ إسْرَائِيلَ، عَنْ فُرَاتٍ (يَعْنِي الْقَزّازَ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ: قالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَكُنّا إذَا سَلّمْنَا، قُلْنَا بِأيْدِينَا: السّلاَمُ عَلَيْكُمْ. السّلاَمُ عَلَيْكُمْ. فَنَظَرَ إلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقالَ: «مَا شَأْنُكُمْ؟ تُشِيرُونَ بِأيْدِيكُمْ كَأنّهَا أذْنَابُ خَيْلٍ شُمُسٍ؟ إذَا سَلّمَ أحَدُكُمْ فَلْيَلْتَفِتْ إلَى صَاحِبِهِ وَلاَ يُومِىءْ بِيَدِهِ».

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ناماز ئۇقۇدۇم، بىز نامازدىن سالام بەرگەندە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇاللە دەپ، ئىككى تەرەپكە قولىمىز بىلەن ئىشارەت قىلاتتۇق،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قاراپ مۇنداق دىگەن: نىمە ئىش قىلىۋاتىسلەر؟ خۇددى تېپىرلاپ تۇرالمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلار بىلەن ئىشارەت قىلىۋاتىسلەرغۇ؟ بىرىڭلار نامازدىن پارىغ بولغاندا سالام قىلسا، قولى بىلەن ئىشارەت قىلماي، ھەمراھلىرىغا قارىسىلا بولدى شۇ كۇپايە، مۇسلىم، نەسەئى.

## 198- باب تسوية الصفوف وإقامتها وفضل الأول فالأول منها والازدحام على الصف الأول والمسابقة إليها، وتقديم أولي الفضل وتقريبهم من الإمام

**سەپلەرنى راۋۇ-رۇس تۈزلەش، بىرىنجى سەپنىڭ پەزىيلىتى، ئىمامغا پەزلى ئىگىللىرىنىڭ يېقىن تۇرىشى توغرىسىدا**

923 -924 - حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ عُمَيْرٍ التَيْمِيّ، عَنْ أَبِي مَعْمَرٍ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَمْسَحُ مَنَاكِبَنَا فِي الصّلاَةِ وَيَقُولُ: «اسْتَوُوا وَلاَ تَخْتَلِفُوا[1] فَتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ، لِيَلِنِي مِنْكُمْ أُولُو الأَحْلاَمِ وَالنّهَى، ثُمّ الّذِينَ يَلُونَهُمْ، ثُمّ الّذِين يَلُونَهُمْ» قَالَ أَبُو مَسْعُودٍ: فَأَنْتُمُ الْيَوْمَ أَشَدّ اخْتِلاَفاً.

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىكى سەپتە، مۈرىلىرىمىزنى بىر-بىرىگە تەككۈزۈپ تۇرغۇزۇپ مۇنداق د ەيتتى: سەپتە تۈز تۇرۇڭلار، ئىگرى _ پەس تۇرماڭلار، قەلبىڭلار ئىختىلاپلىشىپ ، مۇتەپەررىق بولۇپ كېتىدۇ، ماڭا سىلەردىن ئەڭ ئالىم، مۆتىۋەر، پىشقەدەملەر يېقىن تۇرسۇن، ئەقىل، ئىلىم ئىگىلىرى يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلار ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلار يېقىن تۇرسۇن، ئە بۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛سىلەر بۈگۈن قاتتىق ئىختىلاپتا،مۇتەپەررىقسىلەر.(مەنىمۇشۇنداق دېيمەنكى؛ ھازىرقى كىشىلەر قاتتىق ئىختىلاپلاشماقتا.) مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد

925 - حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ وَ صَالِحُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ وَرْدَانَ قَالاَ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثَنِي خَالِدٌ الْحَذّاءُ، عَنْ أَبِي مَعْشَرٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لِيَلِنِي مِنْكُمْ أُولُو الأَحْلاَمِ وَالنّهَى. ثُمّ الّذِينَ يَلُونَهُمْ (ثَلاَثاً) وَإِيّاكُمْ وَهَيْشَاتِ الأَسْوَاقِ».

ئەبۇ مەسئۇد،ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدىكى سەپتە، ماڭا، سىلەردىن ئىشلاردا سۇباتلىق، تەمكىنلىك، تەدبىرلىك بولغان، ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىلىرى، ئىلىم ئىگىلىرى يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار يېقىن تۇرسۇن، (سەپلەردە ئىگرى _ پەس تۇرماڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار، قەلبىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشىپ قالىدۇ، بىر _ بىردىن يىراق بولۇپ، خىلاپىدا بولۇپ قالىدۇ)، بازارلاردا ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن كۆتۈرۈشتىن، داۋا، دە _ تالاشتىن ھەزەر قىلىڭلار. مۇسلىم دىسكىسى 655 _ ھەدىس، تىرمىزى 211 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 577 - ھەدىس، ئەھمەد 4142 _ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

926 - حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ قَالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سَوّوا صُفُوفَكُمْ فَإِنّ تَسْوِيَةَ الصّفِ مِنْ تَمَامِ الصّلاَةِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، باراۋەر، تۈز تۇرۇڭلار، ھەققەتەن سەپلەرنى تۈزلەش، نامازنى كامىل، تولۇق بەرپا قىلغانلىقتۇر . ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

927 - حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ، عَنْ عَبْدَ الْعَزِيزِ (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ) عَنْ أَنَسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَتِمّوا الصّفُوفَ[1] فَإِنّي أَرَاكُمْ خَلْفَ ظَهْرِي».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلەرنى كامىل تولۇقلاڭلار، مەن سىلەرنى ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛نامازغا تەكبىر ئەيتىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇبارەك يۈزى بىلەن بىزگە ئالدىنى قىلىپ، مۇنداق دەيتتى: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ، زىچ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن،

ياناىبىرخاتىردە:سەپلىرىڭلارنى كامىل تولۇق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن .بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

**928 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق: حَدّثنا معْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ: هَذَا مَا حَدّثنا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا، وَقَالَ: «أَقِيمُوا الصفُوفِ في الصّلاَةِ[1] فإنّ إقامَةَ الصّفّ مِنْ حُسْنِ الصّلاَةِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ، زىچ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن سەپلەرنى تۈزلەش، نامازنى ياخشى ، كامىل بەرپا قىلغانلىقتىندۇر.

**929 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا غُنْدَرٌ، عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ قالَ: سَمِعْتُ سَالِمَ بْنَ أَبِي الْجَعْدِ الْغَطْفَانِيّ قَالَ: سَمِعْتُ النّعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَتُسَوّنّ صُفُوفَكُمْ أَوْ لَيُخَالِفَنّ الله بَيْنَ وُجُوهِكُمْ».**

**930 ـ931 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ، عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّعْمَانَ بْنَ بَشِيرٍ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُسَوّي صُفُوفَنَا، حَتّى كَأَنّمَا يُسَوّي بِهَا الْقِدَاحَ، حَتّى رَأَى أَنّا قَدْ عَقَلْنَا عَنْهُ. ثُمّ خَرَجَ يَوْماً فَقَامَ حَتّى كَادَ يُكَبّرُ، فَرَأَى رَجُلاً بَادِياً صَدْرُهُ مِنَ الصّفّ، فَقَالَ: «عِبَادَ اللّهِ! لَتُسَوّنّ صُفُوفَكُمْ أَوْ لَيُخَالِفَنّ الله بَيْنَ وُجُوهِكُمْ».**

نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپلىرىمىزنى خۇددى ياچاق ئوقنىڭ دەستىسىنى تۈزلىگەندەك تۈزلەيتتى، بىز ئەقىل قىلىپ چۈشەنگەنگە ، مەقسىدىنى بىلگەنگە قەدەر تۈزلەيتتى، بىركۈنى چىقىپ، نامازغا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكبىر ئەيتىلىشىنىڭ ئالدىدىلا، كۆكسىنى سەپتىن ئالدىغا چىقىرىپ تۇرۇۋالغان بىركىشىنى كۆرۈپ،مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى!، يا سىلەر نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، ياكى ئاللاھتائالا يۈزلىرىڭلارنى تەتۈرگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، بىر ــ بىرىڭلارنى مۇخالىپ، ئىختىلاپتا قىلىۋېتىدۇ. بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**932 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ سُمَيّ، مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِي صَالِحِ السّمّانِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَوْ يَعْلَمُ النّاسُ مَا فِي النّدَاءِ وَالصّفّ الأَوّل، ثُمّ لَمْ يَجِدُوا إلاّ أَنْ يَسْتَهِمُوا عَلَيْهِ لاَسْتَهَمُوا. وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي التّهْجِيرِ لاَسْتَبَقُوا إِلَيْهِ، وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي الْعَتَمَةِ وَالصّبْحِ، لأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْواً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر ئەزان توۋلاشتىكى ۋە بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئاندىن ئۇنى تالىشىپ پەقەت چەك تاشلاشتىنلا تاپسا، پەقەت مۇشۇ ئاماللا بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارە، ئامال بولمىسا، ئەلۋەتتە ئەزان

تووۋلاشنى، بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنى تالىشىپ، چەك تاشلىشىپ كىتەتتى، ئەگەر ئۇلار نامازغا، جۈمئە، نامىزىغا بۇرۇن بارغاننىڭ پەزىلىتىنى بىلسە ئىدى، چوقۇم ئۇنىڭغا ئالدىرايتتى، مۇسابىقىلىشاتتى، ئەگەر ئۇلار خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىدىكى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كىلەتتى، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇتلىرى يەرنى جىجىپ ئۆمىلەپ، باشقىلارغا يۆلىنىپ جامائەتكە كەلگەن ئىدى). مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

933 ـ934 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فرّوخَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَشْهَبِ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ الْعَبْدِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَأى فِي أَصْحَابِهِ تَأَخّراً، فَقَالَ لَهُمْ: «تَقَدّمُوا فَائْتَمّوا بِي، وَلْيَأْتَمّ بِكُمْ مَنْ بَعْدَكُمْ، لاَ يَزَالُ قَوْمٌ يَتَأَخّرُونَ حَتّى يُؤَخّرَهُمُ اللّه».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرى ئىچىدە كىچىكىشنى ، ئارقىدا تۇرۇۋىلىشنى كۆرۈپ ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: (بۇرۇنراق كىلىپ) سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ماڭا ئىقتىدا قىلىڭلار، سىلەرگە سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىكىلەر ئىقتىدا قىلىدۇ، قەۋم نامازدىن كېچىكىۋەرسە، ئاللاھمۇ ئۇلارنى (جەننەتكە كىرگۈزۈشتە) كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ. ئەھمەد،مۇسلىم، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە،

935 ـ حدّثنا إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ وَمُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ الْوَاسِطِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ الْهَيْثَمِ أَبُو قَطَنٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ خِلاَسٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَوْ تَعْلَمُونَ (أَوْ يَعْلَمُونَ) مَا فِي الصّفّ الْمُقَدّمِ، لَكَانَتْ قُرْعَةً». وَقَالَ ابْنُ حَرْبٍ «الصّفّ الأَوّلِ مَا كَانَتْ إِلاّ قُرْعَةً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر كىشىلەر بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئاندىن ئۇنى تالىشىپ، پەقەت چەك تاشلاشلا بۇلۇپ كىتەتتى.

936 ـ937 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خَيْرُ صُفُوفِ الرّجَالِ أَوّلُهَا، وَشَرّهَا آخِرُهَا، وَخَيْرُ صُفُوفِ النّسَاءِ آخِرُهَا، وَشَرّهَا أَوّلُهَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەرلەرنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى سەپ، يامىنى بولسا، ئاخىرقىسىدۇر، ئاياللارنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى ئاخىرقىسى، يامىنى بولسا ئەۋۋەلقىدۇر. مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تەبرانى.

## 199 ـــــ باب أمر النساء المصليات وراء الرجال أن لا يرفعن رؤسهن من السجود حتى يرفع الرجال

**ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇغۇچى ئاياللارنى، ئەرلەردىن بۇرۇن بېشىنى كۆتۈرمەسلىككە بۇيرۇش توغرىسىدا**

938 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ: لَقَدْ رَأَيْتُ الرّجَالَ عَاقِدِي أُزُرِهِمْ فِي أَعْنَاقِهِمْ، مِثْلَ الصّبْيَانِ، مِنْ ضِيقِ الأُزُرِ خَلْفَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ، فَقَالَ قَائِلٌ: يَا مَعْشَرَ النّسَاءِ! لاَ تَرْفَعْنَ رُؤُسَكُنّ حَتّى يَرْفَعَ الرّجَالُ.

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەرلەرنىڭ نامازدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئارقىسىدا تۇرغاندا، ئىشتان ـ كىيىملەرنىڭ كەملىقىدىن ئىشتان يېپىنجىللىرىنى خۇددى كىچىك بالىلاردەك

بۇيۇنلىرىغا چىگىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئاندىن بىرسى؛ ئى ئاياللار جامائىتى!ئەرلەر بېشىنى كۆتۈرمىگىچە، سىلەر بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار! دېدى.(چۈنكى ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قالىدۇ، دەل مۇشۇنىڭدىن چەكلەش مەقسەتتۇر)

## 200 ـــــ باب خروج النساء إلى المساجد إذا لم يترتب عليه فتنة، وأنها لا تخرج مطيبة

## پىتنە ـ پاساد كېلىپ چىقمىسلا، ئاياللارنىڭ مەسجىدلەرگە چىقسا بولىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ مەسجىدكە چىقماسلىقى توغرىسىدا

939 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ سَمِعَ سَالِماً يُحَدّثُ عَنْ أَبِيهِ. يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا اسْتَأْذَنَتْ أَحَدَكُمْ امْرَأَتُهُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَلاَ يَمْنَعْهَا».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:بىرىڭلارنىڭ ئايالى مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت سورىسا، ئۇ ئايالىنى توسمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى

940 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قالَ: أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تَمْنَعُوا نِسَاءَكُمُ الْمَسَاجِدَ إِذَا اسْتَأْذَنّكُمْ إِلَيْهَا».
قالَ فَقالَ بِلاَلُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: وَاللّه لَنَمْنَعُهُنّ، قالَ فَأَقْبَلَ عَلَيْهِ عَبْدُ اللّهِ فَسَبّهُ سَبّاً سَيّئاً، مَا سَمِعْتُهُ سَبّهُ مِثْلَهُ قطّ وَقالَ: أُخْبِرُكَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَتَقُولُ: وَاللّه لَنَمْنَعُهُنّ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدگە چىقىشقا ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەردىكى نېسىۋىسىدىن توسماڭلار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بىلال : الله بىلەن قەسەمكى بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن توسىمىز دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن ساڭا  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:.... دەۋاتسام، سەن يانا تۇسىمىز دەۋاتسىنا؟!دېدى. يەنەبىر خاتىردە سالىمدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،بالىسى بىلالغا ئالدىنى قىلىپ قاتتىق تىللاپ ئەيىبلىدىكى، مەن ئۇنداق تىللىغىنىنى ھەرگىز  ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، ئۇيانا؛مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:........ دەپ خەۋەر قىلىۋاتسام، سەن؛ الله بىلەن قەسەمكى بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن تۇسىمىز دەۋاتسىنا؟!دېدى.

941 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أَبِي وَ ابْنُ إِدْرِيسَ، قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَمْنَعُوا إِمَاءَ الله مَسَاجِدَ الله».

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار، (لېكىن، ئۇلار مەسجىدلەرگە خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ قىلماستىن، غەيرى پۇراق ھاسىل قىلماستىن چىقسۇن).مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد478 ـــ ھەدىس، ئەھمەد 9270 ـــ ھەدىس،

942 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنا أَبِي: حَدّثَنا حَنْظَلَةُ قالَ: سَمِعْتُ سَالِماً يَقُولُ: سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا اسْتَأْذَنَكُمْ نِسَاؤُكُمْ إِلَى الْمَسَاجِدِ فَأْذَنُوا لَهُنّ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدگە چىقىشقا ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئۇلارغا رۇخسەت قىلىڭلار.

943 ـ 944 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَمْنَعُوا النّسَاءَ مِنَ الْخُرُوجِ إِلَى الْمَسَاجِدِ بِاللّيْلِ» فَقالَ ابْنٌ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ: لاَ نَدَعُهُنّ يَخْرُجْنَ فَيَتّخِذْنَهُ دَغَلاً».
قالَ: فَزَبَرَهُ ابْنُ عُمَرَ وَقالَ: أَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَتَقُولُ: لاَ نَدَعُهُنّ.
945 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ ابْنُ رَافِعٍ قالاَ: حَدّثَنا شَبَابَةُ: حَدّثَنِي وَرْقَاءُ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ائْذَنُوا لِلنّسَاءِ بِاللّيْلِ إِلَى الْمَسَاجِدِ» فَقالَ ابْنٌ لَهُ، يُقالُ لَهُ وَاقِدٌ: إِذَنْ يَتّخِذْنَهُ دَغَلاً.
قالَ: فَضَرَبَ فِي صَدْرِهِ وَقالَ: أُحَدّثُكَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَتَقُولُ: لاَ!

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلارنى كېچىدىمۇ مەسجىدگە چىقىشتىن توسۇۋالماي، ئۇلارغا رۇخسەت قىلىڭلار.ئۇنىڭ ئوغلى؛ بىز ئۇلارنى مەسجىدكە چىققىلى قويمايمىز، ئەگەر ئۇلار كېچىدە مەسجىدكە چىقسا، بۇچاغنى پىتنە ـ پاساد، ھىلە ـ مىكىرنىڭ پۇرسىتى قىلىۋالىدۇ دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ كۆكسىگە بىرنى ئۇرۇپ؛مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:.... دەۋاتسام، سەن يەنە ئۇلارنى چىققىلى قويمايمىز دەۋاتىسنا،دېدى

946 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثَنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ الْمُقْرِىءُ: حَدّثَنا سَعِيدٌ (يَعْنِي ابْنَ أَبِي أَيّوبَ) حَدّثَنا كَعْبُ بْنُ عَلْقَمَةَ عَنْ بِلاَلِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَمْنَعُوا النّسَاءَ حُظُوظَهُنّ مِنَ الْمَسَاجِدِ، إِذَا اسْتَأْذَنُوكُمْ» فَقالَ بِلاَلٌ: وَاللّهِ لَنَمْنَعُهُنّ، فَقالَ لَهُ عَبْدُ اللّهِ: أَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَتَقُولُ أَنْتَ: لَنَمْنَعُهُنّ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدگە چىقىشقا ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەردىكى نېسىۋىسىدىن توسماڭلار. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بىلال : الله بىلەن قەسەمكى بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن توسىمىز دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:.... دەۋاتسام، سەن يانا تۇسىمىز دەۋاتىسنا؟!دېدى.

947 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ: حَدّثَنا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ بُسْرِ ابْنِ سَعِيدٍ أَنّ زَيْنَبَ الثّقَفِيّةَ كَانَتْ تُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَنّهُ قالَ: «إِذَا شَهِدَتْ إِحْدَاكُنّ الْعِشَاءَ. فَلاَ تَطَيّبْ تِلْكَ اللّيْلَةَ».

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ بىرەرسى خۇپتەن نامىزىغا چىقىپ قالسا، شۇكېچىسى خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمىسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى.

948 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حدّثنا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الْقَطانُ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ عَجْلاَنَ: حَدّثَنِي بُكَيْرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأَشَجّ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ زَيْنَبَ امْرَأَةِ عَبْدِ اللّهِ قالَتْ: قالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا شَهِدَتْ إِحْدَاكُنّ الْمَسْجِدَ فَلاَ تَمَسّ طِيباً».

زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاياللارنىڭ بىرەرسى مەسجىدكە چىقىپ قالسا، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمىسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى.

**949 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ قالَ يَحْيَى: أَخْبَرنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحمّدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي فَرْوَةَ عَنْ يَزِيدَ بْنِ خُصَيْفَةَ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّمَا امْرَأَةٍ أَصَابَتْ بَخُوراً، فَلاَ تَشْهَدْ مَعَنَا الْعِشَاءَ الآخِرَةَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر ئايال بەخۇر ئىسمىلىك خۇشپۇراق ئەتىرنى ئىستىمال قىلغان بولسا، بىز بىلەن بىللە خۇپتەن نامازغا ھازىر بولمىسۇن، (چۈنكى پىتنە ــ پاساد بولىدۇ) . ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد.

**950 ـ951 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بلاَلٍ) عَنْ يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ) عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهَا سَمِعَتْ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم تَقُولُ: لَوْ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَأَى مَا أَحْدَثَ النّسَاءُ لَمَنَعَهُنّ الْمَسْجِدَ كَمَا مُنِعَتْ نِسَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ قالَ فَقُلْتُ لِعَمْرَةَ: أَنِسَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ مُنِعْنَ الْمَسْجِدَ؟ قَالَتْ: نَعَمْ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن : ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئاياللاردىن ئۇلار پەيدا قىلغان ئىشلارنى، بىز كۆرگەن ئىشلارنى كۆرگەن بولسا، چوقۇم بەنى ئىسرائىللار ئاياللارنى مەسجىددىن توسقاندەك توسقان بولاتتى، دېگەن .

ئىمام شەۋكانى ( نىيلۇل ئەۋتار) دېگەن كىتابتا يۇقىرقى سۆزنى شەرھلەپ:«بىز كۆرگەن ئىشلارنى كۆرگەن بولسا دېگىنى» ھەر خىل كىيىم كېچەك، خۇشپۇراق ئەترە، زىبۇ ـ زىننەتلەردۇر. ھەمدە جاھىلىيەتلەرچە ياسىنىش دەپ يازغان. رەسۇلۇللانىڭ زامانىدا ئاياللار مەسجىدكە چىقماقچى بولسا، ئۇزۇن، قېلىن،كەڭ رىدا، كاساياللارنى كىيىپ چىقاتتى.

بۇھەقتە«مۆئمىن ئاياللار توغرىسىدىكى ئەھكاملارغا تەنبىھ»دېگەن كىتاپنىڭ 75 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

## *201 ـــــ باب التوسط في القراءة في الصلاة الجهرية بين الجَهْرِ والإسرار إذا خاف من الجهد مفسدة*

### جەھرى نامازدىكى قىرائەتنى دىنسىزلار ئاڭلاپ قېلىپ، پىتنە ـ پاساد قىلىشىدىن ئەنسىرىگەندە، قىرائەتنى بەك جەھرىمۇ قىلماي، بەك مەخپىمۇ قىلماي، ئوتتۇرھال قىلىش توغرىسىدا

**952 ـ حدّثنا أَبُو جَعْفَرٍ مُحمّدُ بْنُ الصبّاح وَ عَمْرٌو النّاقِدُ، جَمِيعاً عَنْ هُشَيْمٍ قالَ ابْنَ الصبّاحِ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا أَبُو بِشْرٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ فِي قَوْلِهِ عَزّ وَجَلّ: {وَلاَ تَجْهَرْ بِصَلاَتِكَ وَلاَ تُخَافِتْ بِهَا} (الإِسراء الآية: 110) قالَ: نَزَلَتْ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُتَوَارٍ بِمَكّةَ، فَكَانَ إِذَا صَلّى بِأَصْحَابِهِ رَفَعَ صَوْتَهُ بِالْقُرْآنِ. فَإِذَا سَمِعَ ذَلِكَ الْمُشْرِكُونَ سَبّوا الْقُرْآنَ، وَمَنْ أَنْزَلَهُ، وَمَنْ جَاءَ بِهِ. فَقَالَ الله تَعَالَى لِنَبِيّهِ صلى الله عليه وسلم: {وَلاَ تَجْهَرْ بِصَلاَتِكَ} فَيَسْمَعَ الْمُشْرِكُونَ قِرَاءَتَكَ. {وَلاَ تُخَافِتْ بِهَا} عَنْ أَصْحَابِكَ: أَسْمِعْهُمُ الْقُرْآنَ، وَلاَ تَجْهَرْ ذَلِكَ الْجَهْرَ {وَابْتَغِ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلاً} يَقُولُ: بَيْنَ الْجَهْرِ وَالْمُخَافَتَةِ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە يۇشۇرنۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ساھابىللىرىغا ناماز ئۇقۇپ بەرسە، قۇرئان قىرائىتىگە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى، مۇشرىكلەر ئۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، قۇرئاننى، ئۇنى نازىل قىلغان الله نى، قۇرئان نازىل قىلىنغان

رەسۇلۇللاھنى تىللاپ ئەيىبلەيتتى، ئاندىن **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە: «**الله** دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى **الله**نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا (قىرائەتنى) مۇشرىكلار ئاڭلاپ قىلىپ ساڭا ئەززىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۇئمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**953 –954 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ زَكَرِيّاءَ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ فِي قَوْلِهِ عَزّ وَجَلّ: {وَلاَ تَجْهَرْ بِصَلاَتِكَ وَلاَ تُخَافِتْ بِهَا} قَالَتْ: أُنْزِلَ هَذَا فِي الدّعَاءِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛« نامىزىڭدا (قىرائەتنى) مۇشرىكلار ئاڭلاپ قىلىپ ساڭا ئەززىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۇئمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن،ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن»دېگەن ئايەت، دۇئا ھەققىدە نازىل قىلىنغان.

## 202 ـــ *باب الاستماع للقراءة* قىرائەتنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش توغرىسىدا

**955 – وحدّثنا قُتَيْبَةُ ابْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَإِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، كُلّهُمْ عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا جَرِيرُ بْنُ عَبْدِ الْحَمِيدِ، عَنْ مُوسَى بْنِ أَبِي عَائِشَةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ فِي قَوْلِهِ عَزّ وَجَلّ: {لاَ تُحَرّكْ بِهِ لِسَانَكَ} (القيامة الآيات: 16 - 19) قَالَ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذَا نَزَلَ عَلَيْهِ جِبْرِيلُ بِالْوَحْيِ، كَانَ مِمّا يُحَرّكُ بِهِ لِسَانَهُ وَشَفَتَيْهِ فَيَشْتَدّ عَلَيْهِ، فَكَانَ ذَلِكَ يُعْرَفُ مِنْهُ. فَأَنْزَلَ الله تَعَالَى: {لاَ تُحَرّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ} أَخْذَهُ {إِنّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ} إِنّ عَلَيْنَا أَنْ نَجْمَعَهُ فِي صَدْرِكَ، وَقُرْآنَهُ فَتَقْرَأُهُ {فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتّبِعْ قُرْآنَهُ} قَالَ: أَنْزَلْنَاهُ فَاسْتَمِعْ لَهُ {إِنّ عَلَيْنَا بَيَانَهُ} أَنْ نُبَيّنَهُ بِلِسَانِكَ، فَكَانَ إِذَا أَتَاهُ جِبْرِيلُ أَطْرَقَ، فَإِذَا ذَهَبَ قَرَأَهُ كَمَا وَعَدَهُ الله. 956 ـ حَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ مُوسَى بْنِ أَبِي عَائِشَةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ فِي قَوْلِهِ: {لاَتُحَرّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ}. قَالَ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُعَالِجُ مِنَ التّنْزِيلِ شِدّةً، كَانَ يُحَرّكُ شَفَتَيْهِ، فَقَالَ لِي ابْنُ عَبّاسٍ: أَنَا أُحَرّكُهُمَا كَمَا كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُحَرّكُهُمَا، فَقَالَ سَعِيدٌ: أَنَا أُحَرّكُهُمَا كَمَا كَانَ ابْنُ عَبّاسٍ يُحَرّكُهُمَا، فَحَرّكَ شَفَتَيْهِ، فَأَنْزَلَ الله تَعَالَى: {لاَ تُحَرّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ. إِنّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ}. قَالَ: جَمْعَهُ فِي صَدْرِكَ ثُمّ تَقْرَأَهُ. فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتّبِعْ قُرْآنَهُ. قَالَ فَاسْتَمِعْ وَأَنْصِتْ. ثُمّ إِنّ عَلَيْنَا أَنْ تَقْرَأَهُ، قَالَ: فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا أَتَاهُ جِبْرِيلُ اسْتَمَعَ، فَإِذَا انْطَلَقَ جِبْرِيلُ، قَرَأَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَمَا أَقْرَأَهُ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆۋەندىكى مۇنۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ؛ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە ۋەھى ئېلىپ چۈشسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئېسىگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، تىلىنى، ئىككى لىۋىنى مىدىرلىتىپ كېتەتتى، بۇ رەسۇلۇللاھتىن ئېنىق بىلىنەتتى،ئاندىن **الله** تائالا:(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى (قەلبىڭگە)توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. (ئۇنى ساڭا نازىل قىلغىنىمىزدا ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىن) ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. »ئۇنى بىز سېنىڭ تىلىڭ بىلەن

بايان قىلىپ بېرىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلگەندە، قۇرئاننى جىم تۇرۇپ ئاڭلايتتى ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەتكەندە، قۇرئاننى الله ۋەدە قىلغاندەكلا توغرا ئوقۇيتتى.

## 203 ـــــ باب الجهر بالقراءة في الصبح والقراءة على الجن

## بامدات نامازدا قىرائەتنى جەھرى قىلىش، جىنلارغىمۇ قىرائەت قىلىپ بېرىش توغرىسىدا

957 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: مَا قَرَأَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْجِنّ وَمَا رَآهُمْ. انْطَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي طَائِفَةٍ مِنْ أَصْحَابِهِ عَامِدِينَ إِلَى سُوقِ عُكَاظٍ، وَقَدْ حِيلَ بَيْنَ الشّيَاطِينِ وَبَيْنَ خَبَرِ السّمَاءِ، وَأُرْسِلَتْ عَلَيْهِمُ الشّهُبُ، فَرَجَعَتِ الشّيَاطِينُ إِلَى قَوْمِهِمْ، فَقَالُوا: مَا لَكُمْ؟ قَالُوا: حِيلَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ خَبَرِ السّمَاءِ، وَأُرْسِلَتْ عَلَيْنَا الشّهُبُ. قَالُوا: مَا ذَاكَ إِلاّ مِنْ شَيْءٍ حَدَثَ، فَاضْرِبُوا مَشَارِقَ الأَرْضِ وَمَغَارِبَهَا، فَانْظُرُوا مَا هَذَا الّذِي حَالَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ خَبَرِ السّمَاءِ؟ فَانْطَلَقُوا يَضْرِبُونَ مَشَارِقَ الأَرْضِ وَمَغَارِبَهَا. فَمَرّ النّفَرُ الّذِينَ أَخَذُوا نَحْوَ تِهَامَةَ (وَهُوَ بِنَخْلٍ عَامِدِينَ إِلَى سُوقِ عُكَاظٍ، وَهُوَ يُصَلّي بِأَصْحَابِهِ صَلاَةَ الْفَجْرِ) فَلَمّا سَمِعُوا الْقُرْآنَ اسْتَمَعُوا لَهُ، وَقَالُوا: هَذَا الّذِي حَالَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ خَبَرِ السّمَاءِ، فَرَجَعُوا إِلَى قَوْمِهِمْ فَقَالُوا: يَا قَوْمَنَا إِنّا سَمِعْنَا قُرْآناً عَجَباً. يَهْدِي إِلَى الرّشْدِ فَآمَنّا بِهِ. وَلَنْ نُشْرِكَ بِرَبّنَا أَحَداً. فَأَنْزَلَ الله عَزّ وَجَلّ عَلَى نَبِيّهِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم: {قُلْ أُوحِيَ إِلَيّ أَنّهُ اسْتَمَعَ نَفَرٌ مِنَ الْجِنّ} (الجن الآية: 1).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنلارغا قىرائەت قىلمىغان ھەم ئۇلارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بۆلۈك ساھابىلىرى بىلەن ئۇككاز بازىرىنى مەقسەت قىلىپ ماڭغان ئىدى، ۋە ھالەنكى جىن ـ شەيتانلار بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارلىقى توسۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئاقار يۇلتۇزلار يوست قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، ئۇلار قەۋمىگە خەۋەرسىز قايتىپ كەلگەندە، قەۋمى؛ سىلەرگە نىمە بولدى؟دىدى، ئۇلار؛ بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارلىقى توسۇلۇپتۇ، بىزگە ئاقار يۇلتۇزلار پوست قىلىپ ئەۋەتىلىپتۇ دىدى، ئۇلار؛بۇ ئىش چوقۇم يىڭىدىن يۈز بەرگەن بىرەر ھادىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، سىلەر زىمىننىڭ مەشرىق ـ مەغرىبلىرىگىچە بېرىپ، بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارلىقىنى توسۇۋالغان نەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭلار دىدى، ئۇلار زىمىننىڭ مەشرىق ـ مەغرىبلىرىگىچە يۈرۈپ كەتتى، تىھامە تەرەپكە ماڭغان جىنلار، رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرىغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىۋاتسا، شۇ جايدىن ئۆتۈپ، قۇرئاننى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى، ئاندىن ئۇلار؛ بىز بىلەن ئاسمان خەۋىرىنىڭ ئارلىقىنى توسۇۋالغان نەرسە مۇشۇ نەرسە ئىكەن دەپ، قەۋمىگە قايتىپ كىلىپ؛ ئى قەۋمىم!بىز ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلىدۇق، ئۇ توغرا يولغا يىتەكلەيدىكەن، بىزئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، بىز ئەمدى رەببىمىزگە ھىچ بىر كىشىنى شىرىك كەلتۈرمەيمىز......دىدى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىگە:« ماڭا؛ جىندىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا قۇلاق سالغانلىقى ۋەھيى قىلىندى دىگىن......»دىگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

958 ـ959 ـ960 - 961 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى، عَنْ دَاوُدَ، عَنْ عَامِرٍ قَالَ: سَأَلْتُ عَلْقَمَةَ: هَلْ كَانَ ابْنُ مَسْعُودٍ شَهِدَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةَ الْجِنّ؟ قَالَ: فَقَالَ عَلْقَمَةُ: أَنَا سَأَلْتُ ابْنَ مَسْعُودٍ فَقُلْتُ: هَلْ شَهِدَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مَعَ

**رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةَ الْجِنّ؟ قالَ: لاَ، وَلَكِنّا كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ لَيْلَةٍ، فَفَقَدْنَاهُ، فَالْتَمَسْنَاهُ فِي الأَوْدِيَةِ وَالشّعَابِ، فَقُلْنَا: اسْتُطِيرَ أَوِ اغْتِيلَ قالَ فَبِتْنَا بِشَرّ لَيْلَةٍ بَاتَ بِهَا قَوْمٌ، فَلَمّا أَصْبَحْنَا إِذَا هُوَ جَاءٍ مِنْ قِبَلِ حِرَاءَ. قالَ فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ! فَقَدْنَاكَ فَطَلَبْنَاكَ فَلَمْ نَجِدْكَ، فَبِتْنَا بِشَرّ لَيْلَةٍ بَاتَ بِهَا قَوْمٌ. فَقَالَ: «أَتَانِي دَاعِي الْجِنّ، فَذَهَبْتُ مَعَهُ، فَقَرَأْتُ عَلَيْهِمُ الْقُرْآنَ» قالَ فَانْطَلَقَ بِنَا فَأَرَانَا آثَارَهُمْ وَآثَارَ نِيرَانِهِمْ، وَسَأَلُوهُ الزّادَ، فَقَالَ: «لَكُمْ كُلّ عَظْمٍ ذُكِرَ اسْمُ الله عَلَيْهِ يَقَعُ فِي أَيْدِيكُمْ [1] أَوْفَرَ مَا يَكُونُ لَحْماً، وَكُلّ بَعَرَةٍ عَلَفٌ لِدَوَابّكُمْ». فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَلاَ تَسْتَنْجُوا بِهِمَا فَإِنّهُمَا طَعَامُ إِخْوَانِكُمْ».**

ئامىر مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەلقەمەتتىن؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىن كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بارمىكەن؟دەپ سورىسام، ئۇماڭا؛مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ سىلەردىن بىرەر كىشى جىن كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بارمىدى؟دەپ سورىسام، ئۇ؛ ياق، ھېچ كىشى ئۇجايدا يوق ئىدى، لېكىن بىز بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدۇق، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھنى يۇقۇتۇپ قويدۇق، ئاندىن بىز رەسۇلۇللاھنى تاغ يوللىرىدىن، ۋادىي ـ جاڭگاللاردىن ئىزدىدۇق، بىز ئىچىمىزدە؛ رەسۇلۇللاھ تۇيۇقسىز بىرەر سۇيئ ـ قەستكە ئۇچراپ قالارمۇ؟دەپ، قاتتىق غەم قىلىپ، شۇكېچىسى ناھايىتى يامان ھالىتىمىزدە ياتتۇق، بىز تاڭ ئاتقۇزغاندا تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھ ھىرائ تەرەپتىن كىلىۋاتىدۇ، بىز؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىنى يۇقۇتۇپ قويۇپ، ئىزدەپ تاپالماي، قاتتىق غەم قىلىپ، بۇكېچە ناھايىتى يامان ھالىتىمىزدە ياتتۇق، دىسەك، رەسۇلۇللاھ؛ماڭا جىنلارنىڭ دەۋەتچىللىرى كەپتىكەن، مەن ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئۇقۇپ بەردىم دەپ، بىزنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى ۋە ئوتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن ئۇزۇق سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ ئى جىنلار! سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ بىسمىللاھى دەپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، يېيىلىشىدىن بۇرۇنقى گۆشىدىنمۇ سىمىز، گۆشى تولۇق ھالەتتە قولۇڭلارغا چۈشىدۇ، سىلەرگە سۆڭەك بېرىلدى، ھەربىر تۆگە مايىقى، كالا تېزىكى سىلەرنىڭ ھايۋانلىرىڭلارغا ھەلەپ بولىدۇ، ئى ساھابىلىرىم! سىلەر سۆڭەك، ماياق، تېزەك بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار، ھەققەتە ن بۇلار جىندىن بولغان قېرىندىشىڭلارنىڭ تامىقىدۇر،دېدى.

**وَ962 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أَبِي مَعْشَرٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنُ عَبْدِ اللّهِ قالَ: لَمْ أَكُنْ لَيْلَةَ الْجِنّ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَوَدِدْتُ أَنّي كُنْتُ مَعَهُ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن جىن كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەمەس ئىدىم، شۇكېچىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بۇلۇشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

**963 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مُحمّدٍ الْجَرْمِيّ وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ مَعْنٍ قالَ: سَمِعْتُ أَبِي قالَ: سَأَلْتُ مَسْرُوقاً: مَنْ آذَنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِالْجِنّ لَيْلَةَ اسْتَمَعُوا الْقُرْآنَ؟ فَقَالَ: حَدّثَنِي أَبُوكَ (يَعْنِي ابْنَ مَسْعُودٍ) أَنّه آذَنَتْهُ بِهِمْ شَجَرَةٌ.**

مەئنى ئىبنى ئابدۇررەھمان رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم؛ مەن مەسرۇقتىن؛ جىنلار قۇرئان تىڭشىغان شۇكېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇخەۋەرنى كىم بىلدۈرگەندۇ؟دەپ سورسام، ئۇ؛ ماڭا دادالڭ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ بىرىپ ؛ ئۇكېچىسى جىنلارنى دەرەخلەر خەۋەر قىلىپ بىلدۈرگەن، دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 204 ـــــ باب القراءة في الظهر والعصر پىشىن بىلەن ئەسىر نامىزىدىكى قىرائەت توغرىسىدا

964 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى الْعَنَزِيّ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ، عَنِ الْحَجّاجِ (يَعْنِي الصّوّافَ) عَنْ يَحْيَى (وَهُوَ ابْنُ أَبِي كَثِيرٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ وَ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي بِنَا، فَيَقْرَأُ فِي الأُولَى فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَسُورَتَيْنِ، وَيُسْمِعُنَا الآيَةَ أَحْيَاناً، وَكَانَ يُطَوّلُ فِي الرّكْعَةِ الأُولَى مِنَ الظّهْرِ، وَيُقَصّرُ الثّانِيَةَ، وَكَذَلِكَ فِي الصّبْحِ.
965 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ: أَخْبَرَنَا هَمّامٌ وَ أَبَانُ بْنُ يَزِيدَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي قَتَادَةَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ مِنَ الظّهْرِ وَالْعَصْرِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَسُورَةٍ. وَيُسْمِعُنَا الآيَةَ أَحْيَاناً، وَيَقْرَأُ فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُخْرَيَيْنِ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ.

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، پىشىننىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدە، سۈرە پاتىھە بىلەن يەنە ئىككى سۈرىنى ئۇقۇيتتى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە، سۈرە پاتىھەنىلا ئۇقۇيتتى، بەزى چاغلاردا، بىزگە ئايەتنى (تەلىم ئۈچۈن)ئاڭلىتاتتى، قىرائەتنى بىرىنجى رەكئەتتە ئۇزۇنراق، ئىككىنجى رەكئەتتە قىسقىراق قىلاتتى، ئەسىر ۋە بامداتتىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇخاري،مۇسلىم.

966 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. جَمِيعاً عَنْ هُشَيْمٍ قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ أَبِي الصّدّيقِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، قَالَ: كُنّا نَحْزُرُ قِيَامَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الظّهْرِ وَالْعَصْرِ، فَحَزَرْنَا قِيَامَهُ فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ مِنَ الظّهْرِ قَدْرَ قِرَاءَةِ {آلَم تَنْزِيلُ} ـ السّجْدَةِ ـ وَحَزَرْنَا قِيَامَهُ فِي الأُخْرَيَيْنِ قَدْرَ النّصْفِ مِنْ ذَلِكَ. وَحزرْنَا قِيَامَهُ فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ مِنَ الْعَصْرِ عَلَى قَدْرِ قِيَامِهِ فِي الأَخِيْرَيَيْنِ مِنَ الظّهْرِ، وَفِي الأُخْرَيَيْنِ مِنَ الْعَصْرِ عَلَى النّصْفِ مِنْ ذَلِكَ.
وَلَمْ يَذْكُرْ أَبُو بَكْرٍ فِي رِوَايَتِهِ: {آلم تَنْزِيلُ}. وَقَالَ: قَدْرَ ثَلاَثِينَ آيَةً.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پىشىن بىلەن ئەسىر دىكى قىيامدا تۇرۇشىنى مۆلچەرلەپ كۆرگەن ئىدۇق، پىشىننىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدىكى قىيامدا تۇرۇشىنى سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە، يانابىرخاتىردە 30ئايەت مىقدارىچىلىك مۆلچەرلىدۇق، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدىكى قىيامدا تۇرۇشىنى، شۇنىڭ يېرىمىچىلىك(يەنى 15ئايەت مىقدارىچىلىك) مۆلچەرلىدۇق. ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدىكى قىيامدا تۇرۇشىنى، پىشىننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدىكى قىيامدا تۇرغىنىنىڭ مىقدارىچىلىك مۆلچەرلىدۇق، ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدىكى قىيامدا تۇرۇشىنى بولسا، شۇنىڭ يېرىمىچىلىك (يەنى يەتتە ئايەت مىقدارىدا،يەنى سۈرەپاتىھەمىقدارىدا)مۆلچەرلىدۇق.

967 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنِ الْوَلِيدِ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ أَبِي الصّدّيقِ النّاجِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلاَةِ الظّهْرِ فِي الرّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ فِي كُلّ رَكْعَةٍ قَدْرَ ثَلاَثِينَ آيَةً، وَفِي الأُخْرَيَيْنِ

**قَدْرَ خَمْسَ عَشْرَةَ آيَةً، أَوْ قَالَ نِصْفَ ذَلِكَ. وَفِي الْعَصْرِ فِي الرَّكْعَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ فِي كُلِّ رَكْعَةٍ قَدْرَ قِرَاءَةِ خَمْسَ عَشْرَةَ آيَةً. وَفِي الأُخْرَيَيْنِ قَدْرَ نِصْفِ ذَلِكَ.**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىدە 30ئايەت مىقدارىچىلىك قىرائەت قىلاتتى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە شۇنىڭ يېرىمىچىلىك(يەنى 15ئايەت مىقدارىچىلىك ) قىلاتتى. ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئىتىدە 15 ئايەت مىقدارىچىلىك، ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە شۇنىڭ يېرىمىچىلىك (يەنى يەتتە ئايەت مىقدارىدا،يەنى سۈرەپاتىھەمىقدارىدا )قىرائەت قىلاتتى.

**968 ـ969 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَنّ أَهْلَ الْكُوفَةِ شَكَوْا إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ، فَذَكَرُوا مِنْ صَلاَتِهِ. فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ عُمَرُ فَقَدِمَ عَلَيْهِ. فَذَكَرَ لَهُ مَا عَابُوهُ بِهِ مِنْ أَمْرِ الصّلاَةِ. فَقَالَ: إِنّي لأُصَلّي بِهِمْ صَلاَةَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مَا أَخْرِمُ عَنْهَا إِنّي لأَرْكُدُ بِهِمْ فِي الأُولَيَيْنِ وَأَحْذِفُ فِي الأُخْرَيَيْنِ، فَقَالَ: ذَاكَ الظّنّ بِكَ، أَبَا إِسْحَقَ.**

**970 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي عَوْنٍ قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ سَمُرَةَ، قَالَ عُمَرُ لِسَعْدٍ: قَدْ شَكَوْكَ فِي كُلّ شَيْءٍ حَتّى فِي الصّلاَةِ، قَالَ: أَمّا أَنَا فَأَمُدّ فِي الأُولَيَيْنِ وَأَحْذِفُ فِي الأُخْرَيَيْنِ، وَمَا آلُو مَا اقْتَدَيْتُ بِهِ مِنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: ذَاكَ الظّنّ بِكَ، أَوْ ذَاكَ ظَنّي بِكَ.**

**971 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا ابْنُ بِشْرٍ عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ وَأَبِي عَوْنٍ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ بِمَعْنَى حَدِيثِهِمْ، وَزَادَ: فَقَالَ: تُعَلّمُنِي الأَعْرَابُ بِالصّلاَةِ!؟.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كۇۋپە ئەھلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ قېشىغا سەئدىنىڭ نامىزى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتىپ؛ ئۇلار سەن توغرىسىدا ھەممە نەرسىدىن ھەتتا نامىزىڭ توغرىسىدىنمۇ شىكايەت قىلدى دېدى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ماڭا ناماز ئۇقۇشنى ئەئرابىيلەر ئۇگۇتەمدىكەن؟ مەن ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنى ئۇقۇپ بەردىم، مەن ئۇنىڭدىن كەم ـ زىيادە قىسىپ قويمۇدۇم، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە ئۇزۇنراق قىرائەت قىلدىم، ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتە قىسقىراق قىلدىم دېدى،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى ئەبۇئىسھاق!ئۇنداق بولسا، بۇساڭا قىلىنغان گۇمان ئىكەن دېدى.

**972 ـ حدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ: حَدّثَنَا الْوَلِيدُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنْ سَعِيدٍ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ) عَنْ عَطِيّةَ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: لَقَدْ كَانَتْ صَلاَةُ الظّهْرِ تُقَامُ، فَيَذْهَبُ الذّاهِبُ إِلَى الْبَقِيعِ، فَيَقْضِي حَاجَتَهُ ثُمّ يَتَوَضّأُ، ثُمّ يَأْتِي وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الرّكْعَةِ الأُولَى، مِمّا يُطَوّلُهَا.**

**973 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ صَالِحٍ، عَنْ رَبِيعَةَ قَالَ: حَدّثَنِي قَزَعَةُ: قَالَ: أَتَيْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ وَهُوَ مَكْثُورٌ عَلَيْهِ. فَلَمّا تَفَرّقَ النّاسُ عَنْهُ، قُلْتُ: إِنّي لاَ أَسْأَلُكَ عَمّا يَسْأَلُكَ هَؤُلاَءِ عَنْهُ. قُلْتُ: أَسْأَلُكَ عَنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: مَا لَكَ فِي ذَاكَ مِنْ خَيْرٍ، فَأَعَادَهَا عَلَيْهِ، فَقَالَ: كَانَتْ صَلاَةُ الظّهْرِ تُقَامُ. فَيَنْطَلِقُ أَحَدُنَا إِلَى الْبَقِيعِ، فَيَقْضِي حَاجَتَهُ ثُمّ يَأْتِي أَهْلَهُ فَيَتَوَضّأُ، ثُمّ يَرْجِعُ إِلَى الْمَسْجِدِ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الرّكْعَةِ الأُولَى.**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ پېشىن نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلىپ، ئاندىن بىرەرسىمىز بەقىيئ دېگەن يىراق جايغابېرىپ، ھاجىتىنى ئادا قىلىپ ئۆيىگە كېلىپ، تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە كەلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى(بۇلۇپمۇ ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتنى)ئۇزۇن ئۇقۇغانلىقتىن يەنىلا بىرىنجى رەكئەتتە تۇراتتى.

974 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثنَا حَجّاجُ بْنُ مُحمّدٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. ح قالَ: وَحَدّثَنِي مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ): حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: قالَ: سَمِعْتُ مُحمّدَ بْنَ عَبّادِ بْنِ جَعْفَرٍ يَقُولُ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ سُفْيَانَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُسَيّبِ الْعَابِدِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ السّائِبِ قالَ: صَلّى لَنَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الصّبْحَ بِمَكّةَ، فَاسْتَفْتَحَ سُورَةَ الْمُؤْمِنِينَ، حَتّى جَاءَ ذِكْرُ مُوسَى وَهَرُونَ، أَوْ ذِكْرُ عِيسَى (مُحمّدُ بْنُ عَبّادٍ يَشُكّ أَوِ اخْتَلَفُوا عَلَيْهِ) أَخذَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَعْلَةٌ. فَرَكَعَ. وَعَبْدُ اللّهِ بْنُ السّائِبِ حَاضِرٌ ذٰلِكَ. وَفِي حَدِيثِ عَبْدِ الرّزّاقِ: فَحَذَفَ، فَرَكَعَ.
وَفِي حَدِيثِهِ: وَعَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو. وَلَمْ يَقُلْ: ابْنِ الْعَاصِ.

ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە، (يەنى مەككىنى پەتھى قىلغاندا)، بىزگە بومدات نامزىنى ئۇقۇپ بېرىپ، سۈرە مۆئمىنىيننى باشلاپ، « مۇسا ۋە ھارۇننىڭ بايانىغا ياكى ئەيسانىڭ بايانىغا» كەلگەندە ، يۆتەل تۇتۇپ كېتىپ، رۇكۇ قىلغان ئىدى.

975 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. ح قالَ وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ): أَخْبَرَنَا ابْنُ بِشْرٍ، عَنْ مِسْعَرٍ. قالَ: حَدّثَنِي الْوَلِيدُ بْنُ سَرِيعٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ أَنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ: {وَاللّيْلِ إِذَا عَسْعَسَ} (التكوير الآية: 17).

ئەمرۇئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامزىدا، «ۋەللەيلى ئىزا ئەسئەس»نى قىرائەت قىلغان ئىدى.

976 ـ حدّثني أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ: حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ، عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلاَقَةَ، عَنْ قُطْبَةَ بْنِ مَالِكٍ قالَ: صَلّيْتُ وَصَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَرَأَ: {قۤ وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ} (ق الآية: 1) حَتّى قَرَأَ: {وَالنّخْلَ بَاسِقَاتٍ} (ق الآية: 10) قالَ فَجَعَلْتُ أُرَدّدُهَا. وَلاَ أَدْرِي مَا قالَ.
977 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا شَرِيكٌ وَابْنُ عُيَيْنَةَ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلاَقَةَ، عَنْ قُطْبَةَ بْنِ مَالِكٍ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ: {وَالنّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَهَا طَلْعٌ نَضِيدٌ}.
978 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ زِيَادِ بْنِ عِلاَقَةَ، عَنْ عَمّهِ أَنّهُ صَلّى مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الصّبْحَ، فَقَرَأَ فِي أَوّلِ رَكْعَةٍ: {النّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَهَا طَلْعٌ نَضِيدٌ}. وَرُبّمَا قالَ: {قۤ}.

قۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ناماز ئۇقۇپ بېرىپ، بومدات نامزىدا،«قاف ۋە لقۇرئانىلمەجىيد...ۋەننەخلە باسىقاتىن لەھا تەلئۇن نەزىيد»نى قىرائەت قىلغان ئىدى.

979 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيّ، عَنْ زَائِدَةَ: حَدّثنَا سِمَاكُ بْنُ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ بِـ {قۤ وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ}. وَكَانَ صَلاَتُهُ، بَعْدُ، تَخْفِيفاً.
980 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ: حَدّثنَا زُهَيْرٌ، عَنْ سِمَاكٍ قالَ: سَأَلْتُ جَابِرَ بْنَ سَمُرَةَ: عَنْ صَلاَةِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم؟ فَقالَ: كَانَ يُخَفّفُ الصّلاَةَ، وَلاَ يُصَلّي صَلاَةَ هٰؤُلاَءِ.
قالَ وَأَنْبَأَنِي أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ بِـ {قۤ وَالْقُرْآنِ}، وَنَحْوِهَا.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامزىدا، «قاف ۋە لقۇرئانىلمەجىيد»نى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ئۇقۇيتتى، شۇنداقتىمۇ نامزى يەڭگىل ئىدى،لېكىن ئاۋۋالارنىڭ نامزىدەك بەكلا يەڭگىل ئۇقمايتتى، بەلكى كامىل ئۇقۇيتتى.

981 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيّ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ فِي الظّهْرِ بِـ {وَاللّيْلِ إِذَا يَغْشَى} (الليل1). وَفِي الْعَصْرِ نَحْوَ ذٰلِكَ، وَفِي الصّبْحِ أَطْوَلَ مِنْ ذٰلِكَ.

982 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ الطّيَالِسِيّ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي الظّهْرِ بِـ{سَبّح {اسْمَ رَبّكَ الأَعْلَى }( الأعلى الآية 1). وَفِي الصّبْحِ بِأَطْوَلَ مِنْ ذَلِكَ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىدا سۈرە ۋەللەيلىنى، يەنەبىرخاتىردە، سۈرە ئەئلانى ئوقۇيتتى، ئەسىر نامىزىدىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشىنى ئوقۇيتتى، بومداتتا ئۇنىڭدىن ئۇزۇنىراق سۈرىنى ئوقۇيتتى.

983 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنِ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِي الْمِنْهَالِ، عَنْ أَبِي بَرْزَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلاَةِ الْغَدَاةِ مِنَ السّتّينَ إِلَى الْمَائَةِ.

984 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ أَبِي الْمِنْهَالِ، عَنْ أَبِي بَرْزَةَ الأَسْلَمِيّ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ مَا بَيْنَ السّتّينَ إِلَى الْمِائَةِ آيَةً.

ئەبۇبەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا، 60 ئايەتتىن 100 ئايەتكىچە قىرائەت قىلاتتى.

985 – 986 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: إِنّ أُمّ الْفَضْلِ بِنْتَ الْحَارِثِ سَمِعَتْهُ وَهُوَ يَقْرَأُ {وَالْمُرْسَلاَتِ عُرْفاً} (المرسلات الآية: 1) فَقَالَتْ: يَا بُنَيّ لَقَدْ ذَكّرْتَنِي بِقِرَاءَتِكَ هَذِهِ السّورَةَ. إِنّهَا لآخِرُ مَا سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ بِهَا فِي الْمَغْرِبِ.

ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا، سۈرە «ۋەلمۇرسەلاتى ئۇرپانى» قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇخاري،مۇسلىم.

987 – 988 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ بِالطّورِ، فِي الْمَغْرِبِ.

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ شام نامىزىدا، سۈرە تۇرنى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇخاري،مۇسلىم.

## 206 ـــــ باب القراءة في العشاء خۇپتەن نامىزىدىكى قىرائەت توغرىسىدا

989 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَدِيَ. قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ كَانَ فِي سَفَرٍ. فَصَلّى الْعِشَاءَ الآخِرَةَ. فَقَرَأَ فِي إِحْدَى الرّكْعَتَيْنِ: {وَالتّينِ وَالزّيْتُونِ} (التين الآية: 1).

990 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ يَحْيَىَ (وَهُوَ ابْنُ سَعِيدٍ) عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ، عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ أَنّهُ قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعِشَاءَ. فَقَرَأَ التّينِ وَالزّيْتُونِ.

991 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا مِسْعَرٌ، عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَرَأَ فِي الْعِشَاءِ التّينِ وَالزّيْتُونِ. فَمَا سَمِعْتُ أَحَداً أَحْسَنَ صَوْتاً مِنْهُ.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ خۇپتەن نامىزىدا، «ۋەتتىينى ۋەززەيتۇن»نى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ ئاۋازى مۇڭلۇق، چىرايلىق،گۈزەلرەك بىرەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدىم . بۇخاري،مۇسلىم.

992 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: كَانَ مُعَاذٌ يُصَلّي مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، ثُمّ يَأْتِي فَيَؤُمّ قَوْمَهُ، فَصَلّى لَيْلَةً مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْعِشَاءَ، ثُمّ أَتَى قَوْمَهُ فَأَمّهُمْ. فَافْتَتَحَ بِسُورَةِ الْبَقَرَةِ، فَانْحَرَفَ رَجُلٌ فَسَلّمَ، ثُمّ صَلّى وَحْدَهُ وَانْصَرَفَ. فَقَالُوا لَهُ: أَنَافَقْتَ يَا فُلاَنُ؟ قَالَ: لاَ وَاللّهِ! وَلآتِيَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَلأُخْبِرَنّهُ. فَأَتَى رَسُولَ اللّهِ

صلى الله عليه وسلم فقال: يَا رَسُولَ اللّهِ! إنّا أصْحَابُ نَوَاضِحَ. نَعْمَلُ بِالنّهَارِ، وَإنّ مُعَاذاً صَلّى مَعَكَ الْعِشَاءَ، ثُمّ أتَى فَافْتَتَحَ بِسُورَةِ الْبَقَرَةِ، فَأقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى مُعَاذٍ فقالَ: «يَا مُعَاذُ أفَتّانٌ أنْتَ؟ اقْرَأْ بِكَذَا. وَاقْرَأْ بِكَذَا».
قَالَ سُفْيَانُ: فَقُلْتُ لِعَمْرٍو: إنّ أبَا الزّبَيْرِ حَدّثَنَا عَنْ جَابِرٍ أنّهُ قَالَ «اقْرَأْ {وَالشّمْسِ وَضُحَاهَا}. {وَالضّحَى}. {وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى}، و {سَبّحِ اسْمَ رَبّكَ الأعْلَى}» فَقَالَ عَمْرٌو: نَحْوَ هَذَا.

993 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح قالَ وَحَدّثَنَا ابْنُ رُمْحٍ: أخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أنّهُ قَالَ: صَلّى مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ الأنْصَارِيّ لأِصْحَابِهِ الْعِشَاءَ. فَطَوّلَ عَلَيْهِمْ. فَانْصَرَفَ رَجُلٌ مِنّا، فَصَلّى، فَأُخْبِرَ مُعَاذٌ عَنْهُ، فَقَالَ إنّهُ مُنَافِقٌ. فَلَمّا بَلَغَ ذَلِكَ الرّجُلَ، دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأخْبَرَهُ مَا قَالَ مُعَاذٌ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «أتُرِيدُ أنْ تَكُونَ فَتّاناً يَا مُعَاذُ؟ إذَا أمَمْتَ النّاسَ فَاقْرَأْ الشّمْسِ وَضُحَاهَا. و {سَبّحِ اسْمَ رَبّكَ الأعْلَى}. و{اقْرَأْ بِاسْمِ رَبّكَ}. {وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نامازئۇقۇيتتى، ئاندىن كېلىپ قەۋمىگە ئىمام بولاتتى ،ئۇ بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ، ئاندىن قەۋمىگە كېلىپ ئىمام بولۇپ، سۈرە بەقەرنى باشلىدى، ئاندىن بىر كىشى سەپتىن ئايرىلىۋېلىپ، سالام قىلىۋېتىپ ، نامازنى ئۆزى يالغۇز ئۇقۇپ قايتتى، (كېيىن) ئۇلارئۇنىڭغا:ئى پالانى!سەن مۇناپىق بولدۇڭمۇ؟دېدى. ئۇكىشى؛ياق، الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىرىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ : ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بىز تۆگىلەردە سۇ توشۇپ، كۈندىزى ئىشلەيتتۇق.مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ سىلى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ، ئاندىن قەۋمىگە كېلىپ ئىمام بولۇپ، سۈرە بەقەرنى باشلىدى...... دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللا ھۇئەنھۇغا ئالدىنى قىلىپ: ئى مۇئاز! سەن پىتنىخورمۇ؟. سەن كىشىلەرگە سۈرە شەمسى،سۈرە زۇھا، سۈرە ئەئلا، سۈرە ۋەللەيلىلەر بىلەن ناماز ئوقۇپ بەرگىن؟ (چۈنكى ئارقاڭدا يېشى چوڭ قېرىلار، ئاجىز، زەئىپ كىشىلەر، ھاجەت ئىگىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ،) دېگەن. بەيھەقى، بۇخاري،مۇسلىم. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

994 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أنّ مُعَاذَ بْنَ جَبَلَ كَانَ يُصَلّي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعِشَاءَ الآخِرَةَ. ثُمّ يَرْجِعُ إلَى قَوْمِهِ فَيُصَلّي بِهِمْ تِلْكَ الصّلاَةَ.

995 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ و أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ قَالَ أبُو الرّبِيعِ: حَدّثَنَا حَمّادٌ: حَدّثَنَا أيّوبُ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَانَ مُعَاذٌ يُصَلّي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعِشَاءَ، ثُمّ يَأتِي مَسْجِدَ قَوْمِهِ فَيُصَلّي بِهِمْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاز رەزىيەللاھۇئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ، ئاندىن قەۋمىنىڭ مەسجىدىگە كېلىپ، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ شۇنامازنى ئۇقۇپ بىرەتتى.

## 207 ـــــ باب أمر الأئِمة بتخفيف الصلاة في تمام

## ئىماملارنى نامازنى كامىل ئۇقۇش بىلەن بىرگە يەڭگىل ئۇقۇپ بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

996 ـ997 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ أبِي خَالِدٍ، عَنْ قَيْسٍ، عَنْ أبِي مَسْعُودٍ الأنْصَارِيّ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: إنّي لأتَأخّرُ عَنْ صَلاَةِ الصّبْحِ مِنْ أجْلِ فُلاَنٍ، مِمّا يُطِيلُ بِنَا، فَمَا رَأيْتُ النّبِيّ صلى الله

عليه وسلم غَضِبَ فِي مَوْعِظَةٍ قط أشَدّ مِمّا غَضِبَ يَوْمَئِذٍ، فقال: «يَا أيّهَا النّاسُ! إنّ مِنْكُمْ مُنَفّرِينَ، فَأيّكُمْ أمّ النّاسَ فَلْيُوجِزْ، فَإنّ مِنْ وَرَائِهِ الْكَبِيرَ وَالضّعِيفَ وَذَا الْحَاجَةِ».

قىيس رەھمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ماڭا ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق خەۋەر قىلدى،بىركىشى:ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! اللە بىلەن قەسەمكى، پالانىنىڭ بىزگە نامازنى بەكمۇ ئۇزۇن ئوقۇتىشىنىڭ جەھتىدىن مەن ئەتىگەنلىك نامازدىن كېچىكىپ كېلىپ قالىمەن دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ كۈنىدىكىدەك قاتتىق غەزەپ قىلىپ تۇرۇپ، ۋەز-نەسىھەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم،ئاندىن مۇنداق دېدى: ئى ئىنسانلار! سىلەردىن نەپرەتلەندۈرگۈچى، كىشىلەرنى قاچۇرۇۋەتكۈچى بار ئىكەن، قايسىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ نامازئوقۇپ بەرسە، نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاجىز، كېسەل،قېرى، ھاجەت ئىگىسى باردۇر،دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە

998 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِزَامِيّ)، عَنْ أبِي الزّنَادِ، عَنْ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إذَا أمّ أحَدُكُمُ النّاسَ فَلْيُخَفّفْ. فَإنّ فِيهِمُ الصّغِيرَ وَالْكَبِيرَ، وَالضّعِيفَ، وَالْمَرِيضَ، فَإذَا صَلّى وَحْدَهُ فَلْيُصَلّ كَيْفَ شَاءَ».

999 ـ حدّثنا ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ: حَدّثَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَذَكَرَ أحَادِيثَ مِنْهَا، وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إذَا مَا قَامَ أحَدُكُمْ لِلنّاسِ فَلْيُخَفّفِ الصّلاَةَ، فَإنّ فِيهِمُ الْكَبِيرَ، وَفِيهِمُ الضّعِيفَ، وَإذَا قَامَ وَحْدَهُ فَلْيُطِلْ صَلاَتَهُ مَا شَاءَ».

1000 ـ وحدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ قَالَ: أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ: أخْبَرَنِي أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إذَا صَلّى أحَدُكُمْ لِلنّاسِ فَلْيُخَفّفْ، فَإنّ فِي النّاسِ الضّعِيفَ وَالسّقِيمَ وَذَا الْحَاجَةِ».

1001 ـ وحدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ: حَدّثَنِي أبِي: حَدّثَنِي اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ: حَدّثَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: حَدّثَنِي أبُو بَكْرِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أنّهُ قَالَ (بَدَلَ السّقِيمِ): الْكَبِيرَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسە، يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، ھاجەت ئىگىسى، بەك كىچىك، بەك قېرى كىشىلەر باردۇر، يالغۇز ئوقۇغاندا، خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ. شام نامىزىدا سۈرە شەمسى، سۈرە لەيلى، سۈرە تۇرنى ئوقىسىمۇ يەڭگىل ئوقۇغان بولىدۇ.

1002 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أبِي: حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ عُثْمَانَ: حَدّثَنَا مُوسَى بْنُ طَلْحَةَ: حَدّثَنِي عُثْمَانُ بْنُ أبِي الْعَاصِ الثّقَفِيّ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ لَهُ: «أمّ قَوْمَكَ» قَالَ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إنّي أجِدُ فِي نَفْسِي شَيْئاً. قَالَ: «ادْنُهْ» فَجَلّسَنِي بَيْنَ يَدَيْهِ، ثُمّ وَضَعَ كَفّهُ فِي صَدْرِي بَيْنَ ثَدْيَيّ، ثُمّ قَالَ: «تَحَوّلْ» فَوَضَعَهَا فِي ظَهْرِي بَيْنَ كَتِفَيّ، ثُمّ قَالَ: «أمّ قَوْمَكَ، فَمَنْ أمّ قَوْماً فَلْيُخَفّفْ، فَإنّ فِيهِمُ الْكَبِيرَ، وَإنّ فِيهِمُ الْمَرِيضَ وَإنّ فِيهِمُ الضّعِيفَ. وَإنّ فِيهِمْ ذَا الْحَاجَةِ، وَإذَا صَلّى أحَدُكُمْ وَحْدَهُ، فَلْيُصَلّ كَيْفَ شَاءَ».

1003 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ قَالَ: سَمِعْتُ سَعِيدَ بْنَ الْمُسَيّبِ قَالَ: حَدّثَ عُثْمَانُ بْنُ أبِي الْعَاصِ قَالَ: آخِرُ مَا عَهِدَ إلَيّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إذَا أمَمْتَ قَوْماً فَأخِفّ بِهِمُ الصّلاَةَ».

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ۋەسىيەت قىلغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى مۇنداق دېيىشى ئىدى: كىشىلەرگە ئىمام بولساڭ، ئۇلارغا نامازنى قىسقا،يەڭگىل

ئۇقۇپ بەرگىن. يەنە بىرخاتىردە، ماڭا: قەۋمىڭگە ئىمام بولغىن دېدى.مەن ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن قەلبىمدە ۋەسۋەسىدىن بىر نەرسىنى ھىس قىلىپ تاپىمەن دېسەم، ماڭا:يېقىن كەل ! دەپ، مىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئالقىنىنى كۆكسۈمگە قويدى، ئاندىن: ئۆرۈلۈپ ئارقاڭنى قىل دەپ ، ئالقىنىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىغا قويدى، ئاندىن : قەۋىمىڭگە ئىمام بولغىن، كىم بىرەر قەۋىمگە ئىمام بولسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرى ئاجىزلار، كېسەللەر، زەئىپ، ئاجىز كىشىلەر، ھاجەت ئىگىلىرى باردۇر، بىرىڭلار نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقىغاندا، ئۆزى خالىغانچە ئۇزۇن ئوقىۋالسۇن،دېدى.

**1004 ـ وحدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُوجِزُ فِي الصّلاَةِ وَيُتِمّ.**

**1005 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ) عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ مِنْ أَخَفّ النّاسِ صَلاَةً، فِي تَمَامٍ.**

**1006 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا، وَقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ، يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ شَرِيكِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي نَمِرٍ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّهُ قَالَ: مَا صَلّيْتُ وَرَاءَ إِمَامٍ قَطّ أَخَفّ صَلاَةً، وَلاَ أَتَمّ صَلاَةً مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

**1007 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ سَلَيْمَانَ، عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ أَنَسٌ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسْمَعُ بُكَاءَ الصّبِيّ مَعَ أُمّهِ، وَهُوَ فِي الصّلاَةِ، فَيَقْرَأُ بِالسّورَةِ الْخَفِيفَةِ أَوْ بِالسّورَةِ الْقَصِيرَةِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ نامازنى كامىل ئۇقۇش بىلەن بىرگە ناھايىتى قىسقا،يەڭگىل ئۇقۇيتتى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ نامىزى ئەڭ يەڭگىلراق ۋە كامىلراق بىرەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ھەرگىز ناماز ئۇقۇپ باقمىدىم، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى، يەڭگىل ھەم ئەڭ كامىل، تولۇق ئىدى) ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ ئانىسىنىڭ نامازدىن خۇشۇئىنى ئۇزۇپ قويۇشىدىن ، غەم قىلىپ نامازنى كامىل ئۇقىيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قىسقا سۈرە ئۇقۇپ، نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئۇقىيتتى. ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم .

**1008 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ مِنْهَالٍ الضّرِيرُ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي عَرُوبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَدْخُلُ الصّلاَةَ أُرِيدُ إِطَالَتَهَا، فَأَسْمَعُ بُكَاءَ الصّبِيّ، فَأُخَفّفُ، مِنْ شِدّةِ وَجْدِ أُمّهِ بِهِ».**

ئەنەس،ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن ناماز ئىچىگە كىرىپ ، ئۇزۇن ئوقۇشنى ئىرادە قىلىمەن، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قاتتىق غەم قىلغىنىنى بىلگەنلىكىمدىن نامىزىمنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇيمەن، بۇخارى 668 ــ ھەدىس، مۇسلىم 723 ــ ھەدىس، تىرمىزى 343 ــ ھەدىس، نەسەئى 1123 ــ ھەدىس، ئەبۇ

داۋۇد 754 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 979 _ ھەدىس، ئەھمەدتە بۇ ھەدىس 26 قېتىم كېلىدۇ، 12377 _ ھەدىسلەر سەھىھ، بەيھەقى، دارمى 1232 _ ھەدىس، سەھىھ.

## 208 ـــــ باب اعتدال أركان الصلاة وتخفيفها في تمام

### نامازنىڭ تەئدىل ـ ئەركانلىرىنى راۋۇ ـ رۇس قىلىش، نامازنى كامىل ئۇقۇش بىلەن بىرگە يەڭگىل ئۇقۇپ بېرىش

1009 ـ وحدّثنا حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ وَ أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ، كِلاَهُمَا عَنْ أَبِي عَوَانَةَ قالَ حَامِدٌ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ هِلاَلِ بْنِ أَبِي حُمَيْدٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ: رَمَقْتُ الصّلاَةَ مَعَ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم، فَوَجَدْتُ قِيَامَهُ، فَرَكْعَتَهُ، فَاعْتِدَالَهُ بَعْدَ رُكُوعِهِ، فَسَجْدَتَهُ، فَجَلْسَتَهُ بَيْنَ السّجْدَتَيْنِ، فَسَجْدَتَهُ، فَجَلْسَتَهُ مَا بَيْنَ التّسْلِيمِ وَالإِنْصِرَافِ، قَرِيباً مِنَ السّوَاءِ.

1010 ـ 1011 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنِ الْحَكَمِ قَالَ: غَلَبَ عَلَى الْكُوفَةِ رَجُلٌ (قَدْ سَمّاهُ) زَمَنَ ابْنِ الأَشْعَثِ. فَأَمَرَ أَبَا عُبَيْدَةَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ أَنْ يُصَلّيَ بِالنّاسِ، فَكَانَ يُصَلّي، فَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ قَامَ قَدْرَ مَا أَقُولُ: اللّهُمّ! رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ، مِلْءَ السّمَاوَاتِ وَمِلْءَ الأَرْضِ، وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ، أَهْلَ الثّنَاءِ وَالْمَجْدِ، لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدّ مِنْكَ الْجَدّ. قَالَ الْحَكَمُ: فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِعَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى. فَقَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ بْنَ عَازِبٍ يَقُولُ: كَانَتْ صَلاَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَرُكُوعُهُ، وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ، وَسُجُودُهُ، وَمَا بَيْنَ السّجْدَتَيْنِ، قَرِيباً مِنَ السّوَاءِ. قَالَ شُعْبَةُ: فَذَكَرْتُهُ لِعَمْرِو بْنِ مُرّةَ فَقَالَ: قَدْ رَأَيْتُ ابْنَ أَبِي لَيْلَى، فَلَمْ تَكُنْ صَلاَتُهُ هَكَذَا.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ نامىزىنى بىللە رۇكۇ ـ سەجدە قىلىپ، كۆزەتكەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قىيامدا تۇرىشى بىلەن (تەشەھھۇدتا) ئولتۇرىشىدىن باشقا، رۇكۇسى، رۇكۇدىن تۇرغاندىكى ئۇرە تۇرىشى، سەجدىسى، ئىككى سەجدە ئارلىقى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندىكى ۋاقتى بارابەر ئوخشاش مىقداردا ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1012 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: إِنّي لاَ آلُو أَنْ أُصَلّيَ بِكُمْ كَمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي بِنَا. قَالَ: فَكَانَ أَنَسٌ يَصْنَعُ شَيْئاً لاَ أَرَاكُمْ تَصْنَعُونَهُ. كَانَ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ انْتَصَبَ قَائِماً. حَتّى يَقُولَ الْقَائِلُ: قَدْ نَسِيَ. وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ السّجْدَةِ مَكَثَ حَتّى يَقُولَ الْقَائِلُ: قَدْ نَسِيَ.

1013 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا حَمّادٌ: أَخْبَرَنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسٍ قَالَ: مَا صَلّيْتُ خَلْفَ أَحَدٍ أَوْجَزَ صَلاَةً مِنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي تَمَامٍ. كَانَتْ صَلاَةُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُتَقَارِبَةً، وَكَانَتْ صَلاَةُ أَبِي بَكْرٍ مُتَقَارِبَةً، فَلَمّا كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ مَدّ فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ، وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا قَالَ: «سَمِعَ اللّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» قَامَ، حَتّى نَقُولَ: قَدْ أَوْهَمَ، ثُمّ يَسْجُدُ، وَيَقْعُدُ بَيْنَ السّجْدَتَيْنِ، حَتّى نَقُولَ: قَدْ أَوْهَمَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ دېگەندە، شۇنداق مەزمۇت تۇراتتىكى ، بىز رۇكۇ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، رۇكۇ ساقىت قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتۇق. ئاندىن سەجدە قىلىپ، ئىككى سەجدە ئارلىقىدا، شۇنداق مەزمۇت ئولتۇراتتىكى، بىز سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئىككىنجى سەجدە ساقىت قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتۇق.

## 209 ــــ باب متابعة الإمام والعمل بعده

## نامازنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇش، سەجدە ـ رۇكۇلارنى ئىمامدىن كېيىنراق قىلىش توغرىسىدا

1014 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ: حَدّثنا زُهَيْرٌ: حَدّثنا أبو إِسْحَقَ. ح قال: وَحَدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ، عَنْ أَبي إِسْحَقَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَزِيدَ، قالَ: حَدّثني عَنِ الْبَرَاءِ (وَهُوَ غَيْرُ كَذُوبٍ) أَنّهُمْ كَانُوا يُصَلّونَ خَلْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَإِذَا رَفَعَ رَأسَهُ مِنَ الرّكُوعِ لَمْ أَرَ أَحَداً يَحْنِي ظَهْرَهُ، حَتّى يَضَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَبْهَتَهُ عَلَى الأَرْضِ. ثُمّ يَخِرّ مَنْ وَرَاءَهُ سُجّداً.
1015 ـ1016 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ الْبَاهِلِيّ: حَدّثنا يَحْيَى (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) حَدّثنا سُفْيَانُ. حَدّثني أَبُو إِسْحَقَ. حَدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ: حَدّثني الْبَرَاءُ (وَهُوَ غَيْرُ كَذُوبٍ) قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذا قالَ: «سَمِعَ الله لِمَنْ حَمِدَهُ» لَمْ يَحْنِ أَحَدٌ مِنّا ظَهْرَهُ حَتّى يَقَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَاجِداً. ثُمّ نَقَعُ سُجُوداً بَعْدَهُ.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتۇق، رەسۇلۇللاھ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ»دېگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلغان ھالدا پىشانىسىنى يەرگە قويۇپ بولمىغىچە، بىزنىڭ بىرىمىز ئۇچىسىنى ئەگمەيتتى.ئاندىن كېيىن بىزمۇ ئەگىشىپ سەجدە قىلاتتۇق. بۇخارى، مۇسلىم.

1017 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ قالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ: حَدّثنا أَبَانٌ وَغَيْرُهُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبي لَيْلَى، عَنِ الْبَرَاءِ قالَ: كُنّا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، لاَ يَحْنُو أَحَدٌ مِنّا ظَهْرَهُ حَتّى نَرَاهُ قَدْ سَجَدَ.
فَقَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ قالَ: حَدّثنا الْكُوفِيّونَ: أَبَانٌ وَغَيْرُهُ قالَ: حَتّى نَرَاهُ يَسْجُدُ.

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتۇق، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ كامىل سەجدە قىلىپ بولغىنىنى كۆرمىگىچە، بىزدىن ھېچ كىشى ئۇچىسىنى ئەگمەيتتى.

1018 ـ حدّثنا مُحْرِزُ بْنُ عَوْنِ بْنِ أَبي عَوْنٍ، حَدّثنا خَلَفُ بْنُ خَلِيفَةَ الأَشْجَعِيّ أَبُو أَحْمَدَ عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ سَرِيعٍ، مَوْلَى آلِ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ، قالَ: صَلّيْتُ خَلْفَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْفَجْرَ، فَسَمِعْتُهُ يَقْرَأُ: {فَلاَ أُقْسِمُ بِالْخُنّسِ. الْجَوَارِ الْكُنّسِ} (التكوير الأيتين: 15، 16)، وَكَانَ لاَ يَحْنِي رَجُلٌ مِنّا ظَهْرَهُ حَتّى يَسْتَتِمّ سَاجِداً.

ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ،رەسۇلۇللاھنىڭ«پەلائۇقسىمۇ بىلخۇننەسىلجەۋارىلكۇننەس»دېگەن سۈرە تەكۋىرنى قىرائەت قىلغىنىنى ئاڭلىدىم، رەسۇلۇللاھ كامىل سەجدە قىلىپ بولمىغىچە، بىزدىن ھېچ بىر كىشى ئۇچىسىنى ئەگمەيتتى.

## 210 ــ باب ما يقول إذا رفع رأسه من الركوع رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە نىمە دېيىش توغرىسىدا

1019 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عُبَيْدِ بْنِ الْحَسَنِ، عَنِ ابْنِ أَبِي أَوْفَى قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا رَفَعَ ظَهْرَهُ مِنَ الرّكُوعِ قالَ: «سَمِعَ اللّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ، اللّهُمّ رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ، مِلْءُ السّمَاوَاتِ وَمِلْءُ الأَرْضِ. وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ».
1020 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنا شُعْبَةُ. عَنْ عُبَيْدِ بْنِ الْحَسَنِ قالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ أَبِي أَوْفَى قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَدْعُو بِهذَا الدّعَاءِ: «اللّهُمّ رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ. مِلْءَ السّمَاوَاتِ وَمِلْءَ الأَرْضِ. وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ».

ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن ئۆچىسىنى، بېشىنى كۆتۈرگەندە:«سەمىئەاللە لىمەن ھەمىدەھ، ئى رەببىمىز اللە ! ئاسمان_زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەر لىق تولغۇدەك،ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر»دەيتتى

1021 ـ 1022 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ: قالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنِ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مَجْزَأَةَ بْنُ زَاهِرٍ قالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ أَبِي أَوْفَى يُحَدّثُ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ كَانَ يَقُولُ: «اللّهُمّ لَكَ الْحَمْدُ. مِلْءُ السّمَاءِ وَمِلْءُ الأَرْضِ وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ. اللّهُمّ طَهّرْنِي بِالثّلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ. اللّهُمّ! طَهّرْنِي مِنَ الذّنُوبِ وَالْخَطَايَا كَمَا يُنَقّى الثّوْبُ الأَبْيَضُ مِنَ الْوَسَخِ».

ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :« ئى رەببىمىز اللە ! ئاسمان_زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەر لىق تولغۇدەك،ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر»« ئى ئاللاھ!، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى ، خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدەك يىراق قىلغۇۋەتسىلە، ئى ئاللاھ !، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن ، قار بىلەن ، مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى ، قاپقارا كىردىن تازىلىغاندەك، مېنى ( قەلبىمنى)، گۇناھ ـ مەئسىيەت، خاتالىقلاردىن پاك _ پاكىز تازىلىۋەتسىلە،» دەيتتى.

1023 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ: أَخْبَرَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُحمّدٍ الدّمَشْقِيّ: حَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ، عَنْ عَطِيّةَ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ قالَ: «رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ. مِلْءُ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ. وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ. أَهْلَ الثّنَاءِ وَالْمَجْدِ. أَحَقّ مَا قَالَ الْعَبْدُ. وَكُلّنَا لَكَ عَبْدٌ. اللّهُمّ! لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدّ مِنْكَ الْجَدّ».
1024 ـ1025 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا هُشَيْمُ بْنُ بَشِيرٍ: أَخْبَرَنَا هِشَامُ بْنُ حَسّانَ، عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ عَطَاءٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، كَانَ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ. قالَ: «اللّهُمّ رَبّنَا لَكَ الْحَمْدُ، مِلْءُ السّمَاوَاتِ وَمِلْءُ الأَرْضِ، وَمَا بَيْنَهُمَا. وَمِلْءُ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ. أَهْلَ الثّنَاءِ وَالْمَجْدِ! لاَ مَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدّ مِنْكَ الْجَدّ».

ئەبۇسەئىد،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: «ئى رەببىمىز اللە ! ئاسمان _زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىلەر لىق تولغۇدەك، ئۇنىڭدىن باشقا سىلى خالىغان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك جىمى ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر، سىلى ھەمدۇ ـ سانا،گۈزەل مەدھى، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەھلى، سىلى بەندىلەر مەدھىيلەپ ماختىغان نەرسىگە ئەڭ لايىق، ھەقلىق، ھەممىمىز سىلىنىڭ بەندىلىرى، سىلى بەرگەننى توسقۇچى يوق، سىلى بەرمىگەننى بەرگۈچى يوق، سىلىنىڭ ئازاپلىرىدىن بايلارغا ئۇنىڭ بايلىقى مەنپەئەت قىلالمايدۇ،»دەيتتى.

## 211 باب النهي عن قراءة القرآن في الركوع والسجود رۇكۇ ـ سەجدىدە تۇرۇپ قىرائەت قىلىشتىن چەكلەش

1026 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَأَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ: أَخْبَرَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ سُحَيْمٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَعْبَدٍ[1] عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: كَشَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم السّتَارَةَ، وَالنّاسُ صُفُوفٌ خَلْفَ أَبِي بَكْرٍ. فَقَالَ: «أَيّهَا النّاسُ، إِنّهُ لَمْ يَبْقَ مِنْ مُبَشّرَاتِ النّبُوّةِ إِلاّ الرّؤْيَا الصّالِحَةُ يَرَاهَا الْمُسْلِمُ، أَوْ تُرَى لَهُ. أَلاَ وَإِنّي نُهِيتُ أَنْ أَقْرَأَ الْقُرْآنَ رَاكِعاً أَوْ سَاجِداً، وَأَمّا الرّكُوعُ فَعَظّمُوا فِيهِ الرّبّ عَزّ وَجَلّ. وَأَمّا السّجُودُ فَاجْتَهِدُوا فِي الدّعَاءِ. فَقَمِنٌ أَنْ يُسْتَجَابَ لَكُمْ». 1027 ـ قالَ: أَبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا

سُفْيَانُ عَنْ سُلَيْمَانَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ: أَخْبَرَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ سُحَيْمٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَعْبَدِ بْنِ عَبّاسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ قَالَ: كَشَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم السّتْرَ. وَرَأْسُهُ مَعْصُوبٌ فِي مَرَضِهِ الّذِي مَاتَ فِيهِ. فَقَالَ: «اللّهُمّ هَلْ بَلّغْتُ؟» ثَلاَثَ مَرّاتٍ «إِنّهُ لَمْ يَبْقَ مِنْ مُبَشّرَاتِ النّبُوّةِ إِلاّ الرّؤْيَا. يَرَاهَا الْعَبْدُ الصّالِحُ أَوْ تُرَى لَهُ». ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ سُفْيَانَ.

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر ئەبۇبەكرىنىڭ ئارقىسىدا نامازغا سەپ تارتىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ــ بېشى تېڭىغلىق ھالدا ـ پەردىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار، ھەققەتەن پەيغەمبەرلىك بىشارەتلىرىدىن ھېچنەرسە قالماي پەقەتلا ئاخىرلاشتى، پەقەت مۇسۇلمان كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان ياخشى، راست بىشارەت چۈشىلا قالدى، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەققەتەن مەن قۇرئاننى رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغان ھالدا ئوقۇشتىن چەكلەندىم، رۇكۇغا كەلسەك، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاپ، (سۇبھانە رەببىلئەزىيىم) دەڭلار، ئەمما سەجدىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىۋېتىپ، دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەر ئۈچۈن سەجدىدىكى دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشى چوقۇمدۇر، ۋاجىپ، مۇقىم قىلىندى،ئاندىن ئۈچ قېتىم ئى الله! مەن تولۇق يەتكۈزدۈممۇ؟دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

1028 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ: حَدّثَنِي إِبْرَاهِيمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ أَنّ أَبَاهُ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ قَالَ: نَهَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ أَقْرَأَ رَاكِعاً أَوْ سَاجِداً.
1029 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الْوَلِيدِ (يَعْنِي ابْنَ كَثِيرٍ): حَدّثَنِي إِبْرَاهِيمَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَمِعَ عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ يَقُولُ: نَهَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ قِرَاءَةِ الْقُرْآنِ وَأَنَا رَاكِعٌ أَوْ سَاجِدٌ.
1030 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ إِسْحَقَ: أَخْبَرَنِي ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ: أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: أَخْبَرَنَا زَيْدُ بْنُ أَسْلَمَ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ، عَنْ أَبِيهِ ، عَنْ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنّهُ قَالَ: نَهَانِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْقِرَاءَةِ فِي الرّكُوعِ وَالسّجُودِ. وَلاَ أَقُولُ: نَهَاكُمْ.
1031 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ قَالاَ: أَخْبَرَنَا أَبُو عَامِرٍ الْعَقَدِيّ: حَدّثَنَا دَاوُدُ بْنُ قَيْسٍ: حَدّثَنِي إِبْرَاهِيمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ، عَنْ أَبِيهِ، ابْنِ عَبّاسٍ، عَنْ عَلِيَ قَالَ: نَهَانِي حِبّي صلى الله عليه وسلم أَنْ أَقْرَأَ رَاكِعاً أَوْ سَاجِداً.
1032 ـ1033 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ. ح وحَدّثَنِي عِيسَى بْنُ حَمّادٍ الْمِصْرِيّ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ. ح قَالَ: وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ: حَدّثَنَا الضّحّاكُ بْنُ عُثْمَانَ. ح قَالَ: وَحَدّثَنَا الْمُقَدّمِيّ: حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنِ ابْنِ عَجْلاَنَ. ح وحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: حَدّثَنِي أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ. ح قَالَ: وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنُونَ ابْنَ جَعْفَرٍ) أَخْبَرَنِي مُحَمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ عَمْرٍو) ح قَالَ: وَحَدّثَنِي هَنّادُ بْنُ السّرِيّ: حَدّثَنَا عَبْدَةُ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِسْحَقَ، كُلّ هَؤُلاَءِ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَلِيّ، (أَلاّ الضّحّاكَ وَابْنَ عَجْلاَنَ فَإِنّهُمَا زَادَا: عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنْ عَلِيَ) عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كُلّهُمْ قَالُوا: نَهَانِي عَنْ قِرَاءَةِ الْقُرْآنِ وَأَنَا رَاكِعٌ. وَلَمْ يَذْكُرُوا فِي رِوَايَتِهِمُ النّهْيَ عَنْهَا فِي السّجُودِ، كَمَا ذَكَرَ الزّهْرِيّ وَزَيْدُ بْنُ أَسْلَمَ وَالْوَلِيدُ بْنُ كَثِيرٍ ودَاوُدُ بْنُ قَيْسٍ.
1034 ـ وحدّثني عَمْرُو بْنُ عَلِيّ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَفْصٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حُنَيْنٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ قَالَ: نُهِيتُ أَنْ أَقْرَأَ وَأَنَا رَاكِعٌ. لاَ يَذْكُرُ فِي الأِسْنَادِ عَلِيّاً.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى رۇكۇ ـ سەجدە قىلغان ھالىتىمدە تۇرۇپ قۇرئان قىرائەت قىلىشىمدىن توسقان.(لېكىن قۇرئاندىكى دۇئالار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر)

## 212 ــ باب ما يقال في الركوع والسجود رۇكۇ ـ سەجدىدە تۇرۇپ نېمە دېيىش توغرىسىدا

1035 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ، عَنْ عَمرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ غَزِيّةَ، عَنْ سُمَيّ مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا صَالِحٍ ذَكْوَانَ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبّهِ وَهُوَ سَاجِدٌ، فَأَكْثِرُوا الدّعَاءَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى، ئۇ ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتقان ، سەجدىدە تۇرغان ھالىتىدۇر، بۇ چاغدا، دۇئالارنى كۆپ قىلىڭلار، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

**1036 ـ وحدّثني أَبُو الطَّاهِرِ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ غَزِيّةَ، عَنْ سُمَيّ مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ فِي سُجُودِهِ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلّهُ دِقّهُ وَجِلّهُ، وَأَوّلَهُ وَآخِرَهُ، وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرّهُ».**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىسىدە:ئى **الله**!مەن ئۆچۈن مىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى ، گۇناھلىرىمنىڭ كىچىك ـ چوڭ، ئەۋۋەل ـ ئاخىر، ئىلگىرى ـ كىيىن ، ئاشكارا ـ يۇشرۇن ھەممىنى مەغپىرەت قىلسىلا ، دەيتتى.

**1037 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا جَرِيرٌ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي الضّحَى، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُكْثِرُ أَنْ يَقُولَ فِي رُكُوعِهِ وَسُجُودِهِ: «سُبْحَانَكَ اللّهُمّ رَبّنَا وَبِحَمْدِكَ، اللّهُمّ اغْفِرْ لِي» يَتَأَوّلُ الْقُرْآنَ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ ـ سەجدىسىدە، مۇنۇ دۇئانى بەك كۆپ دەيتتى:« **سۇبھانەكە ئاللاھۇ ممە رە ببە نا ۋە بىھەمدىكە ئاللاھۇممە ا غپىرلى** »ئى رەببىمىز **الله**! سىلى ھەممىدىن پاك، بىز سىلىگە ھەمدە ئەيتىش بىلەن بىرگە سىلىنى پاك دەپ ئېتىقات قىلىمىز،ئى **الله**!مەن ئۆچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى قۇرئاندىن چۈشىنىپ، قۇرئاندىكى (يەنى سۈرە نەسرىدىكى)بۇيرۇقنا ئەمەل قىلىپ قىلاتتى.ئىمام بۇخارى،مۇسلىم.

**1038 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ، قالا: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عن الأَعَمْشِ، عَنْ مُسْلِمٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُكْثِرُ أَنْ يَقُولَ، قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ: «سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ». قالَتْ قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا هَذِهِ الْكَلِمَاتُ الّتِي أَرَاكَ أَحْدَثْتَهَا تَقُولُهَا؟ قالَ: «جُعِلَتْ لِي عَلاَمَةٌ فِي أُمّتِي إِذَا رَأَيْتُهَا قُلْتُهَا {إِذَا جَاءَ نَصْرُ الله وَالْفَتْحُ} إِلَى آخِرِ السّورَةِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بۇرۇن«سۇبھانەكە ۋە بىھەمدىكە ئەستەغپىرۇكە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيكە» دىگەن دۇئانى بەك كۆپ قىلاتتى، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىنىڭ بۇ دۇئانى بەك كۆپ قىلغانلىقلىرىنى كۆردۇمغۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن:مەن ئۆچۈن ئۈممىتىم ئىچىدە بىر ئالامەت قىلىندى، مەن شۇ ئالامەتنى كۆرسەملا، مۇشۇ دۇئانى قىلىمەن(ئۇ ئالامەت سۈرە نەسرىدۇر)

**1039 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ: حَدّثنَا مُفَضّلٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُسْلِمِ بْنِ صُبَيْحٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: مَا رَأَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مُنْذُ نَزَلَ عَلَيْهِ: {إِذَا جَاءَ نَصْرُ الله وَالْفَتْحُ}، يُصَلّي صَلاَةً إِلاّ دَعَا أَوْ قَالَ فِيهَا: «سُبْحَانَكَ رَبّي وَبِحَمْدِكَ. اللّهُمّ اغْفِرْ لِي».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈرە نەسر نازىل قىلىنغاندىن باشلاپلا بىرەر ناماز ئۇقۇپ قالسا:«**سۇبھانەكە ئاللاھۇ ممە رە ببە نا ۋە بىھەمدىكە ئاللاھۇممە ا غپىرلى**»دەپ دۇئا قىلاتتى.

**1040 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا عَبْدُ الأعْلَىَ: حَدّثنَا دَاوُدُ، عَنْ عَامِرٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُكْثِرُ مِنْ قَوِلِ «سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ، أَسْتَغْفِرُ اللّهَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ». قَالَتْ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَرَاكَ تُكْثِرُ مِنْ قَوْلِ: «سُبْحَانَ الله وَبِحَمْدِهِ، أَسْتَغْفِرُ الله وَأَتُوبُ إِلَيْهِ؟» فَقَالَ: «خَبّرَنِي رَبّي أَنّي سَأَرَى عَلاَمَةً فِي أُمّتِي، فَإِذَا رَأَيْتُهَا أَكْثَرْتُ مِنْ قَوْلِ: سُبْحَانَ الله وَبِحَمْدِهِ، أَسْتَغْفِرُ الله وَأَتُوبُ إِلَيْهِ. فَقَدْ رَأَيْتُهَا. {إِذَا جَاءَ نَصْرُ الله وَالْفَتْحُ}. فَتْحُ مَكّةَ {وَرَأَيْتَ النّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينَ الله أَفْوَاجاً. فَسَبّحْ بِحَمْدِ رَبّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ، إِنّهُ كَانَ تَوّاباً}.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سۇبھانە**الله** ھى ۋە بىھەمدىھى ئەستەغپىرۇ**الله** ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيھى» دېگەن دۇئانى بەك كۆپ قىلاتتى، مەن: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىنىڭ بۇ دۇئانى بەك كۆپ قىلغانلىقلىرىنى كۆردۈمغۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ماڭا رەببىم شۇنداق خەۋەر قىلدىكى، ھەقىقەتەن م ەن پات يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە بىر ئالامەتنى كۆرسەم، سۇبھانەللا ۋەبىھەمدىھى ئەستەغفىرۇللاھ ۋە ئەتۇبۇئىلەيھى دىگەن سۆزنى كۆپ دىيىشىم كېرەك، (يەنى، ئاللاھقا تەسبى ھ ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىپ، ئىستىغفار ئوقۇپ، تۆۋبە قىلىمەن، چۈنكى، بۇ ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغىنىنىڭ ئالامىتىدۇر) شەك ــ شۈبھىسىز مەن ئۇ ئالامەتنى كۆردۈم، ئۇ بولسىمۇ، مۇنۇ سۈرىدىكى ئالامەتتۇر، «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ تو پ ــ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر»، 110 ــ سۈرە نەسر، بۇ سۈرىدىكى غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىشتۇر، (مەن ئۇنى كۆردۈم) (كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى).

**1041 ـ وحدّثني حَسَنُ بْنُ عَلِيّ الْحُلْوَانِيّ وَ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ قَالاَ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ قَالَ: قُلْتُ لِعَطَاءٍ: كَيْفَ تَقُولُ أَنْتَ فِي الرّكُوعِ؟ قَالَ: أَمّا سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلهَ إِلاّ أَنْتَ، فَأَخْبَرَنِي ابْنُ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتِ: افْتَقَدْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ لَيْلَةٍ، فَظَنَنْتُ أَنّهُ ذَهَبَ إِلَى بَعْضِ نِسَائِهِ. فَتَحَسّسْتُ ثُمّ رَجَعْتُ، فَإِذَا هُوَ رَاكِعٌ أَوْ سَاجِدٌ يَقُولُ: «سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ، لاَ إِلَهَ إِلاّ أَنْتَ» فَقُلْتُ: بِأَبِي أَنْتَ وَأُمّي إِنِي لَفِي شَأْنٍ وَإِنّكَ لَفِي آخَرَ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ قېشىغا كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئىزدىگەندىن كىيىن قايتىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغان ھالدا: **«سۇبھانەكە ۋە بىھەمدىكە لائىلاھە ئىللا ئەنتە»دىگىلى تۇرۇپتۇ**

**1042 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ: حَدّثنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ ابْنُ عُمَرَ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنْ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: فَقَدْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةً مِنَ الْفِرَاشِ، فَالْتَمَسْتُهُ، فَوَقَعَتْ يَدِي عَلَى بَطْنِ قَدَمَيْهِ، وَهُوَ فِي الْمَسْجِدِ، وَهُمَا مَنْصُوبَتَانِ، وَهُوَ يَقُولُ: «اللّهُمّ أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ. وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ. وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ. لاَ أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ. أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرپىدىن تاپالماي (قولۇم بىلەن سىلاپ)ئىزدىدىم، تۇيۇقسىز قولۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتىنىڭ

ئالقىنىغا تەگدى، ئىككى پۇتى تىكلەگلىك ئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدىدە تۇرۇپ، مۇنداق دۇئا قىلىۋاتاتتى« ئى ئاللاھ! ھەققەتەن مەن رازىلىقلىرىڭغاسېغىنىپ، غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازاب ـ ئۇقۇبەتلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيلەپ ماختىغاندەك، مەن سىلىنى مەدھىيە، سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن، (يەنى ھەمدۇ ــ سانا، مەدھىيلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ )، مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر.

1043 ـ1044 ـ حدّثنا أبو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ: حدّثنا مُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ الْعَبْدِيّ: حدّثنا سَعِيدُ بْنُ أبي عَرُوبَةَ، عَنْ قَتادَةَ، عَنْ مُطَرِّفِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ الشّخِّيرِ أنّ عَائِشَةَ نَبّأَتْهُ، أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ فِي رُكُوعِهِ وَسُجُودِهِ: «سُبّوحٌ قُدّوسٌ رَبّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرّوحِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ ـ سەجدىسىدە،مۇنداق دەيتتى:«سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن رەببۇلمەلائىكەتى ۋە رروھ» **الله** ھەممە ئەيىب ـ نوقساندىن پاكتۇر، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ، روھنىڭ (يەنى جىبرئىيلىنىڭ)پەرۋەردىگارى بولغان، مۇقەددەس زاتتۇر.

## 213 ــ *باب فضل السجود والحث عليه* سەجدىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1045 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسلِمٍ قالَ: سَمِعْتُ الأَوْزَاعِيّ قالَ: حَدّثنِي الْوَلِيدُ بْنُ هِشَامٍ الْمُعَيْطِيّ: حَدّثنِي مَعْدَانُ بْنُ أبي طَلْحَةَ الْيَعْمَرِيّ قالَ: لَقِيتُ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: أخْبِرْنِي بِعَمَلٍ أعْمَلُهُ يُدْخِلُنِي اللهُ بِهِ الْجَنّةَ. أوْ قالَ قُلْتُ: بِأحَبّ الأعْمَالِ إلَى اللهِ، فَسَكَتَ، ثُمّ سَألْتُهُ فَسَكَتَ، ثُمّ سَألْتُهُ الثّالِثَةَ فقالَ: سَألْتُ عَنْ ذَلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: «عَلَيْكَ بِكَثْرَةِ السّجُودِ لله، فإنّكَ لاَ تَسْجُدُ لله سَجْدَةً إلاّ رَفَعَكَ اللهُ بِهَا دَرَجَةً، وَحَطّ عَنْكَ بِهَا خَطِيئَةً».
قالَ مَعْدَانُ: ثُمّ لَقِيتُ أبَا الدّرْدَاءِ فَسَألْتُهُ. فَقَالَ لِي مِثْلَ مَا قالَ لِي ثَوْبَانُ.

مەئدان ئىبنى تەلھەرەھىمەھۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ؛ ئەگەر مەن ئەمەل قىلالىسام، **الله** مىنى شۇ سەۋەبتىن جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ماڭا خەۋەر قىلىپ دەپ بەرگىن دىسەم، ئۇ جىم تۇردى، ئاندىن ياناسورسام، يانا سۈكۈتتە تۇردى، ئۈچۈنچى قېتىم سورسام، ئۇ ماڭا؛ مەنمۇ شۇنداق ئەمەل توغرىسىدارەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:بىر **الله** قا سەجدىنى كۆپ قىلىشنى لازىم تۇتقىن، ھەققەتەن سەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن بىر سەجدە قىلساڭ، ئاللاھ سىنى شۇ سەجدىنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. مەئدان ئىبنى تەلھە رەھىمەھۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ؛ئاندىن مەن ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ شۇنداق سورسام،ئۇمۇ ماڭا: سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىگەندەك دىدى.ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

**1046 ـ حدّثنا الْحَكَمُ بْنُ مُوسَىَ أَبُو صَالِحٍ: حَدّثَنَا هِقْلُ بْنُ زِيَادٍ قالَ: سَمِعْتُ الأَوْزَاعِيّ قالَ: حَدّثَنِي يَحْيَىَ بْنُ أَبِي كَثِيرٍ: حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ: حَدّثَنِي رَبِيعَةُ بْنُ كَعْبٍ الأَسْلَمِيّ قالَ: كُنْتُ أَبِيتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَتَيْتُهُ بِوَضُوئِهِ وَحَاجَتِهِ. فَقالَ لِي: «سَلْ» فَقُلْتُ: أَسْأَلُكَ مُرَافَقَتَكَ فِي الْجَنّةِ. قالَ: «أَوْ غَيْرَ ذَلِكَ؟» قُلْتُ: هُوَ ذَاكَ. قالَ: «فَأَعِنّي عَلَىَ نَفْسِكَ بِكَثْرَةِ السّجُودِ».**

رەبىيئە ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ياتقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئەكىلىپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سورىغىن دىدى، مەن: جەننەتتە سىلى بىلەن بىللە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى سورايمەن دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭدىن باشقىسنى سورامسەن؟، ياكى باشقىسنى سورىغىن دىدى. مەن: پەقەت شۇنىلا سورايمەن دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولساماڭا، ئۆزنەپسىڭگە قارشى (نەپسىڭنى ئىسلاھ قىلىش، يۇقىر مەرتىبىگەئۆرلەش ئۈچۈن) سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن (نامازنى كۆپ ئوقۇش بىلەن ) ياردەم بەرگىن، دىدى.

## *214 ــــ باب أعضاء السجود والنهي عن كف الشعر والثوب وعقص الرأس في الصلاة*

## سەجدە قىلىدىغان ئەزالار ۋە كىيىمنى پۈملاپ تۈرىۋالماسلىق، چاچنى پۈملاپ يىغىۋالماسلىق توغرىسىدا

**1047 ـ وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ (قالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ أَبُو الربيع: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ) عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: أُمِرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَسْجُدَ عَلَى سَبْعَةٍ، وَنُهِيَ أَنْ يَكُفّ شَعْرَهُ وَثِيَابَهُ. هَذَا حَدِيثُ يَحْيَىَ. وقالَ أَبُو الرّبِيعِ: عَلَى سَبْعَةِ أَعْظُمٍ. وَنُهِيَ أَنْ يَكُفّ شَعْرَهُ وَثِيَابَهُ. الْكَفّيْنِ وَالرّكْبَتَيْنِ وَالْقَدَمَيْنِ وَالْجَبْهَةِ.**

**1048 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ بَشّارٍ: حَدّثَنَا مُحمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ): حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنْ ابْنِ عَبّاسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أُمِرْتُ أَنْ أَسْجُدَ عَلَى سَبْعَةِ أَعْظُمٍ، وَلاَ أَكُفّ ثَوْباً وَلاَ شَعْراً».**

**1049 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أُمِرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَسْجُدَ عَلَى سَبْعٍ، وَنُهِيَ أَنْ يَكْفِتَ الشّعْرَ وَالثّيَاب.**

**1050 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا وُهَيْبٌ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أُمِرْتُ أَنْ أَسْجُدَ عَلَى سَبْعَةِ أَعْظُمٍ : الْجَبْهَةِ (وَأَشَارَ بِيَدِهِ عَلَى أَنْفِهِ) وَالْيَدَيْنِ وَالرّجْلَيْنِ وَأَطْرَافِ الْقَدَمَيْنِ، وَلاَ نَكْفِتَ الثّيَابَ وَلاَ الشّعْرَ».**

**1051 ـ حدّثنا أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي ابْنُ جُرَيْجٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «أُمِرْتُ أَنْ أَسْجُدَ عَلَى سَبْعٍ. وَلاَ أَكْفِتَ الشّعْرَ وَلاَ الثّيَابَ : الْجَبْهَةِ وَالأَنْفِ، وَالْيَدَيْنِ، والرّكْبَتَيْنِ وَالْقَدَمَيْنِ».**

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن يەتتە ئەزادا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، 1 ــ پېشانە (بۇرۇنمۇ تەگسۇن) 2 ـ، 3 ـ ئىككى قول، 4 ـ، 5 ـ ئىككى تىز، 6 ـ 7 ـ ئىككى قەدەم ئەتراپلىرى، شۇنداقلا كىيىمىمىزنى پۈملاپ تۈرىۋالماسلىقا، چاچنى پۈملاپ يىغىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇق.

بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە

**1052 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا بَكْرٌ (وَهُوَ ابْنُ مُضَرَ)، عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ، عَنِ الْعَبّاسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا سَجَدَ الْعَبْدُ سَجَدَ مَعَهُ سَبْعَةُ أَطْرَافٍ: وَجْهُهُ وَكَفّاهُ وَرُكْبَتَاهُ وَقَدَمَاهُ».**

ئاباباس ، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندە سەجدە قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەتتە ئەزايى سەجدە قىلىدۇ، پىشانىسى، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز، ئىككى قەدەم.

ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدلەر ، سەھىھ.

**1053 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ بُكَيْراً حَدّثَهُ أَنّ كُرَيْباً مَوْلَى ابْنِ عَبّاسٍ حَدّثَهُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ: أَنّهُ رَأَى عَبْدَ اللّهِ بْنَ الْحَارِثِ يُصَلّي، وَرَأْسُهُ مَعْقُوصٌ مِنْ وَرَائِهِ، فَقَامَ فَجَعَلَ يَحُلّهُ. فَلَمّا انْصَرَفَ أَقْبَلَ إِلَى ابْنِ عَبّاسٍ، فَقَالَ: مَا لَكَ وَرَأْسِي؟ فَقَالَ: إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّمَا مَثَلُ هَذَا مَثَلُ الّذِي يُصَلّي وَهُوَ مَكْتُوفٌ».**

ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئىبنى ھارىسنىڭ چىچىنى ئارقىسىغاچىگىپ پومپايتىپ ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىچىنى يىشۋىتىدۇ،ئاندىن ئۇ نامىزىدىن قايتقاندا كىلىپ؛ سىنىڭ چىچىم بىلەن نىمە ئىشىڭ؟دىگەندە، ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ : ھەقىقەتەن چىچىنى تۇگۇپ، پومپايتىپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئوخششى، ئىككى قولى ئارقىسىدىن باغلاقلىق ھالدا ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشايدۇ، مۇسلىم، 761 ــ ھەدىس، تەبرانى، نەسەئى 1102 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 552 ــ ھەدىس، ئەھمەد 2752 ــ ھەدىس، دارمى 1346 ــ ھەدىس، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە چاچنى يىغىۋالماسلىق، تۇگىۋالماسلىق، چۈنكى چاچمۇ سەجدە قىلىدۇ دىيىلگەن. ئالىملار بىردەك مۇنداق ئىتتىپاقتا كەلگەن، نامازدا كىيىمنى تۈرۈۋىلىش، يېڭنى، پاچقىنى تۈرۈۋىلىش، چىچىنى تۇگۇۋىلىش قاتارلىقلار مەكرۇھ بولۇپ، ئەگەر شۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇپ قالسا، نامىزى دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ، لېكىن چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ يامان قىلدى دىگەن.

## 215 ـــباب الاعتدال في السجود،ووضع الكفين على الأرض، ورفع المرفقين عن الجنبين، ورفع البطن عن الفخذين في السجود

## سەجدىنى ئىككى ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى جەينىكىنى يېنىدىن كۆتۈرۈپ راۋۇ-رۇس قىلىش، سەجدە قىلغاندا قۇرسىقىنى يۇتىسىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇش توغرىسىدا

**1054 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اعْتَدِلُوا فِي السّجُودِ، وَلاَ يَبْسُطْ أَحَدُكُمْ ذِرَاعَيْهِ انْبِسَاطَ الْكَلْبِ».**
**1055 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. ح قَالَ: وَحَدّثَنِيهِ يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ: حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ) قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ: بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ جَعْفَرٍ «وَلاَ يَتَبَسّطْ أَحَدُكُمْ ذِرَاعَيْهِ انْبِسَاطَ الْكَلْبِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەجدىدە تۈز، مەزمۇت تۇرۇڭلار، بىرىڭلار ئىككى بىلىكىنى ئىت چاپلاپ يېيىپ تۇرغاندەك ، يەرگە چاپلاپ سەجدە قىلمىسۇن، (يەنى جەينەك كۆتۈرلۈپ تۇرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار سەجدە قىلغاندا، رۇس، مۆتىدىل، تۈز تۇرسۇن، ئىت پاچىقىنى چاپلىغاندەك ئىككى بىلىكىنى يەرگە چاپلىۋالمىسۇن، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

## 216 ـــــ باب ما يجمع صفة الصلاة وما يفتتح به ويختم به. وصفة الركوع والاعتدال منه، والسجود والاعتدال منه. والتشهد بعد كل ركعتين من الرباعية. وصفة الجلوس بين السجدتين، وفي التشهد الأول

**نامازنىڭ سۈپىتى، نامازنىڭ نىمە بىلەن باشلىنىپ، نىمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى، سەجدە ـ رۇكۇنىڭ سۈپىتى، تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىدىن كىيىن تەشەھھۇد ئوقۇش، تەشەھھۇدتىكى ۋە ئىككى سەجدە ئارلىقىدىكى ئولتۇرۇشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا**

1056 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللَّهِ بْنُ إِيَادٍ، عَنْ إِيَادٍ، عَنِ الْبَرَاءِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا سَجَدْتَ فَضَعْ كَفَّيْكَ وَارْفَعْ مِرْفَقَيْكَ».

بەرrائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سەجدە قىلغاندا ئىككى ئالقىنىڭنى يەرگە قويۇپ، ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرۈپ قىلغىن، ئەھمەد، مۇسلىم.

1057 ـ1058 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنا بَكْرٌ، (وَهُوَ ابْنُ مُضَرَ) عَنْ جَعْفَرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ مَالِكٍ بْنِ بُحَيْنَةَ أَنّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ، إِذَا صَلّى فَرّجَ بَيْنَ يَدَيْهِ، حَتّى يَبْدُوَ بَيَاضُ إِبْطَيْهِ.
حدّثنا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللَّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ وَ اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ كِلاَهُمَا عَنْ جَعْفَرِ بْنِ رَبِيعَةَ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَفِي رِوَايَةِ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ: كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا سَجَدَ، جَنّحَ فِي سُجُودِهِ، حَتّى يُرَى وَضَحُ إِبْطَيْهِ.
وَفِي رِوَايَةِ اللّيْثِ أَنّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا سَجَدَ، فَرّجَ يَدَيْهِ عَنْ إِبْطَيْهِ، حَتّى إِنّي لأَرَى بَيَاضَ إِبْطَيْهِ.

ئابدۇالله رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا سەجدە قىلسا، قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى ئاشكارا كۆرۈنگەنگە قەدەر، ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىنى كۆتىرىپ، بوشلۇق قوياتتى، (يەنى ئىككى جەينىكىنى خۇددى ئىككى قاناتتەك كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلاتتى). بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد.

1059 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ، جَمِيعاً عَنْ سُفْيَانَ قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عُبَيْدِ اللَّهِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ الأَصَمّ، عَنْ عَمّهِ يَزِيدَ بْنِ الأَصَمّ، عَنْ مَيْمُونَةَ قَالَتْ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِذَا سَجَدَ، لَوْ شَاءَتْ بَهْمَةٌ أَنْ تَمُرّ بَيْنَ يَدَيْهِ لَمَرّتْ.

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، (قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى ئاشكارابولغانغا قەدەر)، ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىنى كۆتىرىپ، بوشلۇق قوياتتى،ئەگەر قوينىڭ قوزىسى ئىككى قولىنىڭ بوشلۇق قالدۇرغان ئارلىقىدىن ئۆتۈشىنى مەخسەت قىلسا، ئۆتۈپ كىتەلەيتتى.مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد.

1060 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ: أَخْبَرَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ الْفَزَارِيّ قَالَ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللَّهِ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ الأَصَمّ عَنْ يَزِيدَ بْنِ الأَصَمّ أَنّهُ أَخْبَرَهُ عَنْ مَيْمُونَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا سَجَدَ خَوّى بِيَدَيْهِ (يَعْنِي جَنّحَ) حَتّى يُرَى وَضَحُ إِبْطَيْهِ مِنْ وَرَائِهِ، وَإِذَا قَعَدَ اطْمَأَنّ عَلَى فَخِذِهِ الْيُسْرَى.

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، ئارقا تەرپىدىن قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى ئاشكارابولغانغا قەدەر، ئىككى قولىنىڭ ئارلىقىنى كۆتىرىپ، بوشلۇق قوياتتى، (يەنى ئىككى جەينىكىنى خۇددى ئىككى قاناتتەك كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلاتتى).ئولتۇرغاندا بولسا، سول يۇتىسىنىڭ ئۇستىدە راۋۇ ـ رۇس، مەزمۇت ئولتۇراتتى. مۇسلىم،ئەبۇداۋۇد.

**1061 ـ بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.**

**1062 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُميْرٍ: حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ (يعْنِي الأحْمَرَ) عَنْ حُسَيْنٍ الْمُعَلّمِ. ح قال: وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا حُسَيْنٌ الْمُعَلّمُ، عَنْ بُدَيْلِ بْنِ مَيْسَرَةَ، عَنْ أَبِي الْجَوْزَاءِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسْتَفْتِحُ الصّلاَةَ، بِالتّكْبِيرِ، وَالْقِرَاءَةَ، بِالْحَمْدُ لله رَبّ الْعَالَمِينَ. وَكَانَ إِذَا رَكَعَ لَمْ يُشْخِصْ رَأْسَهُ وَلَمْ يُصَوّبْهُ. وَلَكِنْ بَيْنَ ذَلِكَ. وَكَانَ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ لَمْ يَسْجُدْ حَتّى يَسْتَوِيَ قَائِماً، وَكَانَ إِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ السّجْدَةِ لَمْ يَسْجُدْ حَتّى يَسْتَوِيَ جَالِساً. وَكَانَ يَقُولُ، فِي كُلّ رَكْعَتَيْنِ التّحِيّةَ، وَكَانَ يَفْرِشُ رِجْلَهُ الْيُسْرَى وَيَنْصِبُ رِجْلَهُ الْيُمْنَى، وَكَانَ يَنْهَى عَنْ عُقْبَةِ الشّيْطَانِ. وَيَنْهَى أَنْ يَفْتَرِشَ الرّجُلُ ذِرَاعَيْهِ افْتِرَاشَ السّبُعِ. وَكَانَ يَخْتِمُ الصّلاَةَ بِالتّسْلِيمِ.**
**وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ نُمَيْرٍ، عَنْ أَبِي خَالِدٍ: وَكَانَ يَنْهَى عَنْ عَقِبِ الشّيْطَانِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى (**الله** ئەكبەر دەپ) تەكبىر ئېيتىش بىلەن، قىرائەتنى«ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىين » بىلەن باشلايتتى، ركۇ قىلغان چاغدا، بېشىنى بەك ئىگىزمۇ كۆتۈرىۋالماي ، بەك تۆۋەنمۇ قىلىۋالماي، ئوتتۇرھال قىلاتتى، ركۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، راۋۇرۇس، تۈز تۇرمىغىچە سەجدە قىلمايتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرسە،رۇس،تىك ئولتۇرمىغىچە، سەجدە قىلمايتتى، ۋە ھەر ئىككى رەكئەتتە، ئەتتەھىيياتۇنى (يەنى تەشەھھۇدنى)ئۇقىيتتى، سول پۇتىنى يەرگە چاپلاپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇراتتى. شەيتان ئولتۇرغاندەك،(ئىككى كاسىسىنى ئىككى تاپىنى ئۇستىگە قويۇپ ) زوڭ ئولتۇرۇشتىن ، خۇددى يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋان، ئالدى ئىككى پۇتىنى يەرگە چاپلاپ ياتقاندەك، كىشىنىڭ ئىككى بىلىكىنى (سەجدە قىلغاندا) يەرگە چاپلىۋېلىشىدىن توساتتى.نامازنى سالام قىلىش بىلەن ئاخىرلا شتۇراتتى

## 217 ـــــ *باب سترة المصلّي* ناماز ئۇقۇغۇچى ئالدىغا قويۇپ قويىدىغان سۇترە توغرىسىدا

**1063 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا، وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ)، عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ مُوسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا وَضَعَ أَحَدُكُمْ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلَ مُؤْخِرَةِ الرّحْلِ فَلْيُصَلّ. وَلاَ يُبَالِ مَنْ مَرّ وَرَاءَ ذَلِكَ».**

تەلھەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئالدىغا كاجۇ، ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك نەرسە (يەنى بىر گەز نەرسە سانجىپ) قويۇپ ، ناماز ئوقۇۋەرسۇن، شۇ نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتكەن كىشىگە پەرۋا قىلمىسۇن، يەنى نامازنى بۇزالمايدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى.

**1064 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ و إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ عُبَيْدٍ الطّنَافِسِيّ) عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ مُوسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كُنّا نُصَلّي وَالدّوَابّ تَمُرّ بَيْنَ أَيْدِينَا. فَذَكَرْنَا ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مِثْلُ مُؤْخِرَةِ الرّحْلِ تَكُونُ بَيْنَ يَدَيْ أَحَدِكُمْ، ثُمّ لاَ يَضُرّهُ مَا مَرّ بَيْنَ يَدَيْهِ».**

وَقَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: «فَلاَ يَضُرُّهُ مَنْ مَرَّ بَيْنَ يَدَيْهِ».

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ناماز ئوقۇساق، ئالدىمىزدىن ھايۋانلار ئۆتەتتى، بىز بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بايان قىلساق، مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئالدىدا توگىنىڭ كاجۇ، ئىگىرىنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك نەرسە بولسا، ئاندىن ناماز ئوقۇسا، ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسە ۋە كىشى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنى ئالدىغا بىر گەز مىقداردا سۈترە قىلىپ قويۇش لازىم. ئەھمەد، ئىبنى ماجە.

1065 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ: أَخْبَرَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي أَيّوبَ، عَنْ أَبِي ٱلأَسْوَدِ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ سُتْرَةِ الْمُصَلّي؟ فَقَالَ: «مِثْلُ مُؤْخِرَةِ الرّحْلِ».

1066 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ: أَخْبَرَنَا حَيْوَةُ عن أبي الأَسْوَدِ مُحمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سُئِلَ، فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ، عَنْ سُتْرَةِ الْمُصَلّي؟ فَقَالَ «كَمُؤْخِرَةِ الرّحْلِ».

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا ا مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تەبۇك ئۇرۇشىدا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدىغان سۈترىسى توغرىسىدىن سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ توگىنىڭ كاجۋا، ئىگىرىنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك نەرسە بولسا، ئاندىن ناماز ئوقۇسا، ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسە ۋە كىشى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ،دېدى.

1067 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ (واللّفظ لَهُ): حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا عَبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا خَرَجَ يَوْمَ الْعِيدِ، أَمَرَ بِالْحَرْبَةِ فَتُوضَعُ بَيْنَ يَدَيْهِ، فَيُصَلّي إِلَيْهَا، وَالنّاسُ وَرَاءَهُ، وَكَانَ يَفْعَلُ ذٰلِكَ فِي السّفَرِ، فَمِنْ ثَمّ اتّخَذَهَا الأُمَرَاءُ.

1068 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَرْكُزُ (وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: يَغْرِزُ) الْعَنَزَةَ وَيُصَلّي إِلَيْهَا. زَادَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ: قَالَ عُبَيْدُ اللّهِ: وَهِيَ الْحَرْبَةُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازگاھقا ئەتىگەندە باراتتى، ۋەھالەنكى ھاسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئاپىرىلىپ، نامازگاھدا، ئالدى تەرىپىگە سانجىپ قويۇلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. كىشىلەر ئارقىسىدا تۇراتتى، بۇئىشنى سەپەردىمۇ قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىرلەر ھاسا تۇتاتتى. بۇخارى ـ مۇسلىم.

1069 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَعْرِضُ رَاحِلَتَهُ وَهُوَ يُصَلّي إِلَيْهَا.

1070 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ ٱلأَحْمَرُ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي إِلَى رَاحِلَتِهِ. وَقَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّى إِلَى بَعِيرٍ.

ناپىئ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن :ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلىغىنى (قىبلە تەرىپىگە )توغرىسىغا توختۇتۇپ تۇرۇپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى . ئىمام بۇخارى؛ ناپىئ ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئەگەرئۈلاغ قوزغۇلۇپ مېڭىپ كەتكىدەك بولسا، قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرەمسەن ؟ دېسەم ، ئۇ ماڭا ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاجۇۋ ئىگەرنى ئېلىپ، قىبلە تەرەپتە قويۇپ تۇرۇپ، شۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇيتتى دېدى. دېگەننى زىيادە يازغاندۇر. بۇخارى ، مۇسلىم.

1071 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنْ وَكِيعٍ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ: حَدّثنَا عَوْنُ بْنُ أبي جُحَيْفَةَ، عَنْ أبيهِ قالَ: أتَيْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بمكّةَ. وَهُوَ بالأبْطحِ، فِي قبّةٍ لَهُ حَمْرَاءَ مِنْ أدمٍ. قالَ: فَخَرَجَ بِلاَلٌ بِوَضُوئِهِ، فَمِنْ نَائِلٍ وَنَاضِحٍ. قالَ: فَخَرَجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم وعَلَيْهِ حُلّةٌ حَمْرَاءُ، كَأنّي أنْظُرُ إلَى بَيَاضِ سَاقيْهِ قالَ فَتَوَضّأَ وَأذّنَ بِلاَلٌ. قالَ: فَجَعَلْتُ أتَتَبّعُ فاهُ هَهُنَا وَهَهُنَا (يَقُولُ: يَمِيناً وَشِمَالاً) يَقُولُ: حَيّ عَلَى الصّلاَةِ، حَيّ عَلَى الْفَلاَحِ. قالَ: ثُمّ رُكِزَتْ لَهُ عَنَزَةٌ، فَتَقَدّمَ فَصَلّى الظّهْرَ رَكْعَتَيْنِ، يَمُرّ بَيْنَ يَدَيْهِ الْحِمَارُ وَالْكَلْبُ، لاَ يُمْنَعُ، ثُمّ صَلّى الْعَصْرَ رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ لَمْ يَزَلْ يُصَلّي رَكْعَتَيْنِ حَتّى رَجَعَ إلَى الْمَدِينَةِ.

1072 ـ1073 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثنَا بَهْزٌ: حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ أبي زَائِدَةَ: حَدّثنَا عَوْنُ بْنُ أبي جُحَيْفَةَ أنّ أبَاهُ رَأى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي قُبّةٍ حَمْرَاءَ مِنْ أدمٍ، وَرَأيْتُ بِلاَلاً أخْرَجَ وَضُوءاً. فَرَأيْتُ النّاسَ يَبْتَدِرُونَ ذَلِكَ الْوَضُوءَ، فَمَنْ أصَابَ مِنْهُ شَيْئاً تَمَسّحَ بِهِ، وَمَنْ لَمْ يُصِبْ مِنْهُ أخَذَ مِنْ بَلَلِ يَدِ صَاحِبِهِ، ثُمّ رَأيْتُ بِلاَلاً أخْرَجَ عَنَزَةً فَرَكَزَهَا، وَخَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي حُلّةٍ حَمْرَاءَ مُشَمّراً، فَصَلّى إلَى الْعَنَزَةِ بِالنّاسِ رَكْعَتَيْنِ، وَرَأيْتُ النّاسَ وَالدّوَابّ يَمُرّونَ بَيْنَ يَدَيِ الْعَنَزَةِ.

ئەبۇ جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەككىدىكى ئەبتەھ دېگەن جايدا، تېرىدىن بولغان قىزىل گۈمبەز ئىچىدە كۆردۈم ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەتتىن ئاشقان سۈيىنى ئالغانلىقىنى ۋە شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاشۇ تاھارەت سۈيىنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، كىم ئۇ تاھارەت سۈيىدىن ئالالىسا، ئۇنى(يۈز ـ كۆزلىرىگە) سۈرتىپ كېتەتتى، تاھارەت سۈيىدىن ئالالمىغان كىشى، ھەمراھىنىڭ قولىدىكى ھۆللۈكتىن ئالاتتى، ئاندىن مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزاندىن كېيىن بىر ھاسىنى ئېلىپ، ئۇنى سانجىپ قويغانلىقىنى، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزىل تون ئىچىدە ئالدىراپ چىقىپ، ھاسا تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ،كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە كىشىلەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ،ئېشەك ـ ئېتلارنىڭ ھاسىنىڭ (قىبلە تەرىپىدىكى)ئالدى تەرىپىدىن ئۆتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.ئاندىن كېيىن ئەسىر نامىزىنىمۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بەردى، تاكى مەدىنىگە قايتىپ كەلگىچە ئىككى رەكئەتتىن قەسىر قىلىپ ئوقۇدى. بۇخارى ، مۇسلىم.

1074 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ قالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ قالَ: سَمِعْتُ أبَا جُحَيْفَةَ قالَ: خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْهَاجِرَةِ إلَى الْبَطْحَاءِ. فَتَوَضّأَ فَصَلّى الظّهْرَ رَكْعَتَيْنِ، وَالْعَصْرَ رَكْعَتَيْنِ، وَبَيْنَ يَدَيْهِ عَنَزَةٌ. قالَ شُعْبَةُ: وَزَادَ فِيهِ عَوْنٌ عَنْ أبيهِ أبي جُحَيْفَةَ: وَكَانَ يَمُرّ مِنْ وَرَائِهَا الْمَرْأةُ وَالْحِمَارُ.

1075 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ قالاَ: حَدّثنَا ابْنُ مَهْدِيّ: حَدّثنَا شُعْبَةُ بِالإسْنَادَيْنِ جَمِيعاً، مِثْلَهُ. وَزَادَ فِي حَدِيثِ الْحَكَمِ: فَجَعَلَ النّاسُ يَأْخُذُونَ مِنْ فَضْلِ وَضُوئِهِ.

ئەبۇ جۇھەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىلك چۈشتە بەتھائە دېگەن جايغا چىقىپ، تاھارەت ئېلىپ، پېشىننى ۋە ئەسىرنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇپ بەردى، ئالدىدا ھاسا بار ئىدى. ھاسىنىڭ ئۇيان تەرىپىدىن ئاياللار، ۋە ھايۋانلارىيەنى ئېشەكلەر ئۆتۈۋەرگەن ئىدى.

1076 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: أقْبَلْتُ رَاكِباً عَلَى أتَانٍ، وَأنَا يَوْمَئِذٍ قَدْ نَاهَزْتُ الإحْتِلاَمَ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي بِالنّاسِ بِمِنَىً، فَمَرَرْتُ بَيْنَ يَدَيِ الصّفّ. فَنَزَلْتُ، فَأرْسَلْتُ الأتَانَ تَرْتَعُ، وَدَخَلْتُ فِي الصّفّ، فَلَمْ يُنْكِرْ ذَلِكَ عَلَيّ أحَدٌ.

1077 ـ1078 ـ1079 ـ حدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: أخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ[1] أنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ أخْبَرَهُ: أنّهُ أقْبَلَ يَسِيرُ عَلَى حِمَارٍ وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِمٌ يُصَلّي بِمِنىً [1] فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ يُصَلّي بِالنّاسِ. قالَ: فَسَارَ الْحِمَارُ بَيْنَ يَدَيْ بَعْضِ الصّفّ، ثُمّ نَزَلَ عَنْهُ، فَصَفّ مَعَ النّاسِ.

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن بىر چىشى ئىشەككە مىنگەن ھالدا يېتىپ كەلسەم، ـ مەن شۇكۇنلەردە ئىھتىلام بولۇشقا(يەنى بالاغەتكە )يېقىن قالغان ئىدىم ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا، كىشىلەرگە ھېچ بىر تام توساقسىزلا ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئىكەن، مەن سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئىشەكتىن چۈشۈپ، ئىشەكنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، سەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ(نامازغا تۇردۇم)، شۇ ئىشىمنى ماڭا، ھېچ بىرسى ئىنكار قىلمىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

## 218 ــ *باب منع المار بين يدي المصلي* ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىنى توسۇش توغرىسىدا

1080 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قال: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ يُصَلّي فَلاَ يَدَعْ أَحَداً يَمُرّ بَيْنَ يَدَيْهِ، وَلْيَدْرَأْهُ مَا اسْتَطَاعَ، فَإِنْ أَبَى فَلْيُقَاتِلْهُ، فَإِنّمَا هُوَ شَيْطَانٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئالدىدىن بىرەر كىشىنى ئۆتكىلى قويمىسۇن، قادىر بولىشىچە توسسۇن، ئەگەر ئۇنىمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ شەيتاندۇر، يەنى ئۇنىڭ قىلىقى شەيتاننىڭ قىلىقىدۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

1081 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ: حَدّثَنَا ابْنُ هِلاَلٍ (يَعْنِي حُمَيْداً) قالَ: بَيْنَمَا أَنَا وَصَاحِبٌ لِي نَتَذَاكَرُ حَدِيثاً. إِذْ قالَ أَبُو صَالِحٍ السّمّانُ: أَنَا أُحَدّثُكَ مَا سَمِعْتُ مِنْ أَبِي سَعِيدٍ، وَرَأَيْتُ مِنْهُ. قالَ: بَيْنَمَا أَنَا مَعَ أَبِي سَعِيدٍ يُصَلّي يَوْمَ الْجُمُعَةِ إِلَى شَيْءٍ يَسْتُرُهُ مِنَ النّاسِ، إِذْ جَاءَ رَجُلٌ شَابّ مِنْ بَنِي أَبِي مُعَيْطٍ، أَرَادَ أَنْ يَجْتَازَ بَيْنَ يَدَيْهِ، فَدَفَعَ فِي نَحْرِهِ، فَنَظَرَ فَلَمْ يَجِدْ مَسَاغاً إِلاّ بَيْنَ يَدَيْ أَبِي سَعِيدٍ، فَعَادَ، فَدَفَعَ فِي نَحْرِهِ أَشَدّ مِنَ الدّفْعَةِ الأُولَى، فَمَثَلَ قَائِماً، فَنَالَ مِنْ أَبِي سَعِيدٍ، ثُمّ زَاحَمَ النّاسَ، فَخَرَجَ. فَدَخَلَ عَلَى مَرْوَانَ، فَشَكَا إِلَيْهِ مَا لَقِيَ، قالَ وَدَخَلَ أَبُو سَعِيدٍ عَلَى مَرْوَانَ، فَقَالَ لَهُ مَرْوَانُ: مَا لَكَ وَلاِبْنِ أَخِيكَ؟ جَاءَ يَشْكُوكَ. فَقَالَ أَبُو سَعِيدٍ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا صَلّى أَحَدُكُمْ إِلَى شَيْءٍ يَسْتُرُهُ مِنَ النّاسِ، فَأَرَادَ أحد أَنْ يَجْتَازَ بَيْنَ يَدَيْهِ، فَلْيَدْفَعْ فِي نَحْرِهِ. فَإِنْ أَبَى فَلْيُقَاتِلْهُ، فَإِنّمَا هُوَ شَيْطَانٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىدىغان نەرسىگە (يەنى سۇترىگە) قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، بىرەر كىشى ئالدىدىن ئۆتۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى كۆكسىدە توسۇپ، ئىتتىرسۇن، يەنە ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، (يەنى قاتتىق ئۇرسۇن،) ئۇ دىگەن شەيتاندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

1082 ـ 1083 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ قالاَ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي فُدَيْكٍ [1] عَنِ الضّحّاكِ بْنِ عُثْمَانَ، عَنْ صَدَقَةَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ يُصَلّي فَلاَ يَدَعْ أَحَداً يَمُرّ بَيْنَ يَدَيْهِ، فَإِنْ أَبَى فَلْيُقَاتِلْهُ، فَإِنّ مَعَهُ الْقَرِينَ».

بۇنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، يۇقىرقى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، لېكىن، بۇ ھەدىستە ئۇنىڭ بىلەن يەنى ئۆتمەن دىگەن كىشى بىلەن جىن ــ شەيتان بىللە دىگەن، سەھىھ.

1084 ـ1085 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي النّضْرِ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ أَنّ زَيْدَ بْنَ خَالِدٍ الْجُهَنِيّ أَرْسَلَهُ إِلَى أَبِي جُهَيْمٍ يَسْأَلُهُ: مَاذَا سَمِعَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْمَارّ بَيْنَ يَدَيِ الْمُصَلّي؟ قالَ أَبُو جُهَيْمٍ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ يَعْلَمُ الْمَارّ بَيْنَ يَدَيِ الْمُصَلّي مَاذَا عَلَيْهِ، لَكَانَ أَنْ يَقِفَ أَرْبَعِينَ خَيْراً لَهُ مِنْ أَنْ يَمُرّ بَيْنَ يَدَيْهِ».
قالَ أَبُو النّضْرِ: لاَ أَدْرِي قالَ: أَرْبَعِينَ يَوْماً، أَوْ شَهْراً، أَوْ سَنَةً؟.

ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى، ئۆزىگە نېمە بولۇشنى، قانداق ئاقىۋەت بولۇشنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ 40 (ئاي ياكى 40 كۈن) تۇرۇشى نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن بەك ياخشى بولاتتى، (يەنى ئۆتمىسۇن). مالىك، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 219 ــ باب دنو المصلي من السترة ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىكى سۇترىگە يېقىن تۇرۇشى

1086 ـ حدّثني يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي حَازِمٍ: حَدّثَنِي أَبِي، عَنْ سَهْلِ ابْنِ سَعْدٍ السّاعِدِيّ قَالَ: كَانَ بَيْنَ مُصَلّى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَبَيْنَ الْجِدَارِ مَمَرّ الشّاةِ.

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ نامازگاھى بىلەن تامنىڭ ئارلىقى بىر قوي ئۆتكىدەك مىقداردا ئىدى.

1087 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا، وَقَالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ مَسْعَدَةَ) عَنْ يَزِيدَ (يَعْنِي ابْنَ أَبِي عُبَيْدٍ) عَنْ سَلَمَةَ (وَهُوَ ابْنُ الأَكْوَعِ) أَنّهُ كَانَ يَتَحَرّى مَوْضِعَ مَكَانِ الْمُصْحَفِ يُسَبّحُ فِيهِ. وَذَكَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَتَحَرّى ذَلِكَ الْمَكَانَ. وَكَانَ بَيْنَ الْمِنْبَرِ وَالْقِبْلَةِ قَدْرُ مَمَرّ الشّاةِ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسھەپنىڭ ئورنىدىن ئۆتۈپ، شۇ جايدا نەپلە ناماز ئوقۇيتتى، ئۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇ ئورۇننى ئىزدەيتتى، مۇنبەر بىلەن (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ نامازگاھى بىلەن)قىبلىنىڭ(يەنى تامنىڭ) ئارلىقى بىر قوي ئۆتكىدەك مىقداردا ئىدى.

1088 ـ حدّثناه مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثَنَا مَكّيّ قَالَ: يَزِيدُ أَخْبَرَنَا قَالَ: كَانَ سَلَمَةُ يَتَحَرّى الصّلاَةَ عِنْدَ الأُسْطُوَانَةِ الّتِي عِنْدَ الْمُصْحَفِ فَقُلْتُ لَهُ: يَا أَبَا مُسْلِمٍ! أَرَاكَ تَتَحَرّى الصّلاَةَ عَنْدَ هَذِهِ الأُسْطُوَانَةِ. قَالَ: رَأَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَتَحَرّى الصّلاَةَ عِنْدَهَا.

يەزىد مۇنداق دەيدۇ؛سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسھەپنىڭ يېنىدىكى تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىپ تاللايتتى، مەن ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورسام، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ شۇ ئورۇننى ئىزدىگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم دېدى. سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسسەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ، ئالدىدىكى سۇترىگە يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن، (شۇنداق قىلسا)شەيتان نامىزىنى ئۈزۈۋەتەلمەيدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم.

## 220 ــــ باب قدر ما يستر المصلي ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىكى سۇترىسىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا

1089 ـ 1090 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ. ح قَالَ وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ يُونُسَ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا قَامَ أَحَدُكُمْ يُصَلّي، فَإِنّهُ يَسْتُرُهُ إِذَا كَانَ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلُ آخِرَةِ الرّحْلِ، فَإِذَا لَمْ يَكُنْ بَيْنَ يَدَيْهِ مِثْلُ آخِرَةِ الرّحْلِ، فَإِنّهُ يَقْطَعُ الصّلاَةَ الْحِمَارُ وَالْمَرْأَةُ وَالْكَلْبُ الأَسْوَدُ». قُلْتُ: يَا أَبَا ذَرَ مَا بَالُ الْكَلْبِ الأَسْوَدِ مِنَ الْكَلْبِ الأَحْمَرِ مِنَ الْكَلْبِ الأَصْفَرِ؟ قَالَ: يَا ابْنَ أَخِي سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَمَا سَأَلْتَنِي فَقَالَ: «الْكَلْبُ الأَسْوَدُ شَيْطَانٌ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇشقا تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدا تۆگە ئۈستىگە سالىدىغان كاجۇۋ، يۆلەنچۈكى مىقداردا نەرسە بولسا، يەنى بىر گەز مىقداردا نەرسە، بولسا، سۇترە بولۇپ توسالايدۇ، ئەگەر ئۇنچىلىك نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭ نامىزىنى ئىشەك، ئايال كىشى، قارا ئىت ئۈزۈپ قويىدۇ، قىزىل ياكى باشقا ئىتتىن قارا ئىت دىگەنلىرى نىمىسى؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ قارا ئىت شەيتاندۇر دىدى، مۇسلىم، نەسەئى.

1091 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الأَصَمّ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ الأَصَمّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَقْطَعُ الصّلاَةَ الْمَرْأَةُ وَالْحِمَارُ وَالْكَلْبُ، وَيَقِي ذَلِكَ مِثْلُ مُؤْخِرَةِ الرّحْلِ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازنى بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى، ئىشەك، ئىت (ئالدىدىن ئۆتسە)ئۈزۈپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامازنى بۇزۇۋېتىشىدىن پەقەت ئىگە كاجۇنىڭ يۆلەنچۈكىچىلىك بىر گەز نەرسىنى سانجىپ قويۇش ساقلاپ قالىدۇ.

## 221 ـــ باب الاعتراض بين يدي المصلي ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا يېتىشىنىڭ دۇرۇسلىقى

1092 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ عَنْ عَائِشَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي مِنَ اللّيْلِ، وَأَنَا مُعْتَرِضَةٌ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ، كَاعْتِرَاضِ الْجَنَازَةِ.

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىسى ناماز ئۇقىيتتى، ۋەھالەنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىبلە ئارىسىدا ، خۇددى جىنازا توغرىسىغا تۇرغاندەك ، توغرىسىغا ياتاتتىم. بۇخارى، مۇسلىم.

1093 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي صَلاَتَهُ مِنَ اللّيْلِ كُلّهَا، وَأَنَا مُعْتَرِضَةٌ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ، فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يُوتِرَ أَيْقَظَنِي فَأَوْتَرْتُ.

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىسى ناماز ئۇقىيتتى، ۋەھالەنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىبلە ئارىسىدا ، خۇددى جىنازا توغرىسىغا تۇرغاندەك ، توغرىسىغا ياتاتتىم.ۋىتىر ئوقۇشنى مەقسەت قىلسا، مىنى ئويغۇتۇپ قۇياتتى،مەن ۋىتىر ئوقۇۋالاتتىم.

1094 ـ وحدّثني عَمْرُو بنُ عَلِيَ. حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ حَفْصٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ قَالَ: قَالَتْ عَائِشَةُ: مَا يَقْطَعُ الصّلاَةَ؟ قَالَ فَقُلْنَا: الْمَرْأَةُ وَالْحِمَارُ. فَقَالَتْ: إِنّ الْمَرْأَةَ لَدَابّةُ سَوْءٍ! لَقَدْ رَأَيْتُنِي بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُعْتَرِضَةً، كَاعْتِرَاضِ الْجِنَازَةِ، وَهُوَ يُصَلّي.
1095 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ قَالاَ: حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ. ح قَالَ وَحَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ: حَدّثَنِي إِبْرَاهِيمُ، عَنْ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ.
قَالَ الأَعْمَشُ: وَحَدّثَنِي مُسْلِمٌ عَنْ مَسْرُوقٍ عَنْ عَائِشَةَ. وَذُكِرَ عِنْدَهَا مَا يَقْطَعُ الصّلاَةَ. الْكَلْبُ وَالْحِمَارُ وَالْمَرْأَةُ. فَقَالَتْ عَائِشَةُ: قَدْ شَبّهْتُمُونَا بِالْحَمِيرِ وَالْكِلاَبِ. وَاللهِ لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي وَإِنّي عَلَى السّرِيرِ. بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ مُضْطَجِعَةً. فَتَبْدُو لِي الْحَاجَةُ. فَأَكْرَهُ أَنْ أَجْلِسَ فَأُوذِيَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأَنْسَلّ مِنْ عِنْدِ رِجْلَيْهِ.

**1096 ـ حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: عَدَلْتُمُونَا بِالْكِلاَبِ وَالْحُمُرِ! لَقَدْ رَأَيْتُنِي مُضْطَجِعَةً عَلَى السّرِيرِ، فَيَجِيءُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَيَتَوَسّطُ السّرِيرَ، فَيُصَلّي، فَأَكْرَهُ أَنْ أَسْنَحَهُ، فَأَنْسَلّ مِنْ قِبَلِ رِجْلَي السّرِيرِ، حَتّى أَنْسَلّ مِنْ لِحَافِي.**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ناماز ئۇقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئىت ـ ئېشەك، ئايال كىشى ئۆتسە، نامازنى ئۈزۈپ بۇزۇۋىتىدۇ دېيىلدى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: بىزنى ئىت ـ ئېشەككە ئوخشۇتۇپ، ھايۋانغا تەڭلەشتۈردۈڭلارمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئۇقىيتتى، ۋەھالەنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىبلە ئارىسىدا ، خۇددى جىنازا توغرىسىغا تۇرغاندەك ، توغرىسىغا ياتاتتىم. يەنەبىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئۇقىيتتى، ۋەھالەنكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قىبلە ئارىسىدا، كارۋات ئۈستىدە توغرىسىغا ياتاتتىم، بىرەر ھاجىتىم بولۇپ قالسا، ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا ئازار بېرىشنى ياقتۇرماي، كارۋاتنىڭ پۇتى تەرەپتىن ئاستا سۇغۇرلۇپ چۈشۈپ ئادا قىلاتتىم.

**1097 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي النّضرِ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كُنْتُ أَنَامُ بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَرِجْلاَيَ فِي قِبْلَتِهِ، فَإِذَا سَجَدَ غَمَزَنِي فَقَبَضْتُ رِجْلَيّ، وَإِذَا قَامَ بَسَطْتُهُمَا. قَالَتْ: وَالْبُيُوتُ يَوْمَئِذٍ لَيْسَ فِيهَا مَصَابِيحُ.**

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا، ئۇخلىغان كىشىنىڭ تۇرىقىدا ياتاتتىم، ئىككى پۇتۇم قىبلە تەرىپىدە ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا، پۇتۇمنى چىمدىپ قويااتتى دە! مەن پۇتۇمنى يىغىپ تارتىۋالاتتىم، ئورنىدىن تۇرغاندا بولسا، پۇتۇمنى يانا سۇنىۋالاتتىم، شۇكۈنلەردە، ئۆيدە چىراق يوق ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**1098 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. ح قال: وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبّادُ بْنُ الْعَوّامِ جَمِيعاً عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَدّادِ بْنِ الْهَادِ قَالَ: حَدّثَتْنِي مَيْمُونَةُ زَوْجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي وَأَنَا حِذَاءَهُ وَأَنَا حَائِضٌ وَرُبّمَا أَصَابَنِي ثَوْبُهُ إِذَا سَجَدَ.**

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇيتتى، مەن بولسام ھەيزدار ھالەتتە ئارابىرىدە ياتاتتىم، كۆپىنچە رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغاندا، ماڭا كىيىمى تېگىشىپ تۇراتتى.

**1099 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ: حَدّثَنَا طَلْحَةُ بْنُ يَحْيَى، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: سَمِعْتُهُ عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي مِنَ اللّيْلِ وَأَنَا إِلَى جَنْبِهِ. وَأَنَا حَائِضٌ، وَعَلَيّ مِرْطٌ، وَعَلَيْهِ بَعْضُهُ إِلَى جَنْبِهِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئۇقۇيتتى، مەن بولسام ھەيزدار ھالەتتە يېنىدا ياتاتتىم، ئۈستۈمدە يۇڭدىن بولغان بىر كاسايا بارئىدى، ئۇنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا،ئۈستىدە ئىدى. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇڭدىن بولغان بىر كاسايادا ناماز ئۇقىيتتى. مەن ھەيزدار چاغلاردا،ئۇنىڭ بەزىسى مېنىڭ ئۈستىمدە،بىر

قسمى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۈستىدە تۇراتتى.(يەنى بىللە يېپىنىپ ياتاتتۇق،ئۇ پاكىز بولسىلا ناماز ئۇقۇۋىرەتتى) . بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

## 222 ــ باب الصلاة في ثوب واحد وصفة لبسه بىرلا كىيىمدە نامازئوقۇش ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى

1100 ــ1101 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قال: قَرأتُ عَلى مَالِكٍ عَن ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أنّ سَائِلاً سَأَلَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَن الصّلاَةِ فِي الثّوْبِ الْوَاحِدِ؟ فقَالَ: «أَوَلِكُلّكُمْ ثَوْبَانِ؟».
1102 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قالَ عَمْرٌو: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: نَادَى رَجُلٌ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ: أَيُصَلّي أَحَدُنَا فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ؟ فقالَ: «أَوَ كُلّكُمْ يَجِدُ ثَوْبَيْنِ؟».

ئەبۇ ھۇرەيرە، تەلەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرلا كىيىمدە ناماز ئوقۇساق بۇلامدۇ؟دەپ سورىغاندا مۇنداق دېگەن : ھەممىڭلارنىڭ ئىككىدىن كىيىمى بارمۇ؟. ھەممىڭلار ئىككىدىن كىيىم تاپالامدۇ؟(يەنى بىر كىيىمدە ، تۆن رىدالاردا ناماز بولۇۋېرىدۇ دىگەن بولىدۇ) بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ئاياللارمۇ بېشىغا رومال سالسا، پۇتىنىڭ دۈمبىسى يېپىلىپ تۇرغۇدەك كەڭ، ئۇزۇن پەلتۇ، رىدالار بىلەن ئىچىدە كىيىم يوق ھالدا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

1103 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ أَبي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ: أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «لاَ يُصَلّي أَحَدُكُمْ فِي الثّوْبِ الْوَاحِدِ، لَيْسَ عَلَى عَاتِقَيْهِ مِنْهُ شَيْءٌ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىككى مۈرىسىدە، كىيىمدىن بىرەر نەرسە يوق ھالەتتە،(مۈرىسىنى ئۇچۇق قويۇپ) بىرلا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم ،ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى

1104 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ عُمَرَ بْنَ أَبي سَلَمَةَ أَخْبَرَهُ قالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ مُشْتَمِلاً بِهِ، فِي بَيْتِ أُمّ سَلَمَةَ، وَاضِعاً طَرَفَيْهِ عَلَى عَاتِقَيْهِ.
1105 ـ حدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ وَكِيعٍ. قالَ: حَدّثنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ بِهَذَا الإِسْنَادِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: مُتَوَشّحاً. وَلَمْ يَقُلْ: مُشْتَمِلاً.
1106 ـ وحدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عُمَرَ بْنِ أَبي سَلَمَةَ قالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي بَيْتِ أُمّ سَلَمَةَ فِي ثَوْبٍ، قَدْ خَالَفَ بَيْنَ طَرَفَيْهِ.

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ، بىر كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ۋە ئۇ كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئالماشتۇرۇپ ئارتىۋالغان ھالدا،ناماز ئۇقۇغىنىنى كۆرگەن ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1107 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عِيسَى بْنُ حَمّادٍ قالاَ: حَدّثنَا اللّيْثُ، عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ عَنْ أَبي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ، عَنْ عُمَرَ بْنِ أَبي سَلَمَةَ قالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ مُلْتَحِفاً، مُخَالِفاً بَيْنَ طَرَفَيْهِ.
زَادَ عِيسَى بْنُ حَمّادٍ فِي رِوَايَتِهِ، قالَ: عَلَى مَنْكِبَيْهِ.

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ۋە ئۇ كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئالماشتۇرۇپ ئارتىۋالغان ھالدا ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن ئىدىم.

**1108 ـ1109 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: رَأَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ، مُتَوَشّحاً بِهِ.**
**1110 ـ حدّثنى حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرٌو أَنّ أَبَا الزّبَيْرِ الْمَكّيّ حَدّثَهُ: أَنّهُ رَأَى جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يُصَلّي فِي ثَوْبٍ، مُتَوَشّحاً بِهِ، وَعِنْدَهُ ثِيَابُهُ. وَقالَ جَابِرٌ: إِنّهُ رَأَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصْنَعُ ذٰلَكَ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

**1111 ـ1112 ـ حدّثنى عَمْرٌو النّاقِدُ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لِعَمْرٍو) قالَ: حَدّثَنِي عِيسَى بْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ: حَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّهُ دَخَلَ عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، قالَ: فَرَأَيْتُهُ يُصَلّي عَلَى حَصِيرٍ يَسْجُدُ عَلَيْهِ. قالَ: وَرَأَيْتُهُ يُصَلّي فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ، مُتَوَشّحاً بِهِ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ بورا ئۈستىگە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ۋە شۇنداقلا بىرلا كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ، ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

## 6 ـــــ كتاب المساجد ومواضع الصلاة مەسجىدلەرنىڭ كىتابى ۋە ناماز ئورۇنلىرى توغرىسىدا

**223 – باب 1113 ـ حدّثني أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ. ح قالَ وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي ذَرَ قالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَيّ مَسْجِدٍ وُضِعَ فِي الأَرْضِ أَوّلُ؟ قالَ: «الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ» قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قالَ: «الْمَسْجِدُ الأَقْصَى» قُلْتُ: كَمْ بَيْنَهُمَا؟ قالَ: «أَرْبَعُونَ سَنَةً، وَأَيْنَمَا أَدْرَكَتْكَ الصّلاَةُ فَصَلّ فَهُوَ مَسْجِدٌ». وَفِي حَدِيثِ أَبِي كَامِلٍ «ثُمّ حَيْثُمَا أَدْرَكَتْكَ الصّلاَةُ فَصَلّهْ. فَإِنّهُ مَسْجِدٌ».**
**1114 ـ حدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ: أَخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ يَزِيدَ التّيْمِيّ قالَ: كُنْتُ أَقْرَأُ، عَلَى أَبِي، الْقُرْآنَ فِي السّدّةِ، فَإِذَا قَرَأْتُ السّجْدَةَ سَجَدَ. فَقُلْتُ لَهُ: يَا أَبَتِ أَتَسْجُدُ فِي الطّرِيقِ؟ قالَ: إِنّي سَمِعْتُ أَبَا ذَرَ يَقُولُ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَوّلِ مَسْجِدٍ وُضِعَ فِي الأَرْضِ؟ قالَ: «الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ» قُلْتُ: ثُمّ أَيّ؟ قالَ: «الْمَسْجِدُ الأَقْصَى» قُلْتُ: كَمْ بَيْنَهُمَا؟ قالَ: «أَرْبَعُونَ عَاماً، ثُمّ الأَرْضُ لَكَ مَسْجِدٌ، فَحَيْثُمَا أَدْرَكَتْكَ الصّلاَةُ فَصَلّ».**

ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادامغا قۇرئان ئوقۇسام، يولدىلا سەجدە قىلدى، مەن دادامدىن؛ يولدىمۇ سەجدە قىلامسىز؟دەپ سورسام، دادام ماڭا؛ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!تۇنجى بۇلۇپ زىمىنغا قايسى مەسجىد سېلىنغان؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: زىمىنغا قويۇلغان، سېلىنغان تۇنجى مەسجىد، مەسجىدى ھەرەمدۇر، دىدى. مەن : ئاندىن كېيىنكىسى چۇ؟دىسەم، مەسجىدى ئەقسادۇر، (يەنى بەيتۇلمۇقەددە ستىكى مەسجىدتۇر) دىدى. مەن: بۇ ئىككى مەسجىدنىڭ ئارلىقىدىكى ۋاقىت

قانچىلىك؟دىسەم، 40 يىلدۇر، دەپ : ئاندىن كېيىن پۈتۈن زېمىن ساڭا مەسجىدتۇر،مانا ئەمدى سىنى ناماز قايىسى

جايدا تاپسا ، شۇ جايدىلا نامازنى ئوقۇۋەرگىن،      (ھەققەتەن پەزىلەت شۇنداق قىلىشىڭدا بولىدۇ    )،دىدى.

ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە.

**1115 – 1116 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ سَيّار، عَنْ يَزِيدَ الْفَقِيرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أُعْطِيتُ خَمْساً لَمْ يُعْطَهُنّ أَحَدٌ قَبْلِي: كَانَ كُلّ نَبِيَ يُبْعَثُ إِلَىَ قَوْمِهِ خَاصّة، وَبُعِثْتُ إِلَىَ كُلّ أَحْمَرَ وَأَسْوَدَ. وَأُحِلّتْ لِيَ الْغَنَائِمُ، وَلَمْ تُحَلّ لأَحَدٍ قَبْلِي. وَجُعِلَتْ لِيَ الأَرْضُ طَيّبَةً طَهُوراً وَمَسْجِداً [1] فَأَيّمَا رَجُلٍ أَدْرَكَتْهُ الصّلاَةُ صَلّى حَيْثُ كَانَ. وَنُصِرْتُ بِالرّعْبِ بَيْنَ يَدَيْ مَسِيرَةِ شَهْرٍ. وَأُعْطِيتُ الشّفَاعَةَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايىسسىغا بېرىلمىگەن بەش ئىش ماڭا بېرىلدى.

1. ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاسلا ئەۋەتىلگەن، مەن بولسام سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك بارلىق كىشلەرگە ئاممەتەن ئەۋەتىلدىم «يەنى بىرەر ئىنسان مارىسقا چىقىۋالسىمۇ ، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىدۇر»

2. ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان «غەنىيمەتنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى».

3. مەن ئۈچۈن يەنى بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن زېمىن، مەسجىد قىلىندى، ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاكلىغۇچى پاكىز قىلىندى.ئۈممىتىمدىن كىمگە ناماز ۋاختى كىرسە، شۇ جايدا ناماز ئوقۇۋەرسە بولىدۇ، «بۇرۇنقىلار مەسجىددىن باشقا جايدا ناماز ئوقىيالمايتتى»

4. ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقدىن كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى.

5. ماڭا شاپائەت بېرىلدى. بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، بەيھەقى

**1117 ـ 1118 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ، عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ رِبْعِيَ، عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فُضّلْنَا عَلَى النّاسِ بِثَلاَثٍ: جُعِلَتْ صُفُوفُنَا كَصُفُوفِ الْمَلاَئِكَةِ. وَجُعِلَتْ لَنَا الأَرْضُ كُلّهَا مَسْجِداً وَجُعِلَتْ تُرْبَتُهَا لَنَا طَهُوراً، إِذَا لَمْ نَجِدِ الْمَاءِ». وَذَكَرَ خَصْلَةً أُخْرَى.**

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىز بارلىق كىشلەر

ئۈستىگە ئۈچ ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندۇق،     1 ـ بىزنىڭ نامازدىكى سەپلىرىمىز پەرىشتىلەر سەپلىرىگە

ئوخشاش قىلىندى. 2 ـ بىز ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىد قىلىندى، 3 ـ سۇ تاپالمىساق ئۇنىڭ تۇپرىقى،

تاھارەت ئورنىدا تەيەممۇم، پاكلىغۇچى قىلىندى. (ماڭا سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇشۇ ئايەتلەر ئەرشنىڭ

تەھتىدىكى كاڭدىن بېرىلدى، بۇ ئايەتلەر مەندىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن،بۇ ئايەتلەر سۈرە

بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايەتتۇر) مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى.

1119 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قالوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «فُضّلْتُ عَلَى الأَنْبِيَاءِ بِسِتَ: أُعْطِيتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ. وَنُصِرتُ بِالرّعْبِ. وَأُحِلّتْ لِيَ الْغَنَائِمُ. وَجُعِلَتْ لِيَ الأَرْضُ طَهُوراً وَمَسْجِداً. وَأُرْسِلْتُ إِلَى الْخَلْقِ كَافّةً. وَخُتِمَ بِيَ النّبِيّونَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە ئالتە نەرسە بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم، ماڭا كەلىمىلەر تولىمى لەۋزى قىسقا ئەخچام، مەنىسى مول قۇرئان بېرىلدى، ماڭا كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەن ئۈچۈن زېمىن مەسجىد ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاك ــ پاكىز قىلىندى، مەن بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر تامام قىلىنىپ، ئاخىرلاشتى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستە ھۆكۈم ئوچۇقتۇر، ئۆزىلا چۈشىنىشلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەرگە ھەدىسنىڭ ئۆزى دەلىل ــ ئىسپات ھۆججەتتۇر.

1120 ـ 1121 ـ 1122 ـ ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: حَدّثَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: بُعِثْتُ بِجَوَامِعِ الْكَلِمِ. وَنُصِرْتُ بِالرّعْبِ. وَبَيْنَا أَنَا نَائِمٌ أُوتِيتُ بِمَفَاتِيحِ خَزَائِنِ الأَرْضِ فَوُضِعَتْ بَيْنَ يَدَيّ». قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: فَذَهَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَأَنْتُمْ تَنْتَثِلُونَهَا.
1123 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ أَبِي يُونُسَ مَوْلَى أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ حَدّثَهُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ «نُصِرْتُ بِالرّعْبِ عَلَى الْعَدُوّ، وَأُوتِيتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ، وَبَيْنَمَا أَنَا نَائِمٌ أُتِيتُ بِمَفَاتِيحِ خَزَائِنِ الأَرْضِ، فَوُضِعَتْ فِي يَدَيّ».
1124 ـ حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: حَدّثَنَا مَعْمَرٌ، عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ.. مِنْهَا وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «نُصِرْتُ بِالرّعْبِ وَأُوتِيتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول بولغان كەلىمىلەر توپلىمى قۇرئان بىلەن ئەۋەتىلدىم، ماڭا دۈشمەنلەر قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، مەن ئۇخلاۋاتسام، زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى كەلتۈرۈلۈپ، قولۇمغا قويۇلدى، نەسەئى، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم.

## 224 ـــــ باب ابتناء مسجد النّبيّ صلى الله عليه وسلم

### رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدا

1125 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ، كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْوَارِثِ قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِي التّيّاحِ الضّبَعِيّ: حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدِمَ الْمَدِينَةَ، فَنَزَلَ فِي عُلْوِ الْمَدِينَةِ، فِي حَيَ يُقَالُ لَهُمْ: بَنُو عَمْرِو بْنِ عَوْفٍ، فَأَقَامَ فِيهِمْ أَرْبَعَ عَشْرَةَ لَيْلَةً. ثُمّ إِنّهُ أَرْسَلَ إِلَى مَلإِ بَنِي النّجّارِ، فَجَاءُوا مُتَقَلّدِينَ بِسُيُوفِهِمْ. قَالَ: فَكَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى رَاحِلَتِهِ، وَأَبُو بَكْرٍ رِدْفُهُ، وَمَلأُ بَنِي النّجّارِ حَوْلَهُ، حَتّى أَلْقَى بِفِنَاءِ أَبِي أَيّوبَ. قَالَ فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي حَيْثُ أَدْرَكَتْهُ الصّلاَةُ. وَيُصَلّي فِي مَرَابِضِ الْغَنَمِ. ثُمّ إِنّهُ أَمَرَ بِالْمَسْجِدِ. قَالَ فَأَرْسَلَ إِلَى مَلإِ بَنِي النّجّارِ فَجَاءُوا فَقَالَ: «يَا بَنِي النّجّارِ! ثَامِنُونِي بِحَائِطِكُمْ هَذَا». قَالُوا: لاَ، وَاللّهِ لاَ نَطْلُبُ ثَمَنَهُ إِلاّ إِلَى اللّهِ. قَالَ أَنَسٌ: فَكَانَ فِيهِ مَا أَقُولُ: كَانَ فِيهِ نَخْلٌ وَقُبُورُ الْمُشْرِكِينَ وَخِرَبٌ، فَأَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالنّخْلِ فَقُطِعَ، وَبِقُبُورِ الْمُشْرِكِينَ فَنُبِشَتْ. وَبِالْخِرَبِ فَسُوّيَتْ، قَالَ فَصَفّوا النّخْلَ قِبْلَةً، وَجَعَلُوا عِضَادَتَيْهِ حِجَارَةً قَالَ فَكَانُوا يَرْتَجِزُونَ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَعَهُمْ. وَهُمْ يَقُولُونَ: اللّهُمّ! إِنّهُ لاَ خَيْرَ إِلاّ خَيْرُ الآخِرَةِفَانْصُرِ الأَنْصَارَ وَالْمُهَاجِرَةِ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كېلىپ، مەدىنىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى ئەمرۇ جەمەتى دېيىلىدىغان قەبىلىگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 14 كۈن تۇردى، ئاندىن بەنى نەججار جامائەتىگە كىشى ئەۋەتتى، ئۇلار قىلىچلىرىنى ئاسقان ھالدا كەلدى، گۇيا كى مەن رەسۇلۇللاھقا قاراۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ئەبۇبەكرى ئارقىسىغا مىنگەشكەنلىك ئىدى، بەنى نەججار جامائەتى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئىشىك ئالدىغا چۈشتى، رەسۇلۇللاھ مەسجىد سېلىنىشتىن بۇرۇن قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسا، شۇجايدىلا ناماز ئوقۇيتتى، بەزىدە قوي قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى.ئاندىن مەسجىد سېلىشقا بۇيرۇپ، بەنى نەججار جامائەتىگە كىشى ئەۋەتتى، ئۇلار كەلدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئى بەنى نەججار جەمەتى! بۇ بوستانلىقىڭلارنىڭ باھاسىنى ئېيتىپ، ماڭا بۇنى سېتىپ بېرىڭلار دېدى، ئۇلار؛ ياق، **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ باغنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلمايمىز، بەلكى بىز بۇنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈن بېرىۋېتىپ، ئەجرىنى **الله** تىنلا تەلەپ قىلىمىز دېدى. ئۇ جايدا خورما دەرەخلىرى، مۇشرىكلەرنىڭ قەۋرىللىرى ۋە خارابىستانلىق بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ؛خورما دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا، مۇشرىكلەرنىڭ قەۋرىللىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا، خارابىستانلىقنى تۈپ ـ تۈز قىلىپ تۈزلەشكە بۇيرىدى، (ئۇلار شۇنداق قىلىپ)خورمىلارنى قىبلە (ئالدى) تەرەپكە تىزدى، (ياغاچ ـ شاخلىرىنى مەسجىدكە سالدى)مەسجىدنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى يان تەرىپىنى تاشتىن قىلدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە مۇنداق شېئىر دېكلىماتسىيە قىلدى؛«ئى **الله**!ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن باشقا ياخشىلىق يوقتۇر، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارغا ياردەم بەرسەڭ،(ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسىلا).

**1126 ـ 1127 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ: حَدّثَنِي أَبُو التّيّاحِ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي فِي مَرَابِضِ الْغَنَمِ، قَبْلَ أَنْ يُبْنَى الْمَسْجِدُ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد سېلىنىشتىن بۇرۇن قوي قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى.

## 225 ـــ باب تحويل القبلة من القدس إلى الكعبة

## قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن مەككىدىكى كەئبىگە يۆتكىلىشى توغرىسىدا

**1128 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ، قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِلَى بَيْتِ الْمَقْدِسِ سِتّةَ عَشَرَ شَهْراً، حَتّى نَزَلَتِ الآيَةُ الّتِي فِي الْبَقَرَةِ: {وَحَيْثُمَا كُنْتُمْ فَوَلّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ} (البقرة الآية: 144) فَنَزَلَتْ بَعْدَمَا صَلّى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَانْطَلَقَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ فَمَرّ بِنَاسٍ مِنَ الأَنْصَارِ وَهُمْ يُصَلّونَ، فَحَدّثَهُمْ، فَوَلّوْا وُجُوهَهُمْ قِبَلَ الْبَيْتِ.**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە « (ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. »دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر، بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ 16 ئاي ناماز ئوقۇدۇم، بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇشنى باشلىغاندىن كېيىن نازىل بولغان ئىدى، ئاندىن بىركىشى كېتىۋېتىپ، ئەنسارلاردىن ناماز ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۇلارغا قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇلار نامازدا تۇرۇپلا يۈزلىرىنى كەئبە تەرەپكە قارىتىپتۇ.

**1129 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ أبُو بَكْرِ بْنُ خلاّدٍ، جَمِيعاً عَنْ يَحيَى قالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا يَحيَى بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ سُفْيَانَ: حَدّثنِي أبُو إسْحَقَ قالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يَقُولُ: صَلّيْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَحْوَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ سِتّةَ عَشَرَ شَهْراً أوْ سَبْعَةَ عَشَرَ شَهْراً، ثُمّ صُرِفْنَا نَحْوَ الْكَعْبَةِ.**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ، 16 ياكى 17 ئاي ناماز ئوقۇدۇق، ئاندىن كېيىن بىز كەئبە تەرەپكە چۆرۈلدۇق.

**1130 ـ 1131 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فرّوخَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُسْلِمٍ: حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. ح وَحَدّثنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) عَنْ مَالِكِ بْنِ أنَسٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قالَ: بَيْنَمَا النّاسُ فِي صَلاَةِ الصّبْحِ بِقُبَاءٍ إذْ جَاءَهُم آتٍ فقالَ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قدْ أُنْزِلَ عَلَيْهِ اللّيْلَةَ وَقدْ أُمِرَ أنْ يَسْتَقْبِلَ الْكَعْبَةَ فاسْتَقْبِلُوهَا. وَكَانَتْ وُجُوهُهُمْ إلَى الشّامِ، فاسْتَدَارُوا إلَى الْكَعْبَةِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر چاغدا كىشىلەر قۇبا مەسجىدىدە بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر كىشى كېلىپ؛ بۈگۈن كېچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئايەت نازىل قىلىنىپ، كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلۇپتۇ دېدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى شام تەرەپكە قاراقلىق ئىدى، ئاندىن كېيىن ئۇلار بۇسۆزنى ئاڭلاپلا،ئاستا چۆگىلەپ كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدى.

**1132 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا عَفّانُ: حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثابتٍ، عَنْ أنَسٍ: أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي نَحْوَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ، فنَزَلَتْ: {قدْ نَرَى تَقلّبَ وَجْهِكَ فِي السّمَاءِ فلَنُوَلّيَنّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فوَلّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ} (البقرة الآية: 144) فمَرّ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ وَهُمْ رُكُوعٌ فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ، وَقدْ صَلّوْا رَكْعَةً، فنَادَى: ألاَ إنّ الْقِبْلَةَ قدْ حُوّلَتْ، فمَالُوا كَمَا هُمْ نَحْوَ الْقِبْلَةِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن « بىز سېنىڭ (كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ھەققەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ)

پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى  چوقۇم بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس».

دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى، ئۇلار بامدات نامىزىدىن بىر رەكئەت ئوقۇپ بولۇپ، ئىككىنجى رەكئەتنىڭ رۇكۇسىدا تۇرغاندا، بەنى سەلەمەتتىن بىر كىشى ئۆتۈپ قېلىپ؛ ئاگاھ بولۇڭلار!قىبلى كەئبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىپتۇ!دەپ نىدا قىلدى، ئۇلار نامازدا تۇرۇپلا يۈزلىرىنى كەئبە تەرەپكە قاراتتى.(مانا بۇ ھەقىقى ئىتائەتتۇر)

## 226 ـــــ باب النهي عن بناء المساجد على القبور، واتخاذ الصور فيها، والنهي عن اتخاذ القبور مساجد

**قەۋرىلەر ئۈستىگە مەسجىد سېلىشتىن، قەۋرىلەرنى مەسجىد قىلىۋېلىشتىن، مەسجىدكەسۈرەت كىرگۈزۈشتىن توسۇش**

**1133 ـ1134 ـ1135 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا هِشَامٌ: أَخْبَرَنَا أَبِي عَنْ عَائِشَةَ، أَنّ أُمّ حَبِيبَةَ وَأُمّ سَلَمَةَ ذَكَرَتَا كَنِيسَةً رَأَيْنَهَا بِالْحَبَشَةِ، فِيهَا تَصَاوِيرُ، لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أُولَئِكَ، إِذَا كَانَ فِيهِمُ الرّجُلُ الصّالِحُ، فَمَاتَ، بَنَوْا عَلَى قَبْرِهِ مَسْجِداً، وَصَوّرُوا فِيهِ تِلْكَ الصّوَرَ أُولَئِكَ شِرَارُ الْخَلْقِ عِنْدَ الله يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ ئاغرىپ ياتقاندا، ئاياللىرىنىڭ بەزىسى يەھۇدىي ـ ناسارالارنىڭ چېركاۋلىرىنى تىلغا ئالدى، ئۇنى مارىيە دېيىلىدۇ، ئۇممە سەلەمەت بىلەن ئۇممە ھەبىبە  رەزىيەللاھۇ ئەنھا لار ھەبەشىستان زىمىنىغا بارغان ئىكەن،ئۇلار ئۇ چېركاۋنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۈرەت،رەسىملەرنى تىلغا ئالغاندا،  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بېشىنى كۆتۈرۈپ  مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاشۇ يەھۇدىي ـ ناسارالار بولسا، ئارىسىدا بىرەر ياخشى، سالىھ كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد  يەنى چېركاۋ سالغان، مەسجىد ئىچىگە شۇ كىشىنىڭ سۈرىتىنى سىزىدۇ، ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىدە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

**1136 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ قالاَ: حَدّثَنَا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ: حَدّثَنَا شَيْبَانُ، عَنْ هِلاَلِ بْنِ أَبِي حُمَيْدٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي مَرَضِهِ الّذِي لَمْ يَقُمْ مِنْهُ «لَعَنَ اللّهُ الْيَهُودَ وَالنّصَارَى. اتّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ». قَالَتْ: فَلَوْلاَ ذَاكَ أُبْرِزَ قَبْرُهُ، غَيْرَ أَنّهُ خُشِيَ أَنّ يُتّخَذَ مَسْجِداً. وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ أَبِي شَيْبَةَ: وَلَوْلاَ ذَاكَ: لَمْ يَذْكُرْ: قَالَتْ.**
**1137 ـ1139 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ وَ مَالِكٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «قَاتَلَ اللّهُ الْيَهُودَ. اتّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ».**
**1138 ـ وحدّثني قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا الْفَزَارِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ الأَصَمّ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ الأَصَمّ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لَعَنَ اللّهُ الْيَهُودَ وَالنّصَارَى. اتّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ».**

ئۇسامە، ئائىشە، ئىبنى ئاbbas ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن،     رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرالمىغان يەنى ۋاپات تاپقان كېسىلىدە مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىي ، ناسارالارغا لەنەت قىلدى، (ھەم لەنەت قىلسۇن)چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىللىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**1140 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ: أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيٍ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ النّجْرَانِيّ قَالَ: حَدّثَنِي**

جُنْدَبٌ قال: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، قَبْلَ أنْ يَمُوتَ بِخَمْسٍ، وَهُوَ يَقُولُ: «إنّي أبْرَأُ إلَى الله أنْ يَكُونَ لِي مِنْكُمْ خَلِيلٌ، فَإنّ الله تَعَالَى قَدِ اتّخَذَنِي خَلِيلاً، كَمَا اتّخَذَ إبْرَاهِيمَ خَلِيلاً، وَلَوْ كُنْتُ مُتّخِذاً مِنْ أمّتِي خَلِيلاً لاَتّخَذْتُ أبَا بَكْرٍ خَلِيلاً. ألاَ وَإنّ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ كَانُوا يَتّخِذُونَ قُبُورَ أنْبِيَائِهِمْ وَصَالِحِيهِمْ مَسَاجِدَ، ألاَ فَلا تَتّخِذُوا الْقُبُورَ مَسَاجِدَ. إنّي أنْهَاكُمْ عَنْ ذَلِكَ».

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ۋاپاتىدىن بەش كۈن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ھەقىقەتەن مەن ئۆچۈن سىلەردىن يېقىن دوست بولۇپ قېلىشىدىن، ئاللاھقا قاچىمەن، چۈنكى، ئاللاھتائالا مېنى ئىبراھىمنى دوست تۇتقاندەك يېقىن دوست تۇتتى، (ماڭا شۇ كۇپايە)، ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن يېقىن، سىرداش دوست تۇتماقچى بولسام ، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، (لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر) ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەردىن بۇرۇنقى كىشلەر پەيغەمبەرلىرىنىڭ، سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالاتتى، ئاگاھ بولۇڭلار، سىلەر ھەرگىز قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئۇنداق قىلىشدىن قاتتىق توسىمەن.

## 227 ـــ باب فضل بناء المساجد والحث عليها مەسجىد بىنا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىش

1141 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ وَ أحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ قالاَ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ: أخْبَرَنِي عَمْرٌو أنّ بُكَيْراً حَدّثَهُ أنّ عَاصِمَ بْنَ عُمَرَ بْنِ قَتَادَةَ حَدّثَهُ أنّهُ سَمِعَ عُبَيْدَ اللّهِ الْخَوْلاَنِيّ يَذْكُرُ، أنّهُ سَمِعَ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ، عِنْدَ قَوْلِ النّاسِ فِيهِ حِينَ بَنَى مَسْجِدَ الرّسُولِ صلى الله عليه وسلم: إنّكُمْ قَدْ أكْثَرْتُمْ، وَإنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ بَنَىَ مَسْجِداً لله تَعَالَى (قَالَ بُكَيْرٌ: حَسِبْتُ أنّهُ قَالَ: يَبْتَغِي بِهِ وَجْهَ الله) بَنَى الله لَهُ بَيْتاً فِي الْجَنّةِ». وَقَالَ ابْنُ عِيسَىَ فِي رِوَايَتِهِ «مِثْلَهُ فِي الْجَنّةِ».

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدىنى سېلىشنى ئىرادە قىلغاندا، كىشلەر بۇنى ياقتۇرمىدى، ئاندىن ئۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدى)دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

1142 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثنَا الضّحّاكُ ابْنُ مَخْلَدٍ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنِي أبِي، عَنْ مَحْمُودِ بْنِ لَبِيدٍ، أنّ عُثْمَانَ بْنَ عَفّانَ أرَادَ بِنَاءَ الْمَسْجِدِ، فَكَرِهَ النّاسُ ذٰلِكَ[1] فَأحَبّوا أنْ يَدَعَهُ عَلَى هَيْئَتِهِ. فقَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ بَنَىَ مَسْجِداً لله بَنَى الله لَهُ فِي الْجَنّةِ مِثْلَهُ».

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ مەسجىد سېلىشنى ئىرادە قىلغاندا، كىشلەر بۇنى ياقتۇرمىدى، ئاندىن ئۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

## 228 ـــ باب الندب إلى وضع الأيدي على الركب في الركوع، ونسخ التطبيق

**رۇكۇ قىلغاندا قولنى تىزنىڭ ئۈستىدە قويۇش، قولنى كىرىشتۇرۇپ،ئالماشتۇرۇپ يوتىسىنىڭ ئارلىقىدا قويۇشنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرىسىدا**

**1143 ـ1144 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ: أَبُو كُرَيْبٍ قالَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ وَعَلْقَمَةَ. قالاَ: أَتَيْنَا عَبْدَ اللّهِ بْنَ مَسْعُودٍ فِي دَارِهِ. فقَالَ: أَصَلّى هَؤُلاَءِ خَلْفَكُمْ؟ فقُلْنَا: لاَ. قالَ: فقُومُوا فصَلّوا، فَلَمْ يَأْمُرْنَا بِأَذَانٍ وَلاَ إِقامَةٍ. قالَ: وَذَهَبْنَا لِنَقُومَ خَلْفَهُ، فَأَخَذَ بِأَيْدِينَا فجعَلَ أَحدَنَا عَنْ يَمِينِهِ وَالآخَرَ عَنْ شِمَالِهِ. قالَ: فَلَمّا رَكَعَ وَضَعْنَا أَيْدِينَا عَلَى رُكَبِنَا. قالَ فضَرَبَ أَيْدِينَا وَطَبّقَ بَيْنَ كَفّيْهِ، ثُمّ أَدْخَلَهُمَا بَيْنَ فخِذَيْهِ. قالَ: فَلَمّا صلّى قالَ: إِنّهُ ستَكُونُ علَيْكُمْ أُمرَاءُ يُؤَخّرُونَ الصّلاَةَ عَنْ مِيقاتِهَا. وَيَخْنُقُونَهَا إِلَى شَرَقِ الْمَوْتَى، فَإِذَا رَأَيْتُمُوهُمْ قَدْ فَعَلُوا ذٰلِكَ، فَصَلّوا الصّلاَةَ لِمِيقاتِهَا. وَاجْعَلُوا صلاَتَكُمْ مَعَهُمْ سُبْحَةً. وَإِذَا كُنْتُمْ ثَلاَثَةً فَصَلّوا جَمِيعاً، وَإِذَا كُنْتُمْ أَكْثَرَ مِنْ ذٰلِكَ، فَلْيَؤُمّكُمْ أَحَدُكُمْ، وَإِذَا رَكَعَ أَحَدُكُمْ فَلْيُفْرِشْ ذِرَاعَيْهِ عَلَى فَخِذَيْهِ، وليجنأ، وَلْيُطَبّقْ بَيْنَ كَفّيْهِ، فَلَكَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى اخْتِلاَفِ أَصَابِعِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَرَاهُمْ.**

**1145 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارمِيّ: أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَى، عَنْ إِسْرَائِيلَ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ وَالأَسْوَدِ: أَنّهُمَا دَخَلاَ عَلَى عَبْدِ اللّهِ فقَالَ: أَصَلّى مَنْ خَلْفَكُمْ؟ قالاَ: نَعَمْ: فقَامَ بَيْنَهُمَا، وَجَعَلَ أَحدَهُمَا عَنْ يَمِينِهِ وَالآخَرَ عَنْ شِمَالِهِ، ثُمّ رَكَعْنَا، فَوَضَعْنَا أَيْدِينَا عَلَى رُكَبِنَا، فضَرَبَ أَيْدِينَا، ثُمّ طَبّقَ بَيْنَ يَدَيْهِ، ثُمّ جَعَلَهُمَا بَيْنَ فخِذَيْهِ، فَلَمّا صلّى قالَ: هَكَذَا فَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەسۋەد بىلەن ئەلقەمەت مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەك، ئۇبىزگە؛ ئارقاڭلاردا قالغان ئاۋۇ كىشىلەر ناماز ئوقۇدىمۇ؟دېدى، بىز؛ ياق تېخى دىسەك، ئۇ بىزنى ئەزان _تەكبىرگە بۇيرىماستىنلا؛ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار،دېدى. بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقا تەمشىلىشىدۇق، ئۇ بىزنىڭ قوللىرىمىزدىن تۇتۇپ، بىرىمىزنى ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرىمىزنى سول تەرىپىدە تۇرغدى، ئۇ رۇكۇ قىلغاندا، بىز قولىمىزنى تىزىمىزنىڭ ئۈستىدە قويساق، ئۇ قوللىرىمىزغا ئۇرۇپ، ئىككى قولىنى كىرىشتۈرۈپ، ئىككى يوتىسىنىڭ ئارلىقىغا كىرگۈزدى، ناماز ئوقۇپ بولغاندا، پات يېقىندا سىلەرگە نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشتىدىغان، خۇددى سەكراتتىكى كىشىنى ئەجەل قىستىغاندەك، نامازنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىغا قىستاپ ئوقۇيدىغان ئەمىرلەر سايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى كۆرسەڭلار، سىلەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇپ، ئۇلار بىلەن ئوقۇغان نامىزىڭلارنى نەپلە قىلىۋېتىڭلار، سىلەر ئۈچ كىشى بولۇپ قالساڭلار، ھەممىڭلار بىراقلا ناماز ئوقۇڭلار، ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ قالساڭلار، سىلەرگە بىرىڭلار ئىمام بولسۇن، (سەھىھ ھەدىستە ئىككى كىشىگىمۇ رەسۇلۇللاھ ئىمام بولغاندۇر) بىرىڭلار رۇكۇ قىلغاندا، ئىككى بىلىكىنى ئىككى يوتىسى ئۈستىگە چاپلاپ، ئۇچىسىنى ئىگىپ، ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرۈپ، يوتىسى ئارلىقىغا كىرگۈزۈپ رۇكۇ قىلسۇن، گوياكى مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرىنىڭ بىر بىرىگە كىرىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋم دەپ، ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدى(بۇنداق قىلىش ئەمەلدىن قالغان،تۆۋەنگە قاراڭ)

**1146 ـ1147 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ أَبِي يَعْفُورٍ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ. قالَ: صَلّيْتُ إِلَى جَنْبِ أَبِي. قالَ وَجَعَلْتُ يَدَيّ بَيْنَ رُكْبَتَيّ. فقَالَ لِي أَبِي: اضْرِبْ بِكَفّيْكَ عَلَى رُكْبَتَيْكَ. قالَ ثُمّ فَعَلْتُ ذٰلِكَ مَرّةً أُخْرَى، فضَرَبَ يَدَيّ وَقالَ: إِنّا نُهِينَا عَنْ هَذَا، وَأُمِرْنَا أَنْ نَضْرِبَ بِالأَكُفّ عَلَى الرّكَبِ.**

**1148 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنِ الزّبَيْرِ بْنِ عَدِيٍ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ قالَ: رَكَعْتُ فقُلْتُ بِيَدَيّ هَكَذَا (يَعْنِي طَبّقَ بِهِمَا وَوَضَعَهُمَا بَيْنَ فخِذَيْهِ) فقَالَ أَبِي: قَدْ كُنّا نَفْعَلُ هَذَا. ثُمّ أُمِرْنَا بِالرّكَبِ.**

**1149 ـ حدّثني الْحَكَمُ بْنُ مُوسَى: حَدّثَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي خَالِدٍ عَنِ الزّبَيْرِ بْنِ عَدِيّ، عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ قالَ: صَلّيْتُ إِلَى جَنْبِ أَبِي. فَلَمّا رَكَعْتُ شَبّكْتُ أَصَابِعِي وَجَعَلْتُهُمَا بَيْنَ رُكْبَتَيّ، فَضَرَبَ يَدَيّ، فَلَمّا صَلّى قالَ: قَدْ كُنّا نَفْعَلُ هَذَا، ثُمّ أُمِرْنَا أَنْ نَرْفَعَ إِلَى الرّكَبِ.**

سەئدىنىڭ ئوغلى مۇسئەب رەھ مۇنداق دەيدۇ؛مەن دادام سەئد  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇپ، ئىككى قولۇمنى كىرىشتۇرۇپ، بىرلەشتۇرۇپ، ئىككى تىزىمنىڭ يەنەبىردە ئىككى يوتامنىڭ ئارلىقىغا كىرگۈزۇپ رۇكۇ قىلسام، دادام ماڭا؛ ئىككى ئالقىنىڭنى ئىككى تىزىڭنىڭ ئۈستىگە قويغىن دېدى، مەنە يەنەبىرقېتىم شۇنداق قىلىپ سالسام، دادام قولۇمغا ئۇرۇپ، نامازدىن كېيىن؛ بىز دەسلەپتە شۇنداق رۇكۇ قىلاتتۇق، كېيىن ئۇنداق قىلىشتىن توسۇلۇپ،  رۇكۇدا ئىككى قولىمىزنى ئىككى تىزىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق دېدى.

## *229 ـــــ باب جواز الإقعاء على العقبين*

## ئىككى سەجدە ئارلىقىدا كاسىسىنى ئىككى تاپىنىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقى

**1150 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ: أخْبَرَنَا مُحمّدُ بْنُ بَكْرٍ. ح قالَ وَحدّثنَا حسَنٌ الْحُلْوَانِيّ: حدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق (وَتَقارَبَا فِي اللّفْظِ) قالاَ جَمِيعاً: أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ  طَاوُساً يَقُولُ: قُلْنَا لاِبْنِ عَبّاسٍ فِي الإقْعَاءِ عَلَى الْقَدَمَيْنِ. فَقَالَ: هِيَ السّنّةُ. فَقُلْنَا لَهُ: إنّا لَنَرَاهُ جَفَاءً بالرّجُلِ. فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: بَلْ هِيَ سُنّةُ نَبِيّكَ صلى الله عليه وسلم.**

تائۇس  رەھ  رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ئىككى سەجدە ئارلىقىدا كاسىسىنى ئىككى تاپىنىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرۇش توغرۇلۇق سۆز قىلساق، ئۇ؛ شۇنداق ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر دېدى، بىز ئۇنىڭغا؛ بىز ئۇنداق قىلىشنى كىشىگە قوپاللىق بولۇپ قالىدۇ، كىشى ئۆز ئورنىنى خاتىرجەم ھالدا لازىم تۇتالماي قالىدۇ دەپ قارايدىكەنمىز دىسەك، ئۇ يەنە؛ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى دېدى.(ئالىملار؛ ئەۋزەلى ئىككى سەجدە ئارلىقىدا سول پۇتىنى چاپلاپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، كاسىسىنى سول پۇتى ئۈستىدە قويىدۇ دېدى)

## *230 ـــــ باب تحريم الكلام في الصلاة ونسخ ما كان من إباحة*

## ناماز ئىچىدە شەخسى سۆز قىلىشنىڭ ھاراملىقى، بۇرۇن دۇرۇس قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى

**1151 ـ1152 ـ حدّثنا أبُو جَعْفَرٍ مُحمّدُ بْنُ الصّبّاحِ وَ أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. (وَتَقارَبَا فِي لَفْظِ الْحَدِيثِ) قالاَ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ حَجّاجِ الصّوّافِ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أبِي كَثِيرٍ، عَنْ هِلاَلِ بْنِ أبِي مَيْمُونَةَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ الْحَكَمِ السّلَمِيّ، قالَ: بَيْنَا أنَا أُصَلّي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. إذْ عَطَسَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ فَقُلْتُ: يَرْحَمُكَ الله فَرَمَانِي الْقَوْمُ بِأبْصَارِهِمْ. فَقُلْتُ: وَاثُكْلَ أُمّيَاهْ! مَا شَأْنُكُمْ؟ تَنْظُرُونَ إلَيّ. فَجَعَلُوا يَضْرِبُونَ بِأيْدِيهِمْ عَلَى أفْخَاذِهِمْ، فَلَمّا رَأيْتُهُمْ يُصَمّتُونَنِي، لَكِنّي سَكَتّ، فَلَمّا صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَبِأبِي هُوَ وَأُمّي مَا رَأيْتُ مُعَلّماً قَبْلَهُ وَلاَ بَعْدَهُ أحْسَنَ تَعْلِيماً مِنْهُ، فَوَالله مَا كَهَرَنِي وَلاَ ضَرَبَنِي وَلاَ شَتَمَنِي. قالَ: «إنّ هَذِهِ الصّلاَةَ لاَ يَصْلُحُ فِيهَا شَيْءٌ مِنْ كَلاَمِ النّاسِ. إنّمَا هُوَ التّسْبِيحُ وَالتّكْبِيرُ وَقِرَاءَةُ الْقُرْآنِ»....**

مۇئاۋىيەئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛بىر چاغدا مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللەناماز ئوقۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كىشىلەردىن بىرسى چۈشكۈرۈپ كەتتى، مەن : يەرھەمۇكەاللە، الله  ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېدىم ، كىشىلەر ماڭا غەزەپتىن تىكىلىپ قاراشتى، مەن : ھۆي!ئانىسى يوقتىپ قويىدىغانلار! نىمە بولدۇڭلار، ماڭا قارايسىلەرغۇ ؟ دېدىم، ئۇلار تېخىمۇ غەزەپ قىلىپ، ئىشمنى ئىنكار قىلىپ  قوللىرىنى يوتىللىرىغا

ئۇرۇپ كەتتى، مەن ئۇلارنىڭ مىنى سۆز قىلدۇرماي، جىم تۇرغۇزماقچى بولغانلىقىنى كۆرگىنىمدە (يانا بىرەر سۆز قىلماخچى بولدۇميۇ) لىكىن مەن جىمىپ قالغان ئىدىم، ئاتا ئانام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پىدا بولسۇنكى، مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كىيىنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ مۇلايىم، ياخشىراق تەلىم بىرىدىغان بىرەر مۇئەللىمنى كۆرۈپ باقمىدىم، **الله** بىلەن قەسەمكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قەھرى قىلمىدى، مىنى ئۇرمىدى، تىللىمىدى، نامازنى ئۇقۇپ بولغاندا، ماڭا: ھەقىقەتەن بۇ نامازدا، كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسە دۇرۇس بولمايدۇ، ناماز دىگەن تەسبىھ ، تەكبىر ئەيتىش ، قىرائەت قىلىشتۇر ، دىدى. ياكى شۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىلدى. مەن:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن زامانى جاھالىيەتكە بەكلا يېقىنى، يېقىن بىركىشى، **الله** تائالا بىزگە ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلدى، بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەر جىنكەش داخان ، كاھىنىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، دىسەم، سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارما دىدى. مەن؛ بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەرشۇم پال ئالىدۇ دىسەم ، ئۇبولسا ئۇلار قەلبىدە ئۆزلىرى ھىس قىلىپ تاپىدىغان نەرسە بولۇپ ، ئۇلارنى ھىچ نەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدۇ، (ئىشلىرىدىن توسۇپ قويمىسۇن) دىدى. مەن؛ بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەرخەتتاتلىق قىلىدۇ دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر خەتتاتلىق قىلاتتى، كىمنىڭ خەتتاتلىقى شۇ پەيغەمبەرنىڭ خەتتاتلىقىغا مۇۋاپىق كىلىپ قالسا، ئەنەشۇ توغرا قىلغان بولىدۇ، دىدى.

**1153 ـ1154 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، وَ ابْنُ نُمَيْرٍ، وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ (وَأَلْفَاظُهُمْ مُتَقَارِبَةٌ) قَالُوا: حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ: حَدّثَنَا الأَعْمَشُ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا نُسَلّمُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ فِي الصّلاَةِ. فَيَرُدّ عَلَيْنَا. فَلَمّا رَجَعْنَا مِنْ عِنْدِ النّجَاشِيّ، سَلّمْنَا عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُدّ عَلَيْنَا. فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ كُنّا نُسَلّمُ عَلَيْكَ فِي الصّلاَةِ، فَتَرُدّ عَلَيْنَا، فَقَالَ: «إِنّ فِي الصّلاَةِ شُغْلاً».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئىچىدە بولسىمۇ سالام قىلۋىرەتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ناماز ئىچىدە تۇرۇپ بىزگە سالام قايتۇراتتى ، بىز نەجاشىينىڭ يېنىدىن يەنى ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئىچىدىكى چېغىدا، سالام قىلساق، بىزگە سالام قايتۇرمىدى، بىز:يارەسۇلە**الله**!بىز سىلىگە ناماز ئىچىدىكى چاغلىرىدىمۇ سالام قىلساق ، سالام قايتۇراتتىلە (ئەمدى نىمە ئىش بولدى؟)دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن ناماز ئىچىدە (تەسبىھ _تەكبىر، قىرائەتتەك)مەشغۇللۇق بار دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**1155 ـ1156 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنُ أَبِي خَالِدٍ، عَنِ الْحَارِثِ بْنِ شُبَيْلٍ، عَنْ أَبِي عَمْرٍو الشّيْبَانِيّ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ: كُنّا نَتَكَلّمُ فِي الصّلاَةِ: يُكَلّمُ الرّجُلُ صَاحِبَهُ وَهُوَ إِلَى جَنْبِهِ فِي الصّلاَةِ، حَتّى نَزَلَتْ: {وَقُومُوا لله قَانِتِينَ} (البقرة الآية: 238) فَأُمِرْنَا بِالسّكُوتِ، وَنُهِينَا عَنِ الْكَلاَمِ.**

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىز ناماز ئىچىدە تۇرۇپ سۆز قىلىشىۋەرەتتۇق، كىشى ناماز ئىچىدە يېنىدىكى ھەمراھىغا سۆز قىلاتتى، «اللە قا ئىتائەت قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرۇڭلار».دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بىز ناماز ئىچىدە سۆز قىلىشتىن چەكلىنىپ، جىم تۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق.

**1157 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنا لَيْثٌ، ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّهُ قَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَنِي لِحَاجَةٍ. ثُمّ أَدْرَكْتُهُ وَهُوَ يَسِيرُ. (قَالَ قُتَيْبَةُ: يُصَلّي) فَسَلّمْتُ عَلَيْهِ فَأَشَارَ إِلَيّ، فَلَمّا فَرَغَ دَعَانِي فَقَالَ: «إِنّكَ سَلّمْتَ آنِفاً وَأَنَا أُصَلّي» وَهُوَ مُوَجّهٌ حِينَئِذٍ قِبَلَ الْمَشْرِقِ.**
**1158 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ، حَدّثَنَا زُهَيْرٌ: حَدّثَنِي أَبُو الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: أَرْسَلَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ مُنْطَلِقٌ إِلَى بَنِي الْمُصْطَلِقِ، فَأَتَيْتُهُ وَهُوَ يُصَلّي عَلَى بَعِيرِهِ، فَكَلّمْتُهُ، فَقَالَ لِي بِيَدِهِ هَكَذَا (وَأَوْمَأَ زُهَيْرٌ بِيَدِهِ) ثُمّ كَلّمْتُهُ، فَقَالَ لِي هَكَذَا (فَأَوْمَأَ زُهَيْرٌ أَيْضاً بِيَدِهِ نَحْوَ الأَرْضِ) وَأَنَا أَسْمَعُهُ يَقْرَأُ، يُومِىءُ بِرَأْسِهِ، فَلَمّا فَرَغَ قَالَ: «مَا فَعَلْتَ فِي الّذِي أَرْسَلْتُكَ لَهُ؟ فَإِنّهُ لَمْ يَمْنَعْنِي أَنْ أُكَلّمَكَ إِلاّ أَنّي كُنْتُ أُصَلّي». قَالَ زُهَيْرٌ: وَأَبُو الزّبَيْرِ جَالِسٌ مُسْتَقْبِلَ الْكَعْبَةِ. فَقَالَ بِيَدِهِ أَبُو الزّبَيْرِ إِلَى بَنِي الْمُصْطَلِقِ. فَقَالَ بِيَدِهِ إِلَى غَيْرِ الْكَعْبَةِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇستەلەق جەمەتىگە كېتىۋېتىپ، مېنى بىر ھاجەتكە ئەۋەتتى، مەن قايتىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ، مەن سالام قىلسام، ماڭا ئىشارەت قىلدى، مەن يەنە سۆز قىلسام، ماڭا بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى، نامازدىن پارىغ بولغاندا مېنى چاقىرىپ؛ مەن سېنى ئەۋەتكەن ئىشنى قانداق قىلدىڭ؟ سەن ماڭا سالام قىلغاندا مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، شۇڭا ساڭا سۆز ۋە سالام قايتۇرمىدىم دېدى، شۇ چاغدا قىبلىگە ئەمەس،كۆن چىقىشقا قاراغلىق ئىكەن.

**1159 ـ1160 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ كَثِيرٍ، عَنْ عَطَاءٍ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: كُنّا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَبَعَثَنِي فِي حَاجَةٍ. فَرَجَعْتُ وَهُوَ يُصَلّي عَلَى رَاحِلَتِهِ. وَوَجْهُهُ عَلَى غَيْرِ الْقِبْلَةِ. فَسَلّمْتُ عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُدّ عَلَيّ. فَلَمّا انْصَرَفَ قَالَ: «إِنّهُ لَمْ يَمْنَعْنِي أَنْ أَرُدّ عَلَيْكَ إِلاّ أَنّي كُنْتُ أُصَلّي».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللە ئىدۇق، مېنى بىر ھاجەتكە ئەۋەتتى، مەن قايتىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ، يۈزى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراغلىق ئىكەن، مەن سالام قىلسام، ماڭا سالام قايتۇرماي بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى، نامازدىن پارىغ بولغاندا مېنى چاقىرىپ؛ سەن ماڭا سالام قىلغاندا مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، شۇڭا ساڭا سالام قايتۇرمىدىم دېدى.

## *231 ـــــ باب جواز لعن الشيطان في أثناء الصلاة، والتعوذ منه، وجواز العمل القليل في الصلاة*

**ناماز ئىچىدە تۇرۇپ شەيتانغا لەنەت قىلىشنىڭ، اللە قا سېغىنىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەشنىڭ، نامازئىچىدە ئازلا ئەمەلنىڭ دۇرۇسلىقى**

**1161 ـ 1162 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ. حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ عِفْرِيتاً مِنَ الْجِنّ جَعل يَفْتِكُ عَلَيّ الْبَارِحَةَ. لِيَقْطَعَ عَلَيّ الصّلاَةَ. وَإِنّ الله أَمْكَنَنِي مِنْهُ فَذَعَتّهُ فَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ أَرْبِطَهُ إِلَى جَنْبِ سَارِيَةٍ مِنْ سَوَارِي الْمَسْجِدِ. حَتّى تُصْبِحُوا تَنْظُرُونَ إِلَيْهِ أَجْمَعُونَ (أَوْ كُلّكُمْ) ثُمّ ذَكَرْتُ قَوْلَ أَخِي سُلَيْمَانَ: {رَبّ اغْفِرْ لِي وَهَبْ لِي مُلْكاً لاَ يَنْبَغِي لأَحَدٍ مِنْ بَعْدِي}. فَرَدّهُ الله خَاسِئاً».**
**وَقَالَ ابْنُ مَنْصُورٍ: شُعْبَةُ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جىندىن بىر ئىشپىيۇن، ئۆتكەن كېچە نامىزىمنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ماڭا تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلدى، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ئىمكانىيەت بەردى دە، مەن ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، تۇتىۋالدىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ھەممىڭلار تاڭ ئاتقاندا كۆرۈۋالسۇن، قاراپ بىلىۋالسۇن دەپ، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىم سۇلايماننىڭ مۇنۇ دۇئاسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، قويۇۋەتتىم، ئاللاھ ئۇنى، ئۇ خار ھالدا قايتۇرۇۋەتتى،(دۇئا بولسا، «ئى رەببىم ! ماڭا مەندىن كېيىن ھېچ بىر كىشىگە لايىق بولمايدىغان پادىشاھلىق ئاتاقىلىپ بەرسىلە». ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

**1163 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ صَالِحٍ. يَقُولُ: حَدّثَنِي رَبِيعَةُ بْنُ يَزِيدَ عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ أَبِي الدّرْدَاءِ قَالَ: قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَسَمِعْنَاهُ يَقُولُ: «أَعُوذُ بِاللّهِ مِنْكَ» ثُمّ قَالَ: «أَلْعَنُكَ بِلَعْنَةِ الله» ثَلاَثاً. وَبَسَطَ يَدَهُ كَأَنّهُ يَتَنَاوَلُ شَيْئاً. فَلَمّا فَرَغَ مِنَ الصّلاَةِ قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ قَدْ سَمِعْنَاكَ تَقُولُ فِي الصّلاَةِ شَيْئاً لَمْ نَسْمَعْكَ تَقُولُهُ قَبْلَ ذٰلِكَ. وَرَأَيْنَاكَ بَسَطْتَ يَدَكَ. قَالَ: «إِنّ عَدُوّ الله، إِبْلِيسَ، جَاءَ بِشِهَابٍ مِنْ نَارٍ لِيَجْعَلَهُ فِي وَجْهِي. فَقُلْتُ: أَعُوذُ بِاللّهِ مِنْكَ. ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ قُلْتُ أَلْعَنُكَ بِلَعْنَةِ الله التّامّةِ. فَلَمْ يَسْتَأْخِرْ. ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ أَرَدْتُ أَخْذَهُ وَالله لَوْلاَ دَعْوَةُ أَخِينَا سُلَيْمَانَ لأَصْبَحَ مُوثَقاً يَلْعَبُ بِهِ وِلْدَانُ أَهْلِ الْمَدِينَةِ».**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە م نامازغا تۇرغاندا، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنكە»ئاندىن يانا ئۈچ قېتىم؛«ئەلئەنۇكە بىلەئنەتىللاھى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، ۋە خۇددى بىرەر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك قولىنى سوزدى.نامازدىن پارىغ بولغاندا، بىز:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!بىز سىلىنىڭ ناماز ئىچىدە بىرسۆزنى قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇسۆزنى قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق، شۇنداقلا بىرەر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك، قوللىرىنى سوزغانلىقلىرىنى كۆردۇق، (بۇ نىمە ئىش؟)دېدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە م: ھەققەتەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىس شەيتان، يۈزۈمگە يېقىۋېتىش ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغنى ئېلىپ كەپتۇ، مەن، ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمەن دەپ ئۈچ قېتىم دېدىم، ئاندىن مەن ساڭا ئاللاھنىڭ كامىل، تولۇق بولغان لەنىتى بىلەن لەنەت قىلىمەن دېدىم، ئۇ ئۈچىلى قېتىم، قايتىپ كەتمىدى، چېكىنمىدى، ئاندىن مەن ئۇنى تۇتىۋېلىشنى ئىرادە قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىمىز سۇلايماننىڭ دۇئاسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇنىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسا، ئۇ شەيتان تۈۋرۈككە باغلانغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزاتتى، مەدىنە ئەھلىنىڭ باللىرى، ئۇنى ئويناياتتى،دېدى. مۇسلىم، نەسەئى.

## 232 ـــــ باب جواز حمل الصبيان في الصلاة ناماز ئىچىدە تۇرۇپ كىچىك بالىنى كۆتۈرىۋېلىشنىڭ دۇرۇسلىقى

**1164 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنِ مَسْلَمَةَ بْنُ قَعْنَبٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مَالِكٌ عَنْ عَامِرِ ابْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قُلْتُ لِ مَالِكٍ: حَدّثَكَ عَامِرُ بْنِ عَبْدِاللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ عَنْ عَمْرِو بْنُ سُلَيْمٍ الزّرَقِيّ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى**

اللّٰه عليه وسلم كَانَ يُصَلِّي وَهُوَ حَامِلٌ أُمَامَةَ بِنْتَ زَيْنَبَ بِنْتِ رَسُولِ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم، وَلأَبِي الْعَاصِ بْنِ الرَّبِيعِ، فَإِذَا قَامَ حَمَلَهَا وَإِذَا سَجَدَ وَضَعَهَا؟ قَالَ يَحْيَى: قَالَ مَالِكٌ: نَعَمْ.

1165 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي سُلَيْمَانَ وَ ابْنِ عَجْلاَنَ. سَمِعَا عَامِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ يُحَدّثُ عَنْ عَمْرِو بْنِ سُلَيْمٍ الزّرَقِيّ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ الأَنْصَارِيّ قَالَ: رَأَيْتُ النّبِيّ صلى اللّٰه عليه وسلم يَؤُمّ النّاسَ وَأُمَامَةُ بِنْتُ أَبِي الْعَاصِ وَهِيَ ابْنَةُ زَيْنَبَ بِنْتِ النّبِيّ صلى اللّٰه عليه وسلم عَلَى عَاتِقِهِ. فَإِذَا رَكَعَ وَضَعَهَا. وَإِذَا رَفَعَ مِنَ السّجُودِ أَعَادَهَا.

1166 ـ1167 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ مَخْرَمَةَ بْنِ بُكَيْرٍ. ح قَالَ وَحَدّثَنَا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ سُلَيْمٍ الزّرَقِيّ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا قَتَادَةَ الأَنْصَارِيّ يَقُولُ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم يُصَلّي لِلنّاسِ وَأُمَامَةُ بِنْتُ أَبِي الْعَاصِ عَلَى عُنُقِهِ. فَإِذَا سَجَدَ وَضَعَهَا.

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەرگە ئىمام بولغىنىنى كۆرگەن ئىدىم ، ۋەھالەنكى ئەبۇلئاسنىڭ قىزى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۈرىسىدە ئىدى، رۇكۇ قىلغاندا، يەرگە قويۇپ قوياتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، يانا مۈرىسىگە ئېلىۋالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.( رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىقى بىلەن سۆزى تاقاشقاندا، يۇقىرقىدەك «بىرقېتىملا قىلغىن» ، دىگەن سۆزگە ئەمەل قىلىش ئەبزەلدۇر).

## 233 ـــــ *باب جواز الخطوة والخطوتين في الصلاة* ناماز ئىچىدە تۇرۇپ بىر ئىككى قەدەم مېڭىشنىڭ دۇرۇسلىقى

1168 ـ1169 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ عَنْ أَبِيهِ أَنّ نَفَراً جَاؤُوا إِلَى سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ. قَدْ تَمَارَوْا فِي الْمِنْبَرِ. مِنْ أَيّ عُودٍ هُوَ؟ فَقَالَ: أَمَا وَاللّٰهِ إِنّي لأَعْرِفُ مِنْ أَيّ عُودٍ هُوَ. وَمَنْ عَمِلَهُ. وَرَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم أَوّلَ يَوْمٍ جَلَسَ عَلَيْهِ. قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: يَا أَبَا عَبّاسٍ فَحَدّثْنَا. قَالَ: أَرْسَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم إِلَى امْرَأَةٍ (قَالَ أَبُو حَازِمٍ: إِنّهُ لَيُسَمّيهَا يَوْمَئِذٍ) «انظري غُلاَمَكِ النّجّارَ. يَعْمَلُ لِي أَعْوَاداً أُكَلّمُ النّاسَ عَلَيْهَا». فَعَمِلَ هَذِهِ الثّلاَثَ دَرَجَاتٍ. ثُمّ أَمَرَ بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم. فَوُضِعَتْ هَذَا الْمَوْضِعَ. فَهِيَ مِنْ طَرْفَاءِ الْغَابَةِ. وَلَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى اللّٰه عليه وسلم قَامَ عَلَيْهِ فَكَبّرَ وَكَبّرَ النّاسُ وَرَاءَهُ. وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ. ثُمّ رَجعَ فَنَزَلَ الْقَهْقَرَى حَتّى سَجَدَ فِي أَصْلِ الْمِنْبَرِ. ثُمّ عَادَ حَتّى فَرَغَ مِنْ آخِرِ صَلاَتِهِ. ثُمّ أَقْبَلَ عَلَى النّاسِ فَقَالَ: «يَا أَيّهَا النّاسُ إِنّي صَنَعْتُ هَذَا لِتَأْتَمّوا بِي. وَلِتَعَلّمُوا صَلاَتِي».

بىرنەچچە نەپەر كىشى كېلىپ سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنبەر قايسى نەرسىدىن ياسالغان؟ دەپ سورىدى، ئۇمۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنىڭ قايسى ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى، ئۇنى كىمنىڭ ياسىغانلىقى ئوبدان بىلىمەن، مەن يەنە رەسۇلۇللاھنى مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان تۇنجى كۈنى كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ بىر ئايالغا؛ياغاچچى ئوغلۇڭ ماڭا مۇنبەر ياساپ بەرسە، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كىشىلەرگە سۆز قىلاتتىم دەپ كىشى ئەۋەتتى، ئۇنى پالانىنىڭ ئازدكەردە قۇلى چوڭ ئورمانلىقتىكى يۇلغۇن كۆتىكىدىن (ياكى توغراقتىن ) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياساپ بەرگەن ئىدى، مۇنبەر ياسىلىپ قويۇلغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىدە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، نامازغا تەكبىر ئەيتتى ، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللە للاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەت قىلىپ رۇكۇ قىلدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا رۇكۇ قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن

ئارقىسىغا قايتىپ يەرگە سەجدە قىلدى، ئاندىن يەنە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، قىرائەت قىلىپ رۇكۇقىلدى، (كىشىلەرمۇ رۇكۇ قىلدى،) ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئارقىسىغا قايتىپ يەرگە سەجدە قىلدى، نامازدىن پارىغ بولغان چاغدا كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: ئى ئىنسانلار!ھەققەتەن مەن بۇ ئىشنى سىلەرنىڭ ماڭا ئەقتىدا قىلىشىڭلار، مېنىڭ نامىزىمنى ئۈگىنىپ بىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 234 ـــــ باب كراهة الإختصار في الصلاة   ناماز ئىچىدە بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مەكروھلىقى

1170 ـ وحدّثني الحَكَمُ بْنُ مُوسَى الْقَنْطرِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ الْمُبَارَكِ. ح قال وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو خَالِدٍ وَأَبُو أُسَامَةَ. جَمِيعاً عَنْ هِشَامٍ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَة ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهُ نَهَى أَنْ يُصَلّيَ الرّجُلُ مُخْتَصِراً. وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ قَالَ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇھۇرەيرە،ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ نامازدا بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇشىدىن، بىلىنى تۇتقان ھالدا ناماز ئۇقۇشىدىن توسقان . بۇخارى،مۇسلىم.

## 235 ـــــ باب كراهة مسح الحصى وتسوية التراب في الصلاة

## ناماز ئىچىدە تاشلارنى سىلاشنىڭ ، تۇپىنى تۈزلەشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا

1171 ـ حدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا هِشَامٌ الدّسْتَوَائِيّ عَنْ يَحْيَى ابْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ مُعَيْقِيبٍ قَالَ: ذَكَرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْمَسْحَ فِي الْمَسْجِدِ. يَعْنِي الْحَصَىَ. قَالَ: «إِنْ كُنْتَ لاَ بُدّ فَاعِلاً، فَوَاحِدَةٌ».

مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (نامازئىچىدە تۇرۇپ)سەجدە قىلىدىغان جايدىكى توپا يەرنى تۈزلەيدىغان،تاشنى سىلايدىغان ئىشنى تىلغا ئېلىپ؛ ئەگەرقىلماقچى بولساڭ، بىرقېتىملا قىلغىن ، دېگەن. بۇخارى،مۇسلىم.

1172 -1173ـ حدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ هِشَامٍ. قَالَ: حَدّثنِي ابْنُ أَبِي كَثِيرٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ مُعَيْقِيبٍ أَنّهُمْ سَأَلُوا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْمَسْحِ فِي الصّلاَةِ؟ فَقَالَ «وَاحِدَةٌ».
و1174 ـ وَحَدّثنَاهُ  أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَى. حَدّثنَا شَيْبَانُ عَنْ يَحْيَىَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ قَالَ: حَدّثنِي  مُعَيْقِيبٌ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ، فِي الرّجُلِ يُسَوّي التّرَابَ حَيْثُ يَسْجُدُ، قَالَ «إِنْ كُنْتَ فَاعِلاً، فَوَاحِدَةً».

مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (نامازئىچىدە تۇرۇپ)سەجدە قىلىدىغان جايدىكى توپا يەرنى تۈزلەيدىغان كىشى توغرىسىدا، ئەگەرقىلماقچى بولساڭ، بىرقېتىملا قىلغىن ، دېگەن. بۇخارى،مۇسلىم.(بۇھەدىستىن نامازنىڭ سىرتىدىكى كۆپ ئەمەللەرنى قىلىش نامازنى بۇزىدۇ).

## 236 ـــــ باب النهي عن البصاق  في المسجد في الصلاة وغيرها

## ناماز ئىچىدە ۋە نامازنىڭ سىرتىدىمۇ، مەسجىد ئىچىگە تۈكۈرۈشتىن قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا

1175 -1176 ـ حدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ قَالَ: قَرَأْتُ    عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَأَى بُصَاقاً فِي جِدَارِ الْقِبْلَةِ. فَحَكّهُ. ثُمّ أَقْبَلَ عَلَى النّاسِ فَقَالَ: «إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ يُصَلّي فَلاَ يَبْصُقْ قِبَلَ وَجْهِه. فَإِنّ الله قِبَلَ وَجْهِهِ إِذَا صَلّى».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىبلى تامدا تۈكۈرۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى تاتلاپ چىقىرۋىتىپ، ئاندىن كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئالدىغا، يۈزى تەرەپكە تۈكۈرمىسۇن، چۈنكى، بەندە ناماز ئوقۇغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئالدىدا، يۈزى تەرىپىدە بولىدۇ،مالىك،بەيھەقىنەسەئ

**1177 – 1178 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْروٌ النّاقِدُ جَمِيعًا عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَأَى نُخَامَةً فِي قِبْلَةِ الْمَسْجِدِ. فَحَكّهَا بِحَصَاةٍ. ثُمّ نَهَى أَنْ يَبْزُقَ الرّجُلُ عَنْ يَمِينِهِ أَوْ أَمَامَهُ. وَلَكِنْ يَبْزُقُ عَنْ يَسَارِهِ أَوْ تَحْتَ قَدَمِهِ الْيُسْرَى.**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ قىبلى تېمىدا بەلغەم تۈكۈرۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى تاش بىلەن تاتلاپ چىقىرۋىتىپ، ئاندىن كىشىلەرنى ئوڭ تەرىپىگە،ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار، سول تەرىپىگە ياكى سول قەدىمى ئاستىغا تۈكۈرۈپ، ئۇنى كۆمۈۋەتسۇن دىدى.

**1179 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ، أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَأَى بُصَاقاً فِي جِدَارِ الْقِبْلَةِ أَوْ مُخَاطاً أَوْ نُخَامَةً. فَحَكّهُ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ قىبلى تېمىدا بەلغەم تۈكۈرۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى تاش بىلەن تاتلاپ چىقىرۋەتتى.

**1180 –1181 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مِهْرَانَ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَأَى نُخَامَةً فِي قِبْلَةِ الْمَسْجِدِ. فَأَقْبَلَ عَلَى النّاسِ فَقَالَ: «مَا بَالُ أَحَدِكُمْ يَقُومُ مُسْتَقْبِلَ رَبّهِ فَيَتَنَخّعُ أَمَامَهُ؟ أَيُحِبّ أَحَدُكُمْ أَنْ يُسْتَقْبَلَ فَيُتَنَخّعَ فِي وَجْهِهِ؟ فَإِذَا تَنَخّعَ أَحَدُكُمْ فَلْيَتَنَخّعْ عَنْ يَسَارِهِ. تَحْتَ قَدَمِهِ. فَإِنْ لَمْ يَجِدْ فَلْيَقُلْ هَكَذَا» وَوَصَفَ الْقَاسِمُ، فَتَفَلَ فِي ثَوْبِهِ، ثُمّ مَسَحَ بَعْضَهُ عَلَى بَعْضٍ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىبلى تامدا تۈكۈرۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى تاتلاپ چىقىرۋىتىپ، ئاندىن كىشىلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ ھالىغا نىمە بولغاندۇ؟ ئۇ نامازدا رەببىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، بەلغەم تۈكۈرىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە ئالدىنى قىلىنىپ تۇرۇپ، يۈزىگە بەلغەم تۈكۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئەگەر بىرىڭلار نامازدا تۇرۇپ، بەلغەم تۈكۈرمەكچى بولسا، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، ئەگەر ھىچقانداق ئىمكانىيەت تاپالمىسا مۇنداق قىلسۇن، يەنى كىيىمىنىڭ پىشىگە ئېيتسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

**1182 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ قَالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ فِي الصّلاَةِ فَإِنّهُ يُنَاجِي رَبّهُ. فَلاَ يَبْزُقَنّ بَيْنَ يَدَيْهِ وَلاَ عَنْ يَمِينِهِ. وَلَكِنْ عَنْ شِمَالِهِ تَحْتَ قَدَمِهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە ،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ نامىزگاھىدا بولسىلا ، ئاللاھ تەبارەك ۋەتەئالا بىلەن مۇناجات قىلىپ سۆزلىشىدۇ، ئوڭ تەرىپىگىمۇ تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار، ئۇ سول تەرىپىگە ياكى

قەدىمى ئاستىغا تۆكۈرۈپ، ئۇنى دەپنە قىلىپ كۆمۈۋەتسۇن، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد. سول تەرىپىدە كىشى بولسا، ئۇ يەنە شۇ كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇتى ئاستىغا ياكى يەڭ، پىشىگە تۈكۈرۈۋېتىشى كۆمۈۋەتسۇن دېگىنى كېسەل يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئازار بېرىشتىن، كىشىنى بىزار قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

1183 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وقَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ) عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْبُزَاقُ فِي الْمَسْجِدِ خَطِيئَةٌ. وَكَفّارَتُهَا دَفْنُهَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد ئىچىگە بەلغەم تۈكۈرۈش، خاتالىق، گۇناھتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى بولسا، ئۇنى كۆمۈۋېتىشتۇر.بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد تىرمىزى

1184 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِث) حَدّثَنَا شُعْبَةُ قَالَ: سَأَلْتُ قَتَادَةَ عَنِ التّفْلِ فِي الْمَسْجِدِ؟ فَقَالَ: سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «التّفْلُ فِي الْمَسْجِدِ خَطِيئَةٌ. وَكَفّارَتُهَا دَفْنُهَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدگە تۈكۈرۈش خاتالىقدۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد.

1185 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ أَسْمَاءَ الضّبَعِيّ وَ شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. قَالاَ: حَدّثَنَا مَهْدِيّ ابْنُ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا وَاصِلٌ مَوْلَى أَبِي عُيَيْنَةَ عَنْ يَحْيَى بْنِ عُقَيْلٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ يَعْمَرَ، عَنْ أَبِي الأَسْوَدِ الدّيلِيّ، عَنْ أَبِي ذَرّ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «عُرِضَتْ عَلَيّ أَعْمَالُ أُمّتِي، حَسَنُهَا وَسَيّئُهَا، فَوَجَدْتُ فِي مَحَاسِنِ أَعْمَالِهَا الأَذَى يُمَاطُ عَنِ الطّرِيقِ. وَوَجَدْتُ فِي مَسَاوِي أَعْمَالِهَا النّخَاعَةَ تَكُونُ فِي الْمَسْجِدِ لاَ تُدْفَنُ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ــ يامان بارلىق ئەمەللىرى تەڭلەندى، مەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ قاتارىدا يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشنى كۆردۈم، بۇمۇ ياخشى ئەمەل ئىكەن، (چۈنكى بۇ، ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر) مەن مەسجىد ئىچىدە كۆمۈلمەي قالغان بەلغەم، تۈكۈرۈكنى ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدا كۆردۈم، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە

1186 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا كَهْمَسٌ عَنْ يَزِيدَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ ابْنِ الشّخّيرِ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَرَأَيْتُهُ تَنَخّعَ. فَدَلَكَهَا بِنَعْلِهِ.

1187 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي الْعَلاَءِ يَزِيدَ ابْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الشّخّيرِ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ صَلّى مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ، فَتَنَخّعَ فَدَلَكَهَا بِنَعْلِهِ الْيُسْرَى.

ئەبۇلئەلائى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ بەلغەم تۈكۈرۈپ، ئۇنى سول ئايىقى بىلەن سۈرتۈپ يوق قىلىۋەتتى.

## 237 ــــ باب جواز الصلاة في النعلين ئايىقى بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

1188 ـ1189 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ عَنْ أَبِي مَسْلَمَةَ سَعِيدِ بْنِ يَزِيدَ. قَالَ: قُلْتُ لأَنَسِ بْنِ مَالِكٍ: أَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي النّعْلَيْنِ؟ قَالَ: نَعَمْ.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىقى بىلەنمۇ ناماز ئوقۇمتى؟دېسەم، ئۇماڭا ؛ ھەئە ئايىقى بىلەنمۇ ناماز ئوقۇتۇرەتتى دېدى. شەدداد ئىبنى ئەۋس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلارنىڭ خىلاپىدا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئاياغلىرى، ئۆتۈكلىرى بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ، (يەنى سىلەر نىجاسەت بولمىغان، پاكى ز ئاياغ، ئۆتەكلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىڭلار) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 238 ـ باب كراهة الصلاة في ثوب له أعلام بىرەر ئالامەت ـ بەلگىسى بار كىيىمدە ناماز ئوقۇشنىڭ مەكرۇھلىقى

**1190 ـ حدّثني عَمْروٌ النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. ح قالَ وحَدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لِزُهَيْرٍ) قالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّى فِي خَمِيصَةٍ لَهَا أَعْلاَمٌ. وَقالَ: «شَغَلَتْنِي أَعْلاَمُ هَذِهِ. فَاذْهَبُوا بِهَا إِلَى أَبي جَهْمٍ وَائْتُونِي بِأَنْبِجَانِيّةٍ».**
**1191 ـ1192 ـ حدّثنا حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: قامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي فِي خَمِيصَةٍ ذَاتِ أَعْلاَمٍ. فَنَظَرَ إِلَى عَلَمِهَا. فَلَمّا قَضَى صَلاَتَهُ قالَ: «اذْهَبُوا بِهَذِهِ الْخَمِيصَةِ إِلَى أَبي جَهْمِ بْنِ حُذَيْفَةَ، وَائْتُونِي بِأَنْبِجَانِيّةٍ، فَإِنّهَا أَلْهَتْنِي آنِفاً فِي صَلاَتِي».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەلگە ئالامەتلىرى بار بىر كوڭلەكتە ناماز ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەلگە ئەلەملىرىگە قاراپ، نامازدىن قايتقاندا مۇنداق دېگەن: بۇ كۆڭلەكنى ئەبۇ جۇھمگە ئاپىرىپ بېرىپ، ماڭا ئۇنىڭ بەلگىلىرى يوق، كاسايا كۆڭلىكىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار، بۇ كۆڭلەك باياتىن مېنى نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويدى، (يەنى دىققىتىمنى چېچىۋەتتى، )يەنەبىردە؛ مەن ناماز ئىچىدە ئۇنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ،ئېزىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرىدىم، دېيىلگەن. بەيھەقى، بۇخارى ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە (ئەسلى ئەبۇ جۇھمى ئۇ كۆڭلەكنى ھەدىيە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىغا ئالماشتۇردى)

## 239 ـــــ باب كراهة الصلاة بحضرة الطعام الذي يريد أكله في الحال، وكراهة الصلاة مع مدافعة الأخبثين

## تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستىغاندا ناماز ئوقۇشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

**1193 ـ أَخْبَرَنِي عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. قالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا حَضَرَ الْعَشَاءُ وَأُقِيمَتِ الصّلاَةُ، فَابْدَءُوا بِالْعَشَاءِ».**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، تاماق ھازىر بولۇپ قالسا، تائام بىلەن باشلاڭلار، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەنەسدىن، بەيھەقى بىلەن ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، بۇخارى بىلەن ئىبنى ماجە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، ئەھمەد بىلەن تەبرانى، سەلەمەتتىن، يەنە تەبرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**1194 ـ1195 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمرْوٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: حَدّثنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا قُرّبَ الْعَشَاءُ وَحَضَرَتِ الصّلاَةُ، فَابْدَأُوا بِهِ قَبْلَ أَنْ تُصَلّوا صَلاَةَ الْمَغْرِبِ. وَلاَ تَعْجَلُوا عَنْ عَشَائِكُمْ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەچلىك تاماق كەلتۈرۈلگەندە، شام ناماز ھازىر بولۇپ قالسا، شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن تاماق يېيىش بىلەن باشلاڭلار، تاماقدىن ئالدىراپ كەتمەڭلار، يەنى يەۋىلىپ ئوقۇڭلار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بولۇپمۇ رامىزاندا.

1196 ـ 1197 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أبي. ح قالَ وَحدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إذَا وُضِعَ عَشَاءُ أحَدِكُمْ وَأُقِيمَتِ الصّلاَةُ، فَابْدَأُوا بِالْعَشَاءِ، وَلاَ يَعْجَلَنّ حَتّى يَفْرُغَ مِنْهُ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەرگە كەچلىك تائام قويۇلغاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، تائام بىلەن باشلاڭلار، تائامدىن بىكار بولمىغۇچە ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غا تاماق كەتۈرۈلگەندە، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، تاماقتىن پارىغ بولمىغىچە نامازغا كەلمەيتتى، ئۇ (تاماق يېگەچ)ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد

1198 ـ 1199 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ. حَدّثنَا حَاتِمٌ (هُوَ ابْنُ إسْمَاعِيلَ) عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ أبي عَتِيقٍ، قالَ: تَحَدّثْتُ أنَا وَالْقَاسِمُ عِنْدَ عَائِشَةَ رَضِي اللّهِ عَنْها حَدِيثاً، وَكَانَ الْقَاسِمُ رَجُلاً لَحّانَةً. وكَانَ لأمّ وَلَدٍ، فَقالَتْ لَهُ عَائِشَةُ: مَا لَكَ لاَ تَحَدّثُ كَمَا يَتَحَدّثُ ابْنُ أخِي هَذَا؟ أمَا إنّي قَدْ عَلِمْتُ مِنْ أيْنَ أُتِيتَ. هَذَا أدّبَتْهُ أُمّهُ وَأنْتَ أدّبَتْكَ أُمّكَ. قَالَ فَغَضِبَ الْقَاسِمُ وَأضَبّ عَلَيْهَا. فَلَمّا رَأى مَائِدَةَ عَائِشَةَ قَدْ أُتِيَ بِهَا قَامَ. قالَتْ: أيْنَ؟ قالَ: أُصَلّي. قالَتْ: اجْلِسْ. قالَ: إنّي أُصَلّي. قالَتِ: اجْلِسْ غُدَرُ إنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ صَلاَةَ بِحَضْرَةِ الطّعَامِ، وَلاَ هُوَ يُدَافِعُهُ الأخْبَثَانِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ناماز يوق، كىشىنى چوڭ ــ كىچىك ئىككى تەرەتتىن ئىبارەت ئىككى نىجاسەت قىستاۋاتقان ھالەتتىمۇ ناماز يوق، (تاماق ھازىر بولۇپ قالسا، يېۋىلىپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئىككى تەرەت قىستاپ قالسا، تاھارەتنى يېڭىلاپ ئوقۇيدۇ). بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد .ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى روزا تۇتۇقلۇق ھالەتتە شام نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن شام نامىزىدىن بۇرۇن تاماق يەۋالسۇن، تامىقىدىن ئالدىراپ كەتمىسۇن، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 240 باب نهي من أكل ثوما وبصلاً أو كراثاً أو نحوها مله رائحة كريهة عن حضور حتى تذهب تلك الريح وإخراجه من المسجد

## سامساق ـ پىياز،چېڭسەي ـ كۆدىلەرگە ئوخشاش سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېگەن كىشىنى، شۇسېسىق پۇراقلىرى يوقاپ كەتكەنگە قەدەر مەسجىدكە كىرىشتىن چەكلەش،ئۇنى مەسجىدتىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا

1200 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. قالَ: أخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ، فِي غَزْوَةِ خَيْبَرَ: «مَنْ أكَلَ مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ (يَعْنِي الثّوم) فَلاَ يَأْتِيَنّ الْمَسَجِدْ».
قالَ زُهَيْرٌ: فِي غَزْوَةٍ. وَلَمْ يَذْكُرْ خَيْبَرَ. 1201 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. ح قالَ وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أبي. قالَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَنْ أكَلَ مِنْ هَذِهِ الْبَقْلَةِ فَلاَ يَقْرَبَنّ مَسَاجِدَنَا. حَتّى يَذْهَبَ رِيحُهَا» يَعْنِي الثّوم.

مۇغەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇشۇ سېسىق كۆكتاتتىن( يەنى خام پىياز، خام ساقساقتىن) يەپ قالسا، ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى يوقاپ كەتمىگىچە نامازگاھىمىزغا يەنى مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببانمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**1202 ـ وحدّثنى زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ عَبْدِ الْعَزِيز (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ) قال: سُئِلَ أَنَسٌ عَنِ الثّومِ؟ فقَالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ فَلاَ يَقْرَبَنّا، وَلاَ يُصَلّ مَعَنَا».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سامساق توغرىسىدىن سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن،دېدى: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ۋە باشقا سېسىق پۇراقلىق كۆكتاتتىن يەپ سالسا، ئۇ بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىز بىلەن بىرگە نامازمۇ ئوقۇمىسۇن. بەيھەقى.

**1203 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق) أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ فَلاَ يَقْرَبَنّ مَسْجِدَنَا، وَلاَ يُؤْذِيَنّا بريح الثوم».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ئىبارەت سەي ــ كۆكتاتنى يىگەن بولسا، ئۇ مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىزگە سامساقنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن ئازار بەرمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

**1204 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا كَثِيرُ بْنُ هِشَامٍ عَنْ هِشَامٍ الدّسْتَوَائِيّ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَكْلِ الْبَصَلِ وَالْكُرّاثِ. فَغَلَبَتْنَا الْحَاجَةُ فَأَكَلْنَا مِنْهَا. فقَالَ: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ الْخبيثة فَلاَ يَقْرَبَنّ مَسْجِدَنَا. فَإِنّ الْمَلاَئِكَةَ تتَأَذّى مِمّا يَتَأَذّى به الإنسان».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام سامساق، خام پىياز، چىڭسەي ـ كۇدە، يۇمغاق سۇتلەرنى يېيىشتىن توستى، ئاندىن بىزنىڭ ئۇنەرسىلەرگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى يەنە يىدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: كىم خام سامساق، خام پىياز، چىڭسەي ـ كۇدە، يۇمغاق سۇتلەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق پۇراقلىق سەي ــ كۆكتاتلارنى يىسە، بىزگە، مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى ئادەم باللىرى ئازار يىگەن نەرسىلەردىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، (پىششىق ھالەتتە يىسە بولىدۇ)

**1205 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ. قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُس عَنْ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: حَدّثَنِي عَطَاءُ بْنُ أَبِي رَبَاحٍ أَنّ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ قالَ (وَفِي رِوَايَةِ حَرْمَلَةَ وَزَعَمَ) أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَنْ أَكَلَ ثُوماً أَوْ بَصَلاً فَلْيَعْتَزِلْنَا أَوْ لِيَعْتَزِلْ مَسْجِدَنَا. وَلْيَقْعُدْ فِي بَيْتِهِ». وَأَنّهُ أُتِيَ بِقِدْرٍ فِيهِ خَضِرَاتٌ مِنْ بُقُولٍ، فَوَجَدَ لَهَا رِيحاً، فَسَأَلَ فَأُخْبِرَ بِمَا فِيهَا مِنَ الْبُقُولِ. فقَالَ: «قَرّبُوهَا» إِلَى بَعْضِ أَصْحَابِهِ. فَلَمّا رَآهُ كَرِهَ أَكْلَهَا، قالَ: «كُلْ. فَإِنّي أُنَاجِي مَنْ لاَ تُنَاجِي».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم خام سامساق بىلەن خام پىيازنى يىسە، ئۇ بىزدىن، مەسجىدىمىزدىن ئايرىلسۇن، ياكى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئارىسىدا يېشىل سەي ـ كۆكتات بار بىر قازان تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ،ئۇنىڭدىن بىر خىل پۇراقنى تېپىپ؛

ساھابىللىرىنىڭ بەزىسگە؛بۇنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار دەپ، بۇنى سەن يېگىن، چۈنكى مەن سەن مۇناجاتلاشمايدىغان كىشى بىلەن مۇناجاتلىشىمەن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى

**1206 ـ1207 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قَالَ أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، قَالَ: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ، الْبَقْلَةِ، الثوم (وَقَالَ مَرّةً: مَنْ أَكَلَ الْبَصَلَ وَالثّومَ وَالْكُرّاثَ) فَلاَ يَقْرَبَنّ مَسْجِدَنَا. فَإِنّ الْمَلاَئِكَةَ تَتَأَذّى مِمّا يَتَأَذّى مِنْهُ بَنُو آدَمَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خام ساماساق، خام پىياز، چېگسەي، يۇمغاق سۇتلەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق پۇراقلىق سەي — كۆكتاتلارنى يېسە، بىزگە، مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى ئادەم باللىرى ئازار يېگەن نەرسلەردىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ.مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى

**1208 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: لَمْ نَعْدُ أَنْ فُتِحَتْ خَيْبَرُ. فَوَقَعْنَا، أَصْحَابَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي تِلْكَ الْبَقْلَةِ. الثوم. وَالنّاسُ جِيَاعٌ. فَأَكَلْنَا مِنْهَا أَكْلاً شَدِيداً، ثُمّ رُحْنَا إِلَى الْمَسْجِدِ، فَوَجَدَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الرّيحَ. فَقَالَ: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشّجَرَةِ الْخَبِيثَةِ شَيْئاً فَلاَ يَقْرَبَنّا فِي الْمَسْجِدِ» فَقَالَ النّاسُ: حُرّمَتْ. حُرّمَتْ. فَبَلَغَ ذَاكَ، النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ: «أَيّهَا النّاسُ، إِنّهُ لَيْسَ بِي تَحْرِيمُ مَا أَحَلّ اللهُ لِي. وَلَكِنّهَا شَجَرَةٌ أَكْرَهُ رِيحَهَا».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېدۇ؛ خەيبەر پەتھى قىلىنغاندا، بىز ساھابىلار ساماساق تېرىلغان كۆكتاتخانىغا كىرىپ قالدۇق، كىشلەر قاتتىق ئاچ قالغان ئىدى، بىز ئۇنىڭدىن بەك كۆپ يەپ كىتىپ، مەسجىدنى سېسىق پۇرىتىۋەتتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىلىقى پۇراقلارنى تاپقاندا: كىم مۇشۇ نىجىس، سېسىق دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن (يەنى خام ساماساقتىن ) يېسە،ئۇ مەسجىدلەردە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن،دېدى. ئاندىن كىشلەر؛ ساماساق ھارام قىلىنىپتۇ،ھارام قىلىنىپتۇ دېيىشتى، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە؛ ئى ئىنسانلار! ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسلەرنى مېنىڭ ھارام قىلىش ھوقۇقۇم يوق، لېكىن مەن بۇ ئۆسۈملۈك، كۆكتاتنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايمەن،دېدى.(خام يېيىش مەكرۇھ، پىششىق ھالەتتە پۇرىقىنى يوقۇتۇپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ). ئەھمەد.

**1209 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأَشَجّ، عَنِ ابْنِ خَبّابٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّ عَلَى زَرّاعَةِ بَصَلٍ هُوَ وَأَصْحَابُهُ، فَنَزَلَ نَاسٌ مِنْهُمْ فَأَكَلُوا مِنْهُ، وَلَمْ يَأْكُلْ آخَرُونَ. فَرُحْنَا إِلَيْهِ، فَدَعَا الّذِينَ لَمْ يَأْكُلُوا الْبَصَلَ، وَأَخّرَ الآخَرِينَ حَتّى ذَهَبَ رِيحُهَا.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېدۇ؛ بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ ساھابىلار بىلەن بىللە پىياز تېرىلغان زىرائەت كۆكتاتخانىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇلاردىن بەزى كىشلەرچۈشۈپ ئۇنىڭدىن يېدى، بەزىلەر يېمىدى، بىزدىن خام پىياز يېگەنلەر سېسىق پۇراپ كەتكەن ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ پىياز يېمىگەنلەرنى چاقىرىپ، يېگەنلەرنى ئۇلارنىڭ سېسىق پۇراقلىرى يوقىغانغا قەدەر كىيىن قالدۇرۇپ قويدى.

ئەبۇئەييۇب  رەزىيەللاھۇ ئەنھ ۇ مۇنداق دەيدۇ؛   رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  گە تاماق كەلتۈرۈلسە، ئۇنىڭدىن يەپ، ئاشقىنىنى ماڭا ئەۋەتەتتى، بىر كۈنى ماڭا بىر قاچا تاماق ئەۋەتىپتۇ، قارىسام ئۇنىڭدىن پەقەتلا يىمەپتۇ، چۈنكى ئۇ تاماقتا سامساق بار ئىكەن، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سامساق هارامىمۇ؟ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  : ياق،هارام ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ جەھەتىدىن ئۇنى ياقتۇرمايمەن،  دېدى. مەن؛ سىلى ياقتۇرمىغاننى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن دېدىم.مۇسلىم توپلىغان.

**1210 ـ1211 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثَنَا يَحْيَ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ. حَدّثَنَا قَتَادَةُ عَنْ سَالِمِ ابْنِ أَبِي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، أَنّ  عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ خَطَبَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَذَكَرَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَذَكَرَ أَبَا بَكْرٍ، قَالَ: إِنّي رَأَيْتُ كَأَنّ دِيكاً نَقَرَنِي ثَلاَثَ نَقَرَاتٍ، وَإِنّي لاَ أُرَاهُ إِلاّ حُضُورُ أَجَلِي. وَإِنّ أَقْوَاماً يَأْمُرُونَنِي أَنْ أَسْتَخْلِفَ. وَإِنّ الله لَمْ يَكُنْ لِيُضَيّعَ دِينَهُ، وَلاَ خِلاَفَتَه، وَلاَ الّذِي بَعَثَ بِهِ نَبِيّهُ صلى الله عليه وسلم، فَإِنْ عَجِلَ بِي أَمْرٌ، فَالْخِلاَفَةُ شُورَىَ بَيْنَ هَؤُلاَءِ السّتّةِ الّذِينَ تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ عَنْهُمْ رَاضٍ. وَإِنّي قَدْ عَلِمْتُ أَنّ أَقْوَاماً يَطْعَنُونَ فِي هَذَا الأَمْرِ. أَنَا ضَرَبْتُهُمْ بِيَدِي هَذِهِ عَلَى الإِسْلاَمِ. فَإِنْ فَعَلُوا ذَلِكَ فَأُولَئِكَ أَعْدَاءُ الله، الْكَفَرَةُ الضّلاّلُ. ثُمّ إِنّي لاَ أَدَعُ بَعْدِي شَيْئاً أَهَمّ عِنْدِي مِنَ الْكَلاَلَةِ. مَا رَاجَعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي شَيْءٍ مَا رَاجَعْتُهُ فِي الْكَلاَلَةِ. وَمَا أَغْلَظَ لِي فِي شَيْءٍ مَا أَغْلَظَ لِي فِيهِ. حَتّى طَعَنَ بِإِصْبَعِهِ فِي صَدْرِي. فَقَالَ: «يَا عُمَرُ أَلاَ تَكْفِيكَ آيَةُ الصّيْفِ الّتِي فِي آخِرِ سُورَةِ النّسَاءِ؟» وَإِنّي إِنْ أَعِشْ أَقْضِ فِيهَا بِقَضِيّةٍ. يَقْضِي بِهَا مَنْ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَمَنْ لاَ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ. ثُمّ قَالَ: اللّهُمّ إِنّي أُشْهِدُكَ عَلَى أُمَرَاءِ الأَمْصَارِ. وَإِنّي إِنّمَا بَعَثْتُهُمْ عَلَيْهِمْ لِيَعْدِلُوا عَلَيْهِمْ، وَلِيُعَلّمُوا النّاسَ دِينَهُمْ، وَسُنّةَ نَبِيّهِمْ صلى الله عليه وسلم، وَيَقْسِمُوا فِيهِمْ فَيْئَهُمْ،  وَيَرْفَعُوا إِلَيّ مَا أَشْكَلَ عَلَيْهِمْ مِنْ أَمْرِهِمْ. ثُمّ إِنّكُمْ، أَيّهَا النّاسُ تَأْكُلُونَ شَجَرَتَيْنِ لاَ أَرَاهُمَا إِلاّ خَبِيثَتَيْنِ، هَذَا الْبَصَلَ وَالثّومَ. لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا وَجَدَ رِيحَهُمَا مِنَ الرّجُلِ فِي الْمَسْجِدِ، أَمَرَ بِهِ فَأُخْرِجَ إِلَى الْبَقِيعِ. فَمَنْ أَكَلَهُمَا فَلْيُمِتْهُمَا طَبْخاً.**

مەئدانىدىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمئە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ،  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەبۇ بەكرنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىگەن:ھەقىقەتەن مەن چۈشۈمدە گويياكى بىر خوراز مېنى ئۈچ قېتىم چوقۇلىغانلىقىنى كۆردۈم، مەن بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئەجىلىم توشۇپ قالدى دەپ قارايمەن، قەۋملەر مېنى ئورنۇمغا خەلىپە سايلاپ قويۇشۇمغا بۇيرىۋاتىدۇ، **الله** تائالا ئۆز دىنىنى ۋە ئۆز دىنىنىڭ خەلىپىلىكىنى،ئۆز پەيغەمبىرىنى ئەۋەتكەن نەرسىنى ھەرگىز زايا قىلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، خەلىپىلىك رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن رازى بولغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن ئەشۇ ئالتە نەپەر كىشى ئارىسىدا كېڭىشىپ مەسلىھەت قىلىش بىلەن بولسۇن(يەنى ئۇلارنىڭ بىرسى مەسلىھەت بىلەن سايلىنىپ خەلىپە بولسۇن، ئۇلار؛ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير،سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس، ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر) مەن بەزىلەرنىڭ بۇئىشتا تەنە قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، مەن ئۇلارنى مۇشۇ قولۇم بىلەن ئىسلامغا ھەققى قايتىپ كىلىشى ئۈچۈن ئۇردۇم، ئەگەر ئۇلار ئىسلام خەلىپىلىكىگە تەنە قىلسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەر **الله** نىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇلار ئازغۇن كاپىرلاردۇر.ئاندىن مەن ئاتا ـ ئانىسى، بالىلىرى يوق مېيىتنىڭ مىراسىدىنمۇ مۇھىمراق بىرەر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتمىدىم، مەن  بۇ ئىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھقا كۆپ مۇراجىئەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ  س نىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ بارمىقى بىلەن كۆكسۈمگە چېكىپ تۇرۇپ؛ ئى ئۆمەر! ساڭا سۈرە نىسانىڭ يازپەسلىدە نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى كۇپايە قىلمامدۇ؟ئەگەر مەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ يەنە ياشاپ قالسام، بۇئىش توغرىسىدا شۇنداق ئادىل ھۆكۈم قىلىمەنكى، مىنىڭ بۇ ھۆكمىم بىلەن قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇيالمايدىغان بارلىق كىشىلەر ھۆكۈم قىلالايدۇ،دېدى.ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى؛ ئى **الله**! مەن سىلىنى شەھەر ئەھلىنىڭ ئەمىرلىرىگە گۇۋاھچى قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنى خەلققە ئادىل

بولسۇن ئۈچۈن، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى ئۆگۈتۈپ قويسۇن ئۈچۈن، ئۇرۇشىسىز ئالغان ئولجىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئادىل تەقسىم قىلىپ بەرسۇن ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇشكۈل بولغان ئىشلارنى ماڭا كۆتۈرۈپ كەلسۇن ئۈچۈن ئەۋەتتىم. ئى ئىنسانلار! سىلەر خام پىياز بىلەن خام سامساقنى يەيدىكەنسىلەر، مەن بۇ ئىككىسىنى بەكلا سېسىق پۇرايدۇ دەپ قارايمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنىڭ سېسىق پۇراقلىرىنى مەسجىد ئىچىدىكى بىرەر كىشىدىن تاپقان ھامان، ئۇكىشىنى بەقىيئ دېگەن جايغا چىقرۋىتىشكە بۇيرىيتتى، كىم سامساق ـ پىيازنى يېمەكچى بولسا، ئۇنى قاتتىق پۇشۇرۋىتىپ يىسۇن.

## 241 ـــــ باب النهي عن نشد الضالة في المسجد وما يقوله من سمع الناشد

## يوٚتۈپ كەتكەن نەرسنى مەسجىد ئىچىدە تۇرۇپ سۈرۈشتەقىلىپ ئىزدەشتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋاب

1212 ـ1213 ـ حدّثنا أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرٍو. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ حَيْوَةَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي عَبْدِ اللّهِ مَوْلَى شَدّادِ بْنِ الْهَادِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ سَمِعَ رَجُلاً يَنْشُدُ ضَالّةً فِي الْمَسْجِدِ، فَقولوا: لاَ رَدّهَا الله عَلَيْكَ. فَإِنّ الْمَسَاجِدَ لَمْ تُبْنَ لِهَذَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە يوٚتۈپ كەتكەن نەرسىسىنى ئىلان قىلىپ، تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، مۇنداق دېسۇن؛ ئاللاھ ئۇ نەرسەڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمىگەي، ھەققەتەن مەسجىدلەر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنى نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن سېلىنمىغان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە نەرسە سېتىۋاتقان ياكى سېتىۋېلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ تىجارىتىڭگە پايدا بەرمىگەي دەڭلار، يوٚتۈپ كەتكەن نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىزدىگىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي دەڭلار. تىرمىزى، ھاكىم،دارىمى توپلىدى، سەھىھ.

1214 ـ وحدّثنى حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا الثّوْرِيّ عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ رَجُلاً نَشَدَ فِي الْمَسْجِدِ. فَقَالَ: مَنْ دَعَا إِلَى الْجَمَلِ الأَحْمَرِ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ وَجَدْتَ. إِنّمَا بُنِيَتِ الْمَسَاجِدُ لِمَا بُنِيَتْ لَهُ».
1215 ـ1216 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ أَبِي سِنَانٍ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ النّبِي صلى الله عليه وسلم لَمّا صَلّى قَامَ رَجُلٌ فَقَالَ: مَنْ دَعَا إِلَى الْجَمَلِ الأَحْمَرِ؟ فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «لاَ وَجَدْتَ. إِنّمَا بُنِيَتِ الْمَسَاجِدُ لِمَا بُنِيَتْ لَهُ».

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى مەسجىد ئىچىدىلا تۆگىسىنى ئىزدەپ سۈرۈشتە قىلىپ؛ كىم بىر قىزىل تۆگىنى كۆردى؟ كىم ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن تۆگەڭنى تاپالمىغايسەن، مەسجىدلەر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنى نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن سېلىنمىغان،بەلكى ئۇ ئىبادەتلەر ئۈچۈن سېلىنغادۇر،دېدى.

## 242 ـــــ باب السهو في الصلاة والسجود له

## ناماز ئىچىدىكى سەھۋەنلىك ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدىغان سەجدە ـ سەھۋە توغرىسىدا

**1217 ـ1218 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي سَلَمَة بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّ أحدَكُمْ إذَا قامَ يُصَلّي جَاءَهُ الشّيْطَانُ فلَبَسَ عَلَيْهِ، حَتّى لاَ يَدْرِي كَمْ صلّى. فَإذَا وَجَدَ ذَلِكَ أحَدُكُمْ، فلْيَسْجُدْ سَجْدَتَيْنِ وَهُوَ جَالِسٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، شەيتان كىلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئېلىشتۇرىۋىتىدۇ، ھەتتا ئۇ كىشى قانچىلىك ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ئەھۋالنى تېپىپ قالسا، تەشەھھۇددا ئولتۇرغان ھالدا ، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن . مالىك، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**1219 ـ1220 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنِي أبي عَنْ يَحيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ. حَدّثنَا أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ حَدّثهُمْ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إذَا نُودِيَ بِالأذَانِ أدْبَرَ الشّيْطَانُ، لَهُ ضُرَاطٌ حَتّى لاَ يَسمَعَ الأذَانَ، فَإذَا قُضِيَ الأذَانُ أقبَلَ، فَإذَا ثُوّبَ بِهَا أدْبَرَ، فَإذَا قُضِيَ التّثوِيبُ أقبَلَ يَخْطُرُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَنَفْسِهِ، يَقُولُ: اذْكُرْ كَذَا، اذْكُرْ كَذَا. لِمَا لَمْ يَكُنْ يَذْكُرُ. حَتّى يَظَلّ الرّجُلُ إنْ يَدْرِي كَمْ صَلّى. فَإذَا لَمْ يَدْرِ أحَدُكُمْ كَمْ صلّى فَلْيَسْجُدْ سَجْدَتَيْنِ. وَهُوَ جَالِسٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، شەيتان ئوسۇرۇپ قويغان ھالدا، ئەزاننى ئاڭلىمىغىچە قاچىدۇ، ئەزان تۈگىگەندە، يەنە كىلىدۇ، تەكبىر ئېيتىلغاندا، يەنە قاچىدۇ، تەكبىر ئاخىرلاشقاندا يەنە كىلىپ، ئىنساننىڭ نەپسىگە، كۆڭلىگە ئۇ ئەسلەپ باقمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە دەپ خۇتىر ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، بىرىڭلار قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمىسە، ئولتۇرغان ھالدا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن.بەيھەقى، مالىك،بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن شەيتان نىڭ پەقەت نامازدىلا چىڭ تۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىشى، بارلىق نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ، ئازدۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا،سەھۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى ئىككى سەجدە قىلىدۇ.

**1221 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ الأعْرَجِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُحَيْنَةَ قالَ: صَلّى لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ مِنْ بَعْضِ الصّلَوَاتِ. ثُمّ قامَ فلَمْ يَجْلِسْ. فقامَ النّاسُ مَعَهُ. فلَمّا قضَى صَلاَتَهُ وَنَظَرْنَا تَسْلِيمَهُ كَبّرَ، فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ وَهُوَ جَالِسٌ، قبْلَ التّسْلِيمِ. ثُمّ سَلّمَ.**

**1222 ـ1223 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح قالَ: وَحَدّثنَا ابْنُ رُمْحٍ. أخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُحَيْنَةَ الأسْدِيّ، حَلِيفِ بَنِي عَبْدِ الْمُطّلِبِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قامَ فِي صَلاَةِ الظّهْرِ وَعَلَيْهِ جُلُوسٌ فلَمّا أتَمّ صَلاَتَهُ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ يُكَبّرُ فِي كُلّ سَجْدَةٍ وَهُوَ جَالِسٌ. قبْلَ أنْ يُسَلّمَ، وَسَجَدَهُمَا النّاسُ مَعَهُ، مَكَانَ مَا نَسِيَ مِنَ الْجُلُوسِ.**

ئابدۇاللە ئىبنى بۇھەينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بىرىپ، ئەۋۋەلقى ئىككى رەكئەتتە (تەشەھھۇدقا)ئولتۇرمايلا، دەس تۇرۇپ كەتتى، كىشىلەرمۇ بىللە

ئورنىدىن تۇردى، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ سالام بېرىشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدىلا تەكبىر ئېيتىپ، سالام قىلىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ، ئاندىن سالام بەردى.كىشىلەرمۇ بىللە سەجدەقىلدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**1224 –1225 – وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا مُوسَى بْنُ دَاوُدَ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا شَكّ أَحَدُكُمْ فِي صَلاَتِهِ فَلَمْ يَدْرِ كَمْ صَلّى؟ ثَلاَثاً أَمْ أَرْبَعاً؟ فَلْيَطْرَحِ الشّكّ وَلْيَبْنِ عَلَى مَا اسْتَيْقَنَ، ثُمّ يَسْجُدُ سَجْدَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يُسَلّمَ. فَإِنْ كَانَ صَلّى خَمْساً، شَفَعْنَ لَهُ صَلاَتَهُ، وَإِنْ كَانَ صَلّى إِتْمَاماً لأَرْبَعٍ، كَانَتَا تَرْغِيماً لِلشّيْطَانِ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ، ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقوغۇننى بىلەلمىسە، شەكنى تاشلىۋېتىپ، شەكسىز ئىشەنگىنىگە ئۇلاپ ئوقۇسۇن، ئاندىن سالامدىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن، ئەگەر بەش رەكئەت ئوقۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى (شۇ سەجدە بىلەن) جۈپلەرغان بولىدۇ، ئەگەر تۆت رەكئەت نامازنى كامىل ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى سەجدە شەيتاننى قوغلايدۇ، بۇرنىغا قۇم تىقىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**1226 –1227 –1228 –1229 –1230 – وحدّثنا عُثْمَانُ وَ أَبُو بَكْرٍ ابْنَا أَبِي شَيْبَةَ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم (قَالَ إِبْرَاهِيمُ: زَادَ أَوْ نَقَصَ) فَلَمّا سَلّمَ قِيلَ لَهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَحَدَثَ فِي الصّلاَةِ شَيْءٌ؟ قَالَ: «وَمَا ذَاكَ؟» قَالُوا: صَلّيْتَ كَذَا وَكَذَا. قَالَ فَثَنَى رِجْلَيْهِ، وَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ، فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ، ثُمّ سَلّمَ. ثُمّ أَقْبَلَ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ فَقَالَ: «إِنّهُ لَوْ حَدَثَ فِي الصّلاَةِ شَيْءٌ أَنْبَأْتُكُمْ بِهِ. وَلَكِنْ إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ أَنْسَى كَمَا تَنْسَوْنَ. فَإِذَا نَسِيتُ فَذَكّرُونِي. وَإِذَا شَكّ أَحَدُكُمْ فِي صَلاَتِهِ فَلْيَتَحَرّ الصّوَابَ. فَلْيُتِمّ عَلَيْهِ. ثُمّ لِيَسْجُدْ سَجْدَتَيْنِ».**
**1231 – وحدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا فُضَيْلُ بْنُ عِيَاضٍ عَنْ مَنْصُورٍ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ «فَلْيَتَحَرّ الّذِي يُرَى أَنّهُ الصّوَابُ».**
**1232 – وحدّثناه ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ عَبْدِ الصّمَدِ عَنْ مَنْصُورٍ، بِإِسْنَادِ هَؤُلاَءِ. وَقَالَ «فَلْيَتَحَرّ الصّوَابَ».**
**1233 –1234 –1235 – حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّى الظّهْرَ خَمْساً. فَلَمّا سَلّمَ قِيلَ لَهُ: أَزِيدَ فِي الصّلاَةِ؟ قَالَ: «وَمَا ذَاكَ؟» قَالُوا: صَلّيْتَ خَمْساً. فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ. وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا ابْنُ إِدْرِيسَ عَنِ الْحَسَنِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ أَنّهُ صَلّى بِهِمْ خَمْساً.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم پېشىننى بەش رەكئەت ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە:بۇ نامازغا زىيادە قىلىندىمۇ؟دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:نېمە سەۋەپتىن شۇنداق دەيسىلەر؟دېدى. ئۇلار:سىلى پېشىننى بەش رەكئەت ئوقۇۋەتتىلە دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئىككى پۇتىنى جۈپلاپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ،ئاندىن يەنە سالام بېرىپ، ئاندىن بىزگە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: ئەگەر نامازدا بىرەر نەرسە پەيدا قىلىنغان بولسا، مەن ئۇنى سىلەرگە خەۋەر قىلاتتىم، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئوخشاش بىرئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك ، مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، ئۇنتۇپ قالسام ماڭا ئەسلىتىڭلار،

بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ قالسا، راستىنى، توغرىسىنى ئىزدەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنى تامام قىلىپ، ئاندىن سالام بىرىپ، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن دېدى، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

1236 ـ وحدّثناه عَوْنُ بْنُ سَلاَمٍ الْكُوفِيّ. أَخْبَرَنَا أَبُو بَكْرٍ النّهْشَلِيّ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَن بْنِ الأَسْوَدِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَمْساً. فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ أَزِيدَ فِي الصّلاَةِ؟ قَالَ «وَمَا ذَاكَ؟» قَالُوا: صَلّيْتَ خَمْساً. قَالَ «إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ أَذْكُرُ كَمَا تَذْكُرُونَ. وَأَنْسَى كَمَا تَنْسَوْنَ». ثُمّ سَجَدَ سَجْدَتَي السّهْوِ.
1237 ـ وحدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِي. أَخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِاللّهِ قَالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَزَادَ أَوْ نَقَصَ (قَالَ إِبْرَاهِيمُ: وَالْوَهْمُ مِنّي) فَقِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَزِيدَ فِي الصّلاَةِ شَيْءٌ؟ فَقَالَ «إِنّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ. أَنْسَى كَمَا تَنْسَوْنَ.
1238 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح قَالَ وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا حَفْصٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَجَدَ سَجْدَتَي السّهْوِ، بَعْدَ السّلاَمِ وَالْكَلاَمِ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم پىشىنىنى بەش رەكئەت ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە:بۇ نامازغا زىيادە قىلىندىمۇ؟دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:نىمە سەۋەپتىن شۇنداق دەيسىلەر؟دېدى. ئۇلار:سىلى پىشىنىنى بەش رەكئەت ئوقۇۋەتتىلە دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالام بەرگەندىن كىيىنمۇ،سۆز قىلغاندىن كىيىنمۇ سەھۋەنلىكتىن ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئوخشاش بىرئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك ، مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، ئۇنتۇپ قالسا م ماڭا ئەسلىتىڭلار، بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ قالسا، راستىنى، توغرىسىنى ئىزدەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنى تامام قىلىپ، ئاندىن سالام بىرىپ، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن دېدى، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1239 ـ وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ. حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ الْجُعْفِيّ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: صَلّيْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَإِمّا زَادَ أَوْ نَقَصَ. (قَالَ إِبْرَاهِيمُ: وَايْمُ اللّهِ مَا جَاءَ ذَاكَ إِلاّ مِنْ قِبَلِي) قَالَ فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ أَحَدَثَ فِي الصّلاَةِ شَيْءٌ؟ فَقَالَ «لاَ» قَالَ فَقُلْنَا لَهُ الّذِي صَنَعَ. فَقَالَ «إِذَا زَادَ الرّجُلُ أَوْ نَقَصَ فَلْيَسْجُدْ سَجْدَتَيْنِ» قَالَ ثُمّ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇق، ـ راۋىي ئىبراھىم دەيدۇكى؛يا زىيادە ياكى كەم بولۇپ قالدى ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە:ناماز ئىچىدە بىرەر نەرسە پەيدا قىلىندىمۇ؟ دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياق دېدى. بىز:قىلىنغان ئىشلارنى بايان قىلساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەرقانداق بىركىشى نامىزىدا كەم ـ زىيادە قىلىپ سالسا، ئولتۇرغان ھالدا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن،دەپ.ئاندىن سەھۋىگە ئىككى سەجدە قىلدى.

1240 ـ1241 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ عَمْرٌو: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ. قَالَ: سَمِعْتُ مُحَمّدَ بْنَ سِيرِينَ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِحْدَى صَلاَتَي الْعَشِيّ. إِمّا الظّهْرَ وَإِمّا الْعَصْرَ. فَسَلّمَ فِي رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ أَتَى جِذْعاً فِي قِبْلَةِ الْمَسْجِدِ فَاسْتَنَدَ إِلَيْهَا مُغْضَباً. وَفِي الْقَوْمِ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ. فَهَابَا أَنْ يَتَكَلّمَا. وَخَرَجَ سَرَعَانُ النّاسِ، قُصِرَتِ الصّلاَةُ، فَقَامَ ذُو الْيَدَيْنِ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَقُصِرَتَ الصّلاَةُ أَمْ نَسِيتَ؟ فَنَظَرَ النّبِيّ صلى الله عليه

**وسلم يَمِيناً وَشِمَالاً. فقَالَ: «مَا يَقُولُ ذُو الْيَدَيْنِ؟» قَالُوا: صَدَقَ. لَمْ تُصَلّ إِلاّ رَكْعَتَيْنِ. فَصَلّى رَكْعَتَيْنِ وَسَلّمَ. ثُمّ كَبّرَ ثُمّ سَجَدَ. ثُمّ كَبّرَ فَرَفَعَ، ثُمّ كَبّرَ وَسَجَدَ. ثُمّ كَبّرَ وَرَفَعَ. قَالَ وَأُخْبِرْتُ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَنّهُ قَالَ: وَسَلّمَ.**

**1242 ـ1243 ـ1244 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ دَاوُدَ بْنِ الْحُصَيْنِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ مَوْلَى ابْنِ أَبِي أَحْمَدَ أَنّهُ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: صَلّى لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الْعَصْرِ، فَسَلّمَ فِي رَكْعَتَيْنِ. فَقَامَ ذُو الْيَدَيْنِ فَقَالَ: أَقُصِرَتِ الصّلاَةُ يَا رَسُولَ اللّهِ أَمْ نَسِيتَ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كُلّ ذَلِكَ لَمْ يَكُنْ» فَقَالَ قَدْ كَانَ بَعْضُ ذَلِكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى النّاسِ فَقَالَ: «أَصَدَقَ ذُو الْيَدَيْنِ؟» فَقَالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَمّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا بَقِيَ مِنَ الصّلاَةِ. ثُمّ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ. وَهُوَ جَالِسٌ. بَعْدَ التّسْلِيمِ.**

ئىبنى سىرىين رەھمەھۇاللە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە شام ياكى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ- ئىبنى سىرىين رەھمەھۇاللە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنامازنى ئېنىق دەپ بەرگەن ئىدى ، لېكىن مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەيدۇ- ئىككى رەكئەت ئوقۇپلا (نامازنىئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن)سالام بېرىۋېتىپ، مەسجىدتە توغرىسىغا قويۇقلۇق ياغاچنىڭ قېشىغا چىقىپ، خۇددى غەزەپ قىلغان كەيپىياتتا، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كىرىشتۈرۈپ، ئوڭ مەڭزىنى سول ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىگە قويۇپ، ھېلىقى ياغاچنىڭ ئۈستىدە يۆلىنىپ ئولتۇردى، مەن مەسجىدنىڭ ئىشىكىدىن ئالدىرىغان ھالدا چىقسام، كىشلەر ناماز قەسىر قىلىنغان ئوخشايدۇ دېيىشىۋېتىپتۇ، قەۋمنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بارئىدى، لېكىن بۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆز قىلىشتىن ئەيمىنىپ قالدى، كىشلەرنىڭ ئارىسىدا زۇلىيەدەين دېيىلىدىغان ئىككى قولى ئۇزۇن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!سىلى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ ياكى ناماز قەسىر قىلىندىمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مەن ئۇنتۇپمۇ قالمىدىم، نامازمۇ قەسىر قىلىنمىدى، شۇنىڭ ھەممىسى يۈز بەرمىدى، دەپ بولۇپ، ئاندىن راست زۇلىيەدەين دىگەندەك بولدىمۇ؟دىدى. كىشلەر: ھەئە، راستلا زۇلىيەدەين دىگەندەك بولدى، دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىغا ئۆتۈپ نامازنىڭ قېلىپ قالغىنىنى ئوقۇپ، ئاندىن سالام بېرىپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ ئالدىدىكى سەجدىسىگە ئوخشاش ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلىپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن يەنە تەكبىر ئېيتىپ ئالدىدىكى سەجدىسىگە ئوخشاش ياكى ئۇزۇنراق سەجدە قىلىپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە سالام بەردى.ئۇلار كۆپۈنچە ئىبنى سىرىين رەھمەھۇاللە دىن، ئاندىن (يەنى سەھۋىگە ئىككى سەجدە قىلىپ بولۇپ) يەنە سالام بەردىمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئىبنى سىرىين رەھمەھۇاللە:ماڭا ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن ئاندىن يەنە سالام بەردى، دىگەنلىكى خەۋەر قىلىندى ، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم،

**1245 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بنُ حَرْبٍ. جَمِيعًا عَنْ ابنِ عُلَيّةَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي الْمُهَلّبِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّى الْعَصْرَ فَسَلّمَ فِي ثَلاَثِ رَكَعَاتٍ. ثُمّ دَخَلَ مَنْزِلَهُ. فَقامَ إِلَيْهِ رَجُلٌ يُقالُ لَهُ الْخِرْبَاقُ. وكَانَ فِي يَدَيْهِ طُولٌ. فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فذكَرَ لَهُ صَنِيعَهُ. وَخَرَجَ غَضْبَانَ يَجُرّ رِدَاءَهُ حَتّى انْتَهَى إِلَى النّاس. فقالَ: «أَصدَقَ هَذا؟» قالُوا: نَعَمْ. فصلّى رَكْعَةً. ثُمّ سلّمَ. ثُمّ سَجدَ سَجْدَتَيْن. ثُمّ سلّمَ.**
**1246 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ الثّقفِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ، وَهُوَ الْحَذّاءُ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبِي الْمُهَلّب، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ قالَ: سَلّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي ثَلاَثِ رَكَعَاتٍ، مِنَ الْعَصْر. ثُمّ قامَ فَدَخَلَ الْحُجْرَةَ. فَقامَ رَجُلٌ بَسِيطُ الْيَدَيْنِ. فَقالَ: أَقُصِرَتِ الصّلاَةُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ فَخَرَجَ مُغْضَباً. فَصلّى الرّكْعَةَ الّتِي كَانَ تَرَكَ. ثُمّ سَلّمَ. ثُمّ سَجَدَ سَجْدَتَي السّهْوِ. ثُمّ سَلّمَ**

ئىمران ئىبنى ھۆسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئەسىرنامىزىنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇپلا، سالام بېرىۋېتىپ ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئىككى قولى ئۇزۇن، خىرباق دېيىلىدىغان بىركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!...... دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايىنى سۆرەپ ، غەزەپ قىلغان ھالدا چىقىپ،كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ: ماۋۇ كىشىنىڭ دىگەنلىرى راستمۇ؟دېدى. ئۇلار؛ ھەئە راست دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېلىپ قالغان يەنە بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ، ئاندىن سالام بېرىۋېتىپ، ئاندىن سەھۋىگە ئىككى سەجدە قىلىپ ، ئاندىن يەنە سالام بەردى.

## 243 ـــــ باب سجود التلاوة قۇرئان تىلاۋىتىنىڭ سەجدىللىرى توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر بەكلا كېچىكتۈردى، ھەتتا مەسجىد ئەھلى ئۇخلاپ قالدى، ئاندىن چىقىپ ناماز ئوقۇپ بېرىپ؛ ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئۇلارغا مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا، مانا مۇشۇھازىرقى ۋاقىت، خۇپتەننىڭ ئەۋزەل ۋاقتى ئىدى دېدى.

**1396 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ) عَنْ مَنْصُورٍ، عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: مَكَثْنَا ذَاتَ لَيْلَةٍ نَنْتَظِرُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِصَلاَةِ الْعِشَاءِ الآخِرَةِ. فَخَرَجَ إِلَيْنَا حِينَ ذَهَبَ ثُلُثُ اللّيْلِ أَوْ بَعْدَهُ. فَلاَ نَدْرِي أَشَيْءٌ شَغَلَهُ فِي أَهْلِهِ أَوْ غَيْرُ ذَلِكَ. فَقَالَ حِينَ خَرَجَ: «إِنّكُمْ لَتَنْتَظِرُونَ صَلاَةً مَا يَنْتَظِرُهَا أَهْلُ دِينٍ غَيْرُكُمْ. وَلَوْلاَ أَنْ يَثْقُلَ عَلَى أُمّتِي لَصَلّيْتُ بِهِمْ هَذِهِ السّاعَةَ» ثُمّ أَمَرَ الْمُؤَذّنَ فَأَقَامَ الصّلاَةَ وَصَلّى.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خۇپتەن نامىزىغا ساقلاپ تۇردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە كېچىنىڭ ئۈچدەن بىرى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە چىقتى،ـ ئەھلىدىكى بىرەر ئىش مەشغۇل قىلىۋالدىمۇ؟ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشمۇ؟ بىلمىدۇق،چىققاندا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن سىلەر بۇ خۇپتەن نامىزىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاۋاتىسىلەر، ھازىر بۇ نامازنى سىلەردىن باشقا دىن ئەھلىدىن ھېچكىشى ساقلاپ تۇرۇۋغلۇق ئەمەس، ئۈممىتىمگە ئېغىر كېلىپ، مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا بۇ نامازنى مۇشۇ سائەتتە ئوقۇپ بېرەتتىم ،ئاندىن مۇئەززىننى نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇپ،نامازنى ئوقىدى.مۇسلىم، نەسەئى.

**1397 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي نَافِعٌ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شُغِلَ عَنْهَا لَيْلَةً فَأَخّرَهَا، حَتّى رَقَدْنَا فِي الْمَسْجِدِ، ثُمّ اسْتَيْقَظْنَا، ثُمّ رَقَدْنَا، ثُمّ اسْتَيْقَظْنَا، ثُمّ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قَالَ: «لَيْسَ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ، اللّيْلَةَ، يَنْتَظِرُ الصّلاَةَ غَيْرُكُمْ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىدىن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، بەكلا كېچىكتۈردى، بىز مەسجىد ئىچىدە مۈگدەپ قېلىپ، ئاندىن ئويغاندۇق، ئاندىن يەنە مۈگدەپ قېلىپ، ئاندىن يەنە ئويغاندۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ قېشىمىزغا چىقىپ؛ بۈگۈن كېچە زېمىن ئەھلىدىن سىلەردىن باشقا ھېچ بىر كىشى نامازنى ساقلاپ تۇرمىدى، دېدى.

**1398 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثَنَا بَهْزُ بْنُ أَسَدٍ الْعَمّيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ أَنّهُمْ سَأَلُوا أَنَساً عَنْ خَاتَمِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: أَخّرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعِشَاءَ ذَاتَ لَيْلَةٍ إِلَى شَطْرِ اللّيْلِ. أَوْ كَادَ يَذْهَبُ شَطْرُ اللّيْلِ. ثُمّ جَاءَ فَقَالَ: «إِنّ النّاسَ قَدْ صَلّوْا وَنَامُوا. وَإِنّكُمْ لَمْ تَزَالُوا فِي صَلاَةٍ مَا انْتَظَرْتُمُ الصّلاَةَ». قَالَ أَنَسٌ: كَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى وَبِيصِ خَاتِمِهِ مِنْ فِضّةٍ، وَرَفَعَ إِصْبَعَهُ الْيُسْرَى بِالْخِنْصِرِ.**

ئەبۇ سەئىد،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈزۈكى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى؛ بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزنى يېرىم كېچىگىچەكېچىكتۈرۈپ،ئاندىن كېلىپ؛ ھەقىقەتەن كىشىلەر نامازلىرىنى ئوقۇپ، ياتاقلىرىنى ئېلىپ، ئۇخلاپ بولدى، ھەقىقەتەن سىلەر نامازنى ساقلاپ تۇرساڭلارلا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر، (ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقى، كېسەللەرنىڭ كېسەللىكى، ھاجەت ئىگىسىنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولسا، مەن بۇ نامازنى يەنى خۇپتەننى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتۇم،)دىدى.مەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈكىنىڭ ئاقلىقىغا قاراۋاتاتتىم. رەسۇلۇللاھ سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ئەھمەد، نەسەئى،ئەداۋۇد.

**1399 ـ1400 ـ وحدّثني حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا أَبُو زَيْدٍ سَعِيدُ بْنُ الرّبِيعِ. حَدّثَنَا قُرّةُ بْنُ خَالِدٍ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: نَظَرْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةً، حَتّى كَانَ قَرِيبٌ مِنْ نِصْفِ اللّيْلِ. ثُمّ جَاءَ فَصَلّى، ثُمّ أَقْبَلَ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ. فَكَأَنّمَا أَنْظُرُ إِلَى وَبِيصِ خَاتِمِهِ، فِي يَدِهِ، مِنْ فِضّةٍ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز بىركېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نى خۇپتەن نامىزىغا ساقلاپ، يېرىم كېچىگىچە تۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ كېلىپ، ناماز ئۇقۇپ بىرىپ، بىزگە مۇبارەك يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلدى،گۈياكى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىكى كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈكىنىڭ ئاقلىقىغا قاراۋاتاتتىم

1401 ـ وحدّثنا أَبُو عَامِرِ الأَشْعَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْب. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِي مُوسَىَ، قَالَ: كُنْتُ أَنَا وَأَصْحَابِي، الّذِينَ قَدِمُوا مَعِي فِي السّفِينَةِ، نُزُولاً فِي بَقِيعِ بُطْحَانَ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْمَدِينَةِ. فَكَانَ يَتَنَاوَبُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عِنْدَ صَلاَةِ الْعِشَاءِ، كُلّ لَيْلَةٍ، نَفَرٌ مِنْهُمْ. قَالَ أَبُو مُوسَىَ: فَوَافَقْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنَا وَأَصْحَابِي. وَلَهُ بَعْضُ الشّغْلِ فِي أَمْرِهِ. حَتّىَ أَعْتَمَ بِالصّلاَةِ. حَتّى ابْهَارّ اللّيْلُ. ثُمّ خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَصَلّىَ بِهِمْ. فَلَمّا قَضَىَ صَلاَتَهُ قَالَ لِمَنْ حَضَرَهُ: «عَلَى رِسْلِكُمْ. أُعْلِمُكُمْ، وَأَبْشِرُوا، أَنّ مِنْ نِعْمَةِ الله عَلَيْكُمْ أَنّهُ لَيْسَ مِنَ النّاسِ أَحَدٌ يُصَلّي هَذِهِ السّاعَةَ، غَيْرُكُمْ» أَوْ قَالَ: «مَا صَلّى، هَذِهِ السّاعَةَ، أَحَدٌ غَيْرُكُمْ» (لاَ نَدْرِي أَيّ الْكَلِمَتَيْنِ قَالَ) قَالَ أَبُو مُوسَىَ: فَرَجَعْنَا فَرِحِينَ بِمَا سَمِعْنَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن كېمىدە بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە بۇتھان دېگەن جايغا چۈشتۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چاغدا مەدىنىدە ئىكەن، ئۇلاردىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەر نۆبەتلىشىپ، ھەر كېچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا خوپتەن نامىزىنى ئۇقۇغىلى بارىدىكەن، بۇ قېتىم بىزگە نۆبەت كېلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھنىڭ مەشغۇل بولىدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ، خوپتەن نامىزىنى يېرىم كېچىدە ئۇقۇپ بىرىپ، ئاندىن نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندا ئۇلارغا؛ئۆز ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە تەلىم بىرىمەن، خۇش بىشارەت ئېلىڭلاركى، ھەققەتەن بۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان نىئمىتى، ئۇ بولسىمۇ بۇ سائەتتە سىلەردىن باشقا ھىچ كىشى ناماز ئوقمايدۇ،دېدى.بىز بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ قايتتۇق. بۇخارى،مۇسلىم

1402 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. قَالَ: قُلْتُ لِعَطَاءٍ: أَيّ حِينٍ أَحَبّ إِلَيْكَ أَنْ أُصَلّيَ الْعِشَاءَ، الّتِي يَقُولُهَا النّاسُ الْعَتَمَةَ، إِمَاماً وَخِلْواً؟ قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: أَعْتَمَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ لَيْلَةٍ الْعِشَاءَ. قَالَ حَتّى رَقَدَ نَاسٌ وَاسْتَيْقَظُوا. وَرَقَدُوا وَاسْتَيْقَظُوا. فَقَامَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ فَقَالَ: الصّلاَةَ. فَقَالَ عَطَاءٌ: قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: فَخَرَجَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَأَنّي أَنْظُرُ إِلَيْهِ الآنَ. يَقْطُرُ رَأْسُهُ مَاءً. وَاضِعاً يَدَهُ عَلَى شِقّ رَأْسِهِ. قَالَ: «لَوْلاَ أَنْ يَشُقّ عَلَى أُمّتِي لأَمَرْتُهُمْ أَنْ يُصَلّوهَا كَذَلِكَ». قَالَ: فَاسْتَثْبَتّ كَيْفَ وَضَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَدَهُ عَلَى رَأْسِهِ كَمَا أَنْبَأَهُ ابْنُ عَبّاسٍ. فَبَدّدَ لِي عَطَاءٌ بَيْنَ أَصَابِعِهِ شَيْئاً مِنْ تَبْدِيدٍ. ثُمّ وَضَعَ أَطْرَافَ أَصَابِعِهِ عَلَى قَرْنِ الرّأْسِ. ثُمّ صَبّهَا. يُمِرّهَا كَذَلِكَ عَلَى الرّأْسِ، حَتّى مَسّتْ إِبْهَامُهُ طَرَفَ الأُذُنِ مِمّا يَلِي الْوَجْهَ. ثُمّ عَلَى الصّدْغِ وَنَاحِيَةِ اللّحيةِ، لاَ يُقَصّرُ وَلاَ يَبْطُشُ بِشَيْءٍ. إِلاّ كَذَلِكَ. قُلْتُ لِعَطَاءٍ: كَمْ ذُكِرَ لَكَ أَخّرَهَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَيْلَتَئِذٍ؟ قَالَ: لاَ أَدْرِي. قَالَ عَطَاءٌ: أَحَبّ إِلَيّ أَنْ أُصَلّيَهَا، إِمَاماً وَخِلْواً، مُؤَخّرَةً. كَمَا صَلاّهَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَيْلَتَئِذٍ. فَإِنْ شَقّ عَلَيْكَ ذَلِكَ خِلْواً أَوْ عَلَى النّاسِ فِي الْجَمَاعَةِ، وَأَنْتَ إِمَامُهُمْ. فَصَلّهَا وَسَطاً. لاَ مُعَجّلَةً وَلاَ مُؤَخّرَةً.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەتائقا؛ كىشىلەر ئەتەمەت دىيىشىدىغان خۇپتەن نامىزىنى ئىمام بولغان ياكى يالغۇز ھالەتتە قايسى ۋاقتتا ئۇقۇشنى ياخشى كۆرىسەن؟دېسەم، ئۇماڭا؛ مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛بىر كېچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۇردى، كىشىلەر ئۇخلاپ، (يەنى مۈگدەپ)ئويغۇنۇشتى، ئاندىن يەنە مۈگدەپ ئويغۇنۇشتى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ناماز!!ناماز ئۇقۇيلى!دېدى ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

چاچلىرى سۇ تېمتقان ھالدا، قولنى بېشنىڭ بىر تەرىپىگە قويغان ھالدا چىقىپ؛ ئەگەر ئۇممىتىمگە مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا، مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇشقا بۇيرۇيتتۇم دېدى. مەن ئەتائتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قولنى بېشىغا قانداق قويغانلىقنى خۇددى ئىبنى ئاببىاس بايان قىلىپ بەرگەندەك بايان قىلىپ بېرىشنى سورسام، ئۇ بارماقلىرىنىڭ ئارلىقنى بىر بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئېچىپ، بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىنى بېشىنىڭ بىر تەرىپىدە قويۇپ، ئاندىن باش بارمىقى قۇلىقىنىڭ بىرتەرىپىگە ۋە يان چېكىسىگە، ساقىلىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىگە تەككەنگە قەدەر ئاستىمۇ ئەمەس، تىز سۈرئەتتىمۇ ئەمەس نورمال يۆرۈتتى، مەن ئۇنىڭغا؛ ساڭا رەسۇلۇللاھنىڭ شۇكېچىسى خۇپتەننى قانچىلىك مۇددەت كېچىكتۈرگەنلىكى بايان قىلىندى؟دېسەم ، ئۇ؛ مەن ئۇنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن ئىمام بولغان ياكى يالغۇز قالغان ھالىتىمدە، خۇددى رەسۇلۇللاھ شۇكېچىسى خۇپتەننى كېچىكتۈرگەندەك كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر ساڭا يالغۇز قالغاندا خۇپتەننى كېچىكتۈرۈش مۇشەققەت بولۇپ قالسا، ياكى سەن ئۇلارنىڭ ئىمامى بولۇپ جامائەتلەرگە مۇشەققەت بولۇپ قالسا، بۇرۇنمۇ ئەمەس، بەك كېيىنمۇ ئەمەس ئوتتۇرھال ۋاقىتتا ئوقۇپ بەرگىن دېدى.

1403 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ) عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ، قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُؤَخّرُ صَلاَةَ الْعِشَاءِ الآخِرَةِ.
1404 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي الصّلَوَاتِ نَحْواً مِنْ صَلاَتِكُمْ. وَكَانَ يُؤَخّرُ الْعَتَمَةَ بَعْدَ صَلاَتِكُمْ شَيْئاً. وَكَانَ يُخِفّ الصّلاَةَ. وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كَامِلٍ يُخَفّفُ.

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەش ۋاقىت نامازنى سىلەرنىڭ نامىزىڭلارغا ئوخشاش ئوقىيتتى، لىكىن خۇپتەننى سىلەرنىڭ خۇپتەن نامىزىڭلاردىن سەل كېچىكتۈرۈپ ئوقىيتتى، نامازنى ناھايىتى يەڭگىل (لىكىن كامىل ) ئوقىيتتى.

1405 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ و ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ ابْنِ أَبِي لَبِيدٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ تَغْلِبَنّكُمُ الأَعْرَابُ عَلَى اسْمِ صَلاَتِكُمْ. أَلاَ إِنّهَا الْعِشَاءُ. وَهُمْ يُعْتِمُونَ بِالإِبِلِ».
1406 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي لَبِيدٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَغْلِبَنّكُمُ الأَعْرَابُ عَلَى اسْمِ صَلاَتِكُمُ الْعِشَاءِ. فَإِنّهَا، فِي كِتَابِ الله، الْعِشَاءُ. وَإِنّهَا تُعْتِمُ بِحِلاَبِ الإِبِلِ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يېزىلىق چارۋىچى ئەئرابىيلار، كەچلىك نامىزىڭلارنىڭ شام دېگەن ئىسمىغا ، ئەتمەت، قاراڭغۇ دېيىشى بىلەن غالىپ كېلىۋالمىسۇن، چۈنكى، ئۇ ناماز ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئىشائ يەنى شام دېيىلدۇ، ئۇلار تۆگىلىرىنى كەچ تەرەپتە قاراڭغۇدا ساغقاچقا شۇنداق دېيىشىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

## 263 ـــــ باب استحباب التبكير بالصبح في أول وقتها، وهو التغليس. وبيان قدر القراءة فيها

## بامدات نامىزىنى قاراڭغىدىراق تۆنجى ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى قىرائەتنىڭ مىقدارى

1407 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرُو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. كُلّهُمْ عَنْ سُفْيَانَ بْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ عَمْرٌو: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ نِسَاءَ الْمُؤْمِنَاتِ كُنّ يُصَلّينَ الصّبْحَ مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ يَرْجِعْنَ مُتَلَفّعَاتٍ بِمُرُوطِهِنّ. لاَ يَعْرِفُهُنّ أحَدٌ.

1408 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ أنّ ابْنَ شِهَابٍ أخْبَرَهُ قالَ: أخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَتْ: لَقَدْ كَانَ نِسَاءٌ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ يَشْهَدْنَ الْفَجْرَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مُتَلَفّعَاتٍ بِمُرُوطِهِنّ. ثُمّ يَنْقَلِبْنَ إلَى بُيُوتِهِنّ وَمَا يُعْرَفْنَ. مِنْ تَغْلِيسِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالصّلاَةِ.

1409 ـ وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ وَ إسْحَقُ بْنُ مُوسَى الأنْصَارِيّ. قالاَ: حَدّثنَا مَعْنٌ عَنْ مَالِكٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: إنْ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَيُصَلّي الصّبْحَ فَيَنْصَرِفُ النّسَاءُ مُتَلَفّعَاتٍ بِمُرُوطِهِنّ. مَا يُعْرَفْنَ مِنَ الْغَلَس. وَقَالَ الأنْصَارِيّ فِي رِوَايَتِهِ: مُتَلَفّفَاتٍ.

ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مۆئمىن ئاياللار بامداتنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئوقۇيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بومدات نامىزىنى شۇنداق بۇرۇن ئوقۇيتتىكى، ئاياللار كاسايالىرىغا يۆگۈنگەن ھالدا قايتقاندا، نامازدىن قايتقان چاغنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ھېچ كىشى تونۇمايتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

1410 ـ1411 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ. ح قالَ وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ سَعْدِ بْنِ إبْرَاهِيمَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو ابْنِ الْحَسَنِ بْنِ عَلِيَ قالَ: لَمّا قدِمَ الْحَجّاجُ الْمَدِينَةَ فَسَألْنَا جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ. فَقالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي الظّهْرَ بِالْهَاجِرَةِ. وَالْعَصْرَ، وَالشّمْسُ نَقِيّةٌ. وَالْمَغْرِبَ، إذَا وَجَبَتْ وَالْعِشَاءَ، أحْيَاناً يُؤَخّرُهَا وَأحْيَاناً يُعَجّلُ. كَانَ إذَا رَآهُمْ قدِ اجْتَمَعُوا عَجّلَ. وَإذَا رَآهُمْ قدْ أبْطَأُوا أخّرَ. وَالصّبْحَ، كَانُوا أوْ (قالَ) كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يُصَلّيهَا بِغَلَسٍ.

ئىبنى جابىر ئىبنى ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد رەھىمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛بىز جابىر ئىبنى ئابدۇاللە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سورساق،ئۇ بىزگە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى چىڭ چۈشتە كۈن قىزىلغان چاغدىلائوقۇيتتى،ئەسىرنى كۈن خېلى ئېگىز، نۇرى كۈچلۈك چاغدا ئوقۇيتتى، شامنى كۈن كىرگەن چاغدىلا ئوقۇيتتى،خۇپتەننى بولسا،كىشىلەر كۆپ بولسا، بۇرۇنراق ئوقۇيتتى، ئازبولۇپ قالسا سەل كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتى، بومداتنى قاراڭغۇ چاغدىلا ئوقۇيتتى،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1412 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. أخْبَرَنِي سَيّارُ بْنُ سَلاَمَةَ. قالَ: سَمِعْتُ أبِي يَسْألُ أبَا بَرْزَةَ عَنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ قُلْتُ: آنْتَ سَمِعْتَهُ؟ قالَ فَقالَ: كَأنّمَا أسْمَعُكَ السّاعَةَ. قالَ: سَمِعْتُ أبِي يَسْألُهُ عَنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقالَ: كَانَ لاَ يُبَالِي بَعْضَ تَأْخِيرِهَا (قالَ يَعْنِي الْعِشَاءَ) إلَى نِصْفِ اللّيْلِ. وَلاَ يُحِبّ النّوْمَ قَبْلَهَا وَلاَ الْحَدِيثَ بَعْدَهَا. قالَ شُعْبَةُ: ثُمّ لَقِيتُهُ، بَعْدُ، فَسَألْتُهُ فَقالَ: وَكَانَ يُصَلّي الظّهْرَ حِينَ تَزُولُ الشّمْسُ. وَالْعَصْرَ، يَذْهَبُ الرّجُلُ إلَى أقْصَى الْمَدِينَةِ. وَالشّمْسُ حَيّةٌ. قالَ: وَالْمَغْرِبَ، لاَ أدْرِي أيّ حِينٍ ذَكَرَ. قالَ: ثُمّ لَقِيتُه، بَعْدُ، فَسَألْتُهُ. فَقالَ: وَكَانَ يُصَلّي الصّبْحَ فَيَنْصَرِفُ الرّجُلُ فَيَنْظُرُ إلَى وَجْهِ جَلِيسِهِ الّذِي يَعْرِفُ فَيَعْرِفُهُ. قالَ: وَكَانَ يَقْرَأُ فِيهَا بِالسّتّينَ إلَى الْمِائَةِ.

1413 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنَا أبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ سَيّارِ بْنِ سَلاَمَةَ قالَ: سَمِعْتُ أبَا بَرْزَةَ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاَ يُبَالِي بَعْضَ تَأْخِيرِ صلاَةِ الْعِشَاءِ إلَى نِصْفِ اللّيْلِ. وَكَانَ لاَ يُحِبّ النّوْمَ قَبْلَهَا وَلاَ الْحَدِيثَ بعْدَهَا. قالَ شُعْبَةُ: ثُمّ لَقِيتُهُ مَرّةً أُخْرَى فَقالَ: أوْ ثُلُثِ اللّيْلِ.

1414 ـ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا سُوَيْدُ بْنُ عَمْرٍو الْكَلْبِيّ عَنْ حَمّادِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنْ سَيّارِ ابْنِ سَلاَمَةَ أَبِي الْمِنْهَالِ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا بَرْزَةَ الأَسْلَمِيّ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُؤَخّرُ الْعِشَاءَ إِلَى ثُلُثِ اللّيْلِ. وَيَكْرَهُ النّوْمَ قَبْلَهَا، وَالْحَدِيثَ بَعْدَهَا. وَكَانَ يَقْرَأُ فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ مِنَ الْمِائَةِ إِلَى السّتّينَ. وَكَانَ يَنْصَرِفُ حِينَ يَعْرِفُ بَعْضُنَا وَجْهَ بَعْضٍ.

سەييارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن دادام بىلەن بىللە ئەبۇبەرزەت ئەسلەمىينىڭ قېشغاكىرگەن ئىدىم، دادام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرىز نامازنى (قانداق ۋاقىتتا)قانداق ئۇقىيتتى؟دىدى. ئەبۇ بەرزەت ئەسلەمي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر بىرنجى تۇنجى ناماز دەيدىغان پىشىننى، چىلك چۇشتە كۈن قەرىلگەن چاغدىلا ئۇقىيتتى. ئەسرنى ئۇقىغاندىن كىيىن بولسا،بىزنىڭ بىرمىز شەھەرنىڭ ئەڭ يىراق تەرپىدىكى ئورنىغا قايتىپ بارالايتتى،كۈن تېخى شۇچاغدىمۇ ئىگىز نۇرلۇق تۇراتتى.نامازشام توغرىسىدىكى سۆزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر ئەتەمەت يەنى قاراڭغۇدىكى ناماز دەيدىغان خۇپتەننى كىچىكتۇرۇپ ئۇقۇشنى ياخشى كۆرەتتى،خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ، خۇپتەندىن كىيىن سۆزلىششنى ياقتۇرمايتتى،بومدات نامىزىدىن كىشى يېنىدىكى بىللە ئولتۇرغان كىشىسىنى ئاران تونىيالايدىغان چاغدا قايتاتتى.بامداتقا 60تىن 100گىچە ئايەت ئۇقىيتتى. ياناىبرخاتىردە،خۇپتەننىڭ كىچىنىڭ ئۈچتەن بىرىگىچە كىچىكىپ كىتىشىگە پەرۋا قىلمايتتى، خۇپتەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ، خۇپتەندىن كىيىن سۆزلىششنى ياخشى كۆرمەيتتى،دىيىلگەن. ،بۇخارى،مۇسلىم.

## 264 ـــــ باب كراهية تأخير الصلاة عن وقتها المختار، وما يفعله المأموم إذا أخرها الإمام

**نامازنى تۇنجى ۋاقتىدىن كىچىكتۈرۈشنىڭ مەكروھلىقى، ئىمام كىچىكتۈرسە، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ قانداق قىلىشى**

1415 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. ح قَالَ وَحَدّثَنِي أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ «كَيْفَ أَنْتَ إِذَا كَانَتْ عَلَيْكَ أُمَرَاءُ يُؤَخّرُونَ الصّلاَةَ عَنْ وَقْتِهَا، أَوْ يُمِيتُونَ الصّلاَةَ عَنْ وَقْتِهَا؟» قَالَ قُلْتُ: فَمَا تَأْمُرُنِي؟ قَالَ «صَلّ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. فَإِنْ أَدْرَكْتَهَا مَعَهُمْ فَصَلّ فَإِنّهَا لَكَ نَافِلَةٌ». وَلَمْ يَذْكُرْ خَلَفٌ: عَنْ وَقْتِهَا.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دىگەن: ساڭا نامازلارنى ئۆز ۋاختىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىرلەر، ئىمام، باشلىق بولغاندا، ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە!.مەن ؛ منى نىمىگە بۇيرىيلا؟دىسەم، سەن نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇ نامازنى ئۇلار بىلەن بىرگە تاپساڭ، ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇغىن، ھەققەتەن بۇ سەن ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ،دىدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد،نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە

1416 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ أَبِي عِمْرَانَ الْجَوْنِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَا أَبَا ذَرَ إِنّهُ سَيَكُونُ بَعْدِي أُمَرَاءُ يُمِيتُونَ الصّلاَةَ. فَصَلّ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. فَإِنْ صَلّيْتَ لِوَقْتِهَا كَانَتْ لَكَ نَافِلَةً. وَإِلاّ كُنْتَ قَدْ أَحْرَزْتَ صَلاَتَكَ».

1417 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ إِدْرِيسَ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ أَبِي عِمْرَانَ، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرّ قَالَ: إِنّ خَلِيلِي أَوْصَانِي أَنْ أَسْمَعَ وَأُطِيعَ. وَإِنْ كَانَ عَبْداً مُجَدّعَ الأَطْرَافِ. وَأَنْ أُصَلّيَ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. «فَإِنْ أَدْرَكْتَ الْقَوْمَ وَقَدْ صَلّوْا كُنْتَ قَدْ أَحْرَزْتَ صَلاَتَكَ. وَإِلاّ كَانَتْ لَكَ نَافِلَةً».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا؛گەرچە پۇت ـ قوللىرى كېسىلىپ كەتكەن چولاق قۇل باشلىق بولسىمۇ، ئاڭلاپ ـ ئىتائەت قىلىشىمغا، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشۇمغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇزەر! ھەقىقەتەن بۇنىدىن كېيىن نامازنى ۋاقتلىرىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىر، باشلىقلار بولىدۇ، ئاگاھ بولغىنكى، سەن نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغىن، ئەگەر ئۇلار نامىزىنى ئوقۇپ بولغان بولسا، سەنمۇ نامىزىڭنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇپ، ساقلاپ قالغان بولىسەن، ئەگەر ئۇلار نامازلىرىنى ئوقۇپ بولمىغان بولسا، ئۇلار بىلەن يەنە ناماز ئوقۇغىن، ئۇ ناماز ساڭا نەپلە، زىيادە بولىدۇ.

1418 ـ وحدّثني يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ، حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ بُدَيْلٍ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا الْعَالِيَةِ يُحَدّثُ عَنْ عَبْدِاللهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم، وَضَرَبَ فَخِذِي «كَيْفَ أَنْتَ إِذَا بَقِيتَ فِي قَوْمٍ يُؤَخّرُونَ الصّلاَةَ عَنْ وَقْتِهَا؟» قَالَ: قَالَ: مَا تَأْمُرُ؟ قَالَ «صَلّ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. ثُمّ اذْهَبْ لِحَاجَتِكَ. فَإِنْ أُقِيمَتِ الصّلاَةُ وَأَنْتَ فِي الْمَسْجِدِ، فَصَلّ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوتامغا ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: ساڭا نامازلارنى ئۆز ۋاختىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىرلەر، ئىمام، باشلىق بولغاندا، سەن شۇنداق قەۋملەرنىڭ ئارىسىدا قالساڭ ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە! مەن؛ نىمىگە بۇيرىيلا؟دېسەم، سەن نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئاندىن ھاجىتىڭگە بېرىۋەرگىن، ئەگەر سەن مەسجىد ئىچىدە تۇرغاندا نامازغا تەكبىر ئەيتىلىپ قالسا، ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇغىن دېدى. مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھھە. يەنى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

1419 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي الْعَالِيَةِ الْبَرّاءِ قَالَ: أَخّرَ ابْنُ زِيَادٍ الصّلاَةَ. فَجَاءَنِي عَبْدُ اللهِ بْنُ الصّامِتِ. فَأَلْقَيْتُ لَهُ كُرْسِيّاً. فَجَلَسَ عَلَيْهِ. فَذَكَرْتُ لَهُ صَنِيعَ ابْنِ زِيَادٍ. فَعَضّ عَلَى شَفَتِهِ وَضَرَبَ فَخِذِي. وَقَالَ: إِنّي سَأَلْتُ أَبَا ذَرّ كَمَا سَأَلْتَنِي. فَضَرَبَ فَخِذِي كَمَا ضَرَبْتُ فَخِذَكَ. وَقَالَ: إِنّي سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم كَمَا سَأَلْتَنِي. فَضَرَبَ فَخِذِي كَمَا ضَرَبْتُ فَخِذَكَ وَقَالَ «صَلّ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. فَإِنْ أَدْرَكَتْكَ الصّلاَةُ مَعَهُمْ فَصَلّ. وَلاَ تَقُلْ: إِنّي قَدْ صَلّيْتُ فَلاَ أُصَلّ».

ئەبۇلئالىيەگە ئابدۇالله، ئۇنىڭغا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوتىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: (ئاندىن ھەممىسى بىر بىرىنىڭ يوتىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ دېگەن)نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇلار بىلەن يەنە شۇنامازنى تاپساڭ، ھەقىقەتەن مەن ناماز ئوقۇپ بولدۇم، ئەمدى ئوقۇمايمەن دىمەستىن، ئۇلار بىلەنمۇ يەنە ئوقۇغىن، (بۇ نەپلە بولىدۇ) نەسەئى، ئىبنى ھەببان.

1420 ـ وحدّثنا عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي نَعَامَةَ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرّ قَالَ: قَالَ «كَيْفَ أَنْتُمْ» أَوْ قَالَ «كَيْفَ أَنْتَ إِذَا بَقِيتَ فِي قَوْمٍ يُؤَخّرُونَ الصّلاَةَ عَنْ وَقْتِهَا. فَصَلّ الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا. ثُمّ إِنْ أُقِيمَتِ الصّلاَةُ فَصَلّ مَعَهُمْ. فَإِنّهَا زِيَادَةُ خَيْرٍ».

1421 ـ وحدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثَنَا مُعَاذٌ (وَهُوَ ابْنُ هِشَامٍ) حَدّثَنِي أَبِي عَنْ مَطَرٍ، عَنْ أَبِي الْعَالِيَةِ الْبَرّاءِ قَالَ قُلْتُ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ الصّامِتِ: نُصَلّي يَوْمَ الْجُمُعَةِ خَلْفَ أُمَرَاءَ، فَيُؤَخّرُونَ الصّلاَةَ. قَالَ فَضَرَبَ فَخِذِي ضَرْبَةً أَوْجَعَتْنِي. وَقَالَ: سَأَلْتُ أَبَا ذَرّ عَنْ ذَلِكَ. فَضَرَبَ فَخِذِي. وَقَالَ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ. فَقَالَ «صَلّوا الصّلاَةَ لِوَقْتِهَا وَاجْعَلُوا صَلاَتَكُمْ مَعَهُمْ نَافِلَةً».

قالَ وَقالَ عَبْدُ اللّهِ: ذُكِرَ لِي أنّ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ضَرَبَ فَخِذَ أبِي ذَر.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوتامغا ئۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: ساڭا نامازلارنى ئۆز ۋاختىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىرلەر، ئىمام، باشلىق بولغاندا، سەن شۇنداق قەۋملەرنىڭ ئارىسىدا قالساڭ ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە! مەن؛ نىمىگە بۇيرىيلا؟دېسەم، سەن نامازنى ئۆز ۋاختىدا ئوقۇغىن، ئاندىن نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇغىن، ئۇلار بىلەن ئوقۇغان نامازنى نەپلە قىلىۋەت دېدى.

## 265 ـــــ باب فضل صلاة الجماعة، وبيان التشديد في التخلف عنها

**نامازنى تونجى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشنىڭ مەكروھلىقى، ئىمام كېچىكتۈرسە، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ قانداق قىلىشى**

1422 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَن ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «صَلاَةُ الْجَمَاعَةِ أفْضَلُ مِنْ صَلاَةِ أحَدِكُمْ وَحْدَهُ بِخَمْسَةٍ وَعِشْرِينَ جُزْءاً.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز، بىرىڭلارنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە ئەۋزەلدۇر، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر.

1423 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا عَبْدُ الأعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ، عَن الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «تَفْضُلُ صَلاَةٌ فِي الْجَمِيعِ عَلَى صَلاَةِ الرّجُلِ وَحْدَهُ خَمْساً وَعِشْرِينَ دَرَجَةً» قالَ: «وَتَجْتَمِعُ مَلاَئِكَةُ اللّيْلِ وَمَلاَئِكَةُ النّهَارِ فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ» قالَ أبُو هُرَيْرَةَ: اقْرَأوا إنْ شِئْتُمْ: {وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إنّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُوداً} (الإسراء الآية: 78).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز بىرىڭلارنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە يەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەرىجىسى ئارتۇقتۇر، كېچىنىڭ ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامازدا بىرلىشىدۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ئەگەر خالىساڭلار:« (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ.»دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار دېدى.بۇخارى، نەسەئى.

1424 ـ وحدّثني أبُو بَكْرِ بْنُ إسْحَقَ. حَدّثَنا أبُو الْيَمَانِ. أخْبَرَنا شُعَيْبٌ عَنِ الزّهْرِيّ. قالَ: أخْبَرَنِي سَعِيدٌ وَ أبُو سَلَمَةَ أنّ أبَا هُرَيْرَةَ قالَ: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. بِمِثْلِ حَدِيثِ عَبْدِ الأعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ. إلاّ أنّهُ قالَ «بِخَمْسٍ وَعِشْرِينَ جُزْءاً».

1425 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنا أفْلَحُ عَنْ أبِي بَكْرِ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ، عَنْ سَلْمَانَ الأغَرّ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «صَلاَةُ الْجَمَاعَةِ تَعْدِلُ خَمْساً وَعِشْرِينَ مِنْ صَلاَةِ الْفَذّ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز، يالغۇز كىشىنىڭ نامىزىدىن 25 نامازغا تەڭدۇر.

1426 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. قالاَ: حَدّثَنا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. قالَ: قالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ عَطاءِ بْنِ أبِي الْخُوَارِ أنّهُ بَيْنَا هُوَ جَالِسٌ مَعَ نَافِعِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ، إذْ مَرّ بِهِمْ أبُو عَبْدِ اللّهِ، خَتَنُ زَيْدِ بْنِ زَبّانَ، مَوْلَى الْجُهَنِيّينَ. فَدَعَاهُ نَافِعٌ فَقالَ: سَمِعْتُ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «صَلاَةٌ مَعَ الإمَامِ أفْضَلُ مِنْ خَمْسٍ وَعِشْرِينَ صَلاَةً يُصَلّيهَا وَحْدَهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان 25 نامازدىن ئەۋزەلدۇر،

1427 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: قَالَ «صَلاَةُ الْجَمَاعَةِ أَفْضَلُ مِنْ صَلاَةِ الْفَذّ بِسَبْعٍ وَعِشْرِينَ دَرَجَةً».
1428 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. قالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. قَالَ: أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «صَلاَةُ الرّجُلِ فِي الْجَمَاعَةِ تَزِيدُ عَلَى صَلاَتِهِ وَحْدَهُ سَبْعاً وَعِشْرِينَ».
1429 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. ح قالَ وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ حَدّثنَا أَبي. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ. قالَ ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ «بِضْعاً وَعِشْرِينَ» وَقالَ أَبُو بَكْرٍ فِي رِوَايَتِهِ «سَبْعاً وَعِشْرِينَ دَرَجَةً».
1430 ـ وحدّثناه ابْنُ رَافِعٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبي فُدَيْكٍ أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ،عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «بِضْعاً وَعِشْرِينَ» .

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان ناماز ، يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 دەرىجە ئەۋزەل، ئۈستۈن قىلىنى دۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر.

1431 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَدَ نَاساً فِي بَعْضِ الصّلَوَاتِ فقَالَ: «لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ رَجُلاً يُصَلّي بِالنّاسِ. ثُمّ أُخَالِفَ إِلَى رِجَالٍ يَتَخَلّفُونَ عَنْهَا. فَآمُرَ بِهِمْ فَيُحَرّقُوا عَلَيْهِمْ، بِحُزَمِ الْحَطَبِ، بُيُوتَهُمْ. وَلَوْ عَلِمَ أَحَدُهُمْ أَنّهُ يَجِدُ عَظْماً سَمِيناً لَشَهِدَهَا» يَعْنِي صَلاَةَ الْعِشَاءِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ئوتۇن توپلاشقا بۇيرىسام، ئوتۇن يىغىلسا، ئاندىن نامازغا ئەزان توۋلاشقا بۇيرىسام، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرىسام كىشلەرگە ئىمام بولۇپ تۇرسا، ئاندىن مەن نامازغا، جامائەتكە چىقمىغان كىشلەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئوت قويىۋەتسەم ، دەپ مەخسەت قىلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ بىرى، سېمىزرەك بىرەر تال سۆڭەكنى ياكى قوينىڭ پاقالچىقىنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراق ئازغىنە گۆشنى تاپالىشنى بىلسە، ئەلۋەتتە خۇپتەن نامىزىغىمۇ كېلەتتى، (لېكىن، شۇنچىلىك نەپ، پايدا بۇ دۇنيادا بولمىغاچقا، ئۇلار كەلمىدى، ھازىرمۇ شۇ). بۇخارى 608 _ ھەدىس، نەسەئى 839 _ ھەدىس،مۇسلىم، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

1432 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبي. حَدّثنَا الأَعْمَشُ. ح وَحَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُمَا قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبي صَالِحٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَثْقَلَ صَلاَةٍ عَلَى الْمُنَافِقِينَ صَلاَةُ الْعِشَاءِ وَصَلاَةُ الْفَجْرِ، وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِيهِمَا لأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْواً. وَلَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ بِالصّلاَةِ فَتُقَامَ. ثُمّ آمُرَ رَجُلاً فَيُصَلّيَ بِالنّاسِ. ثُمّ أَنْطَلِقَ مَعِي بِرِجَالٍ مَعَهُمْ حُزَمٌ مِنْ حَطَبٍ، إِلَى قَوْمٍ لاَ يَشْهَدُونَ الصّلاَةَ فَأُحَرّقَ عَلَيْهِمْ بُيُوتَهُمْ بِالنّارِ». 1433 ـ1434 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ هَـذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ فِتْيَانِي أَنْ يَسْتَعِدّوا لِي بِحُزَمٍ مِنْ حَطَبٍ. ثُمّ آمُرَ رَجُلاً يُصَلّي بِالنّاسِ ثُمّ تُحَرّقُ بُيُوتٌ عَلَى مَنْ فِيهَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇناپىقلارغا نامازنىڭ ئېغىر كېلىدىغىنى، خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى، ھەقىقەتەن مەن مۇنداق مەخسەت قىلىۋاتىمەن، نامازغا بۇيرۇسام، تەكبىر ئېيتىلسا، بىر كىشىنى بۇيرۇسام كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسە، ئاندىن مەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئوتۇن ئاپىرىپ، نامازغا جامائەتكە چىقمىغان كىشىلەرنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىۋەتسەم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى

**1435 ـ وحدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا أبُو إسْحَقَ عَنْ أبي الأحْوَص. سَمِعَهُ مِنْهُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ، لِقوْمٍ يَتَخَلّفُونَ عَنِ الْجُمُعَةِ: «لَقَدْ هَمَمْتُ أنْ آمُرَ رَجُلاً يُصَلّي بِالنّاس. ثُمّ أُحَرّقَ عَلَى رِجَالٍ يَتَخَلّفُونَ، عَنِ الْجُمُعَةِ، بُيُوتَهُمْ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئەگە كەلمەي، ئۆيدە قالغان كىشىلەرتوغرىسىدا مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر كىشىنى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىسام، ئاندىن مەن جۈمئەگە كەلمەي، ئۆيدە قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۋەتسەم دەيمەن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئۇ چاغدا جۈمئەگە پەقەت مۇناپىقلارلا كەلمەيتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، جۈمئە مۇسۇلمانلارغا مۇھىم ئىبادەت، ھەم ئىلىم ئېلىش ئورنىدۇر.

## 266 ـــ باب يجب إتيان المسجد على من سمع النداء

## ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىگە مەسجىدكە كېلىشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا

**1436 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ وَ يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ. كُلّهُمْ عَنْ مَرْوَانَ الْفَزَارِيّ. قالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا الْفَزَارِيّ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ الأصَمّ. قالَ: حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ الأصَمّ عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: أتَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ أعْمَى. فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّهُ لَيْسَ لِي قَائِدٌ يَقُودُنِي إلَى الْمَسْجِدِ. فَسَألَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ يُرَخّصَ لَهُ فَيُصَلّيَ فِي بَيْتِهِ، فَرَخّصَ لَهُ. فَلَمّا وَلّى دَعَاهُ فَقالَ: «هَلْ تَسْمَعُ النّدَاءَ بِالصّلاَةِ؟» فقالَ: نَعَمْ. قالَ: «فَأجِبْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مىنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىدىغان كىشىم يوق دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنى ئۆز ئۆيىدە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىشنى سوردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە رۇخسەت بېرىپ بولۇپ، ئۇكىشى ئارقىسىنى قىلىپ ماڭغاندا، ئۇنى چاقىرىپ : سەن نامازغا تولانغان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟دىدى. ئۇكىشى:ھەئەئاڭلايمەن دىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنداق بولسا، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ مەسجىدكە كەلگىن ، دىدى.

## 267 ـ باب صلاة الجماعة من سنن الهدى نامازنى جامائەت بىلەن ئۇقۇش ھىدايەت سۈننەتلىرىدىندۇر

1437 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حدّثنا مُحَمَّدُ بْنُ بِشْرٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنا زَكَرِيّاءُ ابْنُ أبي زَائِدَةَ. حَدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عُمَيْرٍ عَنْ أبي الأحْوَص. قالَ: قالَ عَبْدُ اللّهِ: لَقَدْ رَأَيْتُنَا وَمَا يَتَخَلّفُ عَنِ الصّلاَةِ إلاّ مُنَافِقٌ قَدْ عُلِمَ نِفَاقُهُ. أوْ مَرِيضٌ. إنْ كَانَ الْمَرِيضُ لَيَمْشِي بَيْنَ رَجُلَيْنِ حَتّى يَأْتِيَ الصّلاَةَ. وَقَالَ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلّمَنَا سُنَنَ الْهُدَى. وَإنّ مِنْ سُنَنِ الْهُدَى الصّلاَةَ فِي الْمَسْجِدِ الّذِي يُؤَذّنُ فِيهِ.

1438 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنا الْفَضْلُ بْنُ دُكَيْنٍ عَنْ أبي الْعُمَيْس، عَنْ عَلِيّ بْنِ الأقْمَر، عَنْ أبي الأحْوَص، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: مَنْ سَرّهُ أنْ يَلْقَى الله غَداً مُسْلِماً فَلْيُحَافِظْ عَلَى هَؤُلاءِ الصّلَوَاتِ حَيْثُ يُنَادَى بِهِنّ. فَإنّ الله شَرَعَ لِنَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم سُنَنَ الْهُدَى وَإنّهُنّ مِنْ سُنَنِ الْهُدَى. وَلَوْ أنّكُمْ صَلّيْتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ كَمَا يُصَلّي هَذَا الْمُتَخَلّفُ فِي بَيْتِهِ لَتَرَكْتُمْ سُنّةَ نَبِيّكُمْ. وَلَوْ تَرَكْتُمْ سُنّةَ نَبِيّكُمْ لَضَلَلْتُمْ. وَمَا مِنْ رَجُلٍ يَتَطَهّرُ فَيُحْسِنُ الطّهُورَ ثُمّ يَعْمِدُ إلَى مَسْجِدٍ مِنْ هَذِهِ الْمَسَاجِدِ إلاّ كَتَبَ الله لَهُ بِكُلّ خَطْوَةٍ يَخْطُوهَا حَسَنَةً. وَيَرْفَعُهُ بِهَا دَرَجَةً. وَيَحُطّ عَنْهُ بِهَا سَيّئَةً. وَلَقَدْ رَأيْتُنَا وَمَا يَتَخَلّفُ عَنْهَا إلاّ مُنَافِقٌ، مَعْلُومُ النّفَاقِ. وَلَقَدْ كَانَ الرّجُلُ يُؤْتَى بِهِ يُهَادَى بَيْنَ الرّجُلَيْنِ حَتّى يُقَامَ فِي الصّفّ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:ھەقىقەتەن مەن ئۆزىمىزگە قاراپ باقسام ، نامازدىن پەقەت مۇناپىقلىقى مەلۇم بولغان مۇناپىقلارلا  ياكى كېسەللەرلا ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، كېسەللەرمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ مېڭىپ نامازغا كېلەتتى، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىنى،توغرا يولنى ئۆگەتتى، ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە)ناماز ئۇقۇش ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر،  كىم ئەتە يەنى قىيامەت كۈنى **الله** قا مۇسۇلمان ھالدا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرسە، بەش ۋاقىت نامازنى، نامازلارغا ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە) مۇھاپىزەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن **الله** تائالا پەيغەمبىرىڭلارگە ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىنى،توغرا يولنى شەرىئەت قىلىپ بەردى، بەش ۋاقىت نامازنى، نامازلارغا ئەزان توۋلىنىدىغان مەسجىدتە (جامائەت بىلەن بىرگە) مۇھاپىزەت قىلىش ھىدايەتنىڭ سۈننەتلىرىدىن ،توغرا يولدىندۇر، ئەگەر سىلەر، مۇشۇ نامازدىن ئارقىدا قالغانلار ئۆيلىرىدە ناماز ئۇقۇغاندەك،(جامائەت مەسجىدكە چىقماي) ئۆيلىرىڭلاردا ناماز ئۇقساڭلار، ئەلۋەتتە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرىك ئەتكەن بۇلىسىلەر، ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرىك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە زالالەتتە ئازىسىلەر، ھەرقانداق بىر كىشى تاھارەتنى ياخشى ، كامىل ئېلىپ، ئاندىن مۇشۇ مەسجىدلەردىن بىرەر مەسجىدنى مەقسەت قىلىپ كەلسە، **الله** تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇباسقان ھەربىر قەدىمىنىڭ بارابىرىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى (گۇناھىنى)ئۇچۇرۇپ، ئۇنى بىردەرجە يۇقىر كۆتىرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ئۆزىمىزگە قاراپ باقسام ، نامازدىن پەقەت مۇناپىقلىقى مەلۇم بولغان مۇناپىقلارلا ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن كېسەل كىشىمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يۆلىنىپ ماڭدۇرلۇپ، نامازغا كەلتۈرلۈپ، سەپتە تۇرغۇزۇلغان ئىدى، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرقېتىم شۇنداق قىلغان ئىدى) .

## 268 ـــ باب النهي عن الخروج من المسجد إذا أذن المؤذن

## مۇئەززىن ئەزان ئەيتقاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

1439 ـ حدّثنا أبُوَ بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أبُو الأحْوَصِ عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ الْمُهَاجِرِ، عَنْ أبي الشّعْثَاءِ قالَ: كُنّا قُعُوداً فِي الْمَسْجِدِ مَعَ أبي هُرَيْرَةَ. فَأذّنَ الْمُؤَذّنُ. فقامَ رَجُلٌ مِنَ الْمَسْجِدِ يَمْشِي. فَأتْبَعَهُ أبُو هُرَيْرَةَ بَصرَهُ حَتّى خَرَجَ مِنَ الْمَسْجِدِ. فقالَ أبُو هُرَيْرَةَ: أمّا هَذَا فقدْ عَصَىَ أبَا الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم.

1440 ـ وحدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا سُفْيَان (هُوَ ابْنُ عُيَيْنَةَ) عَنْ عُمَرَ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أشْعَثَ بْنِ أبي الشّعْثَاءِ الْمُحَارِبيّ، عَنْ أبيهِ قالَ: سَمِعْتُ أبَا هُرَيْرَةَ، وَرَأى رَجُلاً يَجْتَازُ الْمَسْجِدَ خارجاً، بَعْدَ الأذان، فقالَ: أمّا هَذَا فقدْ عَصَىَ أبَا الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇشەئسائى مۇنداق دەيدۇ: بىز مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، بىر كىشى ئەزان توۋلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ كەتتى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇكىشى مەسجىدتىن چىقىپ كەتكىچە قاراپ تۇرۇپ:ئەمما ماۋۇ مەسجىدتىن چىقىپ كەتكەن كىشى ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلدى، دېدى.

## 269ـــ باب فضل صلاة العشاء والصبح في جماعة بامدات بىلەن خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

1441 ـ1442 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُخْزُومِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) حَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ حَكِيمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أبي عَمْرَةَ. قالَ: دَخَلَ عُثْمَانُ بْنُ عَفّانَ الْمَسْجِدَ بَعْدَ صَلاَةِ الْمَغْرِبِ. فقعَدَ وَحْدَهُ. فقعَدْتُ إلَيْهِ. فقالَ: يَا ابْنَ أخِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ صَلّى الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ فكَأنّمَا قامَ نِصْفَ ليلة. وَمَنْ صَلّى الصّبْحَ فِي جَمَاعَةٍ فكَأنّمَا صَلّى اللّيْلَ كُلّهُ».

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خۇپتەن نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرۇپ تۈنىگەن بولىدۇ، كىم بامداتنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن بىر كېچە ناماز ئوقۇپ چىققان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

و1443 ـ وحدّثني نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُفضّلٍ) عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أنَسِ بْنِ سِيرِينَ قالَ سَمِعْتُ جُنْدَبَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ صَلّى الصّبْحَ فهُوَ فِي ذِمّةِ الله. فلاَ يَطْلُبَنّكُمُ الله مِنْ ذِمّتِهِ بِشَيْءٍ فيُدْرِكَهُ فيَكُبّهُ فِي نَارِ جَهَنّمَ».

1444 ـ وَحَدّثَنِيهِ يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ. حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ عَنْ خَالِدٍ، عَنْ أنَسِ بْنِ سِيرِينَ، قالَ: سَمِعْتُ جُنْدَباً الْقَسْرِيّ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ صَلّى صَلاَةَ الصّبْحِ فهُوَ فِي ذِمّةِ الله. فلاَ يَطْلُبَنّكُمُ الله مِنْ ذِمّتِهِ بِشَيْءٍ فإنّهُ مَنْ يَطْلُبْهُ مِنْ ذِمّتِهِ بِشَيْءٍ يُدْرِكْهُ. ثُمّ يَكُبّهُ عَلَى وَجْهِهِ فِي نَارِ جَهَنّمَ».

1445 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنْ دَاوُدَ بْنِ أبي هِنْدٍ، عَنِ الْحَسَنِ، عَنْ جُنْدَبِ بْنِ سُفْيَانَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، بِهَذَا. وَلَمْ يَذْكُرْ «فيَكُبّهُ فِي نَارِ جَهَنّمَ».

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ، ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىسىدە، كېپىللىكىدە بولىدۇ، (شۇڭا سىلەر بۇ ئەھدىنى بۇزماڭلار). سىلەرنى ئاللاھ ئەھدىسىدىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلىپ، تەلەپ قىلىپ قالمىسۇن، ئاللاھ بىرەر كىشىنى ئەھدە توغرىسىدا تەلەپ قىلسا، چوقۇم تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنى يۈزىچە جەھەننەم ئوتىغا تاشلايدۇ، (سىلەر بەش نامازنى ئوقۇشقا چىڭ تۇرۇڭلار). مۇسلىم دېيسكا 1051 ـــ ھەدىس، تىرمىزى 206 ـــ ھەدىس،

ئەھمەد 18060 ــئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى سوغۇق نامازنى يەنى بامدات بىلەن خۇپتەن نامىزىنى (جامائەت بىلەن) ئوقۇسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

## 270ــ باب الرخصة في التخلف عن الجماعة بعذر ئۆزرىسى بار كىشىگە جامائەتكە چىقماسلىققا رۇخسەت قىلىش

1446 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحيَ التّجِيبيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ أخْبَرَنِي يونُسُ عَن ابْنِ شِهَابٍ أنّ مَحْمُودَ بْنَ الرّبِيع الأنْصَارِيّ حَدّثَهُ، أنّ عِتْبَانَ بْنَ مَالِكٍ، وَهُوَ مِنْ أصْحَابِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، مِمّنْ شَهِدَ بَدْراً، مِنَ الأنْصَار، أنّهُ أتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي قدْ أنْكَرْتُ بَصَرِي. وَأنَا أُصَلّي لِقوْمِي. وَإذَا كَانَتِ الأمْطارُ سَالَ الْوَادِي الّذِي بَيْنِي وَبَيْنَهُمْ. وَلَمْ أسْتَطِعْ أنْ آتِي مَسْجِدَهُمْ. فَأُصَلّيَ لَهُمْ. وَدِدْتُ أنّكَ يَا رَسُولَ اللّهِ تَأتِي فتُصَلّي فِي بيتي فَأتّخِذَهُ مُصَلّىً. قَالَ فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «سَأَفْعَلُ. إنْ شَاءَ الله». قَالَ عِتْبَانُ: فغَدَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأبُو بَكْرٍ الصّدّيقُ حِينَ ارْتَفَعَ النّهَارُ. فَاسْتَأْذَنَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأذِنْتُ لَهُ. فَلَمْ يَجْلِسْ حَتّى دَخَلَ الْبَيْتَ. ثُمّ قَالَ: «أيْنَ تُحِبّ أنْ أُصَلّيَ مِنْ بَيْتِكَ؟» قَالَ فَأشَرْتُ إلَى نَاحِيَةٍ مِنَ الْبَيْتِ. فقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فكَبّرَ. فقُمْنَا وَرَاءَهُ. فَصلّى رَكْعَتَيْنِ ثُمّ سَلّمَ. قَالَ وحسبناه عَلَى خَزِيرٍ صَنَعْنَاهُ لَهُ قَالَ فثَابَ رِجَالٌ مِنْ أهْلِ الدّارِ حوْلَنَا. حَتّى اجْتَمَعَ فِي الْبَيْتِ رِجَالٌ ذَوُو عَدَدٍ. فقَالَ قَائِلٌ مِنْهُمْ: أيْنَ مَالِكُ بْنُ الدّخْشُنِ؟ فقَالَ بَعْضُهُمْ: ذَلِكَ مُنَافِقٌ لاَ يُحِبّ الله وَرَسُولَهُ. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَقُلْ لَهُ ذَلِكَ. ألاَ تَرَاهُ قَدْ قَالَ: لاَ إلَهَ إلاّ الله. يُرِيدُ بِذَلِكَ وَجْهَ الله؟» قَالَ قَالُوا: الله وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قَالَ: فإنّمَا نَرَى وَجْهَهُ وَنَصِيحَتَهُ لِلْمُنَافِقِينَ قَالَ: فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فإنّ الله قَدْ حرّمَ عَلَى النّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إلَهَ إلاّ الله، يَبْتَغِي بِذَلِكَ وَجْهَ الله». قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: ثُمّ سَألْتُ الْحُصَيْنَ بْنَ مُحَمّدٍ الأنْصَارِيّ، وَهُوَ أحَدُ بَنِي سَالِمٍ، وَهُوَ مِنْ سَرَاتِهِمْ، عَنْ حَدِيثِ مَحْمُودِ بْنِ الرّبِيعِ. فَصَدّقَهُ بِذَلِكَ.

1447 ـ1448 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الرّزّاق. قَالَ: أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ. قَالَ: حَدّثَنِي مَحْمُودُ بْنُ رَبِيعٍ عَنْ عِتْبَانَ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ: أتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ يُونُسَ. غَيْرَ أنّهُ قَالَ: فقَالَ رَجُلٌ: أيْنَ مَالِكُ بْنُ الدّخْشُنِ أوِ الدّخَيْشِنِ؟ وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ: قَالَ مَحْمُودٌ: فَحَدّثْتُ بِهَذَا الْحَدِيثِ نَفَراً، فِيهِمْ أبُو أيّوبَ الأنْصَارِيّ. فقَالَ: مَا أظُنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ مَا قُلْتَ. قَالَ فحَلَفْتُ، إنْ رَجَعْتُ إلَى عِتْبَانَ، أنْ أسْألَهُ. قَالَ: فَرَجَعْتُ إلَيْهِ فوَجَدْتُهُ شَيْخاً كَبِيراً قَدْ ذَهَبَ بَصَرُهُ. وَهُوَ إمَامُ قوْمِهِ. فجَلَسْتُ إلَى جَنْبِهِ. فَسَألْتُهُ عَنْ هَذَا الْحَدِيثِ. فحَدّثَنِيهِ كَمَا حَدّثَنِيهِ أوّلَ مَرّةٍ.
قَالَ الزّهْرِيّ ثُمّ نَزَلَتْ بَعْدَ ذَلِكَ فَرَائِضُ وَأُمُورٌ نُرَى أنّ الأمْرَ انْتَهَى إلَيْهَا. فَمَنِ اسْتَطَاعَ أنْ لاَ يَغْتَرّ فلاَ يَغْتَرّ.

ئىتبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئەنسارلاردىن بولۇپ، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقاندۇر، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى، مەن قەۋمىمگە ناماز ئوقۇپ بېرەتتىم، ئەگەر يامغۇر يېغىپ، مەن بىلەن قەۋمىم ئارىسىدىكى ۋادىي يوللاردا سەل بولۇپ ئاقسا، مەن ئۇلارنىڭ مەسجىدىگە بېرىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە قادىر بولالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلىنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىنى، شۇجاينى ناماز گاھ قىلىۋېلىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئەگەر الله خالىسا، مەن بۇئىشنى پات يېقىندا قىلىپ بېرىمەن دېدى، ئەتىسى كۈن كۆتۈرۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە كېلىپ ئىزنى سوردى، مەن كىرىشكە ئىزنى بەردىم، رەسۇلۇللاھ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرماستىنلا: ئۆيۈڭنىڭ قەيىرىدە ناماز ئوقۇپ بېرىشىمنى ياخشى كۆرىسەن؟دېدى، مەن ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئىشارەت قىلدىم، رەسۇلۇللاھ نامازغا تۇرۇپ تەكبىر ئەيتتى، بىز ئارقىسىدا تۇردۇق، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەردى. بىز رەسۇلۇللاھنى ئۆزىمىز گۆش توغراپ ئەتكەن بوغداي ئۇمىچىغا تۇتۇپ قالدۇق، ئەتراپىمىزدىكى ئۆي ئەھلىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلىپ، ئۆيگە نۇرغۇن كىشى توپلۇشۇپ كەتتى، ئۇلاردىن بىرسى؛ مالىك ئىبنى دۇخشۇن قېنى؟دېدى، يەنەبەزىسى؛ ئۇدېگەن الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇناپىقتۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنى بۇنداق دېمىگىن، ئۇنىڭ «الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق»دېگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ئۇ بۇسۆزى بىلەن الله نىڭ رازىلىقىنى ئىرادە قىلىدىغاندۇ؟دېدى، ئۇلار: الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى ئالىمدۇر، بىز ئۇنىڭ يۈزىنى(يەنى يۈزلىنىشىنى، تەرەپدارلىقىنى)، ۋە نەسىھىتىنى مۇناپىقلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دەپ قارايمىز دېدى، رەسۇلۇللاھ:

ھەقىقەتەن **اللە** تائالا **اللە** نىڭ يۈزىنى(يەنى جامالىنى،رازىلىقىنى)مەقسەت قىلىپ، «**اللە** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق»دېگەن كىشىنى دەۋزەخكە ھارام قىلدى،دېدى، بۇ ھەدىسنى ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەدمۇ تەستىقلىغاندۇر. ئەبۇئەييۇب؛مەن رەسۇلۇللاھنى بۇ سۆزنى دېدى دەپ گۇمان قىلمايمەن دېگەندە، مەھمۇد قەسەم قىلىپ بەرگەندۇر. ئۇ قايتا بېرىپ، ئىتبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورغاندا، ئۇ يەنە تۇنجى قېتىمقىدەكلا سۆزلەپ بەرگەندۇر.

زۇھەيرى مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن **اللە** تائالا **اللە** نىڭ يۈزىنى(يەنى جامالىنى،رازىلىقىنى)تەلەپ قىلىپ، «**اللە** تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق»دېگەن كىشىنى دەۋزەخكە ھارام قىلدى،دېگەندىن كېيىن، نۇرغۇن پەرزلەر، نۇرغۇن ئىشلار نازىل قىلىندى، بىز بۇ ئىشنى شۇ نەرسىلەرگە يېتىپ باردى دەپ قارايمىز، بۇ سۆز بىلەن مەغرۇرلانماسلىقىقا قادىر بولغان كىشى مەغرۇرلانمىسۇن(يەنى شۇ پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلالىغان كىشى جەننىتى)

## 271 ـــــ باب جواز الجماعة في النافلة، والصلاة على حصير وخمرة وثوب وغيرها من الطاهرات

### نەپلە نامازنىمۇ جامائەت بولۇپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى، بورا، رومال، كىيىم ـ كېچەك ۋە شۇنىڭدەك پاك نەرسىلەردە ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

1449 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ إسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أبي طَلْحَة، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ أنّ جَدّتَهُ مُلَيْكَةَ دَعَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِطَعَامٍ صَنَعَتْهُ. فَأكَلَ مِنْهُ. ثُمّ قالَ: «قُومُوا فَأُصَلّيَ لَكُمْ» قالَ أنَسُ بْنُ مَالِكٍ: فَقُمْتُ إلَى حَصِيرٍ لَنَا قدِ اسْوَدّ مِنْ طُولِ مَا لُبِسَ. فَنَضَحْتُهُ بِمَاءٍ. فقامَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَصَفَفْتُ أنَا وَالْيَتِيمُ وَرَاءَهُ. وَالْعَجُوزُ مِنْ وَرَائِنَا. فَصَلّى لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ انْصَرَفَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:چوڭ ئانام مۇلەيكەت رەسۇلۇللاھنى تاماققا چاقىردى، رەسۇلۇللاھ تاماقنى يەپ بولۇپ؛ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي دېدى، مەن بىزنىڭ ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن قاراداپ كەتكەن بورىمىزنىڭ ئۈستىگە سۇ چاچتىم، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈستىدە نامازغا تۇردى، مەن ۋە (قېرىندىشىم) يەتىيم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزدۇق،ھېلىقى قېرى ئايال رەزىيەللاھۇ ئەنھائارقىمىزدا تۇردى. رەسۇلۇللاھ بىزگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ قايتتى.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن ۋە (قېرىندىشىم) يەتىيم ئۆيىمىزدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇق، (ئانام)ئۇممۇسۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھائارقىمىزدا تۇردى.

1450 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ فَرّوخَ وَ أبُو الرّبِيعِ. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الْوَارِثِ. قالَ شَيْبَانُ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ عَنْ أبِي التّيّاحِ، عَنْ أنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أحْسَنَ النّاسِ خُلُقاً فَرُبّمَا تَحْضُرُ الصّلاَةُ وَهُوَ فِي بَيْتِنَا. فَيَأْمُرُ بِالْبِسَاطِ الّذِي تَحْتَهُ فَيُكْنَسُ. ثُمّ يُنْضَحُ. ثُمّ يَؤُمّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَنَقُومُ خَلْفَهُ فَيُصَلّي بِنَا. وَكَانَ بِسَاطُهُمْ مِنْ جَرِيدِ النّخْلِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ياخشىراقى ئىدى، كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا رەسۇلۇللاھ ئۆيىمىزدىكى چاغدا نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالاتتى، رەسۇلۇللاھ ئاستىدىكى بىساتنى پاك ـ پاكىز تازىلاشقا، ئۇنىڭغا سۇ چېچىشقا بۇيرىيتتى، ئاندىن ئىمام بولۇپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرەتتى، بىز ئارقىسىدا تۇراتتۇق، ئۇلارنىڭ بىساتلىرى خورما بادىرىسىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىدى.

1451 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا هَاشِمُ بْنُ الْقَاسِمِ. حَدّثنا سُلَيْمَانُ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: دَخَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَيْنَا. وَمَا هُوَ إِلاّ أَنَا وَأُمّي وَأُمّ حَرَامٍ خَالَتِي. فَقَالَ: «قُومُوا فَلأُصَلّيَ بِكُمْ» (فِي غَيْرِ وَقْتِ صَلاَةٍ) فَصَلّى بِنَا. فَقَالَ رَجُلٌ لِثَابِتٍ: أَيْنَ جَعَلَ أَنَساً مِنْهُ؟ قَالَ: جَعَلَهُ عَلَى يَمِينِهِ. ثُمّ دَعَا لَنَا، أَهْلَ الْبَيْتِ، بِكُلّ خَيْرٍ مِنْ خَيْرِ الدّنْيَا وَالآخِرَةِ. فَقَالَتْ أُمّي: يَا رَسُولَ اللّهِ خُوَيْدِمُكَ. ادْعُ اللّهَ لَهُ. قَالَ فَدَعَا لِي بِكُلّ خَيْرٍ. وَكَانَ فِي آخِرِ مَا دَعَا لِي بِهِ أَنْ قَالَ: «اللّهُمّ أَكْثِرْ مَالَهُ وَوَلَدَهُ وَبَارِكْ لَهُ فِيهِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىمىزگە كىردى، ئۆيدە پەقەت مەن ۋە ئانام بىلەن هاما ئانام ئۇممەھارام بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ؛ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي دېدى،ـ بۇ پەرز نامازنىڭ ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىت ئىدى ـ ئاندىن بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ، مېنى ئوڭ تەرپىدە(ئاياللارنى ئارقىمىزدا )تۇرغۇزدى، ئاندىن بىز ئۆي ئەھلىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن بارلىق ياخشىلىقلار بىلەن دۇئا قىلدى، ئانام؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ سىلىنىڭ كىچىك خادىملىرى بولسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلسىلا دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مەن ئۈچۈن بارلىق ياخشىلىقلار بىلەن دۇئا قىلدى، دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا؛ ئى الله!بۇنىڭ ماللىرىنى، باللىرىنى كۆپ قىلغۇتسىلە، ۋە ئۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا،دېدى

1452 ـ1453 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثنا أَبِي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْمُخْتَارِ. سَمِعَ مُوسَى بْنَ أَنَسٍ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّى بِهِ وَبِأُمّهِ أَوْ خَالَتِهِ. قَالَ: فَأَقَامَنِي عَنْ يَمِينِهِ وَأَقَامَ الْمَرْأَةَ خَلْفَنَا.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ۋە ئانام بىلەن ياكى هاما ئانام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، مېنى ئوڭ تەرپىدە تۇرغۇزدى، ئايال كىشىنى ئارقىمىزدا تۇرغۇزدى.

1454 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَ التّمِيمِيّ. أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالَ: حَدّثنا عَبّادُ بْنُ الْعَوّامِ. كِلاَهُمَا عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَدّادٍ. قَالَ: حَدّثَتْنِي مَيْمُونَةُ زَوْجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي وَأَنَا حِذَاءَهُ. وَرُبّمَا أَصَابَنِي ثَوْبُهُ إِذَا سَجَدَ. وَكَانَ يُصَلّي عَلَى خُمْرَةٍ.

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇغاندا مەن يېنىدا ياتاتتىم، كۆپۈنچە سەجدە قىلغاندا كىيىمى ماڭا تېگىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ جايناماز، بورا، رەختنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى.

بۇخارى 368 ــ ھەدىس، مۇسلىم دېرىكسى 897 ــ، 1057 ــ ھەدىس، نەسەئى 730 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 560 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1018 ــ ھەدىس، ئەھمەد 25618 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، سەجدە قىلىدىغان جايغا تاش، چالما قويۇپ قويىدىغان ھەتتا مەسجىد ئىچىدىمۇ جايناماز ئۈستىگە تاش ــ چالما قويۇپ قويىدىغان شىيئەلەرگە رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك دەلىل ــ ئىسپاتتۇر.

1455 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنِي سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالَ: حَدّثنا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. جَمِيعاً عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثنا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي سُفْيَانَ عَنْ جَابِرٍ قَالَ: حَدّثنا أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، أَنّهُ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَوَجَدَهُ يُصَلّي عَلَى حَصِيرٍ يَسْجُدُ عَلَيْهِ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  مۇنداق دەيدۇ؛مەن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ بورا ئۈستىگە سەجدە قىلىپ، ناماز ئۇقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم،  ۋە شۇنداقلا بىرلا كىيىمگە يۆگەنگەن ھالدا ، ناماز ئۇقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

## 272 ــــــ باب فضل صلاة الجماعة وانتظار الصلاة

## نامازنى جامائەت بىلەن بىرگە ئۇقۇشنىڭ ۋە نامازغا ئىنتىزار بولۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1456 –1457 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَأبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أبي مُعَاوِيَةَ. قَالَ أبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبي صَالِحٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «صَلاَةُ الرّجُلِ فِي جَمَاعَةٍ تَزِيدُ عَلى صَلاتِهِ فِي بَيْتِهِ، وَصَلاَتِهِ فِي سُوقِهِ، بِضْعاً وَعِشْرِينَ دَرَجَةً. وَذٰلِكَ أنّ أحَدَهُمْ إذَا تَوَضّأَ فَأحْسَنَ الْوُضُوءَ ثُمّ أتَى الْمَسْجِدَ. لاَ يَنْهَزُهُ إلاّ الصّلاَةُ. لاَ يُرِيدُ إلاّ الصّلاَةَ. فَلَمْ يَخْطُ خَطْوَةً إلاّ رُفِعَ لَهُ بِهَا دَرَجَةٌ. وَحُطّ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ. حَتّى يَدْخُلَ الْمَسْجِدَ. فَإذَا دَخَلَ الْمَسْجِدَ كَانَ فِي الصّلاَةِ مَا كَانَتِ الصّلاَةُ هِيَ تَحْبِسُهُ. وَالْمَلاَئِكَةُ يُصَلّونَ عَلى أحَدِكُمْ مَا دَامَ فِي مَجْلِسِهِ الّذِي صَلّى فِيهِ. يَقُولُونَ: اللّهُمّ ارْحَمْهُ. اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ. اللّهُمّ تُبْ عَلَيْهِ. مَا لَمْ يُؤْذِ فِيهِ. مَا لَمْ يُحْدِثْ فِيهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان نامىزى؛ ئۆيىدىكى نامىزىنىڭ، بازاردىكى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداق بولۇشى، ھەققەتەن بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ ئاندىن مەسجىدكە پەقەت نامازنىلا مەخسەت قىلىپ كەلسە، ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمنىڭ باراۋىرىگە ئاللاھتائالا ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇ مەسجىدگە كىرگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ، مەسجىدگە كىرسە، ناماز ئۇنى ساقلىتىپ، توختۇتۇپ قويغان بولسىلا ، ئۇ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇغان جايىدا مۇقىم ئولتۇرسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ، ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسىلا، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسىلا دەپ شۇ كىشى بۇ جايدا بىرەر كىشىگە ئازار، ئەزىيەت بەرمىسىلا ياكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا شۇنداق دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1458 ـ وحدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ أيّوبَ السّخْتِيَانِيّ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ الْمَلاَئِكَةَ تُصَلّي عَلَى أحَدِكُمْ مَا دَامَ فِي مَجْلِسِهِ. تَقُولُ: اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ. اللّهُمّ ارْحَمْهُ. مَا لَمْ يُحْدِثْ. وَأحَدُكُمْ فِي صَلاَةٍ مَا كَانَتِ الصّلاَةُ تَحْبِسُهُ».**

. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇيدىغان نامازگاھىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي، مۇقىم تۇرسىلا، ياكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىيم

قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. بىرىڭلار مەسجىدگە كىرسە، ناماز ئۇنى ساقلىتىپ، توختۇتۇپ قويغان بولسىلا ، ئۇ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

**1459 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ يَزَالُ الْعَبْدُ فِي صَلاَةٍ مَا كَانَ فِي مُصَلاّهُ. يَنْتَظِرُ الصّلاَةَ، وَتَقُولُ الْمَلاَئِكَةُ: اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ. اللّهُمّ ارْحَمْهُ حَتّى يَنْصَرِفَ أَوْ يُحْدِثَ» قُلْتُ: مَا يُحْدِثُ؟ قَالَ: يَفْسُو أَوْ يَضْرِطُ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مەسجىد ئىچىدە نامازنى ساقلاپ تۇرسىلا، ئۇ دائىم ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىۋېرىدۇ.ئۇنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، ياكى ئۇ مەسجىدتىن قايتىپ كەتمىسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا» بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى.

**1460 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ يَزَالُ أَحَدُكُمْ فِي صَلاَةٍ مَا دَامَتِ الصّلاَةُ تَحْبِسُهُ. لاَ يَمْنَعُهُ أَنْ يَنْقَلِبَ إِلَى أَهْلِهِ إِلاّ الصّلاَةُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنى پەقەت نامازلا توختۇتۇپ تۇرغان بولسا، ئۇ نامازنى ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئۆيگە قايتىشىدىن پەقەت نامازلا توسۇپ تۇرغان بولسا، ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، دائىم ناماز ئوقۇغاندەك تۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە.

**1461 ـ1462 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ سَلَمَةَ الْمُرَادِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنِ ابْنِ هُرْمُزَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «أَحَدُكُمْ مَا قَعَدَ يَنْتَظِرُ الصّلاَةَ، فِي صَلاَةٍ، مَا لَمْ يُحْدِثْ. تَدْعُو لَهُ الْمَلاَئِكَةُ: اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ. اللّهُمّ ارْحَمْهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازنى ساقلاپ ئولتۇرغان بولسىلا، ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، (ياكى ئۇ مەسجىدتىن قايتىپ كەتمىسىلا)، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا».

## 273 ـــ باب فضل كثرة الخطا إلى المساجد مەسجىدكە كۆپ مېڭىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1463 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأَشْعَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَى، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أَعْظَمَ النّاسِ أَجْراً فِي الصّلاَةِ أَبْعَدُهُمْ إِلَيْهَا مَمْشًى، فَأَبْعَدُهُمْ. وَالّذِي يَنْتَظِرُ الصّلاَةَ حَتّى يُصَلّيَهَا مَعَ الإِمَامِ أَعْظَمُ أَجْراً مِنَ الّذِي يُصَلّيهَا ثُمّ يَنَامُ» وَفِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيْبٍ: «حتى يُصَلّيَهَا مَعَ الإِمَامِ فِي جَمَاعَةٍ».**

ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا ئەجىر ساۋابىنى ئەڭ كاتتا ئۇلۇغ ئالىدىغان كىشى، ناماز ئۈچۈن مەسجىدگە كېلىدىغان، ماڭىدىغان جايى يىراق، ئاندىن يەنە يىراق بولغان كىشىدۇر، يەنىمۇ يىراق بولغىنى، يەنىمۇ كاتتا ئەجىر ئالىدۇ، نامازنى ئىمام بىلەن بىللە

ئوقۇغانغا قەدەر ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرى، نامازنى ئوقۇپلا ئاندىن ئۇخلاپ قالىدىغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن كاتتا، ئۇلۇغ بولىدۇ، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە

**1464 – 1465 – حدّثنا يَحْيَ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرنَا عَبْثَرٌ عَنْ سُلَيْمَانَ التَّيْمِيِّ، عَنْ أبي عُثْمَانَ النّهْدِيّ، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ قالَ: كَانَ رَجُلٌ، لاَ أعْلَمُ رَجُلاً أبْعَدَ مِنَ الْمَسْجِدِ مِنْهُ. وكَانَ لاَ تُخْطِئُهُ صَلاَةٌ. قالَ فقِيلَ لَهُ: أوْ قُلْتُ لَهُ: لَو اشْتَرَيْتَ حِمَاراً تَرْكَبُهُ فِي الظّلْمَاءِ وَفِي الرّمْضَاءِ. قالَ: مَا يَسُرّنِي أنّ مَنْزِلِي إلَى جَنْبِ الْمَسْجِدِ. إنّي أُرِيدُ أنْ يُكْتَبَ لِي مَمْشَايَ إلَى الْمَسْجِدِ. وَرُجُوعِي إذَا رَجَعْتُ إلَى أهْلِي. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَدْ جَمَعَ الله لَكَ ذٰلِكَ كُلّهُ».**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشىنىڭ ئۆيى مەسجىدتىن بەكمۇ يىراق ئىدى، جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇيدىغان بىر ۋاخ نامازمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەيتتى،(يەنى ئۇ جامائەتكە تولۇق كېلەتتى)مەن ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن بىر ئېشەك سېتىۋالغان بولساڭ، ئۇنى قاراڭغۇ زۇلمەتلەردە، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەندە مىنەتتىڭ دېسەم، ئۇ: ئۆيۈمنىڭ مەسجىدنىڭ يېنىدا بولۇشىمۇ مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ، مەن مەسجىدكە ماڭغاندىكى ۋە ئۆيۈمگە قايتقاندىكى ئىزلىرىمنىڭ ماڭا ئەجىر بولۇپ يېزىلىشىنى ئىرادە قىلىمەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ساڭا الله تائالا شۇنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ جۇغلاپ بەردى دېدى.

**1466 –1467 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أبي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. حَدّثنَا عَبّادُ بْنُ عَبّادٍ. حَدّثنَا عَاصِمٌ عَنْ أبي عُثْمَانَ، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ قالَ: كَانَ رَجُلٌ مِنَ الأنْصَارِ بَيْتُهُ أقْصَى بَيْتٍ فِي الْمَدِينَةِ. فَكَانَ لاَ تُخْطِئُهُ الصّلاَةُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ فَتَوَجّعْنَا لَهُ. فَقُلْتُ لَهُ: يَا فُلاَنُ لَوْ أنّكَ اشْتَرَيْتَ حِمَاراً يَقِيكَ مِنَ الرّمْضَاءِ وَيَقِيكَ مِنْ هَوَامّ الأرْضِ قالَ: أمَ وَالله مَا أحِبّ أنّ بَيْتِي مُطَنّبٌ بِبَيْتِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. قالَ فَحَمَلْتُ بِهِ حِمْلاً حَتّى أتَيْتُ بِهِ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأخْبَرْتُهُ. قالَ فَدَعَاهُ. فَقالَ لَهُ مِثْلَ ذٰلِكَ. وَذَكَرَ لَهُ أنّهُ يَرْجُو فِي أثَرِهِ الأجْرَ. فَقالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إنّ لَكَ مَا احْتَسَبْتَ».**

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەنسارلاردىن بىركىشىنىڭ ئۆيى مەسجىدتىن بەكمۇ يىراقتا ئىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن(يەنى جامائەت بىلەن) بىرگە ئوقۇيدىغان بىر ۋاخ نامازمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەيتتى،(يەنى ئۇ جامائەتكە تولۇق كېلەتتى)بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىپ، مەن ئۇنىڭغا؛ ئى پالانى!ئەگەر سەن بىر ئېشەك سېتىۋالغان بولساڭ، ئۇ سېنى قاراڭغۇ زۇلمەتلەرنىڭ قورقۇنچىسىدىن، ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن،زەھەرلىك ھاشارەتلەردىن ساقلايتتى دېسەم، ئۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆيۈمنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە تانا بىلەن باغلانغان ھالدا، بىر قاتاردا يېقىن قىلىنىپ سېلىنىشىنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن دېدى، مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ قوپاللىقىدىن ئاچچىقىم كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى خەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھقىمۇ يەنە شۇنداق دېدى، ۋە مەسجىدكە ماڭغان ئىزىدىن ئەجىر ئۈمۈت قىلىدىغانلىقىنى دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ساڭا، سەن ئۈمۈت قىلغان ساۋاب ئەجىرلەر بېرىلىدۇ دېدى.

**1468 ـ وحدّثنا حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ إسْحَـٰقَ. حَدّثنَا أبُو الزّبَيْرِ. قالَ سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ قالَ: كَانَتْ دِيَارُنَا نَائِيَةً عَنِ الْمَسْجِدِ. فَأرَدْنَا أنْ نَبِيعَ بُيُوتَنَا فَنَقْتَرِبَ مِنَ الْمَسْجِدِ. فَنَهَانَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقالَ: «إنّ لَكُمْ بِكُلّ خَطْوَةٍ دَرَجَةً».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىزنىڭ دىيارلىرىمىز مەسجىدتىن خېلى بەك يىراقتا ئىدى، بىز ئۆيلىرىمىزنى سېتىۋېتىپ، مەسجىدكە يېقىن كېلىشنى ئىرادە قىلغاندا،رەسۇلۇللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن توسۇپ؛ سىلەرگە، مەسجىدكە ماڭغان ھەر بىر قەدىمىڭلار ئۈچۈن بىر دەرىجە يېزىلىدۇ دېدى.

1469 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي يُحَدّثُ. قَالَ: حَدّثَنِي الْجُرَيْرِيّ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: خَلَتِ الْبِقَاعُ حَوْلَ الْمَسْجِدِ. فَأَرَادَ بَنُو سَلِمَةَ أَنْ يَنْتَقِلُوا إِلَى قُرْبِ الْمَسْجِدِ. فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ لَهُمْ: «إِنّهُ بَلَغَنِي أَنّكُمْ تُرِيدُونَ أَنْ تَنْتَقِلُوا قُرْبَ الْمَسْجِدِ» قَالُوا: نَعَمْ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَدْ أَرَدْنَا ذَلِكَ. فَقَالَ: «يَا بَنِي سَلِمَةَ دِيَارَكُمْ تُكْتَبْ آثَارُكُمْ، دِيَارَكُمْ تُكْتَبْ آثَارُكُمْ».

1470 ـ حدّثنا عَاصِمُ بْنُ النّضْرِ التّيْمِيّ. حَدّثنَا مُعْتَمِرٌ. قَالَ سَمِعْتُ كَهْمَساً يُحَدّثُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: أَرَادَ بَنُو سَلِمَةَ أَنْ يَتَحَوّلُوا إِلَى قُرْبِ الْمَسْجِدِ. قَالَ وَالْبِقَاعُ خَالِيَةٌ. فَبَلَغَ ذَلِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «يَا بَنِي سَلِمَةَ دِيَارَكُمْ. تُكْتَبْ آثَارُكُمْ». فَقَالُوا: مَا كَانَ يَسُرّنَا أَنّا كُنّا تَحَوّلْنَا.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەسجىدنىڭ ئەتراپىدىكى جاي خالى قالغاندا، بەنى سەلەمەت جەمەتى، ئۆيلىرىنى مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆتكەشنى مەخسەت قىلدۇ، شۇ ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، ئۇلارغا مۇنداق دىگەن: ئى بەنى سەلەمەت جەمەتى! سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارنى مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆتكەشنى مەخسەت قىلغانلىقىڭلار ماڭا يېتىپ قالدى، بۇ راسمۇ؟. ئۇلار؛ ھەئە راس، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز شۇنى مەخسەت قىلدۇق دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى بەنى سەلەمەت جەمەتى! دىيارلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇپ، يۆتكەلمەڭلار، سىلەرنىڭ مەسجىدگە ماڭغان قەدەملىرىڭلارغا ئەجىر ــ ساۋاب يېزىلىدۇ،دىدى. ئۇلار ئاندىن؛يۆتكىلىشىمىز بىزنى بۇنداق خۇرسەن قىلمايدۇ دېدى.مۇسلىم ، ئەھمەد 14039 ــ.

## 274 ــ باب المشي إلى الصلاة تمحى به الخطايا وترفع به الدرجات

## نامازغا ماڭغان ھەر بىرقەدەمنىڭ بارابىرىگە خاتالىقلارنىڭ ئۆچۈرلىشى،دەرىجىلەرنىڭ كۆتۈرلىشى توغرىسىدا

1471 ـ حدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ . أَخْبَرَنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيَ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ (يَعْنِي ابْنَ عَمْرٍو) عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ، عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَطَهّرَ فِي بَيْتِهِ ثُمّ مَشَىَ إِلَى بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ الله، لِيَقْضِيَ فَرِيضَةً مِنْ فَرَائِضِ الله، كَانَتْ خَطْوَتَاهُ إِحْدَاهُمَا تَحُطّ خَطِيئَةً، وَالأُخْرَى تَرْفَعُ دَرَجَةً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرز نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر مەسجىدگە ماڭسا، ئۇ كىشىنىڭ قەدەملىرىنىڭ بىرسى خاتالىقنى ئۆچۈرسە، يەنە بىرسى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ھەربىر قەدىمگە بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ بىر دەرىجە  يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

1472 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَقَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا بَكْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُضَرَ) كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ. وَفِي حَدِيثِ بَكْرٍ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنّ نَهْراً بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرّاتٍ. هَلْ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ؟» قَالُوا: لاَ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ. قَالَ: «فَذَلِكَ مَثَلُ الصّلَوَاتِ الْخَمْسِ. يَمْحُو الله بِهِنّ الْخَطَايَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:قېنى  دەپ بېقىڭلار! بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئېقىۋاتقان بولۇپمۇ تاتلىق، سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بولسا،ئۇكىشى ئۆستەڭدە ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا،ئۇنىڭ ئۇستىدە كىر قالامدۇ؟ئۇلار؛ياق كىر قالمايدۇ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوخشىشى، بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئوخشايدۇ، اللہ تائالا بەش نامازنىڭ سەبەبى بىلەن خاتالىقلارنى ئۇچۇرۇپ تۇرىدۇ،دېدى.ئەھمەد،بۇخارى مۇسلىم

**1473 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ قالاَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرٍ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ اللّهِ) قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الصّلَوَاتِ الْخَمْسِ كَمَثَلِ نَهْرٍ جَارٍ غَمْرٍ عَلَى بَابِ أَحَدِكُمْ. يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرّاتٍ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوخشىشى بىرىڭلارنىڭ ئىشىك يېنىدا ئېقىۋاتقان بولۇپمۇ تاتلىق، سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆستەڭدە كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ ئۇستىدە قەتئىي كىر قالمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك بەش نامازدىن ئىبارەت مۇنچىدا كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنغان كىشىنىڭ گۇناھى قالمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم.

**1474 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ مُطَرّفٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «مَنْ غَدَا إِلَى الْمَسْجِدِ أَوْ رَاحَ. أَعَدّ الله لَهُ فِي الْجَنّةِ نُزُلاً. كُلّمَا غَدَا أَوْ رَاحَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ـــ ئاخشام مەسجىدكە ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە مەنزىل ئورۇن، زىياپەت تەييارلايدۇ. ھەر قاچان ئەتىگەن ــ ئاخشام مەسجىدگە ماڭسىلا ئاللاھ تەييارلاۋېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىمۇ توپلىغان،

## 275 ـــــ باب فضل الجلوس في مصلاه بعد الصبح، وفضل المساجد

## بامدات نامىزىدىن كېيىن نامازگاھىدا ئولتۇرۇشنىڭ ۋە مەسجىدلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1475 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا سِمَاكٌ. ح وَحَدّثنَا يَحْيَى ابْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) قَالَ: أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، قَالَ: قُلْتُ لِجَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَكُنْتَ تُجَالِسُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: نَعَمْ. كَثِيراً. كَانَ لاَ يَقُومُ مِنْ مُصَلاّهُ الّذِي يُصَلّي فِيهِ الصّبْحَ أَوِ الْغَدَاةَ حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ. فَإِذَا طَلَعَتِ الشّمْسُ قَامَ. وَكَانُوا يَتَحَدّثُونَ. فَيَأْخُذُونَ فِي أَمْرِ الْجَاهِلِيّةِ. فَيَضْحَكُونَ وَيَتَبَسّمُ .**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆپ قېتىم بىللە ئولتۇرغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا قوپماي ئولتۇراتتى، كۈن چىقىپ بولغاندا ئاندىن ئورنىدىن تۇراتتى، ئۇلار سۆزلىشىپ جاھالىيەتتىكى ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**1476 ـ1477 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ عَنْ زَكَرِيّاءَ. كِلاَهُمَا عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا صَلّى الْفَجْرَ جَلَسَ فِي مُصَلاّهُ حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ حَسَناً.**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن خېلى ئېگىز كۆتۈرلۈپ چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن بامداتتىن كېيىن، شەرىئەت يولغا قويغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىل بولغان، زىكرى تەسبىھ، تەكبىر، قىرائەت، تىلاۋەت، دۇرۇت، سالاملار بىلەن، ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئىبادەت بىلەن كۈن چىققىچە مەسجىدىدە ئولتۇرسا، بەك ياخشى، لېكىن، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن، جىھاد ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەسبىھدىن كېيىن ياكى بۇرۇن چىقىپ كەتسە، يولدا ئېيتىۋالسا بۇمۇ دۇرۇس، بۇ ئىشلار مۇستەھەپتۇر.

**1478 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ مُوسَى الأَنْصَارِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ عِيَاضٍ. (حَدّثنِي ابْنُ أَبِي ذُبَابٍ، فِي رِوَايَةِ هَرُونَ) (وَفِي حَدِيثِ الأَنْصَارِيّ، حَدّثنِي الْحَارِثُ) عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ مِهْرَانَ مَوْلَى أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أَحَبّ الْبِلاَدِ إِلَى الله مَسَاجِدُهَا. وَأَبْغَضُ الْبِلاَدِ إِلَى الله أَسْوَاقُهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شەھەرلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئۇنىڭ مەسجىدلىرى، ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكى بولسا، بازارلىرىدۇر، مۇسلىم، ھاكىم ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 276 ـ باب من أحق بالإمامة؟ ئىمام بۇلۇشقا كىم ئەڭ لايىق؟ دېگەن توغرىسىدا

**1479 ـ1480 ـ1481 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا كَانُوا ثَلاَثَةً فَلْيَؤُمّهُمْ أَحَدُهُمْ. وَأَحَقّهُمْ بِالإِمَامَةِ أَقْرَأُهُمْ».**

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ناماز ئۇقىيدىغانلار ئۈچ كىشى بولسا، بىرسى ئىمام بولسۇن، ئىماملىققا لايىقراقى قۇرئانغا ئالىم بولغان قارىيراقىدۇر . مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۈچ كىشى جامائەت ھېسابلىنىدۇ.

**1482 ـ1483 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. كِلاَهُمَا عَنْ أَبِي خَالِدٍ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ رَجَاءٍ، عَنْ أَوْسِ بْنِ ضَمْعَجٍ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَؤُمّ الْقَوْمَ أَقْرَؤُهُمْ لِكِتَابِ الله. فَإِنْ كَانُوا فِي الْقِرَاءَةِ سَوَاءً. فَأَعْلَمُهُمْ بِالسّنّةِ. فَإِنْ كَانُوا فِي السّنّةِ سَوَاءً. فَأَقْدَمُهُمْ هِجْرَةً. فَإِنْ كَانُوا فِي الْهِجْرَةِ سَوَاءً، فَأَقْدَمُهُمْ سِلْماً. وَلاَ يَؤُمّنّ الرّجُلُ الرّجُلَ فِي سُلْطَانِهِ. وَلاَ يَقْعُدْ فِي بَيْتِهِ عَلَى تَكْرِمَتِهِ إِلاّ بِإِذْنِهِ» قالَ الأَشَجّ فِي رِوَايَتِهِ (مَكَانَ سِلْماً) سِنّاً.**

**1484 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ رَجَاءٍ. قالَ سَمِعْتُ أَوْسَ بْنَ ضَمْعَجٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا مَسْعُودٍ يَقُولُ. قالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَؤُمّ الْقَوْمَ أَقْرَأُهُمْ لِكِتَابِ الله وَأَقْدَمُهُمْ قِرَاءَةً. فَإِنْ كَانَتْ قِرَاءَتُهُمْ سَوَاءً فَلْيَؤُمّهُمْ أَقْدَمُهُمْ هِجْرَةً. فَإِنْ كَانُوا فِي الْهِجْرَةِ سَوَاءً فَلْيَؤُمّهُمْ أَكْبَرُهُمْ سِنّاً. وَلاَ تَؤُمّنّ الرّجُلَ فِي أَهْلِهِ وَلاَ فِي سُلْطَانِهِ. وَلاَ تَجْلِسْ عَلَى تَكْرِمَتِهِ. فِي بَيْتِهِ، إِلاّ أَنْ يَأْذَنَ لَكَ. أَوْ بِإِذْنِهِ».**

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەۋىم جامائەتكە، ئۇلارنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئالىمراقى، قارىيراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار قىرائەتتە ئوخشاش، بارابەر

بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتكە، ھەدىسكە ئالىمراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۈننەتتىمۇ بارابەر تەڭ بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلار ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ھىجرەتتىمۇ بارابەر تەڭ بولسا، يېشى چوڭراقى، شەيخ، پىشقەدەملىرى ئىمام بولىدۇ. كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئەھلىدە، سۇلتانلىق ھوقۇق دائىرىسىدە،ئۇنىڭغا ئىمام بولمىسۇن، (شۇ سۇلتان ئۆزى ئىمام بولسۇن)، ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئۇنىڭ ئىزنىسىز ئورۇندۇقىدا، تەختىدە ئولتۇرمىسۇن، ئىزنى، رۇخستى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

1485 – 1486 –1487 – وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ قَالَ: أَتَيْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ شَبَبَةٌ مُتَقَارِبُونَ. فَأَقَمْنَا عِنْدَهُ عِشْرِينَ لَيْلَةً. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَحِيماً رَقِيقاً، فَظَنّ أَنّا قَدِ اشْتَقْنَا أَهْلَنَا. فَسَأَلَنَا عَنْ مَنْ تَرَكْنَا مِنْ أَهْلِنَا. فَأَخْبَرْنَاهُ، فَقَالَ: «ارْجِعُوا إِلَىَ أَهْلِيكُمْ. فَأَقِيمُوا فِيهِمْ. وَعَلّمُوهُمْ. وَمُرُوهُمْ. فَإِذَا حَضَرَتِ الصّلاَةُ فَلْيُؤَذّنْ لَكُمْ أَحَدُكُمْ. ثُمّ لِيَؤُمّكُمْ أَكْبَرُكُمْ».

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ 20 كۈن تۇردۇق، ھەممىمىز ھەمتەڭ ياشلار ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ بەكمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان، دىلى يۇمشاق ئىدى، بىزنىڭ ئەھلى ـ ئاياللىرىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى گۇمان قىلىپ، ئارقىمىزدا قالدۇرغان ئەھلىمىز توغرىسىدا سوردى، بىز ئۇلار توغرىسىدا خەۋەر بەرسەك، بىزگە مۇنداق دىگەن: ئەھلىڭلارغا قايتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنىمۇ بۇيرۇڭلار، مىنى كۆرگەندەك مەن قانداق ناماز ئوقۇسام شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار، ناماز ۋاختى كەلسە، بىرىڭلار ئەزان توۋلاپ چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1488 – 1489 – وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ الثّقَفِيّ عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ، عَنْ مَالِكِ بْنِ الْحُوَيْرِثِ قَالَ: أَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنَا وَصَاحِبٌ لِي. فَلَمّا أَرَدْنَا الإِقْفَالَ مِنْ عِنْدِهِ قَالَ لَنَا «إِذَا حَضَرَتِ الصّلاَةُ فَأَذّنَا. ثُمّ أَقِيماً وَلْيَؤُمّكُمَا أَكْبَرُكُمَا».

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تاغامنىڭ بالىسى بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشنى ئىرادە قىلغىنىمىزدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دىگەن: ئىككىڭلار سەپەرگە چىقساڭلار، ئاندىن نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە، ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇڭلار، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن، بۇخارى،تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان .

## 277 ــــــ باب استحباب القنوت في جميع الصلاة، إذا نزلت بالمسلمين نازلة

### مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا بىرەر مۇسىيبەت يەتكەندە، ھەممە نامازدا دۇئائى قۇنۇت ئوقۇش توغرىسىدا

1490 –1491 – حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ و أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أَنّهُمَا سَمِعَا أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ، حِينَ يَفْرُغُ مِنْ صَلاَةِ الْفَجْرِ مِنَ الْقِرَاءَةِ، وَيُكَبّرُ، وَيَرْفَعُ رَأْسَهُ: «سَمِعَ الله لِمَنْ حَمِدَهُ. رَبّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» ثُمّ يَقُولُ، وَهُوَ قَائِمٌ: «اللّهُمّ أَنْجِ الْوَلِيدَ بْنَ الْوَلِيدِ وَسَلَمَةَ بْنَ هِشَامٍ وَعَيّاشَ بْنَ أَبِي رَبِيعَةَ. وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ. اللّهُمّ اشْدُدْ وَطْأَتَكَ عَلَى مُضَرَ. وَاجْعَلْهَا عَلَيْهِمْ كَسِنِي يُوسُفَ. اللّهُمّ الْعَنْ لِحْيَانَ وَرِعْلاً وَذَكْوَانَ وَعُصَيّةَ. عَصَتِ الله وَرَسُولَهُ» ثُمّ بَلَغَنَا أَنّهُ تَرَكَ ذَلِكَ لَمّا أُنْزِلَ: {لَيْسَ لَكَ مِنَ الأَمْرِ شَيْءٌ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ أَوْ يُعَذّبَهُمْ فَإِنّهُمْ ظَالِمُونَ} (آل عمران الآية: 128).

**1492 ـ 1493 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا الأَوْزَاعِي عَنْ يَحْيَى ابْنِ أَبي كَثِيرٍ، عَنْ أَبي سَلَمَةَ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ حَدّثَهُمْ أَنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَنَتَ بَعدَ الرّكْعَةِ، فِي صَلاَةٍ، شَهْراً. إِذَا قَالَ: «سَمِعَ الله لِمَنْ حَمِدَهُ» يَقُولُ فِي قُنُوتِهِ: «اللّهُمّ أَنْجِ الْوَلِيدَ بْنَ الْوَلِيدِ. اللّهُمّ نَجّ سَلَمَةَ بْنَ هِشَامٍ. اللّهُمّ نَجّ عَيّاشَ بْنَ أَبي رَبِيعَةَ. اللّهُمّ نَجّ الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ. اللّهُمّ اشْدُدْ وَطْأَتَكَ عَلَى مُضَرَ. اللّهُمّ اجْعَلْهَا عليهم سِنِينَ كَسِنِي يُوسُفَ».**
**قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: ثُمّ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تَرَكَ الدّعَاءَ بَعْدُ. فَقُلْتُ: أُرَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ تَرَكَ الدّعَاءَ لَهُمْ قَالَ فَقِيلَ: وَمَا تَرَاهُمْ قَدْ قَدِمُوا؟.**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىگە قارشى دۇئا قىلىشنى ياكى بىرەر كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، رۇكۇدىن كېيىن دۇئائى قۇنۇت ئوقۇيتتى، كۆپۈنچە بامدات نامىزىدا ياكى باشقا نامازلاردا قىرائەتتىن پارىغ بولۇپ، رۇكۇدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرسە «سەمىئەاللە هۇ لىمەن ھەمىدەھ ، رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دېگەن چاغدا؛ ئى **الله**! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى، سەلەمەت ئىبنى ھىشامنى، ئىياشنى... ، ئاجىز مۆئمىنلەرنى نىجات تاپقۇزسىلا، ئى **الله**! ئازاپلىرىنى مۇزەر قەبىلىسىگە قاتتىق قىلسىلا، ئۇلارغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىدەك، قەھەتچىلىك قىلسىلا، دېگەنلەرنى ئاشكارا دەيتتى، نامىزىنىڭ بەزىسىدە ئەرەپ قەبىلىلىرى ئۈچۈن :ئى **الله**! پالانى، پالانىغا لەنەت قىلسىلا دەيتتى ، **الله** « (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، **الله** يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ ».دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا (توختاپ قالدى) سۈرە ئال ئىمران 128 ـ ئايەت. مۇشۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن تەرك ئەتتى.بۇخارى ، مۇسلىم .

**1494 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثَنِي أَبي عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبي كَثِيرٍ. قَالَ: حَدّثَنَا أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ، أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: وَالله لأُقَرّبَنّ بِكُمْ صَلاَةَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَكَانَ أَبُو هُرَيْرَةَ يَقْنُتُ فِي الظّهْرِ. وَالْعِشَاءِ الآخِرَةِ. وَصَلاَةِ الصّبْحِ. وَيَدْعُو لِلْمُؤْمِنِينَ. وَيَلْعَنُ الْكُفّارَ.**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېشىن، خۇپتەن، بامدات نامازلىرىدا دۇئائى قۇنۇت ئوقۇپ، مۆئمىنلەرگە دۇئا قىلىپ، كۇپپارلارغا لەنەت قىلاتتى، ۋە مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بەردىم دەيتتى.

**1495 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: دَعَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى الّذِينَ قَتَلُوا أَصْحَابَ بِئْرِ مَعُونَةَ. ثَلاَثِينَ صَبَاحاً. يَدْعُو عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ وَلِحْيَانَ وَعُصَيّةَ، عَصَتِ الله وَرَسُولَهُ. قَالَ أَنَسٌ: أَنْزَلَ الله عَزّ وَجَلّ فِي الّذِينَ قُتِلُوا بِبِئْرِ مَعُونَةَ قُرْآناً قَرَأْنَاهُ حَتّى نُسِخَ بَعْدُ: أَنْ بَلّغُوا قَوْمَنَا. أَنْ قَدْ لَقِينَا رَبّنَا. فَرَضِيَ عَنّا وَرَضِينَا عَنْهُ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەئۇنەت قۇدۇقى ئەتراپىغا ئەۋەتىلگەن قارىيلارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىلەرگە قارشى بىر ئاي (ئۇزۇلدۇرمەي)، دۇئائى قۇنۇت ئوقۇپ، رىئلە، زەكۋان، ئۇسەييە قەبىلىسىگە لەنەت قىلدى، ۋە ئۇسەييەقەبىلىسى، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق

قىلدى دېدى. بۇ ھەقتە الله تائالا  قۇرئان ئايىتى نازىل قىلغان ئىدى، بىز ئۇنى ئوقۇيتتۇق، كېيىن ئۇ ئايەتلەر

(ھۆكمەن ۋە لەبزەن)مەنسۇخ قىلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇ مۇنداق سۆزلەر ئىدى:« قەۋمىلىرىمىزگە

يەتكۈزۈڭلاركى، بىز رەببىمىزگە ئۇچراشتۇق، رەببىمىز بىزدىن رازى بولدى، بىز رەببىمىزدىن رازى بولدۇق».

1496 ـ وحدّثني  عَمْرٌو النّاقِدُ و زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحَمّدٍ قالَ قُلْتُ لأَنَسٍ: هَلْ قَنَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي صَلاَةِ الصّبْحِ؟ قالَ: نَعَمْ. بَعْدَ الرّكُوعِ يَسِيراً.

1497 ـ وحدّثني  عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى (وَاللفْظُ لابْنِ مُعَاذٍ) حَدّثَنَا الْمُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي مِجْلَزٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ: قَنَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَهْراً بَعْدَ الرّكُوعِ. فِي صَلاَةِ الصّبْحِ. يَدْعُو عَلَى رِعْلٍ وَذَكْوَانَ. وَيقُولُ «عُصَيّةُ عَصَتِ اللّهِ وَرَسُولَهُ».

1498 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزُ بْنُ أَسَدٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. أَخْبَرَنَا أَنَسُ ابْنُ سِيرِينَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَنَتَ شَهْراً، بَعْدَ الرّكُوعِ. فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ. يَدْعُو عَلَى بَنِي عُصَيّةَ.

1499 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ أَنَسٍ قالَ: سَأَلْتُهُ عَنِ الْقُنُوتِ، قَبْلَ الرّكُوعِ أَوْ بَعْدَ الرّكُوعِ؟ فَقَالَ: قَبْلَ الرّكُوعِ. قالَ قُلْتُ: فَإِنّ نَاساً يَزْعُمُونَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَنَتَ بَعْدَ الرّكُوعِ. فَقَالَ: إِنّمَا قَنَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَهْراً يَدْعُو عَلَى أُنَاسٍ قَتَلُوا أُنَاساً مِنْ أَصْحَابِهِ. يُقَالُ لَهُمُ الْقُرّاءُ.

1500 ـ1501 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَاصِمٍ. قالَ: سَمِعْتُ  أَنَساً يَقُولُ: مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَجَدَ عَلَى سَرِيّةٍ مَا وَجَدَ عَلَى السّبْعِينَ الّذِينَ أُصِيبُوا يَوْمَ بِئْرِ مَعُونَةَ. كَانُوا يُدْعَوْنَ الْقُرّاءَ. فَمَكَثَ شَهْراً يَدْعُو عَلَى قَتَلَتِهِمْ.

ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازدىكى دۇئائى قۇنۇت توغرىسىدا ، بۇدۇئا رۇكۇدىن بۇرۇن قىلىنامتى؟ ياكى رۇكۇدىن كېيىنمۇ؟ دەپ سورسام، ئۇماڭا: بۇدۇئا رۇكۇدىن بۇرۇن قىلىناتتى،  ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن بىرئايلا قۇنۇت ئوقۇغان، (بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان قارىيلىرى دېيىلىدىغان 70قارىينى (بىئرى مەئۇنەت دېيىلىدىغان جايغا دەئۋەتكە) ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەستكە ئۇچراپ شەھىد قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇدىن كېيىن بىرئاي قۇنۇت ئوقۇپ ، ئۇلارغا (يەنى قاتىللارغا)قارشى دۇئا قىلغان ئىدى، دېدى. بۇخارى ، مۇسلىم .

1502 ـ 1503 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا الأَسْوَدُ بْنُ عَامِرٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَنَتَ شَهْراً. يَلْعَنُ رِعْلاً وَذَكْوَانَ. وَعُصَيّةَ عَصَوُا اللّهَ وَرَسُولَهُ.

ئەنەس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاي (ئۇزۇلدۇرمەي)، دۇئائى قۇنۇت ئوقۇپ، رىئلە، زەكۋان، ئۇسەييە قەبىلىسىگە لەنەت قىلدى، ۋە ئۇسەييەقەبىلىسى، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى دېدى.

1504 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ . حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَنَتَ شَهْراً. يَدْعُو عَلَى أَحْيَاءٍ مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ. ثُمّ تَرَكَهُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ بەزىسىگە قارشى بىر ئاي (ئۈزۈلدۈرمەي) دۇئائى قۇنۇت ئوقۇپ، ئاندىن كىيىن تەرىك ئەتكەن ئىدى.نەسەئى،ئەبۇداۋۇد.

**1505 – حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جعْفرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ. قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ أَبِي لَيْلَى. قَالَ: حَدّثنَا الْبَرَاءُ بْنُ عَازِبٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْنُتُ فِي الصّبْحِ وَالْمَغْرِبِ.**

**1506 – وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا أَبِي. حَدّثنا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنِ الْبَرَاءِ. قَالَ: قَنَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْفَجْرِ وَالْمَغْرِبِ.**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدا، ۋە شام نامازلىرىدىمۇ دۇئائى قۇنۇت ئوقۇغان ئىدى.

**1507 – حدّثني أَبُو الطاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ الْمَصْرِيّ. قَالَ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنِ اللّيْثِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ أَبِي أَنَسٍ، عَنْ حَنْظَلَةَ بْنِ عَلِيَ، عَنْ خُفَافِ بْنِ إِيمَاءٍ الْغِفَارِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي صَلاَةٍ: «اللّهُمّ الْعَنْ بَنِي لِحْيَانَ وَرِعْلاً وَذَكْوَانَ. وَعُصَيّةَ عَصَوُا الله وَرَسُولَهُ. غِفَارُ غَفَرَ الله لَهَا. وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا الله».**

**1508 –1509 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ. قَالَ: أَخْبَرَنِي مُحمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ عَمْرٍو) عَنْ خَالِدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حَرْمَلَةَ، عَنِ الْحَارِثِ بْنِ خُفَافٍ أَنّهُ قَالَ: قَالَ خُفَافُ بْنُ إِيمَاءٍ: رَكَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ: «غِفَارُ غَفَرَ الله لَهَا. وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا الله. وَعُصَيّةُ عَصَتِ الله وَرَسُولَهُ. اللّهُمّ الْعَنْ بَنِي لِحْيَانَ. وَالْعَنْ رِعْلاً وَذَكْوَانَ» ثُمّ وَقَعَ سَاجِداً قَالَ خفافٌ: فَجُعِلَتْ لَعْنَةُ الْكَفَرَةِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ.**

ئىبنى ئۆمەر،خۇپاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غىپار قەبىلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن، ئۇسەييەت قەبىلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئى **الله**! بەنى لىھيان، رىئلە، زەكۋان، ئۇسەييە قەبىلىسىگە لەنەت قىلسىلا، دەپ، ئاندىن سەجدىدىگە يىقىلاتتى،شۇنىڭ ئۈچۈن كۇپپارلارغا لەنەت قىلىش سۈننەت قىلىندى.ئەھمەد،بەيھەقى تىرمىزى

## *278 ـــــ باب قضاء الصلاة الفائتة واستحباب تعجيل قضائها*

## ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى قىلىپ ئوقۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراش توغرىسىدا

**1510 – حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ التّجِيبِيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، حِينَ قَفَلَ مِنْ غَزْوَةِ خَيْبَرَ. سَارَ لَيْلَهُ. حَتّى إِذَا أَدْرَكَهُ الْكَرَىَ عَرّسَ. وَقَالَ لِبِلاَلٍ: «اكْلأْ لَنَا اللّيْلَ» فَصَلّى بِلاَلٌ مَا قُدّرَ لَهُ. وَنَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ. فَلَمّا تَقَارَبَ الْفَجْرُ اسْتَنَدَ بِلاَلٌ إِلَى رَاحِلَتِهِ مُوَاجِهَ الْفَجْرِ. فَغَلَبَتْ بِلاَلاً عَيْنَاهُ وَهُوَ مُسْتَنِدٌ إِلَى رَاحِلَتِهِ. فَلَمْ يَسْتَيْقِظْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَلاَ بِلاَلٌ وَلاَ أَحَدٌ مِنْ أَصْحَابِهِ حَتّى ضَرَبَتْهُمُ الشّمْسُ. فَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَوّلَهُمُ اسْتِيقَاظاً. فَفَزِعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «أَيْ بِلاَلُ» فَقَالَ بِلاَلٌ: أَخَذَ بِنَفْسِي الّذِي أَخَذَ (بِأَبِي أَنْتَ وَأُمّي يَا رَسُولَ اللّهِ) بِنَفْسِكَ. قَالَ: «اقْتَادُوا» فَاقْتَادُوا رَوَاحِلَهُمْ شَيْئاً. ثُمّ تَوَضّأَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأَمَرَ بِلاَلاً فَأَقَامَ الصّلاَةَ. فَصَلّى بِهِمُ الصّبْحَ. فَلَمّا قَضَى الصّلاَةَ قَالَ: «مَنْ نَسِيَ الصّلاَةَ فَلْيُصَلّهَا إِذَا ذَكَرَهَا. فَإِنّ الله قَالَ: {أَقِمِ الصّلاَةَ لِذِكْرِي} (طه الآية: 14). قَالَ يُونُسُ: وَكَانَ ابْنُ شِهَابٍ يَقْرَؤُهَا: لِلذّكْرَىَ.**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر ئۇرىشىدىن قايتقان كېچىسى، مۇگە باسقانغا قەدەر سەير قىلىپ ماڭدى، ئاندىن كېچىنىڭ ئاخىردا ئارامغا چۈشۈپ:ئى

بىلال!بۇكېچە سەن بىزگە مۇھاپىزەتچى بولغىن دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۇخلىماسلىق ئۈچۈن )ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار ئۇخلاپ قالغان ئىدى، سۈبھى يورۇشقا ئاز قالغاندا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈبھى تەرەپكە ئالدىنى قىلغان ھالدا تۆگىسىگە يۆلەندى، ئۇنىڭغا كۆزى غالىپ كېلىپ، ئىختىيارسىزلا شۇ پېتى ئۇخلاپ قالدى، كۈن چىقىپ،نۇرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە چۈشكەنگە قەدەر، ھېچ بىر كىشى ، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئويغىنالمىدى، (چۈنكى كېچىنىڭ ئاخىردا ئارامغا چۈشكەن ئىدى )تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغۇنۇپ، چۆچۈپ كەتتى دە! : ئەي بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ!(بۇ نىمە ئىش؟، مۇھاپىزەتچىلىكىڭ قېنى ؟ ) دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ :سىلىنىڭ روھلىرىنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇخلاتقان الله، مېنىڭمۇ روھىمنى ئېلىپ تۇرۇپ ئۇخلىتىپتۇ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئۇلىغىڭلارنى يېتىلەپ ، (بۇجايدىن يۆتكىلىپ كېتىڭلار )دېدى.ئۇلار تۆگىللىرىنى يېتىلەپ، ئۇ جايدىن سەل يىراققا يۆتكەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نامازغا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، نامازنى ئادا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغاندا مۇنداق دېدى: كىم نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا «مېنى زىكرى قىلىپ ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» دېگەن. سۈرە تاھا 14 _ ئايەت، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

1511 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ. كِلاَهُمَا عَنْ يَحْيَى. قَالَ ابْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ كَيْسَانَ. حَدّثَنَا أَبُو حَازِمٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: عَرّسْنَا مَعَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمْ نَسْتَيْقِظْ حَتّى طَلَعَتِ الشّمْسُ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لِيَأْخُذْ كُلّ رَجُلٍ بِرَأْسِ رَاحِلَتِهِ. فَإِنّ هَذَا مَنْزِلٌ حَضَرَنَا فِيهِ الشّيْطَانُ» قَالَ فَفَعَلْنَا. ثُمّ دَعَا بِالْمَاءِ فَتَوَضّأَ. ثُمّ صَلّى سَجْدَتَيْنِ. (وَقَالَ يَعْقُوبُ: ثُمّ صَلّى سَجْدَتَيْنِ). ثُمّ أُقِيمَتِ الصّلاَةُ فَصَلّى الْغَدَاةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە يول ئۈستىدە كېچىنىڭ ئاخىردا ئارام ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈپ،كۈن چىققانغا قەدەر ئويغۇنالمىدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ھەر بىر كىشى تۆگىسىنىڭ بېشىنى تۇتسۇن، (بۇ جايدىن يۆتكىلىپ كېتەيلى) ھەقىقەتەن بۇ جايدا بىزگە شەيتان ھازىر بولۇپتۇ،دېدى. بىز شۇنداق قىلدۇق، ئاندىن سۇ كەلتۈرۈپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى.ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى.

1512 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرُوخَ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ الْمُغِيرَةِ) حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَبَاحٍ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ: خَطَبَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «إِنّكُمْ تَسِيرُونَ عَشِيّتَكُمْ وَلَيْلَتَكُمْ. وَتَأْتُونَ الْمَاءُ، إِنْ شَاءَ الله، غَداً». فَانْطَلَقَ النّاسُ لاَ يَلْوِي أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ. قَالَ أَبُو قَتَادَةَ فَبَيْنَمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسِيرُ حَتّى ابْهَارّ اللّيْلُ وَأَنَا إِلَى جَنْبِهِ. قَالَ: فَنَعَسَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَمَالَ عَنْ رَاحِلَتِهِ. فَأَتَيْتُهُ فَدَعَمْتُهُ. مِنْ غَيْرِ أَنْ أُوقِظَهُ. حَتّى اعْتَدَلَ عَلَى رَاحِلَتِهِ. قَالَ ثُمّ سَارَ حَتّى تَهَوّرَ اللّيْلُ،

**مَالَ عَنْ رَاحِلَتِهِ. قَالَ فَدَعَمْتُهُ مِنْ غَيْرِ أَنْ أُوقِظَهُ. حَتّى اعْتَدَلَ عَلَى رَاحِلَتِهِ. قَالَ ثُمّ سَارَ حَتّى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ السّحَرِ مَالَ مَيْلَةً. هِيَ أَشَدّ مِنَ الْمَيْلَتَيْنِ الأُولَيَيْنِ. حَتّى كَادَ يَنْجَفِلُ. فَأَتَيْتُهُ فَدَعَمْتُهُ. فَرَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ: «مَنْ هَذَا؟» قُلْتُ: أَبُو قَتَادَةَ. قَالَ: «مَتَى كَانَ هَذَا مَسِيرَكَ مِنّي؟» قُلْتُ: مَا زَالَ هَذَا مَسِيرِي مُنْذُ اللّيْلَةِ. قَالَ: «حَفِظَكَ الله بِمَا حَفِظْتَ بِهِ نَبِيّهُ» ثُمّ قَالَ: «هَلْ تَرَانَا نَخْفَى عَلَى النّاسِ؟» ثُمّ قَالَ: «هَلْ تَرَى مِنْ أَحَدٍ؟» قُلْتُ: هَذَا رَاكِبٌ. ثُمّ قُلْتُ: هَذَا رَاكِبٌ آخَرُ. حَتّى اجْتَمَعْنَا فَكُنّا سَبْعَةَ رَكْبٍ. قَالَ فَمَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنِ الطّرِيقِ. فَوَضَعَ رَأْسَهُ. ثُمّ قَالَ: «احْفَظُوا عَلَيْنَا صَلاَتَنَا». فَكَانَ أَوّلَ مَنِ اسْتَيْقَظَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالشّمْسُ فِي ظَهْرِهِ. قَالَ فَقُمْنَا فَزِعِينَ. ثُمّ قَالَ: «ارْكَبُوا» فَرَكِبُوا. فَسِرْنَا. حَتّى إِذَا ارْتَفَعَتِ الشّمْسُ نَزَلَ. ثُمّ دَعَا بِمِيضَأَةٍ كَانَتْ مَعِي فِيهَا شَيْءٌ مِنْ مَاءٍ. قَالَ فَتَوَضّأَ مِنْهَا وُضُوءاً دُونَ وُضُوءٍ. قَالَ وَبَقِيَ فِيهَا شَيْءٌ مِنْ مَاءٍ. ثُمّ قَالَ لأَبِي قَتَادَةَ: «احْفَظْ عَلَيْنَا مِيضَأَتَكَ. فَسَيَكُونُ لَهَا نَبَأٌ» ثُمّ أَذّنَ بِلاَلٌ بِالصّلاَةِ. فَصَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ صَلّى الْغَدَاةَ فَصَنَعَ كَمَا كَانَ يَصْنَعُ كُلّ يَوْمٍ قَالَ وَرَكِبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَرَكِبْنَا مَعَهُ. قَالَ فَجَعَلَ بَعْضُنَا يَهْمِسُ إِلَى بَعْضٍ: مَا كَفّارَةُ مَا صَنَعْنَا بِتَفْرِيطِنَا فِي صَلاَتِنَا؟ ثُمّ قَالَ: «أَمَا لَكُمْ فِيّ أُسْوَةٌ؟» ثُمّ قَالَ: «أَمَا إِنّهُ لَيْسَ فِي النّوْمِ تَفْرِيطٌ. إِنّمَا التّفْرِيطُ عَلَى مَنْ لَمْ يُصَلّ الصّلاَةَ حَتّى يَجِيءَ وَقْتُ الصّلاَةِ الأُخْرَى. فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ فَلْيُصَلّهَا حِينَ يَنْتَبِهُ لَهَا. فَإِذَا كَانَ الْغَدُ فَلْيُصَلّهَا عِنْدَ وَقْتِهَا» ثُمّ قَالَ: «مَا تَرَوْنَ النّاسَ صَنَعُوا؟» قَالَ: ثُمّ قَالَ: «أَصْبَحَ النّاسُ فَقَدُوا نَبِيّهُمْ». فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ: رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعْدَكُمْ. لَمْ يَكُنْ لِيُخَلّفَكُمْ. وَقَالَ النّاسُ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ أَيْدِيكُمْ. فَإِنْ يُطِيعُوا أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ يَرْشُدُوا».**

**قَالَ فَانْتَهَيْنَا إِلَى النّاسِ حِينَ امْتَدّ النّهَارُ وَحَمِيَ كُلّ شَيْءٍ. وَهُمْ يَقُولُونَ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَلَكْنَا. عَطِشْنَا. فَقَالَ: «لاَ هُلْكَ عَلَيْكُمْ» ثُمّ قَالَ: «أَطْلِقُوا لِي غُمَرِي» قَالَ وَدَعَا بِالْمِيضَأَةِ. فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصُبّ وَأَبُو قَتَادَةَ يَسْقِيهِمْ فَلَمْ يَعْدُ أَنْ رَأَى النّاسُ مَاءً فِي الْمِيضَأَةِ تَكَابّوا عَلَيْهَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ: «أَحْسِنُوا الْمَلأَ. كُلّكُمْ سَيَرْوَى» قَالَ: فَفَعَلُوا. فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصُبّ وَأَسْقِيهِمْ. حَتّى مَا بَقِيَ غَيْرِي وَغَيْرُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ ثُمّ صَبّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ لِي: «اشْرَبْ» فَقُلْتُ: لاَ أَشْرَبُ حَتّى تَشْرَبَ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «إِنّ سَاقِيَ الْقَوْمِ آخِرُهُمْ شُرْباً» قَالَ: فَشَرِبْتُ وَشَرِبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَأَتَى النّاسُ الْمَاءَ جَامّينَ رِوَاءً.**

**قَالَ: فَقَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ رَبَاحٍ: إِنّي لأُحَدّثُ هَذَا الْحَدِيثَ فِي مَسْجِدِ الْجَامِعِ. إِذْ قَالَ عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ: انْظُرْ أَيّهَا الْفَتَى كَيْفَ تُحَدّثُ. فَإِنّي أَحَدُ الرّكْبِ تِلْكَ اللّيْلَةَ. قَالَ قُلْتُ: فَأَنْتَ أَعْلَمُ بِالْحَدِيثِ. فَقَالَ: مِمّنْ أَنْتَ؟ قُلْتُ: مِنَ الأَنْصَارِ. قَالَ: حَدّثْ فَأَنْتُمْ أَعْلَمُ بِحَدِيثِكُمْ. قَالَ فَحَدّثْتُ الْقَوْمَ. فَقَالَ عِمْرَانُ: لَقَدْ شَهِدْتُ تِلْكَ اللّيْلَةَ وَمَا شَعَرْتُ أَنّ أَحَداً حَفِظَهُ كَمَا حَفِظْتُهُ.**

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇ**الله** سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: سىلەر كەچ تەرەپتە سەيرى قىلىپ مېڭىپ ۋە كېچىچە مېڭىپ، ئەگەر **الله** خالىسا، ئەتە سۇ بار جايغا بارىسىلەر. كىشىلەر بۇسۆزنى ئاڭلاپلا، بىرسى ـ بىرسىگە قارايمۇ قويماي سۇ بار جايغا ئالدىرىشىپ ماڭدى، بىر چاغدا رەسۇلۇ**الله** سەيرى قىلىپ كىتىۋاتاتتى، تەڭ كېچە بولۇپ كەتتى، رەسۇلۇ**الله** تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە مۈگدەپ قېلىپ، تۆگىدىن چۈشۈپ كەتكىدەك يېنى بولۇپ قالدى، مەن ئويغۇتىۋەتمەستىن يۆلەپ ماڭدىم، بۇ كىمۇ؟دېدى، مەن؛ ئەبۇقەتادە دىسەم، قاچاندىن باشلاپ مىنى يۆلەپ ماڭدىڭ ؟ دېدى، مەن؛ ئاخشام كېچىدىن باشلاپ دىسەم، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىدىن **الله** سىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن، كىشىلەر بىزنى كۆرەلمەيۋاتامدۇنىمە؟ سەن بىرەر كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟دېدى، مەن؛ ئاتلىق كىشىدىن بىرسى كەلدى، ھە يەنە بىرسى كەلدى....دېدىم، بىز يىغىلىپ يەتتە كىشى بولدۇق، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** يولنىڭ بىر چىتىگە چۈشۈپ ئۇخلاشقا بېشىنى قويدى، ۋە نامىزىمىزنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار دېدى، شۇنداقتىمۇ تۇنجى قېتىم ئويغانغان كىشى رەسۇلۇ**الله** بولدى، بۇچاغدا كۈن چىقىپ ئۈچىسىغا نۇر تاشلىغان ئىدى، ئاندىن يولغا چىقىڭلار دېدى، بىز يولغا چىقىپ، كۈن كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ماڭدۇق، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** چۈشۈپ، مەن يېنىمدا ئېلىۋالغان تاھارەت قاچىسىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئازىراق سۇ بار ئىدى، رەسۇلۇ**الله** ئۇنىڭدىن سۇنى ئايىغان ھالدا يەڭگىل تاھارەت ئالدى، ئۇنىڭدا يەنە ئازىراق سۇ قېلىپ قالدى، ئاندىن رەسۇلۇ**الله** ماڭا؛ سەن بۇ تاھارەت ئالىدىغان قاچاڭدىكى سۇنى ئوبدان ساقلىغىن، چۈنكى پات يېقىندا ھىللا بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ، بۈيۈك خەۋەر يەنى مۆجىزە يۈز بىرىدۇ دېدى،ئاندىن بىلال نامازغا ئەزان توۋلىدى، رەسۇلۇ**الله** بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ ئاندىن بامدات نامىزنى ئوقۇپ، دائىم قىلغاندەك قىلىپ،ئاندىن يولغا چىقتى، بىزمۇ بىللە يولغا چىقتۇق، ئاندىن بەزىمىز بەزىمىزگە

مەخپى سۆز قىلىپ؛ بىزنىڭ نامىزىمىزنى كۈن چىققىچەكېچىكتۈرۈۋەتكەن كەمچىلىكىمىزنىڭ كاپپارىتى نىمىدۇ؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەرگە مەندە (يەنى مىنىڭ قىلغان ئىشلىرىمدا) ياخشى ئۈلگە يوقمۇ؟ ھەقىقەتەن سەھۋەنلىك، كەمچىلىك سادىر بولۇش، ئۇيقۇدىكى چاغدا بولمايدۇ، ئۇ ئويغاق چاغدا بولىدۇ، بىرىڭلار نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئىسىگە كەلگەندە ، ئويغانغاندا، ياكى ئەتىسى شۇ نامازنىڭ ۋاختىدا ئوقۇۋالسۇن، ياكى ئەتىسى شۇ نامازنىڭ ۋاختىدا ئىسىگە كەلسىمۇ ئوقۇۋالسۇن، كىشىلەر مۇشۇ ۋاقىتچە نىمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ دېدى، ئۇلار پەيغەمبىرىنى يوقىتىپ قويدى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر؛ رەسۇلۇللاھ تېخى ئارقاڭلاردا، ئۇ سىلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرمايدۇ دېدى، ئۇلار؛ ياق، رەسۇلۇللاھ ئالدىڭلاردا دېدى، ئەگەر ئۇلار ئۇئىككىسىگە ئىتائەت قىلغان بولسا، توغرا يول تاپقان بولاتتى.ئاندىن بىز كۈن تىكلىشىپ ھەممە نەرسە تازا قىزىپ كەتكەن چاغدا كىشىلەرنىڭ قېشىغا يىتىپ باردۇق، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ھالاك بولىدىغان بولدۇق، بىز قاتتىق ئۇسساپ كەتتۇق دېدى، رەسۇلۇللاھ:سىلەرگە ھالاكەت يوق،سىلەر ھالاك بولمايسىلەر دەپ، ئاندىن ھېلىقى سۇبار قاچىنى كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىۋاتاتتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر قاچىدىكى سۇنى كۆرۈپ(سۇنىڭ يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ)ھەممىسى ئولىشىپ قىستىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ جامائەتلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەخلاقىڭلارنى ياخشى قىلىڭلار، ھەممىڭلار سۇغا قانىسىلەر دېدى، ئاندىن ئۇلارشۇنداق قىلدى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بىرىشكە باشلىدى، مەن ئۇلارنى سۇغىرىشقا باشلىدىم، ئاندىن مەن بىلەن رەسۇلۇللاھ تىن باشقا بارلىق كىشىلەر تۈگەپ،پەقەت ئىككىمىزلا قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سۇنى قۇيۇپ؛ ئىچكىن دېدى، مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلى ئىچمىگىچە مەن ئىچمەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛قەۋمىلەرنى سۇغارغان كىشى ئەڭ ئاخىردا ئىچىدۇ دېدى، ئاندىن مەن ئىچتىم، رەسۇلۇللاھ مۇ ئىچتى، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ قەلبى ئارام تاپقىچە، سۇغا قېنىپ راھەتلەنگىچە، قانغىچە سۇ بىرىلدى.

**1513 ـ وحدّثني أَحْمَدُ بْنُ سَعِيدِ بْنِ صَخْرٍ الدّارمِيّ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ. حَدّثَنَا سَلْمُ بْنُ زَرِيرٍ الْعُطَارِدِيّ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ. قَالَ: كُنْتُ مَعَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي مَسِيرٍ لَهُ. فَأَدْلَجْنَا لَيْلَتَنَا. حَتّى إِذَا كَانَ فِي وَجْهِ الصّبْحِ عَرّسْنَا. فَغَلَبَتْنَا أَعْيُنُنَا حَتّى بَزَغَتِ الشّمْسُ. قَالَ فَكَانَ أَوّلَ مَنِ اسْتَيْقَظَ مِنّا أَبُو بَكْرٍ. وَكُنّا لاَ نُوقِظ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ مَنَامِهِ إِذَا نَامَ حَتّى يَسْتَيْقِظَ. ثُمّ اسْتَيْقَظ عُمَرُ. فَقَامَ عِنْدَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَجَعَلَ يُكَبّرُ وَيَرْفَعُ صَوْتَهُ بِالتّكْبِيرِ. حَتّى اسْتَيْقَظ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَلَمّا رَفَعَ رَأْسَهُ وَرَأَى الشّمْسَ قَدْ بَزَغَتْ قَالَ: «ارْتَحِلُوا» فَسَارَ بِنَا. حَتّى إِذَا ابْيَضّتِ الشّمْسُ نَزَلَ فَصَلّى بِنَا الْغَدَاةَ. فَاعْتَزَلَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ لَمْ يُصَلّ مَعَنَا. فَلَمّا انْصَرَفَ قَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا فُلاَنُ مَا مَنَعَكَ أَنْ تُصَلّيَ مَعَنَا؟» قَالَ: يَا نَبِيّ اللّهِ أَصَابَتْنِي جَنَابَةٌ. فَأَمَرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَتَيَمّمَ بِالصّعِيدِ. فَصَلّى. ثُمّ عَجّلَنِي فِي رَكْبٍ بَيْنَ يَدَيْهِ نَطْلُبُ الْمَاءَ. وَقَدْ عَطِشْنَا عَطَشاً شَدِيداً. فَبَيْنَمَا نَحْنُ نَسِيرُ إِذَا نَحْنُ بِامْرَأَةٍ سَادِلَةٍ رِجْلَيْهَا بَيْنَ مَزَادَتَيْنِ. فَقُلْنَا لَهَا: أَيْنَ الْمَاءُ؟ قَالَتْ: أَيْهَاهْ. أَيْهَاهْ. لاَ مَاءَ لَكُمْ. قُلْنَا: فَكَمْ بَيْنَ أَهْلِكِ وَبَيْنَ الْمَاءِ؟ قَالت: مَسِيرَةُ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ قُلْنَا: انْطَلِقِي إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، قَالَتْ: وَمَا رَسُولُ اللّهِ؟ فَلَمْ نُمَلّكْهَا مِنْ أَمْرِهَا شَيْئاً حَتّى انْطَلَقْنَا بِهَا. فَاسْتَقْبَلْنَا بِهَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَسَأَلَهَا فَأَخْبَرَتْهُ مِثْلَ الّذِي أَخْبَرَتْنَا. وَأَخْبَرَتْهُ أَنّهَا مُوتِمَةٌ. لَهَا صِبْيَانٌ أَيْتَامٌ. فَأَمَرَ بِرَاوِيَتِهَا. فَأُنِيخَتْ. فَمَجّ فِي الْعَزْلاَوَيْنِ الْعُلْيَاوَيْنِ. ثُمّ بَعَثَ بِرَاوِيَتِهَا. فَشَرِبْنَا. وَنَحْنُ أَرْبَعُونَ رَجُلاً عِطَاشٌ. حَتّى رَوِينَا. وَمَلأْنَا كُلّ قِرْبَةٍ مَعَنَا وَإِدَاوَةٍ. وَغَسّلْنَا صَاحِبَنَا. غَيْرَ أَنّا لَمْ نَسْقِ بَعِيراً، وَهِيَ تَكَادُ تَنْضَرِجُ مِنَ الْمَاءِ (يَعْنِي الْمَزَادَتَيْنِ) ثُمّ قَالَ: «هَاتُوا مَا كَانَ عِنْدَكُمْ» فَجَمَعْنَا لَهَا مِنْ كِسَرٍ وَتَمْرٍ. وَصَرّ لَهَا صُرّةً. فَقَالَ لَهَا: «اذْهَبِي فَأَطْعِمِي هَذَا عِيَالَكِ. وَاعْلَمِي أَنّا لَمْ نَرْزَأْ مِنْ مَائِكِ» فَلَمّا أَتَتْ أَهْلَهَا قَالَتْ: لَقَدْ لَقِيتُ أَسْحَرَ الْبَشَرِ. أَوْ إِنّهُ لَنَبِيّ كَمَا زَعَمَ. كَانَ مِنْ أَمْرِهِ ذَيْتَ وَذَيْتَ. فَهَدَى الله ذَاكَ الصّرْمَ بِتِلْكَ الْمَرْأَةِ. فَأَسْلَمَتْ وَأَسْلَمُوا.**

**1514 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا النّضْرُ بْنُ شُمَيْلٍ. حَدّثَنَا عَوْفُ بْنُ أَبِي جَمِيلَةَ الأَعْرَابِيّ عَنْ أَبِي رَجَاءٍ الْعُطَارِدِيّ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ قَالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ. فَسَرَيْنَا لَيْلَةً. حَتّى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ اللّيْلِ، قُبَيْلَ الصّبْحِ، وَقَعْنَا تِلْكَ الْوَقْعَةَ الّتِي لاَ وَقْعَةَ عِنْدَ الْمُسَافِرِ أَحْلَى مِنْهَا. فَمَا أَيْقَظنَا إِلاّ حَرّ الشّمْسِ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ سَلْمِ بْنِ زَرِيرٍ. وَزَادَ وَنَقَصَ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: فَلَمّا اسْتَيْقَظ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ وَرَأَى مَا أَصَابَ النّاسَ. وَكَانَ أَجْوَفَ جَلِيداً. فَكَبّرَ وَرَفَعَ صَوْتَهُ**

بالتّكْبير. حَتّى اسْتَيْقظ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لِشِدّةِ صَوْتِهِ، بالتّكْبير. فَلَمّا اسْتَيْقظ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَكَوْا إلَيْهِ الّذِي أَصَابَهُمْ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ ضَيْرَ. ارْتَحِلُوا» وَاقْتَصّ الْحَدِيث.

ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر قېتىملىق سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بولغان ئىدۇق، بىز كېچىچە يول يۈرۈپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چۈشۈپ، كۆپ چىققىچە ئۇخلاپ قالدۇق، بىزدىن تۇنجى قېتىم ئويغانغان كىشى ئەبۇ بەكرى بولدى، بىز رەسۇلۇللاھنى ئۆزى ئويغانمىغىچە ئۇيقۇسىدىن ئويغاتمايتتۇق، ئاندىن ئۆمەر ئويغۇنۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازى بىلەن تەكبىر ئەيتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئويغۇنۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۈننىڭ خېلى ئۈستۈن كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرۈپ؛ بۇ جايدىن يۆتكىلىڭلار دەپ، كۆپ ئاقارغىچە بىز بىلەن بىللە ماڭدى، ئاندىن چۈشۈپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇماي، قەۋمدىن ئايرىلىۋالغان بىر كىشىنى كۆرۈپ؛ ئى پالانى! بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشۇڭدىن سىنى نىمە توستى؟دېدى، ئۇ كىشى؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جۇنۇپ بولۇپ قالدىم دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى، كىشىلەر ئۇسسۇزلۇقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇلىغدىن چۈشۈپ، ئەلى بىلەن يەنە بىر كىشىنى چاقىرىپ؛ ئىككىڭلار بېرىپ ئازراق سۇ تېپىپ كىلىڭلار دېدى، يەنە بىردە؛ بىزنى سۇ تېپىپ كىلىشكە ئالدىن ئەۋەتتى، بىز ياكى ئۇلار كىتىپ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تىرىدىن بولغان تۇلۇننىڭ بىر تەرىپىگە ئۇزۇق ـ تۈلۈك، يەنەبىرتەرىپىگە سۇ ئېلىۋالغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قېلىپ، قەيەردە سۇ بار ؟ دېسەك، ئۇئايال؛ ھەي!! سىلەرگە سۇ يوق دېدى، ئەھلىڭ بىلەن سۇنىڭ ئارلىقى قانچىلىك كىلىدۇ؟دېسەك، ئۇ؛ بىر كېچە ـ كۈندۈز مۇساپە كىلىدۇدېدى، بىز ئۇنىڭغا؛ **الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ قېشىغا بارغىن دىسەك، ئۇ؛ **الله** نىڭ ئەلچىسى دېگەن نىمە؟دېدى، بىز ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي، بىز ياكى ئۇلار ئۇ ئايالنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىلىپ، تۆگىسىدىن چۈشۈردى، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھقا بىزگە خەۋەر قىلغاندەك خەۋەر قىلدى، ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى يېتىم بالىسى بارلىقىنى خەۋەر قىلدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ تۆگىسىنى چۆكلاندۇرۇپ، قاچىدىن بىرنى كەلتۈرۈپ، ھېلىقى سۇ بار تۇلۇننىڭ ئاغزىدىن قاچىغا سۇ قۇيدى، ئاندىن كىشىلەرگە: سۇ ئىچىۋېلىڭلار!!دەپ نىدا قىلىندى، ئۇلار سۇ ئىچىشتى، بىزدىن قاتتىق ئۇسسۇز قالغان 40 نەپەر كىشىمۇ قانغىچە سۇ ئىچتۇق، يېنىمىزدا ئېلىۋالغان بارلىق تۇلۇن، قاچىلىرىمىزنى سۇغا لىق توللۇدۇق، **الله** بىلەن قەسەمكى، كىشىلەر سۇغا قېنىپ قايتقاندىن كىيىنمۇ، ئۇ سۇ شۇپىتى لىق قالدى، ھەتتا بىزگە ئۇ تۇلۇن؛ ئۇنىڭدىن دەسلەپتە سۇ ئېلىنغان چاغدىكىدىنمۇ لىقراقتەك خىيال قىلىندى.بىز پەقەت تۆگىلىرىمىزنى سۇغارمىدۇق، ھېلىقى جۇنۇپ كىشىنى يۇيۇندۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ يېنىڭلاردا بار بولغان يىمەكلىكلەرنى يىغىڭلار دېدى، بىز پۇچۇق نانلارنى، خورمىلارنى يىغدۇق، ئۇئايالغا بىر بوخچا يىمەكلىك راسلاپ بىرىپ؛ سەن بۇنى ئاپىرىپ، باللىرىڭغا تاماق بەرگىن، شۇنى بىلگىنكى، بىز سۇيۇڭنى ھەرگىز كاملاتمىدۇق دېدى، ئاندىن ئۇئايال قەۋمىنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ مەن كىشلەردىن ئەڭ يامان سېھرىگەرگە ياكى ئۇداۋا قىلغاندەك، بىر پەيغەمبەرگە يولۇقتۇم، ئۇ سېھرىگەر بولمىسا، چوقۇم پەيغەمبەردۇر، چۈنكى ئۇنىڭ مۇنداق مۇنداق ئىشلىرى يۈز بەردى دېدى، **الله** تائالا شۇ ئايالنىڭ سەۋەبىدىن ئەشۇئەسرەم قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ۋە ئەشۇ قەبىلە مۇسۇلمان بولدى.

بۇخارى،مۇسلىم. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:

ئۇخلاپ قېلىشتا كەمچىللىك، سەھۋەنلىك بولمايدۇ، كەمچىلىك دېگەن، ئويغاق چاغدا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاختى كىرگىچە ئوقۇماي، كېچىكتۈرۈش. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

تىرمىزى 162 ـ ھەدىس، نەسەئى 612 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 373 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 690 ـ ھەدىستە

كەمچىلىكنىڭ ئويغاق چاغدا بولۇشى، نامازنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندىلا

ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىلا ئوقۇيدۇ دېگەن، تىرمىزىيدا، ئىمام مالىك، ئەھمەد، شافىئى رەھمەھۇللالار مۇشۇ

ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئويغانغان چاغدا ئوقۇيدۇ، گەرچە ئۇ چاغ كۈن چىقىۋاتقان ۋاقىت

بولسىمۇ بامداتنى ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ھەدىس مۇتلەق رۇخسەت قىلدى، ئېسىگە كەلسىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانسىلا

كۈن چىقىۋاتسىمۇ ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندۇر، چەكلەنگەن ھەدىس بولسا ئويغاق چاغ دېگەن،

ئامەدىن خاسنى چىقارغان، بەزىلەر كۈن چىقىپ،ياكى كىرىپ بولغاندا ئوقۇيدۇ دېدى.

**1515 ـ حدّثنا إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ حُمَيْدٍ، عَنْ بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَبَاحٍ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا كَانَ فِي سَفَرٍ، فَعَرّسَ بِلَيْلٍ، اضْطَجَعَ عَلَى يَمِينِهِ. وَإِذَا عَرّسَ قُبَيْلَ الصّبْحِ، نَصَبَ ذِرَاعَهُ، وَوَضَعَ رَأْسَهُ عَلَى كَفّهِ.**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىش جەريانىدا كېچىنىڭ

ئەۋۋىلىدە ئارام ئېلىشقا چۈشسە، تېخى كېچە ئۇزۇن بولسا، بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى،

سۈبھىدىن، بامدات نامىزىدىن بۇرۇنلا ئارامغا چۈشسە، بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ، ئازىراق ئارام

ئېلىۋالاتتى، يەنى ياتمايتتى.مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1516 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ، حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا قَتَادَةُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ نَسِيَ صَلاَةً فَلْيُصَلّهَا إِذَا ذَكَرَهَا. لاَ كَفّارَةَ لَهَا إِلاّ ذَلِكَ». قَالَ قَتَادَةُ: {وَأَقِمِ الصّلاَةَ لِذِكْرِي}.**
**1517 ـ وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَى، وَ سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي عَوَانَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ يَذْكُرْ «لاَ كَفّارَةَ لَهَا إِلاّ ذَلِكَ».**
**1518 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَىَ. حَدّثَنَا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ نَسِيَ صَلاَةً أَوْ نَامَ عَنْهَا، فَكَفّارَتُهَا أَنْ يُصَلّيَهَا إِذَا ذَكَرَهَا».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ

قالسا، ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئېسىگە كەلگەن، ئويغانغان ھامان شۇ نامازنى ئوقۇشتۇر.

ئۇنتۇپ قالغان نامازغا ئۇنى ئوقۇشىدىن باشقا كاپارەت يوق، كاپارىتى ئۇنى ئوقۇشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،

مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى.

**1519 ـ وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنِي أَبِي. حَدّثَنَا الْمُثَنّى عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا رَقَدَ أَحَدُكُمْ عَنِ الصّلاَةِ أَوْ غَفَلَ عَنْهَا، فَلْيُصَلّهَا إِذَا ذَكَرَهَا. فَإِنّ اللهَ يَقُولُ: {أَقِمِ الصّلاَةَ لِذِكْرِي}.**

ئەبۇ قەتادە،ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئۇخلاپ قېلىشتا كەمچىللىك، سەھۋەنلىك بولمايدۇ، كەمچىلىك دېگەن، ئويغاق چاغدا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگىچە ئوقۇماي، كېچىكتۈرۈشتۇر). بىرىڭلار نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇخلاپ قالسا، ياكى غەپلەتتە قالسا، ئېسىگە كەلگەندىلا ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېگەن؛« مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللهدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.»سۈرەتاھا14 ـ ئايەت. ئەھمەد،مۇسلىم، ئىبنى ھەببان.

# 7 ـــــ كتاب صلاة المسافرين وقصرها

## 279 ـ باب صلاة المسافرين وقصرها

## مۇساپىرلارنىڭ تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇشى توغرىسىدا

1520 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ صَالِحِ بْنِ كَيْسَانَ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنّهَا قَالَتْ: فُرِضَتِ الصّلاَةُ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ، فِي الْحَضَرِ وَالسّفَرِ. فَأُقِرّتْ صَلاَةُ السّفَرِ، وَزِيدَ فِي صَلاَةِ الْحَضَرِ.

1521 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ و حرملَةُ بْنُ يَحْيَى. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: حَدّثَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أَنّ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: فَرَضَ الله الصّلاَةَ، حِينَ فَرَضَهَا، رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ أَتَمّهَا فِي الْحَضَرِ. فَأُقِرّتْ صَلاَةُ السّفَرِ عَلَى الْفَرِيضَةِ الأُولَى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ ناماز ئەسلىدە سەپەردىمۇ، مۇقىم ۋاقىتتىمۇ ئىككى رەكئەت پەرز قىلىنغان ئىدى، ئاندىن (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەت قىلىشىدى)، مۇقىم ۋاقىتتا كامىل تۆت رەكئەت پەرز قىلىندى، سەپەرنىڭ نامىزى تۇنجى قېتىم پەرز قىلىنغاندەك، ئىككى رەكئەتتە قالدۇرۇلدى، دېدى.

1522 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ الصّلاَةَ أَوّلَ مَا فُرِضَتْ رَكْعَتَيْنِ. فَأُقِرّتْ صَلاَةُ السّفَرِ وَأُتِمّتْ صَلاَةُ الْحَضَرِ. قَالَ الزّهْرِيّ: فَقُلْتُ لِعُرْوَةَ مَا بَالُ عَائِشَةَ تُتِمّ فِي السّفَرِ؟ قَالَ: إِنّهَا تَأَوّلَتْ كَمَا تَأَوّلَ عُثْمَانُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ ناماز ئەسلىدە ئىككى رەكئەت پەرز قىلىنغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەت قىلىشىدى، تۆت رەكئەت پەرز قىلىندى، سەپەرنىڭ نامىزى تۇنجى قېتىم پەرز قىلىنغاندەك، ئىككى رەكئەتكە قالدۇرۇلدى، دېدى. زۆھرى مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۇرۋەتكە: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئويلىغىنى قانداقتۇ؟ ئۇ نامازنى(سەپەردىمۇ) كامىل، تولۇق ئوقۇيدىكەنغۇ؟ دېسەم، ئۇماڭا: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشەنگەندەك، (ھەر ئىككى خىل ئىش دۇرۇس دەپ)چۈشەنگەن ئوخشايدۇ، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1523 ـ1524 ـ وحدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ و أبُو كُرَيْبٍ و زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ و إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ (قالَ إسْحَقُ: أخْبَرنا. وَقالَ الآخَرُونَ: حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيسَ) عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنِ ابْنِ أبي عَمّارٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بَابَيْهِ، عَنْ يَعْلَى بْنِ أُمَيّةَ، قالَ: قُلْتُ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ: {لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصّلاَةِ إنْ خِفْتُمْ أنْ يَفْتِنَكُمُ الّذِينَ كَفَرُوا} (النساء الآية: 101) فَقَدْ أمِنَ النّاسُ فَقَالَ: عَجِبْتُ مّا عَجِبْتَ مِنْهُ. فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ. فَقالَ: «صَدَقَةٌ تَصَدّقَ الله بِهَا عَلَيْكُمْ. فَاقْبَلُوا صَدَقَتَهُ».

يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەققەتەن **الله** تائالا؛

« سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەققەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىۋىتىشتىن يانمايدۇ)». دەپتۇ،(سۈرە نىسا 101 ـ ئايەت) ھازىر كىشىلەر ئەمىن خاتىرجەم بولدى ،(ئۇنداق بولغانىكەن قەسر قىلمىسمۇ بۇلىدىغۇ؟) دەپ سورىسام، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن ھەيران قالغان نەرسىدىن مەنمۇ ھەيران قېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ **الله** تائالانىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقىسىدۇر، **الله** نىڭ سەدىقىسىنى قۇبۇل قىلىڭلار دىگەن، دىدى.

1525 ـ حدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ أبُو الرّبِيعِ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قالَ يَحْيَى: أخْبَرنا. وَقالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا أبُو عَوَانَةَ) عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأخْنَسِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: إنّ فَرَضَ اللّهُ الصّلاَةَ عَلَى لِسَانِ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم فِي الْحَضَرِ أرْبَعاً، وَفِي السّفَرِ رَكْعَتَيْنِ، وَفِي الْخَوْفِ رَكْعَةً.

1526 ـ وحدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. جَمِيعاً عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مَالِكٍ. قالَ عَمْرٌو: حَدّثنَا قاسِمُ بْنُ مَالِكٍ الْمُزَنِيّ حَدّثَنَا أيّوبُ بْنُ عَائِذٍ الطّائِيّ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأخْنَسِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: إنّ الله فَرَضَ الصّلاَةَ عَلَى لِسَانِ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم. عَلَى الْمُسَافِرِ رَكْعَتَيْنِ، وَعَلَى الْمُقِيمِ أرْبَعاً، وَفِي الْخَوْفِ رَكْعَةً.

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: **الله** تائالا نامازنى ، پەيغەمبىرىڭلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منىڭ تىلى بىلەن،مۇقىم تۇرغاندا تۆت رەكئەت،سەپەرقىلغاندا ئىككى رەكئەت،قورقۇنجى ھالەتتە بىر رەكئەتلا پەرز قىلدى، دىدى

1527 ـ1528 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. قالَ سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ مُوسَى بْنِ سَلَمَةَ الْهُذَلِيّ قالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ: كَيْفَ أُصَلّي إذَا كُنْتُ بِمَكّةَ، إذَا لَمْ أُصَلّ مَعَ الإمَامِ، فَقالَ: رَكْعَتَيْنِ. سُنّةَ أبي الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم.

مۇسا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ مەن مەككىدىكى چاغدا ئىمام بىلەن بىللە ناماز ئۇقىمىغان ۋاقىتلاردا قانداق ناماز ئۇقۇيمەن؟دەپ سورىسام، ئۇ؛ ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بۇيىچە ئىككى رەكئەت ئۇقۇيسەن دىدى.(مۇساپىر، مۇقىم تۇرغان ئىمام بىلەن تۆت رەكئەت ئۇقىشىدۇ)

1529 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا عِيسَى بْنُ حَفْصِ بْنِ عَاصِمِ بْنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ عَنْ أبِيهِ قالَ: صَحِبْتُ ابْنَ عُمَرَ فِي طَرِيقِ مَكّةَ. قالَ فَصَلّى لَنَا الظّهْرَ رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ أقْبَلَ وَأقْبَلْنَا مَعَهُ. حَتّى جَاءَ رَحْلَهُ. وَجَلَسَ وَجَلَسْنَا مَعَهُ. فَحَانَتْ مِنْهُ الْتِفَاتَةٌ نَحْوَ حَيْثُ صَلّى. فَرَأَى نَاساً قِيَاماً. فَقالَ: مَا يَصْنَعُ هَؤُلاءِ؟ قُلْتُ: يُسَبّحُونَ. قالَ: لَوْ كُنْتُ مُسَبّحاً لأَتْمَمْتُ صَلاَتِي. يَا ابْنَ أخِي إنّي صَحِبْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي السّفَرِ. فَلَمْ يَزِدْ عَلَى رَكْعَتَيْنِ حَتّى قَبَضَهُ الله. وَصَحِبْتُ أبَا بَكْرٍ فَلَمْ يَزِدْ عَلَى رَكْعَتَيْنِ حَتّى قَبَضَهُ الله. وَصَحِبْتُ عُمَرَ فَلَمْ يَزِدْ عَلَى رَكْعَتَيْنِ حَتّى قَبَضَهُ الله. ثُمّ صَحِبْتُ عُثْمَانَ فَلَمْ يَزِدْ عَلَى رَكْعَتَيْنِ حَتّى قَبَضَهُ الله. وَقَدْ قالَ الله: {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ} (الأحزاب الآية: 21).

**1530 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حدّثنا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ) عَنْ عُمَرَ بْنِ مُحَمّدٍ عَنْ حَفْصِ بْنِ عَاصِمٍ قالَ: مَرِضْتُ مَرَضاً. فَجَاءَ ابْنُ عُمَرَ يَعُودُنِي. قالَ: وَسَأَلْتُهُ عَنِ السّبْحَةِ فِي السّفَرِ؟ فَقالَ: صَحِبْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي السّفَرِ. فَمَا رَأَيْتُهُ يُسَبّحُ. وَلَوْ كُنْتُ مُسَبّحاً لأَتْمَمْتُ. وَقَدْ قالَ اللّهُ تَعَالَى: {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ إِسْوَةٌ حَسَنَةٌ} (الأحزاب الآية: 21).**

ھەپسى ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككە يولدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ھەمراھ بولغان ئىدىم، ئۇ بىزگە پېشىننى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بىرىپلا ، ئاندىن ئۇلىغىنىڭ قېشىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا كىشىلەرنىڭ يەنە ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ:ئاۋۇ كىشىلەر نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دىدى. مەن : ئۇلار سۈننەت ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، دىسەم. ئۇ: ئەگەر مەن سۈننەت، نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان بولسام، نامىزىمنى قەسىر قىلماي، كامىل ،تولۇق ئوقۇيتتۇم ، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەپەردە ھەمراھ بولغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقانغا قەدەر سەپەردە ئىككى رەكئەتتىن ئارتۇق ناماز ئوقۇمايتتى، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇنداق قىلاتتى، **الله** تائالا؛ «ھەقىقەتەن سىلەرگە **الله** نىڭ ئەلچىسىدە ياخشى ئۆلگىلەر باردۇر...»دېگەن دىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**1531 ـ حدّثنا خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ). ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ. كِلاَهُمَا عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي قِلاَبَةَ عَنْ أَنَسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّى الظّهْرَ بِالْمَدِينَةِ أَرْبَعاً. وَصَلّى الْعَصْرَ بِذِي الْحُلَيْفَةِ رَكْعَتَيْنِ.**

**1532 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُنْكَدِرِ وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ مَيْسَرَةَ. سَمِعَا أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الظّهْرَ بِالْمَدِينَةِ أَرْبَعاً. وَصَلّيْتُ مَعَهُ الْعَصْرَ بِذِي الْحُلَيْفَةِ رَكْعَتَيْنِ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى مەدىنىدە تۆت رەكئەت ئوقۇپ، (ئاندىن سەپەر قىلىپ) ئەسرنى زىلھۇلەيپتە ئىككى رەكئەت ئوقۇدى. مەنمۇ بىللە ئوقۇغان ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم.

**1533 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. كِلاَهُمَا عَنْ غُنْدَرٍ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ يَزِيدَ الْهُنَائِيّ قالَ: سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ عَنْ قَصْرِ الصّلاَةِ؟ فَقالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا خَرَجَ، مَسِيرَةَ ثَلاَثَةِ أَمْيَالٍ أَوْ ثَلاَثَةِ فَرَاسِخَ (شُعْبَةُ الشّاكّ) صَلّى رَكْعَتَيْنِ.**

يەھيا رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ نامازنى قەسىر قىلىدىغان مۇساپىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا سورسام، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ مىيل ياكى ئۈچ پەرسەخ مىقدارىچىلىك سەپەرگە چىقسا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى دىدى.بىر مىيل؛ 1609 مېترئەتراپىدا.

**1534 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ مَهْدِيَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ خُمَيْرٍ، عَنْ حَبِيبِ بْنِ عُبَيْدٍ، عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ قالَ: خَرَجْتُ مَعَ شُرَحْبِيلَ بْنِ السّمْطِ إِلَى قَرْيَةٍ، عَلَى رَأْسِ سَبْعَةَ عَشَرَ أَوْ ثَمَانِيَةَ عَشَرَ مِيلاً. فَصلّى رَكْعَتَيْنِ. فَقُلْتُ لَهُ. فَقالَ: رَأَيْتُ عُمَرَ صَلّى بِذِي الْخلَيْفَةِ رَكْعَتَيْنِ. فَقُلْتُ لَهُ. فَقالَ: إِنّمَا أَفْعَلُ كَمَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَفْعَلُ.**

**1535 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقالَ: عَنِ ابْنِ السّمْطِ. وَلَمْ يُسَمّ شُرَحْبِيلَ. وَقالَ: إِنّهُ أَتَى أَرْضاً يُقَالُ لَهَا دُومِينَ مِنْ حِمصَ. عَلَى رَأْسِ ثَمَانِيَةَ عَشَرَ مِيلاً.**

شۇرەھبىيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆزى تۇرغان جايدىن 18 مىيل مىقدارىچىلىك يىراقتىكى دۇمىين دىيىلىدىغان شەھەرگە سەپەر قىلىپ كىلىپ، نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ۋە مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم دېدى.ئايەت __ھەدىسنىڭ زاھىرىنىلا ئالىدىغان زاھىرى ئەھلى بولغانلار؛ ئۇزۇن ـ قىسقا ھەرقانداق سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىپ ئىككى رەكئەت ئوقۇش دۇرۇس دەيدۇ. جەمھۇر ئالىملار؛ ناماز ئىككى قۇنالغۇلۇق، ئىككى كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەردە قەسىر قىلىنىدۇ دەيدۇ. ئەبۇھەنىيپە ۋە بىر تائىپە ئالىملار؛ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەردە (يەنى 80، 90 كىلو مېتىرلىق سەپەردە)قەسىر قىلىنىدۇ دەيدۇ، بۇئۈچ كۈنلۈك سەپەر پىيادە ياكى ئۇلاغلىق، ياكى يەلكەنلىك كىمىدە قىلىنىدۇ، نامازنى قەسىر قىلىش ئۆز شەھىرىنىڭ بىنالىرىدىن ، ئۆز قەۋمىنىڭ چېدىر ـ ئۆيلىرىدىن ئايرىلغان ھامانلا باشلىنىدۇ، بارغان جايدا ئون كۈندىن ياكى ھەنىيپىييەدە 15كۈندىن ياكى 19 كۈندىن ياكى شاپىئىييە،مالىكىيە، ئەھمەدىيىەدە تۆت كۈندىن ئاز مىقداردا تۇرسا، نامازنى قەسىر قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، نامازنى كامىل تۆت رەكئەت تولۇق ئوقۇيدۇ دىيىلدى.شوپۇرلار، پويىز، ئايروپىلان خادىملىرىمۇ نامازنى قەسىر قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، بۇنى پىقھى كىتاپلىرىدىن، پەتىۋالاردىن تەپسىلى كۆرۈڭلار.

**1536 –1537 –1538 – 1539 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ يَحْيَى بْنِ أبي إسْحَقَ، عَنْ أنَسِ ابْنِ مَالِكٍ قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْمَدِينَةِ إلَى مَكّةَ. فَصَلّى رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ. حَتّى رَجَعَ قُلْتُ: كَمْ أقَامَ بِمَكّةَ؟ قَالَ: عَشْرَاً.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە چىقتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭغا: مەككىدە نەچچە كۈن تۇرغان ئىدىڭلار؟ دىيىلدى ، ئۇ: بىز مەككىدە ئون كۈن تۇرغان ئىدۇق دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرقېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىپ، (سەپەر قىلغان جايدا) 19 كۈن تۇرۇپمۇ، ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇغان ئىدى، بىز مەككىگە قىلغان سەپىرىمىزدە 19 كۈن تۇرۇپ قالساق ، (قەسىر قىلىپ ) ئىككى رەكئەتتىن ، ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇيتتۇق، 19 كۈندىن كۆپرەك تۇرۇپ قالساق، تۆت رەكئەت كامىل ئوقۇيتتۇق. بۇخارى.

## 280 ـ *باب قصر الصلاة بمنى* رەسۇلۇللاھ نىڭ مىنا تېغىدا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا

1540 ـ1541 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِث) عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ صَلّى صَلاَةَ الْمُسَافِرِ، بِمِنًى وَغَيْرِهِا، رَكْعَتَيْنِ. وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ. وَعُثْمَانُ رَكْعَتَيْنِ، صَدْراً مِنْ خِلاَفَتِهِ، ثُمّ أَتَمّهَا أَرْبَعاً.

1542 ـ1543 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ. وَأَبُو بَكْرٍ بَعْدَهُ. وَعُمَرُ بَعْدَ أَبِي بَكْرٍ. وَعُثْمَانُ صَدْراً مِنْ خِلاَفَتِهِ. ثُمّ إِنّ عُثْمَانَ صَلّى بَعْدُ أَرْبَعاً. فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا صَلّى مَعَ الإِمَامِ صَلّى أَرْبَعاً. وَإِذَا صَلاّهَا وَحْدَهُ صَلّى رَكْعَتَيْنِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىناتېغىدا ۋە باشقا سەپەرلىرىدە(نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيە للاھۇ ئەنھۇمالارمۇ شۇنداق ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە مىناتېغىدا (نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇپ، ئاندىن كېيىنكى مەزگىلدە تۆت رەكئەت تولۇق ئوقۇدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىناتېغىدا ئىمام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ قالسا، تۆت رەكئەت تولۇق ئوقۇيتتى، ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ قالسا، ئىككى رەكئەتلا ئوقۇيتتى. بۇخارى،مۇسلىم،

1544 ـ1545 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ. سَمِعَ حَفْصَ بْنَ عَاصِمٍ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: صَلّى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِنًى صَلاَةَ الْمُسَافِرِ. وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ. وَعُثْمَانُ ثَمَانِي سِنِينَ. أَوْ قَالَ سِتّ سِنِينَ. قَالَ حَفْصٌ: وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يُصَلّي بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ يَأْتِي فِرَاشَهُ. فَقُلْتُ: أَيْ عَمّ لَوْ صليت بَعْدَهَا رَكْعَتَيْنِ قَالَ: لَوْ فَعَلْتُ لأَتْمَمْتُ الصّلاَةَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىناتېغىدا (ۋە باشقا سەپەرلىرىدە نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇغان ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيە للاھۇ ئەنھۇمالارمۇ شۇنداق ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باش تەرەپلىرىدە سەككىز ياكى ئالتە يىل مىناتېغىدا (نامازنى قەسىر قىلىپ) ئىككى رەكئەت ئوقۇدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مىنا تېغىدا ئىككى رەكئەت ئوقۇپ ، ئاندىن كۆرپىسىگە كېلىپ ياتتى، مەن؛ ئى تاغا!ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان بولسىلا دېسەم، ئۇ؛ ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسام، يەنى سۈننەت ياكى نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە پەرز نامازنى كامىل ئوقۇغان بولاتتىم دېدى.

1546 ـ1547 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا عَبْدُ الوَاحِدِ عَنِ الأَعْمَش. حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ يَقُولُ: صَلّى بِنَا عُثْمَانُ بِمِنًى أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ. فَقِيلَ ذَلِكَ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ. فَاسْتَرْجَعَ. ثُمّ قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ. وَصَلّيْتُ مَعَ أَبِي بَكْرٍ الصّدّيق بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ. وَصَلّيْتُ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ بِمِنًى رَكْعَتَيْنِ. فَلَيْتَ حَظّي مِنْ أَرْبَعِ رَكَعَاتٍ، رَكْعَتَانِ مُتَقَبّلَتَانِ.

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنا تېغىدا بىزگە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. بۇئىش ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەۋەر قىلىنىۋىدى، ئۇ «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» دەپ ئىسترجا قىلىۋېتىپ؛ مەن مىنا تېغىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىككى

رەكئەت ناماز ئۇقۇغان ئىدم، ئۇنىڭدىن كيىن ئەبۇبەكرى، ئۇنىڭدىن كيىن ئۆمەر رەزيىە للاھۇ ئەنھۇملار بىلەنمۇ شۇنداق ئۇقۇدۇم، كاشكى بۇتۆت رەكئەت نامازدىن قوبۇل بولغان ئىككى رەكئەت ناماز نىسۋەم بولغان بولسا ھە!دېدى.

**1548 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ (قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ) عَنْ أَبي إِسْحَقَ، عَنْ حَارِثَةَ بْنِ وَهْبٍ، قالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِنًى، آمَنَ مَا كَانَ النّاسُ وَأَكْثَرَهُ رَكْعَتَيْنِ.**
**1549 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا أَبُو إِسْحَقَ. حَدّثَنِي حَارِثَةُ بْنُ وَهْبٍ الْخُزَاعِيّ قالَ: صَلّيْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِنًى، والنّاسُ أَكْثَرُ مَا كَانُوا، فَصَلّى رَكْعَتَيْنِ فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ.**
**(قالَ مُسْلِمٌ): حَارِثَةُ بْنُ وَهْبٍ الْخُزَاعِيّ، هُوَ أَخُو عُبَيْدِ اللّهِ بن عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ، لأُمّهِ.**

ھارىس رەزيىەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە، بىز ئەڭ كۆپ ، ئەڭ ئەمىن خاتىرجەم ھالەتتىمۇ، ھەججەتۇلۋىدادا مىناتېغىدا (تۆت رەكئەتلىك نامازنى قەسىر قىلىپ)ئىككى رەكئەت ئۇقۇپ بەرگەن ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 281 – *باب الصلاة في الرحال في المطر* يامغۇر يېغىپ كەتكەندە نامازنى ئۆيدە ئۇقۇش توغرىسىدا

**1550 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ أَنّ ابْنَ عُمَرَ أَذّنَ بِالصّلاَةِ فِي لَيْلَةٍ ذَاتِ بَرْدٍ وَرِيحٍ. فَقالَ: أَلاَ صَلّوا فِي الرّحَالِ. ثُمّ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْمُرُ الْمُؤَذّنَ، إِذَا كَانَتْ لَيْلَةٌ بَارِدَةٌ ذَاتُ مَطَرٍ، يَقُولُ: أَلاَ صَلّوا فِي الرّحَالِ.**
**1551 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ. حَدّثَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّهُ نَادَى بِالصّلاَةِ فِي لَيْلَةٍ ذَاتِ بَرْدٍ وَرِيحٍ وَمَطَرٍ. فَقالَ فِي آخِرِ نِدَائِهِ: أَلاَ صَلّوا فِي رِحَالِكُمْ. أَلاَ صَلّوا فِي الرّحَالِ. ثُمّ قالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَأْمُرُ الْمُؤَذّنَ، إِذَا كَانَتْ لَيْلَةٌ بَارِدَةٌ أَوْ ذَاتُ مَطَرٍ، فِي السّفَرِ، أَنْ يَقُولَ: أَلاَ صَلّوا فِي رِحَالِكُمْ.**
**1552 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّهُ نَادَى بِالصّلاَةِ بِضَجْنَانَ ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِهِ، وَقالَ: أَلاَ صَلّوا فِي رِحَالِكُمْ. وَلَمْ يُعِدْ، ثَانِيَةَ: أَلاَ صَلّوا فِي الرّحَالِ، مِنْ قَوْلِ ابْنِ عَمَرَ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزيىەللاھۇ ئەنھۇ، شامال چىقىۋاتقان سوغۇق بىر كېچىدە، نامازغا ئەزان توۋلاپ بولۇپ، مۇنداق نىدا قىلدى؛ ئاگاھ بولۇڭلار! نامازنى ئۆز ئۆيىڭلاردا ئۇقۇڭلار!، ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق، يامغۇرلۇق كېچە بولۇپ قالغان چاغلاردا ، مۇئەززىننى « ئاگاھ بولۇڭلار! نامازنى ئۆز ئۆيىڭلاردا ئۇقۇڭلار!،» دېيىشكە بۇيرىيتتى، دېدى.بۇخارى، مۇسلىم.

**1553 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ قالَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ قالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ. فَمُطِرْنَا. فَقالَ: «لِيُصَلّ مَنْ شَاءَ مِنْكُمْ فِي رَحْلِهِ».**

جابىر رەزيىەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ سىلەردىن خالىغان كىشى ئۆز جايىدىلا، ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدىكى ئىگەر ـ ئۇچۇلۇقلاردىلا ناماز ئۇقىۋەرسۇن دېدى.

**1554 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ عَبْدِ الْحَمِيدِ صَاحِبِ الزّيَادِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ قالَ، لِمُؤَذّنِهِ فِي يَوْمٍ مَطِيرٍ: إِذَا قُلْتَ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ الله أَشْهَدُ أَنّ مُحَمّداً رَسُولُ اللّهِ، فَلاَ تَقُلْ: حَيّ عَلَى الصّلاَةِ. قُلْ: صَلّوا فِي بُيُوتِكُمْ. قالَ: فَكَأَنّ النّاسَ اسْتَنْكَرُوا ذَاكَ. فَقالَ: أَتَعْجَبُونَ مِنْ ذَا؟ قَدْ فَعَلَ ذَا مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنّي. إِنّ الْجُمُعَةَ عَزْمَةٌ. وَإِنّي كَرِهْتُ أَنْ أُحْرِجَكُمْ فَتَمْشُوا فِي الطّينِ وَالدّحْضِ.**

**1555 ـ1556 ـ1557 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ) عَنْ عَبْدِ الْحَمِيدِ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ الحَارِثِ قَالَ: خَطَبَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبّاسٍ، فِي يَوْمٍ ذِي رَدْغٍ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ ابْنِ عُلَيّةَ. وَلَمْ يَذْكُرِ الْجُمُعَةَ. وَقَالَ: قَدْ فَعَلَهُ مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنّي. يَعْنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَقَالَ أَبُو كَامِلٍ: حَدّثَنَا حَمّادٌ وعَاصِمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ، بِنَحْوِه.**
**1558 ـ وحدّثناه عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ عَامِرٍ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ. كِلاَهُمَا عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ أَنّ ابْنَ عَبّاس أَمَرَ مُؤَذّنَهُ، فِي حَدِيثِ مَعْمَرٍ، فِي يَوْمِ جُمُعَةٍ فِي يَوْمٍ مَطِيرٍ، بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ. وَذَكَرَ فِي حَدِيثِ مَعْمَرٍ: فَعَلَهُ مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنّي. يَعْنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.**
**1559 ـ وحدّثناه عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا أَحْمَدُ بْنُ إِسْحَقَ الْحَضْرَمِيّ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ (قَالَ وُهَيْبٌ: لَمْ يَسْمَعْهُ مِنْهُ) قَالَ: أَمَرَ ابْنُ عَبّاسٍ مُؤَذّنَهُ فِي يَوْمِ جُمُعَةٍ، فِي يَوْمٍ مَطِيرٍ، بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يامغۇر ياغقان بىر كۈنى مۇئەززىنىگە: سەن **«ئەشھەدۇئەن لائىلاھەئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننەمۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن چېغىڭدا، ھەييەئەلەسسالات يەنى نامازغا كېلىڭلار دېمىگىن، بەلكى سەن؛ نامازنى ئۆز ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار دېگىن دېدى، كىشلەر بۇنى ئىنكار قىلىشىدى، ئۇ؛ سىلەر بۇ سۆزۈمدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ بۇئىشنى (ۋە ئەشۇ سۆزنى)مەندىن ياخشىراق كىشى(يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ)قىلغان ئىدى، جۇمئە پەرزدۇر(مەن بۇنى بىلىمەن)لېكىن مەن سىلەرنى لاي ـ پاتقاقتا ماڭدۇرۇپ، مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشۇمنى ياقتۇرمۇدۇم دېدى.

## 282 ـــــ باب جواز صلاة النافلة على الدابة في السفر حيث توجهت

**سەپەردە نەپلە نامازنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە، ئۇلاغ قاياققا قاراپ قېلىشتىن قەتئىي نەزەر ئوقۇۋېرىشنىڭ دۇرۇسلۇقى**

**1560 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي سُبْحَتَهُ. حَيْثُمَا تَوَجّهَتْ بِهِ نَاقَتُهُ.**
**1561 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي عَلَى رَاحِلَتِهِ حَيْثُ تَوَجّهَتْ بِهِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (سەپەردە نەپلە ناماز ئوقۇسا)، نامازنى ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قېلىشتىن قەتئىي نەزەر،ئىمائـ ئىشارەت قىلىپ ئوقۇۋېرەتتى.

**1562 ـ وحدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ أَبِي سُلَيْمَانَ قَالَ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ جُبَيْرٍ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي، وَهُوَ مُقْبِلٌ مِنْ مَكّةَ إِلَى الْمَدِينَةِ، عَلَى رَاحِلَتِهِ حَيْثُ كَانَ وَجْهُهُ. قَالَ: وَفِيهِ نَزَلَتْ: {فَأَيْنَمَا تُوَلّوا فَثَمّ وَجْهُ الله} (البقرة الآية: 115).**
**1563 ـ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ وَ ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. كُلّهُمْ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُبَارَكٍ وَابْنِ أَبِي زَائِدَةَ: ثُمّ تَلاَ ابْنُ عُمَرَ: فَأَيْنَمَا تُوَلّوا فَثَمّ وَجْهُ اللّهِ. وَقَالَ: فِي هَذَا نَزَلَتْ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ئالدىنى قىلغان ھالدا، ئۇلىغىنىڭ ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇۋېرەتتى، يۈزى قاياققا قاراپ قېلىشتىن قەتئىي ـ نەزەر (نەپلە)نامازنى ئوقۇۋېرەتتى، « مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) اللهنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللهنىڭ

تەرىپى (**الله** نىڭ يۈزى شۇ تەرەپتىدۇر) يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسىدۇر. **الله**(نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، **الله** ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»دېگەن ئايەت مۇشۇ ھەقتە نازىل قىلىنغان ئىدى.

**1564 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ عَمْرو بْنِ يَحْيَى الْمَازِنِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي عَلَى حِمَارٍ، وَهُوَ مُوَجّهٌ إلَى خَيْبَرَ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەيبەر تەرەپكە قارىغان ھالدا، ئېشەكنىڭ ئۈستىدە (نەپلە)ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

**1565 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أبِي بَكْرِ بْنِ عُمَرَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ بنِ الْخَطّابِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ أنّهُ قالَ: كُنْتُ أسِيرُ مَعَ ابْنِ عُمَرَ بِطَرِيقِ مَكّةَ. قالَ سَعِيدٌ: فَلَمّا خَشِيتُ الصّبْحَ نَزَلْتُ فَأوْتَرْتُ. ثُمّ أدْرَكْتُهُ. فَقالَ لِي ابْنُ عُمَرَ: أيْنَ كُنْتَ؟ فَقُلْتُ لَهُ: خَشِيتُ الْفَجْرَ فَنَزَلْتُ فَأوْتَرْتُ. فَقالَ عَبْدُ اللّهِ: ألَيْسَ لَكَ فِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إسْوَةٌ؟ فَقُلْتُ: بَلَى. وَاللّهِ قالَ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُوتِرُ عَلَى الْبَعِيرِ.**

سەئىيد مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مەككە يولىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ماڭغان ئىدىم، مەن سۈبھىنىڭ يورۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلىغىمدىن چۈشۈپ، ۋىتىر نامازىنى ئوقۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يېتىشتىم، ئۇماڭا؛ سەن قەيەرگە كەتتىڭ؟دېدى، مەن ئۇنىڭغا قىلغان ئىشىمنى بايان قىلسام، ئۇماڭا؛ سەن ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ياخشى ئۈلگىلەر يوقمۇ؟ دېدى، مەن؛ ئەلۋەتتە بار دېسەم، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىتىر نامىزىنى ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئوقۇيتتى ،دېدى.

**1566 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّهُ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي عَلَى رَاحِلَتِهِ حَيْثُمَا تَوَجّهَتْ بِهِ. قالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ دِينَارٍ: كَانَ ابْنُ عُمَرَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.**
**1567 ـ وحدّثني عِيسَى بْنُ حَمّادٍ الْمِصْرِيّ. أخْبَرَنَا اللّيْثُ. حَدّثنِي ابْنُ الْهَادِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّهُ قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُوتِرُ عَلَى رَاحِلَتِهِ.**
**1568 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبِيهِ قالَ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُسَبّحُ عَلَى الرّاحِلَةِ قِبَلَ أيّ وَجْهٍ تَوَجّهَ، وَيُوتِرُ عَلَيْهَا. غَيْرَ أنّهُ لا يُصَلّي عَلَيْهَا الْمَكْتُوبَةَ.**
**1569 ـ وَحَدّثنَا عَمْرُ بْنُ سَوّادٍ وَ حَرْمَلَةُ. قالا: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ أخْبَرَهُ أنّ أبَاهُ أخْبَرَهُ أنّهُ رَأى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي السّبْحَةَ بِاللّيْلِ، فِي السّفَرِ، عَلَى ظَهْرِ رَاحِلَتِهِ، حَيْثُ تَوَجّهَتْ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە (نەپلە ناماز ئوقۇسا)، كېچىلىك نامازنى ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قالسىمۇ، ئىما _ئىشارەت قىلىپ ئوقۇغۇرەتتى،(چۈنكى، ئاللاھ ھەممە جايدا ھەممە تەرەپتە بار، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق). پەرز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قادىر بولسىلا پەرز نامازدا قىبلىگە قاراش پەرزدۇر)، ۋىتىر نامىزىنى ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئوقۇيتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،

**1570 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا عَفّانُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا هَمّامٌ حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ سِيرِينَ، قَالَ: تَلَقّيْنَا أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ حِينَ قَدِمَ الشّامَ. فَتَلَقّيْنَاهُ بِعَيْنِ التّمْرِ. فَرَأَيْتُهُ يُصَلّي عَلَى حِمَارٍ وَوَجْهُهُ ذَلِكَ الْجَانِبَ. (وَأَوْمَأَ هَمّامٌ عَنْ يَسَارِ الْقِبْلَةِ) فَقُلْتُ لَهُ: رَأَيْتُكَ تُصَلّي لِغَيْرِ الْقِبْلَةِ. قَالَ: لَوْلاَ أَنّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَفْعَلُهُ، لَمْ أَفْعَلْهُ.**

ئەنەس ئىبنى سىرىين مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام دىيارىغا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەينۇتتەمر دېگەن جايدا ئۇچراشتۇق، مەن ئۇنىڭ ئىشەكنىڭ ئۈستىدە (نەپلە)ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ يۈزى ئەشۇتەرەپكە يەنى قىبلىنىڭ سول تەرىپىگە قاراقلىق ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا؛ مەن سىنىڭ قىبلىنىڭ غەيرىگە قاراپ ناماز ئۇقۇۋاتقانلىقىڭنى كۆردۈمغۇ؟دېسەم، ئۇماڭا؛ ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولسام، شۇنداق قىلمايتتىم دېدى.

## 283 ـ باب جواز الجمع بين الصلاتين في السفر سەپەردە ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىنى جۇپلەپ ئۇقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى

**1571 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا عَجِلَ بِهِ السّيْرُ، جَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ.**
**1572 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. قَالَ أَخْبَرَنِي نَافِعٌ أَنّ ابْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا جَدّ بِهِ السّيْرُ، جَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ، بَعْدَ أَنْ يَغِيبَ الشّفَقُ. وَيَقُولُ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا جَدّ بِهِ السّيْرُ، جَمَعَ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ.**
**1573 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ عَمْرٌو: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَجْمَعُ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ، إِذَا جَدّ بِهِ السّيْرُ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سەپەردە سەيرە قىلىپ مېڭىش ئالدىرتىۋەتسە، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۇپلەپ ئوقۇيتتى.

**1574 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَنّ أَبَاهُ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا أَعْجَلَهُ السّيْرُ فِي السّفَرِ، يُؤَخّرُ صَلاَةَ الْمَغْرِبِ حَتّى يَجْمَعَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ صَلاَةِ الْعِشَاءِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، سەپەردە سەيرە قىلىپ مېڭىش ئالدىرتىۋەتسە، شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ،شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۇپلەپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

**1575 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُفَضّلُ (يَعْنِي ابْنَ فَضَالَةَ) عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا ارْتَحَلَ قَبْلَ أَنْ تَزِيغَ الشّمْسُ، أَخّرَ الظّهْرَ إِلَى أَن يدخل وَقْتِ الْعَصْرِ. ثُمّ نَزَلَ فَجَمَعَ بَيْنَهُمَا. فَإِنْ زَالَتِ الشّمْسُ قَبْلَ أَنْ يَرْتَحِلَ، صَلّى الظّهْرَ ثُمّ رَكِبَ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قەرىلىشتىن بۇرۇن يولغا چىقىپ قالسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگىچە كېچىكتۈرۈپ، ئاندىن يول بۇيىدا چۈشۈپ، بۇئىككى نامازنىڭ ئارلىقىنى جۇپلەپ ئۇقۇيتتى، ئەگەر يولغا چىقىشتىن بۇرۇن كۈن قەرىلىپ قالسا، پېشىننى ئۇقۇۋېلىپ، ئاندىن يولغا چىقاتتى.

**1576 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا شَبَابَةُ بْنُ سَوّارٍ الْمَدَايِنِيّ. حَدّثَنَا لَيْثُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ عُقَيْلِ ابْنِ خَالِدٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، إِذَا أَرَادَ أَنْ يَجْمَعَ بَيْنَ الصّلاَتَيْنِ فِي السّفَرِ، أَخّرَ الظّهْرَ حَتّى يَدْخُلَ أَوّلُ وَقْتِ الْعَصْرِ. ثُمّ يَجْمَعُ بَيْنَهُمَا.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئىككى نامازنىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئۇقۇشنى ئىرادە قىلسا، پېشىننى ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگىچە كېچىكتۈرۈپ، ئاندىن يول بويىدا چۈشۈپ، بۇئىككى نامازنىڭ ئارلىقىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى،(شام ـ خۇپتەنىمۇ شۇنداق ئەلۋەتتە)

1577 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ. قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ حَدّثَنَا جَابِرُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: إِذَا عَجِلَ عَلَيْهِ السّفَرُ، يُؤَخّرُ الظّهْرَ إِلَىَ أَوّلِ وَقْتِ الْعَصْرِ. فَيَجْمَعُ بَيْنَهُمَا. وَيُؤَخّرُ الْمَغْرِبَ حَتّى يَجْمَعَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ الْعِشَاءِ، حِينَ يَغِيبُ الشّفَقُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە ئالدىراپ قالسا، سەپەردە سەيرە قىلىپ مېڭىش ئالدىرتىۋەتسە، پېشىننى ئەسىرنىڭ تۇنجى ۋاقتى كىرگەنگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ، ئاندىن بۇئىككى نامازنىڭ ئارلىقنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى، شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ، شەپەق(يەنى كۈن كىرىپ بولغاندىكى قىزىللىق)غائىپ بولغاندا شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە بولغاندا (يەنى سەپەر قىلغاندا)، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئەھمەد، بۇخارى.

## 284 ـــ باب الجمع بين الصلاتين في الحضر

## سەپەردىلا ئەمەس، بەلكى مۇقۇم تۇرغاندىمۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقنى جۈپلەپ ئۇقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى

1578 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الظّهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعاً. وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ جَمِيعاً. فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلاَ سَفَرٍ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ بىر خەۋپسىز، شۇنداقلا سەپەر قىلماستىن بەلكى مۇقۇم تۇرغاندىمۇ، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئۇقۇغان.

1579 ـ وحدّثنا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ وَ عَوْنُ بْنُ سَلاّمٍ. جَمِيعاً عَنْ زُهَيْرٍ. قَالَ ابْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الظّهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعاً بِالْمَدِينَةِ. فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلاَ سَفَرٍ. قَالَ أَبُو الزّبَيْرِ: فَسَأَلْتُ سَعِيداً: لِمَ فَعَلَ ذَلِكَ؟ فَقَالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ كَمَا سَأَلْتَنِي. فَقَالَ: أَرَادَ أَنْ لاَ يُحْرِجَ أَحَداً مِنْ أُمّتِهِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ھېچ بىر خەۋپسىز، شۇنداقلا سەپەر قىلماستىن بەلكى مۇقۇم تۇرغاندىمۇ، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ (شام بىلەن خۇپتەننىڭ) ئارىسىنى جۈپلەپ ئۇقۇغان.بۇنىڭدىن، ئۇممىتىدىن بىرەر كىشىگە ھەرەج ـ مۇشەققەت سېلىپ قويماسلىقنى ئىرادە قىلغاندۇر.

1580 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ). حَدّثَنَا قُرّةُ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ جُبَيْرٍ. حَدّثَنَا ابْنُ عَبّاسٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَمَعَ بَيْنَ الصّلاَةِ فِي سَفْرَةٍ سَافَرَهَا، فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ. جَمَعَ بَيْنَ الظّهْرِ وَالْعَصْرِ. وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ. قَالَ سَعِيدٌ: فَقُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: مَا حَمَلَهُ عَلَى ذَلِكَ؟ قَالَ: أَرَادَ أَنْ لاَ يُحْرِجَ أُمّتَهُ.

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەببۇك ئۇرۇشىغا قىلغان سەپىرىدە پىشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇغان ئىدى.بۇنىڭدىن مەقسەد، ئۇممىتىگە ھەرەج ـ مۇشەققەت سېلىپ قويماسلىقنى ئىرادە قىلغاندۇر.

**1581 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرِ بْنِ زَيْدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ثَمَانِياً جَمِيعاً. وَسَبْعاً جَمِيعاً.  قُلْتُ: يَا أَبَا الشّعْثَاءِ أَظُنّهُ أَخّرَ الظّهْرَ وَعَجّلَ الْعَصْرَ. وَأَخّرَ الْمَغْرِبَ وَعَجّلَ الْعِشَاءَ. قَالَ: وَأَنَا أَظُنّ ذَلِكَ.**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، پىشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ، سەككىز رەكئەت قىلىپ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ،يەتتە رەكئەت قىلىپ ناماز ئوقۇغان ئىدىم،دېدى. راۋىيلار پىشىننى كېچىكتۈرۈپ، ئەسىرنى بۇرۇنراق، شامنى كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەننى بۇرۇنراق ئوقۇغانلىقىنى گۇمان قىلىشتى، (بۇ يۇقىردا ئۇچۇق قىلىپ بايان قىلىندى)

**1582 ـ وحدّثنا أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ زَيْدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّى بِالْمَدِينَةِ سَبْعاً، وَثَمَانِياً. الظّهْرَ وَالْعَصْرَ. وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە (ھېچ بىر خەۋپسىز، شۇنداقلا سەپەر قىلماستىن بەلكى مۇقىم تۇرغاندىمۇ)، پىشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ، سەككىز رەكئەت قىلىپ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ،يەتتە رەكئەت قىلىپ ئوقۇغان.

**1583 ـ وحدّثني  أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنِ الزّبَيْرِ بْنِ الْخِرّيتِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَقِيقٍ، قَالَ: خَطَبَنَا ابْنُ عَبّاسٍ يَوْماً بَعْدَ الْعَصْرِ حَتّى غَرَبَتِ الشّمْسُ وَبَدَتِ النّجُومُ. وَجَعَلَ النّاسُ يَقُولُونَ: الصّلاَةَ. الصّلاَةَ. قَالَ فَجَاءَهُ رَجُلٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ، لاَ يَفْتُرُ وَلاَ يَنْثَنِي: الصّلاَةَ. الصّلاَةَ. فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: أَتُعَلّمُنِي بِالسّنّةِ؟ لاَ أُمّ لَكَ ثُمّ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَمَعَ بَيْنَ الظّهْرِ وَالْعَصْرِ، وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ.  قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ شَقِيقٍ:  فَحَاكَ فِي صَدْرِي مِنْ ذَلِكَ شَيْءٌ. فَأَتَيْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ، فَسَأَلْتُهُ، فَصَدّقَ مَقَالَتَهُ.**

ئابدۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىركۈنى بىزگە، ئەسىردىن كىيىن كۈن كىرىپ، يۇلتۇزلار ئاشكارا بولۇپ قالغىچە خۇتبە سۆزلىدى، كىشلەر ناماز! ناماز!! دىيىشىپ كەتتى، ئاندىن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن ئەمىلدە ئاجىز كەلمەيدىغان، ھېرىپ ـ چارچىمايدىغان،كەمچىللىك،سەھۋەنلىك سادىر قىلىشنى قەتئى خالىمايدىغان بىركىشى كېلىپ؛ نامازنى ئوقۇۋالساق بولاتتى دېدى، ئاندىن ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھوي! ئانىسىزكىشى!سەن تېخى ماڭا سۈننەتنى(نامازئوقۇشنى) ئۆگۈتەمسەن؟مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پىشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، دېدى. ئۇنىڭ بۇ ھەدىسىنى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تەستىقلىدى.

**1584 ـ وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا عِمْرَانُ بْنُ حُدَيْرٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ شَقِيقٍ الْعُقَيْلِيّ قَالَ: قَالَ رَجُلٌ  لاِبْنِ عَبّاسٍ: الصّلاَةَ. فَسَكَتَ. ثُمّ قَالَ: الصّلاَةَ. فَسَكَتَ. ثُمّ قَالَ: الصّلاَةَ. فَسَكَتَ. ثُمّ قَالَ: لاَ أُمّ لَكَ أَتُعَلّمُنَا بِالصّلاَةِ؟ وَكُنّا نَجْمَعُ بَيْنَ الصّلاَتَيْنِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

بىر كىشى سەپەردە ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ناماز!دېدى، ئۇ سۆز قىلماي جىم تۇرغان ھالدا مېڭىۋەردى، ئۈچىنچى قېتىم ناماز ئوقۇۋالساق بولاتتى دېدى، ئاندىن ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھوي! ئانىسى يوق كىشى!سەن تېخى ماڭا نامازئوقۇشنى ئۆگەتمەسەن؟بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا (سەپەر قىلغاندا) ئىككى نامازنىڭ ئارلىقنى جۈپلەپ ئوقۇيتتۇق دېدى.

**1585 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ أَبِي الطّفَيْلِ عَامِرٍ عَنْ مُعَاذٍ. قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ. فَكَانَ يُصَلّي الظّهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعاً. وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ جَمِيعاً.**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەبۇك ئۇرۇشىغا چىققان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسنى جۈپلەپ ئوقۇغان ئىدى.

**1586 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ حَبِيبٍ. حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي ابْنَ الْحَارِثِ) حَدّثَنَا قُرّةُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ. عَنْ عَمْرِو بْنِ وَاثِلَةَ أَبُو الطّفَيْلِ. عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ. قَالَ: جَمَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ بَيْنَ الظّهْرِ وَالْعَصْرِ. وَبَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ. قَالَ فَقُلْتُ: مَا حَمَلَهُ عَلَىَ ذَلِكَ؟ قَالَ فَقَالَ: أَرَادَ أَنْ لاَ يُحْرِجَ أُمّتَهُ.**

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك ئۇرۇشىغا قىلغان سەپىرىدە پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسنى جۈپلەپ ئوقۇغان ئىدى.بۇنىڭدىن مەقسەد، ئۇممىتىگە ھەرەج ـ مۇشەققەت سېلىپ قويماسلىقنى ئىرادە قىلغاندۇر.

**1587 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ. وَأَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ (وَاللّفْظُ لاِءَبِي كُرَيْبٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ حَبِيبِ بْنِ أَبِي ثَابِتٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، قَالَ: جَمَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ الظّهْرِ وَالْعَصْرِ، وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ، بِالْمَدِينَةِ، فِي غَيْرِ خَوْفٍ وَلاَ مَطَرٍ.**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى چاغدا، ھېچ بىر خەۋپسىز، يامغۇرمۇ ياغماستىن،(شۇنداقلا سەپەر قىلماستىن بەلكى مۇقىم تۇرغاندىمۇ)، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسنى جۈپلەپ ئوقۇغان.

## 285 ـ باب جواز الانصراف من الصلاة عن اليمين والشمال

## نامازدىن پارىغ بولغاندا ئوڭ ۋە سول تەرىپىچە ئۆرۈلۈپ قايتىشنىڭ دۇرۇسلىقى

**1588 ـ 1589 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عُمَارَةَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: لاَ يَجْعَلَنّ أَحَدُكُمْ لِلشّيْطَانِ مِنْ نَفْسِهِ جُزْءاً، لاَ يَرَى إِلاّ أَنّ حَقّاً عَلَيْهِ، أَنْ لاَ يَنْصَرِفَ إِلاّ عَنْ يَمِينِهِ. أَكْثَرُ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْصَرِفُ عَنْ شِمَالِهِ.**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرىڭلار نامىزىدىن (پارىغ بولغاندا)پەقەت ئوڭ تەرىپىدىن ئۆرۈلۈپ قايتىش ئۈستۈمگە ھەق ۋاجىب دەپ قاراپ، ئۆز نامىزىدىن شەيتانغا بىرەر نىسىۋە قىلىپ بەرمىسۇن. چۈنكى مەن

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپۈنچە نامىزىدىن(پارىغ بولغاندا)سول تەرىپىدىن ئۆرۈلۈپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1590 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنِ السّدّيّ. قَالَ: سَأَلْتُ أَنَساً: كَيْفَ أَنْصَرِفُ إِذَا صَلّيْتُ؟ عَنْ يَمِينِي أَوْ عَنْ يَسَارِي؟ قَالَ: أَمّا أَنَا فَأَكْثَرُ مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْصَرِفُ عَنْ يَمِينِهِ.

سۇددىي مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ نامازنى ئۇقۇپ بولغىنىمدا، ئوڭ تەرىپىمدىن ئۆرۈلۈپ قايتامدىم ؟ياكى سول تەرىپىمدىنمۇ؟دەپ سورىسام، ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆپۈنچە نامىزىدىن(پارىغ بولغاندا)ئوڭ تەرىپىدىن ئۆرۈلۈپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم،دېدى.

1591 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنُ السّدّيّ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَنْصَرِفُ عَنْ يَمِينِهِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى ئوقۇپ بولسا، ئوڭ تەرىپىدىن (ئۆرۈلۈپ) قايتاتتى. (يەنى بابتا دېگەندەك، ھەر ئىككىلىسى دۇرۇستۇر)

## 286 ـــــ باب استحباب يمين الإمام ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى توغرىسىدا

1592 ـ1593 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ ثَابِتِ بْنِ عُبَيْدٍ، عَنِ ابْنِ الْبَرَاءِ، عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ: كُنّا إِذَا صَلّيْنَا خَلْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَحْبَبْنَا أَنْ نَكُونَ عَنْ يَمِينِهِ، يُقْبِلُ عَلَيْنَا بِوَجْهِهِ. قَالَ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ: «رَبّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ (أَوْ تَجْمَعُ) عِبَادَكَ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقدىگەن:قۇرئاننى يادىلاش، تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇپ،ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، جېنىم قول ئىلىكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە قۇرئان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن تۆگە باغلاقتىن قاچقاندىنمۇ بەكرەك قاچىدۇ.ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،

## 312 ــ *باب استحباب تحسين الصوت بالقرآن* قۇرئاننى گۈزەل ئاۋازى بىلەن مۇڭلۇق ئوقۇش توغرىسىدا

**1795 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا أَذِنَ الله لِشَيْءٍ، مَا أَذِنَ لِنَبِيَ يَتَغَنّى بِالْقُرْآنِ».**
**1796 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ. ح وَحَدّثَنِي يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، بِهَذَا الإِسْنَادِ قالَ «كَمَا يَأْذَنُ لِنَبِيَ يَتَغَنّى بِالْقُرْآنِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنىڭ، قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك ئوقۇغىنىغا قۇلاق سالغاندەك، ھىچ نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ.(پەقەت مۇڭلۇق ئوقۇلغان قۇرئانغا قۇلاق سىلىپ ئاڭلايدۇ) بۇخارى،مۇسلىم. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئدى، ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىسا ياكى باشقا نەرسىدىن، باشقا قانۇن تۈزۈم، پىرىنسىپ، ئىدىيە ــ ئەخلاق، ھەر جەھەتتىن قۇرئان بىلەنلا بىھاجەت بولمىسا، ياكى قۇرئاننى ئوقۇپ، لەززەت ئالمىسا، دۇنيالىقىدىن بىھاجەت بولمىسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ يولىمىزدىن ئەمەس، ئەخلاقىمىز، سۈننىتىمىزدىن ئەمەس. ياكى قۇرئان بىلەنلا مەشغۇل بولمىسا، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن ئەمەس، يولىمىزدا ئەمەس. (تەرجىمىسى: پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى، ئىبنى ھەجەر: سوفيان سەۋرى، ئىبنى جەۋزى، شافىئى، ئەنبارى، ئەبۇ ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپسىرىنى كەلتۈرۈپ، سەھىيرەكى، «گۈزەل ئاۋاز بىلەن تەجۋىدلىك، مۇڭلۇق ئوقۇمىسا،ئۇ بىزدىن ئەمەس» دىگەنگە بارغان) بۇخارى، قۇرئان پەزىلىتىدە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1797 ـ حدّثنى بِشْرُ بْنُ الْحَكَمِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ (وَهُوَ ابْنُ الْهَادِ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا أَذِنَ الله لِشَيْءٍ، مَا أَذِنَ لِنَبِيَ حَسَنِ الصّوْتِ، يَتَغَنّى بِالْقُرْآنِ يَجْهَرُ بِهِ».**
**1798 ـ وحدّثني ابْنُ أَخِي ابْنِ وَهْبٍ. حَدّثَنَا عَمّي عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ مَالِكٍ وَ حَيْوَةُ ابْنُ شُرَيْحٍ عَنِ ابْنِ الْهَادِ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَهُ سَوَاءً. وَقَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ يَقُلْ: سَمِعَ.**
**1799 ـ وحدّثنا الْحَكَمُ بْنُ مُوسَىَ هِقْلٌ عَنِ الأَوْزَاعِيّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا أَذِنَ اللّهُ لِشَيْءٍ كَأَذَنِهِ لِنَبِيَ، يَتَغَنّى بِالْقُرْآنِ يَجْهَرُ بِهِ».**

1800 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قالُوا: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرٍو، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عن النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. مِثْلَ حَدِيثِ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ. غَيْرَ أَنّ ابْنَ أَيّوبَ قَالَ فِي رِوَايَتِهِ «كَإِذْنِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك، جەھرى ئوقۇغان، گۈزەل ئاۋازغا قۇلاق سالغاندەك، ھېچ نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ، (يەنى، تەجۋىدلىك دانىمۇ ـــ دانە ئالدىرىماي، مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئاللاھدىن قورقۇپ، قۇرئان ئوقۇلسا، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىدۇ، رازى بولۇپ ئاڭلايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

1801 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا مَالِكٌ (وَهُوَ ابْنُ مِغْوَلٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ قَيْسٍ، أَوِ الأَشْعَرِيّ أُعْطِيَ مِزْمَاراً مِنْ مَزَامِيرِ آلِ دَاوُدَ».

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسقا، ياكى ئەشئەرىيگە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن نەيگە ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازى بېرىلىپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

1802 ـ وحدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا طَلْحَةُ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأَبِي مُوسَىَ: «لَوْ رَأَيْتَنِي وَأَنَا أَسْتَمِعُ لِقِرَاءَتِكَ الْبَارِحَةَ لَقَدْ أُوتِيتَ مِزْمَاراً مِنْ مَزَامِيرِ آلِ دَاوُدَ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ مۇسا! ئەگەر سەن مېنىڭ ئۆتكەن كېچە قىرائىتىڭنى تىڭشىغىنىمنى كۆرگەن بولساڭ كاشكى، ھەقىقەتەن ساڭا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاۋازىدىن بىر گۈزەل ئاۋاز بېرىلىپتۇ، (ئۇ قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئوقۇيتتى). بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

## 313 ـــــ باب ذكر قراءة النبيّ صلى الله عليه وسلم سورة الفتح يوم فتح مكة

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى سۈرە پەتھنى قىرائەتلىغانلىقى توغرىسىدا

1803 ـ حَدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ وَوَكِيعٌ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدُ اللّهِ بْنَ مُغَفّلٍ الْمُزَنِيّ يَقُولُ: قَرَأَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَامَ الْفَتْحِ، فِي مَسِيرٍ لَهُ، سُورَةَ الْفَتْحِ عَلَىَ رَاحِلَتِهِ. فَرَجّعَ فِي قِرَاءَتِهِ. قَالَ مُعَاوِيَةُ: لَوْلاَ أَنّي أَخَافُ أَنْ يَجْتَمِعَ عَلَيّ النّاسُ. لَحَكَيْتُ لَكُمْ قِرَاءَتَهُ.

1804 ـ 1805 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرّةَ قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ مُغَفّلٍ. قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ فَتْحِ مَكّةَ، عَلَىَ نَاقَتِهِ، يَقْرَأُ سُورَةَ الْفَتْحِ. قَالَ فَقَرَأَ ابْنُ مُغَفّلٍ وَرَجّعَ. فَقَالَ مُعَاوِيَةُ: لَوْلاَ النّاسُ لأَخَذْتُ لَكُمْ بِذَلِكَ الّذِي ذَكَرَهُ ابْنُ مُغَفّلٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى تۆگىسى ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، سۈرە پەتھنى قىرائەت قىلغانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇ بۇ سۈرىنى قىرائەت قىلىپ، قىرائىتىنى (ئاۋازىنى) مۇڭلۇق ئىگىز-پەس قىلدى، مۇئاۋى؛ ئەگەر كىشىلەرنىڭ ماڭا توپلۇشۇپ ئولىشىۋېلىشى بولمىسا، مەن سىلەرگە ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھتىن قىلغان قىرائىتىنى ئۆز ئەينى قىلىپ بىرەتتىم دېدى.

## 314 ــ باب نزول السكينة لقراءة القرآن

## قەلب خاتىرجەملىكىنىڭ، رەھمەتنىڭ قۇرئان قىرائىتى ئۈچۈن چۈشىشى توغرىسىدا

**1806 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ الْبَرَاءِ. قَالَ: كَانَ رَجُلٌ يَقْرَأُ سُورَةَ الْكَهْفِ. وَعِنْدَهُ فَرَسٌ مَرْبُوطٌ بِشَطَنَيْنِ. فَتَغَشَّتْهُ سَحَابَةٌ. فَجَعَلَتْ تَدُورُ وَتَدْنُو. وَجَعَلَ فَرَسُهُ يَنْفِرُ مِنْهَا. فَلَمّا أَصْبَحَ أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ. فقَالَ: «تِلْكَ السّكِينَةُ. تَنَزّلَتْ لِلْقُرْآنِ».**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى سۈرە كەھپىنى ئوقۇۋاتسا، ـ ئۇنىڭ يېنىدا ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئەركەك ئېتى مەھكەم ئىشلىگەن ئۇزۇن ئارغامچىدا باغلاقلىق ئىكەن ـ ئۇنى بىر پارچە بۇلۇت قورشاپ، بۇلۇت ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا، يەنە بەكلا يېقىنلىششقا باشلاپتۇ، ئات سەكرەپ قېچىشقا باشلاپتۇ، ئۇ تاڭ ئاتقۇزغاندا كېلىپ، شۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئەنە شۇ قۇرئاننىڭ قىرائەت قىلىنىش سەۋەبىدىن چۈشكەن خاتىرجەملىك، تىنچلىق، رەھمەتتۇر دېدى. بۇخارى، مۇسلىم.

**1807 ـ1808 ـ وحدّثنا ابْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثنّى) قَالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ. قَالَ: سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يَقُولُ: قَرَأَ رَجُلٌ الْكَهْفَ. وَفِي الدّارِ دَابّةٌ. فَجَعَلَتْ تَنْفِرُ. فَنَظَرَ فَإِذَا ضَبَابَةٌ أَوْ سَحَابَةٌ قَدْ غَشِيَتْهُ. قَالَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فقَالَ: «اقْرَأْ. فُلاَنُ فَإِنّهَا السّكِينَةُ تَنَزّلَتْ عِنْدَ الْقُرْآنِ. أَوْ تَنَزّلَتْ لِلْقُرْآنِ».**

بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى سۈرە كەھپىنى ئوقۇۋاتسا، ـ ھويلىدا ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئەركەك ئېتى مەھكەم ئىشلىگەن ئۇزۇن ئارغامچىدا باغلاقلىق ئىكەن ـ ئۇنى بىر پارچە بۇلۇت قورشاپ، بۇلۇت ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا، يەنە بەكلا يېقىنلىششقا باشلاپتۇ، ئات سەكرەپ قېچىشقا باشلاپتۇ، ئۇ تاڭ ئاتقۇزغاندا كېلىپ، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ ئى پالانى!ئوقۇۋەرگىن،ئەنە شۇ قۇرئاننىڭ قىرائەت قىلىنىش سەۋەبىدىن چۈشكەن خاتىرجەملىك، تىنچلىق، رەھمەتتۇر دېدى. (ئالىملەر؛ سەكىينەت دېگەن، **الله** نىڭ بىر خىل مەخلۇقىدۇر، بۇ قۇرئان ئوقۇلغاندا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە چۈشىدۇ دېدى.)بۇخارى، مۇسلىم.

**1809 ـ وحدّثني حَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ) قَالاَ: حَدّثنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ الْهَادِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ خَبّابٍ حَدّثهُ أَنّ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ حَدّثهُ أَنّ أُسَيْدَ بْنَ حُضَيْرٍ، بَيْنَمَا هُوَ، لَيْلَةً، يَقْرَأُ فِي مِرْبَدِهِ. إِذْ جَالَتْ فَرَسُهُ. فقَرَأَ. ثُمّ جَالَتْ أُخْرَى. فقَرَأَ. ثُمّ جَالَتْ أَيْضاً. قَالَ أُسَيْدٌ: فَخَشِيتُ أَنْ تَطَأَ يَحْيَى. فَقُمْتُ إِلَيْهَا. فَإِذَا مِثْلُ الظّلّةِ فَوْقَ رَأْسِي. فِيهَا أَمْثَالُ السّرُجِ. عَرَجَتْ فِي الْجَوّ حَتّى مَا أَرَاهَا. قَالَ فَغَدَوْتُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ بَيْنَمَا أَنَا**

الْبَارِحَةَ مِنْ جَوْفِ اللَّيْلِ أَقْرَأُ فِي مِرْبَدِي. إِذْ جَالَتْ فَرَسِي. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْرَإِ. ابْنَ حُضَيْرٍ» قَالَ: فَقَرَأْتُ. ثُمّ جَالَتْ أَيْضاً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْرَإِ. ابْنَ حُضَيْرٍ» قَالَ: فَقَرَأْتُ. ثُمّ جَالَتْ أَيْضاً. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْرَإِ. ابْنَ حُضَيْرٍ» قَالَ فَانْصَرَفْتُ. وَكَانَ يَحْيَى قَرِيباً مِنْهَا. خَشِيتُ أَنْ تَطَأَهُ. فَرَأَيْتُ مِثْلَ الظّلّةِ. فِيهَا أَمْثَالُ السّرُجِ. عَرَجَتْ فِي الْجَوّ حَتّى مَا أَرَاهَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تِلْكَ الْمَلاَئِكَةُ كَانَتْ تَسْتَمِعُ لَكَ. وَلَوْ قَرَأْتَ لأَصْبَحَتْ يَرَاهَا النّاسُ، مَا تَسْتَتِرُ مِنْهُمْ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئاخشىمى سۈرە بەقەرىنى ئوقۇۋاتسا، ـ ئۇنىڭ ئېتى يېنىدا باغلاقلىق ئىكەن ـ تۇيۇقسىز ئات سەكرەپ، جىم تۇرالماپتۇ، ئۇ نىمە ئىش بولغانلىقىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن جىم تۇرسا، ئاتمۇ جىم تۇرۇپتۇ، ئۇ قىرائەت قىلسا، ئات يەنە سەكرەپتۇ، جىم تۇرسا، ئاتمۇ جىم تۇرۇپتۇ، ئاندىن يەنە قىرائەت قىلسا، ئات يەنە سەكرەپ، جىم تۇرالماپتۇ، ئۇنىڭ بالىسى يەھيا ئاتقا بەك يېقىن بولغاچقا، ئۇ بالىسى يەھياغا ئاتنىڭ مۇسىبەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ بېرىپ، بالىسنى يىراققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئاسمانغا قارىسا، ناگاھان سايا كۆلەڭگىسىدەك، ئۆزىدە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلار، نۇر چېچىۋاتقان كۆلەڭگۈ تۇرغىدەك، ئۇ تاڭ ئاتقۇزغاندا كېلىپ، بۇ ئىشلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەردى، رەسۇلۇللاھ:ئى ئىبنى ھۇزەير! قىرائەت قىلىۋەرسەڭچۇ! ئى ئىبنى ھۇزەير! ئوقۇۋەرسەڭچۇ! دىدى، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاتنىڭ بالام يەھيانى دەسسىۋېتىشىدىن قورقۇپ قالدىم، بالام ئاتقا بەكلا يېقىن ئىدى، ئاندىن مەن بالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يىراققا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئاسمانغا قارىسام، ناگاھان سايا كۆلەڭگىسىدەك، ئۆزىدە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلار نۇر چېچىۋاتقان كۆلەڭگۈ تۇرغىدەك، مەن ئۇ نۇرلارنى كۆرمىگەنگە قەدەر يېنىپ چىقتىم دىدى، رەسۇلۇللاھ؛ سەن ئۇنىڭ نىملىكىنى بىلەمسەن؟ دىدى، ئۇ ياق بىلمەيمەن دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئەنەشۇ پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار سىنىڭ قىرائەت ئاۋازىڭ ئۈچۈن يېقىنلاشقاندۇر، ئەگەر سەن قىرائەت قىلىۋەرگەن بولساڭ، ئۇ پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقىچە تۇراتتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ كۆرىۋالاتتى، ئۇلار كىشىلەردىن يوشۇرۇنۇۋالمايتتى، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

## 315 ــــــ *باب فضيلة حافظ القرآن* قۇرئاننى يادا ئالغان قارىينىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1810 ـ1811 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. كِلاَهُمَا عَنْ أَبِي عَوَانَةَ. قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ، عَنْ أَبِي مُوسَى الأَشْعَرِيّ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِ الّذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ مَثَلُ الأُتْرُجّةِ. رِيحُهَا طَيّبٌ وَطَعْمُهَا طَيّبٌ. وَمَثَلُ الْمُؤْمِنِ الّذِي لاَ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ مَثَلُ التّمْرَةِ. لاَ رِيحَ لَهَا وَطَعْمُهَا حُلْوٌ. وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ الّذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ مَثَلُ الرّيْحَانَةِ. رِيحُهَا طَيّبٌ وَطَعْمُهَا مُرّ. وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ الّذِي لاَ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ الْحَنْظَلَةِ. لَيْسَ لَهَا رِيحٌ وَطَعْمُهَا مُرّ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشپۇراق بىيگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، تەمى

ئاچچىق، خۇشپۇرۇقى يوق، بەلكى سېسىق پۇراقلىق ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى خۇشپۇراق، مېزىلىك رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.يەنەبىرخاتىردە: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغا مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشپۇراق بىيىگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان ،لىكىن ئەمەل قىلىدغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ. (ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، بىيىگە ئوخشاش پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى تاتلىق مىۋىگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان پاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى ئاچچىق رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇمايدىغان پاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى يوق، ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، ياخشى ھەمراھ، ياخشى مەجلىس، مىسكە ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە يەتمىسە، ئۇنىڭ خۇشپۇراقلىرىمۇ بولسا ساڭا يېتىدۇ، يامان ھەمراھنىڭ ئوخشىشى، كورەك ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭ قارا ئىسى، ئۇچقۇندىسى يەتمىسە، تۈتۈن، گېزىمۇ بولسا يېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4191 ـ ھەدىس، بۇخارى 4632 ـ ھەدىس، نەسەئى 4952 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 210 ـ ھەدىس. سەھىھ ئى مۇسۇلمانلار! كۆرۈنۈشى رەيھان گۈلدەك گۈزەل، خۇشپۇراق ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىقدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، «ئۈممىتىمنىڭ كۆپىنچە مۇناپىقلىرى قارىيلىرىدۇر» دىگەن، ئەھمەدنىڭ ھەدىسىنى ئەسلەڭلار، زالىم، دىنسىزلارغا سېتىلغان، شۇلارغا مايىل بولغان مۇناپىقلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار.

## 316 ـــــ باب فضل الماهر بالقرآن والذي يتتعتع فيه

### قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغان ۋە قىينىلىپ تەستە ئوقۇغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1812 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ. جَمِيعاً عَنْ أبي عَوَانَةَ. قَالَ ابْنُ عُبَيْدٍ: حَدّثَنَا أبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ زُرَارَةَ بْنِ أَوْفَى، عَنْ سَعْدِ بْنِ هِشَامٍ، عَنْ عَائِشَةَ. قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الْمَاهِرُ بِالْقُرْآنِ مَعَ السّفَرَةِ الْكِرَامِ الْبَرَرَةِ. وَالّذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَيَتَتَعْتَعُ فِيهِ، وَهُوَ عَلَيْهِ شَاقّ، لَهُ أجْرَانِ».
1813 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا ابْنُ عَدِيَ عَنْ سَعِيدٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ هِشَامٍ الدّسْتَوَائِيّ. كِلاَهُمَا عَنْ قَتَادَةَ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَقَالَ فِي حَدِيثِ وَكِيعِ «وَالّذِي يَقْرَأُ وَهُوَ يَشْتَدّ عَلَيْهِ لَهُ أجْرَانِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقوغۇچى (يەنى تەجۋىدلىك، قائىدىلىك، دانىمۇ ـ دانە ئوقوغۇچى) ناھايىتى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، ياخشى،

پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى ئىككى تەرىپىدە پەرىشتىلەر بىرگە تۇرىدۇ،) قۇرئاننى ئىنتايىن تەستە، قىينىلىپ ئوقۇيدىغان،قۇرئاننى ئوقۇش مۇشەققەت، تەس بولىدىغان كىشى ئۈچۈن ئىككى ئەجىر يېزىلىدۇ.

بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 317 ـــ باب استحباب قراءة القرآن على أهل الفضل والحذق فيه وإن كان القارئ أفضل من المقروء عليه

**گەرچە قۇرئاننى ئوقۇغۇچى ئاڭلىغۇچىدىن ئەبزەل بولسىمۇ، قۇرئان قىرائىتىنى پەزل ئەھلىللىرىگە ئوقۇش توغرىسىدا**

**1814 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حدّثنا هَمّامٌ. حَدّثَنَا قتَادَةُ عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ لأُبَيَ: «إِنّ الله أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ» قالَ: اللّهُ سَمّانِي لَكَ؟ قالَ: «اللّهُ سَمّاكَ لِي» قالَ فَجَعَلَ أُبيّ يَبْكِي.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مېنى ساڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشىمگە بۇيرىدى، دېدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېنىق دېدىمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دېدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەقىقەتەن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** نىڭ نەزلىدە زىكىر قىلىندىمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە سەن زىكىر قىلىندىڭ دېدى، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياش تۆكۈپ كەتتى،

**1815 ـ1816 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ قالَ سَمِعْتُ قَتَادَةَ يَحدّثُ عَنْ أَنَسٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأِبَيّ بْنِ كَعْبٍ: «إِنّ الله أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ: {لَمْ يَكُنِ الّذِينَ كَفَرُوا} قالَ: وَسَمّانِي لَكَ؟ قالَ: «نَعَمْ» قالَ فَبَكَى.**

يەنە بىرخاتىردە: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مېنى ساڭا (قۇرئاندىن)«لەم يەكۇنىللەزىينە كەپەرۇ»نى يەنى سۈرەبەييىنەنى ئوقۇپ بېرىشىمگە بۇيرىدى، دېدى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا سىلىگە مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ ئېنىق دېدىمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەئە ئىسمىڭنى ئاتىدى دېدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 318 ـــــ باب فضل استماع القرآن، وطلب القراءة من حافظه للاستماع، والبكاء عند القراءة والتدبر

**قۇرئان تىڭشاشنىڭ پەزىلىتى، قارىيدىن قىرائەت تەلەپ قىلىش، قىرائەت ئاڭلىغاندا تەپەككۇر قىلىپ يىغلاش؛**

**1817 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ حَفْصٍ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عُبَيْدَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: قالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اقْرَأْ عَلَيّ الْقُرْآنَ» قالَ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَقْرَأُ عَلَيْكَ، وَعَلَيْكَ أُنْزِلَ؟ قالَ: «إِنّي أَشْتَهِي أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي» فقَرَأْتُ النّسَاءَ. حَتّى إِذَا بَلَغْتُ: {فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِنْ كُلّ أُمّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاَءِ شَهِيداً} (النساء الآية: 41) رَفَعْتُ رَأْسِي. أَوْ غَمَزَنِي رَجُلٌ إِلَى جَنْبِي فَرَفَعْتُ رَأْسِي. فَرَأَيْتُ دُمُوعَهُ تَسِيلُ.**

**1818 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ وَ مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. جَمِيعاً عَنْ عَلِيّ بْنِ مُسْهِرٍ، عَنِ الأَعْمَشِ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ. وَزَادَ هَنّادٌ فِي رِوَايَتِهِ: قالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ، «اقْرَأْ عَلَيّ».**

**1819 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ حَدّثَنِي مِسْعَرٌ. وَقَالَ أَبُو كُرَيْبٍ: عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ. قالَ: قالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ «اقْرَأْ عَلَيّ» قالَ: أَقْرَأُ عَلَيْكَ وَعَلَيْكَ أُنْزِلَ؟ قالَ: «إِنّي أُحِبّ أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي» قالَ فَقَرَأَ عَلَيْهِ مِنْ أَوّلِ سُورَةِ النّسَاءِ. إِلَى قَوْلِهِ: {فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِنْ كُلّ أُمّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى**

هَؤُلاَءِ شَهِيداً}. فَبَكَى.  قالَ مسْعَرٌ: فَحَدّثَنِي مَعْنٌ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ. قالَ: قالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «شَهِيداً عَلَيْهِمْ مَا دُمْتُ فِيهِمْ، أَوْ مَا كُنْتُ فِيهِمْ» (شَكّ مِسْعَرٌ).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۇستىدە تۇرۇپ: ماڭا قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بەرگىن دېدى، مەن: قۇرئان سىلىگە نازىل قىلىنغان تۇرسا، يەنە سىلىگە قىرائەت قىلامدىم؟ دىسەم، رەسۇلۇللاھ: مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن دېدى، مەن سۈرە نىسائىنى ئوقۇپ، « بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر ھە! ؟»(سۈرەنىسائ41 ـ ئايەت)دىگەن يەرگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئەمدى بولدى قىلغىن، دېدى، بىركىشى پۈتۈمنى چىمدىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىسام، ئىككى كۆزى ياش تۆكۈۋەتىپتۇ. رەسۇلۇللاھ؛مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولساملا، گۇۋاھچى بۇلىمەن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

1820 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَش، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: كُنْتُ بِحِمْصَ. فَقَالَ لِي بَعْضُ الْقَوْمِ: اقْرَأْ عَلَيْنَا. فَقرَأْتُ عَلَيْهِمْ سُورَةَ يُوسُفَ. قَالَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: وَالله مَا هَكَذَا أُنْزِلَتْ. قَالَ قُلْتُ: وَيْحَكَ. وَالله لَقَدْ قَرَأْتُهَا عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ لِي: «أَحْسَنْتَ».
فَبَيْنَمَا أَنَا أُكَلّمُهُ إِذْ وَجَدْتُ مِنْهُ رِيحَ الْخَمْرِ. قَالَ فَقُلْتُ: أَتَشْرَبُ الْخَمْرَ وَتُكَذّبُ بِالْكِتَابِ؟ لاَ تَبْرَحُ حَتّى أَجْلِدَكَ. قَالَ فَجَلَدْتُهُ الْحَدّ.
1821 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. جَمِيعاً عَنِ الأَعْمَشِ، بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ أَبِي مُعَاوِيَةَ: فَقَالَ لِي «أَحْسَنْتَ».

ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە يۇسۇفنى ئوقۇۋىدى، بىركىشى؛ بۇسۈرە ئۇنداق نازىل قىلىنمىغان دېدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن بۇسۈرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىمۇ ئوقۇغان ئىدىم دىسە، ئۇكىشى: بەك ياخشى قىلىپسەن دېدى، ئۇكىشى  ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆز قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى تېپىلىپ قالدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ سەن تېخى ھاراق ئىچىپ، (مەست بولۇپ)قۇرئان كىتابنى ئىنكار قىلىۋاتامسەن؟ دەپ، ئۇنىڭغا ھەد ئۇرۇپ،ئۇنى جازالىدى، بۇخارى، مۇسلىم.

## 319 ـــــ باب فضل قراءة القرآن في الصلاة وتعلمه

## ناماز ئىچىدىكى قۇرئان قىرائىتىنىڭ پەزىلىتى ۋە قىرائەت ئۆگىنىپ ـ ئۆگىتىش توغرىسىدا

1822 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيُحِبّ أَحَدُكُمْ إِذَا رَجَعَ إِلَى أَهْلِهِ أَنْ يَجِدَ فِيهِ ثَلاَثَ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ؟» قُلْنَا: نَعَمْ. قَالَ: «فَثَلاَثُ آيَاتٍ يَقْرَأُ بِهِنّ أَحَدُكُمْ فِي صَلاَتِهِ. خَيْرٌ لَهُ مِنْ ثَلاَثِ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئەھلىگە قايتىپ بارغاندا، سېمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىنى تېپىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بىز: ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ: بىرىڭلارنىڭ نامىزى ئىچىدە قىرائەت قىلىپ ئوقۇغان ئۈچ ئايەت، ئۇنىڭ ئۈچۈن سېمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر،دېدى. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**1823 – وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا الفَضْلُ بْنُ دُكَيْنٍ عَنْ مُوسَى بْنِ عَلِيٍ. قَالَ: سَمِعْتُ أبِي يُحَدّثُ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ. قَالَ: خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ فِي الصّفّةِ. فَقَالَ: «أيّكُمْ يُحِبّ أنْ يَغْدُوَ كُلّ يَوْمٍ إلَى بُطْحَانَ أوْ إلى العَقِيقِ فَيَأتِي مِنْهُ بِنَاقَتَيْنِ كَوْمَاوَيْنِ، فِي غَيْرِ إثْمٍ ولاَ قطعِ رَحِمٍ؟» فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ نُحِبّ ذَلِكَ. قَالَ: «أفَلاَ يَغْدُو أحَدُكُمْ إلَى المَسْجِدِ فَيَعْلَمُ أوْ يَقْرَأ آيَتَيْنِ مِنْ كِتَابِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ خَيْرٌ لَهُ مِنْ نَاقَتَيْنِ. وَثَلاثٌ خَيْرٌ لَهُ مِنْ ثَلاثٍ. وَأرْبَعٌ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أرْبَعٍ. وَمِنْ أعْدَادِهِنّ مِنَ الإبِلِ؟».**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ مۇنداق دېدى: قايسىڭلار ئەتىگەندە بوتھان ياكى ئەقىيق دېگەن جايغا بېرىپ، ناھايىتى يوغان، سېمىز، ئاقلا مايىل بوز تۆگىدىن ئىككىنى گۇناھ قىلماستىن سىلە ــ رەھىمنى ئۈزمەستىن ئېلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بىز: ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ: بىرىڭلارنىڭ ئەتىگەندە مەسجىدگە بېرىپ، ئىلىم ئېلىشى ياكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئىككى تۆگىدىن ياخشىدۇر، ئۈچ ئايەت ئوقۇشى ئۈچ تۆگىدىن ياخشىدۇر، قانچە ئايەت ئوقۇيسا، شۇنچە تۆگىدىن ياخشىدۇر،نىمىشقا شۇنداق قىلمايدۇ؟دېدى. مۇسلىم دىبسكا 1336 ــ ھەدىس، ئەھمەد 16767 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1244 ــ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مۇنداق پايدىلىق ھۆكۈملەر ئېلىنىدۇ.

1. پايدا ئالغاندا، گۇناھ ئىشنى قىلماسلىق، زىيان سالماسلىق.

2. مەسجىدگە بالدۇر بېرىش، ئىبادەتنى مەسجىدتە قىلىش.

3. مەسجىددە قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ يولىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش.الله يولىدىلا قىلىش.

4. مەسجىددە ئىلىم ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش، بۇ ئىلىم ھازىر تەرەققى قىلىپ، مائارىپ تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمى تەرەققىياتتۇر.

5. قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، ساۋاب ئەجىرلىرى كاتتابۇلىدۇ.6236ئايەت، 6236تۆگىدىن ياخشى ئىكەن.

## 320 ــ باب فضل قراءة القرآن وسورة البقرة قۇرئان قىرائىتىنىڭ ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ پەزىلىتى

**1824 –1825 – حدّثني الحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا أبُو تَوْبَةَ (وَهُوَ الرّبِيعُ بْنُ نَافِعٍ) حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ (يَعْنِي ابْنَ سَلاّمٍ) عَنْ زَيْدٍ أنّهُ سَمِعَ أبَا سَلاّمٍ يَقُولُ: حَدّثَنِي أبُو أمَامَةَ البَاهِلِيّ. قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «اقْرَأوا القُرْآنَ. فَإنّهُ يَأتِي يَوْمَ القِيَامَةِ شَفِيعاً لأصْحَابِهِ. اقْرَأوا الزّهْرَاوَيْنِ: البَقَرَةَ وَسُورَةَ آلِ عِمْرَانَ. فَإنّهُمَا تَأتِيَانِ يَوْمَ القِيَامَةِ كَأنّهُمَا غَمَامَتَانِ. أوْ كَأنّهُمَا غَيَايَتَانِ. أوْ كَأنّهُمَا فِرْقَانِ مِنْ طَيْرٍ صَوَافّ. تُحَاجّانِ عَنْ أصْحَابِهِمَا، اقْرَأوا سُورَةَ البَقَرَةِ. فَإنّ أخْذَهَا بَرَكَةٌ. وَتَرْكَهَا حَسْرَةٌ. وَلاَ يَسْتَطِيعُهَا البَطَلَةُ». قَالَ مُعَاوِيَةُ: بَلَغَنِي أنّ البَطَلَةَ السّحَرَةُ.**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ، نۇرغا ئوخشاش ئىككى سۈرىنى، يەنى سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇڭلار، بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى بۇلۇتتەك ياكى كۆلەڭگۇ

سايىدەك، ياكى سەپ تارتقان ئىككى توپ قۇشتەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇغانلار توغرىسىدا ھۆججەت قويۇپ، شاپائەت قىلىش ئۈچۈن داۋالىشىدۇ، سۈرە بەقەرنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنى يادا ئېلىش بەرىكەتتۇر، تەرىك ئېتىش ھەسرەتتۇر، ئۇنىڭغا باتىل ئەھلى (يەنى سېھرىگەرلەر)قادىر بولالمايدۇ. (تاقەت قىلالمايدۇ).ئەھمەد، مۇسلىم.

**1826 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُور. أَخْبَرَنَا يَزِيدُ بْنُ عَبْدِ رَبِّهِ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ مُهَاجِرٍ، عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْجُرَشِيِّ، عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ. قَالَ: سَمِعْتُ النّوّاسَ ابْنَ سِمْعَانَ الْكِلاَبِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «يُؤْتَى بِالْقُرْآنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَهْلِهِ الّذِينَ كَانُوا يَعْمَلُونَ بِهِ. تَقْدُمُهُ سُورَةُ الْبَقَرَةِ وَآلُ عِمْرَانَ» وَضَرَبَ لَهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثَلاَثَةَ أَمْثَالٍ، مَا نَسِيتُهُنّ بَعْدُ. قَالَ: «كَأَنّهُمَا غَمَامَتَانِ أَوْ ظُلّتَانِ سَوْدَاوَانِ. بَيْنَهُمَا شَرْقٌ. أَوْ كَأَنّهُمَا حِزْقَانِ مِنْ طَيْرٍ صَوَافّ تُحَاجّانِ عَنْ صَاحِبِهِمَا».**

نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا دۇنيادىكى چاغدا ئەمەل قىلغان قۇرئان ئەھلى كەلتۈرلىدۇ، سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇ ئىككى سۈرە خۇددى ئارىلىقىدا نۇر بار، ئىككى كۆلەڭگى سايىدەك ياكى قارا بۇلۇتتەك ياكى سەپ تارتىپ قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچىۋاتقان قۇشلار سايىسىدەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى توغرىسىدا جېدەللىشىپ، داۋالىشىپ، شاپائەت قىلىدۇ. تىرمىزى 2808 ــ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## *321 ــــ باب فضل الفاتحة وخواتيم سورة البقرة، والحث على قراءة الآيتين من آخر البقرة*

### سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنىڭ ۋە سۈرە پاتىھەنىڭ پەزىلىتى، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايەتنى قىرائەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

**1827 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ وَ أَحْمَدُ بْنُ جَوّاسٍ الْحَنَفِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ عَمّارِ بْنِ رُزَيْقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عِيسَىَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: بَيْنَمَا جِبْرِيلُ قَاعِدٌ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. سَمِعَ نَقِيضاً مِنْ فَوْقِهِ. فَرَفَعَ رَأْسَهُ. فَقَالَ: هَذَا بَابٌ مِنَ السّمَاءِ فُتِحَ الْيَوْمَ. لَمْ يُفْتَحْ قَطّ إِلاّ الْيَوْمَ. فَنَزَلَ مِنْهُ مَلَكٌ. فَقَالَ: هَذَا مَلَكٌ نَزَلَ إِلَى الأَرْضِ. لَمْ يَنْزِلْ قَطّ إِلاّ الْيَوْمَ. فَسَلّمَ وَقَالَ: أَبْشِرْ بِنُورَيْنِ أُوتِيتَهُمَا لَمْ يُؤْتَهُمَا نَبِيّ قَبْلَكَ. فَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَخَوَاتِيمِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ. لَنْ تَقْرَأَ بِحَرْفٍ مِنْهُمَا إِلاّ أَعْطِيتَهُ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىرچاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئۈستى تەرەپتىن قاتتىق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ: بۇ ئاسماندىكى بىر ئىشىك بولۇپ، بۈنىڭدىن بۇرۇن پەقەت ئېچىلىپ باقمىغان ئىدى، پەقەت بۈگۈنلا ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى، بۇ پەرىشتىمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت چۈشۈپ باقمىغان ئىدى، پەقەت بۈگۈنلا زېمىنغا چۈشتى،دىدى. ئۇ پەرىشتى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام قىلىپ: سەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن، پەقەت ساڭىلا بېرىلگەن كامىل ئىككى نۇر بىلەن خۇش ـ بىشارەت

ئالغىن، ئۇ بولسمۇ؛ سۈره پاتىهه بىلەن سۈره بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدۇر، سەن سۈره پاتىهه بىلەن سۈره بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدىن بىرەر ھەرپىنى ئوقۇپلا قالساڭ، ئۇ (سورالغان نەرسە)ساڭا بېرىلىدۇ، دېدى.

1828 ـ1829 ـ وحدّثنا أحْمَدُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا مَنْصُورٌ عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ قالَ: لَقِيتُ أبَا مَسْعُودٍ عِنْدَ الْبَيْتِ. فقُلْتُ: حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكَ فِي الآيَتَيْنِ فِي سُورَةِ الْبَقرَةِ. فقَالَ: نَعمْ. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «الآيَتَانِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقرَةِ، مَنْ قرَأَهُمَا فِي لَيلَةٍ، كَفَتَاهُ.

1830 ـ 1831 ـ وحدّثنا مِنْجَابُ بْنُ الْحَارِثِ التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ قيْسٍ، عَنْ أبِي مَسْعُودٍ الأنْصَارِيّ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ قرَأَ هَاتَيْنِ الآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقرَةِ، فِي لَيْلَةٍ، كَفَتَاهُ». قالَ عَبْدُ الرّحْمَنِ: فَلَقِيتُ أبَا مَسْعُودٍ، وَهُوَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ. فسَأَلْتُهُ. فحَدّثنِي بِهِ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.

1832 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا حَفصٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أبِي مَسْعُودٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، مِثْلَهُ.

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈره بەقەرنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ئايەت بار بولۇپ، كىم ئۇ ئىككى ئايەتنى بىرەر كېچىدە ئوقۇسا، شۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە بارلىق ياخشىلىقلا ،يامانلىقتىن ساقلىنىشقا كۇپايە بولىدۇ . ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە،سەھىھ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى سۈره بەقەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇسا، بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە (ھەممە جەھەتتىن كېچىسى قىيامدا تۇرۇش جەھەتتىنمۇ) كۇپايە قىلىدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 322 ـــ باب فضل سورة الكهف وآية الكرسي سۈره كەھپىنىڭ ۋە ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى

1833 ـ1834 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنِي أَبِي عَنْ قَتَادَة، عَنْ سَالِمِ ابْنِ أبِي الْجَعْدِ الْغَطفَانِيّ، عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أبِي طَلْحَةَ الْيَعْمَرِيّ، عَنْ أبِي الدّرْدَاءِ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ حَفِظَ عَشْرَ آيَاتٍ مِنْ أوّلِ سُورَةِ الْكَهْفِ، عُصِمَ مِنَ الدّجّالِ».

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈره كەھفنىڭ باش تەرىپىدىن ئون ئايەتنى يادا ئالسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئايەتلەردە شېرىككە قارشى تەۋھىد سۆزلەنگەن، ئۇندىن باشقا بۇ قۇرئاننىڭ كارامىتى، مۆجىزىسى بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

1835 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ الأعْلَى بْنُ عَبْدِ الأعْلَى عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أبِي السّلِيلِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ رَبَاحٍ الأنْصَارِيّ، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أبَا الْمُنْذِرِ أتَدْرِي أيّ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ الله مَعَكَ أعْظَمُ؟» قالَ قُلْتُ: الله وَرَسُولُهُ أعْلَمُ. قالَ: «يَا أبَا الْمُنْذِرِ أتَدْرِي أيّ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللّهِ مَعَكَ أعْظَمُ؟» قالَ قُلْتُ: الله لاَ إلَهَ إلاّ هُوَ الْحَيّ الْقَيّومُ. قالَ: فضَرَبَ فِي صَدْرِي وَقالَ: «وَالله لِيَهْنِكَ الْعِلْمُ أبَا الْمُنْذِرِ».

ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئەبەلمۇنزىر! سەن يادا بىلىدىغان **الله** نىڭ كىتابىدىن قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن: **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى بىلىدۇ دېسەم، يەنە؛ ئى ئەبەلمۇنزىر! سەن يادا بىلىدىغان **الله** نىڭ كىتابىدىن قايسى

ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلەمسەن؟ دېدى، مەن :« الله هو لائىلاھە ئىللاھۇۋەلھەييۇلقەييۇم.......» يەنى ئايەتۇلكۇرسى دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكسىمگە ئۇرۇپ قويۇپ: الله بىلەن قەسەمكى، ئى ئەبەلمۇنزىر! ساڭا ئىلىم شۇنداق ئاسان بولۇپتۇ، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولسۇن، ئىلمىڭ زىيادە بولسۇن دېدى.

## 323 ــــــ باب فضل قل هو الله أحد «قۇل ھۇۋەالله ھۇ ئەھەد»نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1836 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أَبي طَلْحَةَ، عَنْ أَبي الدّرْدَاءِ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أَيَعْجِزُ أَحَدُكُمْ أَنْ يَقْرَأَ فِي لَيْلَةٍ ثُلُثَ الْقُرْآنِ؟» قالُوا: وَكَيْفَ يَقْرَأَ ثُلُثَ الْقُرْآنِ؟ قالَ: {قُلْ هُوَ الله أَحَدٌ}، يَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ.**

**1837 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبي عَرُوبَةَ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا أَبَانُ الْعَطّارُ. جَمِيعاً عَنْ قَتَادَةَ، بِهَذَا الأسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِهِمَا مِنْ قَوْلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «إِنّ الله جَزّأَ الْقُرْآنَ ثَلاَثَةَ أَجْزَاءٍ. فَجَعَلَ {قُلْ هُوَ الله أَحَدٌ} جُزْءاً مِنْ أَجْزَاءِ الْقُرْآنِ».**

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇپ چىقىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ئۇلار:بىركېچىدىلا قۇرئاننىڭ 1/3نى قانداق ئوقۇپ چىقىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۈچ پارچىغا بۆلدى، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد »نى يەنى سۈرە ئىخلاسنى قۇرئاننىڭ ئۈچ پارىسىدىن بىر پارا قىلدى، (كىم بۇ سۈرىنى بىر قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇغان بولىدۇ، ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ) بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ ئۈچتەن بىرىگە تەڭدۇردېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1838 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ يَحْيَى. قالَ ابْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ كَيْسَانَ. حَدّثَنَا أَبُو حَازِمٍ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «احْشِدُوا. فَإِنّي سَأَقْرَأُ عَلَيْكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ» فَحَشَدَ مَنْ حَشَدَ. ثُمّ خَرَجَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَرَأَ: {قُلْ هُوَ الله أَحَدٌ}. ثُمّ دَخَلَ. فَقَالَ بَعْضُنَا لِبَعْضٍ: إِنّي أُرَى هَذَا خَبَرٌ جَاءَهُ مِنَ السّمَاءِ. فَذَاكَ الّذِي أَدْخَلَهُ. ثُمّ خَرَجَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «إِنّي قُلْتُ لَكُمْ: سَأَقْرَأُ عَلَيْكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ. أَلاَ إِنّهَا تَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ».**

**1839 ـ وحدّثنا وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ بَشِيرٍ أَبي إِسْمَاعِيلَ، عَنْ أَبي حَازِمٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: خَرَجَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «أَقْرَأُ عَلَيْكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ» فَقَرَأَ: {قُلْ هُوَ الله أَحَدٌ. الله الصّمَدُ}. حَتّى خَتَمَهَا.**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىغىلىڭلار! مەن سىلەرگە يېقىندا قۇرئاننىڭ 1/3نى قىرائەت قىلىپ، ئوقۇپ بېرىمەن، ئاندىن كىشىلەر يىغىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چىقىپ؛ «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ بېرىپ كىرىپ كەتتى، بىز ئۆز ئارا؛ ئاسماندىن ۋەھى خەۋەر كېلىپ، رەسۇلۇللاھنى كىرگۈزىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمىز، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چىقىپ؛ مەن سىلەرگە يېقىندا قۇرئاننىڭ 1/3نى قىرائەت قىلىپ، ئوقۇپ بېرىمەن، دېگەن، ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ 1/3گە تەڭ دېدى، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىز توپلىغان، سەھىھ.

1840 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ وَهْبٍ. حَدّثَنَا عَمّي عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أبي هِلاَلٍ أنّ أبَا الرّجَالِ مُحَمّدَ بْنَ عَبْدَ الرّحْمَنِ حَدّثَهُ عَنْ أمّهِ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، وَكَانَتْ فِي حَجْرِ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، عَنْ عَائِشَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ رَجُلاً عَلَى سَرِيّةٍ. وَكَانَ يَقْرَأُ لأصْحَابِهِ فِي صَلاَتِهِمْ فَيَخْتِمُ بِـ {قُلْ هُوَ اللهُ أحَدٌ}. فَلَمّا رَجَعُوا ذُكِرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «سَلُوهُ. لأيّ شَيْءٍ يَصْنَعُ ذَلِكَ». فَسَألُوهُ. فَقَالَ: لأنّهَا صِفَةُ الرّحْمَنِ. فَأنَا أحِبّ أنْ أقْرَأ بِهَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أخْبِرُوهُ أنّ اللهَ يُحِبّهُ».

ئائشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇكىشى ھەمراھلىرىغا ناماز ئوقۇپ بەرگەندىكى قىرائەتنى، بىرەر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئاندىن ھەر قېتىم شۇسۈرىنى سۈرە ئىخلاس بىلەن تامام قىلىپ ناماز ئوقۇپتۇ، ئۇلار قايتىپ كېلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ: ئۇنىڭدىن نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپ بېقىڭلار دېدى، ئۇلار سورىسا، ئۇكىشى: چۈنكى بۇ سۈرە رەھمان تائالانىڭ سۈپىتى، مەن بۇ سۈرىنى دائىم قىرائەت قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: سىلەرئۇنىڭغا الله تائالانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار دېدى. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان.

## 324 ــ باب فضل قراءة المعوذتين سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1841 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ أبِي حَازِمٍ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ألَمْ تَرَ آيَاتٍ أنْزِلَتِ اللّيْلَةَ لَمْ يُرَ مِثْلُهُنّ قطّ؟ {قُلْ أعُوذُ بِرَبّ الْفَلَقِ} و {قُلْ أعُوذُ بِرَبّ النّاسِ}».
1842 ـ1843 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ عَنْ قَيْسٍ، عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ. قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أنْزِلَ أوْ أنْزِلَتْ عَلَيّ آيَاتٌ لَمْ يُرَ مِثْلُهُنّ قطّ: الْمُعَوّذَتَيْنِ».

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قارىمامسەن؟ ماڭا بۈگۈن كېچە بىر نەچچە ئايەتلەر نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئوخشىشى قەتئىي كۆرۈلمۈپ باقمىغان، ئۇلار بولسا، (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىل فەلەق)، (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناس)، سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناستۇر. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئايەتلەر بۇرۇن چۈشۈپ باقمىغان، ھەم بۇرۇنقى ئۈممەتكە بېرىلمىگەن. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇقبە! مەن ساڭا ئوقۇلىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناستۇر، ئى ئۇقبە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قاچان ئۇخلىساڭ، تۇرساڭ ئوقۇغىن، چۈنكى، ھەر قانداق سورىغۇچى ۋە پاناھ تىلىگۈچى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشىدەك نەرسە بىلەن سورىيالمايدۇ، ھەم پاناھ تىلىيەلمەيدۇ، يەنى ئەۋزە. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 325 ــــ باب فضل من يقوم بالقرآن ويعلمه، وفضل من تعلم حكمة من فقه أو غيره فعمل بها وعلمها

## قۇرئان قىرائىتى بىلەن قىيامدا تۇرغان، ئۇنى باشقىلارغا ئۈگەتكەن، ئىلىم ـ ھىكمەت، پىقھى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۈگەتكەن كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1844 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَزُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنا الزّهْرِيّ عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «لاَ حَسَدَ إِلاّ فِي اثْنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللّهُ الْقُرْآنَ. فَهُوَ يَقُومُ بِهِ آنَاءَ اللّيْلِ. وَآنَاءَ النّهَارِ وَرَجُلٌ آتَاهُ اللّهُ مَالاً. فَهُوَ يُنْفِقُهُ آنَاءَ اللّيْلِ وَآنَاءَ النّهَارِ».

1845 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ حَسَدَ إِلاّ عَلَى اثْنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللّهُ هَذَا الْكِتَابَ. فَقَامَ بِهِ آنَاءَ اللّيْلِ وَآنَاءَ النّهَارِ. وَرَجُلٌ آتَاهُ اللّهُ مَالاً. فَتَصَدّقَ بِهِ آنَاءَ اللّيْلِ وَآنَاءَ النّهَارِ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەد قىلىش پەقەت ئىككى ئىشتىلا دۇرۇس، بىرى، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى بەرگەن بولۇپ، بۇ كىشى يادا بىلگەن قۇرئان بىلەن كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلىرىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. يەنە بىر كىشى بولسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە مال ــ مۈلۈك بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى ماللىرىنى كېچە ــ كۈندۈز ھەق يوللارغا نەپىقە، سەدىقە قىلىپ تۇرىدۇ، مانا مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى ماڭىمۇ بولسىچۇ! ماڭىمۇ بولسىچۇ دەپ ھەسەد قىلىش دۇرۇس. (ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دېگەن ھەسەد دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دېمەستىن، بەلكىم، ماڭىمۇ بولسىچۇ دېگەن ھەسەد پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر؛ بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۈگەتتىدۇ، ئۇنى قارى قىلدۇ ئۇ قۇرئاننى كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى خوشنىسى ئاڭلاپ ؛كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن نەرسە بېرىلسىچۇ، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەلنىڭ ئوخشىشىنى قىلاركەنمەن دەپ ھەسەد قىلدۇ. («ئەمەل» دېگەن سۆز، ئوقۇپ قۇيۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ). يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا كۆپ مال بېرىدۇ، ئۇ بۇ ماللارنى ھەق يولدىلا چىقىم قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن بۇنى كۆرگەن، ئاڭلىغان كىشى: كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن مال ـ دۇنيا بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئوخشىشىنى قىلۋالاركەنمەن دەپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى.

1846 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ إِسْمَاعِيلَ، عَنْ قَيْسٍ. قَالَ: قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْعُودٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي وَ مُحَمّدُ بْنُ بِشْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ عَنْ قَيْسٍ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ حَسَدَ إِلاّ فِي اثْنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللهُ مَالاً، فَسَلّطَهُ عَلَىَ هَلَكَتِهِ فِي الْحَقّ. وَرَجُلٌ آتَاهُ اللهُ حِكْمَةً، فَهُوَ يَقْضِي بِهَا وَيُعَلّمُهَا».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەد قىلىش پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا نۇرغۇن مال ــ مۈلۈك بېرىپ ئۇ ماللارنىڭ ھالاكىتىنى تۈگىشىنى پەقەت ھەق يولدىلا قىلىدۇ، يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا ئىلىم ــ ھېكمەت بېرىدۇ، ئۇ، شۇ ئىلىم ــ ھېكمەت بىلەن ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگىتىدۇ، بۇ ئىككى ئىشنى ماختىغۇ بولىسچۇ دېيىش دۇرۇس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1847 – 1848 – وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا يَعْقُوب بْنُ إبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أَبِي عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَامِرِ بْنِ وَاثِلَةَ أَنّ نَافِعَ بْنَ عَبْدِ الْحَارِثِ لَقِيَ عُمَرَ بِعُسْفَانَ. وَكَانَ عُمَرُ يَسْتَعْمِلُهُ عَلَى مَكّةَ. فَقَالَ: مَنِ اسْتَعْمَلْتَ عَلَىَ أَهْلِ الْوَادِي؟ فَقَالَ: ابْنَ أَبْزَىَ؟ قَالَ: وَمَنِ ابْنُ أَبْزَىَ؟ قَالَ: مَوْلَى مِنْ مَوَالِينَا. قَالَ: فَاسْتَخْلَفْتَ عَلَيْهِمْ مَوْلًى؟ قَالَ: إنّهُ قَارِىءٌ لِكِتَابِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ. وَإنّهُ عَالِمٌ بِالْفَرَائِضِ. قَالَ عُمَرُ: أَمَا إنّ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم قَدْ قَالَ «إنّ الله يَرْفَعُ بِهَذَا الْكِتَابِ أَقْوَاماً وَيَضَعُ بِهِ آخَرِينَ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناپىئىبنى ئابدۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىدۇ، كىيىن ئۇلار ئۇچۇرشۇپ قىلىپ، ئۆمەر؛ سەن يېزىلارغا قانداق كىشىنى خىزمەتكە قويدۇڭ؟دەپ سورايدۇ، ئۇ؛ ئىبنى ئەبزانى دېسە، ئۇ؛بۇ كىم بولىدۇ؟دەيدۇ، ناپىئ؛ ئۇ بىزنىڭ ئازاد قىلغان قۇللىرىمىزدىن بىر قۇلدۇر دەيدۇ، ئۆمەر؛ سەن ئۇلارغا بىرقۇلنى خەلىپە قىلىپ قويدۇڭمۇ؟دەيدۇ، ئۇ؛ ئۇكىشى الله نىڭ كىتابى قۇرئاننى يادا بىلىدۇ، پەرائىز، مىراس ئىلىملىرىگە ئالىم دەيدۇ، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ كىتاب قۇرئان بىلەن بىر قەۋمنى ئۈستۈن كۆتۈرسە، يەنە بىر قەۋمنى تۆۋەنگە بېسىۋېتىدۇ، مۇسلىم دېسكا 1353 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 214 ــ ھەدىس، ئەھمەد 226 ــ ھەدىس، دارمى 3231 ــ ھەدىس، بۇ ھەدىسنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ؛ قۇرئانغا ئالىم، قارىي قۇلنى خىزمەتكە باشلىق قىلىپ قويغاندا، دەلىللەپ دېگەندۇر، قۇرئانغا ئالىم بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى ئالەمدە ئۈستۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئەكسى بولسا، مەڭگۈ تۆۋەندۇر، ھەتتا ھالاك بولىدۇ.

## 326 ــــ باب بيان أن القرآن على سبعة أحرف. وبيان معناه

## قۇرئاننىڭ يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ بايانى توغرىسىدا

1849 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَبْدٍ الْقَارِيّ قَالَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ يَقُولُ: سَمِعْتُ هِشَامَ بْنَ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ يَقْرَأُ سُورَةَ الْفُرْقَانِ عَلَى غَيْرِ مَا أَقْرَؤُهَا. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَقْرَأَنِيهَا. فَكِدْتُ أَنْ أَعْجَلَ عَلَيْهِ. ثُمّ أَمْهَلْتُهُ حَتّى انْصَرَفَ. ثُمّ لَبّبْتُهُ بِرِدَائِهِ. فَجِئْتُ بِهِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّي سَمِعْتُ هَذَا يَقْرَأُ سُورَةَ الْفُرْقَانِ عَلَىَ غَيْرِ مَا أَقْرَأْتَنِيهَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَرْسِلْهُ. اقْرَأْ» فَقَرَأَ الْقِرَاءَةَ الّتِي سَمِعْتُهُ يَقْرَأُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَكَذَا أُنْزِلَتْ». ثُمّ قَالَ لِيَ: «اقْرَأْ» فَقَرَأْتُ. فَقَالَ: «هَكَذَا أُنْزِلَتْ. إنّ هَذَا الْقُرْآنَ أُنْزِلَ عَلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ. فَاقْرَأُوا مَا تَيَسّرَ مِنْهُ».

**1850 – 1851 – وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ أَنّ الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ وَ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ عَبْدٍ الْقَارِيّ أَخْبَرَاهُ أَنّهُمَا سَمِعَا عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ يَقُولُ: سَمِعْتُ هِشَامَ بْنَ حَكِيمٍ يَقْرَأُ سُورَةَ الْفُرْقَانِ فِي حَيَاةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَسَاقَ الْحَدِيثَ. بِمِثْلِهِ. وَزَادَ: فَكِدْتُ أُسَاوِرُهُ فِي الصّلاَةِ، فَتَصَبّرْتُ حَتّى سَلّمَ.**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھىشام ئىبنى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈرە فۇرقاننى مېنىڭ ئوقۇيدىغىنىمدىن باشقىچە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، ـ ئۇ سۈرىنى ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، ـ مەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ،تېزلا ئېتراز بىلدۈرگىلى تاس ـ تاس قېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا (نامازدىن) قايتقانغا قەدەر مۆھلەت بەردىم، ئاندىن كېيىن مەن ئۇنى رىدايىدىن پۇلاپ چىڭ تۇتۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!مەن بۇنىڭ سۈرە فۇرقاننى (مېنىڭ ئوقۇيدىغىنىمدىن)سىلى ماڭا ئوقۇپ بەرگەندىن باشقىچە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: ئۇنى قويۇپ بەرگىن دەپ، ئۇنىڭغا؛ قېنى ئوقۇپ باققىن دىدى، ئۇ مەن ئاڭلىغاندەكلا قىرائەت قىلىپ ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ :ئەنە شۇنداق نازىل قىلىنغان دەپ، ماڭا: قېنى سەن ئوقۇپ باققىن دىدى، مەن قىرائەت قىلىپ ئوقۇسام، ئەنە شۇنداق نازىل قىلىنغان دەپ، مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىنغان، شۇ يەتتە ھەرپىدىن ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1852 – 1853 – وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ أَنّ ابْنَ عَبّاسٍ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَقْرَأَنِي جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السّلاَمُ عَلَى حَرْفٍ. فَرَاجَعْتُهُ. فَلَمْ أَزَلْ أَسْتَزِيدُهُ فَيَزِيدُنِي. حَتّى انْتَهَى إِلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ». قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: بَلَغَنِي أَنّ تِلْكَ السّبْعَةَ الأَحْرُفَ إِنّمَا هِيَ فِي الأَمْرِ الّذِي يَكُونُ وَاحِداً، لاَ يَخْتَلِفُ فِي حَلاَلٍ وَلاَ حَرَامٍ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قۇرئاننى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بىرىپ،مىنى ھەم شۇنداق ئوقۇتتى، مەن قايتا ــ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، زىيادە، ئارتۇق قىلىپ بېرىشنى سوراۋەردىم، ھەتتا، قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بەرگىچىلىك شۇنداق قىلدىم . ئىبنى شىھاب رەھ ماڭا مۇنداق يەتتى دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن ئەشۇ يەتتە ھەرىپ، ئەمەلىيەتتە بىردۇر، ئۇلار ھالال ـ ھارامدا ئىختىلاپلاشمايدۇ. ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ.

**1854 – 1855 – حدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي خَالِدٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عِيسَى بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ جَدّهِ، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ: كُنْتُ فِي الْمَسْجِدِ. فَدَخَلَ رَجُلٌ يُصَلّي. فَقَرَأَ قِرَاءَةً أَنْكَرْتُهَا عَلَيْهِ. ثُمّ دَخَلَ آخَرُ. فَقَرَأَ قِرَاءَةً سِوَى قِرَاءَةِ صَاحِبِهِ. فَلَمّا قَضَيْنَا الصّلاَةَ دَخَلْنَا جَمِيعاً عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: إِنّ هَذَا قَرَأَ قِرَاءَةً أَنْكَرْتُهَا عَلَيْهِ. وَدَخَلَ آخَرُ فَقَرَأَ سِوَى قِرَاءَةِ صَاحِبِهِ. فَأَمَرَهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَرَآ. فَحَسّنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم شَأْنَهُمَا. فَسُقِطَ فِي نَفْسِي مِنَ التّكْذِيبِ. وَلاَ إِذْ كُنْتُ فِي الْجَاهِلِيّةِ. فَلَمّا رَأَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا قَدْ غَشِيَنِي ضَرَبَ فِي صَدْرِي. فَفِضْتُ عَرَقاً. وَكَأَنّمَا أَنْظُرُ إِلَى اللّهِ عَزّ وَجَلّ فَرَقاً. فَقَالَ لِي: «يَا أُبَيّ أُرْسِلَ إِلَيّ: أَنِ اقْرَإِ الْقُرْآنَ عَلَى حَرْفٍ. فَرَدَدْتُ إِلَيْهِ: أَنْ هَوّنْ عَلَى أُمّتِي. فَرَدّ إِلَيّ الثّانِيَةَ: اقْرَأْهُ عَلَى حَرْفَيْنِ. فَرَدَدْتُ إِلَيْهِ: أَنْ هَوّنْ عَلَى أُمّتِي. فَرَدّ إِلَيّ الثّالِثَةَ: اقْرَأْهُ عَلَى**

سَبْعَةِ أحْرُفٍ. فَلَكَ بِكُلِّ رَدَّةٍ رَدَدْتُكَهَا مَسْأَلَةٌ تَسْأَلُنِيهَا. فَقُلْتُ: اللَّهُمّ اغْفِرْ لأُمّتِي. اللّهُمّ اغْفِرْ لأُمّتِي. وَأَخّرْتُ الثّالِثَةَ لِيَوْمٍ يَرْغَبُ إلَيّ الْخَلْقُ كُلّهُمْ. حَتّىَ إبْرَاهِيمُ صلى الله عليه وسلم».

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەن مەسجىدتە ئىدىم، بىركىشى كىرىپ، نامازئوقۇپ، قىرائەت قىلدى، مەن ئۇنىڭغا قىرائىتىنى ئىنكار قىلدىم، ئاندىن يەنە بىر كىشى كىرىپ، بىرىنجى كىشىنىڭ قىرائىتىدىن باشقىچە قىرائەت قىلدى، بىز نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ھەممىمىز بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردۇق، مەن رەسۇلۇللاھقا: مەن مەسجىدتە ئىدىم، ماۋۇكىشى كىرىپ، نامازئوقۇپ، قىرائەت قىلدى، مەن بۇنىڭغا قىرائىتىنى ئىنكار قىلدىم، ئاندىن يەنە بىر كىشى كىرىپ، بىرىنجى كىشىنىڭ قىرائىتىدىن باشقىچە قىرائەت قىلدى دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇلارنى قىرائەت قىلىپ بېقىشقا بۇيرىدى، ئۇلار قىرائەت قىلشىدى، ھەر ئىككىلىسىنى ياخشى ئوقۇپسىلەر دەپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ياخشى ساندى، مىنىڭ قەلبىمگە شۇنداق قاتتىق ئىنكار قىلىش ۋەسۋەسىسى چۈشتىكى، (تىلىم بىلەن سۆيەتلەپ بىرەلمەيمەن، بۇ مىنىڭ جاھالىيەتتىكى ئىنكارىمدىن ئېغىرراق ئىدى)، بۇرۇن بۇنداق ۋەسۋەسە چۈشمىگەن ئىدى، چۈنكى مەن ئۇچاغدا جاھالىيەتتىكى جاھىل ئىدىم دە!، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى قورشىغان ئىنكار ۋەسۋە سىللىرىنى كۆرۈپ، كۆكسىمگە بىرنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەن قاتتىق تەرلەپ كەتتىم، گۇياكى مەن، **الله** تىن قورقىغان ھالدا، **الله** قىلا قاراپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدىم، ئاندىن ماڭا: ئى ئۇبەي! ھەقىقەتەن رەببىم تەبارەكەۋەتائالا ماڭا قۇرئان كەرىمنى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن ئەلچىنى رەببىمگە ، ئۈممىتىمگە ئاسان قىلسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئىككىنچى قېتىم ئىككى ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن يەنە ئۈممىتىمگە ئاسان قىلسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئۈچىنچى قېتىم قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ: سەن ئۈچۈن ھەربىر قېتىم ئەلچىنى قايتۇرغانىنىڭ بارابىرىدە، سورايدىغان ئىجاۋەتلىك دۇئا بېرىلدى دىدى. مەن ئى ئاللاھ! ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا دەپ، ئىككى قېتىم دۇئا قىلدىم، ئۈچىنچىسىنى بولسا، بارلىق خەلق، ھەممە كىشى ھەتتا ئىبراھىمدىن تارتىپ ماڭا يىلىنىپ، شاپائەت سورايدىغان قىيامەت كۈن ئۈچۈن كىچىكتۈرۈپ ئېلىپ قويدۇم، دىدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1856 ـ1857 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَاهُ ابْنُ الْمُثَنّىَ وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ أُبَيّ بْنِ كَعْبٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ عِنْدَ أَضَاةِ بَنِي غِفَارٍ. قَالَ فَأَتَاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السّلاَمُ. فَقَالَ: إنّ الله يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمّتُكَ الْقُرْآنَ عَلَىَ حَرْفٍ. فَقَالَ: «أَسْأَلُ اللّهَ مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ. وَإنّ أُمّتِي لاَ تُطِيقُ ذٰلِكَ». ثُمّ أَتَاهُ الثّانِيَةَ. فَقَالَ: إنّ الله يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمّتُكَ الْقُرْآنَ عَلَىَ حَرْفَيْنِ. فَقَالَ: «أَسْأَلُ الله مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ. وَإنّ أُمّتِي لاَ تُطِيقُ ذٰلِكَ». ثُمّ جَاءَهُ الثّالِثَةَ فَقَالَ: إنّ الله يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمّتُكَ الْقُرْآنَ عَلَىَ ثَلاَثَةِ أَحْرُفٍ. فَقَالَ: «أَسْأَلُ الله

مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ وَإِنّ أُمّتِي لاَ تُطِيقُ ذَلِكَ». ثُمّ جَاءَهُ الرّابِعَةَ فَقَالَ: إِنّ اللهَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمّتُكَ الْقُرْآنَ عَلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ. فَأَيّمَا حَرْفٍ قَرَأُوا عَلَيْهِ، فَقَدْ أَصَابُوا.

ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:، ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى بىر ھەرىپ بىلەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرۇدى، مەن ئاللاھدىن ئەپۇ قىلىپ ساقلىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى سورايمەنكى، ئۈممىتىم ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ھەقىقەتەن ئاللاھ سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى ئىككى ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرىدى دېدى، مەن يەنە شۇ دۇئانى قىلىپ سورىدىم، تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم، ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ، ئۈچ ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى دېدى، مەن يەنە، ئاللاھدىن ئەپۇ قىلىپ، ساقلىشنى، مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەنكى، ئۈممىتىم ئۇنىڭغىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم، تۆتىنچى قېتىم كېلىپ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى يەتتە ھەرىپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرىدى، ئۇلار قايسى ھەرىپ بىلەن ئوقۇسا توغرا ئوقۇغان بولىدۇ دېدى، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، سەھىھ. ئالىملار بۇ يەتتە ھەرىپ دېگەننى يەتتە قەبىلە لۇغىتى، يەتتە خىل ئەرەب تىلى ياكى يەتتە خىل ئىئراب، تاۋۇش بەلگىسى قويۇش، ئەمەلىيەتتە مەنىگە دەخلى ــ تەرۇز قىلمايدۇ، ياكى يەتتە تۈرلۈك مەسىلە بار. ھالال ــ ھارام، مىسال، ئىبرەت، تارىخ ، ۋەئز، قورقۇتۇش، قىزىقتۇرۇش دېگەندەك تەپسىرلەرنى بەردى. مۇھەممەد ئىبنى جەرىير ئۆز تەپسىرىدە بۇ يەتتە ھەرىپنى، ھالال ــ ھارام دېسە خاتالىشىدۇ، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككى خىل ئوقۇغان ساھابىنى توغرا قىلدىڭ، ياخشى قىلدىڭ دېگەن. ئۇنداقتا بىرنى ھالال قىلدىڭ، بىرنى ھارام قىلدىڭ دەپ ھالال ۋە ھارام قىلىشقا يول قويىغان بولمايدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەدىسنىڭ چۈشەنجىسىدىن ئۇ تاۋۇش بەلگىلىرى خالاس، زىر زەۋەر مەسىلىلىرىدۇر، ئەمەلىيەتتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، قۇرئاننى توپلاپ، بىرلا ھەرىپ بىلەن تارقاتتى، بۇ ئىختىلاپنى جېدەل ــ ماجىرالارنى، بىر ــ بىرىنى ئەيىبلەپ، سەن كاپىر، سەن كاپىر دېيىشلەرنى تۈگەتتى دېدى، ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، مانا ئەمدى بارلىق مۇسۇلمانلار، ئىماملار، شۇ بىر ھەرىپ بىلەن ئوقۇۋاتىدۇ ھەم شۇنداق ئوقۇشى لازىم، پىتنە، ئىختىلاپ تېرىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ دېگەن، تەپسىر كىتابلىرىدا، بىر خىللا ئوقۇلىدىغان ئوسمان نۇسخىسىغا يەتتە خىل ئىئراب بەرگىنى تېپىلىدۇ.

## 327 ـــــ باب ترتيل القراءة واجتناب الهذ، وهو الإفراط في السرعة. وإباحة سورتين فأكثر في ركعة

## قرائەتنى ئالدىرىماي دانىمۇ ـ دانە ئوقۇش، تېز سۈرئەتتە ئوقۇشتىن ھەزەر قىلىش، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ سۈرىلەرنى بىر رەكئەت نامازدا قىرائەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

1858 ـ1859 ـ1860 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرِ. جَمِيعاً عَنْ وكِيعِ. قالَ أبُو بَكْرِ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبِي وَائِلِ. قالَ: جَاءَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ نَهِيكُ بْنُ سِنَانٍ إلَى عَبْدِ اللّهِ. فقالَ: يَا أبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ كَيْفَ تَقْرَأُ هَذَا الْحَرْفَ. ألِفاً تَجِدُهُ أمْ يَاءً: مِنْ مَاءٍ غَيْرِ آسنٍ أوْ مِنْ مَاءٍ غَيْرِ يَاسِنٍ؟ قالَ فقالَ عَبْدُ اللّهِ: وَكُلّ الْقُرْآنِ قَدْ أحْصَيْتَ غَيْرَ هَذَا؟ قالَ: إنّي لأقْرَأُ الْمُفصّلَ فِي رَكْعَةٍ. فقالَ عَبْدُ اللّهِ: هَذّا كَهَذّ الشّعْرِ؟ إنّ أقْوَاماً يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ لاَ يُجَاوِزُ تَرَاقِيَهُمْ. ولَكِنْ إذا وَقَعَ فِي الْقَلْبِ فَرَسَخَ فِيهِ، نَفَعَ. إنّ أفْضَلَ الصّلاَةِ الرّكُوعُ وَالسّجُودُ. إنّي لأعْلم النّظَائِرَ الّتِي كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرُنُ بَيْنَهُنّ. سُورَتَيْنِ فِي كُلّ رَكْعَةٍ. ثُمّ قامَ عَبْدُ اللّهِ فَدَخَلَ عَلْقَمَةُ فِي إثْرِهِ. ثُمّ خَرَجَ فقالَ: قَدْ أخْبَرَنِي بِهَا. قالَ ابْنُ نُمَيْرِ فِي رِوَايَتِهِ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي بَجِيلَةَ إلَى عَبْدِ اللّهِ. وَلَمْ يَقُلْ: نَهِيكُ بْنُ سِنَانٍ.

نۇھەيك دېگەن كىشى ئابدۇاللە نىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى ئەبۇ ئابدۇررەھمان! سىلى بۇ ھەرىپنى قانداق ئوقۇيلا؟ ئەلىف ئوقۇيدىغان تاپتىلمۇ؟ياكى يامۇ؟«مىن مائىن غەير ئاسىن»مۇ؟ياكى « غەير ياسىن»مۇ؟دېدى، ئابدۇاللە ؛ سەن قۇرئاننىڭ مۇشۇ ھەرپىدىن باشقا ھەممىسىنى يادا ئېلىپ بولدىڭمۇ؟دېدى، ئۇكىشى (قۇرئاننى كۆپ يادا بىلىدىغىنىنى پەش قىلىپ):مەن كېچىسى بىر رەكئەت نامازغا بارلىق ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇيمەن دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەن قىرائەتنى شېئىرنى تېز دېكلىماتسىيە قىلغاندەك بەك تېز ئوقۇيدىكەنسەن، ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، لېكىن، قۇرئان قەلبكە چۈشۈپ، دىلدا مەھكەم ئورنىسا، ئاندىن مەنپەئەت قىلىدۇ، نامازنىڭ ئەبزىلى رۇكۇ ـ سەجدىلىرى كۆپ بولغىنىدۇر، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر رەكئەت نامازدا، ئىككىدىن سۈرىنى جۈپلاپ ـ جۈپلاپ ئۇقۇغان ، بىر ــ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇششاق سۈرىلىرنى تولۇق بىلىمەن، 20 سۈرىنى 10 رەكئەت نامازغا ئوقۇغان، (ئۇلارنىڭ ئاخىرى «ھامىمم دۇخان» «ئەممە يەتەسائەلۇن»ئىدى،) ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئۆزىنىڭ تۈزگىنى بۇيىنچە،20سۈرىنى بايان قىلغان،بۇخارى، مۇ

1861 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا مَهْدِيّ بْنُ مَيْمُونِ. حَدّثَنَا وَاصِلٌ الأحْدَبُ عَنْ أبِي وَائِلِ. قالَ: غَدَوْنَا عَلَى عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ يَوْماً بَعْدَمَا صَلّيْنَا الْغَدَاةَ. فَسلّمْنَا بِالْبَابِ. فَأذِنَ لَنَا. قالَ فَمَكَثْنَا بِالْبَابِ هُنَيّةً. قالَ فَخَرَجَتِ الْجَارِيَةُ فقالَتْ: ألاَ تَدْخُلُونَ؟ فَدَخَلْنَا. فإذَا هُوَ جَالِسٌ يُسَبّحُ. فقالَ: مَا مَنَعَكُمْ أنْ تَدْخُلُوا وَقَدْ أُذِنَ لَكُمْ؟ فقُلْنَا: لاَ. إلاّ أنّا ظَنَنّا أنّ بَعْضَ أهْلِ الْبَيْتِ نَائِمٌ. قالَ ظَنَنْتُمْ بِآلِ ابْنِ أُمّ عَبْدٍ غَفْلَةً؟ قالَ: ثُمّ أقْبَلَ يُسَبّحُ حَتّى ظَنّ أنّ الشّمْسَ قَدْ طَلَعَتْ. فقالَ: يَا جَارِيَةُ انْظُرِي. هَلْ طَلَعَتْ الشّمْسُ؟ قالَ فَنَظَرَتْ فإذَا هِيَ لَمْ تَطْلُعْ. فَأقْبَلَ يُسَبّحُ. حتّى إذَا ظَنّ أنّ الشّمْسَ قَدْ طَلَعَتْ قالَ: يَا جَارِيَةُ انْظُرِي. هَلْ طَلَعَتْ؟ فَنَظَرَتْ فإذَا هِيَ قَدْ طَلَعَتْ. فقالَ: الْحَمْدُ للهِ الّذِي أقَالَنَا يَوْمَنَا هَذَا. (فقالَ مَهْدِيّ وَأحْسِبُهُ قالَ) وَلَمْ يُهْلِكْنَا بِذُنُوبِنَا. قالَ فقالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: قَرَأْتُ الْمُفصّلَ الْبَارِحَةَ كُلّهُ. قالَ فقالَ عَبْدُ اللّهِ: هَذّا كَهَذّ الشّعْرِ؟ إنّا لَقَدْ سَمِعْنَا الْقَرَائِنَ. وَإنّي لأحْفَظُ الْقَرَائِنَ الّتِي كَانَ يَقْرَؤُهُنّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثَمَانِيَةَ عَشَرَ مِنَ الْمُفصّلِ. وَسُورَتَيْنِ مِنْ آلِ حَم.

ۋاسىل مۇنداق دەيدۇ؛ بىز بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەتىگەندە ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىغا كىلىپ سالام قىلدۇق، بىزگە ئىزنى بىرىلدى، بىز يەنە ئازراق تۇردۇق، ئاندىن بىر قىزچاق (يەنى دېدەك)چىقىپ؛ كىرمەمسىلەر؟دېدى، بىز كىرسەك، ئۇ ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئەيتىۋاتقان ئىكەن، سىلەرگە ئىزنى بىرىلسىمۇ، ئۆيگە كىرىشتىڭلاردىن سىلەرنى نىمە توستى؟دېدى، بىز؛ ئۆيدىكىلەرنىڭ بەزىسىنى ئۇخلاۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلىپتىمىز دېسەك، ئۇ؛ سىلەر مىنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنى غەپلەتتە قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىڭلارمۇ؟ دېدى، ئاندىن ئۇ كۈن چىقتى دەپ گۇمان قىلغانغا قەدەر يەنە تەسبىھ ئەيتتى، ئاندىن ئى قىزچاق! كۈن چىقتىمۇ؟قاراپ باققىن دېدى، ئۇ قارىسا، كۈن تېخى چىقماپتۇ، ئاندىن ئۇ كۈن چىقتى دەپ گۇمان قىلغانغا قەدەر يەنە تەسبىھ ئەيتتى، ئاندىن ئى قىزچاق! كۈن چىقتىمۇ؟قاراپ باققىن دېدى، ئۇ قارىسا، كۈن چىقىپتۇ، ئاندىن ئۇ؛ بارلىق ھەمدۇ ـ سانالەر ، بىزنى گۇناھلىرىمىز سەۋەبلىك ھالاك قىلماي، بۈگۈن بىزدىن ئەپۇ قىلىپ ئۆتنۇەتكەن **الله** قا خاستۇر دېدى، نۇھەيك دېگەن كىشى؛ مەن ئۆتكەن كېچىسى بىر رەكئەت نامازغا بارلىق ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇدۇم دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سەن قىرائەتنى شېئىرنى تىز دېكلىماتسىيە قىلغاندەك بەك تىز ئوقۇيدىكەنسەن، ھەقىقەتەن بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر رەكئەت نامازدا، ئىككىدىن سۈرىنى جۈپلاپ ـ جۈپلاپ ئۇقۇيدىغان ، بىر_ بىرىگە ئوخشاپ كىتىدىغان ئۇششاق سۈرىلىرىنى تولۇق بىلىمىز،مەن ئۇنى يادا ئالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇپەسسەل ئۇششاق سۈرىلەردىن 18 نى ، ھامىم سۈرىللىرىدىن ئىككىنى (ئون رەكئەت نامازغا)ئوقۇغان ئىدى دېدى.

**1862 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ الْجُعْفِيّ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ شَقِيقٍ. قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي بَجِيلَةَ، يُقَالُ لَهُ نَهِيكُ بْنُ سِنَانٍ، إلى عَبْدِ اللّهِ. فقَالَ: إنّي أقْرَأُ الْمُفَصّلَ فِي ركْعَةٍ. فقَالَ عَبْدُ اللّهِ: هَذَا كَهَذّ الشّعْرِ؟ لَقَدْ عَلِمْتُ النّظَائِرَ الّتِي كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ بِهِنّ. سُورَتَيْنِ فِي رَكْعَةٍ.**
**1863 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ أَنّهُ سَمِعَ  أَبَا وَائِلٍ يُحَدّثُ أَنّ رَجُلاً جَاءَ إِلَى ابْنِ مَسْعُودٍ فقَالَ: إنّي قَرَأْتُ الْمُفَصّلَ اللّيْلَةَ كُلّهُ فِي رَكْعَةٍ. فقَالَ عَبْدُ اللّهِ: هَذّا كَهَذّ الشّعْرِ؟ فقَالَ عَبْدُ اللّهِ: لَقَدْ عَرَفْتُ النّظَائِرَ الّتِي كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرُنُ بَيْنَهُنّ. قَالَ فَذَكَرَ عِشْرِينَ سُورَةً مِنَ الْمُفَصّلِ. سُورَتَيْنِ سُورَتَيْنِ فِي كُلّ رَكْعَةٍ.**

نۇھەيك دېگەن كىشى كىلىپ؛ مەن كېچىسى بىر رەكئەت نامازغا بارلىق ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇيمەن دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سەن قىرائەتنى شېئىرنى تىز دېكلىماتسىيە قىلغاندەك بەك تىز ئوقۇيدىكەنسەن، ھەقىقەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر رەكئەت نامازدا، ئىككىدىن سۈرىنى جۈپلاپ ـ جۈپلاپ ئۇقۇيدىغان ، بىر _ بىرىگە ئوخشاپ كىتىدىغان ئۇششاق سۈرىلەرنى تولۇق بىلىمەن،

ئۇلارنىڭ ئاخىرى «ھامىم دۇخان» «ئەممە يەتەسائەلۇن»ئىدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئۆزىنىڭ تۇزگىنى بويىنچە،20سۈرىنى بايان قىلغان . بۇخارى، مۇسلىم.

## 328 ــــــ باب ما يتعلق بالقراءات قىرائەتلەرگە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا

**1864 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُس. حَدّثنا زُهَيْرٌ. حَدّثنا أبُو إسْحَقَ. قَالَ: رَأَيْتُ رَجُلاً سَأَلَ الأَسْوَدَ بْنَ يَزِيدَ، وَهُوَ يُعَلّمُ الْقُرْآنَ فِي الْمَسْجِدِ. فَقَالَ: كَيْفَ تَقْرَأُ هَذِهِ الآيَةَ؟ فَهَلْ مِنْ مُدّكِرٍ؟ أَدَالاً أمْ ذَالاً؟ قَالَ: بَلْ دَالاً: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «مُدّكِرٍ» دَالاً.**
**1865 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ أبِي إسْحَقَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ كَانَ يَقْرَأُ هَذَا الْحَرْفَ «فَهَلْ مِنْ مُدّكِرٍ».**

ئەسۋەد رەھ مەسجىدتە قۇرئان ئۆگىتىۋاتسا، بىركىشى ئۇنىڭدىن سەن بۇ ئايەتنى قانداق ئوقۇيسەن؟ «فەھەل مىن مۇددەككىر» دەپ دال بىلەن ئوقۇمسەن؟ ياكى زال بىلەنمۇ؟دىدى، ئۇ؛ مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «فەھەل مىن مۇددەككىر» دەپ دال بىلەن ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،دەيدۇ، دىدى.

**1866 ـ 1867 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ و أبُو كُرَيْبٍ. (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) قَالاَ: حَدّثنا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ. قَالَ: قَدِمْنَا الشّامَ. فَأتَانَا أبُو الدّرْدَاءِ فَقَالَ: أفِيكُمْ أحَدٌ يَقْرَأُ عَلَى قِرَاءَةِ عَبْدِ اللّهِ؟ فَقُلْتُ: نَعَمْ. أنَا. قَالَ: فَكَيْفَ سَمِعْتَ عَبْدَ اللّهِ يَقْرَأُ هَذِهِ الآيَةَ؟ وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى. قَالَ: سَمِعْتُهُ يَقْرَأُ: وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى وَالذّكَرِ وَالأُنْثَى قَالَ: وَأنَا وَاللهِ هَكَذَا سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَؤُهَا. وَلَكِنْ هَؤُلاَءِ يُرِيدُونَ أنْ أقْرَأَ: وَمَا خَلَقَ. فَلاَ أُتَابِعُهُمْ.**

ئەلقەمەت مۇنداق دەيدۇ؛ بىز شامغا بارغاندا قىشمىزغا ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىلىپ؛ ئاراڭلاردا ئابدۇللاھ نىڭ قىرائىتىدەك قىرائەت قىلالايدىغان كىشى بارمۇ؟دىدى، مەن؛ ھەئە، مەن شۇنداق قىرائەت قىلالايمەن دىسەم، ئۇ؛ سەن ئابدۇللاھ نىڭ «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا....»دىگەن بۇ ئايەتنى قانداق قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭ؟ دىدى، مەن؛ مەن ئۇنىڭ بۇ ئايەتنى «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا ۋە ززەكەرى ۋە لئۇنسا....»دەپ ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم دىدىم، ئاندىن ئۇ؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ بۇ ئايەتنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەنەشۇنداق ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،لىكىن، ئاۋۇ كىشلەر مىنىڭ «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا،ۋەننەھارى ئىزا تەجەللا، ۋەماخەلەقە ززەكەرە ۋە لئۇنسا....»دەپ ئوقۇشۇمنى ئىرادە قىلىشىدۇ، مەن ئۇلارغا ئەگەشمەيمەن دىدى.

**1868 ـ1869 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ دَاوُدَ بْنِ أبِي هِنْدٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ: لَقِيتُ أبَا الدّرْدَاءِ. فَقَالَ لِي: مِمّنْ أنْتَ؟ قُلْتُ: مِنْ أهْلِ الْعِرَاقِ. قَالَ: مِنْ أيّهِمْ؟ قُلْتُ: مِنْ أهْلِ الْكُوفَةِ. قَالَ: هَلْ تَقْرَأُ عَلَى قِرَاءَةِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَسْعُودٍ؟ قَالَ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: فَاقْرَأْ: وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى. قَالَ فَقَرَأْتُ: وَاللّيْلِ إذَا يَغْشَى وَالنّهَارِ إذَا تَجَلّى وَالذّكَرِ وَالأُنْثَى. قَالَ فَضَحِكَ ثُمّ قَالَ: هَكَذَا سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَؤُهَا.**

ئەلقەمەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچراشقاندا، ئۇ ماڭا؛ سەن كىمدىن بولىسەن؟ دىدى، مەن؛ ئىراق ئەھلىدىن بولىمەن دىسەم، ئۇ؛ ئۇلارنىڭ قايسىسىدىن بولىسەن؟دىدى، مەن؛ كۇفە ئەھلىدىن

دېسەم، ئۇ؛ سەن ئابدۇاللە نىڭ قىرائىتىدەك قىرائەت قىلالامسەن؟دېدى، مەن؛ ھەئە، مەن شۇنداق قىرائەت قىلالايمەن دېسەم، ئۇ؛ ئۇنداق بولسا سەن «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا....»دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ باققىن دېدى، مەن؛ «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا،ۋەننەھارى ئىزا تەجەللا، ۋە ززەكەرى ۋە لئۇنسا....»دەپ ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇ كۈلۈپ كېتىپ؛ (اللە بىلەن قەسەمكى)، مەنمۇ بۇ ئايەتنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەنەشۇنداق ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،دېدى.

## 329 ــ باب الأَوقات التي نهى عن الصلاة فيها ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتلار توغرىسىدا

1870 ـ حدّثنا يَحيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ مُحمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ الصّلاَةِ بَعْدَ الْعَصْرِ، حَتّى تَغْرُبَ الشّمْسُ. وَعَنِ الصّلاَةِ بَعْدَ الصّبْحِ، حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ.
1871 ـ1872 ـ وحدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ وَإِسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ. جَمِيعاً عَنْ هُشَيْمٍ. قالَ دَاوُدُ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا مَنْصُورٌ عَنْ قَتَادَةَ. قالَ: أَخْبَرَنَا أَبُو الْعَالِيَةِ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: سَمِعْتُ غَيْرَ وَاحِدٍ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. مِنْهُمْ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ. وكَانَ أَحَبّهُمْ إِلَيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنِ الصّلاَةِ بَعْدَ الْفَجْرِ، حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ. وَبَعْدَ الْعَصْرِ. حَتّى تَغْرُبَ الشّمْسُ.

ئەبۇھۇرەيرە،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتتىن كېيىن كۈن چىقىپ بولمىغىچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغىچە نەپلە ناماز ئوقۇشدىن توسقان. بەيھەقى، نەسەئى.

1873 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ: أَنّ ابْنَ شِهَابٍ أَخْبَرَهُ قالَ: أَخْبَرَنِي عَطَاءُ بْنُ يَزِيدَ اللّيْثِيّ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ صَلاَةَ بَعْدَ صَلاَةِ الْعَصْرِ حَتّى تَغْرُبَ الشّمْسُ. وَلاَ صَلاَةَ بَعْدَ صَلاَةِ الْفَجْرِ حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ».

ئەبۇ سەئىد ،ئومەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن كۆتۈرۈلمىگىچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغىچە ناماز يوق، (يەنى بۇ چاغدا نەپلە سۈننەت ئوقۇلمايدۇ). بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1874 ـ حدّثنا يَحيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ يَتَحَرّى أَحَدُكُمْ فَيُصَلّي عِنْدَ طُلُوعِ الشّمْسِ وَلاَ عِنْدَ غُرُوبِهَا».
1875 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبي وَمُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ. قالاَ: جَمِيعاً: حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَحَرّوْا بِصَلاَتِكُمْ طُلُوعَ الشّمْسِ وَلاَ غُرُوبَهَا. فَإِنّهَا تَطْلُعُ بِقَرْنَي شَيْطَانٍ».
1876 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبي وَ ابْنُ بِشْرٍ. قالُوا جَمِيعاً: حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا بَدَا حَاجِبُ الشّمْسِ، فَأَخّرُوا الصّلاَةَ حَتّى تَبْرُزَ. وَإِذَا غَابَ حَاجِبُ الشّمْسِ، فَأَخّرُوا الصّلاَةَ حَتّى تَغِيبَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىنچىلار كۈن چىقىۋاتقاندا، كۈن كىرىۋاتقاندا ناماز ئوقۇمىسۇن، جاھىللىق قىلىپ،بۇچاغلاردا نامازنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالماڭلار. قۇياشنىڭ بىر تەرىپى ، گىرۋىكى ئاشكارا بولغاندا، كۈن ھەققى چىقىپ بولغۇچە، بامدات نامىزىنى تەخىر قىلىپ كېچىكتۈرۈڭلار، قۇياشنىڭ بىر تەرىپى كىرىشكە باشلىغاندا بولسا، يەنىلا پۈتۈنلەي غايىپ بولغۇچە

نامازنى كېچىكتۈرۈپ  تەرىك ئېتىپ  تۇرۇڭلار، (يەنى ھەقىقى چىقىپ ــ كىرىپ بولغاندا، ئاندىن ئوقۇڭلار    )، چۈنكى كۈن، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،      مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار، بۇ دېگەنلىك، كۈپپارلار كۈنگە سەجدە قىلسا، شەيتان شۇ تەرەپكە ئۆتىۋالىدۇ ياكى شەيتان مەشرىق  ــ مەغرىپنى ئىگىلەپ، ھەممە جاينى پىتنە ــ پاسادقا تولۇپ ئازدۇرغاچقا، خۇددى مەشرىق ــ مەغرىپ پادىشاھىنى زۇلقەرنەيىن دېگەندەك ، ئىككى مۈڭگۈزى دەپ ئاتالغان دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى ئۆزى بىلىدۇ.

**1877 ـ1878 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ خَيْرِ بْنِ نُعَيْمٍ الْحَضْرَمِيّ، عَنِ ابْنِ هُبَيْرَةَ، عَنْ أَبِي تَمِيمٍ الْجَيْشَانِيّ، عَنْ أَبِي بَصْرَةَ الْغِفَارِيّ قَالَ: صَلّى بِنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعَصْرَ بِالْمُخَمّصِ. فَقَالَ: «إِنّ هَذِهِ الصّلاَةَ عُرِضَتْ عَلَى مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ فَضَيّعُوهَا. فَمَنْ حَافَظَ عَلَيْهَا كَانَ لَهُ أَجْرُهُ مَرّتَيْنِ. وَلاَ صَلاَةَ بَعْدَهَا حَتّى يَطْلُعَ الشّاهِدُ» (وَالشّاهِدُ النّجْمُ).**

ئەبۇ بەسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بىزگە مۇخەممەس دېگەن جايدا ، ئەسىر نامىزىنى ئۇقۇپ بىرىپ   مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ ناماز يەنى ئەسىر نامىزى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشلەرگە تەڭلەندى، پەرز قىلىندى، لېكىن، ئۇلار بۇ نامازنى زايا قىلىپ  تەرىك ئەتتى، بۇگۈن سىلەردىن كىم بۇ ئەسىر نامىزىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجىر بولىدۇ، ئىككى ئەجىرنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ، شاھىد، يەنى يۇلتۇز ئاشكارا بولمىغۇچە ،(يەنى كۈن كىرىپ مىگىچە)  ئەسىردىن كېيىن ناماز يوق . مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**1879 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْب عَنْ مُوسَى بْنِ عُلَيَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: سَمِعْتُ  عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ الْجُهَنِيّ يَقُولُ: ثَلاَثُ سَاعَاتٍ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْهَانَا أَنْ نُصَلّيَ فِيهِنّ. أَوْ أَنْ نَقْبُرَ فِيهِنّ مَوْتَانَا: حِينَ تَطْلُعُ الشّمْسُ بَازِغَةً حَتّى تَرْتَفِعَ. وَحِينَ يَقُومُ قَائِمُ الظّهِيرَةِ حَتّى تَمِيلَ الشّمْسُ. وَحِينَ تَضَيّفُ الشّمْسُ لِلْغُرُوبِ حَتّى تَغْرُبَ.**

ئۇقبەت ئىبنى ئامىر  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۈچ ۋاقىت بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇ سائەتلەردە نامازئۇقۇشىمىزدىن ياكى مېيىتلەرنى قەبرىگە دەپنە قىلىشىمىزدىن توساتتى، كۈن ئاشكارا چىققاندىن باشلاپ، ئۇستۇن كۆتۈرۈلگىچە، كۈن چىڭ چۈشتە تىكلەشكەندىن باشلاپ، كۈن قەرىلگىچە، كۈن كىرىشكە مايىل بولغاندىن باشلاپ كىرىپ بولغىچە نامازدىن توساتتى.

## 330 ـــــ *باب إسلام عمرو بن عبسة*   ئەمرۇئىبنى ئەبەسەتنىڭ مۇسۇلمان بۇلىشى توغرىسىدا

**1880 ـ حدّثني أَحْمَدُ بْنُ جَعْفَرٍ الْمَعْقِرِيّ. حَدّثَنَا النّضْرُ بْنُ مُحَمّدٍ. حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. حَدّثَنَا شَدّادُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ أَبُو عَمّارٍ، وَيَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ (قَالَ  عِكْرِمَةُ: وَلَقِيَ  شَدّادٌ أَبَا أُمَامَةَ وَوَاثِلَةَ. وَصَحِبَ أَنَساً إِلَى الشّامِ. وَأَثْنَى عَلَيْهِ فَضْلاً وَخَيْراً) عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ، قَالَ  عَمْرُو بْنُ عَبَسَةَ السّلَمِيّ كُنْتُ، وَأَنَا فِي الْجَاهِلِيّةِ، أَظُنّ أَنّ النّاسَ عَلَى ضَلاَلَةٍ. وَأَنّهُمْ لَيْسُوا عَلَى شَيْءٍ. وَهُمْ يَعْبُدُونَ الأَوْثَانَ. فَسَمِعْتُ بِرَجُلٍ بِمَكّةَ يُخْبِرُ أَخْبَاراً. فَقَعَدْتُ عَلَى رَاحِلَتِي. فَقَدِمْتُ عَلَيْهِ. فَإِذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُسْتَخْفِياً، جُرَءَاءُ عَلَيْهِ قَوْمُهُ. فَتَلَطّفْتُ حَتّى دَخَلْتُ عَلَيْهِ بِمَكّةَ. فَقُلْتُ لَهُ: مَا أَنْتَ؟ قَالَ: «أَنَا نَبِيّ» فَقُلْتُ: وَمَا نَبِيّ؟ قَالَ: «أَرْسَلَنِي اللهُ» فَقُلْتُ: وَبِأَيّ شَيْءٍ أَرْسَلَكَ؟ قَالَ: «أَرْسَلَنِي بِصِلَةِ الأَرْحَامِ وَكَسْرِ الأَوْثَانِ وَأَنْ يُوَحّدَ اللهُ لاَ يُشْرَكُ بِهِ شَيْءٌ» قُلْتُ لَهُ: فَمَنْ مَعَكَ عَلَى هَذَا؟ قَالَ: «حُرّ وَعَبْدٌ» (قَالَ وَمَعَهُ يَوْمَئِذٍ أَبُو بَكْرٍ وَبِلاَلٌ مِمّنْ آمَنَ بِهِ) فَقُلْتُ: إِنّي مُتّبِعُكَ. قَالَ: «إِنّكَ لاَ تَسْتَطِيعُ ذَلِكَ يَوْمَكَ هَذَا. أَلاَ تَرَى حَالِي وَحَالَ النّاسِ؟ وَلَكِنِ ارْجِعْ إِلَى أَهْلِكَ. فَإِذَا سَمِعْتَ بِي قَدْ ظَهَرْتُ فَأْتِنِي» قَالَ فَذَهَبْتُ إِلَى أَهْلِي. وَقَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى**

اللہ عليه وسلم الْمَدِينَةَ. وَكُنْتُ فِي أَهْلِي. فَجَعَلْتُ أَتَخَبَّرُ الأَخْبَارَ وَأَسْأَلُ النّاسَ حِينَ قَدِمَ الْمَدِينَةَ. حَتّى قَدِمَ عَلَيّ نَفَرٌ مِنْ أَهْلِ يَثْرِبَ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ. فَقُلْتُ: مَا فَعَلَ هَذَا الرّجُلُ الّذِي قَدِمَ الْمَدِينَةَ؟ فَقَالُوا: النّاسُ إِلَيْهِ سِرَاعٌ. وَقَدْ أَرَادَ قَوْمُهُ قَتْلَهُ فَلَمْ يَسْتَطِيعُوا ذَلِكَ. فَقَدِمْتُ الْمَدِينَةَ. فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ، أَتَعْرِفُنِي؟ قَالَ: «نَعَمْ. أَنْتَ الّذِي لَقِيتَنِي بِمَكّةَ؟» قَالَ فَقُلْتُ: بَلَى. فَقُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ أَخْبِرْنِي عَمّا عَلّمَكَ اللہ وَأَجْهَلُهُ. أَخْبِرْنِي عَنِ الصّلاَةِ؟ قَالَ: «صَلّ صَلاَةَ الصّبْحِ. ثُمّ أَقْصِرْ عَنِ الصّلاَةِ حَتّى تَطْلُعَ الشّمْسُ حَتّى تَرْتَفِعَ. فَإِنّهَا تَطْلُعُ حِينَ تَطْلُعُ بَيْنَ قَرْنَيْ شَيْطَانٍ. وَحِينَئِذٍ يَسْجُدُ لَهَا الْكُفّارُ. ثُمّ صَلّ. فَإِنّ الصّلاَةَ مَشْهُودَةٌ مَحْضُورَةٌ. حَتّى يَسْتَقِلّ الظّلّ بِالرّمْحِ. ثُمّ أَقْصِرْ عَنِ الصّلاَةِ. فَإِنّ حِينَئِذٍ، تُسْجَرُ جَهَنّمُ. فَإِذَا أَقْبَلَ الْفَيْءُ فَصَلّ. فَإِنّ الصّلاَةَ مَشْهُودَةٌ مَحْضُورَةٌ. حَتّى تُصَلّيَ الْعَصْرَ. ثُمّ أَقْصِرْ عَنِ الصّلاَةِ. حَتّى تَغْرُبَ الشّمْسُ. فَإِنّهَا تَغْرُبُ بَيْنَ قَرْنَيْ شَيْطَانٍ. وَحِينَئِذٍ يَسْجُدُ لَهَا الْكُفّارُ». قَالَ فَقُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ فَالْوُضُوءُ؟ حَدّثْنِي عَنْهُ. قَالَ: «مَا مِنْكُمْ رَجُلٌ يُقَرّبُ وَضُوءَهُ فَيَتَمَضْمَضُ وَيَسْتَنْشِقُ فَيَنْتَثِرُ إِلاّ خَرّتْ خَطَايَا وَجْهِهِ وَفِيهِ وَخَيَاشِيمِهِ. ثُمّ إِذَا غَسَلَ وَجْهَهُ كَمَا أَمَرَهُ اللہ إِلاّ خَرّتْ خَطَايَا وَجْهِهِ مِنْ أَطْرَافِ لِحْيَتِهِ مَعَ الْمَاءِ. ثُمّ يَغْسِلُ يَدَيْهِ إِلَى الْمِرْفَقَيْنِ إِلاّ خَرّتْ خَطَايَا يَدَيْهِ مِنْ أَنَامِلِهِ مَعَ الْمَاءِ. ثُمّ يَمْسَحُ رَأْسَهُ إِلاّ خَرّتْ خَطَايَا رَأْسِهِ مِنْ أَطْرَافِ شَعْرِهِ مَعَ الْمَاءِ. ثُمّ يَغْسِلُ قَدَمَيْهِ إِلَى الْكَعْبَيْنِ إِلاّ خَرّتْ خَطَايَا رِجْلَيْهِ مِنْ أَنَامِلِهِ مَعَ الْمَاءِ. فَإِنْ هُوَ قَامَ فَصَلّى، فَحَمِدَ اللہ وَأَثْنَى عَلَيْهِ، وَمَجّدَهُ بِالّذِي هُوَ لَهُ أَهْلٌ، وَفَرّغَ قَلْبَهُ للہ، إِلاّ انْصَرَفَ مِنْ خَطِيئَتِهِ كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ وَلَدَتْهُ أُمّهُ» فَحَدّثَ عَمْرُو بْنُ عَبَسَةَ بِهَذَا الْحَدِيثِ أَبَا أُمَامَةَ صَاحِبَ رَسُولِ اللّهِ صلى اللہ عليه وسلم. فَقَالَ لَهُ أَبُو أُمَامَةَ: يَا عَمْرُو بْنَ عَبَسَةَ انْظُرْ مَا تَقُولُ فِي مَقَامٍ وَاحِدٍ يُعْطَى هَذَا الرّجُلُ؟ فَقَالَ عَمْرٌو. يَا أَبَا أُمَامَةَ لَقَدْ كَبِرَتْ سِنّي، وَرَقّ عَظْمِي، وَاقْتَرَبَ أَجَلِي، وَمَا بِي حَاجَةٌ أَنْ أَكْذِبَ عَلَى اللّهِ، وَلاَ عَلَى رَسُولِ اللّهِ. لَوْ لَمْ أَسْمَعْهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى اللہ عليه وسلم إِلاّ مَرّةً أَوْ مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً (حَتّى عَدّ سَبْعَ مَرّاتٍ) مَا حَدّثْتُ بِهِ أَبَداً. وَلَكِنّي سَمِعْتُهُ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ.

ئەمرۇ ئىبنى ئەنبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇندىن مۇنداق دەيدۇ:مەن جاھالىيەتتىكى ۋاختىمدا كىشىلەرنى توغرا يول ئۈستىدە ئەمەس بەلكى، زالالەت،ئازغۇنلۇق ئۈستىدە دەپ گۇمان قىلاتتىم، چۈنكى ئۇلار بۇتلارغا چوقۇناتتى، كېيىن مەن مەككىدە بىر كىشىنىڭ ئاجايىب ـ غارايىب خەۋەرلەرنى خەۋەر قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۆگەمگە مىنىپ كەلسەم، ناگاھان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، قەۋمى ئۇنىڭغا غەزەب قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقتىن مەخپى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىكەن، مەن مەككىدە ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ، مەخپى ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ؛ سەن قانداق ئادەم؟دېسەم، ئۇ؛ مەن پەيغەمبەر دېدى، مەن؛ پەيغەمبەر دېگەن قانداق كىشى؟دىسەم، ئۇ؛ مېنى **اللہ** تائالا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى دېدى، مەن؛ سېنى **اللہ** تائالا قانداق نەرسىلەر بىلەن ئەۋەتتى؟دېسەم، ئۇ؛ **اللہ** تائالا مېنى سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىشقا، **اللہ** نى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇپ ئەۋەتتى دېدى، مەن؛ بۇ دىن ئۈستىدە سەن بىلەن كىم ـ كىملەر بىللە بولالايدۇ؟دېسەم، ئۇ؛ ھۆرئادەم ۋە قۇللارمۇ بىللە بولالايدۇ دېدى ـ شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئىمان ئەيتقانلاردىن ئەبۇبەكرى بىلەن بىلال بىللە بار ئىكەن ـ مەن؛ مەن سىلىگە ئەگىشىمەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛سەن بۇگۈنكى كۈنلۈكدە ماڭا ئەگىشىشكە قادىر بولالمايسەن، مېنىڭ ھالىمنى ۋە كىشىلەرنىڭ ھالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ لېكىن سەن ئەھلىڭگە قايتىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئۇچۇق ئاشكارا چىققىنىمنى ئاڭلىغاندا قېشىمغا كەلگىن دېدى، مەن ئەھلىمگە قايتىپ كەتتىم، كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەپتۇ، مەن ئەھلىم ئارىسىدا تۇرۇپ، كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ خەۋەر ئېنىقلاۋاتاتتىم، كېيىن قېشىمغا مەدىنە ئەھلىدىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەر كېلىپ قالدى، مەن ئۇلاردىن؛مەدىنىگە كەلگەن بۇ كىشى نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟دەپ سورىسام، ئۇلار؛ كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىرىشىۋاتىدۇ، قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ئىرادە قىلىپ، قادىر بولالماپتۇ دېدى، ئاندىن مەن مەدىنىگە كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ؛ ئى **اللہ** نىڭ ئەلچىسى! مېنى تونۇدىلىمۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ ھەئە، سەن ماڭا مەككىدە ئۇچراشقان ھېلىقى كىشى شۇغۇ دېدى، مەن؛ شۇنداق ، مەن ئەسلىرىدە بار ئىكەنمەن، ئى **اللہ** نىڭ پەيغەمبىرى! **اللہ** سىلىگە ئۆگەتكەن، مەن بىلمىگەن نەرسىلەردىن ماڭا خەۋەر قىلسىلا، ماڭا نامازدىن خەۋەرقىلىپ، دەپ بەرسىلە دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : سەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن چىقىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ناماز ئوقۇماي تۇر، چۈنكى، قۇياش چىققاندا شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى

ئارىسىدىن چىقىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، ھەققەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ، گۇۋاھلىق بېرىدۇ، سايە، نەيزە بىلەن تىكلەشكەندە يەنى كۈن تىكلەشكەن چۈشتە ناماز ئوقۇماي تۇر، شۇ چاغدا جەھەننەمگە ئوت يېقىلىدۇ. كۈن قايرىلىپ، سايە يانتۇ بولۇپ، ئالدىنى قىلغاندا ، ناماز ئوقۇغىن، ھەققەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، نامازغا گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، ئەسرنى ئوقۇغانغا قەدەر ناماز ئوقىساڭ بولىدۇ، ئەسرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن كىرىپ بولغانغا قەدەر ناماز ئوقۇشتىن توختاپ تۇرغىن، چۈنكى، قۇياش شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىغا كىرىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ،دېدى. مەن :ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى!تاھارەتچۇ؟، ماڭا تاھارەت توغرىسىدىمۇ دەپ بەرسىلە دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەردىن بىر كىشى تاھارەت سۈيىنى ئېلىپ تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ، مەز ــ مەز قىلىپ، سۈنى تۆكۈرسە، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سىرتىغا پۈركسە، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ، ئاغزىنىڭ، بۇرنىنىڭ خاتالىقلىرى چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن يۈزىنى ئاللاھ بۇيرىغاندەك يۇسا، يۈزىنىڭ خاتالىقلىرى، ساقاللىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇسا، ئىككى قولىنىڭ خاتالىقلىرى، بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بېشىغا ئاللاھ بۇيرىغاندەك مەسىھ قىلسا، بېشىنىڭ خاتالىقلىرى چاچلىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ سۇ بىلەن بىرگە تۆكۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككى پۇتىنى ئىككى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇسا، يەنە كېلىپ ئاللاھ بۇيرىغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يۇسا، ئىككى پۇتىنىڭ خاتالىقلىرى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ، سۇ بىلەن قالماي يۇيۇلۇپ،چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇ تاھارەتتىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ــ سانا ئېيتسا، ئاللاھ ئەھلى بولغان ئاللاھقا لايىق زىكرى ــ تەسبىھلەر بىلەن ئاللاھنى ئۇلۇغلىسا، قەلبىنى پۈتۈن دۇنيادىن پەقەت بىر ئاللاھقىلا پارىغ قىلالىسا، ئۇ نامازدىن قايتقاندا خاتالىقلىرىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك ــ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ،دېدى. ئەمرۇ ئىبنى ئەنبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛يېشىم چوڭىيىپ، ئەجىلىم يېقىنلىشىپ قالدى، مىنىڭ **الله** قا ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە يالغان سۆزلەشكە قىلچە ھاجىتىم يوقتۇر، مەن بۇ ھەدىسنى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىمىغان بولسام، سۆزلىمىگەن بولاتتىم، مەن بۇ ھەدىسنى يەتتە قېتىمدىن كۆپرەك ئاڭلىغان ئىدىم. ئەھمەد 16405 ــ ھەدىس، مۇسلىمنىڭ دېسكا 1374 ــ ھەدىس سەھىھ

## 331 ـــــ باب لا تتحروا بصلاتكم طلوع الشمس ولا غروبها

1881 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ حاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ عَنْ أبيهِ عَنْ عَائِشَةَ أنّهَا قَالَتْ: وَهِمَ عُمَرُ إنّمَا نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ يُتَحَرّى طُلُوعُ الشّمْسِ وَغُرُوبُهَا.

1882 ـ وحدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أبيهِ عَنْ عَائِشَةَ أنّهَا قَالَتْ: لَمْ يَدَعْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الرّكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ، قَالَ فَقَالَتْ عَائِشَةُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَتَحَرّوْا طُلُوعَ الشّمْسِ وَلاَ غُرُوبَهَا. فَتُصَلّوا عِنْدَ ذَلِكَ».

ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كۈن چىقىۋاتقاندا، كۈن كىرىۋاتقاندا نامازنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالماڭلار، يەنى بۇ چاغدا ناماز ئوقۇماڭلار. چۈنكى، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى.

## ئەسردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنىڭ قانداق ناماز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش توغرىسىدا

1883 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ. حدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ) عَنْ بُكَيْرٍ، عَنْ كُرَيْبٍ مَوْلَى ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ و عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ أَزْهَرَ وَ الْمِسوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ أَرْسَلُوهُ إِلَىَ عَائِشَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فقَالُوا: اقرَأْ عَلَيْهَا السّلاَمَ مِنّا جَمِيعاً وَسَلْهَا عَنِ الرّكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ. وَقُلْ: إِنّا أُخْبِرْنَا أَنّكِ تُصَلّينَهُمَا. وَقَدْ بَلَغَنَا أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْهُمَا قالَ ابْنُ عَبّاسٍ: وَكُنْتُ أضرب مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ النّاسَ عَلَيْها. قالَ كُرَيْبٌ: فَدَخَلْتُ عَلَيْهَا وَبَلّغْتُهَا مَا أَرْسَلُونِي بِهِ. فَقَالَتْ: سَلْ أُمّ سَلَمَةَ. فَخَرَجْتُ إِلَيْهِم فَأَخْبَرْتُهُمْ بِقَولِهَ. فَرَدّونِي إِلَىَ أُمّ سَلَمَةَ، بِمِثْلِ مَا أَرْسَلُونِي بِهِ إِلَىَ عَائِشَةَ. فَقَالَتْ أُمّ سَلَمَةَ: سَمِعتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْهَى عَنْهُمَا. ثُمّ رَأَيْتُهُ يُصَلّيهِمَا. أَمّا حِينَ صَلاّهُمَا فَإِنّهُ صَلّى الْعَصْرَ. ثُمّ دَخَلَ وَعِنْدِي نِسْوَةٌ مِنْ بَنِي حَرَامٍ مِنَ الأَنْصَارِ. فَصَلاّهُمَا. فَأَرْسَلْتُ إِلَيْهِ الْجَارِيَةَ فَقُلْتُ: قُومِي بِجَنْبِهِ فَقُولِي لَهُ: تَقُولُ أُمّ سَلَمَةَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي أَسْمَعُكَ تَنْهَىَ عَنْ هَاتَيْنِ الرّكْعَتَيْنِ. وَأَرَاكَ تُصَلّيهِمَا؟ فَإِنْ أَشَارَ بِيَدِهِ فَاسْتَأْخِرِي عَنْهُ. قَالَ فَفَعَلَتِ الْجَارِيَةُ. فَأَشَارَ بِيَدِهِ. فَاسْتَأْخَرَتْ عَنْهُ. فَلَمّا انْصَرَفَ قَالَ: «يَا بِنْتَ أَبِي أُمَيّةَ سَأَلْتِ عَنِ الرّكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ. إِنّهُ أَتَانِي نَاسٌ مِنْ عَبْدِ الْقَيْسِ بِالإِسْلاَمِ مِنْ قَوْمِهِمْ. فَشَغَلُونِي عَنِ الرّكْعَتَيْنِ اللّتَيْنِ بَعْدَ الظّهْرِ. فَهُمَا هَاتَانِ».

كۇرەيب رەھمەھۇاللە مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن ئىبنى ئابباس ، مىسۋەر، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مېنى ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا : سەن بىزدىن سالام يوللاپ، ئەسىرنامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدا سوراپ كەل، سىلى بۇ نامازنى ئوقۇيدىكەنلا، بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن توسقانلىق خەۋىرى يەتكەن ئىدى، ئىبنى ئاباس؛ مەن ئۆمەر بىلەن بىللە ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنى ئۇراتتىم دەيدۇ، دېگىن دەپ ئەۋەتتى، مەن ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ مېنى ئەۋەتىشىدىكى مەخسىتىنى يەتكۈزدۇم، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا:سەن بۇتوغرىسىدا ئۇممە سەلەمەت رەزىيە للاھۇ ئەنھادىن سورىغىن دېدى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ چىقسام،ئۇلار مېنى ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاماڭا:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازدىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،كېيىن يانا ئۆزى ئۇقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئۆيگەكىرگەندە، بىرقىزچاقنى سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دىگىن؛ دەپ ئەۋەتتىم:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا سىلىدىن:مەن سىلىنىڭ ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازدىن توسقانلىقلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم،كېيىن يانا ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۈم، بۇ نىمە ئىش ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ،دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى! سەن ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز توغرىسىدىن سوراپ قالدىڭ، ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى. ھەقىقەتەن ماڭا ئابدۇقەيسنىڭ ئەلچىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ، مېنى پېشىندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن مەشغۇل قىلىپ تۇسۇپ قويدى، ئۇ ئەسىردىن كېيىنكى، مەن ئوقۇغان ئىككى رەكئەت ناماز بولسا، شۇ ئىككى

رەكئەت سۈننەت ئىدى، دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغا، سەھىھ. (بۇ ھەدىستىن سۈننەت نامازنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدۇ، ھەم قىلىنىدۇ).

1884 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قالَ ابْنُ أَيّوبَ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ). أَخْبَرَنِي مُحَمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ أَبِي حَرْمَلَةَ) قالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ أَنّهُ سَأَلَ عَائِشَةَ عَنِ السّجْدَتَيْنِ اللّتَيْنِ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّيهِمَا بَعْدَ الْعَصْرِ؟ فقالَتْ: كَانَ يُصَلّيهِمَا قَبْلَ الْعَصْرِ ثُمّ إِنّهُ شُغِلَ عَنْهُمَا أَوْ نَسِيَهُمَا فَصَلاّهُمَا بَعْدَ الْعَصْرِ. ثُمّ أَثْبَتَهُمَا. وكَانَ إِذَا صَلَى صَلاَةً أثبتها. (قالَ يَحْيَى بْنُ أَيُوبَ: قالَ إِسْمَاعِيلُ: تَعْنِي دَاوَمَ عَلَيْهَا).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامىزى توغرۇلۇق سورالغاندا ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەسلىدە، رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئەسردىن بۇرۇن ئوقۇيتتى، ئاندىن كېيىن بۇ نامازدىن مەشغۇل بولۇپ قالدى، ياكى ئۇنتۇپ قىلىپ ئۇنى ئەسردىن كېيىن ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن بۇنامازنى ئوقۇشتا چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى، رەسۇلۇللاھ بىرەر نامازنى ئوقۇپ قالسا، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ داۋام قىلاتتى.

1885 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي جَمِيعاً عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: مَا تَرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ عِنْدِي قطّ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر، مېنىڭ يېنىمدا، ئەسردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگەن . بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن . بىز بۇ توغرىسىدا، يۇقىرىدىكى ئۇممى سەلەمەتنىڭ ھەدىسىدا توختالدۇق.

1886 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. ح وَحَدّثنَا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. أَخْبَرَنَا أَبُو إِسْحَقَ الشّيْبَانِيّ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الأَسْوَدِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: صَلاَتَانِ مَا تَرَكَهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَيْتِي قطّ، سِرّا وَلاَ عَلاَنِيَةً. رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الْفَجْرِ. وَرَكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ.

1887 ـ وحدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ، عَنِ الأَسْوَدِ وَمَسْرُوقٍ. قالاَ: نَشْهَدُ عَلَى عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: مَا كَانَ يَوْمُهُ الّذِي كَانَ يَكُونُ عِنْدِي إِلاّ صَلاّهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَيْتِي. تَعْنِي الرّكْعَتَيْنِ بَعْدَ الْعَصْرِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر، مېنىڭ ئۆيۈمدە، ئەسردىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ۋە بامداتتىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت نامازنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگەن . بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن .

## 333 ـــ باب استحباب ركعتين قبل صلاة المغرب شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

1888 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ فُضَيْلٍ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ مُخْتَارِ بْنِ فُلْفُلٍ. قالَ سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ عَنِ التّطَوّعِ بَعْدَ الْعَصْرِ؟ فَقَالَ: كَانَ عُمَرُ يَضْرِبُ الأَيْدِي عَلَى صَلاَةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ. وَكُنّا نُصَلّي عَلَى عَهْدِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ بَعْدَ غُرُوبِ الشّمْسِ. قَبْلَ صَلاَةِ الْمَغْرِبِ. فَقُلْتُ لَهُ: أَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاّهُمَا؟ قالَ: كَانَ يَرَانَا نُصَلّيهِمَا. فَلَمْ يَأْمُرْنَا وَلَمْ يَنْهَنَا.

مۇختار رەھىمەھۇ**الله** مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەسردىن كېيىنكى نەپلە ناماز توغرىسىدا سورسام، ئۇماڭا ؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسردىن كېيىن نەپلە نامازئوقۇغان كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا ئۇرۇپ، بۇ

نامازدىن توساتتى، (يەنەبىرخاتىردە، ئىبنى ئاباس:مەن بىللە ئۇراتتىم، دىيىلگەن) بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، كۈن كىرىپ بولغاندىن كىيىنلا، شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇيتتۇق، دىدى. مەن ئۇنىڭغا:ئۇ شام نامىزىدىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت نامازنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇقۇغانمۇ؟ دىسەم، ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئۇقۇغانلىقىمىزنى كۆرۈپ توسمىغان ۋە بىزنى ئۇقۇشقىمۇ بۇيرىمىغان ، دىدى. مۇسلىم1382 ـ ھەدىس سەھىھ.

**1889 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ حدّثنا عبْدُ الْوَارِثِ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيز (وَهُوَ ابْنُ صُهَيْبٍ) عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ قالَ: كُنّا بِالْمَدِينَةِ. فَإِذَا أَذّنَ الْمُؤَذّنُ لِصَلاَةِ الْمَغْرِبِ ابْتَدَرُوا السّوَارِيَ. فَيَرْكَعُونَ رَكْعَتَيْنِ رَكْعَتَيْنِ. حَتّىَ إِنّ الرّجُلَ الْغَرِيبَ لَيَدْخُلُ الْمَسْجِدَ فَيَحْسِبُ أَنّ الصّلاَةَ قَدْ صُلّيَتْ، مِنْ كَثْرَةِ مَنْ يُصَلّيهِمَا.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:بىز مەدىنىدىكى چاغدا، مۇئەززىن شام نامىزىغا ئەزان تولىسا، كىشىلەر تۈرۈك بار جايغا ئالدىرىشىپ كىتەتتى، ئۇلار (تۈرۈكلەرنىڭ ئارقىسىدا شامدىن بۇرۇن)ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇيتتى، ھەتتا شۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئۇقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن، مەسجىدكە كىرىپ قالغان ناتونۇش كىشى، شام نامىزى ئۇقۇلۇپ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالاتتى.

## 334 ـــــ *باب بين كل أذانين صلاة* ھەرقانداق ئەزان ـ تەكبىرنىڭ ئارلىقىدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

**1890 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ وَ وَكِيعٌ عَنْ كَهْمَسٍ. قالَ حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بُرَيْدَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُغَفّلٍ الْمُزَنِيّ، قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَيْنَ كُلّ أَذَانَيْنِ صَلاَةٌ» قالَهَا ثَلاَثاً. قالَ فِي الثّالِثَةِ: «لِمَنْ شَاءَ».**

**1891 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَىَ عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُغَفّلٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، مِثْلَهُ. إِلاّ أَنّهُ قالَ: فِي الرّابِعَةِ: «لِمَنْ شَاءَ».**

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىدا (يەنى ئەزان ـ تەگبىرنىڭ ئارىسىدا ) ناماز ئۇقۇش باردۇر.ئۈچىنچى قېتىم، خالىغان كىشىگە ناماز باردۇر، دىدى. (بۇرۇنقى سەلەپ، سالىھلار ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇغان) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇ غەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار، شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار، ئۈچىنچى قېتىم ــ كىشىلەرنىڭ ئۇنامازنى سۈننەت قىلىۋېلىشىنى ياقتۇرماي ـ بۇ خالىغان كىشىگە دىگەن . (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ناماز ، ئەزان ـ تەگبىرنىڭ ئارىلىقىدا، ئىختىيارى مۇستەھەپ ھالەتتە ئوقۇلىدۇ) ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم ،ئەبۇ داۋۇد،

## 335 ـــــ باب صلاة الخوف قورقۇنچاھالەتتىكى خەۋپ نامىزى توغرىسىدا

1892 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الْخَوْفِ. بِإِحْدَى الطّائِفَتَيْنِ رَكْعَةً. وَالطّائِفَةُ الأُخْرَى مُوَاجِهَةُ الْعَدُوّ. ثُمّ انْصَرَفُوا وَقَامُوا فِي مَقَامِ أَصْحَابِهِمْ. مُقْبِلِينَ عَلَى الْعَدُوّ. وَجَاءَ أُولَئِكَ. ثُمّ صَلّى بِهِمُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَكْعَةً. ثُمّ سَلّمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قَضَى هَؤُلاَءِ رَكْعَةً. وَهَؤُلاَءِ رَكْعَةً.

1893 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِي. حَدّثَنَا فُلَيْحٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ كَانَ يُحَدّثُ عَنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الْخَوْفِ وَيَقُولُ: صَلّيْتُهَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِهَذَا الْمَعْنَى.

1894 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الْخَوْفِ فِي بَعْضِ أَيّامِهِ. فَقَامَتْ طَائِفَةٌ مَعَهُ وَطَائِفَةٌ بِإِزَاءِ الْعَدُوّ. فَصَلّى بِالّذِينَ مَعَهُ رَكْعَةً ثُمّ ذَهَبُوا. وَجَاءَ الآخَرُونَ فَصَلّى بِهِمْ رَكْعَةً. ثُمّ قَضَتِ الطّائِفَتَانِ رَكْعَةً رَكْعَةً. قَالَ وَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: فَإِذَا كَانَ خَوْفٌ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ فَصَلّ رَاكِباً، أَوْ قَائِماً. تُومِىءُ إِيمَاءً.

سالىمنىڭ دادىسى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەجىد تەرەپتە ئۇرۇش قىلغان ئىدىم، بىز دۈشمەنلەرگە ئۇچۇرشۇپ ئۇلاربىلەن جەڭ قىلىشقا سەپ تارتتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خەۋپ ناماز ئوقۇپ بىرىش ئۈچۈن تۇردى، بىزدىن بىرتائىپە كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نامازغا تۇردى، يەنەبىرتائىپەكىشىلەر دۈشمەنگە قارشى ئالدىنى قىلىپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن بىللە نامازغا تۇرغان كىشىلەر بىلەن بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلىپ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن ئۇلار ناماز ئوقۇيالمىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىغا قايتىپ، دۈشمەنگە قارشى ئالدىنى قىلىپ تۇردى، ئۇلار كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاربىلەنمۇ بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلدى،(يەنى بىر رەكئەتتىن ناماز ئوقۇپ بەردى)ئۇ ئىككى تائىپە كىشىلەر قالغان يەنە بىر رەكئەت نامازلىرىنىڭ قازاسىنى قىلىپ ئۆزلىرى ئوقۇۋالدى، ئەگەر قورقۇنچا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بولۇپ كەتسە، ئۇلار قىبلىگە ئالدىنى قىلالىسۇن ياكى قىبلىگە ئالدىنى قىلالمىسۇن، پىيادە ئۆرە تۇرغان ھالدا ياكى ئۇلاغلىق ھالەتتىلا ئىشارەقىلىپ ناماز ئوقۇۋېرەتتى. نافىئ رەھىمەھۇللاھ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى بۇسۆزنىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خەۋەر قىلدى دەپ قارايمەن، دىگەن.بۇخارى.

1895 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ عَنْ عَطَاءٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. قَالَ: شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الْخَوْفِ. فَصَفّنَا صَفّيْنِ: صَفّ خَلْفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالْعَدُوّ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ. فَكَبّرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَكَبّرْنَا جَمِيعاً ثُمّ رَكَعَ وَرَكَعْنَا جَمِيعاً. ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ وَرَفَعْنَا جَمِيعاً. ثُمّ انْحَدَرَ بِالسّجُودِ وَالصّفّ الّذِي يَلِيهِ. وَقَامَ الصّفّ الْمُؤَخّرُ فِي نَحْرِ الْعَدُوّ. فَلَمّا قَضَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم السّجُودَ، وَقَامَ الصّفّ الّذِي يَلِيهِ، انْحَدَرَ الصّفّ الْمُؤَخّرُ بِالسّجُودِ. وَقَامُوا. ثُمّ تَقَدّمَ الصّفّ الْمُؤَخّرُ. وَتَأَخّرَ الصّفّ الْمُقَدّمُ. ثُمّ رَكَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَرَكَعْنَا جَمِيعاً. ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ مِنَ الرّكُوعِ وَرَفَعْنَا جَمِيعاً. ثُمّ انْحَدَرَ بِالسّجُودِ وَالصّفّ الّذِي يَلِيهِ الّذِي كَانَ مُؤَخّراً فِي الرّكْعَةِ الأُولَى. وَقَامَ الصّفّ الْمُؤَخّرُ فِي نُحُورِ الْعَدُوّ. فَلَمّا قَضَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم السّجُودَ وَالصّفّ الّذِي يَلِيهِ. انْحَدَرَ الصّفّ الْمُؤَخّرُ بِالسّجُودِ. فَسَجَدُوا. ثُمّ سَلّمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَسَلّمْنَا جَمِيعاً. قَالَ جَابِرٌ: كَمَا يَصْنَعُ حَرَسُكُمْ هَؤُلاَءِ بِأُمَرَائِهِمْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم خەۋپ نامىزى ئوقۇدى، بىز ئارقىسىدا ئىككى سەپ بولۇپ تۇردۇق، دۈشمەنلەر بىز بىلەن قىبلە ئارلىقىدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئېيتتى، بىز ھەممىمىز تەكبىر ئېيتتۇق، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئارقا سەپ دۈشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامام قىلىپ ۋە رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپمۇ سەجدىسىنى تامام قىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ، ئارقا سەپ سەجدىگە يىقىلدى، ئاندىن بۇلارمۇ سەجدىسىنى ئادا قىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئارقا سەپ ئالدىغا، ئالدىنقى سەپ ئارقىغا ئالماشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان، بىرىنجى رەكئەتتە ئارقىدا تۇرغان سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئالماشقان ئارقا سەپ دۈشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان سەپ سەجدىسىنى تامام قىلىپ بولغاندا ، ئارقا سەپ سەجدىگە يىقىلىپ سەجدە قىلدى، ئاندىن نامازدىن سالام بەردى بىزمۇ ھەممىمىز سالام بەردۇق. (ناماز ھەممىمىزگە ئىككى رەكئەت بولدى)خۇددى ئاۋۇ پوسلىرىڭلار ئەمىرلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك، بىر تائىپە كىشى ناماز ئوقۇغانلارنى قوغدايتتى.

**1896 ـ حدّثنا أحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ. قَالَ: غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَوْماً مِنْ جُهَيْنَةَ. فَقَاتَلُونَا قِتَالاً شَدِيداً. فَلَمّا صَلّيْنَا الظّهْرَ قَالَ الْمُشْرِكُونَ: لَوْ مِلْنَا عَلَيْهِمْ مَيْلَةً لاقْتَطَعْنَاهُمْ فَأَخْبَرَ جِبْرِيلُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَلِكَ. فَذَكَرَ ذَلِكَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ وَقَالُوا: إِنّهُ سَتَأْتِيهِمْ صَلاَةٌ هِيَ أَحَبّ إِلَيْهِمْ مِنَ الأَوْلاَدِ. فَلَمّا حَضَرَتِ الْعَصْرُ، قَالَ صَفّنَا صَفّيْنِ. وَالْمُشْرِكُونَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ. قَالَ فَكَبّرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَكَبّرْنَا. وَرَكَعَ فَرَكَعْنَا. ثُمّ سَجَدَ وَسَجَدَ مَعَهُ الصّفّ الأَوّلُ. فَلَمّا قَامُوا سَجَدَ الصّفّ الثّانِي. ثُمّ تَأَخّرَ الصّفّ الأَوّلُ وَتَقَدّمَ الصّفّ الثّانِي. فَقَامُوا مَقَامَ الأَوّلِ. فَكَبّرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَكَبّرْنَا. وَرَكَعَ فَرَكَعْنَا. ثُمّ سَجَدَ وَسَجَدَ مَعَهُ الصّفّ الأَوّلُ. وَقَامَ الثّانِي. فَلَمّا سَجَدَ الصّفّ الثّانِي، ثُمّ جَلَسُوا جَمِيعاً، سَلّمَ عَلَيْهِمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ أَبُو الزّبَيْرِ: ثُمّ خَصّ جَابِرٌ أَنْ قَالَ: كَمَا يُصَلّي أُمَرَاؤُكُمْ هَؤُلاَءِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۇھەينە قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، ئۇلار بىز بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، بىز پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندا، مۇشرىكلەر؛ ئەگەر بىز ئۇلارغا ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ھۇجۇم قىلساق، پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلالايمىز دېيىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىپتۇ، ئاندىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ بىزگە خەۋەر قىلىپ ؛ مۇشرىكلەر؛ پات يېقىندىلا مۇسۇلمانلارغا بىر نامازنىڭ ۋاقتى كېلىدۇ، بۇ (ئەسىر)ناماز ئۇلارغا بالىلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر دېيىشىپتۇ،

دېدى. ئاندىن ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ بىزنى ئىككى سەپ قىلدى، مۇشرىك دۈشمەنلەر بىز بىلەن قىبلە ئارلىقىدا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئەيتتى، بىز ھەممىمىز تەكبىر ئەيتتۇق، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق،( ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق)، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان بىرىنجى سەپمۇ سەجدە قىلدى، (ئارقا سەپ دۈشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى)، ئۇلار ئورنىدىن تۇرغاندا ئىككىنجى سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئاندىن بىرىنجى سەپ ئارقىغا چېكىنىپ، ئىككىنجى سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرىنجى سەپتىكىلەرنىڭ ئورنىدا تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەكبىر ئەيتتى، بىز ھەممىمىز تەكبىر ئەيتتۇق، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ ھەممىمىز رۇكۇ قىلدۇق،( ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق)، ئاندىن سەجدىگە يىقىلدى، رەسۇلۇللاھقا يېقىن تۇرغان بىرىنجى سەپمۇ سەجدە قىلدى، ئارقا سەپ دۈشمەنگە قارشى سەجدە قىلماي ئۆرە تۇرۇپ تۇردى، ئاندىن ئىككىنجى سەپمۇ سەجدە قىلىپ بولۇپ، ھەممىسى ئولتۇرغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا نامازدىن سالام قىلىپ بەردى، خۇددى ئاۋۇ ئەمىرلىرىڭلار خەۋق نامىزى ئوقۇپ بەرگەندەك،دېدى.

**1897 ـ1898 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى  مَالِكٍ عَنْ يَزِيدَ بْنِ رُومَانَ، عَنْ صَالِحِ بْنِ خَوّاتٍ، عَمّنْ صَلّى مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، يَوْمَ ذَاتِ الرّقَاعِ، صَلاَةَ الْخَوْفِ، أَنّ طَائِفَةً صَفّتْ مَعَهُ. وَطَائِفَةٌ وِجَاهَ الْعَدُوّ. فَصَلّى بِالّذِينَ مَعَهُ رَكْعَةً. ثُمّ ثَبَتَ قَائِماً وَأَتَمّوا لأَنْفُسِهِمْ. ثُمّ انْصَرَفُوا فَصَفّوا وُجَاهَ الْعَدُوّ. وَجَاءَتِ الطّائِفَةُ الأُخْرَى فَصَلّى بِهِمُ الرّكْعَةَ الّتِي بَقِيَتْ. ثُمّ ثَبَتَ جَالِساً. وَأَتَمّوا لأَنْفُسِهِمْ. ثُمّ سَلّمَ بِهِمْ.**

زاتىررىقائ كۈنى قورقۇنجا نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇغان كىشى مۇنداق دەيدۇ؛ھەقىقەتەن بىرتائىپە كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نامازغا سەپ تارتتى، يەنەبىرتائىپەكىشىلەر دۈشمەنگە قارشى ئالدىنى قىلىپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلەن بىللە نامازغا تۇرغان كىشىلەرگە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆرە تۇرغان ھالدا مۇقۇم تۇردى، ئۇلار ئىككىنجى رەكئەتنى ئۆزلىرى تامام قىلىشۋالدى، ئاندىن بۇلار قايتىپ، دۈشمەن تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇردى، ناماز ئوقۇيالمىغان يەنە بىرتائىپەكىشىلەر كەلدى، ئۇلارغا نامىزىدىن قېلىپ قالغان يەنەبىر رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن ئولتۇرغان ھالدا مۇقۇم تۇرۇپ تۇردى، بۇلارمۇ ئىككىنجى رەكئەتنى ئۆزلىرى تامام قىلىشۋالدى، ئاندىن نامازدىن سالام بەردى، ئىمام بۇخارى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان سەھىھ.

**1899 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَفّانُ. حَدّثَنَا أَبَانُ بْنُ يَزِيدَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ جَابِرٍ، قَالَ: أَقْبَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَتّىَ إِذَا كُنّا بِذَاتِ الرّقَاعِ، قَالَ كُنّا إِذَا أَتَيْنَا عَلَىَ شَجَرَةٍ ظَلِيلَةٍ تَرَكْنَاهَا لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ وَسَيْفُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُعَلّقٌ بِشَجَرَةٍ. فَأَخَذَ سَيْفَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَاخْتَرَطَهُ. فَقَالَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَتَخَافُنِي؟ قَالَ: «لاَ» قَالَ: فَمَنْ يَمْنَعُكَ مِنّي؟ قَالَ: «اللّهُ يَمْنَعُنِي مِنْكَ»**

قالَ فتَهَدّدَهُ أصْحابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فأغْمَدَ السّيْفَ وَعَلّقَهُ. قالَ فنُودِيَ بالصّلاَةِ. فصلّى بطائِفةٍ رَكْعَتَيْن. ثُمّ تَأخّرُوا. وَصلّى بالطّائِفةِ الأُخْرَى رَكْعَتَيْن. قالَ فكَانَتْ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أرْبَعُ رَكَعَاتٍ. وَلِلْقوْمِ رَكْعَتَان.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە دۈشمەنگە ئالدىمىزنى قىلىپ، زاتىررىقائ دىگەن جايغا كەلگەندە، ـ بىز بىرەر تۈپ سايىلىق دەرەخنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالساق ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قالدۇراتتۇق بۇقېتىممۇ شۇنداق قىلدۇق ـ ، تۇيۇقسىز مىشرىكلەردىن بىركىشى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلىچى دەرەخكە ئېسىقلىق ئىكەن ئۇقىلىچنى ئېلىپ، غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ: مەندىن قورقۇۋاتامسەن؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق ، قورقمايمەن دېدى، ئۇ: سىنى مەندىن كىم قوغداپ قالىدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:مىنى سەندىن **الله** قوغدايدۇ دېدى، ساھابىلار ئۇنىڭغا تەھدىد سېلىپ قورقۇتىۋىدى، ئۇ قىلىچنى غىلىپىغا سېلىپ ئېسىپ قويدى، ئاندىن نامازغا ئەزان توۋلاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرتائىپە كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، ئاندىن بۇلار دۈشمەن تەرەپكە بېرىپ تۇردى، يەنە بىرتائىپە كىشىلەرگىمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامىزى تۆت رەكئەت، قەۋمنىڭ ئىككى رەكئەتتىن بولدى. بۇخارى،مۇسلىم.

1900 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارمِيّ. أخْبَرَنَا يَحيَى(يَعْنِي ابْنَ حَسّانَ) حَدّثنَا مُعَاوِيَةُ(وَهُوَ ابْنُ سَلاّمٍ). أخْبَرَنِي يَحْيَى. أخْبَرَنِي أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّ جَابراً أخْبَرَهُ أنّهُ صَلّى مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلاَةَ الْخَوْفِ. فصَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِإحْدَى الطّائِفتَيْنِ رَكْعَتَيْن. ثُمّ صَلّى بالطّائِفةِ الأُخْرَى رَكْعَتَيْن. فصَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أرْبَعَ رَكَعَاتٍ. وَصَلّى بِكُلّ طَائِفةٍ رَكْعَتَيْن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە خەۋق نامىزى ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ئىككى تائىپە كىشىنىڭ بىرسىگە ئىككى رەكئەت، يەنە بىرسىگە يەنە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، رەسۇلۇللاھ تۆت رەكئەت ئوقۇپ، ئۇلارغا ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇپ بەرگەن ئىدى.

# 8 ــــ كتاب الجمعة جۈمئە نامىزىنىڭ كىتابى

## 336 ــــ باب

1901 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. التّمِيمِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. قالاَ: أخْبَرَنَا اللّيْثُ ح وحَدّثنَا قُتيْبَةُ. حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إذَا أرَادَ أحَدُكُمْ أنْ يَأتِيَ الْجُمُعَةَ، فلْيَغْتَسِلْ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار، جۈمئە نامىزىغا كېلىشنى ئىرادە قىلسا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى.

**1902 –1903 –1904 – حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وحَدّثنَا ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قالَ، وَهُوَ قَائِمٌ عَلَى الْمِنْبَرِ: «مَنْ جَاءَ مِنْكُمُ الْجُمُعَةَ، فَلْيَغْتَسِلْ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەردىن كىم، جۈمئە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مالىك، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**1905 – وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ أَبِيهِ أَنّ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ بَيْنَا هُوَ يَخْطُبُ النّاسَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ، دَخَلَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَنَادَاهُ عُمَرُ أَيّةُ سَاعَةٍ هَذِهِ؟ فَقَالَ: إِنّي شُغِلْتُ الْيَوْمَ. فَلَمْ أَنْقَلِبْ إِلَىَ أَهْلِي حَتّى سَمِعْتُ النّدَاءَ. فَلَمْ أَزِدْ عَلَى أَنْ تَوَضّأْتُ. قَالَ عُمَرُ: وَالْوُضُوءَ أَيْضاً وَقَدْ عَلِمْتَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَأْمُرُ بِالْغُسْلِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمئە كۈنىسى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەۋاتسا، ساھابىلاردىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نىدا قىلىپ؛ بۇ قايسى ۋاقىت؟ (يەنى نىمانچە كېچىكىپ كىلىسەن؟)دېدى.ئۇكىشى؛ بۈگۈن مەن بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئەزاننى ئاڭلىغانغا قەدەر ئۆيۈمگە قايتالماپتىمەن، ئاندىن ئەزاننى ئاڭلاپلا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ كەلدىم دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛تېخى كىچىك تاھارەت ئېلىپ كەلدىم دە!!ئەمەلىيەتتە سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمئە ئۈچۈن غۇسلى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، دېدى.

**1906 – حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنِ الأَوْزَاعِيّ. قَالَ: حَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ. حَدّثَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ. حَدّثَنِي أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: بَيْنَمَا عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ يَخْطُبُ النّاسَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. إِذْ دَخَلَ عُثْمَانُ بْنُ عَفّانَ فَعَرّضَ بِهِ عُمَرُ. فَقَالَ: مَا بَالُ رِجَالٍ يَتَأَخّرُونَ بَعْدَ النّدَاءِ فَقَالَ عُثْمَانُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ مَا زِدْتُ حِينَ سَمِعْتُ النّدَاءَ أَنْ تَوَضّأْتُ. ثُمّ أَقْبَلْتُ. فَقَالَ عُمَرُ وَالْوُضُوءَ أَيْضاً أَلَمْ تَسْمَعُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ إِلَى الْجُمُعَةِ، فَلْيَغْتَسِلْ».**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمئە كۈنىسى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەۋاتسا، تۇيۇقسىز ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ؛ كىشىلەرنىڭ ھالىغا نىمە بولغاندۇ؟ ئۇلار ئەزاندىن كېيىنمۇ كېچىكىپ قېلىۋاتىدىغۇ؟دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن ئەزاننى ئاڭلاپلا، باشقا ئىش قىلماي، كىچىك تاھارەت ئېلىپلا كەلدىم دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛تېخى كىچىك تاھارەت ئېلىپ كەلدىم دە!!سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ « بىرىڭلار، جۈمئە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن،»دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟دېدى.

## 337 ـــــ باب وجوب غسل الجمعة على كل بالغ من الرجال. وبيان ما أمروا به

**بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق ئەركىشىگە جۈمئەئۈچۈن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدا**

**1907 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ سُلَيْمٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «الْغُسْلُ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَاجِبٌ عَلَىَ كُلّ مُحْتَلِمٍ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش، ھەربىر ئىھتىلام بولغان (يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان) بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، بۇخارى،مۇسلىم ،نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**1908 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ ٱلأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَى. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمرٌو عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي جَعْفَرٍ أَنّ مُحَمّدَ بْنَ جَعْفَرٍ حَدّثَهُ عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: كَانَ النّاسُ يَنْتَابُونَ الْجُمُعَةَ مِنْ مَنَازِلِهِمْ ومِنَ الْعَوَالِي، فَيَأْتُونَ فِي الْعَبَاءِ. وَيُصِيبُهُمُ الْغُبَارُ، فَتَخْرُجُ مِنْهُمُ الرّيحُ. فَأَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِنْسَانٌ مِنْهُمْ، وَهُوَ عِنْدِي، فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ أَنّكُمْ تَطَهّرْتُمْ لِيَوْمِكُمْ هَذَا».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ كىشىلەر جۈمئەگە يىراق ـ يىراق جايلىرىدىن جامائەت ـ جامائەت بۇلۇپ كىلىشەتتى، ئۇلار جوۋا كىيىپ كىلەتتى، ئۇلارغا چاڭ ـ توزان يىتىپ، ئۇلاردىن بىرخىل غەيرى پۇراقلار چىقاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنىڭ يېنىمدا ئىدى، ئۇلاردىن بىر كىشى كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ئەگەر سىلەر مۇشۇ جۈمئە كۈنۈڭلار ئۈچۈن يۇيۇنۇپ پاكلانغان بولساڭلار ھە!دېدى.

**1909 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ . أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَمْرَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ: كَانَ النّاسُ أَهْلَ عَمَلٍ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ كُفَاةٌ. فَكَانُوا يَكُونُ لَهُمْ تَفَلٌ. فَقِيلَ لَهُمْ: لَوِ اغْتَسَلْتُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛كىشىلەر ئىش ـ ئەمگەك ئەھلى ئىدى، ئۇلارغا ئىش ـ ئەمگەكتىن كۆپايە بولغىدەك خادىم يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا بىرخىل غەيرى پۇراقلار ھاسىل بۇلۇپ قالاتتى، ئاندىن ئۇلارغا؛« ئەگەر سىلەر جۈمئە كۈن ئۈچۈن يۇيۇنۇپ پاكلانغان بولساڭلار، (بەك ياخشى بۇلاتتى)دېيىلدى.

## 338 ـ *باب الطيب والسواك يوم الجمعة* جۈمئە كۈنى خۇشپۇراق ئەتىر ۋە مسۋاك ئىشلىتىش توغرىسىدا

**1910 ـ وحدّثنا عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ سَعِيدَ بْنَ أَبِي هِلاَلٍ وَ بُكَيْرَ بْنَ الأَشَجّ، حَدّثَاهُ عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ ، عَنْ عَمْرِو بْنِ سُلَيْمٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، عَنْ أَبِيهِ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «غُسْلُ يَوْمِ الْجُمُعَةِ واجب عَلَى كُلّ مُحْتَلِمٍ. وَسِوَاكٌ. وَيَمَسّ مِنَ الطّيبِ مَا قَدَرَ عَلَيْهِ».**
**إِلاّ أَنّ بُكَيْراً لَمْ يَذْكُرْ: عَبْدَ الرّحْمَنِ. وَقَالَ فِي الطّيبِ: وَلَوْ مِنْ طِيبِ الْمَرْأَةِ.**
**1911 ـ1912 ـ حدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي إِبْرَاهِيمُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ ذَكَرَ قَوْلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي الْغُسْلِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. قَالَ طَاوُسٌ: فَقُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: وَيَمَسّ طِيباً أَوْ دُهْناً، إِنْ كَانَ عِنْدَ أَهْلِهِ؟ قَالَ: لاَ أَعْلَمُهُ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە كۈنى يۇيۇنۇش ھەربىر ئىھتىلام بولۇپ، (يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان) بالىغ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، جۈمئە كۈنى مسۋاك سېلىشى، گەرچە ئايالنىڭ خۇشپۇراق بويۇملىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان، ئۇ قادىر بولالىغان ئەتىردىن سېپىپ ېېرىشى لازىم. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**1913 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «حَقّ لِلّهِ عَلَى كُلّ مُسْلِمٍ، أَنْ يَغْتَسِلَ فِي كُلّ سَبْعَةِ أَيّامٍ، يَغْسِلُ رَأْسَهُ وَجَسَدَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: **الله** رازىلىقى ئۈچۈن ھەر يەتتە كۈندە بىر كۈن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش، بېشىنى، چېچىنى، جەسەدلىرىنى يۇيۇش، ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. (بۇ ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، ) «ئالىملار؛ ھەر جۈمئە كۈنى ، جۈمئەگە يۇيۇنۇش ۋاجىپ دېدى، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دېدى، ئەتىرمۇ بار ئەلۋەتتە بىن باز رەھ ئۆز پەتىۋاسىدا؛ مۇشۇ غۇسلىنى نىيەت قىلىپ، جۈمئە كۈنى ئەتىگىنى جۇنۇپلۇقتىن يۇيۇنسا، كۇپايە بۇلىدۇ دېدى.» بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**1914 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ. فِيما قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ سُمَىَ مَوْلَى أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِي صَالحِ السّمّانِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ اغْتَسَلَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ غُسْلَ الْجَنَابَةِ، ثُمّ رَاحَ. فَكَأَنّمَا قَرّبَ بَدَنَةً. وَمَنْ رَاحَ فِي السّاعَةِ الثّانِيَةِ، فَكَأَنّمَا قَرّبَ بَقَرَةً. وَمَنْ رَاحَ فِي السّاعَةِ الثّالِثَة، فَكَأَنّمَا قَرّبَ كَبْشاً أَقْرَنَ. وَمَنْ رَاحَ فِي السّاعَةِ الرّابِعَةِ، فَكَأَنّمَا قَرّبَ دَجَاجَةً. وَمَنْ رَاحَ فِي السّاعَةِ الْخَامِسَةِ، فَكَأَنّمَا قَرّبَ بَيْضَةً. فَإِذَا خَرَجَ الإِمَامُ حَضَرَتِ الْمَلاَئِكَةُ يَسْتَمِعُونَ الذّكْرَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم جۈمئە كۈنى جۇنۇبلۇقدىن يۇيۇنغاندەك غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، ئاندىن بىرىنچى سائەتتە جۈمئەگە بۇرۇن بارسا، خۇددى بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، ئىككىنچى ۋاقىتتا بارغان كىشى، كالا، ئۈچىنچىسىدىكى، مۈڭگۈزلۈك قوچقار، تۆتىنچى سائەتتىكى، بىر توخۇ، بەشىنچى ۋاقىتتا كەلگىنى، بىر دانە تۇخۇم سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ، ئىمام خۇتبە ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندا، پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ زىكرى، خۇتبە تىڭشايدۇ. بەيھەقى ئۈچ كىتابمۇ توپلىغان، سەھىھ.

## **339 ــ** *باب في الإنصات يوم الجمعة في الخطبة* **جۈمئە كۈنى خۇتبە ئۇقۇلىۋاتقاندا سۆز قىلماي جىم تۇرۇش**

**1915 ـ1916 ـ1917 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. قَالَ ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قُلْتَ لِصَاحِبِكَ: أَنْصِتْ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَالإِمَامُ يَخْطُبُ، فَقَدْ لَغَيْتَ».**

**1918 ـ وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِذَا قُلْتَ لِصَاحِبِكَ: أَنْصِتْ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، والإِمَامُ يَخْطُبُ، فَقَدْ لَغِيتَ». قَالَ أَبُو الزّنَادِ: هِيَ لُغَةُ أَبِي هُرَيْرَةَ. وَإِنّمَا هُوَ فَقَدْ لَغَوْتَ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جۈمئە كۈنىسىدە، ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، سۆز قىلغان ھەمراھىڭغا : سۆز قىلماي جىم تۇر! دىسەڭ، جەزمەن سەنمۇ جۈمئەنى بۇزغان بولىسەن. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## **340 ــ** *باب في الساعة التي في يوم الجمعة* **جۈمئە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بۇلىدىغان بىر سائەت توغرىسىدا**

**1919 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَكَرَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَقَالَ: «فِيهِ سَاعَةٌ. لاَ يُوَافِقُهَا عَبْدٌ مُسْلِمٌ، وَهُوَ يُصَلّي، يَسْأَلُ الله شَيْئاً، إِلاّ أَعْطَاهُ إِيّاهُ». زَادَ قُتَيْبَةُ فِي رِوَايَتِهِ: وَأَشَارَ بِيَدِهِ يُقَلّلُهَا.**

1920 –1921 –1922 – حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْراهِيمَ. حدّثنا أيّوبُ عَنْ مُحمّدٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ أبُو القاسِمِ صلى الله عليه وسلم «إنّ فِي الْجُمُعَةِ لَساعَةً. لا يُوافِقُها مُسْلِمٌ قائِمٌ يُصَلّي، يَسْألُ اللهَ خَيْراً، إلاّ أعْطاهُ إيّاهُ» وَقالَ بِيَدِهِ يُقَلِّلُهَا، يُزَهِّدُها.

1923 – 1924 – وحدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ سَلاّمٍ الْجُمَحِيّ. حَدّثنا الرّبِيعُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيادٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ «إنّ فِي الْجُمُعَةِ لَساعَةً. لا يُوافِقُهَا مُسْلِمٌ يَسْألُ الله فِيهَا خَيْراً، إلاّ أعْطاهُ إيّاهُ» وَهْيَ ساعَةٌ خَفِيفَةٌ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جۈمەئە كۈنى بىر سائەت بار بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە شۇ سائەتتە قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا، ئاللاھدىن بىرەر ياخشىلىقنى سورىغان ھالدا، شۇسائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالسىلا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە شۇ سورىغان نەرسىسىنى چوقۇم بېرىدۇ.ئۇسائەت بەكلا قىسقىدۇر. مالىك، ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

1925 – وحدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ مَخْرَمَةَ بْنِ بُكَيْرٍ ح وحَدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ وَ أحْمَدُ بْنُ عِيسَى. قالاَ: حَدّثنا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنا مَخْرَمَةُ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي بُرْدَةَ بْنِ أبِي مُوسَى الأشْعَرِيّ. قالَ: قالَ لِي عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ: أسَمِعْتَ أبَاكَ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم فِي شأْنِ ساعَةِ الْجُمُعَةِ؟ قالَ قُلْتُ: نَعَمْ. سَمِعْتُهُ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «هِيَ مَا بَيْنَ أنْ يَجْلِسَ الإِمَامُ إلَى أنْ تُقْضَى الصّلاَةُ».

ئەبۇ بۇردەتتىن ، ئۇنىڭ دادىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۈمئە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان سائەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى؛ ئۇ سائەت ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن باشلاپ، جۈمەنامىزى ئوقۇلۇپ بولغان ۋاقىتقىچىدۇر.

## 341 ــــ باب فضل يوم الجمعة جۈمئە كۈنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1926 – وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهابٍ. أخْبَرَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ الأعْرَجُ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «خَيْرُ يَوْمٍ طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشّمْسُ يَوْمُ الْجُمُعَةِ. فِيهِ خُلِقَ آدَمُ. وَفِيهِ أُدْخِلَ الْجَنّةَ. وَفِيهِ أُخْرِجَ مِنْهَا

1927 – وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حدّثنا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزامِيّ) عَنْ أبِي الزّنادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ «خَيْرُ يَوْمٍ طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشّمْسُ، يَوْمُ الْجُمُعَةِ. فِيهِ خُلِقَ آدَمُ وَفِيهِ أُدْخِلَ الْجَنّةَ. وَفِيهِ أُخْرِجَ مِنْهَا. وَلاَ تَقُومُ السّاعَةُ إلاّ فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش چىقىدىغان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمئە كۈنىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمئە كۈنى يارىتىلغان، جۈمئە كۈنىدە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا جۈمئە كۈنى جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەت پەقەت جۈمئە كۈنىلا قۇرۇلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 342 ــ باب هداية هذه الأمة ليوم الجمعة بۇ ئۈممەتنىڭ جۈمئە كۈنى ئۈچۈن ھىدايەت قىلىنىشى

1928 –1929 – وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أبِي الزّنادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «نَحْنُ الآخِرُونَ وَنَحْنُ السّابِقُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. بَيْدَ أنّ كُلّ أمّةٍ أُوتِيَتِ الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِنَا. وَأُوتِينَاهُ مِنْ بَعْدِهِمْ. ثُمّ هَذَا الْيَوْمُ الّذِي كَتَبَهُ الله عَلَيْنَا. هَدَانَا الله لَهُ. فَالنّاسُ لَنَا فِيهِ تَبَعٌ. الْيَهُودُ غَداً. وَالنّصَارَى بَعْدَ غَدٍ».

1930 – وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ. حَدّثنا جَرِيرٌ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي صَالِحٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ. قالَ: قالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «نَحْنُ الآخِرُونَ الأوّلُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. وَنَحْنُ أوّلُ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنّةَ. بَيْدَ أنّهُمْ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِنَا وَأُوتِينَاهُ

مِنْ بَعْدِهِمْ. فَاخْتَلَفُوا فَهَدَانَا الله لِمَا اخْتَلَفُوا فِيهِ مِنَ الْحَقّ. فَهَذَا يَوْمُهُمُ الّذِي اخْتَلَفُوا فِيهِ. هَدَانَا الله لَهُ (قَالَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ) فَالْيَوْمُ لَنَا. وَغَداً لِلْيَهُودِ. وَبَعْدَ غَدٍ لِلنّصَارَى».

1931 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، أَخِي وَهْبِ بْنِ مُنَبّهٍ. قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «نَحْنُ الاَخِرُونَ السّابِقُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. بَيْدَ أَنّهُمْ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِنَا وَأُوتِينَاهُ مِنْ بَعْدِهِمْ وَهَذَا يَوْمُهُمُ الّذِي فُرِضَ عَلَيْهِمْ فَاخْتَلَفُوا فِيهِ. فَهَدَانَا اللّهُ لَهُ. فَهُمْ لَنَا فِيهِ تَبَعٌ. فَالْيَهُودُ غَداً. وَالنّصَارَى بَعْدَ غَدٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز يارىتىلىشتا ئاخىرقىلارمىز، قىيامەت كۈنى بولسا (ھېساب بېرىشتە جەننەتكە كىرىشتە) بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر، (جۇملىدىن، يەھۇدىيلار، ناسارالار) قىلىپ، بىز بۇرۇن كېلىمىز، بىزگە ئۇلاردىن كېيىن كىتاب بېرىلگەن. ئاندىن كېيىن بۇ جۈمئە كۈنى بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا جۈمئەنى پەرز قىلغان كۈنى ئىدى، ئۇلار بۇ كۈن توغرىسىدا ئىختىلاپلاشتى، بىزنى بولسا، ئاللاھ بۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى، كىشىلەر بىزگە جۈمئە كۈنى توغرىسىدا ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئەتىسى يەنى شەنبە كۈنى، ناسارالار ئۇنىڭ ئەتىسى يەنى يەكشەنبە كۈنى ئەگىشىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ. (يەھۇدىي، ناسارالار، ئىختىلاپ قىلىشىپ، جۈمئە كۈنى جۈمئە ئوقۇشدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئاندىن ئۇلار خاتالىشىپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈننى تاللاپ يەنىلا خاتا ئىبادەت قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى، پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتىگە چوقۇنۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى سۈرە بەييىنەدە كاپىر دېگەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، چۈنكى، تارىخدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى يەھۇدىي، ناسارالاردۇر، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. بۇ مۇنۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر، بىر يەھۇدىي بىلەن بىر مۇسۇلمان بىللە ماڭسا، ئۇ يەھۇدىي مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىدۇ، (ئىبنى كەسىيردىن).

1932 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ وَ وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. قَالاَ: حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِي مَالِكٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ. وَعَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ. قَالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أَضَلّ الله عَنِ الْجُمُعَةِ مَنْ كَانَ قَبْلَنَا. فَكَانَ لِلْيَهُودِ يَوْمُ السّبْتِ. وَكَانَ لِلنّصَارَى يَوْمُ الأَحَدِ. فَجَاءَ الله بِنَا. فَهَدَانَا اللّهُ لِيَوْمِ الْجُمُعَةِ. فَجَعَلَ الْجُمُعَةِ وَالسّبْتَ وَالأَحَدَ. وَكَذَلِكَ هُمْ تَبَعٌ لَنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ. نَحْنُ الاَخِرُونَ مِنْ أَهْلِ الدّنْيَا. وَالأَوّلُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. الْمَقْضِيّ لَهُمْ قَبْلَ الْخَلاَئِقِ». وَفِي رِوَايَةِ وَاصِلٍ: الْمَقْضِيّ بَيْنَهُمْ.

1933 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ عَنْ سَعْدِ بْنِ طَارِقٍ. حَدّثَنِي رِبْعِيّ بْنُ حِرَاشٍ عَنْ حُذَيْفَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «هُدِينَا إِلَى الْجُمُعَةِ وَأَضَلّ اللّهُ عَنْهَا مَنْ كَانَ قَبْلَنَا» فَذَكَرَ بِمَعْنَى حَدِيثِ ابْنِ فُضَيْلٍ.

ھۇزەيفە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىزدىن بۇرۇنقىلارنى جۈمئە توغرىسىدا ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلدى، شەنبە كۈن يەھۇدىيلارنىڭ، يەكشەنبە كۈن ناسارالارنىڭ بولدى، ئاللاھ بىزنى كەلتۈرۈپ، جۈمئە كۈنىگە ھىدايەت قىلدى، ئاندىن، جۈمئە كۈنى مۇسۇلمانلارغا، شەنبە كۈن يەھۇدىيلارغا، يەكشەنبە كۈن ناسارالارغا قىلىندى، ئەنە شۇنداق، ئۇلار قىيامەت كۈنىمۇ بىزگە

ئەگىشىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بىز دۇنياغا كېلىشتە كېيىن كەلگەن، قىيامەت كۈنى بولسا، بىز بۇرۇن تۇرىمىز، بارلىق خالايىقلاردىن بۇرۇن بىزگە هۆكۈم قىلىنىدۇ، يەنى، جەننەتكە بىز بۇرۇن كىرىمىز، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە .

## 343 ـــ باب فضل التهجير يوم الجمعة جۈمئە كۈنى بۇرۇن بېرىشنىڭ پەزىلىتى

1934 ـ1935 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ (قالَ أبُو الطّاهِرِ: حَدّثنَا. وَقالَ الآخَرَان: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ) أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أخْبَرَنِي أبُو عَبْدِ اللّهِ الأغَرّ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إذَا كَانَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ كَانَ عَلَى كُلّ بَابٍ مِنْ أبْوَابِ الْمَسْجِدِ مَلاَئِكَة يَكْتُبُونَ الأوّلَ فالأوّلَ. فَإذَا جَلَسَ الإمَامُ طَوَوُا الصّحُفَ وَجَاءُوا يَسْتَمِعُونَ الذّكْرَ، وَمَثَلُ الْمُهَجّرِ كَمَثَلِ الّذِي يُهْدِي بَدَنَةً. ثُمّ كَالّذِي يُهْدِي بَقَرَةً. ثُمّ كَالّذِي يُهْدِي الْكَبْشَ. ثُمّ كَالّذِي يُهْدِي الدّجَاجَةَ. ثُمّ كَالّذِي يُهْدِي الْبَيْضَةَ».

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە كۈنىسى بولغاندا، مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ هەربىر ئىشىكدە پەرىشتىلەر تۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە خاتىرلەيدۇ، تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشىنى ئاندىن كېيىنكىسىنى يازىدۇ، ئىمام، مۇنبەردە ئولتۇرغاندا، پەرىشتىلەر دەپتەرلەرنى قاتلاپ كېلىپ، خۇتبە تىڭشايدۇ، تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشى بىر تۆگە، ئاندىن كېيىنكىسى بىر كالا، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قوچقار، ئاندىن بىر توخۇ، ئاندىن كېيىنكىسى بىر تۇخۇم هەدىي قىلغاننىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيهەقى توپلىغان، سەهىھ.

1936 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَن) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «عَلَى كُلّ بَابٍ مِنْ أبْوَابِ الْمَسْجِدِ مَلَكٌ يَكْتُبُ الأوّلَ فالأوّلَ (مَثّلَ الْجَزُورَ ثُمّ نَزّلَهُمْ حَتّى صَغّرَ إلَى مَثَلِ الْبَيْضَةِ) فَإذَا جَلَسَ الإمَامُ طُوِيَتِ الصّحُفُ وَحَضَرُوا الذّكْرَ».

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد ئىشىكلىرىدىن هەربىر ئىشىكنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن پەرىشتە بار بولۇپ، بۇلار(جۈمئە كۈنى) بۇرۇن كەلگەنلەرنى خاتىرلەيدۇ، تۇنجى قېتىم كەلگەن كىشى بىر تۆگە سەدىقە قىلغان كىشىگە، ئاندىن كېيىنكىسى بىر كالا، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قوي، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قۇش، توخۇ، ئاندىن كېيىنكىسى بىر تال تۇخۇم سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر، ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغاندا دەپتەر قاتلىنىدۇ، چۈنكى پەرىشتىلەر خۇتبە، زىكرىنى ئاڭلايدۇ، ئىبنى هەببانمۇ توپلىغان، سەهىھ.

## 344 ـــ باب فضل من استمع وأنصت في الخطبة

## جۈمئە كۈنى جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىغان كىشىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1937 ـ حدّثنا أُمَيّةُ بْنُ بِسْطامٍ. حَدّثنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ). حَدّثنَا رَوْحٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنِ اغْتَسَلَ، ثُمّ أتَى الْجُمُعَةَ، فَصَلّى مَا قُدّرَ لَهُ. ثُمّ أنْصَتَ حَتّى يَفْرُغَ مِنْ خُطْبَتِهِ. ثُمّ يُصَلّيَ مَعَهُ، غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجُمُعَةِ الأخْرَى، وَفَضْلُ ثَلاَثَةِ أيّامٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە كۈنى غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ئاندىن جۈمئەگە كېلىپ، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام خۇتبىسىدىن پارىغ بولغىچە سۆز قىلماي، جىم تۇرسا، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە جۈمئە نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇ جۈمئە بىلەن يەنە بىر جۈمئەنىڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە يەنە ئۈچ كۈن ئارتۇق پەزىلەتلىك قىلىنىپ، ئۇشۇق مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (چۈنكى، بىر ياخشىلىققا ئون دېگەن قانۇن بار).

1938 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا وَقالَ الآخرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ تَوَضّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ. ثُمّ أَتَى الْجُمُعَةَ فَاسْتَمَعَ وَأَنْصَتَ. غُفِرَ لَهُ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجُمُعَةِ. وَزِيَادَةُ ثَلاَثَةِ أَيّامٍ. وَمَنْ مَسّ الْحَصَى فَقَدْ لَغَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمئە كۈنى كىچىك تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن جۈمئەگە كېلىپ، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ جۈمئە بىلەن يەنە بىر جۈمئە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، يەنە ئۈچ كۈنلۈك مەغپىرەت زىيادە قىلىنىدۇ، كىم تاشنى ياكى بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ، سىلاپ ئوينىسا، جەزمەن ئۇ جۈمئەنى ۋە ئاشۇ مەغپىرەتنى بۇزغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 345 ــ *باب صلاة الجمعة حين تزول الشمس* جۈمئە نامىزىنى كۈن قەرىلگەندە ئوقۇش توغرىسىدا

1939 – وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى ابْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا حَسَنُ بْنُ عَيّاشٍ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَن أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: كُنّا نُصَلّي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ نَرْجِعُ فَنُرِيحُ نَوَاضِحَنَا. قالَ حَسَنٌ فَقُلْتُ لِجَعْفَرٍ: فِي أَيّ سَاعَةٍ تِلْكَ؟ قالَ: زَوَالَ الشّمْسِ.

1940 – وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ. ح وَحَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ حَسّانَ. قالاَ جَمِيعاً: حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ جَعْفَرٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَأَلَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ: مَتَى كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي الْجُمُعَةَ؟ قالَ: كَانَ يُصَلّي ثُمّ نَذْهَبُ إِلَى جِمَالِنَا فَنُرِيحُهَا. زَادَ عَبْدُ اللّهِ فِي حَدِيثِهِ: حِينَ تَزُولُ الشّمْسُ، يَعْنِي النّوَاضِحَ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمئە نامىزىنى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇيتتى؟دەپ سورالغاندا ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۈمئە نامىزىنى كۈن قەرىلگەندە ئوقۇپ، ئاندىن قايتىپ، تۆگىلىرىمىزنى سۇغۇرۇپ ئارام ئالدۇراتتۇق.

1941 – وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ وَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَعَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. (قالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ الآخرَانِ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ أَبِي حَازِمٍ) عَنْ أَبِيهِ، عَنْ سَهْلٍ قالَ: مَا كُنّا نَقِيلُ وَلاَ نَتَغَدّى إِلاّ بَعْدَ الْجُمُعَةِ زَادَ ابْنُ حِجْرٍ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا، پەقەت جۈمئە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چۈشلۈك غىزانى يەپ، چۈشلۈك ئارام ئالاتتۇق. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

1942 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قالاَ: أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ عَنْ يَعْلَى بْنِ الْحَارِثِيّ، عَنْ إِيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: كُنّا نُجَمّعُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا زَالَتِ الشّمْسُ. ثُمّ نَرْجِعُ نَتَتَبّعُ الْفَيْءَ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۇمئە نامىزىنى كۈن قەرىلگەن چاغدا ئوقۇپ، ئاندىن زاۋالنىڭ سايىسىنى ئىزدىگەن ھالدا قايتاتتۇق.

1943 ـ وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْراهِيمَ. أخْبَرَنَا هِشَامُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ. حَدّثَنَا يَعْلَى بْنُ الْحَارِثِ عَنْ إيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ بْنِ الأكْوَعِ، عَنْ أبِيهِ قَالَ: كُنّا نُصَلّي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْجُمُعَةَ. فَنَرْجِعُ وَمَا نَجِدُ لِلْحِيطَانِ فَيْئاً نَسْتَظِلّ بِهِ.

سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جۇمئە نامىزىنى (كۈن قەرىلگەن چاغدا) ئوقۇپ، ئاندىن قايتاتتۇق، ۋەھالەنكى بىز سايىداش ئۈچۈن تامنىڭ سايىسىنمۇ تاپالمايتتۇق.(ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىيپە، شاپىئى  رە لەر، ھەتتا بارلىق ساھابە ـ تابىئىنلەر؛ جۇمئە نامىزى كۈن قەرىلگەندە ئوقۇلىدۇ دىدى.ئىمام ئەھمەد كۈن قەرىلىشتىن،زاۋالدىن بۇرۇن ئوقۇش دۇرۇس دىدى.جەمھۇر ھساپ،

## 346 ـــــ باب ذكر الخطبتين قبل الصلاة وما فيهما من الجلسة

## جۇمئە نامىزىدىن بۇرۇنقى ئىككى خۇتبە ۋە ئۇنىڭ ئارلىقدا ئولتۇرۇۋتىش توغرىسىدا

1944 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. جَمِيعاً عَنْ خَالِدٍ. قَالَ أبُو كَامِلٍ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ قَائِماً. ثُمّ يَجْلِسُ. ثُمّ يَقُومُ. قَالَ: كَمَا تَفْعَلُونَ الْيَوْمَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنى ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، ئاندىن ئىككى خۇتبە ئارىسىدا بىر قېتىم ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، خۇددى سىلەر بۈگۈن قىلغاندەكلا قىلاتتى.

1945 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ و أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ (قَالَ يَحْيَى: أخْبَرَنَا. وقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أبُو الأحْوَصِ) عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: كَانَتْ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم خُطْبَتَانِ يَجْلِسُ بَيْنَهُمَا. يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَيُذَكّرُ النّاسَ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنى ئىككى قېتىم خۇتبە سۆزلەيتتى، بۇئىككى خۇتبىنىڭ ئارلىقدا ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدە قۇرئان ئايىتىنى ئۇقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، نامىزى بىلەن خۇتبىسى ئوتتۇرھال، نۇرمال ئىدى.

1946 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أبُو خَيْثَمَةَ عَنْ سِمَاكٍ. قَالَ: أنْبَأنِي جَابِرُ بْنُ سَمُرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَخْطُبُ قَائِماً. ثُمّ يَجْلِسُ. ثُمّ يَقُومُ فَيَخْطُبُ قَائِماً. فَمَنْ نَبّأكَ أنّهُ كَانَ يَخْطُبُ جَالِساً فَقَدْ كَذَبَ. فَقَدْ، وَاللهِ صَلّيْتُ مَعَهُ أكْثَرَ مِنْ ألْفَيْ صَلاَةٍ.

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، ئاندىن ئىككى خۇتبە ئارىسىدا بىر قېتىم ئولتۇراتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، (خۇتبىسىدە ئايەتلىرنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز ــ نەسىھەت قىلاتتى).كىم ساڭا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى،دەپ خەۋەر بەرسە، شەك ـ شۈبھەسىز ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، الله بىلەن قەسەمكى ھەققەتەن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن

2000دىن ئارتۇق نامازنى بىللە ئوقۇغان ئىدىم.(يەنى شۇنداق كۆپ بىللە بولغانمەن، شۇڭا بۇئىشقا مەن ئالىم، خۇتبىنى ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى دىمەكچى،ئەمەلىيەتتە ئۇ 2000 ناماز جۈمەدىن باشقا نامازدۇر،جۈمە مەدىنىگە بارغاندا پەرز قىلىنغان) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 347 ـــــ باب في قوله تعالى: وإذا رأوا تجارة أو لهواً انفضوا إليها وتركوك قائما

1947 ـ1948 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. كِلاَهُمَا عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ عُثْمَانُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ حُصَيْنِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ سَالِمِ بْنِ أبي الْجَعْدِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّه أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَخْطُبُ قَائِماً يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَجَاءَتْ عِيرٌ مِنَ الشّامِ فَانْفَتَلَ النّاسُ إلَيْهَا. حَتّى لَمْ يَبْقَ إلاّ اثْنَا عَشَرَ رَجُلاً. فَأُنْزِلَتْ هَذِهِ الآيَةُ الّتِي فِي الْجُمُعَةِ: {وَإذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْواً انْفَضّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِماً}. (الجمعة الآية: 11).

1949 ـ وحدّثنا رِفَاعَةُ بْنُ الْهَيْثَمِ الْوَاسِطِيّ. حَدّثَنَا خَالِدٌ (يَعْنِي الطّحّانَ) عَنْ حُصَيْنٍ، عَنْ سَالِمٍ وَ أبي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا مَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَقَدِمَتْ سُوَيْقَةٌ. قَالَ: فَخَرَجَ النّاسُ إلَيْهَا. وَلَمْ يَبْقَ إلاّ اثْنَا عَشَرَ رَجُلاً. أنَا فِيهِمْ. قَالَ فَأَنْزَلَ اللهُ: {وَإذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْواً انْفَضّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِماً}. إلَى آخِرِ الآيَةِ.

1950 ـ وحدّثنا إسْمَاعِيلُ بْنُ سَالِمٍ. أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ. أخْبَرَنَا حُصَيْنٌ عَنْ أبي سُفْيَانَ وَ سَالِمِ بْنِ أبي الْجَعْدِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: بَيْنَا النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَائِمٌ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. إذْ قَدِمَتْ عِيرٌ إلَى الْمَدِينَةِ. فَابْتَدَرَهَا أَصْحَابُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّىَ لَمْ يَبْقَ مَعَهُ إلاّ اثْنَا عَشَرَ رَجُلاً. فِيهِمْ أبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ. قَالَ: وَنَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {وَإذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْواً انْفَضّوا إلَيْهَا}.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، شامدىن كەلگەن كارۋانلار مەدىنىگە كىرىپ كەلدى، ئاندىن كىشىلەر شۇ تەرەپكە ئالدىرىشىپ چىقىپ كەتتى، پەقەت 12 كىشى قېلىپ قالدى، قالغانلار ئارىسىدا مەن ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار ئىدۇق، ئاندىن الله تائالا سۈرە جۈمەنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى نازىل قىلدى:« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىانى كۆرسە، سىنى ئۆرە تۇرۇپ، (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېئمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

1951 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ أبي عُبَيْدَةَ، عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ قَالَ: دَخَلَ الْمَسْجِدَ وَعَبْدُ الرّحْمَنِ ابْنُ أمّ الْحَكَمِ يَخْطُبُ قَاعِداً. فَقَالَ: انْظُرُوا إلَىَ هَذَا الْخَبِيثِ يَخْطُبُ قَاعِداً. وَقَالَ اللّهُ تَعَالَى: {وَإذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْواً انْفَضّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِماً}.

كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كىرسە، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئۇممى ھەكەم ئولتۇرۇغان ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتقىدەك، كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئۇنى كۆرۈپ: ماۋۇ نىجىسقا قاراڭلار، الله تائالا؛« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سىنى ئۆرە تۇرۇپ، (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «اللهنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېئمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر». دەپ ،

« سنى ئۆرە تۇرۇپ(خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ ....»دەۋاتسا، بۇ ئولتۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەۋاتىدۇ، دىدى. ئۇنىڭ نىجىس دىيىشى، سۈننەتكە خىلاپ ھالدا پەيدا بولغان بىدئەتكە قاتتىق قارشى تۇرىشىدۇر.

## 348 ـــ باب التغليظ في ترك الجمعة جۈمئە نامىزىنى تەرىك ئەتكەن كىشىگە قاتتىق قوللۇق قىلىش

1952 ـ وحدّثني الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ (وَهُوَ ابْنُ سَلاّمٍ) عَنْ زَيْدٍ (يَعْنِي أَخَاهُ) أَنّه سَمِعَ أَبَا سَلاّمٍ قالَ: حَدّثَنِي الْحَكَمُ بْنُ مِينَاءَ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ وَ أَبَا هُرَيْرَةَ حَدّثَاهُ أَنّهُمَا سَمِعَا رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: عَلَى أَعْوَادِ مِنْبَرِهِ: «لَيَنْتَهِيَنّ أَقْوَامٌ عَنْ وَدْعِهِمْ الْجُمُعَاتِ. أَوْ لَيَخْتِمَنّ الله عَلَى قُلُوبِهِمْ. ثُمّ لَيَكُونُنّ مِنَ الْغَافِلِينَ».

ئىبنى ئاببباس،ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق: يا، قەۋىملەر جۈمئە نامازلىرىنى تەرىك ئېتىشلىرىدىن يانسا يانسۇن، جۈمئەنى ئوقۇۋالسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر ئۇرۇپ، پىچەتلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى مۇناپىق بولىدۇ)، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ت.

## 349 ـــ باب تخفيف الصلاة والخطبة ناماز بىلەن خۇتبىنى يەڭگىل ئوقۇپ بىرىش توغرىسىدا

1953 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قالَ: كُنْتُ أُصَلّي مَعَ رَسُولِ الله صلى الله عليه وسلم. فَكَانَتْ صَلاَتُهُ قَصْداً. وَخُطْبَتُهُ قَصْداً.

1954 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قالاَ: حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ. حَدّثَنِي سِمَاكُ بْنُ حَرْبٍ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: كُنْتُ أُصَلِي مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الصّلَوَاتِ . فَكَانَتْ صَلاَتُهُ قَصْداً. وَخُطْبَتُهُ قَصْداً. وَفِي رِوايَةِ أَبِي بَكْرٍ: زَكَرِيّاءُ عَنْ سِمَاكٍ .

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ جۈمئە كۈنى ئىككى قېتىم خۇتبە سۆزلەيتتى، بۇئىككى خۇتبىنىڭ ئارلىقىدا ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدە قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، نامىزى بىلەن خۇتبىسى ئوتتۇرھال، نورمال ئىدى.

1955 ـ1956 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ الله قَالَ: كَانَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم إِذَا خَطَبَ احْمَرّتْ عَيْنَاهُ، وَعَلاَ صَوْتُهُ، وَاشْتَدّ غَضَبُهُ. حَتّى كَأَنّهُ مُنْذِرُ جَيْشٍ، يَقُولُ: صَبّحَكُمْ وَمَسّاكُمْ. وَيَقُولُ: «بُعِثْتُ أَنَا وَالسّاعَةُ كَهَاتَيْنِ» وَيَقْرُنُ بَيْنَ إِصْبَعَيْهِ السّبّابَةِ وَالْوُسْطَى. وَيَقُولُ: «أَمّا بَعْدُ. فَإِنّ خَيْرَ الْحَدِيثِ كِتَابُ الله. وَخَيْرُ الْهُدَى هُدَى مُحَمّدٍ. وَشَرّ الأُمُورِ مُحْدَثَاتُهَا. وَكُلّ بِدْعَةٍ ضَلاَلَةٌ». ثُمّ يَقُولُ: «أَنَا أَوْلَى بِكُلّ مُؤْمِنٍ مِنْ نَفْسِهِ. مَنْ تَرَكَ مَالاً فَلأَهْلِهِ. وَمَنْ تَرَكَ دَيْناً أَوْ ضَيَاعاً فَإِلَيّ وَعَلَيّ».

1957 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ جَعْفَرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ النّاسَ. يَحْمَدُ اللّهَ وَيُثْنِي عَلَيْهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ. ثُمّ يَقُولُ: «مَنْ يَهْدِهِ الله فَلاَ مُضِلّ لَهُ. وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ. وَخَيْرُ الْحَدِيثِ كِتَابُ اللّهِ». ثُمّ سَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ الثّقَفِيّ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى ئۈستۈنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، كۈچىيىپ كېتەتتى، خۇددى قوشۇن سىلەرگە ئەتىگەن سەھەردە ياكى كەچكىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ دەپ، قوشۇندىن ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئاگاھلاندۇراتتى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، دەپ

كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇتتۇر بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.ۋە« ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ... ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن سۆزنىڭ ئەڭ راستراقى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ھەقىقەتەن ھىدايەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايەت يولىدۇر، ئىشلارنىڭ ئەڭ يامنى يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇر، (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئورۇنلاشتۇرمىغان، ئىسلام شەرئىتى، مۇكەممەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەقىيدىدە ۋە ئىبادەتتە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلادۇر) ھەر قانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت زالالەت، ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق زالالەت ئازغۇنلۇق، دوۋزاختا بولىدۇ، (بۇ ھەدىستىن ياخشى بىدئەت يوقتۇر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى لۇغىۋى سۆز بولۇپ، نېمىدىكەن ياخشى يېڭىلىنىش، يېڭىلىق دىگەن مەنىدە، بۇلارنى بىز بىدئەتلەردە تونۇشتۇردۇق، شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان) (ھەدىسنىڭ ئاخرى بولسا) سىلەرگە قىيامەت تۇيۇقسىز كېلىدۇ، مەن ئەۋەتىلدىمكى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنچىلىق دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويدى، يەنى شۇنداق يېقىن، قىيامەت سىلەرگە تۇيۇقسىز بىر ئەتىگەن ياكى كەچتە كېلىشى مۇمكىن، مەن بولسام، ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، كىم مال ــ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماللار ئۇ كىشىنىڭ ئەھلىگە قالىدۇ، كىم قەرز ياكى زايا يەنى ئەھلى باللىرىنى، ئائىلىسىنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭا، مېنىڭ ئۈستۈمگىدۇر، مەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىگىسى، دوستى بولىمەن، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. سىلەرمۇ خۇتبىدە، نۇتۇقتا ئەنە شۇنداق جانلىق، سۆزلىرىڭلارنى تەسىرلىك سۆزلەڭلار.

1958 ـ وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. كِلاَهُمَا عَنْ عَبْدِ الأعْلَى. قَالَ ابْنُ الْمثنّى: حَدّثنِي عَبْدُ الأعْلَى (وَهُوَ أبُو هَمّامٍ) حَدّثنَا دَاوُدُ عَنْ عَمْرِو بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أنّ ضِمَاداً قدِمَ مَكّةَ. وكَانَ مِنْ أزْدِ شَنُوءَةَ. وكَانَ يَرْقِي مِنْ هَذِهِ الرّيحِ. فَسَمِعَ سُفَهَاءَ مِنْ أهْلِ مَكّةَ يَقُولُونَ: إنّ مُحَمّداً مَجْنُونٌ. فَقَالَ: لَوْ أنّي رَأيْتُ هَذَا الرّجُلَ لَعَلّ الله يَشْفِيهِ عَلَى يَدَيّ. قَالَ فَلَقِيَهُ. فَقَالَ: يَا مُحَمّدُ إنّي أرْقِي مِنْ هذِهِ الرّيحِ. وَإنّ اللّهَ يَشْفِي عَلَى يَدِي مَنْ شَاءَ. فَهَلْ لَكَ؟ فَقَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم: «إنّ الْحَمْدَ للّهِ. نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِينُهُ. مَنْ يَهْدِهِ الله فَلاَ مُضِلّ لَهُ. وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ. وَأشْهَدُ أنْ لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ. وَأنّ مُحَمّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ. أمّا بَعْدُ». قَالَ فَقَالَ: أعِدْ عَلَيّ كَلِمَاتِكَ هَؤُلاَءِ. فَأعَادَهُنّ عَلَيْهِ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم. ثَلاَثَ مَرّاتٍ. قَالَ فَقَالَ: لَقَدْ سَمِعْتُ قَوْلَ الْكَهَنَةِ وَقَوْلَ السّحَرَةِ وَقَوْلَ الشّعَرَاءِ. فَمَا سَمِعْتُ مِثْلَ كَلِمَاتِكَ هَؤُلاَءِ. وَلَقَدْ بَلَغْنَ نَاعُوسَ الْبَحْرِ. قَالَ فَقَالَ: هَاتِ يَدَكَ أُبَايِعْكَ عَلَى الإسْلاَمِ. قَالَ فَبَايَعَهُ. فَقَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم: «وَعَلَى قَوْمِكَ» قَالَ: وَعَلَى قَوْمِي. قَالَ فَبَعَثَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم سَرِيّةً فَمَرّوا بِقَوْمِهِ. فَقَالَ صَاحِبُ السّرِيّةِ لِلْجَيْشِ: هَلْ أصَبْتُمْ مِنْ هَؤُلاَءِ شَيْئاً؟ فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: أصَبْتُ مِنْهُمْ مِطْهَرَةً. فَقَالَ: رُدّوهَا. فَإنّ هَؤُلاَءِ قَوْمُ ضِمَادٍ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، زىماد مەككىگە كەلدى، ئۇ شەنۇئەتنىڭ ئەزەد قەبىيلىسىدىن ئىدى، ئۇ جىن چاپلىشىۋالغان ساراڭلارنى رۇقيى قىلىپ داۋالايتتى، ئۇ مەككى ئەھلىنىڭ نادانلىرىدىن مۇھەممەد مەجنۇن ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئەگەر مەن بۇ كىشىنى كۆرۈپ باقسام، **الله** بۇكىشىگە مېنىڭ قولۇمدا شىپالىق ئاتا قىلسا ئەجەپ

ئەمەس دەپ، رەسۇلۇللاھغا ئۇچۇرشۇپ؛ ئى مۇھەممەد! مەن جىن چاپلىشىۋالغان ساراڭلارنى رۇقيي قىلىپ داۋالايمەن، ماڭا ھاجىتىڭ بارمۇ؟دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئالاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۈل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز ). ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە،شېرىكى يوقلىقىغا، مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، (قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھۋە تەن جىسىم بىلەن بىرگە تېرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز )گۇۋاھلىق بېرىپ ، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئەمما بەئدۇ دېدى، ئۇ؛ بۇ سۆزلىرىڭنى ماڭا قايتىلاپ بەرگىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم قايتىلاپ بەردى، ئاندىن ئۇ:ھەقىقەتەن مەن جىنكەش كاھىنلەرنىڭ، سېھرىگەرلەرنىڭ، شائىرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققان، لېكىن مەن سىنىڭكىدەك بۇنداق ئېسىل سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بۇ سۆزلەر پاساھەت،بالاغەتتە ئەڭ يۇقىر چەككە يەتتى، قولۇڭنى بەرگىن ، مەن ساڭا ئىسلامغا ، مۇسۇلمان بولۇشقا بەيئەت قىلاي دېدى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ؛قەۋمىڭگىمۇ، دېدى، ئۇ؛ قەۋمىمگىمۇ بەيئەت قىلدىم دېدى، كېيىن رەسۇلۇللاھ قوشۇن ئەۋەتسە، ئۇلار ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇ، قوشۇن باشلىقى؛ سىلەر بۇ قەۋمدىن بىرەر نەرسە ئالدىڭلارمۇ؟دەپ سورايدۇ، ئۇلاردىن بىر كىشى؛ ھەئە، مەن ئۇلاردىن بىر قاچا ئالدىم دېسە، ئەمىر؛ئۇنى بۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، چۈنكى بۇلار زىمادىنىڭ قەۋمى بولدۇ دەيدۇ.(يەنى بۇلارغا چېقىلمايدۇ)

**1959 ـ حدّثني سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحمَنِ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ أَبْجَرَ عَنْ أَبيه، عَنْ وَاصِلِ بْنِ حَيّان. قَالَ: قَالَ أَبُو وَائِلٍ خَطَبَنَا عَمّارٌ، فَأَوْجَزَ وَأَبْلَغَ. فَلَمّا نَزَلَ قُلْنَا: يَا أَبَا الْيَقْظَانِ لَقَدْ أَبْلَغْتَ وَأَوْجَزْتَ. فَلَوْ كُنْتُ تَنَفّسْتَ فَقَالَ: إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِنّ طُولَ صَلاَةِ الرّجُلِ، وَقِصَرَ خُطْبَتِهِ، مَئِنّةٌ مِنْ فِقْهِهِ. فَأَطِيلُوا الصّلاَةَ وَأَقْصُرُوا الْخُطْبَةَ. وَإِنّ من الْبَيَانِ سِحْراً».**

ئەبۇۋائىلدىن؛ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ناھايىتى قىسقا ئەمما يېتەرلىك خۇتبە ئوقۇدى، بىز؛ ئى ئەبۇليەقزان! سەن خۇتبىنى ناھايىتى قىسقا ئەمما يېتەرلىك قىلدىڭ، يەنە ئازراق ئۇزارتقان بولساڭ دېسەك، ئۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇشى، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشى، شۇ كىشىنىڭ فىقھشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىگە ئالامەت دەلىلدۇر، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇپ، خۇتبىنى قىسقا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن بالاغەتلىك، پاساھەتلىك سۆز قىلىشدا، ئەقلىنى لال قىلىدىغان، سېھرى كۈچ بار.دېدى. مۇسلىم 1437 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17598 ــ ھەدىس، دارمى 1511 ــ ھەدىس، سەھىھ.

**1960 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ رُفَيْعٍ، عَنْ تَمِيمِ بْنِ طَرَفَةَ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ أَنّ رَجُلاً خَطَبَ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: مَنْ يُطِعِ الله وَرَسُولَهُ فَقَدْ رَشِدَ. وَمَنْ يَعْصِهِمَا فَقَدْ غَوَى. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بِئْسَ الْخَطِيبُ أَنْتَ. قُلْ: وَمَنْ يَعْصِ الله وَرَسُولَهُ». قَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: فَقَدْ غَوِيَ.**

ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا خۇتبە سۆزلەپ؛ كىم **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلسا، جەزمەن ئۇ توغرا يول تاپىدۇ، كىم ئۇ ئىككىسىگە ئاسىيلىق قىلسا، جەزمەن ئۇ چوڭ ئازغۇنلۇقتا ئېزىپ كىتىدۇ،دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ سەن نىمە دېگەن يامان خەتىيب!ئۇ ئىككىسىگە دېمەي، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلسا،...دېگىن دېدى.

**1961 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ الْحَنْظَلِيّ. جَمِيعاَ عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو، سَمِعَ عَطَاءً يُخْبِرُ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ عَلَى الْمِنْبَرِ: وَنَادَوْا يَا مَالِكُ.**

يەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلىگەندە،«ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دەۋزەختقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ. »دىگەن ئايەتنى ئۇقۇغانلىقنى ئاڭلىغان ئىدىم.بۇخارى،مۇسلىم،

**1962 ـ1963 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ حَسّانَ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أُخْتٍ لِعَمْرَةَ قَالَتْ: أَخَذْتُ {قَ وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ} مِنْ فِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَهُوَ يَقْرَأُ بِهَا عَلَى الْمِنْبَرِ، فِي كُلّ جُمُعَةٍ.**

**1964 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ خُبَيْبٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ مَعْنٍ عَنْ بِنْتٍ لِحَارِثَةَ بْنِ النّعْمَانِ قَالَتْ: مَا حَفِظْتُ {قَ} إِلاّ مِنْ فِي رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَخْطُبُ بِهَا كُلّ جُمُعَةٍ قَالَتْ: وَكَانَ تَنّورُنَا وَتَنّورُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم واحِداً.**

**1965 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِسْحَقَ. حَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ أَبِي بَكْرِ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ حَزْمٍ الأَنْصَارِيّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ سَعْدِ بْنِ زُرَارَةَ، عَنْ أُمّ هِشَامٍ بِنْتِ حَارِثَةَ بْنِ النّعْمَانِ قَالَتْ: لَقَدْ كَانَ تَنّورُنَا وَتَنّورُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَاحِداً. سَنَتَيْنِ أَوْ سَنَةً وَبَعْضَ سَنَةٍ. وَمَا أَخَذْتُ {قَ وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ} إِلاّ عَنْ لِسَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَقْرَؤُهَا كُلّ يَوْمِ جُمُعَةٍ عَلَى الْمِنْبَرِ. إِذَا خَطَبَ النّاسَ.**

ئۇممى ھىشام بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛بىر ئىككى يىلغىچە بىزنىڭ نان ياقىدىغان تۇنۇرىمىز بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنۇرى بىر ئىدى، مەن سۈرە «قاف. ۋەلقۇرئانىلمەجىيد»نى پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىدىنلا يادا ئالغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر جۈمئە كۈنىسى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىگەن چاغدا، مۇنبەر ئۈستىدە، سۈرە قاف بىلەن خۇتبە ئوقۇيتتى.مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد.

**1966 ـ 1967 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ عَنْ حُصَيْنٍ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ رُوَيْبَةَ. قَالَ: رأَى بِشْرَ بْنَ مَرْوَانَ عَلَى الْمِنْبَرِ رَافِعاً يَدَيْهِ. فَقَالَ: قَبّحَ اللّهُ هَاتَيْنِ الْيَدَيْنِ. لَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا يَزِيدُ عَلَى أَنْ يَقُولَ بِيَدِهِ هَكَذَا. وَأَشَارَ بِإِصْبَعِهِ الْمُسَبّحَةِ.**

ئەممار ئىبنى رۇۋەيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، بىشر ئىبنى مەرۋاننىڭ مۇنبەر ئۈستىدە ئىككى قولىنى كۆتىرىۋالغىنىنى كۆرۈپ: **الله** بۇ ئىككى قولنى قەبىھ سەت قىلىۋەتسۇنكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (خۇتبە

سۆزلىگەندە)مانا مۇشۇنداق، قولى بىلەن ئىشارەت قىلغاندىن زىيادە قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى.

## 350 ــ باب التحية والإمام يخطب

## ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزىنى ئوقۇش توغرىسىدا

1968 ـ وحدّثنا أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وقُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قالاَ: حَدّثنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ) عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: بَيْنَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ، إِذْ جَاءَ رَجُلٌ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَصَلّيْتَ؟ يَا فُلاَنُ» قَالَ: لاَ. قَالَ: «قُمْ فَارْكَعْ».

1969 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ يَعْقُوبُ الدّوْرَقِيّ عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. كَمَا قَالَ حَمّادٌ. وَلَمْ يَذْكُرِ الرّكْعَتَيْنِ.

1970 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. (قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا وَقَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ) عَنْ عَمْرٍو، سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: دَخَلَ رَجُلٌ الْمَسْجِدَ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَقَالَ «أَصَلّيْتَ؟» قَالَ: لاَ. قَالَ «قُمْ فَصَلّ الرّكْعَتَيْنِ». وَفِي رِوَايَةِ قُتَيْبَةَ قَالَ «صَلّ رَكْعَتَيْنِ».

1971 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: جَاءَ رَجُلٌ وَالنّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى الْمِنْبَرِ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، يَخْطُبُ. فَقَالَ لَهُ: «أَرَكَعْتَ رَكْعَتَيْنِ؟» قَالَ: لاَ. فَقَالَ «ارْكَعْ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلەۋاتسا، بىركىشى مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇماستىنلا ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ئى پالانى!ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ دېدى، ئۇ؛ ياق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ قوپ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، يەنە بىردە؛ ئورنىڭدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن، (بىرىڭلار جۈمئە كۈنى، جۈمئەگە كەلسە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، قىسقا يەڭگىل قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن)،دېدى.

1972 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرٍو قَالَ: سَمِعْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم خَطَبَ فَقَالَ: «إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَقَدْ خَرَجَ الإِمَامُ، فَلْيُصَلّ رَكْعَتَيْنِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنى، جۈمئەگە كەلسە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، قىسقا يەڭگىل قىلىپ ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن.بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

1973 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّهُ قَالَ: «جَاءَ سُلَيْكٌ الْغَطَفَانِيّ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَاعِدٌ عَلَى الْمِنْبَرِ. فَقَعَدَ سُلَيْكٌ قَبْلَ أَنْ يُصَلّيَ. فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «أَرَكَعْتَ رَكْعَتَيْنِ؟» قَالَ: لاَ. قَالَ: «قُمْ فَارْكَعْهُمَا».

1974 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عِيسَى بْنِ يُونُسَ. قَالَ: ابْنُ خَشْرَمٍ: أَخْبَرَنَا عِيسَى عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي سُفْيَانَ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: «جَاءَ سُلَيْكٌ الْغَطَفَانِيّ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ، فَجَلَسَ. فَقَالَ لَهُ «يَا سُلَيْكُ قُمْ فَارْكَعْ رَكْعَتَيْنِ. «وَتَجَوّزْ فِيهِمَا». ثُمّ قَالَ: «إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَالإِمَامُ يَخْطُبُ، فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ،وَلْيَتَجَوّزْ فِيهِمَا».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلەۋاتسا، سۇلەيك كىلىپ ناماز ئوقۇماستىنلا ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا؛ ئى سۇلەيك!ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟دېدى، ئۇ؛ ياق دېگەندە، رەسۇلۇللاھ؛ قوپ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن،بىرىڭلار جۈمئە كۈنى، جۈمئەگە كەلسە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، قىسقا يەڭگىل قىلىپ ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن . ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 351 ــ باب حديث التعليم في الخطبة خۇتبە ئوقۇۋېتىپمۇ، دىندىن تەلىم بېرىش توغرىسىدا

1975 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثنا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثنا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ. قالَ: قالَ أَبُو رِفاعَةَ: انْتَهَيْتُ إِلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَخْطُبُ. قالَ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ رَجُلٌ غَرِيبٌ. جَاءَ يَسْأَلُ عَنْ دِينِهِ. لاَ يَدْرِي مَا دِينُهُ. قالَ فَأَقْبَلَ عَلَيّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَتَرَكَ خُطْبَتَهُ حَتّى انْتَهَى إِلَيّ. فَأُتِيَ بِكُرْسِيَ، حَسِبْتُ قَوَائِمَهُ حَدِيداً. قالَ فَقَعَدَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَجَعَلَ يُعَلّمُنِي مِمّا عَلّمَهُ الله. ثُمّ أَتَى خُطْبَتَهُ فَأَتَمّ آخِرَهَا.

ئەبۇرۇپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋاتقان ئىكەن، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ( مەندىن ئىبارەت) نا تونۇش غەرىيب بىر كىشى دىنىدىن سوراپ كەلدى، ئۇ دىنىنىڭ نىملىكىنى بىلمەيدۇ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىنى تەرىك ئىتىپ، ماڭا ئالدىنى قىلىپ مېڭىپ قېشىمغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈرۈندۇق كەلتۈرۈلدى، مەن ئۇ ئۈرۈندۇقنىڭ پۇتلىرىنى تۆمۈردىنمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن نەرسىلەنى ماڭا ئۆگۈتۈشكە باشلىدى، ئاندىن خۇتبىسىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنى ئاخىرغىچە تامام قىلدى.

## 352 ــ باب ما يقرأ في صلاة الجمعة جۈمئە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر توغرىسىدا

1976 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ بِلاَلٍ) عَنْ جَعْفَرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ ابْنِ أَبِي رَافِعٍ قالَ: اسْتَخْلَفَ مَرْوَانُ أَبَا هُرَيْرَةَ عَلَى الْمَدِينَةِ. وَخَرَجَ إِلَى مَكّةَ. فَصَلّى لَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ الْجُمُعَةَ. فَقَرَأَ بَعْدَ سُورَةِ الْجُمُعَةِ فِي الرّكْعَةِ الآخِرَةِ. إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ. قالَ فَأَدْرَكْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ حِينَ انْصَرَفَ. فَقُلْتُ لَهُ: إِنّكَ قَرَأْتَ بِسُورَتَيْنِ كَانَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ يَقْرَأُ بِهِمَا بِالْكُوفَةِ. فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ بِهِمَا يَوْمَ الْجُمُعَةِ.

1977 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قالاَ: حَدّثنا حَاتِمُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ. ح وَحَدّثَنا قُتَيْبَةُ. حَدّثَنا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ). كِلاَهُمَا عَنْ جَعْفَرٍ. عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي رَافِعٍ. قالَ: اسْتَخْلَفَ مَرْوَانُ أَبَا هُرَيْرَةَ، بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّ فِي رِوَايَةِ حَاتِمٍ. فَقَرَأَ بِسُورَةِ الْجُمُعَةِ، فِي السّجْدَةِ الأُولَى. وَفِي الآخِرَةِ، إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ. وَرِوَايَةُ عَبْدِ الْعَزِيزِ مِثْلُ حَدِيثِ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ .

ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە ئىزباسارخەلىپە قىلىپ قويۇپ، مەككىگە چىقىپ كىتىدۇ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە جۈمئە نامىزىنى ، بىرىنجى رەكئىتىدە، سۈرە جۈمئەنى ، ئىككىنجى رەكئىتىدە، «ئىزا جائەكەلمۇناپىقۇن»نى قىرائەت قىلىپ ئوقۇپ

بەردى، ئۇ نامازدىن قايتقاندا مەن ئۇنىڭغا ئۇچۇرشۇپ؛ سەن بۇگۈن جۈمئە نامىزىغا ئىككى سۈرىنى ئوقۇدۇڭ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كۇپىدە بۇ ئىككى سۈرىنى جۈمئەگە ئوقۇيتتى دېسەم،ئۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۇمئەكۈنى (جۇمئەنامىزىغا) بۇ ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

1978 ـ1979 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَـقُ. جَمِيعاً عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْتَشِرِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ حَبِيبِ بْنِ سَالِمٍ مَوْلَى النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْرَأُ، فِي الْعِيدَيْنِ وَفِي الْجُمُعَةِ، {سَبّحِ اسْمَ رَبّكَ الأَعْلَى} و{هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ الْغَاشِيَةِ}.
قَالَ: وَإِذَا اجْتَمَعَ الْعِيدُ وَالْجُمُعَةُ، فِي يَوْمٍ وَاحِدٍ، يَقْرَأُ بِهِمَا أَيْضاً فِي الصّلاَتَيْنِ.

نوئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا ۋە جۇمئە نامىزىدا «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا» بىلەن «ھەل ئەتاكە ھەدىيسۇلغاشىيە»نى قىرائەت قىلاتتى. ھېيت نامىزى بىلەن جۇمئە بىر كۈندە بىرلىشىپ بىللە كېلىپ قالسا، ھەر ئىككىلى نامازدا، ئاشۇ ئىككى سۈرىنى ئۇقىيتتى.(يەنى جۇمئەكۈنى ھېيت نامىزى كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزىنى ئاشۇ ئىككى سۈرە بىلەن ئۇقۇپ، ئاندىن جۇمئەنىمۇ ئاشۇ ئىككى سۈرى بىلەن ئۇقىيتتى).

1980 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ ضَمْرَةَ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، قَالَ: كَتَبَ الضّحّاكُ بْنُ قَيْسٍ إِلَى النّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ: يَسْأَلُهُ: أَيّ شَيْءٍ قَرَأَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْجُمُعَةِ، سِوَى سُورَةِ الْجُمُعَةِ؟ فَقَالَ: كَانَ يَقْرَأُ: هَلْ أَتَاكَ.

زەھھاك ، نوئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەت يېزىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنى سۈرە جۇمئەدىن باشقا يەنەقايسى سۈرىنى قىرائەت قىلاتتى؟دەپ سورىغاندا، ئۇ ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنى سۈرە جۇمئەدىن باشقا يەنە«ھەل ئەتاكە ھەدىيسۇلغاشىيە»نى قىرائەت قىلاتتى،دېدى. يەنى مۇشۇ ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇتاتتى.

## 353 ـــــ باب ما يقرأ في يوم الجمعة جۈمئە كۈنى ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر توغرىسىدا

1981 ـ1982 ـ1983 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُخَوّلِ بْنِ رَاشِدٍ، عَنْ مُسْلِمٍ الْبَطِينِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ فِي صَلاَةِ الْفَجْرِ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ: {آلم تَنْزِيلُ} السّجْدَةِ وَ {هَلْ أَتَى عَلَى الإِنْسَانِ حِينٌ مِنَ الدّهْرِ}. وَأَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأُ، فِي صَلاَةِ الْجُمُعَةِ، سُورَةَ الْجُمُعَةِ وَالْمُنَافِقِينَ.

ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئەكۈنى بومدات نامىزىنىڭ بىرىنجى رەكئىتىدە، «ئەلىف لام مىم تەنزىل»سەجدىنى، ئىككىنجى رەكئىتىدە، «ھەل ئەتائەلەلئىنسانى...»نى قىرائەت قىلاتتى. جۇمئە نامىزىدا، بىرىنجى رەكئىتىدە، سۈرە جۇمئەنى ، ئىككىنجى رەكئىتىدە، «ئىزا جائەكەلمۇناپىقۇن»نى قىرائەت قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

1984 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ سَعْدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ كَانَ يَقْرَأُ فِي الْفَجْرِ، يَوْمَ الْجُمُعَةِ: {الم تَنْزِيلُ} و {هَلْ أَتَى}.

1985 ـ حدّثني أَبو الطاهِر. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقْرَأَ فِي الصبْح، يَوْمَ الْجُمُعَةِ، بـ {آلم تَنْزِيلُ}، فِي الرّكْعَةِ الأُولَى. وَفِي الثّانِيَةِ: {هَلْ أَتَى عَلَى الإِنْسَانِ حِينٌ مِنَ الدّهْرِ لَمْ يَكُنْ شَيْئاً مَذْكُوراً}.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەكۈنى بومدات نامىزىنىڭ بىرىنجى رەكئىتىدە، «ئەلىف لام مىم تەنزىلنى»، ئىككىنجى رەكئىتىدە، «ھەل ئەتائەلەلئىنسانىنى» قىرائەت قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 354 ـــــ *باب الصلاة بعد الجمعة* جۈمئە نامىزىدىن كېيىنكى نەپلە ناماز توغرىسىدا

1986 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا صَلّى أَحَدُكُمُ الْجُمُعَةَ فَلْيُصَلّ بَعْدَهَا أَرْبَعاً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىنى ئۇقىسا،ئۇنىڭدىن كېيىن يەنەتۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن . (مانا بۇ جۈمئەنىڭ سۈننەت نامىزى، بەزى سەلەفىيلەر جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ئوقۇغان، ئۇبۇلسا ئىبنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇ بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىلغان دېگەن.مىشكاتنىڭ 1187 ـ ھەدىسىدە بار سەھىھ ).

1987 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إِدْرِيسَ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِذَا صَلّيْتُمْ بَعْدَ الْجُمُعَةِ فَصَلّوا أَرْبَعاً» (زَادَ عَمْرٌو فِي رِوَايَتِهِ. قَالَ ابْنُ إِدْرِيسَ: قَالَ سُهَيْلٌ) فَإِنْ عَجِلَ بِكَ شَيْءٌ فَصَلّ رَكْعَتَيْنِ فِي الْمَسْجِدِ، وَرَكْعَتَيْنِ إِذَا رَجَعْتَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولساڭلار، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار.(سۇھەيل مۇنداق دەيدۇ؛ ئەگەر سىنى بىرەر ئىش ئالدىرىتىپ قويسا، «جۈمئەدىن كېيىنكى تۆت رەكئەت نامازنىڭ»ئىككى رەكئىتىنى مەسجىدتە، يەنە ئىككى رەكئىتىنى ئۆيۈڭگە قايتقاندا ئوقۇساڭ دۇرۇس بولىدۇ).

1988 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ. كِلاَهُمَا عَنْ سُهَيْلٍ. عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ كَانَ مِنْكُمْ مُصَلّياً بَعْدَ الْجُمُعَةِ فَلْيُصَلّ أَرْبَعاً». وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ جَرِيرٍ «مِنْكُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن.

1989 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ أَنّهُ كَانَ، إِذَا صَلّى الْجُمُعَةَ، انْصَرَفَ فَسَجَدَ سَجْدَتَيْنِ فِي بَيْتِهِ. ثُمّ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ يَصْنَعُ ذَلِكَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جۈمئەنامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، دىدى.

1990 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أنّهُ وَصَفَ تَطوّعَ صَلاَةِ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم. قالَ: فَكَانَ لاَ يُصَلّي بَعْدَ الْجُمُعَةِ حَتّى يَنْصَرِفَ. فَيُصَلّي رَكْعَتَيْنِ فِي بَيْتِهِ. قالَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أظُنّهُ قَرَأتُ فَيُصَلّي أوْ ألْبَتّةَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەدىن كېيىن، ئۆيگە قايتمىغىچە نامازئۇقۇمايتتى، قايتىپ كېلىپ، ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى.بۇخارى،مۇسلىم، تەيالىسى توپلىغان، س

1991 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثنا عَمْرٌو عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أبِيهِ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُصَلّي بَعْدَ الْجُمُعَةِ رَكْعَتَيْنِ.

يەنەشۇنىڭدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

1992 ـ 1993 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا غُنْدَرٌ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قالَ: أخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ عطاءِ بْنِ أبِي الْخُوَارِ أنّ نَافِعَ بْنَ جُبَيْرٍ أرْسَلَهُ إلَى السّائِبِ، ابْنِ أخْتِ نَمِرٍ، يَسْألُهُ عَنْ شَيْءٍ رَآهُ مِنْهُ مُعَاوِيَةُ فِي الصّلاَةِ. فقالَ: نَعَمْ. صَلّيْتُ مَعَهُ الْجُمُعَةَ فِي الْمَقْصُورَةِ. فلمّا سَلّمَ الأمَامُ قُمْتُ فِي مَقَامِي. فَصَلّيْتُ. فلمّا دَخَلَ أرْسَلَ إلَيّ فقالَ: لاَ تَعُدْ لِمَا فعَلْتَ. إذَا صَلّيْتَ الْجُمُعَةَ فلاَ تَصِلْهَا بِصلاَةٍ حَتّى تَكَلّمَ أوْ تَخْرُجَ. فَإنّ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم أمَرَنَا بِذَلِكَ. أنْ لاَ تُوصلَ صَلاَةٌ بِصلاَةٍ حَتّى نَتَكَلّمَ أوْ نَخْرُجَ.

ئەمرۇئىبنى ئەتائ رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مىنى ناپىئىبنى جۇبەير رەھمەھۇللاھ، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا، ئۇنىڭدىن مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز توغرىسىدا كۆرگەن نەرسىدىن سوراپ كېلىشىمگە ئەۋەتتى، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماڭا: شۇنداق ، مەن مەقسۇرە دىگەن جامەدە، جۈمەنامىزىنى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئۇقۇغان ، ئىمام سالام بەرگەن چاغدا، مەن ئۆزئورنۇمدا تۇرۇپلا ناماز ئۇقۇدۇم، مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە كىرگەن چاغدا، ماڭا مۇنداق دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ: سەن باياتىن قىلغان ئىشنىڭنى قايتا قىلمىغىن ، سەن جۈمە نامىزىنى ئۇقۇغان چېغىڭدا، سۆزقىلىۋەتمىگىچە، ياكى مەسجىدتىن تېشىغا چىقىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا يەنەبىر نامازنى ئۇلاپ ناماز ئۇقۇمىغىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى شۇنداق قىلىشىمىزغا، يەنى بىز سۆزقىلىۋەتمىگىچە، ياكى مەسجىدتىن تېشىغا چىقىۋەتمىگىچە جۈمە نامىزىغا يەنەبىر نامازنى ئۇلاپ ئۇقۇماسلىقىمىزغا بۇيرىغان ئىدى، دىدى.

## 9 ـــ كتاب صلاة العيدين ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ كىتابى

### 355 ــــ باب

1994 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. قالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي الْحَسَنُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ. قالَ: شَهِدْتُ صَلاَةَ الْفِطْرِ مَعَ نَبِيّ اللهِ صلى الله عليه وسلم وَأبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَعُثْمَانَ. فَكُلّهُمْ يُصَلّيهَا قَبْلَ الْخُطْبَةِ. ثُمّ يَخْطُبُ. قالَ فَنَزَلَ نَبِيّ اللهِ صلى الله عليه وسلم كَأنّي أنْظُرُ إلَيْهِ حِينَ يُجَلّسُ الرّجَالَ بِيَدِهِ. ثُمّ أقْبَلَ يَشُقّهُمْ. حَتّى جَاءَ النّسَاءَ وَمَعَهُ بِلاَلٌ. فقالَ: {يَا أيّهَا النّبِيّ إذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أنْ لاَ يُشْرِكْنَ بِاللهِ شَيْئاً} (الممتحنة الآية: 12) فَتَلاَ هَذِهِ الآيَةَ حَتّى فَرَغَ مِنْهَا. ثُمّ قالَ، حِينَ فَرَغَ مِنْهَا: «أنْتُنّ عَلَى ذَلِكِ؟» فَقالَتِ امْرَأةٌ وَاحِدَةٌ، لَمْ يُجِبْهُ غَيْرُهَا مِنْهُنّ: نَعَمْ. يَا نَبِيّ اللهِ لاَ يُدْرَى حِينَئِذٍ مَنْ هِيَ. قالَ: «فَتَصَدّقْنَ» فَبَسَطَ بِلاَلٌ ثَوْبَهُ ثُمّ قالَ: هَلُمّ فِدًى لَكُنّ أبِي وَأمّي فَجَعَلْنَ يُلْقِينَ الْفَتَخَ وَالْخَوَاتِمَ فِي ثَوْبِ بِلاَلٍ.

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ھېيت نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇپ، ئاندىن خۇتبە ئوقۇيتتى، رەسۇلۇللاھ نامازدىن پارىغ بولۇپ چۈشتى، رەسۇلۇللاھ كىشلەرنى قولى بىلەن ئولتۇرغۇزغاندا مەن قاراۋاتاتتىم، ئاندىن كىشلەر ئارىسىنى يېرىپ كېلىپ، ئاياللارنىڭ قېشىغا كەلدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا: « ئى پەيغەمبەر! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، **الله** غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرىغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن **الله**دىن مەغفىرەت تىلىگىن، **الله** ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. »دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ، ئايەتتىن پارىغ بولغاندا؛ سىلەر شۇنىڭغا بەيئەت قىلامسىلەر؟دېدى، ئاياللاردىن بىرسى؛ ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى!ھەئە ، بىز شۇنىڭغا بەيئەت قىلىمىز دېدى، ئۇنىڭدىن باشقىسى جاۋاب بەرمىدى، شۇچاغدا ئۇ ئايالنىڭ كىملىكى بىلىنمىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛سەدىقە قىلىڭلار دېدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئاتا ـ ئانام سىلەرگە پىدا بولسۇن، قېنى كېلىڭلار، (سەدىقەڭلارنى بۇ يەرگە تاشلاڭلار)دەپ، كىيىمىنىڭ پىشنى ئېچىپ تۇردى، ئاندىن ئۇلار ئۈزۈك، زىرە ـ مۇنجاق قاتارلىق زىنەت ـ بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، سەدىقە قىلىش ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىيىمگە تاشلاشقا باشلىدى.

**1995 ـ 1996 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ. قَالَ: سَمِعْتُ عطاءً. قَالَ: سَمِعْتُ  ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: أَشْهَدُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَصَلّى قَبْلَ الْخُطْبَةِ. قَالَ ثُمّ خَطَبَ. فَرَأَى أَنّهُ لَمْ يُسْمِعِ النّسَاءَ. فَأَتَاهُنّ. فَذَكّرَهُنّ. وَوَعَظَهُنّ. وَأَمَرَهُنّ بِالصّدَقَةِ. وَبِلاَلٌ قَائِلٌ بِثَوبِه. فَجَعَلَتِ الْمَرْأَةُ تُلْقِي الْخَاتَمَ وَالْخُرْصَ وَالشّيْءَ.**

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھېيت نامىزىغا قاتناشقانمۇ؟ دەپ سورالدى، ئۇ: ھەئە مەن قاتناشقان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، خۇتبىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى، ـ ئۇ ئەزان ـ تەكبىرنى تىلغا ئالمىدى ـ (يەنى ئىككى ھېيت نامىزى ئەزان ـ تەكبىرسىز ئوقۇلىدۇ) ـ ئاندىن خۇتبىسىنى ئاياللارغا ئاڭلىتالمىدىم دەپ قاراپ، ئاياللارنىڭ قېشىغاكېلىپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمنى ئېچىپ تۇردى،

مەن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قۇلاقلىرىغا، گاللىرىغا ئاپىرىپ، ئۈزۈك،زىرە ـ مۇنجاق قاتارلىق زىبىنەت ـ بۇيۇملىرىنى ئېلىپ

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلال رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ بىلەن ئۆيىگە قايتتى. بۇخارى، مۇسلىم.

1997 ـ وحدّثنا إسْحَـقُ بْنُ إبْراهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. قالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. قالَ: سَمِعْتُهُ يَقُولُ: إنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قامَ يَوْمَ الْفِطْرِ، فَصلّى. فَبَدَأَ بِالصّلاَةِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ. ثُمّ خَطبَ النّاسَ. فَلَمّا فَرَغَ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَزَلَ. وَأتَى النّسَاءَ. فَذَكّرَهُنّ. وَهُوَ يَتَوَكّأُ عَلَىَ يَدِ بِلاَلٍ. وَبِلاَلٌ بَاسِطٌ ثَوْبَهُ. يُلْقِينَ النّسَاءُ صَدَقَةً
قُلْتُ لِعَطاءٍ: زَكَاةَ يَوْمِ الْفِطْرِ؟ قالَ: لاَ. وَلَكِنْ صَدَقَةً يَتَصدّقْنَ بِهَا حِينَئِذٍ. تُلْقِي الْمَرْأَةُ فَتَخَهَا. وَيُلْقِينَ وَيُلْقِينَ.
قُلْتُ لِعَطاءٍ: أَحقّا عَلَى الإمَامِ الآنَ أنْ يَأْتِيَ النّسَاءَ حِينَ يَفْرُغُ فَيُذَكّرَهُنّ؟ قالَ: إي. لَعَمْرِي إنّ ذَلِكَ لَحَقّ عَلَيْهِمْ. وَمَا لَهُمْ لاَ يَفْعَلُون ذَلِكَ؟.
1998 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنِ أَبِي سُلَيْمَانَ عَنْ عَطاءٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. قالَ: شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الصّلاَةَ يَوْمَ الْعِيدِ. فَبَدَأَ بِالصّلاَةِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ. بِغَيْرِ أَذَانٍ وَلاَ إِقَامَةٍ. ثُمّ قامَ مُتَوَكّئاً عَلَى بِلاَلٍ. فَأَمَرَ بِتَقْوَى اللّهِ. وَحَثّ عَلَى طَاعَتِهِ. وَوَعَظَ النّاسَ. وَذَكّرَهُمْ. ثُمّ مَضَى. حَتّى أَتَى النّسَاءَ. فَوَعَظَهُنّ وَذَكّرَهُنّ. فَقالَ: «تَصَدّقْنَ. فَإِنّ أَكْثَرَكُنّ حَطَبُ جَهَنّمَ» فَقامَتِ امْرَأَةٌ مِنْ سِطَةِ النّسَاءِ سَفْعَاءُ الْخَدّيْنِ. فَقالَتْ: لِمَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «لأَنّكُنّ تُكْثِرْنَ الشّكَاةَ. وَتَكْفُرْنَ الْعَشِيرَ» قالَ: فَجَعَلْنَ يَتَصدّقْنَ مِنْ حُلِيّهِنّ. يُلْقِينَ فِي ثَوْبِ بِلاَلٍ مِنْ أَقْرِطَتِهِنّ وَخَوَاتِمِهِنّ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھېيت كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە

ھېيت نامىزىغا قاتناشقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىدىن بۇرۇن ئەزان ـ تەكبىرسىزلا

ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى، ئاندىن نامازنى ئوقۇپ بولغاندا، بىلال رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت

قىلىشقا تەرغىب قىلدى، ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى **الله** تىن

قورقۇشقا، تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغىمۇ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ ، **الله** نى ئاخىرەتنى ئەسلەتتى. ئى ئاياللار!

سىلەر كۆپ سەدىقە ـ ئېھسان قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ كۆپرەكىڭلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ كېتىدۇ دېدى،

ئاياللارنىڭ ياخشىلىرى ئارىسىدىن ئىككى مەڭزى قارداپ كەتكەن بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ

ئەلچىسى! نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ ؛ چۈنكى سىلەر بەك كۆپ شىكايەت قىلىسىلەر،

ئېرلەرنىڭ پەزلى، ئېھسانلىرىغا تانىسىلەر دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۈزۈك، زىرە ـ مۇنجاق قاتارلىق زىبىنەت ـ بۇيۇملىرىنى

ئېلىپ، سەدىقە قىلىش ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىيىمگە تاشلاشقا باشلىدى. (ئەتائىتىن؛ ئۇلارنىڭ

بەرگىنى سەدىقە پىترمۇ؟دەپ سورالغاندا. ئۇ؛ ياق، ئۇ دېگەن خالىسانە قىلغان سەدىقە ــئېھساندۇر دېدى،

ئۇنىڭدىن يەنە؛ ھېيت نامىزىدىن پارىغ بولغاندا، ئاياللارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش

ئىمامنىڭ ئۈستىگە ۋاجىبمۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇ؛ ھەئە، بۇ ئىش ئىماملارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب ئىدى، لېكىن ئۇلارغا

نىمە بولدىكىن؟ ھازىر بۇ ئىشنى قىلمايدىكەنغۇ؟؟!!دېدى.نەسەئى.

**1999 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، وَعَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ. قَالاَ: لَمْ يَكُنْ يُؤَذّنُ يَوْمَ الْفِطْرِ وَلاَ يَوْمَ الأَضْحَى. ثُمّ سَأَلْتُهُ بَعْدَ حِينٍ عَنْ ذٰلِكَ؟ فَأَخْبَرَنِي. قَالَ: أَخْبَرَنِي جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ أَنْ لاَ أَذَانَ لِلصّلاَةِ يَوْمَ الْفِطْرِ. حِينَ يَخْرُجُ الأِمَامُ وَلاَ بَعْدَمَا يَخْرُجُ. وَلاَ إِقَامَةَ. وَلاَ نِدَاءَ. وَلاَ شَيْءَ. لاَ نِدَاءَ يَوْمَئِذٍ وَلاَ إِقَامَةَ.**

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئەتائ ؛ ئىبنى ئاbbاس ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى ؛ ئىككى ھېيت كۈنى، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلانمايتتى. ئاندىن مەن شۇنىڭدىن بىر مەزگىل كېيىن، يەنە ئەتائتىن شۇئىش توغرىسىدا سورىسام، ئۇماڭاخەۋەر قىلىپ مۇنداق دىدى: ماڭاجابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر قىلىپ؛ رۇزا ھېيت كۈنى (ھەم قۇربان ھېيت كۈنى) ئىمام مۇنبەرگە چىققان چاغدا، ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان ـ تەكبىر، ھېچ بىر نىدا يوق ئىدى، شۇكۈنى ھېيت نامىزىغا ئەزان ـ تەكبىر توۋلانمايتتى، دىدى.

**2000 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ أَنّ ابْنَ عَبّاسٍ أَرْسَلَ إِلَى ابْنِ الزّبَيْرِ أَوّلَ مَا بُويِعَ لَهُ أَنّهُ لَمْ يَكُنْ يُؤَذّنُ لِلصّلاَةِ يَوْمَ الْفِطْرِ. فَلاَ تُؤَذّنْ لَهَا. قَالَ فَلَمْ يُؤَذّنْ لَهَا ابْنُ الزّبَيْرِ يَوْمَهُ. وَأَرْسَلَ إِلَيْهِ مَعَ ذٰلِكَ: إِنّمَا الْخُطْبَةُ بَعْدَ الصّلاَةِ. وَإِنّ ذٰلِكَ قَدْ كَانَ يُفْعَلُ. قَالَ: فَصَلّى ابْنُ الزّبَيْرِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ.**

ئابدۇ**الله** ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇنجى قېتىم بەيئەت قىلىنغان ۋاقىتتا، ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ كىشى ئەۋەتتى، ھېيت كۈنى، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئەيتىلمايدۇ، سەنمۇ ئەزان ئەيتقۇزمىغىن، خۇتبە، نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ، (رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا)شۇنداق قىلىناتتى. ئاندىن ئابدۇ**الله** ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت كۈنى، ھېيت نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئەيتقۇزمىدى، نامازنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇدى.

**2001 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. وَ حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ و أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وقَالَ الآخَرُونَ: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ) عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: صَلّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْعِيدَيْنِ. غَيْرَ مَرّةٍ وَلاَ مَرّتَيْنِ. بِغَيْرِ أَذَانٍ وَلاَ إِقَامَةٍ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، نۇرغۇن قېتىم ئىككى ھېيت نامىزىنى ئەزانسىز، تەكبىرسىز ئۇقۇغان ئىدىم.

**2002 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدَةُ بْنُ سُلَيْمَانَ وَ أَبُو أُسَامَةَ عَنْ عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ، كَانُوا يُصَلّونَ الْعِيدَيْنِ قَبْلَ الْخُطْبَةِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىككى ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن بۇرۇن ئۇقۇيتتى. بۇخارى، مۇسلىم،

**2003 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ دَاوُدَ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ عِيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَخْرُجُ يَوْمَ الأَضْحَى وَيَوْمَ الْفِطْرِ. فَيَبْدَأُ بِالصّلاَةِ. فَإِذَا صَلّى صَلاَتَهُ وَسَلّمَ، قَامَ فَأَقْبَلَ عَلَى النّاسِ، وَهُمْ جُلُوسٌ فِي مُصَلاّهُمْ. فَإِنْ كَانَ لَهُ حَاجَةٌ بِبَعْثٍ، ذَكَرَهُ لِلنّاسِ. أَوْ كَانَتْ لَهُ حَاجَةٌ بِغَيْرِ ذٰلِكَ، أَمَرَهُمْ بِهَا. وَكَانَ يَقُولُ: «تَصَدّقُوا تَصَدّقُوا تَصَدّقُوا» وَكَانَ أَكْثَرَ مَنْ يَتَصَدّقُ النّسَاءُ. ثُمّ يَنْصَرِفُ. فَلَمْ يَزَلْ كَذٰلِكَ حَتّى كَانَ مَرْوَانُ بْنُ الْحَكَمِ. فَخَرَجْتُ مُخَاصِراً مَرْوَانَ. حَتّى أَتَيْنَا الْمُصَلّى. فَإِذَا كَثِيرُ بْنُ الصّلْتِ قَدْ بَنَى مِنْبَراً مِنْ طِينٍ وَلَبِنٍ. فَإِذَا مَرْوَانُ يُنَازِعُنِي يَدَهُ. كَأَنّهُ يَجُرّنِي نَحْوَ الْمِنْبَرِ. وَأَنَا أَجُرّهُ نَحْوَ الصّلاَةِ. فَلَمّا رَأَيْتُ ذٰلِكَ مِنْهُ قُلْتُ: أَيْنَ الإِبْتِدَاءُ بِالصّلاَةِ؟ فَقَالَ: لاَ. يَا أَبَا سَعِيدٍ قَدْ تُرِكَ مَا تَعْلَمُ. قُلْتُ: كَلاّ. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لاَ تَأْتُونَ بِخَيْرٍ مِمّا أَعْلَمُ (ثَلاَثَ مِرَارٍ ثُمّ انْصَرَفَ).**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت، رۇزا ھېيت كۈنى نامازگاھقا چىقسا، تۇنجى بۇلۇپ نامازئوقۇش بىلەن باشلايتتى، ئاندىن نامازدىن پارىغ بۇلسا، كىشلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇراتتى، كىشلەرمۇ نامازئوقۇغان جايىدا سەپلىرىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، (ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، ۋەسىيەت قىلاتتى، ئۇلارنى بۇيرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى)، ئەگەر ئەسكەر، قوشۇن ئەۋەتىشكە ھاجىتى بولسا،ئۇنى كىشلەرگە دەپ، (ئۇلارنى بۇلۇپ ئەۋەتەتتى)، ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىتى بۇلۇپ قالسا، ئۇلارنى شۇ ئىشقا بۇيرۇيتتى، سەدىقە قىلىڭلار، سەدىقە ـ ئىھسان قىلىڭلار دەيتتى،ـ سەدىقە قىلغان كىشلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئاياللار بولدى ـ ، ئاندىن قايتاتتى. مەرۋان ئىبنى ھەكەم خەلىپە بولغانغا قەدەر، ئىش شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى، بىر قېتىم مەن، مەرۋان ئىبنى ھەكەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ چىقىپ، نامازگاھقا كەلسەك، ناگاھان كەسىير ئىبنى سىلىت لاي بىلەن قىشتىن بىر مۇنبەر ياساپتۇ، مەرۋان مەندىن قولىنى تارتىپ، گۇياكى مىنى مۇنبەر تەرەپكە سۆرەيتتى، مەن ئۇنى ناماز تەرەپكە سۆرەيتتىم، مەن ئۇنىڭدىن شۇئىشنى كۆرگۈنۈمدە: ناماز بىلەن باشلاش قەيەردە قالدى؟ دېدىم، ئۇماڭا: ياق!، ئى ئەبۇسەئىد ! سەن بىلىدىغان ئىش تەرك ئېتىلدى دېدى، مەن ئۇنىڭغا: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن بىلىدىغا ئىش ھەرگىز تەرك ئېتىلمەيدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەن بىلىدىغان نەرسىدىن(يەنى سۈننەتتىن) ياخشىراق بىرەرنەرسىنى ھەرگىز كەلتۈرەلمەيسلەر دەپ ، ئۈچ قېتىم دېدىم، ئاندىن ئۇ، يانىلام (خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن، مۇنبەر تەرەپكە) يۈرۈپ كەتتى، ياكى ئەبۇسەئىد ناماز تەرەپكە قايتتى، ياكى جامائەتكە قاتناشماي قايتىپ كەتتى.

## *356 ــــــ باب ذكر إباحة خروج النساء في العيدين إلى المصلى وشهود الخطبة، مفارقات للرجال*

### ئاياللار ئەرلەردىن ئايرىلغان ھالدا، ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىپ، خۇتبىگە قاتناشسا، دۇرۇستۇر

**2004 ـ حدّثني أَبُو الرَّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثنَا حمّادٌ. حَدّثنَا أَيّوبُ عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أُمّ عَطِيّة. قالَتْ: أمرنَا (تَعْنِي النّبيّ صلى الله عليه وسلم) أنْ نُخْرِجَ، فِي الْعِيدَيْنِ، الْعَوَاتِقَ وَذَوَاتِ الْخُدُور. وَأمَرَ الْحُيّضَ أنْ يَعْتَزِلْنَ مُصَلّى الْمُسْلِمِينَ.**

**2005 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أبُو خَيْثَمَةَ عَنْ عَاصِمٍ الأحْوَلِ، عَنْ حفْصَةَ بِنْتِ سِيرِينَ، عَنْ أُمّ عَطِيّة، قالَتْ: كُنّا نُؤْمَرُ بِالْخُرُوجِ فِي الْعِيدَيْنِ. وَالْمُخَبّأةُ وَالْبِكْرُ. قالَتِ: الْحُيّضُ يَخْرُجْنَ فَيَكُنّ خَلْفَ النّاس. يُكَبّرْنَ مَعَ النّاس.**

**2006 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا عِيسَى بْنُ يُونُس. حَدّثنَا هِشَامٌ عَنْ حَفْصَةَ بِنْتِ سِيرِينَ، عَنْ أُمّ عَطِيّة. قالَتْ: أمَرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أنْ نُخْرِجَهُنّ فِي الْفِطْرِ وَالأَضْحَى. الْعَوَاتِقَ وَالْحُيّضَ وَذَوَاتِ الْخُدُور. فَأمّا الْحُيّضُ فَيَعْتَزِلْنَ الصّلاَة وَيَشْهَدْنَ الْخَيْرَ وَدَعْوَةَ الْمُسْلِمِينَ. قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إحْدَانَا لاَ يَكُونُ لَهَا جِلْبَابٌ. قالَ: «لِتُلْبِسْهَا أُخْتُهَا مِنْ جِلْبَابِهَا».**

ئۇممۇئەتىيىە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىككى ھېيت كۈنى، ھەيىزدار ئاياللارنى ۋە ئايرىم خانىدىكى ئابىد قىزچاقلارنىمۇ نامازگاھقا بىللە ئېلىپ چىقىشىمىزغا بۇيرۇلغان ئىدۇق، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتىگە ۋە

ئۇلارنىڭ دەئۋەت ـ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى، (نامازئوقۇلىدىغان چاغدا)ھەيىزدار ئاياللار نامازگاھىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە تەكبىر ئېيتاتتى، بىر ئايال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىرەرسىمىزنىڭ كاسايا،پۈركەنجىسى يوق بولۇپ قالىدىكەن ، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭغا قېرىندىشى،ھەمراھى كاسايا، پۈركەنجىسىدىن بىرىنى بېرىپ تۇرۇپ كەيدۇرسۇن دېدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 357 ـــ باب ترك الصلاة، قبل العيد وبعدها، في المصلى

## ھېيت نامىزىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نامازگاھتا ناماز ئوقۇماسلىق توغرىسىدا

**2007 ـ2008 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ يَوْمَ أضْحَى أوْ فِطْرِ. فَصَلّى رَكْعَتَيْنِ. لَمْ يُصَلّ قَبْلَهَا وَلاَ بَعْدَهَا. ثُمّ أتَى النّسَاءِ وَمعَهُ بِلاَلٌ. فَأمَرَهُنّ بِالصّدَقَةِ. فَجَعَلَتِ الْمَرْأةُ تُلْقِي خُرْصَهَا وَتُلْقِي سِخَابَهَا.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيت كۈنى چىقىپ ئىككى رەكئەتلا ناماز ئوقۇپ، ئۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن بۇرۇن، ۋە كېيىنمۇ نامازئوقۇمىدى، (يەنى پەقەت ئىككى رەكئەتلا ھېيت نامىزى ئوقۇپ، ئالدى ــ كەينىدە ئۇنىڭدىن باشقا نامازئوقۇمىدى) ئاندىن ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، ئۇلارنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كىيىمىنىڭ پېشىنى ئېچىپ تۇردى، ئاياللار ئۇزۇك،زىرە ـ مۇنچاق قاتارلىق زىننەت ـ بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا بىرىشكە باشلىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

## 358 ـــــ باب ما يقرأ في صلاة العيدين ئىككى ھېيت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر توغرىسىدا

**2009 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ ضَمْرَةَ بْنِ سَعِيدٍ الْمَازِنِيّ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أنّ عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ سَألَ أبَا وَاقِدٍ اللّيْثِيّ: مَا كَانَ يَقْرَأُ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الأَضْحَى وَالْفِطْرِ؟ فَقَالَ: كَانَ يَقْرَأُ فِيهِمَا بِـ {ق، وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ} و {اقْتَرَبَتِ السّاعَةُ وَانْشَقّ الْقَمَرُ}.**

**2010 ـ وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا أبُو عَامِرِ الْعَقَدِيّ. حَدّثنَا فُلَيْحٌ عَنْ ضَمْرَةَ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُتْبَةَ، عَنْ أبِي وَاقِدٍ اللّيْثِيّ قَالَ: سَألَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: عَمّا قَرَأَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي يَوْمِ الْعِيدِ؟ فَقُلْتُ: بِـ {اقْتَرَبَتِ السّاعَةُ} و {وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ}.**

ئۇبەيدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، ئەباۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ دىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا، قايسى سۈرىنى قىرائەت قىلاتتى؟ دەپ، سوردى. ئەبۇۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ھېيت نامىزىدا، «قاف ۋەلقۇرئانىلمەجىيد»سۈرىسى بىلەن «ئىقتەرەبەتىسسائەتۇ....»سۈرىسىنى قىرائەت قىلاتتى، دېدى.

## 359 ـــــ باب الرخصة في اللعب الذي لا معصية فيه، في أيام العيد

## هېيت كۈنلىرى گۇناھ ـ مەئسىيەت بولمىغان ئويۇنلارغا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا

2011 ـ2012 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ . حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: دَخَلَ عَلَيّ أبُو بَكْرٍ وَعِنْدِي جَارِيَتَانِ مِنْ جَوَارِي الأنْصَارِ. تُغَنّيَانِ بِمَا تَقَاوَلَتْ بِهِ الأنْصَارُ، يَوْمَ بُعَاثٍ. قالَتْ: وَلَيْسَتَا بِمُغَنّيَتَيْنِ. فَقَالَ أبُو بَكْرٍ: أبِمَزْمُورِ الشّيْطَانِ فِي بَيْتِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ وَذَلِكَ فِي يَوْمِ عِيدٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أبَا بَكْرٍ إنّ لِكُلّ قَوْمٍ عِيداً. وَهَذَا عِيدُنَا».

2013 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرٌو أنّ ابْنَ شِهَابٍ حَدّثَهُ عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ أبَا بَكْرٍ دَخَلَ عَلَيْهَا. وَعِنْدَهَا جَارِيَتَانِ فِي أيّامِ مِنىً. تُغَنّيَانِ وَتَضْرِبَانِ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُسَجّى بِثَوْبِهِ. فَانْتَهَرَهُمَا أبُو بَكْرٍ. فَكَشَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْهُ. وَقَالَ: «دَعْهُمَا يَا أبَا بَكْرٍ فَإنّهَا أيّامُ عِيدٍ»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: دادام ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېشىمغا كىرىپ كەلدى، ئۆيۈمدە ئىككى قىزچاق مىنا كۈنلىرى داپ چېلىپ، ئەنسارلار بۇئاس كۈنى ئەيتىشقان شېئىر ـ قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئەيتىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمىگە يۆگىنىپ ياتاتتى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇئىككى قىزچاققا ۋارقىراپ كايىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى ئېچىپ: ئى ئەبۇ بەكرى! ھەربىر قەۋمنىڭ ھېيتى بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ ھېيت كۈنىمىز، ئۇلارنى ئېيتقىلى قويغىن، چۈنكى بۇ ھېيت كۈنلەردۇر ، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

وَقَالَتْ: رَأيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسْتُرُنِي بِرِدَائِهِ وَأنَا أنْظُرُ إلَى الْحَبَشَةِ، وَهُمْ يَلْعَبُونَ. وَأنَا جَارِيَةٌ. فَاقْدِرُوا قَدْرَ الْجَارِيَةِ الْعَرِبَةِ الْحَدِيثَةِ السّنّ.

2014 ـ وحدّثني أبُو الطّاهِرِ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ. قالَ: قالَتْ عَائِشَةُ: وَاللّهِ لَقَدْ رَأيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُومُ عَلَى بَابِ حُجْرَتِي. وَالْحَبَشَةُ يَلْعَبُونَ بِحِرَابِهِمْ. فِي مَسْجِدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَسْتُرُنِي بِرِدَائِهِ. لِكَيْ أنْظُرَ إلَى لَعِبِهِمْ. ثُمّ يَقُومُ مِنْ أجْلِي. حَتّى أكُونَ أنَا الّتِي أنْصَرِفُ. فَاقْدِرُوا قَدْرَ الْجَارِيَةِ الْحَدِيثَةِ السّنّ، حَرِيصَةً عَلَى اللّهْوِ.

2015 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى (وَاللّفْظُ لِهَرُونَ) قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنَا عَمْرٌو: أنّ مُحَمّدَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ حَدّثَهُ عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ. قالَتْ: دَخَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَعِنْدِي جَارِيَتَانِ تُغَنّيَانِ بِغِنَاءِ بُعَاثٍ. فَاضْطَجَعَ عَلَى الْفِرَاشِ. وَحَوّلَ وَجْهَهُ. فَدَخَلَ أبُو بَكْرٍ فَانْتَهَرَنِي. وَقَالَ: مِزْمَارُ الشّيْطَانِ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَأقْبَلَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «دَعْهُمَا» فَلَمّا غَفَلَ غَمَزْتُهُمَا فَخَرَجَتَا. وَكَانَ يَوْمَ عِيدٍ يَلْعَبُ السّودَانُ بِالدّرَقِ وَالْحِرَابِ. فَإمّا سَألْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَإمّا قالَ «تَشْتَهِينَ تَنْظُرِينَ؟» فَقُلْتُ: نَعَمْ. فَأقَامَنِي وَرَاءَهُ. خَدّي عَلَى خَدّهِ، وَهُوَ يَقُولُ: «دُونَكُمْ يَا بَنِي أرْفِدَةَ» حَتّى إذَا مَلِلْتُ قالَ: «حَسْبُكِ؟» قُلْتُ: نَعَمْ. قالَ: «فَاذْهَبِي».

2016 ـ2017 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. قالَتْ: جَاءَ حَبَشٌ يَزْفِنُونَ فِي يَوْمِ عِيدٍ فِي الْمَسْجِدِ. فَدَعَانِي النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فَوَضَعْتُ رَأسِي. عَلَى مَنْكِبِهِ. فَجَعَلْتُ أنْظُرُ إلَى لَعِبِهِمْ. حَتّى كُنْتُ أنَا الّتِي أنْصَرِفُ عَنِ النّظَرِ إلَيْهِمْ.

2018 ـ وحدّثني إبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ وَ عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعَمّيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. كُلّهُمْ عَنْ أبي عَاصِمٍ (وَاللّفْظُ لِعُقْبَةَ) قالَ: حَدّثَنَا أبُو عَاصِمٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قالَ: أخْبَرَنِي عَطَاءٌ. أخْبَرَنِي عُبَيْدُ ابْنُ عُمَيْرٍ. أخْبَرَتْنِي عَائِشَةُ أنّها قالَتْ، لِلَعّابِينَ: وَدِدْتُ أنّي أرَاهُمْ. قالَتْ: فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقُمْتُ عَلَى البَابِ أنْظُرُ بَيْنَ أُذُنَيْهِ وَعَاتِقِهِ. وَهُمْ يَلْعَبُونَ فِي الْمَسْجِدِ.
قالَ عَطَاءٌ: فُرْسٌ أوْ حَبَشٌ. قالَ: وَقَالَ لِي ابْنُ أبي عَتِيقٍ: بَلْ حَبَشٌ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەن ئۆچۈنلا ھۇجرامنىڭ ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ بەرگىنىنى كۆردۈم، ھەبىيشلىك جەڭچىلەر مەسجىد ئىچىدە قىلىچ ـ نەيزە بىلەن مەشىق قىلىپ ئويناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىدايى بىلەن مىنى

پەردىلەپ تۇسۇپ تۇردى، مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇلۇقى بىلەن مۈرىسى ئارلىقىدىن مەڭزىمنى مەڭزىگە قويۇپ، مارىلاپ قاراپ تۇردۇم، ئاندىن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ھېرىپ زىرىكىپ، قايتقانغا قەدەر مەن ئۈچۈنلا تۇرۇپ بەردى،  رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا؛ ئى ئەرپىدەتنىڭ باللىرى!(بۇ ھەبەشىيلەرنىڭ لەقىمى ئىدى) سىلەر بۇ خىل مەشىق قىلىشلارنى قولدىن بەرمەي، دائىم قىلىپ تۇرۇڭلار، دېدى. ئاندىن ماڭا؛ ئەمدى بولدىمۇ؟دېدى، مەن؛ ھەئە دېسەم، ئەمسە قايتىپ كىرىپ كەتكىن دېدى،قېنى سىلەر لەھۋە ـ ئويۇنغا ھېرىسمەن، يېشى كىچىك بىر قىزچاقنىڭ شۇ ئويۇننى كۆرۈپ، قانچىلىك مىقداردا تۇرغىننى مۆلچەرلەپ كۆرۈڭلار.(يەنى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ بەرگەن)بۇخارى،مۇسلىم.

**2019 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قالَ  عَبْدٌ: أَخْبَرَنَا. وَقالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنِ ابْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: بَيْنَمَا الْحَبَشَةُ يَلْعَبُونَ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِحِرَابِهِمْ، إِذْ دَخَلَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ، فَأَهْوَىَ إِلَى الْحَصْبَاءِ يَحْصِبُهُمْ بِهَا. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «دَعْهُمْ. يَا عُمَرُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ بىر چاغدا ھەبىيشلىك جەڭچىلەر مەسجىد ئىچىدە،  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا قىلىچ ـ نەيزىللىرى بىلەن مەشىق قىلىپ ئويناۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۆمەر كىرىپ، ئۇلارغا تاش ئېتىش ئۈچۈن ئۇششاق تاشلارغا قولىنى ئۇزۇتتۇدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئى ئۆمەر!ئۇلارنى مەشىق قىلغىلى قويغىن، دېدى.

## 10 ــــ كتــاب صــــلاة الاستسقاء  سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىنىڭ كىتابى

### 360 ــــ باب

**2020 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ أَنّهُ سَمِعَ عَبّادَ بْنَ تَمِيمٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ زَيْدٍ الْمَازِنِيّ يَقُولُ: خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْمُصَلّى فَاسْتَسْقَى. وَحَوّلَ رِدَاءَهُ حِينَ اسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ.**

**2021 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ عَبّادِ بْنِ تَمِيمٍ، عَنْ عَمّهِ. قَالَ: خَرَجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِلَى الْمُصَلّى. فَاسْتَسْقَى وَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ. وَقَلَبَ رِدَاءَهُ وَصَلّى رَكْعَتَيْنِ..**

**2022 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي  أَبُو بَكْرِ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرٍو أَنّ  عَبّادَ بْنَ تَمِيمٍ أَخْبَرَهُ أَنّ  عَبْدَ اللّهِ بْنَ زَيْدٍ الأَنْصَارِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَرَجَ إِلَى الْمُصَلّى يَسْتَسْقِي. وَأَنّهُ لَمّا أَرَادَ أَنْ يَدْعُوَ، اسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ، وَحَوّلَ رِدَاءَهُ.**

**2023 ـ وحدّثني  أَبُو الطّاهِرِ  وحرملَة. قالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي  عَبّادُ بْنُ تَمِيمٍ الْمَازِنِيّ أَنّهُ سَمِعَ  عَمّهُ، وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: خَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْماً يَسْتَسْقِي. فَجَعَلَ إِلَى النّاسِ ظَهْرَهُ يَدْعُو اللّهَ. وَاسْتَقْبَلَ الْقِبْلَةَ. وَحَوّلَ رِدَاءَهُ. ثُمّ صَلّى رَكْعَتَيْنِ.**

ئابدۇ**الله** ئىبنى زەيد  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن نامازگاھقا چىقىپ، ئۇلارغا قىرائەتنى ئاشكارا جەھرى قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ

بەردى.كىشلەرگە ئارقىسىنى، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، قىبلىگە ئالدىنى قىلغان چاغدا ، رىداسىنى ئۈياقتىن بۇياققا ئۆرۈپ،چۆرۈپ، يۆتكىدى.(بۇ ياخشى پال ئېلىش ئىدى) بۇخارى،مۇسلىم ، سەھىھ.

## 361 ــ باب رفع اليدين بالدعاء في الاستسقاء سۇ تەلەپ قىلغان چاغدىكى دۇئادا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش

2024 ـ2026 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبِي بُكَيْرٍ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ. قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَرْفَعُ يَدَيْهِ فِي الدّعَاءِ. حَتّىَ يُرَى بَيَاضُ إِبْطَيْهِ.
2025 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ وَ عَبْدُ الأَعْلَىَ عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ لاَ يَرْفَعُ يَدَيْهِ فِي شَيْءٍ مِنْ دُعَائِهِ إِلاّ فِي الاِسْتِسْقَاءِ. حَتّىَ يُرَى بَيَاضُ إِبْطَيْهِ. غَيْرَ أَنّ عَبْدَ الأَعْلَىَ قَالَ: يُرَى بَيَاضُ إِبْطِهِ أَوْ بَيَاضُ إِبْطَيْهِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئالىرىدىن بىرەر دۇئاسىدا، سۇ تەلەپ قىلغان چاغدا ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندەك، ئىككى قولىنى كۆتۈرمەيتتى، پەقەت سۇ تەلەپ قىلغان چاغدىلا، ئىككى قولىنى شۇنداق ئېگىز كۆتۈرەتتىكى، ھەتتا ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن، سەھىھ. ئەمەلىيەتتە دۇئادا قول كۆتۈرۈشكە 100مەئىنەن مۇتىۋاتىر ھەدىس بار.

2027 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَىَ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم اسْتَسْقَىَ. فَأَشَارَ بِظَهْرِ كَفّيْهِ إِلَى السّمَاءِ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلىپ، ئىككى ئالقىنىنىڭ دۈمبىسى ، تەتۈرى بىلەن ئاسمانغا ئىشارەت قىلغان ئىدى.

## 362 ــ باب الدعاء في الاستسقاء سۇ تەلەپ قىلغان چاغدىكى دۇئا توغرىسىدا

2028 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا وَقَالَ الاَخَرُونَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ شَرِيكِ بْنِ أَبِي نَمِرٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَجُلاً دَخَلَ الْمَسْجِدَ يَوْمَ جُمُعَةٍ. مِنْ بَابٍ كَانَ نَحْوَ دَارِ الْقَضَاءِ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِمٌ يَخْطُبُ. فَاسْتَقْبَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِماً. ثُمّ قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَلَكَتِ الأَمْوَالُ وَانْقَطَعَتِ السّبُلُ. فَادْعُ اللّهَ يُغِثْنَا. قَالَ: فَرَفَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَدَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ أَغِثْنَا. اللّهُمّ أَغِثْنَا اللّهُمّ أَغِثْنَا». قَالَ أَنَسٌ: وَلاَ وَاللّهِ مَا نَرَى فِي السّمَاءِ مِنْ سَحَابٍ وَلاَ قَزَعَةٍ. وَمَا بَيْنَنَا وَبَيْنَ سَلْعٍ مِنْ بَيْتٍ وَلاَ دَارٍ. قَالَ فَطَلَعَتْ مِنْ وَرَائِهِ سَحَابَةٌ مِثْلُ التّرْسِ، فَلَمّا تَوَسّطَتِ السّمَاءَ انْتَشَرَتْ، ثُمّ أَمْطَرَتْ قَالَ: فَلاَ وَاللّهِ مَا رَأَيْنَا الشّمْسَ سَبْتاً. قَالَ: ثُمّ دَخَلَ رَجُلٌ مِنْ ذَلِكَ الْبَابِ فِي الْجُمُعَةِ الْمُقْبِلَةِ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِمٌ يَخْطُبُ. فَاسْتَقْبَلَهُ قَائِماً. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَلَكَتِ الأَمْوَالُ وَانْقَطَعَتِ السّبُلُ. فَادْعُ اللّهَ يُمْسِكْهَا عَنّا. قَالَ: فَرَفَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَدَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «اللّهُمّ حَوْلَنَا وَلاَ عَلَيْنَا. اللّهُمّ عَلَى الاَكَامِ وَالظّرَابِ، وَبُطُونِ الأَوْدِيَةِ، وَمَنَابِتِ الشّجَرِ» فَانْقَلَعَتْ. وَخَرَجْنَا نَمْشِي فِي الشّمْسِ. قَالَ شَرِيكٌ : سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ: أَهُوَ الرّجُلُ الأَوّلُ؟ قَالَ: لاَ أَدْرِي.
2029 ـ وحدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنِ الأَوْزَاعِيّ. حَدّثَنِي إِسْحَقُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنُ أَبِي طَلْحَةَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ: أَصَابَتِ النّاسَ سَنَةٌ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَبَيْنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ النّاسَ عَلَى الْمِنْبَرِ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. إِذْ قَامَ أَعْرَابِيّ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَلَكَ الْمَالُ وَجَاعَ الْعِيَالُ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَاهُ. وَفِيهِ قَالَ: «اللّهُمّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا» قَالَ: فَمَا يُشِيرُ بِيَدِهِ إِلَىَ نَاحِيَةٍ إِلاّ تَفَرّجَتْ. حَتّىَ رَأَيْتُ الْمَدِينَةَ فِي مِثْلِ الْجَوْبَةِ. وَسَالَ وَادِي قَنَاةَ شَهْراً. وَلَمْ يَجِيءْ أَحَدٌ مِنْ نَاحِيَةٍ إِلاّ أَخْبَرَ بِجَوْدٍ.
2030 ـ وحدّثني عَبْدُ الأَعْلَىَ بْنُ حَمّادٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. فَقَامَ إِلَيْهِ النّاسُ فَصَاحُوا. وَقَالُوا: يَا نَبِيّ اللّهِ قَحِطَ الْمَطَرُ،

وَاحْمَرّ الشّجَرُ، وَهَلَكَتِ الْبَهَائِمُ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ. وَفِيهِ مِنْ رِوَايَةِ عَبْدِ الأَعْلَىَ: فَتَقَشّعَتْ عَنِ الْمَدِينَةِ. فَجَعَلَتْ تُمْطِرُ حَوَالَيْهَا. وَمَا تُمْطِرُ بِالْمَدِينَةِ قَطْرَةً. فَنَظَرْتُ إِلَى الْمَدِينَةِ وَإِنّهَا لَفِي مِثْلِ الإِكْلِيلِ.

2031 ـ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ الْمُغِيرَةِ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ، بِنَحْوِهِ. وَزَادَ: فَأَلّفَ اللّهُ بَيْنَ السّحَابِ. وَمَكَثْنَا حَتّىَ رَأَيْتُ الرّجُلَ الشّدِيدَ تُهِمّهُ نَفْسُهُ أَنْ يَأْتِيَ أَهْلَهُ.

2032 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. عَنْ ابْنُ وَهْبٍ. عَنْ أُسَامَةَ أَنّ حَفْصَ بْنَ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: جَاءَ أَعْرَابِيّ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْجُمُعَةِ، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ. وَزَادَ: فَرَأَيْتُ السّحَابَ يَتَمَزّقُ كَأَنّهُ الْمُلاَءُ حِينَ تُطْوَى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا كىشىلەرگە قاتتىق قۇرغاقچىلىق،قەھەتچىلىك يەتتى، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ جۈمەئە كۈنىسى خۇتبە سۆزلەۋاتسا، بىر ئەئرابى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چارۋا ـ ماللار ھالاك بولۇپ كەتتى، ئەھلى ـ باللار ئاچ قالدى، بىز ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ«ئى **الله**!بىزنى مول يامغۇر بىلەن سۇغارسىلا» دەپ ئۈچ قېتىم دېدى،ـ بىز بۇچاغدا ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇتنى كۆرمىگەن ئىدۇق ـ جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ قولىنى دۇئادىن چۈشۈرمەي تۇرۇپلا، تاغدەك بۇلۇتلار دۈۋلىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ تېخى مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپلا، مەن يامغۇرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ساقاللىرىدىن تامچىلاپ ئېقىپ چۈشكىنىنى كۆردۈم، بىزگە شۇكۈنى، ئەتىسى، ئۆگۈنى ھەتتا يەنە بىرجۈمەئەگىچە يامغۇر ياغدى، ئاندىن يەنە شۇ ئەئرابى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىركىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئۆي ـ بىنالار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، چارۋا ـ ماللار غەرىق بولۇپ كەتتى، بىز ئۈچۈن **الله** قا دۇئا قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ؛ئى **الله**!يامغۇرنى ئۈستىمىزگە ياغدۇرماي، ئەتراپىمىزغا، تاغلارغا، يايلاقلارغا ـ يېزا ـ قىشلاقلارغا، دەل ـ دەرەخ، ئورمانزارلىقلارغا ياغدۇرسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن بۇلۇتتىن بىرەر تەرەپكە ئىشارەت قىلسىلا، بۇلۇت شۇئان تارقاپ كىتەتتى، مەدىنىنىڭ ھاۋاسى خۇددى چوڭ كۆلگە ئوخشاپ قالدى،(يەنى بۇلۇتلار مەدىنە ھاۋاسىنىڭ ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ تۇردى،بىز ئاپئاپتا ماڭغان ھالدا چىقىپ كەتتۇق) يېزىلاردا يامغۇر سۈيى بىر ئايغىچە ئېرىق بولۇپ ئاقتى، شۇتەرەپتىن بىرەر كىشى كىلىپلا قالسا، بۇ مول يامغۇر توغرىسىدا سۆز قىلاتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

2033 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ عَنْ أَنَسٍ. قَالَ: قَالَ أَنَسٌ: أَصَابَنَا وَنَحْنُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَطَرٌ. قَالَ: فَحَسَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ثَوْبَهُ حَتّىَ أَصَابَهُ مِنَ الْمَطَرِ. فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ لِمَ صَنَعْتَ هَذَا؟ قَالَ: «لأَنّهُ حَدِيثُ عَهْدٍ بِرَبّهِ تَعَالَىَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرساق، بىزگە يامغۇر يېغىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەدىنىگە يامغۇر يەتكەنگە قەدەر كىيىمنى ئېچىپ

تۇردى، بىز: نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىلا؟ دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇنىڭ زامانى ﷲ نىڭ رەھمىتىگە بەك يېقىندۇر، دېدى.

### 363 ـــــ باب التعوّذ عند رؤية الريح والغيم، والفرح بالمطر

### بۇلۇت بىلەن شامالنى كۆرگەندە يامانلىقتىن پاناھ تىلەش، يامغۇرنى كۆرگەندە خۇشال بۇلۇش توغرىسىدا

**2034 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْن قعْنَبٍ. حدّثنا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بلاَلٍ) عَنْ جَعْفَرٍ (وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدٍ) عَنْ عَطَاءِ بْن أبي رَبَاحٍ أنّهُ سَمِعَ عَائِشَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم تَقُولُ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا كَانَ يَوْمُ الرّيحِ وَالْغَيْمِ، عُرِفَ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ، وَأقبَلَ وَأدبَرَ. فَإذَا مَطرَتْ، سُرّ بِهِ، وَذَهَبَ عَنْهُ ذَلِكَ. قالَتْ عَائِشَةُ: فَسَألْتُهُ. فقالَ: «إنّي خَشِيتُ أنْ يَكُونَ عَذَاباً سُلّط عَلَى أمّتِي». وَيقُولُ، إذَا رَأى الْمَطرَ «رَحْمَةٌ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛شامال چىقىپ، ھاۋا بۇلۇتلۇق بۇلۇپ كەتسە، بۇنىڭ (غەم ـ ئەندىشىسى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىدە بىلىنەتتى. يامغۇر ياغسا، بۇئەھۋال يوقاپ كېتەتتى، مەن شۇ توغرۇلۇق سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئى ئائىشە!ھەققەتەن مەن ئۇ شامال بىلەن بۇلۇتنىڭ ئۈممىتىمگە غالىپ قىلىنغان ئازاپ بۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرسە، رەھمەت،رەھمەت دەيتتى.

**2035 ـ وحدّثني أبُو الطاهِرِ. أخبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. قالَ: سَمِعْتُ ابْنَ جُرَيْجٍ يُحَدّثُنَا عَنْ عَطاءِ ابْنِ أبي رَبَاحٍ، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أنّهَا قالَتْ: كَانَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم إذَا عَصَفَتِ الرّيحُ قالَ: «اللّهُمّ إنّي أسْألُكَ خَيْرَهَا، وَخَيْرَ مَا فِيهَا، وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ. وَأعُوذُ بِكَ مِنْ شَرّهَا، وَشَرّ مَا فِيهَا، وَشَرّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ» قالَتْ: وَإذَا تَخَيّلَتِ السّمَاءُ، تَغَيّرَ لَوْنُهُ، وَخَرَجَ وَدَخَلَ، وَأقبَلَ وَأدبَرَ. فَإذَا مَطرَتْ سُرّيَ عَنْهُ. فَعَرَفْتُ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ. قالَتْ عَائِشَةُ فَسَألْتُهُ. فَقالَ: «لَعَلّهُ، يَا عَائِشَةُ كَمَا قالَ قَوْمُ عَادٍ: {فَلَمّا رَأوْهُ عَارِضاً مُسْتَقْبِلَ أوْدِيَتِهِمْ قَالُوا هَذَا عَارِضٌ مُمْطِرُنَا}» (الأحقاف الآية: 24).**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق چىققاندا: «ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىدىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سىلى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ، ئۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، شامالدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، شامال بىلەن ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن » دەيتتى.ئاسمان يامغۇرغا تەييار بۇلۇپ بۇلۇتلانسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايى،رەڭگى ئۆزگۈرۈپ، كىرىپ ـ چىقىپ، ئالدىغا كېيىنگە مېڭىپ، غەمكىن بۇلۇپ كېتەتتى، يامغۇر ياغسا، بۇئەھۋال يوقاپ كېتەتتى، مەن شۇنى بىلىۋالاتتىم، نېمەئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغىنىنى سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئى ئائىشە! (ئۇ شامالدا ئازاب بولۇپ قېلىشىدىن مېنى نېمە خاتىرجەم قىلىدۇ؟ ھەققەتەن نۇرغۇن قەۋملەر شامال بىلەن ئازاب قىلىنىپ ھالاك قىلىنغان)،ئۇ بۇلۇت خۇددى ئاد قەۋمى دېگەندەك بۇلىشىمۇ مۇمكىن،

«ئۇ قەۋملەر دىيارلىرىغا ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئازاب بار شامال، بۇلۇتنى كۆرۈپ؛ مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر دەپ قالدى»، كېيىن ئۇلار ھالاك قىلىندى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد،تىرمىزى تو

2036 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدِ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ أَبَا النّضْرِ حَدّثَهُ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ عَائِشَةَ، زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهَا قَالَتْ: مَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُسْتَجْمِعاً ضَاحِكاً. حَتّىَ أَرَىَ مِنْهُ لَهَوَاتِهِ. إِنّمَا كَانَ يَتَبَسّمُ. قَالَتْ: وَكَانَ إِذَا رَأَىَ غَيْماً أَوْ رِيحاً، عُرِفَ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ. فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَى النّاسَ، إِذَا رَأَوُا الْغَيْمَ، فَرِحُوا. رَجَاءَ أَنْ يَكُونَ فِيهِ الْمَطَرُ. وَأَرَاكَ إِذَا رَأَيْتَهُ، عَرَفْتُ فِي وَجْهِكَ الْكَرَاهِيَةَ؟ قَالَتْ فَقَالَ: «يَا عَائِشَةُ مَا يُؤَمّنُنِي أَنْ يَكُونَ فِيهِ عَذَابٌ. قَدْ عُذّبَ قَوْمٌ بِالرّيحِ. وَقَدْ رَأَىَ قَوْمٌ الْعَذَابَ فَقَالُوا: {هَذَا عَارِضٌ مُمْطِرُنَا}.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىز بوشلۇق تامغىقى كۆرۈنۈپ قالغىچە كۈلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبەسسۇم قىلىپ كۈلەتتى، بۇلۇتنى ياكى شامالنى كۆرگەندە، غەم ــ ئەندىشىسى يۈزىدە بىلىنەتتى. مەن شۇنى بىلىۋالاتتىم، مەن ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كىشىلەر بۇلۇتنى كۆرسە، ئۇنىڭدا يامغۇر بۇلىشى مۇمكىن دەپ خۇشال بۇلىدىكەن، سىلى بۇلۇتنى كۆرگەندە بولسا، يۈزلىرىدە غەم ـ ئەندىشىنى كۆرىمەن، بۇ نىمە ئۈچۈن دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ئى ئائىشە! ئۇ شامالدا ئازاب بولۇپ قېلىشىدىن مېنى نىمە خاتىرجەم قىلىدۇ؟ ھەقىقەتەن نۇرغۇن قەۋملەر شامال بىلەن ئازاب قىلىنىپ ھالاك قىلىنغان،ئۇ بۇلۇت خۇددى ئاد قەۋمى دىگەندەك بۇلىشمۇ مۇمكىن، «ئۇ قەۋملەر دىيارلىرىغا ئالدىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئازاب بار شامال، بۇلۇتنى كۆرۈپ؛ مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر دەپ قالدى»، كېيىن ئۇلار ھالاك قىلىندى،دېدى.بۇخارى، مۇسلىم.

## 364 ــ باب في ريح الصبا والدبور شەرىق شاملى بىلەن غەرب شاملى توغرىسىدا

2037 ـ2038 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ. ح وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «نُصِرْتُ بِالصّبَا، وَأُهْلِكَتْ عَادٌ بِالدّبُورِ».

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا شەرىق شاملى بىلەن ياردەم بېرىلدى، ئاد قەۋمى غەرب شاملى بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇخارى 977 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1498 ــ ھەدىس، نەسائى، ئەھمەدتە ئالتە جايدا كېلىدۇ. 1909 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئۇرۇش قىلغاندا شامالنى ئىشقا سېلىش باردۇر.

# 11 ــــــ كتــاب الكســــــوف  كۈن تۇتۇلغاندىكى ناماز توغرىسىدا

## 365 ــــــ باب صلاة الكسوف

2039 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أنَسٍ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ. ح وَحَدّثَنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: حَدّثَنَا عَبْدِ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: خَسَفَتِ الشّمْسُ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلّي. فَأطَالَ الْقِيَامَ جِدّا. ثُمّ رَكَعَ فَأطَالَ الرّكُوعَ جِدّا. ثُمّ رَفَعَ رَأسَهُ فَأطَالَ الْقِيَامَ جِدّا. وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأوّلِ. ثُمّ رَكَعَ فَأطَالَ الرّكُوعَ جِدّا. وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأوّلِ. ثُمّ سَجَدَ. ثُمّ قَامَ فَأطَالَ الْقِيَامَ. وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأوّلِ. ثُمّ رَكَعَ فَأطَالَ الرّكُوعَ. وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأوّلِ. ثُمّ رَفَعَ رَأسَهُ فَقَامَ. فَأطَالَ الْقِيَامَ. وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأوّلِ. ثُمّ رَكَعَ فَأطَالَ الرّكُوعَ. وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأوّلِ. ثُمّ سَجَدَ. ثُمّ انْصَرَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَدْ تَجَلّتِ الشّمْسُ. فَخَطَبَ النّاسَ فَحَمِدَ اللّهَ وَأثْنَى عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «إنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. وَإنّهُمَا لاَ يَنْخَسِفَانِ لِمَوْتِ أحَدٍ وَلاَ لِحَيَاتِهِ. فَإذَا رَأيْتُمُوهُمَا فَكَبّرُوا. وَادْعُوا اللّهَ وَصَلّوا وَتَصَدّقُوا. يَا أمّةَ مُحَمّدٍ إنْ مِنْ أحَدٍ أغْيَرَ مِنَ اللّهِ أنْ يَزْنِيَ عَبْدُهُ أوْ تَزْنِيَ أمَتُهُ. يَا أمّةَ مُحَمّدٍ وَاللّهِ لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أعْلَمُ لَبَكَيْتُمْ كَثِيراً وَلَضَحِكْتُمْ قَلِيلاً. ألاَ هَلْ بَلّغْتُ؟». وَفِي رِوَايَةِ: «إنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ»

2040 ـ 2041 ـ حدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، بِهَذَا الإسْنَادِ. وَزَادَ: ثُمّ قَالَ «أمّا بَعْدُ. فَإنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ مِنْ آيَاتِ اللّهِ» وَزَادَ أيْضاً: ثُمّ رَفَعَ يَدَيْهِ فَقَالَ: «اللّهُمّ هَلْ بَلّغْتُ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، تۇۋەندىكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە ئوخشاش ھەدىس سۆزلەپ، مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگەكۇسۇپ نامىزى ئوقۇپ بېرىپ، سۈرە بەقەرىنى قىرائەت قىلغان مىقداردا ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، ئاندىن بەك ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋە لقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسمۇ ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، (يەنى تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ)ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى ئۇزۇن سەجدە قىلىپ ، نامازدىن قايتتى ، ۋەھالەنكى كۈن رۇشەن ئېچىلىپ بولغان ئىدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ ، ﷲ قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرەت، مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى

ئۈچۈن ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر كۈن يا ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، تەكبىر ئېيتىڭلار، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دەڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، (يەنى كوسۇپ، خوسۇپ نامىزىنى ئوقۇڭلار)، سەدىقە بېرىڭلار، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەر بەندىسى ياكى دېدەك، ئايال بەندىسىنىڭ زىنا قىلىپ قېلىشىدىن ، ئاللاھدىنمۇ بەكرەك كۈنلەيدىغان كىشى يوق، (ئاللاھ، ئۆز بەندىلىرىنىڭ زىنا قىلىشىدىن كۈنلەيدۇ، شۇڭا زىنانى، پاھىشىنى ھارام قىلغاندۇر) ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، ئى ئاللاھ، يەتكۈزدۇممۇ؟ ئى ئاللاھ تولۇق يەتكۈزدۇممۇ؟. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

2042 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. قَالَ: قَالَ الأَوْزَاعِيّ أَبُو عَمْرٍو وَغَيْرُهُ: سَمِعْتُ ابْنَ شِهَابٍ الزّهْرِيّ يُخْبِرُ عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ الشّمْسَ خَسَفَتْ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَبَعَثَ مُنَادِياً «الصّلاَةُ جَامِعَةٌ» فَاجْتَمَعُوا. وَتَقَدّمَ فَكَبّرَ. وَصَلّىَ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ. فِي رَكْعَتَيْنِ. وَأَرْبَعَ سَجَدَاتٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاكارچىنى «ئەسسالاتۇ جامىئەتۇن!»يەنى نامازغا كېلىڭلار!!دەپ، كىشىلەرنى كۇسۇپ نامىزىغا چاقىرىشقا ئەۋەتتى، (كىشىلەر يىغىلىپ بولغاندا)ئالدىغا چىقىپ، تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2043 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ نَمِرٍ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ شِهَابٍ يُخْبِرُ عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم جَهَرَ فِي صَلاَةِ الْخُسُوفِ بِقِرَاءَتِهِ. فَصَلّىَ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ. فِي رَكْعَتَيْنِ. وَأَرْبَعَ سَجَدَاتٍ.
2044 ـ قَالَ الزّهْرِيّ: وَأَخْبَرَنِي كَثِيرُ بْنُ عَبّاسٍ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ صَلّىَ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ. فِي رَكْعَتَيْنِ. وَأَرْبَعَ سَجَدَاتٍ.
2045 ـ وحدّثنا حَاجِبُ بْنُ الْوَلِيدِ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْوَلِيدِ الزّبَيْدِيّ عَنِ الزّهْرِيّ. قَالَ: كَانَ كَثِيرُ بْنُ عَبّاسٍ يُحَدّثُ أَنّ ابْنَ عَبّاسٍ كَانَ يُحَدّثُ عَنْ صَلاَةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ كَسَفَتِ الشّمْسُ. بِمِثْلِ مَا حَدّثَ عُرْوَةُ عَنْ عَائِشَةَ.

ئىبنى ئابباس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلامۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندىكى كۇسۇپ نامىزىدا، قىرائىتىنى جەھرى،ئۈچۈق ـ ئاشكارا قىلغان ئىدى. (كىشىلەر يىغىلىپ بولغاندا)ئالدىغا چىقىپ، تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2046 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. قَالَ: سَمِعْتُ عَطَاءً يَقُولُ: سَمِعْتُ عُبَيْدَ بْنَ عُمَيْرٍ يَقُولُ: حَدّثَنِي مَنْ أُصَدّقُ (حَسِبْتُهُ يُرِيدُ عَائِشَةَ) أَنّ الشّمْسَ انْكَسَفَتْ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَامَ قِيَاماً شَدِيداً. يَقُومُ قَائِماً ثُمّ يَرْكَعُ. ثُمّ يَقُومُ ثُمّ يَرْكَعُ. ثُمّ يَقُومُ ثُمّ يَرْكَعُ. رَكْعَتَيْنِ فِي ثَلاَثِ رَكَعَاتٍ وَأَرْبَعِ سَجَدَاتٍ. فَانْصَرَفَ وَقَدْ تَجَلّتِ الشّمْسُ. وَكَانَ إِذَا رَكَعَ قَالَ «اللّهُ أَكْبَرُ» ثُمّ يَرْكَعُ. وَإِذَا رَفَعَ رَأْسَهُ قَالَ «سَمِعَ اللّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ» فَقَامَ فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ «إِنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ لاَ يَكْسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلاَ لِحَيَاتِهِ. وَلَكِنّهُمَا مِنْ آيَاتِ اللّهِ يُخَوّفُ اللّهُ بِهِمَا عِبَادَهُ. فَإِذَا رَأَيْتُمْ كُسُوفاً، فَاذْكُرُوا اللّهَ حَتّى يَنْجَلِيَا».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، قىيامدىن كېيىن رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن يەنە قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن يەنە رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن يەنە قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن يەنە رۇكۇ قىلىپ، ئىككى رەكئەت نامازنى تۆت سەجدە، ئالتە رۇكۇ بىلەن ئوقۇدى، ئاندىن قايتتى، ۋە ھالەنكى قۇياش رۇشەن ئېچىلغان ئىدى،رەسۇلۇللاھ نامىزىدا رۇكۇ قىلغاندا «الله ھۇ ئەكبەر»دەيتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە« سەمىئەالله ھۇ لىمەن ھەمىدەھ»دەيتتى، ئاندىن قىيامدا تۇرۇپ، الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتاتتى، نامازدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى تۈغۈلۈشى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇڭلار، سىلەرگە يۈز بەرگەن بۇ كۈن تۇتۇلۇش رۇشەن ئېچىلىپ بولغىچە، الله نى ئەسلەپ الله قا دۇئا قىلىڭلار.

2047 ـ وحدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. قالاَ: حَدّثنَا مُعَاذٌ (وَهُوَ ابْنُ هِشَامٍ) حَدّثنِي أَبي عَنْ قتَادَةَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبي رَبَاحٍ، عَنْ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ نَبيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّىَ سِتّ رَكَعَاتٍ وَأَرْبَعَ سَجَدَاتٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلامۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (كۈن تۇتۇلغاندا) ئالتە رۇكۇ، تۆت سەجدە قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى.

## 366 ــ باب ذكر عذاب القبر في صلاة الخسوف كۈن تۇتۇلغاندىكى نامازدا قەۋرە ئازابىنى تىلغا ئېلىش

2048 ـ2049 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبيّ. حَدّثنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بلاَلٍ) عَنْ يَحْيَىَ، عَنْ عَمْرَةَ أَنّ يَهُودِيّةً أَتَتْ عَائِشَةَ تَسْأَلُهَا. فقَالَتْ: أَعَاذَكِ اللّهُ مِنْ عَذابِ الْقبْرِ. قالَتْ عَائِشَةُ: فقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ يُعَذّبُ النّاسُ فِي الْقُبُورِ؟ قالَتْ عَمْرَةُ: فقَالَتْ عَائِشَةُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «عَائِذاً باللّهِ». ثُمّ رَكِبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَاتَ غَدَاةٍ مَرْكَباً. فخَسَفَتِ الشّمْسُ. قالَتْ عَائِشَةُ: فخَرَجْتُ فِي نِسْوَةٍ بَيْنَ ظَهْرِي الْحُجَرِ فِي الْمَسْجِدِ. فأَتَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْ مَرْكَبهِ. حَتّى انْتَهَى إِلَى مُصَلاّهُ الّذِي كَانَ يُصَلّي فِيهِ. فقَامَ وَقَامَ النّاسُ وَرَاءَهُ. قالَتْ عَائِشَةُ: فقَامَ قِيَاماً طَويلاً ثُمّ رَكَعَ فرَكَعَ رُكُوعاً طَويلاً ثُمّ رَفَعَ. فقَامَ قِيَاماً طَويلاً وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأَوّلِ. ثُمّ رَكَعَ فرَكَعَ رُكُوعاً طَويلاً وَهُوَ دُونَ ذَلِكَ الرّكُوعِ. ثُمّ رَفَعَ وَقدْ تَجَلّتِ الشّمْسُ. فقَالَ «إِنّي قدْ رَأَيْتُكُمْ تُفْتَنُونَ فِي الْقُبُورِ كَفِتْنَةِ الدّجّالِ». قالَتْ عَمْرَةُ: فسَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ: فكُنْتُ أَسْمَعُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بَعْدَ ذَلِكَ، يَتَعَوّذُ مِنْ عَذَابِ النّارِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ.

ئەمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلامۇنداق دەيدۇ؛ ئائىشەنىڭ قېشىغا بىر يەھۇدىي ئايال كىرىپ،قەبرى ئازابىنى تىلغا ئېلىپ؛الله سىزنى قەبرى ئازابىدىن ساقلىسۇن دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قەبرە ئازابى توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ھەئە شۇنداق،قەبرى ئازابى ھەق راستتۇر دېدى. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ بىر ئەتىگىنى رەسۇلۇللاھ ئۇلىغىغا مىنىپ يولغا چىققۇدى، كۈن تۇتۇلۇپ كەتتى، مەنمۇ ھۇجۇر ئەتراپىدىكى ئاياللار بىلەن بىللە چىققان ئىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلىغىدىن چۈشۈپ نامازگاھىغا كىلىپ، قىيامدا تۇردى، كىشىلەرمۇ ئارقىسىدا قىيامدا تۇردى،رەسۇلۇللاھ ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا

تۇردى، قىيامدىن كېيىن بەك ئۇزۇن رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن يەنە قىيامدا تۇرۇپ، ـ بۇ ئالدىدىكىدىن قىسقىراق ئىدى ـ ئاندىن يەنە رۇكۇ قىلىپ، بۇ ئالدىدىكىدىن قىسقىراق ئىدى ـ (ئاندىن يەنە قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن يەنە رۇكۇ قىلدى)....ئاندىن قۇياش رۇشەن ئېچىلغان ئىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛« مەن سىلەرنىڭ قەۋرىلەر ئىچىدە، دەججالنىڭ پىتنىسىگە ئوخشاش سىناق پىتنىسىگە قالىدىغانلىقىڭلارنى كۆردۈم»دېدى، شۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئۇقۇپ قالسىلا، قەبرى ئازابىدىن، دەۋزەخ ئازابىدىن **الله** قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى.

## 367 ـــــ باب ما عرض على النبيّ صلى الله عليه وسلم في صلاة الكسوف من أمر الجنة والنار

## كۈن تۇتۇلغاندىكى نامازدا، رەسۇلۇللاھ قا جەننەت ـ دەۋزەخنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەڭلىنىشى توغرىسىدا

**2050 ـ وحدّثني يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ هِشَامٍ الدّسْتَوَائِيّ. قَالَ: حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي يَوْمٍ شَدِيدِ الْحَرّ. فَصَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِأَصْحَابِهِ. فَأَطَالَ الْقِيَامَ. حَتّىَ جَعَلُوا يَخِرّونَ. ثُمّ رَكَعَ فَأَطَالَ. ثُمّ رَفَعَ فَأَطَالَ. ثُمّ رَكَعَ فَأَطَالَ. ثُمّ رَفَعَ فَأَطَالَ. ثُمّ سَجَدَ سَجْدَتَيْنِ. ثُمّ قَامَ فَصَنَعَ نَحْواً مِنْ ذَاكَ. فَكَانَتْ أَرْبَعَ رَكَعَاتٍ وَأَرْبَعَ سَجَدَاتٍ. ثُمّ قَالَ: «إِنّهُ عُرِضَ عَلَيّ كُلّ شَيْءٍ تُولَجُونَهُ. فَعُرِضَتْ عَلَيّ الْجَنّةُ. حَتّىَ لَوْ تَنَاوَلْتُ مِنْهَا قِطْفاً أَخَذْتُهُ (أَوْ قَالَ: تَنَاوَلْتُ مِنْهَا قِطْفاً) فَقَصُرَتْ يَدِي عَنْهُ. وَعُرِضَتْ عَلَيّ النّارُ. فَرَأَيْتُ فِيهَا امْرَأَةً مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ تُعَذّبُ فِي هِرّةٍ لَهَا. رَبَطَتْهَا فَلَمْ تُطْعِمْهَا. وَلَمْ تَدَعْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأَرْضِ. وَرَأَيْتُ أَبَا ثُمَامَةَ عَمْرَو بْنَ مَالِكٍ يَجُرّ قُصْبَهُ فِي النّارِ. وَإِنّهُمْ كَانُوا يَقُولُونَ: إِنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ لاَ يَخْسِفَانِ إِلاّ لِمَوْتِ عَظِيمٍ. وَإِنّهُمَا آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ يُرِيكُمُوهُمَا. فَإِذَا خَسَفَا فَصَلّوا حَتّىَ تَنْجَلِيَ».**

**2051 ـ وحَدّثَنِيهِ أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ الصّبّاحِ عَنْ هِشَامٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. إِلاّ أَنّهُ قَالَ (وَرَأَيْتُ فِي النّارِ امْرَأَةً حِمْيَرِيّةً سَوْدَاءَ طَوِيلَةً». وَلَمْ يَقُلْ «مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، قاتتىق ئىسسىق بىر كۈنى كۈن تۇتۇلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرىغا كۇسۇف نامىزى ئوقۇپ بېرىپ، تاكى كىشىلەر يىقىلىپ چۈشۈشكە باشلىغانغا قەدەر، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، ئاندىن ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، ئاندىن يەنە رۇكۇ قىلدى، ئاندىن ئۇزۇنغىچە قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىنچى رەكئەتكىمۇ شۇنداق قىلدى، تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:« ھەققەتەن ماڭا سىلەر كىرىدىغان نەرسە يەنى جەننەت، دوۋزاخ تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى، ماڭا جەننەت شۇنداق يېقىن قىلىندىكى، مەن جەننەتتىن بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىشنى مەخسەت قىلسام، قولۇم قىسقا كېلىپ قالدى، ماڭا دوۋزاخ تەڭلەنگەن ئىدى، دوۋزاخنىڭ مىنى قورشىۋىلىشىدىن قورقۇپ، كەينىمگە قاچتىم، مەن دوۋزاختا بەنى ئىسرائىلدىن بولغان ( ھەمرىيە قەبىلىسگە مەنسۇپ بولغان قارا تەنلىك ئېگىز ) بىر ئايالنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ مۈشۈكى توغرىسىدا ئازابلىنىۋېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇ ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، تائام بەرمەپتۇ، سۇ بىلەن سۇغارماپتۇ، يا ئۇنى قويۇپ بەرمەپتۇ، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زىمىننىڭ ئوت ـــ

چۈشلىرىنىمۇ بولسا يىگەن بولاتتى، مەن دوۋزاختا ئەبۇ سۇمامەت ئەمرۇ ئىبنى مالىكنى كۆردۈم، ئۇ دوۋزاخ ئىچىدە ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ (بۇ كىشى بۇتقا چوقۇناتتى، نۇرغۇن هارام قىلىش قانۇن ئادىتىنى يولغا قويغان) ھەقىقەتەن ئەرەبلەر؛ قۇياش بىلەن ئاي پەقەت ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈنلا تۇتۇلىدۇ دەيتتى، (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس) ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە پات ــ پات كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، قۇياش بىلەن ئاي تۇتۇلۇپ قالسا، تاكى ئۇ رۇشەن ئېچىلغىچە كۇسۇف نامىزى ئوقۇڭلار».

2052 ـ حدثنا أبو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْر. ح وحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْن نُمَيْرِ. (وتَقاربَا فِي اللّفْظ) قالَ: حَدّثنا أبي. حَدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ عَنْ عطَاءٍ، عَنْ جَابِرِ. قالَ: انْكَسفَتْ الشّمْسُ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَوْمَ مَاتَ إبْرَاهِيمُ ابْنُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ النّاسُ: إنّمَا انْكَسفَتِ لِموْتِ إبْرَاهِيمَ. فقامَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فصَلّى بالنّاسِ سِتّ رَكعَاتٍ بِأَرْبَعِ سَجَدات. بَدأ فكَبّرَ. ثُمّ قرَأ فأطَالَ الْقِرَاءَةَ. ثُمّ رَكعَ نَحْواً مِمّا قامَ. ثُمّ رَفعَ رَأسَهُ مِنَ الرّكُوعِ فقرَأ قِرَاءةً دُونَ الْقِرَاءَةِ الأُولَى. ثُمّ رَكَعَ نَحْواً مِمّا قامَ. ثُمّ رفعَ رَأسَهُ مِنَ الرّكُوعِ فقرَأ قِرَاءةً دُونَ الْقِرَاءَةِ الثّانِيَةِ. ثُمّ رَكَعَ نَحْواً مِمّا قامَ. ثُمّ رَفَعَ رَأسَهُ مِنَ الرّكُوعِ. ثُمّ انْحدَرَ بِالسّجُودِ فَسجَدَ سَجْدَتَيْنِ. ثُمّ قامَ فرَكعَ أيْضاً ثَلاثَ رَكعَاتٍ. لَيْسَ فِيهَا رَكْعَةٌ إلاّ الّتِي قبْلَهَا أطْوَلُ مِنَ الّتِي بَعْدَهَا. ورُكُوعُهُ نَحْواً مِنْ سُجُودِهِ. ثُمّ تَأخّرَ وتَأخّرَتِ الصّفُوفُ خَلْفَهُ. حَتّى انْتَهيْنَا. (وَقالَ أبُو بَكْرٍ: حَتّى انْتَهَى إلَى النّسَاءِ) ثُمّ تَقدّمَ وتَقدّمَ النّاسُ مَعَهُ. حَتّى قامَ فِي مَقامِهِ. فانْصَرَفَ حِينَ انْصرَفَ، وقَدْ آضَتِ الشّمْسُ. فقَالَ: «يَا أيّهَا النّاسُ إنّمَا الشّمْسُ وَالْقَمَرُ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. وإنّهُمَا لا يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أحَدٍ مِنَ النّاسِ (وَقالَ أبُو بَكْرٍ: لِموتِ بَشَرٍ) فإذَا رَأيْتُمْ شَيْئاً مِنْ ذَلِكَ فصَلّوا حَتّى تَنْجَلِيَ. مَا مِنْ شَيْءٍ تُوعَدُونَهُ إلاّ قدْ رَأيْتُهُ فِي صَلاَتِي هَذِهِ. لَقدْ جِيءَ بالنّارِ. وذَلِكُمْ حِينَ رَأيْتُمُونِي تَأخّرْتُ مَخَافَةَ أنْ يُصِيبَنِي مِنْ لَفْحِهَا. وَحَتّى رَأيْتُ فِيهَا صَاحِبَ الْمِحْجَنِ يَجُرّ قُصْبَهُ فِي النّارِ. كَانَ يَسْرِقُ الْحَاجّ بِمِحْجَنِهِ، فَإنْ فُطِنَ لَهُ قالَ: إنّمَا تَعَلّقَ بِمِحْجَنِي، وَإنْ غُفِلَ عَنْهُ ذَهَبَ بِهِ. وَحتّى رَأيْتُ فِيهَا صَاحِبَةَ الْهِرّةِ الّتِي رَبطَتْهَا فلَمْ تُطْعِمْهَا، ولَمْ تَدَعْهَا تَأكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأرْضِ، حَتّى مَاتَتْ جُوعاً. ثُمّ جِيءَ بِالْجَنّةِ، وَذَلِكُمْ حِينَ رَأيْتُمُونِي تَقدّمْتُ حَتّى قُمْتُ فِي مَقامِي، ولَقدْ مَدَدْتُ يَدِي وَأنَا أُرِيدُ أنْ أتَنَاوَلَ مِنْ ثَمرِهَا لِتَنْظُرُوا إلَيْهِ، ثُمّ بَدَا لِي أنْ لاَ أفْعَلَ. فمَا مِنْ شَيْءٍ تُوعَدُونَهُ إلاّ قدْ رَأيْتُهُ فِي صَلاَتِي هَذِهِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى، كۈن تۇتۇلىشىدى، كىشىلەر؛ كۈن ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلدى دىيىشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ئالتە رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. تەكبىر ئەيتىپ، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇرۇپ قىرائەت قىلىپ، ئاندىن ئۇزۇن رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە قىيامدا قىرائەت قىلىپ، يەنە رۇكۇ قىلىپ، يەنە قىرائەت قىلىپ، يەنە رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلىپ، ئىككىنجى رەكئەتكىمۇ شۇنداق قىلىپ، (بىر رەكئەتكە ئۈچ رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلغان ئىدى).ئاندىن سەپتىكىلەر ئالماشتى، ئاندىن قايتقاندا بولسا، قۇياش رۇشەن ئېچىلغان ئىدى، ئاندىن:« ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، سىلەر شۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، كۈن، ئاي تۇتۇلۇشىدىن رۇشەن بولغىچە كۇسۇف نامىزىنى ئوقۇڭلار،

ھەقىقەتەن سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ھەربىر نەرسىنى مەن مۇشۇ نامىزىمدا كۆردۈم، سىلەر مېنىڭ ئارقامغا قاچقانلىقىمنى كۆرگەن چاغدا، دوۋزاخ كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى، ماڭا ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى، تۈتۈنلىرى، زەھىرى يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدىم. ھەتتا مەن ئى رەببىم! مەن دوۋزاخ ئىچىدىمۇ نېمە؟ دەپ كەتتىم، مەن دوۋزاخ ئىچىدە ھاسا ئىگىسىنىڭ ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگىنىنى كۆردۈم، ئۇ ھاجىلارنىڭ نەرسىسىنى ھاسىسىغا ئىلدۇرۇپ ئوغۇرلايتتى، ئەگەر بىلىنىپ مەلۇم بولۇپ قالسا، ھوي! ھاسامغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ، مەن بىلمەپتىمەن دەيتتى، ئەگەر غەپلەتتە قېلىپ بىلىنمىسە، ئۇنى ئوغۇرلاپ ئېلىپ كېتەتتى، مەن يەنە دوۋزاخ ئىچىدە بىر مۈشۈك ئىگىسى بولغان ئايالنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، قويۇپ بەرمىگەن، تاماق، سۇ بەرمىگەن بولۇپ، مۈشۈك ئاچلىقدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت ــ چۆپلىرىنى،چاشقاننى يەپ، ھايات قالاتتى، بۇ ئايال شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىپتۇ، سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئىنتىلىپ ئىلگىرىلىگىنىمنى كۆرگەن چاغدا، جەننەت كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى. ھەتتا مەن مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرۇپمۇ قولۇمنى سۇندۇم، مەن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇشنى مەخسەت قىلىپ، كېيىن ماڭا ئۇنداق قىلماسلىق ئاشكارا بولدى.سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى مەن مۇشۇ نامىزىمدا كۆردۈم»دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم.

2053 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمدَانِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ فَاطِمَةَ، عَنْ أَسْمَاءَ قَالَتْ: خَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَدَخَلْتُ عَلَىَ عَائِشَةَ وَهِيَ تُصَلّي. فَقُلْتُ: مَا شَأْنُ النّاسِ يُصَلّونَ؟ فَأَشَارَتْ بِرَأْسِهَا إِلَى السّمَاءِ. فَقُلْتُ: آيَةٌ؟ قَالَتْ: نَعَمْ. فَأَطَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْقِيَامَ جِدّا. حَتّىَ تَجَلاّنِي الْغَشْيُ. فَأَخَذْتُ قِرْبَةً مِنْ مَاءٍ إِلَىَ جَنْبِي. فَجَعَلْتُ أَصُبّ عَلَىَ رَأْسِي أَوْ عَلَىَ وَجْهِي مِنَ الْمَاءِ. قَالَتْ: فَانْصَرَفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَدْ تَجَلّتِ الشّمْسُ. فَخَطَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم النّاسَ. فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَىَ عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «أَمّا بَعْدُ. مَا مِنْ شَيْءٍ لَمْ أَكُنْ رَأَيْتُهُ إِلاّ قَدْ رَأَيْتُهُ فِي مَقَامِي هَذَا. حَتّى الْجَنّةَ وَالنّارَ. وَإِنّهُ قَدْ أُوحِيَ إِلَيّ أَنّكُمْ تُفْتَنُونَ فِي الْقُبُورِ قَرِيباً أَوْ مِثْلَ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدّجّالِ. (لاَ أَدْرِي أَيّ ذَلِكَ قَالَتْ أَسْمَاءُ) فَيُؤْتَىَ أَحَدُكُمْ فَيُقَالُ: مَا عِلْمُكَ بِهَذَا الرّجُلِ؟ فَأَمّا الْمُؤْمِنُ أَوِ الْمُوقِنُ. (لاَ أَدْرِي أَيّ ذَلِكَ قَالَتْ أَسْمَاءُ) فَيَقُولُ: هُوَ مُحَمّدٌ، هُوَ رَسُولُ اللّهِ، جَاءَنَا بِالْبَيّنَاتِ وَالْهُدَىَ. فَأَجَبْنَا وَأَطَعْنَا. ثَلاَثَ مِرَارٍ. فَيُقَالُ لَهُ: نَمْ. قَدْ كُنّا نَعْلَمُ إِنّكَ لَتُؤْمِنُ بِهِ. فَنَمْ صَالِحاً. وَأَمّا الْمُنَافِقُ أَوِ الْمُرْتَابُ (لاَ أَدْرِي أَيّ ذَلِكَ قَالَتْ أَسْمَاءُ) فَيَقُولُ: لاَ أَدْرِي. سَمِعْتُ النّاسَ يَقُولُونَ شَيْئَاً فَقُلْتُ».

2054 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ فَاطِمَةَ، عَنْ أَسْمَاءَ. قَالَتْ: أَتَيْتُ عَائِشَةَ فَإِذَا النّاسُ قِيَامٌ. وَإِذَا هِيَ تُصَلّي. فَقُلْتُ: مَا شَأْنُ النّاسِ؟ وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ عَنْ هِشَامٍ.

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى، مەن ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، مەن؛ كىشىلەرگە نىمە ئىش بولۇپتۇ؟ ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتىدىغۇ؟دېسەم، ئۇ بېشى بىلەن ئاسمانغا ئىشارەت قىلدى، مەن؛ بىرەر ئالامەت يۈز بېرىپتىمۇ؟ دېسەم، ئۇ؛ ھەئە دېدى، رەسۇلۇللاھ بۇ نامازدا شۇنداق ئۇزۇن قىيامدا تۇردىكى، مەن بىھوش بولۇپ، ھوشۇمدىن

كەتكىلى تاس ـ تاس قالدىم، ئاندىن يېنىمدىكى سۇدىن بىر تولۇن سۇ ئېلىپ، بېشىمغا قۇيۇشقا باشلىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ نامازدىن قايتتى، بۇچاغدا كۈن ئېچىلغان ئىدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ، ﷲ قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيقاندىن كىيىن مۇنداق دېدى؛مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر قانداق نەرسىنى مۇشۇ ئورنۇمدا ھازىر كۆردۈم، ھەتتا جەننەت بىلەن دوۋزاخنىمۇ كۆردۈم، ھەققەتەن ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلىندى، سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدەك ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوراق ــ سوئال، ئىمتىھان قىلىنىپ سىنىلىسلەر، پىتنىگە قالىسلەر، بىرىڭلار كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ماۋۇ كىشىگە ئىلىمىڭ قانداق دېيىلىدۇ؟ ئەمما مۆئمىن شەكسىز ئىشەنگۈچى بولسا، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە رۇشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، ھىدايەت بىلەن كەلدى، بىز ئۇنىڭ چاقىرقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىمان كەلتۈردۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ ئۈچ قېتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سالىھ، ياخشى ھالەتتە ئۇخلىغىن، بىز ھەققەتەن سېنىڭ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دېيىلىدۇ، ئەمما، مۇناپىق ياكى شەكلەنگۈچى بولسا: مەن بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ دەپ قويغان دەيدۇ، (شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق توقماق يەيدۇ).

2055 ـ أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ. قَالَ: لاَ تَقُلْ: كَسَفَتِ الشّمْسُ. وَلَـكِنْ قُلْ: خَسَفَتِ الشّمْسُ.

ئۇرۋە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ سەن كەسەپەتىششەمسۇ دېمەي، بەلكى خەسەپەتىششەمسۇ دېگىن.

2056 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ الْحَارِثِيّ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. حَدّثَنِي مَنْصُورُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أُمّهِ صَفِيّةَ بِنْتِ شَيْبَةَ، عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ أَنّهَا قَالَتْ: فَزِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَوْماً. (قَالَتْ تَعْنِي يَوْمَ كَسَفَتِ الشّمْسُ) فَأَخَذَ دِرْعاً حَتّىَ أُدْرِكَ بِرِدَائِهِ. فَقَامَ لِلنّاسِ قِيَاماً طَوِيلاً. لَوْ أَنّ إِنْسَاناً أَتَىَ لَمْ يَشْعُرْ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَكَعَ ـ مَا حَدّثَ أَنّهُ رَكَعَ، مِنْ طُولِ الْقِيَامِ.

2057 ـ وحدّثني سَعِيدُ بْنُ يَحْيَىَ الأُمَوِيّ. حَدّثَنِي أَبِي. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، بِهَـذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَقَالَ: قِيَاماً طَوِيلاً، يَقُومُ ثُمّ يَرْكَعُ، وَزَادَ: فَجَعَلْتُ أَنْظُرُ إِلَى الْمَرْأَةِ أَسَنّ مِنّي. وَإِلَى الأُخْرَىَ هِيَ أَسْقَمُ مِنّي.

2058 ـ وحدّثني أَحْمَدُ بْنُ سَعِيدٍ الدّارِمِيّ. حَدّثَنَا حَبّانُ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا مَنْصُورٌ عَنْ أُمّهِ، عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ، قَالَتْ: كَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَىَ عَهْدِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَفَزِعَ، فَأَخْطَأَ بِدِرْعٍ، حَتّىَ أُدْرِكَ بِرِدَائِهِ بَعْدَ ذٰلِكَ. قَالَتْ: فَقَضَيْتُ حَاجَتِي ثُمّ جِئْتُ وَدَخَلْتُ الْمَسْجِدَ. فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَائِماً. فَقُمْتُ مَعَهُ. فَأَطَالَ الْقِيَامَ حَتّىَ رَأَيْتُنِي أُرِيدُ أَنْ أَجْلِسَ. ثُمّ أَلْتَفِتُ إِلَى الْمَرْأَةِ الضّعِيفَةِ، فَأَقُولُ هَـذِهِ أَضْعَفُ مِنّي، فَأَقُومُ. فَرَكَعَ فَأَطَالَ الرّكُوعَ. ثُمّ رَفَعَ رَأْسَهُ فَأَطَالَ الْقِيَامَ. حَتّىَ لَوْ أَنّ رَجُلاً جَاءَ ـ خُيّلَ إِلَيْهِ أَنّهُ لَمْ يَرْكَعْ.

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق چۆچۈپ، رىدايىمنى ئالىمەن دەپ، خاتالىشىپ قېلىپ، جەڭ كىيىمنى ئېلىپ سېلىپ، ئاندىن رىدايىنى تېپىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، مەن ھاجىتىمنى ئادا قىلىپ بولۇپ مەسجىدكە كەلسەم، رەسۇلۇللاھ يەنىلا قىيامدا تۇرۇپتۇ، شۇنداق ئۇزۇن قىيامدا تۇردىكى، ئەگەر

بىرەر كىشى كېلىپ قالسا، ـ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ رۇكۇ قىلغانلىقى دەپ بىرىلمىسىلا، ـ ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ رۇكۇ قىلغانلىقىنى ئەسلا بىلەلمەيتتى، ئاندىن مەنمۇ بىللە قىيامدا تۇردۇم، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، تاكى مەن ئۆلتۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن يېنىمدىكى مەندىن ئاجىز،قېرى، كېسەل ئاياللغا قاراپ، يەنە قىيامدا تۇرۇپ كەتتىم، ئاندىن ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردىكى، ئەگەر بىرەر كىشى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھنىڭ رۇكۇ قىلمىغانلىقى خىيال قىلىنىپ قالاتتى.

**2059 ـ حدّثنا سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ. حَدّثَنِي زَيْدُ بْنُ أَسْلَمَ عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ. قَالَ: انْكَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَصَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَالنّاسُ مَعَهُ. فَقَامَ قِيَاماً طَوِيلاً قَدْرَ نَحْوِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ. ثُمّ رَكَعَ رُكُوعاً طَوِيلاً. ثُمّ رَفَعَ فَقَامَ قِيَاماً طَوِيلاً، وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأَوّلِ. ثُمّ رَكَعَ رُكُوعاً طَوِيلاً، وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأَوّلِ. ثُمّ سَجَدَ. ثُمّ قَامَ قِيَاماً طَوِيلاً، وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأَوّلِ. ثُمّ رَكَعَ رُكُوعاً طَوِيلاً، وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأَوّلِ. ثُمّ رَفَعَ فَقَامَ قِيَاماً طَوِيلا، وَهُوَ دُونَ الْقِيَامِ الأَوّلِ. ثُمّ رَكَعَ رُكُوعاً طَوِيلاً، وَهُوَ دُونَ الرّكُوعِ الأَوّلِ. ثُمّ سَجَدَ. ثُمّ انْصَرَفَ وَقَدِ انْجَلَتِ الشّمْسُ. فَقَالَ: «إِنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. لا يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلا لِحَيَاتِهِ. فَإِذَا رَأَيْتُمْ ذٰلِكَ فَاذْكُرُوا اللّهَ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ رَأَيْنَاكَ تَنَاوَلْتَ شَيْئاً فِي مَقَامِكَ هٰذَا. ثُمّ رَأَيْنَاكَ كَفَفْتَ فَقَالَ: «إِنّي رَأَيْتُ الْجَنّةَ. فَتَنَاوَلْتُ مِنْهَا عُنْقُوداً. وَلَوْ أَخَذْتُهُ لأَكَلْتُمْ مِنْهُ مَا بَقِيَتِ الدّنْيَا. وَرَأَيْتُ النّارَ. فَلَمْ أَرَ كَالْيَوْمِ مَنْظَراً قَطّ. وَرَأَيْتُ أَكْثَرَ أَهْلِهَا النّسَاءَ» قَالُوا: بِمَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «بِكُفْرِهِنّ» قِيلَ: أَيَكْفُرْنَ بِاللّهِ؟ قَالَ: «يَكْفُرْنَ الْعَشِيرَ. وَيَكْفُرْ الإِحْسَانَ. لَوْ أَحْسَنْتَ إِلَى إِحْدَاهُنّ الدّهْرَ، ثُمّ رَأَتْ مِنْكَ شَيْئاً، قَالَتْ: مَا رَأَيْتُ مِنْكَ خَيْراً قَطّ».**

**2060 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ (يَعْنِي ابْنَ عِيسَى). أَخْبَرَنَا مَالِكٌ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، فِي هَذَا الأَسْنَادِ، بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: ثُمّ رَأَيْنَاكَ تَكَعْكَعْتَ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا كۈن تۇتۇلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگەكۇسۇپ نامىزى ئوُقۇپ بېرىپ، سۈرە بەقەرنى قىرائەت قىلغان مىقداردا ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، ئاندىن بەك ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋە لقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسى ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇزۇن قىيامدا تۇردى، بۇقىيامداتۇرىشى ئەۋۋەلقىسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن يەنە ناھايىتى ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى، بۇ رۇكۇسىمۇ ئەۋۋەلقى رۇكۇسىدىن قىسقىراق ئىدى، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەجدە قىلدى، (يەنى تۆت رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوُقۇپ) ئاندىن قايتتى، ۋەھالەنكى كۈن رۇشەن ئېچىلىپ بولغان ئىدى، ئاندىن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرەت، مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر كۈن ياكى ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، تەكبىر ئېيتىپ، **الله** نى ئەسلەڭلار،دېدى. ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ، بىر نەرسىنى ئالماقچى بولغانلىقلىرىنى، ئاندىن يەنە ئارقىللىرىغا چېكىنىپ، داجىغانلىقلىرىنى كۆردۇق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەقىقەتەن ماڭا جەننەت كۆرسىتىلىۋىدى، مەن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئۈزۈپ ئالماقچى بولدۇم، ئەگەر مەن ئۇنى ئۈزۈپ ئالالىغان بولسام، سىلەر ئۇنىڭدىن مۇشۇ دۇنيا قېلىپ قالغانغا قەدەر (قىيامەتكىچە)

يەيتتىڭلار، ماڭا دەۋزەخمۇ كۆرستىلدى، مەن ھەرگىز بۈگۈنكىدەك، قورقۇنۇچلۇق مەنزىرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، دەۋزەخ ئەھلىنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، دىدى. ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نىمە ئۈچۈن شۇنداق بۇلىدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇلارنىڭ كۇپۇرلىقىنىڭ سەۋەبىدىن شۇنداق بۇلىدۇ دىدى، ئۇلار الله قا كۇپۇرلۇق قىلامدۇ؟ دىيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇلار ئەرلىرىگە ، ئېھسان، ياخشىلىققا كۇپۇرلۇق قىلىدۇ، ئەگەر سەن ئاياللارنىڭ بىرەرسىگە پۈتۈن زامان ياخشىلىق قىلساڭ، ئاندىن ئۇ سەندىن ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرسە؛ مەن ھەرگىز سەندىن قىلچىلىك ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم دەيدۇ،دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 368 ــ باب ذكر من قال إنه ركع ثمان ركعات في أربع سجدات

### كۇسۇف نامىزىنى سەككىز رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت ئوقۇش توغرىسىدا

2061 ـ حدثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ حَبِيبٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ. قَالَ: صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، حِينَ كَسَفَتِ الشّمْسُ، ثَمَانَ رَكَعَاتٍ، فِي أَرْبَعِ سَجَدَاتٍ. وَعَنْ عَلِيَ، مِثْلُ ذَلِكَ.
2062 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّىَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ خَلاّدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ يَحْيَى الْقَطّانِ. قَالَ: ابْنُ الْمُثَنّىَ: حَدّثَنَا يَحْيَىَ عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ حَدّثَنَا حَبِيبٌ عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ صَلّىَ فِي كُسُوفٍ. قَرَأَ ثُمّ رَكَعَ. ثُمّ قَرَأَ ثُمّ رَكَعَ. ثُمّ قَرَأَ ثُمّ رَكَعَ. ثُمّ قَرَأَ ثُمّ رَكَعَ. ثُمّ سَجَدَ. قَالَ: وَالأُخْرَىَ مِثْلُهَا.

ئىبنى ئاببالس،ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن تۇتۇلغاندا، سەككىز رۇكۇ، تۆت سەجدە بىلەن ئىككى رەكئەت كۇسۇف نامىزى ئوقۇدى.

## 369 ــ باب ذكر النداء بصلاة الكسوف «الصلاة جامعة»

### كۇسۇف نامىزىغا «ئەسسالاتۇ جامىئەتۇن»دەپ چاقىرىش توغرىسىدا

2063 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا أَبُو النّضْرِ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ (وَهُوَ شَيْبَانُ النّحْوِيّ) عَنْ يَحْيَىَ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـنِ الدّارِمِيّ. أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ حَسّانَ. حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ سَلاّمٍ عَنْ يَحْيَىَ بْنِ أَبِي كَثِيرٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ خَبَرِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنّهُ قَالَ: لَمّا انْكَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، نُودِيَ بِـ (الصّلاَةَ جَامِعَةً). فَرَكَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَكْعَتَيْنِ فِي سَجْدَةٍ، ثُمّ قَامَ فَرَكَعَ رَكْعَتَيْنِ فِي سَجْدَةٍ، ثُمّ جُلّيَ عَنِ الشّمْسِ. فَقَالَتْ عَائِشَةُ: مَا رَكَعْتُ رُكُوعاً قَط، وَلاَ سَجَدْتُ سُجُوداً قَط، كَانَ أَطْوَلَ مِنْهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كۈن تۇتۇلغاندا،

«ئەسسالاتۇ جامىئەتۇن!»يەنى نامازغا كېلىڭلار!!دەپ، كىشىلەرنى كۇسۇپ نامىزىغا چاقىرلدى، (كىشىلەر يىغىلىپ بولغاندا) رەسۇلۇللاھ ئالدىغا چىقىپ، ھەر بىر رەكئەتكە ئىككىدىن رۇكۇ قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇدى، ئاندىن كۈن رۇشەن ئېچىلدى. مەن ھەرگىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق رۇكۇ ـ سەجدە قىلىپ باقمىغان ئىدىم.

بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2064 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ إسْمَاعِيلَ، عَنْ قَيْسِ بْنِ أَبِي حَازِمٍ عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الأَنْصَارِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. يُخَوّفُ اللّهُ بِهِمَا عِبَادَهُ. وَإنّهُمَا لاَ يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ مِنَ النّاسِ. فَإذَا رَأَيْتُمْ مِنْهَا شَيْئاً فَصَلّوا وَادْعُوا اللّهَ. حَتّى يُكْشَفَ مَا بِكُمْ».

**2065 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ وَ يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا مُعْتَمِرٌ عَنْ إِسْمَاعِيلَ، عَنْ قَيْسٍ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «إِنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيْسَ يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ مِنَ النّاس. وَلَـكِنّهُمَا آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. فَإِذَا رَأَيْتُمُوهُ فَقُومُوا فَصَلّوا».**

**2066 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ أَبُو أُسَامَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ وَوَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ وَ مَرْوَانُ. كُلّهُمْ عَنْ إِسْمَاعِيلَ، بِهَذَا الأَسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِ سُفْيَانَ وَوَكِيعٍ: انْكَسَفَتِ الشّمْسُ يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيمُ. فَقَالَ النّاسُ: انْكَسَفَتْ لِمَوْتِ إِبْرَاهِيمَ.**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەندە كۈن تۇتۇلدى، كىشىلەر؛ كۈن ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلدى دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى تۇغۇلۇشى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇڭلار، سىلەرگە يۈز بەرگەن بۇ كۈن تۇتۇلۇش رۇشەن ئېچىلىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكىچە ، **الله** قا دۇئا قىلىڭلار، بۇ ھەدىسنى بۇخارى بىلەن نەسەئى، ئەبۇ بۇكرەتتىن، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ مەسئۇددىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ئۆمەردىن، بەيھەقى، يەنە مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

**2067 ـ حدّثنا أَبُو عَامِرٍ الأَشْعَرِيّ عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ. قالَ: خَسَفَتِ الشّمْسُ فِي زَمَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَامَ فَزِعاً يَخْشَى أَنْ تَكُونَ السّاعَةُ. حَتّى أَتَى الْمَسْجِدَ. فَقَامَ يُصَلّي بِأَطْوَلِ قِيَامٍ وَرُكُوعٍ وَسُجُودٍ. مَا رَأَيْتُهُ يَفْعَلُهُ فِي صَلاَةٍ قَطّ. ثُمّ قَالَ: «إِنّ هَذِهِ الآيَاتِ الّتِي يُرْسِلُ اللّهُ، لاَ تَكُونُ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلاَ لِحَيَاتِهِ. وَلَكِنّ اللّهَ يُرْسِلُهَا يُخَوّفُ بِهَا عِبَادَهُ. فَإِذَا رَأَيْتُمْ مِنْهَا شَيْئاً فَافْزَعُوا إِلَىَ ذِكْرِهِ وَدُعَائِهِ وَاسْتِغْفَارِهِ» وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ الْعَلاَءِ: كَسَفَتِ الشّمْسُ. وَقَالَ «يُخَوّفُ عِبَادَهُ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كۈن تۇتىلىشىدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئەنسىرەپ، قورقىغان ، چۆچىغان ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، مەسجىدكە كەلدى دە، ناھايىتى ئۇزۇن قىيامدا تۇرۇپ ، رۇكۇ ـ سەجدىللىرىنى ئۇزۇن قىلىپ كۇسۇپ نامىزى ئوقىدى ، ـ مەن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم ــ ئاندىن مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بۇ كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇشدىن ئىبارەت، ئاللاھ ئەۋەتىدىغان ئالامەتلەر، بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن بولمايدۇ، لېكىن، ئاللاھ ئۇنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، (يەنى كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا) ئاللاھدىن قورقۇپ، زىكرى ئېيتىڭلار، ئالاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، دۇئا قىلىڭلار، مەغپىرەت سوراڭلار، يەنە بىر خاتىرىدە سەدىقە قىلىڭلار دېگەن بار،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

**2068 ـ وحدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ. حَدّثَنَا الْجُرَيْرِيّ عَنْ أَبِي الْعَلاَءِ حَيّانَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ. قَالَ: بَيْنَمَا أَنَا أَرْمِي بِأَسْهُمِي فِي حَيَاةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذِ انْكَسَفَتِ الشّمْسُ. فَنَبَذْتُهُنّ. وَقُلْتُ:**

لأَنْظُرَنّ إلَى مَا يَحْدُثُ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي انْكِسَافِ الشّمْسِ، الْيَوْمَ. فَانْتَهَيْتُ إلَيْهِ وَهُوَ رَافِعٌ يَدَيْهِ، يَدْعُو وَيُكَبّرُ وَيَحْمَدُ وَيُهَلّلُ. حَتّى جُلّيَ عَنِ الشّمْسِ. فَقرأَ سُورَتَيْنِ وَرَكَعَ رَكْعَتَيْنِ.

2069 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأعْلَى بْنُ عَبْدِ الأعْلَى، عَنِ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ حَيّانَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ سَمُرَةَ. وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: كُنْتُ أَرْتَمِي بِأَسْهُمٍ لِي بِالْمَدِينَةِ فِي حَيَاةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. إذْ كَسَفَتِ الشّمْسُ. فَنَبَذْتُهَا. فَقُلْتُ: وَاللّهِ لأنْظُرَنّ إلَى مَا حَدَثَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي كُسُوفِ الشّمْسِ. قَالَ: فَأَتَيْتُهُ وَهُوَ قَائِمٌ فِي الصّلاَةِ. رَافِعٌ يَدَيْهِ. فَجَعَلَ يُسَبّحُ وَيَحْمَدُ وَيُهَلّلُ، وَيُكَبّرُ وَيَدْعُو. حَتّى حُسِرَ عَنْهَا. قَالَ: فَلَمّا حُسِرَ عَنْهَا، قَرَأَ سُورَتَيْنِ وَصَلّى رَكْعَتَيْنِ.

2070 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا سَالِمُ بْنَ نُوحٍ. أَخْبَرَنَا الْجُرَيْرِيّ عَنْ حَيّانَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـنِ بْنِ سَمُرَةَ. قَالَ: بَيْنَمَا أَنَا أَتَرَمّى بِأَسْهُمٍ لِي عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إذْ خَسَفَتِ الشّمْسُ. ثُمّ ذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِهِما.

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا ، مەدىنىدە ئوقيا ئېتىپ مەشىق قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كۈن تۇتۇلدى، مەن ئوقيانى تاشلىۋېتىپ: الله بىلەن قەسەمكى، كۈن تۇتۇلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆزۈتۈپ قاراپ باقمەن دەپ، يۈگۈرۈپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا، نامازغا تۇرۇۋېتىپتۇ، كۈننىڭ تۇتۇلىشى رۇشەن ئېچىلغانغا قەدەر، تەسبىھ، تەھلىل، تەكبىر، ھەمدە ئەيتىپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى،كۈن ئېچىلغاندا، ئىككى سۈرىنى قىرائەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت نامازئوقۇدى.

2071 ـ وحدّثني هَـرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ أَنّ عَبْدَ الرّحْمَـنِ بْنَ الْقَاسِمِ حَدّثَهُ عَنْ أَبِيهِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ الصّدّيق، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّهُ كَانَ يُخْبِرُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «إنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ لاَ يَخْسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلاَ لِحَيَاتِهِ. وَلَكِنّهُمَا آيَةٌ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. فَإذَا رَأَيْتُمُوهُمَا فَصَلّوا».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ، تۇغۇلۇشى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن ئۇ لار، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، (ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ)، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇڭلار.

2072 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُصْعَبٌ (وَهُوَ ابْنُ الْمِقْدَامِ) حَدّثَنَا زَائِدَةُ. حَدّثَنَا زِيَادُ بْنُ عِلاَقَةَ (وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ قَالَ: قَالَ زِيَادُ بْنُ عِلاَقَةَ) سَمِعْتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ شُعْبَةَ يَقُولُ: انْكَسَفَتِ الشّمْسُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَوْمَ مَاتَ إبْرَاهِيمُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ الشّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ مِنْ آيَاتِ اللّهِ. لا يَنْكَسِفَانِ لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلاَ لِحَيَاتِهِ. فَإذَا رَأَيْتُمُوهُمَا فَادْعُوا اللّهَ وَصَلّوا حَتّى تَنْكَشِفَ».

مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى، كۈن تۇتۇلدى، (كىشىلەر؛ كۈن ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تۇتۇلدى دېدى)، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى (تۇغۇلۇشى) ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، ( لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى

ئالامەتتۇر، ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ )، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە،

كۈن تۇتۇلۇش روشەن ئېچىلىپ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنگە قەدەر، **الله** قا دۇئا قىلىڭلار، كۇسۇف نامىزى ئوقۇڭلار.

## 12 ــــ كتـــاب الجنائـــز ميىتكە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ كىتابى

### 370ـــ باب تلقين الموتى: لا إله إلا الله

### جان سەكراتتىقا چۈشۈپ قالغان كىشىگە«لائىلاھەئىللەللە»دېگۈزۈش توغرىسىدا

2073 ـ2074 ـ وحدّثنا أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. كِلاَهُمَا عَنْ بِشْرٍ. قَالَ أبُو كَامِلٍ: حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ. حَدّثَنَا عُمَارَةُ بْنُ غَزِيّةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ عُمَارَةَ. قَالَ: سَمِعْتُ أبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَقّنُوا مَوْتَاكُمْ: لاَ إلَهَ إلاّ اللّهُ».
2075 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرٍ وَ عُثْمَان ابْنَا أبِي شَيْبَةَ. ح وَحَدّثَنِي عَمْرٌو النّاقِدُ. قَالُوا جَمِيعاً: حَدّثَنَا أبُو خَالِدٍ الأحْمَرُ عَنْ يَزِيدَ بْنِ كَيْسَانَ، عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لَقّنُوا مَوْتَاكُمْ: لاَ إلَـهَ إلاّ اللّهُ».

ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۈرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۆلۈۋاتقان كىشىلىرىڭلارغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»! نى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دېيىشنى ئۆگىتىپ دېگۈزۈڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب.

### 371 ــــ باب ما يقال عند المصيبة مۇسىبەت يەتكەندە نېمە دېيىش؟توغرىسىدا

2076 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعاً عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. قَالَ ابْنُ أيّوبَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ. أخْبَرَنِي سَعْدُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُمَرَ بْنِ كَثِيرِ بْنِ أفْلَحَ، عَنِ ابْنِ سَفِينَةَ، عَنْ أمّ سَلَمَةَ أنّهَا قَالَتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ تُصِيبُهُ مُصِيبَةٌ فَيَقُولُ: مَا أمَرَهُ اللّهُ: إنّا لِلّهِ وَإنّا إلَيْهِ رَاجِعُونَ. اللّهُمّ اوْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأخْلِفْ لِي خَيْراً مِنْهَا ـ إلاّ أخْلَفَ اللّهُ لَهُ خَيْراً مِنْهَا». قَالَتْ: فَلَمّا مَاتَ أبُو سَلَمَةَ قُلْتُ: أيّ الْمُسْلِمِينَ خَيْرٌ مِنْ أبِي سَلَمَةَ؟ أوّلُ بَيْتٍ هَاجَرَ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ إنّي قُلْتُهَا. فَأخْلَفَ اللّهُ لِي رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.
قَالَتْ: أرْسَلَ إلَيّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَاطِبَ بْنَ أبِي بَلْتَعَةَ يَخْطُبُنِي لَهُ. فَقُلْتُ: إنّ لِي بِنْتاً وَأنَا غَيُورٌ. فَقَالَ: «أمّا ابْنَتُهَا فَنَدْعُو اللّهَ أنْ يُغْنِيَهَا عَنْهَا. وَأدْعُو اللّهَ أنْ يَذْهَبَ بِالْغَيْرَةِ».
2077 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ عَنْ سَعْدِ بْنِ سَعِيدٍ. قَالَ: أخْبَرَنِي عُمَرُ بْنُ كَثِيرِ بْنِ أفْلَحَ. قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ سَفِينَةَ يُحَدّثُ أنّهُ سَمِعَ أمّ سَلَمَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم تَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «مَا مِنْ عَبْدٍ تُصِيبُهُ مُصِيبَةٌ فَيَقُولُ: إنّا لِلّهِ وَإنّا إلَيْهِ رَاجِعُونَ. اللّهُمّ أجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأخْلِفْ لِي خَيْراً مِنْهَا ـ إلاّ أجَرَهُ اللّهُ فِي مُصِيبَتِهِ. وَأخْلَفَ لَهُ خَيْراً مِنْهَا». قَالَتْ: فَلَمّا تُوُفّيَ أبُو سَلَمَةَ قُلْتُ كَمَا أمَرَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأخْلَفَ اللّهُ لِي خَيْراً مِنْهُ. رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.
2078 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا سَعْدُ بْنُ سَعِيدٍ. أخْبَرَنِي عُمَرُ (يَعْنِي ابْنَ كَثِيرٍ) عَنِ ابْنِ سَفِينَةَ، مَوْلَى أُمّ سَلَمَةَ، عَنْ أمّ سَلَمَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. بِمِثْلِ حَدِيثِ أبِي أُسَامَةَ. وَزَادَ: قَالَتْ: فَلَمّا تُوُفّيَ أبُو سَلَمَةَ قُلْتُ: مَنْ خَيْرٌ مِنْ أبِي سَلَمَةَ صَاحِبِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ ثُمّ عَزَمَ اللّهُ لِي فَقُلْتُهَا. قَالَتْ: فَتَزَوّجْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئاندىن ئۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغاندەك مۇنداق دېسە: **«ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا**

**ئەلەيھى راجىئۇن، ئاللاھۇمە ئەجرىنى فى مۇسىيبەتى ۋە ئەخلىف لى خەيرەن مىنھا»،** ھەققەتەن بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھقا خاسمىز، ھەممىمىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللاھ! ماڭا بۇ مۇسىبىتىمدە ئەجىر ـــ ساۋاب بەرگىن، ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى ئىز باسار قىلىپ بەرگىن دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە، شۇ مۇسىبىتىدە ئەجىر، ساۋاب بېرىپ، ياخشىراقىنى ئىز باسار قىلىپ بېرىدۇ». ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا : ئەمەلىيەتتە ئەبۇ سەلەمەت ۋاپات تاپقاندا، مەن:مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى ئەبۇ سەلەمەتتىن ياخشىراق بولسۇن؟، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھىجرەت قىلغان تۇرسا دەپ، يانىلا يۇقىرقى دۇئانى قىلسام، **الله** تائالا ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىز باسار قىلىپ بەردى، دىگەن.(يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ......گە تەگكەن) مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە.

## *372 ــــ باب ما يقال عند المريض والميت*

## كېسەلنىڭ، جان سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ يېنىدا نىمە دېيىش؟توغرىسىدا

2140 –2141 ـ حَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنِ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ عُيَيْنَةَ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أَسْرِعُوا بِالْجِنَازَةِ، فَإِنْ تَكُ صَالِحَةً فَخَيْرٌ. (لَعَلّهُ قالَ) تُقَدّمُونَهَا عَلَيْهِ. وَإِنْ تَكُنْ غَيْرَ ذَلِكَ فَشَرّ تَضَعُونَهُ عَنْ رِقابِكُمْ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى تېز ئاپىرىڭلار، ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى كىشى بولسا، تېز ئاپىرشىڭلار ياخشىدۇر، ئۇنى ياخشىلىققا ئاپىرىسىلەر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، يامان كىشى بولسا، بۇ يامانلىقنى، ئۇنى مۈرەڭلاردىن تېزراق قويىۋېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى ئالتە كىتاب يەنى بۇخارى،مۇسلىم، يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.

2142 ـ وحَدّثَنِي أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ (قالَ هَرُونَ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخرَانِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ). أَخْبَرَنِي يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قالَ: حَدّثَنِي أَبُو أُمَامَةَ بْنُ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ للهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «أَسْرِعُوا بِالْجِنَازَةِ. فَإِنْ كَانَتْ صَالِحَةً قَرّبْتُمُوهَا إِلَى الْخَيْرِ. وَإِنْ كَانَتْ غَيْرَ ذَلِكَ كَانَ شَرّاً تَضَعُونَهُ عَنْ رِقابِكُمْ».

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى تېز ئاپىرىڭلار، ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى كىشى بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا تېز ئاپىرىسىلەر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، يامان كىشى بولسا، بۇ يامانلىقنى، ئۇنى مۈرەڭلاردىن تېزراق قويىۋېتىيسىلەر.

## مىيتكە ناماز ئوقۇشنىڭ ۋە جىنازىسىغا ئەگىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

2143 ـ وحَدّثَنِي أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ (وَاللّفْظُ لِهَرُونَ وَحَرْمَلَةَ) (قَالَ هَرُونَ: حَدّثَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ). أَخْبَرَنِي يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: حَدّثَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ هُرْمُزَ الأَعْرَجُ، أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ شَهِدَ الْجَنَازَةَ حَتّى يُصَلّىَ عَلَيْهَا فَلَهُ قِيرَاطٌ. وَمَنْ شَهِدَهَا حَتّى تُدْفَنَ فَلَهُ قِيرَاطَانِ» وَمَا الْقِيرَاطَانِ؟ قَالَ: «مِثْلُ الْجَبَلَيْنِ الْعَظِيمَيْنِ».
انْتَهَى حَدِيثُ أَبِي الطّاهِرِ. وَزَادَ الآخَرَانِ: قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: قَالَ سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ: وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يُصَلّي عَلَيْهَا ثُمّ يَنْصَرِفُ [1] فَلَمّا بَلَغَهُ حَدِيثُ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: لَقَدْ ضَيّعْنَا قَرَارِيطَ كَثِيرَةً.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇپ، ناماز چۈشۈرۈپ قايتسا، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىنغىچە ھازىر بولسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر، يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازچۈشۈرۈپلا قايتاتتى، ئۇنىڭغا بۇ ھەدىس يەتكەندە، ئۇ؛ بىز نۇرغۇن قىيراتلارنى يەنى نۇرغۇن كاتتا ساۋاپلارنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ،زايا قىلىۋېتىپتىمىز دېدى.بەيھەقى، نەسەئى.

2144 ـ حَدّثَنَاه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى. ح وحَدّثَنَا ابْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ. كِلاَهُمَا عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم إِلَىَ قَوْلِهِ: الْجَبَلَيْنِ الْعَظِمَيْنِ. وَلَمْ يَذْكُرَا مَا بَعْدَهُ. وَفِي حَدِيثِ عَبْدِ الأَعْلَى: حَتّى يَفْرَغَ مِنْهَا. وَفِي حَدِيثِ عَبْدِ الرّزّاقِ: حَتّى تُوضَعَ فِي اللّحْدِ.

2145 ـ وحَدّثَنِي عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. قَالَ: حَدّثَنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ [1] أَنّهُ قَالَ: حَدّثَنِي رِجَالٌ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ مَعْمَرٍ. وَقَالَ: «وَمَنِ اتّبَعَهَا حَتّى تُدْفَنَ». من اتبع جنازة مسلم إيمانا واحتسابا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ۋە ئەجىرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئەگەشسە، ناماز چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلىشتىن پارىغ بولغانغا قەدەر بىللە تۇرسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئىككى قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ، ھەر بىر قىيرات ئەجىر، ئوھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، كىم جىنازىغا، ناماز ئوقۇپلا،دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن قايتسا، ئۇ كىشى بىر قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمانغا جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ مەغپىرەت سوراش، ئەمما مۇناپىق، كاپىرلارغا قەتئىي ناماز چۈشۈرمەسلىك، مەغپىرەت سورىماسلىق چىقىپ تۇرىدۇ،چۈنكى «مۇسۇلمان كىشىنىڭ» دېگەندۇر. بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە جىنازا ناماز ئوقۇلمايدۇ، مەغپىرەتمۇ سورالمايدۇ، بەزى ئالىملار؛ ئۇنىڭ جەسىدى ئىتقا تاشلاپ بېرىلىدۇ، دېدى.

2146 ـ وحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وَهَيْبٌ. حَدّثَنِي سُهَيْلٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ صَلّىَ عَلَى جَنَازَةٍ وَلَمْ يَتْبَعْهَا فَلَهُ قِيرَاطٌ. فَإِنْ تَبِعَهَا فَلَهُ قِيرَاطَانِ» قِيلَ: وَمَا الْقِيرَاطَانِ؟ قَالَ «أَصْغَرُهُمَا مِثْلُ أُحُدٍ.

2147 ـ حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ يَزِيْدَ بْنِ كَيْسَانَ. حَدّثَنِي أَبُو حَازِمٍ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ ، عَنْ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «مَنْ صَلّى عَلَى جِنَازَةٍ فَلَهُ قِيْرَاطٌ. وَمَن اتّبَعَهَا حَتّى تُوضَعَ فِي الْقَبْرِ فَقِيرَاطَانِ» قَالَ: قُلْتُ: يَا أَبَا هُرَيْرَةَ! وَمَا الْقِيرَاطُ؟ قَالَ «مِثْلُ أُحُدٍ».

سەۋبان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ناماز چۈشۈرۈپ بولۇپ، جىنازا قەبرىستانلىقتا يەرگە قويۇلغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ(مېيىتنىڭ دەپنىسىگىمۇ ھازىر بولسا)، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات (يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك) ئەجىر بولىدۇ، بىر قىيرات ئۇھۇد تېغىدەك كېلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2148 ـ حَدّثَنَا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ (يَعْنِي ابْنَ حَازِمٍ). حَدّثَنَا نَافِعٌ قَالَ: قِيلَ لـ إِبْنِ عُمَرَ: إِنّ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ تَبِعَ جِنَازَةً فَلَهُ قِيرَاطٌ مِنَ الأَجْرِ» فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: أَكْثَرَ عَلَيْنَا أَبُو هُرَيْرَةَ. فَبَعَثَ إِلَى عَائِشَةَ فَسَأَلَهَا فَصَدّقَتْ أَبَا هُرَيْرَةَ. فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ. لَقَدْ فَرّطْنَا فِي قَرَارِيطَ كَثِيرَةٍ.

2149 ـ وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ. حَدّثَنِي حَيْوَةُ. حَدّثَنِي أَبُو صَخْرٍ عَنْ يَزِيْدَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُسَيْطٍ، أَنّهُ حَدّثَهُ، أَنّ دَاوُدَ بْنَ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ وَقّاصٍ حَدّثَهُ عَنْ أَبِيْهِ ، أَنّهُ كَانَ قَاعِداً عِنْدَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ. إِذْ طَلَعَ خَبّابٌ صَاحِبُ الْمَقْصُورَةِ. فَقَالَ: يَا عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ! أَلاَ تَسْمَعُ مَا يَقُولُ أَبُو هُرَيْرَةَ ؟ إِنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ خَرَجَ مَعَ جِنَازَةٍ مِنْ بَيْتِهَا وَصَلّى عَلَيْهَا. ثُمّ تَبِعَهَا حَتّى تُدْفَنَ وَكَانَ لَهُ قِيرَاطَانِ مِنْ أَجْرٍ. كُلّ قِيرَاطٍ مِثْلُ أُحُدٍ. وَمَنْ صَلّى عَلَيْهَا رَجَعَ كَانَ لَهُ مِنَ الأَجْرِ مِثْلُ أُحُدٍ»؟ فَأَرْسَلَ ابْنُ عُمَرَ خَبّابًا إِلَى عَائِشَةَ يَسْأَلُهَا عَنْ قَوْلِ أَبِي هُرَيْرَةَ. ثُمّ يَرْجِعُ إِلَيْهِ فَيُخْبِرُهُ مَا قَالَتْ: وَأَخَذَ ابْنُ عُمَرَ قَبْضَةً مِنْ حَصْبَاءِ الْمَسْجِدِ يُقَلّبُهَا فِي يَدِهِ. حَتّى رَجِعَ إِلَيْهِ الرّسُولُ. فَقَالَ: قَالَتْ عَائِشَةُ: صَدَقَ أَبُو هُرَيْرَةَ. فَضَرَبَ ابْنُ عُمَرَ بِالْحَصَى الّذِي كَانَ فِي يَدِهِ الأَرْضَ. ثُمّ قَالَ: لَقَدْ فَرّطْنَا فِي قَرَارِيطَ كَثِيرَةٍ.

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېيىتنىڭ ئۆيىدىن جىنازىسى بىلەن بىرگە چىقىپ، ناماز چۈشۈرۈپ، ئاندىن مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغىچە جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ھەربىر قىيرات ئەجىر، ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، كىم مېيىتكە ناماز ئوقۇپلا يەنى مەغپىرەت سوراپلا قەبرىستانلىققا بارماي قايتىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ». ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەبۇھۇرەيرە بىزگە بەك كۆپ ھەدىس سۆزلەپ كەتتى دەپ، خەببابنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى، بۇ چاغدا ئۇ مەسجىددىن بىرچاڭگال تاشنى ئېلىپ، ئەۋەتكەن كىشى قايتىپ كەلگىچە، تاشنى قولىدا ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكەپ تۇردى، ئۇكىشى كېلىپ؛ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ ئەبۇھۇرەيرە راست سۆزلەپتۇ دەپ، ئۇنىڭ سۆزنى تەستىقلىدى دېدى. ئاندىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىدىكى ئۇششاق تاشنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ؛ بىز نۇرغۇن قىيراتلارنى يەنى نۇرغۇن كاتتا ساۋاپلارنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپتىمىز دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

2150 ـ وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى (يَعْنِي ابْنَ سَعِيدٍ) حَدّثَنَا شُعْبَةُ. حَدّثَنِي قَتَادَةُ عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبي الْجَعْدِ، عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أَبي طَلْحَةَ الْيَعْمَرِيّ، عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ صَلّى عَلَى جِنَازَةٍ فَلَهُ قِيرَاطٌ. فَإِنْ شَهِدَ دَفْنَهَا فَلَهُ قِيرَاطَانِ الْقِيرَاطُ مِثْلُ أُحُدٍ».

2151 ـ وَحَدّثنِي ابْنُ بَشّار. حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنِي أبِي. قالَ: وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا ابْنُ أبِي عَدِيّ عَنْ سَعِيدٍ. ح وَحَدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا عَفّانُ حَدّثنَا أبَانٌ. كُلّهُمْ عَنْ قتَادَة ، بهذا الإسْنَادِ، مِثلهُ. وَفِي حَدِيث سَعِيْدٍ وَهِشَامٍ: سُئِلَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم عَنِ الْقِيرَاطِ فقالَ: «مِثْلُ أحُدٍ».

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ناماز چۈشۈرۈپ بولۇپ، مېيىتنىڭ دەپنىسىگىمۇ ھازىر بولسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىر بولىدۇ، بىر قىيرات ئۇھۇد تېغىدەك كېلىدۇ.

## 387 ـــ باب من صلى عليه مائة شفعوا فيه

## مۇسۇلمانلاردىن 100 كىشى نامىزىنى چۈشۈرگەن مېيىتكە شاپائەت قىلىنىشى توغرىسىدا

2152 ـ حَدّثنَا الْحَسَنُ بْنُ عِيسَى. حَدّثنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ. أخْبَرَنَا سَلاّمُ بْنُ أبِي مُطِيعٍ، عَنْ أيّوبَ، عَنْ أبِي قِلاَبَة، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَزِيْدَ رَضِيعِ عَائِشَة، عَنْ عَائِشَة ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: مَا مِنْ مَيّتٍ يُصَلّي عَلَيْهِ أمّة مِنَ الْمُسْلِمِينَ يَبْلُغُونَ مَائَة. كُلّهُمْ يَشْفَعُونَ لَهُ. إلاّ شُفّعُوا فِيهِ». قالَ: فَحَدّثْتُ بِهِ شُعَيْبَ بْنَ الْحَبْحَابِ. فقالَ: حَدّثنِي بِهِ أنَسُ بْنُ مَالِكٍ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم.

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مېيىتكە، مۇسۇلمانلاردىن سانى 100گە يېتىدىغان ئۈممەت جىنازا نامىزى ئوقۇپ، شاپائەت تەلەپ قىلسا، مەغپىرەت سورىسا، ئۇ كىشى ھەققىدە ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.ئەھمەد،مۇسلىم، نەسەئى

## 388 ـــــ باب من صلى عليه أربعون شفعوا فيه

## مۇسۇلمانلاردىن 40 كىشى نامىزىنى چۈشۈرگەن مېيىتكە شاپائەت قىلىنىشى توغرىسىدا

2153 ـ حَدّثنَا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ وَ الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ السّكُونِيّ (قالَ الْوَلِيدُ: حَدّثنِي. وَقالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ). أخْبَرَنِي أبُو صَخْرٍ عَنْ شَرِيكِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أبِي نَمِرٍ، عَنْ كُرَيْبٍ مَوْلَى ابْنِ عَبّاسٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ، أنّهُ مَاتَ ابْنٌ لَهُ بِقُدَيْدٍ أوْ بِعُسْفَانَ. فقالَ: يَا كُرَيْبُ! انْظُرْ مَا اجْتَمَعَ لَهُ مِنَ النّاسِ. قالَ: فَخَرَجْتُ فَإذَا نَاسٌ قدِ اجْتَمَعُوا لَهُ. فَأخْبَرْتُهُ. فقالَ: تَقُولُ هُمْ أرْبَعُونَ؟ قالَ: نَعَمْ. قالَ: أخْرِجُوهُ. فَإنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: مَا مِنْ رَجُلٍ مُسْلِمٍ يَمُوتُ فَيَقُومُ عَلَى جَنَازَتِهِ أرْبَعُونَ رَجُلاً، لاَ يُشْرِكُونَ بِاللّهِ شَيْئاً إلاّ شَفّعَهُمُ اللّهُ فِيهِ» وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ مَعْرُوفٍ: عَنْ شَرِيكِ بْنِ أبِي نَمِرٍ، عَنْ كُرَيْبٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ.

كۇرەيب مۇنداق دېيدۇ؛ ، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى، قۇدەيدتە ياكى ئۇسپان دېگەن جايدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئازادكەردە قۇلى بولغان ماڭا: ئى كۇرەيب! ئۇنىڭ جىنازىسىغا كىشلەر قانچىلىك يىغىلدىكىن؟ قاراپ باققىن دېدى. مەن چىقىپ قارىسام، كىشلەر يىغىلىپ بۇلۇپتۇ، كېلىپ خەۋەر قىلسام، ئۇماڭا: يىغىلغان كىشلەر 40 چىقامدۇ؟ دېدى. مەن ھەئە دىسەم، ئۇ: ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ چىقىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دېيدۇ: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 كىشى قاتنىشىپ مەغپىرەت سورىسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇ كىشى توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شەرتى ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان بولۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھەھ.

جىنازا نامىزىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چىقىرىش لازىم، بىدئەتتىن، خۇراپاتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، بىدئەتتە قىلچىلىك ساۋاب يوق.

## 389 ـــــ باب فيمن يثنى عليه خير أو شر من الموتى

## ياخشى گېپى قىلىنغان ياكى يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگەن مېيىت توغرىسىدا

2154 ـ2155 ـ وحَدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ عُلَيّةَ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) قَالَ: حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ صُهَيْبٍ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ. قَالَ: مُرّ بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا خَيْراَ. فَقَالَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ» وَمُرّ بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا شَرّا. فَقَالَ: نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ». قَالَ عُمَرُ: فِدَى لَكَ أَبِي وَأُمّي! مُرّ بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا خَيْرًا فَقُلْتَ: وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ. وَمُرّ بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا شَرّا فَقُلْتَ: وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ خَيْراً وَجَبَتْ لَهُ الْجَنّةُ. وَمَنْ أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ شَرّا وَجَبَتْ لَهُ النّارُ. أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللّهِ فِي الأَرْضِ. أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللّهِ فِي الأَرْضِ أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللّهِ فِيي الأَرْضِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدۇ: ئۇلار بىر جىنازىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم:«ۋەجەبەت»دېدى. ئۇلار يەنەبىر جىنازىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يامان گۇۋاھلىق بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئۈچ قېتىم ؛«ۋەجەبەت» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نېمە ۋەجەبەت؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر بۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇدۇڭلار، ئۇ كىشىنى ياخشى دېدىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولدى، ماۋۇ كىشىگە يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەردىڭلار، ئۇنىڭغا دوۋزاخ ۋاجىپ بولدى، سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى بولسىلەر، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى،دېدى .(پەرىشتىلەر ئاسماندىكى گۇۋاھچىللىرى ، بۇ گۇۋاھلىق، ئاسماندىكى گۇۋاھلىق بىلەن ئوخشاش بولسا، شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا كاززاپ بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 390 ــ باب ما جاء في مستريح ومستراح منه

### بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ئارامغا،راھەتكە چىققان مېيىت ياكى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پۈتۈن دۇنيا راھەتكە چىققان مېيىت توغرىسىدا

2156 ـ وحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ مُحَمّدِ ابْنِ عَمْرِو بْنِ حَلْحَلَةَ، عَنْ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ بْنِ رِبْعِيّ [1] أَنّهُ كَانَ يُحَدّثُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُرّ عَلَيْهِ بِجَنَازَةٍ. فَقَالَ: «مُسْتَرِيحٌ وَمُسْتَرَاحٌ مِنْهُ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ! مَا الْمُسْتَرِيحُ وَالْمُسْتَرَاحُ مِنْهُ؟ فَقَالَ: «الْعَبْدُ الْمُؤمِنُ يَسْتَرِيحُ مِنْ نَصَبِ الدّنْيَا. وَالْعَبْدُ الْفَاجِرُ يَسْتَرِيحُ مِنْهُ الْعِبَادُ وَالْبِلاَدُ وَالشّجَرُ وَالدّوَابّ».

2157 ـ وحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. ح وحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. جَمِيعًا عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعِيدِ بْنِ أَبِي هِنْدٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَمْرٍو، عَنِ ابْنٍ لِكَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي قَتَادَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَفِي حَدِيثِ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ «يَسْتَرِيحُ مِنْ أَذَى الدّنْيَا وَنَصَبِهَا إِلَى رَحْمَةِ اللّهِ».

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىر جىنازا ئۆتتۈدى، ئۇنى كۆرۈپ؛ بۇ مۇستەرىيھ ياكى مۇستەراھ مىنھۇ بولۇپتۇ دېدى، ئۇلار:ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مۇستەرىيھ ياكى مۇستەراھ مىنھۇ دىگەن نىمە؟دەپ سوردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ چۈشەندۈرۈپ؛ مۆئمىن بەندە بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، ئەزىيەتلىرىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، ئارامغا، راھەتكە چىقىدۇ. پاجىر، پاسىق بولسا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن بەندىلەر، شەھەرلەر، دەل ــ دەرەخ، ھايۋانلارمۇ راھەت، ئارامغا چىقىدۇ، مۆئمىن بولسا مۇستەرىيھ، پاجىر۔ پاسىق مۇستەراھ مىنھۇ بولىدۇ، دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى.

## 391 ــ باب في التكبير على الجنازة جىنازا نامىزىدا ئەيتىلىدىغان تەكبىر توغرىسىدا

2158 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّب، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَعَى لِلنّاسِ النّجَاشِيّ فِي الْيَوْمِ الّذِي مَاتَ فِيهِ فخرَجَ بهِمْ إلَى الْمُصلّى. وكَبّرَ أرْبَعَ تَكْبيراتٍ.
2159 ـ2160 ـ وحدّثني عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثني أَبي عَنْ جَدّي. قالَ: حَدّثني عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ وَأَبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّهُمَا حَدّثَاهُ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أنّهُ قالَ: نَعَى لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم النّجَاشِيّ صَاحِبَ الْحَبَشَةِ. فِي الْيَوْمِ الّذِي مَاتَ فِيهِ. فقالَ: «اسْتَغْفِرُوا لأَخِيكُمْ». قالَ ابْنُ شِهَابٍ وَحدّثني سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أنّ أَبَا هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَفّ بهِمْ بالْمُصلّى. فصَلّى. فكَبّرَ عَلَيْهِ أرْبَعَ تَكْبيراتٍ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،(مۇسۇلمان بولغان ھەبەشىستان پادىشاھىسى)نەجاشى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىرىپ، قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت سوراڭلار دەپ، كىشىلەر بىلەن نامازگاھقا چىقىپ، سەپ تارتىپ، تۆت تەكبىر ئەيتىپ جىنازا ناماز ئوقۇدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2161 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنْ سَلِيمِ بْنِ حَيّانٍ. قالَ: حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ مِينَاءَ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّىَ عَلَى أَصْحَمَةَ النّجَاشِي. فكَبّرَ عَلَيْهِ أرْبَعاً.
2162 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ عَطَاءٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَاتَ الْيَوْمَ عَبْدٌ لِلّهِ صَالِحٌ. أَصْحَمَةُ» فقامَ فأَمّنَا وَصَلّى عَلَيْهِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۈگۈن **الله** نىڭ بەندىسى، ئەسھەمەت دىگەن سالىھ بەندە ۋاپات تاپتى، دەپ، بىزگە ئىمام بولۇپ، ئەسھەمەت نەجاشىيغا تۆت تەكبىر ئەيتىپ، جىنازا نامىزى ئوقۇدى.

2163 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ الْغُبَرِيّ. حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ أَبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ أَخاً لَكُمْ قَدْ مَاتَ. فقُومُوا فصَلّوا عَلَيْهِ» قالَ: فقُمْنَا فصَفَّنَا صَفّيْنِ.
2164 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ. ح وَحَدّثَنَا يَحيَى بْنُ أَيّوبَ. حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبي قِلاَبَةَ، عَنْ أَبي الْمُهَلّبِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّ أَخاً لَكُمْ قَدْ مَاتَ. فقُومُوا فصَلّوا عَلَيْهِ» يَعْنِي النّجَاشِيّ. وَفِي رِوَايَةِ زُهَيْرٍ: «إنّ أَخَاكُمْ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۆجىزە خاراكتېرلىك ھالدا غەيبىدىن خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن قېرىندىشىڭلار نەجاشى شەكسىز ۋاپات بولدى، تۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا ناماز چۈشۈرۈڭلار، دەپ ، بىزنى ئىككى سەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا غائىب ناماز ئوقۇغان، (نەجاشى ھەبەشىستان پادىشاھى مۇسۇلمان كىشى ئىدى، يوق يېرىدە غائىپ ناماز ئوقۇغان، بۇ دۇرۇس) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، نەسەئى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىندىن، مەجمەئئىبنى جارىيەدىن توپلىغان.

## 392 ــ *باب الصلاة على القبر* قەۋرە ئىچىدىكى مېيىتكىمۇ ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

2165 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبيعِ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيسَ عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنِ الشّعْبِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَلّى عَلَى قَبْرٍ بَعْدَمَا دُفِنَ. فَكَبّرَ عَلَيْهِ أَرْبَعاً. قَالَ الشّيْبَانِيّ. فَقُلْتُ لِلشّعْبِيّ: مَنْ حَدّثَكَ بِهَذَا؟ قَالَ: الثّقَةُ، عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبّاسٍ. هَذَا لَفْظُ حَدِيثِ حَسَنٍ. وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ نُمَيْرٍ قَالَ: انْتَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَى قَبْرٍ رَطْبٍ. فَصَلّى عَلَيْهِ. وَصَفّوا خَلْفَهُ. وَكَبّرَ أَرْبَعاً. قُلْتُ لِعَامِرٍ: مَنْ حَدّثَكَ؟ قَالَ: الثّقَةُ، مَنْ شَهِدَهُ، ابْنُ عَبّاسٍ.
2166 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ. ح وَحَدّثَنَا حَسَنُ بْنُ الرّبيعِ وَ أَبُو كَامِلٍ. قَالا: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيادٍ. ح وَحَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. قَالَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ. كُلّ هَؤُلاءِ عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ، وَلَيْسَ فِي حَدِيثِ أَحَدٍ مِنْهُمْ: أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كَبّرَ عَلَيْهِ أَرْبَعاً.
2167 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. جَمِيعاً عَنْ وَهْبِ بْنِ جَرِيرٍ، عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ. ح وحَدّثَنِي أَبُو غَسّانَ مُحَمّدُ بْنُ عَمْرٍو الرّازِيّ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ الضّرَيْسِ. حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ طَهْمَانَ عَنْ أَبِي حَصِينٍ. كِلاَهُمَا عَنِ الشّعْبِيّ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي صَلاَتِهِ عَلَى الْقَبْرِ. نَحْوَ حَدِيثِ الشّيْبَانِيّ. لَيْسَ فِي حَدِيثِهِمْ: وَكَبّرَ أَرْبَعاً.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مېيىت كېچىدە دەپنە قىلىنغان بىر قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: بۇ قاچان دەپنە قىلىنغان؟دىدى، ئۇلار: ئۆتكەن كېچە دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ نىمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ دىدى، ئۇلار: بىز ئۇنى قاراڭغۇ كېچىدە دەپنە قىلغان ئىدۇق ، سىلىنى ئۇچاغدا ئويغۇتۇشنى ياقتۇرمۇدۇق دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇردى، بىز ئارقىسىدا سەپ تارتتۇق، ئاندىن قەبرە ئىچىدىكى مېيىتكە تۆت تەكبىر ئەيتىپ ناماز چۈشۈردى.

2168 ـ وحدّثني إِبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ عَرْعَرَةَ السّامِيّ. حَدّثَنَا غُنْدَرٌ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ حَبِيبِ بْنِ الشّهِيدِ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَلّى عَلَى قَبْرٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەۋرە ئىچىدىكى مېيىتكىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇغان ئىدى.

2169 ـ وحدّثني أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ (وَاللّفْظُ لأَبِي كَامِلٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ (وَهُوَ ابْنُ زَيْدٍ) عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ أَبِي رَافِعٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ امْرَأَةً سَوْدَاءَ كَانَتْ تَقُمّ الْمَسْجِدَ (أَوْ شَابّاً) فَفَقَدَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَسَأَلَ عَنْهَا (أَوْ عَنْهُ) فَقَالُوا: مَاتَ. قَالَ: «أَفَلاَ كُنْتُمْ آذَنْتُمُونِي». قَالَ: فَكَأَنّهُمْ صَغّرُوا أَمْرَهَا (أَوْ أَمْرَهُ). فَقَالَ: «دُلّونِي عَلَى قَبْرِهِ» فَدَلّوهُ. فَصَلّى عَلَيْهَا. ثُمّ قَالَ: «إِنّ هَذِهِ الْقُبُورَ مَمْلُوءَةٌ ظُلْمَةً عَلَى أَهْلِهَا. وَإِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ يُنَوّرُهَا لَهُمْ بِصَلاَتِي عَلَيْهِمْ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر قارا تەنلىك ئايال ياكى بىر ياش يىگىت مەسجىدنى سۈپۈرەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇكىشىنى ئۇچراتمىغاندىن كېيىن، ئۇكىشى توغرىسىدا سوردى، ئۇلار: ئۇ ئۆلۈپ كەتتى دېدى، ـ ئۇلار ئۇنىڭ ئىشىنى كىچىك سانىغاندەك قىلىپ خەۋەر قىلمىغان ئىدى ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ نىمشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ ، مىنى ئۇنىڭ قەبرىسگە باشلاپ بېرىڭلار دەپ، بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇدى. ئاندىن: ھەققەتەن بۇ قەبرىلەر ئۆز ئەھلىگە قاراڭغۇ زۇلمەتكە تولۇپتىكەن، ﷲ تائالا مىنىڭ نامىزىم سەۋەبلىك ئۇلارغا قەبرىللىرىنى نۇرلۇق قىلىۋەتتى، دېدى.

2170 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالُوا: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ وَقالَ أَبُو بَكْرٍ: عَنْ شُعْبَةَ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَىَ قالَ: كَانَ زَيْدٌ يُكَبّرُ عَلَىَ جَنَائِزِنَا أَرْبَعاً. وَإِنّهُ كَبّرَ عَلَى جَنَازَةٍ خَمْساً. فَسَأَلْتُهُ فقالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُكَبّرُهَا.

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىزنىڭ جىنازا نامازلىرىمىزغا تۆت تەكبىر ئەيتاتتى، بىرقېتىم ئۇ بىرجىنازىغا بەش تەكبىر ئەيتتى، بىز ئۇنىڭ بۇئىشىدىن سورساق، ئۇبىزگە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداقمۇ تەكبىر ئەيتاتتى، دېدى. (يەنى تۆت ياكى بەش)مۇسلىم.

## 393 ـــ باب القيام للجنازة جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش توغرىسىدا

2171 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قالُوا: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا رَأَيْتُمُ الْجِنَازَةَ فقُومُوا لَهَا، حَتّىَ تُخَلّفَكُمْ أَوْ تُوضَعَ».

ئامىر ئىبنى رەبىئە ،ئەبۇ سەئىد ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى كۆرسەڭلار، جىنازا سىلەردىن يىراقلاشقان ياكى يەرگە قويۇلغانغا قەدەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، كىم جىنازىغا ئەگەشسە، جىنازا قويۇلمىغۇچە ئولتۇرمىسۇن، بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

2172 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وَحَدّثنِي حَرْمَلَةُ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ شِهَابٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ، وَفِي حَدِيثِ يُونُسَ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. ح وحَدّثنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إِذَا رَأَى أَحَدُكُمُ الْجِنَازَةَ، فَإِنْ لَمْ يَكُنْ مَاشِياً مَعَهَا، فَلْيَقُمْ حَتّىَ تُخَلّفَهُ، أَوْ تُوضَعَ مِنْ قبْلِ أَنْ تُخَلّفَهُ».

2173 ـ وحدّثني أَبُو كَامِلٍ. حَدّثنَا حَمّادٌ. ح وَحَدّثنِي يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ. جَمِيعاً عَنْ أَيّوبَ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّىَ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنَ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّىَ. حَدّثنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ عَنِ ابْنِ عَوْنٍ. ح وَحَدّثنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. كُلّهُمْ عَنْ نَافِعٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ، غَيْرَ أَنّ حَدِيثَ ابْنِ جُرَيْجٍ: قالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «إِذَا رَأَىَ أَحَدُكُمُ الْجِنَازَةَ فَلْيَقُمْ حِينَ يَرَاهَا، حَتّىَ تُخَلّفَهُ إِذَا كَانَ غَيْرَ مُتّبِعِهَا».

ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار جىنازىنى كۆرسە، جىنازا بىلەن بىللە ماڭغۇچى بولمىسا، جىنازا يىراقلاشقان ياكى يەرگە قويۇلغانغا قەدەر دەس تۇرۇپ، ئۆرە تۇرسۇن، بەيھەقى، نەسەئى خاتىرلىگەن، سەھىھ. مۇسلىم؛ بۇ ئىش مەنسۇخ ئەمەلدىن قالدى، كۆچكە

ئەگە ئەمەس دەپ، يەنە بىر سەھەھ ھەدىسنى سۆزلىگەن، ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، شافىئى رەھمەھۇللالار جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالدى، كۆچكە ئىگە ئەمەس دىدى. ئەھمەد رەھمەھۇللالار، ئىسھاق، ئىبنى ھەبىب، ماجىشۇن ئىختىيار دىگەن، ئەمما، بۇ ئۆتتۇرىدىن ئۆتسە، كۆرسە، شۇنداق، لېكىن، قەبرىستاندا بولسا، يەرگە قويۇلمىغۇچە ئولتۇرسا بولمايدۇ، ئۆرە تۇرۇش مۇستەھەپ دىيدى،بۇئىشنى تەرىك ئەتسە، گۇناھكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

**2174 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أبي صَالِحٍ، عَنْ أبيهِ، عَنْ أبي سَعِيدٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إذَا اتّبَعْتُمْ جِنَازَةً فَلاَ تَجْلِسُوا حَتّى تُوضَعَ».**

ئەبۇ سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭساڭلار، ئۇيەرگە قويۇلمىغۇچە ئولتۇرماڭلار.

**2175 ـ وحدّثني سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ و عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قَالاَ: حَدّثنا إسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ عُلَيّةَ) عَنْ هِشَامٍ الدّسْتَوَائِيّ. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثنِي أبي عَنْ يَحْيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ. قَالَ: حَدّثنا أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إذَا رَأيْتُمُ الْجِنَازَةَ فَقُومُوا. فَمَنْ تَبِعَهَا فَلاَ يَجْلِسْ حَتّى تُوضَعَ».**

ئەبۇ سەئىد ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، كىم جىنازىغا ئەگەشسە، جىنازا قويۇلمىغۇچە ئولتۇرمىسۇن . بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، (ئەمما بۇ ئىشنى بىز ئەمەلدىن قالدى، مەنسۇخ دىدۇق. بۇئىش كۆچكە ئىگە، مۇستەھەب دىگەنمۇ بار.الله ئەئلەم).

**2176 ـ وحدّثني سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ و عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. قَالاَ: حَدّثنا إسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ عُلَيّةَ) عَنْ هِشَامٍ الدّسْتَوَائِيّ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أبي كَثِيرٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ مِقْسَمٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: مَرّتْ جِنَازَةٌ. فَقَامَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقُمْنَا مَعَهُ. فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إنّهَا يَهُودِيّةٌ. فَقَالَ «إنّ الْمَوْتَ فَزَعٌ. فَإذَا رَأيْتُمُ الْجِنَازَةَ فَقُومُوا».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر جىنازا ئۆتتۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ بىللە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇ بىر يەھۇدى ئىدى ، دىسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئۆلۈم قورقۇنۇشلۇقتۇر، كىشىنى چۆچىتىدۇ، جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار، دىدى. ئەھمەد، بۇخارى ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئىشنى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان دىيىلىدۇ.بەزىلەر؛ تۇرۇش ـ تۇرماسلىق ئىختىيارى دىگەن.

**2177 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي أبُو الزّبَيْرِ أنّهُ سَمِعَ جَابِراً يَقُولُ: قَامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لِجَنَازَةٍ، مَرّتْ بِهِ، حَتّى تَوَارَتْ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر جىنازا ئۆتتۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنازا كۆزدىن غائىب بولغانغا قەدەر ئورنىدىن تۇردى،

2178 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ قالَ: أخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أيْضاً أنّهُ سَمِعَ جَابِراً يَقُولُ: قَامَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وأَصْحَابُهُ، لِجَنَازَةِ يَهُودِيَ، حَتّى تَوَارَتْ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىر يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئۆتتۈدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرى بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆزدىن غائىب بولغىچە ئورنىدىن تۇردى،

2179 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا غُنْدَرٌ عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالا: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنِ ابْنِ أَبِي لَيْلَى أَنّ قَيْسَ بْنَ سَعْدٍ وَ سَهْلَ بْنَ حُنَيْفٍ كَانَا بِالْقَادِسِيّةِ. فَمَرّتْ بِهِمَا جَنَازَةٌ. فقامَا. فَقِيلَ لَهُمَا: إِنّهَا مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ. فقالا: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّتْ بِهِ جَنَازَةٌ فقامَ. فقِيلَ: إِنّهُ يَهُودِيّ. فقالَ «أَلَيْسَتْ نَفْساً».
2180 ـ وحَدّثنِيهِ الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّاءَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَى عَنْ شَيْبَانَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ بِهَذَا الأَسْنَادِ. وَفِيهِ: فقالا: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَمَرّتْ عَلَيْنَا جِنَازَةٌ.

ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ھەنىيف بىلەن قىيس ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ملار قادىسىيە دىگەن جايدا ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىرجىنازا ئۆتتى، ئۇلار ئورنىدىن تۇردى، ئۇلارغا: ھەقىقەتەن ئۇ زىمىن ئەھلىدىن يەنى ئەمىنلىك تەلەپ قىلىپ ئولتۇرغان زىممىي دىنسىز ئىدى دىيىلدى، ئۇلار: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن بىرجىنازا ئۆتتۈدى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ يەھۇدىينىڭ جىنازىسى ئىدى دىيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇمۇبىر جان ئەمەسما؟ دىگەن، دىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

## 394 ــ *باب نسخ القيام للجنازة* جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرىسىدا

2181 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ وَاقِدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ أَنّهُ قَالَ: رَآنِي نَافِعُ بْنُ جُبَيْرٍ، وَنَحْنُ فِي جِنَازَةٍ، قَائِماً. وَقَدْ جَلَسَ يَنْتَظِرُ أَنْ تُوضَعَ الْجِنَازَةُ. فَقَالَ لِي: مَا يُقِيمُكَ؟ فَقُلْتُ: أَنْتَظِرُ أَنْ تُوضَعَ الْجِنَازَةُ. لِمَا يُحَدّثُ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. فَقَالَ نَافِعٌ: فَإِنّ مَسْعُودَ بْنَ الْحَكَمِ حَدّثَنِي عَنْ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنّهُ قَالَ: قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قَعَدَ.
2182 ـ2183 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. جَمِيعاً عَنِ الثّقَفِيّ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. قَالَ: سَمِعْتُ يَحْيَى بْنَ سَعِيدٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي وَاقِدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ الأَنْصَارِيّ أَنّ نَافِعَ بْنَ جُبَيْرٍ أَخْبَرَهُ أَنّ مَسْعُودَ بْنَ الْحَكَمِ الأَنْصَارِيّ أَخْبَرَهُ أَنّهُ سَمِعَ عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ يَقُولُ، فِي شَأْنِ الْجَنَائِزِ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَامَ ثُمّ قَعَدَ. وَإِنّمَا حَدّثَ بِذَلِكَ لأَنّ نَافِعَ بْنَ جُبَيْرٍ رَأَى وَاقِدَ بْنَ عَمْرٍو قَامَ، حَتّى وُضِعَتِ الْجِنَازَةُ.
2184 ـ2185 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ قَالَ: سَمِعْتُ مَسْعُودَ بْنَ الْحَكَمِ يُحَدّثُ عَنْ عَلِيَ قَالَ: رَأَيْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَامَ، فَقُمْنَا. وَقَعَدَ، فَقَعَدْنَا، يَعْنِي فِي الْجِنَازَةِ.

ناپىئ ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسەئىدنىڭ ھەدىسىنىڭ جەھىتىدىن جىنازا ئۈچۈن ئۆرە تۇرغان ۋاقىد دېگەن كىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى؛ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق، كىيىن ئولتۇرۇپتى، بىزمۇ ئولتۇردۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇراتتى، ئاندىن كىيىن ئولتۇرىۋەردى. (يەنى كىيىن، ئورنىدىن تۇرۇش ئەمەلدىن قالغان.) مۇسلىم ، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇداۋۇدتىمۇ بار.

## 395 ــ باب الدعاء للميت في الصلاة جنازا نامىزىدا مېيت ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

2186 – 2187 –2188 – وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي مُعَاوِيَةُ بْنُ صَالِحٍ عَنْ حَبِيبِ بْنِ عُبَيْدٍ، عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ سَمِعَهُ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَوْفَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ جِنَازَةٍ. فَحَفِظْتُ مِنْ دُعَائِهِ وَهُوَ يَقُولُ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ وَعَافِهِ. وَاعْفُ عَنْهُ. وَأكْرِمْ نُزُلَهُ. وَوَسّعْ مُدْخَلَهُ. وَاغْسِلْهُ بِالْمَاءِ وَالثّلْجِ وَالْبَرَدِ، وَنَقّهِ مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقّيْتَ الثّوْبَ الأبْيَضَ مِنَ الدّنَسِ. وَأبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِهِ. وَأهْلاً خَيْراً مِنْ أهْلِهِ وَزَوْجَاً خَيْراً مِنْ زَوْجِهِ. وَأدْخِلْهُ الْجَنّةَ وَأعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ (أوْ مِنْ عَذَابِ النّارِ)». قَالَ: حَتّى تَمَنّيْتُ أنْ أكُونَ أنَا ذَلِكَ الْمَيّتَ.

2189 – وحدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ، وَإسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. كِلاَهُمَا عَنْ عِيسَى بْنِ يُونُسَ عَنْ أبِي حَمْزَةَ الْحِمْصِيّ. ح وَحدّثنِي أبُو الطّاهِرِ وَ هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ (وَاللّفْظُ لاِءَبِي الطّاهِرِ) قَالاَ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ أبِي حَمْزَةَ بْنِ سُلَيْمٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الأشْجَعِيّ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم (وَصَلّىَ عَلَىَ جِنَازَةٍ) يَقُولُ «اللّهُمّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ، وَاعْفُ عَنْهُ وَعَافِهِ، وَأكْرِمْ نُزُلَهُ، وَوَسّعْ مَدْخَلَهُ، وَاغْسِلْهُ بِمَاءٍ وَثَلْجٍ وَبَرَدٍ، وَنَقّهِ مِنَ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقّى الثّوْبُ الأبْيَضُ مِنَ الدّنَسِ، وَأبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِهِ، وَأهْلاً خَيْراً مِنْ أهْلِهِ، وَزَوْجاً خَيْراً مِنْ زَوْجِهِ، وَقِهِ فِتْنَةَ الْقَبْرِ وَعَذَابَ النّارِ». قَالَ عَوْفٌ فَتَمَنّيْتُ أنْ لَوْ كُنْتُ أنَا الْمَيّتَ، لِدُعَاءِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ ذَلِكَ الْمَيّتِ.

ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، بىر جىنازىغا نامازچۈشۈرگەندە قىلغان مۇنۇ دۇئاسىنى يادا ئېلىۋالغان ئىدىم؛« ئى الله! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، رەھىم قىلسىلا، ئۇنى ئازاپتىن ساقلىسىلا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلسىلا، ئۇنىڭ مەنزىلىنى ھۆرمەتلىك قىلسىلا، قەبرىسىنى كەڭرى قىلسىلا، ئۇنى (گۇناھلىرىنى) سۇ بىلەن، قار-يامغۇر، مۆلدۈر بىلەن يۇيسىلا، ئۇنى خاتالىقتىن خۇددى ئاق كىيىمنى توگرا كىردىن تازىلىغاندەك، پاك-پاكىز تازىلىۋەتسىلە، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھويلىسىدىن ياخشى ھويلىنى، ئەھلىدىن ياخشى ئەھلىنى، ئايالىدىن ياخشىراق ئايالنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ ، قەبرە ئازابىدىن ، قەبرە پىتنىسىدىن، دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىسىلا»دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنىڭ جەھەتىدىن ئەشۇ ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

## 396 ــ باب أين يقوم الإمام من الميت للصلاة عليه

## مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگىچە ئىمام مېيىتنىڭ قەيىرىدە تۇرىدۇ؟دېگەن توغرىسىدا

2190 –2191 – وحدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ التّمِيمِيّ. أخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ حُسَيْنِ بْنِ ذَكْوَانَ قَالَ: حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ بُرَيْدَةَ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ قَالَ: صَلّيْتُ خَلْفَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، وَصَلّىَ عَلَىَ أمّ كَعْبٍ، مَاتَتْ وَهِيَ نُفَسَاءُ، فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِلصّلاَةِ عَلَيْهَا وَسَطَهَا.

2192 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ عُقْبَةُ بْنُ مُكْرَمٍ الْعَمّيّ. قَالاَ: حَدّثنَا ابْنُ أبِي عَدِيَ عَنْ حُسَيْنٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ قَالَ: قَالَ سَمُرَةُ بْنُ جُنْدَبٍ: لَقَدْ كُنْتُ عَلَىَ عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غُلاَماً. فَكُنْتُ أحْفَظُ عَنْهُ. فَمَا يَمْنَعُنِي مِنَ الْقَوْلِ إلاّ أنّ هَهُنَا رِجَالاً هُمْ أسَنّ مِنّي. وَقَدْ صَلّيْتُ وَرَاءَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ امْرَأةٍ مَاتَتْ فِي نِفَاسِهَا، فَقَامَ عَلَيْهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي الصّلاَةِ وَسَطَهَا. وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ الْمُثَنّى قَالَ: حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ بُرَيْدَةَ قَالَ: فَقَامَ عَلَيْهَا لِلصّلاَةِ وَسَطَهَا.

سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا كىچىك بالا ئىدىم، مەن رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس يادلىغان بولساممۇ، مەندىن يېشى چوڭلار بولغاچقىلا، ھەدىس سۆزلەشتىن توسۇلۇپ قالاتتىم،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، نىپاسدارلىقتا (تۇغۇتتا)ئۆلۈپ

كەتكەن بىر ئايالنىڭ (يەنى كەئبىنىڭ ئانىسىنىڭ)جىنازىسىغا ناماز ئوقۇغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغان ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

## 397 ـــــ باب ركوب المصلى على الجنازة إذا انصرف

## جىنازا نامىزىدىن قايتقان كىشىنىڭ ئۇلاققا مىنگەن ھالدا قايتىشى دۇرۇس، دېگەن توغرىسىدا

2193 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللفظ لِيَحْيَى) (قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا. وَقَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ) عَنْ مَالِكِ بْنِ مِغْوَلٍ، عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: أُتِيَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِفَرَسٍ مُعْرَوْرَىً. فَرَكِبَهُ حِينَ انْصَرَفَ مِنْ جِنَازَةِ ابْنِ الدّحْدَاحِ. وَنَحْنُ نَمْشِي حَوْلَهُ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىگەرسىز يايتاق ئات كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىبنى دەھداھنىڭ جىنازا نامىزىدىن قايتقاندا، ئۇئاتنى مىنىپ قايتتى، بىز ئەتراپىدا پىيادە ماڭغان ئىدۇق.

2194 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ سِمَاكِ بْنِ حَرْبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى ابْنِ الدّحْدَاحِ. ثُمّ أُتِيَ بِفَرَسٍ عُرْيٍ. فَعَقَلَهُ رَجُلٌ فَرَكِبَهُ. فَجَعَلَ يَتَوَقّصُ بِهِ. وَنَحْنُ نَتّبِعُهُ نَسْعَى خَلْفَهُ. قَالَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «كَمْ مِنْ عِذْقٍ مُعَلّقٍ (أَوْمُدَلّى) فِي الْجَنّةِ لاِبْنِ الدّحْدَاحِ» أَوْ قَالَ شُعْبَةُ «لأَبِي الدّحْدَاحِ».

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى دەھداھقا ناماز ئوقۇدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىگەرسىز يايتاق ئات كەلتۈرۈلدى، بىركىشى ئۇنى باغلاپ تۇتۇپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مىنىپ ماڭدى، ئات ئويناخشىپ سەكرەپ ماڭاتتى، بىز رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ، ئەتراپىدا پىيادە ماڭغان ئىدۇق.قەۋمدىن بىركىشى مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن: ئىبنى دەھداھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن جەننەتتە نۇرغۇن شاخ ــ شۇمبىلىرى بىلەن ئېسىغلىق خورمىلار باردۇر، (يەنى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان.ئەھمەدنىڭ 12025 ــ ھەدىسىدە، بۇ ھەدىسنىڭ سەۋەبى سۆزلەنگەن، ئۇ بولسمۇ ئىبنى دەھداھ، ئاللاھ يولىدا جەننەتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېغىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن.

## 398 ـــ باب في اللحد ونصب اللبن على الميت تەشمە يەرلىك كولاش ۋە قەۋرە ئاغزىنى خام قىشتا ئېتىش

2195 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرٍ الْمِسْوَرِيّ عَنْ إِسْمَاعِيلُ بْنَ مُحَمّدِ بْنِ سَعْدٍ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ أَنّ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ قَالَ فِي مَرَضِهِ الّذِي هَلَكَ فِيهِ: الْحَدُوا لِي لَحْداً. وَانْصِبُوا عَلَيّ اللّبِنَ نَصْباً. كَمَا صُنِعَ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئامىر ئىبنى سەئد رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەن كېسىلىدە مۇنداق دىگەن: خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنغاندەك، ماڭىمۇ تەشمە يەرلىك قىلىپ، پۈختا قەبرە كولاڭلار،مىنىڭ ئۈستىمگە قەبرىنىڭ ئاغزىنى خام قىشنى تىكلەپ ئېتىڭلار.

## 399 ـــ باب جعل القطيفة في القبر قەۋرە ئىچىگە تون سېلىپ قويۇش توغرىسىدا

2196 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا غُنْدَرٌ وَ وَكِيعٌ جَمِيعاً عَنْ شُعْبَةَ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لَهُ) قَالَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. حَدّثَنَا أَبُو جَمْرَةَ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: جُعِلَ فِي قَبْرِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَطِيفَةٌ حَمْرَاءُ. (قَالَ مُسْلِمٌ) أَبُو جَمْرَةَ اسْمُهُ نَصْرُ بْنُ عِمْرَانَ. وَأَبُو التّيّاحِ اسْمُهُ يَزِيدُ بْنُ حُمَيْدٍ. مَاتَا بِسَرَخْسَ.

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە قىزىل تون سېلىنغان ئىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.ئۇ تون رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدى.

## 400 ـــ باب الأمر بتسوية القبر ئېگىز قەۋرىنى تۈزلىۋېتىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

2197 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرٍو. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ. ح وَحَدّثَنِي هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ (فِي رِوَايَةِ أَبِي الطّاهِرِ) أَنّ أَبَا عَلِيَ الْهَمْدَانِيّ حَدّثَهُ. (وَفِي رِوَايَةِ هَرُونَ) أَنّ ثُمَامَةَ بْنَ شُفَيَ حَدّثَهُ قَالَ: كُنّا مَعَ فَضَالَةَ بْنِ عُبَيْدٍ بِأَرْضِ الرّومِ. بِرُودِسَ. فَتُوُفّيَ صَاحِبٌ لَنَا. فَأَمَرَ فَضَالَةُ بْنُ عُبَيْدٍ بِقَبْرِهِ فَسُوّيَ. ثُمّ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْمُرُ بِتَسْوِيَتِهَا.

سۇمامە مۇنداق دەيدۇ؛ بىز پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە رۇم زېمىنىدا ئىدۇق، بىزنىڭ بىر قېرىندىشىمىز ۋاپات بولدى، ئاندىن پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قەبرىسىنى تۈزلىۋېتىشكە بۇيرۇپ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېگىز قەبرىلەرنى قويماي چېقىپ، تۈپتۈز قىلىۋېتىشكە بۇيرىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.

2198 ـ2199 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ) عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ حَبِيبِ بْنِ أَبِي ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ أَبِي الْهَيّاجِ الأَسْدِيّ قَالَ: قَالَ لِي عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ: أَلاّ أَبْعَثُكَ عَلَى مَا بَعَثَنِي عَلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ أَنْ لاَ تَدَعَ تِمْثَالاً إِلاّ طَمَسْتَهُ. وَلاَ قَبْراً مُشْرِفاً إِلاّ سَوّيْتَهُ.

ئەبۇلھەييىاج مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن سىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مۇنداق دەپ ئەۋەتكەن ئىشقا ئەۋەتمەيمۇ؟، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى مۇنداق دەپ ئەۋەتكەن ئىدى؛ سەن سۈرەت، ھەيكەل قالدۇرماي چېقىپ، بۇزۇپ ئۆچۈرۈپ تاشلا، ئېگىز قەبرىلەرنى قويماي چېقىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكىن، دېگەن ئىدى. مۇسلىم، نەسەئى.

## 401 ـ النهي عن تجصيص القبر والبناء عليه

## قەۋرىنى پۇختا قاتۇرۇپ سېلىشتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرلۇش قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا

2200 ـ2201 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يُجَصّصَ الْقَبْرُ وَأَنْ يُقْعَدَ عَلَيْهِ. وَأَنْ يُبْنَى عَلَيْهِ.
2202 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: نُهِيَ عَنْ تَقْصِيصِ الْقُبُورِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، قەبرىنى (سېمونت، بېتۇنىدا) قاتۇرۇپ، پۇختا سېلىشدىن، قەبرە ئۈستىگە ياكى قەبرىستانلىقىقا بىنا، قۇرۇلۇش قىلىشدىن، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشدىن توسقان. (قەبرىستانلىقىقا مەسجىد ياكى ئۆي سېلىنمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپ، سەھىھ.

## 402 ـ النهي عن الجلوس على القبر والصلاة إليه

## قەۋرى ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇشتىن توسۇش توغرىسىدا

**2203 ـ2204 ـ وحدّثني  زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لأَنْ يَجْلِسَ أَحَدُكُمْ عَلَىَ جَمْرَةٍ فَتُحْرِقَ ثِيَابَهُ، فَتَخْلُصَ إِلَىَ جِلْدِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَجْلِسَ عَلَىَ قَبْرٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلارنىڭ چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشى، ئاندىن ئۇ چوغ ئۇنىڭ كىيىمنى كۆيدۈرۈپ تېرىسىگىچە يېتىپ بېرىپ، تېرىسىنىمۇ كۆيدۈرۈشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

**2205 ـ وحدّثني  عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنِ ابْنِ جَابِرٍ، عَنْ بُسْرِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ وَاثِلَةَ، عَنْ أَبِي مَرْثَدٍ الْغَنَوِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تَجْلِسُوا عَلَى الْقُبُورِ وَلاَ تُصَلّوا إِلَيْهَا».**

**2206 ـ وحدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبِيعِ الْبَجَلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ بْنِ يَزِيدَ عَنْ بُسْرِ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ وَاثِلَةَ بْنِ الأَسْقَعِ، عَنْ أَبِي مَرْثَدٍ الْغَنَوِيّ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لاَ تُصَلّوا إِلَى الْقُبُورِ. وَلاَ تَجْلِسُوا عَلَيْهَا».**

ئەبۇ مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قەبرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار، قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 403 ـــ *باب الصلاة على الجنازة في المسجد* جىنازا نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

**2207 ـ وحدّثني  عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ (وَاللّفْظُ لإِسْحَقَ) (قَالَ  عَلِيّ: حَدّثَنَا. وَقَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ) عَنْ عَبْدِ الْوَاحِدِ بْنِ حَمْزَةَ، عَنْ عَبّادِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ أَنّ عَائِشَةَ أَمَرَتْ أَنْ يُمَرّ بِجَنَازَةِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ فِي الْمَسْجِدِ. فَتُصَلّيَ عَلَيْهِ فَأَنْكَرَ النّاسُ ذَلِكَ عَلَيْهَا. فَقَالَتْ: مَا أَسْرَعَ مَا نَسِيَ النّاسُ مَا صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ سُهَيْلِ بْنِ الْبَيْضَاءِ إِلاّ فِي الْمَسْجِدِ.**

**2208 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا مُوسَى بْنُ عُقْبَةَ عَنْ عَبْدِ الْوَاحِدِ، عَنْ عَبّادِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ يُحَدّثُ عَنْ  عَائِشَةَ أَنّهَا لَمّا تُوُفّيَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقّاصٍ أَرْسَلَ أَزْوَاجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَمُرّوا بِجَنَازَتِهِ فِي الْمَسْجِدِ. فَيُصَلّينَ عَلَيْهِ. فَفَعَلُوا. فَوُقِفَ بِهِ عَلَىَ حُجَرِهِنّ يُصَلّينَ عَلَيْهِ. أُخْرِجَ بِهِ مِنْ بَابِ الْجَنَائِزِ الّذِي كَانَ إِلَى الْمَقَاعِدِ. فَبَلَغَهُنّ أَنّ النّاسَ عَابُوا ذَلِكَ. وَقَالُوا: مَا كَانَتِ الْجَنَائِزُ يُدْخَلُ بِهَا الْمَسْجِدَ. فَبَلَغَ ذَلِكَ عَائِشَةَ. فَقَالَتْ: مَا أَسْرَعَ النّاسَ إِلَىَ أَنْ يَعِيبُوا مَا لاَ عِلْمَ لَهُمْ بِهِ عَابُوا عَلَيْنَا أَنْ يُمَرّ بِجَنَازَةٍ فِي الْمَسْجِدِ وَمَا صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ سُهَيْلِ بْنِ بَيْضَاءَ إِلاّ فِي جَوْفِ الْمَسْجِدِ.**

**2209 ـ وحدّثني  هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ (يَعْنِي ابْنَ عُثْمَانَ) عَنْ أَبِي النّضْرِ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ أَنْ  عَائِشَةَ، لَمّا تُوُفّيَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقّاصٍ، قَالَتِ: ادْخُلُوا بِهِ الْمَسْجِدَ حَتّىَ أُصَلّيَ عَلَيْهِ. فَأُنْكِرَ ذَلِكَ عَلَيْهَا. فَقَالَتْ: وَاللّهِ لَقَدْ صَلّىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى ابْنَيْ بَيْضَاءَ فِي الْمَسْجِدِ، سُهَيْلٍ وَأَخِيهِ. (قَالَ مُسْلِمٌ): سُهَيْلُ بْنُ دَعْدٍ وَهُوَ ابْنُ الْبَيْضَاءِ. أُمّهُ بَيْضَاءُ.**

ئەبۇسەلەمەت ئىبنى ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مىنىڭمۇ ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇشۇم ئۈچۈن ئۇنى مەسجىدكە كىرگۈزۈڭلار دىدى. يەنە بىر خاتىرىدە؛ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى شۇنداق دەپ كىشى ئەۋەتتى، بۇ ئىش (يەنى مېيىتنى مەسجىدكە ئەكىرىش) كىشىلەر تەرىپىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئىنكار قىلىندى، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:كىشىلەرنىڭ ئۇنتۇپ قىلىشى، ئاندىن باشقىلارنى ئەيىبلىشى نىمە دىگەن تىز ھە!!**الله** بىلەن

قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  سۇھەيل ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىدىن ئىبارەت بەيزائە دېگەن ئايالنىڭ ئىككى ئوغلىغا مەسجىدنىڭ ئىچىدە ناماز چۈشۈرگەن دىدى.

## 404 ـــــ باب ما يقال عند دخول القبور والدعاء لأهلها

## قەۋرىستانلىققا كىرگەندە نىمە دىيىش، ۋە قەۋرە ئەھلى ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

**2210 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قالَ  يَحْيَى ابْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وقالَ الآخرَانِ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ) عَنْ شَرِيكٍ (وَهُوَ ابْنُ أَبِي نَمِرٍ) عَنْ عَطَاءِ ابْنِ يَسَارٍ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم (كُلّمَا كَانَ لَيْلَتُهَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم) يَخْرُجُ مِنْ آخِرِ اللّيْلِ إِلَىَ الْبَقِيعِ. فَيَقُولُ: «السّلاَمُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤْمِنِينَ. وَأَتَاكُمْ مَا تُوعَدُونَ غَداً. مُؤَجّلُونَ. وَإِنّا، إِنْ شَاءَ اللّهُ، بِكُمْ لاَحِقُونَ. اللّهُمّ اغْفِرْ لأَهْلِ بَقِيعِ الْغَرْقَدِ» (وَلَمْ يُقِمْ قُتَيْبَةُ قَوْلَهُ «وَأَتَاكُمْ»).**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم، مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا، مەدىنىدىكى قەبرىستانلىققا چىقىپ مۇنداق دەيتتى: « **ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىن  قەۋملەر ھويلىسى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە، ئەتە قىيامەت كۈنى چۇقۇم كېلىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ئەتىگىچىلا بىر كۈن تەخىر قىلىپ تۇرىسىلەر،ھەققەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا،سىلەرگە يات يېقىندا قوشۇلىمىز، ( قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈشمىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدۇق،) ئى الله! غەرقەد قەبرىستانلىقىنىڭ ئەھلى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا»**

**2211 ـ وحدّثني  هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ كَثِيرِ بْنِ الْمُطّلِبِ أَنّهُ سَمِعَ مُحَمّدَ بْنَ قيسٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ  عَائِشَةَ تُحَدّثُ فقالَتْ: أَلا أُحَدّثُكُمْ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَعَنّي قُلْنَا: بَلَىَ. ح وَحَدّثَنِي مَنْ سَمِعَ حَجّاجاً الأَعْوَرَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ حَدّثَنا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. حدثنا ابْنِ جُرَيْجٍ حدثنا أَخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ (رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ قَيْسِ بْنِ مَخْرَمَةَ بْنِ الْمُطّلِبِ أَنّهُ قالَ يَوْماً: أَلا أُحَدّثُكُمْ عَنّي وَعَنْ أُمّي قالَ، فظَنَنّا أَنّهُ يُرِيدُ أُمّهُ الّتِي وَلَدَتْهُ. قالَ: قالَتْ عَائِشَةُ: أَلا أُحَدّثُكُمْ عَنّي وَعَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قُلْنَا: بَلَىَ. قالَ قالَتْ: لَمّا كَانَتْ لَيْلَتِي الّتِي كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِيهَا عِنْدِي، انْقَلَبَ فَوَضَعَ رِدَاءَهُ، وَخَلَعَ نَعْلَيْهِ، فَوَضَعَهُمَا عِنْدَ رِجْلَيْهِ، وَبَسَطَ طَرَفَ إِزَارِهِ عَلَىَ فِرَاشِهِ، فَاضْطَجَعَ. فَلَمْ يَلْبَثْ إِلا رَيْثَمَا ظَنّ أَنْ قَدْ رَقَدْتُ، فَأَخَذَ رِدَاءَهُ رُوَيْداً، وَانْتَعَلَ رُوَيْداً، وَفَتَحَ الْبَابَ فَخَرَجَ. ثُمّ أَجَافَهُ رُوَيْداً. فَجَعَلْتُ دِرْعِي فِي رَأْسِي، وَاخْتَمَرْتُ، وَتَقَنّعْتُ إِزَارِي. ثُمّ انْطَلَقْتُ عَلَىَ إِثْرِهِ. حَتّىَ جَاءَ الْبَقِيعَ فَقَامَ. فَأَطَالَ الْقِيَامَ. ثُمّ رَفَعَ يَدَيْهِ ثَلاَثَ مَرّاتٍ. ثُمّ انْحَرَفَ فَانْحَرَفْتُ. فَأَسْرَعَ فَأَسْرَعْتُ. فَهَرْوَلَ فَهَرْوَلْتُ. فَأَحْضَرَ فَأَحْضَرْتُ. فَسَبَقْتُهُ فَدَخَلْتُ. فَلَيْسَ إِلا أَنِ اضْطَجَعْتُ فَدَخَلَ. فَقَالَ: «مَالَكِ؟ يَا عَائِشُ حَشْيَا رَابِيَةً» قالَتْ: قُلْتُ: لاَءِيَ شَيْءِ. قالَ: «لَتُخْبِرِينِي أَوْ لَيُخْبِرَنّي اللّطِيفُ الْخَبِيرُ» قالَتْ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ بِأَبِي أَنْتَ وَأُمّي فَأَخْبَرْتُهُ. قالَ: «فَأَنْتِ السّوَادُ الّذِي رَأَيْتُ أَمَامِي؟» قُلْتُ: نَعَمْ. فَلَهَدَنِي فِي صَدْرِي لَهْدَةً أَوْجَعَتْنِي. ثُمّ قالَ: «أَظَنَنْتِ أَنْ يَحِيفَ اللّهُ عَلَيْكِ وَرَسُولُهُ؟» قالَتْ مَهْمَا يَكْتُمِ النّاسُ يَعْلَمْهُ اللّهُ، نَعَمْ. قالَ: «فَإِنّ جِبْرِيلَ أَتَانِي حِينَ رَأَيْتِ، فَنَادَانِي فَأَخْفَاهُ مِنْكِ. فَأَجَبْتُهُ. فَأَخْفَيْتُهُ مِنْكِ. وَلَمْ يَكُنْ يَدْخُلُ عَلَيْكِ وَقَدْ وَضَعْتِ ثِيَابَكِ وَظَنَنْتُ أَنْ قَدْ رَقَدْتِ. فَكَرِهْتُ أَنْ أُوقِظَكِ. وَخَشِيتُ أَنْ تَسْتَوْحِشِي. فَقَالَ: إِنّ رَبّكَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَأْتِيَ أَهْلَ الْبَقِيعِ فَتَسْتَغْفِرَ لَهُمْ». قالَتْ: قُلْتُ: كَيْفَ أَقُولُ لَهُمْ؟ يا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «قُولِي: السّلاَمُ عَلَىَ أَهْلِ الدّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ وَيَرْحَمُ اللّهِ الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنّا وَالْمُسْتَأْخِرِينَ. وَإِنّا، إِنْ شَاءَ اللّهُ، بِكُمْ لَلاَحِقُونَ».**

ئىبنى قيىستىن،   ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا  مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سىلەرگە     رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ بىز بۇلىدۇ دېدۇق، ئۇ؛         رەسۇلۇللاھ  مېنىڭ ئۆيۈمدە ياتىدىغان، مېنىڭ نۆۋىتىمدىكى كېچە بولغانىدا،    رەسۇلۇللاھ  قايتىپ كېلىپ، رىدايىنى سېلىپ قويۇپ، ئىككى ئايىقىنى سېلىپ، پۇتىنىڭ يېنىدا قويدى، يېپىنجىسىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرپىسى ئۈستىگە يېيىپ سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتتى،  رەسۇلۇللاھ  پەقەت مېنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى گۇمان قىلغان مىقدارىچىلىكلا تۇرۇپ، ئاندىن (ماڭا تويدۇرماسلىق ئۈچۈن)رىدايىنى ئاستا ئېلىپ، ئايىقىنىمۇ ئاستا كىيىپ، ئىشىكنى ئېچىپ، سىرتىغا چىقىپ،

ئىشكنى ئاستا يېپىپ قويدى، مەن ئىشتان ـ كۆڭلىكىمنى كىيىپ، بېشىمغا رومال سېلىپ، ئاندىن ئارقىسىدىن ماڭدىم، رەسۇلۇللاھ قەبرىستانلىققا كېلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن تۇرۇپ، ئۈچ قېتىم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قايتىپتى، مەنمۇ قايتتىم، تېز مېڭىۋىدى، مەنمۇ تېز ماڭدىم، يۈگۈرىۋىدى، مەنمۇ يۈگۈردۈم، تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈپتى، مەنمۇ تېز يۈگۈردۈم، مەن رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇنراق كېلىپ، يېتىپ تۇرۇشۇمغىلا، رەسۇلۇللاھ كىرىپ؛ ئى ئائىشە!سىزگە نىمە بولدى؟ يۈگۈرگەن كىشىگە ئوخشاش ھاسىراپ، قورسىقىڭىزنى ئىچ ـ تېشىغا كىرگۈزۈپ، چىقىرىپ، بەك تېز نەپەسلىنىسىزغۇ؟دېدى، مەن؛ ھېچ ئىش يوق دېدىم,رەسۇلۇللاھ ؛ ماڭا سىز دەپ بېرەمسىز؟ياكى بەندىلىرىگە مېھرىبان، ھەممەئىشلاردىن خەۋەردار الله دەپ بېرەمدۇ؟دېدى، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن دەپ، ھەممە ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەردىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ مەن ئالدىم تەرەپتە كۆرگەن قارا كۆلەڭگۈ ئەسلى سىز ئىكەنسىز دە؟!دېدى، مەن؛ ھەئە، مەن ئىدىم، دېدىم، رەسۇلۇللاھ؛ قەلبىمگە قاتتىق قورقۇنجا كىرىۋېلىپ، مىنى چۆچۈتتى، الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى سىزگە زۇلۇم قىلىدۇ دەپ، گۇمان قىلغانمىدىڭىز؟دېدى، مەن؛ كىشىلەر ھەرقاچان نىمىنى يوشۇرسە، ئۇنى الله ئوبدان بىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟دېدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق د ېدى: ھەقىقەتەن، سىز مېنى كۆرگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا كېلىپ، سىزدىن مەخپى قىلغان ھالدا ماڭا نىدا قىلدى، مەنمۇ سىزدىن مەخپى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردۇم، سىز كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ، يېتىپ بولغاندا، جىبرىئىل سىز بار ئۆيگە كىرمەيتتى، مەن سىزنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، سىزنى ئويغۇتۇشنى ياقتۇرمىدۇم، ھەم سىزنىڭ چۆچۈپ، قورقۇپ كېتىشىڭىزدىن ئەنسىرىدىم،(شۇنىڭ ئۈچۈن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتىم) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ سېنى بەقىيئ دىگەن، قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت سورىشىڭنى بۇيرىدى . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قەبرىنى زىيارەت قىلغاندا، نىمە دەيمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: قەبرىستانلىققا كىرسەڭلار، مۇنداق دەڭلار؛ «ئەسسالامۇ ئەلا ئەھلى دىيار مىنەلمۇئمىنىين ۋەلمۇسلىمىين، سالام سىلەرگە ئى مۆئمىن مۇسۇلمانلار! ئاللاھتائالا بىزلەردىن بۇرۇن كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن بارىدىغانلارغا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا، پات يېقىندا سىلەرگە قوشۇلىمىز».مۇس، نەسەئى.

**2212 ـ حدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الأَسَدِيّ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُعَلّمُهُمْ إذَا خَرَجُوا إلَى الْمَقَابِرِ. فَكَانَ قَائِلُهُمْ يَقُولُ: (فِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ): السّلاَمُ عَلَى أَهْلِ الدّيَارِ، (وَفِي رِوَايَةِ زُهَيْرٍ): السّلاَمُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدّيَارِ، مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ. وَإنّا، إنْ شَاءَ اللّهُ، لَلاَحِقُونَ. أَسْأَلُ اللّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ.**

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا، قەبرىستانلىققا چىققاندا مۇنداق دېيىشنى ئۆگەتتى:« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆئمىن مۇسۇلمان قەۋملەر ھويلىسى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا، سىلەرگە پات يېقىندا قوشۇلىمىز،الله تىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئىككى ئالەملىك ساق ـ سالامەتلىكنى سورايمىز»

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله تائالادىن، ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىغانلىقى توغرىسىدا

2213 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أيوبَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى) قالا: حَدّثنا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ عَنْ يَزِيدَ (يَعْنِي ابْنَ كَيْسَانَ)عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اسْتَأْذَنْتُ رَبّي أنْ أسْتَغْفِرَ لأمّي فَلَمْ يَأْذَنْ لِي. وَاسْتَأْذَنْتُهُ أنْ أزُورَ قَبْرَهَا فَأذِنَ لِي».

2214 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالا: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عُبَيْدٍ عَنْ يَزِيدَ بْنِ كَيْسَانَ، عَنْ أبِي حَازِمٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: زَارَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَبْرَ أمّهِ. فَبَكَى وَأبْكَى مَنْ حَوْلَهُ. فَقالَ: «اسْتَأْذَنْتُ رَبّي فِي أنْ أسْتَغْفِرَ لَهَا فَلَمْ يُؤْذَنْ لِي وَاسْتَأْذَنْتُهُ فِي أنْ أزُورَ قَبْرَهَا فَأذِنَ لِي. فَزُورُوا الْقُبُورَ. فَإنّهَا تُذَكّرُ الْمَوْتَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپ، قاتتىق يىغلاپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى، ئاندىن: مەن رەببىمدىن ئانام ئۈچۈن مەغپىرەت سوراش توغرۇلۇق ئىزنى سورىسام، ماڭا رۇخسەت قىلىنمىدى، ئانامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشىمغا ئىزنى سورىسام ، ماڭا رۇخسەت قىلىندى، ئەمدى سىلەرمۇ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ،دېدى.مۇسلىم، تىرمىزى.

2215 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ، وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ، وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظ لاِءبِي بَكْرٍ وَابْنِ نُمَيْرٍ). قالُوا: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أبِي سِنَانٍ (وَهُوَ ضِرَارُ بْنُ مُرّةَ) عَنْ مُحَارِبِ بْنِ دِثارٍ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أبِيهِ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيَارَةِ الْقُبُورِ، فَزُورُوهَا. وَنَهَيْتُكُمْ عَنْ لُحُومِ الأضَاحِيّ فَوْقَ ثَلاثٍ، فَأمْسِكُوا مَا بَدَا لَكُمْ. وَنَهَيْتُكُمْ عَنِ النّبِيذِ إلا فِي سِقاءٍ، فَاشْرَبُوا فِي الأسْقِيَةِ كُلّهَا، وَلاَ تَشْرَبُوا مُسْكِراً». قالَ ابْنُ نُمَيْرٍ فِي رِوَايَتِهِ: عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أبِيهِ.

2216 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أبُو خَيْثَمَةَ عَنْ زُبَيْدٍ الْيَامِيّ، عَنْ مُحَارِبِ بْنِ دِثارٍ، عَنِ ابْنِ بُرَيْدَةَ، أرَاهُ عَنْ أبِيهِ (الشّكّ مِنْ أبِي خَيْثَمَةَ) عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا قبِيصَةُ بْنُ عُقْبَةَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ مَرْثَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا ابْنُ أبِي عُمَرَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ، عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ عَطَاءٍ الْخُرَاسَانِيّ قالَ: حَدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ بُرَيْدَةَ عَنْ أبِيهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم كُلّهُمْ بِمَعْنَى حَدِيثِ أبِي سِنَانٍ.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ئۈچ نەرسىدىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ئۇ نەرسىگە بۇيرۇيمەن، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭدا ۋەز ــ نەسىھەت، ئىبرەت بار، مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشىڭلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ساقلاپ يەۋېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سەپەرلىرىڭلاردىمۇ پايدىلىنىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، مەن سىلەرنى تېرىدىن باشقا تۇلۇن قاچىلاردا ئىچمەڭلار دەپ توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ھەر قانداق تۇلۇن، قاچا بولسا، ئۇنىڭدا نەرسە ئىچسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار، (ئۇ ھاراقتۇر). ئەبۇ داۋۇد.

## 406 ـــ باب ترك الصلاة على القاتل نفسه

### ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچى قاتىلغا جىنازا نامىزى ئوقۇماسلىق توغرىسىدا

2217 ـ حدّثنا عَوْنُ بْنُ سَلاَّمٍ الْكُوفِيّ. أخْبَرَنَا زُهَيْرٌ عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: أُتِيَ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِرَجُلٍ قَتَلَ نَفْسَهُ بِمَشَاقِصَ. فَلَمْ يُصَلِّ عَلَيْهِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوقيانىڭ تىغى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بىر كىشى(نىڭ جىنازىسى) كەلتۈرۈلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇمىدى.

# 13 ـــ كتـــاب الزكـــاة زاكاتنىڭ كىتابى

## 407 ـــ باب

2218 ـ 2219 ـ وحدّثني عَمْرُو بْنُ مُحَمّدِ بْنِ بُكَيْرٍ النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. قَالَ: سَأَلْتُ عَمْرَو بْنَ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ. فَأَخْبَرَنِي عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسَةِ أَوْسُقٍ صَدَقَةٌ. وَلاَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ ذَوْدٍ صَدَقَةٌ. وَلاَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوَاقٍ صَدَقَةٌ.

2220 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ يَحْيَى ابْنِ عُمَارَةَ عَنْ أَبِيهِ، يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ. وَأَشَارَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِكَفّهِ بِخَمْسِ أَصَابِعِهِ. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ عُيَيْنَةَ.

2221 ـ وحدّثني أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا بِشْرٌ(يَعْنِي ابْنَ مُفَضّلٍ) حَدّثَنَا عُمَارَةُ بْنُ غَزِيّةَ عَنْ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسَةِ أَوْسُقٍ صَدَقَةٌ. وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ ذَوْدٍ صَدَقَةٌ. وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوَاقٍ صَدَقَةٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋەسىقدىن ئاز نەرسىدە(يەنى 300 سا ،1500 جىڭ ئەتراپىدىكى مىقداردىن ئاز نەرسىدە) ئۆشرە ـ زاكات يوق، بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش ئاۋاق (يەنى 200 دەرھەم) كۈمۈش پۇلدىن تۆۋىنىدە زاكات يوق. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى ،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

2222 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسَةِ أَوْسَاقٍ مِنْ تَمْرٍ وَلاَ حَبَ صَدَقَةٌ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋەسىقنىڭ تۆۋىنىدىكى خورما، دان، ئاشلىقلاردا ئۆشرە ـــ زاكات يوقتۇر، (بەش ۋەسىقە 1200 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە). مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئاشلىقلارغا ئۆلچەم توختاتقان.

2223 ـ 2224 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِيَ) حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لَيْسَ فِي حَبَ وَلاَ تَمْرٍ صَدَقَةٌ. حَتّى يَبْلُغَ خَمْسَةَ أَوْسُقٍ. وَلاَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ ذَوْدٍ صَدَقَةٌ. وَلاَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوَاقٍ صَدَقَةٌ».

**2225 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا الثّوْرِيّ وَ مَعْمَرٌ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ، مِثْلَ حَدِيثِ ابْنِ مَهْدِيَ وَيَحْيَى بْنِ آدَمَ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: (بَدَلَ التّمْرِ) ثَمَرٍ.**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ۋەسىقىنىڭ تۆۋەندىكى خورما، مىۋىلەردە، دان، ئاشلىقلاردا، بەش ۋەسىقىگە يەتمىگىچە، ئۆشرە ــ زاكات يوقتۇر، (بەش ۋەسىقە 1200 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە). بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش ئاۋاق (يەنى 200 دەرھەم) كۈمۈش پۇلدىن تۆۋىنىدە زاكات يوق. مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان،

**2226 ـ حدّثنا هَـرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ وَ هَـرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. قَالا: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عِيَاضُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «لَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ أَوَاقٍ مِنَ الْوَرِقِ صَدَقَةٌ. وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسِ ذَوْدٍ مِنَ الإِبِلِ صَدَقَةٌ. وَلَيْسَ فِيمَا دُونَ خَمْسَةِ أَوْسُقٍ مِنَ التّمْرِ صَدَقَةٌ».**

ئەبۇ سەئىد،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەش ئاۋاق (يەنى 200 دەرھەم) كۈمۈش پۇلدىن تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش ۋەسىقىدىن ئاز خورمىدا(يەنى 300 سا،1500 جىڭ ئەتراپىدىكى مىقداردىن ئاز خورمىدا) ئۆشرە ـ زاكات يوق، (چارۋاماللار، ئاشلىقلار، پۇللار، ئاشۇ ئۆلچەمگە يەتمىسە، زاكات يوق، ئۆلچەمگە يەتسە زاكات ئايرىيدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى ،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. 200 دەرھەم كۈمۈش پۇل (600گىرام ئەتراپىدا) 20 مىسقال (85گىرام ئەتراپىدىكى) ئالتۇنغا تەڭدۇر، ھازىر كۈمۈشنىڭ باھاسى ئەرزاندۇر، لىكىن دوكتۇر قەرزاۋىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ دىيىشچە؛ ئالىملار ئالتۇننىلا ئۆلچەم قىلغاندۇر.يەنى ھازىر 11000 يۈەندىن ئارتۇقراق.الله ئەئلەم.

## 408 ــ باب ما فيه العشر أو نصف العشر

## ئوندىن بىرنى ياكى يىگىرمىدىن بىرنى ئايرىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا

**2227 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ أَحْمَدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سَرْحٍ، وَ هَـرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ، وَ عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ وَ الْوَلِيدُ بْنُ شُجَاعٍ. كُلّهُمْ عَنِ ابْنِ وَهْبٍ. قَالَ أَبُو الطّاهِرِ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ أَنّ أَبَا الزّبَيْرِ حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَذْكُرُ أَنّهُ سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «فِيمَا سَقَتِ الأَنْهَارُ وَالْغَيْمُ الْعُشُورُ. وَفِيمَا سُقِيَ بِالسّانِيَةِ نِصْفُ الْعُشْرِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاسمان سۈيى، يامغۇر، ئېرىق ــ ئۆستەڭ، دەريالار، بۇلارقلار سۇغارغان نەرسىدىن ئوندەن بىرى ئېلىنىدۇ، كالا، تۆگىلەردە سۇ تارتىپ، سۇ توشۇپ، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/20 ى يىگىرمەدەن بىرى ئېلىنىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاسمان يەنى يامغۇر سۈيى، دەريالار، ئۆستەڭلەر، بۇلاق سۇلىرى سۇغارغان نەرسىدە ياكى سەل، يامغۇرلارلا سۇغارغان، ئىگىسى سۇ قۇيماستىن يامغۇر بىلەنلا سۇغۇرۇلغان ياكى يىلتىزى بىلەنلا كۆپايىلەنگەن نەرسىلەردە، ئوندەن بىرى 1/10 ى ئېلىنىدۇ، كالا، تۆگىلەردە سۇ توشۇپ ياكى سۇ تارتىپ ياكى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان، سۇ سېپىش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەردە1/20ى ئېلىنىدۇ، بۇخارى، ئەھمەد، تۆت كىتاب

يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئ بنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇخارى 1388 ـ ھەدىس، تىرمىزى 579 ـ ھەدىس، نەسەئى 2442 ـ ھەدىس. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسمان سۈيى، بۇلاق سۈيى سۇغارغان نەرسىگەئوندەن بىر 1/10نى بېرىدۇ، سۇ سېپىش، قۇدۇقتىن سۇ تارتىش بىلەن، سۇ توشۇش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/10ىنىڭ يېرىمى يەنى 1/20ى بېرىلىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىستە ئوچۇق قىلىپ ئېيتىلغانكى، ئەگەر چىقىم، كۆپ كەتمىسە، يامغۇر بىلەنلا، دەريا بىلەن سۇغۇرۇلسا، 1/10نى بېرىدۇ، ئەگەر سۇ تارتساق، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغارساق، سۇ سەپسەك، 1/20ى بېرىلىدۇ، ئەگەر دەريا سۈيىنىمۇ قويۇپ، ھەم قۇدۇقتىنىڭ سۈيىنىمۇ قۇيسا، ياكى دەريا سۈيىنى قۇيسا، ھاكىمىيەت، سۇ ھەققى ئالسا، خىراجەت پۇل چىقىم، كۆپ كەتسە، بۇ چاغدا ئېلىنىغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا،1/10نى، يېرىمىغا 1/20نى بېرىدۇ، يەنى 1000 كىلوگرام بۇغداي قوناق ياكى كېپەزگە،150 جىڭ بېرىدۇ، ئەگەر1/10نى يەنى 200 جىڭ بەرسە، بۇ بەك ياخشى، چۈنكى، زالىم ھىسابىنى چوقۇم بېرىدۇ، يېرىمىغا 1/10نى يېرىمىغا 1/20نى بېرىشتىكى سەۋەب، زىرائەتنىڭ يېرىمى قۇدۇق بىلەن، يېرىمى دەريا، ئۆستەڭ بىلەن سۇغۇرۇلدى، ياكى دەريا ـ ئۆستەڭ، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلسىمۇ، ھاكىمىيەت سۇ ھەققى ئېلىپ، چىقىم، كۆپ كەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن 2000 جىڭغا ، 200جىڭ بەرگەنىنىڭ ئورنىدا 150 جىڭ بېرىلىدۇ، ئەگەر 1/10نى بەرسە، تېخى ياخشى، بىز شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، كېپەزدىنمۇ چوقۇم، ئۆشرە ـ زاكات ئايرىشى لازىم، بۇ ھەدىسلەر ھەرقانداق نەرسىگە ئۆشرە ـ زاكات بېرىشنى ۋاجىپ قىلدى، «بەش ۋەسىقدىن تۆۋەن نەرسە بولسا، زاكات، ئۆشرە بېرىلمەيدۇ» دېگەن سەھىھ ھەدىس بولسا، نىساپ، ئۆلچەم توختىتىدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا بارلىق جۇمھۇر ئالىملار بەش ۋەسقە، 300 سا يەنى 1500 جىڭ ئۆلچەم، زىمىندىن ئېلىنىغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچىمى، خۇددى زاكات ئايرىشتا مال ـ مۈلۈك، ھايۋان، چارۋىلاردا ئۆلچەم بولغاندەك، شۇنىڭمۇ ئۆلچىمى بار بولۇپ، يۇقىرقى جىڭ سانى، ئاشلىقتىن ئۆشرە ـ زاكات ئايرىش ئۆلچىمىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاز چىقىپ قالسا، نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ دېگەن، چۈنكى، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسى، بۇنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزى شۇنداق دېگەن، باشقىلار ئاق ساقاللىق قىلمىسۇن، سەللەمنا دېسۇن دېگەن.سە 4270 ـ ھە

## 409 ــ باب لا زكاة على المسلم في عبده وفرسه

## مۇسۇلماننىڭ قۇلىغا ۋە ئېتىغا زاكات بېرىش يوق، دېگەن توغرىسىدا

2228 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ قالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَيْسَ عَلَى الْمُسْلِمِ فِي عَبْدِهِ وَلاَ فَرَسِهِ صَدَقَةٌ».
2229 ـ2230 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ ابْنُ مُوسَىَ عَنْ مَكْحُولٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، (قَالَ عَمْرٌو): عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم (وَقَالَ زُهَيْرٌ: يَبْلُغُ بِهِ) «لَيْسَ عَلَى الْمُسْلِمِ فِي عَبْدِهِ وَلاَ فَرَسِهِ صَدَقَةٌ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ قۇلىدا، ئېتىدا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، (لېكىن، ئېلىپ ساتسا، مالنىڭ، پۇلىنىڭ ھېسابىدا زاكات بېرىدۇ).

2231 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ هَـرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ. قالُوا: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَي مَخْرَمَةُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يُحَدّثُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَيْسَ فِي الْعَبْدِ صَدَقَةٌ إِلاّ صَدَقَةُ الْفِطْرِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلماننىڭ قۇلىدا، زاكات بېرىش يوق، لېكىن، سەدىقە ــ پىترىنى بېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم،بۇخارى،كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.(ئېتى، خىزمەتچى قۇلى، دىدەك چۆرىسى قىممەت بولسىمۇ زاكات كەلمىگەندەك، ئائىلىۋى ھاجىتى ئۈچۈن چىقىپ ئوينايدىغان، پۇل تاپمايدىغان شەخسىي ماشىنىسىغا قىممەت بولسىمۇ زاكات كەلمەيدۇ).

## 410 ــ باب في تقديم الزكاة ومنعها زاكاتنى بۇرۇن بېرىۋېتىش ۋە ئۇنى بەرمىگەن كىشى توغرىسىدا

2232 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ حَفْصٍ. حَدّثَنَا وَرْقَاءُ عَنْ أَبِي الزّنَادِ عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عُمَرَ عَلَى الصّدَقَةِ. فَقِيلَ: مَنَعَ ابْنُ جَمِيلٍ وَخَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ وَالْعَبّاسُ رَضِيَ اللّهِ عَنْهُمَ عَمّ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا يَنْقِمُ ابْنُ جَمِيلٍ إِلاّ أَنّهُ كَانَ فَقِيراً فَأَغْنَاهُ اللّهُ وَأَمّا خَالِدٌ فَإِنّكُمْ تَظْلِمُونَ خَالِداً. قَدِ احْتَبَسَ أَدْرَاعَهُ وَأَعْتَادَهُ فِي سَبِيلِ اللّهِ، وَأَمّا الْعَبّاسُ فَهِيَ عَلَيّ. وَمِثْلُهَا مَعَهَا». ثُمّ قَالَ: «يَا عُمَرُ أَمَا شَعَرْتَ أَنّ عَمّ الرّجُلِ صِنْوُ أَبِيهِ؟».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى، ئاندىن ئىبنى جەمىيل،خالىد،ئ اىباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار زاكاتنى بەرمىدى دىيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىبنى جەمىيل پېقىر بولغاچقا، زاكات بېرىشنى ياقتۇرماپتۇ، ئاللاھ، الله نىڭ ئەلچىسى ئۇنى باي قىلىۋەتسۇن، ئەمما خالىدقا كەلسەك، سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىپسىلەر، چۈنكى ئۇ بارلىق جەڭ كىيىملىرىنى، ئۇلاغ، قۇرال، جەڭ جابدۇقلىرىنى ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىپ بېرىۋەتكەن، ئەمما ئاباباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپكە كەلسەك، ئۇنىڭ زاكتى مېنىڭ ئۈستۈمگە بولسۇن، مەن ئۇ زاكات بىلەن بىللە يەنە شۇنچىلىك قوشۇپ بېرەي، ئى ئۆمەر! ھەققەتەن كىشىنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆز دادىسىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن، (ئاباباس مېنىڭ دادامنىڭ ئورنىدىكى تاغام بولىدۇ)دىدى. ئەبۇ داۋۇد 1382 ــ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.(يەنەبىرخاتىردە؛ ئاباباس رەز كۆپ بەرسۇن دىيىلگەن.)

بۇ ھەدىسدىن ھەممە نەرسىسنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋەتكەن كىشىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بەردى، پېقىر كىشىدىنمۇ ئېلىنمايدۇ، چۈنكى يوق، شۇنداقلا دادىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ

زاكتنى تۆلەپ قويسا، ئۇلار ئىسلاھ قىلىنغىچە ببرىپ تۇرسا بولىدۇ، چۈنكى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كېيىن بىر يىللىق زاكاتنى ئالدىدىن ببرىدىغان بولغان.شۇنداقلا بۇھەدىستىن؛جەڭ كىيىملىرى، ئۇلاغ، قۇرال ـ ياراق، جەڭ جابدۇقلىرى...قاتارلىق نەرسىلەر تىجارەت ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ زاكات ببرىشى پەرزدۇر.

## 411 ــ باب زكاة الفطر على المسلمين من التمر والشعير

## سەدىقە ـ پىترنى خورما، ئارپا.... قاتارلىق نەرسىلەردىن ببرىشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

2233 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قالا: حَدّثنا مَالِكٌ. ح وحَدّثَنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَرَضَ زَكَاةَ الفِطرِ مِنْ رَمَضَانَ عَلَى النّاسِ. صَاعاً مِنْ تَمْرٍ. أوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ. عَلَى كُلّ حُرَ أوْ عَبْدٍ. ذَكَرٍ أوْ أُنْثَى. مِنَ الْمُسْلِمِينَ.
2234 ـ حدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنا أبي. ح وحَدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: حَدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ وَ أبُو أُسَامَةَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: فَرَضَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم زَكَاةَ الفِطرِ صَاعاً مِنْ تَمْرٍ. أوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ. عَلَى كُلّ عَبْدٍ أوْ حُرَ. صَغِيرٍ أوْ كَبِيرٍ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ سەدىقە پىتىر سىنى كىشىلەرگە مۇنداق پەرز قىلغان: سەدىقە پىترە؛ هۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن ، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا ببرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىترنى، كىشلەرنىڭ ھېيت نامىزىغا چىقىشىدىن بۇرۇن ئادا قىلىپ ببرىۋېتىشكە بۇيرىغان. (بۇغداي ئۈچ جىڭ، قوناق، ئارپا ئالتە جىڭ بولىدۇ) دارىقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،سەھىھ.

2235 ـ وأخْبَرَنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ عَنْ أيّوبَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: فَرَضَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم صَدَقَةَ رَمَضَانَ عَلَى الْحُرّ وَالْعَبْدِ، وَالذّكَرِ وَالأُنْثَى، صَاعاً مِنْ تَمْرٍ أوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ. قَالَ: فَعَدَلَ النّاسُ بِهِ نِصْفَ صَاعٍ مِنْ بُرٍ.
2236 ـ حَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ. ح وحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أخْبَرَنا اللّيْثُ عَنْ نَافِعٍ أنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ: إنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أمَرَ بِزَكَاةِ الْفِطرِ. صَاعٍ مِنْ تَمْرٍ أوْ صَاعٍ مِنْ شَعِيرٍ. قَالَ ابْنُ عُمَرَ: فَجَعَلَ الناسُ عِدْلَهُ مُدّيْنِ مِنْ حِنْطَةٍ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ سەدىقە پىترىسىنى ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ، بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا ببرىشكە بۇيرىدى، كىشلەر ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى كىلوگىرام بۇغداي بەردى.

2237 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا ابْنُ أبي فُدَيْكٍ أخْبَرَنا الضّحّاكُ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَرَضَ زَكَاةَ الفِطرِ مِنْ رَمَضَانَ عَلَى كُلّ نَفْسٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ، حُرَ أوْ عَبْدٍ. أوْ رَجُلٍ أو امْرأةٍ. صَغِيرٍ أوْ كَبِيرٍ. صَاعاً مِنْ تَمْرٍ، أوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ سەدىقە پىترىسىنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا مۇنداق پەرز قىلغان: سەدىقە پىترە؛ ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن ، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىدۇ

2238 ـ حَدّثَنَا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَىَ مَالِكٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي سَرْحِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: كُنّا نُخْرِجُ زَكَاةَ الْفِطْرِ صَاعاً مِنْ طَعَامٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ تَمْرٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ أَقِطٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ زَبِيبٍ.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز (رامىزاندا) سەدىقە پىترىنى، تائامدىن بىرسا، ياكى ئارپىدىن بىرسا، ياكى خورمىدىن بىرسە، ياكى قۇرۇت قۇرۇق سۈتتىن بىرسا، ياكى قۇرۇق ئۈزۈم يىمىشتىن بىرسا چىقىرىپ بىرەتتۇق.

بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2239 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا دَاوُدُ (يَعْنِي ابْنَ قَيْسٍ) عَنْ عِيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: كُنّا نُخْرِجُ، إِذْ كَانَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، زَكَاةَ الْفِطْرِ عَنْ كُلّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ. حُرَ أَوْ مَمْلُوكٍ. صَاعاً مِنْ طَعَامٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ أَقِطٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ،أَوْ صَاعاً مِنْ تَمْرٍ، أَوْ صَاعاً مِنْ زَبِيبٍ فَلَمْ نَزَلْ نُخْرِجُهُ حَتّى قَدِمَ عَلَيْنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي سُفْيَانَ حَاجّاً، أَوْ مُعْتَمِراً. فَكَلّمَ النّاسَ عَلَى الْمِنْبَرِ. فَكَانَ فِيمَا كَلّمَ بِهِ النّاسَ أَنْ قَالَ: إِنّي أَرَى مُدّيْنِ مِنْ سَمْرَاءِ الشّامِ تَعْدِلُ صَاعاً مِنْ تَمْرٍ. فَأَخَذَ النّاسُ بِذَلِكَ. قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: فَأَمّا أَنَا فَلاَ أَزَالُ أُخْرِجُهُ، كَمَا كُنْتُ أُخْرِجُهُ أَبَداً، مَا عِشْتُ.
2240 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حدّثنا عَبْدُ الرّزّاقِ عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أُمَيّةَ. قَالَ: أَخْبَرَنِي عَنْ عِيَاضُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعْدِ بْنِ أَبِي سَرْحِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدَرِيّ يَقُولُ: كُنّا نُخْرِجُ زَكَاةَ الْفِطْرِ، وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِينَا، عَنْ كُلّ صَغِيرٍ وَكَبِيرٍ. حُرَ وَمَمْلُوكٍ. مِنْ ثَلاَثَةِ أَصْنَافٍ: صَاعاً مِنْ تَمْرٍ. صَاعاً مِنْ أَقِطٍ. صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ. فَلَمْ نَزَلْ نُخْرِجُهُ كَذَلِكَ حَتّى كَانَ مُعَاوِيَةُ. فَرَأَى أَنّ مُدّيْنِ مِنْ بر تَعْدِلُ صَاعاً مِنْ تَمْرٍ. قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: فَأَمّا أَنَا فَلاَ أَزَالُ أُخْرِجُهُ كَذَلِكَ.
2241 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ عَنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي ذِبَابٍ، عَنْ عِيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي سَرْحٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: كُنّا نُخْرِجُ زَكَاةَ الْفِطْرِ مِنْ ثَلاَثَةِ أَصْنَافٍ: الأَقِطِ، وَالتّمْرِ، وَالشّعِيرِ.
2242 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا حَاتِمُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ عَنِ ابْنِ عَجْلاَنَ، عَنْ عِيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي سَرْحٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ مُعَاوِيَةَ، لَمّا جَعَلَ نِصْفَ الصّاعِ مِنَ الْحِنْطَةِ عَدْلَ صَاعٍ مِنْ تَمْرٍ، أَنْكَرَ ذَلِكَ أَبُو سَعِيدٍ. وَقَالَ: لاَ أُخْرِجُ فِيهَا إِلاّ الّذِي كُنْتُ أُخْرِجُ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: صَاعاً مِنْ تَمْرٍ أَوْ صَاعاً مِنْ زَبِيبٍ أَوْ صَاعاً مِنْ شَعِيرٍ أَوْ صَاعاً مِنْ أَقِطٍ.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا بار بولغان ۋاقىتتا سەدىقە پىترىنى، ھەربىر كىچىك ـ چوڭ كىشىدىن، ھۆر ياكى قۇل توغرىسىدىن، تائامدىن بىرسا، ياكى ئارپىدىن بىرسا، ياكى خورمىدىن بىرسە، ياكى قۇرۇت، قۇرۇق سۈتتىن بىرسا، ياكى قۇرۇق ئۈزۈم يىمىشتىن بىرسا چىقىرىپ بىرەتتۇق، (بىر سا ئالتە جىڭدىن، سەككىز جىڭغىچە )مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەرز ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە ھەج قىلغان ھالدا قېشىمىزغا كەلگەنگە قەدەر سەدىقە ـ پىترىنى شۇنداق بىرىپ كەلدۇق، ئۇ كىلىپ، مۇنبەر ئۈستىدە كىلىشلەرگە سۆز قىلىپ؛ مەن شامغا مەنسۇپ بولغان ئىسىل بۇغدايدىن ئىككى كىلوگىرامنى بىر سا خورمىغا تەڭ دەپ قارايمەن دىدى، كىشلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئېلىپ شۇنداق بىرىپ كەتتى، مەن ئۇنى ئىنكار قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىسىدىكىدەكلا، تائامدىن بىرسا، ياكى ئارپىدىن بىرسا، ياكى خورمىدىن

بىرسە، ياكى قۇرۇت، قۇرۇق سۈتتىن بىرسا، ياكى قۇرۇق ئۈزۈم يىمىشتىن بىرسا بەردىم ھەم بۇنىڭدىن كىيىن ياشاپلا قالسام، شۇنداق بىرىمەن.

## 412 ـــــ باب الأمر بإخراج زكاة الفطر قبل الصلاة

## سەدىقە ـ پىترنى روزا ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بىرىش توغرىسىدا

2243 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أبُو خَيْثَمَةَ عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أمَرَ بِزَكَاةِ الْفِطْرِ، أنْ تُؤَدّى، قَبْلَ خُرُوجِ النّاسِ إلَى الصّلاَةِ.
2244 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا ابْنُ أبِي فُدَيْكٍ. أخْبَرَنَا الضّحّاكُ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أمَرَ بِإخْرَاجِ الْفِطْرِ أنْ تُؤَدّى، قَبْلَ خُرُوجِ النّاسِ إلَى الصّلاَةِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىترنى، كىشىلەرنىڭ ھېيت نامىزىغا چىقىشىدىن بۇرۇن ئادا قىلىپ بىرىشتىشكە بۇيرىغان.

## 413 ـــ باب إثم مانع الزكاة زاكات بەرمىگۈچىنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

2245 ـ وحدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ مَيْسَرَةَ الصّنْعَانِيَ) عَنْ زَيْدِ بْنِ أسْلَمَ أنّ أبَا صَالِحٍ ذَكْوَانَ أخْبَرَهُ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ صَاحِبِ ذَهَبٍ وَلاَ فِضّةٍ، لاَ يُؤَدّي مِنْهَا حَقّهَا، إلاّ إذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ، صُفّحَتْ لَهُ صَفَائِحُ مِنْ نَارٍ، فَأُحْمِيَ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنّمَ. فَيُكْوَى بِهَا جَنْبُهُ وَجَبِينُهُ وَظَهْرُهُ. كُلّمَا بَرَدَتْ أُعِيدَتْ لَهُ. فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ ألْفَ سَنَةٍ. حَتّى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ. فَيُرَى سَبِيلُهُ. إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّارِ». قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَالإبِلُ؟

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئوتتىن داغمال، دەزمال ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا تازا قىزىتىلىپ، بۇ دەزمال بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يانلىرى، پىشانىسى، ئۇچىلىرى داغلىنىدۇ، قىززىق دەزمال يىقىلىدۇ، ھەر قاچان سوۋۇپ قالسا، يەنە قىزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشىگە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە دائىم قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى ھۆكۈمدىن كىيىن يولنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!تۆگى ئىگىسىچۇ؟دەپ سورالدى.

قَالَ: «وَلاَ صَاحِبُ إبِلٍ لاَ يُؤَدّي مِنْهَا حَقّهَا. وَمِنْ حَقّهَا حَلَبُهَا يَوْمَ وِرْدِهَا. إلاّ إذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ. بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ أوْفَرَ مَا كَانَتْ، لاَ يَفْقِدُ مِنْهَا فَصِيلاً وَاحِداً، تَطَؤهُ بِأخْفَافِهَا وَتَعَضّهُ بِأفْوَاهِهَا، كُلّمَا مَرّ عَلَيْهِ أولاَهَا رُدّ عَلَيْهِ أخْرَاهَا، فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ ألْفَ سَنَةٍ، حَتّى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ. فَيُرَى سَبِيلُهُ إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّارِ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى،ۋە ھەققىنى ئادا قىلمايدىكەن، ـ تۆگىنىڭ ھەققى بىر كۈنلۈك سۇغۇرۇپ، ھەلەپ بىرىپ، سىغىپ ئىچىش، سۈتىدىن سەدىقە قىلىش ـ قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ زاكات بەرمىگەن كىشىنى تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تۆگىلەر ئۈچۈن تاشلاپ

بېرىلىدۇ، تۆگىلەر بۇرۇنقىدىن چوڭ ھەم سېمىز بولۇپ، ئۇ كىشى تۆگىلەردىن بىر بوتلاقنىمۇ يىتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىللىرى يەنە دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشى ئۈچۈن بەندىلەر ئارىسدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر، مىقدارى50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز يولى يا جەننەتكە يا دوزاخقا كۆرىلىدۇ،دېدى.

قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَالْبَقَرُ وَالْغَنَمُ؟ قَالَ: «وَلاَ صَاحِبُ بَقَرٍ وَلاَ غَنَمٍ لاَ يُؤَدّي مِنْهَا حَقّهَا، إلاّ إذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ، لاَ يَفْقِدُ مِنْهَا شَيْئاً، لَيْسَ فِيهَا عَقْصَاءُ وَلاَ جَلْحَاءُ وَلاَ عَضْبَاءُ تَنْطَحُهُ بِقُرُونِهَا وَتَطَؤُهُ بِأَظْلاَفِهَا. كُلّمَا مَرّ عَلَيْهِ أُولاَهَا رُدّ عَلَيْهِ أُخْرَاهَا. فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ. حَتّى يُقْضَى بَيْنَ الْعِبَادِ. فَيُرَى سَبِيلُهُ إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّارِ».

ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قوي،كالا ئىگىسچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەر قانداق بىر كالا، قوي ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، بۇ كىشى ئاشۇ قوي، كالىلار ئۈچۈن تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تاشلاپ بېرىلىدۇ، ئۇ كىشى قوي، كالىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسدا مۈڭگۈزى يانغا تۈزلىرى يوق، مۈڭگۈزى ئۈتتۈرىغا ئۇشلۇقتۇر، مۈڭگۈزسىزمۇ يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق ياكى قۇلاقلىرى يېرىقلىرىمۇ يوق، قوي، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى قايتىپ كېلىپ يەنەدەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇنىڭغا بەندىلەر ئارىسدا ھۆكۈم قىلىنىپ، ھېساب تامام بولغانغا قەدەر، مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ھۆكۈمدىن كېيىن ئۆز يولىنى يا جەننەتكە يا دوزاخقا كۆرىدۇ،دېدى.

قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَالْخَيْلُ؟ قَالَ: «الْخَيْلُ ثَلاَثَةٌ: هِيَ لِرَجُلٍ وِزْرٌ. وَهِيَ لِرَجُلٍ سِتْرٌ. وَهِيَ لِرَجُلٍ أَجْرٌ. فَأَمّا الّتِي هِيَ لَهُ وِزْرٌ، فَرَجُلٌ رَبَطَهَا رِيَاءً وَفَخْراً وَنِوَاءً عَلَى أَهْلِ الإسْلاَمِ فَهِيَ لَهُ وِزْرٌ. وَأَمّا الّتِي هِيَ لَهُ سِتْرٌ. فَرَجُلٌ رَبَطَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ. ثُمّ لَمْ يَنْسَ حَقّ اللّهِ فِي ظُهُورِهَا وَلاَ رِقَابِهَا. فَهِيَ لَهُ سِتْرٌ وَأَمّا الّتِي هِيَ لَهُ أَجْرٌ. فَرَجُلٌ رَبَطَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ لأَهْلِ الإسْلاَمِ. فِي مَرْجٍ وَرَوْضَةٍ. فَمَا أَكَلَتْ مِنْ ذَلِكَ الْمَرْجِ أَوِ الرّوْضَةِ مِنْ شَيْءٍ. إلاّ كُتِبَ لَهُ،عَدَدَ مَا أَكَلَتْ، حَسَنَاتٌ، وَكُتِبَ لَهُ، عَدَدَ أَرْوَاثِهَا وَأَبْوَالِهَا، حَسَنَاتٌ. وَلاَ تَقْطَعُ طِوَلَهَا فَاسْتَنّتْ شَرَفَاً أَوْ شَرَفَيْنِ إلاّ كَتَبَ اللّهُ لَهُ، عَدَدَ آثَارِهَا وَأَرْوَاثِهَا، حَسَنَاتٍ. وَلاَ مَرّ بِهَا صَاحِبُهَا عَلَى نَهْرٍ فَشَرِبَتْ مِنْهُ وَلاَ يُرِيدُ أَنْ يَسْقِيَهَا، إلاّ كَتَبَ اللّهُ لَهُ، عَدَدَ مَا شَرِبَتْ، حَسَنَاتٍ». قِيلَ: يَا رَسُولَ اللّهِ فَالْحُمُرُ؟ قَالَ: «مَا أُنْزِلَ عَلَيّ فِي الْحُمُرِ شَيْءٌ إلاّ هَذِهِ الآيَةُ الْفَاذّةُ الْجَامِعَةُ: {فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرّةٍ خَيْراً يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرّةٍ شَرّاً يَرَهُ} (99الزلزلة الآية: 7، 8)».

2246 ـ وحدّثني يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى الصّدَفِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي هِشَامُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ فِي هَذَا الأَسْنَادِ، بِمَعْنَى حَدِيثِ حَفْصِ بْنِ مَيْسَرَةَ، إلَى آخِرِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «مَا مِنْ صَاحِبِ إبِلٍ لاَ يُؤَدّي حَقّهَا» وَلَمْ يَقُلْ: «مِنْهَا حَقّهَا» وَذَكَرَ فِيهِ: «لاَ يَفْقِدُ مِنْهَا فَصِيلاً وَاحِداً» وَقَالَ: «يُكْوَى بِهَا جَنْبَاهُ وَجَبْهَتُهُ وَظَهْرُهُ» .

ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئاتچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئات ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئۈچ خىل بولىدۇ، بىر كىشىگە گۇناھ بىر كىشىگە سۇترە، پەردەيەنە بىر كىشىگە ئەجرى بولىدۇ، بىر كىشى ئاتنى پەخىرلىنىپ رىيا قىلىپ، ئىسلام ئەھلىگە ئاداۋەت قىلىپ باقسا، بۇ خىل ئات ئۇ كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، گۇناھدىن پەردە بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇ ئاتنى ئۆزىنى بىھاجەت قىلىشنى ، پەردىلىنىشنى ئىپپەتلىكنى مەخسەت قىلىپ الله يولىدا باقىدۇ، ئاتنىڭ بويىنىدىكى، ئۈچىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەنە شۇ ئات گۇناھدىن پەردىدۇر، ئەجرى بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇنى ئاللاھ يولىدا جىھاد تەييارلىق ئۈچۈن،ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن باغلاپ باقىدۇ، ئۇ كىشى ئاتنى يايلاققا ياكى باغقا ئۇزۇن باغلاپ قويىدۇ، ئات ئۆزىنىڭ باغلاقتىكى ئارغامچىسىدا تۇرۇپ، باغدىن،يايلاقتىن يىگەن نەرسىسىدە، شۇكىشى ئۈچۈن ئات يىگەن نەرسىنىڭ، ۋە ئۇنىڭ تىزەك، سۇدۇكلىرىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىقلار يېزىلىدۇ، ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىر ئىككى ئېگىز جايغا كىشىنىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقسا ياكى بىر ئىككى ئېگىزجايدىن ئۆتسە، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاتنىڭ ئىزلىرى ھەتتا تېزەكلىرىنىڭ سانىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئات، ئېرىق ــ ئۆستەڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىگىسى ئۇنى سۇغۇرۇشنى مەخسەت قىلمىغان ھالدا ئۆزى سۇ ئىچىۋالسا، الله شۇئات ئىچكەن سۇنىڭ سانىنىڭ بارابىرىدە ياخشىلىق يازىدۇ،دىدى. ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ئىشەكچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا ئىشەك توغرىسىدا (يەنى ئىشەكنىڭ زاكىتى توغرىسىدا) بىرەر نەرسە نازىل قىلىنمىدى، لىكىن ، بارلىق ياخشىلىقلارنى توپلاپ يىغقۇچى، تەنھا مىسلىسىز مۇشۇئايەت نازىل قىلىندى« كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»دىدى. مۇسلىم 1647 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد 1414 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7247 ـ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

2247 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ الأمَوِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُخْتَار. حَدّثَنَا سُهَيْلُ بْنُ أبِي صَالَحِ عَنْ أبيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ صَاحِبِ كَنْزٍ لاَ يُؤَدّي زَكَاتَهُ إلاّ أحْمِيَ عَلَيْهِ فِي نَارِ جَهَنّمَ. فَيُجْعَلُ صَفَائِحَ. فَيُكْوَى بِهَا جَنْبَاهُ وَجَبِينُهُ. حَتّى يَحْكُمَ اللّهُ بَيْنَ عِبَادِهِ. فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ. ثُمّ يُرَى سَبِيلُهُ إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّار. وَمَا مِنْ صَاحِبِ إبِلٍ لاَ يُوءَدِي زَكَاتَهَا إلاّ بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ. كَأَوْفَرِ مَا كَانَتْ. تَسْتَنّ عَلَيْهِ. كُلّمَا مَضَى عَلَيْهِ أُخْرَاهَا رُدّتْ عَلَيْهِ أُولاَهَا. حَتّى يَحْكُمَ اللّهُ بَيْنَ عِبَادِهِ. فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ. ثُمّ يُرَى سَبِيلُهُ إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّار. وَمَا مِنْ صَاحِبِ غَنَمٍ لاَ يُوءَدّي زَكَاتَهَا. إلاّ بُطِحَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ. كَأَوْفَرِ مَا كَانَتْ. فَتَطَؤُهُ بِأَظْلاَفِهَا وَتَنْطَحُهُ بِقُرُونِهَا. لَيْسَ فِيهَا عَقْصَاءُ وَلاَ جَلْحَاءُ. كُلّمَا مَضَى عَلَيْهِ أُخْرَاهَا رُدّتْ عَلَيْهِ أُولاَهَا. حَتّى يَحْكُمَ اللّهُ بَيْنَ عِبَادِهِ. فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ مِمّا تُعُدّونَ. ثُمّ يُرَى سَبِيلُهُ إمّا إلَى الْجَنّةِ وَإمّا إلَى النّار».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئالتۇن – كۈمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ كىشى ئۈچۈن ئوتتىن داغمال، دەزمال ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا تازا قىزىتىپ، بۇ دەزمال بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يانلىرى، پېشانىسى، ئۈچىلىرى داغلىنىدۇ، قىززىق دەزمال يېقىلىدۇ، ھەر قاچان سوۋۇپ قالسا، يەنە قىزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشىگە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە قىلىنىدۇ، دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى ھۆكۈمدىن كېيىن يولنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ، ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى،ۋە ھەققىنى ئادا قىلمايدىكەن، (ئۇنىڭ ھەققى بىر كۈنلۈك سۇغۇرۇپ ھەلەپ بېرىپ، سېغىپ ئىچىش، سۇتىدىن سەدىقە قىلىش) قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ زاكات بەرمىگەن كىشىنى تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تۆگىلەر ئۈچۈن تاشلاپ بېرىلىدۇ، تۆگىلەر بۇرۇنقىدىن چوڭ ھەم سېمىز بولۇپ، ئۇ كىشى تۆگىلەردىن بىر بوتىلاقنىمۇ يىتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشى ئۈچۈن بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز يولى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىلىدۇ. ھەر قانداق بىر كالا، قوي ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، بۇ كىشى ئاشۇ قوي، كالىلار ئۈچۈن تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تاشلاپ بېرىلىدۇ، ئۇ كىشى قوي، كالىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ ئۇنىڭ ئارىسىدا مۈڭگۈزى يانغا تۈزلىرى يوق، مۈڭگۈزى ئوتتۇرىغا ئۇشلۇقتۇر، مۈڭگۈزسىزمۇ يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق ياكى قۇلاقلىرى يېرىقلىرىمۇ يوق، قوي، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇنىڭغا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ، ھېساب تامام بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز يولى ھۆكۈمدىن كېيىن يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىلىدۇ.

قالَ سُهَيْلٌ: فَلاَ أَدْرِي أَذَكَرَ الْبَقَرَ أَمْ لاَ. قَالُوا: فَالْخَيْلُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: الْخَيْلُ فِي نَوَاصِيهَا (أَوْ قَالَ) الْخَيْلُ مَعْقُودٌ فِي نَوَاصِيهَا (قَالَ سُهَيْلٌ: أَنَا أَشُكّ) الْخَيْرُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ. الْخَيْلُ ثَلاَثَةٌ: فَهِيَ لِرَجُلٍ أَجْرٌ. وَلِرَجُلٍ سِتْرٌ. وَلِرَجُلٍ وِزْرٌ. فَأَمّا الّتِي هِيَ لَهُ أَجْرٌ. فَالرّجُلُ يَتّخِذُهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ وَيُعِدّهَا لَهُ. فَلاَ تُغَيّبُ شَيْئاً فِي بُطُونِهَا إِلاّ كَتَبَ اللّهُ لَهُ أَجْراً. وَلَوْ رَعَاهَا فِي مَرْجٍ، مَا أَكَلَتْ مِنْ شَيْءٍ إِلاّ كَتَبَ اللّهُ لَهُ بِهَا أَجْراً. وَلَوْ سَقَاهَا مِنْ نَهْرٍ، كَانَ لَهُ بِكُلّ قَطْرَةٍ تُغَيّبُهَا فِي بُطُونِهَا أَجْرٌ. (حَتّى ذَكَرَ الأَجْرَ فِي أَبْوَالِهَا وَأَرْوَاثِهَا) وَلَوِ اسْتَنّتْ

شَرَفَاً أَوْ شَرَفَيْنِ كُتِبَ لَهُ بِكُلِ خُطْوَةٍ تَخْطُوهَا أَجْرٌ. وَأَمّا الّذِي هِيَ لَهُ سِتْرٌ فَالرّجُلُ يَتّخِذُهَا تَكَرّماً وَتَجَمّلاً. وَلاَ يَنْسَى حَقّ ظُهُورِهَا وَبُطُونِهَا. فِي عُسْرِهَا وَيُسْرِهَا. وَأَمّا الّذِي عَلَيْهِ وِزْرٌ فَالّذِي يَتّخِذُهَا أَشَراً وَبَطَراً وَبَذَخاً وَرِيَاءَ النّاسِ. فَذَاكَ الّذِي هِيَ عَلَيْهِ وِزْرٌ». قَالُوا: فَالْحُمُرُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ مَا أَنْزَلَ اللّهُ عَلَيّ فِيهَا شَيْئَاً إِلاّ هَذِهِ الآيَةَ الْجَامِعَةَ الْفَاذّةَ: فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرّةٍ خَيْراً يَرَهُ. وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرّةٍ شَرّاً يَرَهُ (99الزلزلة الآية 7،8)».

2248 ــ2249 ــ2250 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ) عَنْ سُهَيلٍ بِهَـٰذَا الأسْنَادِ، وَسَاقَ الْحَدِيثَ.

ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئاتچۇ؟دەپ سورالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، (بۇ ياخشىلىق ئەجىر بىلەن غەنىيمەتتۇر) ئات ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئۈچ خىل بولىدۇ، بىر كىشىگە ئەجرى، بىر كىشىگە سۈترە، پەردە، يەنە بىر كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، ئەجرى بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇنى ئاللاھ يولىدا جىھاد تەييارلىق ئۈچۈن باغلاپ باقىدۇ، ئاتقا بەرگەن ھەرقانداق نەرسىگە، **الله** ئۇكىشى ئۈچۈن ئەجىر يازىدۇ، ئۇ كىشى ئاتنى يايلاقتا ياكى باغقا ئۇزۇن باغلاپ قويىدۇ، ئات ئۆزىنىڭ باغلاقتىكى ئارغامچىسىدا تۇرۇپ، باغ دىن يەتكەن يىگەن نەرسىسىدە شۇكىشى ئۈچۈن ياخشىلىقلار بولىدۇ، ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزىۋېتىپ، بىر ئىككى ئىگىز جايغا كىشىنىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ، چىقسا ياكى بىر ئىككى ئىگىزجايدىن ئۆتسە، ئاتنىڭ ئىزلىرى ھەتتا تېزەكلىرىمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇپ يېزىلىدۇ، ئەگەر ئات، ئېرىق ــ ئۆستەڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىگىسى ئۇنى سۇغۇرۇشنى مەخسەت قىلمىغان ھالدا ئۆزى سۇ ئىچىۋالسا، بۇمۇ ئۇ كىشىگە ياخشىلىق بولىدۇ . گۇناھدىن پەردە بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇ ئاتنى ئۆزىنى بىھاجەت قىلىشنى، پەردىلىنىشنى ئىپپەتلىكنى مەخسەت قىلىپ باقىدۇ، ئاتنىڭ بويىندىكى، ئۇچىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى تەس ۋە ئاسانچىلىقتىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەنە شۇ ئات گۇناھدىن پەردىدۇر، بىر كىشى ئاتنى پەخىرلىنىپ، رىيا قىلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئىسلام ئەھلىگە ئاداۋەت قىلىپ باقسا، بۇ خىل ئات ئۇ كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، دېدى. ئۇلار؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!ئىشەكچۇ؟دەپ سوردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ماڭا ئىشەك توغرىسىدا (يەنى ئىشەكنىڭ زاكىتى توغرىسىدا) بىرەر نەرسە نازىل قىلىنمىدى، لىكىن ، بارلىق ياخشىلىقلارنى توپلاپ يىغقۇچى، تەنھا مىسلىسىز مۇشۇئايەت نازىل قىلىندى« كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»دېدى. مۇسلىم دېىسكىسى 1647 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد 1414 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7247 ـ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

2251 ــ2252 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَا مِنْ صَاحِبِ إِبِلٍ لاَ يَفْعَلُ فِيهَا حَقّهَا، إِلاّ جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَكْثَرَ مَا كَانَتْ قَطّ. وَقَعَدَ لَهَا بِقَاعٍ قَرْقَرٍ. تَسْتَنّ عَلَيْهِ بِقَوَائِمِهَا وَأَخْفَافِهَا وَلاَ

صَاحِبِ بَقَرٍ لاَ يَفْعَلُ فِيهَا حَقّهَا، إِلاّ جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَكْثَرَ مَا كَانَتْ، وَقعدَ لَهَا بقاعٍ قرْقرٍ، تَنْطِحُهُ بِقُرُونِهَا وَتَطَأُهُ بِقَوَائِمِهَا، وَلاَ صَاحِبِ غَنَمٍ لاَ يَفْعَلُ فِيهَا حَقّهَا، إِلاّ جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَكْثَرَ مَا كَانَتْ، وَقعدَ لَهَا بقاعٍ قرْقرٍ، تَنْطِحُهُ بِقُرُونِهَا وَتَطَؤُهُ بِأَظْلاَفِهَا. لَيْسَ فِيهَا جَمّاءُ وَلاَ مُنْكَسِرٌ قَرْنُهَا. وَلاَ صَاحِبِ كَنْزٍ لاَ يَفْعَلُ فِيهِ حَقّهُ. إِلاّ جَاءَ كَنْزُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ شُجَاعاً أَقْرَعَ». يَتْبَعُهُ فَاتِحاً فَاهُ، فَإِذَا أَتَاهُ فَرّ مِنْهُ. فَيُنَادِيهِ: خُذْ كَنْزَكَ الّذِي خَبَأْتَهُ. فَأَنَا عَنْهُ غَنِيّ. فَإِذَا رَأَى أَنْ لاَ بُدّ مِنْهُ، سَلَكَ يَدَهُ فِي فِيهِ، فَيَقْضَمُهَا قَضْمَ الْفَحْلِ.

قَالَ أَبُو الزّبَيْرِ: سَمِعْتُ عُبَيْدَ بْنَ عُمَيْرٍ يَقُولُ هَذَا الْقَوْلَ. ثُمّ سَأَلْنَا جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ مِثْلَ قَوْلِ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ.

وَقَالَ: أَبُو الزّبَيْرِ: سَمِعْتُ عُبَيْدَ بْنَ عُمَيْرٍ يَقُولُ: قَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا حَقّ الإِبِلِ؟ قَالَ: «حَلَبُهَا عَلَى الْمَاءِ. وَإِعَارَةُ دَلْوِهَا. وَإِعَارَةُ فَحْلِهَا. وَمَنِيحَتُهَا». وَحَمْلٌ عَلَيْهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى بۇ تۆگىلەر ئەڭ كۆپ ھەم چوڭ، سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، ئۇ كىشىنى شۇ تۆگىلەر ئۇچۇن تۈپتۈز، كەڭرى بىر مەيدانغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن تۆگىلەر ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ، پۇتلىرى، تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قانداق بىر كالا ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي، ھەققىنى ئادا قىلمىسا، بۇ كالىلارمۇ قىيامەت كۈنى ئەڭ كۆپ، ھەم چوڭ، سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، بۇ كىشىنىمۇ شۇ كالىلار ئۇچۇن تۈپتۈز، كەڭرى مەيداندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قانداق بىر قوي ئىگىسى، قويلارنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇ قويلار قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىن كۆپ، ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، ئۇ كىشى قويلار ئۇچۇن كەڭرى بىر مەيداندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، قويلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، بۇ قويلار ئارىسىدا مۈڭگۈزسىز ياكى مۈڭگۈز سۇنۇقلىرى يوق، ھەر قانداق ئالتۇن ــ كۈمۈش، كاڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇنىڭ ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرى قىيامەت كۈنى ناھايىتى چوڭ زەھىرى كۈچلۈك تاز يىلان بولۇپ كېلىدۇ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى قوغلايدۇ، يىلان ئۇنىڭغا كەلسە، ئۇ قاچىدۇ، ئاندىن رەببى ئەززە ۋە جەللە ئۇنىڭغا سەن يوشۇرۇپ، بېخىللىق قىلىپ ئېلىپ قويغان ئالتۇن ـ كۈمۈش كاڭلىرىڭنى ئېلىۋالغىن، مەن سەندىن ۋە بۇ كاڭدىن بىھاجەت دەپ توۋلايدۇ، بەندە ئامال يوقلۇقىنى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرگەندە، قولنى يىلاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىدۇ، ئاندىن يىلان ئۇنى خۇددى ئەركەك تۆگە چايناپ ئۇزگەندەك چايناپ، چىشلەپ ئۈزۈپ ئۇنى يۇتۇۋېتىدۇ.بىر كىشى؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى!تۆگىنىڭ ھەققى نىمە؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ تۆگىنىڭ ھەققى بىر كۈنلۈك سۇغۇرۇپ، ھەلەپ بېرىپ، سېغىپ ئىچىش، سۈتىدىن سەدىقە قىلىش، ئۇنى ۋە ئەركىكىنى ئارىيەت بېرىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر كىشىنى الله يولىدا ئېلىۋېلىش، ئۇنى الله يولىدا جەڭ يولىغا بېرىش،دېدى. مۇسلىم 1649 ـ ھەدىس، نەسەئى 2411 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13920.

## 414 ــــ باب إرضاء السعاة      زاكات خادىملىرىنى رازى قىلىش توغرىسىدا

2253 ـ 2254 ـ حدّثنا أبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيَادٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ أبي إسْمَاعِيلَ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ هِلاَلٍ الْعَبْسِيّ عَنْ جَرِير بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: جَاءَ نَاسٌ مِنَ الأعْرَابِ إلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالُوا: إنّ نَاساً مِنَ الْمُصَدّقِينَ يَأْتُونَنَا فَيَظْلِمُونَنَا. قالَ فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أرْضُوا مُصَدّقِيكُمْ».
قالَ جَرِيرٌ: مَا صَدَرَ عَنّي مُصَدّقٌ، مُنْذُ سَمِعْتُ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إلاّ وَهُوَ عَنّي رَاضٍ.

جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەئرابىيلاردىن بىرتۈركۈم كىشىلەر كېلىپ؛ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىملار قېشىمىزغا كېلىپ بىزگە زۇلۇم قىلىدۇ، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغامۇنداق دېگەن: ئۆشرە ــ زاكات يىغقۇچى خادىملارنى ئوبدان رازى قىلىڭلار، يەنى زاكاتنى بېرىڭلار، (ئەبۇداۋۇد؛ گەرچە سىلەر زۇلۇمغا ئۇچۇرساڭلارمۇ، دېگەننى زىيادەيازغان) جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن مۇشۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغاندىن باشلاپ، ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىملار مەندىن رازى بولۇپلا قايتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 415 ــ باب تغليظ عقوبة من لا يؤدي الزكاة

## مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق بولىشى توغرىسىدا

2255 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا الأعْمَشُ عَنِ الْمَعْرُورِ بْنِ سُوَيْدٍ، عَنْ أبي ذَرّ قالَ: انْتَهَيْتُ إلَىَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ جَالِسٌ فِي ظِلّ الْكَعْبَةِ. فلمّا رَآنِي قالَ: «هُمُ الأخْسَرُونَ. وَرَبّ الْكَعْبَةِ» قالَ: فَجِئْتُ حَتّى جَلَسْتُ. فَلَمْ أتَقَارّ أنْ قُمْتُ، فقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ، فِدَاكَ أبي وَأمّي مَنْ هُمْ؟ قالَ: «هُمُ الأكْثَرُونَ أمْوَالاً، إلاّ مَنْ قالَ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا (مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ وَعَنْ يَمِينِهِ وَعَنْ شِمَالِهِ) وَقَلِيلٌ مَا هُمْ. مَا مِنْ صَاحِبِ إبِلٍ وَلاَ بَقَرٍ وَلاَ غَنَمٍ لاَ يُؤَدّي زَكَاتَهَا إلاّ جَاءَتْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أعْظَمَ مَا كَانَتْ وَأسْمَنَهُ. تَنْطَحهُ بِقُرُونِهَا وَتَطَؤُهُ بِأظْلاَفِهَا. كُلّمَا نَفِدَتْ أخْرَاهَا عَادَتْ عَلَيْهِ أولاَهَا. حَتّىَ يُقْضَىَ بَيْنَ النّاسِ».
2256 ـ وحدّثناه أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنِ الْمَعْرُورِ، عَنْ أبي ذَرّ قالَ: انْتَهَيْتُ إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ جَالِسٌ فِي ظِلّ الْكَعْبَةِ. فَذَكَرَ نَحْوَ حَدِيثِ وَكِيعٍ. غَيْرَ أنّهُ قالَ «وَالّذِي نَفْسِي بِيدِهِ مَا عَلَى الأرْضِ رَجُلٌ يَمُوتُ. فَيَدَعُ إبِلاً أوْ بَقَراً أوْ غَنَماً، لَمْ يُؤَدّ زَكَاتَهَا».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: ئۇلار زىيانكارلاردۇر، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. مەن:ئاتا ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلار بولسا، مال ــ دۇنياسى كۆپ توپلاپ يىغقانلاردۇر، لېكىن، ئاۋۇ ــ ماۋۇ تەرەپتىكىلەرگە، ئالدى ـ ئارقا،ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى نامرات كىشىلەرگە ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە، ئاللاھ بەرگەن مالنى چىقىم قىلىپ، سەدىقە قىلغانلار زىيان تارتمايدۇ. لېكىن، ئۇنداق سېخى كىشى بەكلا ئاز، جېنىم ئىلىكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر كىشى قوي، تۆگە، كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ چارۋا ــ ماللار بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭ ھەم سېمىز

هالەتتە كېلىپ، ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسسۈيدۇ، ھەر قاچان ئاخىرى ئۆتۈپ بولسا، بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىرى قايتىپ كېلىپ يەنە دەسسەپ ئۈسسۈيدۇ. بۇ ئازاب تا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغىچە شۇنداق بولىدۇ، (ئۇنىڭ مىقدارى قىيىن بولغانلارغا 1000 ھەتتا 50000يىللىق بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆز يولىنى جەننەتكە ياكى دوۋزاخقا كۆرىدۇ)دىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2257 ‐2258 ـ حدّثنا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ سَلاّمٍ الْجُمَحِيّ. حَدّثنَا الرّبِيعُ (يَعْنِي ابْنَ مُسْلِمٍ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَا يَسُرّنِي أَنّ لِي أُحُداً ذَهَباً. تَأْتِي عَلَيّ ثَالِثَةٌ وَعِنْدِي مِنْهُ دِينَارٌ. إلاّ دِينَارٌ أُرْصِدُهُ لِدَيْنٍ عَلَيّ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ماڭا ئوھۇد تېغى ئالتۇن بولۇپ بەرسە، ئاندىن مېنىڭ يېنىمدا شۇ ئالتۇنلاردىن بىر دىينار بار ھالەتتە ماڭا ئۈچىنچى كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن ئېلىپ قويغان ئالتۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن ). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر ماڭا ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولسا، مېنىڭ نەزىرىمدە شۇ ئالتۇنلاردىن بىرەر نەرسە بار ھالەتتە، ماڭائۈچ كۈنىنىڭ ئۆتمەسلىكى مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، (مەن ئۇنى خەزىنمەي تۇرۇپ ئۈچ كۈنىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ. مەن ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىپ بىرۋېتىمەن)، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان نەرسە قېلىپ قالىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، قەرزنى بېرىۋېتىش، قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## 416 ـــــ *باب الترغيب في الصدقة* سەدىقە قىلىشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

**2259 ـ حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. كُلّهُمْ عَنِ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قالَ: يَحْيَى: أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ، عَنْ أَبِي ذَرَ قالَ: كُنْتُ أَمْشِي مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي حَرّةِ الْمَدِينَةِ، عِشَاءً. وَنَحْنُ نَنْظُرُ إلَى أُحُدٍ. فقالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أَبَا ذَرَ» قالَ قُلْتُ: لَبّيْكَ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «مَا أُحِبّ أَنّ أُحُداً ذَاكَ عِنْدِي ذَهَبٌ. أَمْسَى ثَالِثَةً عِنْدِي مِنْهُ دِينَارٌ. إلاّ دِينَاراً أُرْصِدُهُ لِدَيْنٍ. إلاّ أَنْ أَقُولَ بِهِ فِي عِبَادِ اللّهِ. هَكَذَا (حَثَا بَيْنَ يَدَيْهِ) وَهَكَذَا (عَنْ يَمِينِهِ) وَهَكَذَا (عَنْ شِمَالِهِ)» قالَ: ثُمّ مَشَيْنَا فقالَ: «يَا أَبَا ذَرَ» قالَ قُلْتُ: لَبّيْكَ يَا رَسُولَ اللّهِ قالَ: «إنّ الأَكْثَرِينَ هُمُ الأَقَلّونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. إلاّ مَنْ قالَ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا» مِثْلَ مَا صَنَعَ فِي الْمَرّةِ الأُولَى. قالَ: ثُمّ مَشَيْنَا. قالَ: «يَا أَبَا ذَرَ كَمَا أَنْتَ حَتّى آتِيَكَ» قالَ: فَانْطَلَقَ حَتّى تَوَارَى عَنّي. قالَ: سَمِعْتُ لَغَطاً وَسَمِعْتُ صَوْتاً. قالَ فَقُلْتُ: لَعَلّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عُرِضَ لَهُ. قالَ: فَهَمَمْتُ أَنْ أَتّبِعَهُ. قالَ: ثُمّ ذَكَرْتُ قَوْلَهُ: «لاَ تَبْرَحْ حَتّى آتِيَكَ» قالَ: فَانْتَظَرْتُهُ. فَلَمّا جَاءَ ذَكَرْتُ لَهُ الّذِي سَمِعْتُ. قالَ فقالَ: «ذَاكَ جِبْرِيلُ. أَتَانِي فقالَ: مَنْ مَاتَ مِنْ أُمّتِكَ لاَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئاً دَخَلَ الْجَنّةَ. قالَ قُلْتُ: وَإنْ زَنَى وَإنْ سَرَقَ؟ قالَ: وَإنْ زَنَى وَإنْ سَرَقَ».**

**2260 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ(وَهُوَ ابْنُ رَفِيعٍ) عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ، عَنْ أَبِي ذَرَ قالَ: خَرَجْتُ لَيْلَةً مِنَ اللّيَالِي. فَإذَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَمْشِي وَحْدَهُ. لَيْسَ مَعَهُ إنْسَانٌ. قالَ: فَظَنَنْتُ أَنّهُ يَكْرَهُ أَنْ يَمْشِيَ مَعَهُ أَحَدٌ. قالَ: فَجَعَلْتُ أَمْشِي فِي ظِلّ الْقَمَرِ. فَالْتَفَتَ فَرَآنِي. فقالَ: «مَنْ هَذَا؟» فَقُلْتُ: أَبُو ذَرَ. جَعَلَنِي اللّهُ فِدَاكَ. قالَ: «يَا أَبَا ذَرَ تَعَالَهْ» قالَ: فَمَشَيْتُ مَعَهُ سَاعَةً. فقالَ: «إنّ الْمُكْثِرِينَ هُمُ الْمُقِلّونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. إلاّ مَنْ أَعْطَاهُ الله خَيْراً. فَنَفَحَ فِيهِ يَمِينَهُ وَشِمَالَهُ، وَبَيْنَ يَدَيْهِ وَوَرَاءَهُ، وَعَمِلَ فِيهِ خَيْراً». قالَ: فَمَشَيْتُ مَعَهُ سَاعَةً. فقالَ: «اجْلِسْ هَهُنَا» قالَ: فَأَجْلَسَنِي فِي قَاعٍ حَوْلَهُ حِجَارَةٌ. فقالَ لِي: «اجْلِسْ هَهُنَا حَتّى أَرْجِعَ**

إِلَيْكَ» قالَ: فانْطَلَقَ فِي الْحَرّةِ حَتّى لاَ أَراهُ. فَلَبِثَ عَنّي. فَأَطالَ اللّبْثَ. ثُمّ إِنّي سَمِعْتُهُ وَهُوَ مُقْبِلٌ وَهُوَ يَقُولُ: «وَإِنْ سَرَقَ وَإِنْ زَنَى» قالَ: فَلَمّا جَاءَ لَمْ أَصْبِرْ فَقُلْتُ: يَا نَبِيّ اللّهِ جَعَلَنِي اللّهُ فِدَاءَكَ. مَنْ تُكَلّمُ فِي جَانِبِ الْحَرّةِ؟ مَا سَمِعْتُ أَحَداً يَرْجِعُ إِلَيْكَ شَيْئاً. قالَ: ذَاكَ جِبْرِيلُ. عَرَضَ لِي فِي جَانِبِ الْحَرّةِ. فَقالَ: بَشّرْ أُمّتَكَ أَنّهُ مَنْ مَاتَ لاَ يُشْرِكُ بِاللّهِ شَيْئاً دَخَلَ الْجَنّةَ. فَقُلْتُ: يَا جِبْرِيلُ وَإِنْ سَرَقَ وَإِنْ زَنَى؟ قالَ: نَعَمْ. قالَ: قُلْتُ: وَإِنْ سَرَقَ وَإِنْ زَنَى؟ قالَ: نَعَمْ. قالَ: قُلْتُ: وَإِنْ سَرَقَ وَإِنْ زَنَى؟ قالَ: نَعَمْ. وَإِنْ شَرِبَ الْخَمْرَ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛مەن كەچ تەرەپتە مەدىنىنىڭ سايلىقىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پىيادە كىتىۋاتاتتىم، بىز ئۇھۇد تېغىغا قاراۋاتاتتۇق، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ ئى ئەبۇ زەر!دېدى، مەن؛ ئى ئاللە نىڭ ئەلچىسى!لەببەي دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ ھەقىقەتەن مەن ئۇچۇن ئوھۇد تېغى ئالتۇن بولۇپ بەرسە، ئۇنىڭدىن يېنىمدا بىر دىينار چاغلىق نەرسە بار ھالەتتە ئۈچۈنچى كۈننى كەچ قىلىشىمنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن، (يەنى ھەممىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن)، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغۇنۇم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاۋۇلارغا، ماۋۇلارغا يەنى ئەتراپىمدىكى پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىشنى ئېيتىمەن، ئاندىن بىز ئازراق ماڭغاندىن كېيىن؛ئى ئەبۇ زەر! دېدى، مەن؛ ئى ئاللە نىڭ ئەلچىسى!لەببەي دېسەم، رەسۇلۇللاھ ؛ بۇ دۇنيادا مال ــ دۇنيانى كۆپ قىلغانلار، ئاخىرەتتە ئەجىر، ساۋابى ئازلاردۇر، لېكىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سەدىقە ــ ئېھسان قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، بۇلارنىڭمۇ ئەجرى كۆپ بولىدۇ،دېدى. ئاندىن بىز ئازراق ماڭغاندىن كېيىن؛ئى ئەبۇ زەر! مەن قايتىپ كەلگىچە، سەن مۇشۇ يەردە جىم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، دەپ قويۇپ، كۆزۈمدىن غائىب بولغىچە يۈرۈپ كەتتى، ئاندىن مەن چۈشۈنۈكسىز ئاۋازلارنى ئالاپ، رەسۇلۇللاھقا بىرەر ئىش بولغاندىمۇ؟دەپ، ئەگىشىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ، كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ« ئى ئەبۇ زەر! مەن قايتىپ كەلگىچە، سەن مۇشۇ يەردە جىم تۇرۇپ تۇرغىن،»دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردۇم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇ زىنا قىلىپ، ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ، دېگەچ كەلدى، مەن سەۋرە قىلالماي، ئاڭلىغان ئاۋازنىڭ ئىشىنى دېسەم، يەنەبىردە بۇنى سورسام،رەسۇلۇللاھ؛ ماڭا جىبرىئىل كېلىپ، ئۈممىتىڭگە مۇنداق بىشارەت بەرگىن دېدى، ھەقىقەتەن كىم ئاللاھقا ھېچ نېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالدا ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مەن ؛ ئى جىبرىئىل، گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ، ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم سورىسام، ئۇ ئۈچىلى قېتىم شۇنداق، گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ، ئوغۇرلۇق قىلسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، (ھەتتا، ھاراق ئىچسىمۇ شۇنداق دېگەننى زىيادە قىلدى )،دېدى. نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن يۇقىرقى گۇناھلارنى قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما، ئۇ گۇناھى كەبىيرە بولۇپ، مۇنداق جازالارغا تارتىلىدۇ، زىناخور توي قىلغان بولسا، رىجىم قىلىنىدۇ، توي قىلمىغان زىناخورلارغا 100قامچا ئۇرۇلىدۇ، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، ھاراق ئىچكۈچى 80 قامچا يەيدۇ، بۇ دۇنيادا جازالانمىغان بولسا، ئاخىرەتتە ئاللاھ خالىسا جازالاپ ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋبە قىلىش پەرزدۇر.

## 417 ــــ باب في الكنازين للأموال والتغليظ عليهم

### زاكات بەرمەي، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا توپلىغان كىشىلەرگە ئازاپنىڭ قاتتىق بولىشى توغرىسىدا

2261 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ الْجُرَيْرِيّ، عَنْ أَبِي الْعَلاَءِ، عَنِ الأَحْنَفِ بْنِ قَيْسٍ قالَ: قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ. فَبَيْنَا أَنَا فِي حَلْقَةٍ فِيهَا مَلأٌ مِنْ قُرَيْشٍ. إِذْ جَاءَ رَجُلٌ أَخْشَنُ الثّيَابِ. أَخْشَنُ الْجَسَدِ. أَخْشَنُ الْوَجْهِ. فَقَامَ عَلَيْهِمْ فَقالَ: بَشّرِ الْكَانِزِينَ بِرَضْفٍ يُحْمَى عَلَيْهِ فِي نَارِ جَهَنّمَ. فَيُوضَعُ عَلَى حَلَمَةِ ثَدْيِ أَحَدِهِمْ. حَتّى يَخْرُجُ مِنْ نُغْضِ كَتِفَيْهِ. وَيُوضَعُ عَلَى نُغْضِ كَتِفَيْهِ.

حَتّىَ يَخْرُجَ مِنْ حلَمَةِ ثَدْيَيْهِ يَتَزَلْزَلُ. قَالَ: فَوضَعَ الْقَوْمُ رُؤُوسَهُمْ. فَمَا رَأَيْتُ أَحداً مِنْهُمْ رَجعَ إِلَيْهِ شَيْئاً. قَالَ: فَأَدْبَرَ. وَاتّبَعْتُهُ حَتّى جَلَسَ إِلَىَ سَارِيَةٍ. فَقُلْتُ: مَا رَأَيْتُ هَؤُلاَءِ إِلاّ كَرِهُوا مَا قُلْتَ لَهُمْ. قَالَ: إِنّ هَؤُلاَءِ لاَ يَعْقِلُونَ شَيْئاً. إِنّ خَلِيلِي أَبَا الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم دَعَانِي فَأَجَبْتُهُ. فَقَالَ: «أَتَرَىَ أُحُداً؟» فَنَظَرْتُ مَا عَلَيّ مِنَ الشّمْسِ وَأَنَا أَظُنّ أَنّهُ يَبْعَثُنِي فِي حَاجَةٍ لَهُ. فَقُلْتُ: أَرَاهُ. فَقَالَ: «مَا يَسُرّنِي أَنّ لِي مِثْلَهُ ذَهَباً أُنْفِقُهُ كُلّهُ. إِلاّ ثَلاَثَةَ دَنَانِيرَ» ثُمّ هَؤُلاَءِ يَجْمَعُونَ الدّنْيَا. لاَ يَعْقِلُونَ شَيْئاً. قَالَ قُلْتُ: مَا لَكَ وَلإِخْوَتِكَ مِنْ قُرَيْشٍ، لاَ تَعْتَرِيهِمْ وَتُصِيبُ مِنْهُمْ. قَالَ: لاَ. وَرَبّكَ لاَ أَسْأَلُهُمْ عَنْ دُنْيَا. وَلاَ أَسْتَفْتِيهِمْ عَنْ دِينٍ. حَتّىَ أَلْحَقَ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ.

ئەھنەپ ئىبنى قىيس  رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛مەن مەدىنىگە كېلىپ، قۇرەيش جامائەتلىرى باربولغان بىر ھالقىدا ئولتۇرۇپ قالدىم، تۇيۇقسىز كىيىملىرى ناچار، تەنلىرى ئاجىز، يۈزىدىن ئىبادەتنىڭ ئەسىرى چىقىپ تۇرىدىغان (يەنى چىرايى سىرىق)بىركىشى (يەنى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ؛ ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا توپلىغان كىشىلەرگە قىزىزىق تاش بىلەن خۇش بىشارەت بەرگىن، بۇ تاش جەھەننەم ئوتىدا تېخىمۇ قىززىتىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ كۆكسى ئۇچىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن تاش (قىززىقلىقىدىن)ئۇنىڭ تاغىقى ئۇچىدىكى نىپىز سۆڭەكنى تېشىپ چىقىدۇ، تاش ئىككى تاغىقى ئارىسىغا قويۇلسا، ھەركەتلەنگەن ھالدا كۆكسى ئۇچىدىن تېشىپ چىقىدۇ،دېدى. قەۋم بۇسۆزلەرنى ئاڭلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن سىلىشتى، ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭغا سۆز قايتۇرغىنىنى كۆرمىدىم، ئاندىن ئۇكىشى ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرلىپ ماڭدى، ئۇ تۈۋرۈكنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرغانغا قەدەر، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا؛ مەن ئاۋۇ كىشىلەرنىڭ سەن دېگەن سۆزلەرنى ياقتۇرمىغىنىنى كۆردۈم دېسەم، ئۇ؛ ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئەقىل قىلىپ چۈشەنمەيدۇ، يېقىن دوستۇم ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىرىپتى، مەن جاۋاپ بەردىم، ئاندىن ماڭا؛ ئۇھۇد تېغىنى كۆردۈڭمۇ؟دېدى، مەن رەسۇلۇللاھ مېنى بىرەر ھاجىتىگە ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، كۈننىڭ كىرىشىگە قانچىلىك قالغانلىقىغا قارىۋېتىپ؛ ھەئە كۆردۈم دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ ماڭا ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولىشى، مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى **الله** يولىدا خەژلىۋېتىمەن، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن ئېلىپ قويىدىغان ئۈچ دىينار ئالتۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر،دېدى. ئاندىن ئاۋۇ ئەقىلسىز كىشىلەر مال ـ دۇنيا توپلايدۇ، ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ دېدى. مەن ئۇنىڭغا؛ ساڭا ۋە قۇرەيشلەردىن بولغان قېرىنداشلىرىڭغا نىمە بولدى؟ (سىنىڭ ئۇلار بىلەن نىمە ئىشىڭ؟) سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلاردىن نەرسە سورايدىكەنسەنۇ، يەنە ئۇلارنى ئەيىبلەيدىكەنسەنغۇ؟ دېسەم، ئۇ؛ رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، مەن **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىگە ئۇچراشقانغا قەدەر، ئۇلاردىن دۇنيا توغرىسىدا بىرەر نەرسە سورمايمەن، شۇنداقلا ئۇلاردىن دىن توغرىسىدا پەتىۋامۇ سورمايمەن دېدى.

2262 ـ وحدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا أَبُو الأَشْهَبِ. حَدّثَنَا خُلَيْدٌ الْعَصَرِيّ عَنِ الأَحْنَفِ ابْنِ قَيْسٍ قَالَ: كُنْتُ فِي نَفَرٍ مِنْ قُرَيْشٍ. فَمَرّ أَبُو ذَرَ وَهُوَ يَقُولُ: بَشّرِ الْكَانِزِينَ بِكَيَ فِي ظُهُورِهِمْ. يَخْرُجُ مِنْ جُنُوبِهِمْ. وَبِكَيَ مِنْ قِبَلِ أَقْفَائِهِمْ يَخْرُجُ مِنْ جِبَاهِهِمْ. قَالَ: ثُمّ تَنَحّى فَقَعَدَ. قَالَ قُلْتُ: مَنْ هَذَا؟ قَالُوا: هَذَا أَبُو ذَرَ. قَالَ: فَقُمْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ: مَا شَيْءٌ سَمِعْتُكَ تَقُولُ قُبَيْلُ؟ قَالَ: مَا قُلْتُ إِلاّ شَيْئاً قَدْ سَمِعْتُهُ مِنْ نَبِيّهِمْ صلى الله عليه وسلم. قَالَ قُلْتُ: مَا تَقُولُ فِي هَذَا الْعَطَاءِ؟ قَالَ: خُذْهُ فَإِنّ فِيهِ الْيَوْمَ مَعُونَةً. فَإِذَا كَانَ ثَمَناً لِدِينِكَ فَدَعْهُ.

ئەھنەپ ئىبنى قىيس رەھ مۇنداق دەيدۇ؛مەن قۇرەيشلەردىن بىر نەچچە نەپەر كىشلەر ئارىسىدا ئىدىم، ئاندىن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتۈپ قىلىپ؛ ئالتۇن ـ كۇمۇش، مال ـ دۇنيا توپلىغان كىشلەرگە، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىن كىرىپ ، يانلىرىدىن چىقىدىغان، گەردەنلىرى تەرەپتىن كىرىپ، پىشانىلىرىدىن چىقىدىغان قىززىق تاش بىلەن خۇش بشارەت بەرگىن،دەپ، ئاندىن ئۇلاردىن سەل يىراقتىراق ئولتۇردى، مەن؛ بۇكىشى كىم بولىدۇ؟دەپ سورىدۇم، ئۇلار؛ بۇ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، دېدى، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ؛ سىنىڭ باياتىن دېگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ سىنىڭ نىمە دېگىنىڭ؟دەپ سورسام، ئۇ؛ مەن پەقەت سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان نەرسىنىلا دەيمەن دېدى، مەن؛ بۇ سوغا ـ سالام، ئاتايا ھەققىدە نىمە دەيسەن؟دېسەم، ئۇ؛ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالساڭ بولىدۇ، چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدا ياردەم باردۇر، دىنىڭنىڭ بەدلىگە بېرىلگەن پۇللارنى ھەرگىز ئالماي ئۇنى تەرىك ئەتكىن دېدى.

## 418 ـــــ باب الحث على النفقة وتبشير المنفق بالخلف

### نەپىقە قىلىشقا تەرغىب قىلىش، نەپىقە قىلغان كىشىگە يەنىمۇكۆپ بېرىلىش بىلەن بشارەت بېرىش توغرىسىدا

2263 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَالَ اللّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: يَا ابْنَ آدَمَ أَنْفِقْ أُنْفِقْ عَلَيْكَ». وَقَالَ: «يَمِينُ اللّهِ مَلأَى (وَقَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ مَلآنُ) سَحّاءُ. لاَ يَغِيضُهَا شَيْءٌ اللّيْلَ وَالنّهَارَ».

2264 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ. حَدّثَنَا مَعمَرُ بْنُ رَاشِدٍ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ، أَخِي وَهْبِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهَ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهِ قَالَ لِي: أَنْفِقْ أُنْفِقْ عَلَيْكَ». وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَمِينُ اللّهِ مَلأَى. لاَ يَغِيضُهَا سَحّاءُ اللّيْلُ وَالنّهَارُ. أَرَأَيْتُمْ مَا أَنْفَقَ مُذْ خَلَقَ السّمَاءَ وَالأَرْضَ. فَإِنّهُ لَمْ يَغِضْ مَا فِي يَمِينِهِ». قَالَ: «وَعَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ وَبِيَدِهِ الأُخْرَى الْقَبْضُ، يَرْفَعُ وَيَخْفِضُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ماڭا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ئاللاھ يولىدا خەجلە، نەپىقە قىل، ساڭىمۇ نەفقە قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق قولى، پەزلى رەھمەتكە نىئمەتكە لىق تولغاندۇر، قولى لىق تولاغلىق، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز كۆپ چىقىم قىلىش، سېخيلىق قىلىش، بەرىكەتنى كۆپ بېرىش كاملىتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئاسمان ـ زىمىننى ياراتقاندىن باشلاپ نەپىقە قىلىپ چىقىم قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماسىلەر؟ ھەققەتەن ئاشۇ چىقىم قىلىشلارمۇ، ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسىنى قىلچىلىك كاملىتالمىدى، ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۇستىدە ئىدى، مىزان، ئاللاھنىڭ

قولىدا بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە،ئىگز- پەس، باي- نامرات قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد 10096 ــ ھەدىس، بۇخارى 6862 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2971 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 193 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 419 – باب فضل النفقة على العيال والمملوك، وإثم من ضيعهم أو حبس نفقتهم عنهم

## ئەھلى باللىرىگە، قۇللىرىگە نەپىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ئۇلارنىڭ نەپىقىسىنى زايا قىلىۋەتكەن كىشىنىڭ گۇناھى

2265 ـ حدّثنا أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ. قَالَ أبُو الرّبِيعِ: حَدّثنَا حَمّادٌ. حَدّثنَا أيّوبُ عَنْ أبِي قِلاَبَةَ، عَنْ أبِي أسْمَاءَ، عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أفْضَلُ دِينَارٍ يُنْفِقُهُ الرّجُلُ: دِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى عِيَالِهِ. وَدِينَارٌ يُنْفِقُهُ الرّجُلُ عَلَى دَابّتِهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ. وَدِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى أصْحَابِهِ فِي سَبِيلِ اللّهِ». قَالَ أبُو قِلاَبَةَ: وَبَدَأ بِالْعِيَالِ. ثُمّ قَالَ أبُو قِلاَبَةَ: وَأيّ رَجُلٍ أعْظَمُ أجْراً مِنْ رَجُلٍ يُنْفِقُ عَلَى عِيَالٍ صِغَارٍ. يُعِفّهُمْ، أوْ يَنْفَعُهُمُ اللّهُ بِهِ، وَيُغْنِيهِمْ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا خەژلەنگەن ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنىڭ ئەۋزەلرەكى، كىشىنىڭ ئۆز ئەھلى - باللىرىغا خەژلەنگەن دىناردۇر، ئاللاھ يولىدا ھايۋانلىرىغا خەژلەنگەن دىناردۇر، «يەنى جەڭ، جىھاد، قاتناش قۇراللىرى ئۈچۈن خەژلەنگەن‌دىناردر» ئاللاھ يولىدا بۇرادەر، قېرىنداشلىرىغا خەژلەنگەن نەپىقە، چىقىم قىلغان ئالتۇن ــ كۈمۈشتۇر .ئەبۇقەلابە ئەھلى باللىرى دېگەننى باشتا سۆزلەپ؛ قايسى بىر كىشى، كىچىك باللىرىغا نەپىقە بىرىپ ئۇلارنى ئىپپەتلىك قىلغان ياكى الله ئۇنىڭ سەۋەبلىك ئۇلارغا مەنپەئەت بەرگەن،ئۇلارنى بىھاجەت قىلغان كىشىدىن ئەجر جەھەتتە چوڭ بولسۇن؟دېدى.

مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن مال ــ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەھلىگە بىرىشتىن سىرت، قېرىنداشلىرىغا شۇنداقلا ئاللاھ يولىدا جىھادقا، ئىلىم مەرىپەت، مائارىپقا چىقىم قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ جىھادتۇر.

2266 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أبُو كُرَيْبٍ (وَاللّفْظُ لأبِي كُرَيْبٍ) قَالُوا: حَدّثنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُزَاحِمِ بْنِ زُفَرَ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «دِينَارٌ أنْفَقْتَهُ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَدِينَارٌ أنْفَقْتَهُ فِي رَقَبَةٍ. وَدِينَارٌ تَصَدّقْتَ بِهِ عَلَى مِسْكِينٍ. وَدِينَارٌ أنْفَقْتَهُ عَلَى أهْلِكَ. أعْظَمُهَا أجْراً الّذِي أنْفَقْتَهُ عَلَى أهْلِكَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىنارنى ئاللاھ يولىدا خەژلىگەن بولساڭ، بىر دىنارنى قۇل ئازاد قىلىشقا خەژلىسەڭ، بىر دىنارنى مىسكى ڭگە سەدىقە قىلغان بولساڭ، بىر دىنارنى ئەھلى باللىرىڭغا چىقىم قىلىپ خەژلىگەن بولساڭ، ھەممىدىن ئەجرى، ساۋابى كاتتا، ئۇلۇغراق بولغىنى، ئەھلىڭگە خەژلىگەن دىناردۇر.

2267 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مُحَمّدٍ الْجَرْمِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ أبْجَرَ الْكِنَانِيّ عَنْ أبِيهِ، عَنْ طَلْحَةَ بْنِ مُصَرّفٍ، عَنْ خَيْثَمَةَ قَالَ: كُنّا جُلُوساً مَعَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو. إذْ جَاءَهُ قَهْرَمَانٌ لَهُ، فَدَخَلَ. فَقَالَ: أعْطَيْتَ الرّقِيقَ قُوتَهُمْ؟ قَالَ: لاَ. قَالَ: فَانْطَلِقْ فَأعْطِهِمْ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كَفَى بِالْمَرْءِ إثْماً أنْ يَحْبِسَ، عَمّنْ يَمْلِكُ، قُوتَهُ».

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى قۇلماندان ۋەكىلى كەلگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: قۇللارغا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى بەردىڭمۇ؟ دېدى، ئۇكىشى ياق دېگەندە، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بارغىن ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى بەرگىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن قۇۋۋىتىگە، يىمەك ــ ئىچمەكلىرىگە ئىگە بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى مەھبۇس قىلىپ توختۇتۇپ قويۇشۇڭ، ساڭا گۇناھ جەھەتتىن يېتەرلىكتۇر، كىشىنىڭ ، يىمەك ــ ئىچمەك قۇۋۋەتلىرىگە ئىگە بولغان يەنەبىر كىشىنىڭ ھەققىنى،ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى زايا قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭغا گۇناھ بولۇشتا يېتەرلىك كۇپايىدۇر. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 420 ـــ باب الابتداء في النفقة بالنفس ثم أهله ثم القرابة

**نەپىقىنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ قىلىش، ئاندىن ئەھلىگە ئاندىن يېقىن تۇققانلىرىغا قىلىش توغرىسىدا**

2268 ـ حَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ. ح وحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أخْبَرنَا اللّيْثُ عَنْ أبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: أعْتَقَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي عُذْرَةَ عَبْداً لَهُ عَنْ دُبُرٍ. فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ «ألَكَ مَالٌ غَيْرُهُ؟» فقَالَ: لاَ فقَالَ «مَنْ يَشْتَرِيهِ مِنّي؟» فَاشْتَرَاهُ نُعَيْمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ الْعَدَوِيّ بِثَمَانِمِائَةِ دِرْهَمٍ. فَجَاءَ بِهَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَدَفَعَهَا إلَيْهِ ثُمّ قَالَ: «ابْدَأ بِنَفْسِكَ فَتَصَدّقْ عَلَيْهَا. فَإنْ فَضَلَ شَيْءٌ فَلأهْلِكَ. فَإنْ فَضَلَ عَنْ أهْلِكَ شَيْءٌ فَلِذِي قَرَابَتِكَ. فَإنْ فَضَلَ عَنْ ذِي قَرَابَتِكَ شَيْءٌ فَهَكَذَا وَهَكَذَا» يَقُولُ: فَبَيْنَ يَدَيْكَ وَعَنْ يَمِينِكَ وَعَنْ شِمَالِكَ.
2269 ـ وحدّثني يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِي: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ أيّوبَ، عَنْ أبي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أنّ رَجُلاً مِنَ الأنْصَارِ (يُقَالُ لَهُ أبُو مَذْكُورٍ) أعْتَقَ غُلاَماً لَهُ عَنْ دُبُرٍ. يُقَالُ لَهُ يَعْقُوبُ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ اللّيْثِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىركىشى ئۆز قۇلىنى «مەن ئۆلسەم ، سەن ئازات »دېدى، ئۇكىشىنىڭ شۇ قۇلىدىن باشقا ھېچ قانداق مېلى يوق ئىدى، بو ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ: بۇ قۇلنى مەندىن كىم سېتىۋالىدۇ؟ دېدى، ئاندىن ئۇ قۇلنى نۇئەيىم 800 دەرھەمگە سېتىۋالدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ پۇللارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ھېلىقى كىشىگە بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: سەدىق ـ ئېھسان، ھەدىيىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلاپ قىلغىن، ئېشىپ قالسا، ئەھلى ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئورۇق ــ تۇققانلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئاۋۇلار، ماۋۇلارغا يەنى ئوڭ ـ سول،ئەتراپىڭدىكى خۇلۇم ــ خوشنىلارغا قىلغىن،دېدى. بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان.سەھىھ.

## 421 ـــ باب فضل النفقة والصدقة على الأقربين والزوج والأولاد والوالدين، ولو كانوا مشركين

**نەپىقە بىلەن سەدىقىنى يېقىن تۇققانلىرىغا، ئېرى ياكى ئاياللىغا، باللىرىغا، گەرچە ئۇلار مۇشرىك بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

2270 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قال: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: كَانَ أَبُو طَلْحَةَ أَكْثَرَ أَنْصَارِيَ بِالْمَدِينَةِ مَالاً. وَكَانَ أَحَبّ أَمْوَالِهِ إِلَيْهِ بَيْرَحَا. وَكَانَتْ مُسْتَقْبِلَةَ الْمَسْجِدِ. وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَدْخُلُهَا وَيَشْرَبُ مِنْ مَاءٍ فِيهَا طَيّبٍ.
قَالَ أَنَسٌ: فَلَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {لَنْ تَنَالُوا الْبِرّ حَتّىَ تُنْفِقُوا مِمّا تُحِبّونَ} (3آل عمران الآية: 29) قَامَ أَبُو طَلْحَةَ إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّ اللّهَ يَقُولُ فِي كِتَابِهِ: {لَنْ تَنَالُوا الْبِرّ حَتّىَ تُنْفِقُوا مِمّا تُحِبّونَ}. وَإِنّ أَحَبّ أَمْوَالِي إِلَيّ بَيْرَحَى. وَإِنّهَا صَدَقَةٌ للّهِ. أَرْجُو بِرّهَا وَذُخْرَهَا عِنْدَ اللّهِ. فَضَعْهَا يَا رَسُولَ اللّهِ، حَيْثُ شِئْتَ. قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «بَخْ ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ. ذَلِكَ مَالٌ رَابِحٌ. قَدْ سَمِعْتُ مَا قُلْتَ فِيهَا. وَإِنّي أَرَى أَنْ تَجْعَلَهَا فِي الأَقْرَبِينَ» فَقَسَمَهَا أَبُو طَلْحَةَ فِي أَقَارِبِهِ وَبَنِي عَمّهِ.
2271 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ. حَدّثَنَا ثَابِتٌ عَنْ أَنَسٍ قَالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَـٰذِهِ الآيَةُ: لَنْ تَنَالُوا الْبِرّ حَتّىَ تُنْفِقُوا مِمّا تُحِبّونَ. قَالَ أَبُو طَلْحَةَ أَرَى رَبّنَا يَسْأَلُنَا مِنْ أَمْوَالِنَا، فَأُشْهِدُكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ، أَنّي قَدْ جَعَلْتُ أَرْضِي، بَرِيحَا، لِلّهِ. قَالَ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «اجْعَلْهَا فِي قَرَابَتِكَ» قَالَ: فَجَعَلَهَا فِي حَسّانَ بْنِ ثَابِتٍ وَأُبَيّ بْنِ كَعْبٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەدىنىدىكى ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە خورمۇلۇق بېغى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى، ئۇنىڭغا ماللىرىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى بەيرەھائ دېگەن بېغى ئىدى، بۇ باغ مەسجىدنىڭ ئالدىدىلا بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇباغقا كىرىپ، ئۇنىڭ تاتلىق،سوغۇق سۈيىدىن ئىچەتتى، « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ».دېگەن(سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)نازىل بولغاندا، ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن الله تائالا « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر »دەپتۇ،ماڭا مېنىڭ ماللىرىمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى بەيرەھائ دېگەن بېغىمدۇر، ئۇباغ الله رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقىدۇر، مەن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ، ئەجىر ساۋابىنى ئاخىرەتتە الله نىڭ دەرگاھىدىن ئۈمۈت قىلىمەن، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇباغىنى سىلى، الله تائالا سىلىنى بۇيرۇپ كۆرسەتكەن جايلارغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بەرسىلە دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :ياخشى!ياخشى!! ئەنەشۇ مال كۆپ پايدا ـ مەنپەئەت بەرگۈچى مالدۇر، مەن، سەن دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، مەن ئۇباغىنى يېقىن تۇققانلىرىڭغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بېرىشىڭنى ئەڭ توغرا ئىش دەپ قارايمەن دېدى. ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يارەسۇلەاللە!ئۇنداق بولسا، مەن شۇنداق قىلاي دەپ، ئۇباغىنى يېقىن تۇققانلىرىڭغا،ھەسسان،ئۇبەي دېگەن،تاغىسىنىڭ باللىرىغا تەقسىم قىلىپ، بۆلۈپ بەردى. بۇخارى ،مسلم.

2272 ـ حدّثني هَـٰرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو عَنْ بُكَيْرٍ، عَنْ كُرَيْبٍ، عَنْ مَيْمُونَةَ بِنْتِ الْحَارِثِ أَنّهَا أَعْتَقَتْ وَلِيدَةً فِي زَمَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «لَوْ أَعْطَيْتِهَا بعض أَخْوَالَكِ، كَانَ أَعْظَمَ لأَجْرِكِ».

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا بىر دىدەك، چۆرىنى ئازاد قىلىپ، بۇئىشنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئەگەر ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىڭغا بەرگەن بولساڭ، ئەجرىڭ، ساۋابىڭ تېخىمۇ كاتتا، ئۇلۇغ بولاتتى دىگەن.

2273 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ الرّبيع. حَدّثنَا أبُو الأحْوَص عَنِ الأعْمَش، عَنْ أبِي وَائِلِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِث، عَنْ زَيْنَبَ امْرَأةِ عَبْدِ اللّهِ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَصَدّقْنَ، يَا مَعْشَرَ النّسَاءِ وَلَوْ مِنْ حَلْيكُنّ» قَالَتْ: فَرَجَعْتُ إلَى عَبْدِ اللّهِ فَقُلْتُ: إنّكَ رَجُلٌ خَفِيفُ ذَاتِ الْيَدِ. وَإنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ أمَرَنَا بِالصّدَقَةِ. فَأْتِهِ فَاسْألْهُ. فَإنْ كَانَ ذلِكَ يَجْزِي عَنّي وَإلاّ صَرَفْتُهَا إلَى غَيْرِكُمْ. قَالَتْ: فَقَالَ لِي عَبْدُ اللّهِ: بَلِ ائْتِيهِ أنْتِ. قَالَتْ: فَانْطَلَقْتُ. فَإذَا امْرَأةٌ مِنَ الأنْصَارِ بِبَابِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حَاجَتِي حَاجَتُهَا. قَالَتْ: وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ ألْقِيَتْ عَلَيْهِ الْمَهَابَةُ. قَالَتْ: فَخَرَجَ عَلَيْنَا بِلاَلٌ فَقُلْنَا لَهُ: ائْتِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَأخْبِرْهُ أنّ امْرَأتَيْنِ بِالْبَابِ تَسْألاَنِكَ: أتَجْزِي الصّدَقَةُ عَنْهُمَا، عَلَى أزْوَاجِهِمَا، وَعَلَى أيْتَامٍ فِي حُجُورِهِمَا؟ وَلاَ تُخْبِرْهُ مَنْ نَحْنُ. قَالَتْ: فَدَخَلَ بِلاَلٌ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَسَألَهُ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ هُمَا؟» فَقَالَ: امْرَأةٌ مِنَ الأنْصَارِ وَزَيْنَبُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أيّ الزّيَانِبِ؟» قَالَ: امْرَأةُ عَبْدِ اللّهِ. فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَهُمَا أجْرَانِ: أجْرُ الْقَرَابَةِ وَأجْرُ الصّدَقَةِ».

2274 ـ حدّثني أحْمَدُ بْنُ يُوسُفَ الأزْدِيّ. حَدّثنَا عُمَرُ بْنُ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ. حَدّثنَا أبِي حَدّثنَا الأعْمَشُ. حَدّثنِي شَقِيقٌ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ زَيْنَبَ امْرَأةِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: فَذَكَرْتُ لإبْرَاهِيمَ فَحَدّثنِي عَنْ أبِي عُبَيْدَةَ، عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ زَيْنَبَ امْرَأةِ عَبْدِ اللّهِ. بِمِثْلِهِ. سَوَاءً. قَالَ قَالَتْ: كُنْتُ فِي الْمَسْجِدِ. فَرَآنِي النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «تَصَدّقْنَ. وَلَوْ مِنْ حُلِيّكُنّ» وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ أبِي الأحْوَص.

ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئايالlar جامائىتى! سىلەر گەرچە زىنەت بۇيىمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېھسان قىلىڭلار دىدى.

مەن ئابدۇالله نىڭ قېشىغا كىلىپ: سىز بىر پەقىر كىشى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: ئى ئايالlar جامائىتى! سىلەر گەرچە زىنەت بۇيىمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېھسان قىلىڭلار دىدى.سىز بېرىپ سوراپ باققان بولسىڭىز، مىنىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقە ـ ئېھسانلىرىم مەندىن كۇپايە بولسا، مەن شۇنداق قىلاي، ئەگەر كۇپايە بولمىسا، مەن باشقىلارغا بىرەي دىسەم، ئۇماڭا؛ مەن بارمايمەن،بەلكى ئۆزىڭىز بېرىپ سوراڭ دىدى، مەن بارسام، ناگاھان ئەنسارلاردىن بىرئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك ئېغىزىدا تۇرۇپتۇ، ئىككىمىزنىڭ ھاجىتى ئوخشاشلا بىرئىكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرلۈك، ھەيبەتلىك بولۇپ، بىز سوئال سورالماي تۇرساق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ قالدى، بىزئۇنىڭغا؛ سەن بېرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە مۇنداق خەۋەر قىلغىن، ئىككى ئايال ئىشىك ئېغىزىدا تۇرىدۇ، ئۇلار سىلىدىن؛ ئەرلىرىگە ، ھۇجرىسىدىكى يېتىم باللىرىغا قىلغان سەدىقە ـ ئېھسانلىرى ئۆزلىرىدىن كۇپايە قىلامدۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ، دىگىن، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دىمىگىن دىدۇق، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ:ئۇلار كىم بولىدۇ؟دەپتۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇلار

ئەساردىن بىرئايال بىلەن زەينەب دىسە، رەسۇلۇللاھ:قايسى زەينەپ ؟ دەپتۇ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:ئابدۇاللە ئىبنى مەسئۇدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا دىسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : (ھەئە كۆپايە بۇلىدۇ) ئۇلارئۇچۇن يېقىن تۇققانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلغانىنىڭ، سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىدىن ئىبارەت ئىككى ئەجرى بۇلىدۇ دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2275 ـ2276 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاءِ. حَدّثَنَا أبُو أسَامَةَ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أبِيهِ، عَن زَيْنَبَ بِنْتِ أبِي سَلَمَةَ عَنْ أمّ سَلَمَةَ قَالَتْ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ هَلْ لِي أجْرٌ فِي بَنِي أبِي سَلَمَةَ؟ أنْفِقُ عَلَيْهِمْ. وَلَسْتُ بِتَارِكَتِهِمْ هَكَذَا وَهَكَذَا. إنّمَا هُمْ بَنِيّ. فَقَالَ: «نَعَمْ. لَكِ فِيهِمْ أجْرُ مَا أنْفَقْتِ عَلَيْهِمْ».

ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەبۇسەلەمەتنىڭ باللىرىغا نەپىقە قىلسام، ماڭا ئەجىر بۇلامدۇ؟ مەن ئۇلارنى ئۇنداق ـ مۇنداق تاشلاپ قۇيالمايمەن، ئۇلار مىنىڭمۇ باللىرىم تۇرسا دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇلارغا نەپىقە بەرگىن ، ساڭا ئۇلارغا بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرى بۇلىدۇ، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

2277 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيَ (وَهُوَ ابْنُ ثَابِتٍ) عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أبِي مَسْعُودٍ الْبَدْرِيّ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إنّ الْمُسْلِمَ إذَا أنْفَقَ عَلَى أهْلِهِ نَفَقَةً، وَهُوَ يَحْتَسِبُهَا، كَانَتْ لَهُ صَدَقَةً».
2278 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ وَ أبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ. كِلاَهُمَا عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جَعْفَرٍ. ح وَحَدّثَنَاهُ أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. جَمِيعاً عَنْ شُعْبَةَ فِي هَذَا الإِسْنَادِ.

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمان كىشى ئۆز ئەھلىلىرىگە نەپىقە، خىراجەت قىلسىمۇ، ساۋاب ئۈمىد قىلسىلا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى تويلىغان، سەھىھ.

2279 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إدْرِيسَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أسْمَاءَ قَالَتْ: قُلتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ أمّي قَدِمَتْ عَلَيّ. وَهِيَ رَاغِبَةٌ (أوْ رَاهِبَةٌ) أفَأصِلُهَا؟ قَالَ: «نَعَمْ».
2280 ـ وحدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاءِ. حَدّثَنَا أبُو أسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أسْمَاءَ بِنْتِ أبِي بَكْرٍ قَالَتْ: قَدِمَتْ عَلَيّ أمّي، وَهِيَ مُشْرِكَةٌ، فِي عَهْدِ قُرَيْشٍ إذْ عَاهَدَهُمْ. فَاسْتَفْتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ قَدِمَتْ عَلَيّ أمّي وَهِيَ رَاغِبَةٌ، أفَأصِلُ أمّي؟ قَالَ: «نَعَمْ. صِلِي أمّكِ».

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، قۇرەيشلەرنىڭ زامانىدا ئانام قېشىمغا مۇشرىك ھالىتىدە كەپتۇ، مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانام قېشىمغا كەپتۇ، ۋەھالەنكى ئۇ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ياكى ئۇ مىنىڭ ياخشىلىقىمنى ئۈمۈت قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلسام بۇلامدۇ؟دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە بۇلىدۇ، ئاناڭغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن، دىدى.

## 422 ـــــ باب وصول ثواب الصدقة عن الميت إليه

**مىيت توغرىسىدىن قىلىنغان سەدىقە ساۋابىنىڭ مىيىتكە يىتىشى توغرىسىدا**

2281 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا مُحمّدُ بْنُ بِشْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أبيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أنّ رَجُلاً أتَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ أُمّيَ افْتُلِتَتْ نَفْسَهَا وَلَمْ تُوص. وَأظُنّهَا لَوْ تَكَلّمَتْ تَصدّقتْ. أفَلَهَا أجْرٌ، إنْ تَصدّقت عَنْهَا؟ قالَ: «نَعَمْ».

2282 ـ وَحدّثنِيهِ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. ح وَحَدّثَنَا أبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثنِي عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. أخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. ح حَدّثنَا الْحَكَمُ بْنُ مُوسَى. حَدّثنَا شُعَيْبُ بْنُ إسْحَقَ. كُلّهُمْ عَنْ هِشَامٍ بِهَذَا الإسْنَادِ.
وَفِي حَدِيثِ أبِي أُسَامَةَ: وَلَمْ تُوص. كَمَا قالَ ابْنُ بِشْرٍ. وَلَمْ يَقُلْ ذلِكَ الْبَاقُونَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئانام ۋەسىيەت قىلالمايلا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئەگەر سۆز قىلالىغان بولسا، سەدىقە قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان بولاتتى، دەپ گۇمان قىلىمەن، ئەگەر ئانام ھەققىدىن مەن سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭ ئەجرى ئانامغابولامدۇ؟دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەئە، ئۇنىڭ ئەجرى ئاناڭغا بولىدۇ، دېدى.

## 423 ـــــ باب بيان أن اسم الصدقة يقع على كل نوع من المعروف

## ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ سەدىقە ھېساپلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

2283 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا أبُو عَوَانَةَ. ح وَحَدّثَنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ حَدّثنَا عَبّادُ بْنُ الْعَوّامِ كِلاَهُمَا عَنْ أبِي مَالِكٍ الأشْجَعِيّ، عَنْ رِبْعِيّ بْنِ حِرَاشٍ، عَنْ حُذَيْفَةَ (فِي حَدِيثِ قُتَيْبَةَ. قالَ: قالَ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم. وَقالَ ابْنُ أبِي شَيْبَةَ: عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم) قالَ «كُلّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ».

جابىر، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقىدۇر، (يەنى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش سەدىقەھېساپلىنىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقە، ياخشىلىققا كۆرسەتىپ قويغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ساۋابتا، دەرىجىدە ئوخشاشتۇر، (خۇلاسە، ئۇمۇ سەدىقە قىلغان بولىدۇ) ئاللاھتائالا، قاتتىق ھاجەتمەننىڭ ئۆزىگىلا پەرياد چېكىشىنى، ئۆزىدىنلا ياردەم سورىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، سەھىھ.

2284 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحمّدِ بْنِ أسْمَاءَ الضّبَعِيّ. حَدّثنَا مَهْدِيّ بْنُ مَيْمُونٍ. حَدّثنَا وَاصِلٌ مَوْلَى أبِي عُيَيْنَةَ عَنْ يَحيَى بْنِ عُقَيْلٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ يَعْمَرَ، عَنْ أبِي الأسْوَدِ الدّيلِيّ، عَنْ أبِي ذَرَ أنّ نَاساً مِنْ أصْحَابِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالُوا لِلنّبيّ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ ذَهَبَ أهْلُ الدّثُورِ بالأُجُورِ. يُصَلّونَ كَمَا نُصَلّي. وَيَصُومُونَ كَمَا نَصُومُ. وَيَتَصَدّقُونَ بِفُضُولِ أمْوَالِهِمْ. قالَ: «أوَ لَيْسَ قَدْ جَعَلَ اللّهُ لَكُمْ مَا تَصّدّقُونَ؟ إنّ بِكُلّ تَسْبِيحَةٍ صَدَقَةً. وَكُلّ تَكْبِيرَةٍ صَدَقَةٌ. وَكُلّ تَحْمِيدَةٍ صَدَقَةٌ. وَكُلّ تَهْلِيلَةٍ صَدَقَةٌ. وَأمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ صَدَقَةٌ. وَنَهْيٌ عَنْ مُنْكَرٍ صَدَقَةٌ. وَفِي بُضْعِ أحَدِكُمْ صَدَقَةٌ» قالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ، أيَأتِي أحَدُنَا شَهْوَتَهُ وَيَكُونُ لَهُ فِيهَا أجْرٌ؟ قالَ: «أرَأيْتُمْ لَوْ وَضَعَهَا فِي حَرَامٍ أكَانَ عَلَيْهِ فِيهَا وِزْرٌ؟ فَكَذَلِكَ إذَا وَضَعَهَا فِي الْحَلاَلِ كَانَ لَهُ أجْرٌ».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ساھابىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا كېلىپ؛ئەجىرلەرنى(ئۈستۈن يۇكسەك دەرىجىلەرنى،مۇقىم نېئمەت جەننەتنى) بايلار ئېلىپ كەتتى دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە م ؛ نېمە سەۋەپتىن شۇنداق دەيسىلەر ؟ دېسە، ئۇلار؛بايلار بىزگە ئوخشاش نامازئۇقۇپ،روزا تۇتىدۇ.ئۇلار سەدىقە ـ ئېھسان قىلىدۇ،بىز قىلالمايمىز،ئۇلار قۇل ئازاد قىلىدۇ، بىزقىلالمايمىز

دېدى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە سىلەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن ھەربىر تەسبىھ، سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەربىر ھەمدۇ ــ سانا ئېيتىش سەدىقە، ھەربىر تەھلىل لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىش سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، مۇنكەر، يامان ئىشتىن توسۇش سەدىقە، بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىللە بول غان مۇناسىۋىتىمۇ سەدىقە، ساھابىلار؛ يا رەسۇلۇللاھ، بىرىمىز شەھۋەتىكە كەلسە، ھەسسىياتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن جىنسى مۇناسىۋىتىگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇنى ھارامدا قويسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ بولا مىتى؟ (ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ) ئەنە شۇنىڭدەك ، ئەۋرىتىنى ھالالدا قويسا، (يەنى ھالالدىن مۇناسىۋەت قىلسا)، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرقى سەدىقە ھېسابلىنىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، يەنىلا مال ــ دۇنياسى بار كىشىلەر زاكاتتىن باشقا ئاللاھ يولىدا سەدىقە ــ ئېھسان قىلىشى لازىم، مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار!.

**2285 ـ 2286 ـ حدّثنا حَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثنَا أَبُو تَوْبَةَ الرّبِيعُ بْنُ نَافِعٍ. حَدّثنَا مُعَاوِيَةُ (يَعْنِي ابْنَ سَلاّمٍ) عَنْ زَيْدٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَلاّمٍ يَقُولُ: حَدّثنِي ع بْدُ اللّهِ بْنُ فَرّوخَ أَنّهُ سَمِعَ عَائِشَةَ تَقُولُ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّهُ خُلِقَ كُلّ إِنْسَانٍ مِنْ بَنِي آدَمَ عَلَى سِتّينَ وَثَلاَثِمِائَةِ مَفْصِلٍ. فَمَنْ كَبّرَ اللّهَ، وَحَمِدَ اللّهَ، وَهَلّلَ اللّهَ، وَسَبّحَ اللّهَ، وَاسْتَغْفَرَ اللّهَ، وَعَزَلَ حَجَراً عَنْ طَرِيقِ النّاسِ، أَوْ شَوْكَةً أَوْ عَظْماً عَنْ طَرِيقِ النّاسِ، وَأَمَرَ بِمَعْرُوفٍ، أَوْ نَهَى عَنْ مُنْكَرٍ، عَدَدَ تِلْكَ السّتّينَ وَالثّلاَثِمِائَةِ السّلاَمَى. فَإِنّهُ يَمْشِي يَوْمَئِذٍ وَقَدْ زَحْزَحَ نَفْسَهُ عَنِ النّارِ». قَالَ أَبُو تَوْبَةَ: وَرُبّمَا قَالَ «يُمْسِي».**
**2287 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ كَثِيرٍ. حَدّثنَا عَلِيّ (يَعْنِي ابْنَ الْمُبَارَكِ) حَدّثنَا يَحْيَى عَنْ زَيْدِ بْنِ سَلاّمٍ، عَنْ جَدّهِ أَبِي سَلاّمٍ. قَالَ حَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ فَرّوخَ أَنّهُ سَمِعَ عَائِشَةَ تَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «خُلِقَ كُلّ إِنْسَانٍ» بِنَحْوِ حَدِيثِ مُعَاوِيَةَ عَنْ زَيْدٍ. وَقَالَ «فَإِنّهُ يَمْشِي يَوْمَئِذٍ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئادەم باللىرىدىن ھەربىر ئىنسان 360 مەفسەللىك (بوغۇملۇق)يارىتىلدى، (ئۇلارغا سەدىقە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ) كىم ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلىسا، ھەمدۇ ــ سانا ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا، يەنى لائىلاھە ئىللەللاھ دېسە، تەسبىھ ئېيتسا، ئىستىغفار ئېيتسا، كىشىلەرنىڭ يوللىرىدىن بىرەر تاشنى ئېلىۋەتسە، ياكى يولدىن تىكەننى ياكى پۇتلاشقان سۆڭەك چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋەتسە، ياخشىلىققا بۇيرىسا، يامانلىقدىن توسسا، ھەتتا ئاشۇ 360 مەپسەللەرنىڭ ساندا، باراۋەرىدە ياخشىلىق، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، (دەپ ساندى) شەك ــ شۈبھىسىز ئۇ كىشى شۇ كۈندە ئۆزىنى دوۋزاخدىن يىراق قىلغان ھالدا ماڭىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئۈستىگە ۋاجىب بولىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلدى، (يەنە بىرخاتىردە؛ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى كۇپايە دېيىلگەن)

**2288 ـ2289 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدّهِ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «عَلَى كُلّ مُسْلِمٍ صَدَقَةٌ» قِيلَ: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَجِدْ؟ قَالَ: «يَعْتَمِلُ بِيَدَيْهِ فَيَنْفَعُ نَفْسَهُ وَيَتَصَدّقُ» قَالَ قِيلَ:**

**أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ؟ قَالَ: «يُعِينُ ذَا الْحَاجَةِ الْمَلْهُوفَ» قَالَ قِيلَ لَهُ: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ؟ قَالَ: «يَأْمُرُ بِالْمَعْرُوفِ أَوِ الْخَيْرِ» قَالَ: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَفْعَلْ؟ قَالَ: «يُمْسِكُ عَنِ الشَّرِّ. فَإِنَّهَا صَدَقَةٌ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە سەدىقە ۋاجىپ بولىدۇ،ئۇلار:ئەگەر تاپالمىسچۇ؟دىدى، ئەگەر سەدىقە قىلغۇدەك نەرسە تاپالمىسا، ئۆز قولى بىلەن ئەمەل، خىزمەت قىلىپ، ئۆزىگە پايدا _ مەنپەئەت بېرىپ، باشقىلارغىمۇ سەدىقە قىلىدۇ، ئۇلار: ئۇنىڭغا قادىر بۇلالمىسچۇ؟دىگەندە:ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئىش، خىزمەت تاپالمىسا، قىيىنچىلىقتا چۈشۈپ قالغان ھاجەت ئىگىسىگەياردەم بېرىدۇ، ئۇنىمۇ قىلالمىسا، ياخشىلىقتا بۇيرىيدۇ،ئۇنىمۇ قىلالمىسا،كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن كىشىلەرگە يامانلىق قىلماسلىق، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ،دېدى. (چۈنكى زىياندىن سالامەت قالغان كىشلەر پايدا ئالدى) بۇخارى 5563 _ ھەدىس، مۇسلىم 1676 _ ھەدىس، نەسەئى 2491 _ ھەدىس، ئەھمەد 18855 _ ھەدىس، دارمى 2629 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2290 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَـٰذَا مَا حَدّثَنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا: وقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كُلّ سُلاَمَىَ مِنَ النّاسِ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ كُلّ يَوْمٍ تَطْلُعُ فِيهِ الشّمْسُ». قَالَ: «تَعْدِلُ بَيْنَ الإِثْنَيْنِ صَدَقَةٌ. وَتُعِينُ الرّجُلَ فِي دَابّتِهِ فَتَحْمِلُهُ عَلَيْهَا أَوْ تَرْفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعَهُ، صَدَقَةٌ». قَالَ: «وَالْكَلِمَةُ الطّيّبَةُ صَدَقَةٌ. وَكُلّ خُطْوَةٍ تَمْشِيهَا إِلَى الصّلاَةِ صَدَقَةٌ. وَتُمِيطُ الأَذَىَ عَنِ الطّرِيقِ صَدَقَةٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىنسانلارنىڭ ھەربىر مەپسەللىرىگە، كۈن چىققان ھەر كۈنى، ئىنسان ئۈستىگە سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇڭ،ئىسلاھ قىلىشىڭ سەدىقە، كىشىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى ئۇلىغىغا مىندۈرۈپ قويۇشۇڭ ياكى ئۇ كىشىگە ھايۋىنى ئۈستىگە ماتالىرىنى، يۈك _ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشىڭ سەدىقە، ياخشى سۆز قىلىش سەدىقە، نامازغا يەنى جامائەت، مەسجىدگە ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقە، يول كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە، يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىشمۇ سەدىقە بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم.

## 424 ـــ *باب في المنفق والممسك* سەدىقە قىلغۇچى بىلەن بېخىلنىڭ ئاقىبىتى توغرىسىدا

**2291 ـ وحدّثني الْقَاسِمُ بْنُ زَكَرِيّا. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ. حَدّثَنَي سُلَيْمَانُ (وَهُوَ ابْنُ بِلاَلٍ) حَدّثَنِي مُعَاوِيَةُ بْنُ أَبِي مُزَرّدٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ، إِلاّ مَلَكَانِ يَنْزِلاَنِ. فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا: اللّهُمّ أَعْطِ مُنْفِقاً خَلَفاً. وَيَقُولُ الآخَرُ: اللّهُمّ أَعْطِ مُمْسِكاً تَلَفاً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بەندىلەر تاڭ ئاتقۇزغان ھەربىر كۈندە، ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، بىرسى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ يولۇڭدا نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچىغا

ئىز باسار مال ــ دۇنيا قىلىپ بەرگىن، مىلىنى كۆپەيتىپ بەرگىن دەيدۇ، يەنە بىرسى بولسا: ئى ئاللاھ! سەدىقە قىلماس بېخىلغا ۋە ئۇنىڭ مىلىغا ھالاكەتنى بەرگىن دەيدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، توپلىغان، سەھىھ.

## 425 ــــ باب الترغيب في الصدقة قبل أن لا يوجد من يقبلها

## سەدىقىنى قۇبۇل قىلىدىغان كىشى تېپىلماي قېلىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىۋېلىشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

2292 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قالاَ: حَدّثنا وَكِيعٌ. حَدّثنا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ مَعْبَدِ بْنِ خَالِدٍ قالَ سَمِعتَ حَارِثَةَ بْنَ وَهْبٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «تَصدّقُوا. فيُوشِكُ الرّجُلُ يَمْشِي بِصدَقتِهِ، فيَقُولُ الذِي أعْطِيَهَا: لوْ جِئْتَنَا بهَا بالأمْسِ قبلْتُهَا. فأمّا الآنَ، فلاَ حَاجَةَ لِي بهَا. فلاَ يَجِدُ مَنْ يَقْبَلُهَا».

ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە قىلىۋېلىڭلار، پات يېقىندا سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى سەدىقىسىنى كۆتۈرۈپ، قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ كېلىدۇ، سەدىقە ئېلىپ كېلىنگەن كىشى؛ ئەگەر ئاخشام ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، قوبۇل قىلاتتىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەدىقىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى نى تاپالمايدۇ . ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2293 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَرّادٍ الأشْعَرِيّ، وَ أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. قالاَ: حَدّثنا أَبُو أَسامَةَ عَنْ بُرَيْدٍ، عَنْ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَيَأْتِيَنّ عَلَى النّاسِ زَمَانٌ يَطُوفُ الرّجُلُ فِيهِ بِالصّدَقةِ مِنَ الذّهَبِ. ثُمّ لا يَجِدُ أحَداً يَأْخُذُهَا مِنْهُ. وَيُرَى الرّجُلُ الْوَاحِدُ يَتْبَعُهُ أرْبَعُونَ امْرَأةً. يَلُذْنَ بِهِ. مِنْ قِلّةِ الرّجَالِ وَكَثْرَةِ النّسَاءِ». وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ بَرّادٍ «وَتَرَى الرّجُلَ».

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشى ئالتۇندىن ئايرىغان زاكىتىنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆزىدىن قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ، بىر ئەر كىشىگە 40 ئايال ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئازلىقىدىن، ئاياللارنىڭ كۆپلىكىدىن، شۇ بىر كىشى بىلەن پاناھلىنىدۇ (يەنە بىر خاتىرىدە شۇ بىر ئەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىدۇ دېگەن). بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. بىر كىشىگە تۆتلا خوتۇن دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئاياللار ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى، ھامملىرى، قىزلىرى ۋە باشقىلار، ئۇرۇشتا ئەرلەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللار قالىدۇ.

2294 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يَكْثُرَ الْمَالُ وَيَفِيضَ. حَتّى يَخْرُجَ الرّجُلُ بزَكَاةِ مَالِهِ فلاَ يَجِدُ أحَداً يَقْبَلُهَا مِنْهُ. وَحَتّى تَعُودَ أرْضُ الْعَرَبِ مُرُوجاً وَأنْهَاراً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ــ دۇنيا ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ــ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ئەرەب زېمىنلىرى باغۇ ــ بوستانلىققا، ئېرىق ــ

ئۈستەك، دەريالارغا ئايلىنىپ قايتا شۇ ھالىتىگە كەلمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۆجىزە دىدىلەر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قىيامەت ئالدىدىكى شۇچاغدا ئولتۇرۇشلۇق جاي ، ماكانلار، ئۆيلەر ئىھابە دىگەن جايغىچە يېتىدۇ، (بۇ جاي، مەدىنىدىن نەچچە مىيىل كېلىدىكەن. مەدىنىدىكى تۇرالغۇ جايلار شۇنداق كەڭرىگەن.)

2295 ـ وحدّثنا أَبُو الطّاهِرِ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ أَبِي يُونُسَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى يَكْثُرَ فِيكُمُ الْمَالُ. فَيَفِيضَ حَتّى يُهِمّ رَبّ الْمَالِ مَنْ يَقْبَلُهُ مِنْهُ صَدَقَةً. وَيُدْعَى إِلَيْهِ الرّجُلُ فَيَقُولُ: لاَ أَرَبَ لِي فِيهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاراڭلاردا مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، مال ئىگىسى سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى مەخسەت قىلىپ ئىزدەيدۇ، مالنى ئۇنىڭغا تەكلىسە، ئۇ كىشى؛ مېنىڭ بۇ مالغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ. بەيھەقىيلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

2296 ـ وحدّثنا وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ يَزِيدَ الرّفَاعِيّ (وَاللّفْظُ لِوَاصِلٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تَقِيءُ الأَرْضُ أَفْلاَذَ كَبِدِهَا. أَمْثَالَ الأُسْطُوَانِ مِنَ الذّهَبِ وَالْفِضّةِ. فَيَجِيءُ الْقَاتِلُ فَيَقُولُ: فِي هَذَا قَتَلْتُ. وَيَجِيءُ الْقَاطِعُ فَيَقُولُ: فِي هَذَا قَطَعْتُ رَحِمِي. وَيَجِيءُ السّارِقُ فَيَقُولُ: فِي هَذَا قُطِعَتْ يَدِي. ثُمّ يَدَعُونَهُ فَلاَ يَأْخُذُونَ مِنْهُ شَيْئاً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: زىمىن ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى يەنى كاڭلىرىنى قۇسۇپ، تۈۋرۈكلەردەك ئالتۇن ــ كۈمۈشلەرنى تاشلاپ بېرىدۇ، ئاندىن قاتىل كېلىپ، مەن مانا مۇشۇنى دەپ قاتىللىق قىلغان دەيدۇ، قاراقچى كېلىپ، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىلە ــ رەھىم، تۇغقانلىقنى ئۈزگەن ئىدىم دەيدۇ، ئوغرى كېلىپ، مېنىڭ قولۇم مۇشۇنى دەپ كېسىلگەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، بۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن ھىچ نەرسە ئالمايدۇ. نەسەئى، مۇسلىم ، تىرمىزى 2124 ــ ھەدىس.

## 426 ــــ باب قبول الصدقة من الكسب الطيب وتربيتها

## سەدىقىنىڭ پاك، ھالال كەسپتىنلا قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەربىيەت قىلىنىشى توغرىسىدا

2297 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ يَسَارٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا تَصَدّقَ أَحَدٌ بِصَدَقَةٍ مِنْ طَيّبٍ، وَلاَ يَقْبَلُ الله إِلاّ الطّيّبَ، إِلاّ أَخَذَهَا الرّحْمَنُ بِيَمِينِهِ. وَإِنْ كَانَتْ تَمْرَةً. فَتَرْبُو فِي كَفّ الرّحْمَنِ حَتّى تَكُونَ أَعْظَمَ مِنَ الْجَبَلِ. كَمَا يُرَبّي أَحَدُكُمْ فَلُوّهُ أَوْ فَصِيلَهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھتائالا پاك، ھالالدىن تېپىپ قىلغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىر كىشى ھالالدىن تاپقان نەرسىنى سەدىقە قىلسا، رەھمانتائالا

ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، ئاندىن ئۇنەرسە بىر تال خورما چاغلىق بولسىمۇ، خۇددى بىرىڭلار تايچىقنى ياكى بوتلىقنى تەربىيلەپ چوڭ قىلغاندەك، ئۇ نەرسە رەھمانتائالانىڭ ئالقىندا تەربىيلىنىپ، تاغدىنمۇ چوڭ بولۇپ كېتىدۇ، (بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر). تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2298 ـ2299 ـ 2300 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ، حَدّثنا يَعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ الْقَارِيّ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَتَصَدّقُ أَحَدٌ بِتَمْرَةٍ مِنْ كَسْبٍ طَيّبٍ. إِلاّ أَخَذَهَا اللّهُ بِيَمِينِهِ. فَيُرَبّيهَا كَمَا يُرَبّي أَحَدُكُمْ فَلُوّهُ أَوْ قَلوصة. حَتّىَ تَكُونَ مِثْلَ الْجَبَلِ، أَوْ أَعْظَمَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پەقەت ھالال كەسىپدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، كىم پاك، ھالال كەسىپدىن تاپقان نەرسىدىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئېگىسىگە خۇددى بىرىڭلار تايچىقنى تەربىيلەپ چوڭ قىلغاندەك، تەربىيلەپ چوڭ قىلىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر تال خورما چاغلىق نەرسە يوغىناپ، چوڭ تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى قولى بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سۇئال سوراش بىدئەتتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم.

**2301 ـ وحدّثني أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ. حَدّثنا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثنا فُضَيْلُ بْنُ مَرْزُوقٍ. حَدّثنِي عَدِيّ بْنُ ثَابِتٍ عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّهَا النّاسُ إِنّ اللّهَ طَيّبٌ لاَ يَقْبَلُ إِلاّ طَيّباً. وَإِنّ اللّهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِينَ. فَقَالَ: {يَا أَيّهَا الرّسُلُ كُلُوا مِنَ الطّيّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحاً إِنّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ} ( 32المؤمنون الآية: 15) وَقَالَ: {يَا أَيّهَا الّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ} ( 2البقرة الآية: 271)». ثُمّ ذَكَرَ الرّجُلَ يُطِيلُ السّفَرَ. أَشْعَثَ أَغْبَرَ. يَمُدّ يَدَيْهِ إِلَى السّمَاءِ. يَا رَبّ يَا رَبّ وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ، وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ، وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ. فَأَنّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا پاكتۇر، پەقەت پاك ــ پاكىزنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىنى بۇيرىغان نەرسىگە مۆئمىنلەرنى بۇيرىدى، ئاللاھ، پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەرلەر! پاك ــ پاكىز ھالالدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر قىلغان ئەمەللەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىمەن» ئاللاھ مۆئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆئمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنىڭ پاك ــ پاكىز ھالاللىرىدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار»، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بىر كىشىنى تىلغا ئ ېلىپ؛ ، بۇ كىشى سەپەرنى ئۇزۇن قىلدى، ئۇزۇن سەپەر قىلىش جەريانىدا مۇشەققەتنىڭ ئېغىر، قاتتىقلىقىدىن چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ــ چاڭ باسقان، بىچارە ھالدا ئاسمانغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم، ئى رەببىم دە پ دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېگەن تائامى ھارام تۇرسا، ئىچكەن شارابى،

ئىچىملىكى هارام تۇرسا، كەيگەن كىيىمى هارام تۇرسا، ئۇهارام بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانداقمۇ دۇئاسى ئىجاۋەت بولسۇن؟ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى. ھەدىسنىڭ مەخسىدى، ھالالدىن يەپ ــ ئىچىپ، ھالالدىن كىيىم كىيىشتۇر، بۇنىڭغا بارلىق مۆئمىنلەر ھەتتا، پەيغەمبەرلەرمۇ بۇيرۇلغان، يەپ ــ ئىچىش تۇگۇل، ئۇچىسىدا بىر كوي چاغلىق هارام ئارىلاشقان كىيىم بولسا، ئىبادەت دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ، بۇ چوڭ زىياندۇر.

### 427 ـــــ باب الحث على الصدقة ولو بشق تمرة أو كلمة طيبة، وأنها حجاب من النار

## گەرچە يېرىم تال خورما بىلەن بولسىمۇ ياكى ياخشى سۆز قىلىش بىلەن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشقا تەرغىب قىلىش ۋە ئۇنىڭ دەۋزەختىن پەردە بولۇشى توغرىسىدا

2302 ـ حدّثنا عَوْنُ بْنُ سَلاَمٍ الْكُوفِيّ. حَدّثنَا زُهَيْرُ بْنُ مُعَاوِيَةَ الْجُعْفِيّ عَنْ أَبي إِسْحَقَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَعْقِلٍ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَتِرَ مِنَ النّارِ وَلَوْ بِشِقّ تَمْرَةٍ، فَلْيَفْعَلْ».

ئەدىي ئىبنى هاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىر كىشى يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن پەردىلىنىشكە قادىر بولسا، شۇنداق قىلسۇن، (يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن پەردىلىنىڭلار، ھەدىس).

2303 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ (قَالَ ابْنُ حُجْرٍ: حَدّثنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ) حَدّثنَا الأَعْمَشُ عَنْ خَيْثَمَةَ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلاّ سَيُكَلّمُهُ اللّهُ. لَيْسَ بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ تُرْجُمَانٌ. فَيَنْظُرُ أَيْمَنَ مِنْهُ فَلاَ يَرَى إِلاّ مَا قَدّمَ. وَيَنْظُرُ أَشْأَمَ مِنْهُ فَلاَ يَرَى إِلاّ مَا قَدّمَ. وَيَنْظُرُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَلاَ يَرَى إِلاّ النّارَ تِلْقَاءَ وَجْهِهِ. فَاتّقُوا النّارَ وَلَوْ بِشِقّ تَمْرَةٍ». زَادَ ابْنُ حُجْرٍ: قَالَ الأَعْمَشُ: وَحَدّثَنِي عَمْرُو بْنُ مُرّةَ عَنْ خَيْثَمَةَ، مِثْلَهُ. وَزَادَ فِيهِ «وَلَوْ بِكَلِمَةٍ طَيّبَةٍ». وَقَالَ إِسْحَقُ: قَالَ الأَعْمَشُ: عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ خَيْثَمَةَ.

ئەدىي ئىبنى هاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا: ئۇ كىشى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا تەرجىمان يوق ھالەتتە،ئۇنى پەردىلەپ تۇسۇپ قويىدىغان ھىجاپسىزلا سۆز قىلىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھنىڭ سۆزىنى جانلىق، جانسىز ھەممىسى رۇشەن چۈشىنەلەيدۇ). ئۇ كىشى ئۆڭ تەرىپىگە قاراپ ئۆزى بۇرۇن قىلغان ئەمەلدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قاراپمۇ پەقەت بۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ، ئالدىغا قاراپ دوۋزاخدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت يۈزى تەرەپتە دوۋزاخنىلا كۆرىدۇ، سىلەر يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن ساقلىنىڭلار.بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2304 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ خَيْثَمَةَ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ: ذَكَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم النّارَ فَأَعْرَضَ وَأَشَاحَ. ثُمّ قَالَ «اتّقُوا النّارَ». ثُم أَعْرَضَ وَأَشَاحَ حَتّى ظَنَنّا أَنّهُ كَأَنّمَا يَنْظُرُ إِلَيْهَا. ثُمّ قَالَ: «اتّقُوا النّارَ وَلَوْ بِشِقّ تَمْرَةٍ. فَمَنْ لَمْ يَجِدْ، فَبِكَلِمَةٍ طَيّبَةٍ».
وَلَمْ يَذْكُرْ أَبُو كُرَيْبٍ. كَأَنّمَا. وَقَالَ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثنَا الأَعْمَشُ.

2305 ـ وحدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحمّدُ بْنُ جَعْفرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ خَيْثمَةَ، عَنْ عَدِيّ بْنِ حَاتِمٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ ذَكَرَ النّارَ فتَعوّذَ مِنْهَا. وَأَشَاحَ بوَجْههِ. ثلاَثَ مِرَارٍ. ثُمّ قَالَ: «اتّقُوا النّارَ وَلَوْ بشِقّ تَمْرَةٍ. فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا، فَبكَلِمَةٍ طَيّبَةٍ».

ئەدى ئىبنى هاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋزەخنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەپ؛ دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار!دەپ، ئاندىن بىر نەرسىدىن يۈز ئۆرۈپ قاچقاندەك قىلىپ، ئۈچ قېتىم ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ يىراقلىشىپ: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر تاپالمىساڭلار، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن ساقلىنىڭلار ،دېدى. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋزەخكە قاراۋاتقانلىقىنى گۇمان قىلدۇق. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

2306 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى الْعَنَزِيّ. أَخْبَرَنَا مُحمّدُ بْنُ جَعفرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَوْنِ بْنِ أَبي جُحَيْفَةَ، عَنِ الْمُنْذِرِ بْنِ جَرِيرٍ، عَنْ أَبيهِ قالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي صَدْرِ النّهَارِ. قالَ: فَجاءَهُ قَوْمٌ حُفَاةٌ عُرَاةٌ مُجْتَابي النّمَارِ أَوِ الْعَبَاءِ. مُتَقَلّدِي السّيُوفِ. عَامّتُهُمْ مِنْ مُضَرَ. بَلْ كُلّهُمْ مِنْ مُضَرَ. فَتَمعّرَ وَجْهُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِمَا رَأَى بِهِمْ مِنَ الْفَاقَةِ. فَدَخَلَ ثُمّ خَرَجَ. فَأَمَرَ بلاَلاً فَأَذّنَ وَأَقَامَ. فَصلّى ثُمّ خَطَبَ فَقَالَ: {يَا أَيّهَا النّاسُ اتّقُوا رَبّكُمُ الّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ} ( 4النساء الآية: 1) إِلَى آخِرِ الآيَةِ. {إِنّ الله كَانَ عَلَيكُمْ رَقِيباً} وَالآيَةَ الّتِي فِي الْحَشْرِ: {اتّقُوا الله وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدّمَتْ لِغَدٍ وَاتّقُوا الله} ( 95الحشر الآية: 81) تَصدّقَ رَجُلٌ مِنْ دِينَارِهِ، مِنْ دِرْهَمِهِ، مِنْ ثَوْبهِ، مِنْ صَاعِ بُرّهِ، مِنْ صَاعِ تَمْرِهِ (حَتّى قَالَ) وَلَوْ بشِقّ تَمْرَةٍ» قالَ: فَجَاءَ رَجُلٌ مِنَ الأَنْصَارِ بِصُرّةٍ كَادَتْ كَفّهُ تَعْجِزُ عَنْهَا. بَلْ قَدْ عَجزَتْ. قالَ: ثُمّ تَتَابَعَ النّاسُ. حَتّى رَأَيْتُ كَوْمَيْنِ مِنْ طَعَامٍ وَثِيَابٍ. حَتّى رَأَيْتُ وَجْهَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَتَهَلّلُ. كَأَنّهُ مُذْهَبَةٌ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ سَنّ فِي الإِسْلاَمِ سُنّةً حَسَنَةً، فَلَهُ أَجْرُهَا، وَأَجْرُ مَنْ عَمِلَ بهَا بَعْدَهُ. مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْءٌ. وَمَنْ سَنّ فِي الإِسْلاَمِ سُنّةً سَيّئَةً، كَانَ عَلَيْهِ وِزْرُهَا وَوِزْرُ مَنْ عَمِلَ بهَا مِنْ بَعْدِهِ. مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أَوْزَارِهِمْ شَيْءٌ».
2307 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أَبي. قالاَ جَمِيعاً: حَدّثنَا شُعْبَةُ. حَدّثنِي عَوْنُ بْنِ أَبي جُحَيْفَةَ. قالَ: سَمِعْتُ الْمُنْذِرَ بْنَ جَرِيرٌ عَنْ أَبيهِ قالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَدْرَ النّهَارِ. بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ جَعْفَرٍ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ مُعاذٍ مِنَ الزّيَادَةِ قالَ: ثُمّ صَلّى الظّهْرَ ثُمّ خَطَبَ.
2308 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ أَبُو كَامِلٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ الأُمَوِيّ. قَالُوا: حَدّثنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنِ الْمُنْذِرِ بْنِ جَرِيرٍ، عَنْ أَبيهِ قالَ: كُنْتُ جَالِساً عِنْدَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فَأَتَاهُ قَوْمٌ مُجْتَابي النّمَارِ. وَسَاقُوا الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ. وَفِيهِ: فَصلّى الظّهْرَ ثُمّ صَعِدَ مِنْبَراً صَغِيراً. فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «أَمّا بَعْدُ. فَإِنّ الله أَنْزَلَ فِي كِتَابهِ: {يَا أَيّهَا النّاسُ اتّقُوا رَبّكُمُ} الآيَةَ».
2309 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ مُوسَى بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يَزِيدَ وَ أَبي الضّحَى، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ هِلاَلٍ الْعَبْسِيّ، عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قالَ: جَاءَ نَاسٌ مِنَ الأَعْرَابِ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. عَلَيْهِمُ الصّوفُ. فَرَأَى سُوءَ حَالِهِمْ. قَدْ أَصَابَتْهُمْ حَاجَةٌ. فَذَكَرَ بِمَعْنَى حَدِيثِهِمْ.

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز ئەتىگەن تەرەپتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، يىلىڭىز تىرىسىدەك سىزىقلىق كاسايا ياكى جۇۋا كىيىۋالغان،قىلىچ ئاسقان بىر تۈركۈم كىشىلەر كەلدى،ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزەر قەبىلىسىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قاتتىق پېقىرلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ يۈزى ئۆزگىرىپ كەتتى.ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ چىقىپ،بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەزان ـ تەكبىر تولاشقا بۇيرىدى،نامازدىن كېيىن خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار!، سىلەرنى بىر ئىنساندىن يەنى ئادەمدىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن يەنى ئۇنىڭ جىنسىدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر — ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن

قورقۇڭلار، بىر ــ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا، نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، **الله** ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. (سۈرە نىسائ بىرىنچى ئايەت) ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەربىر جان ئىگىسى بولغان ئىنسان، ئەتىگە يەنى قىيامەت كۈنىگە نېمىنى تەقدىم قىلىپ تەييارلىغىنىغا قارىسۇن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»، ئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىشىلەر ئالتۇن ــ كۈمۈش، كىيىم ــ كېچەك، بۇغداي ــخورمىلارنى سەدىقە ــ ئېھسان قىلىپ كەتتى. ھەتتا يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار دېيىشتى، ئەنساردىن بىر كىشى لىق بىر بوخچا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى كۆتىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن قولى كۆتىرەلمىگىلى تاس ـ تاس قالاتتى، ئاندىن كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن سەدىقە ــ ئېھسان قىلىشقاباشلىدى. ھەتتا مەن يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ــ كىچەكتىن ئىككى دۆۋە كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ خۇددى ئالتۇن بىلەن ھەل بىرىپ قويغاندەك، تولۇن ئايدەك نۇرلۇنۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇچاغدامۇنداق دىگەن: كىم ئىسلام دىنى ئىچىدە ياخشى سۈننەت قالدۇرسا، ياكى ئۆلۈپ يوقاپ كەتكەن سۈننەتنى تېرىلدۈرسە، ئۇ كىشىگە شۇ ئىشنىڭ ئەجرى ۋە شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق ئوخشاش بېرىلىدۇ، كىم دەل ئەكسىچە يامان سۈننەت، بىدئەت قالدۇرسا بۇ كىشىگىمۇ شۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كىيىن شۇ يامان سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرى ھېچنەرسە كاملىماستىن ئوخشاش يېزىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 428 ـــــ باب الحمل أجرة يتصدق بها، والنهي الشديد عن تنقيص المتصدق بقليل

## ھامماللىق قىلىپ تاپقان ئىش ھەققىنى سەدىقە قىلىش، ناھايىتى ئازنەرسە سەدىقە قىلغۇچىنىمۇ ئەيىبلەشتىن قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا

**2310 –2311 ـ حدّثني يَحْيَى بْنُ مَعِينٍ. حَدّثنَا غُنْدَرٌ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنِيهِ بِشْرُ بْنُ خَالِدٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) أخْبَرَنَا مُحَمّدٌ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ قَالَ: أُمِرْنَا بِالصّدَقَةِ. قَالَ: كُنّا نُحَامِلُ. قَالَ: فَتَصَدّقَ أَبُو عَقِيلٍ بِنِصْفِ صَاعٍ. قَالَ: وَجَاءَ إِنْسَانٌ بِشَيْءٍ أَكْثَرَ مِنْهُ. فَقَالَ الْمُنَافِقُونَ: إِنّ اللّهَ لَغَنِيّ عَنْ صَدَقَةِ هَذَا. وَمَا فَعَلَ هَذَا الآخَرُ إِلاّ رِيَاءً. فَنَزَلَتْ: {الّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطّوّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصّدَقَاتِ وَالّذِينَ لاَ يَجِدُونَ إِلاّ جُهْدَهُمْ} (9التوبة الآية: 79). وَلَمْ يَلْفِظْ بِشْرٌ: بِالْمُطّوّعِينَ.**

ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛بىز ھامماللىق قىلاتتۇق، بىزمۇ سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، ئەبۇئۇقەيل يېرىم سا نەرسە سەدىقە قىلدى، يەنە بىركىشى ناھايىتى كۆپ نەرسە ئېلىپ كەلدى، ئاندىن مۇناپىقلار؛ ماۋۇ كىشىنىڭ يېرىم سا سەدىقىسىدىن **الله** بىھاجەتتۇر، ئاۋۇ يەنە بىر كىشى رىيا قىلىپلا شۇنداق كۆپ سەدىقە قىلدى،

دېيىشتى، (ئۆزلىرى بولسا، ھېچ نەرسە قىلمىدى)ئاندىن « (مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ﷲ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

## 429 ــ *باب فضل المنيحة* سېغىن ھايۋاننى بېرىپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**2312 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ «أَلاَ رَجُلٌ يَمْنَحُ أَهْلَ بَيْتٍ نَاقَةً. تَغْدُو بِعُسَ. وَتَرُوحُ بِعُسَ. إِنّ أَجْرَهَا لَعَظِيمٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر ئۆي ئەھلىگە ئەتىگەن ــ ئاخشام سۈتى ئارقىلىق، ئەتىگەنلىك، كەچلىك تائام، غىزا بېرىدىغان تۆگىنى (ياكى كالىنى ئارىيەت، ئۆتنە) بېرىپ تۇرىدىغان كىشى يوقمۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئەجرى كاتتا، ئۇلۇغدۇر.

**2313 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيّ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرٍو عَنْ زَيْدٍ، عَنْ عَدِيّ بْنِ ثَابِتٍ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ نَهَى فَذَكَرَ خِصَالاً وَقَالَ: «مَنْ مَنَحَ مَنِيحَةً، غَدَتْ بِصَدَقَةٍ، وَرَاحَتْ بِصَدَقَةٍ، صَبُوحِهَا وَغَبُوقِهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن نەرسىلەردىن توسۇپ، نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: كىم سېغىن ھايۋاننى سۈتىدىن مەنپەئەتلەنسۇن ئۈچۈن بېرىپ تۇرسا، ئۇ ئەتىگەن ــ ئاخشاملىرى ئەتىگەنلىك، كەچلىك غىزا ئۈچۈن سەدىقە چىقىرىدۇ، يەنى سۈتى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مۇسلىم 1694 ــ ھەدىس، بۇخارى 2436 ــ ھەدىس،

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەنىيمەتتىن ئېلىنغان سۈتلۈك سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى ،ئەتىگەن ــ ئاخشام بىر قاچىدىن سۈت بېرىدىغان، سۈتى ساپ سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى باشقىلار،ئۇنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى سەدىقە ھە!. بۇخارى 5178 ــ ھەدىس، مالىك، ئەھمەد،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 430 ـــ *باب مثل المنفق والبخيل* سەدىقە قىلغۇچى بىلەن بېخىلنىڭ مىسالى توغرىسىدا

**2314 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ عَمْرٌو: وَحَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. قَالَ: وَقَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: عَنِ الْحَسَنِ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَثَلُ الْمُنْفِقِ وَالْمُتَصَدّقِ. كَمَثَلِ رَجُلٍ عَلَيْهِ جُبّتَانِ أَوْ جُنّتَانِ. مِنْ لَدُنْ ثُدِيّهِمَا إِلَى تَرَاقِيهِمَا. فَإِذَا أَرَادَ الْمُنْفِقُ (وَقَالَ الآخَرُ: فَإِذَا أَرَادَ الْمُتَصَدّقُ) أَنْ يَتَصَدّقَ سَبَغَتْ عَلَيْهِ أَوْ مَرّتْ. وَإِذَا أَرَادَ الْبَخِيلُ أَنْ يُنْفِقَ. قَلَصَتْ عَلَيْهِ وَأَخَذَتْ كُلّ حَلْقَةٍ مَوْضِعَهَا. حَتّى تُجِنّ بَنَانَهُ وَتَعْفُوَ أَثَرَهُ» قَالَ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: فَقَالَ يُوَسّعُهَا فَلاَ تَتّسِعُ.**

**2315 ـ2316 ـ حدّثني سُلَيْمَانُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ أَبُو أَيّوبَ الْغَيْلاَنِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَامِرٍ (يَعْنِي الْعَقَدِيّ). حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمَ بْنُ نَافِعٍ عَنِ الْحَسَنِ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: ضَرَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَثَلَ الْبَخِيلِ وَالْمُتَصَدّقِ. كَمَثَلِ رَجُلَيْنِ**

عَلَيْهِمَا جُنَّتَانِ مِنْ حَدِيدٍ. قَدِ اضْطُرّتْ أَيْدِيهِمَا إِلَى ثُدِيّهِمَا وَتَرَاقِيهِمَا. فَجَعَلَ الْمُتَصَدّقُ كُلّمَا تَصَدّقَ بِصَدَقَةٍ انْبَسَطَتْ عَنْهُ. حَتّىَ تُغَشّيَ أَنَامِلَهُ وَتَعْفُوَ أَثَرَهُ. وَجَعَلَ الْبَخِيلُ كُلّمَا هَمّ بِصَدَقَةٍ قَلَصَتْ. وَأَخَذَتْ كُلّ حَلْقَةٍ مَكَانَهَا». قَالَ: فَأَنَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ بِإِصْبَعِهِ فِي جَيْبِهِ. فَلَوْ رَأَيْتَهُ يُوَسّعُهَا وَلاَ تَوَسّعُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە ــ ئېھسان قىلىپ تۇرغۇچى بىلەن بېخىلنىڭ ئوخشىشى؛ ئۈستىدە كۆكرىكىدىن تارتىپ ئوقرەك سۆڭكىگىچە، گېلىغىچە تۆمۈر كىيىم بار ئىككى كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەمما نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچى بىرەر نەرسىنى چىقىم قىلىشقا باشلىسا، (ئۇنىڭ تېرىسىدىكى)، ئۇچىسىدىكى كىيىم ئۇزۇنلىقىدىن بارماقلىرىنى ياپقىدەك، ماڭغان ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈ ۋەتكىدەك كەڭرىيدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھ يولىدا بېرەلەيدۇ، ئەمما بېخىلغا كەلسەك، ئۇ بىرەر نەرسىنى نەپىقە ئېھسان قىلىشنى ئىرادە قىلسىلا، كىيىمىنىڭ ھەر بىر ھالقىسى ئۆز ئورنىغا مەھكەم چاپلىشىپ، ئۇ كىيىمنى كەڭرىتمەكچى بولسىمۇ كىيىم زادى كەڭرىمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئېھسان قىلالمايدۇ، مانابۇ، ئىككىسىنىڭ مىسالىدۇر.مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بارماقلىرىنى ياقىسىغا سىلىپ تارتىپ، ئۇنى كەڭرىتەلمىگەنلىكىنى كۆردۈم. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى 1352 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 431 ـــــ باب ثبوت أجر المتصدق، وإن وقعت الصدقة في يد غير أهلها

## گەرچە سەدىقە ئۆز ئەھلىدىن باشقا كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ مۇقۇم بۇلۇۋرىشى توغرىسىدا

2317 ـ حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنِي حَفْصُ بْنُ مَيْسَرَةَ عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النبِي صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَالَ رَجُلٌ: لأَتَصَدّقَنّ اللّيْلَةَ بِصَدَقَةٍ. فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدِ زَانِيَةٍ. فَأَصْبَحُوا يَتَحَدّثُونَ: تُصُدّقَ اللّيْلَةَ عَلَى زَانِيَةٍ. قَالَ: اللّهُمّ لَكَ الْحَمْدُ عَلَى زَانِيَةٍ. لأَتَصَدّقَنّ بِصَدَقَةٍ. فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدِ غَنِيَ. فَأَصْبَحُوا يَتَحَدّثُونَ: تُصُدّقَ عَلَى غَنِيَ. قَالَ: اللّهُمّ لَكَ الْحَمْدُ عَلَى غَنِيَ. لأَتَصَدّقَنّ بِصَدَقَةٍ. فَخَرَجَ بِصَدَقَتِهِ فَوَضَعَهَا فِي يَدِ سَارِقٍ. فَأَصْبَحُوا يَتَحَدّثُونَ: تُصُدّقَ عَلَى سَارِقٍ. فَقَالَ: اللّهُمّ لَكَ الْحَمْدُ عَلَى زَانِيَةٍ وَعَلَى غَنِيَ وَعَلَى سَارِقٍ. فَأُتِيَ فَقِيلَ لَهُ: أَمّا صَدَقَتُكَ فَقَدْ قُبِلَتْ. أَمّا الزّانِيَةُ فَلَعَلّهَا تَسْتَعِفّ بِهَا عَنْ زِنَاهَا. وَلَعَلّ الْغَنِيّ يَعْتَبِرُ فَيُنْفِقُ مِمّا أَعْطَاهُ اللّهُ. وَلَعَلّ السّارِقَ يَسْتَعِفّ بِهَا عَنْ سَرِقَتِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى؛ بۈگۈن كېچە بىر مەخپى سەدىقە قىلايچۇ دەپ، سەدىقىسىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر ئوغرىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر؛ پالانى بۈگۈن كېچە ئوغرىغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشىپتۇ، ئاندىن ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ! ئوغرى بولسىمۇ ساڭا شۈكرى، ساڭا ھەمدۇ ــ سانا دەپتۇ، مەن بۈگۈن كېچە سەدىقە قىلىپ باقاي، دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر زىناخور ئايالنىڭ قولىدا قويۇپتۇ، (ئۇ بۇنى قەتئىي بىلمەيدۇ، خەۋىرى يوقەدە!) ئاندىن تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر؛ ئۇ زىناخورغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشتى، ئۇ كىشى؛ ئى ئاللاھ، مەن بىلمەپتىمەن، زىناخورغا تەگكەن بولسىمۇ ساڭا شۈكرى دەپتۇ، ئاندىن ئۇ؛ بۈگۈن يەنەبىر قېتىم سەدىقە قىلاي دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بۈگۈن بىر باينىڭ قولىغا قويۇپتۇ، كىشىلەر ئەتىسى؛ پالانى بايغا سەدىقە بېرىپتۇ دېيىشىپتۇ، ئۇ كىشى ئى ئاللاھ، باي بولسىمۇ بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ساڭا خاستۇر دەپ شۈكرى قىلىپتۇ. ئۇ، ئوغرىغا، زىناخورغا، بايغا سەدىقە

بەرگەن بولسمۇ يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى دەيتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: ئەمما سېنىڭ ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئۇ ئوغرىلىقىدىن ئىپپەتلىك بولۇپ توختاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما، زىناخورغا كەلسەك، ئۇمۇ زىنا قىلىشىدىن ئىپپەتلىك بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بايغا كەلسەك، ئۇ ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىدىن نەپىقە قىلىشى، خەژلىشى مۇمكىن، كېرەك يوق. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، سەدىقە بېرىلىدۇ، لېكىن، ئىسلام كۈچلىنىپ كەتسە، بۇ ئەمەلدىن قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەدىسىدىكى كىشى، كېچىسى سەدىقە قىلغاچقا، ئورنىنى، جايىنى بىلەلمىگەن، خاتالىق ئەپۇدۇر، ياكى بۇ زاكات، ئۆشرە بولماستىن، نەپلە سەدىقە بولۇشى مۇمكىن، دەلىل، ئۇ كەينى ــ كەينىدىن بەرگەن، زاكات دىگەن بىر قېتىمدىلا ئادا تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باي، ئوغرى، زىناخورلار كاپىر، دىنسىز سانالمايدۇ، ئۇلار ناماز ئوقۇشى مۇمكىن، بۇ ھەدىسىدىن ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە ئۆشرە ــ زاكات بېرىشكە دەلىل ئېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ناماز ئوقۇمىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ ھۆكمەن ئۆلۈكتۇر.

## 432 ـــــ باب أجر الخازن الأمين، والمرأة إذا تصدقت من بيت زوجها غير مفسدة، بإذنه الصريح أو العرفي

## ئىشەنچلىك خەزىنىچىنىڭ ئەجرى ۋە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئۆرۈپ ـ ئادىتى بويىچە ياكى ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن بۇزماستىن سەدىقە ـ ئېھسان قىلغان ئايال كىشىنىڭ ئەجرى توغرىسىدا

**2318 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو عَامِرٍ الأَشْعَرِيّ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. كُلّهُمْ عَنْ أَبِي أُسَامَةَ. قَالَ: أَبُو عَامِرٍ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا بُرَيْدٌ عَنْ جَدّهِ أَبِي بُرْدَةَ، عَنْ أَبِي مُوسَىَ، عَنِ النبي صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ الْخَازِنَ الْمُسْلِمَ الأَمِينَ الّذِي يُنْفِذُ (وَرُبّمَا قَالَ يُعْطِي) مَا أُمِرَ بِهِ، فَيُعْطِيهِ كَامِلاً مُوَفّراً، طَيّبَةً بِهِ نَفْسُهُ، فَيَدْفَعُهُ إِلَىَ الّذِي أُمِرَ لَهُ بِهِ ـ أَحَدُ الْمُتَصَدّقِينَ».**

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىشكە بۇيرىغان نەرسىنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، تولۇق، كامىل بېرىدىغان، بېرىشتىمۇ شۇ نەرسە بېرىلىشكە بۇيرۇلغان كىشىگە بېرىدىغان، كىمگە بەر دېسە، شۇ كىشىگە بېرىدىغان، ئىشەنچلىك مۇسۇلمان خەزىنىچى، ئامبارچى، ئىككى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى خوجايىنغا ئوخشاش، ئەجىر، ساۋاب ئالىدۇ ، چۈنكى،ئۇمۇ سەدىقە قىلغۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرىدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى.

**2319 ـ2320 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَنْفَقَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ طَعَامِ بَيْتِهَا غَيْرَ مُفْسِدَةً، كَانَ لَهَا أَجْرُهَا بِمَا أَنْفَقَتْ. وَلِزَوْجِهَا أَجْرُهُ بِمَا كَسَبَ. وَلِلْخَازِنِ مِثْلُ ذَلِكَ. لاَ يَنْقُصُ بَعْضُهُمْ أَجْرَ بَعْضٍ شَيْئاً».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى (ئېرىنىڭ) ئۆيىدىكى تائامدىن بۇزماستىن سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ ئايالغا سەدىقىنىڭ ساۋابى، ئېرىگە كەسىپ قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى، مالنى ساقلىغۇچى خەزىنىچىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بار دۇر، زادى كاملىماستىن، ھەممىسى ئوخشاش بەرابەر ئەجىر ئالىدۇ بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى ، سەھىھ.

**2321 ـ 2322 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَنْفَقَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ بَيْتِ زَوْجِهَا غَيْرَ مُفْسِدَةٍ. كَانَ لَهَا أَجْرُهَا. وَلَهُ مِثْلُهُ. بِمَا اكْتَسَبَ. وَلَهَا بِمَا أَنْفَقَتْ. وَلِلْخَازِنِ مِثْلُ ذٰلِك. مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْتَقِصَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْئاً».**

ئائىشه رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن مالنى بۇزم اسىتىن سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ ئايالغا سەدىقىنىڭ ساۋابى، ئېرىگە كەسىپ قىلغانىنىڭ ساۋابى، مالنى ساقلىغۇچى خەزىنىچىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بار  دۇر، زادى كاملىما ستىن، ھەممىسى ئوخشاش بەرابەر ئەجىر ئالىدۇ بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى ، سەھىھ.

## 433 ـــ *باب ما أنفق العبد من مال مولاه*  قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ مېلىدىن سەدىقە قىلىشى توغرىسىدا

**2323 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنْ حَفْصِ بْنِ غِيَاثٍ. قَالَ ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا حَفْصٌ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ عُمَيْرٍ مَوْلَى آبِي اللّحْمِ قَالَ: كُنْتُ مَمْلُوكاً. فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَأَتَصَدّقُ مِنْ مَالِ مَوَالِيّ بِشَيْءٍ؟ قَالَ: «نَعَمْ. وَالأَجْرُ بَيْنَكُمَا نِصْفَانِ».**
**2324 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ يَزِيدَ (يَعْنِي ابْنَ أَبِي عُبَيْدٍ) قَالَ: سَمِعْتُ  عُمَيْراً مَوْلَى آبِي اللّحْمِ قَالَ: أَمَرَنِي مَوْلاَيَ أَنْ أُقَدّدَ لَحماً. فَجَاءَنِي مِسْكِينٌ. فَأَطْعَمْتُهُ مِنْهُ. فَعَلِمَ بِذٰلِكَ مَوْلاَيَ فَضَرَبَنِي. فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرْتُ ذٰلِكَ لَهُ. فَدَعَاهُ فَقَالَ: «لِمَ ضَرَبْتَهُ؟» فَقَالَ: يُعْطِي طَعَامِي بِغَيْرِ أَنْ آمُرَهُ. فَقَالَ: «الأَجْرُ بَيْنَكُمَا».**

ئابىللەھمىنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى خوجايىنىم گۆشنى يېرىپ، تىلىپ قۇرۇتۇشۇمغا بۇيرىدى، مەن شۇ ئىشنى قىلىۋاتسام ، ماڭا بىر مىسكىن كىلىپ گۆشتىن سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا بەردىم، خوجايىنىم ئۇنى ئۇقۇپ قىلىپ مىنى ئۇردى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ، بولغان ئىشلارنى خەۋەرقىلدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرتىپ: ئۇمەيرنى نىمىشقا ئۇردۇڭ؟ دىدى، ئۇ: بۇ مىنىڭ تائامىمنى مىنىڭ بۇيرۇقۇمسىزلا باشقىلارغا بىرىۋىتىدۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەشۇ سەدىقىنىڭ ئەجرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا تەڭدۇر، ھەرئىككىڭلارغا تەڭ بۇلىدۇ دىدى، يەنەبىرخاتىردە: خوجايىنىمنىڭ مېلىدىن سەدىقە قىلسام بۇلامدۇ؟ دىسەم، بۇلىدۇ، ئەشۇ سەدىقىنىڭ ئەجرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا تەڭ،يېرىمدىن بىرىلىدۇ، دىدى. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**2325 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تَصُمِ الْمَرْأَةُ وَبَعْلُهَا شَاهِدٌ إِلاّ بِإِذْنِهِ. وَلاَ تَأْذَنْ فِي بَيْتِهِ وَهُوَ شَاهِدٌ إِلاّ بِإِذْنِهِ. وَمَا أَنْفَقَتْ مِنْ كَسْبِهِ مِنْ غَيْرِ أَمْرِهِ فَإِنّ نِصْفَ أَجْرِهِ لَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  مۇنداق دىگەن: ئايال كىشى ئېرى ھازىر تۇرۇپ، ئۆيدە بار بولسا، ئېرىنىڭ ئىزنىسىز روزا تۇتمىسۇن، ئېرىدىن رۇخسەت سوراپ نەپلە روزا تۇتسا بولىدۇ. (لېكىن، رامىزاندا ئىزنىسىز تۇتىۋېرىدۇ  )، ئېرى بار تۇرۇپ، ئېرىنىڭ ئىزنىسىز باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىزنى، ئىجازەت بەرمىسۇن، ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىزنى بەرسۇن، ئايال كىشى ئېرىنىڭ كەسپىدىن، مېلىدىن ئېرىنىڭ

بۇيرۇقسىز سەدىقە ــ ئېھسان قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى ئېرى ئۈچۈن بولىدۇ، يېرىمى ئۆزىنىڭ بولىدۇ.

ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 434 – باب من جمع الصدقة وأعمال البر سەدىقىنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرگە قىلغان كىشى توغرىسىدا

2326 –2327 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ (وَاللّفْظُ لاِءَبِي الطّاهِرِ) قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَن ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ أَنْفَقَ زَوْجَيْنِ فِي سَبِيلِ اللّهِ نُودِيَ فِي الْجَنّةِ: يَا عَبْدَ اللّهِ هَذَا خَيْرٌ. فَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصّلاَةِ، دُعِيَ مِنْ بَابِ الصّلاَةِ. وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الْجِهَادِ، دُعِيَ مِنْ بَابِ الْجِهَادِ. وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصّدَقَةِ، دُعِيَ مِنْ بَابِ الصّدَقَةِ، وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصّيَامِ، دُعِيَ مِنْ بَابِ الرّيّانِ».

2328 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ. حَدّثَنَا شَيْبَانُ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا شَبَابَةُ. حَدّثَنَا شَيْبَانُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَنْفَقَ زَوْجَيْنِ فِي سَبِيلِ اللّهِ دَعَاهُ خَزَنَةُ الْجَنّةِ. كُلّ خَزَنَةِ بَابٍ: أَيْ فُلُ هَلُمّ». فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: يَا رَسُولَ اللّهِ ذَلِكَ الّذِي لاَ تَوَى عَلَيْهِ. قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لأَرْجُو أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسە سەدىقە قىلسا، (يەنى بىر جۈپ كالا ــ قوي ھەدىي قىلسا) ئۇ كىشى جەننەتنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ، جەننەتنىڭ خازىن پەرىشتىللىرى ئۇنى؛ئى پالانى!ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى!، مانا بۇ ياخشى، بۇ ياخشى، بۇياققا كەل!دەپ چاقىرىدۇ، جەننەتنىڭ كۆپ ئىشىكى باردۇر، كىم ناماز ئەھلىدىن بولسا، ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، جىھاد ئەھلىدىن بولسا، جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، روزا ئەھلىدىن بولسا، رەييان دېگەن روزا ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، سەدىقە ئەھلىدىن بولسا، جەننەتنىڭ سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرلىدۇ، مانا بۇ ئىشىكىدىن جەننەتكە كىرگىن! دېيىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلىدىغان كىشىگە ھېچ بىر زىيان يوقتۇر، ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرلىدىغان كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ھەئە بار، مەن سېنىڭ ئاشۇ ھەممە ئىشىكتىن تەڭ چاقىرلىدىغان كىشلەردىن بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى.ئەھمەد،بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى.

2329 ـ حدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ (يَعْنِي الْفَزَارِيّ) عَنْ يَزِيدَ (وَهُوَ ابْنُ كَيْسَانَ) عَنْ أَبِي حَازِمٍ الأَشْجَعِيّ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَصْبَحَ مِنْكُمُ الْيَوْمَ صَائِماً؟» قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: أَنَا. قَالَ: «فَمَنْ تَبِعَ مِنْكُمُ الْيَوْمَ جَنَازَةً؟» قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: أَنَا. قَالَ: «فَمَنْ أَطْعَمَ مِنْكُمُ الْيَوْمَ مِسْكِيناً؟» قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: أَنَا. قَالَ: «فَمَنْ عَادَ مِنْكُمُ الْيَوْمَ مَرِيضاً؟» قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: أَنَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا اجْتَمَعْنَ فِي امْرِىءٍ، إِلاّ دَخَلَ الْجَنّةَ».

ئەبۇ سەئىد،ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەردىن كىم بۈگۈن رۇزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى؟ دېگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ مانا مەن دېدى. كىم بۈگۈن جىنازىغا ئەگەشتى؟ دېگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن ئەگەشتىم دېدى. سىلەردىن كىم بۈگۈن مىسكىنگە تاماق بەردى؟ دېگەندە، يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن دېدى. كىم كېسەل يوقلىدى؟ دېگەندە، يەنە

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مانا مەن يوقلۇدۇم دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: يۇقىرقى ئەشۇ ئىشلار بىرەر كىشىدە بىرلەشسە، ئۇكىشى جەننەتكە كىرىدۇ، دېدى.مۇسلىم  ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بەش ئىشنى بىر كۈن ئىچىدە قىلالىسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىپ يازىدۇ، كىم جۈمەئە كۈنى روزا تۇتسا، جۈمەئەگە بالدۇر بارسا، كېسەل كىشىنى يوقلىسا، جىنازىغا قاتناشسا، بىر قۇل ئازاد قىلسا، (ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ) ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 435 ـــــ باب الحث في الإنفاق، وكراهة الإحصاء

### سەدىقە قىلىشقا تەرغىب قىلىش ۋە ھىساپلاپ يىغىۋېلىشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا

2330 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حَفْصٌ (يَعْنِي ابْنَ غِيَاثٍ) عَنْ هِشَامٍ، عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ الْمُنْذِرِ، عَنْ أسْمَاءَ بِنْتِ أبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ قَالَتْ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أنْفِقِي (أوِ انْضَحِي، أوِ انْفَحِي) وَلاَ تُحْصِي، فَيُحْصِيَ اللّهُ عَلَيْكِ».
2331 ـ2332 ـ وحدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إسْحَـقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. جَمِيعاً عَنْ أبِي مُعَاوِيَةَ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ خَازِمٍ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ عَبّادِ بْنِ حَمْزَةَ، وَعَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ الْمُنْذِرِ، عَنْ أسْمَاءَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «انْفَحِي (أوِ انْضَحِي، أوْ أنْفِقِي) وَلاَ تُحْصِي. فَيُحْصِيَ اللّهُ عَلَيْكِ. وَلاَ تُوعِي فَيُوعِيَ اللّهُ عَلَيْكِ».

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىپ خەژلىگىن، ھېسابلىۋالما، ئاللاھمۇ ساڭا ھېسابلىۋالىدۇ، يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالما، ئاللاھمۇ سەندىن يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالىدۇ، قادىر بولىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم.

2333 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي ابْنُ أبِي مُلَيْكَةَ أنّ عَبّادَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ أخْبَرَهُ عَنْ أسْمَاءَ بِنْتِ أبِي بَكْرٍ أنّهَا جَاءَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَتْ: يَا نَبِيّ اللّهِ لَيْسَ لِي شَيْءٌ إلاّ مَا أدْخَلَ عَلَيّ الزّبَيْرُ. فَهَلْ عَلَيّ جُنَاحٌ أنْ أرْضَخَ مِمّا يُدْخِلُ عَلَيّ؟ فَقَالَ: «ارْضَخِي مَا اسْتَطَعْتِ. وَلاَ تُوعِي فَيُوعِيَ اللّهُ عَلَيْكِ».

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمادىن ،ئۇ كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى!ماڭا پەقەت ئوغلۇم زۇبەير ئېلىپ كىرگەن نەرسىلا باردۇر، مەن ئۇ نەرسىلەردە سېخىيلىق قىلسام، ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قادىر بولىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن، تولا ھېساپلىۋالما، ئاللاھمۇ ساڭا ھېسابلىۋالىدۇ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، پىششىق بولسىڭىزمۇ پىخسىق بولماڭ.

ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېسابلاپ، ساقلاپ قېلىپ بېخىللىق قىلما، ساڭمۇ ئاللاھ ھېسابلاپ ساقلاپ بەرمەيدۇ، قادىر بولىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن. بۇخارى.

## 436 ـــــ باب الحث على الصدقة ولو بالقليل، ولا تمتنع من القليل لاحتقاره

### ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ تۇرۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە ئۇنى ئاز كۆرۈپ كىچىك سانىماسلىق توغرىسىدا

**2334 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ. ح وَحَدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا اللّيْثُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ، عَنْ أَبيهِ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَقُولُ: «يَا نِسَاءَ الْمُسْلِمَاتِ لاَ تَحْقِرَنّ جَارَةٌ لِجَارَتِهَا. وَلَوْ فِرْسِنَ شَاةٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇسۇلمان ئاياللار! خوشنا ئۆلتۈرغان ئايال كىشى، خوشنىسىغا گەرچە قوينىڭ پاقالچىقىنى بېرىپمۇ بولسا، شۇنچىلىك نەرسىنى ھەدىيە قىلىپمۇ بولسا ھاقارەتلىمىسۇن، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىمىسۇن. بەيھەقى، ئەھمەد 9999 ـ ھەدىس، بۇخارى 5558 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1711 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2056 ـ ھەدىستە، بۇ سۆزنى ھەدىيە قىلىشىپ تۇرۇڭلار، ھەدىيە قىلىش، ھىقدە، ھەسەدنى، ئاچچىقنى يوقىتىدۇ دەپ دېگەندۇر.

## 437 ـــ *باب فضل إخفاء الصدقة* سەدىقىنى مەخپىي قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**2335 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. جَمِيعاً عَنْ يَحْيَى الْقَطّان. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنِي خُبَيْبُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ حَفْص بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النبي صلى الله عليه وسلم قَالَ: «سَبْعَةٌ يُظِلّهُمُ اللّهُ فِي ظِلّهِ يَوْمَ لاَ ظِلّ إلاّ ظِلّهُ: الإِمَامُ الْعَادِلُ. وَشَابّ نَشَأَ بِعِبَادَةِ اللّهِ. وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلّقٌ فِي الْمَسَاجِدِ. وَرَجُلاَنِ تَحَابّا فِي اللّهِ، اجْتَمَعَا عَلَيْهِ وَتَفَرّقَا عَلَيْهِ. وَرَجُلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَالٍ، فَقَالَ: إنّي أَخَافُ اللّهَ. وَرَجُلٌ تَصَدّقَ بِصَدَقَةٍ فَأَخْفَاهَا حَتّى لاَ تَعْلَمَ يَمِينُهُ مَا تُنْفِقُ شِمَالُهُ. وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللّهَ خَالِياً، فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ».**

**2336 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ حَفْص بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ الْخُدَرِيّ (أَوْ عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ) أَنّهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِ حَدِيثِ عُبَيْدِ اللّهِ. وَقَالَ «وَرَجُلٌ مُعَلّقٌ بِالْمَسْجِدِ، إذَا خَرَجَ مِنْهُ حَتّى يَعُودَ إلَيْهِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە كىشىگە ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە، ئاللاھتائالا (ئوخششى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى) سايىسى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ،(ئەرشى سايىسى ئاستىدا سايە تاشلايدۇ،) 1 ـ ئادىل ئىمام، خەلىپە، 2 ـ ئۆمرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياشىغان ياش يىگىت، 3 ـ قەلبى مەسجىدكە ئېسىقلىق، مەسجىددىن چىقسا يەنە مەسجىدگە قايتقانغا قەدەر قەلبى مەسجىدگە ئالاقىدار كىشى، 4 ـ ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا دوستلاشقان، بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى كىشىدۇر، بۇلار شۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈستىگە بىرلىشىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايرىلىپ كېتىدۇ، (مۇھەببىتى، دوستلۇقى، ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ،) 5 ـ خالى، يالغۇز تۇرغان جايىدا، ئاللاھنى ئەسلەپ ئىككى كۆزى ياش تۆككەن كىشى. 6 ـ مەنسەپ، ھوقۇق ئىگىسى بولغان، گۈزەللىك، ھۆسنى ــ جامالى بار ساھىبجامال ئايال، بۇياققا كەل! دەپ چاقىرغاندا، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن قورقىمەن دەپ ئۆزىنى تارتقان كىشى (ئايال كىشىمۇ شۇنداق قىلالىسا ، سايىدا بولىدۇ). 7 ـ سەدىقىنى مەخپىي قىلىدىغان، ئوڭ قولى سەدىقە، نەپىقە قىلغان نەرسىنى سول قولى بىلمەيدىغان كىشىدۇر، بۇ يەتتە كىشى سايىدا بولىدۇ، مالىك، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 438 ـــــ باب بيان أن أفضل الصدقة صدقة الصحيح الشحيح

### سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ساپ ـ ساق تۇرۇپ، ئاچ كۆز ھالىتىدە قىلغان سەدىقىدۇر

2337 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيّ الصّدَقَةِ أَعْظَمُ؟ فَقَالَ: «أَنْ تَصَدّقَ وَأَنْتَ صَحِيحٌ شَحِيحٌ. تَخْشَىَ الْفَقْرَ وَتَأْمُلُ الْغِنَىَ. وَلاَ تُمْهِلَ حَتّىَ إِذَا بَلَغَتِ الْحُلْقُومَ قُلْتَ: لِفُلاَنٍ كَذَا. وَلِفُلاَنٍ كَذَا. أَلاَ وَقَدْ كَانَ لِفُلاَنٍ».

2338 ـ 2339 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ عُمَارَةَ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيّ الصّدَقَةِ أَعْظَمُ أَجْراً؟ فَقَالَ: «أَمَا وَأَبِيكَ لَتُنَبّأَنّهُ: أَنْ تَصَدّقَ وَأَنْتَ صَحِيحٌ شَحِيحٌ. تَخْشَىَ الْفَقْرَ وَتَأْمُلُ الْبَقَاءَ. وَلاَ تُمْهِلْ حَتّىَ إِذَا بَلَغَتِ الْحُلْقُومَ قُلْتَ: لِفُلاَنٍ كَذَا. وَلِفُلاَنٍ كَذَا. وَقَدْ كَانَ لِفُلاَنٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىركىشى كېلىپ:ئى الله نىڭ ئەلچىسى!قانداق سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى، سەن ساق تۇرۇپ، ئاچ كۆز تۇرۇپ، بايلىقنى ئۈمىد قىلۋاتقان ، پېقىرلىقدىن قورقىۋاتقان، بېخىللىق ـ تىمۇ ئازىراق بار تۇرۇپ قىلغان سەدىقەڭ ئەڭ ئەۋزەلدۇر، سەدىقە قىلىشقا مۆھلەت بېرىپ، ئۆتكۈزۈۋەتمە، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە، پالانىغا مانچىلىك پالانىغا مانچىلىك دېيسەن، ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ چاغدا مال پالانىغا مۇنچىلىك بولۇپ بولدۇ، (يەنى ۋارىسنىڭ بولدۇ)، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 439 ــــ باب بيان أن اليد العليا خير من اليد السفلى، وأن اليد العليا هي المنفقة، وأن السفلى هي الآخذة

### بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر ،دېگەن توغرىسىدا

2340 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ. فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ، وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ، وَهُوَ يَذْكُرُ الصّدَقَةَ وَالتّعَفّفَ عَنِ الْمَسْأَلَةِ «الْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السّفْلَى. وَالْيَدُ الْعُلْيَا الْمُنْفِقَةُ. وَالسّفْلَى السّائِلَةُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ، سەدىقىنى، سائىللىقتىن ئىپپەتلىك بۇلۇشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ئۈستۈن قول، تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول، سەدىقە ــ ئېھسان، نەپىقە بەرگۈچى قولدۇر، تۆۋەن قول بولسا، نەرسە سورىغۇچى قولدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2341 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ. جَمِيعاً عَنْ يَحْيَى الْقَطّانِ. قَالَ ابْنُ بَشّارٍ: حَدّثَنَا يَحْيَى. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ عُثْمَانَ قَالَ: سَمِعْتُ مُوسَى بْنَ طَلْحَةَ يُحَدّثُ أَنّ حَكِيمَ بْنَ حِزَامٍ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَفْضَلُ الصّدَقَةِ (أَوْ خَيْرُ الصّدَقَةِ) عَنْ ظَهْرِ غِنًى. وَالْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السّفْلَى. وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ».

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى، باي بولغانلىقتىن ئائىلىسىدىن ئېشىپ تۇرغاندا قىلغان سەدىقە ياكى ئائىلىسىدىن ئاشسىلا قىلغان

سەدىقە، ياكى باي تۇرۇپ، قىلغىنىدۇر، «يەنى ئۆزىنى پىقىر، يوقسىز قويماي قىلغىنى»، بەرگۈچى ئۈستۈن قول سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەن ئالدى بىلەن سەدىقىنى نەپىقە، خىراجەت ئۈستۈڭگە لازىم كېلىدىغان ئۆز ئائىلەڭدىن باشلاپ، ئاندىن ئېشىپ قالسا، يېقىنلارغا قىلغىن، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىسلەردىكى مەخسەت، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدۇرۇش.

2342 ـ حدثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. قالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ وَ سَعِيدٍ، عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ قالَ: سَأَلْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم فَأَعْطَانِي. ثُمّ سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِي. ثُمّ سَأَلْتُهُ فَأَعْطَانِي. ثُمّ قالَ: «إِنّ هٰذَا الْمَالَ خَضِرَةٌ حُلْوَةٌ. فَمَنْ أَخَذَهُ بِطِيبِ نَفْسٍ بُورِكَ لَهُ فِيهِ. وَمَنْ أَخَذَهُ بِإِشْرَافِ نَفْسٍ لَمْ يُبَارَكْ لَهُ فِيهِ، وَكَانَ كَالّذِي يَأْكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ، وَالْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السّفْلَى».

ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورسام بەردى، ئاندىن يەنە سورسام، يەنە ماڭا بىرىپ، مۇنداق دېدى:ئى ھەكىم! ھەقىقەتەن بۇ مال ــ دۇنيا، يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم ئۇنى نەپسىنىڭ سېخىلىقى ، ئۆزھەققى بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە شۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، كىم ئۇنى ئاچ كۆزلۈلۈك بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە مىلىدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، بۇ ئاچ كۆز كىشى خۇددى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بېرىدىغان، ئۈستۈن قول، ئالىدىغان تۆۋەن قولدىن ياخشى .مەن؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلنى ھەقلىق بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن كېيىن بۇدۇنيادىن ئايرىلغىچە، ھىچ بىر كىشىنىڭ نەرسىسىنى كاملاتمايمەن، يەنى نەرسىسىنى سورمايمەن دىدىم . (ئۇراستىنلا شۇنداق قىلدى). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

2343 ـ حدثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالُوا: حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. حَدّثَنَا شَدّادٌ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا أُمَامَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا ابْنَ آدَمَ إِنّكَ أَنْ تَبْذُلَ الْفَضْلَ خَيْرٌ لَكَ. وَأَنْ تُمْسِكَهُ شَرّ لَكَ. وَلاَ تُلاَمُ عَلَىَ كَفَافٍ. وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ. وَالْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السّفْلَى».

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئادەم بالىسى! ھەقىقەتەن سىنىڭ ھاجىتىڭدىن ئاشقان مال ــ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا تاپشۇرۇپ، بېرىۋېتىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئۇنى ساقلاپ، تۇتۇپ قېلىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياماندۇر، ھاجەتنىڭ مىقدارىدا ئاشماي، كاملىماي، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ساڭا تاپا ــ تەنە، مالامەت قىلىنمايدۇ، سەدىقە ــ ئىھسانىنى سەن ئىگە بولىدىغان، تۇرمۇشقا كېپىل بولىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىڭدىن، ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم 1718 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2265 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 440 ـــ باب النهي عن المسألة سائىللىق قىلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

2344 ـ حدثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا زَيْدُ بْنُ الْحُبَابِ. أَخْبَرَنِي مُعَاوِيَةُ بْنُ صَالِحٍ. حَدّثَنِي رَبِيعَةُ بْنُ يَزِيدَ الدّمَشْقِيّ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَامِرٍ الْيَحْصَبِيّ قالَ: سَمِعْتُ مُعَاوِيَةَ يَقُولُ: إِيّاكُمْ وَالأَحَادِيثَ: إِلاّ حَدِيثاً كَانَ فِي عَهْدِ عُمَرَ. فَإِنّ عُمَرَ كَانَ يُخِيفُ النّاسَ فِي

اللّهِ عَزّ وَجَلّ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقُولُ: «مَنْ يُرِدِ اللّهِ بِهِ خَيْراً يُفَقّهْهُ فِي الدّينِ». وَسَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إنّمَا أنَا خَازِنٌ. فَمَنْ أعْطَيْتُهُ عَنْ طِيبِ نَفْسٍ، فَيُبَارَكُ لَهُ فِيهِ. وَمَنْ أعْطَيْتُهُ عَنْ مَسْأَلَةٍ وَشَرَهٍ، كَانَ كَالّذِي يَأكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ».

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سىلەر كۆپ ھەدىس سۆزلەشتىن ھەزەر قىلىڭلار، پەقەت ئۆمەرنىڭ زامانىدىكى ھەدىسنى سۆزلەڭلار، ئۇ كىشىلەرنى الله يولىدا الله تىن قورقۇتاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن خەزىنىچى بولىمەن، ھەقىقەتەن بىرىدىغىنى بىر ئاللاھدۇر، مەن بىرەر كىشىگە چىن قەلبىمدىن رازى بولۇپ، ئۆزۈم خالاپ بىرەر نەرسە بەرسەم، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، مەن بىرەر كىشىگە ئۇ كىشىنىڭ ئاچ كۆزلىكىدىن ، نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قاتتىق چىڭ تۇرۇپ سورىغانلىقىدىن بىرەر نەرسە بەرسەم، قەتئىي بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، ئۇ كىشى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ

2345 ـ2346 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ وَهْبِ بْنِ مُنَبّهٍ، عَنْ أخِيهِ هَمّامٍ عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُلْحِفُوا فِي الْمَسْأَلَةِ. فَوَاللّهِ لاَ يَسْأَلُنِي أحَدٌ مِنْكُمْ شَيْئاً، فَتُخْرِجَ لَهُ مَسْأَلَتُهُ مِنّي شَيْئاً، وَأنَا لَهُ كَارِهٌ، فَيُبَارَكَ لَهُ فِيمَا أعْطَيْتُهُ».

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەر بەكلا قاتتىق چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورىماڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار مەندىن چىڭ تۇرۇۋېلىپ سوراپ، ئۇنىڭ سوراۋېرىشى، ئۇنىڭغا مەن ياقتۇرمىغان ھالەتتە مەندىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە مەن بەرگەن نەرسىدە بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، (چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇ چىڭ تۇرۇپ سورىدى، ئىككىنچىدىن، مەن ياقتۇرمىدىم، شۇڭا بەرىكەت يوق). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

2347 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. قَالَ: حَدّثَنِي حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ: سَمِعْتُ مُعَاوِيَةَ بْنَ أبِي سُفْيَانَ، وَهُوَ يَخْطُبُ يَقُولُ: إنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ يُرِدِ اللّهُ بِهِ خَيْراً يُفَقّهْهُ فِي الدّينِ. وَإنّمَا أنَا قَاسِمٌ وَيُعْطِي اللّهُ».

مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا فىقھى شۇناس ئالىم (يەنى قانۇنشۇناس ئالىم) قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ بېرىدۇ، مەن تەقسىم قىلىمەن، (يەنى ئىلىمنى، غەنىيمەتنى تەقسىم قىلاتتى). ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم.

## 441 ــــ باب المسكين الذي لا يجد غنى، ولا يفطن له فيتصدق عليه

**ئۆزىنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغان، سەدىقە بېرىلىشى ئۈچۈن تونۇلمىغان ئېھتىياجلىق كىشى مىسكىندۇر**

2348 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (يَعْنِي الْحِزَامِيّ) عَنْ أبِي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَيْسَ الْمِسْكِينُ بِهَذَا الطّوّافِ الّذِي يَطُوفُ عَلَى النّاسِ. فَتَرُدّهُ اللّقْمَةُ وَاللّقْمَتَانِ. وَالتّمْرَةُ وَالتّمْرَتَانِ». قَالُوا: فَمَا الْمِسْكِينُ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «الّذِي لاَ يَجِدُ غِنىً يُغْنِيهِ. وَلاَ يُفْطَنُ لَهُ، فَيُتَصَدّقَ عَلَيْهِ. وَلاَ يَسْأَلُ النّاسَ شَيْئاً».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى نەرسە سوراپ زىيارەت قىلىدىغان، بىر ئىككى لوقما تاماق، ياكى بىر ئىككى تال خورما ھاجىتىدىن چىقىپ قايتۇرىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، لېكىن، مىسكىن دېگەن، ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىنى تاپالمىغان، ئۆشرە ــ زاكات بېرىلىشى ئۈچۈن تونۇلمىغان، بىلىنمىگەن، ھايا قىلىپ كىشىلەردىن نەرسە سورالمىغان كىشىدۇر. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2349 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (وَهُوَ ابْنُ جَعْفَرٍ) أَخْبَرَنِي شَرِيكٌ عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ مَوْلَى مَيْمُونَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَيْسَ الْمِسْكِينُ بِالّذِي تَرُدّهُ التّمْرَةُ وَالتّمْرَتَانِ. وَلاَ اللّقْمَةُ وَاللّقْمَتَانِ. إِنّمَا الْمِسْكِينُ الْمُتَعَفّفُ. اقْرَأُوا إِنْ شِئْتُمْ: {لاَ يَسْأَلُونَ النّاسَ إِلْحَافاً} (2البقرة الآية: 372).**

**2350 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو بَكرِ بْنُ إِسْحَقَ حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنِي شَرِيكٌ. أَخْبَرَنِي عَطَاءُ بْنُ يَسَارٍ وَ عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي عَمْرَةَ أَنّهُمَا سَمِعَا أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ حَدِيثِ إِسْمَاعِيلَ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى نەرسە سوراپ زىيارەت قىلىدىغان، بىر ئىككى لوقما تاماق، ياكى بىر ئىككى تال خورما ھاجىتىدىن چىقىپ قايتۇرىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، لېكىن، مىسكىن دېگەن، (ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىنى تاپالمىغان، ئۆشرە ــ زاكات بېرىلىشى ئۈچۈن تونۇلمىغان)، ھايا قىلىپ كىشىلەردىن نەرسە سورالمىغان ئىپپەتلىك كىشىدۇر. خالىساڭلار، سۈرە بەقەرنىڭ:« ئۇلار كىشىلەردىن چىڭ تۇرۇپ چاپلىشىۋېلىپ نەرسە سورمايدۇ....»دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار.مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## **442 ــ** *باب كراهة المسألة للناس* **كىشىلەردىن نەرسە سوراۋېرىشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا**

**2351 ـ2352 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مُسْلِمٍ، أَخِي الزّهْرِيّ عَنْ حَمْزَةَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تَزَالُ الْمَسْأَلَةُ بِأَحَدِكُمْ حَتّى يَلْقَى اللّهَ، وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىۋېرىشى، ئۇ **الله** قا ئۇچراشقانغا قەدەر داۋاملىشىۋەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ يۈزىدە بىر چىشلەممۇ، بىرتۇتاممۇ گۆش يوق ھالەتتە كېلىدۇ.

**2353 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي اللّيْثُ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي جَعْفَرٍ، عَنْ حمْزَةَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّهُ سَمِعَ أَبَاهُ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا يَزَالُ الرّجُلُ يَسْأَلُ النّاسَ، حَتّى يَأْتِيَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى كىشىلەردىن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىۋېرىپ، قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىر چىشلەممۇ،بىرتۇتاممۇ گۆش يوق ھالەتتە كېلىدۇ، (بۇ ھالەتتە جەننەتكە لايىق بولمايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم.

**2354 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ وَ وَاصِلُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى. قالاَ حدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ عُمارَةَ ابْنِ الْقعْقاعِ، عَنْ أبي زُرْعَةَ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ سَألَ النّاسَ أمْوَالَهُمْ تَكَثّراً، فإنّمَا يَسْألُ جَمْراً. فلْيَسْتَقِلّ أوْ لِيَسْتَكْثِرْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەرنىڭ مال ــ مۈلكىنى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سورىسا، ھەقىقەتەن ئۇ (جەھەننەمنىڭ) چوغلىرىنى سورىغان بولىدۇ، خالىسا ئاز، خالىسا كۆپ سورىسۇن. ئەھمەد،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد

**2355 ـ حدّثني هَنّادُ بْنُ السّرِيّ. حَدّثنَا أبُو الأحْوَصِ عَنْ بَيَانِ أبي بِشْرٍ، عَنْ قيْسِ بْنِ أبي حَازِمٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لأَنْ يَغْدُوَ أحَدُكُمْ فيَحْطِبَ عَلَى ظَهْرِهِ، فيَتَصدّقَ بِهِ وَيَسْتَغْنِيَ بِهِ مِنَ النّاسِ، خَيْرٌ لَهُ مِنْ أنْ يَسْألَ رَجُلاً، أعْطَاهُ أوْ مَنَعَهُ ذلِكَ. فإنّ الْيَدَ الْعُلْيَا أفْضَلُ مِنَ الْيَدِ السّفْلَى. وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ».**

**2356 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ إسْمَاعِيلَ. حَدّثني قيْسُ بْنُ أبي حَازِمٍ قالَ: أتَيْنَا أبَا هُرَيْرَةَ فقالَ: قالَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم «وَاللّهِ لأنْ يَغْدُوَ أحَدُكُمْ فيَحْطِبَ عَلَى ظَهْرِهِ فيَبِيعَهُ». ثمّ ذكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ بَيَانٍ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ، ئۇنى سېتىپ، شۇنىڭ پۇلىدىن يەپ كىشىلەردىن بىھاجەت بولىشى، سەدىقە قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۇلار بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن،نەرسە سورىغىنىدىن ياخشىدۇر. بەرگۈچى ئۈستۈن قول سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەن ئالدى بىلەن سەدىقىنى نەپىقىسى، خىراجىتى ئۈستۈڭگە لازىم كېلىدىغان ئۆز ئائىلەڭدىن باشلاپ قىلغىن.

**2357 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأعْلَى. قالاَ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي عُبَيْدٍ مَوْلَى عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لأَنْ يَحْتَزِمَ أحَدُكُمْ حُزْمَةَ مِنْ حَطَبٍ، فيَحْمِلَهَا عَلَى ظَهْرِهِ فيَبِيعَهَا، خَيْرٌ لَهُ مِنْ أنْ يَسْألَ رَجُلاً، يُعْطِيهِ أوْ يَمْنَعُهُ».**

زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، تاغقا بېرىپ ئۈچىسىدا بىر يۈدۈم، بىر باغلام ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى سېتىشى، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ يۈزىنى كىشىلەردىن توسۇپ قېلىشى، ئېيپەتلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۇلار بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، نەرسە سورىشىدىن ياخشىراقتۇر. (يەنى، سائىللىق قىلغاندىن، ئوتۇن سېتىپ، جان باققان ياخشى). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ(ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ شۇنىڭ پۇلىدىن يېيىشى، سەدىقە قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۇلار بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن،نەرسە سورىغىنىدىن ياخشىدۇر.بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.)

**2358 ـ حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الدّارِمِيّ وَ سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ (قالَ سَلَمَةُ: حَدّثنَا. وَقالَ الدّارِمِيّ: أخْبَرَنَا مَرْوَانُ، وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدٍ الدّمَشْقِيّ) حَدّثنَا سَعِيدٌ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الْعَزِيزِ) عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ أبي إدْرِيسَ الْخَوْلاَنِيّ، عَنْ أبي مُسْلِمٍ الْخَوْلاَنِي قالَ: حَدّثَنِي الْحَبِيبُ الأمِينُ. أمّا هُوَ فحَبِيبٌ إلَيّ. وَأمّا هوَ عِنْدِي، فأمِينٌ. عَوْفُ بْنُ مَالِكٍ الأشْجَعِيّ. قالَ: كُنّا عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. تِسْعَةً أوْ ثمَانِيَةً أوْ سَبْعَةً. فقالَ: «ألا تُبَايِعُونَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟» وَكُنّا حَدِيثَ عَهْدٍ بِبَيْعَةٍ. فقُلْنَا: قدْ بَايَعْنَاكَ يَا**

رَسُولَ اللّهِ ثُمّ قالَ: «ألاَ تُبَايعُونَ رَسُولَ اللّهِ؟» فقُلْنَا: قَدْ بَايَعْنَاكَ يَا رَسُولَ اللّهِ ثُمّ قالَ: «ألاَ تُبَايعُونَ رَسُولَ اللّهِ؟» قالَ: فَبَسَطْنَا أيْدِيَنَا وقُلْنَا: قَدْ بَايَعْنَاكَ يَا رَسُولَ اللّهِ فعَلاَمَ نُبَايعُكَ؟ قالَ: «عَلَى أنْ تَعْبُدُوا اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً. وَالصّلَوَاتِ الْخَمْسِ. وَتُطِيعُوا (وَأسَرّ كَلِمَةً خَفِيّةً) وَلاَ تَسْألُوا النّاسَ شَيْئاً» فَلَقَدْ رَأيْتُ بَعْضَ أُولَئِكَ النّفرِ يَسْقُطُ سَوْطُ أحَدِهِمْ. فَمَا يَسْألُ أحَداً يُنَاوِلُهُ إيّاهُ.

ئەۋىف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز توققۇز ياكى سەككىز ياكى يەتتە كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ:ﷲ نىڭ ئەلچىسگە بەيئەت قىلمامسىلەر؟دېدى، بىز شۇ چاغدا بەيئەت زامانىگە بەك يېقىن ئىدۇق، بىز: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى بىز سىلىگە بەيئەت قىلىپ بولدۇققۇ؟دېدۇق، ئاندىن يەنە شۇنداق دېدى، ئۈچۈنجى قېتىمدا بىز قولىمىزنى سۇنۇپ؛ ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بىز سىلىگە بەيئەت قىلدۇق، نىمىگە بەيئەت قىلىمىز؟دېسەك، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن؛ سىلەر ماڭا بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، بەش ۋاخت نامازنى ئوقۇشۇڭلارغا، زاكات بېرىشكە، ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا، كىشىلەردىن ھېچنەرسە تىلەپ سورىماسلىققا بەيئەت قىلمامسىلەر؟ (يەنى شۇنداق بەيئەت قىلىڭلار!) ئۇلار شۇنىڭغا بەيئەت قىلدىكى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، بىرەر كىشىدىن ئۇنى ئېلىپ بېرىشنىمۇ سورىمىدى. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 443 ــــ باب من تحل له المسألة سائىللىق قىلىش ھالال بۇلىدىغان كىشى توغرىسىدا

2359 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كِلاَهُمَا عَنْ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ. قالَ يَحْيَى أخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ هَرُونَ بْنِ رِيَابٍ. حَدّثَنِي كِنَانَةُ بْنُ نُعَيْمٍ الْعَدَوِيّ عَنْ قَبِيصَةَ بْنِ مُخَارِقٍ الْهِلاَلِيّ قالَ: تَحَمّلْتُ حَمَالَةً. فَأتَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أسْألُهُ فِيهَا. فقَالَ: «أقِمْ حَتّى تَأْتِيَنَا الصّدَقَةُ. فَنَأمُرَ لَكَ بِهَا». قالَ: ثُمّ قالَ: «يَا قَبِيصَةُ إنّ الْمَسْألَةَ لاَ تَحِلّ إلاّ لأحَدِ ثَلاَثَةٍ: رَجُلٌ تَحمّلَ حَمَالَةً فَحَلّتْ لَهُ الْمَسْألَةُ حَتّى يُصِيبَهَا ثُمّ يُمْسِكُ. وَرَجُلٍ أصَابَتْهُ جَائِحَةٌ اجْتَاحَتْ مَالَهُ فَحَلّتْ لَهُ الْمَسْألَةُ حَتّى يُصِيبَ قِوَاماً مِنْ عَيْشٍ (أوْ قالَ سِدَاداً مِنْ عَيْشٍ). وَرَجُلٌ أصَابَتْهُ فَاقَةٌ حَتّى يَقُولَ ثَلاَثَةٌ مِنْ ذَوِي الْحِجَا مِنْ قَوْمِهِ: لَقَدْ أصَابَتْ فُلاَناً فَاقَةٌ. فَحَلّتْ لَهُ الْمَسْألَةُ. حَتّى يُصِيبَ قِوَاماً مِنْ عَيْشٍ (أوْ قالَ سِدَاداً مِنْ عَيْشٍ) فَمَا سِوَاهُنّ مِنَ الْمَسْألَةِ، يَا قَبِيصَةُ سُحْتاً يَأْكُلُهَا صَاحِبُهَا سُحْتاً».

قەبىيسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن زاكات مېلى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، قەرزىنى تۆلەپ، ھامماللىق قىلىپ كېپىل بۇلاتتىم، مەن مال سوراپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، بىزگە زاكات مېلى كەلگىچە تۇرۇپ تۇرغىن، مال كەلسە بىز ئۇنى ساڭابۇيرىيلى دەپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن: ئى قەبىيسەت! ھەققەتەن سوراش يەنى سەدىقە، زاكاتنى سوراش پەقەت ئۈچ كىشىگىلا ھالال بولىدۇ، بىرى، ھامماللىق قىلغان كىشى (يەنى باشقىلارنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلۆم پۇلى، قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، زاكاتنى تۆلەپ قويغۇچى،كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرغۇچى كىشى،) ئۇنىڭغا ھالال بولۇپ، ئۇ زاكاتقا ئېرىشىپ، ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ جايىغا تەككۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، مال ــ مۈلكىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلغۇچتىكەك ئاپەت يەتكەن كىشى، ئۇ كىشىگىمۇ زۆرۈر ھاجىتىنى قاندۇرغىدەك، كۈپايە بولغىدەك، تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك بولغىچە زاكاتنى

سوراش ھالال بولىدۇ. ئۆچىنچىسى بولسا، پېقىرلىق يېتىپ، قاتتىق ھاجەت چۈشۈپ قالغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئەقىللىق بىلىم ئەھلىدىن ئۈچ كىشى؛ ھەققەتەن پالانىغا ئاپەت يېتىپ، ھاجەت چۈشۈپ قالدى دەپ، گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشىگىمۇ زۆرۈر ھاجىتىنى قاندۇرغىدەك، تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك نەرسىگە يەتكەنگە قەدەر سوراش ھالال بولىدۇ، بۇ ئۈچىدىن باشقىسىنىڭ سورىشى، ئى قەبىيسەت! ھارام بولىدۇ. ئۇنى يېگۈچى ھارامنى يېگەن بولىدۇ. مۇسلىم 1730 ـ ھەدىس، نەسەئى 2544 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1397 ـ ھەدىس، دارمى 1616 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19691 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 444 ـــ باب إباحة الأخذ لمن أعطي من غير مسألة ولا إشراف

**سورماستىن، ئاچ كۆزلۈك قىلماستىن نەرسە بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا**

**2360 ـ هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حدّثنا عَبْدُ اللهِ بْنُ وَهْبٍ. ح وَحَدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ عَنْ أبيهِ قالَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطاب رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ يقُولُ: قَدْ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُعْطِينِي الْعَطاءَ. فَأَقُولُ: أَعْطِهِ أفْقرَ إلَيْهِ مِنّي. حَتّى أَعْطَانِي مَرّةً مَالاً. فَقُلْتُ: أَعْطِهِ أفْقرَ إلَيْهِ مِنّي. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خُذْهُ. وَمَا جَاءَكَ مِنْ هَذَا الْمَالِ وَأَنْتَ غَيْرُ مُشْرِفٍ وَلاَ سَائِلٍ، فَخُذْهُ. وَمَا لاَ، فَلاَ تُتْبِعْهُ نَفْسَكَ».**
**2361 ـ 2362 ـ وحدّثني أَبُو الطاهِرِ عَنْ ابْنُ وَهْبٍ. عَنْ عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنِ ابْنُ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبيهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُعْطِي عُمَرَ بْنَ الْخَطّابِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ الْعَطاءَ. فَيَقُولُ لَهُ عُمَرُ: أَعْطِهِ، يَا رَسُولَ اللّهِ أفْقرَ إلَيْهِ مِنّي. فقالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «خُذْهُ فَتَمَوّلْهُ أَوْ تَصَدّقْ بِهِ. وَمَا جَاءَكَ مِنْ هَذَا الْمَالِ وَأَنْتَ غَيْرُ مُشْرِفٍ وَلاَ سَائِلٍ، فَخُذْهُ، وَمَا لاَ، فَلاَ تُتْبِعْهُ نَفْسَكَ». قالَ سَالِمٌ: فَمِنْ أَجْلِ ذٰلِكَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ لاَ يَسْأَلُ أَحَداً شَيْئاً. وَلاَ يَرُدّ شَيْئاً أُعْطِيَهُ.**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا نەرسە (مائاش) بېرەتتى ، مەن : بۇنەرسىلەرنى مەندىنمۇ پەقىرراق، مۇھتاجراق كىشىگە بەرسىلە دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا ساڭا مۇشۇ مالدىن بەرسە، يەنى بەيتۇلمالدىن سەن سورىماستىن، ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالغىن، سەدىقە قىلغىن، ساڭا بېرىلمىسە، ئۇ مال ــ دۇنياغا نەپسىڭنى ئەگەشتۈرمە، تاما قىلما. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئۆمەر بىرەر كىشىدىن نەرسە سورمايتتى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسىنى رەت قىلمايتتى.بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى تولىغان، سەھىھ. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ساڭا ئىسلام سۇلتانىنىڭ مېلىدىن سەن سورىماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن مال ــ دۇنيا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ يېگىن، ۋە سەدىقە قىلغىن، ئەھمەد تولىغان، سەھىھ.

**2363 ـ2364 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ بُكَيْرٍ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنِ ابْنِ السّاعِدِيّ الْمَالِكِيّ أَنّهُ قَالَ: اسْتَعْمَلَنِي عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ عَلَى الصّدَقَةِ. فَلَمّا فَرَغْتُ مِنْهَا، وَأَدّيْتُهَا إلَيْهِ، أَمَرَ لِي بِعُمَالَةٍ. فَقُلْتُ: إنّمَا عَمِلْتُ لله، وَأَجْرِي عَلَى اللّهِ. فقَالَ: خُذْ مَا أُعْطِيتَ. فَإنّي عَمِلْتُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَعَمّلَنِي. فَقُلْتُ مِثْلَ قَوْلِكَ. فَقالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إذَا أُعْطِيتَ شَيْئاً مِنْ غَيْرِ أَنْ تَسْأَلَ، فَكُلْ. وَتَصَدّقْ».**

ئىبنى سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىم قىلىپ ئەۋەتتى، مەن خىزمەتتىن پارىغ بولۇپ، زاكات ماللىرىنى ئۇنىڭغا ئادا قىلىپ بەرگىنىمدە، ئۇماڭا ئىش ھەققى بىرىشكە بۇيرىدى، مەن ئۇنىڭغا: مەن بۇئەمەلنى الله رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلدىم، مىنىڭ ئەجرىم الله ھەقدۇر دىسەم، ئۇماڭا: ساڭا بىرىلگەن نەرسىنى ئالغىن، مەنمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا زاكات خادىمى بولغان ئىدىم، ماڭا ئىش ھەققى بەرمەكچى بولغاندا، مەنمۇ سەن دىگەندەك دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سەن سورماستىن ساڭا نەرسە بىرىلسە ، ئۇنى ئېلىپ يىگىن، سەدىقە قىلغىن ، دىگەن دىدى. مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد توپلىغان سەھەھ.

## 445 ـــــ *باب كراهة الحرص على الدنيا* مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ مەكروھلىقى توغرىسىدا

**2365 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «قَلْبُ الشّيْخِ شَابّ عَلَىَ حُبّ اثْنَتَيْنِ: حُبّ الْعَيْشِ، وَالْمَالِ»**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قېرى شەيىخنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە ياپياش تۇرۇۋېرىدۇ، مال ـــ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە، ئاززۇ ئۈمىدلىرى ئۇزۇن بولۇشتا ياش تۇرىدۇ.

**2366 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ عَنْ يُونُسَ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «قَلْبُ الشّيْخِ شَابّ عَلَىَ حُبّ اثْنَتَيْنِ: طُولُ الْحَيَاةِ، وَحُبّ الْمَالِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قېرى شەيىخنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە ياپياش تۇرۇۋېرىدۇ، مال ـــ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە، ئاززۇ ئۈمىدلىرى ئۇزۇن بولۇشتا ياش تۇرىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم.

**2367 ـ2368 ـ 2369 ـ وحدّثني يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ، و سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ، و قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. كُلّهُمْ عَنْ أَبِي عَوَانَةَ. قَالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَهْرَمُ ابْنُ آدَمَ وَتَشِبّ مِنْهُ اثْنَتَانِ: الْحِرْصُ عَلَىَ الْمَالِ، وَالْحِرْصُ عَلَىَ الْعُمُرِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇداق دىگەن: ئادەم بالىسى قېرىغانسېرى ئۇنىڭدا ئىككى نەرسە تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىدۇ، مال دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇش بىلەن بىرگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش. بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ.

## 446 ـــ باب لو أن لابن آدم واديين لابتغى ثالثا

## ئەگەر ئادەم بالىسىغا ئىككى يايلاق مال بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈنچىسىنىمۇ تەلەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

2370 ـ حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. وَ سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ) عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ كَانَ لاِبْنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ مَالٍ لاَبْتَغَى وَادِياً ثَالِثاً. وَلاَ يَمْلأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلاّ التّرَابُ. وَيَتُوبُ اللّهُ عَلَى مَنْ تَابَ».

2371 ـ وحدّثنا ابْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ قَالَ سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ (فَلاَ أَدْرِي أَشَيْءٌ أُنْزِلَ أَمْ شَيْءٌ كَانَ يَقُولُهُ) بِمِثْلِ حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ.

ئەنەس، ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇۋاقىد، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق، بىر چاڭگال مال بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق مالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى يېزا يايلاق مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ، (ئۇ ئۆلگەندە ئاندىن تويىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى بىر چىمدىم تۇپراق تويغۇزىدۇ، تويىدىن باشقىسى قورسىقىنى تولدۇرالمايدۇ) ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، بۇخارى،مۇسلىم، ئىبنى ماجە، بەزار، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

2372 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ «لَوْ كَانَ لاِبْنِ آدَمَ وَادٍ مِنْ ذَهَبٍ أَحَبّ أَنّ لَهُ وَادِياً آخَرَ. وَلَنْ يَمْلأَ فَاهُ إِلاّ التّرَابُ. وَاللّهُ يَتُوبُ عَلَى مَنْ تَابَ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق، بىر چاڭگال ئالتۇن بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق ئالتۇننىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، (ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى يېزا يايلاق مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ)، ئادەم بالىسىنىڭ (قورسىقىنى ) ئېغىزىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ، ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

2373 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. قَالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قَالَ: سَمِعْتُ عَطَاءً يَقُولُ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَوْ أَنّ لاِبْنِ آدَمَ مِلْءَ وَادٍ مَالاً لأَحَبّ أَنْ يَكُونَ إِلَيْهِ مِثْلُهُ. وَلاَ يَمْلأُ نَفْسَ ابْنِ آدَمَ إِلاّ التّرَاب. وَاللّهُ يَتُوبُ عَلَى مَنْ تَابَ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق، بىر چاڭگال لىق تولغىدەك مال بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق مالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ نەپسىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ، (ئۇ ئۆلگەندە ئاندىن تويىدۇ) ئاللاھ تۆۋبە قىلغان كىشىنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

2374 ـ حدّثني سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنْ دَاوُدَ، عَنْ أَبِي حَرْبِ بْنِ أَبِي الأَسْوَدِ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: بَعَثَ أَبُو مُوسَى الأَشْعَرِيّ إِلَى قُرّاءِ أَهْلِ الْبَصْرَةِ. فَدَخَلَ عَلَيْهِ ثَلاَثُمِائَةِ رَجُلٍ قَدْ قَرَأُوا الْقُرْآنَ. فَقَالَ: أَنْتُمْ خِيَارُ أَهْلِ الْبَصْرَةِ وَقُرّاؤُهُمْ. فَاتْلُوهُ. وَلاَ

يطولنّ عَلَيْكُمُ الأمَدُ فتقسُوَ قلوبُكُمْ كَمَا قستْ قلوبُ مَنْ كَانَ قبْلَكُمْ. وَإِنّا كُنّا نقرأ سُورَةً. كُنّا نُشَبّهُهَا فِي الطولِ وَالشّدّةِ بِسُورَةِ بَرَاءَةَ. فَأُنْسِيتُهَا. غَيْرَ أنّي قدْ حَفِظْتُ مِنْهَا: لَوْ كَانَ لاِبْنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ مَالٍ لاَبْتَغَىٰ وَادِياً ثَالِثاً. وَلاَ يَمْلأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلاّ التّرَابُ. وَكُنّا نَقرَأُ سُورَةً كُنّا نُشَبّهُهَا بِإِحْدَى الْمُسَبّحَاتِ. فَأُنْسِيتُهَا. غَيْرَ أنّي حَفِظْتُ مِنْهَا: يَا أَيّهَا الّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لاَ تَفْعَلُونَ. فَتُكْتَبُ شَهَادَةً فِي أَعْنَاقِكُمْ. فَتُسْأَلُونَ عَنْهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەسرە ئەھلىنىڭ قارىيلىرىغا كىشى ئەۋەتتى، ئۇنىڭ قېشىغا قۇرئاننى يادا ئوقۇيالايدىغان 300 كىشى كىردى، ئۇ: سىلەر بەسرە ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىللىرى ھەم قارىيلىرى، سىلەر قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇڭلار، سىلەرگە ئارزۇ ـ ئۈمۈتنى بەك ئۇزۇن قىلىش ئۇزراپ كەتمىسۇن، ئۇ چاغدا سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ قەلبى قېتىپ كەتكەندەك، سىلەرنىڭمۇ قەلبىڭلار قېتىپ كېتىدۇ، بىز بىر سۈرىنى ئوقۇيتتۇق، ئۇنى ئۇزۇنلىقىدا، قاتتىق ھۆكۈملىكىدە سۈرە تەۋبىگە ئوخشىتاتتۇق، ئۇ سۈرە مەندىن ئۇنتۇلدۇرلۇپتۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر ھېكمەتنى يادا ئېلىۋالغان ئىدىم: ئەگەر ئادەم بالىسىغائىككى يېزا يايلاق مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ. بىز بىر سۈرىنى ئوقۇيتتۇق، بىز ئۇنى سەببەھە......دەپ باشلىنىدىغان سۈرىلەرنىڭ بىرىگە ئوخشىتاتتۇق، ئۇ سۈرە مەندىن ئۇنتۇلدۇرلۇپتۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق بىر ئايەتنى يادا ئېلىۋالغان ئىدىم؛« ئى مۇئمىنلەر سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) . سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر).»الله يولىدا شېھىد بۇلۇش سىلەرنىڭ گەردىنىڭلارغا يېزىلىدۇ(ھەم يېزىلدى)سىلەر ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى سوراق ـ سوئال قىلىنىسىلەر، دېدى.

## 447 ـــــ باب ليس الغنى عن كثرة العرض

**بايلىق، بىھاجەتلىكنىڭ مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بۇلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ بىھاجەتلىكى بىلەن بۇلىشى**

2375 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. قالاَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَيْسَ الْغِنَىَ عَنْ كَثْرَةِ الْعَرَضِ. وَلَكِنّ الْغِنَىَ غِنَىَ النّفْسِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بايلىق، بىھاجەتلىك، مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولمايدۇ، لېكىن، بايلىق، بىھاجەتلىك، نەپسىنىڭ بىھاجەت بولۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 448 ـــــ باب تخوّف ما يخرج من زهرة الدنيا

**بۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەت، بايلىقلىرىنىڭ ئاشكارا بۇلۇپ چىقىشىدىن ئەنسىرەش توغرىسىدا**

2376 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (وَتَقَارَبَا فِي اللّفْظِ) قال: حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ عِيَاضِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعْدٍ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَخَطَبَ النّاسَ فَقَالَ: «لاَ وَاللّهِ مَا أَخْشَى عَلَيْكُمْ، أَيّهَا النّاسُ إِلاّ مَا يُخْرِجُ اللّهُ لَكُمْ مِنْ زَهْرَةِ الدّنْيَا». فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيَأْتِي الْخَيْرُ بِالشّرّ؟. فَصَمَتَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم سَاعَةً. ثُمّ قَالَ «كَيْفَ قُلْتَ؟» قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيَأْتِي الْخَيْرُ بِالشّرّ؟ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الْخَيْرَ لاَ يَأْتِي إِلاّ بِخَيْرٍ. أَوَ خَيْرٌ هُوَ. إِنّ كُلّ مَا يُنْبِتُ الرّبِيعُ يَقْتُلُ حَبَطاً أَوْ يُلِمّ. إِلاّ آكِلَةَ الْخَضِرِ. أَكَلَتْ، حَتّىَ إِذَا امْتَلأَتْ خَاصِرَتَاهَا اسْتَقْبَلَتِ الشّمْسَ. ثَلَطَتْ أَوْ بَالَتْ. ثُمّ اجْتَرّتْ. فَعَادَتْ. فَأَكَلَتْ. فَمَنْ يَأْخُذْ مَالاً بِحَقّهِ يُبَارَكْ لَهُ فِيهِ. وَمَنْ يَأْخُذْ مَالاً بِغَيْرِ حَقّهِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ الّذِي يَأْكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ».

2377 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «أَخْوَفُ مَا أَخَافُ عَلَيْكُمْ مَا يُخْرِجُ اللّهُ لَكُمْ مِنْ زَهْرَةِ الدّنْيَا» قَالُوا: وَمَا زَهْرَةُ الدّنْيَا؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «بَرَكَاتُ الأَرْضِ». قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَهَلْ يَأْتِي الْخَيْرُ بِالشّرّ؟ قَالَ: «لاَ يَأْتِي الْخَيْرُ إِلاّ بِالْخَيْرِ. لاَ يَأْتِي الْخَيْرُ إِلاّ بِالْخَيْرِ. لاَ يَأْتِي الْخَيْرُ إِلاّ بِالْخَيْرِ. إِنّ كُلّ مَا أَنْبَتَ الرّبِيعُ يَقْتُلُ أَوْ يُلِمّ، إِلاّ آكِلَةَ الْخَضِرِ. فَإِنّهَا تَأْكُلُ. حَتّىَ إِذَا امْتَدّتْ خَاصِرَتَاهَا اسْتَقْبَلَتِ الشّمْسَ. ثُمّ اجْتَرّتْ وَبَالَتْ وَثَلَطَتْ. ثُمّ عَادَتْ فَأَكَلَتْ. إِنّ هَذَا الْمَالَ خَضِرَةٌ حُلْوَةٌ. فَمَنْ أَخَذَهُ بِحَقّهِ، وَوَضَعَهُ فِي حَقّهِ، فَنِعْمَ الْمَعُونَةُ هُوَ. وَمَنْ أَخَذَهُ بِغَيْرِ حَقّهِ، كَانَ كَالّذِي يَأْكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ،كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ: ﷲ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن دۇنيانىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرى، گۈزەللىكى، مال ـ دۇنيالىرى كەلگۈسى ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دىسە، بىركىشى؛ ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! ياخشىلىقمۇ يامانلىقنى ئېلىپ كېلەمدۇ؟دېدى، جىم تۇرۇپتى، (بىز ۋەھى نازىل بولىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدۇق، ئاندىن تەرلىرىنى ئەيتىۋىتىپ)؛ سوئال سورىغۇچى قېنى؟باياتىن نېمە دېدىڭ؟دېدى، گويا كى ئۇنى ماختىغاندەك قىلىپ، ئۇكىشى سوئالنى تەكرارلاپتى، رەسۇلۇللاھ؛ ھەقىقەتەن ياخشىلىق، يامانلىق بىلەن كەلمەيدۇ، ياخشىلىق، ياخشىلىق بىلەن كېلىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ، (لېكىن، بۇ مىسالغا قۇلاق سېلىڭلار) ھەقىقەتەن باھار ئۈندۈرگەن ئوت ــ چۆپلەردىن ماللارنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ، قورسىقىنى ئېتىۋېتىپ ئۆلتۈرۈۋدىغان ياكى ھالاكەتكە، ئۆلۈمگە يېقىن ئاپىرىپ قويىدىغان نەرسىلەر بار، (بۇ مال ــ دۇنيانى ھەقسىز ئېلىۋېلىپ، ئورۇنسىز تەسەررۇپ قىلغان كىشىنىڭ ھالاك بولىشىدۇر) لېكىن، يېشىل ئوت ــ چۆپنى لايىقىدا يەپ، قورسىقى تويۇپ، قورسىقى چىققاندا، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ، تېزەكلەپ، مايا قىلاپ، سىيىپ ئىچىنى بوشۇتۇپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئوتلىغان ئۇلاغ، ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ مال ـ دۇنيا دىگەن، يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، كىم ئۇ مال ــ دۇنيانى ھەققى بىلەن ئېلىپ، شۇ ماللارنىڭ ھەققى بار جايلارغا قويالىسا، جايىدا تەسەررۇپ قىلسا، مال ــ دۇنيا دىگەن ئۇ كىشىگە نېمىدىگەن ياخشى ياردەمچى ھە! بۇنداق كىشىگە بەرىكەت بېرىلىدۇ كىم مال ــ دۇنيانى ھەققىسىز ئېلىپ، ھارامدىن ئېلىپ تەسەررۇپ قىلسا، ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ مال ــ دۇنيا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قارشىسىغا، زىيىنىغا گۇۋاھچى بولىدۇ،

**2378 ـ حدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ هِشَامٍ صَاحِبِ الدّسْتَوَائِيّ، عَنْ يَحْيَىَ بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ هِلاَلِ بْنِ أَبِي مَيْمُونَةَ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: جَلَسَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَىَ الْمِنْبَرِ. وَجَلَسْنَا حَوْلَهُ. فَقَالَ: «إِنّ مِمّا أَخَافُ عَلَيْكُمْ بَعْدِي، مَا يُفْتَحُ عَلَيْكُمْ مِنْ زَهْرَةِ الدّنْيَا وَزِينَتِهَا». فَقَالَ رَجُلٌ: أَوَ يَأْتِي الْخَيْرُ بِالشّرّ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: فَسَكَتَ عَنْهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقِيلَ لَهُ: مَا شَأْنُكَ؟ تُكَلّمُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَلاَ يُكَلّمُكَ؟ قَالَ: وَرَأَيْنَا أَنّهُ يُنْزَلُ عَلَيْهِ. فَأَفَاقَ يَمْسَحُ عَنْهُ الرّحَضَاءَ. وَقَالَ: «إِنَ هَذَا السّائِلَ» (وَكَأَنّهُ حَمِدَهُ) فَقَالَ: «إِنّهُ لاَ يَأْتِي الْخَيْرُ بِالشّرّ. وَإِنّ مِمّا يُنْبِتُ الرّبِيعُ يَقْتُلُ أَوْ يُلِمّ. إِلاّ آكِلَةَ الْخَضِرِ. فَإِنّهَا أَكَلَتْ. حَتّىَ إِذَا امْتَلأَتْ خَاصِرَتَاهَا اسْتَقْبَلَتْ عَيْنَ الشّمْسِ فَثَلَطَتْ وَبَالَتْ. ثُمّ رَتَعَتْ. وَإِنّ هَذَا الْمَالَ خَضِرَ حُلْوَةٌ. وَنِعْمَ صَاحِبُ الْمُسْلِمِ هُوَ لِمَنْ أَعْطَىَ مِنْهُ الْمِسْكِينَ وَالْيَتِيمَ وَابْنَ السّبِيلَ (أَوْ كَمَا قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم) وَإِنّهُ مَنْ يَأْخُذْهُ بِغَيْرِ حَقّهِ كَانَ كَالّذِي يَأْكُلُ وَلاَ يَشْبَعُ. وَيَكُونُ عَلَيْهِ شَهِيداً يَوْمَ الْقِيَامَةِ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ : ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن دۇنيانىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرى، گۈزەللىك ى، مال ـ دۇنيالىرى كەڭ رى ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دىسە، بىركىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ياخشىلىقمۇ يامانلىقنى ئېلىپ كىلەمدۇ؟دېدى، جىم تۇرۇپتى، بىز ۋەھى نازىل بولىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدۇق، ئاندىن تەرلىرىنى ئەيتتۇتتىپ؛ سوئال سورغۇچى قېنى؟دېدى، گويا ئۇنى ماختىغاندەك قىلىپ؛ ھەقىقەتەن ياخشىلىق، يامانلىق بىلەن كەلمەيدۇ، ياخشىلىق بىلەن كېلىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ، (لېكىن، بۇ مىسالغا قۇلاق سىلىڭلار) ھەقىقەتەن باھار ئۈندۈرگەن ئوت ــ چۆپلەردىن ماللارنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ، قورسىقىنى ئېتتۆۋىتىپ ئۆلتۈرۈدىغان ياكى ھالاكەتكە، ئۆلۈمگە يېقىن ئاپىرىپ قويىدىغان نەرسىلەر بار، (بۇ مال ــ دۇنيانى ھەقسىز ئېلىۋېلىپ، ئورۇنسىز تەسەررۇف قىلغان كىشىنىڭ ھالاك بولىشىدۇر) لېكىن، يېشىل ئوت ــ چۆپنى لايىقىدا يەپ، قورسىقى تويۇپ، قورسىقى چىققاندا، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ، تېزەكلەپ، مايىقلاپ، سىيىپ ئىچىنى بوشۇتۇپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئوتلىغان ئۇلاغ، ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ مال ـ دۇنيا دىگەن، يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، (بۇ مال ــ دۇنيانى لايىقىدا ھەققى بىلەن ئېلىپ، ھەققىنى ئادا قىلىپ، جايىغا سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىدۇر) مۇسۇلمانغا ھەمراھ بولغان مال ــ دۇنيا نېمىدىگەن ياخشى، ئۇ مال ــ دۇنيا دىگەن ؛ مۇنداق مۇسۇلمان كىشىگە خاستۇر، مۇسۇلمان كىشى ئۇ ماللارنى مىسكىن، يېتىم، مۇساپىرلارغا، غېرىپلارغا بېرىدۇ، كىم ئۇ مال ــ دۇنيانى ھەققى بىلەن ئېلىپ، شۇ ماللارنىڭ ھەققى بار جايلارغا قويالىسا، جايىدا تەسەررۇپ قىلسا، مال ــ دۇنيا دىگەن ئۇ كىشىگە نېمىدىگەن ياخشى ياردەمچى ھە! (بۇنداق كىشىگە بەرىكەت بېرىلىدۇ) كىم مال ــ دۇنيالى ھەققسىز ئېلىپ، ھارامدىن ئېلىپ، تەسەررۇپ قىلسا، ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ مال ــ دۇنيا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قارشىسىغا، زىيىنىغا گۇۋاھچى بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا مال ــ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنى ئۆگەتتى.

## 449 ـــــ *باب فضل التعفف والصبر* ئىپپەتلىك بولۇش بىلەن سەۋرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**2379 ـ2380 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَزِيدَ اللّيْثِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ نَاساً مِنَ الأَنْصَارِ سَأَلُوا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَأَعْطَاهُمْ. ثُمّ سَأَلُوهُ فَأَعْطَاهُمْ. حَتّىَ إِذَا نَفِذَ مَا عِنْدَهُ قَالَ: «مَا يَكُنْ عِنْدِي مِنْ خَيْرٍ فَلَنْ أَدّخِرَهُ عَنْكُمْ. وَمَنْ يَسْتَعْفِفْ يُعِفّهُ اللّهِ. وَمَنْ يَسْتَغْنِ يُغْنِهِ اللّهُ. وَمَنْ يَصْبِرْ يُصَبّرْهُ اللّهُ. وَمَا أُعْطِيَ أَحَدٌ مِنْ عَطَاءٍ خَيْرٌ وَأَوْسَعُ مِنَ الصّبْرِ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنسارلاردىن بىرقىسىم كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپتى، ئۇلارغا بەردى، ئاندىن يەنە سوراپتى يېنىدىكى نەرسە تۈگەپ كەتكەنگە قەدەر بېرىپ مۇنداق دىدى:

مېنىڭ يېنىمدا مال ــ مۈلۈك، ياخشىلىق بولسا، مەن ئۇنى سىلەردىن يوشۇرۇپ ئېلىپ قالمايمەن، كىم ئېپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئېپپەتلىك قىلىدۇ، كىم ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى باي بىھاجەت قىلىدۇ، كىم سەۋرى قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋرە قىلدۇرىدۇ، بىرەر كىشىگە سەبىردىن ياخشىراق ھەم كەڭرى سوۋغا ــ سالام بېرىلمەيدۇ، سەۋرە قىلىش ئەڭ ياخشى رىزىق سوغاتتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم

## 450 ــــ باب في الكفاف والقناعة تۇرمۇشتا ئوتتۇرھال، نۇرمال بۇلۇش بىلەن قانائەت توغرىسىدا

**2381 ـ حدّثنا أَبُو بَكْر بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنا أَبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ الْمُقْرِىءِ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي أَيّوبَ. حَدّثنِي شُرَحْبِيلُ (وَهُوَ ابْنُ شَرِيكٍ) عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ، عَنْ عَبْدِاللّهِ بْنِ عَمرو بْنِ الْعَاص أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَسْلَمَ، وَرُزِقَ كَفَافاً، وَقَنّعَهُ اللّهُ بِمَا آتَاهُ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى مۇسۇلمان بولغان، رىزقى ئېشىپمۇ قالماي، كاملايمۇ قالماي، قەرىزدار بولۇپ قالماي، ئوتتۇرھال نورمال بېرىلگەن، ئاللاھ بەرگەن نەرسىسگە قانائەت قىلدۇرغان، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ، قانائەت قىلغان كىشى جەزمەن ئىككى ئالەم نىجات تاپتى، (ئۇ ھەممىدىن بەختلىكتۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2382 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. قَالُوا: حَدّثنَا وَكِيعٌ. حَدّثنَا الأَعْمَشُ. ح وَحَدّثنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِيهِ. كِلاَهُمَا عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ، عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اجْعَلْ رِزْقَ آلِ مُحَمّدٍ قُوتاً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈچ ــ قۇۋۋەت قىلىپ بەرسىلە، ئېشىپمۇ قالماي، كاملايمۇ قالماي، نورمال، ئوتتۇرھال كۈپايە بولغىدەك قىلىپ بەرسىلە.بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە

## 451 ــــ باب إعطاء من سأل بفحش وغلظة

## قاتتىق قوپاللىق بىلەن نەرسە سورغان كىشىگىمۇ نەرسە بېرىش توغرىسىدا

**2383 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ: الآخَرَانِ: حَدّثنَا جَرِيرٌ) عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ سَلْمَانَ بْنِ رَبِيعَةَ قَالَ: قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: قَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَسْماً. فَقُلْتُ: وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ لَغَيْرُ هَؤُلاَءِ كَانَ أَحَقّ بِهِ مِنْهُمْ. قَالَ: «إِنّهُمْ خَيّرُونِي أَنْ يَسْأَلُونِي بِالْفُحْشِ أَوْ يُبَخّلُونِي. فَلَسْتُ بِبَاخِلٍ».**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە نەرسە تەقسىم قىلىپ بەردى، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەمكى، سىلى نەرسە بەرگەن ئاۋۇ كىشىلەردىن باشقىلار بۇ ماللارغا ئۇلاردىن بەكىراق ھەقلىق ئىدى دېسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇلار مىنى ؛ مەندىن پاھىشە، قېلىنلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سوراشلىرى بىلەن ، مىنى بېخىل دەپ ئەيىبلەشلىرى ئارىسىدا ئىختىيارلىق

بېرىپ، تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ، مەن ھەرگىز بېخىل ئەمەس، (يەنى ئۇلار مەندىن پاھىشە بىلەن قېلىنلىق، قوپاللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سورايدۇ، بەرمىسەم مېنى بېخىل دەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىمەن دېگەن) مۇسلىم 1748 _ ھەدىس، ئەھمەد 228 _ ھەدىس، سەھىھ.

**2384 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ سُلَيْمَانَ الرّازِيّ. قالَ: سَمِعْتُ مَالِكاً. ح وَحَدّثَنِي يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. حَدّثَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: كُنْتُ أَمْشِي مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وعَلَيْهِ رِدَاءٌ نَجْرَانِيّ غَلِيظُ الْحَاشِيَةِ. فَأَدْرَكَهُ أَعْرَابِيّ. فَجَبَذَهُ بِرِدَائِهِ جَبْذَةً شَدِيدَةً. نَظَرْتُ إِلَىَ صَفْحَةِ عُنُقِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَدْ أَثّرَتْ بِهَا حَاشِيَةُ الرّدَاءِ. مِنْ شِدّةِ جَبْذَتِهِ. ثُمّ قالَ: يَا مُحَمّدُ مُرْ لِي مِنْ مَالِ اللّهِ الّذِي عِنْدَكَ. فَالْتَفَتَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَضَحِكَ. ثُمّ أَمَرَ لَهُ بِعَطَاءٍ.**

**2385 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِث. حَدّثَنَا هَمّامٌ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا عِكْرِمَةُ بْنُ عَمّارٍ. ح وَحَدّثَنِي سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا أَبُو الْمُغِيرَةِ. حَدّثَنَا الأَوْزَاعِيّ. كُلّهُمْ عَنْ إِسْحَقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِهَـذَا الْحَدِيث. وَفِي حَدِيثِ عِكْرِمَةَ بْنِ عَمّارٍ مِنَ الزّيَادَةِ: قالَ: ثُمّ جَبَذَهُ إِلَيْهِ جَبْذَةً. رَجَعَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي نَحْرِ الأَعْرَابِيّ. وَفِي حَدِيثِ هَمّامٍ: فَجَاذَبَهُ حَتّى انْشَقّ الْبُرْدُ. وَحَتّى بَقِيَتْ حَاشِيَتُهُ فِي عُنُقِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدە نەجرانغا مەنسۇپ، قىرغىقى قوپال تون بار ئىدى، ئاندىن بىر ئەئرابىي كىشى رەسۇلۇللاھنى تۇتۇپ قاتتىق تارتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۈرىسىدىكى تونىنىڭ قىرغىقى تۇردىغان جايغا قارىسام، ھېلىقى ئەئرابىينىڭ قاتتىق تارتقانلىقىدىن، تونىنىڭ قىرغىقى مۈرىسىگە ئىز چىقىرىۋەتىپتۇ، ئاندىن ئۇكىشى؛ ئى مۇھەممەد! **الله** تائالانىڭ سىنىڭ نەزىلىڭدىكى مېلىدىن ماڭىمۇ بىرلىشىگە بۇيرىغىن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ، كۈلۈپ كېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مال بېرىشكە بۇيرىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

**2386 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنِ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنِ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ أَنّهُ قالَ: قَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَقْبِيَةً وَلَمْ يُعْطِ مَخْرَمَةَ شَيْئاً. فَقَالَ مَخْرَمَةُ: يَا بُنَيّ انْطَلِقْ بِنَا إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَانْطَلَقْتُ مَعَهُ. قالَ: ادْخُلْ فَادْعُهُ لِي. قالَ: فَدَعَوْتُهُ لَهُ. فَخَرَجَ إِلَيْهِ وَعَلَيْهِ قَبَاءٌ مِنْهَا. فَقَالَ: «خَبَأْتُ هَذَا لَكَ». قالَ: فَنَظَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ: «رَضِيَ مَخْرَمَةُ».**

**2387 ـ حدّثنا أَبُو الْخَطّابِ زِيَادُ بْنُ يَحْيَى الْحَسّانِيّ. حَدّثَنَا حَاتِمُ بْنُ وَرْدَانَ أَبُو صَالِحٍ. حَدّثَنَا أَيّوبُ السّخْتِيَانِيّ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ، عَنِ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ قالَ: قَدِمَتْ عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَقْبِيَةٌ. فَقَالَ لِي أَبِي، مَخْرَمَةُ: انْطَلِقْ بِنَا إِلَيْهِ عَسَىَ أَنْ يُعْطِيَنَا مِنْهَا شَيْئاً. قالَ: فَقَامَ أَبِي عَلَىَ الْبَابِ فَتَكَلّمَ. فَعَرَفَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَوْتَهُ فَخَرَجَ وَمَعَهُ قَبَاءٌ. وَهُوَ يُرِيهِ مَحَاسِنَهُ. وَهُوَ يَقُولُ: «خَبَأْتُ هَذَا لَكَ. خَبَأْتُ هَذَا لَكَ».**

مسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە تونىنى تەقسىم قىلىپ، دادام مەخرەمەتكە بەرمىدى، ئاندىن دادام ماڭا؛ ئى بالام! بىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن، بىزگىمۇ نەرسە بېرىشى مۇمكىن، دېدى، مەن دادام بىلەن بىللە باردىم، دادام ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ؛ سەن كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ماڭا چاقىرىپ بەرگىن دېدى، مەن چاقىردىم، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دادامنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ھېلىقى توندىن بىرنى ئالغاچ چىقىپ؛ بۇ توننى ساڭا ئېلىپ قويغان ئىدىم دەپ، ئۇنىڭ ياخشى، گۈزەل جايلىرىنى كۆرسەتتى، ئاندىن دادام مەخرەمەت رازى بولدى.

## 452 ــ باب إعطاء من يخاف على إيمانه ئىمانىنىڭ زەئىپلىكىدىن ئەنسىرەلگەن كىشىگە نەرسە بېرىش

**2388 ـ2389 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ وَعَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ) حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ سَعْدٍ أَنّهُ أَعْطَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَهْطاً وَأَنَا جَالِسٌ فِيهِمْ. قَالَ: فَتَرَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْهُمْ رَجُلاً لَمْ يُعْطِهِ. وَهُوَ أَعْجَبُهُمْ إِلَيّ. فَقُمْتُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَسَارَرْتُهُ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَالَكَ عَنْ فُلاَنٍ؟ وَاللّهِ إِنّي لأَرَاهُ مُؤْمِناً. قَالَ: «أَوْ مُسْلِماً» فَسَكَتّ قَلِيلاً. ثُمّ غَلَبَنِي مَا أَعْلَمُ مِنْهُ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَالَكَ عَنْ فُلاَنٍ؟ فَوَاللّهِ إِنّي لأَرَاهُ مُؤْمِناً. قَالَ: «أَوْ مُسْلِماً» فَسَكَتّ قَلِيلاً. ثُمّ غَلَبَنِي مَا أَعْلَمُ مِنْهُ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَالَكَ عَنْ فُلاَنٍ؟ فَوَاللّهِ إِنّي لأَرَاهُ مُؤْمِناً. قَالَ: «أَوْ مُسْلِماً» قَالَ: «إِنّي لأُعْطِي الرّجُلَ وَغَيْرُهُ أَحَبّ إِلَيّ مِنْهُ. خَشْيَةَ أَنْ يُكَبّ فِي النّارِ عَلَى وَجْهِهِ». وَفِي حَدِيثِ الْحُلْوَانِيّ تَكْرَارُ الْقَوْلِ مَرّتَيْنِ.**
**2390 ـ حدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانِيّ. حَدّثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ مُحَمّدِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ: سَمِعْتُ مُحَمّدُ بْنَ سعْدٍ يُحَدّثُ بِهَذَا الْحَدِيثِ. يَعْنِي حَدِيثَ الزّهْرِيّ الّذِي ذَكَرْنَا. فَقَالَ: فِي حَدِيثِهِ: فَضَرَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ بَيْنَ عُنُقِي وَكَتِفِي. ثُمّ قَالَ: «أَقِتَالاً؟ أَيْ سَعْدُ إِنّي لأُعْطِي الرّجُلَ..».**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىسىم كىشلەرگە نەرسە بېرىپ، ئۇلاردىن مەلۇم بىر كىشىگە بەرمىدى، مەن شۇ جايدا ئولتۇرۇغلۇق ئىدىم، ھېلىقى نەرسە بېرىلمىگەن كىشى مىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇراتتى(يەنى ئۇ مۆئمىن ئىدى) مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ؛ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە نىمە بولدى؟ پالانىغا بەرمىدىلىغۇ؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى مۆئمىن دەپ قارايمەن دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ياكى مۇسۇلماندۇ دېدى، مەن يۇقىرقى سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرار دىسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم يۇقىرقىدەك جاۋاپ بىرىپ ، ئۇچامغا بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ؛ ئى سەئىدى! مەن بەزى كىشلەرگە نەرسە بېرىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ ئۇ كىشىگە نەرسە بېرىشىم، ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولغان، (يەنى مەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بېرىمەن، بولمىسا ئۇ دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدۇ) دىدى. بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.زۇھەيرى؛ئىسلام دىگەن شاھادەت سۆزى، ئىمان دىگەن ياخشى ئەمەلدۇر دېدى. شەيخ ئۇسەيمىين؛ ئىسلام بىلەن ئىمان بىللە كەلسە، ئىمان ئەۋزەلدۇر، بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم كەلسە، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېدى.

## 453 ـــــ باب إعطاء المؤلفة قلوبهم على الإسلام وتصبر من قوي إيمانه

**دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىش ۋە ئىمانى كۈچلۈكلەرنىڭ سەۋرە قىلالىشى توغرىسىدا**

**2391 ـ 2392 ـ2393 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ أُنَاساً مِنَ الأَنْصَارِ قَالُوا، يَوْمَ حُنَيْنٍ، حِينَ أَفَاءَ اللّهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَمْوَالِ هَوَازِنَ مَا أَفَاءَ. فَطَفِقَ رَسُولُ اللّهِ صلى**

**الله عليه وسلم يُعطِي رِجَالاً مِنْ قُرَيْشٍ. الْمِائَةَ مِنَ الإِبِلِ. فقالُوا: يَغْفِرُ اللّهُ لِرَسُولِ اللّهِ. يُعْطِي قُرَيْشاً وَيَتْرُكُنَا وَسُيُوفُنَا تَقْطُرُ مِنْ دِمَائِهِمْ. قَالَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ: فَحُدِّثَ ذٰلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مِنْ قَوْلِهِمْ. فَأَرْسَلَ إِلَى الأَنْصَارِ. فَجَمَعَهُمْ فِي قُبّةٍ مِنْ أَدَمٍ. فَلَمّا اجْتَمَعُوا جَاءَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقالَ: «مَا حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكُم؟» فقالَ لَهُ فُقَهَاءُ الأَنْصَارِ: أَمّا ذَوُو رَأْيِنَا، يَا رَسُولَ اللّهِ فَلَمْ يَقُولُوا شَيْئاً. وَأَمّا أُنَاسٌ مِنّا حَدِيثَةٌ أَسْنَانُهُمْ، قَالُوا: يَغْفِرُ اللّهُ لِرَسُولِهِ. يُعْطِي قُرَيْشاً وَيَتْرُكُنَا، وَسُيُوفُنَا تَقْطُرُ مِنْ دِمَائِهِمْ فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَإِنّي أُعْطِي رِجَالاً حَدِيثِي عَهْدٍ بِكُفْرٍ. أَتَأَلّفُهُمْ. أَفَلاَ تَرْضَوْنَ أَنْ يَذْهَبَ النّاسُ بِالأَمْوَالِ، وَتَرْجِعُونَ إِلَى رِحَالِكُمْ بِرَسُولِ اللّهِ؟ فَوَاللّهِ لَمَا تَنْقَلِبُونَ بِهِ خَيْرٌ مِمّا يَنْقَلِبُونَ بِهِ» فقالُوا: بَلَى. يَا رَسُولَ اللّهِ قَدْ رَضِينَا. قَالَ: «فَإِنّكُمْ سَتَجِدُونَ أُثْرَةً شَدِيدَةً. فَاصْبِرُوا حَتّى تَلْقَوُا اللّهَ وَرَسُولَهُ. فَإِنّي عَلَى الْحَوْضِ». قالُوا: سَنَصْبِرُ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، **الله** تائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ماللىرىدىن ئۇرۇشسىز ئولجا ـ غەنىيمەت بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلىك كىشىلەرگە 100 دىن،100دىن تۇگە بىرىشكە باشلىدى، ئاندىن ئەنسارلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر؛ **الله** تائالا رەسۇلۇللاھقا مەغپىرەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرگە نەرسە بىرىپ، بىزگە بەرمىدى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئاقتۇرغان ئىدى دېدى، ئۇلارنىڭ بۇسۆزى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەنسارلارغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تىرىدىن بولغان چېدىرغا يىغىپ، ئۇلاردىن باشقا بىر كىشىنىمۇ بۇچېدىر ئىچىدە قالدۇرماي، ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ كىلىپ؛ سىلەردىن ماڭا مۇنداق سۆزلەر يەتتى، بۇ راستمۇ؟دېدى، ئۇلارنىڭ پىقھى شۇناس ئالىملىرى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ رەئيى ئىگىسى بولغان ئالىملىرىمىز، چوڭلىرىمىز ھېچ نەرسە دېمىدى، ئەمما يېشى كىچىك بىر نەچچە كىشىلىرىمىز ؛ **الله** تائالا رەسۇلۇللاھقا مەغپىرەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ قۇرەيشلەرگە نەرسە بىرىپ، بىزگە بەرمىدى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئاقتۇرغان ئىدى دەپ ساپتۇ، دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ؛ھەقىقەتەن مەن، كۇپىرلىقتا زامانى يېقى بولغان كىشىل ەرگە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىمەن، كىشىلەر مال ــ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلەرگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن قايتساڭلار يەنە رازى بولمامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىللە قايتقان نەرسە، ئۇلار ئېلىپ قايتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر، ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكنى ، ماڭىلا بولسا دىگەنىنلا كۆرىسىلەر، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىپ، چىداڭلار، مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر يېنىدا ساقلايمەن ،دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئەلۋەتتە رازى، سەۋرە قىلىپ چىدايمىز، دىيىشتى. بۇخارى،مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2394 ـ2395 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنَا شُعْبَةُ. قَالَ: سَمِعْتُ قَتَادَةَ يُحَدّثُ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: جَمَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الأَنْصَارَ. فقَالَ: «أَفِيكُمْ أَحَدٌ مِنْ غَيْرِكُمْ؟» فقالُوا: لاَ. إِلاّ ابْنُ أُخْتٍ لَنَا. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ ابْنَ أُخْتِ الْقَوْمِ مِنْهُمْ» فقَالَ: «إِنّ قُرَيْشاً حَدِيثُ عَهْدٍ بِجَاهِلِيّةٍ وَمُصِيبَةٍ. وَإِنّي أَرَدْتُ أَنْ أَجْبُرَهُمْ وَأَتَأَلّفَهُمْ. أَمَا تَرْضَوْنَ أَنْ يَرْجِعَ النّاسُ بِالدّنْيَا، وَتَرْجِعُونَ بِرَسُولِ اللّهِ إِلَى بُيُوتِكُمْ؟ لَوْ سَلَكَ النّاسُ وَادِياً، وَسَلَكَ الأَنْصَارُ شِعْباً، لَسَلَكْتُ شِعْبَ الأَنْصَارِ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەنسارلار نى تونۇلاپ مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردا سىلەردىن باشقا كىشىمۇ بارمۇ؟ ئۇلار: يوق، لېكىن ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ باللىرى بار دېدى، رەسۇلۇللاھ: ھەقىقەتەن قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ باللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، قۇرەيش خەلقى، جاھالىيەتكە، مۇسىبەتكە زامانى يېقىندۇر، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارغا ئازىراق سوۋغا ــ سالام بېرىپ، قەلبىنى مايىل قىلىشنى، كۆڭلىنى ئېلىشنى مەخسەت قىلدىم، باشقىلار مال ــ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلارغا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن قايتىساڭلار رازى بولماسسىلەر؟ ئەگەر بارلىق ئىنسانلار بىر يېزىغا يول سالسا، ياكى بىر تاغقا يول سالسا، مەن ئەلۋەتتە، ئەنسارلارنىڭ يولىغا ماڭىمەن، ئۇلارنىڭ يېزىسىغا بارىمەن، تىرمىزى مۇ تونۇلغان، سەھىھ. بۇخارىدا، ئەھمەدتە 15874 ــ ھەدىستە ئوخشىشى باردۇر.

**2396 ـ حدّثنا مُحمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَإِبْرَاهِيم بْنُ مُحمّدِ بْنِ عَرْعَرَةَ (يَزِيدُ أحدُهُمَا عَلَى الآخَرِ الْحَرْفَ بَعْدَ الْحَرْفِ) قالاَ: حَدّثَنَا مُعَاذُ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا ابْنُ عَوْنٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ حُنَيْنٍ أَقْبَلَتْ هَوَازِنُ وَغَطفَانُ، بِذَرَارِيّهِمْ وَنَعمِهِمْ. وَمَعَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَوْمَئِذٍ عَشَرَةُ آلاَفٍ. وَمَعَهُ الطّلَقَاءُ. فَأَدْبَرُوا عَنْهُ. حَتّى بَقِيَ وَحْدَهُ. قَالَ: فَنَادَى يَوْمَئِذٍ نِدَاءَيْنِ. لَمْ يَخْلِطْ بَيْنَهُمَا شَيْئاً. قَالَ: فَالْتَفَتَ عَنْ يَمِينِهِ فقَالَ «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ» فَقَالُوا: لَبّيكَ، يَارَسُولَ اللّهِ أَبْشِرْ نَحْنُ مَعَكَ. قَالَ: ثُمّ الْتَفَتَ عَنْ يَسَارِهِ فقَالَ «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ» قَالُوا: لَبّيْكَ، يَا رَسُولُ اللّهِ أَبْشِرْ نَحْنُ مَعَكَ. قَالَ: وَهُوَ عَلَى بَغْلَةٍ بَيْضَاءَ. فَنَزَلَ فقَالَ: أَنَا عَبْدُ اللّهِ وَرَسُولُهُ. فَانْهَزَمَ الْمُشْرِكُونَ. وَأَصَابَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَنَائِمَ كَثِيرَةً. فَقسَمَ فِي الْمُهَاجِرِينَ وَالطّلَقَاءِ. وَلَمْ يُعْطِ الأَنْصَارَ شَيْئاً. فَقَالَتِ الأَنْصَارُ: إِذَا كَانَتِ الشّدّةُ فَنَحْنُ نُدْعَى. وَتُعْطَى الْغَنَائِمُ غَيْرَنَا فَبَلَغَهُ ذَلِكَ. فَجَمَعَهُمْ فِي قُبّةٍ. فقَالَ «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ مَا حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكُمْ؟» فَسَكَتُوا. فقَالَ «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ أَمَا تَرْضَوْنَ أَنْ يَذْهَبَ النّاسُ بِالدّنْيَا وَتَذْهَبُونَ بِمُحَمّدٍ تَحُوزُونَهُ إِلَى بُيُوتِكُمْ؟» قَالُوا: بَلَى: يَا رَسُولَ اللّهِ رَضِينَا. قَالَ: فقَالَ «لَوْ سَلَكَ النّاسُ وَادِياً، وَسَلَكَتِ الأَنْصَارُ شِعْباً، لأَخَذْتُ شِعْبَ الأَنْصَارِ». قَالَ هِشَامٌ: فَقُلْتُ: يَا أَبَا حَمْزَةَ أَنْتَ شَاهِدٌ؟ قَالَ وَأَيْنَ أَغِيبُ عَنْهُ؟.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇنەيىن كۈنى ھەۋازىن، غەتپان قەبىلىلىرى باللىرى ۋە چارۋا ماللىرى بىلەن ئالدىنى قىلىپ كەلدى، شۇ كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە 10000كىشىلىك قوشۇن بار ئىدى، ۋە يەنە ئازاد قىلىنغان، مەككە پەتھى بولغاندا مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار قېچىپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھ يالغۇز قالدى، شۇكۈنى رەسۇلۇللاھ ئىككى قېتىملام نىدا قىلدى، بۇنىڭ ئارلىقىغا ھېچ نەرسىنى ئارلاشتۇرمىدى، ئوڭ تەرىپكە قاراپ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى!دېدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! لەببەيۋ! مانا بىز تەييار، خۇش بىشارەت ئالسلا، بىز سىلى بىلەن بىللە دېدى، ئاندىن سول تەرىپكە قاراپ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى!دېدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! لەببەيۋ! مانا بىز تەييار، خۇش بىشارەت ئالسلا، بىز سىلى بىلەن بىللە دېدى، رەسۇلۇللاھ ئاق خېچىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ؛ مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ( كاپىرلارنىڭ يۈزىگە تاش ئاتتى)شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭىلىپ قاچتى، رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىپ، ئۇنى مۇھاجىرلارغا ۋە مەككە پەتھى بولغاندا مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئەنسارلارغا ھېچ نەرسە بەرمىدى، ئاندىن ئەنسارلار؛ قاتتىق ئېغىر كۈنلەردە بىز چاقىرىلىدىكەنمىز، غەنىيمەت بولسا بىزدىن باشقىلارغا بېرىلىدىكەن دېدى، بۇ سۆز رەسۇلۇللاھقا يېتىپ قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چېدىرغا توپلاپ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى! ماڭا سىلەرتەرەپتىن بىر سۆز يەتتى، بۇ نىمە ئىش؟دېدى، ئۇلار جىم تۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ ئى ئەنسارلار گۇرۇھى! كىشىلەر مال ــ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلەرگە ئالللاھنىڭ

ئەلچىسى بىلەن قايتساڭلار يەنە رازى بولماسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىللە قايتقان نەرسە، ئۇلار ئېلىپ قايتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر،دېدى، ئۇلار؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىز ئەلۋەتتە رازى بولىمىز دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ؛ ئەگەر بارلىق ئىنسانلار بىر يېزىغا ياكى بىر تاغقا يول سالسا، ئەنسارلار يەنە بىر تاغقا يول سالسا، مەن ئەلۋەتتە، ئەنسارلارنىڭ يولىغا ماڭىمەن ، دېدى.ھىشام مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ ئى ئەباھەمزە!سەن شۇ جەڭدە بارمىدىڭ؟دېسەم، ئۇ؛ مەن ئۇ جەڭدىن قەيەرگە غائىب بولارمەن؟دېدى.

2397 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللَّهِ بْنُ مُعَاذٍ وَحَامِدُ بْنُ عُمَرَ وَمُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. قَالَ ابْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا الْمُعْتَمِرُ بْنُ سُلَيْمَانَ عَنْ أَبِيهِ. قَالَ: حَدّثَنِي السّمَيْط عَنْ أَنَس بْنِ مَالِكٍ قَالَ: افْتَتَحْنَا مَكّةَ. ثُمّ إِنّا غَزَوْنَا حُنَيْناً. فَجَاءَ الْمُشْرِكُونَ بِأَحْسَنِ صُفُوفٍ رَأَيْتُ. قَالَ: فَصُفّتِ الْخَيْلُ. ثُمّ صُفّتِ الْمُقَاتِلَةُ. ثُمّ صُفّتِ النّسَاءُ مِنْ وَرَاءِ ذَلِكَ. ثُمّ صُفّتِ الْغَنَمُ. ثُمّ صُفّتِ النّعَمُ. قَالَ: وَنَحْنُ بَشَرٌ كَثِيرٌ. قَدْ بَلَغْنَا سِتّةَ آلاَفٍ. وَعَلَى مُجَنّبَةِ خَيْلِنَا خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ. قَالَ: فَجَعَلَتْ خَيْلُنَا تَلْوِي خَلْفَ ظُهُورِنَا. فَلَمْ نَلْبَثْ أَنِ انْكَشَفَتْ خَيْلُنَا، وَفَرّتِ الأَعْرَابُ، وَمَنْ نَعْلَمُ مِنَ النّاسِ. قَالَ: فَنَادَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَالَ الْمُهَاجِرِينَ، يَالَ الْمُهَاجِرِينَ». ثُمّ قَالَ: «يَالَ الأَنْصَارِ يَالَ الأَنْصَارِ». قَالَ: قَالَ أَنَسٌ: هَذَا حَدِيثُ عِمّيّةٍ. قَالَ: قُلْنَا: لَبّيْكَ. يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: فَتَقَدّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَأَيْمُ اللّهِ مَا أَتَيْنَاهُمْ حَتّى هَزَمَهُمُ اللّهُ. قَالَ: فَقَبَضْنَا ذَلِكَ الْمَالَ. ثُمّ انْطَلَقْنَا إِلَى الطّائِفِ فَحَاصَرْنَاهُمْ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً. ثُمّ رَجَعْنَا إِلَى مَكّةَ فَنَزَلْنَا. قَالَ: فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُعْطِي الرّجُلَ الْمِائَةَ مِنَ الإِبِلِ. ثمّ ذَكَرَ بَاقِي الْحَدِيثِ. كَنَحْوِ حَدِيثِ قَتَادَةَ، وَأَبِي التّيّاحِ، وهِشَامِ بْنِ زَيْدٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ـ بۇ تاغام ئاباسىنىڭ ھەدىسى ـ بىز مەككىنى ئىشغال قىلدۇق، ئاندىن ھۇنەيىنگە قارشى ئۇرۇش قىلدۇق، مۇشرىكلەر مەن كۆرگەن سەپلەردىنمۇ ئەڭ گۈزەل سەپ تارتىپ كەلدى، ئالدى بىلەن ئاتلىق قوشۇن، ئاندىن ئەسكەرلەر، ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاياللار، ئاندىن قوي، ئاندىن باشقا چارۋىلار سەپكە تىزىلغان ئىدى. بىزمۇ بەك كۆپ ئىدۇق، سانىمىز 6000دىن ئاشاتتى، ئاتلىق قوشۇنىمىزنىڭ ئوڭ قانىتىدا خالىد ئىبنى ۋەلىد باش ئىدى، ئاتلىق قوشۇنىمۇ بىزنىڭ ئارقىمىزغا ئۆتۈپ پاناھلىنىشقا باشلىدى، ئۇزۇن تۇرمايلا ئاتلىق قوشۇنىمىزمۇ قالقانسىزلا ئاشكارا بولۇپ قالدى، ئەئرابىيلەر ۋە بىز تونۇيدىغان كىشىلەر قاچتى، رەسۇلۇللاھ؛ ئى مۇھاجىرلار ئەھلى! ئى مۇھاجىرلار ئەھلى! ئى ئەنسارلار ئەھلى! ئى ئەنسارلار ئەھلى!دەپ نىدا قىلدى، بىز؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!لەببەي!مانا بىز تەييار دېدۇق، رەسۇلۇللاھ ئالدىغا ئىلگىرلىدى، **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارغا بېرىپ بولغىچە، **الله** ئۇلارنى يېڭىپ بولدى، بىز ئەشۇ ماللارنى غەنىيمەت ئالدۇق، ئاندىن تائىپكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى 40 كۈن مۇھاسىرگە ئالدۇق، ئاندىن مەككىگە قايتىپ كىلىپ چۈشتۇق، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە 100دىن 100دىن تۆگە بېرىشكە باشلىدى......

2398 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَبِي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ عُمَرَ بْنِ سَعِيدِ بْنِ مَسْرُوقٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبَايَةَ بْنِ رِفَاعَةَ، عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ: أَعْطَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَبَا سُفْيَانَ بْنَ حَرْبٍ، وَصَفْوَانَ بْنَ أُمَيّةَ، وَعُيَيْنَةَ بْنَ حِصْنٍ، والأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ، كُلّ إِنْسَانٍ مِنْهُمْ، مِائَةً مِنَ الإِبِلِ. وَأَعْطَى عَبّاسَ بْنَ مِرْدَاسٍ دُونَ ذَلِكَ. فَقَالَ عَبّاسُ بْنُ مِرْدَاسٍ:

أَتَجْعَلُ نَهْبِي وَنَهْبَ الْعُبَيْـــــــدِ بَيْنَ عُيَيْنَةَ وَالأَقْرَعِ؟
فَمَا كَانَ بَدْرٌ وَلاَ حَابِسٌ يَفُوقَانِ مِرْدَاسَ فِي الْمَجْمَعِ
وَمَا كُنْتُ دُونَ امْرِىءٍ مِنْهُمَاوَمَنْ تَخْفِضِ الْيَوْمَ لاَ يُرْفَعِ
قَالَ: فَأَتَمّ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِائَةً.

2399 ـ2400 ـ وحدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عُمَرَ بْنِ سَعِيدِ بْنِ مَسْرُوقٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَسَمَ غَنَائِمَ حُنَيْنٍ. فَأَعْطَى أَبَا سُفْيَانَ بْنَ حَرْبٍ مِائَةً مِنَ الأبلِ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِهِ. وَزَادَ: وَأَعْطَى عَلْقَمَةَ بْنَ عُلاَثَةَ مِائَةً.

........راپىئ  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ،  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم    (ھۇنەيىن غەنىيمەتلىرىدىن)

ئەبۇسۇپيانغا، سەپۋانغا، ئۇيەينەت، ئەقرەئىبنى ھابىس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا، ھەربىرىگە 100دىن تۇگە بەردى،

ئاببباس ئىبنى مىرداسقا ئۇنىڭدىن ئازراق بىرىۋىدى، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن بىلەن ئۇبەيد، دېگەن

ئېتىمنىڭ ئالغان غەنىيمەتلىرىنى  ئۇيەينەت بىلەن ئەقرەئىلەرنىڭ ئارىسىغا تەقسىم قىلىپ بىرەملا؟ بەدىر بىلەن

ھابىسلەر ھەممە جايدا دادام مىرداستىن ئۈستۈن ئەمەس ئىدى، مەنمۇ بۇ ئىككىسىدىن تۆۋەن ئەمەسمەن، بۈگۈن

مەرتىبىسى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن كىشى، مەڭگۈ ئۈستۈن كۆتۈرۈلمەيدۇ دېدى، ئاندىن        رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ

تۇگىسىنىمۇ 100تۇگە قىلىپ بەردى.

**2401 ـ حدّثنا سُرَيْجُ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنِ جَعْفَرٍ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ، عَنْ عَبّادِ بْنِ تَمِيمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمّا فَتَحَ حُنَيْنَاً قَسَمَ الْغَنَائِمَ. فَأَعْطَى الْمُؤَلّفَةَ قُلُوبُهُمْ. فَبَلَغَهُ أَنّ الأَنْصَارَ يُحِبّونَ أَنْ يُصِيبُوا مَا أَصَابَ النّاسُ. فَقَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَخَطَبَهُمْ. فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ «يَا مَعْشَرَ الأَنْصَارِ أَلَمْ أَجِدْكُمْ ضُلاّلاً، فَهَدَاكُمُ اللّهُ بِي؟ وَعَالَةً، فَأَغْنَاكُمُ اللّهُ بِي؟ وَمُتَفَرّقِينَ، فَجَمَعَكُمُ اللّهُ بِي» وَيَقُولُونَ: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَمَنّ. فَقَالَ «أَلاَ تُجِيبُونِي؟» فَقَالُوا: اللّهُ وَرَسُولُهُ أَمَنّ. فَقَالَ: أَمَا إِنّكُمْ لَوْ شِئْتُمْ أَنْ تَقُولُوا كَذَا وَكَذَا. وَكَانَ مِنَ الأَمْرِ كَذَا وَكَذَا». لإِشْيَاءَ عَدّدَهَا. زَعَمَ عَمْرٌو أَنْ لاَ يَحْفَظُهَا. فَقَالَ «أَلاَ تَرْضَوْنَ أَنْ يَذْهَبَ النّاسُ بِالشّاءِ وَالإِبِلِ، وَتَذْهَبُونَ بِرَسُولِ اللّهِ إِلَى رِحَالِكُمْ؟ «الأَنْصَارُ شِعَارٌ وَالنّاسُ دِثَارٌ. وَلَوْلاَ الْهِجْرَةُ لَكُنْتُ امْرَأً مِنَ الأَنْصَارِ. وَلَوْ سَلَكَ النّاسُ وَادِياً وَشِعْباً، لَسَلَكْتُ وَادِيَ الأَنْصَارِ وَشِعْبَهُمْ. إِنّكُمْ سَتَلْقَوْنَ بَعْدِي أَثَرَةً، فَاصْبِرُوا حَتّىَ تَلْقَوْنِي عَلَىَ الْحَوْضِ».**

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەيىننى ئىشغال قىلغاندا، دىللىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلارغا كۆپ نەرسە بەردى، بۇ ئىش ئەنسارلارغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭمۇ كىشىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرگە ئېرىشكىسى كەلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇتبە ئوقۇپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ، مۇنداق دىگەن: ئى ئەنسارىلار جامائىتى! مەن سىلەرنى زالالەتتە ئازغۇن تاپمىدىممۇ؟ ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك ھىدايەت قىلدى، سىلەر مۇتەپەررىق ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك

بىرلەشتۈردى، سىلەر پېقىر، نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن سەۋەبلىك سىلەرنى باي قىلدى، ئۇلار؛ **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى نىئمەت بېرىشكە لايىق دەپ تۇردى، رەسۇلۇللاھ ؛كىشىلەر تۆگە، قويلارنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر ئۆيگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مېنى ئېلىپ كەتسەڭلارمۇ يەنە رازى بولمامسىلەر؟ ھېجرەت بولمىغان بولسا مەن ئەنسارىلاردىن بىر ئىنسان بولغان بولاتتىم، ئەگەر كىشىلەر يايلاق، تاغ جىلغايوللىرىغا يول سالسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارىلار ماڭغان يولغا يول سالاتتىم، ئەنسارىلار بولسا، ئىچ كىيىمدۇر، باشقا كىشلەر تاشقى كىيىمدۇر، (يەنى ئەنسارىلار خاس ئىچكى كىشلىرىم) ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كىيىن، ھەممىسى ماڭا بولسا دەيدىغان شەخسىيەتچىلىككە ئۇچرايسىلەر، سىلەر ماڭا ھەۋزى كەۋسەر كۆلىدە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىڭلار، يەنى ئۆلگىچە سەۋرى قىلىڭلار،دېدى. بۇخارى 3985 ــ ھەدىس، مۇسلىم 1758 ــ ھەدىس، ئەھمەد 15879 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى دائىم بۇخارى، مۇسلىمنى تىلغا ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سەھىھ.

**2402 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَعُثْمَانَ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَإِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ (قَالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ) عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: لَمّا كَانَ يَوْمُ حُنَيْنٍ آثَرَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَاساً فِي الْقِسْمَةِ. فَأَعْطَى الأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ مِائَةً مِنَ الإِبِلِ. وَأَعْطَى عُيَيْنَةَ مِثْلَ ذٰلِكَ. وَأَعْطَى أُنَاساً مِنْ أَشْرَافِ الْعَرَبِ. وَآثَرَهُمْ يَوْمَئِذٍ فِي الْقِسْمَةِ. فَقَالَ رَجُلٌ: وَاللّهِ إِنّ هٰذِهِ لَقِسْمَةٌ مَا عُدِلَ فِيهَا، وَمَا أُرِيدَ فِيهَا وَجْهُ اللّهِ. قَالَ فَقُلْتُ: وَاللّهِ لأُخْبِرَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَأَتَيْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ**

بِمَا قَالَ. قَالَ: فَتَغَيَّرَ وَجْهُهُ حَتَّى كَانَ كَالصِّرْفِ. ثُمّ قَالَ: فَمَنْ يَعْدِلُ إِنْ لَمْ يَعْدِلِ اللّهُ وَرَسُولُهُ» قَالَ: ثُمّ قَالَ: «يَرْحَمُ اللّهُ مُوسَى. قَدْ أُوذِيَ بِأَكْثَرَ مِنْ هَذَا فَصَبَرَ». قَالَ قُلْتُ: لاَ جَرَمَ لاَ أَرْفَعُ إِلَيْهِ بَعْدَهَا حَدِيثاً.

2403 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ شَقِيقٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: قَسَمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَسْماً. فَقَالَ رَجُلٌ: إِنّهَا لَقِسْمَةٌ مَا أُرِيدَ بِهَا وَجْهُ اللّهِ. قَالَ: فَأَتَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَسَارَرْتُهُ. فَغَضِبَ مِنْ ذَلِكَ غَضَباً شَدِيداً. وَاحْمَرّ وَجْهُهُ حَتّى تَمَنّيْتُ أَنّي لَمْ أَذْكُرْهُ لَهُ. قَالَ: ثُمّ قَالَ: «قَدْ أُوذِيَ مُوسَى بِأَكْثَرَ مِنْ هَذَا فَصَبَرَ».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھۇنەيىن كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى كىشىلەرنى تەقسىماتتا ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدى، ئۇيەينەت، ئەقرەئىبنى ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلارغا، ۋە ئەرەب كاتىباشلىرىدىن بەزى كىشىلەرنىڭ ھەربىرىگە 100دىن تۆگە بەردى، ئاندىن بىركىشى؛ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىماتتا ئادىللىق قىلىنمىدى، الله رازىلىقىمۇ ئىرادە قىلىنمىدى دېدى، مەن؛ الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىمەن دەپ، كېلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خەۋەر قىلدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، يۈزى ئالتۇندەك قىزىرىپ ئۆزگىرىپ كەتتى، مەنمۇ بۇسۆزلەرنى دېمىسەم بولۇپتىكەن دەپ قالدىم،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭغا ۋايدۇر، ئەگەر الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى ئادىللىق قىلمىسا،كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟ (ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمىسام، ھەققەتەن سەن ھەر جەھەتتىن زور زىيان تارتىسەن، ھالاك بولىسەن) ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن، ھەققەتەن ئۇ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ، سەۋرە قىلغان ئىدى، دېدى.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 454 – باب ذكر الخوارج وصفاتهم خاۋارىجلارنىڭ بايانى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

2404 –2405 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: أَتَى رَجُلٌ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْجِعْرَانَةِ. مُنْصَرَفَهُ مِنْ حُنَيْنٍ. وَفِي ثَوْبِ بِلاَلٍ فِضّةٌ. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقْبِضُ مِنْهَا. يُعْطِي النّاسَ. فَقَالَ: يَا مُحَمّدُ اعْدِلْ. قَالَ: «وَيْلَكَ وَمَنْ يَعْدِلُ إِذَا لَمْ أَكُنْ أَعْدِلُ؟ لَقَدْ خِبْتَ وَخَسِرْتَ إِنْ لَمْ أَكُنْ أَعْدِلُ» فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ دَعْنِي. يَا رَسُولَ اللّهِ فَأَقْتُلَ هَذَا الْمُنَافِقَ. فَقَالَ: «مَعَاذَ اللّهِ أَنْ يَتَحَدّثَ النّاسُ أَنّي أَقْتُلُ أَصْحَابِي. إِنّ هَذَا وَأَصْحَابَهُ يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ. لاَ يُجَاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنْهُ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ».

ئەبۇ سەئىد،جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن قايتاشىدا، جىئرانەت دېگەن جايدا غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتاتتى، بىلالنىڭ كىيىمدە كۈمۈشلەر بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئېلىپ كىشىلەرگە بېرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بەنىي تەمىم قەبىلىسىدىن ئىنچىكە بەل بىر كىشى كېلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئادىللىق قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا ۋايدۇر، مەن ئادىللىق قىلمىسام كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟ ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمىسام، ھەققەتەن سەن ھەر جەھەتتىن زور زىيان تارتىپ، ھالاك بولىسەن دېدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇمۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنى قويۇۋەتكىن، كىشىلەرنىڭ مېنى «ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دېيىشىدىن الله قا سېغىنىپ

پاناھ تىلەيمەن، بۇ ۋە بۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ،دېدى.

**2406 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ. حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ سَعِيدِ بْنِ مَسْرُوقٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ أَبِي نُعْمٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: بَعَثَ عَلِيّ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ وَهُوَ بِالْيَمَنِ، بِذَهَبَةٍ فِي تُرْبَتِهَا، إِلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَسَمَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ أَرْبَعَةِ نَفَرٍ: الأَقْرَعُ بْنُ حَابِسٍ الْحَنْظَلِيّ، وَعُيَيْنَةُ بْنُ بَدْرٍ الْفَزَارِيّ، وَعَلْقَمَةُ بْنُ عُلاَثَةَ الْعَامِرِيّ، ثُمّ أَحَدُ بَنِي كِلاَبٍ، وَزَيْدُ الْخَيْرِ الطّائِيّ، ثُمّ أَحَدِ بَنِي نَبْهَانَ. قَالَ: فَغَضِبَتْ قُرَيْشٌ. فَقَالُوا: أَيُعْطِي صَنَادِيدَ نَجْدٍ وَيَدَعُنَا؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي إِنّمَا فَعَلْتُ ذَلِكَ لأَتَأَلّفَهُمْ» فَجَاءَ رَجُلٌ كَثّ اللّحْيَةِ. مُشْرِفُ الوَجْنَتَيْنِ. غَائِرُ الْعَيْنَيْنِ. نَاتِيءُ الْجَبِينِ مَحْلُوقُ الرّأْسِ. فَقَالَ: اتّقِ اللّهَ. يَا مُحَمّدُ قَالَ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَمَنْ يُطِعِ اللّهَ إِنْ عَصَيْتُهُ أَيَأْمَنُنِي عَلَىَ أَهْلِ الأَرْضِ وَلاَ تَأْمَنُونِي؟» قَالَ: ثُمّ أَدْبَرَ الرّجُلُ. فَاسْتَأْذَنَ رَجُلٌ مِنَ الْقَوْمِ فِي قَتْلِهِ. (يُرَوْنَ أَنّهُ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ) فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ مِنْ ضِئْضِىءِ هَذَا قَوْماً يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ لاَ يُجَاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ. يَقْتُلُونَ أَهْلَ الإِسْلاَمِ. وَيَدَعُونَ أَهْلَ الأَوْثَانِ. يَمْرُقُونَ مِنَ الإِسْلاَمِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ. لَئِنْ أَدْرَكْتُهُمْ لأَقْتُلَنّهُمْ قَتْلَ عَادٍ».**

يەنەبىرخاتىردە؛ ئەبۇ سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا يەمەندىن خام ئالتۇن ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەقرەئ، ئۇيەينەت، ئەلقەمەت، ئاندىن كىلاب جەمەتىدىن بىرسى، زەيدۇلخەير، ئاندىن نەبھان جەمەتىدىن بىرسىگە تەقسىم قىلىپ بەردى، قۇرەيش بۇنىڭغا غەزەپ قىلىپ؛ نەجد كاتىباشلىرىغا بېرىپ، بىزگە بەرمىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم دېدى، ئاندىن پىسانىسى ئۆرلەڭگۈ، ئورا كۆز، ساقىلى قويۇق، ئىككى مەڭزى ئۇستۇگە ئۆرلەپ چىققان، بېشى يەنى چېچى چۇشۇرتۇگلۈك پاقىر باش بىر كىشى كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! **الله** تىن قورققىن دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن ئاللاھقا ئاسيلىق قىلسام، ئاللاھقا كىم ئىتائەت قىلىدۇ؟! زىمىن ئەھلىگە نىسبەتەن ئاللاھ ماڭا ئىشىنىپ، خاتىرجەم بولسا، سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ بىركىشى يەنى خالىد ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى سورغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى توسىۋالدى، ھېلىقى كىشى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى؛ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ نەسلى، پۇشتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇتقا چوقۇنغان مۇشرىكلارنى تەرىك ئېتىپ قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام، ئەلۋەتتە ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرەتتىم، (ئۇ كىشىنى ناماز ئوقۇشى مۇمكىن دەپ ئۆلتۈرگىلى قويمىغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنى ئىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمىلى بىلەن جازالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقىلا ياراتماي، مۇشۇ دۇنياغا چىقاردى، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئۇلار راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆيپەتلىگەندەك چىققان،ئالىملار ئۇلار خاۋارىجلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن دېدى، يەنىلا، قىيامەتكىچە چىقىشى مۇمكىن ئىكەن) بۇخارى، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد.

**2407 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ الْقَعْقَاعِ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أَبِي نُعْمٍ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: بَعَثَ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ إِلَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مِنَ الْيَمَنِ، بِذَهَبَةٍ فِي أَدِيمٍ مَقْرُوظٍ. لَمْ تُحَصّلْ مِنْ تُرَابِهَا. قَالَ: فَقَسَمَهَا بَيْنَ أَرْبَعَةِ نَفَرٍ: بَيْنَ عُيَيْنَةَ بْنِ حِصْنٍ، وَالأَقْرَعِ بْنِ حَابِسٍ، وَزَيْدِ الْخَيْلِ، وَالرّابِعُ إِمّا عَلْقَمَةُ بْنُ عُلاَثَةَ وَأَمّا عَامِرُ بْنُ الطّفَيْلِ. فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِهِ: كُنّا نَحْنُ أَحَقّ بِهَـذَا مِنْ هَـؤُلاَءِ. قَالَ: فَبَلَغَ ذَلِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ «أَلاَ تَأْمَنُونِي؟ وَأَنَا أَمِينُ مَنْ فِي السّمَاءِ، يَأْتِينِي خَبَرُ السّمَاءِ صَبَاحاً وَمَسَاءً» قَالَ: فَقَامَ رَجُلٌ غَائِرُ الْعَيْنَيْنِ. مُشْرِفُ الْوَجْنَتَيْنِ. نَاشِزُ الْجَبْهَةِ. كَثّ اللّحْيَةِ. مَحْلُوقُ الرّأْسِ. مُشَمّرُ الإِزَارِ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ اتّقِ اللّهِ. فَقَالَ «وَيْلَكَ أَوَ لَسْتُ أَحَقّ أَهْلِ الأَرْضِ أَنْ يَتّقِيَ اللّهَ» قَالَ: ثُمّ وَلّى الرّجُلُ. فَقَالَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ يَا رَسُولَ اللّهِ أَلاَ أَضْرِبُ عُنُقَهُ؟ فَقَالَ: «لاَ. لَعَلّهُ أَنْ يَكُونَ يُصَلّي». قَالَ خَالِدٌ: وَكَمْ مِنْ مُصَلَ يَقُولُ بِلِسَانِهِ مَا لَيْسَ فِي قَلْبِهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي لَمْ أُومَرْ أَنْ أَنْقُبَ عَنْ قُلُوبِ النّاسِ. وَلاَ أَشُقّ بُطُونَهُمْ» قَالَ: ثُمّ**

نَظَرَ إِلَيْهِ وَهُوَ مُقفٍ، فقال: «إِنّهُ يَخْرُجُ مِنْ ضِئْضِىءِ هَذَا قومٌ يَتْلُونَ كِتابَ اللّهِ. رَطْباً لاَ يُجاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنَ الدّينِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ». قال: أظنّهُ قالَ: «لَئِنْ أدْرَكْتُهُمْ لأقْتُلَنّهُمْ قتْلَ ثمُودَ».

2408 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ عُمارَةَ بْنِ الْقعْقاعِ بِهَذَا الإِسْنَادِ قالَ: وَعَلْقمَةُ بْنُ عُلاَثَةَ. ولَمْ يَذْكُرْ عَامِرَ بْنَ الطّفيْلِ. وقالَ: نَاتِيءُ الْجَبْهَةِ. ولَمْ يقُلْ: نَاشِزُ. وَزَادَ: فقامَ إِلَيْهِ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألاَ أضْرِبُ عُنُقهُ؟ قالَ «لاَ». قال: ثُمّ أدْبَرَ فقامَ إِلَيْهِ خَالِدٌ، سَيْفُ اللّهِ، فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألاَ أضْرِبُ عُنُقهُ؟ قالَ «لاَ»، فقالَ «إِنّهُ سَيَخْرُجُ مِنْ ضِئْضِىءِ هَـذَا قومٌ يَتْلُونَ كِتَابَ اللّهِ لياً رَطباً». وَقال: قالَ عُمارَةُ: حَسِبْتُهُ قالَ «لَئِنْ أدْرَكْتُهُمْ لأقْتُلَنّهُمْ قتْلَ ثمُودَ».

2409 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا ابْنُ فُضَيْلٍ عَنْ عُمارَةَ بْنِ الْقعْقاعِ بِهَـذَا الإِسْنَادِ. وَقالَ: بَيْنَ أرْبَعَةِ نَفرٍ: زَيْدُ الْخَيْرِ، والأقْرَعِ بْنُ حَابِسٍ، وَعُيَيْنَةَ بْنُ حِصْنٍ، وَعَلْقمَةُ بْنُ عُلاَثَةَ أوْ عَامِرُ بْنِ الطّفيْلِ. وقال: نَاشِزُ الْجَبْهَةِ. كَرِوَايَةِ عَبْدِ الْوَاحِدِ. وَقالَ: إِنّهُ سَيَخْرُجُ مِنْ ضِئْضِىءِ هَـذَا قومٌ ولَمْ يَذْكُرْ «لَئِنْ أدْرَكْتُهُمْ لأقْتُلَنّهُمْ قتْلَ ثمُودَ».

ئەبۇ سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن رەسۇلۇللاھقا ئاشلانغان تېرە تۇلۇمنىڭ ئىچىدە خام ئالتۇن ئەۋەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەقرەئ، ئۇيەينەت، ئەلقەمەت، زەيدۇلخەيل، ياكى ئامىردىن ئىبارەت تۆت كىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى، ئاندىن ساھابىلاردىن بىرسى؛ بىز بۇنىڭغا ئاۋۇكىشىلەردىن ھەقلىقراق ئىدۇق دېدى، بۇ سۆز رەسۇلۇللاھقا يېتىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىلەر؟ مەن دېگەن ئاسماندىكى زاتنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى تۇرسام، ماڭا ئەتىگەن ـ ئاخشام ئاسمان خەۋىرى، ۋەھى كېلىپ تۇرىدىغان تۇرسا؟دېدى، ئاندىن پىسانىسى ئۆرلەڭگۈ، ئورا كۆز، ساقلى قويۇق، ئىككى مەڭزى ئۇستۇگە ئۆرلەپ چىققان، بېشى يەنى چېچى چۈشۈرتۈگلۈك پاقىر باش، ئىشتىنى تۈرۈكلۈك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! **الله** تىن قورققىن دېدى،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا ۋايدۇر، زېمىن ئەھلىدىن **الله** قا ئەڭ تەقۋالىق قىلىشقا، **الله** تىن ئەڭ بەك قورقۇشقا، مەن ئەڭ ھەقلىقراق ئەمەسما؟دېدى، ئۇكىشى ئارقىسىغا ئۆزىلىپ ماڭدى، خالىد ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى سورغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ كىشى ناماز ئوقۇشى مۇمكىن دەپ، ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قويماي توسۇۋالدى، ئاندىن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ناماز ئوقۇيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرباركى، ئۇلار قەلبىدە يوق نەرسىنى تىلىدا دەپ قويىدۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ مەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى يېرىپ كۆرۈشكە بۇيرۇلمۇدۇم دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ھېلىقى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى؛ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ نەسلى، پۇشتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ، ئۇلار **الله** نىڭ كىتابى قۇرئاننى تىللىرىنى ھۆل قىلىپ ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى سەمۇد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم،دېدى.

2410 ـ2411 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ. أخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أخْبَرَنِي أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ عَنْ أبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. ح وَحَدّثنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى وَأحْمَدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْفِهْرِيّ. قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أخْبَرَنِي أبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ وَالضّحّاكُ الْهَمْدَانِيّ أنّ أبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قالَ: بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ يَقْسِمُ قسْماً. أتَاهُ ذُو الْخُوَيْصِرَةِ. وَهُوَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ. فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ اعْدِلْ. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «وَيْلَكَ وَمَنْ يَعْدِلُ إِنْ لَمْ أعْدِلْ؟ قدْ خِبْتَ وَخَسِرْتَ إِنْ لَمْ أعْدِلْ». فقالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ رَضي اللّهِ عَنْهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِئْذَنْ لِي فيهِ أضْرِبْ عُنُقهُ. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «دَعْهُ. فإِنّ لَهُ أصْحَاباً يَحْقِرُ أحَدُكُمْ صَلاَتَهُ مَعَ صَلاَتِهِمْ. وَصِيَامَهُ مَعَ صِيَامِهِمْ. يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ. لاَ يُجَاوِزُ تَرَاقِيَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنَ الإِسْلاَمِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ. يُنْظَرُ إِلَى نَصْلِهِ فَلاَ يُوجَدُ فِيهِ شَيْءٌ. ثُمّ يُنْظَرُ إِلَى رِصَافِهِ فَلاَ يُوجَدُ فِيهِ شَيْءٌ. ثُمّ يُنْظَرُ إِلَى نَضِيّهِ فَلاَ يُوجَدُ فِيهِ شَيْءٌ (وَهُوَ الْقِدْحُ) ثُمّ يُنْظَرُ إِلَى قُذَذِهِ فَلاَ يُوجَدُ فِيهِ شَيْءٌ. سَبَقَ الْفَرْثَ وَالدّمَ. آيَتُهُمْ رَجُلٌ أسْوَدُ. إِحْدَى عَضُدَيْهِ مِثْلَ ثَدْيِ الْمَرْأةِ. أوْ مِثْلُ الْبَضْعَةِ تَدَرْدَرُ. يَخْرُجُونَ عَلَى حِينِ فُرْقَةٍ مِنَ النّاسِ». قالَ أبُو سَعِيدٍ: فَأشْهَدُ أنّي سَمِعْتُ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأشْهَدُ أنّ عَلِيّ بْنَ أبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ قاتَلَهُمْ وَأنَا مَعَهُ. فَأمَرَ بِذَلِكَ الرّجُلِ فَالْتُمِسَ. فوُجِدَ. فَأُتِيَ بِهِ. حَتّى نَظَرْتُ إِلَيْهِ، عَلَى نَعْتِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الّذِي نَعَتَ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر چاغدا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بەنىي تەمىم قەبىلىسىدىن ئىنچىكە بەل بىر كىشى كىلىپ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئادىللىق قىلىسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا ۋايدۇر، مەن ئادىللىق قىلمىسام كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟ ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمىسام، ھەقىقەتەن سەن ھەر جەھەتتىن زور زىيان تارتىسەن، ھالاك بولىسەن دېدى، ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇكىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنى قويۇۋەتكىن، بۇندىن كيىن ئاراڭلاردا بىر تۈركۈم بۇنىڭ ھەمراھلىرى بولغان قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىزى، روزىسى، ئەمەللىرىگە نىسبەتەن سىلەرنىڭ نامىزىڭلارنى، روزاڭلارنى بارلىق ئەمەل، ئىبادەتلىرىڭلارنى ھاقارەتلەپ، كىچىك، ئاز سانايدۇ، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ناماز- رۇزىسىغا نىسبەتەن،ناماز- رۇزاڭلارنى ئاز ساناتسىلەر، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن، قۇرئان تەسىرى، پايدىسى، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئوقنى ئاتقۇچى، ئوقنىڭ ئۇچىغا، تىغىغا قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئوقنىڭ ياغىچىغا ھەتتا، پەيلىرىگە قاراپمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ياچاقنىڭ ئوقيا قويىدىغان زەي تارىسىغا قاندىن بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالغاندىمۇ يا؟ دەپ شەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوق نىجاسەتلەرنى ۋە قاننى تېشىپ ئۇتۇپ كەتكەن ئىدى،(يەنى ئەنە شۇنىڭدەك ئوقىغا ھېچ نەرسە يۇقمىغاندەك ئۇ كىشىگە ئىسلامدىن ھېچ نەرسە يۇقمايدۇ). ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا تەنلىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، توم بولۇپ، خۇددى سۆڭكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىر بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ توپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، ياكى ئوينىاخشىپ تۇرىدىغان بۇلجۇڭ گۆش باردۇر، ئۇلار كىشىلەر قۇتەپەررىق بۇلۇپ كەتكەن چاغدا چىقىدۇ دېدى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ مەن بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا شۇنداقلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ،ئۇلارنى باستۇرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بىرەلەيمەن، مەن شۇ چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە بار ئىدىم، ئۇ شۇنداق بەلگىسى بار كىشىنى ئىزدەشكە بۇيرىدى، ئۇكىشى كەلتۈرۈلگەندە مەن قاراپ باقسام، ئۇكىشى راستىنلا رەسۇلۇللاھ سۈپەتلىگەندەك ئىكەن دېدى.بەيھەقى، بۇخارى 6419 _ ھەدىس، مۇسلىم 1764 _ ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 _ ھەدىس، ئەھمەد 11150 _، سەھىھ.

**2412 ـ وحدّثنى مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا ابْنُ أَبِي عَدِيَ عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم ذَكَرَ قَوْماً يَكُونُونَ فِي أُمّتِهِ. يَخْرُجُونَ فِي فُرْقَةٍ مِنَ النّاسِ. سِيمَاهُمُ التّحَالُقُ. قَالَ: «هُمْ شَرّ الْخَلْق (أَوْ مِنْ أَشَرّ الْخَلْق) يَقْتُلُهُمْ أَدْنَى الطّائِفَتَيْنِ إِلَى الْحَقّ». قَالَ: فَضَرَبَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَهُمْ مَثَلاً. أَوْ قَالَ قَوْلاً: «الرّجُلُ يَرْمِي الرّمِيّةَ (أَوْ قَالَ الْغَرَضَ) فَيَنْظُرُ فِي النّصْلِ فَلاَ يَرَى بَصِيرَةً. وَيَنْظُرُ فِي النّضِيّ فَلاَ يَرَى بَصِيرَةً. وَيَنْظُرُ فِي الْفُوق فَلاَ يَرَى بَصِيرَةً». قَالَ: قَالَ أَبُو سَعِيدٍ: وَأَنْتُمْ قَتَلْتُمُوهُمْ. يَا أَهْلَ الْعِرَاق.**

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئارىسىدا تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك يۈز بەرگەندە، ئۇممىتىم ئىچىدە تەپرىقچى، بۆلگۈنچى بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار خەلىقلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. (خەلىيقەتنىڭ يەنى ھەتتا ھايۋانلارنىڭمۇ يا مىرىدۇر)، بارلىق خالايىقلارنىڭ يامانلىرىدۇر،ئۇلارنى ئىككى تائىپىنىڭ ھەققە يېقىنراقى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان

نىشانىغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئوقنى ئاتقۇچى، ئوقنىڭ ئۇچىغا، تىغىغا قاراپ هېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئوقنىڭ ياغىچىغا ھەتتا، پەيلىرىگە قاراپمۇ هېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ياچاقنىڭ ئوقيا قويىدىغان زەي تارىسىغا قاندىن بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالغاندىمۇ يا؟ دەپ شەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوق نىجاسەتلەرنى ۋە قاننى تىشىپ ئۇتۇپ كەتكەن ئىدى.....ئى ئىراق ئەھلى!ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرۈپ بولدۇڭلار.

2413 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فرّوخَ حَدّثَنَا الْقَاسِمُ (وَهُوَ ابْنُ الْفَضْلِ الْحُدّانِيّ) حَدّثَنَا أَبُو نَضْرَةَ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قال: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: تَمْرُقُ مَارِقَةٌ عِنْدَ فُرْقَةٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ. يَقْتُلُهَا أَوْلَى الطّائِفَتَيْنِ بِالْحَقّ».

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك يۈز بەرگەندە، تەپرىقچى، بۆلگۈنچى بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنى ئىككى تائىپىنىڭ ھەققە يېقىنراقى، ئەلاراقى ئۆلتۈرىدۇ، يەنى ھەققەتچىلەر غەلىبە قىلىدۇ، بۇ ھەدىس، بۇخارىدا10 قېتىم كېلىدۇ، 7007 ـ ھەدىس، نەسەئى 4032 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4136 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10855 ـ ھەدىس، سەھىھ.

2414 ـ حدّثنا أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَكُونُ فِي أُمّتِي فِرْقَتَانِ فَيَخْرُجُ مِنْ بَيْنِهِمَا مَارِقَةٌ. يَلِي قَتْلَهُمْ أَوْلاَهُمَا بِالْحَقّ».
2415 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَىَ. حَدّثَنَا دَاوُدُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «تَمْرُقُ مَارِقَةٌ فِي فُرْقَةٍ مِنَ النّاسِ. فَيَلِي قَتْلَهُمْ أَوْلَى الطّائِفَتَيْنِ بِالْحَقّ».
2416 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ حَبِيبِ بْنِ أَبِي ثَابِتٍ، عَنِ الضّحّاكِ الْمِشْرَقِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي حَدِيثٍ ذَكَرَ فِيهِ قَوْماً يَخْرُجُونَ عَلَى فِرْقَةٍ مُخْتَلِفَةٍ. يَقْتُلُهُمْ أَقْرَبُ الطّائِفَتَيْنِ مِنَ الْحَقّ.

ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: پات يېقىندا (مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك يۈز بەرگەندە)، ئۇممۇتۇم ئىككى پىرقە بولۇپ كىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەپرىقچى، بۆلگۈنچى بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنى ئىككى تائىپىنىڭ ھەققە يېقىنراقى، ئەۋلاراقى ئۆلتۈرىدۇ.(بۇ ھەدىس مۆجىزىدۇر)

## 455 ـ *باب التحريض على قتل الخوارج* خاۋارىجلارنى ئۆلتۈرۈشكە تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

2417 ـ 2418 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ الأَشَجّ. جَمِيعاً عَنْ وَكِيعٍ. قَالَ الأَشَجّ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ خَيْثَمَةَ، عَنْ سُوَيْدِ بْنِ غَفَلَةَ قال: قَالَ عَلِيّ: إِذَا حَدّثْتُكُمْ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلأَنْ أَخِرّ مِنَ السّمَاءِ أَحَبّ إِلَيّ مِنْ أَنْ أَقُولَ عَلَيْهِ مَا لَمْ يَقُلْ. وَإِذَا حَدّثْتُكُمْ فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ فَإِنّ الْحَرْبَ خَدْعَةٌ. سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «سَيَخْرُجُ فِي آخِرِ الزّمَانِ قَوْمٌ أَحْدَاثُ الأَسْنَانِ، سُفَهَاءُ الأَحْلاَمِ، يَقُولُونَ مِنْ خَيْرِ قَوْلِ الْبَرِيّةِ. يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ لاَ يُجَاوِزُ حَنَاجِرَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنَ الدّينِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ. فَإِذَا لَقِيتُمُوهُمْ فَاقْتُلُوهُمْ. فَإِنّ فِي قَتْلِهِمْ أَجْراً، لِمَنْ قَتَلَهُمْ، عِنْدَ اللّهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».2419 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. كِلاَهُمَا عَنِ الأَعْمَشِ بِهَذَا الإِسْنَادِ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا «يَمْرُقُونَ مِنَ الدّينِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھتىن ھەدىس سۆزلەپ بەرسەم، مېنىڭ ئاسماندىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھالاك بولۇشۇم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن نەرسىنى سىلەرگە دېدى دەپ سۆزلەپ بېرىشىمدىن ماڭا سۆيۈملۈكرەكتۇر، مەن سىلەرگە سىلەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىسىدا بىرەر سۆزنى قىلغان بولسام، جەڭ دېگەن ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: پات يېقىندا ئاخىر زاماندا يېشى كىچىك، ئەقىلسىز نادان قەۋىملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار مەخلۇقلار سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يەنى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ، (پەقەت ئاغزىدىلا ياخشى سۆز قىلىپ قويىدۇ) ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ) ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك، تېز چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئالاھىدە ئەجىر، مۇكاپات باردۇر، بەيھەقى.

2420 –2421 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ أَبي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ عُلَيّةَ وَ حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُمَا) قَالاَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ عَبِيدَةَ، عَنْ عَلِيَ قَالَ: ذَكَرَ الْخَوَارِجَ فَقَالَ: فِيهِمْ رَجُلٌ مُخْدَجُ الْيَدِ، أَوْ مُودَنُ الْيَدِ، أَوْ مَثْدُونُ الْيَدِ، لَوْلاَ أَنْ تَبْطَرُوا لَحَدّثْتُكُمْ بِمَا وَعَدَ اللّهُ الّذِينَ يَقْتُلُونَهُمْ، عَلَىَ لِسَانِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم. قَالَ قُلْتُ: آنْتَ سَمِعْتَهُ مِنْ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: إِي. وَرَبّ الْكَعْبَةِ إِي. وَرَبّ الْكَعْبَةِ إِي. وَرَبّ الْكَعْبَةِ.

2422 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ. حَدّثَنَا سَلَمَةُ بْنُ كُهَيْلٍ. حَدّثَنِي زَيْدُ بْنُ وَهْبٍ الْجُهَنِيّ أَنّهُ كانَ فِي الْجَيْشِ الّذِينَ كَانُوا مَعَ عَلِيَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ. الّذِينَ سَارُوا إِلَىَ الْخَوَارِجِ. فَقَالَ عَلِيّ أَيّهَا النّاسُ إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «يَخْرُجُ قَوْمٌ مِنْ أُمّتِي يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ. لَيس قِرَاءَتُكُمْ إِلَىَ قِرَاءَتِهِمْ بِشَيْءٍ. وَلاَ صَلاَتُكُمْ إِلَىَ صَلاَتِهِمْ بِشَيْءٍ. وَلاَ صِيَامُكُمْ إِلَىَ صِيَامِهِمْ بِشَيْءٍ. يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ. يَحْسِبُونَ أَنّهُ لَهُمْ وَهُوَ عَلَيْهِمْ. لاَ تُجَاوِزُ صَلاَتُهُمْ تَرَاقِيَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنَ الإِسْلاَمِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ». لَوْ يَعْلَمُ الْجَيْشُ الّذِينَ يُصِيبُونَهُمْ، مَا قُضِيَ لَهُمْ عَلَىَ لِسَانِ نَبِيّهِمْ صلى الله عليه وسلم، لاَتّكَلُوا عَنِ الْعَمَلِ. وَآيَةُ ذَلِكَ أَنّ فِيهِمْ رَجُلاً لَهُ عَضُدٌ. وَلَيْس لَهُ ذِرَاعٌ. عَلَىَ رَأْسِ عَضُدِهِ مِثْلُ حَلَمَةِ الثّدْيِ. عَلَيْهِ شَعَرَاتٌ بِيضٌ فَتَذْهَبُونَ إِلَىَ مُعَاوِيَةَ وَأَهْلِ الشّامِ وَتَتْرُكُونَ هَـٰؤُلاَءِ يَخْلُفُونَكُمْ فِي ذَرَارِيّكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ وَاللّهِ إِنِي لأَرْجُو أَنْ يَكُونُوا هَـٰؤُلاَءِ الْقَوْمَ فَإِنّهُمْ قَدْ سَفَكُوا الدّمَ الْحَرَامَ. وَأَغَارُوا فِي سَرْحِ النّاسِ. فَسِيرُوا عَلَى اسْمِ اللّهِ.

قَالَ سَلَمَةُ بْنُ كُهَيْلٍ: فَنَزّلَنِي زَيْدُ بْنُ وَهْبٍ مَنْزِلاً. حَتّىَ قَالَ: مَرَرْنَا عَلَىَ قَنْطَرَةٍ. فَلَمّا الْتَقَيْنَا وَعَلَى الْخَوَارِجِ يَوْمَئِذٍ عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ الرّاسِبِيّ. فَقَالَ لَهُمْ: أَلْقُوا الرّمَاحَ. وَسُلّوا سُيُوفَكُمْ مِنْ جُفُونِهَا. فَإِنّي أَخَافُ أَنْ يُنَاشِدُوكُمْ كَمَا نَاشَدُوكُمْ يَوْمَ حَرُورَاءَ. فَرَجَعُوا فَوَحّشُوا بِرِمَاحِهِمْ وَسَلّوا السّيُوفَ. وَشَجَرَهُمُ النّاسُ بِرِمَاحِهِمْ. قَالَ: وَقُتِلَ بَعْضُهُمْ عَلَىَ بَعْضٍ. وَمَا أُصِيبَ مِنَ النّاسِ يَوْمَئِذٍ إِلاّ رَجُلاَنِ. فَقَالَ عَلِيّ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: الْتَمِسُوا فِيهِمُ الْمُخْدَجَ. فَالْتَمَسُوهُ فَلَمْ يَجِدُوهُ. فَقَامَ عَلِيّ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ بِنَفْسِهِ حَتّىَ أَتَىَ نَاساً قَدْ قُتِلَ بَعْضُهُمْ عَلَىَ بَعْضٍ. قَالَ: أَخّرُوهُمْ. فَوَجَدُوهُ مِمّا يَلِي الأَرْضَ. فَكَبّرَ. ثُمّ قَالَ: صَدَقَ اللّهُ. وَبَلّغَ رَسُولُهُ. قَالَ: فَقَامَ إِلَيْهِ فَقَالَ لَهُ عَبِيدَةُ السّلْمَانِيّ. فَقَالَ: يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَللّهَ الّذِي لاَ إِلَـهَ إِلاّ هُوَ لَسَمِعْتَ هَـٰذَا الْحَدِيثَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَقَالَ: إِي. وَاللّهِ الّذِي لاَ إِلَـهَ إِلاّ هُوَ حَتّىَ اسْتَحْلَفَهُ ثَلاَثاً. وَهُوَ يَحْلِفُ لَهُ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋىملەر چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، سىلەرنىڭ قىرائىتىڭلار، نامىزىڭلار، روزاڭلار ئۇلارنىڭ قىرائىتى، نامىزى، روزىسىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەس. (يەنى ئۇلار كۆپ قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلارنى ئاز سانايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بولدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ

زىيىنغا ھۆججەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ناماز، ئىبادەتلىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوشۇن، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان پەزىلەت، ئەجىرلەرنى بىلىپ قالسا، شۇ ئەجىر، پەزىلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل قىلمايتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە شۇنداق كاتتا ئەجىر بار، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، توم بولۇپ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ توپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، سەلەمەت مۇنداق دەيدۇ؛ كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، باستۇرۇپ بولۇپ، ئاشۇ بەلگىنى ئىزدەپ تېپىپ، خۇشاللىقىدىن تەكبىر تۋۋلاپ كەتتى، **الله** راست ئېيتىدۇ، **الله** نىڭ ئەلچىسى توغرا يەتكۈزىدۇ دېيىشتى، ئۇلار خاۋارىجلاردۇر، بىز خاۋارىجلارنى ئۆلتۈردۇق، كىشلەردىن پەقەت ئىككى كىشىلا مۇسىيبەتكە ئۇچرىدى، ئۇبەيد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇھەدىسنى راست ئاڭلىغانلىقىنى سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن راست ئاڭلىغانلىقىغا ئۈچ قېتىم قەسەم قىلدى. . مۇسلىم 1773 _ ھەدىس، ئەھمەد 635 ـ 668 _ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

2423 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ يُونُسُ بْنُ عَبْدِ الأَعْلَىَ. قالاَ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأَشَجّ، عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي رَافِعٍ، مَوْلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّ الْحَرُورِيّةَ لَمّا خَرَجَتْ، وَهُوَ مَعَ عَلِيّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِي اللّهِ عَنْهُ، قَالُوا: لاَ حُكْمَ إِلاّ لِلّهِ. فَقَالَ عَلِيّ: كَلِمَةُ حَقَ أُرِيدَ بِهَا بَاطِلٌ. إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَصَفَ نَاساً. إِنّي لأَعْرِفُ صِفَتَهُمْ فِي هَؤُلاَءِ. «يَقُولُونَ الْحَقّ بِأَلْسِنَتِهِمْ لاَ يَجُوزُ هَذَا، مِنْهُمْ. (وَأَشَارَ إِلَىَ حَلْقِهِ) مِنْ أَبْغَضِ خَلْقِ اللّهِ إِلَيْهِ مِنْهُمْ أَسْوَدُ. إِحْدَىَ يَدَيْهِ طُبْيُ شَاةٍ أَوْ حَلَمَةُ ثَدْيٍ». فَلَمّا قَتَلَهُمْ عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ قَالَ: انْظُرُوا. فَنَظَرُوا فَلَمْ يَجِدُوا شَيْئاً. فَقَالَ: ارْجِعُوا. فَوَاللّهِ مَا كَذَبْتُ وَلاَ كُذِبْتُ. مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً. ثُمّ وَجَدُوهُ فِي خَرِبَةٍ. فَأَتَوْا بِهِ حَتّىَ وَضَعُوهُ بَيْنَ يَدَيْهِ. قَالَ عُبَيْدُ اللّهِ: وَأَنَا حَاضِرُ ذَلِكَ مِنْ أَمْرِهِمْ. وَقَوْلِ عَلِيَ فِيهِمْ. زَادَ يُونُسُ فِي رِوَايَتِهِ: قَالَ بُكَيْرٌ: وَحَدّثَنِي رَجُلٌ عَنِ ابْنِ حُنَيْنٍ أَنّهُ قَالَ: رَأَيْتُ ذَلِكَ الأَسْوَدَ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادكەردە قۇلى ئۇبەيدىللاھ مۇنداق دەيدۇ؛ خاۋارىجلارنىڭ

ھەرۇرىييەت دېگەن تائىپىسى چىققاندا ـ مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە بار ئىدىم ـ ئۇلار؛ ھۆكۈم پەقەت بىر **الله** قىلا خاستۇر، (بەندىنى ھاكىم قىلغىلى بولمايدۇ)دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇ ھەق سۆز بىلەن باتىل مەقسەت قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۈركۈم كىشلەرنى سۈپەتلەپ بەرگەن ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئاۋۇ كىشلەردە تونۇۋاتىمەن، ئۇلار ھەق سۆزنى تىلىدا دەپ قويۇدۇيۇ، ھەق ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار **الله** نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە **الله** قا ئەڭ دۈشمەن كىشلەردۇر، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قارا تەنلىك بىركىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قولىدا قوينىڭ ئەمچىكىدەك ياكى ئەمچەك ئۇچىدىكى توپچىدەك بەلگە باردۇر، دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندا؛ ھېلىقى بەلگىسى بار كىشىگە قاراپ بېقىڭلار دېدى، ئۇلار قاراپ بېقىپ، ئالامەتتىن ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ قايتىڭلار، **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن، ماڭىمۇ ھەم يالغان سۆزلەنمەيدۇ(يەنى شۇنداق بەلگىسى بار كىشىنىڭ چىقىشىغا جەزمى قىلىمەن)دەپ، ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن ئۇلار ھېلىقى بەلگىسى بار كىشىنىڭ ئۆلۈكىنى خارابىستانلىقتىن

تېپىپ، ئۇنى ئېلىپ كىلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا قويدى، (ئاندىن ئۇلار توغرا قىلغىنىغا خۇشال بولۇشۇپ تەكبىر ئەيتىپ كەتتى) مەن شۇچاغدا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇ سۆزلەرنى قىلغان يىرىدە بار ئىدىم، بۇكەيىر مۇنداق دەيدۇ؛ ماڭا بىر كىشى؛ ئىبنى ھۇنەييىنىڭ شۇ بەلگىسى بار كىشىنى مەن كۆرگەن ئىدىم ، دېگەنلىكىنى سۆلەپ بەرگەن ئىدى.

## 456 ــ باب الخوارج شر الخلق والخليقة خاۋارىجلار بارچە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامنى دېگەن توغرىسىدا

2424 ـ حَدّثَنَا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ الْمُغِيرَةِ. حَدّثَنَا حُمَيْدُ بْنُ هِلاَلٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الصّامِتِ، عَنْ أَبِي ذَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ بَعْدِي مِنْ أُمّتِي (أَوْ سَيَكُونُ بَعْدِي مِنْ أُمّتِي) قَوْمٌ يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ. لاَ يُجَاوِزُ حَلاَقِيمَهُمْ. يَخْرُجُونَ مِنَ الدّينِ كَمَا يَخْرُجُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ. ثُمّ لاَ يَعُودُونَ فِيهِ. هُمْ شَرّ الْخَلْقِ وَالْخَلِيقَةِ».
فَقَالَ ابْنُ الصّامِتِ: فَلَقِيتُ رَافِعَ بْنَ عَمْرٍو الْغِفَارِيّ، أَخَا الْحَكَمِ الْغِفَارِيّ. قُلْتُ: مَا حَدِيثٌ سَمِعْتُهُ مِنْ أَبِي ذَرَ: كَذَا وَكَذَا؟ فَذَكَرْتُ لَهُ هَذَا الْحَدِيثَ. فَقَالَ: وَأَنَا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئەبۇ زەر، راپىئ، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇملىرىدىن، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى دىللىرىغا تەسىر قىلمايدۇ، كۆزى ياش تۆكمەيدۇ) ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ياچاقدىن نىشانغا تېز چىققاندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇلار خەلقلەرنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. خەلىيقەتنىڭ يەنى ھەتتا ھايۋانلارنىڭمۇ يامىنىدۇر، بارلىق خالايىقلارنىڭ يامانلىرىدۇر، مۇسلىم دېسكا1775 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 166 ــ ھەدىس، ئەھمەد 20551 ــ ھەدىس، دارمى 2327 ــ ھەدىس، ئالىملار بۇ تۆردىكى ھەدىسلەرنى دەلىللەپ ، ئەمەلىيەتتىكى ئالامەت بەلگىلەرگە قاراپ ، ساھابىلار، تابىئىنلار، جۇمھۇر ئالىملار، ئۇلار خاۋارىجلار شۇدۇر دىگەن، ئۇلارنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باستۇرغان، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

2425 ـ2426 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنْ يُسَيْرِ ابْنِ عَمْرٍو قَالَ: سَأَلْتُ سَهْلَ بْنَ حُنَيْفٍ: هَلْ سَمِعْتَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَذْكُرُ الْخَوَارِجَ فَقَالَ: سَمِعْتُهُ (وَأَشَارَ بِيَدِهِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ) «قَوْمٌ يَقْرَأُونَ الْقُرْآنَ بِأَلْسِنَتِهِمْ لاَ يَعْدُو تَرَاقِيَهُمْ. يَمْرُقُونَ مِنَ الدّينِ كَمَا يَمْرُقُ السّهْمُ مِنَ الرّمِيّةِ».
2427 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ. جَمِيعاً عَنْ يَزِيدَ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ عَنِ الْعَوّامِ بْنِ حَوْشَبٍ. حَدّثَنَا أَبُو إِسْحَاقَ الشّيْبَانِيّ عَنْ أُسَيْرِ بْنِ عَمْرٍو ، عَنْ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «يَتِيهُ قَوْمٌ قِبَلَ الْمَشْرِقِ مُحَلّقَةٌ رُؤُوسُهُمْ».

سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاۋارىجلارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىگەن: مەشرىق، كۈن چىقىش تەرەپتىن بىر بۆلەك قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى چۈشۈرتىگلىكتۇر، ئۇلار قۇرئاننى تىللىرىدىلا ئوقۇيدۇ، قۇرئاننىڭ پەزىلىتى، تەسىرى، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ،

ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ،

(ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، چۈنكى، مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى.

## 457 ـ باب تحريم الزكاة على رسول الله صلى الله تعالى عليه وسلم وعلى آله وهم بنو هاشم وبنو المطلب دون غيرهم

### ئۆشرە ـ زاكاتنىڭ رەسۇلۇللاھ قا ۋە ھاشىم جەمەتى، مۇتەللىب جەمەتى... قاتارلىق ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ھارام قىلىنىشى

**2428 ـ 2429 ـ 2430 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ مُحَمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ) سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: أَخَذَ الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ تَمْرَةً مِنْ تَمْرِ الصّدَقَةِ. فَجَعَلَهَا فِي فِيهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كخ كخ. ارْمِ بِها. أمَا عَلِمْتَ أنّا لاَ نَأْكُلُ الصّدَقَةَ؟».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆشرە ـ زاكات خورمىلىرىدىن بىرتال خورمىنى ئېلىپ ئاغزىغا ئاپارغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ پارسى تىلى بىلەن كايىپ تۇرۇپ، كىخ، كىخ يەنى ھاي! ئۇنى تاشلا! ھەقىقەتەن بىزنىڭ سەدىقە، زاكات يىمەيدىغىنىمىزنى سەن بىلمەمسەن؟ دىگەن. مۇسلىم 1778 ـــ ھەدىس، بۇخارى، ئەھمەد 8899 ـــ ھەدىس، بەيھەقى ، سەھىھ.

**2431 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو أَنّ أَبَا يُونُسَ مَوْلَىَ أَبِي هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنّهُ قَالَ: «إِنّي لأَنْقَلِبُ إِلَىَ أَهْلِي فَأَجِدُ التّمْرَةَ سَاقِطَةً عَلَىَ فِرَاشِي. ثُمّ أَرْفَعُهَا لآكُلَهَا. ثُمّ أَخْشَىَ أَنْ تَكُونَ صَدَقَةً. فَأُلْقِيهَا».**

**2432 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ بْنُ هَمّامٍ. حَدّثنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قَالَ: هَذَا مَا حَدّثنَا أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَاللّهِ إِنّي لأَنْقَلِبُ إِلَىَ أَهْلِي فَأَجِدُ التّمْرَةَ سَاقِطَةً عَلَىَ فِرَاشِي (أَوْ فِي بَيْتِي) فَأَرْفَعُهَا لِآكُلَهَا. ثُمّ أَخْشَىَ أَنْ تَكُونَ صَدَقَةً (أَوْ مِنَ الصّدَقَةِ) فَأُلْقِيهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: **الله** بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئەھلىمگە قايتىپ بېرىپ، كۆرپەم ئۈستىگە (ياكى ئۆيۈمگە) چۈشۈپ قالغان بىر تال خورمىنى بېپىپ، ئاندىن ئۇنى يېيىشىم ئۈچۈن ئاغزىمغا ئاپىرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ خورمىنىڭ سەدىقە، ئۆشرە ـــ زاكات بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ تاشلىۋېتىمەن، ئەھمەد، ( چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زاكات ھالال ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك زاكات ھالال بولمىغان بايلار قورقۇپ تاشلىۋەتسۇن، پېقىرغا بەرسۇن)

**2433 ـ حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ طَلْحَةَ بْنِ مُصَرّفٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَجَدَ تَمْرَةً. فَقَالَ: «لَوْلاَ أَنْ تَكُونَ مِنَ الصّدَقَةِ لأَكَلْتُهَا».**

**2434 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ طَلْحَةَ بْنِ مُصَرّفٍ حَدّثنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَرّ بِتَمْرَةٍ بِالطّرِيقِ فَقَالَ: «لَوْلاَ أَنْ تَكُونَ مِنَ الصّدَقَةِ لأَكَلْتُهَا».**

**2435 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَجَدَ تَمْرَةً فَقَالَ «لَوْلاَ أَنْ تَكُونَ صَدَقَةً لأَكَلْتُهَا».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا تۇرغان بىرتال خورمىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۇ خورمىنىڭ ئۆشرە ـــ زاكات خورمىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسەم،

ئەلۋەتتە ئۇنى ئېلىپ يېگەن بولاتتىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زاكات ھالال ئەمەس) ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 458 ـــــ باب ترك استعمال آل النبي على الصدقة

## رەسۇلۇللاھ نىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى زاكات خادىمى قىلماسلىق توغرىسىدا

2436 ـ حدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ مُحمّدِ بْنِ أسْمَاءَ الضّبَعِيّ. حَدّثَنَا جُوَيْرِيَةُ عَنْ مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نَوْفَلِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ حَدّثَهُ أنّ عَبْدَ الْمُطّلِبِ بْنَ رَبِيعَةَ بْنِ الْحَارِثِ حَدّثَهُ قالَ: اجْتَمَعَ رَبِيعَةُ بْنُ الْحَارِثِ وَالْعَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطّلِبِ. فَقَالاَ: وَاللّهِ لَوْ بَعَثْنَا هَذَيْنِ الْغُلاَمَيْنِ (قَالاَ لِي وَلِلْفَضْلِ بْنِ عَبّاسٍ) إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَكَلّمَاهُ، فَأمّرَهُمَا عَلَى هَذِهِ الصّدَقَاتِ، فَأدّيَا مَا يُؤَدّي النّاسُ، وَأصَابَا مِمّا يُصِيبُ النّاسُ قالَ: فَبَيْنَمَا هُمَا فِي ذَلِكَ جَاءَ عَلِيّ بْنُ أبِي طَالِبٍ. فَوَقَفَ عَلَيْهِمَا. فَذَكَرَا لَهُ ذَلِكَ. فَقَالَ عَلِيّ بْنُ أبِي طَالِبٍ: لاَ تَفْعَلاَ. فَوَاللّهِ مَا هُوَ بِفَاعِلٍ. فَانْتَحَاهُ رَبِيعَةُ بْنُ الْحَارِثِ فَقَالَ: وَاللّهِ مَا تَصْنَعُ هَذَا إلاّ نَفَاسَةً مِنْكَ عَلَيْنَا. فَوَاللّهِ لَقَدْ نِلْتَ صِهْرَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَمَا نَفِسْنَاهُ عَلَيْكَ. قَالَ عَلِيّ: أرْسِلُوهُمَا. فَانْطَلَقَا. وَاضْطَجَعَ عَلِيّ. قالَ: فَلَمّا صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الظّهْرَ سَبَقْنَاهُ إِلَى الْحُجْرَةِ. فَقُمْنَا عِنْدَهَا. حَتّى جَاءَ فَأخَذَ بِآذَانِنَا. ثُمّ قَالَ «أخْرِجَا مَا تُصَرّرَانِ» ثُمّ دَخَلَ وَدَخَلْنَا عَلَيْهِ. وَهُوَ يَوْمَئِذٍ عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ. قَالَ: فَتَوَاكَلْنَا الْكَلاَمَ. ثُمّ تَكَلّمَ أحَدُنَا فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أنْتَ أبَرّ النّاسِ وَأوْصَلُ النّاسِ. وَقَدْ بَلَغْنَا النّكَاحَ. فَجِئْنَا لِتُؤَمّرَنَا عَلَى بَعْضِ هَذِهِ الصّدَقَاتِ. فَنُؤَدّي إِلَيْكَ كَمَا يُؤَدّي النّاسُ. وَنُصِيبَ كَمَا يُصِيبُونَ. قالَ: فَسَكَتَ طَوِيلاً حَتّى أرَدْنَا أنْ نُكَلّمَهُ. قالَ: وَجَعَلَتْ زَيْنَبُ تُلْمِعُ عَلَيْنَا مِنْ وَرَاءِ الْحِجَابِ أنْ لاَ تُكَلّمَاهُ. قالَ: ثُمّ قالَ: «إنّ الصّدَقَةَ لاَ تَنْبَغِي لآلِ مُحَمّدٍ. إنّما هِيَ أوْسَاخُ النّاسِ. ادْعُوَا لِي مَحْمِيَةَ (وَكَانَ عَلَى الْخُمُسِ) وَنَوْفَلَ بْنَ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ». قالَ: فَجَاءَاهُ. فَقَالَ لِمَحْمِيَةَ: «أنْكِحْ هَذَا الْغُلاَمَ ابْنَتَكَ» (لِلْفَضْلِ بْنِ عَبّاسٍ) فَأنْكَحَهُ. وَقَالَ لِنَوْفَلِ بْنِ الْحَارِثِ: «أنْكِحْ هَذَا الْغُلاَمَ ابْنَتَكَ» (لِي) فَأنْكَحَنِي. وَقَالَ لِمَحْمِيَةَ: «أصْدِقْ عَنْهُمَا مِنَ الْخُمُسِ كَذَا وَكَذَا». قَالَ الزّهْرِيّ: وَلَمْ يُسَمّهِ لِي.

2437 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ نَوْفَلٍ الْهَاشِمِيّ أنّ عَبْدَ الْمُطّلِبِ بْنَ رَبِيعَةَ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ أخْبَرَهُ أنّ أبَاهُ رَبِيعَةَ بْنَ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطّلِبِ وَ الْعَبّاسَ بْنَ عَبْدِ الْمُطّلِبِ، قَالاَ لِعَبْدِ الْمُطّلِبِ بْنِ رَبِيعَةَ وَ لِلْفَضْلِ بْنِ عَبّاسٍ: ائْتِيَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ مَالِكٍ. وَقَالَ فِيهِ: فَألْقَى عَلِيّ رِدَاءَهُ ثُمّ اضْطَجَعَ عَلَيْهِ. وَقَالَ: أنَا أبُو حَسَنٍ الْقَرْمُ. وَاللّهِ لاَ أرِيمُ مَكَانِي حَتّى يَرْجِعَ إِلَيْكُمَا أبْنَاؤُكُمَا، بِحَوْرِ مَا بَعَثْتُمَا بِهِ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: ثُمّ قَالَ لَنَا «إنّ هَذِهِ الصّدَقَاتِ إنّمَا هِيَ أوْسَاخُ النّاسِ. وَإِنّهَا لاَ تَحِلّ لِمُحَمّدٍ وَلاَ لآلِ مُحَمّدٍ» وَقَالَ أيْضاً: ثُمّ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «ادْعُوَا لِي مَحْمِيَةَ بْنَ جَزْءٍ» وَهُوَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي أسَدٍ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اسْتَعْمَلَهُ عَلَى الأخْمَاسِ.

ئابدۇلمۇتتەللىپ ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دادام رەبىئە بىلەن ئاbbas بىر يەرگە كېلىپ؛ ئەگەر بىز بۇ ئىككى بالىنى (يەنى مەن بىلەن پەزلىنى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن بولساق، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلىپ باقسا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئۆشرە ـ زاكات يىغىشقا باش قىلىپ قويسا، ئۇلار كىشىلەر ئادا قىلغاننى ئادا قىلىپ، كىشىلەر ئېرىشكەن مائاشقا ئېرىشكەن بولسا، (بەك ياخشى بولاتتى)دەپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ توختىدى، ئۇلار بۇ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دېدى، ئاندىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ ئۇنداق قىلماڭلار، **الله** بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇ**الله** ئۇنداق قىلمايدۇ،دېدى، ئاندىن رەبىيئە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ،ئاچچىقلاپ: **الله** بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە ھەسەد قىلىپ، قىزغىنىپ، شۇنداق قىلىۋاتىسەن، سەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىزىنى نىكاھىڭغا ئېلىپ، سىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن قۇدىلاشقان بولساڭلارمۇ، بىز سىلەرگە ھەسەد قىلمىدۇققۇ،دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنداق بولسا، ئەۋەتىڭلار دەپ قويۇپ، ئۆز ئورنىدا يېتىپ قالدى، ئۇلار يۈرۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ پېشىننى ئوقۇپ بولغاندا، بىز بۇرۇنراق بېرىپ، ھۇجرىدا تۇرۇپ تۇردۇق، رەسۇلۇللاھ كېلىپ، بىز ئىككىمىزنىڭ قۇلاقلىرىمىزدىن تۇتۇپ؛ ھە!قەلبىڭلاردا يۇشۇرگەن سۆزلىرىڭلارنى بىر بىرلەپ چىقىرىڭلار

دەپ، ھوجۇرغا كىردى، بىزمۇ ئارقىدىن كىردۇق، شۇ كۈنلەردە رەسۇلۇللاھ زەينەپنىڭ ئۆيىدە ئىدى، بىز كىرىپ، بىر بىرىمىزگە سۆزلەشنى ئۇنتۇنۇشتۇق، ئاندىن بىرىمىز سۆز قىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلى كىشىلەرنىڭ ئەڭ بەك ياخشىلىق قىلغاقىرى، ۋە ئەڭ سىلە ـ رەھىم قىلغاقىرى، بىز نىكاھلىنىدىغان،توي قىلىدىغان ياشقا يېتىپ قالدۇق، بىزنى ئۆشرە ـ زاكات يىغىشقا باش قىلىپ قويغان بولسىلا، بىز كىشىلەر ئادا قىلغاننى ئادا قىلىپ، كىشىلەر ئېرىشكەن مائاشقا ئېرىشكەن بولساق، (بەك ياخشى بولاتتى)دېدۇق، رەسۇلۇللاھ بەك ئۇزۇن جىم تۇرۇپ كەتتى، بىز يەنە سۆز قىلىشقا تەمشىلىۋىدۇق، زەينەپ بىزگە پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلماڭلار دەپ، ئىشارەت قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق د ېدى: «شەك ــ شۈبھىسىز سەدىقە، ئۆشرە ـ زاكات دېگەن، كىشىلەرنىڭ توگر ا كىرلىرىدۇر، ھەقىقەتەن ئۆشرە ـ زاكات مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە لايىق ئەمەس، ھالال ئەمەس» سىلەر ماڭا مەھمىيە بىلەن نەۋپەلنى چاقىرىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇلار كېلىشىدى، مەھمىيەگە؛ سەن قىزىڭنى ماۋۇ غۇلامغا (يەنى پەزلىگە) نىكاھلاپ قويغىن، نەۋپەلگە؛ سەن قىزىڭنى ئاۋۇ غۇلامغا (يەنى مىنى دېمەكچى)نىكاھلاپ قويغىن دېدى، ئۇلار قىزلىرىنى بىزگە نىكاھلاپ بەردى، ئاندىن غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىگە مەسئۇل مەھمىيەگە؛ سەن بىرىپ، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى بولغان مالدىن بۇ ئىككىسىگە مۇنچىلىك ئېلىپ بەرگىن دېدى.(يەنى خۇلاسە؛ بىز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى زاكات خادىمى قىلمىدى)ئەھمەدتىمۇ بار.

## 459 ـ باب إباحة الهدية للنبيّ صلى الله عليه وسلم ولبني هاشم وبني المطلب، وإن كان المهدي ملكها بطريق الصدقة.

## وبيان أن الصدقة إذا قبضها المتصدق عليه، زال عنها وصف الصدقة، وحلت لكل أحد ممن كانت الصدقة محرمة عليه

**گەرچە ئىمام مەھدىي ھەدىيگە سەدىقە يولى بىلەن ئىگە بولىدىغان بولسىمۇ، رەسۇلۇاللە قا ۋە ھاشىم جەمەتى، مۇتەللىب جەمەتى... قاتارلىق ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ھەدىينىڭ دۇرۇس بۇلىشى، زاكاتنى زاكات بېرىلگەن كىشى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆشرە ـ زاكات دېگەن سۈپىتىنىڭ يوقىلىشى، ئاندىن ئۇنىڭ زاكات ھارام بولغان كىشىگىمۇ ھەدىي يولى بىلەن ھالال بۇلىشى توغرىسىدا**

**2438 ـ2439 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ عُبَيْدَ بْنَ السّبّاقِ قَالَ: إنّ جُوَيْرِيَةَ، زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أَخْبَرَتْهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ عَلَيْهَا فَقَالَ: «هَلْ مِنْ طَعَامٍ؟» قَالَتْ: لاَ وَاللّهِ يَا رَسُولَ اللّهِ مَا عِنْدَنَا طَعَامٌ إلاّ عَظْمٌ مِنْ شَاةٍ أُعْطِيَتْهُ مَوْلاَتِي مِنَ الصّدَقَةِ. فَقَالَ: «قَرّبِيهِ. فَقَدْ بَلَغَتْ مَحِلّهَا».**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى جۇۋەيرىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كېلىپ؛ يەيدىغان تائام بارمۇ؟ دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئايال؛ ھېچنەرسە يوق، پەقەت مېنىڭ ئازات قىلغان قۇلۇمغا زاكات سەدىقىسىدىن بېرىلگەن ئازىراق سۆڭەك گۆش بار دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇنى ئەكىلىڭ، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆز ئورنىغا يېتىپتۇ،جايىغابىرىپتىم تېگىپ بولۇپتۇ (يەنى ئۇ ئۇنىڭغا سەدىقە بولسا، سىز ـ بىزگە ھەدىي دېگەن).

**2440 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. كِلاَهُمَا عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنَسٍ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ قَالَ: أَهْدَتْ بَرِيرَةُ إلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم لَحْماً تُصُدّقَ بِهِ عَلَيْهَا. فَقَالَ: «هُوَ لَهَا صَدَقَةٌ. وَلَنَا هَدِيّةٌ».**

**2441 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أبي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ إبْرَاهِيمَ، عَنْ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ: وَأُتِيَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِلَحْمِ بَقَرٍ. فَقِيلَ: هَذَا مَا تُصُدّقَ بِهِ عَلَى بَرِيرَةَ. فَقَالَ: «هُوَ لَهَا صَدَقَةٌ وَلَنَا هَدِيّةٌ».**
**2442 ـ2443 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا قالَتْ: كَانَتْ فِي بَرِيرَةَ ثَلاَثُ قَضِيّاتٍ. كَانَ النّاسُ يَتَصَدّقُونَ عَلَيْهَا، وَتُهْدَى لَنَا. فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنّبيّ صلى الله عليه وسلم فقالَ «هُوَ عَلَيْهَا صَدَقَةٌ وَلَكُمْ هَدِيّةٌ. فَكُلُوهُ».**
**2444 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ عَنْ رَبِيعَةَ، عَنِ الْقَاسِمِ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِ ذَلِكَ. غَيْرَ أَنّهُ قالَ «وَهُوَ لَنَا مِنْهَا هَدِيّةٌ».**

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بەرىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھاتوغرىسىدا ئۈچ سۈننەت قانۇن يولغا قويۇلغان؛

1 ـ ئۇ ئازات قىلىنغاندا، ئېرى بىلەن بىللە ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكتە ئۇنىڭغا ئىختىيارلىق بېرىلگەن.

2 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ۋەلىيلىك،ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئازات قىلغان كىشىگە خاستۇر دېگەن.

3 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرگەندە قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھقا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛قازاندا گۆش قايىنىغىنىنى كۆرمىدىممۇ؟دېدى. ئۇلار؛ شۇنداق قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ، لىكىن ئۇ بەرىرىگە زاكاتتىن سەدىقە قىلىنغان گۆشتۇر، سىلى زاكات يېمەيلا، شۇڭا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۈرۈلدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ بەرىرىگە سەدىقە بولىدۇ، بىزگە بولسا بەرىرىدىن ھەدىي قىلىنغان بولىدۇ،دېدى. (راست، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، بەرىرمۇ ئۆزىگە قىلىنغان گۆشنى ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەرگەن). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد.

**2445 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ خَالِدٍ، عَنْ حَفْصَةَ، عَنْ أُمّ عَطِيّةَ قالَتْ: بَعَثَ إلَيّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِشَاةٍ مِنَ الصّدَقَةِ. فَبَعَثْتُ إلَى عَائِشَةَ مِنْهَا بِشَيْءٍ. فَلَمّا جَاءَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلَى عَائِشَةَ قالَ: «هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ؟» قالَتْ: لاَ. إلاّ أَنّ نُسَيْبَةَ بَعَثَتْ إلَيْنا مِنَ الشّاةِ الّتِي بَعَثْتُمْ بِهَا إلَيْهَا. قالَ: «إنّهَا قَدْ بَلَغَتْ مَحِلّهَا»**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاشۇرا كۈنى بولسا، جاھالىيەت ئەھلى روزا تۇتاتتى، سىلەردىن كىم بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرسە، بۇ كۈندە روزا تۇتسۇن، كىم، بۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرمىسە، تۇتمىسۇن، (يەنى ئۆز ئىختىيارى) ئىبنى ماجە

**2600 ـ حدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الْوَلِيدِ (يَعْنِي ابْنَ كَثِيرٍ) حَدّثَنِي نَافِعٌ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا حَدّثَهُ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ فِي يَوْمِ عَاشُورَاءَ «إِنّ هَـٰذَا يَوْمٌ كَانَ يَصُومُهُ أَهْلُ الْجَاهِلِيّةِ. فَمَنْ أَحَبّ أَنْ يَصُومَهُ فَلْيَصُمْهُ. وَمَنْ أَحَبّ أَنْ يَتْرُكَهُ فَلْيَتْرُكْهُ». وَكَانَ عَبْدُ اللّهِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ لاَ يَصُومُهُ، إِلاّ أَنْ يُوَافِقَ صِيَامَهُ.**

**2601 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ أَحْمَدَ بْنِ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. حَدّثَنَا أَبُو مَالِكٍ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ الأَخْنَسِ. أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: ذُكِرَ عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم صَوْمُ يَوْمِ عَاشُورَاءَ. فَذَكَرَ مِثْلَ حَدِيثِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ، سَوَاءً.**

**2602 ـ وحدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عُثْمَانَ النّوْفَلِيّ. حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ. حَدّثَنَا عُمَرُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ زَيْدٍ الْعَسْقَلاَنِيّ. حَدّثَنَا سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: ذُكِرَ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمُ عَاشُورَاءَ. فَقَالَ: «ذَاكَ يَوْمٌ كَانَ يَصُومُهُ أَهْلُ الْجَاهِلِيّةِ. فَمَنْ شَاءَ صَامَهُ، وَمَنْ شَاءَ تَرَكَهُ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ كۈندە يەنى ئاشۇرا كۈنىدە جاھالىيەت ئەھلى، روزا تۇتاتتى، ئەمدى بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرگەن كىشى روزا تۇتسۇن، روزا تۇتماسلىقنى ياخشى كۆرسە تۇتمىسىمۇ بولىدۇ.

**2603 ـ2604 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قَالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عُمَارَةَ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ: دَخَلَ الأَشْعَثُ بْنُ قَيْسٍ عَلَى عَبْدِ اللّهِ. وَهُوَ يَتَغَدّىٰ. فَقَالَ: يَا أَبَا مُحَمّدٍ ادْنُ إِلَى الْغَدَاءِ. فَقَالَ: أَوَ لَيْسَ الْيَوْمُ يَوْمَ عَاشُورَاءَ؟ قَالَ: وَهَلْ تَدْرِي مَا يَوْمُ عَاشُورَاءَ؟ قَالَ: وَمَا هُوَ؟ قَالَ: إِنّمَا هُوَ يَوْمٌ كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصُومُهُ قَبْلَ أَنْ يَنْزِلَ شَهْرُ رَمَضَانَ. فَلَمّا نَزَلَ شَهْرُ رَمَضَانَ تُرِكَ. وَقَالَ أَبُو كُرَيْبٍ: تَرَكَهُ.**

**2605 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الْقَطّانُ عَنْ سُفْيَانَ. ح وحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. حَدّثَنِي زُبَيْدٌ الْيَامِيّ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ سَكَنٍ أَنّ الأَشْعَثَ بْنَ قَيْسٍ دَخَلَ عَلَىٰ عَبْدِ اللّهِ، يَوْمُ عَاشُورَاءَ. وَهُوَ يَأْكُلُ. فَقَالَ: يَا أَبَا مُحَمّدٍ ادْنُ فَكُلْ. قَالَ: إِنّي صَائِمٌ. قَالَ: كُنّا نَصُومُهُ، ثُمّ تُرِكَ.**

**2606 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا إِسْحَـٰقُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا إِسْرَائِيلُ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ: دَخَلَ الأَشْعَثُ بْنُ قَيْسٍ عَلَى ابْنِ مَسْعُودٍ. وَهُوَ يَأْكُلُ، يَوْمَ عَاشُورَاءَ. فَقَالَ: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ إِنّ الْيَوْمَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ. فَقَالَ: قَدْ كَانَ يُصَامُ قَبْلَ أَنْ يَنْزِلَ رَمَضَانُ. فَلَمّا نَزَلَ رَمَضَانُ، تُرِكَ. فَإِنْ كُنْتَ مُفْطِراً فَاطْعَمْ.**

ئابدۇررەھمان مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى قەيس ، ئابدۇﷲ نىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇ غىزالىنىۋاتقان ئىكەن، ئاندىن ئۇ؛ ئى ئەبۇمۇھەممەد!غىزاغا يېقىن كەل دەپتۇ، ئىبنى قەيس؛ بۈگۈن ئاشۇرا كۈنى ئەمەسمۇ؟دەپ سورسا، ئۇ؛ ئاشۇرا كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ رامىزان رۇزىسى پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتاتتى، بىزمۇ تۇتاتتۇق، كېيىن رامىزان پەرز قىلىنغاندا، بۇكۈندە روزا تۇتۇش تەرك ئېتىلدى، روزا تۇتمىغان بولساڭ، كىلىپ تاماق يېگىن، دېدى.

2607 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ. أَخْبَرَنَا شَيْبَان عَنْ أَشْعَثَ بْنِ أَبِي الشّعْثَاءِ، عَنْ جَعْفَرِ بْنِ أَبِي ثَوْرٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَأْمُرُنَا بِصِيَامِ يَوْمِ عَاشُورَاءَ. وَيَحُثّنَا عَلَيْهِ. وَيَتَعَاهَدُنَا عِنْدَهُ. فَلَمّا فُرِضَ رَمَضَانُ، لَمْ يَأْمُرْنَا، وَلَمْ يَنْهَنَا، وَلَمْ يَتَعَاهَدْنَا عِنْدَهُ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىيتتى، بىزنى ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىپ قىززىقتۇراتتى، ئۇكۈنى روزا تۇتۇشقا تەكىتلەپ نەسھەت قىلاتتى، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى پەرز قىلىنغاندا ، بىزنى ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىمىدى،بەكمۇ تەكىتلەپ چىڭ تۇرمىدى، ھەم توسمىدى.

2608 ـ2609 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهُ سَمِعَ مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ، خَطِيباً بِالْمَدِينَةِ (يَعْنِي فِي قَدْمَةٍ قَدِمَهَا) خَطَبَهُمْ يَوْمَ عَاشُورَاءَ فَقَالَ: أَيْنَ عُلَمَاؤُكُمْ؟ يَا أَهْلَ الْمَدِينَةِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ (لِهَذَا الْيَوْمِ) «هَذَا يَوْمُ عَاشُورَاءَ. وَلَمْ يَكْتُبِ اللّهُ عَلَيْكُمْ صِيَامَهُ. وَأَنَا صَائِمٌ. فَمَنْ أَحَبّ مِنْكُمْ أَنْ يَصُومَ فَلْيَصُمْ. وَمَنْ أَحَبّ أَنْ يُفْطِرَ فَلْيُفْطِرْ».
2610 ـ وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ بِهَـذَا الأَسْنَادِ. سَمِعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: فِي مِثْلِ هَـذَا الْيَوْمِ «إِنّي صَائِمٌ. فَمَنْ شَاءَ أَنْ يَصُومَ فَلْيَصُمْ» وَلَمْ يَذْكُرْ بَاقِي حَدِيثِ مَالِكٍ وَيُونُسَ.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئاشۇرا كۈنى خۇتبە ئوقۇپ؛ ئى ئەھلى مەدىينە! ئۇلىمالىرىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مانا بۇ ئاشۇرا كۈنى بولۇپ، ئالالاھتائالا سىلەرگە ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى پەرىز قىلمىدى، لېكىن، مەن بۇ كۈندە روزا تۇتىمەن، خالىغان كىشى روزا تۇتسۇن، خالىغان كىشى بۇ كۈندە نەپلە روزىسنى تۇتمىسىمۇ بولىدۇ،دېدى. بەيھەقى .ھازىر مۇھەررەمنىڭ 9 ــ كۈنى ئاشۇرادۇر.

2611 ـ 2612 ـ حدّثنا يَحْيَىَ بْنُ يَحْيَىَ. أ َخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ أَبِي بِشْرٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ. فَوَجَدَ الْيَهُودَ يَصُومُونَ يَوْمَ عَاشُورَاءَ. فَسُئِلُوا عَنْ ذَلِكَ؟ فَقَالُوا: هَذَا الْيَوْمُ الّذِي أَظْهَرَ اللّهُ فِيهِ مُوسَىَ وَبَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَىَ فِرْعَوْنَ. فَنَحْنُ نَصُومُهُ تَعْظِيماً لَهُ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «نَحْنُ أَحَقّ بِمُوسَىَ مِنْكُمْ». فَأَمَرَ بِصَوْمِهِ.
2613 ـ2614 ـ وحدّثني ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدِمَ الْمَدِينَةَ. فَوَجَدَ الْيَهُودَ صِيَاماً، يَوْمَ عَاشُورَاءَ. فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَا هَـذَا الْيَوْمُ الّذِي تَصُومُونَهُ؟» فَقَالُوا: هَذَا يَوْمٌ عَظِيمٌ. أَنْجَى اللّهُ فِيهِ مُوسَىَ وَقَوْمَهُ. وَغَرّقَ فِرْعَوْنَ وَقَوْمَهُ. فَصَامَهُ مُوسَىَ شُكْراً. فَنَحْنُ نَصُومُهُ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَنَحْنُ أَحَقّ وَأَوْلَى بِمُوسَىَ مِنْكُمْ» فَصَامَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأَمَرَ بِصِيَامِهِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىينىگە كىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقىنىنى كۆرۈپ ئۇلارغا: سىلەر روزا تۇتقان بۇكۈن قانداق كۈن بۇلىدۇ؟ دىدى. ئۇلار: بۇ بەكمۇ ئۇلۇغ كۈندۇر، چۈنكى بۇ كۈندە، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى قۇتقۇزۇپ، فىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى سۇغا غەرىق قىلغاندۇر، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن بۇكۈندە روزا تۇتقان، بىزمۇ روزا تۇتىمىز،دىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىز سىلەرگە قارىغاندا، مۇساغا

ھەقلىقراق، لايىقراق ھەم يېقىنراق تۇرمىز دەپ، ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقان، شۇنداقلا رۇزا تۇتۇشقا بۇيرىغان. (رامىزان رۇزىسى پەرز قىلىنغاندىن كېيىن بۇ كۈندىكى روزا ئىختىيار قىلىنغان، كېيىنچە بۇ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئەمەس، بەلكى توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتتۇلغان، سەۋەبى، يەھۇدىيلارغا خىلاپ ئىش قىلىشتۇر) .ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2615 – وحدّثنا أبُو بَكْر وحدّثنَا ابْنُ أبي شَيْبَةَ وَ ابْنُ نُمَيْر. قالاَ: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ أبي عُمَيْسٍ، عَنْ قَيْسِ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طارق بْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي مُوسَى رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: كَانَ يَوْمُ عَاشُورَاءَ يَوْماً تُعَظِّمُهُ الْيَهُودُ، وَتَتَّخِذُهُ عِيداً. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «صُومُوهُ أَنْتُمْ».**

**2616 ـ وحدّثناه أحْمَدُ بْنُ الْمُنْذِر. حَدّثنَا حَمّادُ بْنُ أسَامَةَ. حَدّثنَا أبُو الْعُمَيْس. أخْبَرَنِي قَيْسٌ. فَذكَرَ بِهَذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَزَادَ: قَالَ أبُو أسَامَةَ: فَحَدّثَنِي صَدَقَةُ بْنُ أبي عِمْرَانَ عَنْ قَيْس بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طارق بْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي مُوسَى رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ. قالَ: كَانَ أَهْلُ خَيْبَرَ يَصُومُونَ يَوْمَ عَاشُورَاءَ. يَتّخِذُونَهُ عِيداً. وَيُلْبِسُونَ نِسَاءَهُمْ فِيهِ حُلِيّهُمْ وَشَارَتَهُمْ. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَصُومُوهُ أَنْتُمْ».**

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ يەھۇدىيلەر يەنەبىرخاتىردە؛ خەيبەر ئەھلى ئاشۇرا كۈننى ئۇلۇغلاپ، رۇزا تۇتۇپ، ئۇكۈننى ھېيت قىلىشۋالاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛بۇكۈندە سىلەرمۇ رۇزا تۇتۇڭلار دېدى.

**2617 ـ2618 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. جَمِيعاً عَنْ سُفْيَانَ. قالَ أبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أبي يَزِيدَ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا. وَسُئِلَ عَنْ صِيَامِ يَوْمِ عَاشُورَاءَ. فَقَالَ: مَا عَلِمْتُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم صَامَ يَوْماً، يَطْلُبُ فَضْلَهُ عَلَى الأيّامِ، إلاّ هَذَا الْيَوْمَ. وَلاَ شَهْراً إلاّ هَذَا الشّهْرَ. يَعْنِي رَمَضَانَ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاشۇرا كۈنى توغرۇلۇق سورالغاندا،ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرەر كۈننىڭ رۇزىسىنى باشقا كۈنلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك بىلىپ، قاتتىق تەلەپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم، پەقەت مۇشۇ ئاشۇرا كۈنى بىلەن رامىزان ئېيىنىلا (يەنى بۇ كۈنلەرنىڭ رۇزىسىنىلا) باشقا كۈنلەردىن پەزىلەتلىك بىلىپ ئارتۇق كۆرەتتى. بۇخارى،مۇسلىم.(ئاشۇرا كۈن ؛ مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى،كېيىنچە 9 ـ كۈنى ئىدى)

## 482 ـ *باب أيّ يوم يصام في عاشوراء* قايسى كۈننى ئاشۇرا كۈن دەپ رۇزا تۇتىلىدۇ؟

**2619 ـ وَحَدّثنَا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا وَكِيعُ بْنُ الْجَرّاحِ عَنْ حَاجِبِ بْنِ عُمَرَ، عَنِ الْحَكَمِ بْنِ الأعْرَجِ قالَ: انْتَهَيْتُ إلَى ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا. وَهُوَ مُتَوَسّدٌ رِدَاءَهُ فِي زَمْزَمَ. فَقُلْتُ لَهُ: أَخْبِرْنِي عَنْ صَوْمِ عَاشُورَاءَ. فَقالَ: إذَا رَأَيْتَ هِلاَلَ الْمُحَرّمِ فَاعْدُدْ. وَأَصْبِحْ يَوْمَ التّاسِعِ صَائِماً. قُلْتُ: هَكَذَا كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَصُومُهُ؟ قَالَ: نَعَمْ.**

**2620 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ الْقَطّانُ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ عَمْرٍو. حَدّثَنِي الْحَكَمُ ابْنُ الأعْرَجِ قالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا، وَهُوَ مُتَوَسّدٌ رِدَاءَهُ عِنْدَ زَمْزَمَ. عَنْ صَوْمِ عَاشُورَاءَ. بِمِثْلِ حَدِيثِ حَاجِبِ بْنِ عُمَرَ.**

ھەكەم مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇ زەمزەم قۇدۇقى يېنىدا رىداسىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا؛ ماڭا ئاشۇرا كۈنىنىڭ رۇزىسى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگىن دېسەم، ئۇماڭا؛ سەن مۇھەررەمنىڭ (يەنى ھىجرىيە ھەج ئېيىدىن كېيىنكى بىرىنچى ئاينىڭ)يېڭى ئېيىنى كۆرگەندە، ساناپ تۇرۇپ، توققۇزىنچى كۈنى رۇزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزغىن، دېدى، مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەنە شۇنىڭدەك مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئاشۇرا دەپ رۇزا تۇتامتى؟دەپ سورسام، ئۇ ؛ ھەئە ، دېدى.

2621 ـ وحدّثنا الْحَسَنُ بْنُ عَلِيَ الْحُلْوَانيّ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَم. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ. حَدّثَنِي إِسْمَاعِيلُ بْنُ أُمَيّةَ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا غَطَفَانَ بْنَ طَرِيفٍ الْمُرّيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا يَقُولُ: حِينَ صَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَوْمَ عَاشُورَاءَ وَأَمَرَ بِصِيَامِهِ، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ: إِنّهُ يَوْمٌ تُعَظّمُهُ الْيَهُودُ وَالنّصَارَى. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَإِذَا كَانَ الْعَامُ الْمُقْبِلُ، إِنْ شَاءَ اللّهُ، صُمْنَا الْيَوْمَ التّاسِعَ». قَالَ: فَلَمْ يَأْتِ الْعَامُ الْمُقْبِلُ، حَتّى تُوُفّيَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى ئۆزىمۇ روزا تۇتۇپ، باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان چاغدا، ئۇلار: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئاشۇرا كۈننى يەھۇدىي ـ ناسارالارمۇ ئۇلۇغلايدىكەن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر الله خالىسا، كېلەر يىلغىچە ھايات قېلىپ قالسام، ئەلۋەتتە توققۇزۇنچى كۈنى روزا تۇتىمەن، دېدى.(يەنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈننى، ئاشۇرا كۈنى قىلىپ روزا تۇتىمەن،دېدى.). مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2622 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. و أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنِ ابْنِ أَبِي ذِئْبٍ، عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ عَبّاسٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَيْرٍ (لَعَلّهُ قَالَ: عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا) قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: لَئِنْ بَقِيتُ إِلَى قَابِلٍ لأَصُومَنّ التّاسِعَ». وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ: قَالَ: يَعْنِي يَوْمَ عَاشُورَاءَ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر كېلەر يىلغىچە ھايات قېلىپ قالسام، ئەلۋەتتە توققۇزۇنچى كۈنى روزا تۇتىمەن، دېدى.(يەنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈننى، ئاشۇرا كۈنى قىلىپ روزا تۇتىمەن،دېدى). مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 483 – باب من أكل في عاشوراء فليكفّ بقية يومه

## ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتماي تاماق يېگەن كىشىنىڭ، شۇكۈننىڭ قالغان ۋاقىتلىرىدا تاماق يېمەي تۇرىشى

2623 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي عُبَيْدٍ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ أَنّهُ قَالَ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: رَجُلاً مِنْ أَسْلَمَ يَوْمَ عَاشُورَاءَ. فَأَمَرَهُ أَنْ يُؤَذّنَ فِي النّاسِ: «مَنْ كَانَ لَمْ يَصُمْ، فَلْيَصُمْ. وَمَنْ كَانَ أَكَلَ، فَلْيُتِمّ صِيَامَهُ إِلَى اللّيْلِ».

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەبىيئ نىبتى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە مۇنداق ئېلان قىل ؛« كىم بۈگۈن روزا تۇتماي يېگەن بولسا، كۈننىڭ قالغىنىدا يېمەي تۇرسۇن، كىم بۈگۈن يېمەي روزا تۇتقان بولسا، ئۇ روزىسىنى تۇتىۋەرسۇن، چۈنكى، بۈگۈن ئاشۇرا يەنى، مۇھەررەمنىڭ 10 ـــ كۈنىدۇر، «بىز يۇقىردابۇلدىن كېيىن توققۇزىنچى كۈنى تۇتۇشنى سۆزلىدۇق» ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. سەلمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۈگۈن ئاشۇرا كۈنىدۇر، (يەنى بىرىنچى ئاي مۇھەررەمنىڭ 10 ـــ كۈنى، ياكى 9 ـــ كۈنى) كىم بۈگۈن روزا تۇتماي نەرسە

يىۋەتكەن بولسا، بۇ كۈننىڭ قالغان تەرىپىدە نەرسە يىمەي تۇرسۇن، كىم يىمەي ــ ئىچمەي تۇرغان بولسا، بۈگۈن ئۇ روزا تۇتسۇن، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

2624 ـ وحدّثني أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ الْعَبْدِيّ. حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ بْنِ لاَحِقٍ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ ذَكْوَانَ عَنِ الرّبَيّعِ بِنْتِ مُعَوّذِ بْنِ عَفْرَاءَ قَالَتْ: أَرْسَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَدَاةَ عَاشُورَاءَ إِلَى قُرَى الأَنْصَارِ، الّتِي حَوْلَ الْمَدِينَةِ: «مَنْ كَانَ أَصْبَحَ صَائِماً، فَلْيُتِمّ صَوْمَهُ. وَمَنْ كَانَ أَصْبَحَ مُفْطِراً، فَلْيُتِمّ بَقِيّةَ يَوْمِهِ». فَكُنّا، بَعْدَ ذَلِكَ، نَصُومُهُ. وَنُصَوّمُ صِبْيَانَنَا الصّغَارَ مِنْهُمْ، إِنْ شَاءَ اللّهُ، وَنَذْهَبُ إِلَى الْمَسْجِدِ. فَنَجْعَلُ لَهُمُ اللّعْبَةَ مِنَ الْعِهْنِ. فَإِذَا بَكَى أَحَدُهُمْ عَلَى الطّعَامِ، أَعْطَيْنَاهَا إِيّاهُ عِنْدَ الإِفْطَارِ.

2625 ـ وحدّثناه يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. حَدّثَنَا أَبُو مَعْشَرٍ الْعَطّارُ عَنْ خَالِدِ بْنِ ذَكْوَانَ قَالَ: سَأَلْتُ الرّبَيّعَ بِنْتَ مُعَوّذٍ عَنْ صَوْمِ عَاشُورَاءَ؟ قَالَتْ: بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: رُسُلَهُ فِي قُرَى الأَنْصَارِ. فَذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ بِشْرٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: وَنَصْنَعُ لَهُمُ اللّعْبَةَ مِنَ الْعِهْنِ. فَنَذْهَبُ بِهِ مَعَنَا. فَإِذَا سَأَلُونَا الطّعَامَ، أَعْطَيْنَاهُمُ اللّعْبَةَ تُلْهِيهِمْ. حَتّى يُتِمّوا صَوْمَهُمْ.

رەبىيئ نىبتى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشۇرا كۈنى ئەتىگىنى ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى مەدىنە ئەتراپىدىكى ئەنسارلار دىيارىغا ئەۋەتىپ مۇنداق دىگەن: كىم بۈگۈن يىمەي روزا تۇتقان بولسا، ئۇ روزىسىنى كامىل تۇتىۋەرسۇن، كىم بۈگۈن روزا تۇتماي يىگەن بولسا، كۈننىڭ قالغىنىدا يىمەي تۇرسۇن، چۈنكى، بۈگۈن ئاشۇرا كۈنىدۇر. شۇنىڭدىن كىيىن بىز ئاشۇرا كۈنى رۇزا تۇتتۇق، ئەگەر الله (قوبۇل قىلىشنى)خالىسا، كىچىك بالىلىرىمىزنىمۇ بۇكۈندە رۇزا تۇتقۇزدۇق، بىز مەسجىدكە ئۇلارنىمۇ بىللە ئالغاچ بىرىپ، ئۇلارغا يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بىرىپ، ئۇلار تاماق يەيمىز دەپ يىغلىسا، ئەشۇ ئويۇنچۇقنى ئۇلارغا بىرەتتۇق،ئويۇنچۇق ئۇلارنى ئىپتارغىچە، رۇزىسىنى كامىل قىلىشۋالغىچە گۆللەپ تۇراتتى.

## 484 ــــ باب النهي عن صوم يوم الفطر ويوم الأضحى

### رۇزا ھېيت كۈنى بىلەن قۇربان ھېيت كۈنى رۇزا تۇتۇشتىن قاتتىق چەكلەش توغرىسىدا

2626 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى.. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي عُبَيْدٍ مَوْلَى ابْنِ أَزْهَرَ أَنّهُ قَالَ: شَهِدْتُ الْعِيدَ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ. فَجَاءَ فَصَلّى ثُمّ انْصَرَفَ فَخَطَبَ النّاسَ. فَقَالَ: إِنّ هَذَيْنِ يَوْمَانِ. نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَنْ صَوْمِهِمَا: يَوْمُ فِطْرِكُمْ مِنْ صِيَامِكُمْ، وَالآخَرُ يَوْمٌ تَأْكُلُونَ فِيهِ مِنْ نُسُكِكُمْ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھېيت نامىزىدىن كىيىن خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دىگەن؛رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى كۈندە رۇزا تۇتۇشتىن توسقان، بىرى رۇزا ھېيت كۈنىڭلار، يەنە بىرى، سىلەر قۇربانلىق گۆشلىرىنى يەيدىغان قۇربان ھېيت كۈنىدۇر.

2627 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبّانَ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: نَهَى عَنْ صِيَامِ يَوْمَيْنِ: يَوْمِ الأَضْحَى وَيَوْمِ الْفِطْرِ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان.

**2628 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ (وَهُوَ ابْنُ عُمَيْرٍ) عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: سَمِعْتُ مِنْهُ حَدِيثاً فَأَعْجَبَنِي. فَقُلْتُ لَهُ: آنْتَ سَمِعْتَ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قالَ: فَأَقُولُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا لَمْ أَسْمَعْ؟ قالَ: سَمِعْتُهُ يَقُولُ «لاَ يَصْلُحُ الصِّيَامُ فِي يَوْمَيْنِ: يَوْمِ الأَضْحَى وَيَوْمِ الْفِطْرِ، مِنْ رَمَضَانَ».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇربان ھېيت كۈنىدىن، روزا ھېيت كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. (قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندىمۇ روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس).ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇش يوق دېگەن. بۇخارى،مۇسلىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدىن بۇرۇنلا بىر كۈن روزا تۇتۇشدىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈنىدە، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى.

**2629 ـ وحدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُخْتَارِ. حَدّثَنَا عَمْرُو بْنُ يَحْيَى عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ رَضِيَ اللّهُ عنه أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ صِيَامِ يَوْمَيْنِ: يَوْمِ الْفِطْرِ وَيَوْمِ النّحْرِ.**

ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم.

**2630 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ ابْنِ عَوْنٍ، عَنْ زِيَادِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا. فَقَالَ: إِنّي نَذَرْتُ أَنْ أَصُومَ يَوْماً. فَوَافَقَ يَوْمَ أَضْحَى أَوْ فِطْرٍ. فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا: أَمَرَ اللّهِ تَعَالَى بِوَفَاءِ النّذْرِ. وَنَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَنْ صِيَامِ هَذَا الْيَوْمِ.**

زەبياد مۇنداق دەيدۇ؛ بىركىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ مەن بىر كۈن رۇزا تۇتۇشقا ئۈزۈمگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئاندىن بۇ كۈن قۇربان ھېيت ياكى رۇزا ھېيت كۈنىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، قانداق قىلىمەن؟دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ **الله** تائالا ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشدىن توستى، دېدى. (يەنى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن توختىدى ياكى ئىككى ئىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ھېيت كۈنى تۇتماي تۇرۇپ، كېيىن قازاسىنى قىلىشقا ئىشارەت قىلدى، ئالىملار؛ ھېيت كۈنى رۇزا تۇتۇش ئىجمائ بىلەنمۇ توسىلىدۇ،دېدى.)

**2631 ـ وحدّثنا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا سَعْدُ أَخْبَرَتْنِي عَمْرَةُ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا قَالَتْ: نَهَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ صَوْمَيْنِ: يَوْمِ الْفِطْرِ وَيَوْمِ الأَضْحَى.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم.

## 485 ـــ *باب تحريم صوم أيام التشريق* قۇربان ھېيتتىن كېينكى ئۈچ كۈندە رۇزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى

**2632 ـ وحدّثنا سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا خَالِدٌ عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ، عَنْ نُبَيْشَةَ الْهُذَلِيّ. قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّامُ التّشْرِيقِ أَيّامُ أَكْلٍ وَشُرْبٍ».**

**2633 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ خَالِدٍ الْحَذّاءِ. حَدّثَنِي أَبُو قِلاَبَةَ عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ، عَنْ نُبَيْشَةَ قَالَ خَالِدٌ: فَلَقِيتُ أَبَا الْمَلِيحِ. فَسَأَلْتُهُ. فَحَدّثَنِي بِهِ. فَذَكَرَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: بِمِثْلِ حَدِيثِ هُشَيْمٍ. وَزَادَ فِيهِ «وَذِكْرٍ لِلّهِ».**

نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھ ۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (قۇربان ھېيتنىڭ ئەتىسى، ئۆگىنى يەنە بىر كۈنىدىن ئىبارەت ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلەردۇر) مانا شۇ قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن، يەپ ــ ئىچىش، ئاللاھنى ئەسلەش، تەگبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، (روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (ھەمزە ئىبنى ئەمرۇ بۇدەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قۇربان ھېيتتىن كىيىنكى ئۈچ كۈندە يەنى تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتماڭلار. چۈنكى، ئۇ يەپ ــ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.)

**2634 ـ2635 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ سَابِقٍ. حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ طَهْمَانَ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنِ ابْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: بَعَثَهُ وَأَوْسَ بْنَ الْحَدَثَانِ أَيّامَ التّشْرِيقِ. فَنَادَىَ «أَنّهُ لاَ يَدْخُلُ الْجَنّةَ إِلاّ مُؤْمِنٌ. وَأَيّامُ مِنًى أَيّامُ أَكْلٍ وَشُرْبٍ».**

بۇشەيىر ئىبنى سۇھەيىم ، مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلەن ئەۋسنى تەشرىق كۈنلىرى مۇنداق دەپ نىدا قىلىشقا ئەۋەتتى؛ ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۆئمىن كىشىلا كىرەلەيدۇ، (مۇسۇلمان بولمىغان، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن كىشىلەر كىرەلمەيدۇ ) منا كۈنلىرى (يەنى قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈن) يەپ ــ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر (بۇكۈنلەردە روزا تۇتماڭلار) ئەھمد، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

## 486 ــ *باب كراهة صيام يوم الجمعة منفردا* جۈمئە كۈنىگە خاس قىلىپ روزا تۇتۇشنىڭ مەكروھلىقى

**2636 ـ2637 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَبْدِ الْحَمِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبّادِ بْنِ جَعْفَرٍ سَأَلْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا وَهُوَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ: نَهَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: عَنْ صِيَامِ يَوْمِ الْجُمُعَةِ؟ فَقَالَ: نَعَمْ. وَرَبّ هَذَا الْبَيْتِ.**

ئەبباد ئىبنى جەئپەر مۇنداق دەيدۇ؛جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇ **الله** نى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭدىن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاس جۈمئە كۈنى روزا تۇتۇشتىن توسقانمۇ؟دەپ سورسام، ئۇ؛ مۇشۇ بەيتۇ **الله** نىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ھەئە، توسقان دىدى.

**2638 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حَفْصٌ وَ أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَصُمْ أَحَدُكُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ. إِلاّ أَنْ يَصُومَ قَبْلَهُ أَوْ يَصُومَ بَعْدَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بىرىڭلار خاس جۈمئە كۈنى روزا تۇتمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياكى ئارقىسىدا بىر كۈن بىلەن قوشۇپ تۇتسۇن. ئەھمەد.

**2639 ـ وحدّثني أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا حُسَيْنٌ (يَعْنِي الْجُعْفِيّ) عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ هِشَامٍ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: قَالَ: «لاَ تَخْتَصّوا لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ بِقِيَامٍ مِنْ بَيْنِ اللّيَالِي. وَلاَ تَخُصّوا يَوْمَ الْجُمُعَةِ بِصِيَامٍ مِنْ بَيْنِ الأَيّامِ. إِلاّ أَنْ يَكُونَ فِي صَوْمٍ يَصُومُهُ أَحَدُكُمْ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمئە كۈنى كېچىسىلا قىيامدا تۇرۇشنى مەخسۇس خاس قىلىۋالماڭلار، كۈنلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمئە كۈنىلا روزا تۇتۇشنى خاس قىلىۋالماڭلار. لېكىن، بىرىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا توغرا كېلىپ قالسا، جۈمئە كۈنىمۇ روزا تۇتساڭلار بولىدۇ. (كېچىسى قىيامدا تۇرۇشمۇ شۇنداقتۇر).

## 487 ــــــ باب بيان نسخ قوله تعالى: {وَعَلَى ٱلَّذِينَ يطيقونه فدية} بقوله: {فمن شهد منكم الشهر فليصمه}

2640 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا بَكْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُضَرَ) عَنْ عَمْرِو بْنِ الْحَارِثِ، عَنْ بُكَيْرٍ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَى سَلَمَةَ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: لَمّا نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {وَعَلَى الّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ} ( 2البقرة الآية: 184) كَانَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يُفْطِرَ وَيَفْتَدِيَ. حَتّى نَزَلَتِ الآيَةُ الّتِي بَعْدَهَا فَنَسَخَتْهَا.
2641 ـ حدّثني عَمْرُو بْنُ سَوّادٍ الْعَامِرِيّ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأَشَجّ، عَنْ يَزِيدَ مَوْلَى سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ عَنْ سَلَمَةَ بْنِ الأَكْوَعِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ أَنّهُ قالَ: كُنّا فِي رَمَضَانَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: مَنْ شَاءَ صَامَ. وَمَنْ شَاءَ أَفْطَرَ فَافْتَدَى بِطَعَامِ مِسْكِينٍ. حَتّى أُنْزِلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: {فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشّهْرَ فَلْيَصُمْهُ} (2البقرة الآية: 185).

سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىسىدا، « رۇزىنى قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (ھەربىركۈنلىكى ئۈچۈن) بىر مىسكىنگە تويغىدەك تاماق بېرىشى لازىم....»دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا ، بىز(قېرى ـ ئاجىزلاردىن) رۇزا تۇتۇشنى خالىغان كىشى رۇزا تۇتاتتى، رۇزا تۇتماسلىقنى خالىغان كىشى مىسكىنگە تويغىدەك تاماق بېرەتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى«....سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان رۇزىسىنى تۇتسۇن؛...» دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، ئىلگىركى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى.سۈرە بەقەر 184 ـ 185 ـ ئايەتلەر.

## 488 ــ باب قضاء رمضان في شعبان

### رامىزاننىڭ قازاسىنى كېلەركى رامىزاننىڭ ئالدىدىكى شەئبان ئېيىدا قىلىسمۇ، دۇرۇس بولىشى توغرىسىدا

2642 ـ 2643 ـ2644 ـ حدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ يُونُسَ. حَدّثَنَا زُهَيْرٌ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ قَالَ: سَمِعْتُ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا تَقُولُ: كَانَ يَكُونُ عَلَيّ الصّوْمُ مِنْ رَمَضَانَ. فَمَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَقْضِيَهُ إِلاّ فِي شَعْبَانَ. الشّغْلُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَوْ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.
2645 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. ح وَحَدّثَنَا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. كلاهما عَنْ يَحْيَى بِهَـٰذَا الإِسْنَادِ. وَلَمْ يَذْكُرَا فِي الْحَدِيثِ: الشّغْلُ بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مېنىڭ ئۈستىمدە (كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن) رامىزاننىڭ رۇزىسى قېلىپ قالاتتى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئۇ رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالمايتتىم، پەقەت (كېلەركى رامىزاننىڭ ئالدىدىكى)شەئبان ئېيىدىلا، ئۇرۇزىنىڭ قازاسىنى قىلاتتىم. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**2646 ـ وحدّثني مُحَمّدٍ بْنُ أَبي عُمَرَ الْمَكّيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدُ الدّرَاوَرْدِيّ عَنْ يَزِيدَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْهَادِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ أَبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا أَنّهَا قَالَتْ: إِنْ كَانَتْ إِحْدَانَا لَتُفْطِرُ فِي زَمَانِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: فَمَا تَقْدِرُ عَلَى أَنْ تَقْضِيَهُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: حَتّى يَأْتِيَ شَعْبَانُ.**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، بىزنىڭ بىرىمىز (مەلۇم سەۋەپلەر، بولۇپمۇ ھەيز سەۋەبىدىن)رۇزا تۇتماي تۇراتتى، (كىلەركى رامىزاننىڭ ئالدىدىكى)شەئبان ئېيى كەلمىگىچە، ئۇ قېلىپ قالغان رۇزىسىنىڭ قازاسىنى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە قىلىشقا قادىر بولالمايتتى.

## 489 – باب قضاء الصيام عن الميت — مىيىت ھەققىدىن رۇزىنىڭ قازاسىنى قىلىپ قويۇش توغرىسىدا

**2647 ـ وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدِ الأَيْلِيّ، وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَى. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبِ. أَخْبَرَنَا عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ أَبي جَعْفَرِ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ جَعْفَرِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: قَالَ: «مَنْ مَاتَ وَعَلَيْهِ صِيَامٌ، صَامَ عَنْهُ وَلِيّهُ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈستىدە روزىدىن قەرىز قېلىپ قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىدىن ۋەلىيسى، (يېقىن تۇغقانلىرى، ۋارىس بولغىدەك كىشىلىرى) تۇتۇپ قويسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2648 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ مُسْلِمِ الْبَطِينِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا أَنّ امْرَأَةً أَتَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: فَقَالَتْ: إِنّ أُمّي مَاتَتْ وَعَلَيْهَا صَوْمُ شَهْرِ. فَقَالَ: «أَرَأَيْتِ لَوْ كَانَ عَلَيْهَا دَيْنٌ، أَكُنْتِ تَقْضِينَهُ؟» قَالَتْ: نَعَمْ. قَالَ: «فَدَيْنُ اللّهُ أَحَقّ بِالْقَضَاءِ».**

**2649 ـ2650 ـ وحدّثني أَحْمَدُ بْنُ عُمَرَ الْوَكِيعِي. حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ مُسْلِمِ الْبَطِينِ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النّبيّ صلى الله عليه وسلم: فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أُمّي مَاتَتْ وَعَلَيْهَا صَوْمُ شَهْرِ. أَفَأَقْضِيهِ عَنْهَا؟ فَقَالَ: «أَرأيت لَوْ كَانَ عَلَى أُمّكَ دَيْنٌ، أَكُنْتَ قَاضِيَهُ عَنْهَا؟» قَالَ: نَعَمْ. قَالَ: «فَدَيْنُ اللّهُ أَحَقّ أَنْ يُقْضَى». قَالَ سُلَيْمَانُ: فَقَالَ الْحَكَمُ وَسَلَمَةُ بْنُ كُهَيْلِ جَمِيعاً. وَنَحْنُ جُلُوسٌ حِينَ حَدّثَ مُسْلِمٌ بِهَذَا الْحَدِيثِ. فَقَالاَ: سَمِعْنَا مُجَاهِداً يَذْكُرُ هَذَا عَنِ ابْنِ عَبّاسِ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال يەنەبىرخاتىردە بىرئەركىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىلىپ؛ ھەققەتەن مىنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتتى دىدى، ئانامنىڭ بىر ئايلىق رۇزا تۇتۇش قەرزى قېلىپ قالغان ئىدى، ئۇرۇزىنىڭ قازاسىنى ئانام ھەققىدىن مەن قىلىپ قويسام بولامدۇ؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئەگەر ئاناڭنىڭ ئۈستىدە قەرزى قېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى سەن ئادا قىلىپ بىرەمتىڭ؟دىدى، ئۇكىشى؛ ھەئە بىرەتتىم دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، الله نىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى (ئاناڭنىڭ الله دىن بولغان قەرزىنى ) ئادا قىلغىن، ئۇ ئادا قىلىشقا ئەڭ لايىقراقتۇر دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2651 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورِ وَ ابْنُ أَبي خَلَفِ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدِ. جَمِيعاً عَنْ زَكَرِيّاءَ بْنِ عَدِيَ. قَالَ عَبْدٌ: حَدّثَنِي زَكَرِيّاءُ بْنُ عَدِيَ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرِو عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبي أُنَيْسَةَ. حَدّثَنَا الْحَكَمُ بْنُ عُتَيْبَةَ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: جَاءَتِ امْرَأَةٌ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أُمّي مَاتَتْ وَعَلَيْهَا صَوْمُ نَذْرِ. أَفَأَصُومُ عَنْهَا؟ قَالَ: «أَرَأَيْتِ لَوْ كَانَ عَلَى أُمّكِ دَيْنٌ فَقَضَيْتِيهِ، أَكَانَ يُؤَدّي ذَلِكَ عَنْهَا؟» قَالَتْ: نَعَمْ. قَالَ: «فَصُومِي عَنْ أُمّكِ».**

ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىر ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ئى ئاللە نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتتى دېدى، ئانامنىڭ ئۈز ئۈزىگە ۋەدە قىلىۋالغان رۇزا تۇتۇش قەرزى قېلىپ قالغان ئىدى، ئۇرۇزىنىڭ قازاسىنى ئانام ھەققىدىن مەن قىلىپ قويسام بۇلامدۇ؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئەگەر ئاناڭنىڭ ئۈستىدە قەرزى قېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى سەن ئادا قىلىپ بىرەمتىڭ؟دېدى، ئۇئايال؛ ھەئە بىرەتتىم دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، (الله نىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى (ئاناڭنىڭ الله دىن بولغان قەرزىنى ) ئادا قىلىپ، ئاناڭ ھەققىدىن رۇزا تۇتقىن،دېدى.

2652 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ أَبُو الْحَسَنِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَطَاءٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: بَيْنَا أَنَا جَالِسٌ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: إِذْ أَتَتْهُ امْرَأَةٌ. فَقَالَتْ: إِنّي تَصَدّقْتُ عَلَىَ أُمّي بِجَارِيَةٍ. وَإِنّهَا مَاتَتْ. قَالَ: فَقَالَ: «وَجَبَ أَجْرُكِ. وَرَدّهَا عَلَيْكِ الْمِيرَاثُ» قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهُ كَانَ عَلَيْهَا صَوْمُ شَهْرٍ. أَفَأَصُومُ عَنْهَا؟ قَالَ: «صُومِي عَنْهَا» قَالَتْ: إِنّهَا لَمْ تَحُجّ قَطّ. أَفَأَحُجّ عَنْهَا؟ قَالَ: «حُجّي عَنْهَا».

2653 ـ2654 ـ2655 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَطَاءٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: كُنْتُ جَالِساً عِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ مُسْهِرٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: صَوْمُ شَهْرَيْنِ.

2656 ـ وحدّثني ابْنُ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا إِسْحَقُ بْنُ يُوسُفَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَطَاءٍ الْمَكّيّ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: أَتَتِ امْرَأَةٌ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: بِمِثْلِ حَدِيثِهِمْ. وَقَالَ: صَوْمُ شَهْرٍ.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز بىر ئايال كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئانامغا بىر چۆرە قۇلنى خادىملىققا سەدىقە قىلىپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى دەپ، بۇ خادىم توغرىسىدا سوئال سورىغاندا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ساڭا ئەجىر، ساۋاب بېرىپتۇ، (يەنى قۇلنى ئاناڭغا بەرگىنىڭگە ئەجىر ساۋاب ئاپسەن) ئاندىن، ئاللاھ ئۇ خادىمنى ساڭا مىيراس سۈپىتىدە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ دېدى، (خادىم ئۇنىڭغا، يەنە مىراس قالغان) ئۇئايال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانامنىڭ ئۈستىدە بىر ئايلىق رۇزا تۇتۇش قەرزى بارئىدى، ئانام ھەققىدىن مەن رۇزا تۇتۇپ قويسام بۇلامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:بۇلىدۇ، رۇزا تۇتۇپ قوي دېدى. ئۇئايال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئانام ھەج قىلالمىغان ئىدى، ئانام ھەققىدىن مەن ھەج قىلىپ قويسام بۇلامدۇ؟دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ھەئە،بۇلىدۇ،ئاناڭ ھەققىدىن ھەج قىلىپ قويغىن دېدى.ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 490 ـــ باب الصائم يدعى لطعام فليقل: إني صائم

## تاماققا چاقىرىلغان رۇزىدار كىشىنىڭ «مەن رۇزىدار ئىدىم» دېيىشى توغرىسىدا

**2657 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النَّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه (قالَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: رِوَايَةً. وَقالَ عَمْرٌو: يَبْلُغُ بِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: وَقالَ زُهَيْرٌ: عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: قالَ: «إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ إِلَىَ طَعَامٍ، وَهُوَ صَائِمٌ، فَلْيَقُلْ: إِنّي صَائِمٌ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، ئۇ روزا تۇتقان بولسا، ھەققەتەن مەن بۈگۈن روزىدار ئىدىم دېسۇن،بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتۇغلۇق بولسا، بىر چەتتە ناماز ئوقۇسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، بېرىپ خالىسا يېسۇن خالىسا يېمىسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار، تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن، روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتقان بولسا، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسۇن، تەبرانى، سەھىھ.

## 491 ـــ باب حفظ اللسان للصائم رۇزىدار كىشىنىڭ تىلىنى ساقلىشى توغرىسىدا

**2658 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه رِوَايَةً قالَ: «إِذَا أَصْبَحَ أَحَدُكُمْ يَوْماً صَائِماً، فَلاَ يَرْفُثْ وَلاَ يَجْهَلْ. فَإِنِ امْرُؤٌ شَاتَمَهُ أَوْ قَاتَلَهُ، فَلْيَقُلْ: إِنّي صَائِمٌ. إِنّي صَائِمٌ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار روزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزسا، پاھىشە، بەزەپ سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، نادانلىق قىلمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللىشىپ، ئۇرۇشسا، ھەققەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن. ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 492 ــــ باب فضل الصيام روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**2659 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «قالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: كُلّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلاّ الصّوْمَ. هُوَ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ. فَوَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ، لَخُلْفَةُ فَمِ الصّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللّهِ، مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ».**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئۆزىچۈندۇر، لېكىن، روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا، رىياسىز ئىبادەتتۇر، روزىنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قولىدا

بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىدە مىسكە، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر.......

**2660 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قالاَ: حَدّثَنَا الْمُغِيرَةُ (وَهُوَ الْحِزَامِيّ) عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الصّيَامُ جُنّةٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا (گۇناھتىن، دەزەختىن)قالقاندۇر.

**2661 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَطاءٌ عَنْ أَبِي صَالِحٍ الزّيّاتِ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه يَقُولُ: قالَ رَسُولُ اللّهُ صلى الله عليه وسلم: «قالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: كُلّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلاّ الصّيَامَ فَإِنّهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ. وَالصّيَامُ جُنّةٌ. فَإِذَا كَانَ يَوْمُ صَوْمِ أَحَدِكُمْ، فَلاَ يَرْفُثْ يَوْمَئِذٍ وَلاَ يَسْخَبْ. فَإِنْ سَابّهُ أَحَدٌ أَوْ قَاتَلَهُ، فَلْيَقُلْ: إِنّي امْرُؤٌ صَائِمٌ. وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لَخُلُوفُ فَمِ الصّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللّهِ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ. وَلِلصّائِمِ فَرْحَتَانِ يَفْرَحُهُمَا. إِذَا أَفْطَرَ فَرِحَ بِفِطْرِهِ. وَإِذَا لَقِيَ رَبّهُ فَرِحَ بِصَوْمِهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ئەمەللىرى ئۆزىنىڭ ئۈچۈندۇر، لېكىن، روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا، رىياسىز ئىبادەتتۇر، روزىنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن. روزا قالقاندۇر، بىرىڭلارنىڭ روزا تۇتقان كۈنى بولۇپ قالسا، پاھىشە، بەزەپ سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىدە مىسكە، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر، روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئۇ خۇرسەن بولىدىغان ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئۇ ئېپتار قىلغاندا ئېپتار سەۋەبىدىن خۇشال بولىدۇ، يەنە بىرى، ئۇ رەببىگە ئۇچراشقاندا، روزىنىڭ سەۋەبىدىن يەنى ئاللاھ بېرىدىغان مۇكاپاتتىن خۇشال بولىدۇ، بەيھەقى، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**2662 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ وَ وَكِيعٌ عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنِ الأَعْمَشِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ(وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ أَبِي صَالِحٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «كُلّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ يُضَاعَفُ. الْحَسَنَةُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا إِلَىَ سَبْعِمِائَةِ ضِعْفٍ. قَالَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ: إِلاّ الصّوْمَ. فَإِنّهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ. يَدَعُ شَهْوَتَهُ وَطَعَامَهُ مِنْ أَجْلِي. لِلصّائِمِ فَرْحَتَانِ: فَرْحَةٌ عِنْدَ فِطْرِهِ، وَفَرْحَةٌ عِنْدَ لِقَاءِ رَبّهِ. وَلَخُلُوفُ فِيهِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللّهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ».**

**2663 ـ2664 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ عَنْ أَبِي سِنَانٍ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ وَ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قالاَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ يَقُولُ: إِنّ الصّوْمَ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ. إِنّ لِلصّائِمِ فَرْحَتَيْنِ: إِذَا أَفْطَرَ فَرِحَ. وَإِذَا لَقِيَ اللّهَ فَرِحَ. وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ لَخُلُوفُ فَمِ الصّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللّهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ياخشى ئەمەللىرىگە، شۇئەمەلىنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە،ھەتتا 700 ھەسسە، ھەتتا، ئاللاھ

خالىغان ھەسسىگە كۆپىيىپ ئەجر بېرىلىدۇ، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: لېكىن، روزا ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ھەقىقەتەن روزا بولسا، مەن ئۈچۈنلا رىياسىز ئىبادەتتۇر، ئۇنىڭ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان مۇكاپاتىنى ئۆزۈملا بېرىمەن، بەندە شەھۋەت، ھېسسىياتىنى، يېمەك ــ ئىچمەكلىرىنى مېنىڭ جەھىتىمدىنلا تەرىك ئېتىدۇ. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق باردۇر، بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىقتۇر، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان **الله** بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزلىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. روزا (گۇناھتىن،دەزەختىن)قالقاندۇر، بىرىڭلارنىڭ روزا تۇتقان كۈنى بولۇپ قالسا، پاھىشە، بەزەپ سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن.ئەھمەد،بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

**2665 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ (وَهُوَ الْقَطوَانِيّ) عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ. حَدّثَنِي أَبُو حَازِمٍ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ فِي الْجَنّةِ بَاباً يُقَالُ لَهُ الرّيّانُ. يَدْخُلُ مِنْهُ الصّائِمُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ. لاَ يَدْخُلُ مَعَهُمْ أَحَدٌ غَيْرُهُمْ. يُقَالُ: أَيْنَ الصّائِمُونَ؟ فَيَدْخُلُونَ مِنْهُ. فَإِذَا دَخَلَ آخِرُهُمْ، أُغْلِقَ فَلَمْ يَدْخُلْ مِنْهُ أَحَدٌ».**

سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ رەييان دېيىلىدىغان بىر ئىشىكى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىشىكدىن روزا تۇتقۇچىلار كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىكدىن كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قېنى!؟ دېيىلىدۇ، ئۇلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شۇ ئىشىكدىن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنىپ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىشى بۇئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار؛ بۇ ئىشىكنىڭ رەييان دەپ ئاتىلىشى، روزا تۇتقۇچىلارنى ئىسسىل مەي، شارابقا، لەززەتكە قاندۇرغۇچى مەنىسىدەبولغانلىقتىن دېدى.

## *493 ـــــ باب فضل الصيام في سبيل اللّهُ لمن يطيقه، بلا ضرر ولا تفويت حق*

**2666 ـ 2667 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ. أَخْبَرَنِي اللّيْثُ عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنِ النّعْمَانِ بْنِ أَبِي عَيّاشٍ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَصُومُ يَوْماً فِي سَبِيلِ اللّهِ. إِلاّ بَاعَدَ اللّهُ، بِذَلِكَ الْيَوْمِ، وَجْهَهُ عَنِ النّارِ سَبْعِينَ خَرِيفاً».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەرقانداق بىر بەندە ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھتائالا شۇ بىر كۈن روزىسىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دەۋزەختىن 70 يىل يىراق قىلىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2668 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ و عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ بِشْرٍ الْعَبْدِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ وَ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ أَنّهُمَا سَمِعَا النّعْمَانَ بْنَ أَبِي عَيّاشٍ الزّرَقِيّ يُحَدّثُ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَقُولُ: «مَنْ صَامَ يَوْماً فِي سَبِيلِ اللّهِ، بَاعَدَ اللّهُ وَجْهَهُ عَنِ النّارِ سَبْعِينَ خَرِيفاً».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن 70 يىل يىراق قىلىدۇ. ئەھمەد،بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن جەھەننەمنى 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن دوۋزاخ ئارىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدەك چوڭ بىر خەندەك قىلىدۇ، (يەنى 70 يىل يىراق قىلىدۇ، 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، دوۋزاخدىن70 يىل يىراق قىلىنىدۇ، بۇ 70 يىلنىڭ ۋاختىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، نىيەت، ئىخلاسقا لايىق ئەجىرلەر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس ئوخشاش ئەمەس، ھەربىر ھەدىس ئايرىم ــ ئايرىم نىيەت، ئىخلاسقا دېيىلگەن.

## 494 ـــــ باب جواز صوم النافلة بنية من النهار قبل الزوال، وجواز فطر الصائم نفلا من غير عذر

### نەپلە رۇزىنى كۈندۈزى زاۋالدىن بۇرۇن نىيەت قىلىۋېلىپ تۇتۇشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە نەپلە رۇزا تۇتقۇچىنىڭ ئۆزرىسىزلا رۇزىسىنى بۇزۇپ نەرسە يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

2669 ـ وحدّثنا أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيَادٍ. حَدّثنَا طَلْحَةُ بْنُ يَحْيَى بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ. حَدّثَتْنِي عَائِشَةُ بِنْتُ طَلْحَةَ عَنْ عَائِشَةَ أُمّ الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا قَالَتْ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: ذَاتَ يَوْمٍ: «يَا عَائِشَةُ هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ؟» قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا عِنْدَنَا شَيْءٌ. قَالَ: «فَإِنّي صَائِمٌ» قَالَتْ: فَخَرَجَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: فَأُهْدِيَتْ لَنَا هَدِيّةٌ (أَوْ جَاءَنَا زَوْرٌ). قَالَتْ: فَلَمّا رَجَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أُهْدِيَتْ لَنَا هَدِيّةٌ (أَوْ جَاءَنَا زَوْرٌ) وَقَدْ خَبَأْتُ لَكَ شَيْئاً. قَالَ: «مَا هُوَ؟» قُلْتُ: حَيْسٌ. قَالَ: «هَاتِيهِ» فَجِئْتُ بِهِ فَأَكَلَ. ثُمّ قَالَ: «قَدْ كُنْتُ أَصْبَحْتُ صَائِماً».
قَالَ طَلْحَةُ: فَحَدّثْتُ مُجَاهِداً بِهَذَا الْحَدِيثِ فَقَالَ: ذَاكَ بِمَنْزِلَةِ الرّجُلِ يُخْرِجُ الصّدَقَةَ مِنْ مَالِهِ. فَإِنْ شَاءَ أَمْضَاهَا وَإِنْ شَاءَ أَمْسَكَهَا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپ: يېنىڭلاردا يېگىدەك نەرسە بارمۇ؟ دېدى، مەن: ياق ، يېگىدەك ھېچ نەرسە يوق دېسەم، ئۇنداق بولسا، مەن رۇزا تۇتقۇچى بولاي دەپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن بىزگە تاماق ھەدىيە قىلىندى(ياكى زىيارەتچىلەر كەلدى) ئاندىن رەسۇلۇللاھ قېشىمىزغا قايتىپ كىرگەندە، مەن:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزگە (قۇرۇق سۈت، ياغ، خورما ئارلاشتۇرۇلغان باقالى) ھەدىيە قىلىندى(ياكى زىيارەتچىلەر نەرسە ئېلىپ كەلدى)مەن سىلىگە ئازراق نەرسە ئېلىپ قويغان ئىدىم، يەملا؟دېسەم، قېنى ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلا، ئۇ نېمە؟دېدى، مەن؛ ئۇ قۇرۇق سۈت، ياغ، خورما

ئارلاشتۇرۇلغان باقالى دېسەم، ئۇنى ئەكىلىڭلار دېدى، مەن ئۇ نەرسىنى ئەكىلىپ بەرسەم، ھەققەتەن مەن بۈگۈن روزا تۇتقان ئىدىم دەپ قويۇپ ئۇنى يېدى.

2670 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ طَلْحَةَ بن يَحْيَىَ، عَنْ عَمّتِهِ عَائِشَةَ بِنْتِ طَلْحَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أُمّ الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ: دَخَلَ عَلَيّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: ذَاتَ يَوْمٍ فَقَالَ: «هَلْ عِنْدَكُمْ شَيْءٌ؟» فَقُلْنَا: لاَ. قَالَ: «فَإِنّي إِذَنْ صَائِمٌ» ثُمّ أَتَانَا يَوْماً آخَرَ فَقُلْنَا: يَا رَسُولَ اللّهِ أُهْدِيَ لَنَا حَيْسٌ. فَقَالَ: «أَرِينِيهِ. فَلَقَدْ أَصْبَحْتُ صَائِماً» فَأَكَلَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپ: يېنىڭلاردا يېگىدەك نەرسە بارمۇ؟ دېدى، بىز: ياق ، يېگىدەك ھېچ نەرسە يوق دېسەك، ئۇنداق بولسا، مەن روزا تۇتقۇچى بولاي دېدى، ئاندىن يەنە بىركۈنى قېشىمىزغا كىرىپتى، بىز:ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىزگە قۇرۇق سۈت، ياغ، خورما ئارلاشتۇرۇلغان باقالى ھەدىي قىلىندى يەملا؟دېسەك، قېنى ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلا، ھەققەتەن مەن بۈگۈن روزا تۇتقان ئىدىم دەپ قويۇپ ئۇنى يېدى. يەنى نەپلە روزىدار ئۆز ئىختىيارىدابولىدۇ.

## 495 ـــ باب أكل الناسي وشربه وجماعه لا يفطر

**ئۇنتۇپ قالغۇچىنىڭ يەپ ـ ئىچىشى، ئايالىغا ئىسسدە يوق يېقىنچىلىق قىلىشى ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ،دېگەن توغرىسىدا**

2671 ـ وحدّثني عَمْرُو بْنُ مُحَمّدٍ النّاقِدُ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ هِشَامٍ الْقُرْدُوسِيّ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم : «مَنْ نَسِيَ وَهُوَ صَائِمٌ، فَأَكَلَ أَوْ شَرِبَ، فَلْيُتِمّ صَوْمَهُ. فَإِنّمَا أَطْعَمَهُ اللّهُ وَسَقَاهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزىدار تۇرۇپ، ئۇنتۇپ قېلىپ، يەپ ـ ئىچىپ سالسا، ئۇ روزىسىنى كامىل تامام قىلىۋەرسۇن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تاماق بېرىپتۇ، شاراپ بېرىپ سۇغۇرۇپتۇ،( روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنتۇپ قالغان دە! )ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،ئىبنى ماجە

## 496 ـــ باب صيام النبيّ صلى الله عليه وسلم في غير رمضان واستحباب أن لا يخلي شهرا عن صوم

**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىكى روزىسى، ھەر بىر ئاينى روزا تۇتۇشتىن خالى قىلماسلىقنىڭ يەنى ھەر بىر ئايدا روزا تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى توغرىسىدا**

ئاندىن سۇراقەت ئىبنى مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بۇ، مۇشۇ يىلىمىز ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ شۇنداقمۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنى يەنەبىر قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ؛ ئۆمرە ھەج پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇ مۇشۇ يىلغىلا خاس ئەمەس، بەلكى بۇ مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەت شۇنداقتۇر دەپ، ئىككى قېتىم دىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىللىرىنى يەمەندىن ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا نىمە دىدىڭ؟ دىدى، ئۇ: ئى ﷲ ! ھەقىقەتەن مەن سىنىڭ پەيغەمبىرىڭ ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلغان نەرسە بىلەن ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىمەن دېدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، مەن بىلەنمۇ ھەدىي بار، سەن ئېھرامدىن چىقمىغىن دىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەمەندىن ئېلىپ كەلگەن ھەدىي تۆگىلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ جەمئى 100 تۆگە ئىدى، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېھرامدىن چىقىپ، چاچلىرىنى كەستۈرۈپ قىسقارتتى، پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھەدىي بار بولغان كىشىلەرلا ئېھرامدىن چىقمىدى، تەرۋىيە يەنى سەككىزىنچى كۈنى بولغاندا، ئۇلار مىنا تېغىغا ماڭدى، ئاندىن كىشىلەر پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ تۆگىسىگە مىنىپ بېرىپ، مىنادا پىشىن، ئەسىر، شام ، خۇپتەن، بامداتنى ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئازراق تۇرۇپ، ئاندىن ئارپات تېغىدىكى نەمىرە دىگەن جايغا، ئۆزى ئۈچۈن يۇڭ كىگىزدىن بولغان گۈمبەز چىدىر قۇرۇلۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن مىنادىن سەيرە قىلىپ ماڭدى، قۇرەيشلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نى، خۇددى قۇرەيش خەلقى جاھالىيەت دەۋرىدە قىلغاندەك، مۇزدەلىپىدىكى مەشئەرۇلھەرام دىگەن تاغدا ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ قالدى، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ جايدىن ئارپاتقا تىزلا ئۆتۈپ كەتتى، ئارپات تېغىغا كىلىپ، نەمىرە دىگەن جايدا، ئۆزى ئۈچۈن قۇرۇلغان چىدىر گۈمبەزگە چۈشتى، تاكى كۈن قەرىلگەندە،تۆگىسنى جابدۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن بەتنۇلۋادىيغا كىلىپ، كىشىلەرگەخۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دىدى: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يەنى بىر ــ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ــ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش، خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلار مەككى دە ، مۇشۇ ئېيىڭلا ردا، مۇشۇ كۈنۈڭلار ،مۇشۇكۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش سىلەرگە ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، بۇ كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك، ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن جاھالىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى مېنىڭ قەدىمىم ئاستىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىكار قىلىندى، جاھالىيەتنىڭ قان، خۇن، تۆلەم ئىشلىرىمۇ بىكار قىلىندى، جاھالىيەتتىكى خۇن تۆلەم داۋالىرىمىزدىن تۇنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرىدىغىنىم، رەبىئەت ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ قېنى، خۇن داۋاسىدۇر، ئۇ بىكار قىلىندى، ـ ئۇكىشى سەئىدى جەمەتىگە ئىمىلدەش بولۇپ، ئۇنى ھۇزەيل ئۆلتۈرگەن ئىدى ـ جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈملەرمۇ بىكار قىلىندى، بىزنىڭ جاھالىيەتتىكى ئۆسۈملىرىمىزدىن مەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىكار قىلىدىغان تۇنجى جازانە، ئۆسۈم بولسا، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ جازانە، ئۆسۈمىدۇر، ئۇمۇ بىكار قىلىندى، ھەقىقەتەن جاھالىيەت ئىشلىرى جازانە ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى، (جازانە، ئۆسۈم، مۇسۇلمانلارغا ھارام، دىنسىز كاپىرلارغىمۇ ھارام، مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىزلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ھارام، دىنسىزلار زىمىندا جازانە، ئۆسۈم يوق دىگەن، ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، بۇ پەتىۋا خاتادۇر). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى بىلەن ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنىنى ھالال قىلدىڭلار، ھەقىقەتەن ئاياللار ئۈستىدىكى سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئۇلار سىلەرنىڭ كۆرپەڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنى ياتقۇزماسلىقتۇر، (يەنى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىقدۇر) ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىپ قالسا، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەي ئۇرۇڭلار، (ئەگەر توي قىلغان ئايال زىنا قىلىپ قالسا، رەجىم قىلىنىدۇ) ئاياللارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى، ئۇلارغا ياخشىلىقچە رىزىق بېرىش، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشتۇر، ھەقىقەتەن مەن ئاراڭلاردا بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىل ساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، (يەنە بىرىسى بولسا، سۈننەت، ھەدىستۇر) سىلەردىن مەن توغرۇلۇق سورىلىدۇ، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ دېگەندە، ھەممىسى بىردەك گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ھەقىقەتەن سىلى تولۇق يەتكۈزدىلە، ئادا قىلدىلا، نەسىھەت قىلدىلا، دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەر تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ؛ ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن، ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى.

ثُمّ أذّنَ. ثُمّ أقامَ فصلّى الظّهْرَ. ثُمّ أقامَ فصلّى الْعصْرَ. ولَمْ يُصلّ بيْنَهُما شيْئاً. ثُمّ ركِبَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. حتّى أتَى الْموْقِفَ. فجعلَ بطْنَ ناقتِهِ الْقصْواءِ إلَى الصّخَراتِ. وجعلَ حبْلَ الْمُشاةِ بيْنَ يديْهِ. واسْتَقْبلَ الْقِبْلَةَ. فلَمْ يزلْ واقِفاً حتّى غربتِ الشّمْسُ. وذَهبتِ الصفْرةُ قلِيلاً حتّى غابَ الْقُرْصُ. وأرْدَفَ أسامةَ خلْفَهُ. ودفعَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وقدْ شنَقَ لِلْقصْواءِ الزّمامَ. حتّى إنّ رأسَها لَيُصِيبُ موْرِكَ رحْلِهِ. ويقُولُ بيدِهِ الْيُمْنَى: «أيّها النّاسُ السّكِينَةَ السّكِينَةَ» كُلّما أتَى حبْلاً مِنَ الْحِبالِ أرْخَى لَها قلِيلاً. حتّى تَصْعدَ. حتّى أتَى الْمُزْدلِفةَ. فصلّى بها الْمغْرِبَ والْعِشاءَ بأذانٍ واحِدٍ وإقامتَيْنِ. ولَمْ يُسبّحْ بيْنَهُما شيْئاً. ثُمّ اضْطجعَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حتّى طلَعَ الْفجْرُ. وصلّى الْفجْرَ، حِينَ تَبيّنَ لَهُ الصبْحُ، بأذانٍ وإقامةٍ. ثُمّ ركِبَ الْقصْواءَ. حتّى أتَى الْمشْعرَ الْحرامَ. فاستَقْبلَ الْقِبْلَةَ. فدعاهُ وكبّرهُ وهلّلَهُ ووحّدَهُ. فلَمْ يزلْ واقِفاً حتّى أسْفرَ جِدّاً. فدفعَ قبْلَ أنْ تَطْلُعَ الشّمْسُ. وأرْدَفَ الْفضْلَ بْنَ عبّاسٍ. وكَانَ رجُلاً حسَنَ الشّعْرِ أبْيضَ وسِيماً. فلَمّا دفعَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مرّتْ بهِ ظُعُنٌ يجْرِينَ. فطفِقَ الْفضْلُ ينْظُرُ إلَيْهِنّ. فوضعَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يدَهُ علَى وجْهِ الْفضْلِ. فحوّلَ الْفضْلُ وجْهَهُ إلَى الشّقّ الآخرِ ينْظُرُ. فحوّلَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يدَهُ مِنَ الشّقّ الآخرِ علَى وجْهِ الْفضْلِ. يصْرِفُ وجْهَهُ مِنَ الشّقّ الآخرِ ينْظُرُ. حتّى أتَى بطْنَ مُحسّرٍ. فحرّكَ قلِيلاً. ثُمّ سلَكَ الطّرِيقَ الْوُسْطَى الّتِي تَخْرُجُ علَى الْجمْرةِ الْكُبْرَى. حتّى أتَى الْجمْرةَ الّتِي عِنْدَ الشّجرةِ. فرماها بسبْعِ حصياتٍ. يُكبّرُ مع كُلّ حصاةٍ مِنْها. مِثْلِ حصَى الْخذْفِ. رمَى مِنْ بطْنِ الْوادِي. ثُمّ انْصرفَ إلَى الْمنْحرِ. فنحرَ ثَلاثاً وسِتّينَ بيدِهِ. ثُمّ أعْطَى علِيّاً. فنحرَ ما غبرَ. وأشْركَهُ فِي هدْيِهِ. ثُمّ أمرَ مِنْ كُلّ بدنَةٍ ببضْعةٍ. فجُعِلَتْ فِي قِدْرٍ. فطُبِخَتْ. فأكَلا مِنْ لحْمِها وشرِبا مِنْ مرقِها. ثُمّ ركِبَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فأفاضَ إلَى الْبيْتِ. فصلّى بمكّةَ الظّهْرَ. فأتَى بنِي عبْدِ الْمُطّلِبِ يسْقُونَ علَى زمْزمَ. فقالَ: «انْزِعُوا. بنِي عبْدِ الْمُطّلِبِ فلَوْلا أنْ يغْلِبكُمْ النّاسُ علَى سِقايتِكُمْ لَنَزعْتُ معكُمْ» فناولُوهُ دلْواً فشرِبَ مِنْهُ.

2906 ـ وحدّثنا عُمرُ بْنُ حفْصِ بْنِ غِياثٍ. حدّثَنا أبِي. حدّثَنا جعْفرُ بْنُ مُحمّدٍ. حدّثَنِي أبِي قالَ: أتَيْتُ جابرَ بْنَ عبْدِ اللّهِ فسألْتُهُ عنْ حجّةِ رسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وساقَ الْحدِيثَ بنحْوِ حدِيثِ حاتِمِ بْنِ إسْماعِيلَ. وزادَ فِي الْحدِيثِ: وكَانَتِ الْعربُ يدْفعُ بهِمْ أبُو سيّارةَ علَى حِمارٍ عُرْيٍ. فلَمّا أجازَ رسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْمُزْدلِفةِ بالْمشْعرِ الْحرامِ. لَمْ تَشُكّ قُريْشٌ أنّهُ سيقْتَصِرُ علَيْهِ. ويكُونُ منْزِلُهُ ثَمّ. فأجازَ ولَمْ يعْرِضْ لَهُ. حتّى أتَى عرفاتٍ فنزلَ.

ئاندىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان تولاپ، ئەزاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى ئوقۇدى، ئاندىن يەنە تەكبىر ئېيتتى، ئەسىرنى ئوقۇدى، بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا ھېچ قانداق ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن ۋۇقۇف قىلىدىغان جايغا كېلىپ، تۆگىسىنى ياتقۇزۇپ، ھەبلەل مەشات دېگەن جاينى ئالدى تەرەپكە قىلىپ، قىبلىگە قاراپ، كۈن كىرگىچە ۋۇقۇف قىلىپ تۇردى، كۈننىڭ سېرىقلىقى ئاستا ـ ئاستايۇقاپ، كۈننىڭ تۇقچى غائىب بولغاندا، ئۇسامەنى ئارقىسىغا مىندۇرۇپ، مۇزدەلىپىگە كۆچۈپ كەلدى، بۇجايدا شام ـ خۇپتەننى بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇدى، بۇ ئىككى نامازنىڭ ئارلىقىدا ھېچ قانداق ناماز ئوقۇمىدى، ئاندىن سۇبھى يورىغىچە ياتتى، ئاندىن سۇبھى يورىغاندا، بامدات نامىزىنى بىر ئەزان، بىر تەكبىر

بىلەن ئۇقۇدى، ئاندىن قەسۋائ دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ، مۇزدەلىپىدىكى قۇزھى دەپ ئاتىلىدىغان مەشئەرۇلھەرەمگە كېلىپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، **الله** قا دۇئا قىلدى، تەكبىر ـ تەھلىل ئېيتتى، تەۋھىد كەلىمىسىنى دېگەچ، شۇ جايدا سۇبھى قاتتىق ئاقارغانغا قەدەر ۋۇقۇف قىلىپ تۇردى، ئاندىن كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇ جايدىن كۆچۈپ، پەزلى ئىبنى ئابباسنى ئارقىسىغا مىندۇرۇپ، بەتنى مۇھەسسەرگە كەلدى، تۆگىسىنى ئازراق ھەركەتلەندۇرۇپ ، ئىتتىكلىشتىپ، خىيف مەسجىدىگە يېقىن بولغان جەمرەتۇلكۇبرا، چوڭ تاش ئېتىش ئورنىغا چىقىدىغان ئوتتۇرا يول بىلەن ماڭدى، دەرەخ يېنىدىكى تاش ئېتىش ئورنىغا كېلىپ، يەتتە تال تاش ئاتتى، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، **الله** ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتتى، تاشنى بەتنى ۋادىي دېگەن جايدىن بارماقلىرى بىلەن ئاتتى، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدىغان جايغا كېلىپ، 63 تۆگىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەالله ئەنھۇغا بەردى، قالغان تۆگىلەرنى ئەلى رەزىيە**الله** ئەنھۇ  بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلدى، رەسۇلۇللاھ  قۇربانلىق ھەدىيلىرىدە، ئەلى رەزىيە**الله** ئەنھۇنى شېرىك قىلغان ئىدى، ئاندىن ھەر بىر تۆگىنىڭ گۆشىدىن بىر پارىدىن قازانغا سېلىشقا بۇيرىدى، گۆش پىشقاندا ھەر ئىككىلىسى قۇربانلىق گۆشىدىن يېدى، شورپىسىدىن ئىچتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىگە مىنىپ، كەئبىگە كۆچۈپ كېلىپ، پېشىننى مەككىدە ئوقۇدى، ئاندىن بەنىي ئابدۇلمۇتتەلىپلەر كىشىلەرنى زەمزەم سۈيى بىلەن سۇغىرۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ باللىرى! زەمزەم سۈيىنى سىلەر تارتىپ سۇغۇرۇڭلار، ئەگەر كىشىلەرنىڭ سۇغۇرۇش خىزمىتىڭلارغا غالىپ كېلىپ، توپلىشىۋىلىشى بولمىغان بولسا، قالايمىقان بولۇپ كېتىش بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن سىلەر بىلەن بىللەزەمزەم سۈيىنى تارتىپ، كىشىلەرنى سۇغارغان بولاتتىم،دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سوغا بىلەن سۇ سۇنۇپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر .

## 526 ــ باب ما جاء أن عرفة كلها موقف

## ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇف قىلىدىغان جايدۇر،دېگەن توغرىسىدا

**2907 ـ حدثنا عُمَرُ بْنُ حَفْص بْنِ غِيَاثٍ.  حَدّثَنَا أبي عَنْ جَعْفَرٍ. حَدّثَنِي أبي عَنْ جَابرٍ فِي حَدِيثِهِ ذَلِكَ: أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «نَحَرْتُ هَـهُنَا. وَمِنًى كُلّهَا مَنْحَرٌ. فَانْحَرُوا فِي رِحَالِكُمْ. وَوَقَفْتُ هَـهُنَا. وَعَرَفَةُ كُلّهَا مَوْقِفٌ. وَوَقَفْتُ هَـهُنَا. وَجَمْعٌ كُلّهَا مَوْقِفٌ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇشۇ يەردە قۇربانلىقنى بوغۇزلىدىم، مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، قۇربانلىقنى ئۆز ئۆيۈڭلاردا بوغۇزلىسالاڭلارمۇ بۇلىدۇ، مەن مۇشۇ يەردە يەنى ئاراپاتتا ۋوقۇف قىلىپ تۇردۇم، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر، مەن مۇشۇ يەردىمۇ ۋوقۇف قىلدىم، جەمئە تېغىنىڭ بارلىق يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر.

مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2908 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمّا قَدِمَ مَكّةَ أَتَى الْحَجَرَ فَاسْتَلَمَهُ. ثُمّ مَشَى عَلَى يَمِينِهِ. فَرَمَلَ ثَلاَثاً وَمَشَى أَرْبَعاً.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، ھەجەرئەسۋەدنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ، ئاندىن كەئبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ ماڭدى، ئۈچ قېتىم رەملە قىلىپ يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۈزلا ئايلىنىپ ماڭدى.

## 527 ـــــ باب في الوقوف وقوله تعالى: ثم أفيضوا من حيث أفاض الناس ۋۇقۇف قىلىش توغرىسىدا

**2909 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا قالَتْ: كَانَ قُرَيْشٌ وَمَنْ دَانَ دِينَهَا يَقِفُونَ بِالْمُزْدَلِفَةِ. وكَانُوا يُسَمَّوْنَ الْحُمْسَ. وكَانَ سَائِرُ الْعَرَبِ يَقِفُونَ بِعَرَفَةَ. فَلَمّا جَاءَ الإِسْلاَمُ أَمَرَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ نَبِيّهُ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَأْتِيَ عَرَفَاتٍ فَيَقِفَ بِهَا. ثُمّ يُفِيضَ مِنْهَا. فَذٰلِكَ قَوْلُهُ عَزّ وَجَلّ: {ثُمّ أَفِيضُوا مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ النّاسُ} ( 2البقرة الآية: 199).**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيش خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەتتقات قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ دىنىغا بويسۇنىدىغان كىشىلەر، مۇزدەلىپىدە ۋۇقۇف قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار بۇنى ھۇمس «كۈچلۈك باتۇرلۇق»دەپ ئاتايتتى، ياكى ئۆزلىرى شۇنداق ئاتىلاتتى، ئەرەپلەرنىڭ قالغانلىرى ئارپات تېغىدا ۋۇقۇف قىلىپ تۇراتتى، ئىسلام دىنى كەلگەندە، **الله** تائالا پەيغەمبىرىنى ئارپات تېغىغا بېرىپ، شۇجايدا ۋۇقۇف قىلىپ تۇرۇشقا، ئاندىن ئارپاتتىن كۈچۈشكە بۇيرىدى، ئەشۇ بولسا، **الله** نىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:« ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، **الله**دىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار. **الله** ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»سۈرە بەقەرە 199 ـ ئايەت. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**2910 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ قالَ: كَانَتِ الْعَرَبُ تَطُوفُ بِالْبَيْتِ عُرَاةً. إِلاّ الْحُمْسَ. وَالْحُمْسُ قُرَيْشٌ وَمَا وَلَدَتْ. كَانُوا يَطُوفُونَ عُرَاةً. إِلاّ أَنْ تُعْطِيَهُمُ الْحُمْسُ ثِيَاباً. فَيُعْطِي الرِّجَالُ الرِّجَالَ وَالنِّسَاءُ النِّسَاءَ. وَكَانَتِ الْحُمْسُ لاَ يَخْرُجُونَ مِنَ الْمُزْدَلِفَةِ. وَكَانَ النّاسُ كُلّهُمْ يَبْلُغُونَ عَرَفَاتٍ. قَالَ هِشَامٌ: فَحَدّثَنِي أَبِي عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا قَالَتْ: الْحُمْسُ هُمُ الّذِينَ أَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ فِيهِمْ: {ثُمّ أَفِيضُوا مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ النّاسُ} ( 2البقرة الآية: 199). قَالَتْ: كَانَ النّاسُ يُفِيضُونَ مِنْ عَرَفَاتٍ. وَكَانَ الْحُمْسُ يُفِيضُونَ مِنَ الْمُزْدَلِفَةِ. يَقُولُونَ: لاَ نُفِيضُ إِلاّ مِنَ الْحَرَمِ. فَلَمّا نَزَلَتْ: {أَفِيضُوا مِنْ حَيْثُ أَفَاضَ النّاسُ} رَجَعُوا إِلَىَ عَرَفَاتٍ.**

ھىشام دادىسىن مۇنداق دەيدۇ: ھۇمس دەپ ئاتىلىدىغان قۇرەيشلىكلەردىن باشقا ئەرەبلەر بەيتۇ**الله** نى يالىڭاچ تاۋاپ قىلاتتى، قۇرەيشلەر كىيىم بەرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى، ئەرلىرى ئەرلىرىگە، ئاياللىرى ئاياللىرىغا كىيىم بېرىپ تۇراتتى، ھۇمس دەپ ئاتىلىدىغان قۇرەيشلىكلەر مۇزدەلىپىدىن قايتىپ چىقاتتى، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئارپاتقا باراتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھۇمس دەپ ئاتىلىدىغان قۇرەيشلىكلەر ھەققىدە **الله** تائالا « ئاندىن كېيىن، سىلەر (ئەرەفاتتىن) كىشىلەر قايتقان جاي بىلەن قايتىڭلار، **الله**دىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار. **الله** ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ھۇمس دەپ ئاتىلىدىغان قۇرەيشلىكلەر مۇزدەلىپىدىن قايتىپ چىقاتتى، بۇلار؛ بىز پەقەت ھەرەمدىنلا

قايتمىز دېيتتى، ئەرەپلەرنىڭ قالغانلىرى ئارافات تېغىدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن قايتاتتى، يۇقىرقى ئايەت نازىل بولغاندا ئاندىن ئۇلار (ۋۇقۇپ قىلىش ئۈچۈن)ئاراپاتقا قايتىپ باردى.

2911 – وحدّثنا أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ و عَمْرٌو النّاقِدُ. جَمِيعاً عَن ابْن عُيَيْنَةَ. قالَ عَمْرٌو: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو. سَمعَ مُحَمّدَ بْنَ جُبَيْر بْنِ مُطْعِمٍ يُحَدّثُ عَنْ أبِيهِ جُبَيْر بْنِ مُطْعِمٍ، قالَ: أَضْلَلْتُ بَعِيراً لِي. فَذَهَبْتُ أَطْلُبُهُ يَوْمَ عَرَفَةَ. فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَاقِفاً مَعَ النّاسِ بِعَرَفَةَ. فَقُلْتُ: وَاللّهِ إنّ هَذَا لَمِنَ الْحُمْسِ. فَمَا شَأْنُهُ هَهُنَا؟ وَكَانَتْ قُرَيْشٌ تُعَدّ مِنَ الْحُمْسِ.

جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تۆگەمنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئاراپات كۈنى ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلەر بىلەن بىللە ئاراپاتتا ۋۇقۇف قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ؛ الله بىلەن قەسەمكى بۇكىشى ھۇمسىدىن يەنى قۇرەيشتىن ئىكەن، بۇكىشى بۇيەردە نىمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟دېدىم.

## 528 ـــــ باب في نسخ التحلل من الإحرام والأمر بالتمام

2912 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. أخْبَرَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَيْس بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طَارِق بْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي مُوسَىَ قَالَ: قَدِمْتُ عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ مُنِيخٌ بِالْبَطْحَاءِ. فَقَالَ لِي: «أحَجَجْتَ؟» فَقُلْتُ: نَعَمْ. فَقَالَ: «بِمَ أَهْلَلْتَ؟» قالَ قُلْتُ: لَبّيْكَ بِإهْلاَلٍ كَإهْلاَلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قالَ: «قَدْ أحْسَنْتَ. طُفْ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ. وَأَحِلّ» قالَ: فَطُفْتُ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ. ثُمّ أَتَيْتُ امْرَأَةً مِنْ بَنِي قَيْسٍ. فَفَلَتْ رَأْسِي. ثُمّ أَهْلَلْتُ بِالْحَجّ. قالَ: فَكُنْتُ أُفْتِي بِهِ النّاسَ. حَتّىَ كَانَ فِي خِلاَفَةِ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ. فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ: يَا أبَا مُوسَىَ أوْ: يَا عَبْدَ اللّهِ بْنَ قَيْسٍ رُوَيْدَكَ بَعْضَ فُتْيَاكَ. فَإنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثَ أمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ فِي النّسُكِ بَعْدَكَ. فَقَالَ: يَا أيّهَا النّاسُ مَنْ كُنّا أفْتَيْنَاهُ بِشَيْءٍ فَلْيَتّئِدْ. فَإنّ أمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ قَادِمٌ عَلَيْكُمْ. فَبِهِ فَائْتَمّوا. قالَ: فَقَدِمَ عُمَرُ رَضِيَ اللّهُ عَنْه فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ: إنْ نَأْخُذْ بِكِتَابِ اللّهِ فَإنّ كِتَابَ اللّهِ يَأْمُرُ بِالتّمَامِ. وَإنْ نَأْخُذْ بِسُنّةِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَإنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لَمْ يَحِلّ حَتّىَ بَلَغَ الْهَدْيُ مَحِلّهُ.

2913 – وحدّثناه عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أبي حَدّثَنَا شُعْبَةُ فِي هَذَا الأسْنَادِ، نَحْوَهُ.

2914 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ (يَعْنِي ابْنَ مَهْدِي) حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ قَيْسٍ، عَنْ طَارِق بْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي موسى رضي اللّهُ عنه قالَ: قَدِمْتُ عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَهُوَ مُنِيخٌ بِالْبَطْحَاءِ. فَقَالَ: «بِمَ أَهْلَلْتَ؟» قالَ قُلْتُ: أَهْلَلْتُ بِإهْلاَلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قالَ: «هَلْ سُقْتَ مِنْ هَدْيٍ؟» قُلْتُ: لاَ. قالَ: «فَطُفْ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ. ثُمّ حِلّ» فَطُفْتُ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ. ثُمّ أَتَيْتُ امْرَأَةً مِنْ قَوْمِي فَمَشَطَتْنِي وَغَسَلَتْ رَأْسِي. فَكُنْتُ أُفْتِي النّاسَ بِذَلِكَ فِي إمَارَةِ أبي بَكْرٍ وَإمَارَةِ عُمَرَ. فَإنّي لَقَائِمٌ بِالْمَوْسِمِ إذْ جَاءَنِي رَجُلٌ فَقَالَ: إنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثَ أمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ فِي شَأْنِ النّسُكِ. فَقُلْتُ: أيّهَا النّاسُ مَنْ كُنّا أفْتَيْنَاهُ بِشَيْءٍ فَلْيَتّئِدْ. فَهَذَا أمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ قَادِمٌ عَلَيْكُمْ. فَبِهِ فَائْتَمّوا. فَلَمّا قَدِمَ قُلْتُ: يَا أمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ مَا هَذَا الّذِي أحْدَثْتَ فِي شَأْنِ النّسُكِ؟ قالَ: إنْ نَأْخُذْ بِكِتَابِ اللّهِ فَإنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ قالَ: {وَأَتِمّوا الْحَجّ وَالْعُمْرَةَ لِلّهِ} ( 2البقرة الآية: 691). وَإنْ نَأْخُذْ بِسُنّةِ نَبِيّنَا عَلَيْهِ الصّلاَةُ وَالسّلاَمُ، فَإنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم لَمْ يَحِلّ حَتّىَ نَحَرَ الْهَدْيَ.

2915 – وحدّثني إسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالاَ: أخْبَرَنَا جَعْفَرُ بْنُ عَوْنٍ. أخْبَرَنَا أبُو عُمَيْسٍ عَنْ قَيْس بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ طَارِق بْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي موسى رضي اللّهُ عنه قالَ: كَانَ رَسُولُ اللّه صلى الله عليه وسلم بَعَثَنِي إلَىَ الْيَمَنِ. قالَ: فَوَافَقْتُهُ فِي الْعَامِ الّذِي حَجّ فِيهِ. فَقَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا أبَا مُوسَىَ كَيْفَ قُلْتَ حِينَ أحْرَمْتَ؟» قالَ: قُلْتُ: «لَبّيْكَ إهْلاَلاً كَإهْلاَلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «هَلْ سُقْتَ هَدْياً؟» فَقُلْتُ: لاَ. قالَ: «فَانْطَلِقْ فَطُفْ بِالْبَيْتِ وَبَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. ثُمّ أحِلّ» ثُمّ سَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ شُعْبَةَ وَسُفْيَانَ.

2916 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ أبي مُوسَىَ، عَنْ أبي مُوسَىَ أنّهُ كَانَ يُفْتِي بِالْمُتْعَةِ. فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ: رُوَيْدَكَ بِبَعْضِ فُتْيَاكَ. فَإنّكَ لاَ تَدْرِي مَا أحْدَثَ أمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ فِي النّسُكِ بَعْدُ. حَتّىَ لَقِيَهُ بَعْدُ. فَسَأَلَهُ. فَقَالَ عُمَرُ: قَدْ عَلِمْتُ أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَدْ فَعَلَهُ، وَأَصْحَابُهُ. وَلَـكِنْ كَرِهْتُ أنْ يَظَلّوا مُعْرِسِينَ بِهِنّ فِي الأرَاكِ. ثُمّ يَرُوحُونَ فِي الْحَجّ تَقْطُرُ رُؤُوسُهُمْ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى يەمەنگە ئەۋەتكەن ئىدى، مەن يەمەندىن كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەتھائە دېگەن جايغا ئارامغا چۈشكەن ئىكەن،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ؛ ھەج قىلدىڭمۇ؟دېدى، مەن ھەئە دېسەم، نىمە بىلەن ھەجگە نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتتىڭ دېدى، مەن؛ لەببەيكە ئاللاھۇممە، ئى الله ! مەن سىنىڭ ئىتائىتىڭدىمەن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نيەت ـ تەلبىلىرىگە ئوخشاش نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتىمەن دېدىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ياخشى قىلىپسەن، ھەدىي ئېلىپ كەلمىگەن بولساڭ، بەيتۇالله نى، سەپا ـ مەرۋە ئارلىقنى تاۋاپ قىلىپ بۇلۇپ، ئېھرامدىن چىقساڭ بۇلىدۇ،دېدى. مەن بەيتۇالله نى، سەپا ـ مەرۋە ئارلىقنى تاۋاپ قىلىپ بۇلۇپ، ئېھرامدىن چىقىپ، ئاندىن مىنىڭ قەۋمىم قىيس جەمەتىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ مىنىڭ چېچىمنى يۇيۇپ تاراپ، بېقىپ قويدى، ئاندىن مەن پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىدىم، مەن ئەبۇبەكرىنىڭ ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ بىر مەزگىلىگىچە شۇنداق پەتىۋا بېرىپ كەلگەن ئىدىم، مەن ھەج مەۋسىمدە تۇرسام بىركىشى ماڭا؛ بەزى پەتىۋالىرىڭنى ئالدىرمايراق بەرگىن، چۈنكى سەن مۆئمىنلەر ئەمىرى ئۆمەرنىڭ سەندىن كيىن ھەج پائالىيەتلىرىدە قانداق نەرسىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى (نىمىگە بۇيرىغىنىنى) بىلمەيسەن دېدى، ئاندىن مەن؛ ئى ئىنسانلار!بىز سىلىگە تەمەتتۇئ ھەج توغرىسىدا بىرەر پەتىۋا بەرگەن بولساق، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەي، تۇرۇپ تۇرارسىلەر، مانا بۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر سىلەرگە يىتىپ كىلىۋىتىپتۇ، ئۇكەلگەندە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلارسىلەر دېدىم، ئۇكەلگەندە مەن ئۇنىڭغا؛ ئى مۆئىنلەرنىڭ ئەمىرى!بۇ نىمە ئىش؟ سىلى يەنە قانداق ئىشلارغا بۇيرىدىلا؟دېسەم، ئۇ؛ ئەگەر بىز الله نىڭ كىتابىغا ئېسىلىدىغان بولساق، الله نىڭ كىتابىمۇ«سىلەر پەرز ھەجنى ۋە ئۆمرە ھەجنى الله رازىلىقى ئۈچۈن كامىل تولۇق ئادا قىلىڭلار...»دەپ ، كامىل قىلىشقا بۇيرىيدۇ، ( 169 ـ ئايەت) ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئېسىلىدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ھەدىي ئۆز ئورنىغا يىتىپ بولمىغىچە، قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە ئېھرامدىن چىقمىغان ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى بىلىمەن، (يەنى تەمەتتۇئ ھەج قىلغان) لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بۇلۇپ، ئىراك ئورمانلىقلىرىدا ئاياللىرى بىلەن بىللە بۇلۇپ، ئاندىن چاچلىرى سۇ تېمىتقان ھالدا ھەجگە ئېھرام باغلاپ كىلىشلىرىنى ياقتۇرمۇدۇم دېدى.(لېكىن يۇقىردا ۋە تۆۋەندە تەمەتتۇئ ھەجگە رۇخسەت قىلىنغاندۇر)

## 529 ـــــ باب جواز التمتع     تەمەتتۇئ ھەجنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

2917 ـ2918 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَةَ قالَ: قالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ شَقِيقٍ: كَانَ عُثْمَانُ يَنْهَىَ عَنِ الْمُتْعَةِ. وَكَانَ عَلِيّ يَأْمُرُ بِهَا. فَقَالَ عُثْمَانُ لِعَلِيَ كَلِمَةً. ثُمّ قَالَ عَلِيّ: لَقَدْ عَلِمْتَ أَنّا قَدْ تَمَتّعْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: أَجَلْ. وَلَـكِنّا كُنّا خَائِفِينَ.

2919 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَمْرِو بْنِ مُرّةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ قَالَ: اجْتَمَعَ عَلِيّ وَعُثْمَانُ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا بِعُسْفَانَ. فَكَانَ عُثْمَانُ يَنْهَى عَنِ الْمُتْعَةِ أَوِ الْعُمْرَةِ. فَقَالَ عَلِيّ: مَا تُرِيدُ إِلَىَ أَمْرٍ فَعَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، تَنْهَىَ عَنْهُ؟ فَقَالَ عُثْمَانُ: دَعْنَا مِنْكَ. فَقَالَ: إِنّي لاَ أَسْتَطِيعُ أَنْ أَدَعَكَ. فَلَمّا أَنْ رَأَىَ عَلِيّ ذَلِكَ، أَهَلّ بِهِمَا جَمِيعاً.

ئابدۇللاھ مۇنداق دېدۇ؛ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەمەتتۇئ ھەج قىلىشقا بۇيرىيتتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن توساتتى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇتوغرىسىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆز قىلىۋىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن بىزنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ تەمەتتۇئ ھەج قىلغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىسەن، رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشنى توسۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟ دېدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ شۇنداق، رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلغان، لېكىن بىز ئۇچاغدا خەۋپتە ئىدۇق، بىزنى ئۆز ئىشىمىزنى قىلغىلى قويغىن دېدى، ئەلى ؛ مەن بۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمايمەن دەپ، ھەر ئىككىلى ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلاپ(قىران) ھەج قىلدى.

2920 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي ذَرَ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: كَانَتِ الْمُتْعَةُ فِي الْحَجّ لأَصْحَابِ مُحَمّدٍ صلى الله عليه وسلم خَاصّةً.

2921 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَـَنِ بْنُ مَهْدِيَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ عَيّاشٍ الْعَامِرِيّ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي ذَرَ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: كَانَتْ لَنَا رُخْصَةً. يَعْنِي الْمُتْعَةَ فِي الْحَجّ.

2922 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ فُضَيْلٍ، عَنْ زُبَيْدٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: قَالَ أَبُو ذَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ: لاَ تَصْلُحُ الْمُتْعَتَانِ إِلاّ لَنَا خَاصّةً. يَعْنِي مُتْعَةَ الْحَجّ وَمُتْعَةَ النّسَاءِ.

2923 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ بْنِ أَبِي الشّعْثَاءِ قَالَ: أَتَيْتُ إِبْرَاهِيمَ النّخَعِيّ وَإِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ. فَقُلْتُ: إِنّي أَهُمّ أَنْ أَجْمَعَ الْعُمْرَةَ وَالْحَجّ، الْعَامَ. فَقَالَ إِبْرَاهِيمُ النّخَعِيّ. لَـكِنْ أَبُوكَ لَمْ يَكُنْ لِيَهُمّ بِذَلِكَ. قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ أَنّهُ مَرّ بِأَبِي ذَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ بِالرّبَذَةِ. فَذَكَرَ لَهُ ذَلِكَ. فَقَالَ: إِنّمَا كَانَتْ لَنَا خَاصّةً دُونَكُمْ.

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدۇ؛ پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ تەمەتتۇئ ھەج قىلىش بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىللىرىغىلا خاس ئىدى، يەنەبىردە؛ بۇ سىلەرگە ئەمەس بىزگە خاس ئىدى، شۇنداقلا ئاياللارنى مەلۇم مىقدار مەھرىگە مەلۇم ۋاقىتقىچە نىكاھلاپ ئېلىشمۇ بىزگىلا خاس ئىدى دېگەن.(تەمەتتۇئ ھەج دۇرۇستۇر.ۋاقىتلىق نىكاھ مەڭگۈ ھارامدۇر، بۇنىڭغا ساھابىلار ئىجمائىقاكەلگەن)

2924 ـ2925 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. جَمِيعاً عَنِ الْفَزَارِيّ. قَالَ سَعِيدٌ: حَدّثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ. أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ التّيْمِيّ عَنْ غُنَيْمِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ: سَأَلْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ عَنِ الْمُتْعَةِ؟ فَقَالَ: فَعَلْنَاهَا. وَهَذَا يَوْمَئِذٍ كَافِرٌ بِالْعُرُشِ. يَعْنِي بُيُوتَ مَكّةَ. 2926 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثَنَا أَبُو أَحْمَدَ الزّبَيْرِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ أَبِي خَلَفٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. جَمِيعاً عَنْ سُلَيْمَانَ التّيْمِيّ بِهَـذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَ حَدِيثِهِمَا. وَفِي حَدِيثِ سُفْيَانَ: الْمُتْعَةُ فِي الْحَجّ.

ئىبنى قىيس مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سەئىدىدىن تەمەتتۇئ ھەج توغرىسىدا سورسام، ئۇ؛ بىز ئۇ ھەجنى قىلغان ئىدۇق، بۇ (يەنى مۇئاۋىيە)ئۇكۇنلەردە(جاھالىيەتتە)مەككەئۆيلىرىدە مۇقۇم تۇراتتى.ياكى بۇ ئۇكۇنلەردە تېخى كاپىرئىدى دېدى.

2927 –2928 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا الْجُرَيْرِيّ عَنْ أَبِي الْعَلاَءِ، عَنْ مُطَرّفٍ قَالَ: قَالَ لِي عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ: إِنّي لأُحَدّثُكَ بِالْحَدِيثِ، الْيَوْمَ، يَنْفَعُكَ اللّهُ بِهِ بَعْدَ الْيَوْمِ. وَاعْلَمْ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ أَعْمَرَ طَائِفَةً مِنْ أَهْلِهِ فِي الْعَشْرِ. فَلَمْ تَنْزِلْ آيَةٌ تَنْسَخُ ذَلِكَ. وَلَمْ يَنْهَ عَنْهُ حَتّى مَضَىَ لِوَجْهِهِ. ارْتَأَىَ كُلّ امْرِىءٍ، بَعْدُ، مَا شَاءَ أَنْ يَرْتَئِيَ.

2929 –2930 ـ وحدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ حُمَيْدِ بْنِ هِلاَلٍ، عَنْ مُطَرّفٍ قَالَ: قَالَ لِي عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ: أُحَدّثُكَ حَدِيثاً عَسَى اللّهُ أَنْ يَنْفَعَكَ بِهِ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَمَعَ بَيْنَ حَجّةٍ وَعُمْرَةٍ. ثُمّ لَمْ يَنْهَ عَنْهُ حَتّى مَاتَ. وَلَمْ يَنْزِلْ فِيهِ قُرْآنٌ يُحَرّمُهُ. وَقَدْ كَانَ يُسَلّمُ عَلَيّ حَتّى اكْتَوَيْتُ. فَتُرِكْتُ. ثُمّ تَرَكْتُ الْكَيّ فَعَادَ.

مۇتەررىف مۇنداق دەيدۇ؛ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق دېگەن؛ مەن ساڭا بۇگۈن بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرەي، الله تائالا ساڭا مۇشۇ ھەدىس سەۋەبلىك بۇنىڭدىن كېيىن مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن، بىلگىنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ۋىدالىشش ھەججىنى قىلغان يىلى)، پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ، ئىككى ھەجنى بىرلەشتۇرۇپ تەمەتتۇئ ھەج قىلغان ئىدى، زۇلھەججىنىڭ ئونىدا ئەھلىدىن بىرتائىپە كىشلەرنىمۇ ئۆمرە ھەج قىلدۇرغان ئىدى، ئاندىن ئۆز يولىغاكەتكەنگە يەنى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بۇنىڭدىن توسمىدى، شۇنداقلا تەمەتتۇئ ھەج قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھارام قىلىدىغان ئايەتمۇ نازىل بولمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىركىشى ئۆزلىرى خالىغانچە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتىرىغا قويدى(يەنى ئۆمەرنى دېمەكچى) مەن بەۋاسىر كېسىلىمنى ئوت بىلەن داغلاپ داۋالىغانغا قەدەر ماڭا پەرىشتىلەر تەرەپتىن سالام قىلىنىپ تۇراتتى، كېيىن مەن تەرىك ئېتىلدىم، ئاندىن شۇنداق داۋالاشنى تەرىك ئەتكەندە، يەنە ماڭا سالام قايتتى.

2931 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ مُطَرّفٍ قَالَ: بَعَثَ إِلَيّ عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ فِي مَرَضِهِ الّذِي تُوُفّيَ فِيهِ. فَقَالَ: إِنّي كُنْتُ مُحَدّثَكَ بِأَحَادِيثَ. لَعَلّ اللّهَ أَنْ يَنْفَعَكَ بِهَا بَعْدِي. فَإِنْ عِشْتُ فَاكْتُمْ عَنّي. وَإِنْ مُتّ فَحَدّثْ بِهَا إِنْ شِئْتَ: إِنّهُ قَدْ سُلّمَ عَلَيّ. وَاعْلَمْ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ جَمَعَ بَيْنَ حَجَ وَعُمْرَةٍ، ثُمّ لَمْ يَنْزِلْ فِيهَا كِتَابُ اللّهِ، وَلَمْ يَنْهَ عَنْهَا نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ رَجُلٌ فِيهَا بِرَأْيِهِ مَا شَاءَ.

2932 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي عَرُوبَةَ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ مُطَرّفِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الشّخّيرِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: اعْلَمْ أَنّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم جَمَعَ بَيْنَ حَجَ وَعُمْرَةٍ. ثُمّ لَمْ يَنْزِلْ فِيهَا كِتَابٌ. وَلَمْ يَنْهَنَا عَنْهُمَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ فِيهَا رَجُلٌ بِرَأْيِهِ مَا شَاءَ.

2933 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنِي عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا قَتَادَةُ عَنْ مُطَرّفٍ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: تَمَتّعْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ يَنْزِلْ فِيهِ الْقُرْآنُ. قَالَ رَجُلٌ بِرَأْيِهِ مَا شَاءَ.

2934 ـ وَحَدّثَنِيهِ حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الْمَجِيدِ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ وَاسِعٍ عَنْ مُطَرّفِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الشّخّيرِ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللّهُ عنه بِهَذَا الْحَدِيثِ. قَالَ: تَمَتّعَ نَبِيّ اللّهُ صلى الله عليه وسلم وَتَمَتّعْنَا مَعَهُ.

2935 ـ حدّثنا حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ. حَدّثَنَا عِمْرَانُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ أَبِي رَجَاءٍ قَالَ: قَالَ عِمْرَانُ بْنُ حُصَيْنٍ: نَزَلَتْ آيَةُ الْمُتْعَةِ فِي كِتَابِ اللّهِ (يَعْنِي مُتْعَةَ الْحَجّ). وَأَمَرَنَا بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ لَمْ تَنْزِلْ آيَةٌ تَنْسَخُ آيَةَ مُتْعَةِ الْحَجّ. وَلَمْ يَنْهَ عَنْهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَتّى مَاتَ. قَالَ رَجُلٌ بِرَأْيِهِ، بَعْدُ، مَا شَاءَ.

2936 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عِمْرَانَ الْقَصِيرِ. حَدّثَنَا أَبُو رَجَاءٍ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: وَفَعَلْنَاهَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَلَمْ يَقُلْ: وَأَمَرَنَا بِهَا.

مۇتەررىف رەھ  مۇنداق دەيدۇ؛ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن   رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقان كېسەللىك مەزگىلىدە ماڭا كىشى ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەن؛ مەن ساڭا بۇگۈن بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرەي، **الله** تائالا ساڭا مۇشۇ ھەدىس سەۋەبلىك بۇنىڭدىن كېيىن مەنپەئەت بېرىشى مۇمكىن، ئەگەر مەن ھايات تۇرسا،ملا، سەن بۇھەدىسنى يۇشۇرۇپ تۇرغىن، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئاندىن بۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزگىن، بىلگىنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ۋىدالشىش ھەججىنى قىلغان يىلى)، پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئىھرام باغلاپ، ئىككى ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ تەمەتتۇئ ھەج قىلغان ئىدى، (ياكى قىران ھەج،زۇلھەججىنىڭ ئونىدا ئەھلىدىن بىرتائىپە كىشلەرنىمۇ ئۆمرە ھەج قىلدۇرغان ئىدى)، بىزمۇ شۇنداق قىلغان ئىدۇق، ئاندىن ئۆز يولىغاكەتكەنگە يەنى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بۇنىڭدىن توسمىدى، شۇنداقلا تەمەتتۇئ ھەج قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھارام قىلىدىغان ئايەتمۇ نازىل بولمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىركىشى ئۆزلىرى خالىغانچە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتىرىغا قويدى(يەنى ئۆمەرنى دېمەكچى)  ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالشىش ھەججىنى قىلغان يىلى، پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئىھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلغان ئىدى، ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ، ئاندىن كېيىن پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىغان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 530 ــ باب وجوب الدم على المتمتع، وأنه إذا عدمه لزمه صوم ثلاثة أيام في الحج وسبعة إذا رجع إلى أهله

**تەمەتتۇئ ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئۈستىگە بىر قوي ھەدىي قىلىشىنىڭ ۋاجىبلىقى، ئەگەر ئۇنى تاپالمىسا، ھەج مەزگىلىدە ئۈچ كۈن، ئەھلىگە قايتقاندا يەتتە كۈن جەمئى ئون كۈن روزا تۇتىشى توغرىسىدا**

2937 ـ حدّثنا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْثِ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: تَمَتّعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجّ. وَأَهْدَى. فَسَاقَ مَعَهُ الْهَدْيَ مِنْ ذِي الْحُلَيْفَةِ. وَبَدَأَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَهَلّ بِالْعُمْرَةِ. ثُمّ أَهَلّ بِالْحَجّ. وَتَمَتّعَ النّاسُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجّ. فَكَانَ مِنَ النّاسِ مَنْ أَهْدَى فَسَاقَ الْهَدْيَ. وَمِنْهُمْ مَنْ لَمْ يُهْدِ. فَلَمّا قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَكّةَ قَالَ لِلنّاسِ: «مَنْ كَانَ مِنْكُمْ أَهْدَى، فَإِنّهُ لاَ يَحِلّ مِنْ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ حَتّى يَقْضِيَ حَجّهُ. وَمَنْ لَمْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَهْدَى، فَلْيَطُفْ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ وَلْيُقَصّرْ وَلْيَحْلِلْ. ثُمّ لِيُهِلّ بِالْحَجّ وَلْيُهْدِ. فَمَنْ لَمْ يَجِدْ هَدْياً، فَلْيَصُمْ ثَلاَثَةَ أَيّامٍ فِي الْحَجّ وَسَبْعَةً إِذَا رَجَعَ إِلَى أَهْلِهِ» وَطَافَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِينَ قَدِمَ مَكّةَ. فَاسْتَلَمَ الرّكْنَ أَوّلَ شَيْءٍ. ثُمّ خَبّ ثَلاَثَةَ أَطْوَافٍ مِنَ السّبْعِ. وَمَشَى أَرْبَعَةَ أَطْوَافٍ. ثُمّ رَكَعَ، حِينَ قَضَى طَوَافَهُ بِالْبَيْتِ عِنْدَ الْمَقَامِ، رَكْعَتَيْنِ. ثُمّ سَلّمَ فَانْصَرَفَ. فَأَتَى الصّفَا فَطَافَ بِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ سَبْعَةَ أَطْوَافٍ. ثُمّ لَمْ يَحْلِلْ مِنْ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ حَتّى قَضَى حَجّهُ، وَنَحَرَ هَدْيَهُ يَوْمَ النّحْرِ، وَأَفَاضَ. فَطَافَ بِالْبَيْتِ ثُمّ حَلّ مِنْ كُلّ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ. وَفَعَلَ، مِثْلَ مَا فَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مَنْ أَهْدَى وَسَاقَ الْهَدْيَ مِنَ النّاسِ.

2938 ـ وَحَدّثَنِيهِ  عَبْدُ المَلِكِ بْنُ شُعَيْبٍ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي عُقَيْلٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ أَنّ  عَائِشَةَ زَوْجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَخْبَرَتْهُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي تَمَتّعِهِ بِالْحَجّ إِلَى الْعُمْرَةِ. وَتَمَتّعَ النّاسِ مَعَهُ. بِمِثْلِ الّذِي أَخْبَرَنِي سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا ، ئۆمرە ھەجنى پەرز ھەج بىلەن بىللە قىلىپ، بۇ ئىككى ھەجگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلدى،

قۇربانلىق ھەدىيلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە زۇلھۇلەيپەدىن باشلاپ ھەيدەپ ماڭدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، ئاندىن پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغان ئىدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەك، ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، ئاندىن پەرز ھەجگە ئېھرام باغلاپ، تەمەتتۇئ ھەج قىلدى، كىشىلەرنىڭ بەزىسى قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ ماڭغان ئىدى، بەزىسى ھەدىي ئالمىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، كىشىلەرگە مۇنداق دېدى:« سىلەردىن كىم قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ھەججىنى كامىل ئادا قىلمىغىچە، ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھالال بۇلمايدۇ(يەنى چەكلەنگەن نەرسىنى قىلسا بولمايدۇ) سىلەردىن كىم قۇربانلىق ھەدىينى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ كەئبىنى ۋە سەپا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىپ بۇلۇپ، چېچىنى چۇشۇرتۇپ، ياكى قىسقارتىپ، ئېھرامدىن چىقسا بۇلىدۇ، ئاندىن ئۆكىشى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن، (مانا بۇ تەمەتتۇئ ھەج دېيىلىدۇ) **ۋە بىر قوي ھەدىي قىلسۇن، ھەدىي قىلىدىغان قوينى تاپالمىغان كىشى ، ھەج مەزگىلىدە ئۈچ كۈن، ئەھلىگە قايتقاندا يەتتە كۈن جەمئى ئون كۈن روزا تۇتسۇن،** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، تۇنجى بۇلۇپ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ سۆيدى، ئاندىن كەئبىنى ئايلانغىچە ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ماڭدى، (جەمئى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى) تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەقام ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇدى، ئاندىن نامازدىن سالام بېرىپ قايتىپ، سەپا تېغىغا كەلدى، سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارلىقىدا يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى، ئاندىن ھەججىنى كامىل ئادا قىلمىغىچە، نەھرى كۈنى قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە، چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھالال بولمىدى، (يەنى ئېھرامدىن چىقمىدى)، ۋۇقۇفتىن كېيىن كۆچۈپ كېلىپ، كەئبىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىپ، چەكلەنگەن ھەرقانداق نەرسىلەردىن ھالال بولدى، ھەدىي قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى قىلدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 531 ـــــ باب بيان أن القارن لا يتحلل إلا في وقت تحلل الحاجّ المفرد

**پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلاپ قىران ھەج قىلغۇچى كىشى، پەرز ھەجنىلا قىلغان ھاجىلار ئېھرامدىن چىققان ۋاقىتتا ئېھرامدىن چىقىدۇ، دېگەن توغرىسىدا**

2939 ـ2940 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ حَفْصَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَا شَأْنُ النّاسِ حلّوا وَلَمْ تَحْلِلْ أَنْتَ مِنْ عُمْرَتِكَ؟ قالَ: «إِنّي لَبّدْتُ رَأْسِي. وَقَلّدْتُ هَدْيِي. فَلاَ أَحِلّ حَتّى أَنْحَرَ».
2941 ـ2942 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. قال: أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ حَفْصَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ قالَتْ: قُلْتُ لِلنّبيّ صلى الله عليه وسلم: مَا شَأْنُ النّاسِ حلّوا وَلَمْ تَحِلّ مِنْ عُمْرَتِكَ؟ قالَ «إِنّي قَلّدْتُ هَدْيِي، وَلَبّدْتُ رَأْسِي، فَلاَ أَحِلّ حَتّى أَحِلّ مِنَ الْحَجّ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ھەپسە؛ ئى اللە نىڭ ئالچىسى!كىشىلەرگە نىمە بولغاندۇ؟ سىلى ئۆمرە ھەجلىرىنىڭ ئېھرامىدىن چىقماپلا، كىشىلەر ئېھرامدىن

چىقىپ بولۇپتۇغۇ؟دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ؛ مەن قۇربانلىق ھەدىيەمگە بەلگە قىلىپ قەلادە ئاستىم، چېچىمنى

يۇيۇپ تاراپ قاتۇردۇم، قۇربانلىقىمنى بوغۇزلاپ، پەرز ھەجنىڭ ئېھرامدىن چىقمىغىچە ئېھرامدىن چىقمايمەن دېدى.

**2943 ـ وحدّثنا ابْنُ أبي عُمَرَ. حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ سُلَيْمَانَ الْمَخْزُومِيّ وَ عَبْدُ الْمَجِيدِ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. قَالَ: حَدّثَتْنِي حَفْصَةُ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَمَرَ أَزْوَاجَهُ أَنْ يَحْلِلْنَ عَامَ حَجّةِ الْوَدَاعِ. قَالَتْ حَفْصَةُ: فَقُلْتُ: مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَحِلّ؟ قَالَ: «إِنّي لَبّدْتُ رَأْسِي، وَقَلّدْتُ هَدْيِي، فَلاَ أَحِلّ حَتّىَ أَنْحَرَ هَدْيِي».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ھەپسە ماڭا

مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى؛ رەسۇلۇللاھ ھەججەتۇلۋىدائىنىڭ يىلى ئاياللىرىنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىدى،

مەن؛ سىلىنىڭ ئېھرامدىن چىقىشلىرىنى نىمە توستى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ مەن قۇربانلىق ھەدىيەمگە بەلگە قىلىپ

قەلادە ئاستىم، چېچىمنى يۇيۇپ تاراپ قاتۇردۇم، قۇربانلىقىمنى بوغۇزلىمىغىچە ئېھرامدىن چىقمايمەن دېدى.

## *532 ـــــ باب بيان جواز التحلل بالإحصار وجواز القران*

## توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئېھرامدىن چىقىشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلاپ قىران ھەج قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

**2944 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا خَرَجَ فِي الْفِتْنَةِ مُعْتَمِراً. وَقَالَ: إِنْ صُدِدْتُ عَنِ الْبَيْتِ صَنَعْنَا كَمَا صَنَعْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَخَرَجَ فَأَهَلّ بِعُمْرَةٍ. وَسَارَ حَتّى إِذَا ظَهَرَ عَلَى الْبَيْدَاءِ الْتَفَتَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ: مَا أَمْرُهُمَا إِلاّ وَاحِدٌ. أُشْهِدُكُمْ أَنّي قَدْ أَوْجَبْتُ الْحَجّ مَعَ الْعُمْرَةِ. فَخَرَجَ حَتّى إِذَا جَاءَ الْبَيْتَ طَافَ بِهِ سَبْعاً. وَبَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ، سَبْعاً. لَمْ يَزِدْ عَلَيْهِ. وَرَأَى أَنّهُ مُجْزِىءٌ عَنْهُ. وَأَهْدَى.**

**2945 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. حَدّثَنِي نَافِعٌ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبْدِ اللّهِ، وَ سَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللّه كَلّمَا عَبْدَ اللّه حِينَ نَزَلَ الْحَجّاجُ لِقِتَالِ ابْنِ الزّبَيْرِ. قَالاَ: لاَ يَضُرّكَ أَنْ لاَ تَحُجّ الْعَامَ. فَإِنّا نَخْشَىَ أَنْ يَكُونَ بَيْنَ النّاسِ قِتَالٌ يُحَالُ بَيْنَكَ وَبَيْنَ الْبَيْتِ. قَالَ: فَإِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ فَعَلْتُ كَمَا فَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَنَا مَعَهُ. حِينَ حَالَتْ كُفّارُ قُرَيْشٍ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْبَيْتِ. أُشْهِدُكُمْ أَنّي قَدْ أَوْجَبْتُ عُمْرَةً. فَانْطَلَقَ حَتّىَ أَتَىَ ذَا الْحُلَيْفَةِ فَلَبّى بِالْعُمْرَةِ. ثُمّ قَالَ: إِنْ خُلّيَ سَبِيلِي قَضَيْتُ عُمْرَتِي. وَإِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ فَعَلْتُ كَمَا فَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَنَا مَعَهُ. ثُمّ تَلاَ: {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ} (33الأحزاب الآية: 12) ثُمّ سَارَ حَتّىَ إِذَا كَانَ بِظَهْرِ الْبَيْدَاءِ قَالَ: مَا أَمْرُهُمَا إِلاّ وَاحِدٌ. إِنْ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَ الْعُمْرَةِ حِيلَ بَيْنِي وَبَيْنَ الْحَجّ. أُشْهِدُكُمْ أَنّي قَدْ أَوْجَبْتُ حَجّةً مَعَ عُمْرَةٍ. فَانْطَلَقَ حَتّى ابْتَاعَ بِقُدَيْدٍ هَدْياً. ثُمّ طَافَ لَهُمَا طَوَافاً وَاحِداً بِالْبَيْتِ وَبَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. ثُمّ لَمْ يَحِلّ مِنْهُمَا حَتّى حَلّ مِنْهُمَا بِحَجّةٍ، يَوْمَ النّحْرِ.**

**2946 ـ وحدّثناه ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ. قَالَ: أَرَادَ ابْنُ عُمَرَ الْحَجّ حِينَ نَزَلَ الْحَجّاجُ بِابْنِ الزّبَيْرِ. وَاقْتَصّ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ هَذِهِ الْقِصّةِ. وَقَالَ فِي آخِرِ الْحَدِيثِ: وَكَانَ يَقُولُ: مَنْ جَمَعَ بَيْنَ الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ كَفَاهُ طَوَافٌ وَاحِدٌ. وَلَمْ يَحِلّ حَتّى يَحِلّ مِنْهُمَا جَمِيعاً.**

**2947 ـ2948 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ أَنّ ابْنَ عُمَرَ أَرَادَ الْحَجّ عَامَ نَزَلَ الْحَجّاجُ بِابْنِ الزّبَيْرِ. فَقِيلَ لَهُ: إِنّ النّاسَ كَائِنٌ بَيْنَهُمْ قِتَالٌ. وَإِنّا نَخَافُ أَنْ يَصُدّوكَ. فَقَالَ: لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ. أَصْنَعُ كَمَا صَنَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. إِنّي أُشْهِدُكُمْ أَنّي قَدْ أَوْجَبْتُ عُمْرَةً. ثُمّ خَرَجَ حَتّى إِذَا كَانَ بِظَاهِرِ الْبَيْدَاءِ قَالَ: مَا شَأْنُ الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ إِلاّ وَاحِدٌ. اشْهَدُوا (قَالَ ابْنُ رُمْحٍ: أُشْهِدُكُمْ) أَنّي قَدْ أَوْجَبْتُ حَجّاً مَعَ عُمْرَتِي. وَأَهْدَى هَدْياً اشْتَرَاهُ بِقُدَيْدٍ. ثُمّ انْطَلَقَ يُهِلّ بِهِمَا جَمِيعاً. حَتّى قَدِمَ مَكّةَ.فَطَافَ بِالْبَيْتِ وَبِالصّفَا وَالْمَرْوَةِ. وَلَمْ يَزِدْ عَلَى ذَلِكَ. وَلَمْ يَنْحَرْ. وَلَمْ يَحْلِقْ. وَلَمْ يُقَصّرْ. وَلَمْ يَحْلِلْ مِنْ شَيْءٍ حَرُمَ مِنْهُ. حَتّى كَانَ يَوْمُ النّحْرِ فَنَحَرَ وَحَلَقَ. وَرَأَى أَنْ قَدْ قَضَى طَوَافَ الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ بِطَوَافِهِ الأَوّلِ. وَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: كَذَلِكَ فَعَلَ رَسُولُ اللّه صلى الله عليه وسلم.**

نافىئ مۇنداق دېدۇ؛ ھەججاج، ئىبنى زۇبەيرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن يىتنى يىلى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇما ئۆمرە ھەج قىلىشقا ماڭدى، ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭغا؛ بۇيىل ھەج قىلماي تۇرساڭ، ساڭا ھېچ بىر زىيىنى

بولماس ئىدى، بىز كىشىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ، سەن بىلەن مەككىنىڭ ئارلىقى توسۇلۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىدۇق،دېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما؛ئەگەر مەن مەككىگە بېرىش جەريانىدا توسۇلۇپ قالسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغانغەكلا قىلىمەن، قۇرەيش كۇپپارلىرى رەسۇلۇللاھنى مەككىدىن توسۇۋالغاندا مەنمۇ بىللە بارئىدىم، مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، مەن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلىدىم دەپ چىقىپ، زۇلھۇلەيپكە كەلگىچە ئۆمرە ھەجگە نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتتى، ئەگەر يولۇم خالى قويۇپ بېرىلسە، ئۆمرە ھەججىمنى ئادا قىلىۋالىمەن، ئەگەر يولۇم توسۇلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاندەكلا قىلىمەن، «ھەققەتەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ياخشى ئۆلگە باردۇر»دېدى.ئاندىن بەيدائ دېگەن جايغا كەلگەندە؛ بۇئىككى ھەجنىڭ يەنى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنىڭ ئىشى بىر ئىكەن،گۇۋاھ بۇلۇڭلار، مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، مەن پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلىدىم ، مەن پەرز ھەج بىلەن بىرگە ئۆمرە ھەج قىلىشىمنى ۋاجىب قىلدىم دەپ چىقىپ، قۇدەيد دېگەن جايدىن قۇربانلىق سېتىۋېلىپ، ئىككىلى ھەجگە بىراقلا تەلبى ئەيتىپ مەككىگە كىلىپ، بەيتۇللاھنى يەتتە، سەپا، مەرۋىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭدىن زىيادە قىلمىدى، يەنى بۇ بىر قېتىملىق تاۋاپنى ھەرئىككىلى ھەجگە كۇپايە بۇلىدۇ دەپ قارىدى، ئاندىن نەھرى كۇنى بولمىغىچە، ئىھرامدىن ھىقمىدى، چېچىنى چۈشۈرمىدى ھەم قىسقارتمىدى، ئىھرامدا ھارام بولغان ھېچ بىر نەرسىدىن ھالال بولمىدى، پەقەت نەھرى كۈنىلا قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ، ھەر ئىككىلى ھەجدىن بىراقلا ئىھرامدىن چىقتى، ۋە رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلغان دېدى.بۇقىران ھەج دىيىلىدۇ.

## 533 ـــــ باب في الإفراد والقران بالحج والعمرة

### پەرز ھەجنىلا قىلىش ۋە قىران ھەج قىلىشنىڭمۇ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

2949 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَوْنٍ الْهِلاَلِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبّادُ بْنُ عَبّادٍ الْمُهَلّبِيّ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ (فِي رِوَايَةِ يَحْيَى) قَالَ: أَهْلَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْحَجّ مُفْرَداً. (وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ عَوْنٍ) أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَهَلّ بِالْحَجّ مُفْرَداً.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجگىلا ئىھرام باغلىغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھمۇ پەرز ھەجگىلا ئىھرام باغلاپ ئىپراد ھەج قىلغان ئىدى.

2950 ـ وحدّثنا سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. حَدّثَنَا حُمَيْدٌ عَنْ بَكْرٍ، عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللّهُ عنه قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يُلَبّي بِالْحَجّ وَالْعُمْرَةِ جَمِيعاً. قَالَ بَكْرٌ: فَحَدّثْتُ بِذَلِكَ ابْنَ عُمَرَ. فَقَالَ: لَبّى بِالْحَجّ وَحْدَهُ. فَلَقِيتُ أَنَساً فَحَدّثْتُهُ بِقَوْلِ ابْنِ عُمَرَ فَقَالَ أَنَسٌ: مَا تَعُدّونَنَا إِلاّ صِبْيَاناً سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَبّيْكَ عُمْرَةً وَحَجّاً».

2951 ـ وحدّثني  أُمَيّةُ بْنُ بِسْطَامَ الْعَيْشِيّ. حَدّثنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ) حَدّثنَا حَبِيبُ بْنُ الشّهِيدِ عَنْ بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثنَا أَنَسٌ رَضِيَ اللّهُ عنه أَنّهُ رَأَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم جَمَعَ بَيْنَهُمَا. بَيْنَ الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ. قَالَ: فَسَأَلْتُ ابْنَ عُمَرَ. فَقَالَ: أَهْلَلْنَا بِالْحَجّ. فَرَجَعْتُ إِلَى أَنَسٍ فَأَخْبَرْتُهُ مَا قَالَ ابْنُ عُمَرَ. فَقَالَ: كَأَنّمَا كُنّا صِبْيَاناً.

بەكرىدىن؛ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلاپ تەلبى ئەيتقىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بەكرى؛ مەن ئۇنىڭ بۇسۆزىنى ئىبنى ئۆمەرگە دىسەم، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ پەقەت پەرز ھەجگىلا ئىھرام باغلاپ ئىپراد ھەج قىلغان ئىدى،دىدى، يەنەبىردە؛ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئىھرام باغلاپ تەلبى ئەيتقىنىنى كۆرۈپتۇ دىسەم، ئۇ؛ بىز پەقەت پەرز ھەجگىلا ئىھرام باغلىغان دىدى، مەن كىيىن ئەنەسكە ئۇچراپ قىلىپ بۇسۆزنى ئۇنىڭغا دىسەم، ئەنەس؛ ئۇلار بىزنى كىچىك بالا سانايدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن رەسۇلۇللاھنىڭ «لەببەيكە ئۆمرەتەن ۋە ھەججا»يەنى ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەجگە بىراقلا نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم دىدى.(بۇ قىران ھەج بولىدۇ) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئەبۇتەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشكىلىك ئىدىم، ئۇلار ھەممىسى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجگە بىراقلا ئاۋاز قىلىپ، تەلبىي ئەيتىپ ماڭدى. (يەنى خۇددى تەمەتتۇئ ھەج دۇرۇس بولغاندەك، قىران ھەجمۇ دۇرۇستۇر)بۇخارى.

## 534 ـــــ باب ما يلزم من أحرم بالحج، ثم قدم مكة، من الطواف والسعي

## ھەجگە ئىھرام باغلاپ مەككىگە كەلگەن كىشى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى، سەپا ـ مەرۋىدە سەئيى قىلىشى لازىم

2952 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْثَرٌ عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنْ وَبَرَةَ قَالَ: كُنْتُ جَالِساً عِنْدَ ابْنِ عُمَرَ. فَجَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ: أَيَصْلُحُ لِي أَنْ أَطُوفَ بِالْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ آتِيَ الْمَوْقِفَ. فَقَالَ: نَعَمْ. فَقَالَ: فَإِنّ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: لاَ تَطُفْ بِالْبَيْتِ حَتّى تَأْتِيَ الْمَوْقِفَ. فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ: فَقَدْ حَجّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَطَافَ بِالْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ يَأْتِيَ الْمَوْقِفَ. فَبِقَوْلِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَحَقّ أَنْ تَأْخُذَ، أَوْ بِقَوْلِ ابْنِ عَبّاسٍ، إِنْ كُنْتَ صَادِقاً؟.

2953 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ بَيَانٍ، عَنْ وَبَرَةَ. قَالَ: سَأَلَ رَجُلٌ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا: أَطُوفُ بِالْبَيْتِ وَقَدْ أَحْرَمْتُ بِالْحَجّ؟ فَقَالَ: وَمَا يَمْنَعُكَ؟ قَالَ: إِنّي رَأَيْتُ ابْنَ فُلاَنٍ يَكْرَهُهُ وَأَنْتَ أَحَبّ إِلَيْنَا مِنْهُ. رَأَيْنَاهُ قَدِ افْتَتَنَتْهُ الدّنْيَا. فَقَالَ: وَأَيّنَا (أَوْ أَيّكُمْ) لَمْ تَفْتِنْهُ الدّنْيَا؟ ثُمّ قَالَ: رَأَيْنَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَحْرَمَ بِالْحَجّ. وَطَافَ بِالْبَيْتِ. وَسَعَى بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. فَسُنّةُ اللّهِ وَسُنّةُ رَسُولِهِ صلى الله عليه وسلم أَحَقّ أَنْ تَتّبِعَ، مِنْ سُنّةِ فُلاَنٍ، إِنْ كُنْتَ صَادِقاً.

ۋەبەرەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بىركىشى كېلىپ؛ مەن پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىدىم، ۋۇقۇف قىلىدىغان جايغا بېرىشىمدىن بۇرۇن بەيتۇللاھ نى تاۋاپ قىلسام دۇرۇس بۇلامدۇ؟ دىدى، ئۇ؛ ھەئە بۇلىدۇ، سىنى شۇنداق قىلىشتىن نىمە توستى؟دىدى، ئۇكىشى؛ پالانىنىڭ بالىسى(يەنى ئىبنى ئابباس)شۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايدىكەن، ئۇ؛ ۋۇقۇف قىلىدىغان جايغا بارمىغىچە، بەيتۇللاھ نى تاۋاپ قىلما دەيدۇ، سەن ماڭا ئۇنىڭدىن سۆيۈملۈكتۇرسەن، ئۇنى دۇنيا پىتنىگە تاشلىدى(چۈنكى ئۇ بەسراغا ۋالى بولغان، بۇئىش

خەتەرلىك پىتنە سانىلاتتى.) ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما؛ قايىسىڭلارنى ياكى قايسىمىزنى بۇدۇنيا پىتنىگە تاشلىمىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز ھەجگە ئېھرام باغلاپ ھەج قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋۇقۇپ قىلىدىغان جايغا بېرىشتىن بۇرۇن بەيتۇﷲ نى تاۋاپ قىلىپ، سەپا ، مەرۋە ئېغى ئارىسىدا سەئيى قىلغان ئىدى، ئەگەر سەن راسچىل بولساڭ، ﷲ نىڭ يولى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئېسىلىپ مېڭىشىڭغا ھەقلىقمۇ؟ياكى ئىبنى ئابباسنىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇ پالانى، پالانىنىڭ يولىدىن ﷲ نىڭ يولى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئېسىلىپ مېڭىشىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر،دېدى.

**2954 – 2955 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ قَالَ: سَأَلْنَا ابْنَ عُمَرَ عَنْ رَجُلٍ قَدِمَ بِعُمْرَةٍ. فَطَافَ بِالْبَيْتِ وَلَمْ يَطُفْ بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. أَيَأْتِي امْرَأَتَهُ؟ فَقَالَ: قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَطَافَ بِالْبَيْتِ سَبْعاً. وَصَلّى خَلْفَ الْمَقَامِ رَكْعَتَيْنِ وَبَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ، سَبْعاً. وَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ.**

ئىبنى دىينار مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن، بىركىشى ئۆمرە ھەج قىلىپ كىلىپ، بەيتۇﷲ نى تاۋاپ قىلىپ، سەپا ـ مەرۋە ئارلىقنى تاۋاپ قىلمايلا، ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟دەپ سورساق، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ، (تۇنجى بولۇپ ھەجەر ئەسۋەدنى سلاپ سۆيدى، ئاندىن كەئبىنى ئايلانغىچە ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ ماڭدى، تۆت قېتىم تۈزلا ماڭدى، جەمئى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى) تاۋاپىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەقام ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ياكى ئارقىسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازدىن سالام بىرىپ قايتىپ، سەپا تېغىغا كەلدى، سەپا ـ مەرۋە تېغى ئارلىقىدا يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى، (....ئاندىن ھەججىنى كامىل ئادا قىلمىغىچە، نەھرى كۈنى قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە، چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھالال بولمىدى، (يەنى ئېھرامدىن چىقمىدى)، ۋۇقۇفتىن كىيىن كۆچۈپ كىلىپ، كەئبىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىپ، چەكلەنگەن ھەرقانداق نەرسىلەردىن ھالال بولدى.)سىلەرگە رەسۇلۇللاھدا ياخشى ئۈلگە باردۇر،دېدى.

## 535 ـــــ *باب ما يلزم، من طاف بالبيت وسعى، من البقاء على الإحرام وترك التحلل*

### كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، سەپا ـ مەرۋە ئارلىقىدا سەئيى قىلغان كىشىنىڭ ئېھرامدىن چىقماي تۇرۇشى توغرىسىدا

**2956 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حدّثنا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو (وَهُوَ ابْنُ الْحَارِثِ) عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّ رَجُلاً مِنْ أَهْلِ الْعِرَاقِ قَالَ لَهُ: سَلْ لِي عُرْوَةَ بْنَ الزّبَيْرِ عَنْ رَجُلٍ يُهِلّ بِالْحَجّ. فَإِذَا طَافَ بِالْبَيْتِ أَيَحِلّ أَمْ لاَ؟ فَإِنْ قَالَ لَكَ: لاَ يَحِلّ. فَقُلْ لَهُ: إِنّ رَجُلاً يَقُولُ ذَلِكَ. قَالَ فَسَأَلْتُهُ فَقَالَ: لاَ يَحِلّ مَنْ أَهَلّ بِالْحَجّ إِلاّ بِالْحَجّ. قُلْتُ: فَإِنّ رَجُلاً كَانَ يَقُولُ ذَلِك. قَالَ: بِئْسَ مَا قَالَ. فَتَصَدّانِي الرّجُلُ فَسَأَلَنِي فَحَدّثْتُهُ. فَقَالَ: فَقُلْ لَهُ: فَإِنّ رَجُلاً كَانَ يُخْبِرُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدْ فَعَلَ ذَلِك. وَمَا شَأْنُ أَسْمَاءَ وَالزّبَيْرِ قَدْ فَعَلاَ ذَلِكَ. قَالَ: فَجِئْتُهُ فَذَكَرْتُ لَهُ ذَلِكَ. فَقَالَ: مَنْ هَذَا؟ فَقُلْتُ: لاَ أَدْرِي. قَالَ: فَمَا بَالُهُ لاَ يَأْتِينِي بِنَفْسِهِ يَسْأَلُنِي؟ أَظُنّهُ عِرَاقِيّاً. قُلْتُ: لاَ أَدْرِي. قَالَ: فَإِنّهُ قَدْ كَذَبَ. قَدْ حَجّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرَتْنِي عَائِشَةُ رَضِيَ اللّهُ عَنْهَا، أَنّ أَوّلَ شَيْءٍ بَدَأَ بِهِ حِينَ قَدِمَ مَكّةَ أَنّهُ تَوَضّأَ. ثُمّ طَافَ بِالْبَيْتِ. ثُمّ حَجّ أَبُو بَكْرٍ فَكَانَ أَوّلَ شَيْءٍ بَدَأَ بِهِ الطّوَافُ بِالْبَيْتِ. ثُمّ لَمْ يَكُنْ غَيْرُهُ. ثُمّ عُمَرُ، مِثْلُ ذَلِكَ. ثُمّ حَجّ عُثْمَانُ**

فَرَأَيْتُهُ أَوّلُ شَيْءٍ بَدَأَ بِهِ الطّوَافُ بِالْبَيْتِ. ثُمّ لَمْ يَكُنْ غَيْرُهُ. ثُمّ مُعَاوِيَةُ وَعَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ. ثُمّ حَجَجْتُ مَعَ أَبِي، الزّبَيْرِ بْنِ الْعَوّامِ. فَكَانَ أَوّلَ شَيْءٍ بَدَأَ بِهِ الطّوَافُ بِالْبَيْتِ. ثُمّ لَمْ يَكُنْ غَيْرُهُ. ثُمّ رَأَيْتُ الْمُهَاجِرِينَ وَالأَنْصَارَ يَفْعَلُونَ ذٰلِكَ. ثُمّ لَمْ يَكُنْ غَيْرُهُ. ثُمّ آخِرُ مَنْ رَأَيْتُ فَعَلَ ذٰلِكَ ابْنُ عُمَرَ. ثُمّ لَمْ يَنْقُضْهَا بِعُمْرَةٍ. وَهٰذَا ابْنُ عُمَرَ عِنْدَهُمْ أَفَلاَ يَسْأَلُونَهُ؟ وَلاَ أَحَدٌ مِمّنْ مَضَىٰ مَا كَانُوا يَبْدَأُونَ بِشَيْءٍ حِينَ يَضَعُونَ أَقْدَامَهُمْ أَوّلَ مِنَ الطّوَافِ بِالْبَيْتِ. ثُمّ لاَ يَحِلّونَ. وَقَدْ رَأَيْتُ أُمّي وَخَالَتِي حِينَ تَقْدَمَانِ لاَ تَبْدَآنِ بِشَيْءٍ أَوّلَ مِنَ الْبَيْتِ تَطُوفَانِ بِهِ. ثُمّ لاَ تَحِلاّنِ. وَقَدْ أَخْبَرَتْنِي أُمّي أَنّهَا أَقْبَلَتْ هِيَ وَأُخْتُهَا وَالزّبَيْرُ وَفُلاَنٌ وَفُلاَنٌ بِعُمْرَةٍ قَطّ. فَلَمّا مَسَحُوا الرّكْنَ حَلّوا. وَقَدْ كَذَبَ فِيمَا ذَكَرَ مِنْ ذٰلِكَ .

مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ؛ ئىراق ئەھلىدىن بىركىشى ماڭا؛ ئۇرۋەت ئىبنى زۇبەيردىن سوراپ باقساڭ، بىركىشى ھەجگە ئىھرام باغلاپ، بەيتۇللاھ نى تاۋاپ قىلىپلا ئىھرامدىن چىقسا دۇرۇس بولامدۇ ياقمۇ؟ ئەگەر ئۇ ياق دېسە، بىركىشى شۇنداق دەپتۇ دېگىن دېدى، مەن ئۇنىڭدىن سورسام، ئۇرۋە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ھەرقانداق بىركىشى ھەجگە ئىھرام باغلاپ، بەيتۇللاھ نى تاۋاپ قىلىپلا ئىھرامدىن چىقسا دۇرۇس بولمايدۇ، پەقەت ئۇ ھەجنى تامام قىلىپ ئىھرامدىن چىقسا بولىدۇ دېدى، مەن؛ بىركىشى بولىدۇ دەپتۇغۇ دېسەم، ئۇ؛ ئۇنىڭ دېگەن بۇسۆزى نىمەدېگەن يامان!مەندىن سوئال سوراپ، جاۋاب بەرسەم، ماڭا ئىتراز بىلدۇرەمدىكەن؟ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلىپتىكەن (يەنى ئىھرامدىن چىقماپتىكەن)ئەسما بىلەن زۇبەيرمۇ شۇنداق قىلىپتىكەن دەپ خەۋەر قىلىپ قويغىن،دېدى، مەن بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويۇپ كەلسەم، ئۇيەنەماڭا؛ ئۇكىشى كىم بولىدۇ؟دېدى، مەن؛ بىلمەيمەن دېسەم، ئۇ؛ ئۇنىڭ بۇ نىمە قىلغىنى؟ مەندىن ئۆزى كىلىپ سوئال سورماپتۇغۇ؟ مەن ئۇنى ئىراقلىقمىكى دەپ گۇمان قىلدىم،دېدى، مەن يەنە؛ بىلمەيمەن دەپ قويدۇم، ئاندىن ئۇ؛ ئۇكىشى يالغان سۆزلەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرز ھەج قىلغان ئىدى، ماڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق خەۋەر قىلدى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، تۇنجى بولۇپ، تاھارەت ئېلىش بىلەن باشلايتتى، ئاندىن كەئبىنى تاۋاپ قىلاتتى، ئاندىن تېخى ئۆمرە ھەج ۋە باشقا ھېچ بىر ئىش بولمىغان ئىدى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەرز ھەج قىلدى، ئۇنىڭمۇ تۇنجى بولۇپ قىلغان ئىشى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولدى، ئاندىن تېخى (تاۋاپتىن كېينلا)ئۆمرە ھەج بولمىغان ئىدى، ياكى ھېچ ئىش ئۆزگەرمىدى، ئاندىن ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ شۇنداق قىلدى. ئاندىن مۇئاۋى، ئىبنى ئۆمەرلەرمۇ شۇنداق قىلدى، ئاندىن مەن دادام زۇبەير بىلەن بىللە ھەج قىلدىم، ئۇنىڭمۇ تۇنجى بولۇپ قىلغان ئىشى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولدى، ئاندىن تېخى (تاۋاپتىن كېينلا)ئۆمرە ھەج بولمىغان ئىدى، ياكى ھېچ ئىش ئۆزگەرمىدى، ئاندىن مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار، ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلدى، تېخى ھېچ ئىش ئۆزگەرگىنى يوق، شۇنداق ھەج قىلغان ئىبنى ئۆمەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بار، ئۇلار ئۇنىڭدىن سوراپ باقسا بولىدۇ،ئانام بىلەن هاما ئانام ئائىشەلەرمۇ شۇنداق ھەج قىلىپ تېخى ئىھرامدىن چىقمىغان ئىدى، ئۇلار دادام بىلەن بىللە ئۆمرە ھەج قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى تاۋاپتا رۇكنى تاشنى سىلاپ ئاندىن ئىھرامدىن چىققان ئىكەن، ئۇلار يالغان سۆزلەپتۇ،دېدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2957 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثَنِي زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. حَدّثَنِي مَنْصُورُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنَ عَنْ أُمّهِ صَفِيّةَ بِنْتِ شَيْبَةَ، عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَتْ: خَرَجْنَا مُحْرِمِينَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ كَانَ مَعَهُ هَدْيٌ، فَلْيَقُمْ عَلَىَ إِحْرَامِهِ. وَمَنْ لَمْ يَكُنْ مَعَهُ هَدْيٌ، فَلْيَحْلِلْ» فَلَمْ يَكُنْ مَعِي هَدْيٌ فَحَلَلْتُ: وَكَانَ مَعَ الزّبَيْرِ هَدْيٌ فَلَمْ يَحْلِلْ.

قَالَتْ: فَلَبِسْتُ ثِيَابِي ثُمّ خَرَجْتُ فَجَلَسْتُ إِلَى الزّبَيْرِ، فَقَالَ: قُومِي عَنّي. فَقُلْتُ: أَتَخْشَىَ أَنْ أَثِبَ عَلَيْكَ؟.

2958 ـ وحدّثني عَبّاسُ بْنُ عَبْدِ الْعَظِيمِ الْعَنْبَرِيّ. حَدّثَنَا أَبُو هِشَامٍ الْمُغِيرَةُ بْنُ سَلَمَةَ الْمَخْزُومِيّ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا مَنْصُورُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنَ عَنْ أُمّهِ، عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتَ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا. قَالَتْ: قَدِمْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُهِلّينَ بِالْحَجّ. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ جُرَيْجٍ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَقَالَ: اسْتَرْخِي عَنّي. اسْتَرْخِي عَنّي. فَقُلْتُ: أَتَخْشَىَ أَنْ أَثِبَ عَلَيْكَ؟.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ۋىدالىشىش ھەججىدە ھەجگە ئېھرام باغلاپ چىقتۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «كىم (ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ)، قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇكىشى ئېھرامدىن چىقسۇن، كىم ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلاپ، قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇكىشى (ئۆمرە ھەججى بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىسۇن)، ئاندىن ھەر ئىككىلى ھەجدىن ھالال بولۇپ ئېھرامدىن چىقمىغىچە، قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ ھالال بولمىغىچە، ئېھرامدىن چىقمىسۇن، (كىم پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىغان بولسا، ئۇ ھەججىنى كامىل ئادا قىلسۇن)».مەن بىلەن ھەدىي بولمىغاچقا ئېھرامدىن چىقتىم، زۇبەير بىلەن بىللە ھەدىي بولغاچقا ئۇ ئېھرمدىن چىقمىدى.

2959 – وحدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَىَ. قَالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرٌو عَنْ أَبِي الأَسْوَدِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ مَوْلَى أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا حَدّثَهُ أَنّهُ كَانَ يَسْمَعُ أَسْمَاءَ كُلّمَا مَرّتْ بِالْحَجُونِ تَقُولُ: صَلّى اللّهُ عَلَىَ رَسُولِهِ وَسَلّمَ. لَقَدْ نَزَلْنَا مَعَهُ هَهُنَا. وَنَحْنُ، يَوْمَئِذٍ، خِفَافُ الْحَقَائِبِ. قَلِيلٌ ظَهْرُنَا. قَلِيلَةٌ أَزْوَادُنَا. فَاعْتَمَرْتُ أَنَا وَأُخْتِي عَائِشَةُ وَالزّبَيْرُ وَفُلاَنٌ وَفُلاَنٌ. فَلَمّا مَسَحْنَا الْبَيْتَ أَحْلَلْنَا. ثُمّ أَهْلَلْنَا مِنَ الْعَشِيّ بِالْحَجّ. قَالَ هَرُونُ فِي رِوَايَتِهِ: أَنّ مَوْلَىَ أَسْمَاءَ. وَلَمْ يُسَمّ: عَبْدَ اللّهِ.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادكەردە قۇلى مۇنداق دەيدۇ: ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەرقېتىم ھەجۇن دېگەن جايدىن ئۆتسە، مۇنداق دەيتتى: الله تائالا پەيغەمبىرىگە رەھمەت يوللىسۇن ۋە سالامەت قىلسۇن، ھەققەتەن بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مۇشۇ جايغا چۈشكەن ئىدۇق، ئۇكۈنلەردە بىزنىڭ بوخچا ـ خۇجۇنلىرىمىز يەڭگىل، سەپەر ئۇزۇقلىرىمىز، مىنىدىغان ئۇلاغلىرىمىز بەكلا ئاز ئىدى. بىرقېتىم مەن ۋە ھەمشىرەم ئائىشە، زۇبەير ۋە پالانى، پالانىلەر بىللە ئۆمرە ھەج قىلدۇق، بىز بەيتۇالله نى سىلاپ تاۋاپ قىلغاندا ئېھرامدىن چىقتۇق، ئاندىن بىز كەچ تەرەپتىلا پەرز ھەجگە ئېھرام بالاپ تەلبى ئەيتتۇق.

## 536 ــــ باب في متعة الحج    تەمەتتۇئ ھەج توغرىسىدا

2960 – حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ مُسْلِمٍ الْقُرّيّ قَالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا عَنْ مُتْعَةِ الْحَجّ؟ فَرَخّصَ فِيهَا. وَكَانَ ابْنُ الزّبَيْرِ يَنْهَى عَنْهَا. فَقَالَ: هَذِهِ أُمّ ابْنِ الزّبَيْرِ تُحَدّثُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَخّصَ فِيهَا. فَادْخُلُوا عَلَيْهَا فَاسْأَلُوهَا. قَالَ: فَدَخَلْنَا عَلَيْهَا. فَإِذَا امْرَأَةٌ ضَخْمَةٌ عَمْيَاءُ. فَقَالَتْ: قَدْ رَخّصَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِيهَا.

2961 – وحدّثناه ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. ح وَحَدّثَنَاهُ ابْنُ بَشّارٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ) جَمِيعاً عَنْ شُعْبَةَ بِهَذَا الأَسْنَادِ. فَأَمّا عَبْدُ الرّحْمَنِ فَفِي حَدِيثِهِ الْمُتْعَةُ. وَلَمْ يَقُلْ: مُتْعَةُ الْحَجّ. وَأَمّا ابْنُ جَعْفَرٍ فَقَالَ: قَالَ شُعْبَةُ: قَالَ مُسْلِمٌ: لاَ أَدْرِي مُتْعَةُ الْحَجّ أَوْ مُتْعَةُ النّسَاءِ.

مۇسلىم قۇررى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەمەتتۇئ ھەج توغرىسىدا سورسام، ئۇ رۇخسەت قىلدى، ئىبنى زۇبەير بۇنىڭدىن توساتتى، ئاندىن ئىبنى ئابباس: مانابۇ زۇبەيرنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەمەتتۇئ ھەجگە رۇخسەت قىلغانلىقىدىن ھەدىس سۆزلەۋاتىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ

قىشىغا كىرىپ سوراڭلار دېدى، بىز كىسرەك، ناگاھان سىمىز كۆزى ئاجىز بىر ئايال ئۇلتۇرىدۇ، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەمەتتۇئ ھەجگە رۇخسەت قىلغان دېدى.

**2962 ـ2963 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. حَدّثَنَا مُسْلِمٌ الْقُرّيّ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا يَقُولُ: أَهَلّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِعُمْرَةٍ. وَأَهَلّ أَصْحَابُهُ بِالْحَجّ، فَلَمْ يَحِلّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَلاَ مَنْ سَاقَ مَعَهُ الْهَدْيَ مِنْ أَصْحَابِهِ، وَحَلّ بَقِيّتُهُمْ. فَكَانَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللّهِ فِيمَنْ سَاقَ الْهَدْيَ فَلَمْ يَحِلّ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمئۆمرە ھەجگىلا ئېھرام باغلىغان،ساھابىلار پەرز ھەجگىلا ئېھرام باغلىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھەدى ئېلىپ كەلگەن ساھابىلار ئېھرامدىن چىقمىدى، قالغانلار ئېھرامدىن چىقتى، تەلھەمۇ ھەدىي ھەيدەپ كەلگەنلەر قاتارىدا بولغاچقا ئېھرامدىن چىقمىغان ئىدى.

## 537 – باب جواز العمرة في أشهر الحج ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

**2964 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا بَهْزٌ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: كَانُوا يَرَوْنَ أَنّ الْعُمْرَةَ فِي أَشْهُرِ الْحَجّ مِنْ أَفْجَرِ الْفُجُورِ فِي الأَرْضِ. وَيَجْعَلُونَ الْمُحَرّمَ صَفَراً. وَيَقُولُونَ: إِذَا بَرَأَ الدّبَرْ، وَعَفَا الأَثَرْ، وَانْسَلَخَ صَفَرْ، حَلّتِ الْعُمْرَةُ لِمَنِ اعْتَمَرْ. فَقَدِمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ صَبِيحَةَ رَابِعَةٍ، مُهِلّينَ بِالْحَجّ. فَأَمَرَهُمْ أَنْ يَجْعَلُوهَا عُمْرَةً. فَتَعَاظَمَ ذَلِكَ عِنْدَهُمْ، فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ أَيّ الْحِلّ؟ قَالَ: «الْحِلّ كُلّهُ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دېيدۇ؛ ئۇلار (يەنى قۇرەيشلەر)ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلىشنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئېغىر گۇناھ دەپ قارايتتى، ئۇلار مۇھەررەم ئېيىنى سەپەر ئېيى قىلىۋالاتتى، ئۇلار؛ ھەجدىن كېيىن تۇگەننىڭ سەپەر مۇشەققىتى يۇقسا، ئىزلار ئۆچسە، سەپەر ئېيى چىقىپ كەتسە، ئاندىن ئۆمرە ھەج قىلماقچى بولغان كىشىگە بۇھەج دۇرۇس بولىدۇ دەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرى بىلەن بىللە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ھالدا زۇلھەجىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە كىلىپ، ئۇلارنى بۇھەججىنى ئۆمرە ھەج قىلىۋېتىشكە بۇيرىدى، بۇئىش ئۇلارغا ئېغىر كىلىپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بۇ قانداق ھالال بولۇش؟دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ پۈتۈنلەي ھالال بولۇش(يەنى ھەتتا ئايالىرىڭلار بىلەن بىللە بولالايسىلەر)دېدى. ئۇلار ئاندىن سەككىزىنجى كۈنى پەرز ھەجگە ئېھرام باغلىدى.بۇھەدىس ئۆتكەن.مانابۇ ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەجنىڭ دۇرۇسلىقى.

**2965 ـ حدّثنا نَصْرُ بْنُ عَلِيَ الْجَهْضَمِيّ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبِي الْعَالِيَةِ الْبَرّاءِ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا يَقُولُ: أَهَلّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْحَجّ. فَقَدِمَ لأَرْبَعٍ مَضَيْنَ مِنْ ذِي الْحِجّةِ. فَصَلّى الصّبْحَ. وَقَالَ، لَمّا صَلّى الصّبْحَ: «مَنْ شَاءَ أَنْ يَجْعَلَهَا عُمْرَةً، فَلْيَجْعَلْهَا عُمْرَةً».**

**2966 ـ وحدّثناه إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ. حَدّثَنَا رَوْحٌ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو دَاوُدَ الْمُبَارَكِيّ. حَدّثَنَا أَبُو شِهَابٍ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ كَثِيرٍ. كُلّهُمْ عَنْ شُعْبَةَ فِي هَذَا الأَسْنَادِ. أَمّا رَوْحٌ وَيَحْيَى بْنُ كَثِيرٍ فَقَالاَ كَمَا قَالَ نَصْرٌ: أَهَلّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْحَجّ. وَأَمّا أَبُو شِهَابٍ فَفِي رِوَايَتِهِ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نُهِلّ بِالْحَجّ. وَفِي حَدِيثِهِمْ جَمِيعاً: فَصَلّى الصّبْحَ بِالْبَطْحَاءِ. خَلاَ الْجَهْضَمِيّ فَإِنّهُ لَمْ يَقُلْهُ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجگە ئېھرام باغلاپ، زۇلھەجىنىڭ تۆتىنجى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە كېلىپ، بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، بىزنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇپ؛ بۇھەجنى ئۆمرە ھەج قىلىۋېتىشنى خالىغان كىشى شۇنداق قىلسۇن دېدى.

**2967 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ الْفَضْلِ السّدُوسِيّ. حَدّثنَا وُهَيْبٌ. أَخْبَرَنَا أَيّوبُ عَنْ أَبي الْعَالِيَةِ الْبَرّاءِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قال: قَدِمَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ لأَرْبَعِ خَلَوْنَ مِنَ الْعَشْرِ. وَهُمْ يُلَبّونَ بِالْحَجّ. فَأَمَرَهُمْ أَنْ يَجْعَلُوهَا عُمْرَةً.**
**2968 ـ وحدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ أَيّوبَ، عَنْ أَبي الْعَالِيَةِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قالَ: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الصّبْحَ بِذِي طَوىً. وَقَدِمَ لأَرْبَعٍ مَضَيْنَ مِنْ ذِي الْحِجّةِ. وَأَمَرَ أَصْحَابَهُ أَنْ يُحَوّلُوا إِحْرَامَهُمْ بِعُمْرَةٍ. إِلاّ مَنْ كَانَ مَعَهُ الْهَدْيُ.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىللىرى بىلەن بىللە ھەجگە ئېھرام باغلىغان ھالدا زۇلھەجىنىڭ تۆتىنجى كۈنى ئەتىگەندە مەككىگە كېلىپ، بامدات نامىزىنى زى تۇۋادا ئوقۇپ، ئۇلارنى ئېھراملىرىدىن چىقىپ بۇھەججىنى ئۆمرە ھەج قىلىۋېتىشكە بۇيرىدى، ھەدىي بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**2969 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أَبي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَذِهِ عُمْرَةٌ اسْتَمْتَعْنَا بِهَا، فَمَنْ لَمْ يَكُنْ عِنْدَهُ الْهَدْيُ فَلْيَحِلِ الْحِلّ كُلّهُ، فَإِنّ الْعُمْرَةَ قَدْ دَخَلَتْ فِي الْحَجّ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۆمرە ھەجدۇر، بىز ئۇنىڭ بىلەن تەمەتتۇئ نەپلە ھەج قىلىپ پايدا_ مەنپەئەت ئالدۇق، كىمنىڭ يېنىدا ھەدىي، قۇربانلىقى بولمىسا، ئۇ پۈتۈنلەي ئېھرامدىن چىقىپ، ھالال بولسا بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۆمرە ھەج قىيامەت كۈنىگىچە پەرىز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. پەرىز ھەجنىلا قىلسا، بۇ ئىپراد ھەج دېيىلىدۇ، ئۆمرە ھەج بىلەن بىللە پەرزھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلىسا بۇ قىران ھەج دېيىلىدۇ. پەرىز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ ھەج قىلسا، ھەج تەمەتتۇئ دېيىلىدۇ.

**2970 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ قالَ: سَمِعْتُ أَبَا جَمْرَةَ الضّبَعِيّ قالَ: تَمَتّعْتُ فَنَهَانِي نَاسٌ عَنْ ذَلِكَ. فَأَتَيْتُ ابْنَ عَبّاسٍ فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ؟ فَأَمَرَنِي بِهَا.**
**قالَ: ثُمّ انْطَلَقْتُ إِلَى الْبَيْتِ فَنِمْتُ. فَأَتَانِي آتٍ فِي مَنَامِي فقالَ: عُمْرَةٌ مُتَقَبّلَةٌ وَحَجّ مَبْرُورٌ. قالَ: فَأَتَيْتُ ابْنَ عَبّاسٍ فَأَخْبَرْتُهُ بِالّذِي رَأَيْتُ. فقالَ: اللّهُ أَكْبَرُ اللّهُ أَكْبَرُ سُنّةُ أَبي الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم.**

ئەباجەمرەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن تەمەتتۇئ ھەج قىلسام، كىشىلەر مېنى ئۇنىڭدىن توستى، ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، تەمەتتۇئ ھەج توغرىسىدا سورسام، ئۇ مېنى بۇيرۇپ رۇخسەت قىلدى، ئاندىن مەن بەيتۇللاھ نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە بىرسى كېلىپ؛ بۇ قوبۇل بولغان ئۆمرە ھەجدۇر، مەقبۇل بولغان ھەجدۇر دېدى، ئاندىن مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۆرگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلسام، ئۇ ؛ الله ئەكبەر!الله ئەكبەر!!مانابۇ ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىدە! دېدى.

## 538 ــ باب تقليد الهدي وإشعاره عند الإحرام

## ئېھرام باغلىغاندا قۇربانلىق ھەدىيگە قەلادە ئېسىپ بەلگە قىلىش توغرىسىدا

2971 ـ2972 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّار. جَمِيعاً عَن ابْن أبي عَدِيَ. قال ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنا ابْنُ أبي عَدِيَ عَنْ شُعْبَة، عَنْ قَتَادَة، عَنْ أبي حَسّانَ، عَن ابْن عَبّاس رَضِيَ اللّهُ عَنْهُما قال: صَلّى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الظّهْرَ بِذِي الْحُلَيْفَةِ. ثُمّ دَعَا بِنَاقَتِهِ فَأشْعَرَهَا فِي صَفْحَةِ سَنَامِهَا الأيْمَن. وَسَلَتَ الدّمَ. وَقَلّدَهَا نَعْلَيْن. ثُمّ رَكِبَ رَاحِلَتَهُ. فَلَمّا اسْتَوَتْ بِهِ عَلَى الْبَيْدَاءِ، أهَلّ بِالْحَجّ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننى زۇلھۇلەيپتە ئوقۇپ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىسىنى كەلتۈرۈپ،تۆگىنىڭ لۆكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قان چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۈركەپ، ئىككى ئاياقنى ئۇنىڭغا ئېسىپ بەلگە قىلىپ، ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ، تۆگىسى بەيدائ دېگەن جايدا راۋ ـ رۇس تۇرغاندا، ھەجگە ئېھرام باغلىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، بەيتۇﷲ قا قوي ھەدىي قىلغان ئىدى، قويغىمۇ نەرسە ئېسىپ بەلگە قىلغان ئىدى.بۇخارى، مۇسلىم.

2973 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّار. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَر. قال: حَدّثنا شُعْبَةُ عَنْ قَتَادَة قال: سَمِعْتُ أبَا حَسّانَ الأعْرَجَ قالَ: قَالَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي الْهُجَيْمِ لابْنِ عَبّاس: مَا هَذِهِ الْفُتْيَا الّتِي قَدْ تَشَغّفَتْ أوْ تَشَغّبَتْ بِالنّاس، أنّ مَنْ طافَ بِالْبَيْتِ فَقَدْ حَلّ؟ فقالَ: سُنّةُ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم. وَإنْ رَغِمْتُمْ.

2974 ـ وحدّثني أحْمَدُ بْنُ سَعِيدٍ الدّارمِي. حَدّثنا أحْمَدُ بْنُ إسْحَق. حَدّثنا هَمّامُ بْنُ يَحْيَى عَنْ قَتَادَة، عَنْ أبي حَسّانَ قالَ: قِيلَ لابْنِ عَبّاس: إنّ هَذَا الأمْرَ قَدْ تَفَشّغَ بِالنّاس، مَنْ طافَ بِالْبَيْتِ فَقَدْ حَلّ. الطّوَافُ عُمْرَةٌ. فقالَ: سُنّةُ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم. وَإنْ رَغِمْتُمْ.

ھۇجەيم جەمەتىدىن بىركىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ بەيتۇﷲ نى تاۋاپ قىلغان كىشى ئېھرامدىن چىقسا دۇرۇس بولىدۇ، تاۋاپنىڭ ئۆزى ئۆمرە ھەجدۇر دېگەن بۇ پەتىۋانىڭ ئىشى قانداق ئىش؟ بۇپەتىۋا كىشىلەر ئارىسىدا تارقاپ كېتىپتۇ، كىشىلەر بۇسەۋەبلىك مۇتەپەررىق بولۇپ كېتىپتۇ، دىللارمۇ بۇنىڭغا ئالاقىدار بولۇپ قاپتۇ دېدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛گەرچە سىلەر بۇنىڭغا مەجبۇرى بويسۇنۇپ قالساڭلارمۇ، بۇ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى دېدى.

2975 ـ وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْر. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْج. أخْبَرَنِي عَطاءٌ قالَ: كَانَ ابْنُ عَبّاس يَقُولُ: لاَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ حَاجّ وَلاَ غَيْرُ حَاجّ إلاّ حَلّ. قُلْتُ لِعَطاءِ: مِنْ أيْنَ يَقُولُ ذلِكَ؟ قالَ: مِنْ قَوْلِ اللّهِ تَعَالَى: {ثُمّ مَحِلّهَا إلَى الْبَيْتِ الْعَتِيقِ} ( 22الحج الآية: 33) قالَ: قُلْتُ: فَإنّ ذلِكَ بَعْدَ الْمُعَرّفِ فقالَ: كَانَ ابْنُ عَبّاس يَقُولُ: هُوَ بَعْدَ الْمُعَرّفِ وَقَبْلَهُ. وَكَانَ يَأْخُذُ ذلِكَ مِنْ أمْرِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. حِينَ أمَرَهُمْ أنْ يَحِلّوا فِي حَجّةِ الْوَدَاع.

ئىبنى جۇرەيجدىن، ئەتائ ماڭا؛ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ھەج قىلغۇچى كىشى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشى بولسۇن، بەيتۇﷲ نى تاۋاپ قىلغانلا كىشى ئېھرامدىن چىقسا دۇرۇس بولىدۇ، دەيدۇ دېدى. ئاندىن مەن ئەتائقا؛ ئۇ بۇ سۆزنى قەيەردىن ئېلىپ دەيدىكەن؟دېسەم، ئۇ؛ ﷲ نىڭ« ھەدىينىڭ بوغۇزلىنىدىغان ئورنى ھەرەمدۇر(قۇربانلىق پەقەت ھەرەمدىلا بوغۇزلىنىدۇ)»دېگەن سۆزىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

ھەججەتۇلۋەدادىكى ئۇلارنى ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرىغان ئىشىدىن ئېلىپ دېيىدىكەن دېدى. (بۇ ئىبنى ئاببا سنىڭ كۆز قارىشى، ئەمەلىيەتتە جەمھۇر سەلەپ سالىھ ئالىملار؛ تۈنجى تاۋاپ بىلەن ئېھرامدىن چىقسا بولمايدۇ، سەپا،مەرۋىنى سەئيى قىلىپ،ئاراپاتتا ۋۇقۇپ قىلىپ،ھەتتا چېچىنى چۈشۈرۈپ، ھەدىيىنى بوغۇزلاپ....چىقىدۇ،دېدى.

## 539 ـ باب التقصير في العمرة ئۆمرە ھەجدە چېچىنى قىسقارتىش توغرىسىدا

2976 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ. حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ حُجَيْرٍ، عَنْ طَاوُسٍ قَالَ: قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: قَالَ لِي مُعَاوِيَةُ: أَعَلِمْتَ أَنّي قَصّرْتُ مِنْ رَأْسِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عِنْدَ الْمَرْوَةِ بِمِشْقَصٍ؟ فَقُلْتُ لَهُ: لاَ أَعْلَمُ هَذَا إِلاّ حُجّةً عَلَيْكَ.
2977 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. حَدّثنِي الْحَسَنُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ أَخْبَرَهُ قَالَ: قَصّرْتُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِمِشْقَصٍ. وَهُوَ عَلَى الْمَرْوَةِ. أَوْ رَأَيْتُهُ يُقَصّرُ عَنْهُ بِمِشْقَصٍ. وَهُوَ عَلَى الْمَرْوَةِ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا؛ مەن مەرۋىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى ئۇق يانىڭ تىغى بىلەن كېسىپ، قىسقارتىپ قويغان ئىدىم ياكى شۇنداق قىلغىنىنى كۆرگەن ئىدىم دېدى. مەن ئۇنىڭغا؛ بۇ پەقەت زىيىنىڭغىلا ھۆججەت بولىدۇ دېدىم. ئىمام بۇخارى ، مۇسلىم.

2978 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الأَعْلَى بْنُ عَبْدِ الأَعْلَى. حَدّثنَا دَاوُدُ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم نَصْرُخُ بِالْحَجّ صُرَاخاً. فَلَمّا قَدِمْنَا مَكّةَ أَمَرَنَا أَنْ نَجْعَلَهَا عُمْرَةً. إِلاّ مَنْ سَاقَ الْهَدْيَ. فَلَمّا كَانَ يَوْمُ التّرْوِيَةِ، وَرُحْنَا إِلَى مِنًى، أَهْلَلْنَا بِالْحَجّ.
2979 ـ وحدّثنا حَجّاجُ بْنُ الشّاعِرِ. حَدّثنَا مُعَلّى بْنُ أَسَدٍ. حَدّثنَا وُهَيْبُ بْنُ خَالِدٍ عَنْ دَاوُدَ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ، عَنْ جَابِرٍ. وَعَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالاَ: قَدِمْنَا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَنَحْنُ نَصْرُخُ بِالْحَجّ صُرَاخاً.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئاۋاز قىلغان ھالدا تەلبىي ئەيتىپ چىقتۇق.بىز مەككىگە كەلگەندە بۇھەجنى ئۆمرە ھەج قىلىۋېتىشىمىزگە بۇيرىدى، ھەدىي ھەيدەپ كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى، زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى بولغاندا بىز مىناغا بېرىپ، ئاندىن پەرز ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلاپ تەلبىي ئەيتتۇق.

2980 ـ حدّثني حَامِدُ بْنُ عُمَرَ الْبَكْرَاوِيّ. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ أَبِي نَضْرَةَ قَالَ: كُنْتُ عِنْدَ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ. فَأَتَاهُ آتٍ فَقَالَ: إِنّ ابْنَ عَبّاسٍ وَابْنَ الزّبَيْرِ اخْتَلَفَا فِي الْمُتْعَتَيْنِ. فَقَالَ جَابِرٌ: فَعَلْنَاهُمَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ نَهَانَا عَنْهُمَا عُمَرُ. فَلَمْ نَعُدْ لَهُمَا.

ئەبۇنەزرەت مۇنداق دەيدۇ؛بىركىشى جابىرنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ئىبنى ئابباس تەمەتتۇئ ھەج قىلىشقا بۇيرىيتتى، ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭدىن توساتتى، دېدى،يەنەبىردە؛مەن شۇنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بايان قىلسام، ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ بۇتوغرىسىدىكى ھەدىس مېنىڭ قولۇمدا ئايلانسۇن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجگە ئايرىم، ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ تەمەتتۇئ ھەج قىلغان ئىدۇق، (ۋاقىتلىق نىكاھنىمۇ قىلغان ئىدۇق) ئۆمەر خەلىپە بولغاندا؛ **الله** تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە خالىغان نەرسىنى خالىغان نەرسە بىلەن ھالال قىلىپ بېرىدۇ، قۇرئان ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ بولدى، «پەرز ھەجنى ۋە ئۆمرە ھەجنى **الله** رازىلىقى ئۈچۈن تولۇق ئادا

قىلىڭلار»دېدى، سىلەر ئەمدى **الله** بۇيرىغاندەكلا كامىل ئادا قىلىڭلار. ۋاقىتلىق نىكاھىڭلارغا مۇددەتلىك ئالغان بۇنداق ئاياللارنىڭ نىكاھىنى بەتتە تالاق قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار، بىرەر ئايالنى ۋاقىتلىق نىكاھىغا ئالغان بىرەر كىشى قىشىمغا كەتۈرۈلسە، مەن ئۇنى تاش بىلەن رەجىم قىلىۋىتىمەن دېدى.(يەنى تەمەتتۇئ ھەجدىن پەقەت ئۆمەر توستى، بىز ئۇئىشلارنى قايتا قىلمىدۇق، رەسۇلۇللاھ رۇخسەت قىلغان ئىدى، بىرەر ئايالنى ۋاقىتلىق نىكاھىغا ئېلىش قىيامەتكىچە ھارامدۇر، بۇنىڭ ھاراملىقىغا ئىجمائقا كېلىنگەندۇر)

## 540 ــــ باب إهلال النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وهديه

### رەسۇلۇللاھنىڭ ئېھرام باغلاپ، ھەجنى نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتىشى ۋە قۇربانلىق ھەدىيسى توغرىسدا

**2981 –2982 ـ حدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا ابْنُ مَهْدِيَ. حَدّثنِي سَلِيمُ بْنُ حَيّانَ عَنْ مَرْوَانَ الأصْفَرِ (الأصْغر)، عَنْ أنَسٍ رَضِيَ اللّهُ عنه أنّ عَلِيّاَ قدِمَ مِنَ الْيَمَنِ. فقالَ لَهُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «بِمَ أهْلَلْتَ؟» فقالَ: أهْلَلْتُ بِإهْلاَلِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. قالَ: «لَوْلاَ أنّ مَعِيَ الْهَدْيَ، لأحْلَلْتُ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن نىمە بىلەن، نىمە دەپ نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىدىڭ؟ دىدى، ئۇ: مەن **الله** نىڭ ئەلچىسى نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلىغان نەرسە بىلەن ئېھرام باغلىدىم دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: سەن (قۇربانلىق ھەدىي ئېلىپ كەلگەچكە، ئېھرام باغلاقلىق ھالدا تۇرغىن)ئەگەر مەن بىلەن بىللە ھەدىي بولمىغان بولسا، مەنمۇ ئېھرامدىن چىققان بۇلاتتىم، دىدى.......

**2983 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ يَحْيَى بْنِ أبِي إسْحَقَ وَ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ صُهَيْبٍ و حُمَيْدٍ أنّهُمْ سَمِعُوا أنَساً رَضِيَ اللّهُ عنه قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أهَلّ بِهِمَا جَمِيعاً «لَبّيْكَ عُمْرَةً وَحَجّاً. لَبّيْكَ عُمْرَةً وَحَجّاً».**
**2984 ـ وحدّثنِيهِ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ. أخْبَرَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ يَحْيَى بْنِ أبِي إسْحَقَ وَ حُمَيْدٍ الطويل قالَ يَحْيَى: سَمِعْتُ أنَساً يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لَبّيْكَ عُمْرَةً وَحَجّاً». وَقالَ حُمَيْدٌ: قالَ أنَسٌ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لَبّيْكَ بِعُمْرَةٍ وَحَجٍ».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ «لەببەيكە ئۆمرەتەن ۋە ھەججا»دەپ، ئۆمرە ھەج بىلەن پەرز ھەججە بىراقلا نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىمبۇ قىران ھەججەلەرزەن نىيەت قىلىش بۇلدۇ.

**2985 –2986 –2987 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ سَعِيدٌ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثنِي الزّهْرِيّ عَنْ حَنْظلَةَ الأسْلَمِيّ قالَ: سَمِعْتُ أبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُ يُحَدّثُ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيُهِلّنّ ابْنُ مَرْيَمَ بِفَجّ الرّوْحَاءِ، حَاجّاً أوْ مُعْتَمِراً، أوْ لَيَثْنِيَنّهُمَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام، رەۋھائ دىگەن جايدىكى يولدىن ھەج قىلغان ھالدا ياكى

ئۆمرە ھەج قىلغان ياكى ھەر ئىككىلىسىگە بىراقلا جۈپلەپ ئېھرام باغلىغلىق ھالدا، ئېھرام باغلاپ، ھەجنى نىيەت قىلىپ، تەلبىي ئېيتىپ ماڭىدۇ. مۇسلىم دېسكا2196 _ ھەدىس، ئەھمەد 6974 _ ھەدىس، سەھىھ.

## 541 ـــــ باب بيان عدد عمر النبيّ صلى الله عليه وسلم وزمانهن

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمرە ھەجلىرىنىڭ ۋاقتى ۋە ئۇلارنىڭ سانى توغرىسىدا

2988 ـ حدّثنا هَدّابُ بْنُ خَالِدٍ. حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا قَتَادَةُ أَنّ أَنَساً رَضِيَ اللّهُ عَنْه أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اعْتَمَرَ أَرْبَعَ عُمَرٍ. كُلّهُنّ فِي ذِي الْقَعْدَةِ إِلاّ الّتِي مَعَ حَجّتِهِ: عُمْرَةً مِنَ الْحُدَيْبِيَةِ، أَوْ زَمَنَ الْحُدَيْبِيَةِ، فِي ذِي الْقَعْدَةِ. وَعُمْرَةً مِنَ الْعَامِ الْمُقْبِلِ، فِي ذِي الْقَعْدَةِ. وَعُمْرَةً مِنْ جِعْرَانَةَ حَيْثُ قَسَمَ غَنَائِمَ حُنَيْنٍ فِي ذِي الْقَعْدَةِ. وَعُمْرَةً مَعَ حَجّتِهِ.
2989 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنِي عَبْدُ الصّمَدِ. حَدّثَنَا هَمّامٌ. حَدّثَنَا قَتَادَةُ قَالَ: سَأَلْتُ أَنَساً: كَمْ حَجّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: حَجّةً وَاحِدَةً. وَاعْتَمَرَ أَرْبَعَ عُمَرٍ. ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ هَدّابٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان، پەرز ھەججى بىلەن بىللە قىلغان ئۆمرە ھەججىدىن باشقا، ھەممە ئۆمرە ھەجلىرىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان،1 ـ ھۇدەيبىييەدىكى ئۆمرە ھەج، 2 ـ كېلەر يىلقى ئۆمرە ھەج، 3 ـ ھۇنەين غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندىكى ئۆمرە ھەجلىرى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلىنغان، 4 ـ پەرز ھەججى بىلەن بىللە قىلغان ئۆمرە ھەجدۇر. بۇخارى ،مۇسلىم. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىشىدىن بۇرۇن، زۇلقەئدە ئېيىدا ئىككى قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان ئىدى. بۇخارى توپلىغان.

2990 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ مُوسَىَ. أَخْبَرَنَا زُهَيْرٌ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: سَأَلْتُ زَيْدَ بْنَ أَرْقَمَ: كَمْ غَزَوْتَ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: سَبْعَ عَشْرَةَ. قَالَ: وَحَدّثَنِي زَيْدُ بْنُ أَرْقَمَ، أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم غَزَا تِسْعَ عَشْرَةَ. وَأَنّهُ حَجّ بَعْدَ مَا هَاجَرَ حَجّةً وَاحِدَةً. حَجّةَ الْوَدَاعِ. قَالَ أَبُو إِسْحَقَ: وَبِمَكّةَ أُخْرَىَ.

ئەبۇئىسھاق مۇنداق دەيدۇ؛ مەن زەيدئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قانچە قېتىم غازات قىلدىڭ؟دەپ سورىسام، ئۇ؛ 17 قېتىم دېدى، ئۇيەنە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 19 قېتىم ئۇرۇش قىلغان، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن پەقەت بىرلا قېتىم ھەج قىلغان،يەنى ھەججەتۇلۋىدادىكى ھەجنىلا قىلغان دېدى.

2991 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ الْبُرْسَانِيّ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. قَالَ: سَمِعْتُ عَطَاءً يُخْبِرُ قَالَ: أَخْبَرَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ قَالَ: كُنْتُ أَنَا وَابْنُ عُمَرَ مُسْتَنِدَيْنِ إِلَىَ حُجْرَةِ عَائِشَةَ. وَإِنّا لَنَسْمَعُ ضَرْبَهَا بِالسّوَاكِ تَسْتَنّ. قَالَ فَقُلْتُ: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ أَعْتَمَرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي رَجَبٍ؟ قَالَ: نَعَمْ. فَقُلْتُ لِعَائِشَةَ: أَيْ أُمّتَاهُ، أَلاَ تَسْمَعِينَ مَا يَقُولُ أَبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ؟ قَالَتْ: وَمَا يَقُولُ؟ قُلْتُ: يَقُولُ: اعْتَمَرَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي رَجَبٍ. فَقَالَتْ: يَغْفِرُ اللّهُ لأَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ. لَعَمْرِي مَا اعْتَمَرَ فِي رَجَبٍ. وَمَا اعْتَمَرَ مِنْ عُمْرَةٍ إِلاّ وَإِنّهُ لَمَعَهُ. قَالَ: وَابْنُ عُمَرَ يَسْمَعُ. فَمَا قَالَ: لاَ، وَلاَ نَعَمْ. سَكَتَ.
2992 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ: دَخَلْتُ، أَنَا وَعُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ، الْمَسْجِدَ. فَإِذَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ جَالِسٌ إِلَىَ حُجْرَةِ عَائِشَةَ. وَالنّاسُ يُصَلّونَ الضّحَى فِي الْمَسْجِدِ. فَسَأَلْنَاهُ عَنْ صَلاَتِهِمْ؟ فَقَالَ: بِدْعَةٌ. فَقَالَ لَهُ عُرْوَةُ: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ كَمِ اعْتَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَقَالَ: أَرْبَعَ عُمَرٍ. إِحْدَاهُنّ فِي رَجَبٍ. فَكَرِهْنَا أَنْ نُكَذّبَهُ وَنَرُدّ عَلَيْهِ. وَسَمِعْنَا اسْتِنَانَ عَائِشَةَ فِي الْحُجْرَةِ. فَقَالَ عُرْوَةُ: أَلاَ تَسْمَعِينَ، يَا أُمّ الْمُؤْمِنِينَ إِلَىَ مَا يَقُولُ أَبُو عَبْدِ الرّحْمَنِ؟ فَقَالَتْ: وَمَا يَقُولُ؟ قَالَ

**يَقُولُ: اعْتَمَرَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم أرْبَعَ عُمَرٍ إحْدَاهُنّ فِي رَجَبٍ. فقالَتْ: يَرْحَمُ اللّهُ أبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ. مَا اعْتَمَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إلاّ وَهُوَ مَعَهُ. وَمَا اعْتَمَرَ فِي رَجَبٍ قَطّ.**

ئۇرۋە رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىللە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭ مسۋاك سالغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھالدا ئولتۇراتتۇق، كىشلەر مەسجىدتە زۇھا نامىزى ئوقۇۋاتاتتى، مەن ئىبنى ئۆمەردىن ئۇلارنىڭ زۇھا نامىزى توغرۇلۇق سورسام، ئۇ؛ بۇناماز بىدئەتتۇر دېدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا؛ ئى ئەبائابدۇررەھمان! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەچچە قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان؟يەنەبىردە رەجەپ ئېيىدىمۇ ئۆمرە ھەج قىلغانمۇ؟دېسەم، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان، ئۇنىڭ بىرىنى رەجەپ ئېيىدا قىلغان دېدى، مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا اغا؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى!ئىبنى ئۆمەر دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىڭزمۇ؟دېسەم، نىمە دەۋاتىدۇ؟دېدى، مەن؛ ئۇ رەسۇلۇللاھ تۆت قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان، ئۇنىڭ بىرىنى رەجەپ ئېيىدا قىلغان دەۋاتىدۇ دېسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسۇن، رەھمەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ ئۆمرە ھەج قىلغانلا بولسا، ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ھەرگىز رەجەپ ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلمىغان، دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يا ياق يا ھەئە دېمەي جىم تۇردى.

## 542 ـــ باب فضل العمرة في رمضان رامىزاندا ئۆمرە ھەج قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**2993 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي عَطَاءٌ. قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يُحَدّثُنَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاِمْرَأَةٍ مِنَ الأَنْصَارِ (سَمّاهَا ابْنُ عَبّاسٍ فَنَسِيتُ اسْمَهَا)«مَا مَنَعَكِ أَنْ تَحُجّي مَعَنَا؟» قَالَتْ: لَمْ يَكُنْ لَنَا إلاّ نَاضِحَانِ فَحَجّ أَبُو وَلَدِهَا وَابْنُهَا عَلَى نَاضِحٍ. وَتَرَكَ لَنَا نَاضِحاً نَنْضِحُ عَلَيْهِ. قَالَ: «فَإذَا جَاءَ رَمَضَانُ فَاعْتَمِرِي. فَإنّ عُمْرَةً فِيهِ تَعْدِلُ حَجّةً».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلاردىن بىر ئايالغا: بىز بىلەن بىللە ھەج قىلىشىڭدىن سىنى نىمە توستى؟دېدى، ئۇئايال؛ بىزنىڭ پەقەت زىرائەت سۇغىرىدىغان، سۇ تۇشۇيدىغان ئىككىلا تۆگىمىز بار، ئۇنىڭ بىرىدە دادىسى بىلەن بالىسى(يەنى ئېرىم بىلەن بالام)ھەج قىلدۇ، يەنەبىرنى بىزگە قالدۇردى، بىز ئۇنىڭ بىلەن سۇ تۇشۇيمىز دېدى، ئاندىن‌رەسۇلۇللاھ؛ رامىزان ئېيى كەلگەندە ئۆمرە ھەج قىلغىن، بۇ ئايدىكى ئۆمرە ھەج، پەرز ھەجگە تەڭ،دېدى. نەسەئى.

**2994 ـ وحدّثنا أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ الضّبّيّ. حَدّثنَا يَزِيدُ (يَعْنِي ابْنَ زُرَيْعٍ) حَدّثنَا حَبِيبٌ الْمُعَلّمُ عَنْ عَطَاءٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ لاِمْرَأَةٍ مِنَ الأَنْصَارِ، يُقَالُ لَهَا أُمّ سِنَانٍ: «مَا مَنَعَكِ أَنْ تَكُونِي حَجَجْتِ مَعَنَا؟» قَالَتْ: نَاضِحَانِ كَانَا لأَبِي فُلاَنٍ (زَوْجِهَا) حَجّ هُوَ وَابْنُهُ عَلَى أَحَدِهِمَا. وَكَانَ الآخَرُ يَسْقِي عَلَيْهِ غُلاَمُنَا. قَالَ: «فَعُمْرَةٌ فِي رَمَضَانَ تَقْضِي حَجّةً. أَوْ حَجّةً مَعِي».**

جابىر، ئىبنى ئابباس، ئۇممە مەئقىل، ۋەھبى، ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزان ئېيىدىكى ئۆمرە ھەج، پەرز ھەجگە ياكى مەن بىلەن بىللە قىلغان

تەخرىجى ھەدىس. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: رامىزاندىكى ئۆمرە ھەج، مەن بىلەن بىرگە پەرىز ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر. سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

## 543 ـــ باب استحباب دخول مكة من الثنية العليا والخروج منها من الثنية السفلى ودخول بلده من طريق غير التي خرج منها

### مەككىگە ئۈستىن تەرىپىدىن كىرىپ، ئاستى تەرەپتىن چىقىشنىڭ، شەھەرگە چىققان يولدىن باشقا يول بىلەن كىرىشنىڭ مۇستەھەپلىكى توغرىسىدا

2995 ـ2996 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَخْرُجُ مِنْ طَرِيقِ الشّجَرَةِ، وَيَدْخُلُ مِنْ طَرِيقِ الْمُعَرّسِ. وَإِذَا دَخَلَ مَكّةَ، دَخَلَ مِنَ الثّنِيّةِ الْعُلْيَا، وَيَخْرُجُ مِنَ الثّنِيّةِ السّفْلَى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەررەستىكى يولدىن كىرىپ، ئاستى تەرەپتىكى دەرەخلىك يولدىن چىقىپ كىتەتتى. مەككىگە كىرگەندە،ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىن (سنيەتۇلئۇلىيادىن) كىرىپ، ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ كىتەتتى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2997 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَمّا جَاءَ إِلَى مَكّةَ، دَخَلَهَا مِنْ أَعْلاَهَا، وَخَرَجَ مِنْ أَسْفَلِهَا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، مەككىگە ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىن كىرىپ، ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

2998 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ عَامَ الْفَتْحِ مِنْ كَدَاءٍ مِنْ أَعْلَى مَكّةَ. قَالَ هِشَامٌ: فَكَانَ أَبِي يَدْخُلُ مِنْهُمَا كِلَيْهِمَا. وَكَانَ أَبِي أَكْثَرَ مَا يَدْخُلُ مِنْ كَدَاءٍ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەتھى يىلى مەككىگە كەلگەندە، مەككىگە ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپى كىدائىدىن كىرىپ، ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇخارى، مۇسلىم.

ھىشام رەھ ؛ دادام ھەر ئىككىلى تەرەپتىن كىرىۋىرەتتى دىيەن.

## 544 ـــ باب استحباب المبيت بذي طوى عند إرادة دخول مكة، والاغتسال لدخولها، ودخولها نهارا

### مەككىگە كىرىشنى ئىرادە قىلغاندا زى تۇۋادا قۇنۇپ، مەككىگە يۇيۇنۇپ كۈندۈزى كىرىش توغرىسىدا

2999 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَاتَ بِذِي طَوًى حَتّى أَصْبَحَ. ثُمّ دَخَلَ مَكّةَ.
قَالَ: وَكَانَ عَبْدُ اللّهِ يَفْعَلُ ذَلِكَ. وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ سَعِيدٍ: حَتّى صَلّى الصّبْحَ. قَالَ يَحْيَى: أَوْ قَالَ: حَتّى أَصْبَحَ.
3000 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ إِسْحَقَ الْمُسَيّبِيّ. حَدّثَنِي أَنَسٌ (يَعْنِي ابْنَ عِيَاضٍ) عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَنْزِلُ بِذِي طَوًى. وَيَبِيتُ بِهِ حَتّى يُصَلّيَ الصّبْحَ، حِينَ يَقْدَمُ مَكّةَ. وَمُصَلّى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم ذَلِكَ عَلَى أَكَمَةٍ غَلِيظَةٍ، لَيْسَ فِي الْمَسْجِدِ الّذِي بُنِيَ ثَمّ، وَلَكِنْ أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ عَلَى أَكَمَةٍ غَلِيظَةٍ.

ناپىئ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە كەلسلا، زىي تۇۋا دېگەن جايدا، تاڭ ئاتقىچە ياتاتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ناماز ئوقۇپ، مەككىگە كۈندۈزى كىرەتتى، مەككىدىن قايتقاندىمۇ، زىي تۇۋا دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، ئۇيەردە تاڭ ئاتقىچە ياتاتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق قىلاتتى، نامازگاھى شۇجايغا سېلىنغان مەسجىدتە ئەمەس، بەلكى شۇنىڭدىن تۆۋەنرەكتىكى ئېگىز، كەڭ دۆۋىدە ئىدى دېگەن. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**3001 ـ حدثنا مُحَمّدُ بْنُ إِسْحَقَ الْمُسَيّبِيّ. حَدّثنِي أَنَسٌ (يَعْنِي ابْنَ عِيَاضٍ) عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ أَنّ عَبْدَ اللّهِ أَخْبَرَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم اسْتَقْبَلَ فُرْضَتَيِ الْجَبَلِ الّذِي بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجَبَلِ الطّوِيلِ، نَحْوَ الْكَعْبَةِ. يَجْعَلُ الْمَسْجِدَ، الّذِي بُنِيَ ثَمّ، يَسَارَ الْمَسْجِدِ الّذِي بِطَرَفِ الأَكَمَةِ. وَمُصَلّى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَسْفَلَ مِنْهُ عَلَى الأَكَمَةِ السّوْدَاءِ. يَدَعُ مِنَ الأَكَمَةِ عَشْرَةَ أَذْرُعٍ أَوْ نَحْوَهَا. ثُمّ يُصَلّي مُسْتَقْبِلَ الْفُرْضَتَيْنِ مِنَ الْجَبَلِ الطّوِيلِ. الّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَ الْكَعْبَةِ.**

ناپىئ رەھدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، ئۆزى بىلەن كەئبە تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ ئارلىقىدىكى تاغنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، شۇجايغا سېلىنغان مەسجىدنى ئېگىز دۆۋە تۇپۇلۇكنىڭ بىر تەرىپىدىكى مەسجىدنىڭ سول تەرىپىدە قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىدى، نامازگاھى شۇجايغا سېلىنغان مەسجىدتە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۆۋەنرەكىدىكى قارا تۇپۇلۇكتە ئىدى، ئېگىز دۆۋىدىن ئون گەز ئەتراپىدا قالدۇرۇپ، (ئەگەر شۇجايدا تۇرساڭ)سەن بىلەن كەئبە ئارلىقىدىكى ئېگىز تاغنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىدى.

## 545 ــــ باب استحباب الرمل في الطواف والعمرة، وفي الطواف الأول من الحج

### ئۆمرە ھەجنىڭ تاۋاپىنى قىلغاندا ۋە پەرز ھەجنىڭ تۇنجى تاۋاپلىرىدا رەملى قىلىپ يورغىلاپ مېڭىشنىڭ ياخشىلىقى

**3002 ـ حدثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا طَافَ بِالْبَيْتِ الطّوَافَ الأَوّلَ، خَبّ ثَلاَثاً وَمَشَى أَرْبَعاً. وَكَانَ يَسْعَى بِبَطْنِ الْمَسِيلِ إِذَا طَافَ بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇﷲ نى تۇنجى قېتىم تاۋاپ قىلغاندا، ھەجەرئەسۋەدتىن باشلاپ، (كەئبىنىڭ ئۆلۈك تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ )، ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۇزلا ئايلىنىپ ماڭدى، سەپا ـ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىدا تاۋاپ قىلسا، بەتنەمەسىيل دېگەن جايدا سەئيى قىلىپ ئويناخشىپ، مەردانەھالدا ماڭاتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى.

**3003 ـ وحدثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ. حَدّثنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إِذَا طَافَ فِي الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ، أَوّلَ مَا يَقْدَمُ، فَإِنّهُ يَسْعَى ثَلاَثَةَ أَطْوَافٍ بِالْبَيْتِ. ثُمّ يَمْشِي أَرْبَعَةً. ثُمّ يُصَلّي سَجْدَتَيْنِ. ثُمّ يَطُوفُ بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا ياكى ئۆمرە ھەجدە، كېلىپلا تۇنجى بولۇپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلسا، ئۈچ قېتىم مەردانە ھالدا كەئبىنى يورغىلاپ ئايلىنىپ ماڭاتتى، ئاندىن كېيىنكى تۆت قېتىمدا تۈزلا ئايلىنىپ ماڭاتتى، (جەمئى يەتتە ئايلىناتتى)ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن سەپا ـ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىنى تاۋاپ قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

3004 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. قَالَ حَرْمَلَةُ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّ سَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ أَخْبَرَهُ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حِينَ يَقْدَمُ مَكّةَ، إِذَا اسْتَلَمَ الرّكْنَ الأَسْوَدَ، أَوّلَ مَا يَطُوفُ حِينَ يَقْدَمُ، يَخُبّ ثَلاَثَةَ أَطْوَافٍ مِنَ السّبْعِ.
3005 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ بْنِ أَبَانٍ الْجُعْفِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا قَالَ: رَمَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْحَجَرِ إِلَى الْحَجَرِ ثَلاَثاً. وَمَشَى أَرْبَعاً.
3006 ـ وحدّثنا أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا سُلَيْمُ بْنُ أَخْضَرَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ عَنْ نَافِعٍ أَنّ ابْنَ عُمَرَ رَمَلَ مِنَ الْحَجَرِ إِلَى الْحَجَرِ. وَذَكَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَعَلَهُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كېلىپ ھەجەر ئەسۋەدنى سىلاپ، ئاندىن ھەجەرئەسۋەدتىن باشلاپ، (كەئبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ )، ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ، يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۈزلا ئايلىنىپ ماڭدى، سەپا ـ مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىدا تاۋاپ قىلسا، بەتنەمەسىيل دىگەن جايدا سەئيى قىلىپ ئويناخشىپ، مەردانەھالدا ماڭاتتى.

3007 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ رَضِيَ اللّهُ عَنْهُمَا أَنّهُ قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَمَلَ مِنَ الْحَجَرِ الأَسْوَدِ حَتّى انْتَهَى إِلَيْهِ. ثَلاَثَةَ أَطْوَافٍ.
3008 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ أَخْبَرَنِي مَالِكٌ وَ ابْنُ جُرَيْجٍ عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَمَلَ الثّلاَثَةَ أَطْوَافٍ، مِنَ الْحَجَرِ إِلَى الْحَجَرِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، ھەجەرئەسۋەدنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ، ئاندىن كەئبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ ئايلىنىپ ماڭدى، ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ يەنە شۇنىڭغىچە ئۈچ قېتىم رەملە قىلىپ يورغىلاپ مەردانە ماڭدى، تۆت قېتىم تۈزلا ئايلىنىپ ماڭدى.

3009 ـ 3010 ـ حدّثنا أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ بْنُ زِيَادٍ. حَدّثَنَا الْجُرَيْرِيّ عَنْ أَبِي الطّفَيْلِ قَالَ: قُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: أَرَأَيْتَ هَذَا الرّمَلَ بِالْبَيْتِ ثَلاَثَةَ أَطْوَافٍ، وَمَشْيَ أَرْبَعَةِ أَطْوَافٍ. أَسُنّةٌ هُوَ؟ فَإِنّ قَوْمَكَ يَزْعُمُونَ أَنّهُ سُنّةٌ. قَالَ فَقَالَ: صَدَقُوا. وَكَذَبُوا. قَالَ قُلْتُ: مَا قَوْلُكَ: صَدَقُوا وَكَذَبُوا؟ قَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَدِمَ مَكّةَ. فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ: إِنّ مُحَمّداً وَأَصْحَابَهُ لاَ يَسْتَطِيعُونَ أَنْ يَطُوفُوا بِالْبَيْتِ مِنَ الْهُزَالِ. وَكَانُوا يَحْسُدُونَهُ. قَالَ: فَأَمَرَهُمْ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَرْمُلُوا ثَلاَثاً. وَيَمْشُوا أَرْبَعاً. قَالَ: قُلْتُ لَهُ: أَخْبِرْنِي عَنِ الطّوَافِ بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ رَاكِباً. أَسُنّةٌ هُوَ؟ فَإِنّ قَوْمَكَ يَزْعُمُونَ أَنّهُ سُنّةٌ. قَالَ: صَدَقُوا وَكَذَبُوا. قَالَ قُلْتُ: وَمَا قَوْلُكَ. صَدَقُوا وَكَذَبُوا؟ قَالَ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَثُرَ عَلَيْهِ النّاسُ. يَقُولُونَ: هَذَا مُحَمّدٌ. هَذَا مُحَمّدٌ. حَتّى خَرَجَ الْعَوَاتِقُ مِنَ الْبُيُوتِ. قَالَ: وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لاَ يُضْرَبُ النّاسُ بَيْنَ يَدَيْهِ. فَلَمّا كَثُرَ عَلَيْهِ رَكِبَ. وَالْمَشْيُ وَالسّعْيُ أَفْضَلُ.
3011 ـ وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ ابْنِ أَبِي حُسَيْنٍ، عَنْ أَبِي الطّفَيْلِ قَالَ: قُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: إِنّ قَوْمَكَ يَزْعُمُونَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَمَلَ بِالْبَيْتِ. وَبَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ. وَهِيَ سُنّةٌ. قَالَ: صَدَقُوا وَكَذَبُوا.

ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ قېنى دەپ باققىنا، بەيتۇﷲ نى ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ ئايلىنىش، تۆت قېتىم تۇزلا مېڭىپ تاۋاپ قىلىش سۈننەتمۇ؟ قەۋمىڭ ئۇنى سۈننەت دەيدۇ دېسەم، ئۇ؛ ئۇلار راست ئەيتىپتۇ، ۋە يالغانمۇ ئەيتىپتۇ دېدى، (يەنى رەسۇلۇللاھ قىلدى دېگىنى راست، كۆچلۈك سۈننەت دېگىنى يالغان،دېدى. لېكىن بارلىق ئالىملار بۇنى سۈننەت دېدى.)بۇنىمە دېگىنىڭ؟دېسەم، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، مۇشرىكلەر؛ مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىللىرى ئاجىزلىقتىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ دېدى، ـ ئۇلار ئۇنىڭغا ھەسەد قىلاتتى ـ ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ ئايلىنىشقا،(يەنى ئۇششاق چامداپ، يورغىلاپ مېڭىشقا)  تۆت قېتىم تۇزلا مېڭىپ تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىدى، دېدى. مەن ئۇنىڭغا؛ سەپا،مەرۋە ئارلىقىنى ئۇلاغلىق تاۋاپ قىلىشمۇ سۈننەتمۇ؟ قەۋمىڭ ئۇنى سۈننەت دەيدۇغۇ دېسەم، ئۇ؛ ئۇلار راست ئەيتىپتۇ، ۋە يالغانمۇ ئەيتىپتۇ دېدى، (يەنى رەسۇلۇللاھ قىلدى دېگىنى راست، كۆچلۈك سۈننەت دېگىنى يالغان)،دېدى. بۇ نىمە دېگىنىڭ؟دېسەم، ئۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىشلەر كۆپ ئولىشىۋېلىپ؛ مۇھەممەد، مۇھەممەد!!!دەپ تولاشقا باشلىدى، ھەتتا بالاغەتكە يېتىش ئالدىدىكى قىزلارمۇ ئۆيلەردىن چىقىۋالدى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا كىشلەر ئۇرۇلمايتتى  (يەنى قېچىڭلار!يىراق تۇرۇڭلار!پوش پوش دىيىلمەيتتى)كىشلەر بەكلا كۆپىيىپ كەتكەندە ئۇلاققا مىنىپ تاۋاپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە سەئيى قىلىپ مېڭىش ئەبزەلدۇر دېدى.

**3012 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا زُهَيْرٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ سَعِيدِ بْنِ الأَبْجَرِ، عَنْ أَبِي الطّفَيْلِ قَالَ: قُلْتُ لاِبْنِ عَبّاسٍ: أُرَانِي قَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: فَصِفْهُ لِي. قَالَ: قُلْتُ: رَأَيْتُهُ عِنْدَ الْمَرْوَةِ عَلَى نَاقَةٍ. وَقَدْ كَثُرَ النّاسُ عَلَيْهِ. قَالَ: فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: ذَاكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. إِنّهُمْ كَانُوا لاَ يُدَعّونَ عَنْهُ وَلاَ يُكْهَرُونَ.**

ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن ئىدىم دېسەم، ئۇماڭا؛ قېنى ماڭا سۈپەتلەپ باققىنادېدى، مەن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەرۋە تېغىدا تۆگە ئۈستىدە كۆرگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىشلەر بەك كۆپ ئولىشىۋاپتىكەن دېسەم، ئۇماڭا؛ئەشۇكىشى رەسۇلۇللاھ ئىدى، ئۇلار ئۇزاتنى مۇداپىئە قىلمايتتى، ھەم ئۇلارغا قوپاللىق قىلىنمايتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن يامان كۆرۈلمەيتتى،ئىتتىرىلمەيتتى دېدى.

**3013 ـ وحدّثني  أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ. حَدّثَنَا حَمّادٌ (يَعْنِي ابْنَ زَيْدٍ) عَنْ أَيّوبَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: قَدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ مَكّةَ. وَقَدْ وَهَنَتْهُمْ حُمّىَ يَثْرِبَ. قَالَ الْمُشْرِكُونَ: إِنّهُ يَقْدَمُ عَلَيْكُمْ غَداً قَوْمٌ قَدْ وَهَنَتْهُمُ الْحُمّى. وَلَقُوا مِنْهَا شِدّةً. فَجَلَسُوا مِمّا يَلِي الْحِجْرَ. وَأَمَرَهُمُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَرْمُلُوا ثَلاَثَةَ أَشْوَاطٍ، وَيَمْشُوا مَا بَيْنَ الرّكْنَيْنِ. لِيَرَى الْمُشْرِكُونَ جَلَدَهُمْ. فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ: هَؤُلاَءِ الّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنّ الْحُمّى قَدْ وَهَنَتْهُمْ. هَؤُلاَءِ أَجْلَدُ مِنْ كَذَا وَكَذَا.
قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: وَلَمْ يَمْنَعْهُ أَنْ يَأْمُرَهُمْ أَنْ يَرْمُلُوا الأَشْوَاطَ كُلّهَا، إِلاّ الإِبْقَاءُ عَلَيْهِمْ.**

3014 ـ وحدّثني  عَمْرٌو النَّاقِدُ وَ ابْنُ أبي عُمَرَ وَ أحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ:  ابْنُ عَبْدَةَ: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ عَطَاءٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: إنّمَا سَعَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَرَمَلَ بِالْبَيْتِ، لِيُرِيَ الْمُشْرِكِينَ قُوّتَهُ.

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  مۇنداق دەيدۇ؛  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كەلگەندە، ئۇلارنى مەدىنىنىڭ قىزىتما كېسىلى ئاجىزلىتىۋەتكەن ئىدى، مۇشرىكلەر؛ئەتە سىلەرگە بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلارنى قىزىتما كېسەل ئاجىزلىتىۋەتتى، ئۇلار بۇ كېسەل سەۋەبلىك قاتتىق ئېغىرچىلىققا ئۇچرىدى، (ئۇلار ئاجىزلىقتىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ)دېيىشىپ، ھەجەر ئەسۋەدكە يېقىن جايدا ئولتۇرۇشتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۈچ قېتىم رەملى قىلىپ ئايلىنىشقا،(يەنى ئۇششاق چامداپ، يورغىلاپ مېڭىشقا)  تۆت قېتىم تۈزلا مېڭىپ تاۋاپ قىلىشقا (ئۇلار كۆرمەيدىغان تەرەپتىكى )ئىككى رۇكنى ئارلىقىدا تۈز مېڭىشقا بۇيرىدى، بۇ ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى مۇشرىكلەرنىڭ كۆرسىشى ئۈچۈن ئىدى، ئاندىن مۇشرىكلەر؛ سىلەر ئاۋۇ كىشىلەرنى قىزىتما كېسەل ئاجىزلىتىۋەتتى دەۋاتاتتىڭلار، ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈككەنغۇ دېدى.  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۈچ قېتىملا رەملى قىلىپ ئايلىنىشقابۇيرىدى، يەتتە قېتىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىدى، بۇ ئۇلارغا رەھىم قىلىپ كۆيۈنۈش ئۈچۈن ئىدى.

## 546 ـــــ باب استحباب استلام الركنين اليمانيين في الطواف، دون الركنين الآخرين

**كەئبىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى ئىككى رۇكنى تاشنى يەنى ھەجەر ئەسۋەد بىلەن رۇكنى تاشنىلا سۆيۈش توغرىسىدا**

3015 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وَحَدّثنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثنَا لَيْثٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّهُ قالَ: لَمْ أرَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَمْسَحُ مِنَ الْبَيْتِ، إلاّ الرّكْنَيْنِ الْيَمَانِيَيْنِ.
**3094 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ حُصَيْنٍ، عَنْ جَدّتِهِ أُمّ الْحُصَيْنِ قَالَ: سَمِعْتُهَا تَقُولُ: حَجَجْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَجّةَ الْوَدَاعِ، فَرَأَيْتُهُ حِينَ رَمَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ وَانْصَرَفَ وَهُوَ عَلَى رَاحِلَتِهِ. وَمَعَهُ بِلاَلٌ وَأُسَامَةُ. أَحَدُهُمَا يَقُودُ بِهِ رَاحِلَتَهُ. وَالآخَرُ يَرْفَعُ ثَوْبَهُ عَلَى رَأْسِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الشّمْسِ. قَالَتْ: فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَوْلاً كَثِيراً. ثُمّ سَمِعْتُهُ يَقُولُ: «إِنْ أُمّرَ عَلَيْكُمْ عَبْدٌ مُجَدّعٌ (حَسِبْتُهَا قَالَتْ) أَسْوَدُ، يَقُودُكُمْ بِكِتَابِ اللّهِ تَعَالَى، فَاسْمَعُوا لَهُ وَأَطِيعُوا».**

ئۇممە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، مەن ھەججەتۇلۋىدادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغان ئىدىم، مەن رەسۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تۆگىسى ئۈستىدە ئەقەبە تېشىنى ئېتىپ بولۇپ قايتانلىقىنى كۆرگەندىم، مەن بۇ ھەجدە ئۇسامە بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلغىنىنى كۆردۈم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى جەمرە تېشىنى ئېتىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ يېتىلەپ ماڭدى، يەنە بىرسى كىيىمنى كۆتۈرۈپ، كۈننىڭ ھارارىتىدىن رەسۇلۇللاھقا سايا چۈشۈرۈپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغان ئىدى، مەن شۇسۆزلەر ئارىسىدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم : ئەگەر سىلەرگە قارا تەنلىك ، ئەزالىرى كېسىلىپ كەتكەن چولاق بىر قۇل باش بولسا، ئۇ سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن يېتەكلەپ ، يېتەكلەپ قۇماندانلىق قىلسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار . ئىبنى ماجە مۇ توپلىغان.چۈنكى، بىز بىر ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە ئىتائەت قىلىمىز، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە ئەزالىرى كېسىلىپ، چولاق بولغان كىشى، ساڭا باش بولسىمۇ،(ھەققە بۇيرىسىلا) ئاڭلاپ ئىتائەت قىل، ئەھمەد، مۇسلىم.

**3095 ـ وحدّثني أَحْمَدُ بْنُ حَنْبَلٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ سَلَمَةَ عَنْ أَبِي عَبْدِ الرّحِيمِ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَبِي أُنَيْسَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ الْحُصَيْنِ، عَنْ أُمّ الْحُصَيْنِ جَدّتِهِ قَالَتْ: حَجَجْتُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَجّةَ الْوَدَاعِ. فَرَأَيْتُ أُسَامَةَ وَبِلاَلاً وَأَحَدُهُمَا آخِذٌ بِخِطَامِ نَاقَةِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. وَالآخَرُ رَافِعٌ ثَوْبَهُ يَسْتُرُهُ مِنَ الْحَرّ. حَتّى رَمَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ.**
**قَالَ مُسْلِمٌ: وَاسْمُ أَبِي عَبْدِ الرّحِيمِ، خَالِدُ بْنُ أَبِي يَزِيدَ. وَهُوَ خَالُ مُحَمّدِ بْنِ سَلَمَةَ. رَوَى عَنْهُ وَكِيعٌ وَحَجّاجٌ الأَعْوَرُ.**

ئۇممۇلھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ھەججەتۇلۋىدادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغان ئىدىم، مەن بۇ ھەجدە ئۇسامە بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىزمەت قىلغىنىنى كۆردۈم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى جەمرە

تېشىنى ئېتىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ بىرسى رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ ماڭدى، يەنە بىرسى كىيىمنى كۆتۈرۈپ، كۈننىڭ هارارىتىدىن رەسۇلۇللاھقا سايا چۈشۈرۈپ ماڭدى.

## 558 ـ باب استحباب كون حصى الجمار بقدر حصى الخذف

## شەيتانغا تاشنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا ئېتىش توغرىسىدا

3096 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قَالَ ابْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنَا أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: رَأَيْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَمَى الْجَمْرَةَ، بِمِثْلِ حَصَى الْخَذْفِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەمرە تېشىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## 559 ـــ باب بيان وقت استحباب الرمي شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

3097 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو خَالِدٍ الأَحْمَرُ وَ ابْنُ إِدْرِيسَ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: رَمَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْجَمْرَةَ يَوْمَ النّحْرِ ضُحًى. وَأَمّا بَعْدُ، فَإِذَا زَالَتِ الشّمْسُ.

3098 ـ وحدّثناه عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا عِيسَىَ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: كَانَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. بِمِثْلِهِ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دېگەن تاشنى شەيتانغا نەھرى كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئاتتى، نەھرى كۈنىدىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرىدىكى تاشنى كۈن قەرىلگەندە ئاتقان ئىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 560 ـ باب بيان أن حصى الجمار سبع شەيتانغا تاشنى يەتتەتال تاق ئېتىش توغرىسىدا

3099 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ (وَهُوَ ابْنُ عُبَيْدِ اللّهِ الْجَزَرِيّ) عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «الإِسْتِجْمَارُ تَوّ، وَرَمْيُ الْجِمَارِ تَوّ، وَالسّعْيُ بَيْنَ الصّفَا وَالْمَرْوَةِ تَوّ، وَالطّوَافُ تَوّ، فَإِذَا اسْتَجْمَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَجْمِرْ بِتَوّ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىنجا تاق، شەيتانغا تاش ئېتىش تاق، سەپا ــ مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى سەئيى قىلىپ ئويناخشىپ مېڭىش تاق، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش تاق، بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلسۇن، (ئاللاھ تاقنى ياخشى كۆرىدۇ).

## 561 ـــ باب تفضيل الحلق على التقصير وجواز التقصير

## ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرتىشنىڭ ئەبزەللىكى ۋە چېچىنى قىسقارتىشنىڭمۇ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

3100 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ عن عَبْدَ اللّهِ قَالَ: حَلَقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَحَلَقَ طَائِفَةٌ مِنْ أَصْحَابِهِ. وَقَصّرَ بَعْضُهُمْ.
قَالَ عَبْدُ اللّهِ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «رَحِمَ اللّهُ الْمُحَلّقِينَ» مَرّةً أَوْ مَرّتَيْنِ ثُمّ قَالَ: «وَالْمُقَصّرِينَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا چېچىنى چۈشۈرتتى، ۋە ساھابىللىرىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر چېچىنى چۈشۈرتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى كەستۈرۈپ، چېچىنى قىسقارتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە ئۈچ قېتىم، ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگەبىر قېتىم رەھمەت سوراپ دۇئا قىلغان. بۇخارى ، مۇسلىم .

**3101 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «اللّهُمّ ارْحَمِ الْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: وَالْمُقصّرِينَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «اللّهُمّ ارْحمَ الْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: وَالْمُقصّرِينَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «وَالْمُقصّرِينَ».**
**3102 ـ أَخْبَرَنَا أَبُو إِسْحَقَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ سُفْيَانَ عَنْ مُسْلِمِ بْنِ الْحَجّاج قالَ: حَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «رَحِمَ اللّهُ الْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: وَالْمُقصّرِينَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «رَحِمَ اللّهُ الْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: وَالْمُقصّرِينَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «رَحِمَ اللّهُ الْمُحَلّقِينَ» (كرّرَ ذلك ثلاَثاً) قَالُوا: وَالْمُقصّرِينَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ قَالَ: «وَالْمُقصّرِينَ». 3103 ـ وحدّثناه ابْنُ الْمُثنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بِهَـٰذَا الأَسْنَادِ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: فَلَمّا كَانَتِ الرّابِعَةُ، قَالَ «وَالْمُقصّرِينَ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا:«ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھىم قىلغىن»دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھىم قىلغىن»دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ تۆتىنچى قېتىم؛ «ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ رەھىم قىلغىن»دېدى.

بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

**3104 ـ3105 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ فُضَيْلٍ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ فُضَيْلٍ. حَدّثَنَا عُمَارَةُ عَنْ أَبِي زُرْعَةَ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِلْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَلِلْمُقصّرِينَ؟ قَالَ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِلْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَلِلْمُقصّرِينَ؟ قَالَ: «اللّهُمّ اغْفِرْ لِلْمُحَلّقِينَ» قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ وَلِلْمُقصّرِينَ؟ قَالَ: «وَلِلْمُقصّرِينَ».**

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەججەتۇلۋىدادا): «ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ يەنە: «ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»دېدى، ئۇلار: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈنچى قېتىم؛ «ئى **الله**! ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگىمۇ مەغپىرەت قىلغىن»دېدى.

**3106 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ وَ أَبُو دَاوُدَ الطّيَالِسِيّ عَنْ شُعْبَةَ، عَنْ يَحْيَى بْنِ الْحُصَيْنِ، عَنْ جَدّتِهِ أَنّهَا سَمِعَتِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ، دَعَا لِلْمُحَلّقِينَ ثلاَثاً. وَلِلْمُقصّرِينَ مَرّةً. وَلَمْ يَقُلْ وَكِيعٌ: فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ.**

يەھيانىڭ چوڭ ئانىسى   رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن   رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  نىڭ ھەججەتۇلۋىدادا، ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە ئۈچ قېتىم، ئىھرامدىن چىققاندا چېچىنى قىسقارتىپ كەستۈرگەنلەرگەبىر قېتىم (رەھمەت سوراپ)دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

3107 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ. حَدّثنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ). كِلاَهُمَا عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَلَقَ رَأْسَهُ فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا چېچېىنى چۈشۈرتتى.

## 562 ـــــ باب بيان أن السنة يوم النحر أن يرمي ثم ينحر ثم يحلق والابتداء في الحلق بالجانب الأيمن من رأس المحلوق

**نەھرى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىش، ئاندىن قۇربانلىقنى بوغۇزلاش، ئاندىن چېچىنى ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ چۈشۈرتۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا**

3108 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَتَى مِنًى. فَأَتَى الْجَمْرَةَ فَرَمَاهَا. ثُمّ أَتَى مَنْزِلَهُ بِمِنًى وَنَحَرَ. ثُمّ قَالَ لِلْحلاّقِ: «خُذْ» وَأَشَارَ إِلَى جَانِبِهِ الأَيْمَنِ. ثُمّ الأَيْسَرِ. ثُمّ جَعَلَ يُعْطِيهِ النّاسَ.

3109 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. و ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالُوا: أَخْبَرَنَا حَفْصُ بْنُ غِيَاثٍ عَنْ هِشَامٍ بِهَـذَا الأسْنَادِ. أَمّا أَبُو بَكْرٍ فَقَالَ فِي رِوَايَتِهِ، لِلْحلاّقِ «هَا» وَأَشَارَ بِيَدِهِ إِلَى الْجَانِبِ الأَيْمَنِ هَكَذَا. فَقسمَ شَعَرَهُ بَيْنَ مَنْ يَلِيهِ. قَالَ: ثُمّ أَشَارَ إِلَى الْحلاّقِ وَإِلَى الْجَانِبِ الأَيْسَرِ. فَحَلَقَهُ فَأَعْطَاهُ أُمّ سُلَيْمٍ. وَأَمّا فِي رِوَايَةِ أَبِي كُرَيْبٍ قَالَ: فَبَدَأَبالشّقّ الأَيْمَنِ. فَوَزّعَهُ الشّعَرَةَ وَالشّعَرَتَيْنِ بَيْنَ النّاسِ. ثُمّ قَالَ بِالأَيْسَرِ فَصَنَعَ بِهِ مِثْلَ ذٰلِكَ. ثُمّ قَالَ: «هَـهُنَا أَبُو طَلْحَةَ؟» فَدَفَعَهُ إِلَى أَبِي طَلْحَةَ.

3110 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ مُحَمّدٍ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم رَمَى جَمْرَةَ الْعَقَبَةِ. ثُمّ انْصَرَفَ إِلَى الْبُدْنِ فَنَحرَهَا. وَالْحَجّامُ جَالِسٌ. وَقَالَ بِيَدِهِ عَنْ رَأْسِهِ. فَحَلَقَ شِقّهُ الأَيْمَنَ فَقسَمَهُ فِيمَنْ يَلِيهِ. ثُمّ قَالَ: «احْلِقِ الشّقّ الاخَرَ» فَقَالَ: «أَيْنَ أَبُو طَلْحَةَ؟» فَأَعْطَاهُ إِيّاهُ.

3111 ـ وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ. سَمِعْتُ هِشَامَ بْنَ حَسّانَ يُخْبِرُ عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ: لَمّا رَمَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْجَمْرَةَ. وَنَحَرَ نُسُكَهُ وَحَلَقَ. نَاوَلَ الْحَالِقَ شِقّهُ الأَيْمَنَ فَحَلَقَهُ. ثُمّ دَعَا أَبَا طَلْحَةَ الأَنْصَارِيّ فَأَعْطَاهُ إِيّاهُ. ثُمّ نَاوَلَهُ الشّقّ الأَيْسَرَ. فَقَالَ: «احْلِقْ» فَحَلَقَهُ. فَأَعْطَاهُ أَبَا طَلْحَةَ. فَقَالَ: «اقْسِمْهُ بَيْنَ النّاسِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  مىنا تېغىغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، ئاندىن مىنادىكى ئورنىغا چۈشۈپ، قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، ئاندىن سەتىراچىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ بەردى، ئۇچۇشۇرۇپ بولغاندا ئەبۇتەلھەنى چاقىرىپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئاندىن بېشىنىڭ سول تەرىپىنى تۇتۇپ بېرىپ؛ چۈشۈرگىن دېدى، چاچنى چۈشۈرتۈپ بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى تەلھەگە بېرىپ: بۇنى كىشىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەرگىن دېدى. ئۇ  رەسۇلۇللاھنىڭ چېچىنى كىشىلەرگە بىر ـ ئىككى تالدىن تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 563 ـــــ باب من حلق قبل النحر، أو نحر قبل الرمي

**قۇربانلىقنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن چېچىنى چۈشۈرگەن ياكى تاش ئېتىشتىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىغان كىشى توغرىسىدا**

3112 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ قرأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عِيسَى بْنِ طَلْحَةَ بْنِ عُبَيْدِ اللّهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قالَ: وَقفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ، بِمِنًى، وَالنّاسُ يَسْأَلُونَهُ. فَجَاءَ رَجُلٌ فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ لَمْ أَشْعُرْ، فَحَلَقْتُ قبْلَ أَنْ أَنْحرَ. فقالَ: «اذْبَحْ وَلاَ حرَجَ» ثُمّ جَاءَهُ رَجُلٌ آخرُ فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ لَمْ أَشْعُرْ فَنَحَرْتُ قبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. فقالَ: «ارْمِ وَلاَ حرَجَ». قالَ: فَمَا سُئِلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ شَيْءٍ قُدّمَ وَلاَ أُخّرَ، إلاّ قالَ: «افْعَلْ وَلاَ حرَجَ».

3113 ـ3114 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثنِي عِيسَى بْنُ طَلْحَةَ التّيْمِيّ أَنّهُ سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ يَقُولُ: وَقفَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى رَاحِلَتِهِ. وَطَفِقَ نَاسٌ يَسْأَلُونَهُ. فَيَقُولُ الْقَائِلُ مِنْهُمْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي لَمْ أَكُنْ أَشْعُرُ أَنّ الرّمْيَ قبْلَ النّحْرِ، فَنَحَرْتُ قبْلَ الرّمْيِ. فقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَارْمِ وَلاَ حرَجَ» قالَ: وَطَفِقَ آخَرُ يَقُولُ: إِنّي لَمْ أَشْعُرْ أَنّ النّحْرَ قبْلَ الْحَلْقِ، فَحَلَقْتُ قبْلَ أَنْ أَنْحرَ. فَيَقُولُ: «انْحَرْ وَلاَ حرَجَ» قالَ: فَمَا سَمِعْتُهُ يُسْأَلُ يَوْمَئِذٍ عَنْ أَمْرٍ، مِمّا يَنْسَى الْمَرْءُ وَيَجْهَلُ، مِنْ تَقْدِيمِ بَعْضِ الأُمُورِ قبْلَ بَعْضٍ، وَأَشْبَاهِهَا، إلاّ قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «افْعَلُوا ذَلِكَ وَلاَ حرَجَ».

ئبىنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتولۋىدادا، مىنا تېغىدا كىشىلەرنىڭ سوئال سورىشىلىشى ئۈچۈن توردى، بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن قۇربانلىق قىلىشىمدىن بۇرۇن چېچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: قۇربانلىق قىلغۇرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن قۇربانلىقىمنى بوغۇزلاپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلىنغان نەرسىدىن سوئال سورالسىلا، قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دەيتتى، مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە؛ بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن چېچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن كەئبىگە كۆچۈپ قايتىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

3115 ـ وحدّثنا عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا عِيسَى عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قالَ: سَمِعْتُ ابْنَ شِهَابٍ يَقُولُ: حَدّثنِي عِيسَى بْنُ طَلْحَةَ. حدّثنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، بَيْنَا هُوَ وَاقِفٌ يَخْطُبُ يَوْمَ النّحْرِ، فقامَ إِلَيْهِ رَجُلٌ فقالَ: مَا كُنْتُ أَحْسِبُ، يَا رَسُولَ اللّهِ أَنّ كَذَا وَكَذَا، قبْلَ كَذَا وَكَذَا. ثُمّ جَاءَ آخَرُ فقالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ كُنْتُ أَحْسِبُ أَنّ كَذَا، قبْلَ كَذَا وَكَذَا. لِهَؤُلاَءِ الثّلاَثِ. قالَ: «افْعَلْ وَلاَ حرَجَ».

3116 ـ وحدّثناه عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. ح وَحَدّثنِي سَعِيدُ بْنُ يَحْيَى الأُمَوِيّ. حَدّثنِي أَبِي. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ. أَمّا رِوَايَةُ ابْنِ بَكْرٍ فَكَرِوَايَةِ عِيسَى. إلاّ قوْلَهُ: لِهَوُلاَءِ الثّلاَثِ. فَإِنّهُ لَمْ يَذْكُرْ ذَلِكَ. وَأَمّا يَحْيَى الأُمَوِيّ فَفِي رِوَايَتِهِ: حَلَقْتُ قبْلَ أَنْ أَنْحرَ. نَحرْتُ قبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. وَأَشْبَاهُ ذَلِكَ.

ئبىنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتولۋىدادا، مىنا تېغىدا كىشىلەرنىڭ سوئال سورىشىلىشى ئۈچۈن توردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلىنغان نەرسىدىن سوئال سورالسىلا، قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دەيتتى، بۇلۇپمۇ ئەشۇ ئۈچ ئىشقا شۇنداق دېدى.

3117 ـ3118 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالَ أَبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عِيسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو قالَ: أَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَجُلٌ فقالَ: حَلَقْتُ قبْلَ أَنْ أَذْبَحَ. قالَ: «فَاذْبَحْ وَلاَ حرَجَ» قالَ: ذَبَحْتُ قبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. قالَ «ارْمِ وَلاَ حرَجَ».

ئبىنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتولۋىدادا، مىنا تېغىدا كىشىلەرنىڭ سوئال سورىشىلىشى ئۈچۈن توردى، بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن قۇربانلىق قىلىشىمدىن بۇرۇن

چىچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: قۇربانلىق قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن قۇربانلىقمنى بوغۇزلاپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى.

3119 ــ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ قُهْزَاذَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ الْحَسَنِ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الْمُبَارَكِ. أَخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ أَبِي حَفْصَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عِيسَى بْنِ طَلْحَةَ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَأَتَاهُ رَجُلٌ يَوْمَ النّحْرِ، وَهُوَ وَاقِفٌ عِنْدَ الْجَمْرَةِ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ إِنّي حَلَقْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. فَقَالَ: «ارْمِ وَلاَ حَرَجَ» وَأَتَاهُ آخَرُ فَقَالَ: إِنّي ذَبَحْتُ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. قَالَ: «ارْمِ وَلاَ حَرَجَ» وَأَتَاهُ آخَرُ فَقَالَ: إِنّي أَفَضْتُ إِلَى الْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ أَرْمِيَ. قَالَ: «ارْمِ وَلاَ حَرَجَ». قَالَ: فَمَا رَأَيْتُهُ سُئِلَ يَوْمَئِذٍ عَنْ شَيْءٍ، إِلاّ قَالَ: «افْعَلُوا وَلاَ حَرَجَ».

3120 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا بَهْزٌ. حَدّثنَا وُهَيْبٌ. حَدّثنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ طَاوُسٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قِيلَ لَهُ: فِي الذّبْحِ، وَالْحَلْقِ، وَالرّمْيِ، وَالتّقْدِيمِ، وَالتّأْخِيرِ، فَقَالَ: «لاَ حَرَجَ».

ئىبنى ئەمرۇ،ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ م مۇنداق دېيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتولۋىدادا، نەھرى كۈنى تاش ئاتىدىغان جايدا تۇراتتى، بىركىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن چىچىمنى چۈشۈرۈپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن قۇربانلىقمنى بوغۇزلاپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، يەنەبىر كىشى كېلىپ؛ مەن ئۇقماستىن تاش ئېتىشىمدىن بۇرۇن كەئبىگە كۆچۈپ قايتىپتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: تاش ئېتىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى. رەسۇلۇللاھتىن بوغۇزلاش، چىچىنى چۈرۈش، تاش ئېتىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىلگىر ـ ئاخىر قىلىنىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟دەپ سورالسا، رەسۇلۇللاھ؛قىلىۋېرىڭلار، گۇناھ يوق، باك يوق دېگەن ئىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىن نەھرى كۈنى، منا تېغىدا (ئىلگىر ـ ئاخىر قىلىنغان نەرسىدىن) سوئال سورالسلا، قىلىۋەرگىن، گۇناھ يوقتۇر دېدى، بىركىشى؛ مەن بەك كەچ كىرگەندىن كېيىن تاش ئېتىپ قالدىم دېسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغىمۇ: گۇناھ يوقتۇر دېدى. بۇخارى.

## 564 ــ *باب استحباب طواف الإفاضة يوم النحر* نەھرى كۈنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاۋاپ توغرىسىدا

3121 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَفَاضَ يَوْمَ النّحْرِ. ثُمّ رَجَعَ فَصَلّى الظّهْرَ بِمِنًى. قَالَ نَافِعٌ: فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يُفِيضُ يَوْمَ النّحْرِ. ثُمّ رَجَعَ فَصَلّى الظّهْرَ بِمِنًى. وَيَذْكُرُ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَعَلَهُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى بەيتۇللاھ قا كۆچۈپ كېلىپ، ئاخىرقى تاۋاپتىن كېيىن قايتىپ بېرىپ، پېشىنىنى منا تېغىدا ئوقۇدى.ئۆزىمۇ ھەم شۇنداق قىلاتتى.(يۇقىرقى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، پېشىنىنى كەئبىدە ئوقۇدى دېيىلدى، الله ئەئلەم، شەرھى كۆرۈڭ).

3122 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إسْحَقُ بْنُ يُوسُفَ الأَزْرَقُ. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ عَنْ عَبْدِ الْعَزِيزِ بْنِ رُفَيْعٍ قَالَ: سَأَلْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ. قُلْتُ: أَخْبِرْنِي عَنْ شَيْءٍ عَقَلْتَهُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. أَيْنَ صَلّى الظّهْرَ يَوْمَ التّرْوِيَةِ؟ قَالَ: بِمِنًى. قُلْتُ: فَأَيْنَ صَلّى الْعَصْرَ يَوْمَ النّفْرِ؟ قَالَ: بِالأَبْطَحِ. ثُمّ قَالَ: افْعَلْ مَا يَفْعَلُ أُمَرَاؤُكَ.

ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېيدۇ؛ مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەن ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىل قىلىپ چۈشەنگەن نەرسە بىلەن خەۋەر قىلغىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرۋىيە(يەنى زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنجى كۈنى) پېشىننى قەيەردە ئوقۇغان؟ دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: مىنا تېغىدا ئوقۇدى دېدى، رەسۇلۇللاھ مىنادىن قايتقان كۈنى ئەسرنى قەيەردە ئوقۇيتتى؟ دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: ئەبتەھ دېگەن جايدا ئوقۇيتتى، دەپ، ئاندىن سەن ھەج قىلغاندا ئەمىر باشلىقلىرىڭ قىلغاندەكلا قىلغىن دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 565 ـ باب استحباب النزول بالمحصب يوم النفر، والصلاة به

## كۆچكەن كۈنى ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشۈپ ناماز ئوقۇشنىڭ مۇستەھەپلىكى توغرىسىدا

3123 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ مِهْرَانَ الرّازِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ أَيّوبَ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ كَانُوا يَنْزِلُونَ الأَبْطَحَ.
3124 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا صَخْرُ بْنُ جُوَيْرِيَةَ عَنْ نَافِعٍ أَنّ ابْنَ عُمَرَ كَانَ يَرَى التّحْصِيبَ سُنّةً. وَكَانَ يُصَلّي الظّهْرَ يَوْمَ النّفْرِ بِالْحَصْبَةِ. قَالَ نَافِعٌ: قَدْ حَصّبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَالْخُلَفَاءُ بَعْدَهُ.

ناپىئدىن؛ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشكەن ئىدى، ئۇ؛بۇ سۈننەتتۇر دەپ، كۆچۈش كۈنى پېشىننى شۇجايدا ئوقۇيتتى.

3125 ـ 3126 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: نُزُولُ الأَبْطَحِ لَيْسَ بِسُنّةٍ. إِنّمَا نَزَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لأَنّهُ كَانَ أَسْمَحَ لِخُرُوجِهِ إِذَا خَرَجَ.
3127 ـ حدّثنا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَالِمٍ أَنّ أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ وَابْنَ عُمَرَ كَانُوا يَنْزِلُونَ الأَبْطَحَ. قَالَ الزّهْرِيّ: وَأَخْبَرَنِي عُرْوَةُ عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا لَمْ تَكُنْ تَفْعَلُ ذٰلِكَ. وَقَالَتْ: إِنّمَا نَزَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. لإِنّهُ كَانَ مَنْزِلاً أَسْمَحَ لِخُرُوجِهِ.

ئۇرۋىدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ؛ ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشۈش سۈننەت ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇجايغا، مەككىدىن مەدىنىگە چىققاندا، قايتىشى ئاسان، قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈنلا چۈشكەن ئىدى. دېدى. ئۆزىمۇ ئۇنداق قىلمايتتى.بۇخارى،مۇسلىم.

3128 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ وَ أَحْمَدُ بْنُ عَبْدَةَ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَمْرٍو، عَنْ عَطَاءٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: لَيْسَ التّحْصِيبُ بِشَيْءٍ إِنّمَا هُوَ مَنْزِلٌ نَزَلَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېيدۇ؛ مۇھەسسەب دېگەن جايغا يەنى ئەبتەھكە چۈشۈش ھېچ نەرسە ئەمەس، ئۇيەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن چۈشكەن جايدۇر خالاس.

3129 ـ حدّثنا قتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ زُهَيْرٌ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ صَالِحِ بْنِ كَيْسَانَ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ قالَ: قالَ أبُو رَافِعٍ: لَمْ يَأمُرْنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنْ أنْزِلَ الأبْطحَ حِينَ خَرَجَ مِنْ مِنًى. وَلَـكِنّي جِئْتُ فضَرَبْتُ فِيهِ قبّتَهُ. فَجَاءَ فَنَزَلَ.

ئەبۇراپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادىن كۆچۈپ چىققان چاغدا، مىنى ئەبتەھ دېگەن جايغا چۈشۈشكە بۇيرىمىغان، مەن كېلىپ شۇ جايغا چېدىرىنى قۇردۇم، ئاندىن كېلىپ چۈشتى.

3130 ـ حدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنّهُ قالَ: «نَنْزِلُ غداً، إنْ شَاءَ اللّهُ، بِخَيْفِ بَنِي كِنَانَةَ. حَيْثُ تَقاسَمُوا عَلَى الْكُفْرِ».

3131 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثني الأوْزَاعِيّ. حَدّثني الزّهْرِيّ. حَدّثني أبُو سَلَمَةَ. حَدّثنَا أبُو هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ لَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَنَحْنُ بِمِنًى «نَحْنُ نَازِلُونَ غداً بِخَيْفِ بَنِي كِنَانَةَ. حَيْثُ تَقاسَمُوا عَلَى الْكُفْرِ».
وَذلِكَ إنّ قُرَيْشاً وَبَنِي كِنَانَةَ تَحَالَفَتْ عَلَى بَنِي هَاشِمٍ وَبَنِي الْمُطّلِبِ، أنْ لاَ يُنَاكِحُوهُمْ، وَلاَ يُبَايِعُوهُمْ، حَتّى يُسْلِمُوا إلَيْهِمْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. يَعْنِي، بِذلِكَ، الْمُحَصّبَ.

ئەبۇھۇرەيرە، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىش جەريانىدا مىنا تېغىدىن كۆچۈشنى ئىرادە قىلغاندا مۇنداق دېگەن: بىز ئەتە ئەگەر ئاللاھ خالىسا، قۇرەيشلەر كۇپۇرغا قەسەم قىلغان جايدىكى بەنى كەنانەنىڭ خەيىف دېگەن يېرىگە چۈشىمىز. ئىبنى ماجە، ئەھمەد 10546 ــ ھەدىس، قۇرەيشلەربىلەن بەنى كەنانە، ئۆز ۋاختىدا بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە بەنى مۇتتەلىپلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئېلىم ـ سېتىم سودا قىلماسلىققا، قۇدا ـ باجا بولماسلىققا قەسەم قىلىشقان ئىدى.

3132 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا شَبَابَةُ. حَدّثنِي وَرْقَاءُ عَنْ أبي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَجِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْزِلُنَا، إنْ شَاءَ اللّهُ، إذَا فتحَ اللّهُ، الْخَيْفُ. حَيْثُ تَقاسَمُوا عَلَى الْكُفْرِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئاللاھ خالىسا، الله غەلىبە ئاتا قىلغان چاغدا بىزنىڭ ئەتە چۈشىدىغان ئورنىمىز مەككە مۇشرىكلىرى كۇپۇرغا قەسەم قىلىشقان جايدىكى بەنى كەنانەنىڭ خەيىف دېگەن جايدۇر. (بۇ ھەدىسدىن ئەتىكى ئىشقا ئىنشائاللاھ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېيىش چىقىدۇ ۋە بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئەتىكى ئىشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن). بەيھەقى.

## 566 ـــــ باب وجوب المبيت بمنى ليالي أيام التشريق، والترخيص في تركه لأهل السقاية

### تەشرىق كۈنلىرىنىڭ كېچىلىرى مىنا تېغىدا قونۇشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ساقىيلارغا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا

3133 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أبُو أسَامَةَ. قالاَ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أبي. حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ. حَدّثنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ الْعَبّاسَ بْنَ عَبْدِ الْمُطّلِبِ اسْتَأذَنَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أنْ يَبِيتَ بِمَكّةَ لَيَالِيَ مِنًى، مِنْ أجْلِ سِقَايَتِهِ. فَأذِنَ لَهُ.

3134 ـ وحدّثناه إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ. أخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ. ح وَحَدّثنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ مُحَمّدِ بْنِ بَكْرٍ. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. كِلاَهُمَا عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ بِهَـذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ.

ئىبنى ئۆمەر  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ  مۇنداق دەيدۇ؛ ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ھاجىلارنى زەمزەم بىلەن سۇغىردىغانلىقى ئۈچۈن، مىنا كېچىللىرى مەككىدە يېتىشقا ئىزنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم(ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ) ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 567 ـ باب فضل القيام بالسقاية والثناء على أهلها واستحباب الشرب منها ، هاجىلارنى سۇغۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

**3135 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ الْمِنْهَالِ الضّرِيرُ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ زُرَيْعٍ. حَدّثَنَا حُمَيْدٌ الطّوِيلُ عَنْ بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الْمُزَنِيّ قَالَ: كُنْتُ جَالِساً مَعَ ابْنِ عَبّاسٍ عِنْدَ الْكَعْبَةِ. فَأَتَاهُ أَعْرَابِيّ فقَالَ: مَا لِي أَرَى بَنِي عَمّكُمْ يَسْقُونَ الْعَسَلَ وَاللّبَنَ وَأَنْتُمْ تَسْقُونَ النّبِيذَ؟ أَمِنْ حَاجَةٍ بِكُمْ أَمْ مِنْ بُخْلٍ؟ فقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: الْحَمْدُ لِلّهِ مَا بِنَا مِنْ حَاجَةٍ وَلاَ بُخْلٍ. قَدِمَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى رَاحِلَتِهِ وَخَلْفَهُ أُسَامَةُ. فَاسْتَسْقَى فَأَتَيْنَاهُ بِإِنَاءٍ مِنْ نَبِيذٍ فَشَرِبَ. وَسَقَى فَضْلَهُ أُسَامَةَ. وَقَالَ: «أَحْسَنْتُمْ وَأَجْمَلْتُمْ. كَذَا فَاصْنَعُوا» فَلاَ نُرِيدُ تَغْيِيرَ مَا أَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**

بەكرى مۇنداق دەيدۇ؛ بىز كەئبىنىڭ يېنىدا ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇئەنھۇ بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، بىر ئەئرابى كىلىپ؛ ماڭا نىمە بولغاندۇ؟ (يەنى كۆزۈم خاتالاشتىمۇيا؟)مەن تاغىللىرىڭلارنىڭ باللىرىنىڭ سۈت، ھەسەل بىلەن سۇغارغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، سىلەر خورما، ئۈزۈم چىلانغان چۆلە سۈيى بىلەن سۇغىرىۋاتىسىلەرغۇ؟ بۇ سىلەرنىڭ ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىڭلاردىن شۇنداق بولدىمۇ؟ياكى بۇ بېخىللىقمۇ؟دېدى، ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇئەنھۇ ؛ ئەلھەمدۇ لىللاھى، الله قا شۈكرىكى، بىز ھاجەتمەن ئەمەس، بېخىل تېخىمۇ ئەمەس، رەسۇلۇللاھ ئارقىسىغا ئۇسامەنى مىندۈرۈپ كىلىپ، بىزدىن سۇغۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بىز بىر قاچا خورماياكى ئۈزۈم چىلانغان سۇنى ئەكەلسەك، ئۇنى ئىچىپ، ئېشىپ قالغىنىدا ئۇسامەنى سۇغارغان ئىدى دېدى، ئاندىن ھىلقى ئەئرابى؛ سىلەر ناھايىتى ياخشى قىلىپسىلەر، ئوبدان قىلىپسىلەر، ئاشۇنداق قىلىشىڭلار، بىز رەسۇلۇللاھ بۇيرىغان ئىشنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلمايمىز دېدى. ئىبنى ئابباس   رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  زەمزەم سۈيى بىلەن سۇغىرىدىغانلارنىڭ قېشىغا كىلىپ سۇ سورىۋىدى، ئابباس     رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى پەزلى! ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ،  رەسۇلۇللاھقا ئۇنىڭ قېشىدىكى ئىچىملىكنى ئېكىلىپ بەرگىن دىدى، رەسۇلۇللاھ ئابباسقا: مىنى زەمزەم بىلەن سۇغارغىن دىدى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار بۇ سۇغا قوللىرىنى سىلىپ قويىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ ئابباسقا: مىنى زەمزەم بىلەن سۇغىرىۋەگىن دەپ، ئۇنىڭدىن ئىچىپ، ئاندىن زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېشىغا كەلسە، ئۇلار كىشىلەرنى سۇغۇرۇپ، خىزمەت قىلىشىۋېتىپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ئىشلەڭلار، چۈنكى سىلەر ياخشى ئەمەلنىڭ ئۈستىدە، ئەگەر كىشىلەر سىلەرگە غالىپ كىلىپ، ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە قۇدۇققا ئۆزۈم چۈشۈپ، ئارغامچىنى مانا مۇشۇ مۈرەمگە قويغان بولاتتىم دىدى. بۇخارى.

## 568 ـــــ باب في الصدقة بلحوم الهدي وجلودها وجلالها

### قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن(ئۆچىدىن بىرىنى)ئۆنىڭ تېرىسىنى، نوختا ـ ئۆچۈلۈقلىرىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا

3136 ـ3137 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ عَبْدِ الْكَرِيمِ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ عَلِيَ قَالَ: أَمَرَنِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ أَقُومَ عَلَى بُدْنِهِ. وَأَنْ أَتَصَدَّقَ بِلَحْمِهَا وَجُلُودِهَا وَأَجِلَّتِهَا. وَأَنْ لاَ أُعْطِيَ الْجَزَّارَ مِنْهَا. قَالَ: «نَحْنُ نُعْطِيهِ مِنْ عِنْدِنَا».

3138 ـ وحدّثنا إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ. وَقَالَ إِسْحَـقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي أَبِي. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنِ ابْنِ أَبِي لَيْلَى، عَنْ عَلِيَ، عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا أَجْرُ الْجَازِرِ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇربانلىق تۆگىللىرىنىڭ ئۈستىدە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشۇمغا بۇيرىدى، شۇنداقلا قۇربانلىق مالنىڭ گۆشلىرىنى، تېرىللىرىنى، تۇقام،ئۆچۈلۈق، ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا بۇيرىدى، ئۇنى سويغان قاسساپقا قۇربانلىقتىن بەرمەسلىكىمگە، بەلكى ئۇنىڭغا ھەققىنى ئۆز يېنىمىزدىن بېرىشىمىزگە بۇيرىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

3139 ـ وحدّثني مُحَمَّدُ بْنُ حَاتِمِ بْنِ مَيْمُونٍ، وَ مُحَمَّدُ بْنُ مَرْزُوقٍ، وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثنَا مُحَمَّدُ بْنُ بَكْرٍ) أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي الْحَسَنُ بْنُ مُسْلِمٍ أَنّ مُجَاهِداً أَخْبَرَهُ أَنّ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ أَبِي لَيْلَى أَخْبَرَهُ أَنّ عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ أَخْبَرَهُ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَهُ أَنْ يَقُومَ عَلَى بُدْنِهِ، وَأَمَرَهُ أَنْ يَقْسِمَ بُدْنَهُ كُلَّهَا. لُحُومَهَا وَجُلُودَهَا وَجِلاَلَهَا. فِي الْمَسَاكِينِ، وَلاَ يُعْطِيَ فِي جِزَارَتِهَا مِنْهَا شَيْئاً.

3140 ـ وحدّثني مُحَمَّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا مُحَمَّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَبْدُ الْكَرِيمِ ابْنُ مَالِكٍ الْجَزَرِيّ أَنّ مُجَاهِداً أَخْبَرَهُ أَنّ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ أَبِي لَيْلَى أَخْبَرَهُ أَنّ عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ أَخْبَرَهُ أَنّ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَمَرَهُ. بِمِثْلِهِ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇربانلىق تۆگىللىرىنىڭ ئۈستىدە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشۇمغا بۇيرىدى، شۇنداقلا بارلىق قۇربانلىق مالنىڭ گۆشلىرىنى، تېرىللىرىنى، تۇقام،ئۆچۈلۈق، ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ سەدىقە قىلىشىمغا بۇيرىدى، ئۇنى سويغان قاسساپقا قۇربانلىقتىن بەرمەسلىكىمگە، بەلكى ئۇنىڭغا ھەققىنى ئۆز يېنىمىزدىن بېرىشىمىزگە بۇيرىدى.

## 569 ــ باب الاشتراك في الهدي، وإجزاء البقرة والبدنة كل منهما عن سبعة

### قۇربانلىقتا شېرىك بولۇش ۋە كالا ياكى تۆگىنىڭ يەتتە كىشىدىن كۇپايە بولىشى توغرىسىدا

3141 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: نَحَرْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَامَ الْحُدَيْبِيَةِ. الْبَدَنَةَ عَنْ سَبْعَةٍ. وَالْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز ھۇدەيبىييە يىلى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە، تۆگىنى يەتتە كىشىدىن ، كالىنىمۇ يەتتە كىشىدىن قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدۇق.

3142 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو خَيْثَمَةَ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ. ح وَحَدّثنَا أَحْمَدُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثنَا زُهَيْرٌ. حَدّثنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مُهِلّينَ بِالْحَجّ. فَأَمَرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ نَشْتَرِكَ فِي الإِبِلِ وَالْبَقَرِ. كُلّ سَبْعَةٍ مِنّا فِي بَدَنَةٍ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەجگە نىيەت قىلىپ تەلبى ئەيتىپ چىقتۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن ھەر يەتتە كىشىنى بىر تۆگىگە ياكى كالىغا شېرىك بولۇپ قۇربانلىق قىلىشىمىزغا بۇيرىغان ئىدى.

**3143 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. حَدّثَنَا عَزْرَةُ بْنُ ثَابِتٍ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: حَجَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَنَحَرْنَا الْبَعِيرَ عَنْ سَبْعَةٍ. وَالْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلىپ، تۆگىنى يەتتە كىشىدىن ، كالىنىمۇ يەتتە كىشىدىن قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدۇق.

**3144 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: اشْتَرَكْنَا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِي الْحَجّ وَالْعُمْرَةِ. كُلّ سَبْعَةٍ فِي بَدَنَةٍ. فَقَالَ رَجُلٌ لِجَابِرٍ: أَيُشْتَرَكُ فِي الْبَدَنَةِ مَا يُشْتَرَكُ فِي الْجَزُورِ؟ قَالَ: مَا هِيَ إِلاّ مِنَ الْبُدْنِ. وَحَضَرَ جَابِرٌ الْحُدَيْبِيَةَ. قَالَ: نَحَرْنَا يَوْمَئِذٍ سَبْعِينَ بَدَنَةً. اشْتَرَكْنَا كُلّ سَبْعَةٍ فِي بَدَنَةٍ.**

**3145 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنَا أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يُحَدّثُ عَنْ حَجّةِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: فَأَمَرَنَا إِذَا أَحْلَلْنَا أَنْ نُهْدِيَ. وَيَجْتَمِعَ النّفَرُ مِنّا فِي الْهَدِيّةِ. وَذَلِكَ حِينَ أَمَرَهُمْ أَنْ يَحِلّوا مِنْ حَجّهِمْ. فِي هَذَا الْحَدِيثِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە پەرز ھەجدە ۋە ئۆمرە ھەجدە، ھەر يەتتە كىشى بىر تۆگىگە ياكى كالىغا شېرىك بولۇپ قۇربانلىق قىلغان ئىدۇق، بىركىشى؛ جەزۇر دەپ ئاتىلىدىغان تۆگىگە شېرىك قىلىنغاندەك، كالىغىمۇ شېرىك قىلىنامدۇ؟دېدى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگە پەقەت كالىغا ئوخشاشتۇر، بىز شۇكۈنى 70 تۆگە ـ كالىنى قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىدۇق، بىزدىن ھەر يەتتە كىشى بىر تۆگىگە ياكى كالىغا شېرىك بولۇپ قۇربانلىق قىلغان ئىدۇق،دېدى.

**3146 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ، عَنْ عَطَاءٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا نَتَمَتّعُ مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِالْعُمْرَةِ. فَنَذْبَحُ الْبَقَرَةَ عَنْ سَبْعَةٍ. نَشْتَرِكُ فِيهَا.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۆمرە ھەجگىمۇ ئايرىم ئېھرام باغلاپ تەمەتتۇئ ھەج قىلىپ، (تۆگىنى يەتتە كىشىدىن) ، كالىنىمۇ يەتتە كىشىدىن شېرىك بولغان ھالدا قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدۇق.

**3147 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ زَكَرِيّاءَ بْنِ أَبِي زَائِدَةَ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: ذَبَحَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ عَائِشَةَ بَقَرَةً يَوْمَ النّحْرِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەققىدىن، بىر كالا قۇربانلىق قىلىپ بوغۇزلىغان ئىدى.

**3148 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. ح وَحَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ يَحْيَى الأُمَوِيّ. حَدّثَنِي أَبِي. حَدّثَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: نَحَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ نِسَائِهِ. وَفِي حَدِيثِ ابْنِ بَكْرٍ: عَنْ عَائِشَةَ، بَقَرَةً فِي حَجّتِهِ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا ، ئاياللىرى ھەققىدىن، كالا بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلغان ئىدى.

## 570 ــ باب نحر البدن قياماً مقيدة تۆگىنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ بوغۇزلاش توغرىسىدا

3149 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللهِ عَنْ يُونُسَ، عَنْ زِيَادِ بْنِ جُبَيْرٍ أنّ ابْنَ عُمَرَ أتَى عَلَى رَجُلٍ وَهُوَ يَنْحَرُ بَدَنَتَهُ بَارِكَةً. فقالَ: ابْعَثْهَا قِيَاماً مُقَيّدَةً، سُنّةَ نَبِيّكُمْ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، تۆگىسىنى چۆكلاندۇرۇپ، ياتقۇزۇپ تۇرۇپ بوغۇزلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قېلىپ؛ ھەي! سەن ئۇنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى بويىنچە، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، پۇتلىرىنى باغلاپ بوغۇزلا دېدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 571 ــ باب استحباب بعث الهدي إلى الحرم لمن لا يريدالذهاب بنفسه، واستحباب تقليده وفتل القلائد، وأن باعثه لا يصير محرماً، ولا يحرم عليه شيء بذلك

**ئۆزى بېرىشنى مەقسەت قىلمىغان كىشىنىڭ ھەرەمگە قۇربانلىق ھەدىيسىنى ئەۋەتىشى، ئۇنىڭغا قەلادە ئېسىپ بەلگە سېلىشى، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئېھرام باغلىغۇچى بولۇپ قالماسلىقى توغرىسىدا**

3150 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. قالاَ: أخْبَرَنَا اللّيْثُ.ح وَحدّثنا قُتَيْبَةُ. حَدّثنا لَيْثٌ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزّبَيْرِ وَ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أنّ عَائِشَةَ قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُهْدِي مِنَ الْمَدِينَةِ. فَأفْتِلُ قَلاَئِدَ هَدْيِهِ. ثُمّ لاَ يَجْتَنِبُ شَيْئاً مِمّا يَجْتَنِبُ الْمُحْرِمُ

3151 ـ وَحدّثنِيهِ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ بِهَذَا الأسْنَادِ، مِثْلَهُ.

3152 ـ وحدّثناه سَعِيدُ بْنُ مَنْصورٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قالاَ: حَدّثنا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم. ح وَحَدّثنَا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ خَلَفُ بْنُ هِشَامٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قالوا: أخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: كَأنّي أنْظُرُ إلَيّ، أفْتِلُ قَلاَئِدَ هَدْيِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِنَحْوِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىلىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان قەلادىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئۇنى تۆگىگە ئېسىپ،ئۇتۆگىلەرنى قۇربانلىق ئۈچۈن ھەدىي قىلىپ، مەككىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى مەدىنىدە ھالال پېتى قېلىپ قالدى، بۇنىڭلىق بىلەنلا ئېھرام باغلىغان بولمىدى، ئېھرام باغلىغۇچى ھەزەر قىلىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىپ كەتمىدى.

3153 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ، عَنْ أبِيهِ قالَ: سَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ: كُنْتُ أفْتِلُ قَلاَئِدَ هَدْيِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدَيّ هَاتَيْنِ. ثُمّ لاَ يَعْتَزِلُ شَيْئاً وَلاَ يَتْرُكُهُ.

3154 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا أفْلَحُ عَنِ الْقَاسِمِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: فَتَلْتُ قَلاَئِدَ بُدْنِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِيّ. ثُمّ أشْعَرَهَا وَقَلّدَهَا. ثُمّ بَعَثَ بِهَا إلَى الْبَيْتِ. وَأقَامَ بِالْمَدِينَةِ. فَمَا حَرُمَ عَلَيْهِ شَيْءٌ كَانَ لَهُ حِلاّ.

3155 ـ وحدّثنا عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ وَ يَعْقُوبُ بْنُ إبْرَاهِيمَ الدّوْرَقِيّ. قالَ ابْنُ حُجْرٍ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ عَنْ أيّوبَ، عَنِ الْقَاسِمِ وَ أبِي قِلاَبَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَبْعَثُ بِالْهَدْيِ. أفْتِلُ قَلاَئِدَهَا بِيَدَيّ. ثُمّ لاَ يُمْسِكُ عَنْ شَيْءٍ، لاَ يُمْسِكُ عَنْهُ الْحَلاَلُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۈگىلىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان قەلادىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن ئۇنى تۈگىگە ئېسىپ، قان چىقىرىپ بەلگە سېلىپ، ئۇتۈگىلەرنى قۇربانلىق ئۈچۈن ھەدىي قىلىپ، مەككىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى مەدىنىدە ھالال پېتى قېلىپ قالدى، بۇنىڭلىق بىلەنلا ،رەسۇلۇللاھقا ھالال بولغان نەرسىلەر ھارام بولۇپ كەتمىدى (يەنى ئېھرام باغلىغان بولمىدى) ھالال نەرسىلەردىن ساقلىنىپ تەرىك ئېتىپ يۈرمىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

3156 – وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنا حُسَيْنُ بْنُ الْحَسَن. حَدّثَنَا ابْنُ عَوْنٍ عَنِ الْقَاسِمِ، عَنْ أمّ الْمُوءْمِنِينَ قَالَتْ: أَنَا فَتَلْتُ تِلْكَ الْقَلاَئِدَ مِنْ عِهْنٍ كَانَ عِنْدَنَا. فَأَصْبَحَ فِينَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَلاَلاً. يَأْتِي مَا يَأْتِي الْحَلاَلُ مِنْ أَهْلِهِ. أَوْ يَأْتِي مَا يَأْتِي الرّجُلُ مِنْ أَهْلِهِ.

3157 –3158 – وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَقَدْ رَأَيْتُنِي أَفْتِلُ الْقَلاَئِدَ لِهَدْيِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنَ الْغَنَمِ. فَيَبْعَثُ بِهِ. ثُمّ يُقِيمُ فِينَا حَلاَلاً.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۈگە ـ قويلىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان قەلادىنى ، يېپىمدا بار بولغان يۇڭدىن، ئۆز قولۇم بىلەن ئەشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئەۋەتىپ بولۇپ، ئېھرام باغلاپ ئەمەس بەلكى ھالال ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزدى، ئەھلىدىن ھالال بولغان ئىشلارغا كىلىشۈرەتتى، ھېچ نەرسە ھارام بولمىغان ئىدى.

3159 – وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: أَهْدَىَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، مَرّةً إِلَى الْبَيْتِ غَنَماً، فَقَلّدَهَا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن، بەيتۇللاھ قا قوي ھەدىي قىلغان ئىدى، قويغىمۇ نەرسە ئېسىپ بەلگە قىلغان ئىدى.بۇخارى، مۇسلىم.

3160 – وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ عَنْ أَبِيهِ. حَدّثَنِي أَبِي. حَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ جُحَادَةَ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كُنّا نُقَلّدُ الشّاءَ فَنُرْسِلُ بِهَا. وَرَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم حَلاَلٌ، لَمْ يَحْرُمْ عَلَيْهِ مِنْهُ شَيْءٌ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ بىز ھەدىي قويلىرىغا قەلادە ئېسىپ، ئۇنى ھەرەمگە ئەۋەتەتتۇق، بۇنىڭلىق بىلەنلا ،رەسۇلۇللاھقا ھالال بولغان نەرسىلەر ھارام بولۇپ كەتمىدى (يەنى ئېھرام باغلىغان بولمىدى)

3161 – حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَنِ أَنّهَا أَخْبَرَتْهُ أَنّ ابْنَ زِيَادٍ كَتَبَ إِلَى عَائِشَةَ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عَبّاسٍ قَالَ: مَنْ أَهْدَىَ هَدْياً حَرُمَ عَلَيْهِ مَا يَحْرُمُ عَلَى الْحَاجّ. حَتّى يُنْحَرَ الْهَدْيُ. وَقَدْ بَعَثْتُ بِهَدْيِي. فَاكْتُبِي إِلَيّ بِأَمْرِكِ. قَالَتْ عَمْرَةُ: قَالَتْ عَائِشَةُ: لَيْسَ كَمَا قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ. أَنَا فَتَلْتُ قَلاَئِدَ هَدْيِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدَيّ. ثُمّ قَلّدَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ. ثُمّ بَعَثَ بِهَا مَعَ أَبِي. فَلَمْ يَحْرُمْ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَيْءٌ أَحَلّهُ اللّهُ لَهُ. حَتّى نُحِرَ الْهَدْيُ.

ئىبنى زىيياد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خەت يېزىپ؛ ئىبنى ئابباس:كىم ھەدىي ئەۋەتسە، ئۇنىڭ ئەۋەتكەن قۇربانلىقى بوغۇزلىنىپ بولمىغىچە، ئۇنىڭغا ھاجىغا ھارام بولغان نەرسىلەر ھارام بولىدۇ،دېدى، مەن ھەدىيەمنى ئەۋەتكەن ئىدىم، ماڭا ئۆز بۇيرىقىڭىز بىلەن خەت يازغان بولسىڭىز دېدى،ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خېتىدە

مۇنداق دەيدۇ؛ مەن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىللىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان قەلادىللىرىنى، يېنىمدا بار بولغان يۇڭدىن، ئۆز قولۇم بىلەن ئېشىپ، تۇقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويۇپ، ئۇ قۇربانلىقلارنى دادام بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى.ئەۋەتكەن قۇربانلىقى بۇغۇزلۇنۇپ بولمىغىچە،الله ھالال قىلغان ھېچ نەرسە رەسۇلۇللاھقا ھارام بولمىدى.دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

3162 –3163 – يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## 572 ـ باب جواز ركوب البدنة المهداة لمن احتاج إليها  مۇھتاج كىشىنىڭ قۇربانلىق ھەدىيىسىگە مىنىشى دۇرۇستۇر

3164 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى  مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنْ الأعْرَج، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رأَى رَجُلاً يَسُوقُ بَدَنَةً. فَقَالَ: «ارْكَبْهَا» قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّهَا بَدَنَةٌ. فَقَالَ: «ارْكَبْهَا. وَيْلَكَ» فِي الثّانِيَةِ أَوْ فِي الثّالِثَةِ.
3165 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا الْمُغِيرَةُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحِزَامِيّ عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأعْرَج بِهَذَا الأسْنَادِ. وَقَالَ: بَيْنَمَا رَجُلٌ يَسُوقُ بَدَنَةً مُقَلّدَةً.
3166 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنْ هَمامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ مُحَمّدٍ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا. وَقَالَ: بَيْنَمَا رَجُلٌ يَسُوقُ بَدَنَةً مُقَلّدَةً، قالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَيْلَكَ ارْكَبْهَا» فَقَالَ: بَدَنَةٌ. يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «وَيْلَكَ ارْكَبْهَا. وَيْلَكَ ارْكَبْهَا».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىي تۆگىسىنى ھەيدەپ كىتىۋاتقان بىركىشى كۆرۈپ، ئۇكىشىگە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى، ئۇكىشى؛ بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگە ئىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى، ئۇكىشى يەنە؛ بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگە ئىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنجى ياكى ئۈچۈنجى قېتىم؛ ساڭا ۋايدۇر، ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

3167 ـ وحدّثني  عَمْرٌو النّاقِدُ وَ سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. قالاَ: حَدّثَنَا هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا حُمَيْدٌ عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ قالَ: وَأَظُنّنِي قَدْ سَمِعْتُهُ مِنْ أَنَسٍ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لَهُ) أَخْبَرَنَا  هُشَيْمٌ عَنْ حُمَيْدٍ، عَنْ  ثَابِتٍ الْبُنَانِيّ، عَنْ  أَنَسٍ. قالَ: مَرّ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِرَجُلٍ يَسُوقُ بَدَنَةً. فَقَالَ: «ارْكَبْهَا» فَقَالَ: إنّهَا بَدَنَةٌ. قالَ: «ارْكَبْهَا» مَرّتَيْنِ أَوْ ثَلاَثاً.
3168 ـ3169 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ مِسْعَرٍ، عَنْ بُكَيْرِ بْنِ الأخْنَس، عَنْ أَنَسٍ قالَ: سَمِعْتُهُ يَقُولُ: مُرّ عَلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِبَدَنَةٍ أَوْ هَدِيّةٍ. فَقَالَ: «ارْكَبْهَا» قالَ: إنّهَا بَدَنَةٌ أَوْ هَدِيّةٌ. فَقَالَ: «وَإنْ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىي تۆگىسىنى ھەيدەپ كىتىۋاتقان بىركىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇكىشىگە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى، ئۇكىشى؛ بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگە ئىدى دىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە؛ ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى، ئۇكىشى يەنە؛ شۇنداق دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنجى ياكى ئۈچۈنجى قېتىم؛ ساڭا ۋايدۇر، ئۇنىڭغا مىنىۋالغىن، دىدى.

3170 ـ وحدّثني  مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ قالَ: سَمِعْتُ  جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ. سُئِلَ عَنْ رُكُوبِ الْهَدْيِ؟ فَقَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «ارْكَبْهَا بِالْمَعْرُوفِ إذَا أُلْجِئْتَ إلَيْهَا. حَتّى تَجِدَ ظَهْراً».
3171 ـ وحدّثني  سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ قالَ: سَأَلْتُ  جَابِراً عَنْ رُكُوبِ الْهَدْيِ؟ فَقَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «ارْكَبْهَا بِالْمَعْرُوفِ، حَتّى تَجِدَ ظَهْراً».

ئەبۇززۇبەير مۇنداق دەيدۇ؛   جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ، قۇربانلىققا ئاتاپ ئەكەلگەن ھەدىيلەرگە   مىنىش

توغرىسىدا سورالغاندا، مەن ئۇنىڭ؛ مەن    رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  نىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى

ئاڭلىغان ئىدىم، دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : مىنىدىغان نەرسە تاپقىچە، قۇربانلىققا ئاتاپ ئەكەلگەن ھەدىيلەرگە

يەنى تۆگە، كالىلارغا ياخشىلىقچە مىنسەڭلار بولىدۇ.مۇسلىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 573 ـ باب ما يفعل بالهدي إذا عطب في الطريق

## يولدا يىتىۋالغان ياكى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالغان قۇربانلىقنى قانداق قىلىش كېرەك؟دىگەن توغرىسىدا

3172 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْوَارِثِ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِي التَّيَّاحِ الضُّبَعِيِّ. حَدَّثَنِي مُوسَى بْنُ سَلَمَةَ الْهُذَلِيِّ قَالَ: انْطَلَقْتُ أَنَا وَسِنَانُ بْنُ سَلَمَةَ مُعْتَمِرَيْنَ. قَالَ: وَانْطَلَقَ سِنَانٌ مَعَهُ بِبَدَنَةٍ يَسُوقُهَا. فَأَزْحَفَتْ عَلَيْهِ بِالطَّرِيقِ. فَعَيِيَ بِشَأْنِهَا. إِنْ هِيَ أُبْدِعَتْ كَيْفَ يَأْتِي بِهَا. فَقَالَ: لَئِنْ قَدِمْتُ الْبَلَدَ لأَسْتَحْفِيَنَّ عَنْ ذلِكَ. قَالَ: فَأَضْحَيْتُ. فَلَمَّا نَزَلْنَا الْبَطْحَاءَ قَالَ: انْطَلِقْ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ نَتَحَدَّثْ إِلَيْهِ. قَالَ: فَذَكَرَ لَهُ شَأْنَ بَدَنَتِهِ. فَقَالَ: عَلَى الْخَبِيرِ سَقَطْتَ. بَعَثَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِسِتَّ عَشْرَةَ بَدَنَةً مَعَ رَجُلٍ وَأَمَّرَهُ فِيهَا. قَالَ: فَمَضَى ثُمَّ رَجَعَ. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ كَيْفَ أَصْنَعُ بِمَا أُبْدِعَ عَلَيَّ مِنْهَا؟ قَالَ: «انْحَرْهَا. ثُمَّ اصْبُغْ نَعْلَيْهَا فِي دَمِهَا. ثُمَّ اجْعَلْهُ عَلَى صَفْحَتِهَا. وَلاَ تَأْكُلْ مِنْهَا أَنْتَ وَلاَ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ رُفْقَتِكَ».

3173 ـ وحدّثناه  يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ (قَالَ  يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدَّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيَّةَ) عَنْ أَبِي التَّيَّاحِ، عَنْ مُوسَى بْنِ سَلَمَةَ، عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَعَثَ بِثَمَانَ عَشْرَةَ بَدَنَةً مَعَ رَجُلٍ. ثُمَّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ عَبْدِ الْوَارِثِ. وَلَمْ يَذْكُرْ أَوَّلَ الْحَدِيثِ.

مۇسا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن سىنان بىلەن بىللە ئۆمرە ھەجگە چىققان ئىدىم، ئۇ قۇربانلىققا تۆگە ـ كالا ھەيدەپ

ماڭغان ئىدى، قۇربانلىق ماللار يولدا ھېرىپ قېلىپ يىتىۋالدى، ئۇ بۇ ئىش سەۋەبىدىن چارچاپ كىتىپ؛ ئەگەر

بۇماللار ھالاك بولسا، ياكى يولدا تۇرىۋالسا، قانداق ئاپارغىلى بولىدۇ؟ ئەگەر مەن شەھەرگە بارسام، بۇمەسئەلە

توغرۇلۇق چوڭقۇر سوئال سورايمەن دىدى، بىز چاشكا ۋاقتىدا بەتھائىغا چۈشۈپ، ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ،

قۇربانلىق ئىشىنى دىسەك، ئۇ؛ سىلەر بۇنى ھەققى بىلىدىغان كىشىنىڭ قېشىغا چۈشۈپسىلەر،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم  قۇربانلىق قىلىش  ئۈچۈن  16 تۆگىنى بىركىشى بىلەن ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا شۇ كىشىنى باشلىق

قىلدى، ئۇكىشى؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر بۇتۆگىلەردىن بىرەرسى ھالاك بولسا، ياكى ھېرىپ قېلىپ

يىتىۋالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ دىگەندە،     مۇنداق دىدى: ئەگەر مەككىگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق تۆگە    ـ

كالىلاردىن بىرەرسى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكىن،

ئاندىن پاچىقىنى، تۇۋقىنى قېنىغا چىلاپ،تىرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئۇرغىن، يەنى يېنىغا ئېسىپ قوي، ھەدىي

ئىكەنلىكىگە بەلگە بولۇپ قالسۇن، ئۇنىڭدىن سەن ۋە    ھەمراھلىرىڭدىن بىرەر كىشى يىمىسۇن،بوغۇزلىغىنىڭنى

تەقسىم قىلىپ بەر باشقىلار يېسۇن. مۇسلىم دىبسكا 2349 ــ ھەدىس، ئەھمەد 17292 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3096 . ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، سەھىھ.

3174 ـ حدّثني أَبُو غَسَّانَ الْمِسْمَعِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى. حَدّثَنَا سَعِيدٌ عَنْ قَتَادَة، عَنْ سِنَانِ بْنِ سَلَمَةَ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّ ذُوءَيْبَاً أَبَا قَبِيصَةَ حَدّثَهُ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَبْعَثُ مَعَهُ بِالْبُدْنِ ثُمّ يَقُولُ «إِنْ عَطِبَ مِنْهَا شَيْءٌ، فَخَشِيتَ عَلَيْهِ مَوْتَاً، فَانْحَرْهَا. ثُمّ اغْمِسْ نَعْلَهَا فِي دَمِهَا. ثُمّ اضْرِبْ بِهِ صَفْحَتَهَا. وَلاَ تَطْعَمْهَا أَنْتَ وَلاَ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ رُفْقَتِكَ».

ئىبنى ئابباس ، زۇئەيىبنى ھەلھەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قۇربانلىق ھەدىيلىرىگە باش قىلىپ ئەۋەتىپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر مەككىگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق تۆگە، كاللاردىن بىرەرسى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكىن، ئاندىن پاچىقىنى، تۇۋىقىنى قىنىغا چىلاپ،تىرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئۇرغىن، يەنى يېنىغا ئىسىپ قوي، ھەدىي ئىكەنلىكىگە بەلگە بولۇپ قالسۇن، ئۇنىڭدىن سەن ۋە ئائىلەڭدىن بىرەر كىشى يېمىسۇن،بوغۇزلىغىنىڭنى تەقسىم قىلىپ بەر، باشقىلار يېسۇن. ناجىيەتۇلئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قۇربانلىققا ئىلىپ ماڭغان تۆگە، كاللاردىن بىرەرسى ھالاك بولماقچى بولسا، يەنى ئۆلۈشكە يېقىن بولۇپ قالسا، ئۇنى بوغۇزلىۋەت، ئاندىن ئۇنىڭ پاچىقىنى قىنىغا چىلاپ،تىرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئىسىپ قوي، باشقىلار بىلسۇن، ئاندىن ئۇنى كىشىلەرگە قويىۋەت، يەۋالسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## *574 ــ باب وجوب طواف الودا ع وسقوطه عن الحائض*

## ۋىدالىششىتىكى ئەڭ ئاخىرقى تاۋاپنىڭ ۋاجىبلىقى، بۇتاۋاپنىڭ ھەيزداردىن ساقىت قىلىنىشى توغرىسىدا

3175 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ سُلَيْمَانَ الأَحْوَلِ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: كَانَ النّاسُ يَنْصَرِفُونَ فِي كُلّ وَجْهٍ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَنْفِرَنّ أَحَدٌ حَتّى يَكُونَ آخِرُ عَهْدِهِ بِالْبَيْتِ».
قَالَ زُهَيْرٌ: يَنْصَرِفُونَ كُلّ وَجْهٍ. وَلَمْ يَقُلْ: فِي.

3176 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لِسَعِيدٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: أُمِرَ النّاسُ أَنْ يَكُونَ آخِرُ عَهْدِهِمْ بِالْبَيْتِ. إِلاّ أَنّهُ خُفّفَ عَنِ الْمَرْأَةِ الْحَائِضِ.

ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن، كىشلەر مەككىدىن ئۆزلىرى خالىغان ۋاقىتتا قايتاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ھەج قىلغاندا، ئاخىرقى ئەھدىسى يەنى ئاخىرقى قىلىدىغان ئىشى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولمىغىچە، مەككىدىن قايتىپ كەتمىسۇن، لىكىن ئۇ ئاخىرقى تاۋاپ ھەيزدار(نىپاسدار) ئايالدىن ساقىت قىلىندى. ئەھمەد،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە.

3177 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي الْحَسَنُ بْنُ مُسْلِمٍ عَنْ طَاوُسٍ قَالَ: كُنْتُ مَعَ ابْنِ عَبّاسٍ. إِذْ قَالَ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ: تُفْتِي أَنْ تَصْدُرَ الْحَائِضُ قَبْلَ أَنْ يَكُونَ آخِرُ عَهْدِهَا بِالْبَيْتِ؟ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَبّاسٍ: إِمّا لاَ. فَسَلْ فُلاَنَةَ الأَنْصَارِيّةَ. هَلْ أَمَرَهَا بِذَلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: فَرَجَعَ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ إِلَى ابْنِ عَبّاسٍ يَضْحَكُ. وَهُوَ يَقُولُ: مَا أَرَاكَ إِلاّ قَدْ صَدَقْتَ.

تائۇس مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدىم، زەيدئىبنى سابىت ئۇنىڭغا؛ سەن ھەيزدار ئايال كەئبىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاۋاپ قىلماي قايتسا دۇرۇس بۇلىدۇ دەپ پەتىۋا بېرىپسەنغۇ؟دېدى، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛سەنمۇ مەن دېگەندەك پەتىۋا بەرگىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمايمەن دېسەڭ، ئەنسارلىك پالانى ئايالدىن سوراپ باققىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانمۇ؟ياقمۇ؟ ئاندىن زەيد كۈلگەن ھالدا قايتىپ چىقىپ؛ سەن ھەقىقەتەن راست سۆزلەپسەن دېدى.

3178 ـ3179 ـ 3180 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنا لَيْثٌ. ح وَحَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. حَدّثنَا اللّيْثُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ وَعُرْوَةَ أَنّ عَائِشَةَ قَالَتْ: حَاضَتْ صَفِيّةُ بِنْتُ حُيَيَ بَعْدَمَا أَفَاضَتْ. قَالَتْ عَائِشَةُ: فَذَكَرْتُ حِيضَتَهَا لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَحَابِسَتُنَا هِيَ؟» قَالَتْ فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهَا قَدْ كَانَتْ أَفَاضَتْ وَطَافَتْ بِالْبَيْتِ. ثُمّ حَاضَتْ بَعْدَ الإِفَاضَةِ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَلْتَنْفِرْ».

3181 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثنَا أَفْلَحُ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كُنّا نَتَخَوّفُ أَنْ تَحِيضَ صَفِيّةُ قَبْلَ أَنْ تُفِيضَ. قَالَتْ: فَجَاءَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ «أَحَابِسَتُنَا صَفِيّةُ؟» قُلْنَا: قَدْ أَفَاضَتْ. قَالَ «فَلاَ. إِذَنْ».

3182 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّهَا قَالَتْ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ صَفِيّةَ بِنْتَ حُيَيَ قَدْ حَاضَتْ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَعَلّهَا تَحْبِسُنَا. أَلَمْ تَكُنْ قَدْ طَافَتْ مَعَكُنّ بِالْبَيْتِ؟» قَالُوا: بَلَى. قَالَ: «فَاخْرُجْنَ».

3183 ـ حدّثني الْحَكَمُ بْنُ مُوسَىَ. حَدّثَنِي يَحْيَى بْنُ حَمْزَةَ عَنِ الأَوْزَاعِيّ (لَعَلّهُ قَالَ) عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ، عَنْ عَائِشَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَرَادَ مِنْ صَفِيّةَ بَعْضَ مَا يُرِيدُ الرّجُلُ مِنْ أَهْلِهِ. فَقَالُوا: إِنّهَا حَائِضٌ. يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «وَإِنّهَا لَحَابِسَتُنَا؟» فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّهَا قَدْ زَارَتْ يَوْمَ النّحْرِ. قَالَ: «فَلْتَنْفِرْ مَعَكُمْ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ سەپىييە منادىن قايتقان كېچىسى ھەيزدار بۇلۇپ قېلىپ؛بۇئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇبىزنى توختۇتۇپ كېچىكتۈرۈتىدىغان بولدى، ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تاۋاپ قىلمىغانمۇ؟دېدى، ئۇلار؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنەھرى كۈنى تاۋاپى زىيارەتنى قىلىپ منادىن كۆچۈپ بولغان، كەئبىنىمۇ دەسلەپتە تاۋاپ قىلغان دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ؛ئۇنداق بولسا، ئۇ سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ قايتسۇن دېدى.

3184 ـ3185 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ. قَالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ. ح وَحَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَاللّفْظُ لَهُ) حَدّثنَا أَبِي. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنِ الْحَكَمِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنِ الأَسْوَدِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمّا أَرَادَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنْ يَنْفِرَ، إِذَا صَفِيّةُ عَلَى بَابِ خِبَائِهَا كَئِيبَةً حَزِينَةً. فَقَالَ: «عَقْرَى حَلْقَى إِنّكِ لَحَابِسَتُنَا» ثُمّ قَالَ لَهَا: «أَكُنْتِ أَفَضْتِ يَوْمَ النّحْرِ؟» قَالَتْ: نَعَمْ. قَالَ: «فَانْفِرِي».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ سەپىييە منادىن قايتقان كېچىسى ھەيزدار بۇلۇپ قېلىپ؛ سىلەرنى مەن توختۇتۇپ قويىدىغان بۇلدۇم دەپ غەمگە پېتىپ ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ؛ ھەي! گېلى ئاغرىق تۇغماس تاز (يەنى بۇ ھەقىقى مەقسەت ئەمەس، مەقسەت سۆزۈمگە دىققەت قىل)سەن نەھرى كۈنى كەئبىنى تاۋاپ قىلغانمۇ؟ دىدى، ئۇ: ھەئە تاۋاپ قىلغان دىدى، رەسۇلۇللاھ:ئۇنداق بولسا، قايتىۋەرگىن دىدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 575 ــ باب استحباب دخول الكعبة للحاج وغيره،والصلاة فيها، والدعاء في نواحيها كلها

### ھەج قىلغۇچىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭمۇ كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ناماز ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۇئا قىلىشى

3186 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ. قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ الْكَعْبَةَ، هُوَ وَأسَامَةُ وَبِلاَلٌ وَعُثْمَانُ بْنُ طَلْحَةَ الْحَجَبِيّ. فَأغْلَقَهَا عَلَيْهِ. ثُمّ مَكَثَ فِيهَا. قالَ ابْنُ عُمَرَ: فَسَألْتُ بِلاَلاً، حِينَ خَرَجَ: مَا صَنَعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قالَ: جَعَلَ عَمُودَيْنِ عَنْ يَسَارِهِ. وَعَمُوداً عَنْ يَمِينِهِ. وَثَلاَثَةَ أعْمِدَةٍ وَرَاءَهُ. وَكَانَ الْبَيْتُ يَوْمَئِذٍ عَلَى سِتّةِ أعْمِدَةٍ. ثُمّ صَلّى.

3187 ـ 3188 ـ حدّثنا أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. كُلّهُمْ عَنْ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ. قالَ أبُو كَامِلٍ: حَدّثنَا حَمّادٌ. حَدّثنَا أيّوبُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: قدِمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْفَتْحِ. فَنَزَلَ بِفِنَاءِ الْكَعْبَةِ. وَأرْسَلَ إلَى عُثْمَانَ بْنِ أبِي طَلْحَةَ. فَجَاءَ بِالْمِفْتَحِ. فَفَتَحَ الْبَابَ. قالَ: ثُمّ دَخَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَبِلاَلٌ وَأسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ وَعُثْمَانُ بْنُ طَلْحَةَ. وَأمَرَ بِالْبَابِ فَأغْلِقَ. فَلَبِثُوا فِيهِ مَلِيّاً. ثُمّ فَتَحَ الْبَابَ. فَقالَ عَبْدُ اللّهِ: فَبَادَرْتُ النّاسَ. فَتَلَقّيْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَارِجاً. وَبِلاَلٌ عَلَى إثْرِهِ. فَقُلْتُ لِبِلاَلٍ: هَلْ صَلّى فِيهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قالَ: نَعَمْ. قُلْتُ: أيْنَ؟ قالَ: بَيْنَ الْعَمُودَيْنِ. تِلْقَاءَ وَجْهِهِ. قالَ: وَنَسِيتُ أنْ أسْألَهُ: كَمْ صَلّى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامەت ئىبنى زەيد، بىلال ئىبنى رەباھ، ئوسمان ئىبنى تەلھە قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىشىكنى تاقاپ، بىرئاز تۇردى. مەن بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېشىغا چىققاندا، ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ ئىچىدە نىمە ئىش قىلدى ؟ دەپ سورسام، ئۇ ماڭا : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۈۋرۈكنى سول تەرىپىگە، ئىككى تۈۋرۈكنى ئوڭ تەرىپىگە ، ئۈچ تۈۋرۈكنى ئارقا تەرىپىگە قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقىدى ، دىدى. كەئبە شۇ كۈنلەردە ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن رەسۇلۇللاھنىڭ قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى سوراشنى ئۇنۇتۇپ قاپتىمەن. بۇخارى،مۇسلىم.

3189 ـ 3190 ـ3191 ـ3192 ـ يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

3193 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ بَكْرٍ. قالَ عَبْدٌ: أخْبَرَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ قالَ: قُلْتُ لِ عَطَاءٍ: أسَمِعْتَ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: إنّمَا أمِرْتُمْ بِالطّوَافِ وَلَمْ تُؤمَرُوا بِدُخُولِهِ. قالَ: لَمْ يَكُنْ يَنْهَى عَنْ دُخُولِهِ. وَلَـكِنّي سَمِعْتُهُ يَقُولُ: أخْبَرَنِي أسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ، أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم لَمّا دَخَلَ الْبَيْتَ دَعَا فِي نَوَاحِيهِ كُلّهَا. وَلَمْ يُصَلّ فِيهِ. حَتّى خَرَجَ. فَلَمّا خَرَجَ رَكَعَ فِي قُبُلِ الْبَيْتِ رَكْعَتَيْنِ. وَقالَ: «هَـذِهِ الْقِبْلَةُ» قُلْتُ لَهُ: مَا نَوَاحِيهَا؟ أفِي زَوَايَاهَا؟ قالَ: بَلْ فِي كُلّ قِبْلَةٍ مِنَ الْبَيْتِ.

3194 ـ حدّثنا شَيْبَانُ بْنُ فَرّوخَ. حَدّثنَا هَمّامٌ. حَدّثنَا عَطَاءٌ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ الْكَعْبَةَ وَفِيهَا سِتّ سَوَارٍ. فَقَامَ عِنْدَ سَارِيَةٍ فَدَعَا وَلَمْ يُصَلّ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ سىلەر كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە بۇيرۇلمىغان، لېكىن ئۇ ئىچىگە كىرىشتىن توسمايتتى، ئۇ ئۇسامەدىن خەۋەر قىلىپ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە دۇئا قىلىپ، تېشىغا چىققانغا قەدەر ناماز ئوقىمىدى، تېشىغا چىققاندا،كەئبە تەرەپكە قاراپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ : مانا بۇكەئبە (مۇسۇلمانلارنىڭ ) قىبلىسىدۇر ، دىدى. مەن ئۇنىڭغا؛ ئەتراپى دىگەن نىمە؟دىسەم، ئۇ؛ ھەربىر بۇلۇڭى، ھەممە تەرەپلىرى دىدى، بۇخارى.

ئىبنى ئابباس  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ كەئبە شۇ كۈنلەردە ئالتە تۈۋرۈكلۈك ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە كىرگەندە، تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ(يەنەبىردە؛ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە) دۇئا قىلىپ، تېشىغا چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇمىدى.

**3195 ـ وحدّثني  سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ. حَدّثَنِي هُشَيْمٌ. أَخْبَرَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي خَالِدٍ قالَ: قُلْتُ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى، صَاحِبِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: أَدَخَلَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم الْبَيْتَ فِي عُمْرَتِهِ؟ قالَ: لاَ.**

ئىسمائىل مۇنداق دەيدۇ؛مەن ئىبنى ئەبى ئەۋپارەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە ھەججىدە كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرگەنمۇ؟دەپ سورسام، ئۇ؛ ياق، ئۆمرە ھەججىدە كىرمىگەن دېدى.

## 576 ــ *باب نقض الكعبة وبنائها*    كەئبىنى چېقىپ، قايتا بىنا قىلىش توغرىسىدا

**3196 ـ3197 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: قالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْلاَ حَدَاثَةُ عَهْدِ قوْمِكِ بِالْكُفْرِ، لَنَقضْتُ الْكَعْبَةَ، وَلَجَعَلْتُهَا عَلَى أَساسِ إِبْرَاهِيمَ. فَإِنّ قُرَيْشاً، حِينَ بَنَتِ الْبَيْتَ، اسْتَقْصَرَتْ. وَلَجَعَلْتُ لَهَا خَلْفاً».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن، كۇپرىغا يېقىن بولمىغان بولسا، مەن چوقۇم كەئبىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قولى بىلەن باسقان ئۇلىنىڭ ئۈستىدە قىلاتتىم، بەيتۇللاھ ئۈچۈن ئارقىسىدىن بىر ئىشىك قىلاتتىم، ھەققەتەن قۇرەيشلەر كەئبىنى بىنا قىلغاندا مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇنى قىسقارتىپ، كىچىكلىتىۋەتكەن. ئەھمەد، نەسەئى سەھىھ، بۇنى تەپسىلىي بىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھنىڭ تارىخىنى ئوقۇڭلار.

**3198 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى  مَالِكٍ عَنِ ابنِ شِهَابٍ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ مُحَمّدِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ الصّدّيق أَخْبَر  عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ، عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «أَلَمْ تَرَيْ أَنّ قَوْمَكِ، حِينَ بَنَوُا الْكَعْبَةَ، اقْتَصَرُوا عَنْ قَوَاعِدِ إِبْرَاهِيمَ؟» قالَتْ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَفَلاَ تَرُدّهَا عَلَى قَوَاعِدِ إِبْرَاهِيمَ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْلاَ حِدْثَانُ قَوْمِكِ بِالْكُفْرِ لَفَعَلْتُ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:قارىمامسەن؟ قەۋمىڭ كەئبىنى سالغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىدىن بەكلا قىسقارتىپ كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى،دېدى. مەن؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى!سىلى ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قولى بىلەن باسقان ئۇلىغا قايتۇرسىلا بولمامدۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە،كۇپرىغا يېقىن بولمىغان بولسا، پەتنىدىن يىراق بولغان بولسا، مەن چوقۇم شۇنداق قىلغان بۇلاتتىم دېدى.

**3199 ـ حدّثني أَبُو الطّاهِرِ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ عَنْ مَخْرَمَةَ. ح وَحَدّثَنِي  هَرُون بْنُ سَعِيدٍ الأَيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ بْنُ بُكَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ قالَ: سَمِعْتُ  نَافِعاً مَوْلَى ابْنِ عُمَرَ يَقُولُ: سَمِعْتُ  عَبْدَ اللّهِ بْنَ أَبِي بَكْرِ بْنِ أَبِي قُحَافَةَ، يُحَدّثُ  عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ عَنْ  عَائِشَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهَا قالَتْ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لَوْلاَ أَنّ قَوْمَكِ حَدِيثُو عَهْدٍ بِجَاهِلِيّةٍ (أَوْ قالَ بِكُفْرٍ) لأَنْفَقْتُ كَنْزَ الْكَعْبَةِ فِي سَبِيلِ اللّهِ، وَلَجَعَلْتُ بَابَهَا بِالأَرْضِ، وَلأَدْخَلْتُ فِيهَا مِنَ الْحِجْرِ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە،كۆپرەغا يېقىن بولمىغان بولسا، پېتىندىن يىراق بولغان بولسا، مەن چوقۇم كەئبىنىڭ كاڭلىرىنى ئاللاھ يولىدا خەژلىۋەتكەن بولاتتىم، كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قايتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشكىنى زېمىن بىلەن تەڭ، پەس قىلاتتىم، ئۇل تاشنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتەتتىم.

**3200 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنِي ابْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا سَلِيمُ بْنُ حَيّانَ عَنْ سَعِيدٍ (يَعْنِي ابْنَ مِينَاءَ) قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ الزّبَيْرِ يَقُولُ: حَدّثَتْنِي خَالَتِي (يَعْنِي عَائِشَةَ) قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَا عَائِشَةُ لَوْلاَ أَنّ قَوْمَكِ حَدِيثُو عَهْدٍ بِشِرْكٍ، لَهَدَمْتُ الْكَعْبَةَ. فَأَلْزَقْتُهَا بِالأَرْضِ. وَجَعَلْتُ لَهَا بَابَيْنِ بَاباً شَرْقِيّاً وَبَاباً غَرْبِيّاً. وَزِدْتُ فِيهَا سِتّةَ أَذْرُعٍ مِنَ الْحِجْرِ. فَإِنّ قُرَيْشاً اقْتَصَرَتْهَا حَيْثُ بَنَتِ الْكَعْبَةَ».**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن، ئىسلامى يېڭى بولمىغان بولسا، مەن بەيتۇللاھنى چېقىشقا بۇيرۇيتتىم، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن جاينى يەنى ئۇل تاشتىن ئالتە گەز كىرگۈزەتتىم، ئۇنى پەس قىلىپ زېمىنغا ئۇلىنى چاپلاپ سالاتتىم، شەرىققە بىر ئىشىك، غەرىپكە بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قوياتتىم، ئۇنى ئىبراھىمنىڭ ئاساس سالغان ئۇلىغا يەتكۈزەتتىم.قۇرەيشلەر ئۇنى كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى. بەيھەقى، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3201 ـ حدّثنا هَنّادُ بْنُ السّرِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي زَائِدَةَ. أَخْبَرَنِي ابْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ عَنْ عَطَاءٍ قَالَ: لَمّا احْتَرَقَ الْبَيْتُ زَمَنَ يَزِيدَ بْنِ مُعَاوِيَةَ، حِينَ غَزَاهُ أَهْلُ الشّامِ، فَكَانَ مِنْ أَمْرِهِ مَا كَانَ، تَرَكَهُ ابْنُ الزّبَيْرِ. حَتّى قَدِمَ النّاسُ الْمَوْسِمَ. يُرِيدُ أَنْ يُجَرّئَهُمْ (أَوْ يُحَرّبَهُمْ) عَلَى أَهْلِ الشّامِ. فَلَمّا صَدَرَ النّاسُ قَالَ: يَا أَيّهَا النّاسُ أَشِيرُوا عَلَيّ فِي الْكَعْبَةِ. أَنْقُضُهَا ثُمّ أَبْنِي بِنَاءَهَا. أَوْ أُصْلِحُ مَا وَهَى مِنْهَا؟ قَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: فَإِنّي قَدْ فُرِقَ لِي رَأْيٌ فِيهَا. أَرَى أَنْ تُصْلِحَ مَا وَهَى مِنْهَا. وَتَدَعَ بَيْتاً أَسْلَمَ النّاسُ عَلَيْهِ. وَأَحْجَاراً أَسْلَمَ النّاسُ عَلَيْهَا وَبُعِثَ عَلَيْهَا النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ ابْنُ الزّبَيْرِ: لَوْ كَانَ أَحَدُكُمُ احْتَرَقَ بَيْتُهُ، مَا رَضِيَ حَتّى يُجِدّهُ. فَكَيْفَ بَيْتُ رَبّكُمْ؟ إِنّي مُسْتَخِيرٌ رَبّي ثَلاَثاً. ثُمّ عَازِمٌ عَلَى أَمْرِي. فَلَمّا مَضَى الثّلاَثُ أَجْمَعَ رَأْيَهُ عَلَى أَنْ يَنْقُضَهَا. فَتَحَامَاهُ النّاسُ أَنْ يَنْزِلَ، بِأَوّلِ النّاسِ يَصْعَدُ فِيهِ، أَمْرٌ مِنَ السّمَاءِ. حَتّى صَعِدَهُ رَجُلٌ فَأَلْقَى مِنْهُ حِجَارَةً. فَلَمّا لَمْ يَرَهُ النّاسُ أَصَابَهُ شَيْءٌ تَتَابَعُوا. فَنَقَضُوهُ حَتّى بَلَغَ بِهِ الأَرْضَ. فَجَعَلَ ابْنُ الزّبَيْرِ أَعْمِدَةً. فَسَتّرَ عَلَيْهَا السّتُورَ. حَتّى ارْتَفَعَ بِنَاؤُهُ. وَقَالَ ابْنُ الزّبَيْرِ: إِنّي سَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ: إِنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لَوْلاَ أَنّ النّاسَ حَدِيثٌ عَهْدُهُمْ بِكُفْرٍ، وَلَيْسَ عِنْدِي مِنَ النّفَقَةِ مَا يُقَوّي عَلَى بِنَائِهِ، لَكُنْتُ أَدْخَلْتُ فِيهِ مِنَ الْحِجْرِ خَمْسَ أَذْرُعٍ، وَلَجَعَلْتُ لَهَا بَاباً يَدْخُلُ النّاسُ مِنْهُ، وَبَاباً يَخْرُجُونَ مِنْهُ». قَالَ: فَأَنَا الْيَوْمَ أَجِدُ مَا أُنْفِقُ. وَلَسْتُ أَخَافُ النّاسَ. قَالَ: فَزَادَ فِيهِ خَمْسَ أَذْرُعٍ مِنَ الْحِجْرِ. حَتّى أَبْدَى أُسّاً نَظَرَ النّاسُ إِلَيْهِ. فَبَنَى عَلَيْهِ الْبِنَاءَ. وَكَانَ طُولُ الْكَعْبَةِ ثَمَانِيَ عَشْرَةَ ذِرَاعاً. فَلَمّا زَادَ فِيهِ اسْتَقْصَرَهُ. فَزَادَ فِي طُولِهِ عَشْرَةُ أَذْرُعٍ. وَجَعَلَ لَهُ بَابَيْنِ: أَحَدُهُمَا يُدْخَلُ مِنْهُ، وَالآخَرُ يُخْرَجُ مِنْهُ. فَلَمّا قُتِلَ ابْنُ الزّبَيْرِ كَتَبَ الْحَجّاجُ إِلَى عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ مَرْوَانَ يُخْبِرُهُ بِذَلِكَ. وَيُخْبِرُهُ أَنّ ابْنَ الزّبَيْرِ قَدْ وَضَعَ الْبِنَاءَ عَلَى أُسَ نَظَرَ إِلَيْهِ الْعُدُولُ مِنْ أَهْلِ مَكّةَ. فَكَتَبَ إِلَيْهِ عَبْدُ الْمَلِكِ: إِنّا لَسْنَا مِنْ تَلْطِيخِ ابْنِ الزّبَيْرِ فِي شَيْءٍ. أَمّا مَا زَادَ فِي طُولِهِ فَأَقِرّهُ. وَأَمّا مَا زَادَ فِيهِ مِنَ الْحِجْرِ فَرُدّهُ إِلَى بِنَائِهِ. وَسُدّ الْبَابَ الّذِي فَتَحَهُ. فَنَقَضَهُ وَأَعَادَهُ إِلَى بِنَائِهِ.**

ئەتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىدا شام ئەھلى ئۇنىڭغا (يەنى ئىبنى زۇبەيرگە)قارشى ئۇرۇش قىلغانىدا بەيتۇاللە قا ئوت كېتىپ، ئۇنىڭ ئىشىدىن يۈز بەرگەن (ئەشۇپاجىئەلىك)ۋەقەلەر يۈز بەردى، ئىبنى زۇبەير ئۇنى كىشىلەر ھەج مەۋسىمىگە كەلگەنگە قەدەر قويۇپ قويدى، ئۇنىڭ مەقسىدى؛ بۇئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، شام ئەھلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلىش ئىدى، كىشىلەر قايتقاندا ئۇ ؛ ئى ئىنسانلار! سىلەر ماڭا كەئبە توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىڭلار، مەن ئۇنى چېقىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇرلىشىنى قايتا قىلامدىم؟ياكى ئۇنىڭ ئاجىزلاپ خاراپ بولۇپ كەتكەن جايلىرىنى ئوڭشاپ قويامدىم؟دېدى، ئىبنى ئاباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ بۇ توغرىسىدا ماڭا مۇنداق كۆز قاراش ئاشكارا بولدى؛ مىنىڭچە ئۇنىڭ ئاجىزلاپ خاراپ بۇلۇپ كەتكەن جايلىرىنى ئوڭشاپ قويۇپ، بەيتۇﷲ نى ۋە ئۇنىڭ تاشلىرىنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويساڭ، كىشلەر شۇنىڭ ئۈستىدە مۇسۇلمان بولغان،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىلگەن(يەنى بۇرۇنقىدەكلا تۇرىۋەرسە) دېدى، ئىبنى زۇبەير؛ بىرىڭلارنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتسە، ئۇنى يېڭىلاپ سالمىغىچە، كۆيۈك ئۆيدە ئولتۇرۇشقا ھەرگىز رازى بولمايدۇيۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتسە، بۇنىڭغا قانداقمۇ رازى بۇلىسىلەر؟ مەن رەببىمگە ئۈچ كۈن ئىستىخار قىلىپ، ئاندىن بىرئىشقا كەسكىن ئىرادىگە كىلىمەن،دېدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ئۇنى چېقىپ قايتا سېلىشقا ئىرادىگە كەلدى، ئاندىن كىشلەر كەئبىنى چېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققان تۇنجى كىشىگە ئاسماندىن بىرەر ئىش(يەنى بىرەر بالا) چۈشىدۇ دەپ ھەزەر قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىدى، بىركىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىرتال تاشنى تاشلىۋىدى، كىشلەر ئۇنىڭغا ھېچ ئىشنىڭ يەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاندىن كەينى كەينىدىن كىلىپ ، ئۇنىڭ تاملىرىنى تېگى ئۇلىغىچە چۇۋۇدى. ئاندىن ئىبنى زۇبەير كەئبىنىڭ قۇرلۇش تېمى ئىگىز كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر(كىشلەرگە قىبلە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) بىرنەچچە تۈۋرۈك تىكلەپ، ئۇنىڭغا پەردە يۇپۇق يېپىپ قويدى، ئۇ؛مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئى ئائىشە! ئەگەر كىشلەرنىڭ زامانى كۇپىرغا يېقىن، ئىسلامى يېڭى بولمىغان بولسا، قولۇمدا كەئبىنىڭ قۇرلىشىغا يەتكىدەك خىراجەت يوق بۇلۇپ قالدى، ئەگەر قولۇمدا خىراجەت بولغان بولسا، مەن بەيتۇللاھنى چېقىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن جاينى يەنى ئۇل تاشتىن بەش ـ ئالتە گەز كىرگۈزەتتىم، (ئۇنى پەس قىلىپ زىمىنغا ئۇلىنى چاپلاپ سالاتتىم)، كىشلەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن (شەرىققە) بىر ئىشىك، كىشلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن (غەرىپكە) بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قوياتتىم، (ئۇنى ئىبراھىمنىڭ ئاساس سالغان ئۇلىغا يەتكۈزەتتىم.قۇرەيشلەر ئۇنى كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى).ئۇ؛ مەن بۈگۈن خىراجەت تاپالايمەن، كىشلەردىنمۇ ئەنسىرىمەيمەن دەپ، كەئبىگە ئۇل تاشتىن بەش گەز زىيادە قىلدى، دەسلەپكى ئۇل تاشنى ئاچتى، كىشلەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، (يەنى ئۇنىڭ بۇئىشنى توغرا دەپ كۆز قاراش قىلدى)كەئبىنى شۇ ئۇل تاشنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلدى، كەئبىنىڭ ئىگىزلىكى 18 گەز ئىدى، ئۇنىڭغا زىيادە قىلغانسىرى ئۇ تېخىمۇ كىچىك كۆرىنەتتى، ئۇنىڭ ئىگىزلىكىگە يەنە ئون گەز قوشۇپ، 28 گەز قىلدى. كىرىشكە بىر ئىشىك، چىقىشقابىرئىشىك، ئىككى ئىشىك قويدى. ئىبنى زۇبەير ئۆلتۈرۈلگەندە، ھەججاج مەرۋاننىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىككە خەت يېزىپ بۇئىشنى خەۋەر قىلىپ؛ ئىبنى زۇبەير كەئبىنى ئەسلى ئۇلىنىڭ ئۈستىگە سالدى، مەككە ئەھلىنىڭ ئادىل كىشىللىرىمۇ ئۇنىڭ بۇئىشىغا قاراپ تۇرۇشتى،دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئابدۇلمەلىك مۇنداق دەپ خەت يازدى؛ بىز ئىبنى زۇبەيرنىڭ قەبىھ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىدە ئەمەسمىز (يەنى ئۇنىڭ بۇقەبىھ ئىشلىرى بىلەن بىزنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتىمىز يوق) سەن ئۇنىڭ، كەئبىنىڭ ئىگىزلىكىگە زىيادە قىلغان ئون گەزنى ئۆز جايىدا قويۇپ قوي، كەئبىگە ئۇل تاشتىن زىيادە قوشقان بەش گەزنى چىقىرىۋېتىپ ئۆز ئەسلىگە ئەكىلىپ قوي، ئۇ ئاچقان يەنەبىرئىشىكنى ئېتىۋەتكىن دېدى. ئاندىن ھەججاج كەئبىنى چېقىپ، ئۇنىڭ قۇرلىشىنى (يۇقىردا دىيىلگەن بويىچە)يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

**3202 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. قَالَ: سَمِعْتُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ وَ الْوَلِيدَ بْنَ عَطَاءٍ يُحَدّثَانِ عَنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ قَالَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُبَيْدٍ. وَفَدَ الْحَارِثُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ عَلَىَ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ مَرْوَانَ فِي خِلاَفَتِهِ. فَقَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ: مَا أَظُنّ أَبَا خُبَيْبٍ (يَعْنِي ابْنَ الزّبَيْرِ) سَمِعَ مِنْ عَائِشَةَ مَا كَانَ يَزْعُمُ أَنّهُ سَمِعَهُ مِنْهَا. قَالَ الْحَارِثُ: بَلَىَ أَنَا سَمِعْتُهُ مِنْهَا. قَالَ: سَمِعْتَهَا تَقُولُ مَاذَا؟ قَالَ: قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ قَوْمَكِ اسْتَقْصَرُوا مِنْ بُنْيَانِ الْبَيْتِ.**

**وَلَوْلاَ حَدَاثَةُ عَهْدِهِمْ بِالشِّرْكِ أَعَدْتُ مَا تَرَكُوا مِنْهُ. فَإِنْ بَدَا لِقَوْمِكِ، مِنْ بَعْدِي، أَنْ يَبْنُوهُ فَهَلُمِّي لأُرِيَكِ مَا تَرَكُوا مِنْهُ». فَأَرَاهَا قَرِيباً مِنْ سَبْعَةِ أَذْرُعٍ. هَذَا حَدِيثُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُبَيْدٍ. وَزَادَ عَلَيْهِ الْوَلِيدُ بْنُ عَطَاءٍ: قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «وَلَجَعَلْتُ لَهَا بَابَيْنِ مَوْضُوعَيْنِ فِي الأَرْضِ شَرْقِيّاً وَغَرْبِيّاً. وَهَلْ تَدْرِينَ لِمَ كَانَ قَوْمُكِ رَفَعُوا بَابَهَا؟» قَالَتْ: قُلْتُ: لاَ. قَالَ: «تَعَزّزاً أَنْ لاَ يَدْخُلَهَا إِلاّ مَنْ أَرَادُوا. فَكَانَ الرّجُلُ إِذَا هُوَ أَرَادَ أَنْ يَدْخُلَهَا يَدَعُونَهُ يَرْتَقِي. حَتّىَ إِذَا كَادَ أَنْ يَدْخُلَ دَفَعُوهُ فَسَقَطَ».**

**قَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ لِلْحَارِثِ: أَنْتَ سَمِعْتَهَا تَقُولُ هَذَا؟ قَالَ: نَعَمْ. قَالَ: فَنَكَتَ سَاعَةً بِعَصَاهُ ثُمّ قَالَ: وَدِدْتُ أَنّي تَرَكْتُهُ وَمَا تَحَمّلَ.**

**3203 ـ وحدّثناه مُحَمّدُ بْنُ عَمْرِو بْنِ جَبَلَةَ. حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ. ح وَحَدّثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَ حَدِيثِ ابْنِ بَكْرٍ.**

ئابدۇ**اللە** رەھ مۇنداق دەيدۇ: ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ باردۇ، ئاندىن ئابدۇلمەلىك: مەن ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئائىشەدىن ئاڭلىدىم دەپ داۋا قىلغان ھەدىسنى ئاڭلىدى دەپ گۇمان قىلمايمەن(يەنى ئۇيالغان سۆزلىدى) دېدى. ئاندىن ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنداق ئەمەس، ئۇيالغان سۆزلىمىگەن، بۇھەدىسنى ئائىشەدىن مەنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم دېسە، ئۇ: سەنمۇ ئاڭلىغانمۇ؟قېنى دېگىنە ئۇ نىمە دېگەن؟دېدى، ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: قەۋمىڭ كەئبىنى سالغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىدىن بەكلا قىسقارتىپ كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى، ئەگەر كىشلەرنىڭ زامانى شىرىككە بەكلا يېقىن بولمىغان بولسا، مەن ئۇلارنىڭ كەئبىدىن قالدۇرۇپ قويغان يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتىم، كىشلەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن (شەرىققە) بىر ئىشىك، كىشلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن (غەرپكە) بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قوياتتىم، ئەگەر مەندىن كېيىن قەۋمىڭگە كەئبىنىڭ قۇرلىشنى قايتا قىلىش ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇياققا كەلگىن، مەن ساڭا ئۇلار تەرىك ئېتىپ قالدۇرۇپ قويغان جاينى كۆرسىتىپ قوياي دەپ، ئۇل تاشتىن يەتتە گەزگە يېقىن جاينى كۆرسىتىپ قويغان ئىكەن، ئاندىن قەۋمىڭنىڭ، كەئبىنىڭ ئىشكىنى نىمە ئۈچۈن ئېگىز كۆتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ ياق ـ ئۇلار بۇنى چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىنىلا كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ شۇنداق قىلغاندۇر، بىرەر كىشى كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلار ئۇنى ئىشىك ئالدىدىكى پەشتاقتىن ئۆرلىگىلى قوياتتى، ئۇكىشى كىرەي دەپ قالغاندا، ئۇلار ئۇنى ئىتتىرىۋىتەتتى ـ دە، ئۇ يىقىلىپ دۇملاپ چۈشەتتى دېدى.

**3204 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ بَكْرٍ السّهْمِيّ. حَدّثَنَا حَاتِمُ بْنُ أَبِي صَغِيرَةَ عَنْ أَبِي قَزَعَةَ أَنّ عَبْدَ الْمَلِكِ بْنَ مَرْوَانَ، بَيْنَمَا هُوَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ إِذْ قَالَ: قَاتَلَ اللّهُ ابْنَ الزّبَيْرِ حَيْثُ يَكْذِبُ عَلَى أُمّ الْمُوءْمِنِينَ. يَقُولُ: سَمِعْتُهَا تَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَا عَائِشَةُ لَوْلاَ حِدْثَانُ قَوْمِكِ بِالْكُفْرِ لَنَقَضْتُ الْبَيْتَ حَتّى أَزِيدَ فِيهِ مِنَ الْحِجْرِ. فَإِنّ قَوْمَكِ قَصّرُوا فِي الْبِنَاءِ» فَقَالَ الْحَارِثُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ: لاَ تَقُلْ هَذَا. يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَأَنَا سَمِعْتُ أُمّ الْمُؤْمِنِينَ تُحَدّثُ هَذَا.**

**قَالَ: لَوْ كُنْتُ سَمِعْتُهُ قَبْلَ أَنْ أَهْدِمَهُ، لَتَرَكْتُهُ عَلَى مَا بَنَى ابْنُ الزّبَيْرِ.**

ئەبۇقۇزئە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇلمەلىك كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ: **الله** تائالا ئىبنى زۇبەيرگە لەنەت قىلسۇن، چۈنكى ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەگە يالغان سۆزلەپ: مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەپتىكەن: ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى كۇپىرغا يېقىن، ئىسلامى يېڭى بولمىغان بولسا، مەن بەيتۇللاھنى چېقىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن جاينى يەنى ئۇل تاشتىن بەش ـ ئالتە گەز كىرگۈزەتتىم، كىشلەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن (شەرىققە) بىر ئىشىك، كىشلەرنىڭ چىقىشى ئۈچۈن (غەرپكە) بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قوياتتىم، قۇرەيشلەر ئۇنى كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى.دەپتۇ،دېدى. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇسۆزىنى

ئاڭلاپ؛ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى!سەن بۇنداق دېمىگىن، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇھەدىسنى سۆزلىگەنلىكىنى مەنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم دېدى، ئاندىن ئابدۇلمەلىك؛ ئەگەر مەن بۇ ھەدىسنى كەئبىنى چېقىۋېتىشمەدىن بۇرۇن ئاڭلىغان بولسام، كەئبىنى ئىبنى زۇبەيرنىڭ قىلغان قۇرلىشى بويىچە قويۇپ قويغان بولاتتىم دېدى.

## 577 ـ باب جدر الكعبة وبابها كەئبىنىڭ تېمى ۋە ئىشىكى توغرىسىدا

3205 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ. حَدّثَنَا أَشْعَثُ بْنُ أَبِي الشّعْثَاءِ عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عَنِ الْجَدْرِ؟ أَمِنَ الْبَيْتِ هُوَ؟ قَالَ: «نَعَمْ» قُلْتُ: فَلِمَ لَمْ يُدْخِلُوهُ فِي الْبَيْتِ؟ قَالَ: «إِنّ قَوْمَكِ قَصّرَتْ بِهِمُ النّفَقَةُ» قُلْتُ: فَمَا شَأْنُ بَابِهِ مُرْتَفِعاً؟ قَالَ: «فَعَلَ ذٰلِكِ قَوْمُكِ لِيُدْخِلُوا مَنْ شَاؤُوا وَيَمْنَعُوا مَنْ شَاؤُوا. وَلَوْلاَ أَنّ قَوْمَكِ حَدِيثٌ عَهْدُهُمْ فِي الْجَاهِلِيّةِ، فَأَخَافُ أَنْ تُنْكِرَ قُلُوبُهُمْ، لَنَظَرْتُ أَنْ أُدْخِلَ الْجَدْرَ فِي الْبَيْتِ. وَأَنْ أُلْزِقَ بَابَهُ بِالأَرْضِ».

3206 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالَ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ (يَعْنِي ابْنَ مُوسَى) حَدّثَنَا شَيْبَانُ عَنْ أَشْعَثَ بْنِ أَبِي الشّعْثَاءِ، عَنِ الأَسْوَدِ بْنِ يَزِيدَ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: سَأَلْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ الْحِجْرِ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمَعْنَى حَدِيثِ أَبِي الأَحْوَصِ. وَقَالَ فِيهِ: فَقُلْتُ: فَمَا شَأْنُ بَابِهِ مُرْتَفِعاً لاَ يُصْعَدُ إِلَيْهِ إِلاّ بِسُلّمٍ؟ وَقَالَ: «مَخَافَةَ أَنْ تَنْفِرَ قُلُوبُهُمْ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، ھەتىم دېگەن بۇتامۇ بەيتۇاللە نىڭ جۈملىسىدىنمۇ؟دەپ سورسام، ھەئە دېدى، مەن يەنە؛ ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇلار بۇنى كەئبىگە كىرگۈزمىدى؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ قەۋمىڭنىڭ خىراجىتى كاملاپ قالغان ئىدى دېدى، مەن؛ نىمە ئۈچۈن بۇنىڭ ئىشكى بەك ئىگىز؟ بۇنىڭغا پەقەت پەشتاق، شوتا بىلەنلا چىققىلى بولىدىكەنغۇ؟دېسەم، رەسۇلۇللاھ؛ بۇنى قەۋمىڭ ئۆزلىرى خالىغان كىشىنى كىرگۈزۈش، خالىغان كىشىنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇر، ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە بەك يېقىن بولمىغان بولسا، مەن ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ ئىنكار قىلىشىدىن، نەپرەتلىنىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، كەئبىنى چېقىپ، ئۇل تاشنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىشكىنى يەرگە چاپلاپ سالغان بولاتتىم دېدى.

## 578 ـ باب الحج عن العاجز لزمانة وهرم ونحوهما، أو للموت

## پالاچكە ئوخشاش كىسەللىك، بەك قېرىلىق، شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەجدىن ئاجىز كەلگۈچى، ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھەققىدە ھەج قىلىپ قويۇش توغرىسىدا

3207 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ قَالَ: كَانَ الْفَضْلُ بْنُ عَبّاسٍ رَدِيفَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَجَاءَتْهُ امْرَأَةٌ مِنْ خَثْعَمَ تَسْتَفْتِيهِ. فَجَعَلَ الْفَضْلُ يَنْظُرُ إِلَيْهَا وَتَنْظُرُ إِلَيْهِ. فَجَعَلَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَصْرِفُ وَجْهَ الْفَضْلِ إِلَى الشّقّ الآخَرِ. قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ فَرِيضَةَ اللّهِ عَلَى عِبَادِهِ فِي الْحَجّ أَدْرَكَتْ أَبِي شَيْخاً كَبِيراً. لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يَثْبُتَ عَلَى الرّاحِلَةِ. أَفَأَحُجّ عَنْهُ؟ قَالَ: «نَعَمْ» وَذٰلِكَ فِي حَجّةِ الْوَدَاعِ.

3208 ـ حدّثني عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ. أَخْبَرَنَا عِيسَى عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ يَسَارٍ عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ الْفَضْلِ أَنّ امْرَأَةً مِنْ خَثْعَمَ قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّ أَبِي شَيْخٌ كَبِيرٌ. عَلَيْهِ فَرِيضَةُ اللّهِ فِي الْحَجّ. وَهُوَ لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يَسْتَوِيَ عَلَى ظَهْرِ بَعِيرِهِ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «فَحُجّي عَنْهُ».

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ پەزلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشكەنلىك ئىدى، خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال كېلىپ رەسۇلۇللاھتىن پەتىۋا سوردى. پەزلى ئۇ ئايالغا، ئۇئايال پەزلىگە قاراشقا باشلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ پەزلىنىڭ يۈز - كۆزىنى باشقا تەرەپكە چۆرۈپ قويدى، - ئۇ ئايال؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ھەققەتەن **الله** نىڭ بەندىللىرى ئۈستىگە ھەجنى پەرز قىلىشى، دادامنى بەكمۇ قېرىپ كەتكەن چاغدا تاپتى ، (يەنى ھەج پەرز قىلىنغاندا، دادام بەك قېرىپ كەتتى)ئۇ ئۇلاغ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالمايدۇ.(ئۇلاققا مىنىشكە قادىر بولالمايدۇ) دادام ھەققىدىن مەن ھەج قىلىپ قويسام بولامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەققىدىن سەن ھەج قىلىپ قويغىن، دىدى. ئەشۇ ھەججەتۇلۋىداڭ ئىدى. (يەنى بۇ ئەمەلدىن قالمىدى، مەڭگۈكۈچكە ئىگە) بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.

## 579 ــــ باب صحة حج الصبيّ، وأجر من حج به

## سەبى كىچىك بالىنىڭمۇ ھەججىنىڭ دۇرۇس بولىشى ۋە ئۇنى ھەج قىلدۇرغان كىشىنىڭ ئەجرى توغرىسىدا

3209 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ أبي عُمَرَ، جَمِيعاً عَن ابنِ عُيَيْنَة. قالَ أبُو بَكْرٍ: حَدّثنا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ كُرَيْبٍ مَوْلَى ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم لَقِيَ رَكْباً بِالرّوْحَاءِ. فَقالَ: «مَنِ الْقَوْمُ؟» قالُوا: الْمُسْلِمُونَ. فَقالُوا: مَنْ أنْتَ؟ قالَ: «رَسُولُ اللّهِ» فَرَفَعَتْ إلَيْهِ امْرَأةٌ صَبِيّاً فَقالَتْ: ألِهَذَا حَجّ؟ قالَ: «نَعَمْ. وَلَكِ أجْرٌ».

3210 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاءِ. حَدّثنَا أبُو أُسَامَةَ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ كُرَيْبٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قالَ: رَفَعَتِ امْرَأةٌ صَبِيّاً لَهَا. فَقالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألِهَذَا حَجّ؟ قالَ «نَعَمْ. وَلَكِ أجْرٌ».

3211 ـ3212 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الرّحْمَنِ. حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ كُرَيْبٍ أنّ امْرَأةً رَفَعَتْ صَبِيّاً فَقالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألِهَذَا حَجّ؟ قالَ: «نَعَمْ. وَلَكِ أجْرٌ».

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەۋھائ دىگەن جايدا، ئاتلىق ئۇلاغلىق كىشلەرگە ئۇچراپ؛ سىلەر كىملەر؟ دىدى، ئۇلار: بىز مۇسۇلمانلار، سىلى كىم بولىلا؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ: مەن **الله** نىڭ ئەلچىسى بولىمەن دىدى، بىر ئايال سەبىي كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ؛ بۇ بالا ئۈچۈنمۇ ھەجنىڭ ساۋابى بولامدۇ؟ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە، ساۋاب باردۇر، ساڭىمۇ ئەجرى باردۇر دىدى.

## 580 ــ باب فرض الحج مرة في العمر

## ھەج قىلىشنىڭ پەقەت ئۆمرىدە بىر قېتىملا پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا

3213 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أخْبَرَنَا الرّبِيعُ بْنُ مُسْلِمٍ الْقُرَشِيّ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ زِيَادٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: خَطَبَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقالَ: «أيّهَا النّاسُ قَدْ فَرَضَ اللّهُ عَلَيْكُمُ الْحَجّ فَحُجّوا» فَقالَ رَجُلٌ: أكُلّ عَامٍ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ فَسَكَتَ. حَتّى قالَهَا ثَلاثاً. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ قُلْتُ: نَعَمْ. لَوَجَبَتْ. وَلَمَا اسْتَطَعْتُمْ». ثُمّ قالَ: «ذَرُونِي مَا تَرَكْتُكُمْ. فَإنّمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِكَثْرَةِ سُؤَالِهِمْ وَاخْتِلاَفِهِمْ عَلَى أنْبِيَائِهِمْ. فَإذَا أمَرْتُكُمْ بِشَيْءٍ فَأْتُوا مِنْهُ مَا اسْتَطَعْتُمْ. وَإذَا نَهَيْتُكُمْ عَنْ شَيْءٍ فَدَعُوهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرگە ھەج پەرز قىلىندى، ھەج قىلىڭلار،دېدى. بىركىشى: ئى **الله**!نىڭ ئەلچىسى! ھەريىلى ھەج قىلىش پەرزمۇ؟ دېدى، ئۇ بۇسۆزنى ئۈچ قېتىم دېگىچە جىم تۇرۇپ، ئاندىن ئۈچىنجى قېتىم:ئەگەر مەن ھەئە دېگەن بولسام، ھەريىلى ھەج قىلىش پەرىز بولۇپ كىتەتتى، ئاندىن سىلەر قادىر بولالمايتتىڭلارمەن سىلەرنى جىم قويسام‌لا، سىلەرمۇ مەندىن كۆپ سۇئال سورىماي،  مىنى جىم قويۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر سۇئاللىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ، پەيغەمبەرلىرىگە ئىختىلاپىنى كۆپ قىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتتى، مەن سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرىسام، قادىر بولىشىڭلارچە كەلتۈرۈڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، بىرەر نەرسىدىن توسسام دەرھال يېنىپ تەرىك ئېتىڭلار،دېدى.ئەھمەد،مۇسلىم،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

## 581 ــ باب سفر المرأة مع محرم إلى حج وغيره

### ئاyال كىشىنىڭ ھەجگە ۋە باشقا سەپەرلەرگە مەھرەمى بىلەن بىللە سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

3214 –3215 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. قالاَ: حَدّثنَا يَحْيَىَ (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ تُسَافِرِ الْمَرْأَةُ ثَلاَثاً، إِلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاyال كىشى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا بولمايدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىرگە قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد .

3216 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَحِلّ لاِمْرَأَةٍ، تُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، تُسَافِرُ مَسِيرَةَ ثَلاَثِ لَيَالٍ، إِلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ».

ئەبۇ سەئىد،ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئاyالنىڭ، ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە سەپەرنى مەھرەمسىز يالغۇز قىلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت (دادىسى ياكى ئوغلى ياكى ئېرى ياكى قېرىندىشى، ياكى تاغىسى، نىكاھ ھارام بولىدىغان) مەھرەم بىلەن بىرگە سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

3217 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. جَمِيعاً عَنْ جَرِيرٍ. قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ (وَهُوَ ابْنُ عُمَيْرٍ) عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ: سَمِعْتُ مِنْهُ حَدِيثاً فَأَعْجَبَنِي. فَقُلْتُ لَهُ: أَنْتَ سَمِعْتَ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ: فَأَقُولُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا لَمْ أَسْمَعْ؟ قَالَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ: قَالَ: رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُشَدّ الرّحَالَ إِلاّ إِلَى ثَلاَثَةِ مَسَاجِدَ. مَسْجِدِي هَذَا، وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ، وَالْمَسْجِدِ الأَقْصَى». وَسَمِعْتُهُ يَقُولُ: «لاَ تُسَافِرِ الْمَرْأَةُ يَوْمَيْنِ مِنَ الدّهْرِ إِلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ مِنْهَا، أَوْ زَوْجُهَا». 3218 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثنَا شُعْبَةُ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ  قَزَعَةَ قَالَ: سَمِعْتُ  أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَرْبَعاً. فَأَعْجَبْنَنِي وَآنَقْنَنِي. نَهَى أَنْ تُسَافِرَ الْمَرْأَةُ مَسِيرَةَ يَوْمَيْنِ إِلاّ وَمَعَهَا زَوْجُهَا أَوْ ذُو مَحْرَمٍ. وَاقْتَصّ بَاقِي الْحَدِيثِ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى يالغۇز ھالدا ئىككى كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىغان سەپەرنى قىلمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېرى ياكى نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىللە بولسا سەپەر قىلسۇن،

**3219 ـ حدّثنا عُثْمَانُ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا جَرِيرٌ عَنْ مُغِيرَةَ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ سَهْمِ بْنِ مِنْجَابٍ، عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ تُسَافِرِ الْمَرْأَةُ ثَلاَثاً، إِلاّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ».**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا بولمايدۇ، پەقەت مەھرەم ئېگىسى بىلەن بىرگە قىلىدۇ.

**3220 ـ 3221 ـ وحدّثني أَبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ بَشّارٍ. جَمِيعاً عَنْ مُعَاذِ بْنِ هِشَامٍ. قَالَ أَبُو غَسّانَ: حَدّثَنَا مُعَاذٌ. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ قَزَعَةَ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ تُسَافِرِ امْرَأَةٌ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ، إِلاّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ».**

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئۈچ كۈندىن يۇقىرى سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا بولمايدۇ، پەقەت مەھرەم ئېگىسى بىلەن بىرگە قىلىدۇ.

**3222 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ أَبِيهِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَحِلّ لاِمْرَأَةٍ مُسْلِمَةٍ تُسَافِرُ مَسِيرَةَ لَيْلَةٍ، إِلاّ وَمَعَهَا رَجُلٌ ذُو حُرْمَةٍ مِنْهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈن قىيامەتكە ئىشەنگەن مۆئمىن ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كۈنلۈك سەپەرنى قىلىشمۇ ھالال ئەمەس. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3223 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنِ ابْنِ أَبِي ذِئْبٍ. حَدّثَنَا سَعِيدُ بْنُ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَحِلّ لاِمْرَأَةٍ تُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، تُسَافِرُ مَسِيرَةَ يَوْمٍ، إِلاّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ.**

**3224 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَنْ مَالِكٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْمَقْبُرِيّ، عَنْ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «لاَ يَحِلّ لاِمْرَأَةٍ تُوءْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، تُسَافِرُ مَسِيرَةَ يومٍ وَلَيْلَةٍ، إِلاّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ عَلَيْهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **الله** قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئەيتقان مۆئمىن ئايالنىڭ بىركۈنلۈك (ھەتتا يېرىم كۈنلۈك) مۇساپىگىمۇ سەپەر قىلىشى ھالال بولمايدۇ، پەقەت نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن سەپەر قىلسا بولىدۇ، (مەھرەم ئېگىسى دېگەن، شۇ ئايالغا نىكاھلاش ھارام بولىدىغان، بولۇپمۇ ۋاقىتلىق ئەمەس، مەڭگۈ ھارام بولىدىغان كىشى بولىدۇ، دادىسى، قېرىندىشى، ئوغلى، تاغىسىدەك. ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى، ۋاقىتلىق ھارام بولغاچقا مەھرەم ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەپەر قىلسا دۇرۇس ئەمەس،شەرھىدىن ئالدىم). بۇخارى،مۇسلىم ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بەزى ھەدىس، مۇتلەق سەپەر، بەزىسى يېرىم كۈن، بەزىسى بىر كېچە ــ كۈندۈز، بەزىسى ئۈچ كۈن دېيىلگەن، خۇلاسە، يېرىم كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە سەپەرنى مەھرەمسىز قىلمايدۇ.

**3225 ـ حدّثنا أبُو كَامِلِ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثنَا بِشْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُفَضّلٍ) حَدّثنَا سُهَيْلُ بْنُ أبِي صَالِحٍ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَحِلّ لامْرَأَةٍ أنْ تُسَافِرَ إلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ مِنْهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز مۇتلەق سەپەر قىلىشى ھالال ئەمەس، نىكاھ ھارام بولىدىغان، دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى بىلەن بىرگە سەپەر قىلسا بولىدۇ.

**3226 ـ 3227 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ أبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أبِي مُعَاوِيَةَ. قَالَ أبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا أبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأعْمَشِ، عَنْ أبِي صَالِحٍ، عَنْ أبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَحِلّ لامْرَأَةٍ تُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، أنْ تُسَافِرَ سَفَراً يَكُونُ ثَلاَثَةَ أيّامٍ فَصَاعِداً، إلاّ وَمَعَهَا أبُوهَا أو ابْنُهَا أوْ زَوْجُهَا أوْ أخُوهَا أوْ ذُو مَحْرَمٍ مِنْهَا».**

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ، ئۈچ كۈنلۈك ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە سەپەرنى يالغۇز قىلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت دادىسى ياكى ئوغلى ياكى ئېرى ياكى قېرىندىشى ياكى نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن بىرگە(تاغىسى بىلەن) سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3228 ـ3229 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. كِلاَهُمَا عَنْ سُفْيَانَ. قَالَ أبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ. حَدّثنَا عَمْرُو بْنُ دِينَارٍ عَنْ أبِي مَعْبَدٍ قَالَ: سَمِعْتُ ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَخْطُبُ يَقُولُ: «لاَ يَخْلُوَ رَجُلٌ بِامْرَأَةٍ إلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ. وَلاَ تُسَافِرِ الْمَرْأةُ إلاّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ» فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ إنّ امْرَأتِي خَرَجَتْ حَاجّةً. وَإنّي اكْتُتِبْتُ فِي غَزْوَةِ كَذَا وَكَذَا. قَالَ: «انْطَلِقْ فَحُجّ مَعَ أهْلِكَ». 3230 ـ وحدّثناه ابْنُ أبِي عُمَرَ. حَدّثنَا هِشَامٌ (يَعْنِي ابْنَ سُلَيْمَانَ) الْمَخْزُومِيّ. عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ بِهَذَا الأسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ «لاَ يَخْلُوَنّ رَجُلٌ بِامْرَأَةٍ إلاّ وَمَعَهَا ذُو مَحْرَمٍ».**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى مەھرەمسىز ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، ئۇنداق قىلماي خالىي جايغا چىقسا، ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ، (ئاندىن كېيىن، ئۈچىلىسى شەيتان بولىدۇ) ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن، نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم ئىگىسى بىلەن (يەنى دادىسى، ئاكىسى، ئىنىسى، تاغىسى، ئوغلى بىلەن) سەپەر قىلسا بولىدۇ، (ئايال كىشىنىڭ قېشىغا مەھرەمسىز كىشى كىرمەيدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىللە كىرىشى لازىم). ئاندىن بىركىشى: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن پالانى غازاتقا چىقىشقا تىزىملىنىپ قاپتىمەن، ئايالىم بولسا، ھەج قىلغان ھالدا چىقىپ كەتكەن ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سەن بېرىپ، ئايالىڭ بىلەن بىللە ھە قىلغىن دېدى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(سەھىھ ھەدىسلەردە؛ ئاياڵ كىشى ئۈچ كۈنلۈك، ئىككى كۈنلۈك، بىر كۈنلۈك، ھەتتا يېرىم كۈنلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ، ئاياڵ كىشى مۇتلەق سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ كەلدى،

ئالىملار؛ ھەدىستىكى مەقسەت كۆن، مۇساپە بەلگىلەش ئەمەس، بەلكى ئايال كىشى مۇتلەق سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ، بۇنىڭغا سەلەپ ئالىملىرى ئىجمائقا كەلگەن دېدى. «ھەدىس شەرھىسىدىن ئېلىندى»

## 582 – باب ما يقول إذا ركب إلى سفر الحج وغيره ھەج سەپىرىگە چىققاندا نىمە دىيىش؟توغرىسىدا

**3231 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ. حَدّثنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. قال: قالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ أَنّ عَلِيّاً الأَزْدِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ ابْنَ عُمَرَ عَلّمَهُمْ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ إذَا اسْتَوَىَ عَلَى بَعِيرِهِ خَارِجاً إلَى سَفَرٍ، كَبّرَ ثَلاَثاً، ثُمّ قَالَ: «سُبْحَانَ الّذِي سَخّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنّا لَهُ مُقْرِنِينَ. وَإنّا إلَى رَبّنَا لَمُنْقَلِبُونَ. اللّهُمّ إنّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرّ وَالتّقْوَى. وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى. اللّهُمّ هَوّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا. وَاطْوِ عَنّا بُعْدَهُ. اللّهُمّ أَنْتَ الصّاحِبُ فِي السّفَرِ. وَالْخَلِيفَةُ فِي الأَهْلِ. اللّهُمّ إنّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السّفَرِ، وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ، وَسُوءِ الْمُنْقَلَبِ، فِي الْمَالِ وَالأَهْلِ». وَإذَا رَجَعَ قَالَهُنّ. وَزَادَ فِيهِنّ: «آيِبُونَ، تَائِبُونَ، عَابِدُونَ، لِرَبّنَا حَامِدُونَ».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقىپ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە رۇس ئولتۇرۇپ بولغاندا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ:« **الله** پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشقا ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشكلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېئمىتىنى ئەسلەپ: **«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»** دېگەيسىلەر.(سۈرە زۇخرەپ 14 ـ )دەپ، ئاندىن؛ ئى **الله**! بىز سىلىدىن مۇشۇ سەپىرىمىزدە، ياخشىلىقنى، تەقۋالىقنى، سىلى رازى بۇلىدىغان ئەمەلنى سورايمىز، بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىلىپ، يىراقلىقىنى قىسقارتىپ قاتلاپ بەرسىلە، ئى **الله**! سىلى بىزگە سەپەردە ھەمراھ، ئەھلىمىزدە، ماللىرىمىزدا خەلپە ئىزباسار، سىلىگە سېغىنىپ، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قەبىھ سەت مەنزىردىن، ئەھلى ـ ماللىرىمىزغا يامان ئاقىبەت بىلەن قايتىپ قېلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز، دەيتتى. غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زېمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، يۇقرقى سۆزلەرنى دەپ، يەنە: يەككە_ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ _ سانا، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ _ سانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر) دەيتتى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**3232 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَرْجِسَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إذَا سَافَرَ، يَتَعَوّذُ مِنْ وَعْثَاءِ السّفَرِ، وَكَآبَةِ الْمُنْقَلَبِ، وَالْحَوْرِ بَعْدَ الْكَوْنِ، وَدَعْوَةِ الْمَظْلُومِ، وَسُوءِ الْمَنْظَرِ فِي الأَهْلِ وَالْمَالِ.**

**3233 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. ح وَحَدّثَنِي حَامِدُ بْنُ عُمَرَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ. كِلاَهُمَا عَنْ عَاصِمٍ بِهَـٰذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِ عَبْدِ الْوَاحِدِ: فِي الْمَالِ وَالأَهْلِ. وَفِي رِوَايَةِ مُحَمّدِ بْنِ خَازِمٍ قَالَ: يَبْدَأُ بِالأَهْلِ إِذَا رَجَعَ. وَفِي رِوَايَتِهِمَا جَمِيعاً «اللّهُمّ إِنّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السّفَرِ».**

ئىبنى سىرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلسا، **الله** قا سىغىنىپ، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قەبىھ سەت،يامان مەنزىردىن، ئەھلى ـ ماللىرىغا يامان ئاقىبەت بىلەن قايتىپ قىلىشىدىن،كامىل زىيادىلىقتىن كىيىن نوقسان بىلەن قايتىپ قىلىشتىن،زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن پاناھ تىلەيتتى.

## 583 – باب ما يقول إذا قفل من سفر الحج وغيره

## ھەج سەپىرىدىن ۋە باشقا سەپەرلەردىن قايتقاندا نىمە دىيىش؟توغرىسىدا

**3234 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدِ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ. ح وَحَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ (وَاللّفْظُ لَهُ). حَدّثَنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدُ اللّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، إِذَا قفلَ مِنْ الْجُيُوش أَو السّرَايَا أَوِ الْحَجّ أَوِ الْعُمْرَةِ، إِذَا أَوْفَى عَلَى ثَنِيّةٍ أَوْ فَدْفَدٍ، كَبّرَ ثَلاَثاً. ثُمّ قَالَ: «لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ سَاجِدُونَ. لِرَبّنَا حَامِدُونَ. صَدَقَ اللّهُ وَعْدَهُ. وَنَصَرَ عَبْدَهُ. وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ». 3235 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ عُلَيّةَ) عَنْ أَيّوبَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا مَعْنٌ عَنْ مَالِكٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ. كلهم عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. إِلاّ حَدِيثَ أَيّوبَ. فَإِنّ فِيهِ التّكْبِيرَ مَرّتَيْنِ.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زىمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، مۇنداق دەيتتى: يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر). مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3236 ـ3237 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ: قَالَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ: أَقْبَلْنَا مَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، أَنَا وَأَبُو طَلْحَةَ، وَصَفِيّةُ رَدِيفَتُهُ عَلَى نَاقَتِهِ. حَتّى إِذَا كُنّا بِظَهْرِ الْمَدِينَةِ قَالَ: «آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبّنَا حَامِدُونَ» فَلَمْ يَزَلْ يَقُولُ ذَلِكَ حَتّى قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ.**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن ۋە ئەبۇتەلھە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قايتىپ كەلدۇق، بىز مەدىنىنى كۆرگەندە، رەسۇلۇللاھ؛« بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە ئىبادەت قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچىلارمىز،......دەپ. بىز مەدىنىگە كەلگىچە شۇنداق دەپ كەلدى.

## 584 ــــــ باب التعريس بذي الحليفة، والصلاة بها إذا صدر من الحج أو العمرة

### ھەجدىن قايتقاندا زىلھۇلەيپتە قونۇش ۋە بۇجايدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

3238 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أنَاخَ بِالْبَطْحَاءِ الّتِي بِذِي الْحُلَيْفَةِ. فَصَلّىَ بِهَا. وَكَانَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

3239 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ الْمِصْرِيّ. أخْبَرَنَا اللّيْثُ. ح وَحَدّثَنَا قُتَيْبَةُ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: حَدّثَنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ قالَ: كَانَ ابْنُ عُمَرَ يُنِيخُ بِالْبَطْحَاءِ الّتِي بِذِي الْحُلَيْفَةِ. الّتِي كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُنِيخُ بِهَا وَيُصَلّي بِهَا.

3240 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ إسْحَقَ الْمُسَيّبِيّ. حَدّثَنِي أنَسٌ (يَعْنِي أبَا ضَمْرَةَ) عَنْ مُوسَى بْنِ عُقْبَةَ، عَنْ نَافِعٍ أنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ، إذَا صَدَرَ مِنَ الْحَجّ أوِ الْعُمْرَةِ، أنَاخَ بِالْبَطْحَاءِ الّتِي بِذِي الْحُلَيْفَةِ. الّتِي كَانَ يُنِيخُ بِهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ناپىئتىن؛ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجدىن ياكى ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ چۈشۈپ، ناماز ئوقۇغان زىلھۇلەيفىتكى بەتھائە دېگەن جايدا تۆگىسىنى چۆكىلاندۇرۇپ چۈشۈپ ناماز ئوقۇيتتى.

3241 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبّادٍ. حَدّثَنَا حَاتِمٌ (وَهُوَ ابْنُ إسْمَاعِيلَ) عَنْ مُوسَى (وَهُوَ ابْنُ عُقْبَةَ)، عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أبِيهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أُتِيَ فِي مُعَرّسِهِ بِذِي الْحُلَيْفَةِ. فَقِيلَ لَهُ: إنّكَ بِبَطْحَاءَ مُبَارَكَةٍ.

3242 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَكّارِ بْنِ الرّيّانِ وَ سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ (وَاللّفظ لِسُرَيْجٍ) قالاَ: حَدّثَنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. أخْبَرَنِي مُوسَى بْنُ عُقْبَةَ، عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، عَنْ أبِيهِ أنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أُتِيَ، وَهُوَ فِي مُعَرّسِهِ مِنْ ذِي الْحُلَيْفَةِ فِي بَطْنِ الْوَادِي. فَقِيلَ: إنّكَ بِبَطْحَاءَ مُبَارَكَةٍ. قَالَ مُوسَى: وَقَدْ أنَاخَ سَالِمٌ بِالْمُنَاخِ مِنَ الْمَسْجِدِ الّذِي كَانَ عَبْدُ اللّهِ يُنِيخُ بِهِ. يَتَحَرّىَ مُعَرّسَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَهُوَ أسْفَلُ مِنَ الْمَسْجِدِ الّذِي بِبَطْنِ الْوَادِي. بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْقِبْلَةِ. وَسَطاً مِنْ ذَلِكَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زىلھۇلەيفىتكى بەتھائە دېگەن قونالغۇسىدا ۋەھى ئارقىلىق؛« ھەقىقەتەن سەن مۇبارەك جايدا تۇرۇۋاتىسەن»دېيىلىپتۇ. مۇسا مۇنداق دەيدۇ؛ سالىم رەسۇلۇللاھنىڭ قونغان ئورنىنى ئىزدەپ، دادىسى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشكەن ئورۇنغا چۈشتى، ئۇجاي بەتنى ۋادىيدىكى مەسجىدتىن پەسترەك، ئۇنىڭ بىلەن قىبلە ئارلىقىدىكى جاينىڭ ئوتتۇرىدا ئىدى.

## 585 ــــــ باب لا يحج البيت مشرك، ولا يطوف بالبيت عريان. وبيان يوم الحج الأكبر

### مۇشرىكلەرنىڭ كەئبىنى زىيارەت قىلماسلىقى، بەيتۇللاھ نى يالىڭاچ كىشىنىڭ تاۋاپ قىلماسلىقى، چوڭ ھەجنىڭ كۈنىنىڭ بايانى

3243 ـ حدّثني هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ. حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي عَمْرٌو عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ. ح. وَحَدّثَنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ. أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونسُ أنّ ابْنَ شِهَابٍ أخْبَرَهُ عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ: بَعَثَنِي أبُو بَكْرٍ الصّدّيقُ فِي الْحَجّةِ الّتِي أمّرَهُ عَلَيْهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَبْلَ حَجّةِ الْوَدَاعِ. فِي رَهْطٍ، يُؤَذّنُونَ فِي النّاسِ يَوْمَ النّحْرِ: لاَ يَحُجّ بَعْدَ الْعَامِ مُشْرِكٌ. وَلاَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ عُرْيَانٌ.
قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: فَكَانَ حُمَيْدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ يَقُولُ: يَوْمُ النّحْرِ يَوْمُ الْحَجّ الأكْبَرِ. مِنْ أجْلِ حَدِيثِ أبِي هُرَيْرَةَ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدائىدىن بۇرۇنقى بىر ھەجگە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نى باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇچاغدىكى ھەجدە، مېنى بىرنەچچە كىشى بىلەن نەھرى كۈنى كىشىلەرگە:«ئاگاھ بولۇڭلار، مۇشۇ يىلدىن

كىيىن، بەيتۇللاھ كەئبىنى، مۇشرىك، دىنسىز كىشى ھەج قىلمىسۇن!، (يەنى زىيارەتمۇ قىلمىسۇن!)، كەئبىنى يالىڭاچ كىشى تاۋاپ قىلمىسۇن، يەنى يالىڭاچ ھالدا كەئبىنى چۆرگىلەپ ئايلانمىسۇن!» دەپ، ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتى. ھۇمەيدى مۇشۇ ھەدىسنىڭ جەھىتىدىن؛ نەھرى كۈنى چوڭ ھەجنىڭ كۈنىدۇر دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 586 ـــــ باب فضل يوم عرفة ئاراپات كۈنىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

3244 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدِ الأَيْلِيّ وَ أَحْمَدُ بْنُ عِيسَى. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أَخْبَرَنِي مَخْرَمَةُ بْنُ بُكَيْرٍ عَنْ أَبِيهِ قالَ: سَمِعْتُ يُونُسَ بْنَ يُوسُفَ يَقُولُ عَن ابْنِ الْمُسَيّبِ. قالَ: قالَتْ عَائِشَةُ: إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ «مَا مِنْ يَوْمٍ أَكْثَرَ مِنْ أَنْ يُعْتِقَ اللّهُ فِيهِ عَبْداً مِنَ النّارِ، مِنْ يَوْمِ عَرَفَةَ. وَإِنّهُ لَيَدْنُو ثُمّ يُبَاهِي بِهِمُ الْمَلاَئِكَةَ. فَيَقُولُ: مَا أَرَادَ هَؤُلاَءِ؟».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈنلەر ئىچىدە ، ئاللاھتائالا، ئەر ـ ئايال بەندىلىرىنى دوۋزاخدىن ئەڭ كۆپ ئازاد قىلىدىغان ئاراپات كۈنىدەك كۈن يوقتۇر، پەقەت ئاراپات كۈنىلا ھەممىدىن كۆپ ئازاد قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە يېقىنلىشىپ، ئاندىن ئاراپات ئەھلىنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ ماختاپ بېرىدۇ، ئاۋۇلار نېمىنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 587 ـــــ باب فضل الحج والعمرة پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

3245 ـ3246 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ سُمَيَ مَوْلَى أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي صَالِحِ السّمّانِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْعُمْرَةُ إِلَى الْعُمْرَةِ كَفّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُمَا. وَالْحَجّ الْمَبْرُورُ، لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلاّ الْجَنّةُ».

ئامىر ئىبنى رەبىئە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق گۇناھلارغا، خاتالىقلارغا كاپارەتتۇر، ھەممىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، مەقبۇل بولغان، ياخشى ئادا قىلىنغان ھەج ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ. ئۆمرە ھەج دېگەن پەرز ھەج بىلەن بىللە قىلىنغان نەپلە ھەجدۇر.

3247 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ قال يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا جَرِيرٌ) عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَتَى هَذَا الْبَيْتَ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ، رَجَعَ كَمَا وَلَدَتْهُ أُمّهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ ئۆيگە يەنى بەيتۇللاھقا كېلىپ ھەج قىلىپ، پاھىشە سۆز قىلمىسا، گۇناھ قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ، پاسىقلىق قىلمىسا، ئۇ، ئانىسى تۇغقان پاك ھالەتتەك گۇناھدىن پاك ــ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ. بۇخارى، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

3248 ـ وَحدّثناه سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ عَنْ أَبِي عَوَانَةَ وَ أَبِي الأَحْوَصِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ مِسْعَرٍ وَ سُفْيَانَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ الْمُثَنّى. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ. حَدّثَنَا شُعْبَةُ. كُلّ هَؤُلاَءِ عَنْ مَنْصُورٍ بِهَذَا الأَسْنَادِ. وَفِي حَدِيثِهِمْ جَمِيعاً «مَنْ حَجّ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ». 3249 ـ حدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ. حَدّثَنَا هُشَيْمٌ عَنْ سَيّارٍ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم مِثْلَهُ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا قەبىھ، پاھىشە سۆز قىلمىسا، پاسىقلىق قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ كېتىپ، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك، گۇناھىدىن پاك ــ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ، (يەنى مەغپىرەت ئۇنىڭغا قىلىنىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 588 ــ باب النزول بمكة للحاج، وتوريث دورها

## ھەج قىلغۇچىنىڭ مەككىگە چۈشىشى ۋە مەككە دىيارلىرىنىڭمۇ ۋارىسلەرگە مىراس قىلىنىشى توغرىسىدا

3250 ـ3251 ـ حدّثني أبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى. قالاَ: أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنَا يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أنّ عَلِيّ بْنَ حُسَيْنٍ أخْبَرَهُ أنّ عَمْرَو بْنَ عُثْمَانَ بْنِ عفّانَ أخْبَرَهُ عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدِ بْنِ حَارِثَةَ أَنّهُ قالَ يَا رَسُولَ اللّهِ أتَنْزِلُ فِي دَارِكَ بِمَكّةَ؟ فَقَالَ: «وَهَلْ تَرَكَ لَنَا عَقِيلٌ مِنْ رِبَاعٍ أوْ دُورٍ». وَكَانَ عَقِيلٌ وَرِثَ أبَا طَالِبٍ هُوَ وَطَالِبٌ. وَلَمْ يَرِثْهُ جَعْفَرٌ وَلاَ عَلِيّ شَيْئاً. لأنّهُمَا كَانَا مُسْلِمَيْنِ. وكَانَ عَقِيلٌ وَطَالِبٌ كَافِرَيْنِ.

3252 ـ وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ. حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ أبِي حَفْصَةَ وَ زَمْعَةُ بْنُ صَالِحٍ. قالاَ: حَدّثَنَا ابْنُ شِهَابٍ عَنْ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ عُثْمَانَ، عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ أنّهُ قالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أيْنَ تَنْزِلُ غداً، إنْ شَاءَ اللّهُ؟ وَذَلِكَ زَمَنَ الْفَتْحِ قالَ: «وَهَلْ تَرَكَ لَنَا عَقِيلٌ مِنْ مَنْزِلٍ؟».

مەككە پەتھى قىلىنىدىغاننىڭ ئاخشىمى ئۇسامەئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر الله خالىسا، بىز ئەتە نەگە چۈشىمىز؟ سىلى مەككىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشەملا؟دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىزگە بىرەر چۈشكىدەك جاي، ئورۇن قالدۇرۇپ قويغاندۇ؟ دېگەن ئىدى. (ئۇقەيل بىلەن تالىپ ئەبۇتالىپقا ۋارىس بولۇپ، ئۇنىڭ مىراسىنى ئالغان ئىدى. جەئپەر بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇنىڭغا ۋارىس بولمىغان ئىدى، چۈنكى بۇلار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇقەيل بىلەن تالىپ كاپىر ئىدى.«مۇسۇلمان كاپىرغا ۋارىس بولالمايدۇ»ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 589 ــــ باب جواز الإقامة بمكة، للمهاجر منها بعد فراغ الحج والعمرة، ثلاثة أيام بلا زيادة

## مۇھاجىرلارنىڭ ھەجدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مەككىدىپەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرۇشى دۇرۇس،دېگەن توغرىسىدا

3253 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ (يَعْنِي ابْنَ بلاَلٍ) عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ حُمَيْدٍ أَنّهُ سَمِعَ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ يَسْأَلُ السّائِبَ بْنَ يَزِيدَ يَقُولُ: هَلْ سَمِعْتَ فِي الإِقَامَةِ بِمَكّةَ شَيْئاً؟ فَقَالَ السّائِبُ: سَمِعْتُ الْعَلاَءَ بْنَ الْحَضْرَمِيّ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لِلْمُهَاجِرِ إِقَامَةُ ثَلاثٍ، بَعْدَ الصّدَرِ، بِمَكّةَ» كَأَنّهُ يَقُولُ لاَ يَزِيدُ عَلَيْهَا.

3254 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ حُمَيْدٍ قَالَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ يَقُولُ لِجُلَسَائِهِ: مَا سَمِعْتُمْ فِي سُكْنَى مَكّةَ؟ فَقَالَ السّائِبُ بْنُ يَزِيدَ: سَمِعْتُ الْعَلاَءَ (أَوْ قَالَ الْعَلاَءَ بْنَ الْحَضْرَمِيّ) قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «يُقِيمُ الْمُهَاجِرُ بِمَكّةَ، بَعْدَ قَضَاءِ نُسُكِهِ، ثَلاَثاً».

ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن مۇھاجىرلار ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كىيىن(ھاجىلار قايتقاندىن كىيىن) مەككىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرسا بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن زىيادە تۇمىسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى.

3255 ـ وحدّثنا حَسَنٌ الْحُلْوَانِيّ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ يَعْقُوبَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ بْنِ سَعْدٍ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ صَالِحٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ بْنِ حُمَيْدٍ أَنّهُ سَمِعَ عُمَرَ بْنَ عَبْدِ الْعَزِيزِ يَسْأَلُ السّائِبَ بْنَ يَزِيدَ. فَقَالَ السَائِبُ: سَمِعْتُ الْعَلاَءَ بْنَ الْحَضْرَمِيّ. يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «ثَلاَثُ لَيَالٍ يَمْكُثُهُنّ الْمُهَاجِرُ بِمَكّةَ، بَعْدَ الصّدَرِ».

3256 -3257 ـ ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. وَأَمْلاَهُ عَلَيْنَا إِمْلاَءً. أَخْبَرَنِي إِسْمَاعِيلُ بْنُ مُحَمّدِ بْنِ سَعْدٍ أَنّ حُمَيْدَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَـَنِ بْنِ عَوْفٍ أَخْبَرَهُ أَنّ السّائِبَ بْنَ يَزِيدَ أَخْبَرَهُ أَنّ الْعَلاَءَ بْنَ الْحَضْرَمِيّ أَخْبَرَهُ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَكْثُ الْمُهَاجِرِ بِمَكّةَ، بَعْدَ قَضَاءِ نُسُكِهِ، ثَلاَثاً».

ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مۇھاجىرلار ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كىيىن مەككىدە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرسا بولىدۇ. (ئۇلار ئۈچ كۈندىن كىيىن مەدىنىدىن كەتكەن). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 590 ـــــ باب تحريم مكة وصيدها وخلاها وشجرها ولقطتها، إلا لمنشد، على الدوام

**مەككە يەنى ئۇنىڭ ئوۋلىرى، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرى، مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسە ھارامدۇر، لېكىن چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئىگىسى ياكى ئۇنى ئېلىپ قويۇپ ئىلان قىلىدىغان جاكارچىنىڭ ئېلىشى دۇرۇستۇر**

3258 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الْحَنْظَلِيّ. أَخْبَرَنَا جَرِيرٌ عَنْ مَنْصُورٍ، عَنْ مُجَاهِدٍ، عَنْ طَاوُسٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الْفَتْحِ، فَتْحِ مَكّةَ «لاَ هِجْرَةَ. وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيّةٌ. وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا». وَقَالَ يَوْمَ الْفَتْحِ، فَتْحِ مَكّةَ «إِنّ هَذَا الْبَلَدَ حَرّمَهُ اللّهُ يَوْمَ خَلَقَ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ. فَهُوَ حَرَامٌ بِحُرْمَةِ اللّهِ إِلَىَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ. وَإِنّهُ لَمْ يَحِلّ الْقِتَالُ فِيهِ لأَحَدٍ قَبْلِي. وَلَمْ يَحِلّ لِي إِلاّ سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ. فَهُوَ حَرَامٌ بِحُرْمَةِ اللّهِ إِلَىَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ. لاَ يُعْضَدُ شَوْكُهُ. وَلاَ يُنَفّرُ صَيْدُهُ. وَلاَ يَلْتَقِطُ إِلاّ مَنْ عَرّفَهَا. وَلاَ يُخْتَلَىَ خَلاَهَا» فَقَالَ الْعَبّاسُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِلاّ الإِذْخِرَ. فَإِنّهُ لِقَيْنِهِمْ وَلِبُيُوتِهِمْ. فَقَالَ: «إِلاّ الإِذْخِرَ».

3259 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ آدَمَ. حَدّثَنَا مُفَضّلٌ عَنْ مَنْصُورٍ فِي هَذَا الأَسْنَادِ، بِمِثْلِهِ. وَلَمْ يَذْكُرْ «يَوْمَ خَلَقَ السّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ» وَقَالَ: «الْقَتْلَ» بَدَلَ الْقِتَالِ وَقَالَ: «لاَ يَلْتَقِطُ لُقَطَتَهُ إِلاّ مَنْ عَرّفَهَا».

ئائىشە، سەفۋان،ئەبۇھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈنى مۇنداق دىگەن: مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كىيىن ھىجرەت يوق، (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت يوق). لېكىن، جىھاددا ھىجرەت بار، ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشتا ھىجرەت بار، (چۈنكى، جىھاد ئۈزۈلمەي قالمىسا، ھىجرەت ئۈزۈلمەي قالمايدۇ، جىھاد ھىجرەتنى مەڭگۈ باقىيدۇر، ياكى جىھاد بىلەن خالىس نىيەتلا قالدى خالاس). سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشنىلار تەلەپ قىلىنسا، دەرھال ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا چىقىڭلار. مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈنى يەنە مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن بۇمەككە، ئاللاھتائالا ئاسمان ــ زىمىننى ياراتقان كۈندىن باشلاپ ھارام قىلغان شەھەردۇر، بۇ مەككە شەھىرى ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى

بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر كىشىگە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنمىغان، پەقەت ماڭىلا كۈندۈزدىن بىر سائەت ھالال قىلىنغان، ئۇ يەنە، ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ دەرەخ شاخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى، ھايۋانلىرى قاچۇر ـ ۈۈتىلمەيدۇ، ئۇ مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت ئۇنى تونۇغان ئىگىسىلا تېپىپ ئالالايدۇ، باشقىلار ئېلىۋالالمايدۇ، ئۇنىڭ دەل ــ دەرەخ، ئوت ــ چۆپ، گۈل ــ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىزخىر دېگەن ئوت ـ چوپ ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىللىرى، ئۆيلىرى،ئۆي ئۆگزىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى؟ ئۇنى ھالال قىلسىلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئىزخىر دېگەن ئوت ـ چوپ كېسىلسە، ئوراپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3260 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أبي سَعِيدٍ، عَنْ أبي شُرَيْحٍ الْعَدَوِيّ أنّهُ قالَ لِعَمْرِو بْنِ سَعِيدٍ، وَهُوَ يَبْعَثُ الْبُعُوثَ إلَى مَكّةَ: ائذَنْ لِي. أيّهَا الأمِيرُ أُحَدّثكَ قَوْلاً قَامَ بِهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، الْغَدَ مِنْ يَوْمِ الْفَتْحِ. سَمِعَتْهُ أُذُنَايَ. وَوَعَاهُ قَلْبِي. وَأبْصَرَتْهُ عَيْنَايَ حِينَ تَكَلّمَ بِهِ. أنّهُ حَمِدَ اللّهِ وَأثْنَى عَلَيْهِ. ثُمّ قالَ: «إنّ مَكّةَ حَرّمَهَا اللّهَ وَلَمْ يُحَرّمْهَا النّاسُ. فَلاَ يَحِلّ لاِمْرِىءٍ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ أنْ يَسْفِكَ بِهَا دَماً وَلاَ يَعْضِدَ بِهَا شَجَرَةً. فَإنْ أحَدٌ تَرَخّصَ بِقِتَالِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِيهَا فَقُولُوا لَهُ: إنّ اللّهَ أذِنَ لِرَسُولِهِ وَلَمْ يَأذَنْ لَكُمْ. وَإنّمَا أذِنَ لِي فِيهَا سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ. وَقَدْ عَادَتْ حُرْمَتُهَا الْيَوْمَ كَحُرْمَتِهَا بِالأمْسِ. وَلْيُبَلّغِ الشّاهِدُ الْغَائِبَ» فَقِيلَ لأبِي شُرَيْحٍ: مَا قَالَ لَكَ عَمْرٌو؟ قَالَ: أنَا أعْلَمُ بِذَلِكَ مِنْكَ. يَا أبَا شُرَيْحٍ إنّ الْحَرَمَ لاَ يُعِيذُ عَاصِياً وَلاَ فَارّاً بِدَمٍ وَلاَ فَارّاً بِخَرْبَةٍ.**

ئەمرۇ ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، مەككىگە قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولغاندا، ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن سىلىگە مەككىنى ئىشغال قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىدە سۆزلىگەن بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي، بۇھەدىسنى مېنىڭ مۇشۇ ئىككى قۇلۇقۇم ئاڭلىغان، قەلبىم يادا ئالغان، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسنى سۆزلەۋاتاقاندا ئىككى كۆزۈم رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ؛ **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەككىنى كىشلەر ھارام قىلمىدى، بەلكى، ئاللاھ ئۆزى ھارام قىلغاندۇر،ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىشىنىدىغان كىشى ئۈچۈن مەككىدە قان تۆكۈش ھالال ئەمەس، ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ھالال ئەمەس، ئەگەر بىرسى سىلەردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مەككىدە ئۇرۇش قىلىشى ھالال قىلىندىمۇ؟ رۇخسەت بېرىلدىمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇلارغا ؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۆز ئەلچىسىگە رۇخسەت قىلىپتۇ، سىلەرگە رۇخسەت قىلماپتۇ، ھالال ئەمەسكەن دەپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەن ئۈچۈن (مەككىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن، ) كۈندۈزدىن بىر سائەتلا رۇخسەت قىلغان ئىدى، ئاندىن ئۇ مەككە

خۇددى ئاخشام هارام بولغاندەكلا، بۈگۈنمۇ هارام بولۇپ، هارام بولۇشى ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ هارامدۇر، هازىر بولغانلار؛ غائىپ بولغان يوقلارغا يەتكۈزسۇن . (مەن تۇلۇق يەتكۈزدۈم، ئى ئاللاھ، گۇۋاھ بولغىن دېگەن) ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا؛ ساڭا ئەمرۇ نىمە دېدى؟ دېيىلدى، ئۇ: ئەمرۇ ئىبنى سەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا؛ ئى ئەبۇ شۇرەيھ ! مەن شۇنى سەندىن بەكرەك بىلىمەن، لېكىن هەرەم مەككە (خەلىپىگە ئاسىيلىق قىلغان)ئاسىينى، (بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ)ئۇنىڭ قېنى، خۇنى بىلەن قاچقان قاتىل كىشىنى، جىنايەت بىلەن قاچقان كىشىنى قوغدىمايدۇ دېگەن ،دېدى. ئەهمەد، بەيهەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى

3261 – حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ و عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ. جَمِيعاً عَنِ الْوَلِيدِ. قَالَ زُهَيْرٌ: حَدّثَنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ. حَدّثَنَا الأَوْزَاعِيّ. حَدّثنِي يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ. حَدّثنِي أَبُو سَلَمَةَ (هُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ). حَدّثنِي أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ: لَمّا فَتَحَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ عَلَىَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَكّةَ. قَامَ فِي النّاسِ فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَىَ عَلَيْهِ. ثُمّ قَالَ: «إِنّ اللّهَ حَبَسَ عَنْ مَكّةَ الْفِيلَ. وَسَلّطَ عَلَيْهَا رَسُولَهُ وَالْمُؤْمِنِينَ. وَإِنّهَا لَنْ تَحِلّ لأَحَدٍ كَانَ قَبْلِي. وَإِنّهَا أُحِلّتْ لِي سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ. وَإِنّهَا لَنْ تَحِلّ لأَحَدٍ بَعْدِي. فَلاَ يُنَفّرُ صَيْدُهَا. وَلاَ يُخْتَلَىَ شَوْكُهَا. وَلاَ تَحِلّ سَاقِطَتُهَا إِلاّ لِمُنْشِدٍ. وَمَنْ قُتِلَ لَهُ قَتِيلٌ فَهُوَ بِخَيْرِ النّظَرَيْنِ. إِمّا أَنْ يُفْدَىَ وَإِمّا أَنْ يُقْتَلَ» فَقَالَ الْعَبّاسُ: إِلاّ الإِذْخِرَ. يَا رَسُولَ اللّهِ فَإِنّا نَجْعَلُهُ فِي قُبُورِنَا وَبُيُوتِنَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِلاّ الإِذْخِرَ» فَقَامَ أَبُو شَاهٍ، رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ، فَقَالَ: اكْتُبُوا لِي. يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اكْتُبُوا لأَبِي شَاهٍ». قَالَ الْوَلِيدُ: فَقُلْتُ لِلأَوْزَاعِيّ: مَا قَوْلُهُ: اكْتُبُوا لِي يَا رَسُولَ اللّهِ؟ قَالَ: هَذِهِ الْخُطْبَةَ الّتِي سَمِعَهَا مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

3262 – حدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُورٍ. أَخْبَرَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ عَنْ شَيْبَانَ، عَنْ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: إِنّ خُزَاعَةَ قَتَلُوا رَجُلاً مِنْ بَنِي لَيْثٍ. عَامَ فَتْحِ مَكّةَ. بِقَتِيلٍ مِنْهُمْ قَتَلُوهُ. فَأُخْبِرَ بِذَلِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَرَكِبَ رَاحِلَتَهُ فَخَطَبَ فَقَالَ: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ حَبَسَ عَنْ مَكّةَ الْفِيلَ. وَسَلّطَ عَلَيْهَا رَسُولَهُ وَالْمُؤْمِنِينَ. أَلاَ وَإِنّهَا لَمْ تَحِلّ لأَحَدٍ قَبْلِي وَلَنْ تَحِلّ لأَحَدٍ بَعْدِي. أَلاَ وَإِنّهَا أُحِلّتْ لِي سَاعَةً مِنَ النّهَارِ. أَلاَ وَإِنّهَا، سَاعَتِي هَذِهِ، حَرَامٌ. لاَ يُخْبَطُ شَوْكُهَا. وَلاَ يُعْضَدُ شَجَرُهَا. وَلاَ يَلْتَقِطُ سَاقِطَتَهَا إِلاّ مُنْشِدٌ. وَمَنْ قُتِلَ لَهُ قَتِيلٌ فَهُوَ بِخَيْرِ النّظَرَيْنِ. إِمّا أَنْ يُعْطَىَ (يَعْنِي الدّيَةَ)، وَإِمّا أَنْ يُقَادَ (أَهْلُ الْقَتِيلِ)» قَالَ: فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ يُقَالُ لَهُ أَبُو شَاهٍ. فَقَالَ: اكْتُبْ لِي. يَا رَسُولَ اللّهِ فَقَالَ: «اكْتُبُوا لأَبِي شَاهٍ». فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ: إِلاّ الإِذْخِرَ. فَإِنّا نَجْعَلُهُ فِي بُيُوتِنَا وَقُبُورِنَا. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِلاّ الإِذْخِرَ».

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، **الله** تائالا مەككىنى ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىشغال قىلىپ بەرگەندە،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ئارىسدا تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ، **الله** قا هەمدۇ ـ سانا ئەيتىپ،مۇنداق دېگەن: يەنەبىرخاتىردە؛ مەككە پەتھى يىلى خۇزائە جەمەتى لەيس جەمەتىدىن بىركىشىنى ئۆزلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ بەدلىگە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلىنغاندا، تۆگىسىگە مىنىپ بېرىپ، خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دىگەن؛ هەقىقەتەن، ئاللاھ مەككىدىن پىلنى توسۇپ توختاتقان ئىدى، ئەمدى مەككىگە ئەلچىنى يەنى مېنى ۋە مۆئمىنلەرنى غالىپ قىلدى، ئاگاھ بولۇڭلار، هەقىقەتەن مەككە مەندىن بۇرۇن بىرەر كىشىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن هالال قىلىنمىغان، مەندىن كېيىنمۇ هىچ كىشىگە هالال بولمايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەككە مەن ئۈچۈن پەقەت بىر سائەتلا هالال قىلىنغان، دىققەت قىلىڭلار، هەقىقەتەن مەككە مېنىڭ مۇشۇ سائىتىم بىلەنمۇ مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ هارامدۇر، هالال قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ شاخ ــ شۇمبىلىرى، شوخلىرىنى يۇتالمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ، تەلەپ قىلىپ ئىزدىگۈچى جاكارچى ئالالايدۇ، باشقا كىشىلەر ئېلىۋالمايدۇ، كىمنىڭ يېقىن ئادىمى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ مۇنۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، يا قاتىلدىن دىيەت، خۇن پۇلىنى ئالىدۇ، ئۇ 100 تۆگە ياكى قاتىلدىن قىساس ئالىدۇ، يەنى قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئىزخىر دېگەن ئوت ـ چوپ ئۆلارنىڭ

تۆمۈرچىللىرى، ئۆيلىرى،ئۆي ئۆگزىللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى؟ ئۇنى ھالال قىلسىلا دىگەندە، رەسۇلۇللاھ: ئىزخىر دىگەن ئوت ـ چوپ كېسىلسە، ئوراپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ دىدى. يەمەن ئەھلىدىن ئەبۇشاھ دېگەن كىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى!بۇخۇتبىنى ماڭا يازدۇرۇپ بەرسىلە دېدى، رەسۇلۇللاھ: بۇ خۇتبىنى ئەبۇشاھقا يېزىپ بېرىڭلار دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 591 ــ باب النهي عن حمل السلاح بمكة، بلا حاجة مەككىدە ھاجەتسىزلا قۇرال كۆتۈرۈشتىن توسۇش

3263 ـ حدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا ابْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قَالَ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَحِلّ لأَحَدِكُمْ أَنْ يَحْمِلَ السّلاَحَ بِمَكّةَ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەككىدە قۇرال كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس.

## 592 – باب جواز دخول مكة بغير إحرام مەككىگە ئېھرامسىز كىرىشنىڭمۇ دۇرۇسلىقى توغرىسىدا

3264 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ الْقَعْنَبِيّ وَ يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ (أَمّا الْقَعْنَبِيّ فَقَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ. وَأَمّا قُتَيْبَةُ فَقَالَ: حَدّثَنَا مَالِكٌ) وَقَالَ يَحْيَىَ: (وَاللّفْظُ لَهُ) قُلْتُ لِمَالِكٍ: أَحَدّثَكَ ابْنُ شِهَابَ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ مَكّةَ عَامَ الْفَتْحِ وَعَلَى رَأْسِهِ مِغْفَرٌ. فَلَمّا نَزَعَهُ جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ: ابْنُ خَطَلٍ مُتَعَلّقٌ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ. فَقَالَ: «اقْتُلُوهُ»؟ فَقَالَ مَالِكٌ: نَعَمْ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مەككىگە، بېشىدا جەڭ كىيىمى دۇبۇلغا بار ھالدا كىردى، ئۇنى بېشىدىن ئېلىپ تۇرىشىغا، بىركىشى كىلىپ؛ ئىبنى خەتتەل كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ تۇرىدۇ دىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرىۋېتىڭلار دىدى. بۇخارى، مۇسلىم . (چۈنكى ئۇ ئىبنى خەتتەل مۇرتەد بولۇپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان بىرمۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن، بىر ناخشىچى قىزچاقنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەجۋىي ناخشىغا بۇيرىغان)

3265 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ التّمِيمِيّ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ الثّقفِيّ. (قَالَ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا وَقَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ بْنُ عَمّارٍ الدّهْنِيّ) عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الأَنْصَارِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ مَكّةَ (وَقَالَ قُتَيْبَةُ: دَخَلَ يَوْمَ فَتْحِ مَكّةَ) وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ بِغَيْرِ إِحْرَامٍ. وَفِي رِوَايَةِ قُتَيْبَةَ قَالَ: حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ.

3266 ـ حدّثنا عَلِيّ بْنُ حَكِيمٍ الأَوْدِيّ. أَخْبَرَنَا شَرِيكٌ عَنْ عَمّارٍ الدّهْنِيّ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم دَخَلَ يَوْمَ فَتْحِ مَكّةَ وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى، مەككىگە، ئىھرام باغلىماستىنلا، ئۇستىدە قارا سەللە بار ھالدا كىردى.

3267 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ وَ إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. قَالاَ: أَخْبَرَنَا وَكِيعٌ عَنْ مُسَاوِرٍ الوَرّاقِ، عَنْ جَعْفَرِ بْنُ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ عَنْ أَبِيهِ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَطَبَ النّاسَ وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ.

3268 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ الْحَسَنُ الْحُلْوَانِيّ. قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنْ مُسَاوِرٍ الْوَرّاقِ. قَالَ: حَدّثَنِي(وَفِي رِوَايَةِ الْحُلْوَانِيّ قَالَ: سَمِعْتُ جَعْفَرَ بْنَ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ) عَنْ أَبِيهِ قَالَ: كَأَنّي أَنْظُرُ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، عَلَى الْمِنْبَرِ. وَعَلَيْهِ عِمَامَةٌ سَوْدَاءُ قَدْ أَرْخَى طَرَفَهَا بَيْنَ كَتِفَيْهِ. وَلَمْ يَقُلْ أَبُو بَكْرٍ: عَلَى الْمِنْبَرِ.

ئەمرۇئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇمئە كۈنىسى، ئۇستىدە قارا سەللە بار ھالدا خۇتبە سۆزلىدى، سەللىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى تاغىقى ئارلىقىغا ساڭگىلىتىپ تاشلاپ قويغان ئىدى.

## 593 ـــ باب فضل المدينة ودعاء النبي صلى الله عليه وسلم فيها بالبركة، وبيان تحريمها وتحريم صيدها وشجرها، وبيان حدود حرمها

## مەدىنىنىڭ پەزىلىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە بەركەت تىلەپ دۇئا قىلىشى، ئۇنىڭ ئوۋلىرى، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ ھارام قىلىنىشى ۋە ھارام قىلىنغان جاينىڭ چەك ـ چېگراسى توغرىسىدا

3269 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ مُحَمّدٍ الدّرَاوَرْدِيّ) عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى الْمَازِنِيّ، عَنْ عَبّادِ بْنِ تَمِيمٍ، عَنْ عَمّهِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَاصِمٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّ إِبْرَاهِيمَ حَرّمَ مَكّةَ وَدَعَا لأَهْلِهَا. وَإِنّي حَرّمْتُ الْمَدِينَةَ كَمَا حَرّمَ إِبْرَاهِيمُ مَكّةَ. وَإِنّي دَعَوْتُ فِي صَاعِهَا وَمُدّهَا بِمِثْلَي مَا دَعَا بِهِ إِبْرَاهِيمُ لأَهْلِ مَكّةَ».

3270 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَبُو كَامِلٍ الْجَحْدَرِيّ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي ابْنَ الْمُخْتَارِ). ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ. حَدّثَنِي سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ. ح وَحَدّثَنَاه إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. أَخْبَرَنَا الْمَخْزُومِيّ. حَدّثَنَا وُهَيْبٌ. كُلّهُمْ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى (هُوَ الْمَازِنِيّ) بِهَذَا الأَسْنَادِ. أَمّا حَدِيثُ وُهَيْبٍ فَكَرِوَايَةِ الدّرَاوَرْدِيّ «بِمِثْلَيْ مَا دَعَا بِهِ إِبْرَاهِيمُ». وَأَمّا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ وَعَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ الْمُخْتَارِ، فَفِي رِوَايَتِهِمَا «مِثْلَ مَا دَعَا بِهِ إِبْرَاهِيمُ».

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ، مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلدى، مەن بولسام، ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك، مەدىنىنى ھارام قىلدىم، ئىبراھىم مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەنمۇ مەدىنە ئۈچۈن ھەتتا ئۇنىڭ جىڭ، تارازا سالىرىغىمۇ دۇئا قىلدىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

3271 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا بَكْرٌ (يَعْنِي ابْنَ مُضَرَ) عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عُثْمَانَ، عَنْ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ إِبْرَاهِيمَ حَرّمَ مَكّةَ. وَإِنّي أُحَرّمُ مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا» (يُرِيدُ الْمَدِينَةَ).

رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلدى، ھەققەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ئارىسىنى يەنى مەدىنىنى ھارام قىلدىم، ئەھمەد، مۇسلىم.

3272 ـ وحدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَةَ بْنِ قَعْنَبٍ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ عُتْبَةَ بْنِ مُسْلِمٍ، عَنْ نَافِعِ بْنِ جُبَيْرٍ أَنّ مَرْوَانَ بْنَ الْحَكَمِ خَطَبَ النّاسَ. فَذَكَرَ مَكّةَ وَأَهْلَهَا وَحُرْمَتَهَا. وَلَمْ يَذْكُرِ الْمَدِينَةَ وَأَهْلَهَا وَحُرْمَتَهَا. فَنَادَاهُ رَافِعُ بْنُ خَدِيجٍ. فَقَالَ: مَا لِي أَسْمَعُكَ ذَكَرْتَ مَكّةَ وَأَهْلَهَا وَحُرْمَتَهَا، وَلَمْ تَذْكُرِ الْمَدِينَةَ وَأَهْلَهَا وَحُرْمَتَهَا. وَقَدْ حَرّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا. وَذَلِكَ عِنْدَنَا فِي أَدِيمٍ خَوْلاَنِيٍ إِنْ شِئْتَ أَقْرَأْتُكَهُ. قَالَ: فَسَكَتَ مَرْوَانُ ثُمّ قَالَ: قَدْ سَمِعْتُ بَعْضَ ذَلِكَ.

مەرۋان كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ، مەككىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى، ئۇنىڭ ھارام قىلىنىشىنى تىلغا ئېلىپ، مەدىنىنى ۋە ئۇنىڭ ھارام قىلىنىشىنى تىلغا ئالمىدى.ئاندىن رافىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نىدا قىلىپ تونۇلاپ؛ سەن نىمە ئۈچۈن مەككىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى، ئۇنىڭ ھارام قىلىنىشىنى تىلغا ئېلىپ، مەدىنىنى ۋە

ئۇنىڭ هارام قىلىنىشىنى تىلغا ئالمايسەن؟ ۋەھالەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ئىككى چېتى ئىككى ساي ئارىسىنى هارام قىل غان.بۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا خەۋلانىنىڭ تېرىسىدە يېزىقلىق باردۇر، ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەي دېدى. ئاندىن مەرۋان جىم تۇرۇپ؛ مەنمۇ بۇنىڭ بەزىسىنى ئاڭلىغان دېدى.

3273 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ. كِلاَهُمَا عَنْ أبِي أحْمَدَ. قالَ أبُو بَكْرٍ: حَدّثَنَا عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ الأسْدِيّ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ قالَ: قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «إنّ إبْرَاهِيمَ حَرّمَ مَكّةَ. وَإنّي حَرّمْتُ الْمَدِينَةَ مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا. لاَ يُقْطَعُ عِضَاهُهَا وَلاَ يُصَادُ صَيْدُهَا».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى، مەككىنى هارام قىلدى، ۋە ئەمىن، تېنچ قىلدى، ھەققەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چېتى ئىككى ساي ئارىسىنى هارام قىلدىم، مەدىنىنىڭ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، يۇلۇنمايدۇ، ئوۋلىرى كىيىك توشقانلىرى ئوۋلانمايدۇ، يەنى ئۇ جايدا ئوۋ ئوۋلاش هارام،

3274 ـ حدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أبِي. حَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ حَكِيمٍ. حَدّثَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أبِيهِ قالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إنّي أحَرّمُ مَا بَيْنَ لاَبَتَيِ الْمَدِينَةِ. أنْ يُقْطَعَ عِضَاهُهَا. أوْ يُقْتَلَ صَيْدُهَا». وَقالَ: «الْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. لاَ يَدَعُهَا أحَدٌ رَغْبَةً عَنْهَا إلاّ أبْدَلَ اللّهُ فِيهَا مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنْهُ. وَلاَ يَثْبُتُ أحَدٌ عَلَى لأوَائِهَا وَجَهْدِهَا إلاّ كُنْتُ لَهُ شَفِيعاً، أوْ شَهِيداً، يَوْمَ الْقِيَامَةِ». 3275 ـ وحدّثنا ابْنُ أبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ حَكِيمٍ الأنْصَارِيّ. أخْبَرَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدِ بْنِ أبِي وَقّاصٍ عَنْ أبِيهِ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ. ثُمّ ذَكَرَ مِثْلَ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ. وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ «وَلاَ يُرِيدُ أحَدٌ أهْلَ الْمَدِينَةِ بِسُوءٍ إلاّ أذَابَهُ اللّهُ فِي النّارِ ذَوْبَ الرّصَاصِ، أوْ ذَوْبَ الْمِلْحِ فِي الْمَاءِ».

سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ، ئىككى تەرەپ ئارىسىنى ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنى، ئوۋلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى هارام قىلىمەن، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلارغا ياخشىدۇر، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى تاشلاپ كەتسە، ئاللاھ مەدىنىگە ئۇنى تاشلاپ كەتكەن كىشىدىن ياخشىراق كىشىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىنىڭ بالالىرىغا، قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىگە، دەرت ــ ئەلەملىرىگە سەۋرە قىلىپ چىداپ، مۇقىم تۇرسا، مەن بۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇپ، شاپائەت قىلىمەن، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىگە ، ئۇنىڭ ئەھلىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى دوۋزاخ ئوتى ئىچىدە ، خۇددى قوغۇشۇن، مىس، تۆچلارنى ئوتتا ئېرىتكەندەك، سۇدا تۇز ئېرىگەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ، (يەنە ئەسلىگە كەلسە، يەنە كۆيدۈرۈپ ئېرىتىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم.

3276 ـ وحدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنِ الْعَقَدِيّ. قالَ عَبْدٌ: أخْبَرَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ عَمْرٍو. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ جَعْفَرٍ عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ أنّ سَعْداً رَكِبَ إلَى قَصْرِهِ بِالْعَقِيقِ. فَوَجَدَ عَبْداً يَقْطَعُ شَجَراً أوْ يَخْبِطُهُ. فَسَلَبَهُ. فَلَمّا رَجَعَ سَعْدٌ، جَاءَهُ أهْلُ الْعَبْدِ فَكَلّمُوهُ أنْ يَرُدّ عَلَى غُلاَمِهِمْ، أوْ عَلَيْهِمْ، مَا أخَذَ مِنْ غُلاَمِهِمْ. فَقَالَ: مَعَاذَ اللّهِ أنْ أرُدّ شَيْئاً نَفّلَنِيهِ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأبَى أنْ يَرُدّ عَلَيْهِمْ.

ئامر ئىبنى سەئدىدىن، سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، مەدىنىگە يېقىن بولغان ئەقىيقتىكى قەسرىگە كىتىۋېتىپ، دەرەخ كىسىۋاتقان ياكى ئۇنى پۇتاۋاتقان بىرقۇلنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندە، قۇلنىڭ ئەھلى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ؛ ھېلىقى قۇلدىن ئېلىۋالغان كىيىمنى قۇلغا ياكى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىدى، سەئدئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : الله قا سېغىنىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا نەپلە ئولجا، غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىنى، سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشمەدىن پاناھ تىلەيمەن دەپ، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى.

3277 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعاً عَنْ إِسْمَاعِيلَ. قَالَ ابْنُ أَيّوبَ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ أَبِي عَمْرٍو مَوْلَى الْمُطّلِبِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ حَنْطَبٍ أَنّهُ سَمِعَ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لأَبِي طَلْحَةَ «الْتَمِسْ لِي غُلاَماً مِنْ غِلْمَانِكُمْ يَخْدُمُنِي». فَخَرَجَ بِي أَبُو طَلْحَةَ يُرْدِفُنِي وَرَاءَهُ. فَكُنْتُ أَخْدُمُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كُلّمَا نَزَلَ، وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: ثُمّ أَقْبَلَ، حَتّى إِذَا بَدَا لَهُ أُحُدٌ قَالَ: «هَذَا جَبَلٌ يُحِبّنَا وَنُحِبّهُ» فَلَمّا أَشْرَفَ عَلَى الْمَدِينَةِ قَالَ: «اللّهُمّ إِنّي أُحَرّمُ مَا بَيْنَ جَبَلَيْهَا مِثْلَ مَا حَرّمَ بِهِ إِبْرَاهِيمُ مَكّةَ. اللّهُمّ بَارِكْ لَهُمْ فِي مُدّهِمْ وَصَاعِهِمْ».
3278 ـ وحدّثناه سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. قَالاَ: حَدّثَنَا يَعْقُوبُ (وَهُوَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ) عَنْ عَمْرِو بْنِ أَبِي عَمْرٍو، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: «إِنّي أُحَرّمُ مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇتەلھەگە؛ ماڭا خىدمەت قىلغىدەك بىرەر غۇلامنى ئىزدىگىن دېيتۇ، ئەبۇتەلھە مېنى ئارقىسىغا مىندۇرۇپ ئېلىپ چىقتى، مەن رەسۇلۇللاھ يەرگە چۈشسىلا خىزمىتىنى قىلدىم، ئاندىن ئۇھۇد تېغى كۆرۈنگەندە، مۇنداق دېگەن: بۇ ئوھۇد تېغى بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئوھۇد تېغىنى ياخشى كۆرىمىز، ئاندىن مەدىنىنى كۆرگەندە؛« ئى ئاللاھ، ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ مەسجىد ھەرەم قىلدى، ھەققەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چەتتىكى ئىككى سايلىق ئارىسىنى ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك دەك ھارام قىلدىم . ئى الله ! ئۇلارغا مۇد ـ سالىرىدا، جىلك تارازىللىرىدا بەركەت ئاتا قىلسىلا»دېدى.بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3279 ـ وحدّثناه حَامِدُ بْنُ عُمَرَ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْوَاحِدِ. حَدّثَنَا عَاصِمٌ قَالَ: قُلْتُ لإِءَنَسِ بْنِ مَالِكٍ: أَحَرّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ؟ قَالَ: نَعَمْ. مَا بَيْنَ كَذَا إِلَى كَذَا. «فَمَنْ أَحْدَثَ فِيهَا حَدَثاً أَوْ آوَى مُحْدِثاً قَالَ: ثُمّ قَالَ لِي: هَذِهِ شَدِيدَةٌ فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهُ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يَقْبَلُ اللّهُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفاً وَلاَ عَدْلاً» قَالَ فَقَالَ: ابْنُ أَنَسٍ.
3280 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَرُونَ. أَخْبَرَنَا عَاصِمٌ الأَحْوَلُ قَالَ: سَأَلْتُ أَنَساً: أَحَرّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَدِينَةَ؟ قَالَ: نَعَمْ. هِيَ حَرَامٌ. لاَ يُخْتَلَى خَلاَهَا. فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مەدىنىنى ھارام قىلغانمۇ؟دەپ سورالسا، ئۇ ھەئە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنىدە گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ، بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى دىندا ئەقىيدە، ئىبادەت جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلغۇچى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ، ھىمايە قىلسا، ـ بۇقاتتىق

گۇناھتۇر ـ ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى پەرىز، ياكى نەپلە ئىبادىتىنى، تۆۋبە ۋە فىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

3281 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ عَنْ إِسْحَـقَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ بَارِكْ لَهُمْ فِي مِكْيَالِهِمْ. وَبَارِكْ لَهُمْ فِي صَاعِهِمْ. وَبَارِكْ لَهُمْ فِي مُدّهِمْ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، ئۇلارغا (يەنى مەدىنە ئەھلىگە) سا، مۇد، كەمچەن، جىڭ ـ تارازىلىرىدا بەركەت ئاتا قىلسىلا.

3282 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ مُحَمّدٍ السّامِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا وَهْبُ بْنُ جَرِيرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. قالَ: سَمِعْتُ يُونُسَ يُحَدّثُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ اجْعَلْ بِالْمَدِينَةِ ضِعْفَيْ مَا بِمَكّةَ مِنَ الْبَرَكَةِ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، مەدىنىگە، مەككىگە قىلىپ بەرگەن بەركەتلىرىدەك ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەركەت قىلىپ بەرسىلە، ئەھمەد، بەيھەقى

3283 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ. قالَ أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ. حَدّثَنَا الأَعْمَشُ عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ قالَ: خَطَبَنَا عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ فقالَ: مَنْ زَعَمَ أَنّ عِنْدَنَا شَيْئاً نَقْرَأُهُ إِلاّ كِتَابَ اللّهِ وَهَذِهِ الصّحِيفَةَ. (قالَ: وَصَحِيفَةٌ مُعَلّقَةٌ فِي قِرَابِ سَيْفِهِ) فَقَدْ كَذَبَ. فِيهَا أَسْنَانُ الإِبِلِ. وَأَشْيَاءُ مِنَ الْجِرَاحَاتِ. وَفِيهَا قالَ النّبِيّ صَلّى اللّهُ تَعَالَى عَلَيْهِ وَسَلّمَ «الْمَدِينَةُ حَرَمٌ مَا بَيْنَ عَيْرٍ إِلَى ثَوْرٍ. فَمَنْ أَحْدَثَ فِيهَا حَدَثاً. أَوْ آوَى مُحْدِثاً. فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يَقْبَلُ اللّهُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفاً وَلاَ عَدْلاً. وَذِمّةُ الْمُسْلِمِينَ وَاحِدَةٌ. يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ. وَمَنِ ادّعَى إِلَى غَيْرِ أَبِيهِ، أَوِ انْتَمَى إِلَى غَيْرِ مَوَالِيهِ. فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يَقْبَلُ اللّهُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفاً وَلاَ عَدْلاً».

وَانْتَهَى حَدِيثُ أَبِي بَكْرٍ وَزُهَيْرٍ عِنْدَ قَوْلِهِ «يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ» وَلَمْ يَذْكُرَا مَا بَعْدَهُ. وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا: مُعَلّقَةٌ فِي قِرَابِ سَيْفِهِ.

3284 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. أَخْبَرَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ. ح وَحَدّثَنِي أَبُو سَعِيدٍ الأَشَجّ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ. جَمِيعاً عَنِ الأَعْمَشِ بِهَـذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ أَبِي كُرَيْبٍ عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ إِلَى آخِرِهِ. وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ «فَمَنْ أَخْفَرَ مُسْلِماً ذِمّتَهُ فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفٌ وَلاَ عَدْلٌ» وَلَيْسَ فِي حَدِيثِهِمَا «مَنِ ادّعَى إِلَى غَيْرِ أَبِيهِ» وَلَيْسَ فِي رِوَايَةِ وَكِيعٍ، ذِكْرُ يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

3285 ـ وحدّثني عَبْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ أَبِي بَكْرٍ الْمُقَدّمِيّ. قالاَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّحْمَـنِ بْنُ مَهْدِيَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنِ الأَعْمَشِ بِهَـذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَ حَدِيثِ ابْنِ مُسْهِرٍ وَوَكِيعٍ. إِلاّ قَوْلَهُ «مَنْ تَوَلّى غَيْرَ مَوَالِيهِ» وَذِكْرَ اللّعْنَةِ لَهُ.

3286 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ الْجُعْفِيّ عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «الْمَدِينَةُ حَرَمٌ. فَمَنْ أَحْدَثَ فِيهَا حَدَثاً أَوْ آوَى مُحْدِثاً فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَدْلٌ وَلاَ صَرْفٌ».

3287 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ النّضْرِ بْنِ أَبِي النّضْرِ. حَدّثَنِي أَبُو النّضْرِ. حَدّثَنِي عُبَيْدُ اللّهِ الأَشْجَعِيّ عَنْ سُفْيَانَ، عَنِ الأَعْمَشِ بِهَـذَا الأَسْنَادِ، مِثْلَهُ. وَلَمْ يَقُلْ «يَوْمَ الْقِيَامَةِ» وَزَادَ «وَذِمّةُ الْمُسْلِمِينَ وَاحِدَةٌ. يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ. فَمَنْ أَخْفَرَ مُسْلِماً فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ. لاَ يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَدْلٌ وَلاَ صَرْفٌ».

ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، بىز پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرئان بىلەن مۇشۇ ۋاراقتىكى نەرسىنىلا يېزىۋالغان ئىدۇق، بۇنىڭدا دىيەت تۆگىلىرىنىڭ يېشى ۋە جاراھەت ئىشلىرى باردۇر، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئەير دېگەن جايىدىن باشلاپ، سەۋر دېگەن جايغىچە بولغان ئارىلىقى ھارامدۇر، كىم مەدىنىدە گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ، بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى دىندا ئەقىدە، ئىبادەت جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلغۇچى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ، ھىمايە قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى پەرىز، ياكى نەپلە ئىبادىتىنى، تۆۋبە ۋە

فىديەلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىمۇ ئۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، بۇزۇش ياكى ۋاپا قىلىشتا ھوقۇقدا ئىگە، كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇپتىسە، خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرىز، نەپلە ئىبادەتنى، تۆۋىسىنى، پىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بېرىپ، دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىنىم دەپ داۋا قىلىپ، ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بەرسە، (ياكى ئەھدىسىنى بۇزۇپ، دۇست بولغان كىشىلەرنى باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خەۋىرىسىز،رۇخسىتىسىز دۇست بولسا) ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرىز ۋە نەپلە، تۆۋبە، پىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3288 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَن ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ كَانَ يَقُولُ: لَوْ رَأَيْتُ الظِّبَاءَ تَرْتَعُ بِالْمَدِينَةِ مَا ذَعَرْتُهَا. قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا حَرَامٌ».
3289 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ وَ عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. قالَ إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ. حَدّثَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: حَرّمَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا بَيْنَ لاَبَتَيِ الْمَدِينَةِ. قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ: فَلَوْ وَجَدْتُ الظِّبَاءَ مَا بَيْنَ لاَبَتَيْهَا مَا ذَعَرْتُهَا. وَجَعَلَ اثْنَيْ عَشَرَ مِيلاً، حَوْلَ الْمَدِينَةِ، حِمىً.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەگەر مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ئارلىقىدا بىرەر كىيىكنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنى ھەرگىز چۆچىتىۋەتمەيمەن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چېتى، ئىككى ساي ئارىسىنى هارام قىلدى .مەدىنە ئەتراپىدىن 12 مىلنى (هارام قىلغان جاينىڭ)چېگراسى قىلىپ بەردى. (يەنى مەدىنىدىن هارام قىلىنىدىغان جاي ئۇنىڭدىن 12مىل يەنى 20 كىلومېتىرئەتراپىدا كېلىدۇ).

3290 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ (فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ) عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: كَانَ النّاسُ إِذَا رَأَوْا أَوّلَ الثّمَرِ جَاءُوا بِهِ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَإِذَا أَخَذَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي ثَمَرِنَا. وَبَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا. وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا. وَبَارِكْ لَنَا فِي مُدّنَا اللّهُمّ إِنّ إِبْرَاهِيمَ عَبْدُكَ وَخَلِيلُكَ وَنَبِيّكَ. وَإِنّي عَبْدُكَ وَنَبِيّكَ. وَإِنّهُ دَعَاكَ لِمَكّةَ. وَإِنّي أَدْعُوكَ لِلْمَدِينَةِ. بِمِثْلِ مَا دَعَاكَ لِمَكّةَ. وَمِثْلِهِ مَعَهُ». قَالَ: ثُمّ يَدْعُو أَصْغَرَ وَلِيدٍ لَهُ فَيُعْطِيهِ ذَلِكَ الثّمَرَ.
3291 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ الْمَدَنِيّ عَنْ سُهَيْلِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يُؤْتَى بِأَوّلِ الثّمَرِ فَيَقُولُ «اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا وَفِي ثِمَارِنَا وَفِي مُدّنَا وَفِي صَاعِنَا بَرَكَةً مَعَ بَرَكَةٍ». ثُمّ يُعْطِيهِ أَصْغَرَ مَنْ يَحْضُرُهُ مِنَ الْوِلْدَانِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، كىشىلەر تۇنجى قېتىم پىشقان مېۋىنى كۆرسە، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كېلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ،ئى ئاللاھ، بىز ئۈچۈن مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىز ئۈچۈن مېۋىلىرىمىزگە، جىڭ، تارازا، سىر ـ مىسقاللىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن سىلىنىڭ بەندىللىرى، خەلىيل، يېقىن دوستلىرى، پەيغەمبەرلىرى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ، سىلىگە دۇئا قىلغان ئىدى، سىلىنىڭ بەندىللىرى ۋە ئەلچىلىرى بولغان مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ مەدىينە ئەھلى ئۈچۈن، ئۇلارغا جىلىڭ، تارازا، س ا ـ مىسقاللىرىدا، مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتكە ئوخشاش بەرىكەت ئاتا قىلىشلىرىغا، بىر بەرىكەت بىلەن بىرگە يەنە ئىككى بەرىكەتنى ئاتا قىلىشلىرىغا، سىلىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن، دەيتتى. ئاندىن باللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكىنى چاقىرىپ، ئۇ مېۋىنى بىرەتتى.

## 594 – باب الترغيب في سكنى المدينة، والصبر على لأوائها

## مەدىينىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋرە قىلىپ چىداپ،مەدىينىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

3292 ـ حدّثنا حَمّادُ بْنُ إِسْمَاعِيلَ بْنِ عُلَيّةَ. حَدّثَنَا أَبِي عَنْ وُهَيْبٍ، عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي إِسْحَقَ أَنّهُ حَدّثَ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ مَوْلَى الْمَهْرِيّ أَنّهُ أَصَابَهُمْ بِالْمَدِينَةِ جُهْدٌ وَشِدّةٌ. وَأَنّهُ أَتَى أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. فَقَالَ لَهُ: إِنّي كَثِيرُ الْعِيَالِ. وَقَدْ أَصَابَتْنَا شِدّةٌ. فَأَرَدْتُ أَنْ أَنْقُلَ عِيَالِي إِلَى بَعْضِ الرّيفِ. فَقَالَ أَبُو سَعِيدٍ: لاَ تَفْعَلِ. الْزَمِ الْمَدِينَةَ. فَإِنّا خَرَجْنَا مَعَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم (أَظُنّ أَنّهُ قَالَ) حَتّى قَدِمْنَا عُسْفَانَ. فَأَقَامَ بِهَا لَيَالِيَ. فَقَالَ النّاسُ: وَاللهِ مَا نَحْنُ هَهُنَا فِي شَيْءٍ. وَإِنّ عِيَالَنَا لَخُلُوفٌ. مَا نَأْمَنُ عَلَيْهِمْ. فَبَلَغَ ذَلِكَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ «مَا هَذَا الّذِي بَلَغَنِي مِنْ حَدِيثِكُمْ؟ (مَا أَدْرِي كَيْفَ قَالَ) وَالّذِي أَحْلِفُ بِهِ، أَوْ وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ هَمَمْتُ أَوْ إِنْ شِئْتُمْ (لاَ أَدْرِي أَيّتَهُمَا قَالَ) لآمُرَنّ بِنَاقَتِي تُرْحَلُ. ثُمّ لاَ أَحُلّ لَهَا عُقْدَةً حَتّى أَقْدَمَ الْمَدِينَةَ». وَقَالَ «اللّهُمّ إِنّ إِبْرَاهِيمَ حَرّمَ مَكّةَ فَجَعَلَهَا حَرَماً. وَإِنّي حَرّمْتُ الْمَدِينَةَ حَرَاماً مَا بَيْنَ مَأْزِمَيْهَا. أَنْ لاَ يُهْرَاقَ فِيهَا دَمٌ. وَلاَ يُحْمَلَ فِيهَا سِلاَحٌ لِقِتَالٍ، وَلاَ تُخْبَطَ فِيهَا شَجَرَةٌ إِلاّ لِعَلْفٍ. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي مُدّنَا. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي مُدّنَا. اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا. اللّهُمّ اجْعَلْ مَعَ الْبَرَكَةِ بَرَكَتَيْنِ وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا مِنَ الْمَدِينَةِ شِعْبٌ وَلاَ نَقْبٌ إِلاّ عَلَيْهِ مَلَكَانِ يَحْرُسَانِهَا حَتّى تَقْدَمُوا إِلَيْهَا». (ثُمّ قَالَ لِلنّاسِ) «ارْتَحِلُوا» فَارْتَحَلْنَا. فَأَقْبَلْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ. فَوَالّذِي نَحْلِفُ بِهِ أَوْ يُحْلَفُ بِهِ (الشّكّ مِنْ حَمّادٍ) مَا وَضَعْنَا رِحَالَنَا حِينَ دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ حَتّى أَغَارَ عَلَيْنَا بَنُو عَبْدِ اللّهِ بْنِ غَطَفَانَ. وَمَا يَهِيجُهُمْ قَبْلَ ذَلِكَ شَيْءٌ.

3293 ـ 3294 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ عُلَيّةَ عَنْ عَلِيّ بْنِ الْمُبَارَكِ. حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ. حَدّثَنَا أَبُو سَعِيدٍ مَوْلَى الْمَهْرِيّ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ : «اللّهُمّ بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَمُدّنَا. وَاجْعَلْ مَعَ الْبَرَكَةِ بَرَكَتَيْنِ».

ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادكەردە قۇلى مەھرىيگە مەدىينىدە قاتتىق قىيىنچىلىق يېتىدۇ، ئاندىن ئۇكىلىپ؛ مىنىڭ ئەھلى باللىرىم بەك كۆپ، بىزگە قىيىنچىلىق يېتىپ قالدى، مەن ئەھلىمنى ئېلىپ رىيف دېگەن جايغا يۆتكىلەيمىكىن دېدى، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛سەن ئۇنداق قىلماي، مەدىينىدە تۇرىۋۇرگىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىپ، ئۇسپان دىگەن جايدا بىر نەچچە كېچە تۇرۇپ قالدۇق، كىشىلەر؛ بىز بۇ جايدا ھېچ ئىش قىلالمىدۇق، بىز بۇجايدا نىمە ئىش قىلىمىز؟ ئەھلىللىرىمىز ئارقىمىزدا قالدى، بىز ئۇلاردىن خاتىرجەم بولالمايمىز دېدى، بۇسۆزلەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە مۇنداق دىگەن: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا، يول ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە تۇرۇپ، تاكى سىلەر مەدىنىگە كىرگەنگە قەدەر پوستا تۇرۇپ ساقلايدۇ، مەدىينىنى قوغدايدۇ، ئاندىن كۆچۈڭلار! دېدى، بىز سەپەرگە چىقىپ، مەدىينىگە قايتىپ كەلدۇق، قەسەم قىلىنىدىغان زات **الله** بىلەن قەسەمكى، بىز

مەدىنىگە كىرگەن چاغدىلا، تېخى يۈك ـ تاقلىلىرىمىزنى قويماي تۇرساق، غەتەفان جەمەتى بىزگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنى شۇنىڭدىن بۇرۇن(يەنى بىز كىلىشىمىزدىن بۇرۇن) ھۇجۇم قىلىشقا نىمە قىززىقتۇرالمىغاندۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ھۇجۇم قىلمىغاندۇ؟ ئۇلارنى زادى بۇنىڭدىن نىمە توسۇپ تۇرغاندۇ؟(يەنى پەرىشتىلەرنىڭ قوغدىشى) رەسۇلۇللاھ ؛ ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ مەسجىد ھەرەم قىلدى، ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چەتتىكى سايلىق ئارىسىنى ھارام قىلدىم، مەدىنىنىدە قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قۇرال كۆتۈرۈلمەيدۇ، دەل ـ دەرەخ،گۈل ــ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ، پەقەت ھايۋان ھەلەپلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئى ئاللاھ، بىز ئۈچۈن مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىز ئۈچۈن جىلىڭ، تارازا، سە، مىسقاللىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ئى ئاللاھ، بىر بەرىكەت بىلەن قوشۇپ يەنە ئىككى بەرىكەتنى بىللە ئاتا قىلسىلا، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا، يول، ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە تۇرۇپ، تاكى سىلەر مەدىنىگە كىرگەنگە قەدەر پوستا تۇرۇپ ساقلايدۇ، قوغدايدۇ،دېگەن دېدى.

3295 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ، عَنْ أَبي سَعِيدٍ مَوْلَى الْمَهْرِيّ أَنّهُ جَاءَ أَبَا سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ، لَيَالِي الْحَرّةِ فَاسْتَشَارَهُ فِي الْجَلاَءِ مِنَ الْمَدِينَةِ. وَشَكَا إِلَيْهِ أَسْعَارَهَا وَكَثْرَةَ عِيَالِهِ. وَأَخْبَرَهُ أَنْ لاَ صَبْرَ لَهُ عَلَى جَهْدِ الْمَدِينَةِ وَلأْوَائِهَا. فَقَالَ لَهُ: وَيْحَكَ لاَ آمُرُكَ بِذٰلِكَ، إِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَصْبِرُ أَحَدٌ عَلَى لأْوَائِهَا فَيَمُوتَ، إِلاّ كُنْتُ لَهُ شَفِيعاً أَوْ شَهِيداً يَوْمَ الْقِيَامَةِ، إِذَا كَانَ مُسْلِماً».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشى مەدىنىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلىرىغا، ئاچارچىلىقلىرىغا، كەسپىنىڭ قىيىن بولۇشىغا، مۇسىبەتلىرىگە، ئېغىر كۈنلىرىگە سەۋرى قىلىپ، چىداپ تۇرالىسا، ئۇمۇسۇلمان بولسىلا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشىگە شاپائەتچى بولىمەن ياكى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىمەن.تىرمىزى 3859 ــ، ئەھمەد 7527 ــ.

3296 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ وَ أَبُو كُرَيْبٍ. جَمِيعاً عَنْ أَبي أُسَامَةَ (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ وَابْنِ نُمَيْرٍ) قَالاَ: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ عَنِ الْوَلِيدِ بْنِ كَثِيرٍ. حَدّثَنِي سَعِيدُ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَـٰنِ بْنِ أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ أَنّ عَبْدَ الرّحْمَـٰنِ حَدّثَهُ عَنْ أَبِيهِ أَبي سَعِيدٍ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: إِنّي حَرّمْتُ مَا بَيْنَ لاَبَتَيِ الْمَدِينَةِ. كَمَا حَرّمَ إِبْرَاهِيمُ مَكّةَ» قَالَ: ثُمّ كَانَ أَبُو سَعِيدٍ يَأْخُذُ (وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: يَجِدُ) أَحَدَنَا فِي يَدِهِ الطّيْرُ، فَيَفُكّهُ مِنْ يَدِهِ، ثُمّ يُرْسِلُهُ.

سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ئىككى تەرەپ ئارىسىنى (ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنى، ئوۋلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى) ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك، ھارام قىلىدىم. ئاندىن بىزنىڭ بىرىمىز قۇشنى قولىدا تۇتۇپ بولۇپ مۇشۇ ھەدىسنىڭ جەھتىدىن ئۇنى قويۇپ بىرەتتى.

3297 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ عَنِ الشّيْبَانِيّ، عَنْ يُسَيْرِ بْنِ عَمْرٍو، عَنْ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ قَالَ: أَهْوَىٰ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِيَدِهِ إِلَى الْمَدِينَةِ فَقَالَ: «إِنّهَا حَرَمٌ آمِنٌ».

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولى بىلەن مەدىنىنە تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ شەھەر ھارام قىلىنغاندۇر، تىنچ ـ ئاماندۇر».

3298 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدَةُ عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَهِيَ وَبِئَةٌ. فَاشْتَكَى أَبُو بَكْرٍ وَاشْتَكَى بِلاَلٌ. فَلَمّا رَأَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَكْوَى أَصْحَابِهِ قَالَ: اللّهُمّ حَبّبْ إِلَيْنَا الْمَدِينَةَ كَمَا حَبّبْتَ مَكّةَ أَوْ أَشَدّ. وَصَحّحْهَا. وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِهَا وَمُدّهَا. وَحَوّلْ حُمّاهَا إِلَى الْجُحْفَةِ».
3299 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ. حدّثَنَا أَبُو أُسَامَةَ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ بِهَـذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، ئەبۇبەكرى بىلەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قىزىتما كېسەل بولۇپ قالدى، مەن كىلىپ بۇئىشنى رەسۇلۇللاھقاخەۋەر قىلسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله ! بىزگە مەدىنىنى، مەككىنى ياخشى كۆرسەنكەندەك، ياخشى كۆرسەتكىن، مەككىنى ياخشى كۆرگىنىمىزدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن، ئۇنىڭ ھاۋاسىنى ساپ، كىشىلىرىنى ساق ـ سالامەت قىلغىن، بىزگە ئۇنىڭ سا، مۇد، جىلىك ـ تارازىلىرىدا بەركەت ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭدىكى قىزىتما كېسەلنى يۆتكەپ، جۇھپەتكە قىلىپ قويغىن » دەپ دۇئا قىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 595 ــــ باب الترغيب في سكنى المدينة وفضل الصبر على لأوائها وشدتها

3300 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عُثْمَانُ بْنُ عُمَرَ. أَخْبَرَنَا عِيسَى بْنُ حَفْصِ بْنِ عَاصِمٍ. حَدّثَنَا نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ صَبَرَ عَلَى لأْوَائِهَا، كُنْتُ لَهُ شَفِيعاً أَوْ شَهِيداً يَوْمَ الْقِيَامَةِ».
3301 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ قَطَنِ بْنِ وَهْبِ بْنِ عُوَيْمِرِ بْنِ الأَجْدَعِ، عَنْ يُحَنّسَ مَوْلَى الزّبَيْرِ أَخْبَرَهُ أَنّهُ كَانَ جَالِساً عِنْدَ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ فِي الْفِتْنَةِ. فَأَتَتْهُ مَوْلاَةٌ لَهُ تُسَلّمُ عَلَيْهِ. فَقَالَتْ: إِنّي أَرَدْتُ الْخُرُوجَ، يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ اشْتَدّ عَلَيْنَا الزّمَانُ. فَقَالَ لَهَا عَبْدُ اللّهِ: اقْعُدِي. لَكَاعِ فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «لاَ يَصْبِرُ عَلَى لأْوَائِهَا وَشِدّتِهَا أَحَدٌ، إِلاّ كُنْتُ لَهُ شَهِيداً أَوْ شَفِيعاً يَوْمَ الْقِيَامَةِ».
3302 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ. أَخْبَرَنَا الضّحّاكُ عَنْ قَطَنٍ الْخُزَاعِيّ، عَنْ يُحَنّسَ مَوْلَى مُصْعَبٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ صَبَرَ عَلَى لأْوَائِهَا وَشِدّتِهَا، كُنْتُ لَهُ شَهِيداً أَوْ شَفِيعاً يَوْمَ الْقِيَامَةِ (يَعْنِي الْمَدِينَةَ).
3303 ـ3304 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعاً عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ، عَنِ الْعَلاَءِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَـنِ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «لاَ يَصْبِرُ عَلَى لأْوَاءِ الْمَدِينَةِ وَشِدّتِهَا أَحَدٌ مِنْ أُمّتِي، إِلاّ كُنْتُ لَهُ شَفِيعاً يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَوْ شَهِيداً». وحدّثنا ابْنُ أَبِي عُمَرَ. حَدّثَنَا سُفْيَانُ عَنْ أَبِي هَـرُونَ مُوسَى بْنِ أَبِي عِيسَىَ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا عَبْدِ اللّهِ الْقَرّاظَ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ: رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِمِثْلِهِ.
3305 ـ وحدّثنا يُوسُفُ بْنُ عِيسَىَ. حَدّثَنَا الْفَضْلُ بْنُ مُوسَىَ. أَخْبَرَنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ صَالِحِ بْنِ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ يَصْبِرُ أَحَدٌ عَلَى لأْوَاءِ الْمَدِينَةِ» بِمِثْلِهِ.

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشى مەدىنىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلىرىغا، ئاچارچىلىقلىرىغا، كەسپىنىڭ قىيىن بولۇشىغا، مۇسىبەتلىرىگە، ئېغىر كۈنلىرىگە سەۋرى قىلىپ، چىداپ تۇرالىسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشىگە شاپائەتچى بولىمەن ياكى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىمەن. مۇسلىم دىسكا 2448 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3859 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7527 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 596 ـــ باب صيانة المدينة من دخول الطاعون والدجال إليها

## مەدىنىنىڭ ۋابا كېسەللىدىن، دەججالدىن ساقلىنىپ قېلىشى توغرىسىدا

3306 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ نُعَيْمِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ قالَ: قالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «عَلَى أنْقَابِ الْمَدِينَةِ مَلاَئِكَةٌ لاَ يَدْخُلُهَا الطّاعُونُ وَلاَ الدّجّالُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ھەربىر يول، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر بار بولۇپ، مەدىنىگە ۋابا كېسىلى كىرەلمەيدۇ، دەججالمۇ كىرەلمەيدۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم،تىرمىزى، سەھەھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، مەدىنىدە راستىنلا ۋابا كېسىلى يۈز بەرمىدى، ھەم بەرمەيدۇ،يەئجۇج ـ مەئجۇج بىلەن دەججال كىرەلمەيدۇ.

3307 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ أيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. جَمِيعاً عَنْ إسْمَاعِيلَ بْنِ جَعْفَرٍ. أخْبَرَنِي الْعَلاَءُ عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يَأْتِي الْمَسِيحُ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ. هِمّتُهُ الْمَدِينَةُ. حَتّى يَنْزِلَ دُبُرَ أحُدٍ. ثُمّ تَصْرِفُ الْمَلاَئِكَةُ وَجْهَهُ قِبَلَ الشّامِ. وَهُنَالِكَ يَهْلِكُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسىھ دەججال كۈن چىقىش تەرەپتىن مەدىنىنى مەخسەت قىلىپ كېلىپ، ئوھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى يۆنىلىشىنى شام تەرەپكە چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ شۇ چاغدا شۇجايدا ھالاك بولىدۇ، يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ جايدا ئۆلتۈرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم.

## 597 ـــ باب المدينة تنفي شرارها مەدىنە ئۆزىدىكى يامان كىشىلەرنى تازىلاپ يۇقتىدۇ،دېگەن توغرىسىدا

3308 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّرَاوَرْدِيّ) عَنِ الْعَلاَءِ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «يَأْتِي عَلَى النّاسِ زَمَانٌ يَدْعُو الرّجُلُ ابْنَ عَمّهِ وَقَرِيبَهُ: هَلُمّ إلَى الرّخَاءِ هَلُمّ إلَى الرّخَاءِ وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. وَالّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لاَ يَخْرُجُ مِنْهُمْ أحَدٌ رَغْبَةً عَنْهَا إلاّ أخْلَفَ اللّهُ فِيهَا خَيْراً مِنْهُ. ألاَ إنّ الْمَدِينَةَ كَالْكِيرِ، تُخْرِجُ الْخَبِيثَ. لاَ تَقُومُ السّاعَةُ حَتّى تَنْفِيَ الْمَدِينَةُ شِرَارَهَا. كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاغىسىنىڭ باللىرىنى يېقىن تۇغقانلىرىنى كەڭچىلىككە كېلىڭلار، باياشات تۇرمۇشقا كېلىڭلار! دەپ چاقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلسە مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، جېنىم ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرەر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ چىقىپ كەتسە، ئاللاھتائالا مەدىنىگە ئۇ چىقىپ كەتكەن كىشىدىن ياخشىراق كىشىنى ئىز باسار، خەلىپە قىلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەدىنە نىجىس كىرلارنى تازىلايدىغان كورەك ئوتىغا ئوخشايدۇ، خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك مەدىنە ئۆزىدىكى يامان كىشلەرنى تازىلاپ يوقاتمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

**3309 –3310 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ (فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ) عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا الْحُبَابِ سَعِيدَ بْنَ يَسَارٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «أُمِرْتُ بِقَرْيَةٍ تَأْكُل الْقُرَى. يَقُولُونَ يَثْرِبَ. وَهِيَ الْمَدِينَةُ. تَنْفِي النّاسَ كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مەن باشقا شەھەر، يېزىلارنى يەپ كېتىدىغان يەنى ئىشغال قىلىۋالىدىغان شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، كىشىلەر ئۇ جاينى يەسرىب دىيىشىدۇ، ئۇ بولسا، مەدىينە بولىدۇ، مەدىينە كىشىلەرنى خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلىغاندەك،پاك ـ پاكىز تازىلايدۇ. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم

**3311 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى. قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنْ مُحَمّدِ بْنِ الْمُنْكَدِرِ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ أَعْرَابِيّاً بَايَعَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَأَصَابَ الأَعْرَابِيّ وَعَكٌ بِالْمَدِينَةِ. فَأَتَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «يَا مُحَمّدُ أَقِلْنِي بَيْعَتِي. فَأَبَى رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ جَاءَهُ فَقَالَ: أَقِلْنِي بَيْعَتِي. فَأَبَى. ثُمّ جَاءَهُ فَقَالَ: أَقِلْنِي بَيْعَتِي. فَأَبَى. فَخَرَجَ الأَعْرَابِيّ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّمَا الْمَدِينَةُ كَالْكِيرِ. تَنْفِي خَبَثَهَا وَيَنْصَعُ طَيّبُهَا».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىرئەئرابىي كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە بەيئەت قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا مەدىينىدە قىزىتما كېسەل يەتتى، ئاندىن ھېلىقى ئەئرابىي كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن بەيئىتىڭنى بۇزۇپ، بىكار قىلىۋەتكىن دىدى، رەسۇلۇللاھ بەيئەتنى بۇزغىلى ئۇنىمىدى، ئاندىن يەنە شۇنداق دىسە ، يەنە ئۇنىمىدى، ئاندىن ھېلىقى ئەئرابىي ئۈچۈنجى قېتىم كېلىپ؛ ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن بەيئىتىڭنى بۇزۇپ، بىكار قىلىۋەتكىن دىدى، رەسۇلۇللاھ يەنە بەيئەتنى بىكار قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇكىشى مەدىينىدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ھەقىقەتەن مەدىينە كۆرەككە ئوخشاش، ئۆزىدىن پاسىقلىق، مەئسىيەت ، مۇناپىقلىقنى تازىلاپ يوقىتىدۇ، نىجىسلىرى يوقۇلۇپ، پاك ــ پاكىز ياخشىللىرى ئايرىلىپ ، قېلىپ قالىدۇ،دىدى. مۇسلىم 2453 ــ ھەدىس، بۇخارى 6777 ــ ھەدىس، 6676 ــ ھەدىس، تىرمىزى 3855 ــ ھەدىس، مالىك 1377 ــ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3312 ـ وحدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ (وَهُوَ الْعَنْبَرِيّ) حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا شُعْبَةُ عَنْ عَدِيَ (وَهُوَ ابْنُ ثَابِتٍ) سَمِعَ عَبْدَ اللّهِ بْنَ يَزِيدَ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ، عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «إِنّهَا طَيْبَةُ (يَعْنِي الْمَدِينَةَ) وَإِنّهَا تَنْفِي الْخَبَثَ كَمَا تَنْفِي النّارُ خَبَثَ الْفِضّةِ».**

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھەقىقەتەن مەدىينە پاك ـ پاكىز قىلغۇچى تەييىبەتتۇر، ئۇ نىجىس كىشىلەرنى خۇددى ئوت (تۆمۈرنىڭ)كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلىغاندەك تازىلاپ، پاك پاكىز قىلىۋېتىدۇ، يەنى مەدىينىدىن ئۇلارنى چىقىرۋېتىدۇ.بەيھەقى، نەسەئىمۇ توپلىغان،

**3313 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ هَنّادُ بْنُ السّرِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. قَالُوا: حَدّثَنَا أَبُو الأَحْوَصِ عَنْ سِمَاكٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «إِنّ اللّهَ تَعَالَى سَمّى الْمَدِينَةَ طَابَةَ».**

جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەدىنىنى تابەت دەپ ئاتىدى، (تابەت؛ پاك ــ پاكىز مەنىسىدە)، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى سەھىھ.

## 598 ــ باب من أراد أهل المدينة بسوء أذابه الله

## مەدىنە ئەھلىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىنى اللہ تائالا خۇددى سۇنى تۇزدا ئېرىتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ،دېگەن توغرىسىدا

3314 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ. ح وَحَدّثَنِي مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق كِلاَهُمَا عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. أَخْبَرَنِي عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يُحَنّسَ عَنْ أَبِي عَبْدِ اللّهِ الْقَرّاظ أَنّهُ قالَ: أَشْهَدُ عَلَىَ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّهُ قَالَ: قَالَ أَبُو الْقَاسِمِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَرَادَ أَهْلَ هَذِهِ الْمَدِيْنَةِ بِسُوءٍ (يَعْنِي الْمَدِينَةَ) أَذَابَهُ اللّهُ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ».

3315 ـ3316 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ وَ إِبْرَاهِيمُ بْنُ دِينَارٍ. قالاَ: حَدّثَنَا حَجّاجٌ. ح وَحَدّثَنِيهِ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاق. جَمِيعاً عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ. قَالَ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ يَحْيَى بْنِ عُمَارَةَ أَنّهُ سَمِعَ الْقَرّاظَ (وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ أَبِي هُرَيْرَةَ) يَزْعُمُ أَنّهُ سَمِعَ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ أَرَادَ أَهْلَهَا بِسُوءٍ (يُرِيدُ الْمَدِينَةَ) أَذَابَهُ اللّهُ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ».
قَالَ ابْنُ حَاتِمٍ، فِي حَدِيثِ ابْنِ يُحَنّسَ، بَدَلَ قَوْلِهِ بِسُوءٍ: شَرّاً.

3317 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا حَاتِمٌ (يَعْنِي ابْنَ إِسْمَاعِيلَ) عَنْ عُمَرَ بْنِ نُبَيْهٍ. أَخْبَرَنِي دِينَارٌ الْقَرّاظُ قَالَ: سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «مَنْ أَرَادَ أَهْلَ الْمَدِينَةِ بِسُوءٍ، أَذَابَهُ اللّهُ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنە ئەھلىگە يامانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى خۇددى تۇزنى سۇدا ئېرىتىۋەتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ،(يەنى ھالاك قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە. مەككە ــ مەدىنىدىكى باشلىقلار بۇ ھەدىسنى بىلەمدىغاندۇ؟

3318 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ (يَعْنِي ابْنَ جَعْفَرٍ) عَنْ عُمَرَ بْنِ نُبَيْهٍ الْكَعْبِيّ، عَنْ أَبِي عَبْدِ اللّهِ الْقَرّاظِ أَنّهُ سَمِعَ سَعْدَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ «بِدَهْمٍ أَوْ سُوءٍ».

3319 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُوسَىَ. حَدّثَنَا أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ أَبِي عَبْدِ اللّهِ الْقَرّاظِ قَالَ: سَمِعْتُهُ يَقُولُ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ وَ سَعْداً يَقُولاَنِ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «اللّهُمّ بَارِكْ لاِءَهْلِ الْمَدِينَةِ فِي مُدّهِمْ» وَسَاقَ الْحَدِيثَ. وَفِيهِ «مَنْ أَرَادَ أَهْلَهَا بِسُوءٍ أَذَابَهُ اللّهُ كَمَا يَذُوبُ الْمِلْحُ فِي الْمَاءِ».

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنە ئەھلىگە يامانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى خۇددى تۇزنى سۇدا ئېرىتىۋەتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ مەدىنە ئەھلىگە ھىيلە ــ مىكىر قىلغان ھەرقانداق بىر كىشى، خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك، ئېرىپ، ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەقىقەتنى مەككە ـ مەدىنىنىڭ باشلىقى بىلەمدىغاندۇ؟!!

## 599 ــ باب الترغيب في المدينة عند فتح الأمصار شەھەرلەر ئىشغال قىلىنغاندىمۇ مەدىنىدە مۇقىم تۇرۇش توغرىسىدا

3320 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا وَكِيعٌ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ سُفْيَانَ بْنِ أَبِي زُهَيْرٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «تُفْتَحُ الشّامُ. وَيَخْرُجُ مِنَ الْمَدِينَةِ قَوْمٌ بِأَهْلِيهِمْ. يُبِسّونَ وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. ثُمّ تُفْتَحُ الْيَمَنُ. فَيَخْرُجُ مِنَ الْمَدِينَةِ قَوْمٌ بِأَهْلِيهِمْ. يَبِسّونَ. وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. ثُمّ يُفْتَحُ الْعِرَاقُ فَيَخْرُجُ مِنَ الْمَدِينَةِ قَوْمٌ بِأَهْلِيهِمْ. يَبِسّونَ. وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ».

سوفيان ئىبنى ئەبۇ زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەمەن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشىلەرنى مەدىنىدىن

چىقىرىۋېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلار ئەھلىلىرىنى مال ــ مۈلۈكلىرىنى ئۈزلىرىگە ئەتائەت قىلغان كىشىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، شام ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلى باللىرى، مال ــ مۈلكى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشلەر بىلەن بىرگە مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، ئىراق ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، كىشلەر ئەھلىلىرىنى،مال ــ مۈلكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئەگەشكەن كىشلەرنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر، مالىك، بەيھەقى، ئەھمەد 20908 ــ ھەدىس

**3321 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ. حَدّثنا عَبْدُ الرّزّاق. أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ. أخْبَرَنِي هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ عَنْ أبيهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ الزّبَيْرِ، عَنْ سُفْيَانَ بْنِ أبي زُهَيْرٍ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «يُفْتَحُ الْيَمَنُ فَيَأْتِي قَوْمٌ يَبِسّونَ. فَيَتَحَمّلُونَ بأَهْلِيهِمْ وَمَنْ أطَاعَهُمْ. وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. ثُمّ يُفْتَحُ الشّامُ فَيَأْتِي قَوْمٌ يَبُسّونَ فَيَتَحَمّلُونَ بِأَهْلِيهِمْ وَمَنْ أطَاعَهُمْ. وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ. ثُمّ يُفْتَحُ الْعِرَاقُ فَيَأْتِي قَوْمٌ يُبِسّونَ. فَيَتَحَمّلُونَ بِأَهْلِيهِمْ وَمَنْ أطَاعَهُمْ. وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ».**

سوفيان ئىبنى ئەبۇ زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: يەمەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىشكە قىززىقتۇرىدۇ، ئۇلار ئەھلىلىرىنى، مال ــ مۈلۈكلىرىنى ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، شام ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلى باللىرى، مال ــ مۈلكى ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشلەر بىلەن بىرگە مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدى ىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، ئىراق ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشلەرنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، كىشلەر ئەھلىلىرىنى،مال ــ مۈلكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئەگەشكەن كىشلەرنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن بەك ياخشىدۇر. مالىك، بەيھەقى،بۇخارى، ئەھمەد 20908 ــ ھەدىس، مۇسلىم دىسكا 2460 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 600 ــ *باب في المدينة حين يتركها أهلها* مەدىنە ئەھلى ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن چاغ توغرىسىدا

**3322 ـ حدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنا أبُو صَفْوَانَ عَنْ يُونُسَ بْنِ يَزِيدَ. ح وَحَدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ) أخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ. أخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، لِلْمَدِينَةِ: «لَيَتْرُكَنّهَا أهْلُهَا عَلَىَ خَيْرِ مَا كَانَتْ مُذَلّلَةً لِلْعَوَافِي» يَعْنِي السّبَاعَ وَالطّيْرَ.**
**قَالَ مُسْلِمٌ: أبُو صَفْوَانَ هَذَا هُوَ عَبْدُ اللّهِ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ. يَتِيمُ ابْنِ جُرَيْجٍ عَشْرَ سِنِينَ. كَانَ فِي حَجْرِهِ.**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر مەدىنىنى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا بويسۇندۇرۇلغان پېتى قالدۇرۇدۇ ، ئۇنى پەقەت يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلار، گۆشخور قۇشلار قورشايدۇ.

3323 ـ وحدّثني عَبْدُ المَلِكِ بْنُ شُعَيْبِ بْنِ اللّيْث. حَدّثَنِي أَبِي عَنْ جَدّي. حَدّثَنِي عُقَيْلُ بْنُ خَالِدٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّهُ قَالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «لاَ يَتْرُكَنّ الْمَدِينَةَ عَلَىَ خَيْرِ مَا كَانَتْ. لاَ يَغْشَاهَا إلاّ الْعَوَافِي (يُرِيدُ عَوَافِي السّبَاعِ وَالطّيْرِ) ثُمّ يَخْرُجُ رَاعِيَانِ مِنْ مُزَيْنَةَ. يُرِيدَانِ الْمَدِينَةَ. يَنْعِقَانِ بِغَنَمِهِمَا. فَيَجِدَانِهَا وَحْشاً. حَتّىَ إِذَا بَلَغَا ثَنِيّةَ الْوَدَاعِ، خَرّا عَلَىَ وُجُوهِهِمَا».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ياكى كىشىلەر مەدىنىنى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتىدە قالدۇرۇسىلەر، ئۇنى پەقەت يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلار، قۇشلار قورشايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا توپلىنىدىغان كىشى بولسا، مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى پادىچىدۇر، ئۇلار مەدىنىنى ئىرادە قىلىپ قويلىرىغا ئاۋاز قىلىشىپ كېلىدۇ، مەدىنىنى كىشىلەردىن خالى، قۇپقۇرۇق ۋەھشى، قورقۇنۇشلۇق تاپىدۇ، ھەتتا، ئۇلار سىنىيەتولۋادا دېگەن جايغا كەلگەندە، يۈزلىرىچە دۈم چۈشۈپ يەر چىشلەيدۇ، ئەھمەد 6895، بەيھەقى.

## 601 ـــــ باب ما بين القبر والمنبر روضة من رياض الجنة

3324 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، فِيمَا قُرِىءَ عَلَيْهِ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ عَبّادِ بْنِ تَمِيمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدٍ الْمَازِنِيّ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا بَيْنَ بَيْتِي وَمِنْبَرِي رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنّةِ».

3325 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ. أَخْبَرَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ بْنُ مُحَمّدٍ الْمَدَنِيّ عَنْ يَزِيدَ بْنِ الْهَادِ، عَنْ أَبِي بَكْرٍ، عَنْ عَبّادِ بْنِ تَمِيمٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ زَيْدٍ الأَنْصَارِيّ أَنّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ «مَا بَيْنَ مِنْبَرِي وَبَيْتِي رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنّةِ».

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر.ئەھمەد،بەيھەقى،نەسەئى، تىرمىزى.

3326 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ و مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. قَالاَ: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ خُبَيْبِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ حَفْصِ بْنِ عَاصِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَا بَيْنَ بَيْتِي وَمِنْبَرِي رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنّةِ. وَمِنْبَرِي عَلَىَ حَوْضِي».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر، مۇنبىرىم بولسا، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۈستىدىدۇر، (مەنىسى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى، مانا بۇ جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر، ياكى مۇشۇ جاي ئۆزىدە قىلىنغان ئىبادەت، ئىلىم ئارقىلىق شۇ باغقا سەۋەب بولىدۇ ياكى جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى سەھىھ.

## 602 ـــــ باب أحد جبل يحبنا ونحبه

3327 ـ حدّثنا عَبْدُ اللّهِ بْنُ مَسْلَمَة، الْقَعْنَبِيّ. حَدّثَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ عَنْ عَمْرو بْنِ يَحْيَىَ، عَنْ عَبّاس بْنِ سَهْلٍ السّاعِدِيّ، عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ. وَفِيهِ: ثُمّ أَقْبَلْنَا حَتّىَ قَدِمْنَا وَادِيَ الْقُرَىَ. فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّي مُسْرِعٌ. فَمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ فَلْيُسْرِعْ مَعِي. وَمَنْ شَاءَ فَلْيَمْكُثْ». فَخَرَجْنَا حَتّىَ أَشْرَفْنَا عَلَىَ الْمَدِينَةِ. فَقَالَ: «هَذِهِ طَابَةُ. وَهَذَا أُحُدٌ. وَهُوَ جَبَلٌ يُحِبّنَا وَنُحِبّهُ».

ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقىپ.......ئۇرۇشتىن قايتىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يېزىغا كەلگەندە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن تېزراق ماڭىمەن، سىلەردىن خالىغان كىشى مەن بىلەن بىللە تېز ماڭسۇن، خالىغان كىشى ئالدىرىماي ماڭسۇن. بىز چىقىپ، مەدىنىنى كۆرگەندە:«بۇ مەدىنە تابەت دېگەن شۇ. (يەنى پاك جاي، ھەم پاك ـ پاكىز تازىلايدۇ)، ئۇ ئوھۇد تېغى بولسا، بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى.

3328 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ. حَدّثَنَا أَبِي. حَدّثَنَا قُرّةُ بْنُ خَالِدٍ عَنْ قَتَادَةَ. حَدّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ أُحُداً جَبَلٌ يُحِبّنَا وَنُحِبّهُ».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئوھۇد بىزنى ياخشى كۆرىدىغان تاغدۇر، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، بەيھەقى . مانا بۇ بىزنىڭ كائىنات بىلەن بولغان باغلىنىشىمىز، مۇئامىلە قىلىشىمىز، مۇھەببەت قوغدىشىمىز قاتارلىقلار.

3329 ـ وَحَدّثَنِيهِ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ. حَدّثَنِي حَرَمِيّ بْنُ عُمَارَةَ. حَدّثَنَا قُرّةُ عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ أَنسٍ قَالَ: نَظَرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إِلَىَ أُحُدٍ فَقَالَ: «إِنّ أُحُداً جَبَلٌ يُحِبّنَا وَنُحِبّهُ».

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوھۇد بىزنى ياخشى كۆرىدىغان تاغ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، سەھلىدىن. تىرمىزى ئەنەستىن. ئەھمەد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، سۇۋەيد ئىبنى ئامىر ئەنسارىدىن. ئەبۇلقاسىم ئىبنى بەشەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە يەرشارىنى، مۇھەببەتنى، ئىسلامى ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

## 603 ـــ باب فضل الصلاة بمسجدي مكة والمدينة

## مەككە ـ مەدىنىدىكى ئىككى مەسجىدتە ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

3330 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لِعَمْرو) قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. قَالَ: «صَلاَةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا، خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سِوَاهُ، إِلاّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ».

3331 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ (قَالَ عَبْدٌ: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «صَلاَةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا، خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِي غَيْرِهِ مِنَ الْمَسَاجِدِ، إِلاّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مەدىنىدىكى مۇشۇ مەسجىدىمدىكى بىرناماز، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى 1000 نامازدىن ياخشىدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (مەسجىد ھەرەمدىكى بىر ناماز، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى 100000 نامازدىن ئەۋزەلدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىز، نەسەئى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان سەھىھ.

3332 ـ3333 ـ3334 ـ حدّثني إسْحَقُ بْنُ مَنْصُورِ. حَدّثنَا عِيسَى بْنُ الْمُنْذِرِ الْحِمْصِيّ. حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثنَا الزّبَيْدِيّ عَنَ الزّهْرِيّ، عَنْ أَبي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، و أَبي عَبْدِ اللّهِ الأغَرّ مَوْلَى الْجُهَنِيّينَ (وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ أَبي هُرَيْرَةَ) أَنّهُمَا سَمِعَا أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: صَلاَةٌ فِي مَسْجِدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سِوَاهُ مِنَ الْمَسَاجِدِ، إلاّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ. فَإِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم آخِرُ الأَنْبِيَاءِ، وَإِنّ مَسْجِدَهُ آخِرُ الْمَسَاجِدِ».
قَالَ أَبُو سَلَمَةَ وَأَبُو عَبْدِ اللّهِ: لَمْ نَشُكّ أَنّ أَبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يَقُولُ عَنْ حَدِيثِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَمَنَعَنَا ذَلِكَ أَنْ نَسْتَثْبِتَ أَبَا هُرَيْرَةَ عَنْ ذَلِكَ الْحَدِيثِ. حَتّى إذَا تُوُفّيَ أَبُو هُرَيْرَةَ، تَذَاكَرْنَا ذَلِكَ. وَتَلاَوَمْنَا أَنْ لاَ نَكُونَ كَلّمْنَا أَبَا هُرَيْرَةَ هَلْ رَفَعَهُ أَوْ سَمِعَهُ فِي ذَلِكَ حَتّى يُسْنِدَهُ إلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. إنْ كَانَ سَمِعَهُ مِنْهُ. فَبَيْنَا نَحْنُ عَلَى ذَلِكَ، جَالَسَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إبْرَاهِيمَ بْنِ قَارِظٍ. فَذَكَرْنَا ذَلِكَ الْحَدِيثَ. وَالّذِي فَرّطْنَا فِيهِ مِنْ نَصّ أَبي هُرَيْرَةَ عَنْهُ. فَقَالَ لَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ إبْرَاهِيمَ: أَشْهَدُ أَنّي سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «فَإِنّي آخِرُ الأَنْبِيَاءِ، وَإِنّ مَسْجِدَهِ آخِرُ الْمَسَاجِدِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى1000 نامازدىن ئەۋزەل، ھەقىقەتەن مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ھەقىقەتەن مېنىڭ مەسجىدىم، بارلىق مەسجىدلەرنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەر مەسجىدىنىڭ) ئاخىرقىسىدۇر. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3335 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. قَالاَ: حَدّثنَا يَحْيَى (وَهُوَ الْقَطّانُ) عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. قَالَ: أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «صَلاَةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا، أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سِوَاهُ إلاّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ».
3336 ـ3337 ـ3338 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبي شَيْبَةَ. حَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثنَاهُ ابْنُ نُمَيْرٍ حَدّثنَا أَبي. ح وَحَدّثنَاهُ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى. حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ. كُلّهُمْ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ بِهَذَا الأَسْنَادِ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئىبنى ماجە، مۇسلىم قاتارلىقلار، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، مەيمۇنە، جۇبەيىر، سەئىد، ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان

3339 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ رُمْحٍ. جَمِيعاً عَنِ اللّيْثِ بْنِ سَعْدٍ. قَالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثنَا لَيْثٌ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ إبْرَاهِيمَ بْنِ عَبْدِ اللّهِ بْنِ مَعْبَدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ عَنْ مَيْمُونَةَ أَنّهُ قَالَ: إنّ امْرَأَةً اشْتَكَتْ شَكْوَى. فَقَالَتْ: إنْ شَفَانِي اللّهُ لأَخْرُجَنّ فَلأُصَلّيَنّ فِي بَيْتِ الْمَقْدِسِ. فَبَرَأَتْ. ثُمّ تَجَهّزَتْ تُرِيدُ الْخُرُوجَ. فَجَاءَتْ مَيْمُونَةَ زَوْجَ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، تُسَلّمُ عَلَيْهَا. فَأَخْبَرَتْهَا ذَلِكَ. فَقَالَتِ لَهَا مَيْمُونَةَ: إجْلِسِي فَكُلِي مَا صَنَعْتِ. وَصَلّي فِي مَسْجِدِ الرّسُولِ صلى الله عليه وسلم. فَإِنّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «صَلاَةٌ فِيهِ أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلاَةٍ فِيمَا سِوَاهُ مِنَ الْمَسَاجِدِ، إلاّ مَسْجِدَ الْكَعْبَةِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، مەيمۇنە، جۇبەيىر، سەئىد، ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ؛بىر ئايال قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئەگەر **الله** تائالا ماڭا شىپالىق ئاتا قىلسا، مەن چىقىپ، بەيتۇلمۇقەددەستە ناماز ئۇقۇيمەن دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئايال ساقىيىپ، شۇجايغا بېرىشقا تەييارلىق قىلىپ، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كېلىپ، سالام

قىلىپ، بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىدۇ، مەيمۇنەرەزىيەللاھۇ ئەنھائۇنىڭغا؛ سەن ئۆز ئورنىڭدا ئولتۇرۇپ، تەييارلىغان نەرسەڭنى ئۆزۈڭ يەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىدە ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇداق دېگەنلىكى ئاڭلىغان ئىدىم؛« مېنىڭ مۇشۇمەسجىدىمدىكى بىر ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەلدۇر.»

## 604ـ باب لا تشدّ الرحال إلا إلى ثلاثة مساجد پەقەت ئۈچ مەسجىدلا زىيارەت قىلىنىدۇ،دېگەن توغرىسىدا

3340 ـ حدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. جمِيعاً عَنِ ابْنِ عُيَيْنَةَ. قالَ عَمْرٌو: حَدّثنَا سُفْيَانُ عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدٍ، عَنْ أبي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم: «لاَ تُشَدّ الرّحَالُ إلاّ إلَى ثَلاَثَةِ مَسَاجِدَ: مَسْجِدِي هَذَا، وَمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَمَسْجِدِ الأقْصَى».
3341 ـ وحدّثناه أبُو بَكْر بْنُ أبي شَيْبَة. حَدّثنَا عَبْدُ الأعْلَى عَنْ مَعْمَرٍ، عَنِ الزّهْرِيّ بِهَذَا الأسْنَادِ. غَيْرَ أنّهُ قالَ: «تُشَدّ الرّحَالُ إلَى ثَلاَثَةِ مَسَاجِدَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىدىغان ئۇلاغلار پەقەت ئۈچ مەسجىدگە كىرىش ئۈچۈنلا باغلانسا بولىدۇ، ئۇلاردىن باشقىسىغا باغلانمايدۇ، ئۇلار مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، مەسجىدۇلئەقسادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. باشقا مەسجىدگە ياكى قەبرىستانلىققا ياكى بىرەر جايغا زىيارەت،تاۋاپ ئۈچۈن مەخسۇس يىغىلىپ، توپلۇشۇپ ھېيت قىلىۋېلىپ، ياخشىلىقنى تىلەپ، يامانلىقدىن پاناھ تىلەپ، ئۇلۇغلاپ بارسا، شېرىك بولىدۇ.

3342 ـ وحدّثنا هَرُونُ بْنُ سَعِيدٍ الأيْلِيّ. حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ. حَدّثنِي عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ أنّ عِمْرَانَ بْنَ أبي أنَسٍ حَدّثهُ أنّ سَلْمَانَ الأغَرّ حَدّثهُ أنّهُ سَمِعَ أبَا هُرَيْرَةَ يُخْبِرُ أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «إنّمَا يُسَافرُ إلَى ثَلاَثَةِ مَسَاجِدَ: مَسْجِدِ الْكَعْبَةِ، وَمَسْجِدِي، وَمَسْجِدِ إيلِيَاءَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئ ەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەقەت ئۈچ مەسجىدكىلا سەپەر قىلىنىدۇ؛(مىنىدىغان ئۇلىغىڭلارنى پەقەت ئۈچ مەسجىدگە كىرىش ئۈچۈنلا باغلىساڭلار بولىدۇ، ئۇندىن باشقىسىغا باغلىماڭلار)، مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، ئىيلىيائ مەسجىدى يەنى مەسجىدۇلئەقسادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 605 ـــ باب بيان أن المسجد الذي أسس على التقوى هو مسجد النبيّ صلى الله عليه وسلم بالمدينة

### تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى مەسجىدىدۇر،دېگەن توغرىسىدا

3343 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ حُمَيْدٍ الْخَرّاطِ قالَ: سَمِعْتُ أبَا سَلَمَةَ بْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ قالَ: مَرّ بي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ. قالَ: قُلْتُ لَهُ: كَيْفَ سَمِعْتَ أبَاكَ يَذْكُرُ فِي الْمَسْجِدِ الّذِي أُسّسَ عَلَى التّقْوَى؟ قالَ: قالَ أبي: دَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي بَيْتِ بَعْضِ نِسَائِهِ. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ أيّ الْمَسْجِدَيْنِ الّذِي أُسّسَ عَلَى التّقْوَى؟ قالَ: فَأخَذَ كَفّاً مِنْ حَصْبَاءَ فَضَرَبَ بِهِ الأرْضَ. ثُمّ قالَ: «هُوَ مَسْجِدُكُمْ هَذَا» (لِمَسْجِدِ الْمَدِينَةِ) قالَ فَقُلْتُ: أشْهَدُ أنّي سَمِعْتُ أبَاكَ هَكَذَا يَذْكُرُهُ.
3344 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبي شَيْبَةَ وَ سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو الأشْعَثِيّ (قالَ سَعِيدٌ: أخْبَرَنَا. وَقالَ أبُو بَكْرٍ: حَدّثنَا حَاتِمُ بْنُ إسْمَاعِيلَ) عَنْ حُمَيْدٍ عَنْ أبي سَلَمَةَ، عَنْ أبي سَعِيدٍ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ. وَلَمْ يَذْكُرْ عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ أبي سَعِيدٍ فِي الإِسْنَادِ.

ئەبۇ سەلەمەت مۇنداق دەيدۇ؛ يېنىمدىن ئەبۇسەئىدرەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇررەھمان ئۆتۈپ قالدى، مەن ئۇنىڭدىن، سەن داداڭنىڭ تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد توغرىسىدا نىمە دېگەنلىكى ئاڭلىدىڭ؟دەپ

سورسام، ئۇ ؛دادام مۇنداق دېگەن ئىدى؛ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا كىرىپ؛ ئى ئاللە نىڭ ئەلچىسى! ئىككى مەسجىدنىڭ قايسىسى تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان؟دەپ سورسام، رەسۇلۇللاھ بىرچاڭگال ئۇششاق تاشنى ئېلىپ يەرگە ئۇرىۋېتىپ؛ تەقۋالىق ئاساسىغا سېلىنغان مەسجىد سىلەرنىڭ مۇشۇ مەسجىدىڭلاردۇر،دېدى.يەنى مەدىنىدىكى مەسجىدتۇر، ئاياللىنىڭ ئۆيىمۇ شۇجايدا ئىدى. ئاندىن مەن؛ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەنمۇ داداڭنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ئاڭلىغان دېدىم.

## 606 ــ باب فضل مسجد قباء، وفضل الصلاة فيه وزيارته

## قۇبا مەسجىدىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭغا ناماز ئۇقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

3345 ـ حدّثنا أَبُو جَعْفَرٍ أَحْمَدُ بْنُ مَنِيعٍ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ. حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَزُورُ قُبَاءً، رَاكِباً وَمَاشِياً.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەر شەمبە كۈنى) قۇبا مەسجىدىگە پىيادە ۋە ئۇلاغلىق كېلىپ زىيارەت قىلاتتى.

3346 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ. حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ وَ أَبُو أُسَامَةَ عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ. ح وَحَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّه بْنِ نُمَيْرٍ. حدثنا أبي. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: كَانَ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم يأْتِي مَسْجِدَ قُبَاءٍ، رَاكِباً ومَاشِياً. فيصَلّى فِيهِ رَكْعَتَين. قال أَبُو بَكْرٍ فِي رِوَايَتِهِ: قالَ ابنُ نُمَيْرٍ: فَيُصَلّى فِيهِ رُكْعَتَيْن.

3347 ـ 3348 ـ 3349 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ المُثنّى. حَدّثَنَا يَحْيَى. حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ. أَخْبَرَنِي نَافِعٌ عَن ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَأْتِي قُبَاءً، رَاكِباً وَمَاشِياً.

3350 ـ وحدثنا يَحيَى بْنَ أَيوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ. قالَ ابْنُ أَيوبَ: حدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ. أَخْبَرَنِي عَبْدُ الله بن دِينارٍ أَنّهُ سَمِعَ عَبْدَ الله بنَ عُمَرَ يَقُولُ: كَانَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم يَأْتِي قُبَاءً، رَاكِباً وَمَاشِياً.

3351 ـ وحدثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ دِينَارٍ أَنّ ابْنَ عُمَرَ كَانَ يَأْتِي قُبَاءً كُلّ سَبْتٍ. وكَانَ يَقُولُ: رَأَيْتُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم يَأْتِيهِ كُلّ سَبْتٍ.

3352 ـ3353 ـ وحدّثناه ابْنُ أَبِي عُمَرَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ دِينَارٍ، عَنْ عَبْدِ الله بْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم كَانَ يَأْتِي قُبَاءً، يَعْنِي كُلّ سَبْتٍ، كَانَ يَأْتِيهِ رَاكِباً وَمَاشِياً. قال ابنُ دِينَارٍ: وَكَانَ ابنُ عُمَرَ يَفْعَلُهُ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر شەمبە كۈنى قۇبا مەسجىدىگە پىيادە ۋە ئۇلاغلىق كېلىپ ، ئىككى رەكئەت ناماز ئۇقۇيتتى. ئۇمۇ شۇنداق قىلغان.بۇخارى،مۇسلىم.

# 17 ــــ كتاب النكاح　نىكاھنىڭ كىتابى

## 607 ــــ باب استحباب النكاح لمن تاقت نفسه إليه ووجد مؤنة، واشتغال من عجز عن المؤن بالصوم

**توي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، تويلۇققا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ توي قىلىشنىڭ مۇستەھەپلىكى، تويلۇققا قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ روزا تۇتۇشى توغرىسىدا**

**3354 ـ 3355 ـ حدثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ مُحَمّدُ بْنُ العَلاءِ الهَمْدَانِيّ. جَمِيعاً عَنْ أَبِي مُعَاوِيَةَ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى). أَخْبَرَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ: كُنْتُ أَمْشِي مَعَ عَبْدِ اللهِ بِمِنىً، فَلَقِيَهُ عُثْمَانُ، فَقَامَ مَعَهُ يُحَدّثُهُ. فَقَالَ لَهُ عُثْمَانُ: يَا أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ أَلا نُزَوّجُكَ جَارِيَةً شَابّةً، لَعَلّهَا تُذَكّرُكَ بَعْضَ مَا مَضَى مِنْ زَمَانِكَ. قَالَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ: لَئِنْ قُلْتَ ذَاكَ، لَقَدْ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا مَعْشَرَ الشّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ البَاءَةَ فَلْيَتَزَوّجْ، فَإِنّهُ أَغَضّ لِلْبَصَرِ، وَأَحْصَنُ لِلْفَرجِ، وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصّوْمِ، فَإِنّهُ لَهُ وِجَاءٌ».**

ئەلقەمەت مۇنداق دەيدۇ؛ مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مىنادا كېتىۋاتسام، ئۇنىڭغا ئوسمان ئۇچۇرشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ توردى، ئاندىن ئۇنىڭغا؛ ئى ئەبۇئابدۇررەھمان!بىز ساڭا ياش قىزچاقتىن بىرنى ئېلىپ بەرمەيلىمۇ؟ ئۇ ساڭا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىڭنىڭ بەزىسىنى ئەسلىتىشى مۇمكىن دېدى، ئاندىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛سەن بۇنى دەپ قالدىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگەمۇنداق دېگەن: ئى ياشلار گورۇھى! سىلەردىن كىم توي قىلىشقا قادىر بولسا  توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى ھارامدىن يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنىمۇ ھارامدىن ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى، روزا تۇتۇش، ئۇ كىشى ئۈچۈن قالقاندۇر، گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب.

**3356 ـ 3357 ـ 3358 حدثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ: قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ، عَنِ الأَعْمَشِ، عَنْ عُمَارَةَ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ، عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ: قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «يَا مَعْشَرَ الشّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ البَاءَةَ فَلْيَتَزَوّجْ، فَإِنّهُ أَغَضّ لِلْبَصَرِ، وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ، وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ، فَعَلَيْهِ بِالصّوْمِ، فَإِنّهُ لَهُ وِجَاءٌ».**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ياشلار گورۇھى! سىلەردىن كىم توي قىلىشقا قادىر بولسا  توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى ھارامدىن يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنىمۇ ھارامدىن ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى، روزا تۇتۇش، ئۇ كىشى ئۈچۈن قالقاندۇر، گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان.

**3359 ـ وَحَدّثَنِي  أَبُو بَكْرِ بْنُ نَافِعٍ العَبْدِيّ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: حَدّثَنَا حَمّادُ بْنُ سَلَمَةَ، عَنْ ثَابِتٍ، عَنْ أَنَسٍ أَنّ نَفَراً مِنْ أَصْحَابِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم سَأَلُوا أَزْوَاجَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَنْ عَمَلِهِ فِي السّرّ؟ فَقَالَ بَعْضُهُمْ: لاَ أَتَزَوّجُ النّسَاءَ. وَقَالَ بَعْضُهُمْ: لاَ آكُلُ اللّحْمَ. وَقَالَ بَعْضُهُمْ: لاَ أَنَامُ عَلَى فِرَاشٍ، فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ فَقَالَ «مَا بَالُ أَقْوَامٍ قَالُوا كَذَا وَكَذَا؟ لَكِنّي أُصَلّي وَأَنَامُ، وَأَصُومُ وَأُفْطِرُ، وَأَتَزَوّجُ النّسَاءَ، فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنّتِي فَلَيْسَ مِنّي».**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ئۈچ نەپەر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ نەپلە ئىبادىتى توغرىسىدا سورايدۇ،ئۇلارغا خەۋەر قىلىنغاندا ، ئۇلار  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ نەپلە ئىبادىتىنى بەكلا ئاز ساناپ،بىز دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە نىسبەتەن قەيەردە؟ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا؟(بىز قانچىلىك كىشىلەر ئىدۇق؟)دېيىشىپ،      بىرسى ؛ مەن مەڭگۈ كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ ئۇخلىمايمەن دېسە، يەنە بىرسى؛مەن پۈتۈن زامان روزا تۇتۇپ،كۈندىزى تاماق يېمەيمەن، گۆش يېمەيمەن دەيدۇ.يانابىرسى؛مەن ئاياللاردىن ئايرىلىپ، مەڭگۈ توي قىلمايمەن دەيدۇ.ئاندىن  رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم خۇتبىسىدە **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى؛ كىشىلەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار مۇنداق ــ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ، (يەنى بىزمۇ ناسارالارغا، پوپلارغا ئوخشاش ئايال كىشىنى ئالمايمىز، كېچىسى ئۇخلىمايمىز، دائىم روزا تۇتىمىز) دەپتۇ، لېكىن، مەن نامازمۇ ئوقۇيمەن، ھەم كېيىن ئۇخلايمەن، روزىمۇ تۇتىمەن، ھەم يەيمەن، ئاياللار بىلەن توي قىلىمەن، كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مەندىن ئەمەس.ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى. بۇ ھەدىسدىن توي قىلىش سۈننەت ئىكەن، سۈننەتتىن قەستەن يۈز ئۆرىسە، باشقا يولغا كىرىۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇ كۇپرىلىقنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ، يۈز ئۆرىۋالماي، سۈننەتنى، ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، سەۋەب بىلەن ئۆزرە بىلەن ئىلىم، ئىبادەت، جىھادنى كۆزلەپ قىلالمىسا، گۇناھ يوق، سۈننەتنى قىلسا ساۋاب بار، يۈز ئۆرىمەي مەسخىرە قىلماي، باشقىلارنىڭ يولىغا كىرىۋالماي، قىلالماسلىقتا گۇناھ يوق، مەندىن ئەمەس دېگىنى، مېنىڭ يولۇمدا ئەمەس، سۈننىتىمدە، ئەخلاقىمدا ئەمەس دېگەن بولىدۇ، بۇنى بىز يۇقىرىدا كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق، مەخسەت، بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ دېيىلىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، توغرا چۈشۈنۈش لازىم، ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى بولغاندەك، ھەدىسنىڭمۇ دېيىلىش سەۋەبى بار، مەخسۇس كىتاپمۇ باردۇر. سىلەر مۇسلىمنىڭ شەرھىسىگە قاراڭلار، ئۇنىڭدا توي قىلىشنىڭ سۈننەت، مۇستەھەپلىكى، مەكروھلىقىمۇ باردۇر.

**3360 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الله بْنُ المُبَارَكِ. ح وَحَدّثَنَا أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ العَلاَءِ (واللّفْظُ لَهُ): أَخْبَرَنَا ابْنُ المُبَارَكِ، عَنْ مَعْمَرٍ، عَنْ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ المُسَيّبِ، عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقّاصٍ قَالَ: رَدّ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَلَى عُثْمَانَ بْنِ مَظْعُونٍ التّبَتّلَ، لَوْ أَذِنَ لَهُ، لاَخْتَصَيْنَا.**

**3361 ـ وحدّثني أَبُو عِمْرَانَ مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرِ بْنِ زِيَادٍ: حَدّثَنَا إِبْرَاهِيمُ بْنُ سَعْدٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ المُسَيّبِ قَالَ: سَمِعْتُ سَعْداً يَقُولُ: رُدّ عَلَى عُثْمَانَ بْنِ مَظْعُونٍ التّبَتّلُ، وَلَوْ أَذِنَ لَهُ لاَخْتَصَيْنَا.**

**3362 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا حُجَيْنُ بْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا لَيْثٌ، عَنْ عُقَيْلٍ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ أَنّهُ قَالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيّبِ: أَنّهُ سَمِعَ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقّاصٍ يَقُولُ: أَرَادَ عُثْمَانُ بْنُ مَظْعُونٍ أَنْ يَتَبَتّلَ، فَنَهَاهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، وَلَوْ أَجَازَ لَهُ ذَلِكَ، لاَخْتَصَيْنَا.**

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تويسىز تۇل ئۆتۈشنى رەت قىلدى، ئەگەر ئۇنىڭغا تويسىز تۇل ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە بىز ئۆزىمىزنى پىشتۇرىۋەتكەن بولاتتۇق. بۇخارى، مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن.توي قىلىش بەزىدە ۋاجىپ بولسا، بەزىدە سۈننەت ، بەزىدە مۇباھ بولىدۇ، بەزىدە مەكرۇھ ھەتتا ھارام بولىدىغان چاغمۇ باردۇر، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى؛ نىكاھ يەنى توي قىلىش مىنىڭ سۈننىتىم دېگەن، بارلىق ئالىملار؛سۈننەتنى قىلسا مۇكاپات باردۇر، مەلۇم سەۋەپ، ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوقتۇر دېگەن، تۆت مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك؛ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن توي قىلىش ياكى قىلماسلىق شۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى، توي قىلىشنى، ئاياللار ئەرگە تېگىشنى، ئەرلەر بىردىن تۆتكىچە ئايال كىشىنى ئادىللىق بىلەن ئېلىشنى **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسى دېدى، ئەگەر بىركىشى ئىلىم،ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈنلا توي قىلماي ئۆمرى ئۆتۈپ كەتسە، بۇ دۇرۇس دېدى، ئەبۇھەنىيپە رەھ توي قىلىش ئەبزەل دېدى، باشقا ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرى؛ توي قىلىشتىن ئىلىم،ئىبادەت،جىھاد ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش ئەبزەل دېدى، قۇرئاندىكى تۇللارنى ئۆيلەپ قويۇشقا بولغان بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈن ئىكەن، چۈنكى قۇرئاندا ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنسۇخ بولمىغان، ئەمەلدىن قالمىغان ئىشلىرىغا ئىقتىدا قىلىپ ئىيسلىشقا بۇيرۇلغان، ئەيسا،يەھيا،مەريەم، ئەسھابۇلكەھپى قاتارلىق ئەلەيھىمۇسسالاملار، بىر قىسىم ساھابىلار، جۈملىدىن ئائىشەئانىمىز بىلەن بوھتانغا قالغان ساھابە رەز ، شۇچاغدىكى بىر قىسىم تۇللار، تابىئىنلار دەۋرىدە بىر قىسىم

كىشىلەر، خۇسۇسەن رابىئە ، ئىبراھىم ئەدھەم قاتارلىقلار، ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئىمام غەززالى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا،(بۇكىشى ئىھيائىتا نىكاھنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى تەڭ كەلتۈرۈپ، مۆتىدىل،ئوتتۇرھال ھۆكۈم قىلىپ، نىكاھتا پايدا بولسا،توي قىل، زىيانلا بولسا، توي قىلما، ھەر ئىككىلىسى تەڭ مەۋجۇد بولسا، قەلبىڭگە قاراپ ئىش قىل دېگەن) پەيلاسوپ پارابىي، ھەتتا ئىمام مۇھەددىس مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى، ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن مەشھۇر شېھىد سەييىدى قۇتۇپ، تالىبانلارنىڭ مەلۇم رەھبەرلىرى ۋە باشقىلار قەتتى توي قىلمىغان، ئۆزىنى ھەق ئۈچۈن، ئىلىم ـ ئىبادەت،جىھاد ئۈچۈنلا ئاتىغان، مەن بۇ سۆزلەرنى ھەرقايسى تەپسىر كىتاپلىرىدىن، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن، تەپسىرمۇنىير،(سۈرە كەھپىدە بار) تەنتاۋىيلاردىن، سەھىھ ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ شەرھىسىدىن، پەتھۇلبارى، مىرقات، ۋەباشقىلاردىن، ئابدۇرەھمان جەزىرىينىڭ تۆت مەزھەپ پىقھىسى دېگەن كىتابىدىن، ۋە باشقا پىقھى، ئۇسۇل كىتاپلىرىدىن ئالدىم. شېھىد ئابدۇاللە ئەززام رەھ «سۈرە تۆۋبىنىڭ سايىسىدا» دېگەن تەپسىرىنىڭ 70 ـ سەھىپىسىدە ؛«شېھىد سەييىد قۇتۇق پەقەت توي قىلمىغان»دەپ يازغاندۇر.سىزمۇ تەتقىق قىلىپ كىتاپ كۆرۈڭ.

## *608 ـــــ باب ندب من رأى امرأة، فوقعت في نفسه إلى أن يأتي امرأته أو جاريته فيواقعه*

**بىرەر ئايالنى كۆرۈپ ھەيران قالغان كىشىنىڭ دەرھال ئۆز ئايالى بىلەن بىللە بولۇشى توغرىسىدا**

**3363 ـ حدّثنا عَمْرُو بْنُ عَلِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ الأَعْلَى: حَدّثَنَا هِشَامُ بْنُ أَبِي عَبْدِ اللّهِ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنْ جَابِرٍ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم رَأَى امْرَأَةً، فَأَتَى امْرَأَتَهُ زَيْنَبَ، وَهِيَ تَمْعَسُ مَنِيئَةً لَهَا، فَقَضَى حَاجَتَهُ، ثُمّ خَرَجَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ: «إِنّ الْمَرْأَةَ تُقْبِلُ فِي صُورَةِ شَيْطَانٍ، وَتُدْبِرُ فِي صُورَةِ شَيْطَانٍ، فَإِذَا أَبْصَرَ أَحَدُكُمُ امْرَأَةً فَلْيَأْتِ أَهْلَهُ، فَإِنّ ذَلِكَ يَرُدّ مَا فِي نَفْسِهِ».**

**3364 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الصّمَدِ بْنُ عَبْدِ الْوَارِثِ. حَدّثَنَا حَرْبُ بْنُ أَبِي الْعَالِيَةِ. حَدّثَنَا أَبُو الزّبَيْرِ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ أَنّ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم رَأَى امْرَأَةً. فَذَكَرَ بِمِثْلِهِ. غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَأَتَى امْرَأَتَهُ زَيْنَبَ وَهِيَ تَمْعَسُ مَنِيئَةً، وَلَمْ يَذْكُرْ: تُدْبِرُ فِي صُورَةِ شَيْطَانٍ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى كۆرۈپ، ئاندىن ئايالى زەينەپنىڭ قېشىغا بېرىپ ـ ئۇ ئاشلانغان تېرىنى تاتلاپ ئادالاۋاتقان ئىكەن ـ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ساھابىللىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئارقىسىنى قىلىپ كېتىدۇ، بىرىڭلار بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، قەلبىگە چۈشۈپ قالسا، دەرھال ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئايالى بىلەن بىللە بولسۇن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، بىرىڭلارنىڭ قەلبىدىكى، كۆڭلىدىكى نەرسىنى يەنى ئاشۇ ھەيرانلىقنى، ئارزۇ ــ ئۈمۈدنى قايتۇرۇپ، يوق قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3365 ـ وحدّثني سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ. حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ. حَدّثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ قَالَ: قَالَ جَابِرٌ: سَمِعْتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «إِذَا أَحَدُكُمْ أَعْجَبَتْهُ الْمَرْأَةُ، فَوَقَعَتْ فِي نَفْسِهِ فَلْيَأْتِ أَهْلَهُ، فَلْيَعْمِدْ إِلَى امْرَأَتِهِ فَلْيُوَاقِعْهَا[1] فَإِنّ ذَلِكَ يَرُدّ مَا فِي نَفْسِهِ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، قەلبىگە چۈشۈپ قالسا، دەرھال ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئايالى بىلەن بىللە بولسۇن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، بىرىڭلارنىڭ قەلبىدىكى، كۆڭلىدىكى نەرسىنى يەنى ئاشۇ ھەيرانلىقنى، ئارزۇ ــ ئۈمۈدنى قايتۇرۇپ يوق قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئالدىنى قىلىپ كەلسە، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە كېلىدىكەن،

بىرىڭلار بىرەر ئايالنى توساتتىن كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، دەرھال ئۇ كېچە ــ كۈندۈز دىمەي ئۆز ئايالىنىڭ قېشىغا بارسۇن، ھەقىقەتەن ئۆز ئايالىنىڭ قېشىدىكى نەرسە، شۇ ھەيران قالدۇرغان ئايالدىكى نەرسىگە ئوخشاشتۇر، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 609 ـــــ باب نكاح المتعة وبيان أنه أبيح ثم نسخ، ثم أبيح ثم نسخ، واستقر تحريمه إلى يوم القيامة

## ۋاقىتلىق نىكاھنىڭ دەسلەپتە دۇرۇس قىلىنىپ، ئاندىن ئەمەلدىن قېلىپ تا قىيامەت كۈنىگىچە ھارام بولۇشى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، سەۋدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېشى چوڭىيىپ قېرىپ كەتكەندە، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىدىن ماڭا يېتىدىغان ئۆز نۆۋىتىمدىكى كۈنۈمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بىرەي دېدى،شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنى بىلەن سەۋدەتنىڭ كۈننى قوشۇپ ئىككى كۈننى تەقسىم قىلاتتى. بۇخارى،مۇسلىم.

3588 ـ3589 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ: حدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ، عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قالَتْ: كُنْتُ أغَارُ عَلَى اللاّتِي وَهَبْنَ أنْفُسَهُنّ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. وَأقُولُ: وَتَهَبُ الْمَرْأةُ نَفْسَهَا؟ فَلَمّا نَزَلَ قَوْلَهُ تَعَالَى: {تُرْجِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُنّ وتُؤْوِي إلَيْكَ مَنْ تَشَاءُ وَمَنِ ابْتَغَيْتَ مِمّنْ عَزَلْتَ} (33الأحزاب الآية:51 ) قالَتْ قُلْتُ: وَاللّهِ مَا أرَى رَبّكَ إلاّ يُسَارِعُ لَكَ فِي هَوَاكَ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ مەن؛ ئايال كىشىمۇ ئۆزىنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتەمدۇ؟ دەپ، ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە ئاتاپ بېرىۋەتكەن ئاياللاردىن كۈندەشلىك قىلاتتىم، الله تائالا« ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). سۈرە ئەھزاب 51 ـ ئايەتنى نازىل قىلغاندا؛ مەن سىلىنىڭ رەببىللىرىنىڭ سىلى ئارزۇ قىلغان ھەۋەس، ھىسياتلىرىغىمۇ تىزلا يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆردۈم دېدىم.بۇخارى،مۇسلىم.

3590 ـ حدّثنا إسْحَقُ بْنُ إبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ. قالَ مُحَمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ بَكْرٍ، أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي عَطَاءٌ قَالَ: حَضَرْنَا، مَعَ ابْنِ عَبّاسٍ، جَنَازَةَ مَيْمُونَةَ، زَوْجِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، بِسَرِفَ. فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: هَذِهِ زَوْجُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَإذَا رَفَعْتُمْ نَعْشَهَا فَلاَ تُزَعْزِعُوا، وَلاَ تُزَلْزِلُوا، وَارْفُقُوا، فَإنّهُ كَانَ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم تِسْعٌ، فَكَانَ يَقْسِمُ لِثَمَانٍ وَلاَ يَقْسِمُ لِوَاحِدَةٍ. قالَ عَطَاءٌ: الّتِي لاَ يُقْسِمُ لَهَا صَفِيّةُ بِنْتُ حُيَيّ بْنِ أخْطَبَ. 3591 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ و عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ. جَمِيعاً عَنْ عَبْدِ الرّزّاقِ عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ بِهَذَا الأسْنَادِ. وَزَادَ: قالَ عَطَاءٌ: كَانَتْ آخِرَهُنّ مَوْتاً. مَاتَتْ بِالْمَدِينَةِ.

ئاتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ ىبز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە سەرىپ دېگەن جايدا مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتۇق، ئۇ؛بۇئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالىدۇر، ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەندە، قاتتىق تەۋرىتىۋەتمەڭلار،ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا قوپاللىق قىلماڭلار، ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە، مېھرىبانلىق بىلەن ئېلىپ مېڭىڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى، ئۇلاردىن سەككىزگە ئۆزىنى تەقسىم قىلىپ، بىرسىگە تەقسىم قىلمايتتى، (ئەشۇ ئايال مۇشۇ بولىشى مۇمكىن )دېدى. ئاتائ رەھ مۇنداق دەيدۇ؛ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنى تەقسىم قىلمايدىغان ئايالىنىڭ سەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىكەنلىك خەۋىرى يەتتى، ئۇ مەدىنىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتتى. رەزىين مۇنداق دەيدۇ؛ ئەتائتىن باشقىلار؛ ئۇ تەقسىم قىلىنمىغان ئايال سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قويىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇ؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۆز نۆبىتىمدىكى كۈنىمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا اغا ئۆتۈنۈپ بىرەي، مىنى قول ئىلكىڭلىرىدە ئېلىپ قالسىلا، مەن سىلىنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىرىدىن بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن شۇنى ئۈمۈت قىلىمەن دەپ،ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن،بۇ يۇقىردا ئۆتكەندەك ئەڭ سەھىھتۇر،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

## 645 ــ *باب استحباب نكاح ذات الدين* دىنىدا كامىل تەقۋا ئايالنى ئېلىش توغرىسىدا

**3592 ـ حدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ سَعِيدٍ: قالُوا: حَدّثَنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ، عَنْ عُبَيْدِ اللّهِ، أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ أَبِي سَعِيدٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لأَرْبَعٍ: لِمَالِهَا، وَلِحَسَبِهَا، وَلِجَمَالِهَا، وَلِدِينِهَا فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى تۆت نەرسىنىڭ جەھىتىدىن نىكاھلىنىدۇ، مېلى ئۈچۈن، ھەسەب يۈز ــ ئابرۇي، ئىناۋىتى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن نىكاھلاپ ئېلىنىدۇ، گەرچە ئىككى قولۇڭ توپا بولسىمۇ (يەنى قاتتىق جاپا ــ مۇشەققەتتە قالساڭمۇ )، دىن ئىگىسىنى ئېلىش بىلەن زەپەر قۇچقىن، غەلىبە قىلغىن، (يەنى مال ــ دۇنيا بىلەن چىراي گۈزەللىكىنى قويۇپ، دىنى، ئىمانى بارنى ئال) بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم،ئەبۇ داۋۇد ،نەسەئى،ئىبنى ماجە سەھىھ.

**3593 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي: حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ، عَنْ عَطَاءٍ. أَخْبَرَنِي جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: تَزَوّجْتُ امْرَأَةً فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلَقِيتُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فقَالَ «يَا جَابِرُ!تَزَوّجْتَ؟» قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: «بِكْرٌ أَمْ ثَيّبٌ؟» قُلْتُ: ثَيّبٌ. قَالَ: «فَهَلاّ بِكْراً تُلاَعِبُهَا؟» قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنّ لِي أَخَوَاتٍ. فَخَشِيتُ أَنْ تَدْخُلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُنّ. قَالَ: «فَذَاكَ إِذَنْ. إِنّ الْمَرْأَةَ تُنْكَحُ عَلَى دِينِهَا، وَمَالِهَا، وَجَمَالِهَا. فَعَلَيْكَ بِذَاتِ الدّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، بىر ئايال بىلەن توي قىلدىم، كېيىن مەن رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ توي قىلغانمىدىڭ؟ دىدى، مەن ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ توي قىلمىغان قىزنى ئالدىڭمۇ؟ياكى توي قىلغان جۇۋاننىمۇ؟دىدى، مەن بەلكى توي قىلغان ئايالنى ئالدىم دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە ئۈچۈن توي قىلمىغان قىزچاقنى نىكاھىڭغا ئالمىدىڭ؟، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇ سېنى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلاتتى ئەمەسمو،دىدى.مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنىڭ نۇرغۇن ھەمشىرىلىرىم بار، مەن ئۇنىڭ مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىغا ئارلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىدىم،يەنەبىردە؛ئۇلارنىڭ ئوخششىدىن يەنەبىرنى ئەكىرىشتىن ئەنسىرىدىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئۇنداق بولسا بۇلۇپتۇ، ئايال كىشى مېلى ئۈچۈن، ھەسەب يۇز ــ ئابرۇي، ئىناۋىتى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن نىكاھلاپ ئېلىنىدۇ، گەرچە ئىككى قولۇڭ توپا بولسىمۇ (يەنى قاتتىق جاپا ــ مۇشەققەتتە قالساڭمۇ)، دىن ئىگىسىنى ئېلىش بىلەن زەپەر قۇچقىن، غەلىبە قىلغىن، (يەنى مال ــ دۇنيا بىلەن چىراي گۈزەللىكىنى قويۇپ، دىنى، ئىمانى بارنى ئال)دېدى.

## 646 ــ باب استحباب نكاح البكر توي قىلمىغان قىزنى ئېلىشنىڭ بەك ياخشىلىقى توغرىسىدا

3594 ـ حدّثنا عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ مُعَاذٍ: حَدّثَنَا أَبي: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ مُحَارِبٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: تَزَوّجْتُ امْرَأَةً. فَقَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «هَلْ تَزَوّجْتَ؟» قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: «أَبِكْراً أَمْ ثَيّباً؟» قُلْتُ: ثَيّباً. قَالَ: «فَأَيْنَ أَنْتَ مِنَ الْعَذَارَى وَلِعَابِهَا؟». قَالَ شُعْبَةُ: فَذَكَرْتُهُ لِعَمْرِو بْنِ دِينَارٍ. فَقَالَ: قَدْ سَمِعْتُهُ مِنْ جَابِرٍ. وَإِنّمَا قَالَ «فَهَلاّ جَارِيَةً تُلاَعِبُهَا وَتُلاَعِبُكَ؟».

3595 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَىَ و أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ: قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا حَمّادُ بْنُ زَيْدٍ، عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ[1] أَنّ عَبْدَ اللّهِ هَلَكَ وَتَرَكَ تِسْعَ بَنَاتٍ (أَوْ قَالَ سَبْعَ) فَتَزَوّجْتُ امْرَأَةً ثَيّباً. فَقَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «يَا جَابِرُ! تَزَوّجْتَ؟» قَالَ قُلْتُ: نَعَمْ. قَالَ: «فَبِكْرٌ أَمْ ثَيّبٌ؟» قَالَ قُلْتُ: بَلْ ثَيّبٌ، يَا رَسُولَ اللّهِ! قَالَ: «فَهَلاّ جَارِيَةً تُلاَعِبُهَا وَتُلاَعِبُكَ» (أَوْ قَالَ: تُضَاحِكُهَا وَتُضَاحِكُكَ) قَالَ قُلْتُ لَهُ: إِنّ عَبْدَ اللّهِ هَلَكَ وَتَرَكَ تِسْعَ بَنَاتٍ (أَوْ سَبْعَ) وَإِنّي كَرِهْتُ أَنْ آتِيَهُنّ أَوْ أَجِيئَهُنّ بِمِثْلِهِنّ، فَأَحْبَبْتُ أَنْ أَجِيءَ بِامْرَأَةٍ تَقُومُ عَلَيْهِنّ وَتُصْلِحُهُنّ. قَالَ: «فَبَارَكَ اللّهُ لَكَ» أَوْ قَالَ لِي خَيْراً. وَفِي رِوَايَةِ أَبِي الرّبِيعِ «تُلاَعِبُهَا وَتُلاَعِبُكَ وَتُضَاحِكُهَا وَتُضَاحِكُكَ».

3596 ـ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَمْرٍو، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ، قَالَ: قَالَ لِي رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ نَكَحْتَ يَا جَابِرُ؟» وَسَاقَ الْحَدِيثَ إِلَى قَوْلِهِ: امْرَأَةً تَقُومُ عَلَيْهِنّ وَتَمْشُطُهُنّ. قَالَ «أَصَبْتَ» وَلَمْ يَذْكُرْ مَا بَعْدَهُ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ زامانىدا، بىر ئايال بىلەن توي قىلدىم، كېيىن مەن رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ توي قىلدىڭمۇ؟ دىدى، مەن ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ توي قىلمىغان قىزنى ئالدىڭمۇ؟ياكى توي قىلغان جۇۋاننىمۇ؟دىدى، مەن بەلكى توي قىلغان ئايالنى ئالدىم دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە ئۈچۈن توي قىلمىغان قىزچاقنى نىكاھىڭغا ئالمىدىڭ؟، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇ سېنى

كۆلدۈرۈپ خۇش قىلاتتى ئەمەسمۇ،دېدى.مەن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ نۇرغۇن ھەمشىرىلىرىم بار، مەن ئۇنىڭ، مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىغا ئارىلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، يەنەبىردە؛ ـ توگە سېتىۋالغان ۋەقە، مەسجىدكە كىلىپلا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش باردۇر ـ ، دادام ئۆلۈپ كىتىپ، يەتتە ـ سەككىز ھەمشىرىلىرىمنى قالدۇرۇپ كەتتى،مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئوخشىشىدىن يەنەبىرنى ئەكىرىشنى خالىماي، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزەشتۈرىدىغان بىر ئايال ئەكىرىشنى ياخشى كۆردۈم دېسەم،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق بولسا بولۇپتۇ، الله ساڭا بەركەت ئاتا قىلسۇن،دېدى.

**3597 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا هُشَيْمٌ، عَنْ سَيّارٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: كُنّا مَعَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ، فَلَمّا أَقْبَلْنَا تَعَجّلْتُ عَلَى بَعِيرٍ لِي قَطُوفٍ، فَلَحِقَنِي رَاكِبٌ خَلْفِي، فَنَخَسَ بَعِيرِي بِعَنَزَةٍ كَانَتْ مَعَهُ، فَانْطَلَقَ بَعِيرِي كَأَجْوَدِ مَا أَنْتَ رَاءٍ مِنَ الإِبِلِ، فَالْتَفَتّ فَإِذَا أَنَا بِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ «مَا يُعْجِلُكَ يَا جَابِرُ؟» قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللّهِ إِنّي حَدِيثُ عَهْدٍ بِعُرْسٍ. فَقَالَ: «أَبِكْراً تَزَوّجْتَهَا أَمْ ثَيّباً؟» قَالَ قُلْتُ: بَلْ ثَيّباً. قَالَ: «هَلاّ جَارِيَةً تُلاَعِبُهَا وَتُلاَعِبُكَ؟».**
**قَالَ: فَلَمّا قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ ذَهَبْنَا لِنَدْخُلَ. فَقَالَ «أَمْهِلُوا حَتّى نَدْخُلَ لَيْلاً (أَيْ عِشَاءً) كَيْ تَمْتَشِطَ الشّعِثَةُ وَتَسْتَحِدّ الْمُغِيبَةُ». قَالَ: وَقَالَ «إِذَا قَدِمْتَ فَالْكَيْسَ! الْكَيْسَ!».**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازات قىلغان ئىدۇق، بىز غازاتتىن قايتىپ، مەدىنىنگە يېقىن كەلگەندە، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن مەن يېقىندىلا توي قىلغان ئىدىم دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا؛ توي قىلغانمىدىڭ؟ دىدى، مەن ھەئە دىسەم، رەسۇلۇللاھ؛ توي قىلمىغان قىزنى ئالدىڭمۇ؟ياكى توي قىلغان جۇۋانىمۇ؟دىدى، مەن بەلكى توي قىلغان ئايالنى ئالدىم دىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: نېمە ئۈچۈن توي قىلمىغان قىزچاقنى نىكاھىڭغا ئالمىدىڭ؟، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇ سېنى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلاتتى ئەمەسمۇ،دىدى. بىز مەدىنىنگە كىرىش ئۈچۈن يېقىن كەلگەندە؛« كېچىدە كىرىشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت مۆھلەت بېرىڭلار، كەچىرەك كىرىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، چاچلىرى چۇۋۇق ئاياللار چېچىنى تارىۋالىدۇ، ئەرلىرى غائىپ بولغان ئاياللار ئېرىگە تەييارلىق قىلىۋالىدۇ، دىدى. يەنەبىر خاتىردە؛ سەن بارغاندا، بالىلىق بولۇشقا تىرىشقىن دېدى.شۇنداقلا توگە سودىسى تىلغا ئېلىنغان.ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار.

**3598 ـ 3599 ـ** يۇقىرقىغا ئوخشاشتۇر.

## 647 ـــ *باب خير متاع الدنيا المرأة الصالحة*

## بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىك ياخشى نەرسىسى سالىھ ياخشى ئايال ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**3600 ـ حدّثني مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ يَزِيدَ: حَدّثَنَا حَيْوَةُ: أَخْبَرَنِي شُرَحْبِيلُ بْنُ شَرِيكٍ [1] أَنّهُ سَمِعَ أَبَا عَبْدِ الرّحْمَنِ الْحُبُلِيّ يُحَدّثُ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ عَمْرٍو [1] أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ «الدّنْيَا مَتَاعٌ وَخَيْرُ مَتَاعِ الدّنْيَا الْمَرْأَةُ الصّالِحَةُ».**

ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بۇ دۇنيانىڭ ھەممىسى مەنپەئەتلىنىدىغان ماتادۇر، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ، ياخشى ئايالدۇر، ئەھمەد،نەسەئى.

## 648 ـــــ *باب الوصية بالنساء* ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا

**3601 –3602 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَىَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، حَدّثَنِي ابْنُ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «إِنّ الْمَرْأَةَ كَالضّلَعِ. إِذَا ذَهَبْتَ تُقِيمُهَا كَسَرْتَهَا، وَإِنْ تَرَكْتَهَا اسْتَمْتَعْتَ بِهَا وَفِيهَا عِوَجٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ(يەنى شۇنىڭدىن يارىتىلغان )، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئەگەر شۇ پېتى قويساڭ، ئۇنىڭدا ئەگرىلىك تۇرۇۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنپەئەتمۇ باردۇر، ئەھمەد، نەسەئى.

**3603 ـ حدّثنا عَمْرٌو النّاقِدُ وَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ: (وَاللّفْظُ لاِبْنِ أَبِي عُمَرَ) قَالاَ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ أَبِي الزّنَادِ، عَنِ الأَعْرَجِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنّ الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ، لَنْ تَسْتَقِيمَ لَكَ عَلَىَ طَرِيقَةٍ، فَإِنْ اسْتَمْتَعْتَ بِهَا اسْتَمْتَعْتَ بِهَا وَبِهَا عِوَجٌ، وَإِنْ ذَهَبْتَ تُقِيمُهَا كَسَرْتَهَا، وَكَسْرُهَا طَلاَقُهَا».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ سەن ئۈچۈن ھېچ بىر يولدا مۇستەقىيم، تۈز بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدا ــ مەنپەئەت ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئەگرىلىكىنى شۇ پېتى قويۇپ قويساڭ، ئۇنىڭدىن پايدا ــ مەنپەئەت ئالالايسەن. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنىڭ سۇنۇپ كېتىشى تالاق قىلىنىشىدۇر تىرمىزى 1109 ــ ھەدىس، ئەھمەد 10044 ــ ھەدىس، دارمى 2125 ــ ھەدىس. سەھىھ.

**3604 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيّ، عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ مَيْسَرَةَ، عَنْ أَبِي حَازِمٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، فَإِذَا شَهِدَ أَمْراً فَلْيَتَكَلّمْ بِخَيْرٍ أَوْ لِيَسْكُتْ، وَاسْتَوْصُوا بِالنّسَاءِ، فَإِنّ الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ، وَإِنّ أَعْوَجَ شَيْءٍ فِي الضّلَعِ أَعْلاَهُ، إِنْ ذَهَبْتَ تُقِيمُهُ كَسَرْتَهُ، وَإِنْ تَرَكْتَهُ لَمْ يَزَلْ أَعْوَجَ، اسْتَوْصُوا بِالنّسَاءِ خَيْراً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ئۇلار توغرىسىدا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى، ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارالغان، نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەگرىرەكى، ئۈستۈنكى قوۋۇرغىدۇر، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرىسەن ،تەرىك ئېتىپ جىم قويساڭ ئەگرى پېتىن تۇرۇۋېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغا دائىم ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ۋەز ــ نەسىھەت قىلىڭلار. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم

**3605 –3606 ـ وحدّثني إِبْرَاهِيمُ بْنُ مُوسَىَ الرّازِيّ: حَدّثَنَا عِيسَىَ (يَعْنِي ابْنَ يُونُسَ): حَدّثَنَا عَبْدُ الْحَمِيدِ بْنُ جَعْفَرٍ، عَنْ عِمْرَانَ بْنِ أَبِي أَنَسٍ، عَنْ عُمَرَ بْنِ الْحَكَمِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَفْرَكْ مُؤْمِنٌ مُؤْمِنَةً. إِنْ كَرِهَ مِنْهَا خُلُقاً رَضِيَ مِنْهَا آخَرَ» أَوْ قَالَ: «غَيْرَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ئەر، مۆئمىن ئايالنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتمىسۇن، تاشلىۋەتمىسۇن، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بىرەر ئەخلاقىدىن رازى بولماي،

ياقتۇرمسا، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولۇپ قالىدۇ، (مۇھەببەت ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئۆچ كۆرۈپ تاشلىۋېتىش شەيتاندىن). مۇسلىم دىپسكا2672 _ ھەدىس، ئەھمەد 8013 _ ھەدىس، سەھىھ.

## 649 ـــــ باب لولا حواء لم تخن أنثى زوجها الدهر

3607 ـ حدّثنا هَرُونُ بْنُ مَعْرُوفٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي عَمْرُو بْنُ الْحَارِثِ: أَنّ أَبَا يُونُسَ، مَوْلَى أَبِي هُرَيْرَةَ حَدّثَهُ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «لَوْلاَ حَوّاءُ، لَمْ تَخُنْ أُنْثَى زَوْجَهَا الدّهْرَ».
3608 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ: عَنْ هَمّامِ بْنِ مُنَبّهٍ قالَ: هَذَا مَا حَدّثَنَا  أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَذَكَرَ أَحَادِيثَ. مِنْهَا: وَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «وَلَوْلاَ بَنُو إِسْرَائِيلَ، لَمْ يَخْبُثِ الطّعَامُ، وَلَمْ يَخْنَزِ اللّحْمُ، وَلَوْلاَ حَوّاءُ، لَمْ تَخُنْ أُنْثَى زَوْجَهَا الدّهْرَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئەگەر بەنى ئىسرائىل بولمىغان  بولسا، (يەنى ئۇلارنىڭ ئەتىگە ئېلىپ قويۇپ ساقلىشى، ئاچ كۆزلۈكى بولمىغان بولسا)، تاماق ئېچىپ، كۆكىرىپ پاختىلىشىپ قالمايتتى، گۆشلەر كۆكىرىپ، سېسىپ قۇرۇتلاپ قالمايتتى، ھاۋۋا ئانا بولمىغان بولسا، (يەنى ئۇنىڭ ئاسىيلىقى بولمىغان بولسا)، ئاياللار ئېرىگە مەڭگۈ خىيانەت، ئاسىيلىق قىلمايتتى. مۇسلىم 2674 _ ھەدىس، بۇخارى 3083 _ ھەدىس، ئەھمەد 7689 _ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئىشلار شۇلاردىن قالغان، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئىشنىڭ باشلىنىشى، ئاساسى بولىدۇ، ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئىنسانلار، جىنلار سەۋەبچى بولىدۇ خالاس.

# 19 ـــــ كتـــاب الطـــلاق    تالاقنىڭ كىتابى

## 650 ـــــ باب تحريم طلاق الحائض بغير رضاها، وأنه لو خالف وقع الطلاق ويؤمر برجعتها

**ھەيزدار ئايالنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز تالاق قىلىشنىڭ ھاراملىقى، ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ تالاق قىلىۋەرسە، تالاقنىڭ يۈز بېرىۋېرىشى ۋە ئۇنى ئايالىغا قايتۇۋېلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا**

3609 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ: قالَ: قَرَأْتُ عَلَى  مَالِكِ بْنِ أَنَسٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ ابْنِ عُمَرَ [1] أَنّهُ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَسَأَلَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ؟ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا، ثُمّ لِيَتْرُكْهَا حَتّى تَطْهُرَ، ثُمّ تَحِيضَ، ثُمّ تَطْهُرَ، ثُمّ إِنْ شَاءَ أَمْسَكَ بَعْدُ، وَإِنْ شَاءَ طَلّقَ قَبْلَ أَنْ يَمَسّ، فَتِلْكَ الْعِدّةُ الّتِي أَمَرَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ أَنْ يُطَلّقَ لَهَا النّسَاءُ».
3610 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ رُمْحٍ (وَاللّفْظُ لِيَحْيَى): قالَ قُتَيْبَةُ: حَدّثَنَا لَيْثٌ: وَقَالَ الآخَرَانِ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ بْنُ سَعْدٍ)، عَنْ نَافِعٍ، عَنْ عَبْدِ اللّهِ [1] أَنّهُ طَلّقَ امْرَأَةً لَهُ وَهِيَ حَائِضٌ تَطْلِيقَةً وَاحِدَةً، فَأَمَرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ يُرَاجِعَهَا ثُمّ يُمْسِكَهَا حَتّى تَطْهُرَ، ثُمّ تَحِيضَ عِنْدَهُ حَيْضَةً أُخْرَى، ثُمّ يُمْهِلَهَا حَتّى تَطْهُرَ مِنْ حَيْضَتِهَا، فَإِنْ أَرَادَ أَنْ يُطَلّقَهَا فَلْيُطَلّقْهَا حِينَ تَطْهُرُ مِنْ قَبْلِ أَنْ يُجَامِعَهَا، فَتِلْكَ الْعِدّةُ الّتِي أَمَرَ اللّهُ أَنْ يُطَلّقَ لَهَا النّسَاءُ.

وَزَادَ ابْنُ رُمْحٍ فِي رِوَايَتِهِ: وَكَانَ عَبْدُ اللَّهِ إِذَا سُئِلَ عَنْ ذَلِكَ، قَالَ لأَحَدِهِمْ: أَمَّا أَنْتَ طَلَّقْتَ امْرَأَتَكَ مَرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ. فَإِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَنِي بِهَذَا، وَإِنْ كُنْتَ طَلَّقْتَهَا ثَلاَثاً فَقَدْ حَرُمَتْ عَلَيْكَ حَتَّى تَنْكِحَ زَوْجاً غَيْرَكَ وَعَصَيْتَ اللَّهَ فِيمَا أَمَرَكَ مِنْ طَلاَقِ امْرَأَتِكَ. قَالَ مُسْلِمٌ: جَوَّدَ اللَّيْثُ فِي قَوْلِهِ: تَطْلِيقَةً وَاحِدَةً.

3611 ـ حدّثنا مُحَمَّدُ بْنُ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدَّثَنَا أَبِي: حَدَّثَنَا عُبَيْدُ اللَّهِ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: طَلَّقْتُ امْرَأَتِي عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم وَهِيَ حَائِضٌ، فَذَكَرَ ذَلِكَ عُمَرُ لِرَسُولِ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا، ثُمَّ لْيَدَعْهَا حَتَّى تَطْهُرَ، ثُمَّ تَحِيضَ حَيْضَةً أُخْرَى، فَإِذَا طَهُرَتْ فَلْيُطَلِّقْهَا قَبْلَ أَنْ يُجَامِعَهَا، أَوْ يُمْسِكْهَا، فَإِنَّهَا الْعِدَّةُ الَّتِي أَمَرَ اللَّهُ أَنْ يُطَلَّقَ لَهَا النِّسَاءُ». قَالَ عُبَيْدُ اللَّهِ: قُلْتُ لِنَافِعٍ: مَا صَنَعَتِ التَّطْلِيقَةُ؟ قَالَ: وَاحِدَةٌ اعْتَدَّ بِهَا.

3612 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ ابْنُ الْمُثَنَّى: قَالاَ: حَدَّثَنَا عَبْدُ اللَّهِ بْنُ إِدْرِيسَ، عَنْ عُبَيْدِ اللَّهِ، بِهَذَا الإِسْنَادِ، نَحْوَهُ. وَلَمْ يَذْكُرْ قَوْلَ عُبَيْدِ اللَّهِ لِنَافِعٍ. قَالَ ابْنُ الْمُثَنَّى فِي رِوَايَتِهِ: فَلْيَرْجِعْهَا. وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: فَلْيُرَاجِعْهَا.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئۆمەرگە: بالاڭ ئابدۇللاھقا دېگىن، ئۇ ئايالىغا قايتىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، ئايالىلار كېسىلى بولۇپ يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇ ئايالىغا چېقىلىشىدىن، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىدىن بۇرۇن پاك ــ پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغان، ئاياللار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر، (ئاللاھ شۇ ھالەتتە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ) يەنەبىرخاتىردە؛ئۇنى بۇيرىغىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى پاك ھالەتتە ياكى ھامىلدار ھالەتتە تالاق قىلسۇن دېدى.

بۇخارى،مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن؛ ئاياللارنى تالاق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ پاك ھالەتتە چېقىلماي تۇرۇپ، بىرلا تالاق قىلىنىدۇ، تالاق قىلىش دۇرۇس بولىسمۇ، ئۇنى، ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدۇ، ئاللاھتائالا ئاياللارنىڭ تالاق قىلىنىشىغا بۇيرىغان ئىددەت ئەنە شۇدۇر، ئىددەت تۇتۇش ۋە توشۇپ پۈتىشى ئاسان بولىدۇ. بۇ ھەدىستە، قايتىۋالسۇن دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئايال كىشىنى ھەيز كېسەل چاغدا تالاق قىلسا، رەجئى تالاق يۈز بېرىۋېرىدۇ، بارلىق ئالىملار؛ھەيز چاغدىمۇ تالاق يۈز بېرىدۇ دېگەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تالاق بولىدۇ دېگەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك مەزگىللەردە، بىر كىشى ئايالىنى سەن ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق يۈز بېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلگەن، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دېسە ئۈچ تالاق بولىدۇ، بۇ سەھىھ ئەسەرلەردە خېلى كۆپتۇر، خۇسۇسەن ئىبنى ھەجەر پەتھۇلبارى بۇخارىينىڭ شەرھىسىدە شۇنداق يازغان.ئىمام نەۋۋى؛ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ؛سەن راستىنلا ئاللاھ بىلەن قەسەم بېرنى نىيەت قىلغانمۇ؟ دەپ سورىشىنى دەلىل قىلىپ، شۇنداق سورىغانغا قارىغاندا، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ دېگەن،ئەمىسە نىمە ئۈچۈن بىرنى نىيەت قىلدىڭمۇ؟ دەپ قەسەم قىلدۇرىدۇ؟. ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا؛ مۇشۇ مەسىلىدە ئىجمائنى يىرتىۋەتكەن، بۇزىۋەتكەن دەپ ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ پەتىۋاسىدا مۇپتى ئىمامنىڭ شۇتالاق قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۈچ تالاققا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى بار دېگەن.باشقا ئىشلاردا بۇ كىشى ئىسلام پىشۋاسى، ئىسلام خىزمىتىنى قاتتىق قىلغان كىشى، ھەتتا ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈنلا قەتئىي توي قىلمىغان. خۇلاسە، ئايال كىشىنى ھەيزدار چاغدىمۇ تالاق قىلسا تالاق بولىدۇ، بىرلا ئېغىزدا بىرلا قېتىم ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ، بۇ مەسىلىلەر سەھىھ مۇسلىمدا تەپسىلىي باردۇر، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى كۈچلۈك دەلىل ــ ئىسپاتتۇر، ئىجمائ دېگەن قۇرئان ھەدىسىدىن قالسا، شەرىئەتنىڭ قانۇن ــ پىرىنسىپ مەنبەسىدۇر، ئىجمائقا تانسا، كاپىر بولىدۇ، بۇنى بىز «ئىجمائقا كېلىنگەن مەسىلىلەر» دېگەن ئەسەردە يازغان، تەپسىلىي بار، كۆرۈڭ.

**3613 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ، عَنْ أَيّوب، عَنْ نَافِعٍ، أَنّ ابْنَ عُمَرَ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، فَسأَلَ عُمَرُ النّبيّ صلى الله عليه وسلم، فَأَمَرَهُ أَنْ يَرْجِعَهَا ثُمّ يُمْهِلَهَا حَتّى تَحِيض حَيْضَةً أُخْرَى، ثُمّ يُمْهِلَهَا حَتّى تَطْهُرَ ثُمّ يُطَلّقهَا قَبْلَ أَنْ يَمَسّهَا، فَتِلْكَ الْعِدّةُ الّتِي أَمَرَ اللّهُ أَنْ يُطَلّقَ لَهَا النّسَاءُ. قَالَ: فَكَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا سُئِلَ عَنِ الرّجُلِ يُطَلّقُ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ يَقُولُ: أَمّا أَنْتَ طَلّقْتَهَا وَاحِدَةً أَوِ اثْنَتَيْنِ، إِنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَهُ أَنْ يَرْجِعَهَا، ثُمّ يُمْهِلَهَا حَتّى تَحِيضَ حَيْضَةً أُخْرَى، ثُمّ يُمْهِلَهَا حَتّى تَطْهُرَ، ثُمّ يُطَلّقَهَا قَبْلَ أَنْ يَمَسّهَا، وَأَمّا أَنْتَ طَلّقْتَهَا ثَلاَثاً، فَقَدْ عَصَيْتَ رَبّكَ فِيمَا أَمَرَكَ بِهِ مِنْ طَلاَقِ امْرَأَتِكَ، وَبَانَتْ مِنْكَ.**
**3614 ـ3615 ـ حَدّثَنِي عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ: أَخْبَرَنِي يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: حَدّثَنَا مُحَمّدٌ (وَهُوَ ابْنُ أَخِي الزّهْرِيّ)، عَنْ عَمّهِ. أَخْبَرَنَا سَالِمُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: أَنّ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ: طَلّقْتُ امْرَأَتِي وَهِيَ حَائِضٌ، فَذَكَرَ ذَلِكَ عُمَرُ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَتَغَيّظَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. ثُمّ قَالَ: «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا، حَتّى تَحِيضَ حَيْضَةً أُخْرَى مُسْتَقْبَلَةً، سِوَى حَيْضَتِهَا الّتِي طَلّقَهَا فِيهَا، فَإِنْ بَدَا لَهُ أَنْ يُطَلّقَهَا، فَلْيُطَلّقْهَا طَاهِراً مِنْ حَيْضَتِهَا قَبْلَ أَنْ يَمَسّهَا، فَذَلِكَ الطّلاَقُ لِلعِدّةِ كَمَا أَمَرَ اللّهُ» وَكَانَ عَبْدُ اللّهِ طَلّقَهَا تَطْلِيقَةً وَاحِدَةً، فَحُسِبَتْ مِنْ طَلاَقِهَا، وَرَاجَعَهَا عَبْدُ اللّهِ كَمَا أَمَرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.**
**3616 ـ3617 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ وَ ابْنُ نُمَيْرٍ. (وَاللّفْظُ لأَبِي بَكْرٍ) قَالُوا: حَدّثَنَا وَكِيعٌ، عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، (مَوْلَى آلِ طَلْحَةَ) عَنْ سَالِمٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ [1] أَنّهُ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ. فَذَكَرَ ذَلِكَ عُمَرُ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا، ثُمّ لِيُطَلّقْهَا طَاهِراً أَوْ حَامِلاً».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى ھەيىزدار ھالەتتە تالاق قىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئۆمەرگە: بالاڭ ئابدۇللاھقا دىگىن، ئۇ ئايالىغا قايتىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇ ئايالىغا چېقىلىشدىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشدىن بۇرۇن پاك ــ پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغان، ئاياللار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر، (ئاللاھ شۇ ھالەتتە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ) يەنەبىرخاتىردە؛ئۇنى بۇيرىغىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى پاك ھالەتتە ياكى ھامىلدار ھالەتتە تالاق قىلسۇن دىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يۇقىرقى ئىشنى بىرتالاق ھىساپلىغان ئىدى، ئۇنىڭدىن؛ كىشى ئايالىنى ئايالى ھەيىزدار ھالەتتە تالاق قىلسا، قانداق بۇلىدۇ دەپ سورالسا، ئۇ؛ ئەمما سەن ئايالىڭنى بىر ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولساڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاچچىقلاپ:ئۇ ئايالىغا قايتىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇ ئايالىغا چېقىلىشدىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشدىن بۇرۇن پاك ــ پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغان، ئاياللار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر،دىدى. ئەمما سەن ئايالىڭنى ئۈچ تالاق قىلغان بولساڭ، تالاق ئىشىدا رەببىڭگە ئاسىي بولغان بۇلسەن، ئايالىڭ سەندىن ئۈچ تالاق بىلەن ئايرىلىپ كىتىدۇ،دەيتتى.

**3618 ـ3620 ـ وحدّثني عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ. حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ عَنْ أَيّوبَ، عَنِ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ: مَكَثْتُ عِشْرِينَ سَنَةً يُحَدّثُنِي مَنْ لاَ أَتّهِمُ أَنّ ابْنَ عُمَرَ طَلّقَ امْرَأَتَهُ ثَلاَثاً وَهِيَ حَائِضٌ. فَأُمِرَ أَنْ يُرَاجِعَهَا. فَجَعَلْتُ لاَ أَتّهِمُهُمْ، وَلاَ أَعْرِفُ الْحَدِيثَ، حَتّى لَقِيتُ أَبَا غَلاّبٍ، يُونُسَ بْنَ جُبَيْرٍ الْبَاهِلِيّ. وَكَانَ ذَا ثَبَتٍ. فَحَدّثَنِي أَنّهُ سَأَلَ ابْنَ عُمَرَ. فَحَدّثَهُ أَنّهُ طَلّقَ امْرَأَتَهُ تَطْلِيقَةً وَهِيَ حَائِضٌ. فَأُمِرَ أَنْ يَرْجِعَهَا. قَالَ قُلْتُ: أَفَحُسِبَتْ عَلَيْهِ؟ قَالَ: فَمَهْ. أَوَ إِنْ عَجَزَ وَاسْتَحْمَقَ؟. 3619 ـ وحدّثناه أَبُو الرّبِيعِ وَ قُتَيْبَةُ قَالاَ: حَدّثَنَا حَمّادٌ، عَنْ أَيّوبَ، بِهَذَا الأَسْنَادِ، نَحْوَهُ، غَيْرَ أَنّهُ قَالَ: فَسَأَلَ عُمَرُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَأَمَرَهُ.**

3621 –3622 ـ وحدّثني  يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدَّوْرَقِيّ، عَنِ ابْنِ عُلَيّة، عَنْ يُونُسَ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ سِيرِينَ، عَنْ يُونُسَ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ: قُلْتُ لاِبْنِ عُمَرَ: رَجُلٌ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، فَقَالَ: أَتَعْرِفُ عَبْدَ اللّهِ بْنَ عُمَرَ؟ فَإِنّهُ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، فَأَتَى عُمَرُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَسَأَلَهُ؟ فَأَمَرَهُ أَنْ يَرْجِعَهَا، ثُمّ تَسْتَقْبِلَ عِدّتَهَا. قَالَ فَقُلْتُ لَهُ: إِذَا طَلّقَ الرّجُلُ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، أَتَعْتَدّ بِتِلْكَ التّطْلِيقَةِ؟ فَقَالَ: فَمَهْ أَوَ إِنْ عَجَزَ وَاسْتَحْمَقَ؟.

حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى  وَ ابْنُ بَشّارٍ: قَالَ ابْنُ الْمُثَنّى: حَدّثَنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ، عَنْ قَتَادَةَ قَالَ: سَمِعْتُ  يُونُسَ بْنَ جُبَيْرٍ قَالَ: سَمِعْتُ  ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: طَلّقْتُ امْرَأَتِي وَهِيَ حَائِضٌ، فَأَتَى عُمَرُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم «لِيُرَاجِعْهَا، فَإِذَا طَهَرَتْ، فَإِنْ شَاءَ فَلْيُطَلّقْهَا» قَالَ: فَقُلْتُ لاِبْنِ عُمَرَ أَحْتَسَبْتَ بِهَا؟ قَالَ: مَا يَمْنَعُهُ، أَرَأَيْتَ إِنْ عَجَزَ وَاسْتَحْمَقَ؟،

3623 –3624 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا خَالِدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ، عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ، عَنْ أَنَسِ بْنِ سِيرِينَ قَالَ: سَأَلْتُ ابْنَ عُمَرَ عَنِ امْرَأَتِهِ الّتِي طَلّقَ؟ فَقَالَ: طَلّقْتُهَا وَهِيَ حَائِضٌ، فَذُكِرَ ذَلِكَ لِعُمَرَ، فَذَكَرَهُ لِلنّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ: «مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا، فَإِذَا طَهَرَتْ فَلْيُطَلّقْهَا لِطُهْرِهَا» قَالَ: فَرَاجَعْتُهَا ثُمّ طَلّقْتُهَا لِطُهْرِهَا، قُلْتُ: فَاعْتَدَدْتَ بِتِلْكَ التّطْلِيقَةِ الّتِي طَلّقْتَ وَهِيَ حَائِضٌ؟ قَالَ: مَا لِيَ لاَ أَعْتَدّ بِهَا؟ وَإِنْ كُنْتُ عَجَزْتُ وَاسْتَحْمَقْتُ.

3625 –3626 ـ وحَدّثَنِيهِ  يَحْيَى بْنُ حَبِيبٍ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ الْحَارِثِ: ح وَحَدّثَنِيهِ  عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ بِشْرٍ: حَدّثَنَا بَهْزٌ: قَالاَ: حَدّثَنَا شُعْبَةُ[1] بِهَذَا الإِسْنَادِ، غَيْرَ أَنّ فِي حَدِيثِهِمَا «لِيَرْجِعْهَا»، وَفِي حَدِيثِهِمَا: قَالَ قُلْتُ لَهُ: أَتَحْتَسِبُ بِهَا؟ قَالَ: فَمَهْ.

3627 ـ وحدّثني  هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثَنَا حَجّاجُ بْنُ مُحَمّدٍ، قَالَ: قَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ: أَنّهُ سَمِعَ  عَبْدَ الرّحْمَنِ بْنَ أَيْمَنَ (مَوْلَى عَزّةَ) يَسْأَلُ  ابْنَ عُمَرَ؟ وَأَبُو الزّبَيْرِ يَسْمَعُ ذَلِكَ، كَيْفَ تَرَى فِي رَجُلٍ طَلّقَ امْرَأَتَهُ حَائِضاً؟ فَقَالَ: طَلّقَ ابْنُ عُمَرَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَسَأَلَ عُمَرُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ فَقَالَ: إِنّ عَبْدَ اللّهِ بنَ عُمَرَ طَلّقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «لِيُرَاجِعْهَا» فَرَدّهَا، وَقَالَ «إِذَا طَهَرَتْ فَلْيُطَلّقْ أَوْ لِيُمْسِكْ».

قَالَ ابْنُ عُمَرَ: وَقَرَأَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: {يَا أَيّهَا النّبِيّ إِذَا طَلّقْتُمُ النّسَاءَ فَطَلّقُوهُنّ فِي قُبُلِ عِدّتِهِنّ} (65الطلاق الآية 1)،

3628 –3629 ـ وحدّثني  هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: حَدّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ، عَنِ ابْنِ جُرَيْجٍ، عَنْ أَبِي الزّبَيْرِ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ نَحْوَ هَذِهِ الْقِصّةِ،

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلدۇ، بۇ ئىشنى ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاچچىقلاپ، ئۆمەرگە: بالاڭ ئابدۇللاھقا دېگىن، ئۇ ئايالىغا قايتىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، ئايالار كېسەلى بولۇپ يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا، ئۇ ئايالىغا چېقىلىشتىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن بۇرۇن پاك  ــ پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرىغان، ئايالار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر، (ئاللاھ شۇ ھالەتتە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلدۇ) يەنەبىرخاتىردە؛ئۇنى بۇيرىغىن، ئۇ ئايالىنى ئايالى پاك ھالەتتە ياكى ھامىلدار ھالەتتە تالاق قىلسۇن دېدى. ئۇنىڭدىن ؛ سەن شۇنى بىر تالاق ھېساپلىدىڭمۇ؟دەپ سورالغادا، ئۇ؛ ئەلۋەتتە، ئەمسە قانداق بولاتتى؟(يەنى سەن ھەيزدار ئايالنى تالاق قىلسا، تالاق بولۇشىرىشىدىن قىلچە شەك قىلمىغىن)دېدى. ياكى گەرچە تالاق قىلغۇچى ئەقىلسىز، ئاجىز ئەخمەق بولسىمۇ؟(تالاق يۈز بېرىشىدۇ)دېدى.(يەنى ئۇنىڭ  ئەقىلسىز، ئاجىز ئەخمەق بولىشىدىن تالاق يۈز بېرىش ھۆكمى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ،دېدى.)

## 651 ـــ *باب طلاق الثلاث*   ئۈچ تالاق مەسلىسى توغرىسىدا

3630 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ وَ مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: (وَاللّفْظُ لاِبْنِ رَافِعٍ) (قَالَ  إِسْحَقُ: أَخْبَرَنَا وَقَالَ ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ). أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنِ ابْنِ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قَالَ: كَانَ الطّلاَقُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبِي

بَكْرٍ وَسَنَتَيْنِ مِنْ خِلاَفَةِ عُمَرَ، طَلاَقُ الثّلاَثِ وَاحِدَةً، فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطّابِ: إنّ النّاسَ قَدِ اسْتَعْجَلُوا فِي أَمْرٍ قَدْ كَانَتْ لَهُمْ فِيهِ أَنَاةٌ، فَلَوْ أَمْضَيْنَاهُ عَلَيْهِمْ فَأَمْضَاهُ عَلَيْهِمْ.

3631 ـ حدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ، ح وَحَدّثَنَا ابْنُ رَافِعٍ (وَاللّفْظُ لَهُ): حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي ابْنُ طَاوُسٍ، عَنْ أَبِيهِ [1] أَنّ أَبَا الصّهْبَاءِ قَالَ لاِبْنِ عَبّاسٍ: أَتَعْلَمُ أَنّمَا كَانَتِ الثّلاَثُ تُجْعَلُ وَاحِدَةً عَلَى عَهْدِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم وَأَبِي بَكْرٍ، وَثَلاَثاً مِنْ إِمَارَةِ عُمَرَ فَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: نَعَمْ،

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇبەكرنىڭ زاماندا، ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىككى ئۈچ يىللىرىدا (ئېغىزدا بىر قېتىملا دېگەن)ئۈچ تالاق ، بىر تالاق ھېساپلىناتتى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ كىشلەر ئالدىرمايدىغان ، تەمكىنلىك قىلىندىغان ئىشقا بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ، (يەنى ئالدىراپلا ئۈچ تالاق قىلىۋاتىدۇ) بىز ئۇلارغا بۇ قىلىقنى ئۈچ تالاق دەپ يۈرۈتۈپ ئىجرا قىلغان بولساق دەپ، شۇنداق ئىجرا قىلىپ ھۆكۈم يۈرۈتتى.

3632 ـ وحدّثنا إِسْحَقُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ: أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ حربٍ: عَنْ حَمّادِ بْنِ زَيْدٍ، عَنْ أَيّوبَ السّخْتِيَانِيّ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ بْنِ مَيْسَرَةَ، عَنْ طَاوُسٍ[1] أَنّ أَبَا الصّهْبَاءِ قَالَ لاِبْنِ عَبّاسٍ: هَاتِ مِنْ هَنَاتِكَ، أَلَمْ يَكُنِ الطّلاَقُ الثّلاَثُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَبِي بَكْرٍ وَاحِدَةً؟ فَقَالَ: قَدْ كَانَ ذَلِكَ، فَلَمّا كَانَ فِي عَهْدِ عُمَرَ تَتَابَعَ النّاسُ فِي الطّلاَقِ، فَأَجَازَهُ عَلَيْهِمْ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇبەكرنىڭ زاماندا، (ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئىككىنجى، ئۈچىنجى يىللىرىدا، ئېغىزدا بىر قېتىملا دېگەن)ئۈچ تالاق ، بىر تالاق ھېساپلىناتتى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاماندا، كىشلەر ئالدىراپلا كەينى كەينىدىن ئۈچ تالاق قىلىشقا باشلىۋەتكەندە. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ (ئېغىزدا بىر قېتىملا دېگەن)ئۈچ تالاقنى ئۈچ تالاق بولىدۇ دەپ، ھۆكۈم قىلدى. (ئىبنى مۇنزىر؛ ساھابىلار، تابىئىنلار مۇشۇنىڭغا ئىجمائقا كەلگەن دېدى. سىز بۇكىشىنىڭ «ئىجمائ» دېگەن كىتابىنى ۋە ئىبنى ھەجەرنىڭ «پەتھۇلبارىي»سىنى كۆرۈڭ)

## 652 ــــ باب وجوب الكفارة على من حرّم امرأته ولم ينوِ الطلاق

### تالاقنى نىيەت قىلماستىن ئۆزىگە ئايالىنى ھارام قىلىۋالغان كىشىنىڭ كاپپارەت بېرىشى توغرىسىدا

3633 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ، عَنْ هِشَامٍ (يَعْنِي الدّسْتَوَائِيّ) قَالَ: كَتَبَ إِلَيّ يَحْيَى بْنُ أَبِي كَثِيرٍ يُحَدّثُ عَنْ يَعْلَى بْنِ حَكِيمٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ ، عن ابْنَ عَبّاسٍ أَنّهُ كَانَ يَقُولُ، فِي الْحَرَامِ: يَمِينٌ يُكَفّرُهَا.
وَقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ} (33الأحزاب الآية: 21)،

3634 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ بِشْرٍ الْحَرِيرِيّ: حَدّثَنَا مُعَاوِيَةُ (يَعْنِي ابْنَ سَلاّمٍ): عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي كَثِيرٍ [1] أَنّ يَعْلَى بْنَ حَكِيمٍ أَخْبَرَهُ أَنّ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ أَخْبَرَهُ أَنّهُ سَمِعَ ابْنَ عَبّاسٍ قَالَ: إِذَا حَرّمَ الرّجُلُ عَلَيْهِ امْرَأَتَهُ فَهِيَ يَمِينٌ يُكَفّرُهَا وَقَالَ: {لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ}،

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ **الله** ھالال قىلغان مەلۇم نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىشتا كاپپارەت بېرىلىدۇ، كىشى ئايالىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالسا، بۇ قەسەم بولۇپ، ئۇنىڭغا كاپپارەت بېرىدۇ، بۇنىڭدا سىلەرئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ياخشى ئۈلگە باردۇر. (بۇسۈرەتەھرىمنىڭ تەپسىرىدە سۆزلەنگەن) بۇخارى،مۇسلىم.

**3635 ـ وحدّثني مُحمّدُ بْنُ حَاتِمٍ: حَدّثَنَا حجّاجُ بْنُ مُحمّدٍ: أخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أخْبَرَنِي عَطَاءٌ [1] أنّهُ سمِعَ عُبَيْدَ بْنَ عُمَيْرٍ يُخْبِرُ [1] أنّهُ سَمِعَ عَائِشَةَ تُخْبِرُ[1] أنّ النّبيّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَمْكُثُ عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ فَيَشْرَبُ عِنْدَهَا عَسَلاً، قالَتْ: فَتَوَاطَيْتُ أنَا وَحَفْصَةُ أنّ أيّتَنَا مَا دَخَلَ عَلَيْهَا النّبيّ صلى الله عليه وسلم فَلْتَقُلْ: إنّي أجِدُ مِنْكَ رِيحَ مَغَافِيرَ، أكَلْتَ مَغَافِيرَ؟ فَدَخَلَ عَلَى إحْدَاهُمَا فَقالَتْ ذَلِكَ لَهُ. فَقَالَ: «بَلْ شَرِبْتُ عَسَلاً عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ وَلَنْ أعُودَ لَهُ» فَنَزَلَ: {لِمَ تُحَرّمُ مَا أحَلّ اللّهُ لَكَ} ( 66التحريم الآية: 1) إلَى قَوْلِهِ: {إنْ تَتُوبَا} (لِعَائِشَةَ وَحَفْصَةَ) (66التحريم الآية: 4) {وَإذْ أسَرّ النّبيّ إلَى بَعْضِ أزْوَاجِهِ حَدِيثاً} (لِقَوْلِهِ: بَلْ شَرِبْتُ عَسَلاً) ( 66التحريم الآية: 3)،**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ قېشىدا دائىم تۇرۇپ ھەسەل ئىچەتتى، مەن ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن قايسىمىزنىڭ قېشىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرسە؛مەن سىلىدىن مەغاپىرنىڭ سېسىق پۇرىقىنى تاپتىم، سىلى شۇنداق دەرەختە ئۈتلىغان ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسلىنى يېگەنمۇ؟ دېيىش توغرىسىدا مۇۋاپىق كېلىشىۋالدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە، شۇسۆزنى دېدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىرەك يوق، ھېچ قىسى يوق، مەن زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچكەن ئىدىم، مەن ئەمدى قەسەم قىلىۋەتتىم، بۇندىن كېيىن ھەرگىز (ئۇنىڭ قېشىدا) ھەسەل ئىچمەيمەن دېدى، بۇنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلماڭ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇئىشلىرىدا ئاياللىرىنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىندى:« ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن **الله** ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، **الله** ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. **الله** سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسەمڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، **الله** سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، **الله** ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. سۈرەتەھرىم 1 ـ 2 ـ ئايەت. بۇخارى،مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن. ماغاپىر دېگەن تەمى تاتلىق، پۇرىقى سېسىق ئۇسۇملۇكتۇر.سىلەر ئىككىڭلار تۆۋبە قىلغان بولساڭلار....دېگىنى ئائىشە بىلەن ھەپسەدۇر، پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ بەزىسگە يۇشىرىن سۆز قىلدى دېگىنى؛مەن زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچكەن ئىدىم،دېگىنىدۇر.

**3636 ـ حدّثنا أبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ وَ هَرُونُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ: قالاَ: حَدّثَنا أبُو أُسَامَةَ: عَنْ هِشَامٍ، عَنْ أبِيهِ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يُحِبّ الْحَلْوَاءَ وَالْعَسَلَ، فَكَانَ إذَا صَلّى الْعَصْرَ، دَارَ عَلَى نِسَائِهِ، فَيَدْنُو مِنْهُنّ، فَدَخَلَ عَلَى حَفْصَةَ فَاحْتَبَسَ عِنْدَهَا أكْثَرَ مِمّا كَانَ يَحْتَبِسُ، فَسَألْتُ عَنْ ذَلِكَ، فَقِيلَ لِي: أهْدَتْ لَهَا امْرَأةٌ مِنْ قَوْمِهَا عُكّةً مِنْ عَسَلٍ، فَسَقَتْ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِنْهُ شَرْبَةً، فَقُلْتُ: أمَا وَاللهِ لَنَحْتَالَنّ لَهُ، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِسَوْدَةَ. وَقُلْتُ: إذَا دَخَلَ عَلَيْكِ فَإنّهُ سَيَدْنُو مِنْكِ. فَقُولِي لَهُ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أكَلْتَ مَغَافِيرَ؟ فَإنّهُ سَيَقُولُ لَكِ: لاَ، فَقُولِي لَهُ: مَا هَذِهِ الرّيحُ؟ (وَكَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَشْتَدّ عَلَيْهِ أنْ يُوجَدَ مِنْهُ الرّيحُ) فَإنّهُ سَيَقُولُ لَكِ: سَقَتْنِي حَفْصَةُ شَرْبَةَ عَسَلٍ، فَقُولِي لَهُ: جَرَسَتْ نَحْلُهُ الْعُرْفُطَ، وَسَأقُولُ ذَلِكَ لَهُ، وَقُولِيهِ أنْتِ يَا صَفِيّةُ! فَلَمّا دَخَلَ عَلَى سَوْدَةَ، قَالَتْ: تَقُولُ سَوْدَةُ: وَالّذِي لاَ إلَهَ إلاّ هُوَ لَقَدْ كِدْتُ أنْ أُبَادِئَهُ بِالّذِي قُلْتِ لِي، وَإنّهُ لَعَلَى الْبَابِ، فَرَقاً مِنْكِ، فَلَمّا دَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أكَلْتَ مَغَافِيرَ؟ قَالَ: «لاَ»، قَالَتْ: فَمَا هَذِهِ الرّيحُ؟ قَالَ: «سَقَتْنِي حَفْصَةُ شَرْبَةَ عَسَلٍ»، قَالَتْ: جَرَسَتْ نَحْلُهُ الْعُرْفُطَ، فَلَمّا دَخَلَ عَلَيّ قُلْتُ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ، ثُمّ دَخَلَ عَلَى صَفِيّةَ فَقَالَتْ بِمِثْلِ ذَلِكَ، فَلَمّا دَخَلَ عَلَى حَفْصَةَ قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللّهِ ألاَ أسْقِيكَ مِنْهُ؟ قَالَ: «لاَ حَاجَةَ لِي بِهِ»، قَالَتْ تَقُولُ سَوْدَةُ: سُبْحَانَ اللّهِ! وَاللّهِ لَقَدْ حَرَمْنَاهُ، قَالَتْ قُلْتُ لَهَا: اسْكُتِي**

3637 ـ قالَ أبُو إسْحَقَ إبْرَاهِيمُ: حَدّثَنَا الْحَسَنُ بْنُ بِشْرِ بْنِ الْقَاسِمِ: حَدّثَنَا أبُو أسَامَةَ، بِهَـذَا سَوَاءً. وَحَدّثَنِيهِ سُوَيْدُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ، عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ، بِهَـذَا الإِسْنَادِ نَحْوَهُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالىۋا بىلەن ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرنى ئوقۇپ بولسا، ئاياللىرىنى ئايلىنىپ، ئۇلارغا يېقىن كېلەتتى، بىر قېتىم ھەپسەنىڭ قېشىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدى، مەن سورسام، ماڭا؛ ئۇنىڭغا قەۋمىدىن بىر ئايال بىر قۇتا ھەسەل ھەدىيە قىلىپتۇ، ئۇ رەسۇلۇللاھنى شۇ ھەسەل بىلەن سۇغىرىدىكەن دېيىلدى، مەن؛ الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭغا بىر ھىيلە ئامال تاپساق بولغىدەك دەپ، بۇ ئىشنى سەۋدەتكە دېدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن قايسىمىزنىڭ قېشىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ يېقىنلاشسا؛مەن سىلىدىن مەغاپىرنىڭ سېسىق پۇرىقىنى تاپتىم، سىلى شۇنداق دەرەختە ئوتلىغان ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلىنى يېگەنمۇ؟ دېيىش توغرىسىدا مۇۋاپىق كېلىشىۋالدۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرگەندە، شۇسۆزنى دېدۇق، سەپىيەمۇ شۇنداق دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىرەك يوق، ھېچ قىسى يوق، مەن ھەپسەنىڭ ئۆيىدە ھەسەل ئىچكەن ئىدىم، (مەن ئەمدى قەسەم قىلىۋەتتىم، بۇندىن كېيىن ھەرگىز (ئۇنىڭ قېشىدا ھەسەل ئىچمەيمەن) دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ تېپىلىپ قېلىشى قاتتىق ئېغىر كېلەتتى، (يەنى ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى). كېيىن رەسۇلۇللاھ ھەپسەنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىنى ھەسەل بىلەن سۇغارمايمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دېدى. سەۋدە ؛ سۇبھانەالله!! الله بىلەن قەسەمكى، ھەسەلنى بىز ھارام قىلىۋەتتۇق(يەنى ئۇنىڭ ھارام بولۇشىغا بىز سەۋەبچى بولۇپ قالدۇق)دېدى، مەن ئۇنىڭغا؛ جىم تۇر دېدىم.

## 653 ــ باب بيان أن تخيير امرأته لا يكون طلاقًا إلا بالنية

**ئاياللىرىغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىش تالاق ھېساپلانمايدۇ، لېكىن نىيەت قىلىش بىلەن تالاق بولىدۇ،دېگەن توغرىسىدا**

3638 ـ وحدّثني أبُو الطاهِرِ: حَدّثَنَا ابنُ وَهْبٍ: ح وَحَدّثَنِي حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى التّجِيبِيّ (وَاللّفْظُ لَهُ): أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ بْنُ يَزِيدَ: عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، أَخْبَرَنِي أَبُو سَلَمَةَ ابْنُ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ: أَنّ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمّا أُمِرَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بِتَخْيِيرِ أَزْوَاجِهِ بَدَأَ بِي. فَقَالَ: «إِنّي ذَاكِرٌ لَكِ أَمْراً، فَلاَ عَلَيْكِ أَنْ لاَ تَعْجَلِي حَتّى تَسْتَأْمِرِي أَبَوَيْكِ» قَالَتْ: قَدْ عَلِمَ أَنّ أَبَوَيّ لَمْ يَكُونَا لِيَأْمُرَانِي بِفِرَاقِهِ. قَالَتْ: ثُمّ قَالَ: «إِنّ اللّهَ عَزّ وَجَلّ قَالَ: {يَا أَيّهَا النّبِيّ قُلْ لأَزْوَاجِكَ إِنْ كُنْتُنّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتّعْكُنّ وَأُسَرّحْكُنّ سَرَاحاً جَمِيلاً، وَإِنْ كُنْتُنّ تُرِدْنَ اللّهِ وَرَسُولَهُ وَالدّارَ الآخِرَةَ فَإِنّ اللّهَ أَعَدّ لِلْمُحْسِنَاتِ مِنْكُنّ أَجْراً عَظِيماً} (33الأحزاب الآيتان: 28 و 29) قَالَتْ فَقُلْتُ: فِي أَيّ هَذَا أَسْتَأْمِرُ أَبَوَيّ؟ فَإِنّي أُرِيدُ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَالدّارَ الآخِرَةَ، قَالَتْ: ثُمّ فَعَلَ أَزْوَاجُ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مِثْلَ مَا فَعَلْتُ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشكە بۇيرۇلغاندا، مەن بىلەن باشلاپ: مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتىمەن، سىز ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ، بۇئىشقا قارار چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئاتا ـ ئانامنىڭ مىنى رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ كېتىشكە بۇيرىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاندىن: «**الله** تائالا مۇنداق دېدى: **ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىرئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ ـ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»** دېدى. مەن: مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامدىن مەسلىھەت ئالامدىم؟ مەن اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلدىم دېدىم. ئاندىن قالغان ئاياللىرىمۇ مەندەك قىلدى.

**3639 ـ حدّثنا سُرَيْجُ بْنُ يُونُسَ: حَدّثَنا عبّادُ بْنُ عبّادٍ، عَنْ عَاصِمٍ، عَنْ مُعَاذَةَ الْعَدَوِيّةِ، عَنْ عَائِشَةَ، قالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَسْتَأْذِنُنَا، إذَا كَانَ فِي يَوْمِ الْمَرْأَةِ مِنّا، بَعْدَ مَا نَزَلَتْ: {تُرْجِي مَنْ تَشَاءُ مِنْهُنّ وَتُؤْوِي إِلَيْكَ مَنْ تَشَاءُ} ( 33الأحزاب الآية: 51) فَقالَتْ لَهَا مُعَاذَةُ: فَمَا كُنْتِ تَقُولِينَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم إذَا اسْتَأْذَنَكِ؟ قالَتْ كُنْتُ أَقُولُ: إنْ كَانَ ذَلِكَ إلَيّ لَمْ أُوثِرْ أَحَداً عَلَى نَفْسِي. 3640 ـ وحدّثناه الْحَسَنُ بْنُ عِيسَى: أَخْبَرَنَا ابْنُ الْمُبَارَكِ: أَخْبَرَنَا عَاصِمٌ: بِهَذَا الإِسْنَادِ نَحْوَهُ،**

مۇئازەتتىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم « **ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ )**.دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ، بىز ئاياللىرىدىن بىرەرسىمىزنىڭ نۆبەت كۈنى بولسا، يەنىلا بىزدىن ئىزنى رۇخسەت سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا كىرەتتى. مەن ئائىشەدىن: رەسۇلۇللاھ سىلىدىن رۇخسەت سورىغاندا سىلى نىمە دەيتتىلە؟دەپ سورىسام، ئۇ: ئەگەر شۇ ماڭا تاپشۇرلۇپ، مىنىڭ بۇئىشتا ھوقۇقۇم بولىدىغان بولسا، ھېچ كىشىنى ئۆزۈمنىڭ ئۈستىگە قويمايتتىم (يەنى رەسۇلۇللاھنى ھېچ بىر ئايالنىڭ قېشىغا چىققىلى قويمايتتىم)، دەيتتىم دېدى.

**3641 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التّمِيمِيّ: أَخْبَرَنَا عَبْثَرٌ، عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوقٍ قالَ: قَالَتْ عائِشَةُ: قَدْ خَيّرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَلَمْ نَعُدّهُ طَلاَقاً.**
**3642 ـ وحدّثناه أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا عَلِيّ بْنُ مُسْهِرٍ: عَنْ إِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوقٍ قال: مَا أُبَالِي خَيّرْتُ امْرأَتِي وَاحِدَةً أَوْ مِائَةً أَوْ أَلفاً، بَعْدَ أَنْ تَخْتَارَنِي، وَلَقَدْ سَأَلْتُ عائِشَةَ فقالَتْ: قَدْ خَيّرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، أَفَكَانَ طَلاَقاً؟.**

3643 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ بَشّار: حَدّثنا مُحَمّدُ بْنُ جعْفر: حَدّثنا شُعْبَةُ: عَنْ عَاصِمٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوق، عَنْ عَائشَة أنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم خَيّرَ نِسَاءَهُ، فَلَمْ يَكُنْ طَلاَقاً.

3644 ـ وحدّثني إِسْحَقُ بْنُ مَنْصُور: أَخْبَرَنَا عَبْدُ الرّحْمَن، عَنْ سُفْيَان، عَنْ عَاصِمٍ الأَحْوَلِ وَإِسْمَاعِيلَ بْنِ أَبِي خَالِدٍ، عَنِ الشّعْبِيّ، عَنْ مَسْرُوق، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: خَيّرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَاخْتَرْنَاهُ، فَلَمْ يَعُدّهُ طَلاَقاً.

3645 ـ3646 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى و أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ أَبُو كُرَيْبٍ (قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَان: حَدّثَنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ)، عَنِ الأَعْمَش، عَنْ مُسْلِمٍ، عَنْ مَسْرُوق، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: خَيّرَنَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَاخْتَرْنَاهُ. فَلَمْ يَعُدّهَا عَلَيْنَا شَيْئاً.

ئائشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تالاش ئىختىيارلىقنى بەردى، بىز الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنى تاللىدۇق، ئۇ بىزگە ھېچ نەرسە سانالمىدى(يەنى ھېچقانداق تالاق ھىساپلانمىدى) بۇخارى،مۇسلىم.

3647 ـ وحدّثنا زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثنا رَوْحُ بْنُ عُبَادَةَ: حَدّثنا زَكَرِيّاءُ بْنُ إِسْحَقَ: حَدّثنا أَبُو الزّبَيْر: عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّهِ قَالَ: دَخَلَ أَبُو بَكْرٍ يَسْتَأْذِنُ عَلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَوَجَدَ النّاسَ جُلُوساً بِبَابِهِ، لَمْ يُؤْذَنْ لأَحَدٍ مِنْهُمْ. قَالَ: فَأُذِنَ لأَبِي بَكْرٍ فَدَخَلَ ثُمّ أَقْبَلَ عُمَرُ فَاسْتَأْذَنَ فَأُذِنَ لَهُ، فَوَجَدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم جَالِساً، حَوْلَهُ نِسَاؤُهُ، وَاجِماً سَاكِتاً. قَالَ: فَقَالَ: لأَقُولَنّ شَيْئاً أُضْحِكُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! لَوْ رَأَيْتَ بِنْتَ خَارِجَةَ سَأَلَتْنِي النّفَقَة فَقُمْتُ إِلَيْهَا فَوَجَأْتُ عُنُقَهَا، فَضَحِكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَقَالَ: «هُنّ حَوْلِي كَمَا تَرَى، يَسْأَلْنَنِي النّفَقَة، فَقَامَ أَبُو بَكْرٍ إِلَى عَائِشَةَ يَجَأُ عُنُقَهَا، فَقَامَ عُمَرُ إِلَى حَفْصَةَ يَجَأُ عُنُقَهَا. كِلاَهُمَا يَقُولُ: تَسْأَلْنَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم مَا لَيْسَ عِنْدَهُ. فَقُلْنَ: وَاللّهِ! لاَ نَسْأَلُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم شَيْئاً أَبَداً لَيْسَ عِنْدَهُ، ثُمّ اعْتَزَلَهُنّ شَهْراً أَوْ تِسْعاً وَعِشْرِينَ، ثُمّ نَزَلَتْ عَلَيْهِ هَذِهِ الآيَةُ: {يَا أَيّهَا النّبِيّ قُلْ لأَزْوَاجِكَ} ـ حَتّى بَلَغَ {لِلْمُحْسِنَاتِ مِنْكُنّ أَجْراً عَظِيماً} قَالَ: فَبَدَأَ بِعَائِشَةَ. فَقَالَ: «يَا عَائِشَةُ إِنّي أُرِيدُ أَنْ أَعْرِضَ عَلَيْكِ أَمْراً أُحِبّ أَنْ لاَ تَعْجَلِي فِيهِ حَتّى تَسْتَشِيرِي أَبَوَيْكِ» قَالَتْ: وَمَا هُوَ؟ يَا رَسُولَ اللّهِ! فَتَلاَ عَلَيْهَا الآيَةَ. قَالَتْ: أَفِيكَ، يَا رَسُولَ اللّهِ! أَسْتَشِيرُ أَبَوَيّ؟ بَلْ أَخْتَارُ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَالدّارَ الآخِرَةَ، وَأَسْأَلُكَ أَنْ لاَ تُخْبِرَ امْرَأَةً مِنْ نِسَائِكَ بِالّذِي قُلْتُ. قَالَ: «لاَ تَسْأَلُنِي امْرَأَةٌ مِنْهُنّ إِلاّ أَخْبَرْتُهَا، إِنّ اللّهَ لَمْ يَبْعَثْنِي مُعَنّتاً وَلاَ مُتَعَنّتاً، وَلَكِنْ بَعَثَنِي مُعَلّماً مُيَسّراً».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىزنى سوراپ كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىزنى بېرىلدى، ئۇ كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئىزنى سوردى، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلىنىشدى، ئۇمۇ كىرىپ كەتتى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەم قىلغان ھالدا جىم ئولتۇرغىنىنى كۆردى، ئاياللىرى ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈلدۈرىدىغان سۆزنى قىلمەن دەپ؛ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مىنىڭ ئايالىم خارىجەتىنىڭ قىزى مەندىن نەپىق مسورسا، مەن قوپۇپ ئۇنىڭ گەردىنىگە ئۇرمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ كىتىپ؛ مانا بۇلار سىلەر كۆرگەندەك، مىنىڭ ئەتراپىمدا ئولتۇرۇپ، مەندىن نەپىقە سوراۋاتىدۇ دېدى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا انىڭ گەردىنىگە ئۇردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا انىڭ گەردىنىگە ئۇردى، ھەر ئىككىلىسى: سىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سوراپ،خىجىل قىلامسىلەر؟ دېدى، ئۇلار؛ الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئەمدى مەڭگۈ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سورمايمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلىپ، ئاياللىرىدىن بىرئاي ياكى 29 كۈنى ئايرىلدى، ئاندىن: « يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُل لِّأَزْوَاجِكَ إِن كُنتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ

**3699 ـ وحدّثني أَبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ، حَدّثَنَا حَمّادٌ، حَدّثَنَا أَيّوبُ عَنْ حَفْصَةَ، عَنْ أُمّ عَطِيّةَ قَالَتْ: كُنّا نُنْهَى أَنْ نُحِدّ عَلَى مَيّتٍ فَوْقَ ثَلاَثٍ. إلاّ عَلَى زَوْجٍ، أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْراً، وَلاَ نَكْتَحِلُ، وَلاَ نَتَطَيّبُ، وَلاَ نَلْبَسُ ثَوْباً مَصْبُوغاً، وَقَدْ رُخّصَ لِلْمَرْأَةِ فِي طُهْرِهَا، إذَا اغْتَسَلَتْ إحْدَانَا مِنْ مَحِيضِهَا، فِي نُبْذَةٍ مِنْ قُسْطٍ وَأَظْفَارٍ.**

ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇپ قايغۇرۇشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئېرىگىلا تۆت ئاي ئون كۈن قارلىق تۇتۇپ، بويالغان كىيىم- كېچەكلىرىنى كەيمەيدۇ، لېكىن، يىپى بىر خىللا بوياقتا بويۇلۇپ، ئاندىن توقۇلغان كىيىمنى كىيسە بولىدۇ. سۈرمە تارتمايدۇ، خۇشپۇراق ئەتىر گىرىملىرىنى ئىشلەتمەيدۇ، لېكىن، ھەيز كېسىلىدىن پاك بولغاندا ئەزىيار ئىسمىلىك خۇشپۇراقتىن، قىستى دىگەن ئارچا ياغىچى چىلانغان سۇدا يۇيۇنسا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا خۇشپۇراق ئەتىرلىرىنى تەرىك ئېتىدۇ، چېچىنىمۇ بويىمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 1959 _ ھەدىس، ئەھمەد 19864 _ ھەدىس، بۇخارى 4923 _ ھەدىس، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 20 ـــــ كتاب اللعـــان ئەر ئاياللار ئۆز ئارا قەسەم قىلىشىش توغرىسىدا

### 659 ـــــ باب

**3700 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى قَالَ: قَرَأْتُ عَلَى مَالِكٍ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ: أَنّ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ السّاعِدِيّ أَخْبَرَهُ أَنّ عُوَيْمِراً الْعَجْلاَنِيّ جَاءَ إلَى عَاصِمِ بْنِ عَدِيَ الأَنْصَارِيّ فَقَالَ لَهُ: أَرَأَيْتَ، يَا عَاصِمُ لَوْ أَنّ رَجُلاً وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلاً، أَيَقْتُلُهُ فَتَقْتُلُونَهُ؟ أَمْ كَيْفَ يَفْعَلُ؟ فَسَلْ لِي عَنْ ذَلِكَ، يَا عَاصِمُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَسَأَلَ عَاصِمٌ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَكَرِهَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم الْمَسَائِلَ وَعَابَهَا، حَتّى كَبُرَ عَلَى عَاصِمٍ مَا سَمِعَ مِنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلَمّا رَجَعَ عَاصِمٌ إلَى أَهْلِهِ جَاءَهُ عُوَيْمِرٌ فَقَالَ: يَا عَاصِمُ مَاذَا قَالَ لَكَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم؟ قَالَ عَاصِمٌ لِعُوَيْمِرٍ: لَمْ تَأْتِنِي بِخَيْرٍ. قَدْ كَرِهَ رَسُولَ اللّهِ**

صلى الله عليه وسلم الْمَسْأَلَةَ الَّتِي سَأَلْتُهُ عَنْهَا. قَالَ عُوَيْمِرٌ: وَاللهِ! لاَ أَنْتَهِي حَتَّى أَسْأَلَهُ عَنْهَا فَأَقْبَلَ عُوَيْمِرٌ حَتَّى أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم وَسَطَ النَّاسِ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَرَأَيْتَ رَجُلاً وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلاً، أَيَقْتُلُهُ فَتَقْتُلُونَهُ؟ أَمْ كَيْفَ يَفْعَلُ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «قَدْ نَزَلَ فِيكَ وَفِي صَاحِبَتِكَ، فَاذْهَبْ فَأْتِ بِهَا».

قَالَ سَهْلٌ: فَتَلاَعَنَا، وَأَنَا مَعَ النَّاسِ، عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَلَمّا فَرَغَا قَالَ عُوَيْمِرٌ: كَذَبْتُ عَلَيْهَا، يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنْ أَمْسَكْتُهَا، فَطَلَّقَهَا ثَلاَثاً، قَبْلَ أَنْ يَأْمُرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. قَالَ ابْنُ شِهَابٍ: وَكَانَتْ تلك سُنَّةَ الْمُتَلاَعِنَيْنِ.

3701 ـ وحدّثني حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ: عَنِ ابْنِ شِهَابٍ. أَخْبَرَنِي سَهْلُ بْنُ سَعْدٍ الأَنْصَارِيّ [1] أَنّ عُوَيْمِراً الأَنْصَارِيّ مِنْ بَنِي الْعَجْلاَنِ، أَتَى عَاصِمَ بْنَ عَدِيَ. وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِمِثْلِ حَدِيثِ مَالِكٍ، وَأَدْرَجَ فِي الْحَدِيثِ قَوْلَهُ: وَكَانَ فِرَاقُهُ إِيّاهَا، بَعْدُ، سُنّةً فِي الْمُتَلاَعِنَيْنِ، وَزَادَ فِيهِ: قَالَ سَهْلٌ: فَكَانَتْ حَامِلاً، فَكَانَ ابْنُهَا يُدْعَى إِلَى أُمّهِ، ثُمّ جَرَتِ السّنّةُ أَنّهُ يَرِثُهَا وَتَرِثُ مِنْهُ مَا فَرَضَ الله لَهَا

3702 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي ابْنُ شِهَابٍ عَنِ الْمُتَلاَعِنَيْنِ وَعَنِ السّنّةِ فِيهِمَا، عَنْ حَدِيثِ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ أَخِي بَنِي سَاعِدَةَ أَنّ رَجُلاً مِنَ الأَنْصَارِ جَاءَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ أَرَأَيْتَ رَجُلاً وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلاً؟ وَذَكَرَ الْحَدِيثَ بِقِصّتِهِ، وَزَادَ فِيهِ: فَتَلاَعَنَا فِي الْمَسْجِدِ، وَأَنَا شَاهِدٌ. وَقَالَ فِي الْحَدِيثِ: فَطَلّقَهَا ثَلاَثاً قَبْلَ أَنْ يَأْمُرَهُ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَفَارَقَهَاعِنْدَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «ذَاكُمُ التّفْرِيقُ بَيْنَ كُلّ مُتَلاَعِنَيْنِ».

سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! قېنى سىلى بىر دەپ باقسىلا، سىلى زادى قانداق قارايلا؟ ئەگەر بىر ئەر ئايالى بىلەن يەنە بىر ئەركىشىنى تېپىۋالسا، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسە بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلسا، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، ياكى قانداق قىلىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن بىلەن ئايالىڭ توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىندى، بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلگىن دېدى، ئۇلار كېلىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مەسجىد ئىچىدىلا قەسەم قىلىشتى، مەن كىشىلەر بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئىدىم، ئۇلار قەسەمدىن پارىغ بولغاندا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! ئەگەر مەن ئۇنى يەنە قول ئىلكىمدە ساقلاپ قالسام، ئۇنىڭغا بوھتان قىلىپ، يالغان سۆزلىگەن بولۇپ قالىمەن دەپ، ئۇ ئايالنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇئايال بالىسىنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، كاسا ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى توم سېمىز تۇغسا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن راست سۆزلىگەن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن. ئەگەر ئۇئايال بالىسىنى خۇددى يەرگە چاپلىشىپ ماڭىدىغان قىزىل قورۇتتەك، قىزىلراق تۇغسا، ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن دېدى. ئۇئايال بالىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇۋەيمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەستىقلاپ، راست سۆزلىگەن بولىدۇ دېگەن سۈپەتتە تۇغدى. (يەنى ئۇئايال بالىسىنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، كاسا ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى توم سېمىز تۇغدى) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇبالا ئانىسىغا نىسبەت بېرىلدى.بۇخارى،مۇسلىم.

3703 ـ حدّثنا مُحَمّدُ بْنُ عَبْدِ اللّهِ بْنِ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أَبِي. ح وَحَدّثَنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ (وَاللّفْظُ لَهُ): حَدّثَنَا عَبْدُ اللّهِ بْنُ نُمَيْرٍ. حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ: عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، قَالَ: سُئِلْتُ عَنِ الْمُتَلاَعِنَيْنِ فِي إِمْرَةِ مُصْعَبٍ، أَيُفَرّقُ بَيْنَهُمَا؟ قَالَ: فَمَا دَرَيْتُ مَا أَقُولُ: فَمَضَيْتُ إِلَى مَنْزِلِ ابْنِ عُمَرَ بِمَكّةَ، فَقُلْتُ لِلْغُلاَمِ: اسْتَأْذِنْ لِي، قَالَ: إِنّهُ قَائِلٌ. فَسَمِعَ صَوْتِي، قَالَ: ابْنُ جُبَيْرٍ؟ قُلْتُ: نَعَمْ، قَالَ:

ادْخُلْ. فَوَاللَّهِ، مَا جَاءَ بِكَ، هَذِهِ السَّاعَةَ، إِلاَّ حَاجَةٌ، فَدَخَلْتُ، فَإِذَا هُوَ مُفْتَرِشٌ بَرْذَعَةً، مُتَوَسِّدٌ وِسَادَةً حَشْوُهَا لِيفٌ. قُلْتُ: أَبَا عَبْدِ الرَّحْمَنِ الْمُتَلاَعِنَانِ، أَيُفَرَّقُ بَيْنَهُمَا؟ قَالَ: سُبْحَانَ اللَّهِ نَعَمْ، إِنَّ أَوَّلَ مَنْ سَأَلَ عَنْ ذَلِكَ فُلاَنُ بْنُ فُلاَنٍ، قَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ أَرَأَيْتَ أَنْ لَوْ وَجَدَ أَحَدُنَا امْرَأَتَهُ عَلَى فَاحِشَةٍ، كَيْفَ يَصْنَعُ؟ إِنْ تَكَلَّمَ تَكَلَّمَ بِأَمْرٍ عَظِيمٍ وَإِنْ سَكَتَ سَكَتَ عَلَى مِثْلِ ذَلِكَ. قَالَ: فَسَكَتَ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَلَمْ يُجِبْهُ. فَلَمّا كَانَ بَعْدَ ذَلِكَ أَتَاهُ فَقَالَ: إِنّ الّذِي سَأَلْتُكَ عَنْهُ قَدِ ابْتُلِيتُ بِهِ، فَأَنْزَلَ اللّهُ عَزّ وَجَلّ هَؤُلاَءِ الآيَاتِ فِي سُورَةِ النّورِ: {وَالّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ} (24النور الآيات: 6 ــ 9) فَتَلاَهُنّ عَلَيْهِ وَوَعَظَهُ وَذَكّرَهُ. وَأَخْبَرَهُ أَنّ عَذَابَ الدّنْيَا أَهْوَنُ مِنْ عَذَابِ الآخِرَةِ، قَالَ: لاَ، وَالّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقّ مَا كَذَبْتُ عَلَيْهَا، ثُمّ دَعَاهَا فَوَعَظَهَا وَذَكّرَهَا وَأَخْبَرَهَا أَنّ عَذَابَ الدّنْيَا أَهْوَنُ مِنْ عَذَابِ الآخِرَةِ، قَالَتْ: لاَ، وَالّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقّ إِنّهُ لَكَاذِبٌ، فَبَدَأَ بِالرّجُلِ فَشَهِدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللهِ إِنّهُ لَمِنَ الصّادِقِينَ، وَالْخَامِسَةُ أَنّ لَعْنَةَ اللهِ عَلَيْهِ إِنْ كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ ثُمّ ثَنّى بِالْمَرْأَةِ فَشَهِدَتْ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللهِ إِنّهُ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ، وَالْخَامِسَةُ أَنّ غَضَبَ اللهِ عَلَيْهَا إِنْ كَانَ مِنَ الصّادِقِينَ، ثُمّ فَرّقَ بَيْنَهُمَا. 3704 ـ وَحَدّثَنِيهِ عَلِيّ بْنُ حُجْرٍ السّعْدِيّ: حَدّثَنَا عِيسَى بْنُ يُونُسَ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْمَلِكِ بْنُ أَبِي سُلَيْمَانَ قَالَ: سَمِعْتُ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ قَالَ: سُئِلْتُ عَنِ الْمُتَلاَعِنَيْنِ، زَمَنَ مُصْعَبِ بْنِ الزّبَيْرِ. فَلَمْ أَدْرِ مَا أَقُولُ: فَأَتَيْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ، فَقُلْتُ: أَرَأَيْتَ الْمُلاَعِنَيْنِ أَيُفَرّقُ بَيْنَهُمَا؟ ثُمّ ذَكَرَ بِمِثْلِ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەھ مۇنداق دېدۇ؛ مۇسئەبنىڭ ئەمىرلىك ۋاقتىدا مەندىن بىر بىرى بىلەن قەسەم قىلىشىپ، بىر بىرنى ئەيىپلەشكەن ئەر ئاياللار ئايرىلىۋېتىلەمدۇ؟دەپ سورالدى، مەن بۇنىڭ جاۋابىنى بىلمەي، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدۇ؛ سۇبھانەاللە!ئەلۋەتتە ئۇلار ئايرىۋېتىلىدۇ، بۇتوغرىسىدا پالانى سوئال سورىغان ئىدى، كېيىن شۇ سوئال سورىغۇچى كىشى مۇشۇ بالاغا گىرىپتار قىلىنىپ قالدى، ئاندىن بۇتوغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىندى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئايالىم بۇزۇقچىلىق قىلدى دېگەن ئەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارىسىدا قەسەم قىلدۇردى، ئەركىشى ئۇ ئايالنىڭ بالىسىدىن تېنىۋېلىپ، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، بالىنى ئانىسىغا قوشۇپ قويدى. يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، الله نىڭ ئەمىر ـ نەھىلىرىنى،ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دېدى. ئايال كىشىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، الله نىڭ ئەمىر ـ نەھىلىرىنى، ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دەپ چۈشەندۇردى. ئاندىن ئۇلارنى ئايرىۋەتتى،دېدى.بۇخارى،مۇسلىم.

3705 ـ وَحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ، وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: وَاللّفْظُ لِيَحْيَى قَالَ يَحْيَى: أَخْبَرَنَا. وَقَالَ الآخَرَانِ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ) عَنْ عَمْرٍو، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم لِلْمُتَلاَعِنَيْنِ «حِسَابُكُمَا عَلَى اللهِ. أَحَدُكُمَا كَاذِبٌ. لاَ سَبِيلَ لَكَ عَلَيْهَا» قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ مَالِي؟ قَالَ: «لاَ مَالَ لَكَ. إِنْ كُنْتَ صَدَقْتَ عَلَيْهَا فَهُوَ بِمَا اسْتَحْلَلْتَ مِنْ فَرْجِهَا. وَإِنْ كُنْتَ كَذَبْتَ عَلَيْهَا فَذَاكَ أَبْعَدُ لَكَ مِنْهَا» قَالَ زُهَيْرٌ فِي رِوَايَتِهِ: حَدّثَنَا سُفْيَانُ، عَنْ عَمْرٍو، سَمِعَ سَعِيدَ بْنَ جُبَيْرٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ ابْنَ عُمَرَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۆز ئارا قەسەم قىلىشقان ئەر ـ ئاياللارغا:« سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھېسابى الله قا، چۇقۇم بىرىڭلار يالغانچى، (سىلەردىن تۆۋبە قىلغۇچى يوقمۇ؟) دەپ، ئاندىن ئەركىشىگە؛ ئەمدى سەن ئۈچۈن بۇئايالنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق بىر يول قالمىدى،دېدى.

ئۇكىشى؛ ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ مېلىم؟دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ساڭا مېلىڭ بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ، ئەگەر سەن بۇئايالىڭ ئۈستىدىن راست سۆزلىگەن بولساڭ، ئۆمىلىڭ بۇئايالنىڭ ئەۋرىتىنى ھالال قىلغانلىقىڭنىڭ بەدىلىگە بولغان بولىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بوھتان قىلىپ يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، بۇ سەن ئۈچۈن بەكمۇ يىراق،ساڭا مال بېرىلىشى تېخىمۇ يىراقتۇر دېدى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3706 ـ3707 ـ وحدّثني أبُو الرّبِيعِ الزّهْرَانِيّ: حَدّثَنَا حَمّادٌ عَنْ أيّوبَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: فَرّقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ أخَوَيْ بَنِي الْعَجْلاَنِ، وَقالَ: «الله يَعْلَمُ أنّ أحَدَكُمَا كَاذِبٌ. فَهَلْ مِنْكُمَا تَائِبٌ؟».**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،بەنى ئەجلاندىن ئىككى كىشىنىڭ ئارلىقىنى ئايرىۋېتىپ؛ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھىسابى **الله** قا، چۈقۇم بىرىڭلار يالغانچى، بۇنى **الله** ئوبدان بىلىدۇ، سىلەردىن تۆۋبە قىلغۇچى يوقمۇ؟

**3708 ـ وحدّثنا أبُو غَسّانَ الْمِسْمَعِيّ وَ مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفْظُ لِلْمِسْمَعِيّ وَ ابْنِ الْمُثَنّى) قالُوا: حَدّثَنَا مُعَاذٌ (وَهُوَ ابْنُ هِشَامٍ) قالَ: حَدّثَنِي أبِي عَنْ قَتَادَةَ، عَنْ عَزْرَةَ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قالَ: لَمْ يُفَرّقِ الْمُصْعَبُ بَيْنَ الْمُتَلاَعِنَيْنِ، قالَ سَعِيدٌ: فَذُكِرَ ذَلِكَ لِعَبْدِ اللّهِ بْنِ عُمَرَ، فَقالَ: فَرّقَ نَبِيّ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ أخَوَيْ بَنِي الْعَجْلاَنِ.**
**3709 ـ وحدّثنا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَ قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: قالاَ: حَدّثَنَا مَالِكٌ. ح وَحَدّثَنَا يَحْيَى ابْنُ يَحْيَىَ (وَاللّفْظُ لَهُ) قالَ: قُلْتُ لِمَالِكٍ: حَدّثَكَ نَافِعٌ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أنّ رَجُلاً لاَعَنَ امْرَأتَهُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَفَرّقَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَهُمَا وَألْحَقَ الْوَلَدَ بِأُمّهِ؟ قالَ: نَعَمْ.**
**3710 ـ3711 ـ وحدّثنا أبُو بَكْرِ بْنُ أبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا أبُو أُسَامَةَ. ح وَحَدّثَنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثَنَا أبِي قالاَ: حَدّثَنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ قالَ: لاَعَنَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَ رَجُلٍ مِنَ الأنْصَارِ وَامْرَأتِهِ، وَفَرّقَ بَيْنَهُمَا.**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەنسارلاردىن ئايالىم بۇزۇقچىلىق قىلدى دېگەن بىر ئەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارىسىدا قەسەم قىلدۇردى، ئەركىشى ئۇ ئايالنىڭ بالىسىدىن تېنىۋېلىپ، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، بالىنى ئانىسىغا قوشۇپ قويدى. يەنە بىر خاتىردە؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، **الله** نىڭ ئەمىر ـ نەھىلىرىنى،ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دېدى. ئايال كىشىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، **الله** نىڭ ئەمىر ـ نەھىلىرىنى،ئاخىرەتنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭغا بۇدۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن شۇنداق ئاسان،يەڭگىل دەپ چۈشەندۈردى. بۇخارى،مۇسلىم.

**3712 ـ 3713 ـ يۇقىرىغا ئوخشاشتۇر.**

**3714 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى، حَدّثَنَا عَبْدُ الأعْلَى، حَدّثَنَا هِشَامٌ، عَنْ مُحَمّدٍ قالَ: سَألْتُ أنَسَ بْنَ مَالِكٍ وَأنَا أرَى أنّ عِنْدَهُ مِنْهُ عِلْماً. فَقالَ: إنّ هِلاَلَ بْنَ أُمَيّةَ قَذَفَ امْرَأتَهُ بِشَرِيكِ بْنِ سَحْمَاءَ، وَكَانَ أخَا الْبَرَاءِ بْنِ مَالِكٍ لأُمّهِ، وَكَانَ أوّلَ رَجُلٍ لاَعَنَ فِي الإسْلاَمِ، قالَ: فَلاَعَنَهَا. فَقالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أبْصِرُوهَا، فَإنْ جَاءَتْ بِهِ أبْيَضَ سَبِطاً قَضِيءَ الْعَيْنَيْنِ فَهُوَ لِهِلاَلِ بْنِ أُمَيّةَ، وَإنْ جَاءَتْ بِهِ أكْحَلَ جَعْداً حَمْشَ السّاقَيْنِ فَهُوَ لِشَرِيكِ بْنِ سَحْمَاءَ» قالَ: فَأُنْبِئْتُ أنّهَا جَاءَتْ بِهِ أكْحَلَ جَعْداً حَمْشَ السّاقَيْنِ.**

**3715 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ رُمْحِ بْنِ الْمُهَاجِرِ وَ عِيسَى بْنُ حَمّادٍ الْمِصْرِيّانِ (وَاللّفْظُ لابْنِ رُمْحٍ) قالاَ: أَخْبَرَنَا اللّيْثُ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ، عَنْ عَبْدِ الرّحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ، عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مَحَمّدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ قال: ذُكِرَ التّلاَعُنُ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فقَالَ عَاصِمُ بْنُ عَدِيَ فِي ذَلِكَ قوْلاً. ثُمّ انْصَرَفَ. فَأَتَاهُ رَجُلٌ مِنْ قَوْمِهِ يَشْكُو إِلَيْهِ أَنّهُ وَجَدَ مَعَ أَهْلِهِ رَجُلاً. فقَالَ عَاصِمٌ: مَا ابْتُلِيتُ بِهَذَا إِلاّ لِقَوْلِي. فَذَهَبَ بِهِ إِلَى رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَأَخْبَرَهُ بِالّذِي وَجَدَ عَلَيْهِ امْرَأَتَهُ، وَكَانَ ذَلِكَ الرّجُلُ مُصْفَرّا، قَلِيلَ اللّحْمِ، سَبِطَ الشّعَرِ. وَكَانَ الّذِي ادّعَى عَلَيْهِ أَنّهُ وَجَدَ عِنْدَ أَهْلِهِ، خَدْلاً، آدَمَ، كَثِيرَ اللّحْمِ. فقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اللّهُمّ بَيّنْ» فَوَضَعَتْ شَبِيهاً بِالرّجُلِ الّذِي ذَكَرَ زَوْجُهَا أَنّهُ وَجَدَهُ عِنْدَهَا. فَلاَعَنَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم بَيْنَهُمَا. فقَالَ رَجُلٌ لابْنِ عَبّاسٍ، فِي الْمَجْلِسِ: أَهِيَ الّتِي قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لَوْ رَجَمْتُ أَحَداً بِغَيْرِ بَيّنَةٍ رَجَمْتُ هَذِهِ؟» فقَالَ ابْنُ عَبّاسٍ: لاَ. تِلْكَ امْرَأَةٌ كَانَتْ تُظْهِرُ فِي الإِسْلاَمِ السّوءَ.**

**3716 ـ3717 ـ وَحَدّثَنِيهِ أَحْمَدُ بْنُ يُوسُفَ الأَزْدِيّ: حَدّثَنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبِي أُوَيْسٍ: حَدّثَنِي سُلَيْمَان (يَعْنِي ابْنَ بِلاَلٍ) عَنْ يَحْيَى، حَدّثَنِي عَبْدُ الرّحْمَنِ بْنُ الْقَاسِمِ عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ أَنّهُ قَالَ: ذُكِرَ الْمُتَلاَعِنَانِ عِنْدَ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، بِمِثْلِ حَدِيثِ اللّيْثِ، وَزَادَ فِيهِ، بَعْدَ قَوْلِهِ كَثِيرَ اللّحْمِ، قَالَ: جَعْداً قَطَطاً.**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىلا، شەرىيك ئىبنى سەھمائ بىلەن ئايالىم زىنا قىلدى دەپ، ئايالىغابوھتان چاپلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈر، ئۇنداق بولمىسا، ئۇچاڭغا جازا قامچىسى يەيسەن دېدى، ئۇ: ئى **الله** نىڭ ئەلچىسى! بىزنىڭ بىرىمىز ئۆز ئايالى ئۇستىدە يەنەبىر يات ئەرنى كۆرسە، دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچى ئىزدەپ باشقا ياققا يۈرۈپ كېتەمدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە؛ دەلىل ـ ئىسپات،گۇۋاھچى كەلتۈر، ئۇنداق بولمىسا، ئۇچاڭغا جازا قامچىسى يەيسەن دېدى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەۋەتكەن زات **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئەلۋەتتە راست سۆزلىگۈچىمەن، چۇقۇم **الله** تائالا مىنىڭ ئۇچامنى جازا قامچىسىدىن قۇتقۇزىدىغان ئايەت نازىل قىلىدۇ، دېدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل قىلىندى:« وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاء فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا مِن بَعْدِ ذَلِكَ وَأَصْلَحُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُن لَّهُمْ شُهَدَاء إِلَّا أَنفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ أَحَدِهِمْ أَرْبَعُ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَتَ اللَّهِ عَلَيْهِ إِن كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ وَيَدْرَأُ عَنْهَا الْعَذَابَ أَنْ تَشْهَدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ وَالْخَامِسَةَ أَنَّ غَضَبَ اللَّهِ عَلَيْهَا إِن كَانَ مِنَ الصَّادِقِينَ

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئايالارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ

ئابروينى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، اللهنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر). كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغفىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر. خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئەگەر ئۇ راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمىنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللهنىڭ غەزىۋى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)، الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (سۈرە نۇر 4 ـ 10 ـ ئايەتلەر) ئاندىن ھىلال ئىبنى ئۇمەييەرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ھۇۋاھلىق بېرىپ، قەسەم قىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۆز ئارا قەسەم قىلىشقان ئەر ـ ئاياللارغا:« سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھىسابى الله قا، الله تائالا چۇقۇم بىرىڭلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىنى بىلىدۇ، سىلەردىن تۆۋبە قىلغۇچى يوقمۇ؟دېدى. ئاندىن ئايال كىشى تۇرۇپ، تۆت قېتىم قەسەم قىلدى، بەشىنچى قېتىمدا، ئۇلار ئۇنى قەسىمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن توختۇتۇپ تۇرۇپ؛ بۇ بەشىنچى قېتىمقىسى ئازاپنى مۇقۇم قىلىۋىتىدۇ جۇمۇ!! دېدى، ئۇئايال بىرئاز توختاپ، كەينىگە چېكىنمەكچى بۇلۇپ، قەسەمنى تەخىرقىلغاندا، بىز؛ ئەمدى ئۇ قەسىمدىن قايتىپ، يېنىۋالىدىغان بولدى دەپ گۇمان قىلىشتۇق، ئاندىن ئۇئايال؛ بۇگۇندىن باشلاپ مەن ھەرگىز قەۋمىمنى رەسۋا قىلمايمەن دەپ، قەسىمنى يۇرۇتۇپ، داۋام قىلىۋەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:ئۇنى كۇزۇتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇئايال بالىسىنى كۆزلىرى كەڭ ھەم قارا، ئىككى ساغرىسى چوڭ، ئىككى پاچىقى توم سىمىز تۇغسا، ئۇچاغدا بالا شەرىيك ئىبنى سەھمائىنىڭ بۇلىدۇ دېدى، ئۇئايال بالىسىنى دەل شۇنداق تۇغدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر الله نىڭ كىتابىدا يۇقىردا ئۆكەن كۆرسەتمىلەر بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مىنىڭ

بۇئايال بىلەن ھساپ ـ كىتاپ قىلىشىدىغان ئىشىم بارئىدى(يەنى ئۇنى رجىم،تاش ـ بۇران قىلىپ ئۆلتۈرەتتىم)

دېدى.يەنەبىردە؛ بۇئايال ئىسلامدا يامان ئىشنى ئۇچۇق ئاشكارا قىلغان ئايال دېيىلگەن.ئىمام بۇخارى توپلىغان.

3718 ـ حدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثَنَا عَبْدُ الْعَزِيزِ (يَعْنِي الدّارَاوَرْدِيّ) عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ الأَنْصَارِيّ قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! أَرَأَيْتَ الرّجُلَ يَجِدُ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلاً أَيَقْتُلُهُ؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ» قَالَ سَعْدٌ: بَلَى، وَالّذِي أَكْرَمَكَ بِالْحَقّ فَقَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «اسْمَعُوا إِلَى مَا يَقُولُ سَيّدُكُمْ».
3719 ـ وحدّثني زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ: حَدّثَنِي إِسْحَقُ بْنُ عِيسَى: حَدّثَنَا مَالِكٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ قَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنْ وَجَدْتُ مَعَ امْرَأَتِي رَجُلاً، أَأُمْهِلُهُ حَتّى آتِيَ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ؟ قَالَ «نَعَمْ».
3720 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثَنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ، حَدّثَنِي سُهَيْلٌ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ: يَا رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم! لَوْ وَجَدْتُ مَعَ أَهْلِي رَجُلاً، لَم أَمَسّهُ حَتّى آتِيَ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ؟ قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «نَعَمْ» قَالَ: كَلاّ، وَالّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقّ! إِنْ كُنْتُ لأُعَاجِلُهُ بِالسّيْفِ قَبْلَ ذَلِكَ، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم «اسْمَعُوا إِلَى مَا يَقُولُ سَيّدُكُمْ، إِنّهُ لَغَيُورٌ، وَأَنَا أَغْيَرُ مِنْهُ، وَاللّهُ أَغْيَرُ مِنّي».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئەر كىشىنى تاپسام، تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىگىچە ئۇنىڭغا چېقىلالمامدىم؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ ھەئە ، چېقىلالمايسەن دېدى، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ؛ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق، سىلىنى ھەقلىق بىلەن ئەۋەتكەن **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرۈشۈمدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تىزلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ؛ سەييىد خوجاڭلارنىڭ دىگەن سۆزىگە قۇلاق سىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كۈندەشلىكى بەك كۈچلۈك ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۈنلەيمەن، **الله** تائالا مەندىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىك قىلىدۇ دېدى.

3721 ـ3722 ـ حدّثني عُبَيْدُ اللّهِ بْنُ عُمَرَ الْقَوَارِيرِيّ، وَ أَبُو كَامِلٍ فُضَيْلُ بْنُ حُسَيْنٍ الْجَحْدَرِيّ (وَاللّفْظُ لأَبِي كَامِلٍ) قَالاَ: حَدّثَنَا أَبُو عَوَانَةَ عَنْ عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ عُمَيْرٍ، عَنْ وَرّادٍ (كَاتِبِ الْمُغِيرَةِ)، عَنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ: قَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ: لَوْ رَأَيْتُ رَجُلاً مَعَ امْرَأَتِي لَضَرَبْتُهُ بِالسّيْفِ غَيْرُ مُصْفِحٍ عَنْهُ، فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم. فَقَالَ: «أَتَعْجَبُونَ مِنْ غَيْرَةِ سَعْدٍ؟ فَوَاللهِ لأَنَا أَغْيَرُ مِنْهُ، وَاللهُ أَغْيَرُ مِنّي، مِنْ أَجْلِ غَيْرَةِ اللهِ حَرّمَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ، وَلاَ شَخْصَ أَغْيَرُ مِنَ اللهِ، وَلاَ شَخْصَ أَحَبّ إِلَيْهِ الْعُذْرُ مِنَ اللهِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ بَعَثَ اللهُ الْمُرْسَلِينَ مُبَشّرِينَ وَمُنْذِرِينَ، وَلاَ شَخْصَ أَحَبّ إِلَيْهِ الْمِدْحَةُ مِنَ اللهِ، مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ وَعَدَ اللهُ الْجَنّةَ».

ئىبنى مەسئۇد،مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، سەئدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؛ ئەگەر مەن بىرەر ئەركىشىنى ئايالىم بىلەن بىللە كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قىلىچنىڭ يان تەرىپىنى ئۇرماستىن بەلكى تىغ بىسىسىنى ئۇرىمەن دىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكەندە مۇنداق دىدى:سىلەر سەئدىنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران قىلىۋاتامسىلەر؟ **الله** بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكراق كۈندەشلىك قىلىمەن، **الله** مەندىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىك قىلىدۇ، ئاللاھدىنمۇ قاتتىق كۈندەشلىك قىلىدىغان كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھتائالا، پاھىشە، زىنانىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇنلىرىنى ھارام قىلدى، ئاللاھدىنمۇ بەكرەك ئۆزرە قالدۇرماسلىقنى، ئۆزرىنى بۇرۇن قويۇپ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت قويۇشنى ئۆزىگە ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق، شۇڭا

ئاللاھتائالا ھۆججەت قويۇش، ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىشارەتچى ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلدى. ئاللاھدىنمۇ بەكرەك مەدھىيە، سانا، گۈزەل ماختاشلار ئۆزىگە سۆيۈملۈك كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھ ئۆز ـــ ئۆزىنى مەدھىيلەپ سانا ئوقۇدى، ھەم ئۇگەتتى،ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋەدە قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3723 ـ3724 ــ وحدّثناه قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ وَ أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ عَمْرٌو النّاقِدُ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ (وَاللّفْظُ لِقُتَيْبَةَ) قَالُوا: حَدّثَنَا سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَةَ، عَنِ الزّهْرِيّ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيّبِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي فَزَارَةَ إِلَى النّبِيّ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: إِنّ إمْرَأَتِي وَلَدَتْ غُلاَماً أَسْوَدَ، فَقَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ لَكَ مِنْ إِبِلٍ؟» قَالَ: «نَعَمْ»، قَالَ: «فَمَا أَلْوَانُهَا؟» قَالَ: حُمْرٌ، قَالَ: «هَلْ فِيهَا مِنْ أَوْرَقَ؟» قَالَ: إِنّ فِيهَا لَوُرْقاً، قَالَ: «فَأَنّى أَتَاهَا ذَلِكَ؟» قَالَ: عَسَى أَنْ يَكُونَ نَزَعَهُ عِرْقٌ، قَالَ: «وَهَذَا عَسَى أَنْ يَكُونَ نَزَعَهُ عِرْقٌ»، 3725 ـ3726 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ وَ حَرْمَلَةُ بْنُ يَحْيَى (وَاللّفْظُ لِحَرْمَلَةَ)، قَالاَ: أَخْبَرَنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي يُونُسُ عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ أَعْرَابِيّا أَتَى رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللّهِ! إِنّ امْرَأَتِي وَلَدَتْ غُلاَماً أَسْوَدَ، وَإِنّي أَنْكَرْتُهُ، فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «هَلْ لَكَ مِنْ إِبِلٍ؟» قَالَ: نَعَمْ، قَالَ: «مَا أَلْوَانُهَا؟» قَالَ: حُمْرٌ، قَالَ: «فَهَلْ فِيهَا مِنْ أَوْرَقَ؟» قَالَ: نَعَمْ، قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «فَأَنّى هُوَ؟» قَالَ: لَعَلّهُ، يَا رَسُولَ اللّهِ يَكُونُ نَزَعَهُ عِرْقٌ لَهُ، فَقَالَ لَهُ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «وَهَذَا لَعَلّهُ يَكُونُ نَزَعَهُ عِرْقٌ لَهُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بىر ئەئرابىي كىشى كېلىپ؛ مېنىڭ ئايالىم رەڭگى، تېرىسى قارا بىر بالىنى تۇغۇپ قويدى، مەن ئۇبالىنى ئىنكار قىلىپ تېنىۋالدىم دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟دەپ سورىدى، ئۇكىشى؛ ھەئە بار دېدى، تۆگەڭنىڭ رەڭگى قانداق؟ ئۇ؛ قىزىل دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوز تۆگىمۇ بارمۇ؟ ئۇ؛ ھەئە باردېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ئۇ بوز تۆگىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى قانداق قارايسەن؟ ئۇ قەيەردىن كەلدى؟ دېدى، ئۇكىشى؛ تۆگىلەرنىڭ ئەجدادىدىكى قان تومۇرى تارتىپ كېتىپ شۇنداق كەلگەندۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ؛ ھە! ئەلۋەتتە سېنىڭ بالاڭنىڭ رەڭگىنىمۇ مۇشۇ قان تومۇردىكى نەرسە تاتىپ كېتىپ شۇنداق تۇغۇلغاندۇر دەپ، ئۇكىشىگە بالىسىنى ئىنكار قىلىپ تېنىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. بۇخارى،مۇسلىم.

## 21 ـــــ كتـــاب العتـــق قۇل ئازاد قىلىشنىڭ كىتابى

### 660 ـــــ باب 2008-2-10-م.1429-2-صفر 4-ھى

3727 ـ3728 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قَالَ: قُلْتُ لِمَالِكٍ: حَدّثَكَ نَافِعٌ عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ أَعْتَقَ شِرْكاً لَهُ فِي عَبْدٍ، فَكَانَ لَهُ مَالٌ يَبْلُغُ ثَمَنَ الْعَبْدِ، قُوّمَ عَلَيْهِ قِيمَةَ الْعَدْلِ، فَأَعْطَى شُرَكَاءَهُ حِصَصَهُمْ، وَعَتَقَ عَلَيْهِ الْعَبْدُ، وَإِلاّ فَقَدْ عَتَقَ مِنْهُ مَا عَتَقَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان شېرىكچىلىكىنى ئازاد قىلسا، ئۇ قۇلنىڭ مال ـــ مۈلكى بولسا، بۇ مال ـــ مۈلۈك شۇ قۇلنىڭ پۇلىغا يەنى باھالىنىدىغان قىممىتىگە يەتسە، ئۇ قۇل ئادىل باھا بويىچە قىممەت قويۇلۇپ باھالىنىدۇ، ئاندىن باشقا

شېرىكلەرگە ئۇلارنىڭ نىسىۋىسى شۇ قۇلنىڭ پۇلىدىن بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇل پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ بېرىدىغان پۇلى، مېلى بولمىسا، ئۇ قۇلدىن ئازاد قىلىنغان يېرى ئازاد قىلىنىدۇ. (قالغان شېرىكلەرگە ئىشلەپ بېرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ قۇل بىر نەچچە خوجايىننىڭ شېرىكچىلىكىدە ئاي كۈنلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەيدىغان قۇلدۇر، كىم ئازاد قىلسا، شۇنىڭ ئىشىدىن ئازاد بولىدۇ.مال ـ مۈلۈكى بولسا، پۈتۈنلەي ئازات قىلىنىدۇ، بولمىسا، قالغانلارغا ئىشلەيدۇ.

## 661 ـــــ باب ذكر سعاية العبد

### يېرىمى ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ، قالغان يېرىمىغا ئىشلەپ بېرىپ ئازاد بولىشى توغرىسىدا

3729 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثَنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ (وَاللّفظ لاِبْنِ الْمُثَنّى) قالاَ: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، عَنْ قتَادَةَ، عَنِ النّضْرِ بْنِ أنَسٍ، عَنْ بَشِيرِ بْنِ نَهِيكٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ: فِي الْمَمْلُوكِ بَيْنَ الرّجُلَيْنِ فَيُعْتَقُ أحَدُهُمَا قالَ: «يَضْمَنُ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشى ئارىسىدىكى قۇل توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆز نىسىۋىسىنى ئازاد قىلسا، يەنەبىرسىمۇ ئازاد قىلىشى لازىم. ياكى ئازاد قىلىنغان قۇل باي بولسا، قالغان پۇلنى بېرىپ ئازاد بولىدۇ،دېدى.

3730 ـ وحدّثني عَمْرٌو النّاقِدُ: حَدّثنَا إسْمَاعِيلُ بْنُ إبْرَاهِيمَ، عَنِ ابْنِ أبِي عَرُوبَةَ، عَنْ قتَادَةَ، عَنِ النّضْرِ بْنِ أنَسٍ، عَنْ بَشِيرِ بْنِ نَهِيكٍ، عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ أعْتَقَ شِقْصاً لَهُ فِي عَبْدٍ، فخَلاَصُهُ فِي مَالِهِ إنْ كَانَ لَهُ مَالٌ، فَإنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ مَالٌ، اسْتَسْعِيَ الْعَبْدُ غَيْرَ مَشْقُوقٍ عَلَيْهِ».

3731 ـ 3732 ـ وحدّثناه عَلِيّ بْنُ خَشْرَمٍ: أخْبَرَنَا عِيسَى (يَعْنِي ابْنَ يُونُسَ) عَنْ سَعِيدِ بْنُ أبِي عَرُوبَةَ بِهَذَا الإسْنَادِ، وَزَادَ «إنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ مَالٌ قوّمَ عَلَيْهِ الْعَبْدُ قِيمَةَ عَدْلٍ، ثُمّ يُسْتَسْعَى فِي نَصِيبِ الّذِي لَمْ يُعْتِقْ، غَيْرَ مَشْقُوقٍ عَلَيْهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلدىن يېرىمىنى ئازاد قىلسا، شۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئۇ قۇلنىڭ مېلىدىن ئېلىپ پۈتۈنلەي خالاس قىلىشى، ئازاد قىلىۋېتىشى ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ مال ـ مۈلكى بولمىسا، ئادىل باھا بويىچە قىممىتى، باھاسى بېكىتىلىپ، ئاندىن ئۇ قۇل قىلىپ قالغان يېرىمىغا مۇشەققەتكە سېلىنماستىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىنماستىن ئىشلەپ بېرىدۇ، (ئىشلەپ قەرزىنى تۈگەتسە ئاندىن ئازاد قىلىنىدۇ، بۇ يۇقىرقى ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇندۇر قۇلنىڭ يېرىمى ئازاد بولسا، قالغان قىسمىمۇ ئازاد قىلىنىدۇ).ئەھمەد،بەيھەقى بۇخارى،مۇسلىم،تۆت كىتاب سەھىھ.

## 662 ـــــ باب إنما الولاء لمن أعتق

### ۋەلىيلىك، ئىگىلىك ھوقۇقى ئازاد قىلغان كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ، دېگەن توغرىسىدا

3733 ـ وحدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى، قالَ: قرَأتُ عَلَى مَالِكٍ، عَنْ نَافِعٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ، عَنْ عَائِشَةَ أنّهَا أرَادَتْ أنْ تَشْتَرِيَ جَارِيَةً تُعْتِقُهَا، فقَالَ أهْلُهَا: نَبِيعُكِهَا عَلَى أنّ وَلاَءَهَا لَنَا، فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فقَالَ: «لاَ يَمْنَعُكِ ذَلِكِ، فَإنّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أعْتَقَ».

3734 ـ3735 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، عَنْ عُرْوَةَ [1] أنّ عَائِشَةَ أَخْبَرَتْهُ أنّ بَرِيرَةَ جَاءَتْ عَائِشَةَ تَسْتَعِينُهَا فِي كِتَابَتِهَا، وَلَمْ تَكُنْ قَضَتْ مِنْ كِتَابَتِهَا شَيْئاً، فَقَالَتْ لَهَا عَائِشَةُ: ارْجِعِي إِلَى أَهْلِكِ، فَإِنْ أَحبّوا أَنْ أَقْضِيَ عَنْكِ كِتَابَتَكِ، وَيَكُونَ وَلاَؤُكِ لِي، فَعَلْتُ، فَذَكَرَتْ ذَلِكَ بَرِيرَةُ لأَهْلِهَا، فَأَبَوْا، وَقَالُوا: إِنْ شَاءَتْ أَنْ تَحْتَسِبَ عَلَيْكِ فَلْتَفْعَلْ، وَيَكُونَ لَنَا وَلاَؤُكِ، فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: ابْتَاعِي فَأَعْتِقِي، فَإِنّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أَعْتَقَ» ثُمّ قَامَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: «مَا بَالُ أُنَاسٍ يَشْتَرِطُونَ شُرُوطاً لَيْسَتْ فِي كِتَابِ اللّهِ؟ مَنِ اشْتَرَطَ شَرْطاً لَيْسَ فِي كِتَابِ اللّهِ، فَلَيْسَ لَهُ، وَإِنْ شَرَطَ مِائَةَ مَرّةٍ، شَرْطُ اللّهِ أَحَقّ وَأَوْثَقُ».

3736 ـ3737 ـ وحدّثنا أَبُو كُرَيْبٍ مُحَمّدُ بْنُ الْعَلاَءِ الْهَمْدَانِيّ: حَدّثنَا أَبُو أُسَامَةَ: حَدّثنَا هِشَامُ بْنُ عُرْوَةَ: أَخْبَرَنِي أَبِي، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: دَخَلَتْ عَلَيّ بَرِيرَةُ فَقَالَتْ: إِنّ أَهْلِي كَاتَبُونِي عَلَى تِسْعِ أَوَاقٍ فِي تِسْعِ سِنِينَ، فِي كُلّ سَنَةٍ أُوقِيّةٌ، فَأَعِينِينِي، فَقُلْتُ لَهَا: إِنْ شَاءَ أَهْلُكِ أَنْ أَعُدّهَا لَهُمْ عَدّةً وَاحِدَةً، وَأُعْتِقَكِ، وَيَكُونَ الْوَلاَءُ لِي، فَعَلْتُ، فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لأَهْلِهَا، فَأَبَوْا إِلاّ أَنْ يَكُونَ الْوَلاَءُ لَهُمْ، فَأَتَتْنِي فَذَكَرَتْ ذَلِكَ. قَالَتْ: فَانْتَهَرْتُهَا. فَقَالَتْ: لاَهَا اللّهِ إِذَا، قَالَتْ: فَسَمِعَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم، فَسَأَلَنِي فَأَخْبَرْتُهُ. فَقَالَ: «اشْتَرِيهَا وَأَعْتِقِيهَا»، وَاشْتَرِطِي لَهُمُ الْوَلاَءَ، فَإِنّ الْوَلاَءَ لِمَنْ أَعْتَقَ» فَفَعَلْتُ، قَالَتْ: ثُمّ خَطَبَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم عَشِيّةً، فَحَمِدَ اللّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ، ثُمّ قَالَ «أَمّا بَعْدُ، فَمَا بَالُ أَقْوَامٍ يَشْتَرِطُونَ شُرُوطاً لَيْسَتْ فِي كِتَابِ اللّهِ؟ مَا كَانَ مِنْ شَرْطٍ لَيْسَ فِي كِتَابِ اللّهِ عَزّ وَجَلّ فَهُوَ بَاطِلٌ، وَإِنْ كَانَ مِائَةَ شَرْطٍ، كِتَابُ اللّهِ أَحَقّ، وَشَرْطُ اللّهِ أَوْثَقُ، مَا بَالُ رِجَالٍ مِنْكُمْ يَقُولُ أَحَدُهُمْ: أَعْتِقْ فُلاَناً وَالْوَلاَءُ لِي، إِنّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أَعْتَقَ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، بەرىرە قېشىمغا كېلىپ؛ مەن ھەر يىلى بىر ۋۇقىي كۈمۈش بېرىشكە، توققۇز ۋۇقىي يەنى 360 دەرھەم كۈمۈش بەرسەم، ئازات بولۇشۇمغا خوجايىنىم بىلەن خەت، ھۆججەت يېزىشتىم، سىلى ماڭا ياردەم قىلغان بولسىلا دېدى، مەن ئۇنىڭغا؛ سەن ئۆيۈڭدىكىلەرگە بېرىپ، مەسلىھەت سېلىپ باققىن، ئەگەر ئۇلار شۇ پۇللارنى مېنىڭ تەييارلاپ بېرىشىمگە، سېنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىشىمغا، ئاندىن سېنىڭ ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقۇڭ مەن ئۈچۈن بولۇشقا قوشۇلسا، مەن شۇنداق قىلاي، سېنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلاي دېدىم، ئۇ ئۆيىگە كېتىپ، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى، لېكىن مېنى ئازات قىلغاندىكى ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بولىشىغا قوشۇلىدىكەن دەپ كەلدى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: سىز ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىۋېرىڭ دەپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، خۇتبە سۆزلەپ، **الله** قا ھەمدۇ ـ سانا ئەيتقاندىن كېيىن « ئەمما بەئدۇ، بەزى قەۋملەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا يوق شەرتلەرنى شەرت قويىۋاپتۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا يوق بولغان شەرتلەر باتىلدۇر، گەرچە 100 شەرت بولسىمۇ باتىل، ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەڭ ھەقلىق، لايىقتۇر، ئاللاھنىڭ قويۇپ بەرگەن شەرتلىرى ئەڭ ئىشەنچىلىك، مۇستەھكەمدۇر، ھەقىقەتەن ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقى ئازاد قىلغان كىشىگە بېرىلىدۇ، يەنى قۇل ئازاد قىلغۇچى، شۇ قۇلنىڭ ۋەلىسى، ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ،دېدى. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم،تىرمىزى، نەسەئى،ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ماجە سەھىھ

3738 ـ3739 ـ 3740 ـ3741 ـ3742 ـ وحدّثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى وَ ابْنُ بَشّارٍ، جَمِيعاً عَنْ أَبِي هِشَامٍ، قَالَ ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُغِيرَةُ بْنُ سَلَمَةَ الْمَخْزُومِيّ وَ أَبُو هِشَامٍ: حَدّثنَا وُهَيْبٌ: حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّهِ عَنْ يَزِيدَ بْنِ رُومَانَ، عَنْ عُرْوَةَ، عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: كَانَ زَوْجُ بَرِيرَةَ عَبْداً.

ئابدۇررەھمان بەرىرىنىڭ ئېرى ھۆر دېسە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بەرىرىنىڭ ئېرى قۇل ئىدى، دېدى.

3743 ـ وحدّثني أَبُو الطّاهِرِ: حَدّثنَا ابْنُ وَهْبٍ: أَخْبَرَنِي مَالِكُ بْنُ أَنَسٍ، عَنْ رَبِيعَةَ بْنِ أَبِي عَبْدِ الرّحْمَنِ، عَنِ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمّدٍ، عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم أَنّهَا قَالَتْ: كَانَ فِي بَرِيرَةَ ثَلاَثُ سُنَنٍ: خُيّرَتْ عَلَى زَوْجِهَا حِينَ عَتَقَتْ، وَأُهْدِيَ لَهَا لَحْمٌ فَدَخَلَ

عَلَيّ رَسُولُ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم وَالْبُرْمَةُ عَلَى النَّارِ، فَدَعَا بطعَامٍ، فَأُتِيَ بِخُبْزٍ وَأُدْمٍ مِنْ أُدُمِ الْبَيْتِ، فقال «أَلَمْ أَرَ بُرْمَةً عَلَى النَّارِ فِيهَا لَحْمٌ؟» فقالوا: بَلَى، يَا رَسُولَ اللّٰهِ! ذٰلِكَ لَحْمٌ تُصُدِّقَ بِهِ عَلَى بَرِيرَةَ، فَكَرِهْنَا أَنْ نُطْعِمَكَ مِنْهُ، فقال: «هُوَ عَلَيْهَا صَدَقَةٌ وَهُوَ مِنْهَا لَنَا هَدِيَّةٌ»، وَقَالَ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم فِيهَا: «إِنَّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أَعْتَقَ».

3744 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا خَالِدُ بْنُ مَخْلَدٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بِلاَلٍ، حَدّثنِي سُهَيْلُ بْنُ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: أَرَادَتْ عَائِشَةُ أَنْ تَشْتَرِيَ جَارِيَةً تُعْتِقُهَا، فَأَبَى أَهْلُهَا إِلاّ أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْوَلاَءُ، فَذَكَرَتْ ذٰلِكَ لِرَسُولِ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ «لاَ يَمْنَعُكِ ذٰلِكِ، فَإِنّمَا الْوَلاَءُ لِمَنْ أَعْتَقَ».

ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، بەرىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھاتوغرىسىدا ئۈچ سۈننەت قانۇن يولغا قويۇلغان؛

1 ـ ئۇ ئازات قىلىنغاندا، ئېرى بىلەن بىللە ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكتە ئۆزىنىڭغا ئىختىيارلىق بىلگەن.

2 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ۋەلىيلىك،ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئازات قىلغان كىشىگە خاستۇر دېگەن.

3 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرگەندە قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھقا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۈرۈلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛قازاندا گۆش قاينىغىنىنى كۆرمىدىممۇ؟دېدى. ئۇلار؛ شۇنداق قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ بەرىرىگە زاكاتتىن سەدىقە قىلىنغان گۆشتۇر، سىلى زاكات يېمەيلا، شۇڭا ئۆي چېيى بىلەن نان كەلتۈرۈلدى،دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇ بەرىرىگە سەدىقە بولىدۇ، بىزگە بولسا بەرىرىدىن ھەدىيە قىلىنغان بولىدۇ،دېدى. (راست، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، بەرىرىمۇ ئۆزىگە قىلىنغان سەدىقە قويىنى ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەرگەن). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد .

## 663 ـــــ باب النهي عن بيع الولاء وهبته

**ۋەلىيلىك، ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىشتىن، باشقىلارغا سوغا قىلىپ بېرىۋېتىشتىن توسۇش توغرىسىدا**

3745 ـ حدّثنا يَحْيَى بْنُ يَحْيَى التَّمِيمِيّ: أَخْبَرَنَا سُلَيْمَانُ بْنُ بِلاَلٍ، عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنّ رَسُولَ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ بَيْعِ الْوَلاَءِ وَعَنْ هِبَتِهِ. قَالَ مُسْلِمٌ: النَّاسُ كُلّهُمْ عِيَالٌ، عَلَى عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ دِينَارٍ، فِي هَذَا الْحَدِيثِ.

3746 ـ وحدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، قَالاَ: حَدّثنَا ابْنُ عُيَيْنَةَ، ح وحَدّثنَا يَحْيَى بْنُ أَيّوبَ وَ قُتَيْبَةُ وَ ابْنُ حُجْرٍ، قَالُوا: حَدّثنَا إِسْمَاعِيلُ بْنُ جَعْفَرٍ، ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أَبِي: حَدّثنَا سُفْيَانُ بْنُ سَعِيدٍ، ح وحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى: حَدّثنَا مُحَمّدُ بْنُ جَعْفَرٍ: حَدّثنَا شُعْبَةُ، ح وَحَدّثنَا ابْنُ الْمُثنّى. قَالَ: حَدّثنَا عَبْدُ الْوَهّابِ، حَدّثنَا عُبَيْدُ اللّٰهِ، ح وحَدّثنَا ابْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا ابْنُ أَبِي فُدَيْكٍ: أَخْبَرَنَا الضَّحّاكُ (يَعْنِي ابْنَ عُثْمَانَ)، كُلّ هَٰؤُلاَءِ عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ دِينَارٍ، عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النَّبِيّ صلى الله عليه وسلم بِمِثْلِهِ، غَيْرَ أَنّ الثّقَفِيّ لَيْسَ فِي حَدِيثِهِ عَنْ عُبَيْدِ اللّٰهِ، إِلاّ الْبَيْعُ، وَلَمْ يَذْكُرِ الْهِبَةَ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى سېتىشدىن، باشقىلارغا سوۋغا، ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىشدىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىم، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

## 664 ـــــ باب تحريم تولي العتيق غير مواليه

**ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىن قىلىۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا**

**3747 ـ وحدّثني مُحَمّدُ بْنُ رَافِعٍ: حَدّثنَا عَبْدُ الرّزّاقِ: أَخْبَرَنَا ابْنُ جُرَيْجٍ: أَخْبَرَنِي أَبُو الزّبَيْرِ [1] أَنّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللّهِ يَقُولُ: كَتَبَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم عَلَى كُلّ بَطْنٍ عُقُولَهُ، ثُمّ كَتَبَ «أَنّهُ لاَ يَحِلّ لِمُسْلِمٍ أَنْ يَتَوَالَى مَوْلَى رَجُلٍ مُسْلِمٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِ» ثُمّ أُخْبِرْتُ، أَنّهُ لَعَنَ فِي صَحِيفَتِهِ مَنْ فَعَلَ ذَلِكَ.**

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر ئاتا ـ بالا ئۇرۇق تۇققانلارنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ دىيەت تۆلەم پۇلىنى تۆلشىپ بېرىشنى يېزىپ، ئاندىن مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ يەنەبىر مۇسۇلماننىڭ ئازاد قىلىنغان قۇلىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋېلىشى (باشقىلارنىڭ قۇلىغا ۋەلى بولۇۋېلىشى) ھالال ئەمەس. ( ئازاد قىلىنغان مۇسۇلمان قۇلنىڭمۇ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ خوجايىنىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز خوجايىنىم دىيىشى ھالال ئەمەس، مۇسۇلماننىڭ قۇلى، ئۇنىڭ ئىزنىسىز قۇل قىلىنىشىمۇ ھالال ئەمەس). كىم شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا لەنەت قىلىندۇ.نەسەئى 4747 ــ ھەدىس، ئەھمەد 13923 ــ ھەدىس، سەھەھ.

**3748 ـ حدّثنَا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا يعْقُوبُ (يَعْنِي ابْنَ عَبْدِ الرّحْمَنِ الْقَارِيّ)، عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنّ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ: «مَنْ تَوَلّى قَوْماً بِغَيْرِ إِذْنِ مَوَالِيهِ، فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ، لاَ يُقْبَلُ مِنْهُ عَدْلٌ وَلاَ صَرْفٌ».**

**3749 ـ3750 ـ حدّثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ: حَدّثنَا حُسَيْنُ بْنُ عَلِيَ الْجُعْفِيّ، عَنْ زَائِدَةَ، عَنْ سُلَيْمَانَ، عَنْ أَبِي صَالِحٍ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم قَالَ «مَنْ تَوَلّى قَوْماً بِغَيْرِ إِذْنِ مَوَالِيهِ، فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ، لاَ يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، صَرْفٌ وَلاَ عَدْلٌ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز باشقا بىر قەۋمنى خوجايىن قىلىۋېلىپ، ئۆز خوجايىنىدىن يۈز ئۆرسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلىرىنى، سەدىقە، پىدىيەلەرنى تۆۋبە ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھەھ.

**و3751 ـ وحدّثنَا أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا أَبُو مُعَاوِيَةَ: حَدّثنَا الأَعْمَشُ، عَنْ إِبْرَاهِيمَ التّيْمِيّ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: خَطَبَنَا عَلِيّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ فَقَالَ: مَنْ زَعَمَ أَنّ عِنْدَنَا شَيْئاً نَقْرَأُهُ إِلاّ كِتَابَ اللّهِ وَهَـٰذِهِ الصّحِيفَةَ، (قَالَ: وَصَحِيفَةٌ مُعَلّقَةٌ فِي قِرَابِ سَيْفِهِ) فَقَدْ كَذَبَ، فِيهَا أَسْنَانُ الإِبِلِ، وَأَشْيَاءُ مِنَ الْجِرَاحَاتِ، وَفِيهَا قَالَ النّبِيّ صلى الله عليه وسلم: «الْمَدِينَةُ حَرَمٌ مَا بَيْنَ عَيْرٍ إِلَى ثَوْرٍ، فَمَنْ أَحْدَثَ فِيهَا حَدَثاً أَوْ آوَى مُحْدِثاً، فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ، لاَ يَقْبَلُ اللّهُ مِنْهُ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، صَرْفاً وَلاَ عَدْلاً، وَذِمّةُ الْمُسْلِمِينَ وَاحِدَةٌ يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ، وَمَنِ ادّعَى إِلَى غَيْرِ أَبِيهِ، أَوِ انْتَمَى إِلَى غَيْرِ مَوَالِيهِ، فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللّهِ وَالْمَلاَئِكَةِ وَالنّاسِ أَجْمَعِينَ، لاَ يَقْبَلُ اللّهُ مِنْهُ، يَوْمَ الْقِيَامَةِ، صَرْفاً وَلاَ عَدْلاً».**

ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمەدىن، بىز پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرئان بىلەن مۇشۇ ۋاراقتىكى نەرسىنىلا يېزىۋالغان ئىدۇق، كىم بىزدە بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇيدىغان نەرسە بار دېسە، ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئەير دېگەن جايىدىن باشلاپ، سەۋر دېگەن جايغىچە بولغان ئارىلىقى ھارامدۇر، كىم مەدىنىدە گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ، بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى دىندا ئەقىدە، ئىبادەت جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلغۇچى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ، ھىمايە قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى پەرز، ياكى نەپلە

ئىبادىتىنى، تۆۋبە ۋە قىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىمۇ ئۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، بۇزۇش ياكى ۋاپا قىلىشتا ھوقۇقىقا ئىگە، كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزىۋەتسە، خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بالىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرىز، نەپلە ئىبادىتىنى، تۆۋبىسىنى، پىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بېرىپ، دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىنىم دەپ داۋا قىلىپ، ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بەرسە، (ياكى ئەھدىسىنى بۇزۇپ، دۇست بولغان كىشىلەرنى باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خەۋىرىسىز،رۇخسىتىسىز دۇست بولسا) ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرىز ۋە نەپلە، تۆۋبە، پىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 665 ـــــ باب فضل العتق قۇل ئازات قىلىشنىڭ پەزىلىتى

3752 ـ حدثنا مُحَمّدُ بْنُ الْمُثنّى الْعَنَزِيّ: حَدّثنَا يَحْيَى بْنُ سَعِيدٍ عَنْ عَبْدِ اللّهِ بْنِ سَعِيدٍ، (وَهُوَ ابْنُ أَبي هِنْدٍ)، حَدّثنِي إِسْمَاعِيلُ بْنُ أَبي حَكِيمٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ مَرْجَانَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ، عَنِ النّبيّ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ أَعْتَقَ رَقَبَةً مُؤْمِنَةً، أَعْتَقَ اللّهُ، بِكُلّ إِرْبٍ مِنْهَا، إِرْباً مِنْهُ مِنَ النّارِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى (ھەتتا، ئەۋرىتىنى ئەۋرىتىنىڭ بارابىرىگە ) دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ.

3753 ـ وحدّثنا دَاوُدُ بْنُ رُشَيْدٍ: حَدّثنَا الْوَلِيدُ بْنُ مُسْلِمٍ، عَنْ مُحَمّدِ بْنِ مُطَرّفٍ أَبي غَسّانَ الْمَدَنِيّ، عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ، عَنْ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ مَرْجَانَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللّهِ صلى الله عليه وسلم قالَ: «مَنْ أَعْتَقَ رَقَبَةً، أَعْتَقَ اللّهُ بِكُلّ عُضْوٍ مِنْهَا، عُضْواً مِنْ أَعْضَائِهِ مِنَ النّارِ حَتّى فَرْجَهُ بِفَرْجِهِ».

3754 ـ وحدّثنا قُتَيْبَةُ بْنُ سَعِيدٍ: حَدّثنَا لَيْثٌ، عَنِ ابْنِ الْهَادِ، عَنْ عُمَرَ بْنِ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ، عَنْ سَعِيدِ بْنِ مَرْجَانَةَ، عَنْ أَبي هُرَيْرَةَ قالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «مَنْ أَعْتَقَ رَقَبَةً مُؤْمِنَةً، أَعْتَقَ اللّهُ بِكُلّ عُضْوٍ مِنْهُ، عُضْواً مِنَ النّارِ، حَتّى يُعْتِقَ فَرْجَهُ بِفَرْجِهِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى ھەتتا، ئەۋرىتىنى ئەۋرىتىنىڭ بارابىرىگە دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ. بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەمرۇ ئىبنى ئەبسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دىگەن: كىم بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ دوۋزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەرگەن فىدىيەسى بولىدۇ، يەنى شۇنىڭ بەدىلىگە دوۋزاختىن ئازاد بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3755 ـ وحدّثني حُمَيْدُ بْنُ مَسْعَدَةَ: حَدّثنَا بِشْرُ بْنُ الْمُفَضّلِ: حَدّثنَا عَاصِمٌ (وَهُوَ ابْنُ مُحَمّدٍ الْعُمَرِيّ): حَدّثنَا وَاقِدٌ (يَعْنِي أَخَاهُ): حَدّثنِي سَعِيدُ بْنُ مَرْجَانَةَ (صَاحِبُ عَلِيّ بْنِ حُسَيْنٍ) قَالَ: سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «أَيّمَا امْرِىءٍ مُسْلِمٍ أَعْتَقَ امْرَءاً مُسْلِماً، اسْتَنْقَذَ اللّهُ، بِكُلّ عُضْوٍ مِنْهُ، عُضْواً مِنْهُ مِنَ النّارِ» قَالَ: فَانْطَلَقْتُ حِينَ سَمِعْتُ الْحَدِيثَ مِنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، فَذَكَرْتُهُ لِعَلِيّ بْنِ الْحُسَيْنِ، فَأَعْتَقَ عَبْداً لَهُ قَدْ أَعْطَاهُ بِهِ ابْنُ جَعْفَرٍ عَشْرَةَ آلاَفِ دِرْهَمٍ، أَوْ أَلْفَ دِينَارٍ.**

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، مۇررەت ئىبنى كەئبى، ئەبۇ ئۇمامە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قايسى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئازاد قىلسا، بۇ ئازاد قىلىش، ئازاد قىلغۇچىنىڭ دوۋزا خدىن ئازاد بولۇشىدۇر، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ. (ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر سۆڭەك ئەزاسى، ئازد قىلغۇچىنىڭ ئەزالىرىغا دوۋزاخدىن ئازاد بولۇشىغا كۇپايىدۇر، قايسى بىر مۇسۇلمان ئايال، بىر مۇسۇلمان ئايالنى قۇللۇقدىن ئازاد قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى، دوۋزاخدىن ئازاد بولۇپ قۇتۇلىشىدۇر، بۇنىڭمۇ ھەربىر ئەزاسى ئەزالىرىغا كۇپايە بولۇپ، ئازابدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قايسى بىر مۇسۇلمان ئەر ئىككى مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلسا، بۇ ئىككىسى ئۇ مۇسۇلماننىڭ دوۋزاخدىن ئازاد بولۇپ قۇتۇلىشىدۇر، ئازاد قىل ىرغۇچىلارنىڭ ھەربىر سۆڭەك ئەزالىرى، ئازاد قىلغۇچىنىڭ سۆڭەك ئەزالىرىغا كۇپايە بولۇپ، ئازابدىن قۇتقۇزىدۇ )، تەبرانى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## **666 ــ** *باب فضل عتق الوالد* **قۇل بۇلۇپ قالغان ئاتا ـ ئاننى ئازات قىلشنىڭ پەزىيلتى**

**3756 ـ حدّثنا أَبُو بَكْرِ بْنُ أَبِي شَيْبَةَ وَ زُهَيْرُ بْنُ حَرْبٍ، قَالاَ: حَدّثنَا جَرِيرٌ عَنْ سُهَيْلٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللّهِ صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَجْزِي وَلَدٌ وَالِداً إِلاّ أَنْ يَجِدَهُ مَمْلُوكاً فَيَشْتَرِيَهُ فَيُعْتِقَهُ»، وَفِي رِوَايَةِ ابْنِ أَبِي شَيْبَةَ «وَلَدٌ وَالِدَهُ».**

**3757 ــ وحدّثناه أَبُو كُرَيْبٍ: حَدّثنَا وَكِيعٌ. ح وَحَدّثنَا ابْنُ نُمَيْرٍ: حَدّثنَا أَبِي، ح وَحَدّثنِي عَمْرٌو النّاقِدُ، حَدّثنَا أَبُو أَحْمَدَ الزّبَيْرِيّ، كُلّهُمْ عَنْ سُفْيَانَ، عَنْ سُهَيْلٍ بِهَذَا الإِسْنَادِ مِثْلَهُ. وَقَالُوا «وَلَدٌ وَالِدَهُ».**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: بالا، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئادا قىلىپ قايتۇرالمايدۇ، لېكىن، ئۇ ئاتا ــ ئانىسىنى قۇل ھالەتتە تېپىپ ئاندىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلسا، ياخشىلىقىنى قايتۇرغان بولالىشى مۇمكىن. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە تو، سەھىھ.

**الله** نىڭ رەھمەت ـ پەزلى بىلەن «سەھىھ مۇسلىمنىڭ تەرجىمىسى»نىڭ بىرىنجى قىسمى تامام بولدى.

**الله** خالىسا، پات يېقىندا ئىككىنجى قىسمى، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىسى،ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇاللە

**ۋە ئاخىرۇ دەئۋانا ئەنىلھەمدۇ لىللاھى رەببىلئالەمىين، رەببەنا لەكەلھەمدۇ كەما يەمبەغي لىجەلالى ۋەجھىكە ۋە ئەزىيمى سۇلتانىكە، شۇكرەن لەكە يا رەببى!شۇكرەن لەك. ئاللە ھۇممە ا غپىرلەنا ۋەرھەمنا ئەنتە مەۋلانا پەنسۇرنا ئەلەلقەۋملكاپىرىين، رەببەنا لاتەجئەلنا پىتنەتەن لىلقەۋمززالىمىين، ۋە نەجىنا بىرەھمەتىكە مىنەلقەۋملكاپىرىين.ئامىن!**

ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ، قېرىندىشىغا غەيبىدىن قىلغان دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنىدۇ . ئۇ مۇسۇلماننىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە، ئۇ ھەرقاچان قېرىندىشىغا غەيبىدىن دۇئا قىلىش بىلا، «ئامىين، ئامىين! ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ» دەپ تۇرىدۇ.» ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېرىنداشىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا ئۇيوق يېرىدە غەيبىتىن قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنماي ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، (ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىشى بېرىلىدۇ). بەزار توپلىغان، ئىمام مۇھەددىس ئەلبانى سەھىھ، دېدى.سەھىھ3379 ـ ئى مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مەن سىلەرنىڭ **الله** نىڭ كىتابى قۇرئانغا ۋە مۇشۇ كىتاپتەك سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، يۇقىرقى سەھىھ ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىپ، مەن ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن چىن قەلبىڭلاردىن دۇئا قىلىپ قويۇشىڭلارنى سورايمەن، **الله** ھەممىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن ئامىن!